ئابدۇلھەمىد مەھمۇد تاھماز

يېڭى ئۇسلۇبتىكى

# ھەنەفى فىقھىسى

ئۈچىنچى قىسىم

(3)

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

تەرجىمە قىلغۇچى:

**مۇھەممەد ئابدۇللاھ**

تەھرىرى:

**مۇنەۋۋەر نىياز**

رىياسەتچى:

**شەيخ فەھد ئىبنى ئابدۇسسالام**

**الفقه الحنفي في ثوبه الجديد**

**عبد الحميد محمود طهماز**

**الجزء الثالث**

**المترجم : محمد عبد الله**

**المحرر : منور نياز**

**المشرف : ف. عبد السلام**

**مركز الترجمة الأويغورية**

# مۇندەرىجە

مۇندەرىجە.............................................................................3
ئۇيغۇرتەرجىمە مەركىزىدىن...................................................13
كىتابىنىڭ ئۈچىنچى تومىنىڭ كىرىش سۆزى.......................15
فىقھى.....................................................................................16
ھەنەفىي فىقھىسى قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئېلىنغان فىقھىدۇر.........................17
مۇجتەھىدلەرنىڭ ئىختىلاپلىشىپ قېلىشىنىڭ رەھمەت ئىكەنلىكىنىڭ بايانى......20
ھەنەفىي مەزھەپىدە قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ قىياسنىڭ ئالدىدا تۇرۇدىغانلىقىنىڭ بايانى.....21

## بىرىنچى بۆلۈم

ئىسلام دىنىدىكى ھۆكۈمدارلىقنىڭ تۈزۈملىرى، ئۇنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلىكى...27
ئىسلام دىنىدىكى ھۆكۈمدارلىقنىڭ شەرتلىرى...................................28
ئىسلام دىنىدىكى ھۆكۈمدارلىقنىڭ پىرىنسىپلىرى............................30
ئىسلامدا ھۆكۈمدارنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ بايانى..................................41
مۇسۇلمان باشلىققا بەرگەن بەيئەتكە ۋاپا قىلىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنىڭ بايانى...43
ئاشكارا كۇپۇرلۇق...................................................................48
خەلىپىلەرنىڭ قۇرەيشلەردىن بولىدىغانلىقىنىڭ بايانى........................49
توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان خەلىپىلىك........................................51
جىھادنىڭ بايانى.......................................................................52
جىھاد دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى...................................................52
جىھادنىڭ ۋە چېگرانى ساقلاپ تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى............................53
جىھادنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى.....................................................55
ئىسلام ۋە تىنچلىق...................................................................59
جىھادنىڭ ھۆكمى.....................................................................61
جىھاد قىلىشقا كەلگەن بۇيرۇقنىڭ مەڭگۈ داۋام قىلىدىغانلىقىنىڭ بايانى..........66
كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىش لازىم.........67

ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ۋە كېرەكلىك سەۋەبلەرنى قىلىشنىڭ بايانى............**73**
ئاتقا مىنىشنى ۋە ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىش..................................................**75**
دۈشمەننى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇش..................................**78**
ئاخبارات ۋاستىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ بايانى...................................**80**
كاپىرلار بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا سەۋر قىلىش ۋە مۇستەھكەم
تۇرۇشنىڭ بايانى.................................................................................**88**
رەتلىك چېكىنىش...............................................................................**90**
ساھابىلارنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشلىرى.....................................................**92**
غەلبە قىلىشنىڭ مەنىۋىي سەۋەبلىرى تەۋەككۇل قىلىش بىلەن دۇئا
قىلىش ئىكەنلىكىنىڭ بايانى...................................................................**94**
مەغرۇرلۇق ۋە ئەجەبلىنىشتىن ساقلىنىشنىڭ لازىملىقىنىڭ بايانى.................**96**
تەكبىر ئېيتىش الله تائالانى ياد ئېتىشنىڭ بايانى..........................................**99**
ئۇرۇش..............................................................................................**99**
ئاجىزلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى..............................................**102**
مۇسۇلمانلارنى قالقان قىلىۋېلىش مەسىلىسىنىڭ بايانى...............................**107**
ئۇرۇشتىن توختاش..............................................................................**109**
ئامانلىق بېرىشنىڭ بايانى......................................................................**112**
ئاياللارنىڭ ئۇرۇشقا چىقىشىنىڭ ھۆكمى..................................................**114**
قوغداشنىڭ پەزىلىتى............................................................................**117**
ئۇرۇش بىلەن ئالغان ئولجىنىڭ ۋە ئۇرۇش قىلماستىن ئالغان ئولجىنىڭ بايانى....**118**
ئامانلىق تەلەپ قىلغان ئادەمنىڭ ھۆكۈملىرى..............................................**124**
ئىسلام دۆلىتى ۋە كاپىر دۆلىتىنىڭ بايانى....................................................**136**
يەر بېجىنىڭ بايانى..............................................................................**137**
يەر بېجىنىڭ تۈرلىرى...........................................................................**145**
باش بېجىنىڭ بايانى.............................................................................**151**
<باش بېجى> دېگەن سۆزنىڭ ئوقۇمى...............................................**151**
باش بېجىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بايانى..................................................**152**
تاشلاندۇق يەرلەرنى ئېچىشنىڭ بايانى........................................................**160**
چىركاۋ ۋە ئىبادەتخانىلارنىڭ ھۆكۈملىرى...................................................**164**
ئىسلامغا كىرىپ كېيىن ئۇنىڭدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ ھۆكۈملىرى...............**169**
ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەملەرنىڭ تۈرلىرى.................................................**170**
ئىسلامدىن كاپىرلىققا چىقىرىدىغان نەرسىلەرنى بىلىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنىڭ بايانى...**171**

بىر ئادەمنىڭ دىندىن يېنىۋالغان ھېسابلىنىشى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان شەرتلەر...176
ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەمنى قايتا ئىسلامغا كىرىشكە دەۋەت قىلىشنىڭ بايانى.....179
ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئايالنىڭ ھۆكمى.....................................180
ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ قايتا ئىسلامغا كىرىشى...........................181
ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ تەسەررۇپلىرى...........................182
مۇسۇلماننىڭ دىنىنى تىللىغان ئادەمنىڭ ھۆكمى...............................187
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللىغان ئادەمنىڭ ھۆكمى...........................188
ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرنى تىللىغان ئادەمنىڭ ھۆكمى...............................191
مۇھىيددىن ئىبنى ئەرەبىينىڭ ھالى ۋە ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشنىڭ ھۆكمى.......194
ياشاشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئادەمنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنامدۇ؟...............196
سېھىرگەرلەرنىڭ ھۆكۈملىرى...........................................................201
زىكىر قىلغاندا اللہ تائالانىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ زىكرى قىلىش ۋە
زىكرى بىلەن بىللە ئۇسۇلچىلارغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلىشنىڭ ھۆكمى........203
زىندىقلارنىڭ، ئىباھىيلارنىڭ ۋە خاتا يول ئۇستىدىكى باشقا
تائىپىلەرنىڭ ھۆكۈملىرى.......................................................216
ئىسيانچىلارنىڭ ھۆكۈملىرى...................................................219
باشلىقنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ تۈرلىرى...........................220
باشلىققا قارشى چىقىشنىڭ ھۆكمى.............................................223
سەۋر ۋە تەقۋالىق قىلىشنىڭ بايانى...........................................228
ئادىل باشلىققا قارشى چىققان ئادەملەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ بايانى..........229

## ئىككىنچى بۆلۈم

ئىسلام دىنىدىكى قازىيلىق تۈزۈملىرىنىڭ بايانى.........................235
قازىيلىقنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ مۇھىملىقى....................................235
دەۋانىڭ ۋە جىدەل - ماجرانىڭ تەرەپلىرى....................................237
قازىيلىققا لايىق بولىدىغان ئادەمدە تېپىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار..................241
قازىيلىققا تەيىن قىلىنىشنىڭ ھۆكمى.........................................243
قازىيدا تېپىلىش لازىم بولغان ئەدەبلەر......................................246
تۈرمىنىڭ بايانى...............................................................254
ئىجتىھاد قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم قىلىشنىڭ بايانى......256
يالغان گۇۋاھلىق بىلەن ھۆكۈم قىلىشنىڭ بايانى...............................258

يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكۈمنىڭ بايانى............262
ھۆكۈمدە زۇلۇم قىلىش..........................................................264
قازىنىڭ يەنە بىر قازىغا يازغان خېتىنىڭ ھۆكمى.........................267
دەۋا قىلىشنىڭ بايانى..........................................................268
<دەۋا قىلىش> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى توغرىسىدا.........................268
دەۋانىڭ تەرەپلىرى.............................................................269
دەۋا قىلغان تەرەپكە پاكىت كۆرسىتىشنىڭ ۋە ئىنكار قىلغان تەرەپكە قەسەم ئىچىشنىڭ
لازىم ئىكەنلىكىنىڭ بايانى....................................................270
قەسەم ئىچىشتىن باش تارتقانلىقى سەۋەبى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ بايانى.........271
بىر گۇۋاھچى ۋە قەسەم بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ بولمايدىغانلىقىنىڭ بايانى.........272
گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ بايانى....................................................273
گۇۋاھلىقنىڭ شەرتلىرى.........................................................274
خۇسۇسىي شەرتلەر.............................................................277
گۇۋاھلىقنىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار شەرتلەر......................................278
گۇۋاھلىق بېرىشكە تەرغىب قىلىشنىڭ بايانى................................279
گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ ھۆكمى....................................................280
گۇۋاھچىلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراشنىڭ بايانى................................283
قازىنىڭ پاسىق ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ ھۆكمى.......283
ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ بايانى......................................285
گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدىغان ۋە گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدىغان كىشىلەرنىڭ بايانى...286
گۇۋاھلىق بېرىشتە كۆرۈلگەن ئىختىلاپنىڭ بايانى............................293
بىر ئادەمنىڭ بىر ئىشقا گۇۋاھچى بولغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ بايانى.......298
بەرگەن گۇۋاھلىقىدىن يېنىۋېلىشنىڭ بايانى.................................300
ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئادەمنى تەيىن قىلىشنىڭ بايانى.........................304
ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئادەمنى تەيىن قىلىشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى..................304
ئىقرار قىلىشنىڭ بايانى.........................................................310
ئىقرارنىڭ شەرتلىرى............................................................311
ئىقرارنىڭ تەرەپلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ شەكلىنىڭ بايانى.........................312
قۇرساق كۆتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلىشنىڭ بايانى.............................318
ئىقراردىن كېيىن <الله تائالا خالىسا> دېيىشنىڭ بايانى.............................323
خىلمۇ خىل مەسىلىلەر..........................................................341
سۇلھىنىڭ بايانى.................................................................349

<سۇلھى> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ........................349
كېلىشىمنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بايانى........................351
كېلىشىمنىڭ شەرتلىرى........................354
كېلىشىمنىڭ ھۆكمى........................355
ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت ئۈستىدە كېلىشىم تۈزۈشنىڭ بايانى........................359
چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن كېلىشىم........................366
قەرز پۇل ئۈستىدە قىلىنغان كېلىشىمنىڭ بايانى........................372
شېرىك قەرز ئۈستىدە تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ بايانى........................375
مەجبۇرلاشنىڭ بايانى........................380
مەجبۇرلاشنىڭ تۈرلىرى........................381
مەجبۇرلىنىشنىڭ شەرتلىرى........................382
مەجبۇرلىنىشنىڭ ھۆكمى........................384
يامان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىنىشنىڭ ھۆكمى........................387
مەجبۇرلىنىش ئاستىدا قىلغان بولسىمۇ توغرا بولىدىغان ئىشلارنىڭ بايانى.......394
مەجبۇرلىنىش ئاستىدا قىلغان ئەمما توغرا بولمايدىغان ئىشلارنىڭ بايانى.......396
باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق ئېلىۋېلىشنىڭ بايانى........................407
بىر نەرسىنى ناھەقلىق بىلەن ئېلىۋېلىنغان ھېسابلىنىشنىڭ شەرتى........................409
يۆتكەلمەيدىغان نەرسىلەرنى ناھەق ئېلىۋېلىشنىڭ بايانى........................412
باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ناھەق ئېلىۋېلىشنىڭ ھۆكمى........................413
ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنىڭ بايانى....416
ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىدە كۆرۈلىدىغان ئۇپۇراپ كېتىشنىڭ بەدىلىنى تۆلەپ
بېرىشنىڭ بايانى........................422
ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىنىڭ ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قىلمىشى بىلەن
ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ھۆكمى........................423
ناھەق ئېلىۋالغان يەرگە ئۆي سېلىشنىڭ ياكى كۆچەت تىكىشنىڭ ھۆكمى........427
بىر نەرسىنى، ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمدىن ناھەق ئېلىۋېلىشنىڭ ھۆكۈملىرى.......429
ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىدىن كەلگەن پايدىلارنىڭ ھۆكمى........................431
بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋېلىشقا ئالاقىدار خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەر........................435
قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ بايانى........................452
بۇنىڭ ئۇقۇمى ۋە يولغا قويۇلۇشى........................452
قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ ھۆكمى ۋە سۈپىتى........................456
ئۈستىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بولىدىغان، ياكى بولمايدىغان

نەرسىلەرنىڭ بايانى..........................................................................463
قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان ئامىللار........467
بۇ ھەقتىكى خىلمۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ بايانى.......................................476

## ئۈچىنچى بۆلۈم

ئىسلام دىنىدىكى جازالارنىڭ بايانى..........................................................461
جازالارنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ھېكمىتى.............................................491
تارىخىي پاكىت.......................................................................................................493
جازالارنىڭ بايانى...................................................................................................495
جازانىڭ ئۇقۇمى.......................................................................................................495
جازالارنىڭ توسقۇچى ۋە كاپپارەت ئىكەنلىكىنىڭ بايانى........................................496
جازالاردا شاپائەت قىلىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ ھاراملىقى.......................................499
جازالارنىڭ، ئۇلاردا كۆرۈلگەن شۈبھىلەر سەۋەبى بىلەن ئىجرا
قىلىنمايدىغانلىقىنىڭ بايانى ..........................................................................500
زىنانىڭ جازاسىنىڭ بايانى.......................................................................................504
<زىنا> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى............................................................................504
زىنانىڭ ئۇقۇمىنىڭ ئىزاھاتى......................................................................................505
زىنا قىلغان ئادەمگە جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ زىنانىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى
بىلىشى شەرتمۇ؟...................................................................................................507
بىر ئادەمنىڭ زىنا قىلغانلىقى گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن ئىسپاتلىنىشىنىڭ
بايانى.......................................................................................................................509
بىر ئادەمنىڭ زىنا قىلغانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەملەردە تېپىلىش لازىم
بولغان شەرتلەر........................................................................................................510
بىر ئادەمنىڭ زىنا قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئىقرار قىلىشى بىلەنمۇ
ئىسپاتلىنىدىغانلىقىنىڭ بايانى .........................................................................514
ئىپپەتلىك ھالىتىدىكى ئەمەس ئادەمنى قامچىلاشنىڭ بايانى...................................518
جازالارنىڭ، ئۇلاردا كۆرۈلگەن شۈبھىلەر سەۋەبى بىلەن ئىجرا
قىلىنمايدىغانلىقىنىڭ بايانى.................................................................................519
ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلىرىدا ھېچبىر ئادەمگە يان باسىدىغان قانۇنىنىڭ يوق
ئىكەنلىكىنىڭ بايانى..............................................................................................526
بەچچىۋازلىق قىلىشنىڭ ۋە ھايۋانلار بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ھۆكمى.......528

زىنا ھەققىدە تۆرلۈك مەسىلىلەر.......................................................532
زىنا قىلغان ئادەمگە چالما ـ كېسەك قىلىش جازاسى بىلەن قامچىلاش جازاسىنىڭ
بىرلىكتە ئىجرا قىلىنمايدىغانلىقىنىڭ بايانى....................................539
بىر يىل پالاشنىڭ جىنايەتچىگە بېرىلىدىغان ئەسلى جازانىڭ تۆرىدىن ئەمەس
پەقەت ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازادىن ئىكەنلىكىنىڭ بايانى........544
بوھتان چاپلىغان ئادەمگە بېرىلىدىغان جازانىڭ بايانى............................546
<بوھتان چاپلاش> بىئۇقۇمى، ھەقىقىتى ۋە ھۆكمى ..............................546
تۆھمەت چاپلىغان ئادەمگە بېرىلىدىغان جازانىڭ مىقدارى..........................548
بىر ئادەمنىڭ تۆھمەت چاپلىغانلىقىنىڭ ئىسپاتلىنىشىنىڭ بايانى...............551
تۆھمەت چاپلانغان ئادەمدە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر.........................552
جازالارنىڭ بىر ـ بىرىگە كىرىپ كېتىشىنىڭ بايانى...................................556
تۆھمەت جازاسىنىڭ ئورنىغا ھەق ئىلىشىنىڭ ۋە تۆھمەت چاپلىغۇچىنى
كەچۈرۈۋېتىشىنىڭ بايانى...........................................................560
ئامانلىق تەلەپ قىلىپ كىرگەن كاپىرغا ۋە ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان كاپىرغا
جازا بېرىلەمدۇ؟................................................................564
ئىقرار بىلەن بىللە پاكىتقا قۇلاق سېلىنامدۇ؟...................................566
ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بىرەر جازاغا گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ
قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى..........................................................568
ھاراق ئىچكەنگە بېرىلىدىغان جازانىڭ بايانى........................................569
جازانى قايسى ۋاقىتتا ئىجرا قىلىش لازىم بولىدۇ؟....................................573
جازا ئىجرا قىلىنىدىغان ئادەمدە تېپىلىش لازىم بولىدىغان شەرتلەرنىڭ بايانى.......575
مەست ئادەمنىڭ قىلغان تەسەررۇپلىرىنىڭ ھۆكمى...................................576
زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ھۆكمى.............................579
ئوغرىلىق قىلغانلىقىنىڭ جازاسىنىڭ بايانى.........................................581
<ئوغرىلىق قىلىش> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى.............................................581
ئوغرىلىق قىلغان ئادەمنىڭ قولىنى كېسىش ئۈچۈن تېپىلىش لازىم بولغان
شەرتلەرنىڭ بايانى................................................................583
ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى...........................584
ئوغرىلىقنىڭ نىسابى................................................................587
بىر ئادەمنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىنىڭ ئىسپاتلىنىشى..............................587
ئوغرىلانغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىشنىڭ بايانى.........................................590
قولنى كېسىش ئۈچۈن تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەرنىڭ تەپسىلىي بايانى......592

ئومۇمغا تەۋە نەرسە ـ كېرەكنى ئوغرىلاشنىڭ ھۆكمى................................**595**
قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىۋېلىشىنىڭ ھۆكمى..........**597**
ئارىلىرىدا نىكاھ چۈشمەيدىغان ئادەملەرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى
ئوغرىلاشنىڭ بايانى.......................................................................**599**
نەرسە ـ كېرەكلەر ساقلىنىدىغان ئورۇن ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى..........................**600**
ھايۋاننى يايلاقتىن ياكى ھايۋانلارنىڭ توپى ئىچىدىن ئوغرىلاشنىڭ ھۆكمى......**603**
قولنىڭ كېسىلىش شەكلى..................................................................**605**
ئوغرىلانغان نەرسە ئۈستىدىكى ھەقلىق قول ۋە ھەقلىق ئەمەس قولنىڭ بايانى........**606**
خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەرنىڭ بايانى........................................................**608**
بۇلاڭچىلىق قىلىشنىڭ جازاسىنىڭ بايانى..................................................**613**
<بۇلاڭچىلىق قىلىش> دېگەننىڭ ئۇقۇمى...................................................**613**
بۇلاڭچىلىقنىڭ شەرتلىرى...................................................................**614**
بۇلاڭچىلىق قىلغان ئادەمگە بېرىلىدىغان جازانىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى......**615**
تاجاۋۇز قىلغان ئادەم بىلەن ئورۇش قىلىش ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ بايانى......**620**
پىتنە يۈز بەرگەن ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھۆكمى.................................**623**
ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن بالىسىنىڭ تۇتقان يولىنىڭ بايانى..........**625**
ئەدەبلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ بايانى.................................**628**
جازا بىلەن ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ ئارىسىدىكى پەرق......**630**
ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ مىقدارىنىڭ بايانى.....................**631**
ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ، ئىجرا قىلىش باشلىققا
تەۋە جازا ئىكەنلىكىنىڭ بايانى..............................................................**634**
ئوخشاش جازا بىلەن جازالاشنىڭ بايانى...................................................**635**
سەۋەبسىز تەنەنىڭ ۋە سەۋەبلىك تەنەنىڭ بايانى.......................................**636**
تىللىغانلىق سەۋەبى بىلەن ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى بېرىشنىڭ بايانى.....**638**
ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازادىكى بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ بايانى......**640**
بىر ئەرنىڭ ئۆز ئايالىغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى بېرىشنىڭ بايانى.....**643**
كىچىك بالىغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى بېرىشنىڭ بايانى.....**645**
ئەدەپلەش ئۈچۈن ئۇرۇشنىڭ ۋە قاتتىق ئۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا تۆلەم
تۆلەيدىغانلىقنىڭ بايانى.....................................................................**647**
نادان دوختۇرغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىشنىڭ بايانى......**649**
ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ ۋە تەۋبىنىڭ بايانى .................**652**
مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىش بىلەن جازالاشنىڭ ھاراملىقىنىڭ بايانى...............**653**

قىساسنىڭ بايانى..................................................................655
قىساس دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى......................................................655
قىساسنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى..............................................656
ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ هارام قىلىنغانلىقىنىڭ بايانى.............................658
ئادەم ئۆلتۈرگەنلىك جىنايىتىدىن تەۋبە قىلىشنىڭ بايانى...........................661
ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ تۈرلىرى.......................................................665
قاتىلدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر ..............672
جانغا جان بىلەن قىساس ئېلىنىدىغانلىقىنىڭ بايانى...............................675
بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بىر نەچچە كىشىدىن قىساس ئېلىشىنىڭ ۋە
بىر نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بىر كىشىدىن قىساس ئېلىشىنىڭ بايانى.........680
ئۇرۇش مەيدانىدا مۇسۇلماننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قېلىشنىڭ بايانى.....685
هەرەمدە جازالارنى ئىجرا قىلىش ۋە قىساس ئېلىشنىڭ بايانى.....................686
ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت بېرىشنىڭ ۋە ئۆلتۈرۈشنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ بايانى.....687
ئەزالارغا قىلىنغان جىنايەتنىڭ قىساسىنىڭ بايانى...................................690
خىلمۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ بايانى...................................................698
ئىككى جىنايەتنىڭ هۆكۈملىرى......................................................703
پەردىسىنى يىرتىۋېتىشنىڭ هۆكمى....................................................711
قىساس ئېلىش هەممە مىراسخورلارنىڭ هەققى ئىكەنلىكىنىڭ بايانى..............712
گۇۋاهلىق بېرىشتە ئىختىلاپلىشىپ قېلىشنىڭ بايانى.................................716
دىيەتلەرنىڭ بايانى..................................................................723
<دىيەت> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى...................................................723
دىيەتنىڭ مىقدارى ..................................................................723
قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈشنىڭ ۋە سەۋەنلىك بىلەن
ئۆلتۈرۈشنىڭ كاففارىتىنىڭ بايانى...................................................725
ئايال كىشىنىڭ دىيىتىنىڭ بايانى....................................................726
مۇسۇلمان ئەمەس ئادەملەرنىڭ دىيىتىنىڭ بايانى...................................727
تەن ئەزالىرىنىڭ دىيىتىنىڭ بايانى...................................................729
چىشلارغا ۋە بارماقلارغا ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان
دىيەتنىڭ بايانى......................................................................734
ئادەمنىڭ باش تەرىپىنى يارىلاندۇرۇشنىڭ هۆكمى...................................738
تۈرەلمىنىڭ هۆكۈملىرى..............................................................746
يولغا پەيدا قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ هۆكۈملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئادەم ئۆلۈشلىرىگە

سەۋەب بولۇشىنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ بايانى..........751
يول قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنىڭ بايانى..........753
يولغا يانتۇ بولۇپ قالغان تامنىڭ ھۆكمى..........760
ھايۋانلارنىڭ سالغان زىيانكەشلىكىنىڭ ۋە ھايۋانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىنىڭ ھۆكۈملىرى......765
بوشۇنۇپ قېچىپ كەتكەن ھايۋاننىڭ ھۆكمى..........779
ھايۋاننىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىشىنىڭ ھۆكمى..........780
كىچىك باللارنى ئېلىپ قېچىشقا ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا ئالاقىدار
مەسىلىلەرنىڭ بايانى..........784
ساراڭ ئادەمنىڭ ياكى كىچىك بالىنىڭ ياكى دادىسىنىڭ، ئادەم ئۆلتۈرۈش
ۋەقەسىگە قاتنىششىنىڭ ھۆكمى..........787
بىر ئادەمنى ھەتتا باشقا بىرسىنىڭ كېلىپ ئۆلتۈرۈشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنى
تۇتۇۋالغان كىشىنىڭ جازاسىنىڭ بايانى..........791
خۇسۇسىي قەسەمنىڭ بايانى..........794
بۇ قەسەمنىڭ شەرتلىرىنىڭ بايانى..........794
خۇسۇسىي قەسەمنىڭ يولغا قويۇلىشى ۋە ئۇنىڭ شەكلىنىڭ بايانى..........795
خۇسۇسىي قەسەمنىڭ ھۆكمىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتىنىڭ بايانى..........797
خۇسۇسىي قەسەمنىڭ ھۆكمى..........797
خۇسۇسىي قەسەمنىڭ ھېكمىتى..........798
ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ بايانى..........806
قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىدىن كىملەرنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنىڭ بايانى......807
دىيەتنىڭ قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىدىن بىر نەچچە باسقۇچقا بۆلۈپ
يىغىلىدىغانلىقى..........810
قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىگە تۆلەش لازىم بولمايدىغان دىيەتلەرنىڭ بايانى......813

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

جانابى ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دۇئا ۋە سالام يوللىغاندىن كېيىن؛

خەلقىمىز ئىسلامنى قوبۇل قىلغان دەسلەپكى چاغلاردىن تارتىپلا فىقھى ساھەسىدە، ھەنەفىي مەزھىبىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلغان ھالدا ئىبادەت، مۇئامىلە، ئىش - ھەرىكەت... ۋاھاكازالارنى ئىجرا قىلىپ كەلگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەنەفىي مەزھىبى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت، پىكىر - تەپەككۇر، ھەتتا ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن بۇيانقى تارىخىنىڭ بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھەممە بىلىدۇ. ھالبۇكى، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بويان خەلقىمىزنىڭ دىنىي ئېھتىياجى ۋە سەۋىيىسىگە ماس بىرەر فىقھى كىتابىنىڭ، خۇسۇسەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ھەنەفىي مەزھىبىگە ئائىت ساغلام ۋە توغرا شەكىلدە يېزىلغان بىرەر كىتابنىڭ ئۇيغۇر ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن يېزىلمىغانلىقى، ھېچبولمىغاندىمۇ تەرجىمە قىلىنمىغانلىقىنى نادانلىق ئىبارىسى بىلەنمۇ، چارىسىزلىك دېيىش بىلەنمۇ ئىزاھلاپ بەرگىلى بولمىسا كېرەك. مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بويان سۇ ۋە ھاۋاغا ئوخشاش ئېھتىياجلىق بولۇپ كېلىۋاتقان، بىراق ھېچبىر شەكىلدە روياپقا چىقىرىلمىغان بۇ خىل بوشلۇقلارنى «يېڭى ئۇسلۇبتىكى ھەنەفىي فىقھىسى» ناملىق بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق بولسىمۇ تولدۇرۇشقا تىرىششنى ئەڭ جىددىي ۋەزىپە، دەپ قارىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان ھالدا «بىسمىللاھ» دېدۇق، نەتىجىدە جانابى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن كىتاب تەرجىمە قىلىندى...

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا تۆۋەندىكى ئىزاھات ۋە ئەسكەرتىشلەرنى ئەستىن چىقارمىغايسىز...

بىرىنچى: چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن ئەرەب تىلى گراماتىكىسىغا دائىر بەزى مەزمۇنلارنى بىرمۇ بىر ئەمەس، بەلكى مەزمۇن بويىچە تەرجىمە قىلىندى. زۆرۈر بولمىغان ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم تەپسىلاتلار چىقىرىپ تاشلاندى.

ئىككىنچى: تەرجىمە جەريانىدا، ئۇيغۇر تىلىغا ماس كەلمەيدىغان بەزى نۇقتىلارنى

ئۆزگەرتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئامال بار كىتابنىڭ ئەسلى ئۇسلۇبىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتۇق.

ئۈچىنچى: ئاپتور، «يېڭى ئۇسلۇبتىكى ھەنەفىي فىقھىسى» ناملىق بۇ ئەسىرىنىڭ ئەتراپلىق ۋە بارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پارچە ئەسەر بولۇشىنى مەقسەت قىلغان بولسا كېرەك، مەسىلىلەر ئۈستىدە ناھايىتى ئەتراپلىق توختالغان؛ ئوخشاش بىر مەسىلە ئۈچۈن, تارىختا ئۆتكەن كۆپ ساندىكى مەشھۇر ھەنەفىي ئۆلىمالىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاراشلىرىنى ئۆز پېتى نەقىل كەلتۈرگەن. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك ئوخشاش بولمىغان مەزمۇندىكى پىكىرلەرنى ئۇچراتقىنىدا، بىرىنى توغرا، يەنە بىرىنى خاتا، دەپ يەكۈن چىقارماستىن، بۇلارنىڭ ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ پىكىر بايلىقى، دەپ چۈشىنىشىنى، نەقىللەرنىڭ بۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىپ قېلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

تۆتىنچى: ناھايىتى ئاز بىر قىسىم جايلاردا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، بەزى يەر - جاي ئىسىملىرى ۋەتىنىمىزدىكى بەزى شەھەرلەرنىڭ ئىسمى بويىچە بېرىلدى، بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولۇپ قېلىشىڭلارنى سورايمىز.

كىتابنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا سەھۋەنلىك ۋە خاتالىقلاردىن خالىي بولالمىغان بولۇشىمىز مۇمكىن. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەيلى تەرجىماننىڭ خاتالىقى ياكى تەھرىرنىڭ سەۋەنلىكى سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىققان خاتالىقلار ياكى كەمچىلىكلەر بولسا، قەتئىي ئىككىلەنمەستىن ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزىنىڭ مۇناسىۋەتلىك كىشىلىرىنىڭ بىرىگە يەتكۈزۈپ قويۇشۇڭلارنى، شۇنداقلا دوستانە پىكىر، تەلەپ ۋە تەۋسىيەڭلارنى ئايىماسلىقىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىشىغا بىۋاستە كۈچ چىقارغان، رىياسەتچىلىك قىلغان، تەھرىرلىك خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالغان، شۇنىڭدەك كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن كۈچ چىقارغان بارلىق كىشىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۈچۈن ئوقۇرمەن دوستلارنىڭ دۇئالىرىنى ئايىماسلىقىنى سورايمىز.

ھۆرمەت بىلەن: ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# كىتابنىڭ ئۈچىنچى تومىنىڭ كىرىش سۆزى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

بارلىق ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه غا بولسۇن! ئەڭ كاتتا دۇرۇت ۋە سالام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ۋە ئىمامى بولغان يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلىسىدىكىلەرگە، ساھابىلىرىغا ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن ئۇلارغا قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئەگەشكۈچىلەرگە بولسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك: اللّٰه تائالاغا شۈك قالماي ئارقىمۇ - ئارقا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەنەفىي مەزھەپىدىكى فىقھىي ھۆكۈملەرگە ئالاقىدار قىسىملىق بۇ ئىلمىي خىزمىتىمنىڭ بىر نەچچە تومى اللّٰه تائالانىڭ رىئايىسى ۋە ساقلىشى بىلەن قوغدالغان، ئۇنىڭ ئۇتتۇقلۇق بېرىشى ۋە توغرىغا يۈزلەندۈرۈشى بىلەن ئۇتتۇقلۇققا ئېرىشكەن ھالدا تاماملاندى. اللّٰه تائالا ماڭا ساناپ تۈگەتكۈسىز ۋە چەك - چېگرىسىز نېمەتلەرنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەمدۇ - سانالار بولسۇن!

مەن ئىسىملىرى كاتتا، زاتى ئۇلۇغ ۋە سۈپەتلىرى ئېسىل بولغان اللّٰه تائالادىن ئۆزىنىڭ ماڭا قىلغان ياردەملىرىنى ۋە ئېھسانلىرىنى ئۈزۈپ قويماسلىقىنى، ماڭا بەرگەن ياخشى خىسلەتلىرىنى مەندىن توختۇتۇپ قويماسلىقىنى ۋە بۇ خىزمىتىمنى (ياخشى ئىشلارنىڭ قاتارىدا) مەندىن قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمەن! بۇ خىزمەتلەر اللّٰه تائالادىندۇر ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈندۇر.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكى فىقھىي ھۆكۈملەرگە ئالاقىدار قىسىملىق بۇ ئىلمىي خىزمىتىمنىڭ ئۈچۈنچى تومى ئۇقۇرمەنلەرگە بىرىنچى پەسلىدە ئىسلام دىنىدىكى ھۆكۈمدارلىقنىڭ تۈزۈملىرىنى، جىھادنىڭ ھۆكۈملىرىنى ۋە ئۇنىڭ

تۇزۇمىنىڭ ئاساسلىرىنى، ئىككىنچى پەسىلدە ئىسلام دىنىدىكى قازىلىقنىڭ ھۆكۈملىرىنى، ئاساسلىرىنى، ئاساسلىق پرىنسىپلىرىنى، ئۇنىڭ ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنى ۋە ئۇنىڭ ياخشى ۋە ئارتۇقچىلىق تەرەپلىرىنى، ئۈچۈنچى پەسىلدە بولسا ئىسلام دىنىدىكى جازالارنىڭ تۈزۈملىرىنى، ئۇنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ۋە يولغا قويۇلۇشتىكى ھېكمەتلىرىنى، ئادەملەرنى ۋە جەمىيەتنى پەسكەش ۋە يامان ئادەملەرنىڭ كىرلىرىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جازا تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ.

# فىقھى (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنى ۋە زامانىنىڭ مەيدان ئىلان قىلىشى)

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئىسلام شەرىئەتىنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى، ئومۇمىيلىقىنى، ئەمەلىيەتچانلىقىنى، ئۇنىڭ كەڭ بىر زېمىنغا يېيىلغانلىقىنى يەنى ئىنسان ئەۋلادى يېيىلغان ھەممە يەرگە يېيىلغانلىقىنى، ئىنسلارنىڭ ھاياتى قانچىلىك دەرىجىدە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولۇشىدىن ۋە ئۇلارنىڭ تۈزۈمگە بولغان ئېھتىياجلىرى قانچىلىك دەرىجىدە خىلمۇ ـ خىل بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئىسلام شەرىئەتىنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ئۇلار بىلەن ماسلىشىدىغانلىقىنى بىلىشى لازىم. ئىسلام شەرىئەتىنىڭ ھۆكۈملىرى بولسا، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ تۈزۈمگە بولغان ئېھتىياجلىرىنى ئەمەلىيەتچانلىق ۋە مەنتىقلىق ھالدا ھەر زامان ۋە ھەر يەردە قاندۇرۇشقا تەييار تۇرغان كامالەتكە يەتكەن ۋە ئومۇمىي بىر تۈزۈمدۇر. سەن ئىنسلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇنلاردا بۇنىڭ ئوخشىشىنى ھەرگىز كۆرۈلمەيسەن. ئىسلام شەرىئەتى (يەنى ئىسلام قانۇنى) ئىنساننىڭ ياشاش شەكلىگە ئەگىشىپ قىلىنغان تەرەققىيات سەۋەبى بىلەن تەرەققىي قىلغان ھايات كەلتۈرۈپ چىقارغان زامانىۋىي قانۇنلارنىڭ مەيدان ئىلان قىلىشلىرىنىڭ ئالدىدا قولىنى قۇرۇشتۇرۇپ تۇرمايدۇ. شۇڭا ئىسلام شەرىئەتى (يەنى ئىسلام قانۇنى) بولسا، ئۇنىڭ تۈزۈملىرىنىڭ سايىسى ئاستىدا ئىنسانلارنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن ۋە مەڭگۈ داۋام قىلىدىغان الله تائالانىڭ قانۇنلىرىدۇر. ئۇ بولسا ھاياتنىڭ قانۇنغا بولغان ھەر قانداق ئېھتىياجىنى نوقسانسىز ۋە ئاجىز كەلمەستىن ئورۇنلاشقا تەييار

تۇرغان بىر تۈزۈمدۇر.

ئىسلام فىقھىسى بولسا اللە تائالانىڭ مەڭگۈ داۋام قىلىدىغان شەرىئەتىدۇر. يەر يۈزىدە يۈز بەرگەن ھەر قانداق بىر ئىشنىڭ قۇرئان، ھەدىس، ئالىملارنىڭ بىرلىكى (يەنى ئىجما) ۋە قىياس قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئاساسىي مەنبەلەردىن كېلىپ چىققان اللە تائالانىڭ شەرىئەتىدە (يەنى ئىسلام فىقھىسىدا) ئۇ ئىشنىڭ بىر ھۆكمى بار.

ھەممىمىزگە مەلۇم، قىياس بولسا قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىلى يوق بىر نەرسىنىڭ قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىلى بار بىر نەرسە بىلەن بىر سەۋەبتە ئوخشىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىلى يوق نەرسىگە قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىلى بار نەرسىنىڭ ھۆكمىنى بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. قىياس قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىلى يوق بىر نەرسە بىلەن قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىلى بار بىر نەرسىنىڭ ئارىسىنى ئوخشاش بىر ھۆكۈمگە ئېلىپ كېلىدۇ[1]. ئىستىھسان قائىدىسىمۇ قىياسنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. چۈنكى ئىستىھسان قائىدىسى يوشۇرۇن قىياس ھېسابلىنىدۇ. يوشۇرۇن قىياس ئوچۇق قىياستىن كۈچلۈك بولغان يەرلەردە يوشۇرۇن قىياسقا ئەمەل قىلىنىدۇ. ئالىملار يوشۇرۇن قىياسنى <ئىستىھسان> دەپ ئاتاشقان. چۈنكى يوشۇرۇن قىياس كۆپىنچە ۋاقىتتا ئوچۇق قىياستىن كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يوشۇرۇن قىياس ئەڭ ياخشى قىياس بولىدۇ. اللە تائالا بىر نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگەشكەنلەر ھەققىدە مۇنداق دېدى: »سۆزگە قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلارغا (يەنى تەقۋادار بەندىلىرىمگە) خۇش خەۋەر بەرگىن«[2]

# ھەنەفىي فىقھىسى قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئېلىنغان فىقھىدۇر

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ھەنەفىي فىقھىسى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ھۆكۈملىرى دائىرىسى ئىچىدە ئايلىنىدىغان فىقھىدۇر. ئۇ خۇددى ئۇنىڭ ھەققىدە سۆز تارىغانىغا ئوخشاش كۆز قاراش ۋە ئەقىلگىلا تايانغان

(1) مەسىلەن: مەيلى ئىچىملىك بولسۇن مەيلى باشقا بىر نەرسە بولسۇن مەست قىلىدىغان قانداق نەرسە بىلەن ھاراق مەست قىلىش دېگەن سەۋەبتە ئوخشىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ نەرسىگىمۇ ھاراقنىڭ ھۆكمى بولغان ھاراملىق ھۆكمى بېرىلىدۇ. ت.

(2) سۈرە زۇمەر 18 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

ئىلىم ئەمەستۇر. بۇ فىقھىدە ئەقىل پەقەت قۇرئان ياكى ھەدىستىن ھۆكۈم چىقىرىلىشى ئۇچۇنلا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ فىقھىدە قۇرئان، ھەدىس، ئالىملارنىڭ بىرلىكى (يەنى ئىجما) ۋە قىياس قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئاساسىي مەنبەلەرگە تايانمىغان قاراشلارغا ئەمەل قىلىنمايدۇ.

ئىمام ئەبۇجەئپەر ئەلشىرابازىي، شەقىق ئەلبەلەخىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ تەقۋادار، ئىبادەتنى كۆپ قىلىدىغان، ئەڭ ئېسىل، دىن ئىشلىرىدا ئەڭ ئېھتىياتچان ۋە دىن ھۆكۈملىرىدە كۆز قاراشقا تايىنىپ بىرەر ئېغىز سۆز قىلىپ سېلىشتىنمۇ بەك يىراق تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. كىتابقا بىر مەسىلىنى ھەتتا ئۇ مەسىلىنى تارتىشىش ئۇچۇن ئۆزىنىڭ پۈتۈن شاگىرتلىرىنى يىغىپ بىر سورۇن تۈزمەي تۇرۇپ يازمايتتى. ئەگەر شاگىرتلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇ مەسىلىگە بېرىلگەن ھۆكۈمنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىدە بىر پىكىرگە كەلسە، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئەبۇيۇسۇفكە ياكى باشقا بىرسىگە: بۇ مەسىلىنى كىتابنىڭ پۇكۇنى بابىغا يازغىن، دەيتتى». ئىمام ئەششەئرانىيمۇ بۇ ھەقتە <مىزان> دېگەن كىتابىدا شۇنداق دېگەن.

تەھتاۋىي بۇ ھەقتە خەۋارىزمىينىڭ <مۇسنەد> دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مىڭدەك شاگىرتلىرى باردى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن **40** كىشى ئۇلارنىڭ ئەڭ كاتتىلىرى ۋە ئىلىمدا يۇقىرلىرى ئىدى. ئۇلار ئىجتىھاد قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەن ئادەملەر ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ قىرىق شاگىرتنى ئۆزىگە ناھايىتى يېقىن تۇتاتتى ۋە ئۇلارغا: مەن سىلەرگە بۇ فىقھىنى بىر يۇگەنگە ۋە چىراغقا ئوخشاش قىلدىم[1]. شۇنىڭ ئۇچۇن سىلەر ماڭا ياردەمچى بولۇڭلار. چۇنكى كىشىلەر مېنى دوزاختىن ئۆتىدىغان بىر كۆۋرۈك قىلىۋالدى، دېگەن. شۇڭا ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ ئالدىغا بىرەر يېڭى مەسىلە كەلسە، پۈتۈن شاگىرتلىرىنى بىر يەرگە توپلاپ بۇ مەسىلە ھەققىدە ئۇلار بىلەن تالاش تارتىش قىلاتتى، مۇنازىرىلىشەتتى، ئۇ مەسىلە ھەققىدە

(1) يەنى مەن فىقھىنى سىلەر ئۇچۇن مەن ھۆكۈم چىقىرىشتا شەرىئەتنىڭ روھىدىن يىراقلىشىپ كەتسەم مېنى توختۇتىدىغان يۇگەن ۋە ھۆكۈم چىقىرىشتا تەمتىرەپ يولنى تاپالماي قالسام، ماڭا يورۇق تاشلايدىغان چىراغ قىلىپ بەردىم، دېمەكچى بولۇشى مۇمكىن. ت.

ئۇلاردىن سوئال سوراتتى، ئۇلارنىڭ ھەدىس ۋە ئەسەرلەردىن توپلىغان دەلىل ـ پاكىتلىرىنى تىڭشايتتى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئۇ ھەقتىكى دەلىل ـ پاكىتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۇلار بىلەن ئۇ مەسىلىنى بىر ئاي ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇن بىر مۇددەت تارتىشاتتى، بۇ مۇنازىرە ۋە تالاش تارتىشلاردىن توغرا دەپ قارار بېرىلگەن ئەڭ ئاخىرقى ھۆكۈمنى كىتابقا يېزىشقا ئىمام ئەبۇيۇسۇفنى بۇيرۇيتتى. ھەتتا ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئۇسۇل قائىدىلىرىمۇ بۇ شەكىل بويىچە تاماملانغان. ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئۇسۇل قائىدىلىرىنى ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزى يالغۇز قويغان ئەمەس.»

ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «مەن بىر مەسىلىدە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) گە، ئۇ بۇرۇن دەپ (كېيىن يانغان) قارىشىدىن باشقا بىرەر قارىشىغا زىت قاراشتا بولمىدىم». بۇ ھەقتە ئىمام زۇپەر (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇ مۇنداق دېدى: «مەن ھېچبىر مەسىلىدە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) گە، ئۇ بۇرۇن دەپ كېيىن ئۇنىڭدىن يانغان قارىشىدىن باشقا بىرەر قارىشىغا زىت قاراشتا بولمىدىم».

ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بىر ئادەم، توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن بىر ھەدىسنى كۆرگەن ۋە ئۇ ھەدىس ھەنەفىي مەزھەپىگە زىت بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم يەنە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مەزھەپىدە بولغان بولىدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ ھەدىسكە ئەمەل قىلىش بىلەن ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئادەم بولۇشتىن چىقىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس مېنىڭ مەزھەپىمدۇر، دېگەن. بۇ پەقەت قۇرئان ۋە ھەدىستىن ھۆكۈم چىقىرالايدىغان، قايسى ئايەت ۋە قايسى ھەدىسنىڭ ئەمەلدىن قالغان ۋە قايسىلىرىنىڭ ئەمەلدىن قالمىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدىغان ئادەملەر ئۈچۈن دېيىلگەن سۆزدۇر. ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بىر ئادەم ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ھۆكۈمگە زىت كېلىدىغان (ھەدىسكە ئوخشاش) توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن بىرەر دەلىلنى ئۇچراتقان ۋە ھۆكۈمنى ئۇ دەلىلگە قارىتا بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئادەم بولۇشتىن چىقىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ مەزھەپنى يولغا قويغان ئىمام <توغرۇلۇق دەرىجىسىگە

يەتكەن ھەدىس مېنىڭ مەزھەپىمدۇر» دەپ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن بىرەر ھەدىسنى ئۇچراتقان ئادەمگە ھۆكۈمنى شۇ بويىچە بېرىشكە رۇخسەت قىلغان.[1] ئەگەر ئۇ ئادەم ھەنەفىي مەزھەپىگە زىت كېلىدىغان، ئۇچراتقان دەلىلىنىڭ ھەنەفىي مەزھەپىدە بار دەلىلدىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلسە، ئۇنىڭ ئۇ دەلىلنى تاشلاپ كۈچلۈك دەپ قارالغان دەلىلگە ئەگىشىشىدە شەك يوقتۇر.

# مۇجتەھىدلەرنىڭ ئىختىلاپلىشىپ قېلىشىنىڭ رەھمەت ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

فىقھى مەسىلىلەردە ھۆكۈم چىقىرىدىغان مۇجتەھىد ئالىملىرىنىڭ ئىختىلاپلىشىپ قېلىشى اللە تائالانىڭ رەھمىتىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر، ئىسلام شەرىئەتىنىڭ قاتمال ئەمەس بەلكى ئاسانلاشتۇرىدىغان شەرىئەت ئىكەنلىكىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بىر كۆرۈنىشتۇر. ئالىملارنىڭ فىقھى مەسىلىلەرى ئۈستىدە قىلغان ئىختىلاپى قانچىلىك كۆپ بولسا، رەھمەتمۇ شۇنچىلىك مۇكەممەللەشكەن بولىدۇ. چۈنكى مۇجتەھىد ئالىملىرىنىڭ ئىختىلاپلىشىپ قېلىشى كىشىلەرگە كەڭرىچىلىك ۋە ئاسانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. مانا بۇ كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا مەشھۇر بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئىختىلاپلىشىپ قېلىشى رەھمەتتۇر» دېگەن ھەدىسنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«ئەلمەقاسىدۇل ھەسەنە» دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان قىلىنىدى: ئىمام بەيھەقىي بۇ ھەقتە ئۇزۇك بىر يول بىلەن ئىبنى ئابباس (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تائالانىڭ كىتابىدىن (يەنى قۇرئاندىن) كەلتۈرۈلگەن دەلىل مەيلى قانداق بولسا بولسۇن ئەمەل شۇ بويىچە قىلىنىدۇ. بىرەر ئادەمنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماسلىقتا ئۆزرىسى يوق. ئەگەر دەلىل اللە تائالانىڭ كىتابىدا بولمىسا، مېنىڭ سۈننىتىم كۈچكە ئىگىدۇر. ئەگەر مېنىڭ سۈننىتىممۇ بولمىسا، ساھابىلىرىمنىڭ دېگەن سۆزلىرى كۈچكە ئىگىدۇر. ھەقىقەتەن ساھابىلىرىم ئاسماندىكى يۇلتۇزغا ئوخشاش. ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ سۆزىنى قوبۇل

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 1 ـ توم، 46 ـ بەت.

قىلساڭلار توغرا يولنى تاپقان بولۇسىلەر. ساھابىلىرىمنىڭ ئىختىلاپلىشىپ قېلىشى سىلەر ئۈچۈن بىر رەھمەتتۇر.»

ئىبنى ئەلھاجىب بۇ ھەدىسنى <ئەلمۇختەسەر>[1] دېگەن كىتابىدا: «مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ ئىختىلاپلىشىپ قېلىشى رەھمەتتۇر . . .» دېگەن شەكىلدە كەلتۈرگەن.

ئىمام ئەسسۇيۇتىي بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ئىختىلاپلىشىپ قالماسلىقى مېنى خۇرسەن قىلمايدىغان بىر ئىش ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئىختىلاپلىشىپ قالمىغاندا، رۇخسەت ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولاتتى.

ئەلخەتىب بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ھارۇن رەشىد ئىمام مالىككە: ئى ئابدۇللاھنىڭ دادىسى! بىز بۇ كىتابلارنى (يەنى ئىمام مالىكنىڭ كىتابلىرىنى دېمەكچى) كۆپەيتىپ، ئىسلام دىنى يېتىپ بارغان ھەر بىر يۇرتلارغا ئەۋەتىپ كىشىلەرنى مۇشۇ كىتابلارغا ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇساق، دېگەندە ئىمام مالىك: ئى مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى! ئالىملارنىڭ ئىختىلاپلىشىپ قېلىشى الله تائالانىڭ بۇ ئۈممەتكە قىلغان رەھمىتىدۇر. ھەر بىر ئادەم ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ھۆكۈمگە ئەگىشىدۇ، ھەممە ئادەم توغرا يول ئۈستىدە بولغان بولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى الله تائالا خالىغاندۇر، دېگەن.»

## ھەنەفىي مەزھەپىدە قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ قىياس قائىدىسىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىنىڭ بايانى

ھەنەفىي مەزھەپىدە قۇرئان ۋە ھەدىس قىياس قائىدىسىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئاساسىي قائىدىنىڭ بىرى بولسا: <قۇرئان ۋە ھەدىس بار يەردە ئىجتىھاد قىلىش يوق> دېگەن قائىدىدۇر.

ئىمام ئەبۇجەئپەر شىرابازىي ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىزنى قىياسنى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ئالدىدا قويىدۇ، دېگەن كىشىلەر يالغان سۆزلىگەن ۋە

(1) بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى <مۇختەسەرۇل ۋەقايە> دېگەن كىتاب ئەمەستۇر.

بىزگە بوھتان چاپلىغان بولىدۇ، قۇرئان ۋە ھەدىس بار يەردە قىياس قىلىشقا ئېھتىياج بارمۇ؟» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىز قىياسنى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېھتىياجىمىز چۈشۈپ قالغان ۋاقىتدىلا ئىشلىتىمىز. يەنى (ئالدىمىزغا) بىر مەسىلە كەلسە، بىز ئالدى بىلەن قۇرئانغا، ئۇنىڭدىن قالسا ھەدىسكە، ئۇنىڭدىن قالسا ساھابىلارنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرىگە قارايمىز. ئەگەر بىز (قۇرئان، ھەدىس ۋە ساھابىلارنىڭ ھۆكۈملىرىدىن) ئۇ مەسىلىنىڭ دەلىلىنى تاپالمىساق، بۇ ھالدا بىرەر سەۋەبتە ئوخششىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىلى يوق نەرسىنى قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىلى بار نەرسىگە قىياس قىلاتتۇق، (يەنى ئۇ مەسىلىدە قىياس قىلاتتۇق)» دېگەن.

ئىمام ئەسسۇيۇتىي <بۇخارانىڭ تارىخى> دېگەن كىتابتىن نەئىم ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «مەن ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ: مەن كىشىلەرگە ئەجەبلىنىمەن! ئۇلار: مېنى پەتىۋالارنى كۆز قارىشىمغىلا تايىنىپ بېرىدۇ، دەيدۇ. ھالبۇكى، مەن پەتىۋالارنى پەقەت قۇرئان ياكى ھەدىس، ياكى ساھابىلارنىڭ سۆزلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ بېرىمەن، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.»

<مەناقىبۇل قارى> دېگەن كىتابتا ئەبۇيۇسۇفنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ ئالدىغا (قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىلى يوق) بىر مەسىلە كەلسە، ئۇ بۇ ھەقتە سىلەر بىلىدىغان (ساھابىلاردىن قالغان) بىرەر ئەسەر بارمۇ؟ دەيتتى. ئەگەر ئۇ مەسىلە ھەققىدە مەيلى ئۆزى بىلىدىغان، مەيلى بىز بىلىدىغان بىرەر ئەسەر بولسا، ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئالاتتى. ئەگەر ئۇ مەسىلە ھەققىدە بىر - بىرىگە زىت بىر نەچچە ئەسەر بولسا، بۇ ھالدا ئۇ مەسىلىدە ئەسەر ئەڭ كۆپ بولغان تەرەپتە تۇرۇپ ھۆكۈم چىقىراتتى.»

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى قارارى بولسا، ئارىلىقتا بىر ساھابە تاشلىنىپ كەتكەن ھەدىسنى دەلىل دەپ قاراش ۋە ئۇنى قىياسنىڭ ئالدىدا قويۇشتۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئارىلىقتا بىر ساھابە تاشلىنىپ كەتكەن ھەدىسنى دەلىل

دەپ قارىمايدۇ.

مانا بۇلار ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ فىقھىسىگە ۋە ئۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرىغا قارىغان ۋاقتىدا ئەسلەپ تۇرۇشىمىز ۋە دىققەتكە ئېلىشىمىز لازىم بولغان ھەقىقەت ۋە مۇھىم نوقتىلادۇر.

مەن اللە تائالادىن بىزگە پايدىلىق بىلىملەرنى بىلدۈرۈشىنى، بىلدۈرگەن بىلىملەر بىلەن بىزگە پايدا يەتكۈزۈشىنى ۋە بىزنىڭ بىلىمىمىزنى زىيادە قىلىشىنى تىلەيمەن! ئى اللە! تىلىكىمنى ئىجابەت قىلغىن! اللە نىڭ سالامى ۋە رەھمىتى يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلىرىگە، ساھابىلىرىگە ۋە ئەگەشكۈچىلەرگە بولسۇن!

اللە تائالانىڭ رىزاسىغا ئېھتىياجلىق بەندە:

ئابدۇلھەمىد مەھمۇد تاھماز.

## بىرىنچى بۆلۈم

# ئىسلام دىنىدىكى ھۆكۈمدارلىق تۈزۈملىرى، ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرلىكى توغرىسىدا

# ئىسلام دىنىدىكى ھۆكۈمدارلىقنىڭ تۈزۈملىرى، ئۇنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلىكى

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر باشلىقنىڭ تىكلىشى ئىسلام دىنىدا قىلىش ئەڭ مۇھىم بولغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن <ئەقائىدۇن نەسەفىي> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى كىتابىدا: «مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى يۈرگۈزىدىغان، ئۇلارغا جازالارنى ئىجرا قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ چېگرالىرىنى (دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن) قوغدايدىغان، ئەسكەر تەييارلايدىغان، ئۇلارنىڭ سەدىقە - زاكاتلىرىنى توپلايدىغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زالىملارنى، ئوغرى - يانجۇقچىلارنى ۋە قاراقچىلارنى قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن توختىتىدىغان، جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇپ بېرىدىغان، ھەق - ھوقۇقلار توغرىسىدا بېرىلگەن گۇۋاھلىقلارنى قوبۇل قىلىدىغان، ئىگە - چاقىلىرى يوق كىچىك ئوغۇل - قىزلارنى ئۆيلەندۈرىدىغان ۋە غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىدىغان بىر باشلىقنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر» دېگەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابىلار (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەن ۋاقتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يەرلىكىدە قويماي تۇرۇپلا ئەبۇبەكرى (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نى مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاپ ئۇنىڭغا بەيئەت بەرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشەنبە كۈنى ۋاپات بولۇپ كەتتى. ساھابىلار سائىدە جەمەتىنىڭ سايىۋەنلىكىنىڭ ئاستىدا ئەبۇبەكرگە، ئۇنىڭ خەلىپە بولۇشىغا بەيئەت بېرىپ بولۇپ ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سەيشەنبە كۈنى ياكى چارشەنبە يۇرۇيدىغان كېچە، ياكى چارشەنبە كۈنى يەرلىكىگە قويغان.[1]

اللہ تائالا مۇنداق دېدى: «ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 1 - توم، 863 - بەت.

خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى اللەنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، اللەنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) نى ئۇنتۇغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ[1] » يەنى بىز ساڭا يەر يۈزىدە كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنى بەردۇق. مانا بۇ ئايەت كىشىلەر ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان بىر باشلىقنى سايلاپ چىقىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ۋە كىشىلەرگە قىلىنغان زۇلۇم ۋە يولسىزلىقلارنىڭ سەۋەبى بولسا ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۆز خاھىشلىرىغا ئەگىشىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

# ئىسلام دىنىدىكى ھۆكۈمدارلىقنىڭ شەرتلىرى

مۇسۇلمانلارغا باشلىق بولىدىغان ئادەمدە تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ تېپىلىشى لازىم:

1 ـ مۇسۇلمان بولۇشى لازىم. چۈنكى كاپىرنىڭ مۇسۇلمانلارغا باشلىق بولۇشى توغرا ئەمەس.

2 ـ ھۆر ـ ئازات ئادەم بولۇشى لازىم. چۈنكى قۇل ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالمايدىغان ھالەتتە تۇرسا، قانداقمۇ باشقىلارغا باشلىق بولالايدۇ؟

3 ـ بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى لازىم. چۈنكى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ باشقىلارغا باشلىق بولۇشى توغرا ئەمەس.

4 ـ ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا بولۇشى لازىم.

5 ـ ئەر بولۇشى لازىم. چۈنكى ئىسلام دىنىدا ئاياللار سىرتقا چىقماي ئۆيلەردە ئولتۇرۇشقا بۇيرۇلغان. ئاياللار سىرتلاردا كۆپ كۆرۈلمەي ئۆزىنى ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدىن يىراق ساقلىشى لازىم. باشلىقى ئايال بولغان مىللەتنىڭ ھالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «باشلىقى ئايال بولغان مىللەت ھەرگىز نىجات تاپالمايدۇ.»[2]

(1) سۈرە ساد 26 ـ ئايەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ئەبۇبەكرەدىن بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلدى. ئەبۇبەكرە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

مۇسۇلمانلارغا باشلىق بولىدىغان ئادەمنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلالايدىغان، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلغان ئادەمدىن ئۇلارغا ھەقلىرىنى ئېلىپ بېرەلەيدىغان، چېگرالارنى (دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن) قوغدىيالايدىغان، مۇسۇلمانلارغا بىرەر خەتەرنىڭ كېلىشىدىن ئۇلارنى ساقلىيالايدىغان، ئىسلام دۆلىتىنىڭ تۇپراقلىرىنى (باشقىلارغا تاتقۇزۇپ قويماي) ساقلىيالايدىغان ۋە لازىم بولغاندا ئەسكەر تارتىپ ئەسكەرنىڭ ئالدىدا ماڭالايدىغان ئادەم بولۇشى لازىم. پاسىق ئادەمنى باشلىق سايلاش مەكرۇھتۇر. ئەگەر باشلىق بولغان ئادەم باشلىقلىققا سايلانغان ۋاقتىدا تەقۋادار، كېيىن پاسىق بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەمنى باشلىقلىقتىن ئېلىۋېتىش لازىم. يۈز بېرىدىغان قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن باشلىقلىققا (سايلام بىلەن ئەمەس) كۈچ بىلەن كېلىۋالغان ئادەمنىڭ باشلىقلىقمۇ توغرا بولىدۇ.

<ئەلمۇسايەرە> دېگەن كىتابتا بايان قىلىنىشىچە: بىر ئادەمنى باشلىقلىققا تەيىن قىلىش خۇددى ئەبۇبەكرى (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى تەيىن قىلىپ قويغىنىدەك، باشلىق بولىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزى كېيىن باشلىق بولىدىغان ئادەمنى تەيىن قىلىپ قويۇشى بىلەن، ياكى بىر قىسىم ئالىملارنىڭ ياكى ئۆتكۈر پىكىرلىك بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ بىر ئادەمگە بەيئەت بېرىشى بىلەن بولىدۇ. ئەشئەرىيلەر: «بىر ئادەمنىڭ باشلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەيئەت بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى، ئەگەر ئۇ ئادەم كىشىلەر ئارىسىدا تونۇلغان ئالىم بولسا بىر بولسىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئۇ ئالىمنىڭ كېيىن كىشىلەرنىڭ (ئۇنىڭ باشلىق بولۇشىغا بەيئەت بەرگەنلىكىنى) ئىنكار قىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ئۈچۈن بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بەيئەت بېرىشى شەرتتۇر» دەيدۇ. مۆتەزىيلەر: «بىر ئادەمنىڭ باشلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەيئەت بېرىدىغان ئادەملەرنىڭ

---

پارىسلارنىڭ (يەنى ئىرانلىقلارنىڭ پادىشاھى كىسرا ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن) ئۆزلىرىگە كىسرانىڭ قىزىنى پادىشاھ سايلىغانلىقىنى ئاڭلاپ: «ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى ئايال كىشىگە تاپشۇرغان مىللەت ھەرگىزمۇ نىجات تاپالمايدۇ» دېگەن سۆزى ماڭا ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىلەن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش يۈزبەرگەن كۈنى بەكمۇ پايدا يەتكۈزدى.

(ئەبۇبەكرە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇسمان ئىبنى ئەففاننى شەھىد قىلغان ئادەمنى تېپىشنى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبتىن تەلەپ قىلىۋاتقان ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ سېپىدا ئىدى. كېيىن بۇ ئىش چوڭىيىپ ئائىشەنىڭ تەرەپدارلىرى بىلەن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ تەرەپدارلىرى ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ چىقىشقا سەۋەب بولىدۇ. ئەبۇبەكرە ئائىشەنىڭ تەرەپدارلىرى بىلەن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ تەرەپدارلىرى ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلايدىغان كۈنى، ئائىشەنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ پۈتۈن ھەربى قوماندانلىق ئىشىنىڭ ئائىشەنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ھەدىسىنى ئېسىگە ئېلىپ ئائىشەنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ يېڭىلىدىغانلىقىنى پەرز قىلىدۇ، ئۇرۇشنى تاشلاپ قايتىپ كېلىدۇ ۋە يۇقىرىدىكى سۆزىنى قىلىدۇ. ئەبۇبەكرە پەرز قىلغانىدەك بۇ ئۇرۇشتا ئائىشەنىڭ (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تەرەپدارلىرى يېڭىلىدۇ. ت.)

ساننىڭ بەش بولۇشى لازىم» دەيدۇ. ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەردىن بىر قىسىم كىشىلەر: «بىر ئادەمنىڭ باشلىق بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەيئەت بېرىدىغان ئادەملەرنىڭ مۇئەييەن بىر ساندا بولۇشى ئەمەس بىر جامائەت كىشىلەر بولۇشى شەرتتۇر» دەيدۇ.[1]

يۇز بېرىدىغان قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەرگە ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرى كېسىك ھەبەشلىك (يەنى نېگىر) قۇل باشلىق قىلىنسىمۇ، سىلەر (ئۇنىڭ سۆزىگە) قۇلاق سېلىڭلار ۋە (ئۇنىڭغا) بويسۇنۇڭلار» دېگەن سۆزى ئۈچۈن باشلىقلىققا (سايلام بىلەن ئەمەس) كۈچ بىلەن كېلىۋالغان ئادەمنىڭ باشلىقلىقىمۇ توغرا بولىدۇ. ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسنى ئەنەس ئىبنى مالىك (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلدى. ئەنەس ئىبنى مالىك (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرگە بېشى قۇرۇق ئۈزۈمدەك كىچىك ھەبەشلىك (يەنى نېگىر) قۇل باشلىق قىلىنسىمۇ، سىلەر (ئۇنىڭ سۆزىگە) قۇلاق سېلىڭلار ۋە (ئۇنىڭغا) بويسۇنۇڭلار.»

# ئىسلام دىنىدىكى ھۆكۈمدارلىقنىڭ پرىنسىپلىرى

ئىسلام دىنىدىكى ھۆكۈمدارلىق بىر نەچچە مۇھىم پرىنسىپلەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ ئىسلام دىنىدىكى ھۆكۈمدارلىقتا ھاكىمىيەتلىك ۋە قانۇن يولغا قويۇش پەقەت الله تائالاغىلا خاستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كىم بولسا بولسۇن بىر ئادەمنىڭ ياكى بىرەر ھەيئەتنىڭ ياكى بىرەر ئورگاننىڭ ئۆزىگە بۇ ھەقنى داۋا قىلىشى، الله تائالانىڭ ھۆكۈملىرىگە ۋە قانۇنلىرىغا قارشى ۋە زىت كېلىدىغان ھۆكۈملەرنى ۋە قانۇنلارنى يولغا قويۇشى توغرا ئەمەس. يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش شەك ـ شۈبھىسىز تەنھا بولغان الله نىڭ ئىلكىدىدۇر. چۈنكى الله كائىناتنىڭ ئىگىسى ۋە بۇيرۇق بەرگۈچىسى بولغان ئۇلۇغ زاتتۇر. ھاكىمىيەتلىكنىڭ الله تائالاغا خاس ئىكەنلىكى ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دېدى: «يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش

(1) كۈنۈمىزدە بەزى دۆلەتلەردە كۆرۈلۈۋاتقان ئەركىن سايلام بەيئەتنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. چۈنكى ئەركىن سايلامدا مەسلىھەتلىشىشنىڭ مەناسى بار.

(يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستىنلا الله نىڭ ئىلكىدىدۇر[1] » «ئى مۆمىنلەر! ئەھدىلەرگە (يەنى الله بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ۋە سىلەرنىڭ ئۆز ئاراڭلاردىكى ئەھدىلەرگە) ۋاپا قىلىڭلار. سىلەرگە (بۇ سۈرىدە تۆۋەندە) ئوقۇپ بېرىلىدىغانلاردىن باشقا، ھايۋانلار (يەنى تۆگە، كالا، قويلار) نىڭ ھەممىسىنى (زەبھى قىلىنغاندىن كېيىن يېيىش) ھالال قىلىندى. لېكىن سىلەر ئېھرام (ياكى ھەرەم) دە بولغىنىڭلاردا شىكارنى ھالال سانىماڭلار، شۈبھىسىزكى الله (ھالال ھارام توغرۇلۇق) خالىغان نەرسىنى ھۆكۈم قىلىدۇ[2] » «ئىبادەت ۋە دىن بارىسىدىكى بارچە ھۆكۈملەر پەقەت الله غىلا مەنسۇپ، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ[3] »

الله تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ كاتتىسى ۋە ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قۇرئان كەرىمدە چۈشۈرۈلگەن ھۆكۈملەر بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. (ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار غا بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر الله خالىسا، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى). لېكىن الله سىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر بارىسىدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۈممەت قىلىپ ئايرىدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار الله نىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى (ئۇنىڭ قايسى ھەق قايسى ناھەق ئىكەنلىكىنى) الله سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇلار (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نىڭ ئارىسىدا الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ (ئەھكامى بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋاز كەچۈرۈشىدىن ساقلانغىن.

(1) سۈرە ئەئراف 54 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(2) سۈرە مائىدە 1 ـ ئايەت.

(3) سۈرە يۈسۈف 40 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

ئەگەر ئۇلار الله ساڭا نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن) يۈز ئۆرۈسە (ئى مۇھەممەد!) بىلگىنكى، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن الله ئۇلارنى جازالاشنى ئىرادە قىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەردىن نۇرغۇنى پاسىقتۇر (يەنى پەرۋەردىگارىنىڭ تائىتىدىن باش تارتىپ، ھەققە خىلاپلىق قىلىپ گۇناھقا چۆمگۈچىلەردۇر). ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (الله غا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە الله دىنمۇ ئادىل كىم بار[1]» ئۇنداق ئىكەن الله تائالانىڭ ھۆكمىگە قارشى ۋە زىت كېلىدىغان ھەر قانداق ھۆكۈم جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىدۇر.

2 ـ ئىشنى كېڭىشىش ۋە مەسلىھەت بىلەن قىلىش. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا (اللەنىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىدۇر)[2]» «ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن[3]»

كېڭىشىش ۋە مەسلىھەت سېلىش ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بىر نەچچە قېتىم ۋە كۆپلىگەن ئورۇنلاردا قىلغان. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى كۈنى قۇرەيش بىلەن ئۇرۇش قىلىش ياكى قىلماسلىق ھەققىدە ساھابىلار بىلەن مەسلىھەتلەشكەن. كېيىن بەدرى ئۇرۇشىدا كاپىرلاردىن مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلارنى قانداق قىلىش ھەققىدىمۇ ساھابىلارغا مەسلىھەت سالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇنىڭ كەينىدىن كەلگەن خەلىپىلەرمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ يولى بويىچە ماڭغان.

مەسلىھەت سېلىش ۋە كېڭىشىش بىر ئىشقا بەل باغلاشتىن بۇرۇن بولىدۇ. ئىمام بۇخارى (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مەسلىھەت سېلىش ۋە كېڭىشىش قاچان بولىدۇ؟ دەپ الله تائالا: «(كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، الله غا تەۋەككۈل قىلغىن[4]» دېگەنلىكى ئۈچۈن مەسلىھەت سېلىش ۋە كېڭىشىش بىر ئىشقا بەل باغلاشتىن بۇرۇن بولىدۇ» دېدى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئىشقا بەل باغلاپ بولغاندىن كېيىن ھېچبىر ئادەمنىڭ (تۈسۈش نىيىتى بىلەن) الله نىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

(1) سۈرە مائىدە 48 — 50 ـ ئايەتكىچە.
(2) سۈرە شۇرا 38 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
(3) سۈرە ئالى ئىمران 159 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.
(4) سۈرە ئالى ئىمران 159 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

ئالدىغا ئۆتىشى توغرا ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوھۇد كۈنى قۇرەيش كاپىرلىرى بىلەن (ئوھۇدقا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ) ئۇرۇش قىلىش ياكى مەدىنىدە تۇرۇپ ئۇلاردىن مۇداپىئەلىنىش ھەققىدە ساھابىلارغا مەسلىھەت سالدى. ساھابىلار (اﷲ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇلار بىلەن (ئوھۇدقا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ) ئۇرۇش قىلىش مەسلىھەتىنى بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساۋۇتىنى كىيىپ ۋە قولىغا ئۇرۇش سايمانلىرىنى ئېلىپ ئۇرۇش قىلىشقا بەل باغلاپ بولغاندىن كېيىن ساھابىلار ئۇنىڭغا: (مەدىنىدە) تۇرساق، (يەنى مەدىنىدە تۇرۇپ ئۇلاردىن مۇداپىئەلەنسەك) دېدى. بۇ گەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئۇ ئۇرۇشقا بەل باغلاپ بولغاندىن كېيىن قىلىنغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدى ۋە ئۇلارغا: «بىر پەيغەمبەرگە، ئۇ (ئۇرۇش ئۈچۈن ساۋۇتىنى كىيىپ ئۇرۇش سايمانلىرىنى قولىغا) ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ھەتتا اﷲ تائالا (ئۇ پەيغەمبەر بىلەن ئۇنىڭ دۈشمىنىنىڭ ئارىسىدا) ھۆكۈم قىلغانغا قەدەر (ئۇرۇش سايمانلىرىنى) تاشلىۋېتىشى لايىق ئەمەس» دېدى. تۆھمەتخورلار ئائىشەگە (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بوھتان چاپلىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئائىشەدىن ئايرىلىپ كېتىش ياكى ئۇنداق قىلماسلىق ھەققىدە) ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىپ بىلەن ئۇسامىگە (اﷲ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مەسلىھەت سالغان ۋە ئۇلارنىڭ بەرگەن مەسلىھەتىنى تىڭشىغان ئىدى. ئاخىردا بۇ ھەقتە ئايەت چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ تالاش ـ تارتىشىشىغا قارىماستىن بوھتان چاپلىغۇچىلارنى قامچىلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلىش بىلەن اﷲ تائالانىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھۆكۈم قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن كەلگەن مۇسۇلمان باشلىقلىرى قىلىشقا بولىدىغان ئىشلاردا ئۇ ئىشلارنىڭ ئەڭ يەڭگىلىنى قوبۇل قىلىپ ئېلىش ئۈچۈن ئەڭ ئىشەنچىلىك ئىلىم ئىگىلىرىگە مەسلىھەت سالاتتى. ئەگەر ئۇ ئىشلار ھەققىدە قۇرئان ياكى ھەدىستە ھۆكۈم بولۇپ ئۇ ھۆكۈم ئۇ باشلىقلارغا بايان قىلىپ بېرىلسە، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە ئۆلگە تۇتقانلىقتىن ئۇ ھۆكۈمنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەيتتى. ئەبۇبەكرى (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) خەلىپە بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا زاكاتلىرىنى بېرىشتىن باش تارتقانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ لازىملىقىنى تونۇپ يەتكەن چاغدا، ئۇنىڭغا (ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىق ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەن كىشىلەرنىڭ)

ھېچبىرىنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سالمىغان. چۈنكى، ئەبۇبەكرى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئارىسىنى ئايرىغان (يەنى نامازنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى ئوقۇيدىغان، ئەمما زاكاتنىڭ پەرز ئەمەسلىكىنى چۈشۈنۈپ ئۇنى بەرمەيدىغان) ۋە شۇنىڭ بىلەن دىن ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغانلار ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق بىر ھۆكۈمىنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. مەيلى قېرى بولسۇن مەيلى ياش بولسۇن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئۆز ۋاقتىدىكى ئالىملار ئىدى. ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قۇرئاننىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن چىقىپ كەتمەيتتى.

3 ـ الله تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا باشلىققا بويسۇنۇش. باشلىققا بويسۇنۇش ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! الله غا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا الله غا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى الله نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر[1]» الله تائالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشىنىڭ مۇھىملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ <ئىتائەت قىلىڭلار> دېگەن سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈنمۇ قايتا تەكرارلىدى[2]. ئەمما ئۇ سۆزنى ئىش ئۈستىدىكىلەر ئۈچۈن قايتا تەكرارلىمىدى. الله تائالانىڭ <ئىتائەت قىلىڭلار> دېگەن سۆزنى ئىش ئۈستىدىكىلەر ئۈچۈن قايتا تەكرارلىماسلىقى ئىش ئۈستىدىكىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئىشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇستەقىل بولغىنىدەك مۇستەقىل ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈندۇر. ئىش ئۈستىدىكىلەردىن باشلىقلار ۋە قوماندانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەزى ئالىملار ئىش ئۈستىدىكىلەردىن كۆزدە تۇتۇلىدىغانلارنىڭ قاتارىغا ئالىملارنىمۇ قوشۇپ قويىدى. ئىش ئۈستىدىكىلەرگە بويسۇنۇش ئۇلارنىڭ الله تائالاغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنۇشىغا باغلىقتۇر. (يەنى ئۇلارغا بويسۇنۇش ئۈچۈن

(1) سۈرە نىسا 59 ـ ئايەت.

(2) يەنى ئەسلىدە ئايەتنىڭ مەنىسى: «ئى مۆمىنلەر! الله غا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن شەكىلدە يەنى <ئىتائەت قىلىڭلار> دېگەن سۆز الله تائالا ئۈچۈن بىر قېتىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بىر قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ت.

**ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى اللّٰه تائالا نىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا گۇناھ بولمايدىغان ئىشلارغا بويرۇشى شەرتتۇر). شۇنداق ئىكەنلىكىنى مەزكۇر ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبىمۇ كۆچلەندۈرىدۇ. بۇ ھەقتە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قوشۇننى ئەۋەتتى، ئۇنىڭغا ئەنسارىيلاردىن بىر كىشىنى باشلىق قىلىپ قويدى ۋە ئۇلارنى ئۇ باشلىققا بويسۇنۇشقا بۇيرۇدى. (ئۇلار يولغا چىققاندا ئۇ باشلىق بىر ئىش توغرىسىدا ئۇلاردىن ئاغرىنىپ قېلىپ) ئۇلارغا غەزەپلەندى ۋە ئۇلارغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەرنىڭ ماڭا بويسۇنۇشۇڭلارنى بۇيرۇمىدىمۇ؟ دېدى. ئۇلار: شۇنداق، دەپ جاۋاب بەردى. باشلىق (ئۇلارغا): ئوتۇن يىغىڭلار، دېدى. ئۇلار ئوتۇن يىغدى. باشلىق: ئوتۇنغا ئوت تۇتاشتۇرۇڭلار، دېدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئوت تۇتاشتۇردى. ئاندىن باشلىق ئۇلارغا: ئۇ ئوتقا كىرىڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتقا كىرمەكچى بولۇپ بىر ـ بىرىنى تۇتۇشۇپ: بىز ئوتتىن قورقۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىگە قاچقان (يەنى بىز ئوتتىن قېچىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەنىدۇق)، دېيىشىشكە باشلىدى. ئۇلار تاكى ئوت ئۆچكەنگە قەدەر شۇنداق دېيىشىپ تۇردى. كېيىن ئۇنىڭ غەزىپىمۇ ياندى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەن ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇلار ئوتقا كىرگەن بولسا، قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئۇنىڭدىن چىقالمايتتى، بويسۇنۇش پەقەت ياخشى ئىشتا بولىدۇ» دېگەن.[1]**

**بۇ ھەقتە يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (اللّٰه تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر مۇسۇلمان (ئۆز باشلىقىغا باشلىق ئۇنى) مەيلى ئۇ ياقتۇرىدىغان ئىشقا، مەيلى ياقتۇرمايدىغان ئىشقا (بۇيرۇسۇن) ئۇ يامان ئىشقا بۇيرۇلمىسىلا، (ئۇ مۇسۇلماننىڭ) باشلىقىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى ۋە (ئۇنىڭغا) بويسۇنۇشى لازىمدۇر. ئەگەر ئۇ يامان ئىشقا بۇيرۇلسا، ئۇنىڭ (باشلىقىنىڭ كېيىنى) ئاڭلىشى ۋە (ئۇنىڭغا) بويسۇنۇشى توغرا ئەمەس.»[2]**

**يۇقىرىدا بايان قىلىنغان اللّٰه تائالانىڭ: «ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار» دېگەن ئايىتىدىكى اللّٰه تائالانىڭ: «ئۆزەڭلاردىن بولغان» دېگەن سۆزى مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىنىڭ**

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن بولۇشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «الله كاپىرلارغا ھەرگىز مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ[1] »

4 ـ كىشلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلىش. ئادىللىق قىلىش الله تائالانىڭ شەرىئەتىنىڭ ھۆكۈملىرىنى كىشىلەرگە ئوخشاش ئىجرا قىلىش بىلەن بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: « شۈبھىسىزكى، الله سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، الله سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى، الله ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشىڭلارنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر[2] »

ئۈستىدە بىرسىنىڭ ھەققى بار ئادەمدىن ئۇ ھەقنى ئېلىپ ئۇ ھەقنىڭ ئىگىسىگە قايتۇرۇش باشلىقنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇبەكىر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇنىڭغا بەيئەت بېرىلىپ بولۇپ كىشىلەرگە تۇنجى قېتىم سۆزلىگەن سۆزىدە مۇنداق دېگەن: « ئىچىڭلاردىكى ئەڭ كۈچلۈك ئادەم ھەتتا ئۇنىڭدىن (كىشىلەرنىڭ) ھەققىنى ئېلىپ بولغانغا قەدەر مېنىڭ ئالدىمدا ئەڭ ئاجىز ئادەمدۇر. ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ئاجىز ئادەم ھەتتا ئۇنىڭ (باشقىلاردىكى) ھەققىنى ئېلىپ بەرگەنگە قەدەر مېنىڭ ئالدىمدا ئەڭ كۈچلۈك ئادەمدۇر. »

كىشىلەرگە باشلىق بولۇش ئىسلام دىنىدا ناھايىتى چوڭ ۋە كاتتا مەسئۇلىيەت ۋە ئېغىر ئامانەت ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان الله تائالانىڭ: « شۈبھىسىزكى، الله سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ » دېگەن ئايىتى كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشنىڭ بايانىغا كەلگەندە خۇددى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇغانلىقىنى بايان قىلغىنىدەك مۇتلەق ئەمەس <ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ> دەپ كىشىلەر ئارىسىدا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇپ كەلدى.

---

(1) سۈرە نىسا 141 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(2) سۈرە نىسا 58 ـ ئايەت.

كىشىلەرگە باشلىق بولۇشنىڭ ئىسلام دىنىدا ناھايىتى چوڭ ۋە كاتتا مەسئۇلىيەت ۋە ئېغىر ئامانەت ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى ھەدىستىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز: ئەبۇزەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسساﻻمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى ئەبۇزەر! مەن سېنى ئاجىز كۆرىمەن. مەن ئۆزەم ئۈچۈن نېمىنى ياخشى كۆرسەم سەن ئۈچۈنمۇ شۇنى ياخشى كۆرىمەن، ھەرگىز ئىككى ئادەمگىمۇ باشلىق بولمىغىن ۋە يېتىمنىڭ مېلىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئۈستىڭگە ئالمىغىن». يەنە بىر رىۋايەتتە ئەبۇزەر مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسساﻻمغا: ماڭا ئەمەل بەرمەملا؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسساﻻم مۈرەمگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: «ئى ئەبۇزەر! سەن ئاجىز، ئەمەلنىڭ ئۆزى بىر ئامانەت، ئەمەل ئۇنى ئۆز يولىدا ئېلىپ ئۆز يولىدا ئىشلەتكەن ئادەمدىن باشقىسىغا قىيامەت كۈنى پۇشايمان ۋە نادامەت ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن.[1]

كىشىلەرگە باشلىق بولۇش ئىسلام دىنىدا ناھايىتى چوڭ ۋە كاتتا مەسئۇلىيەت ۋە ئېغىر ئامانەت بولغانلىقى ئۈچۈن باشلىقلىق ئامانىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ۋە ئۇنى خەلقىگە تولۇق ئادا قىلىشقا كۈچى يېتىدىغان ئادىل باشلىققا قىيامەت كۈنىدە ناھايىتى كاتتا ۋە ئالىي ئورۇن بار. ئادىل باشلىق ھەدىستە بايان قىلىنغىنىدەك الله تائالا قىيامەت كۈنى ئەرشىنىڭ سايىسىدا سايىدىتىدىغان يەتتە خىل كىشىلەرنىڭ بىرىدۇر. ئادىل باشلىق ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسساﻻم يەنە مۇنداق دېدى: «ھەقىقەتەن ئادىللىق قىلغۇچىلار قىيامەت كۈنى ناھايىتى شەپقەتلىك الله تائالانىڭ ئوڭ يېنىدىن، نۇرلۇق مۇنبەرلەر ئۈستىدىن ئورۇن ئالىدۇ، الله تائالانىڭ ھەر ئىككى تەرىپى ئوڭدۇر[2]، ئۇلار ھۆكۈملىرىدە، ئائىلىسىدىكىلەرگە ۋە قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە ئادالەت يۈرگۈزگەن كىشىلەردۇر»[3]

5 ـ بىر ئىش قىلىش پۇرسەتلىرىدە ۋە شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشتا ھەممە كىشىنى ئوخشاش كۆرۈش. چۈنكى ھەممە ئادەم الله تائالانىڭ شەرىئىتى ئالدىدا ئوخشاشتۇر. ئىسلامنىڭ دىنىنىڭ قانۇنلىرى ھەممە ئادەمگە ئوخشاش ئىجرا قىلىنىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلىرىنى يولغا قويغان

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئەرەبلەرنىڭ ئادىتىدە ئوڭ تەرەپ ياخشىلىقتىن بېشارەتتۇر. ت.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

زات الله تائالادۇر. الله تائالا ھەممىنىڭ ئىگىسى ۋە ھەممىنى ياراتقان زاتتۇر. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قۇلىدۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلىرىنىڭ ھەممە ئادەمگە ئوخشاش ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى ھەدىستىنمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەككىنى پەتھى قىلىش ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئوغرىلىق قىلغان مەخزۇمىيە قەبىلىسىدىن بولغان ئايالنىڭ مەسىلىسى ھەققىدە قۇرەيش قەبىلىسى باش قاتۇرۇپ: كىم بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ قىلىدۇ؟ دېيىشتى. ئاندىن ئۇلار بۇ ئىشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى كۆرىدىغان ئۇسامە ئىبنى زەيدلا جۈرئەت قىلالايدۇ، دېيىشتى. ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلگەندە ئۇسامە ئىبنى زەيد ئۇ ئايال ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ قىلىۋېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى تاتىرىپ ئۇنىڭغا: «الله تائالا بەلگىلىگەن بىر جازاغا شاپائەت قىلماقچىمۇسەن!» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇسامە دەرھال: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! گۇناھىمنىڭ كەچۈرۈۋېتىلىشىنى تىلىگىن، دېدى. كەچ بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سۆز قىلىپ الله تائالاغا لايىق ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقاندىن كېيىن مەقسەتكە كەلسەك، دەپ سۆزىنى باشلاپ: «سىلەردىن ئىلگىرىكىلەر، ئۇلارنىڭ ئېسىل زادىلىرى ئوغرىلىق قىلسا جازالىماي تاشلاپ قويۇپ، ئاجىز بىچارىلىرى ئوغرىلىق قىلسا جازالىغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولۇپ كەتكەن، جېنىم قولىدا بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ئوغرىلىق قىلغان بولسىمۇ، مەن چوقۇم ئۇنىڭ قولىنى كەسكەن بولاتتىم» دېدى ـ دە، ھېلىقى ئوغرىلىق قىلغان ئايالنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالنىڭ قولى كېسىلگەن.[1]

ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلىرىدا خۇددى ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇندا بولغىنىدەك بەزى ئەمەلدارلارنى ۋە قانۇن ئادەملىرىنى (ئۇلار جىنايەت ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ جازالىنىشىدىن) قوغدايدىغان قانۇن يوق. شۇنىڭدەك يەنە ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلىرى ئىچىدە كىشىلەرنى تۈرگە ئايرىپ مۇئامىلە قىلىدىغان قانۇنمۇ يوق. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئەسلى يىلتىزى بىردۇر.

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

شۇڭا ئۇلار قانۇن ئالدىدىمۇ ئوخشاش بولىدۇ. الله تائالانىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان قازىغا ھېچبىر ئادەمنىڭ كۈچ ئىشلىتىپ ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلماسلىققا مەجبۇرلاش ھەققى يوق. ھېچبىر ئادەمنىڭ قازىغا بېسىم ئىشلىتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى قازى الله تائالانىڭ يولغا قويۇپ بەرگەن ھۆكۈملەر بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. قازىلىق ۋە قازىخانا بىرەر ئورگانغا باغلىنىپ قالىدىغان ئەمەس ئايرىم مۇستەقىل بىر ئورۇندۇر. ئىسلام دىنىدا قازىنىڭ ھەتتا خەلقنىڭ بىرەرسى ئۇستىدىن شىكايەت ئېيتىپ كەلگەن خەلىپىنىڭ ئۇستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى بار. ئىسلام قازىلىقىنىڭ تارىخى قازىلارنىڭ خەلىپىلەرنىڭ ئۇستىدىن ھۆكۈم چىقارغانلىق ھادىسىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەندۇر. تۆۋەندە بايان قىلىنماقچى بولغان قىسسە ئۇ ھادىسىلەرنىڭ بىرىدۇر:

ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇئاۋىيە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولۇپ كېتىۋاتقاندا ئۆزىنىڭ ساۋۇتىنى چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئۇرۇش ئاياغلىشىپ كۈپىغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدا ساۋۇتنى بازاردا ئۇنى ساتماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر يەھۇدىينىڭ قولىدا كۆرۈپ قالىدۇ. ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇنىڭغا: ئى يەھۇدىي! بۇ ساۋۇت مېنىڭ ساۋۇتۇم، مەن بۇنى بىرەرسىگە سېتىپمۇ ياكى سوۋغا قىلىپمۇ بەرگەن ئەمەسمەن، دەيدۇ. يەھۇدىي: ساۋۇت مېنىڭ، مانا بۇ مېنىڭ قولۇمدا تۇرىدۇ، دەيدۇ. ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئۇنداق بولسا قازىنىڭ قېشىغا بارايلى، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قازى شۇرەيھنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قازى شۇرەيھنىڭ يېنىدا يەھۇدىي بولسا ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدۇ. ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئەگەر مېنىڭ داۋاگارىم يەھۇدىي بولمىغان بولسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش يەردە ئولتۇرغان بولاتتىم، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەر ئۇلارنى (يەنى يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارنى) خۇددى الله تائالا ئۇلارنى كىچىك كۆرگەندەك كىچىك كۆرۈڭلەر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دەيدۇ. ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇ سۆزى بىلەن الله تائالانىڭ: «سىلەر ئەھلى كىتابتىن الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى الله نىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى الله نىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز دېگەن بىلەنمۇ

ئېتىقاد قىلمىغانىنىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، الله (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى) غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار[1]» دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىنى مەقسەت قىلىدۇ. قازى شۇرەيھ ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) غا: ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! دەيدۇ. ئۇ: خوش، بۇ يەھۇدىينىڭ قولىدىكى ساۋۇت مېنىڭ ساۋۇتۇم، مەن ئۇنى بىرەرسىگە سېتىپمۇ ياكى سوۋغا قىلىپمۇ بەرگەن ئەمەسمەن، دەيدۇ. قازى شۇرەيھ: ئى يەھۇدىي! سەن بۇ ھەقتە نېمە دەيسەن؟ دەيدۇ. يەھۇدىي: ساۋۇت مېنىڭ، مانا بۇ مېنىڭ قولۇمدا تۇرمامدۇ، دەيدۇ. قازى شۇرەيھ ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) غا: ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! سىنىڭ قولۇڭدا پاكىتىڭ بارمۇ؟ دەيدۇ. ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): بار، قەنبەر[2] ۋە (ئوغلۇم) ھەسەن ساۋۇتنىڭ مېنىڭ ساۋۇتۇم ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، دەيدۇ. قازى شۇرەيھ: بالىنىڭ دادا ئۈچۈن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ، دەيدۇ. ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): جەننەتكە كىرىدىغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىكى ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمامدۇ! مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەسەن بىلەن ھۈسەين جەننەتتىكى ياشلارنىڭ خوجىسىدۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دەيدۇ. ئاندىن ھېلىقى يەھۇدىي: ئەلىنىڭ قازىسى مېنىڭ پايدام ۋە ئۇنىڭ زىيىنى ئۈچۈن ھۆكۈم چىقاردى، مەن بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ الله نىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، دەپ ئىمان ئېيتىپ (ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى!) ساۋۇت سىنىڭ ساۋۇتۇڭ، سەن (ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن) سەپپەينگە كېتىۋاتقان چېغىڭدا مەن سىنىڭ قارامتۇل تۆگىڭنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ باراتتىم. ساۋۇت كېچىدە چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ئالغان ئىدىم، دېدى.[3] كېيىن ئۇ يەھۇدىي ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىلەن بىللە نەھرىۋاندىكى خاۋارىجلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن چىقىپ ئۇ ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كېتىدۇ.[4]

(1) سۈرە تەۋبە 29 ـ ئايەت.

(2) قەنبەر ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئازات قىلىۋاتقان قۇلى ئىدى. ت.

(3) ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇ ساۋۇتنى ئۇ يەھۇدىينىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېرىۋاتىدۇ. ت.

(4) بۇ ئەسەرنى ئەبۇنەئىم رىۋايەت قىلدى.

# ئىسلامدا ھۆكۈمدارنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ بايانى

مەزكۇر بايانلاردىن ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ ناھايىتى كاتتا ۋە خەتەرلىك مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەردە بايان قىلدى. تۆۋەندىكى ھەدىس شۇ ھەدىسلەرنىڭ بىرىدۇر:

ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىڭلاردىن سوراق قىلىنىسىلەر، كىشىلەرنىڭ خەلىپىسىمۇ پادىچى، ئۇ ئۆز پۇقرالىرىدىن سورىلىدۇ، ئەركىشىمۇ پادىچى، ئۇ ئۆيدىكىلىرىدىن سورىلىدۇ، ئايال كىشىمۇ پادىچى، ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيىدىن ۋە بالىۋاقىلىرىدىن سورىلىدۇ، خىزمەتچىمۇ پادىچى، ئۇ خوجايىنىنىڭ ماللىرىدىن سورىلىدۇ، دېمەك سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى ۋە ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىڭلاردىن سورىلىسىلەر.»[1]

بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر كەلگۈسىدە ئەمەلدارلىققا قىزىقىسىلەر، ئۇ قىيامەت كۈنى پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ. ئېمىتىش نېمىدېگەن ياخشى! ئايرىش نېمىدېگەن يامان![2] »[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <ئۇ قىيامەت كۈنى پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ> دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: ئەمەلدارلىق ئۇنى ئۆز لايىقى بويىچە ئېلىپ بارمىغان ئادەمگە قىيامەت كۈنى پۇشايمان ئېلىپ كېلىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ مەنانى بەززار ۋە تەبرانىي ئەۋف ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەمەلدارلىقنىڭ بېشى مالامەت، ئوتتۇرسى پۇشايمان، ئايىغى قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدۇر، لېكىن ئادىللىق قىلغان ئادەم بۇنىڭ سىرتىدىدۇر» دېگەن ھەدىسى كۈچلەندۈرىدۇ.

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ ئەمەلدارلارنىڭ ھالىنى تەسۋىرلەشتۇر. ت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <ئىمتىش نىمدىگەن ياخشى! ئايرىش نىمدىگەن يامان!> دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: ئىمتىش (يەنى ئەمەل تۇتۇش دېمەكچى بولۇشى مۇمكىن) دۇنيادا نىمدىگەن ياخشى! ئايرىش ئۆلگەندىن كېيىن نىمدىگەن يامان! چۈنكى ئەمەل تۇتقان ئادەمنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھېسابىنى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمەل تۇتقان ئادەمنىڭ ھالى خۇددى ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن ئەمچەكتىن ئايرىلىپ كىتىپ ئۆلۈپ قالغان بالىنىڭ ھالىغا ئوخشاش، دېگەنلىك بولىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <ئىمتىش نىمدىگەن ياخشى! ئايرىش نىمدىگەن يامان!> دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: ئىمتىش (يەنى ئەمەل تۇتۇش) نىمدىگەن ياخشى! چۈنكى بىر ئادەم ئەمەل تۇتقان ۋاقتىدا يۇز ئابرۇيغا، مال ـ دۇنياغا، ئىناۋەتكە ۋە ئېرىشكەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ لەززەت ئىكەنلىكى خىيال قىلىنىدىغان ھېسسى لەززەتلەرگە ئېرىشىدۇ. ئۆلۈپ قېلىش ياكى باشقا ئىشنىڭ سەۋەبى بىلەن مەزكۇر نەرسىلەردىن ئايرىلىپ قېلىش ۋە ئۇ نەرسىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى سوراقلىرى نىمدىگەن يامان! دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى.

مەئقەل ئىبنى يەسار (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قايسى بىر كىشىنى الله بىر قەۋمگە باشلىق قىلغان، ئاندىن ئۇ ئۆز قەۋمىنى سەممىيەت بىلەن ساقلىمىغان بولسا، ئۇ باشلىق جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇريالمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «قايسى بىر كىشىنى الله بىر قەۋمگە باشلىق قىلغان، ئاندىن ئۇ ئۆز قەۋمگە خىيانەتكار ھالدا ئۆلگەن بولسا، الله ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ.»[1]

ئىبنى بەتتال: «مانا بۇ خەلقلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان ۋە ئۇلارغا يولسىزلىق قىلىدىغان ئەمەلدارلارغا قارىتىلغان قاتتىق بىر تەھدىتتۇر. الله تائالا ئەمەل تۇتۇشقا نىسىپ قىلغانلاردىن قايسى بىر ئادەم خەلققە يولسىزلىق ياكى خىيانەت، ياكى ئۇلارغا زۇلۇم قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭدىن خەلققە قىلغان شۇ ئىشلىرىنىڭ سورىقى سورىلىدۇ ۋە ئۇلارنى رازى قىلىشقا بۇيرىلىدۇ. ئۇ ئادەم شۇنچىلىك كۆپ ئادەمنى قانداقمۇ رازى قىلىپ بولالايدۇ؟» دەيدۇ.[2]

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) «فەتھۇلبارى»، 13 ـ توم، 123 ـ بەت.

الله تائالانىڭ دىنى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىش (يەنى جىھاد قىلىش) مۇسۇلمان باشلىقىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئەڭ چوڭ ۋە ئېغىر مەسئۇلىيەتلەرنىڭ بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن فىقھشۇناسلار جىھادقا ئالاقىدار ھۆكۈملەرنى ھۆكۈمدارلىققا (يەنى ئەمەلدارلىققا) ئالاقىدار بابنىڭ ئىچىدە بايان قىلدى.

ئىسلامدا مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ ناھايىتى كاتتا ۋە خەتەرلىك مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «باشلىق پەقەت ئارقىسىدا تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىنىدىغان ۋە (دۈشمەندىن) ساقلىنىدىغان قالقاندۇر. ئەگەر باشلىق خەلقىنى الله تائالادىن قورقۇشقا بۇيرۇسا ۋە ئادىللىق قىلسا، ئۇنىڭغا قىلغان بۇ ئىشى ئۈچۈن كاتتا ساۋاب بار. ئەگەر باشلىق ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارغا بۇيرۇسا، ئۇنىڭغا بۇنىڭ گۇناھى بولىدۇ.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە باشلىقنى قالقانغا ئوخشاتتى. چۈنكى باشلىق مۇسۇلمانلارنى دۈشمەنلەرنىڭ دۈشمەنلىكىدىن ساقلايدۇ. كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئىسلام دۆلىتىنى (كاپىرلارنىڭ بېسىۋېلىشىدىن) قوغدايدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ (باشقىلارغا زۇلۇم قىلالمايدۇ). مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ كاپىرلار، مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدىن ئايرىلىپ چىققان ئادەملەر ۋە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارىدىغانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ ۋە ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارىدىغانلارنىڭ ۋە زالىملارنىڭ تاجاۋۇزىدىن ۋە زۇلۇملىرىدىن ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ساقلىنىدۇ.

## مۇسۇلمان باشلىققا بەرگەن بەيئەتكە ۋاپا قىلىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

بىز يۇقىرىدا باشلىقنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بىز بۇ يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىققا قارىتا ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەت بولسا، ئۆزلىرىنىڭ باشلىقىغا ئىتائەت قىلىشىنىڭ لازىملىقىدۇر. باشلىققا قارشى ھەرىكەت قىلىش

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ھارامدۇر. بىز بۇ ھەقتە الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا توختۇلۇپ ئۆتىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەردە مۇسۇلمان باشلىققا بەرگەن بەيئەتكە ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇدى. تۆۋەندىكى ھەدىسلەر مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ قاتارىدىندۇر:

ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەنى ئىسرائىلنى پەيغەمبەرلەر كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ باشقۇراتتى. قاچانكى بىرى ۋاپات بولسا ئورنىغا يەنە بىرى كېلەتتى. مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ. لېكىن كۆپلىگەن خەلىپىلەر (يەنى مۇسۇلمان باشلىقلىرى) كېلىدۇ» دېدى. ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ چاغدا بىزنى قانداق قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(بىر ئادەم باشلىقلىققا سايلانغاندىن كېيىن يەنە بىرسى باشلىقلىققا سايلانسا)، باشتا سايلانغىنىغا بەرگەن بەيئىتىڭلەرگە ۋاپا قىلىڭلار، كېيىن سايلانغىنىغا (بەرگەن بەيئەتتە ۋاپا قىلىش لازىم ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ)، ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار. چۈنكى الله ئۇلاردىن، ئۇلارنى ئىگە قىلغان ئىشلاردىن سوراق سورىغۇچىدۇر» دېدى.[1]

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەندىن كېيىن شەخسىيەتچىلىك ۋە سىلەر يامان كۆرىدىغان كۆپلىگەن ئىشلار مەيدانغا كېلىدۇ» دېدى. ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىزنىڭ ئىچىمىزدىن ئۇ چاغنى كۆرگەن ئادەمنى نېمە ئىش قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئۈستۈڭلاردىكى ھەقنى ئادا قىلىڭلار ۋە ئۆزەڭلەرگە تېگىشلىك بولغان ھەقنى الله دىن تىلەڭلەر (يەنى سىلەر باشلىقلارنىڭ ئادىل ۋە ئىنساپلىق بولۇشىنى تىلەڭلەر)» دېدى.[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <مەندىن كېيىن شەخسىيەتچىلىك . . . مەيدانغا كېلىدۇ> دېگەن سۆزىدىن باشلىقلارنىڭ دۆلەت خەزىنىسىدىكى مال ـ مۈلۈكلەرنى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مال ـ مۈلكى قىلىۋالىدىغانلىقلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مانا بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىدىندۇر.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە يۈز بەردى ۋە بېرىۋاتىدۇ.

ئابدۇرراھمان ئىبنى ئابدۇرەببۇل كەبە مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەرەم مەسچىتىگە كىرسەم، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) كەبىنىڭ سايىسى ئاستىدا ئولتۇرۇۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىر توپ كىشىلەرمۇ بار ئىكەن. مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاسنىڭ يېنىغا كىلىپ ئولتۇردۇم. ئۇ سۆزىنى باشلاپ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان بىر سەپىرىمىزدە بىر جايغا كىلىپ چۈشتۇق. بەزىلىرىمىز چېدىرلىرىمىزنى تۈزەۋاتاتتۇق. بەزىلىرىمىز ئوقيا ئېتىپ مۇسابىقىلىشىۋاتاتتۇق. بەزىلىرىمىز ئۇلاغلارنى ئوتلىتىۋاتاتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرغۇچىسى ئۈشتۈمتۈتلا: «جامائەت نامازغا ھازىر بولۇڭلار» دەپ چاقىردى. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەندىن ئىلگىرى قانداقلا بىر پەيغەمبەر ئۆتكەن بولسا، ئۆز ئۈممىتى ئۈچۈن ياخشى دەپ بىلگەن ئىشقا ئۇلارنى يېتەكلىگەن، يامان دەپ بىلگەن ئىشتىن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. سىلەردىن ئىبارەت بۇ ئۈممەتكە كەلسەك، ئۇلارنىڭ پىتنىدىن ساقلىنىپ قېلىش ئۇلارنىڭ ئالدىنقىلىرىدا بولىدۇ. بۇ ئۈممەتنىڭ كېيىن كېلىدىغانلارغا بولسا، نۇرغۇن بالا ـ قازا ۋە سىلەر ئوقمايدىغان نۇرغۇن يامان ئىشلار كېلىدۇ. شۇنداق بىر پىتنىلەر كېلىدۇكى، باشتا كەلگەن پىتنىلەر كېيىن كەلگەن پىتنىلەرنىڭ ئالدىدا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەي قالىدۇ، يەنە شۇنداق پىتنىلەر كېلىدۇكى، مۆمىن كىشى بۇ پىتنە مېنى ھالاك قىلىدۇ، دەپ تۇرغاندا ئۇ پىتنە كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ ۋە يەنە بىر خىل پىتنە كېلىپ مۆمىن كىشى مۇشۇ مېنىڭ ھالاكىتىم، مۇشۇ مېنىڭ ھالاكىتىم، دەپ قالىدۇ. قانداق بىر كىشى دوزاختىن قۇتۇلاي، جەننەتكە كىرەي دېسە، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئۇ اللە غا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشەنگەن ھالىتىدە تۇرغان ۋاقتىدا كەلسۇن ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى كۈتسە، ئۇ شۇلارغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلسۇن. كىمكى قانداق بىر باشلىققا بەيئەت قىلىپ قولىنى ۋە چىن ئىخلاسىنى ئۇنىڭغا بەرگەن بولسا، ئۇنىڭغا ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە بويسۇنسۇن. ئەگەر كېيىن باشقا بىر ئادەم كېلىپ ئۇ باشلىق بىلەن ھوقۇقنى تالاشسا، كېيىن كەلگەن ئۇ ئادەمنىڭ گەردىنىگە ئۇرۇڭلار» دېگەن، دېدى. ئاندىن مەن ئۇنىڭغا

يېقىن بېرىپ ئۇنىڭغا: مەن سەندىن الله تائالانىڭ نامى بىلەن سوراي، سەن بۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغانمىدىڭ؟ دېدىم. ئۇ قۇلاقلىرىنى ۋە دىلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: بۇلارنى مېنىڭ قۇلاقلىرىم ئاڭلىغان ۋە دىلىم ياد ئالغاندۇر، دېدى. (يەنى مەن بۇلارنى ئۆز قۇلاقلىرىم بىلەن ئاڭلىغان ئىدىم، دېمەكچىدۇر). مەن ئۇنىڭغا: الله تائالا: «ئى مۆمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئۆزەڭلارنى (يەنى بىر ـ بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر» دەۋاتسا، تاغاڭنىڭ ئوغلى بۇ مۇئاۋىيە بىزنى بىر ـ بىرىمىزنىڭ ماللىرىنى ناھەق يول بىلەن يېيىشكە ۋە بىر ـ بىرىمىزنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ، (بۇ ھالدا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىمىزمۇ ياكى قىلمايمىزمۇ) دېدىم. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس بىر دەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن: ياخشى ئىشلاردا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغىن، يامان ئىشلاردا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلمىغىن، دېدى.[1]

شۇنىڭدەك يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى جاھاندا پىتنىلەر يۈز بەرگەندە مۇسۇلمان جامائەتنىڭ سېپىنى تۇتۇشقا، مۇسۇلمان باشلىقنىڭ ئىتائەتىدىن چىقىپ كەتمەسلىككە ۋە مۇسۇلمان جامائەتىدىن ئايرىلىپ كەتمەسلىككە بۇيرۇيدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇئىدرىس ئەلخۇلانىي مۇنداق دەيدۇ: مەن ھۇزەيفەتۇل يەمانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ياخشىلىق ھەققىدە سۇئال سورايتتى. مەن بولسام يامان ئىش <پىتنە> ھەققىدە سۇئال سورايتتىم. چۈنكى مەن بۇ يامانلىقنىڭ ماڭا يۇقۇپ قېلىشىدىن قورقاتتىم. مەن: ئەي الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىز جاھىلىيەت ۋە پىتنە ئىچىدە ياشايتتۇق. الله بىزنى بۇ ياخشىلىققا (يەنى ئىسلام دىنىغا) مۇيەسسەر قىلدى. بۇ ياخشىلىقتىن كېيىن، يامانلىق بارمۇ؟ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بار» دېدى. مەن: ئۇ يامانلىقتىن كېيىن ياخشىلىق بارمۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بار، ئەمما بۇ ياخشىلىققا ئىس تۈتەك ئارىلاشقان» دېدى. مەن: بۇ ياخشىلىقنىڭ ئىس تۈتىكى دېگەن نېمە؟ دەپ سورىدۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار، مېنىڭ يولىمدىن باشقا

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

يولدا ماڭغان ۋە كىشىلەرنى مېنىڭ سۈننىتىم بويىچە يېتەكلىمەيدىغان ئادەملەردۇر. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ بەزىسىنى ئېتىراپ قىلىسەن، بەزىسىنى ئىنكار قىلىسەن» دېدى. مەن: بۇ ياخشىلىقتىن كېيىن يامانلىق بارمۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بار، بىر مۇنچە دەۋەتچىلەر بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرنى جەھەننەمگە چاقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا كىم ئەگەشسە، ئۇلار ئۇنى جەھەننەمگە تاشلايدۇ» دېدى. مەن: ئەي الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلارنى ماڭا سۈپەتلەپ بەرسەڭ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بولىدۇ، دەپ ئۇلار بىز ئەرەبلەردىن بولۇپ، بىزنىڭ تىلىمىزدا سۆزلەيدۇ» دېدى. مەن: ئەگەر مەن ئۇلارغا يولۇقۇپ قالسام، مېنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ چاغدا سەن مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىغا ۋە بىرلىكىگە (يەنى جامائىتىگە) ئەگەشكىن» دېدى. مەن: ئەگەر مۇسۇلمانلار بىرلىكى ۋە ئىمامى بولمىسچۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ چاغدا بارلىق گۇرۇھلاردىن ئايرىلىپ تۇرغىن. گەرچە سەن دەرەخ يىلتىزى يېگەن ھالدا (يەنى جاپا ـ مۇشەققەت تارتساڭمۇ) ئۆلۈپ كەتسەڭمۇ »[1] دېدى.

ئالىملار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ <بىر مۇنچە دەۋەتچىلەر بولۇپ، ئۇلار كىشىلەرنى جەھەننەمگە چاقىرىدۇ> دېگەن سۆزىدىن خەۋارىجىگە، قەرامىتىگە ۋە قۇرئاننى مەخلۇق دەيدىغان كىشىلەرگە[2] ئوخشاش ئازغۇنلۇققا چاقىرىدىغان باشلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېدى. بۇلارنىڭ ئىچىگە يەنە كۈنۈمىزدىكى دىن بىلەن سىياسەتنى ئايرىم تۇتۇشقا چاقىرىدىغان ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇنلار بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان باشلىقلار ۋە ئەمەلدارلارمۇ كىرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرلىك ۋە باراۋەرلىك ئىچىدە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك ئۇرۇقىنى چېچىپ ئۇلارنى بۇزماقچى بولغان ئادەمنى قانداق قىلىش لازىملىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «كېيىن پىتنىلەر ۋە دىن نامىدىن يېڭى ئىشلار (يەنى بىدئەتلەر) يۈز بېرىدۇ. كىم بىرلىك ئىچىدە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىنى بۇزماقچى بولسا، ئۇ كىم بولسا بولسۇن ئۇنىڭ گەردىنىگە قىلىچ بىلەن ئۇرۇڭلار.»[3]

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) قۇرئاننى مەخلۇق دەيدىغان ئەمەلدارلار مۇتەزىلىلەردۇر. ت.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# ئاشكارا كۆپۈرلۈق

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، باشلىقتا ياكى ئەمەلدارغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈش پەقەت بىرلا ھالەتتە توغرا بولىدۇ. ئۇ ھالەت بولسىمۇ ئۇلار كاپىرلىقنى ئاشكارا ئىلان قىلغان ۋە ئوچۇقلىغان ياكى ئۇچۇق ئاشكارا كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئىشنى قىلغان چاغدۇر. بۇ ھەقتە جۇنادە ئىبنى ئەبۇئۇمەييە مۇنداق دەيدۇ: بىز ئۇبادە ئىبنى سامىت (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) كېسەل بولۇپ يېتىۋاتقان ۋاقتىدا ئۇنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ كىرىپ ئۇنىڭغا: الله تائالا ساقا شىپالىق بەرسۇن! سەن بىزگە الله تائالا ئۇنىڭ بىلەن پايدا يەتكۈزىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان بىرەر ھەدىس سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ، دېدۇق. ئۇ ھەدىس سۆزلەشنى باشلاپ مۇنداق دېدى: بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيئەت بېرىشىمىز ئۇچۇن چاقىرتقان ئىكەن. الله تائالا بىزدىن ئالغان ۋەدىنىڭ بىرى بىزنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەيپىياتىمىز ياخشى ۋە يامان چاغدا، ئەھۋالىمىز ياخشى ۋە يامان چاغدا، ئۇنىڭغا قولاق سېلىش ۋە بويسۇنۇشقا، ئۇنى ئۆزلىرىمىزدىنمۇ چوڭ كۆرۈشكە ۋە بىر ئىشنى (يەنى باشلىقلىقنى) ئۇنىڭغا لاياقىتى بار كىشىدىن تالاشماسلىققا بەيئەت بېرىشىمىز بولدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سىلەر باشلىقلىققا لاياقىتى بار ئادەمدە كۆپۈرلىقغا الله تەرىپىدىن ئوچۇق پاكىت بار بىر ئىشنى كۆرگەن ۋاقتىڭلاردا، باشلىقلىقنى ئۇنىڭدىن تالاشساڭلار بولىدۇ[1]» دېدى.[2]

ئىمام نەۋەۋي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مەزكۇر ھەدىسنىڭ مەنىسى: سىلەر ئەمەلدارلاردىن ئەگەر ئۇلاردا دىندا خاتا ھېسابلىنىدىغان بىرەر ئىشنى كۆرمىسەڭلار، ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى تالاشماڭلار ۋە ئۇلارغا ئېتىراز بىلدۈرمەڭلار. ئەگەر سىلەر ئۇلاردا ئىسلام دىنىدا خاتا ھېسابلىنىدىغان بىرەر ئىشنى كۆرسەڭلار، ئۇلارنى تەنقىد قىلىڭلار ۋە قەيەردە بولساڭلار بولۇڭلار ھەق سۆزنى ئېيتىڭلار. ئەمما ئۇلار پاسىق ۋە زالىم بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلاردا ئازراق خاتالىق كۆرۈلۈپ بولغىچە، ئۇلارغا

(1) يەنى مۇسۇلمان باشلىقتا دىندا چوڭ خاتالىق ھېسابلىنىدىغان، كۇپۇرغا ئېلىپ بارىدىغان بىر ئىشنى كۆرۈپ قالمىغىچە بويسۇنۇش لازىم، ئەگەر ئۇنىڭدا كۇپۇرلۇققا ئېلىپ بارىدىغان خاتالىق ئېنىق كۆرۈلسە، ئۇنىڭغا بويسۇنمىسىمۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشلىقلىقنى تالاشسىمۇ بولىدۇ. ت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قارشى چىقىش ۋە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ھارامدۇر. بۇ بارلىق مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر.»

لېكىن ئۇلاردا ئەگەر ئاشكارا كاپىرلىقتا ياتىدىغان بىرەر ئىش كۆرۈلگەن ۋاقىتىدا، ئۇلارغا قارشى چىقىش ۋە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش لازىمدۇر. الله تائالا خالىسا بىز بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختۇلۇپ ئۆتىمىز.

## خەلىپىلەرنىڭ قۇرەيشلەردىن بولىدىغانلىقىنىڭ بايانى

بىز بۇ يەردە ھەققىدە ئالىملارنىڭ خىلمۇ - خىل قاراشلىرى بولغان بىر ماۋزۇنى بايان قىلىپ ئۆتىشنى توغرا كۆردۇق. ئۇ ماۋزۇ بولسا بەزى ھەدىسلەر كۆرسىتىپ كەلگەن خەلىپىلەرنىڭ ۋە ئەمەلدارلارنىڭ قۇرەيشلەردىن بولۇشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ماۋزۇدۇر.

زۆھرىي بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇئاۋىيە ئالدىغا كەلگەن قۇرەيش ئەلچىلىرى بىلەن بىللە تۇرىۋاتقان بىر ۋاقىتتا مۇئاۋىيەگە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنىڭ پات ئارىدا قەھتانلىقتىن بىر خەلىپە چىقىدۇ، دېگەن خەۋىرى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇئاۋىيە قاتتىق غەزەپلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ الله غا الله تائالانىڭ زاتىغا لايىق بىر رەۋىشتە سانا ئېيتتى. ئاندىن سۆزىنى باشلاپ مۇنداق دېدى: مەقسەتكە كەلسەك، ئاراڭلاردىكى (بەزى) ئادەملەرنىڭ الله نىڭ كىتابىدا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىمۇ بولمىغان سۆزلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئۇلار ئىچىڭلاردىكى بىلىمسىز ئادەملەردۇر. كىشىنى ئازدۇرىدىغان يالغان ياۋداق سۆزلەردىن ھەزەر ئەيلەڭلار. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «خەلىپە قۇرەيشتىن بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار دىننى بەرپا قىلسىلا كىمكى ئۇلارغا قارشى چىقىدىكەن، الله ئۇ كىشىنى يۈزى تۆۋەن ھالدا مەغلۇپ قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.[1]

ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خەلىپىلىك تاكى قۇرەيشلەردىن ئىككى ئادەم قالغانغا قەدەر قۇرەيشلەرنىڭ قولىدا

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بولىدۇ»(1)

ئىبنى بەتتال: «مۇئاۋىيەنىڭ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى بايان قىلغان ھەدىسكە ئىنكار قىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ئۇ ھەدىسنى ئاشكارا مەنىسىگە قاراتقانلىقىدۇر. ھەدىستىن: دۆلەتنىڭ بىرەر تەرىپىدە قەھتانلىق بىرسىنىڭ ئەمەلدار بولۇشى مۇمكىن، دېگەن مەنا كۆزدە تۇتۇلىشىمۇ ئېھتىمال. ئەگەر ھەدىستىن بۇ مەنا كۆزدە تۇتۇلسا، ھەدىس مۇئاۋىيە بايان قىلغان ھەدىسلەرگە زىت كەلمەيدۇ. مۇئاۋىيە بايان قىلغان ھەدىسلەردىكى ئىشتىن خىلاپەت ئىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ھەقتە مۇھەللەب شۇنداق دېگەن. مۇھەللەبنىڭ بىر ئادەمنىڭ خەلىپە سۈپۈتىدە ئەمەس پادىشاھ سۈپۈتىدە كىشىلەرنىڭ بېشىغا كېلىشى مۇمكىن، دېگەنلىكى نەقلە قىلىنغان. مۇئاۋىيەنىڭ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى بايان قىلغان ھەدىسكە ئىنكار قىلىشى بىرەر كىشىنىڭ قۇرەيشلەردىن باشقا ئادەمنىڭمۇ خەلىپە بولۇشى توغرا، دەپ گۇمان قىلىپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. مۇئاۋىيە بۇ ھەقتە كىشىلەرگە يۇقىرىدىكى سۆزنى قىلغان ۋاقىتدا، كىشىلەرنىڭ قارىشىدىمۇ خەلىپىنىڭ قۇرەيشلەردىن بولىدىغانلىقى بىلىنگەن. چۈنكى مۇئاۋىيە مەزكۇر سۆزنى قىلغان ۋاقىتدا، ئۇنىڭغا قارشى سۆز قىلىدىغان بىرەر ئادەممۇ چىقمىغان» دەيدۇ. مەن (يەنى ئىبنى ھەجەر ئۆزىنى دېمەكچىدۇر) بۇ ھەقتە مۇنداق دەيمەن: «مۇئاۋىيەنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئادەملەرنىڭ بىرەرسىنىڭ ئۇنىڭ سۆزىگە قارشى چىقمىغانلىقتىن مۇئاۋىيەنىڭ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى بايان قىلغان ھەدىسكە ئىنكار قىلىشىنىڭ توغرا بولغانلىقى چىقمايدۇ. چۈنكى ئىبنى تىن (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): مۇئاۋىيە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى بايان قىلغان ھەدىسكە ئىنكار قىلىپ ئۆزى بايان قىلغان ھەدىستە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىنىڭ سۆزىنى كۈچلەندۈرىدىغان پاكىت بار. ئۇ پاكىت بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <ئۇلار دىننى بەرپا قىلسىلا> دېگەن سۆزىدۇر. قۇرەيشلەردىن بولغان خەلىپە دىننى بەرپا قىلالماسلىقى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ئۇنىڭغا قەھتانلىق بىرسىنى ئەمەلدار قىلىپ قويۇشى مۇمكىن، دېگەن.»(2)

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) «فەتھۇلبارى»، 13 ـ توم، 115 ـ بەت.

# توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان خەلىپىلىك

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان خەلىپىلىك خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەندىن كېيىن خەلىپىلىك 30 يىل بولىدۇ، ئاندىن ئۇ پادىشاھلىققا ئايلىنىدۇ»[1] دېگەن سۆزى بىلەن خەۋەر بەرگىنىدەك 30 يىل داۋام قىلدى. توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان خەلىپىلىك مۇددىتىنىڭ ئىچىگە تۆت خەلىپىنىڭ زامانى ۋە مۇئاۋىيەگە خەلىپىلىكتىن چۈشۈپ بەرگەن ھەسەن (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ خەلىپىلىككە ئولتۇرغان كۈنلىرى كىرىدۇ. ھەسەن (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇئاۋىيەگە خەلىپىلىكتىن چۈشۈپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن اللہ تائالا مۇسۇلمان ئىككى پىرقىنىڭ ئارىسىنى تۈزدى. بۇھەقتە ئەبۇبەكرە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە تەشۋىق قىلىۋاتاتتى، ھەسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ بۇ بالام خوجىدۇر. اللہ تائالا بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن مۇسۇلمان ئىككى پىرقىنىڭ ئارىسىنى تۈزۈشى مۇمكىن» دېگەن.

ئىبنى بەتتال (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ھەسەن (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) خەلىپىلىكنى مۇئاۋىيەگە تاپشۇرۇپ بەردى ۋە مۇئاۋىيەنىڭ اللہ تائالانىڭ كىتابىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى تۇرغۇزۇش شەرتى بىلەن ئۇنىڭغا بەيئەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن مۇئاۋىيە كۇپىغا كىردى ۋە كىشىلەر ئۇنىڭغا بەيئەت بەردى. ئۇ يىلى ئۇرۇش توختاپ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بىرىيەرگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ يىل <بىرلىشىش يىلى> دەپ ئاتالدى. ئىبنى ئۆمەر، سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس ۋە مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىمە قاتارلىقلاردەك ئۇرۇش بولىۋاتقانلىقى ئۈچۈن (كىشىلەردىن) ئايرىلىپ تۇرغان كىشىلەرمۇ كېلىپ مۇئاۋىيەگە بەيئەت بەردى.»[2]

(1) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي، نەسائىي، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى. ئىبنى ھەببان ۋە باشقىلار بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(2) «فەتھۇلبارى»، 13 ـ توم، 63 ـ بەت.

# جىھادنىڭ بايانى

## جىھاد دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى

<جىھاد> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن قىينالماق ۋە مۇشەققەت تارتماق، دېگەنلىك بولىدۇ.

<جىھاد> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قول، مال ـ مۈلۈك ۋە تىل بىلەن كۆرەش قىلىش، دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە نەپسى، شەيتان ۋە پاسىقلار بىلەن قىلىنغان كۆرەشمۇ <جىھاد> دەپ ئاتىلىدۇ. اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: «بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز، اللّٰه ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر[1]»

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر اللّٰه تائالانىڭ دىنىغا قىلىنغان دەۋەتنىمۇ جىھادنىڭ ئۇقۇمىغا قېتىپ مۇنداق دېدى: «جىھاد ئىستىلاھ جەھەتتىن ھەق دىنغا چاقىرىش ۋە ئۇنى قوبۇل قىلمىغان ئادەملەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش، دېگەنلىك بولىدۇ.»[2]

## <تەييارلىنىش> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى

جىھادنىڭ ئاساسلىرىنىڭ بىرى تەييارلىنىشتۇر. تەييارلىنىش بولسا دۈشمەنلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە بېسىپ كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن دۈشمەنلەر كىلىدىغان تەرەپتىكى چېگرادا، چېگرانى ساقلاپ تۇرۇش دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ تەييارلىنىش تۆۋەندىكى ئايەتتە كەلگەن <جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار> دېگەن سۆزدىن مەقسەت قىلىنىدۇ. اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن اللّٰه نىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقىتىسىلەر، ئۇلارنى سىلەر تونۇمايسىلەر، اللّٰه تونۇيدۇ، سىلەرنىڭ اللّٰه يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن،

(1) سۈرە ئەنكەبۇت 69 ـ ئايەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 217 ـ بەت.

سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ)[1] » يەنى مۇسۇلمان دۆشمىنىنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئېتىنى تەييارلاپ چېگرادا تۇرىدۇ. قارشى تەرەپتە دۈشمەنمۇ شۇنداق قىلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مەيلى شەھەرنىڭ ئىچىدە تۇرسۇن، مەيلى چېگراغا يېقىن بىر يەردە تۇرسۇن، قانداقلا بىر يەردە تۇرۇشتىن قەتئىي نەزەر زامانىمىزدىكى ئىلغار قۇراللار ۋە دۈشمەنلەرنى كۆزۈتىدىغان سايمانلار بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە بېسىپ كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن تەييار تۇرۇش دۈشمەن كېلىدىغان تەرەپتىكى چېگرادا، چېگرانى ساقلاپ تۇرۇش دېگەن مەنانىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

## جىھادنىڭ ۋە چېگرانى ساقلاپ تۇرۇشنىڭ پەزىلىتى

جىھاد پەزىلىتى ناھايىتى كاتتا بىر ئىبادەتتۇر. ئۇنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن الله تائالانىڭ بۇ ئايىتى يېتەرلىكتۇر: « شۈبھىسىزكى، الله مۆمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار الله نىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (الله نىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە الله دىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى الله دىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر[2] »

الله تائالا چېگرانى ساقلاپ تۇرۇشنىڭ ھەققىدە مۇنداق دېدى: « ئى مۆمىنلەر! تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىدامىلىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن الله دىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)[3] »

(1) سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەت.

(2) سۈرە تەۋبە 111 ـ ئايەت.

(3) سۈرە ئالى ئىمران 200 ـ ئايەت.

ئەگەر بىر مۇسۇلمان جىھادقا تەييارلىق قىلىپ چىگرانى ساقلاپ تۇرغان ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتسە، الله تائالا ئۇنىڭغا تاكى قىيامەت كۈنىگە قەدەر چىگرانى ساقلاپ تۇرغانلىقىنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر قانداق كىشى ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئەمەلىگە بېرىلىدىغان ئەجىر توختىتىپ قويۇلىدۇ. ئەمما الله نىڭ يولىدا جىھادقا تەييارلىق قىلغان كىشىنىڭ ئەمەلى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئەجىر بېرىلىپ تۇرۇلىدۇ ۋە ئۇ كىشى قەبرە ئازابىدىن خاتىرجەم بولىدۇ.» يەنى يەرلىكىدە قويۇلغاندىن كېيىن پەرىشتىلەر كىرىپ سورايدىغان سوئاللاردىن خاتىرجەم بولىدۇ. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسى كۈچلەندۈرىدۇ: «الله نىڭ يولىدا بىر كېچە ـ كۈندۈز جىھادقا ھازىرلىنىپ تۇرۇش، بىر ئاي روزا تۇتقان ۋە كېچىسى ناماز ئوقۇغاندىن ياخشىدۇر. ئەگەر ئۇ كىشى شۇ جەرياندا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا قىلىۋاتقان شۇ ئىشىنىڭ ساۋابى بېرىلىپ تۇرىدۇ، رىزقى كېلىپ تۇرىدۇ، قەبرە ئازابىدىن خاتىرجەم بولىدۇ.»[1] بۇ ھەدىس تەبرانىينىڭ رىۋايىتىدە: «ئۇ قىيامەت كۈنى (قەبرىدىن) شەھىد سۈپىتىدە تۇرغۇزۇلىدۇ» دېگەن سۆز قوشۇپ رىۋايەت قىلىندى.

تەبرانىي يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى جىھادقا تەييارلىق قىلىپ چىگرانى ساقلاپ تۇرغان ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ چوڭ قورقۇنچتىن (يەنى قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن) خاتىرجەم بولىدۇ.» بۇ ھەقتە ئىبنى ماجە ئەبۇھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا قىيامەت كۈنى ئۇنى قورقۇنچتىن (يەنى قىيامەتنىڭ دەھشىتىدىن) خاتىرجەم قىلغان ھالدا (قەبرىدىن) تۇرغۇزىدۇ.»

بۇ ھەقتە يەنە ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله ئاتالا ئۆزىنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىققان كىشى ئۈچۈن كېپىلدۇر. ئۇ كىشىنى جىھادقا پەقەت الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىش ئىددىيەسى، خالىس ئىمان ۋە پەيغەمبەرلەرگە بولغان ئىشەنجىسىلا ئېلىپ چىققاندۇر. الله تائالا ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزۈشكە ياكى ئېرىشكەن ئەجرى، ياكى ئولجىسى بىلەن ئۆيىگە

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قايتۇرۇشقا كېپىلدۇر. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، الله نىڭ يولىدا جاراھەتلەنگەن ئورۇن قىيامەت كۈنى جاراھەتلەنگەن شۇ ھالىتىدە كېلىدۇ. رەڭگى قاننىڭ رەڭگىدە، پۇرىقى ئىپارنىڭ پۇرىقىدا بولىدۇ. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر جىھادقا چىقالمىغان مۇسۇلمانلارغا قىيىن بولۇپ قالمايدىغان بولسا، الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا ماڭغان قوشۇندىن ھەرگىزمۇ ئايرىلىپ قالمايتتىم. مەن ئۇلارنى جىھادقا چىقىشقا تەييارلىيالمايمەن، ياكى ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى تەييارلىيالمايدۇ. مەن جىھادقا چىقىپ كەتسەم ئۇلارغا مەندىن ئايرىلىش قىيىن كېلىدۇ (شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى دەپ بەزى جىھادلاردىن ئايرىلىپ قالىمەن)، مۇھەممەدنىڭ جېنى ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھەقىقەتەن الله نىڭ يولىدا غازات قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشنى، يەنە غازات قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشنى ۋە يەنە غازات قىلىپ ئۆلتۈرۈلۈشنى ياخشى كۆرىمەن.»[1]

ئەنەس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله نىڭ يولىدا ئەتىگىنى ياكى ئاخشىمى بىر قېتىم جىھادقا مېڭىش، دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى نەرسىلەردىن ياخشىدۇر.»[2])

## جىھادنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى

جىھاد قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە كىشىلەرنى الله تائالانىڭ دىنىغا چاقىرىشنى باشلىغان ۋاقتىدا يولغا قويۇلمىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ چاغلاردا پەقەت كىشىلەرگە دىننى يەتكۈزۈشكە ۋە مۇشرىكلەردىن كەلگەن ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: « ساڭا بۇيرۇلغاننى (يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلار (نىڭ مەسخىرەلىرىگە) پەرۋا قىلمىغىن[3]» «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا)

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) سۈرە ھىجر 94 ـ ئايەت.

ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ[1] »

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرگە ھىجرەت قىلىپ، مەدىنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلار ئۈچۈن بىر تۇرالغۇ جايغا، دەۋەت ئۈچۈن ئاتلىنىش يېرىگە ۋە ئۇلارنىڭ يەرلەشكەن بىر ئورۇنغا ئايلانغاندىن كېيىن كاپىرلار بىلەن جىھاد قىلىش يولغا قويۇلدى. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ساھابىلارنى مەدىنىدە يەرلەشتۈرگەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: « ياد ئېتىڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر (مەككە) زېمىنىدا ئاز سانلىق بولۇپ، بوزەك قىلىنغان ئىدىڭلار، كىشىلەر (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىدىن قورقاتتىڭلار، شۈكۈر قىلىشىڭلار ئۈچۈن الله سىلەرنى (مەدىنىدە) يەرلەشتۈردى، (بەدرى ئۇرۇشىدا) ئۆز ياردىمى بىلەن سىلەرنى كۈچلەندۈردى. سىلەرگە ھالال نەرسىلەر (يەنى غەنىمەتلەر) نى رىزىق قىلىپ بەردى[2] » يەنى الله تائالا سىلەرنى مەدىنە مۇنەۋۋەردە يەرلەشتۈردى ۋە مەدىنىنى سىلەر ئۈچۈن جىھادقا ئاتلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئاتلىنىش ئۈچۈن توپلىنىدىغان بىر مەركەز قىلدى. مانا بۇ الله يولىدا جىھاد قىلىدىغان مۇجاھىدلارغا، ئۇلار خالىسا ئېچىگە قايتىپ كىرىپ ئۆزلىرىنى قوغدايدىغان، خالىسا شۇ يەردىن دۈشمەنگە ئاتلىنىپ ھۇجۇم قىلىدىغان بىر ئورۇننىڭ بولۇشىنىڭ ناھايىتى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلار مەدىنە مۇنەۋۋەرگە بېرىپ ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە كاپىرلارنىڭ تاجاۋۇزىنى توسۇش ۋە دۈشمەنلىكىنى قايتۇرۇش ئۈچۈنلا ئورۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىپ مۇنداق دېدى: « ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، الله ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر. (ئۇلار) پەقەت پەرۋەردىگارىمىز الله دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى، ئەگەر الله ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا،

[1] سۈرە نەھل 125 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنفال 26 ـ ئايەت.

راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە اللەنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسجىدلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، كىمكى اللەنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە الله ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، الله ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر[1] »

كېيىن الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئەگەر دىن دۈشمەنلىرى بولغان كاپىرلار ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئاچسا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇپ بۇ ئايىتىنى چۈشۈردى: « سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ[2] »

كېيىن الله تائالا مۇسۇلمانلارنى، كاپىرلار مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن ئازدۇرالايدىغان ۋە دىنىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئەركىن ئازادە قىلىشقا توسالغۇ بولالايدىغان كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان مۇددەت ئىچىدە كاپىرلار بىلەن بولغان ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا بۇيرۇپ بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: « تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە الله نىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا، زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ[3] » يەنى سىلەر كاپىرلار بىلەن تاكى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن ئازدۇرۇشقا كۈچ ـ قۇۋۋىتى قالمىغانغا، ئۇلار يەككە ـ يىگانە بىر الله نىڭ دىنىغا ۋە ئۇنىڭ شەرىئەتىنىڭ ھۆكۈملىرىگە تەسلىم بولغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلىڭلار. ئۇلارنىڭ تەسلىم بولۇشى ياكى ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشى بىلەن ياكى ئىسلامنىڭ (ئىمان ئېيتمىسىمۇ مۇسۇلمانلار بىلەن تىنچ ھالدا ياشاشقا كېلىشكەن كاپىرلار ئۈستىدىكى) ھۆكۈملىرىگە ۋە ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ قورساقلىقى ۋە ئادىللىقى ئاستىدا (مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلماي ئۇلارغا بويسۇنۇپ) ئۇلار بىلەن بىللە ياشاشقا رازى بولۇشى بىلەن بولىدۇ. چۈنكى ئەسلىدە جىھاد كاپىرلارنى مەجبۇرلىغان ھالدا ئىسلامغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن يولغا قويۇلمىغاندۇر.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەتتىكى الله تائالانىڭ: « تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە الله نىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار »

(1) سۈرە ھەج 39 ـــ 40 ـ ئايەتلەر.

(2) سۈرە بەقەر 190 ـ ئايەت.

(3) سۈرە بەقەر 193 ـ ئايەت.

دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: تاكى اﷲ نىڭ دىنىنىڭ پۈتۈن دىنلاردىن ئۈستۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، دېگەنلىك بولىشىمۇ مۇمكىن.

لېكىن ئىبنى ئۆمەر (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مەزكۇر ئايەتنىڭ مەنىسىنى «اﷲ نىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر» دېگەن مەناغا قاراتتى. ئوسمان ئىبنى ئەففان (سۇيقەست بىلەن) شەھىد قىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ساھابىلارنىڭ ئىچىدە پىتنە يۈز بېرىپ ئۇلار ئۆز ـ ئارا ئۇرۇشۇشقا باشلىدى. ئىبنى ئۆمەر (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇ ئۇرۇشقا قاتناشماي سىرتقا چىقىۋالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم ئىبنى ئۆمەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن: ئى ئابدۇرراھماننىڭ دادىسى! (يەنى بۇنىڭدىن ئىبنى ئۆمەرنى مەقسەت قىلىدۇ) سېنىڭ بىر يىل ھەج يەنە بىر يىل ئۆمرە قىلىشىڭنىڭ ۋە اﷲ تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ جىھاد قىلماسلىقىڭنىڭ سەۋەبى نىمە؟ دېدى. ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭغا: ئى دىنىي قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! ئىسلام دىنى بەش نەرسىنىڭ ئۈستىگە قورۇلغان، (ئۇ بولسىمۇ) اﷲ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش، رامىزان ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇش، زاكاتنى ئادا قىلىش ۋە ھەج قىلىش، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: ئى ئىبنى ئۆمەر! سەن اﷲ تائالا ئۆزىنىڭ كىتابىدا كەلتۈرگەن: «تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە اﷲ نىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەرئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار» دېگەن بۇ ئايىتىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ دېدى. ئىبنى ئۆمەر: بىز ئۇرۇشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ كۈچى ئاجىز، بىر كىشى ئۆزىنىڭ دىنى سەۋەبىدىن ئۆلتۈرۈلىدىغان ياكى قاتتىق ئازابلىنىدىغان مەزگىللەردە ئىسلام دىنى كۈچىيىپ شېرىك ئەقىدە تۈگىگىچە قىلغان ئىدۇق، دەپ جاۋاب بەردى.[1]

جىھادنىڭ ھەتتا تولۇق بىر ھالەتتە يولغا قويۇلۇشى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ جىھادقا ئاتلىنىدىغان بىر مەركىزى ۋە ئۇلارنى جىھادتا يېتەكچىلىك قىلىدىغان قوماندانى بولۇشى ناھايىتى زۆرۈردۇر.

كىشىلەرگە جىھادتا قوماندانلىق قىلىدىغان بىرەرسىنىڭ بولۇشىنىڭ ناھايىتى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى ھەققىدە ئۇلارنىڭ جىھاد

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

قىلماقچى بولغان ۋاقتىدىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىپ كەلگەن قۇرئاندىكى بۇ قىسسە كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «ساڭا مۇسا (ۋاپاتى) دىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بىر جامائەنىڭ خەۋىرى يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە: «بىزگە پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن، (ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەرگە قارشى) الله نىڭ يولىدا جىهاد قىلايلى» دېيىشتى. پەيغەمبەر: «سىلەرگە جىهاد پەرز قىلىنسا جىهاد قىلماي قالارسىلەرمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق قانداقمۇ الله نىڭ يولىدا جىهاد قىلمايلى؟» دېدى. ئۇلارغا جىهاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسى جىهادتىن باش تارتتى. الله زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر[1]»

# ئىسلام ۋە تىنچلىق

ئىسلام تىنچلىق دىنىدۇر. جىهاد بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززىتىنى قوغداش ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى يېيىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بىر ۋاستىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا مۇسۇلمانلارنى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا قۇرال كۈچى تەييارلاشقا بۇيرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇرۇش قىلماي تىنچ ياشاش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، الله غا تەۋەككۈل قىلغىن الله (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر[2]» يەنى ئەگەر كاپىرلار تىنچلىققا ۋە كېلىشىشكە مايىل بولسا، سەنمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولغىن، الله تائالاغا تەۋەككۈل قىلغىن، ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىدىن ئەندىشە قىلمىغىن. چۈنكى الله تائالا ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىگە قارشى ساڭا يېتەرلىكتۇر ۋە سېنى ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىدىن ساقلايدۇ. ھەممە ئىشتا ۋە ھەممە ئاھۋال ئاستىدا مۇسۇلماننىڭ ھالىنىڭ شۇنداق بولۇشى لازىم. بىر ئىش ئۈچۈن كېرەكلىك پۈتۈن ماددىي سەۋەبلەرنى تەييارلايدۇ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە الله تائالاغا تايىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلىدۇ، ئۇنىڭ دىلى ۋە جېنى الله

(1) سۈرە بەقەر 246 ـ ئايەت.

(2) سۈرە ئەنفال 61 ـ ئايەت.

تائالاغا باغلىق ھالدا بولىدۇ. چۈنكى «الله (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىلغان الله تائالانىڭ: «ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن» دېگەن سۆزى مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقلىرى، ئەگەر كاپىرلار بىلەن تىنچلىق ئۈچۈن تۈزۈشىدىغان كېلىشىم مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بولىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ كاپىرلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام قۇرتۇبىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر كاپىرلار بىلەن تىنچلىق ئۈچۈن تۈزۈشىدىغان كېلىشىم مۇسۇلمانلارغا بىرەر پايدا ئېلىپ كەلگەنگە، ياكى ئۇلاردىن بىرەر زىياننى توسۇپ قالغانغا ئوخشاش مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر مۇسۇلمانلار كېلىشىم تۈزۈشكە ئېھتىياجلىق بولسا كېلىشىم تۈزۈشنى ئۇلار بالدۇر تەلەپ قىلسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش كاپىرلىرى بىلەن <ھۇدەيبىيە كېلىشىمى> دەپ ئاتىلىدىغان كېلىشىمنى تۈزگەن، بۇ كېلىشىمدە ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ پايدا بار ئىدى. ھەتتا الله تائالا بۇ كېلىشىمنى ئۆزىنىڭ: «اللەنىڭ سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈشى ئۈچۈن، ساڭا بەرگەن نېمىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ئۈچۈن، سېنى توغرا يولغا باشلىشى ئۈچۈن، ساڭا كۈچلۈك ياردەم بېرىشى ئۈچۈن، ساڭا بىز ھەقىقەتەن روشەن غەلىبە ئاتا قىلدۇق[1]» دېگەن ئايىتىدە <روشەن غەلىبە> دەپ ئاتىدى. ئۇنداق ئىكەن تىنچلىق ئۈچۈن كېلىشىم تۈزۈش ياكى ئۇرۇش قىلىش باشلىقنىڭ قارىشىغا باغلىق بىر ئىشتۇر. داۋاملىق ھالدا كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشىۋېرىشمۇ لازىم ئەمەس. شۇنداقلا يەنە داۋاملىق تۇردە ئۇلار بىلەن كېلىشىم ئىچىدە ياشاشمۇ كېرەك ئەمەس.»

## جىھادنىڭ ھۆكمى

جىھادنىڭ ھۆكمى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن: مۇسۇلمانلار دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىمىغان نورمال چاغلاردا جىھاد قىلىش بىر قىسىم ئادەملەر قىلسا باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كېتىدىغان

(1) سۈرە فەتھى 1 ـــ 3 ـ ئايەتكىچە.

پەرزدۇر. (يەنى پەرز كۇپايىدۇر). بۇ ھالدا مەسىلەن: پەقەت مۇنتىزىم ئەسكەرلەر جىھاد قىلسا ۋە باشقا مۇسۇلمانلار جىھاد قىلمىسىمۇ بولىدۇ. باشقىلاردىن جىھاد قىلىش بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىش مەسئۇلىيىتى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. مۇنتىزىم ئەسكەرلەرنىڭ جىھادقا چىقىشى بىلەن باشقىلارغا ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقمىغانلىق سەۋەبى بىلەن گۇناھ بولمايدۇ. ئەگەر بۇ ھالدا بىر قىسىم ئادەملەرمۇ جىھادقا چىقمىسا، بارلىق مۇسۇلمانلار گۇناھكار بولىدۇ.

مۇسۇلمان ئەمەلدارلىرىنىڭ دۈشمەنلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇشى ۋە دۈشمەن تەرىپىدىكى چېگرالارنى، ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى توسۇشقا قادىر ۋە يېتەرلىك كېلىدىغان بىر قىسىم ئەسكەرلەردىن خالىي قويماسلىقى لازىم. ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى توسۇشقا قادىر ۋە يېتەرلىك كېلىدىغان بىر قىسىم ئەسكەرلەر دۈشمەن تەرىپىدىكى چېگرالاردا تۇرسا، قالغان ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ۋە ئۇلارغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تولۇقلاپ بېرىشكە تۇتۇش قىلىشى لازىم. بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دېدى: «مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ اللہ دىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟[1]»

ئەگەر دۈشمەننى توسۇش ئۈچۈن چېگرادا تۇرغان مۇنتىزىم ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇشتىن ئاجىز كەلسە، بۇ ۋاقىتتا جىھاد قىلىش ئۇ چېگراغا ئەڭ يېقىن يەردىكى مۇسۇلمانلارغا پەرز بولىدۇ. چۈنكى اللہ تائالا مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئۆزەڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (يەنى سىلەرگە خەتەر بولماسلىق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كۇففارلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار)، سىلەرنى ئۇلار قاتتىق ھېس قىلسۇن (يەنى ئۇرۇش ئۇستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇڭلار، ئۇلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمىسۇن)، بىلىڭلاركى، اللہ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى اللہ تەقۋادارلارغا مەدەتكاردۇر)[2]»

ئەگەر دۈشمەنلەرنى توختۇتۇش ئۈچۈن ئۇلارمۇ يېتەرلىك بولمىسا، بۇ

(1) سۈرە تەۋبە 122 ـ ئايەت.

(2) سۈرە تەۋبە 123 ـ ئايەت.

ۋاقىتىدا جىھاد قىلىش ھەممە كىشىلەرگە پەرز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان باشلىقنىڭ جىھاد قىلالايدىغان ھەر بىر ئادەمنى جىھاد قىلىشقا چاقىرىشى لازىم. كاپىرلار مۇسۇلمان يۇرتىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن كىرىش ئالدىدا تۇرغان مۇشۇنداق پەيتتە جىھاد قىلىش خۇددى ناماز ۋە روزا ئىبادەتلىرىگە ئوخشاش پەرز ئەينىگە ئايلىنىدۇ. يەنى جىھاد مەيلى ئەر بولسۇن مەيلى ئايال بولسۇن ھەر بىر ئادەمگە پەرز بولىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «(ئى مۆمىنلەر جامائەسى!) سىلەر يېنىك بولغان ياكى ئېغىر بولغان ھالەتتە (يەنى مەيلى ياش ـ قېرى، پىيادە، ئۇلاغلىق بولۇڭلار، ئوڭۇشلۇق ۋە قىيىن شارائىتتا بولۇڭلار، ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز بولۇڭلار، ھەممە ئەھۋالدا) جىھادقا چىقىڭلار، الله نىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلىڭلار، ئەگەر بىلسەڭلار مۇنداق قىلىش سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر[1]» يەنى سىلەر مەيلى پىيادە، ئۇلاغلىق، ياش ـ قېرى، كۈچلۈك، ئاجىز بولۇڭلار، ھەممە ئاھۋال ئاستىدا جىھادقا چىقىڭلار ۋە مەيلى جان بولسۇن مەيلى مال بولسۇن الله تائالانىڭ يولىدا بېرىڭلار.

جىھاد قىلىش بىر قىسىم ئادەملەر قىلسا، باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ كېتىدىغان پەرز (يەنى پەرز كۇپايە) ھالىتىدە بولسا، ئاتا ـ ئانىسى جىھادقا چىقىشنى چەكلىگەن، بالاغەتكە يېتىش ئالدىدا تۇرغان ياكى بالاغەتكە يەتكەن كىچىك بالىلار جىھادقا چىقىشقا بۇيرۇلمايدۇ. چۈنكى بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىغا بويسۇنىشى پەرز ئەينىدۇر ۋە ئۇلارغا جىھاد قىلىش پەرز ئەين ئەمەس. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا پەرز ئەينىگە ئەمەل قىلىش ياخشىدۇر. جىھاد قىلىش پەرز ئەين بولمىغان چاغدا بىر بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي جىھادقا چىقىپ كېتىشى مەكرۇھتۇر. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: بىر كىشى جىھاد قىلىشقا رۇخسەت سوراپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭ ھاياتمۇ؟» دېدى. ئۇ كىشى: ھەئە، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئىككىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئارقىلىق جىھاد قىلغىن» دېدى.[2]

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ:

(1) سۈرە تەۋبە 41 ـ ئايەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

«ھەدىستە بايان قىلىنغىنىغا قارىغاندا ئاتا ـ ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش جىھاد قىلىشتىن ياخشىدۇر. ئىمام مۇسلىم ۋە سەئىد ئىبنى مەنسۇر بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر قىسسىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ قىسسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىسسىنىڭ ئىگىسىگە: «سەن ئاتا ـ ئاناڭنىڭ يېنىغا قايتقىن، ئۇلارغا ياخشى ھەمراھ بولغىن» دەيدۇ. ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ھەببان بۇ قىسسىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرىدىن بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلىدۇ: «سەن قايتىپ بېرىپ ئاتا ـ ئاناڭنى خۇددى ئۇلارنى يىغلاتقىنىڭدەك كۈلدۈرگىن.» ئەبۇداۋۇد بۇ قىسسىنى ئەبۇسەئىددىن تېخىمۇ ئوچۇق بىر شەكىلدە رىۋايەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سەن قايتىپ بېرىپ ئاتا ـ ئاناڭدىن رۇخسەت سورىغىن، ئەگەر ئۇلار ساڭا رۇخسەت بەرسە، جىھادقا چىققىن. ئەگەر ئۇلار ساڭا رۇخسەت بەرمىسە، سەن ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغىن.»[1] كۆپ ساندىكى ئالىملار: ئەگەر جىھاد قىلىش پەرز كۇپايە ھالىتىدە بولسا، ئەگەر بىر ئادەمنى مۇسۇلمان ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئۇلارنىڭ بىرى جىھادقا چىقىشتىن توسقان ۋاقىتدا، ئۇنىڭ جىھادقا چىقىشى ھارامدۇر. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشى پەرز ئەيندۇر. جىھاد بولسا پەرز كۇپايىدۇر. ئەگەر جىھاد قىلىش پەرز ئەينگە ئايلانغان ۋاقىتدا، جىھادقا چىقىش ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىدىن رۇخسەت ئېلىش لازىم ئەمەس، دەيدۇ.»[2]

جىھاد قىلىش پەرز كۇپايە ھالىتىدە بولغان ۋاقىتدا، ئايال كىشى ئەگەر ئېرىنىڭ رۇخسىتى بولمىسا جىھادقا چىقىشقا بۇيرۇلمايدۇ. ئەگەر ئايال كىشىگە جىھادقا چىقىشقا ئېرى رۇخسەت بەرسە، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا جىھاد قىلىش پەرز كۇپايە بولىدۇ. شۇنىڭدەك قۇل ئادەممۇ ئۇنىڭ ئۈستىدە خوجايىنىنىڭ ھەققى بولغانلىقى ئۈچۈن جىھادقا چىقىشقا بۇيرۇلمايدۇ. جىھاد قىلىش يەنە كورلارغا، ئولتۇرۇپ قالغانلارغا، پۇت ـ قوللىرى كېسىك ئادەملەرگە ۋە توكۇر كىشىلەرگە پەرز ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ئاجىز كىشىلەردۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەرگە جىھاد قىلىشنىڭ پەرز ئەمەسلىكى ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دېدى: «(جىھادقا

(1) جىھاد ئىككى تۈرلۈك بولۇپ بىرىنچىسى؛ مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنىدىن بىر غېرىچ يەرنى باشقىلار بېسىۋالغاندا، جىھاد پەرز ئەين بولىدۇ. بۇ چاغدا ھەر قانداق شارائىت ئاستىدا جىھادقا چىقىش پەرزئەيندۇر. ئىككىنچىسى؛ مۇسۇلمانلار باشقا ئەللەرگە دىن تارقىتىش ئۈچۈن قىلىدىغان جىھاد بولۇپ بۇ پەرز كۇپايىدۇر. بۇ چاغدا ياشانغان ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىسمۇ جىھاد قىلغانىنىڭ ساۋابى يېزىلىدۇ. ت.

(2) «فەتھۇلبارى»، 6 ـ توم، 140 ـ بەت.

چىقمىسا ) ئەماغا گۇناھ بولمايدۇ، توكۇرغىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، كېسەلگىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، كىمكى اللەغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇنى الله ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، كىمكى (ئۆزرىسىز جىھادتىن) باش تارتىدىكەن، الله ئۇنى (دۇنيادا خورلۇق بىلەن، ئاخىرەتتە ئوت بىلەن) قاتتىق ئازابلايدۇ[1] »« مۆمىنلەردىن ئۆزرىسىز (ئەما، توكۇر، كېسەلگە ئوخشاش ئۆزرىسى بارلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا ) جىھادقا چىقمىغانلار، الله يولىدا ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلار بىلەن باراۋەر بولمايدۇ. الله ماللىرىنى، جانلىرىنى تىكىپ جىھاد قىلغۇچىلارنى جىھادقا چىقمىغانلاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قىلدى. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر (يەنى ئۆزرىسى بولۇپ جىھادقا چىقالمىغانلار ۋە جىھادقا چىققۇچىلار) نىڭ ھەممىسىگە الله جەننەتنى ۋەدە قىلدى. الله جىھاد قىلغۇچىلارغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىپ، ئۇلارنى (ئۆزرىسىز تۇرۇپ جىھادقا چىقمىغانلاردىن ئارتۇق) قىلدى[2] » كېسەل ۋە ياشنىپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن جىھادقا چىقالمىغان ئۆزرىلىك كىشىلەرنىڭ ھۆكمى مۇجاھىدلەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. چۈنكى ئۇلارنىڭ جىھادقا چىقالماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا ئۇلارنىڭ ئۆزرىلىرىدۇر. بۇ ھەقتە جابىر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر غازاتتا بىللە ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى، « مەدىنىدە كېسەل سەۋەبىدىن قېلىپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەر بار، ئۇلار سىلەر قەيەرگە ماڭساڭلار، ھەر قانداق جىلغىلارنى كېسىپ ئۆتسەڭلار، سىلەر بىلەن بىللە بولغاندەك ھېسابلىنىدۇ. »

شۇنىڭدەك يەنە جىھاد قىلىش پەرز كۇپايە ھالىتىدە بولغان ۋاقىتدا، قەرزدارلار قەرز ئىگىلىرىدىن رۇخسەت سورىماي جىھادقا چىقالمايدۇ. چۈنكى قەرزدارنىڭ ئۈستىدە قەرزئىگىسىنىڭ ھەققى بار. ئەگەر قەرزئىگىسى قەرزدارغا جىھادقا چىقىشقا رۇخسەت قىلغان، ئەمما ئۇنى قەرزدىن خالاس قىلىۋەتمىگەن بولسا، بۇ ھالدا قەرزدارنىڭ قەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن جىھاد چىقماسلىقى مۇستەھەپتۇر. چۈنكى ئۇنىڭغا قەرزنى ئادا قىلىش پەرزدۇر. ئەگەر ئۇ شەھىد بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن قەرز ھەققىدە سوئال سورىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇقەتادە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنىڭ ئارىسىدا

(1) سۇرە پەتھى 17 ـ ئايەت.

(2) سۇرە نىسا 95 ـ ئايەت.

تۇرۇپ: «الله يولىدا قىلىنغان جىهاد ۋە الله غا ئىمان ئېيتىش ئەڭ ئەۋزەل ئەمەللەردۇر» دېدى. بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم مېنىڭ خاتالىرىم يۇيۇلۇپ كېتەمدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەئە، ئەگەر الله يولىدا سەن چىداملىق، الله دىن ساۋاب ئۈمىد كۈتكۈچى، جەڭگە يۈزلەنگۈچى، جەڭدىن قاچمىغۇچى ھالەتتە ئۆلتۈرۈلسەڭ» دېدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن نېمە دېگەنتىڭ؟» دېدى. ئۇ كىشى: ئەگەر الله يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم خاتالىرىم يۇيۇلۇپ كېتەمدۇ؟ دېدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەئە، ئەگەر الله يولىدا سەن پەقەت چىدامىلىق، الله دىن ساۋاب ئۈمىد كۈتكۈچى، جەڭگە يۈزلەنگۈچى، جەڭدىن قاچمىغۇچى بولغان ھالەتتە بولۇپ ئۆلتۈرۈلسەڭ پەقەت قەرزىڭدىن باشقا خاتالىرىڭ يۇيۇلىدۇ. چۈنكى جىبرىئىل ماڭا شۇنداق، دېدى» دېدى.[1]

شۇنىڭدەك يەنە جىهاد قىلىش پەرز كۇپايە ھالىتىدە بولغان ۋاقىتتا، يۇرتتىكى ئادەملەر ئېھتىياجلىق بولىدىغان ۋە ئورنىدا ئولتۇرۇپ تۇرۇدىغان بىرەر ئادەممۇ يوق يۇرتنىڭ ئالىممۇ جىهادقا چىقمايدۇ.

ئەمما ئەگەر جىهاد قىلىش ھەممە ئادەم جىهادقا چىقىشقا چاقىرىلىپ پەرز ئەينىگە ئايلانغان ۋاقىتتا مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، مەيلى كىچىك بالا بولسۇن، مەيلى قەرزدار بولسۇن، قۇل مەيلى رۇخسەت بىلەن بولسۇن، مەيلى رۇخسەتسىز بولسۇن جىهاد قىلالايدىغان ھەر بىر ئادەمنىڭ جىهادقا چىقىشى پەرزدۇر. چۈنكى كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ تۇپراقلىرىنى بېسىۋېلىشتىن ئىبارەت ئومۇمىي ۋە چوڭ زىيانلار ئالدىنى ئېلىش (قەرز ئىگىسىنىڭ ۋە خوجايىنىنىڭ تارتقان زىيانلىرىغا ئوخشاش) كىچىك زىيانلارغا قارىغاندا ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. جىهاد قىلىش پەرز ئەينىگە ئايلانغان ۋاقىتتا، ئايالىنى جىهادقا چىقىشتىن توسقان ئەر، بالىسىنى جىهادقا چىقىشتىن توسقان ئاتا - ئانىلار ۋە قۇللىرىنى جىهادقا چىقىشتىن توسقان خوجايىنلار گۇناھكار بولىدۇ.[2]

جىهاد قىلىش ھەممە ئادەم جىهادقا چىقىشقا چاقىرىلىپ پەرز ئەينىگە ئايلانغان ۋاقىتتا، جىهادنىڭ ھەممە ئادەمگە پەرز بولۇشى ئۈچۈن جىهادقا

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 3 - توم، 211 - بەت.

چىقماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئۇرۇش قىلالايدىغان، قۇرال تۇتۇلايدىغان ۋە ئۇنى كۆتۈرەلەيدىغان ئادەم بولۇشى شەرتتۇر[1]. ئەمما يولنىڭ خاتىرجەم بولۇشى شەرت ئەمەس. جىھاد قىلىش ھەممە ئادەم جىھادقا چىقىشقا چاقىرىلىپ پەرز ئەينگە ئايلانغان ۋاقىتدا، مەيلى يول خاتىرجەم بولسۇن مەيلى ئۇنداق بولمىسۇن جىھادقا چىقىش لازىم. ئەگەر يول خاتىرجەم بولماي يولنى توسۇپ تۇرىدىغان ئادەم بولسا، ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ يولنى بۇسۇپ ئۆتۈپ جىھاد مەيدانىغا بېرىش لازىم. ئەگەر يولنى بۇسۇپ ئۆتەلمىگەن تەقدىردە جىھاد قىلىش پەرزلىك ھالىتىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. چۈنكى بىر ئىبادەتنىڭ پەرز بولۇشى ئۇ ئىبادەتنى قىلىشقا كۈچىنىڭ يېتىشىگە باغلىقتۇر.

## جىھاد قىلىشقا كەلگەن بۇيرۇقنىڭ مەڭگۈ داۋام قىلىدىغانلىقىنىڭ بايانى

جىھاد قىلىشقا بۇيرۇپ كەلگەن بۇيرۇق مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ. كاپىرلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى بار مۇددەت ئىچىدە جىھادنى ئاقسىتىش ياكى ئۇنىڭدىن توختاپ قېلىش توغرا ئەمەس. ئىمام بۇخارى (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھەدىس كىتابىدا بىر باب تۈزۈپ ئۇنىڭدا: جىھاد مەيلى تەقۋادار ياخشى قوماندانىنىڭ ئارقىسىدا قىلىنسۇن مەيلى پاسىق قوماندانىنىڭ ئارقىسىدا قىلىنسۇن مەڭگۈ داۋاملاشقۇچىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جەڭگە تەييارلانغان ئاتنىڭ يايلىسىدىن قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق ئايرىلمايدۇ» دېگەن، دېدى. ئاندىن ئۆرۋە ئەلبارىقىيدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەڭگە تەييارلانغان ئاتنىڭ يايلىسىدىن قىيامەت كۈنىگىچە ساۋاب ۋە ئولجا ئايرىلمايدۇ.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسلىرىدە ئەگەر جىھاد پەقەت تەقۋادار ئادىل قوماندان ياكى ئادىل باشلىقنىڭ ئارقىسىدا قىلىنسا مەزكۇر ساۋاب بولىدۇ، ئەگەر جىھاد شۇنداق قوماندان ياكى باشلىقنىڭ ئارقىسىدا قىلىنمىسا، مەزكۇر ساۋاب بولمايدۇ، دېمەستىن ھەدىسنى مۇتلەق بايان قىلدى. مانا بۇ بىر ئادەم جىھادنى مەيلى تەقۋادار ئادىل قوماندان ياكى ئادىل باشلىقنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ قىلسۇن،

(1) ئەگەر ئۇنداق ئادەم بولمىسمۇ مۇجاھىدقا سۇ ئېلىپ كېلىدىغان، ياكى ئۇلارنىڭ ياردارلىرىنى داۋالايدىغان ئادەم بولسىمۇ بولىدۇ. ت.

مەيلى پاسىق زالىم قوماندان ياكى باشلىقنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ قىلسۇن مەزكۇر ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مەزكۇر ھەدىسلەر جىھادنى ئات ئۈستىدە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ھەدىسلەر ئىسلام دىنىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تاكى قىيامەت كۈنىگە قەدەر يوق بولۇپ كەتمەي داۋاملىشىدىغانلىقىنىمۇ خوش ـ بىشارەت بېرىدۇ. چۈنكى جىھادنىڭ قىيامەت كۈنىگە قەدەر قېلىپ قېلىشى ئۈچۈن جىھاد قىلىدىغان مۇجاھىدلارنىڭ قېلىپ قېلىشى لازىم. مۇجاھىدلار بولسا بىز يۇقىرىدا الله تائالانىڭ: «پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) يانسا، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ[1]»دېگەن ئايىتىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك مۇسۇلمانلاردۇر.

# كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىش لازىم

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك جىھاد بولسا مۇسۇلمانلارغا قىلىنغان كاپىرلارنىڭ دۈشمەنلىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئىسلام دىنىنى يېيىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بىر ۋاستىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن فىقھىشۇناسلار: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامغا چاقىرىلغان چاقىرىق تېخى يېتىپ بارمىغان كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشى توغرا ئەمەس» دەيدۇ. شۇنداق قىلىشنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇم، پارىس ۋە مىسىرلىقلارغا (ئۇلارغا ئۇرۇش ئاچماستىن) ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىپ خەت ئەۋەتىشىدۇر. بۇ ھەقتە ئەنەس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇملۇقلارغا مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتمەكچى بولغاندا كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئۇلار مۆھۈرلەنمىگەن مەكتۇپنى ئوقۇمايدۇ، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈزىگە نەقىش بىلەن <مۇھەممەد ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى> دەپ يېزىلغان كۈمۈشتىن بىر

(1) سۈرە ئەنفال 39 ـ ئايەت.

ئۈزۈك ياساتتى. گوياكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىكى ئۈزۈكنىڭ ئاقلىقىنى ھېلىھەم كۆرۈۋاتقاندەك تۇرۇپتىمەن.»[1]

ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىران پادىشاھى كىسراغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن بەھرەيننىڭ ۋالىسىغا بىر ئادەمدىن خەت ئەۋەتكەن ئىدى. بەھرەيننىڭ ۋالىسى خەتنى كىسراغا ئەۋەتىپ بەردى. كىسرا خەتنى ئوقۇپ يىرتىپ تاشلىدى. (بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان) ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ: مەن سەئىد ئىبنى مۇسەييەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «الله ئۇلارنىڭ پادىشاھلىقىنى قاتتىق ۋەيران قىلىۋەتكەي» دەپ دۇئا قىلغان، دېدى دەپ قارايمەن.[2]

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىش ياكى چاقىرماسلىق ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپلىشىپ قېلىنغان مەسىلىدۇر. ئالىملارنىڭ بىر قىسمى ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزمۇ بار: بىر كاپىر بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن بۇرۇن دەسلەپ ئۇنى ئىسلامغا چاقىرىش شەرتتۇر، دەيدۇ. كۆپ ساندىكى ئالىملار: كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىش ئىسلام چاقىرىقى ھەممە يەرگە يېيىلىشتىن بۇرۇنقى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئىش ئىدى. ئۇ مەزگىلدە ئىسلام چاقىرىقى تېخى يېتىپ بارمىغان كاپىرلار بىلەن تاكى ئۇلار ئىسلامغا چاقىرىلماستىن ئۇرۇش قىلىنمايتتى، دەيدۇ. ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇ مۇشۇ قاراشتىدۇر. ئىمام مالىك (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ئىسلام دىيارىغا يېقىن يەرلەردە ئولتۇراقلاشقان كاپىرلار بىلەن ئۇلارنى ئىسلامغا كىرىشكە چاقىرماستىن ئۇرۇش قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار (ئىسلام دىيارىغا يېقىن بىر يەردە ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن) ئىسلامنىڭ ئىسمى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېيىلغاندۇر. ئەمما ئىسلام دىيارىدىن يىراق يەرلەردە ئولتۇراقلاشقان كاپىرلارنى (ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن بۇرۇن) ئىسلامغا چاقىرىش ياخشىدۇر. چۈنكى ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرغان ۋاقىتتا، بۇ مەسىلىدە ھېچبىر شۇبھە قالمايدۇ، دېدى. سەئىد ئىبنى مەنسۇر (الله تائالا

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

**ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئەڭ كاتتا تابىئىنلارنىڭ بىرى بولغان ئەبۇئۇسمان ئەلنەھدىينىڭ: بىز بەزىدە (كاپىرلارنى ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن بۇرۇن ئىسلامغا) چاقىراتتۇق، بەزىدە چاقىرمايتتۇق، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. مانا بۇ يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ئىككى ھالەتنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان رىۋايەتتۇر.»(1)**

**ئەگەر ئىسلام چاقىرىقى كۇنىمىزدىكىگە ئوخشاش شەرق ۋە غەربكە يېيىلغان ۋە تارقىغان بولسا، بۇ ھالدا كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر كاپىرلار ئىسلامنى قوبۇل قىلسا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ھارام بولىدۇ ۋە بىز پايدىلىنالايدىغان ھوقۇقلاردىن ئۇلارمۇ پايدىلىنالايدۇ. بىزنىڭ ئۈستۈمىزگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەت ئۇلارنىڭ ئۈستىگىمۇ يۈكلىنىدۇ. چۈنكى ئەبۇھۇرەيرە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ ئەبۇبەكرى خەلىپە بولغاندا، ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن كاپىرلىققا يېنىۋالغانلىرى بولۇپ (بەزىلىرى زاكات بېرىشتىن باش تارتقان. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماقچى بولغان)، ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئەبۇبەكرىگە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن كىشىلەر بىلەن تاكى ئۇلار بىر اللہ دىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. كىمكى شۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۆزىنىڭ مېلى ۋە جېنىنى مەندىن ساقلاپ قالىدۇ. پەقەت ئىسلامنىڭ ھەققى بىلەن ساقلاپ قالالمايدۇ(2) ۋە ئۇنىڭ ھېسابى (ئىچكى سىرى) اللہ غىدۇر» دېگەن تۇرسا، ئۇلارغا قارشى قانداق جىھاد قىلىسەن؟ دەيدۇ. ئەبۇبەكرى: اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (نامازنى ئوقۇپ ئەمما زاكاتنى بېرىشتىن باش تارتىپ) ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ قارىغان كىشى بىلەن چوقۇم ئۇرۇش قىلىمەن. چۈنكى زاكات دېگەن مالنىڭ ھەققىدۇر. اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇلار (زاكات ئۈچۈن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىپ كېلىۋاتقان ئارغامچىغا چاغلىق نەرسىنىمۇ مېنىڭ زامانىمغا كەلگەندە بەرمىسە، شۇنى بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن، دەيدۇ. ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەم**

(1) «فەتھۇلبارى»، **6** ـ توم، **108** ـ بەت.

(2) يەنى ئىسلامدا قان تۆكۈشكە ئوخشاش جىنايەت سادىر قىلغان بولسا، ئىسلامنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا ئىجرا قىلىنىۋېرىدۇ.

قىلمەنكى، الله ئەبۇبەكرىنىڭ دىلىنى ئۇرۇش قىلىشقا ئېچىۋېتىپتۇ، مەن ئۇنىڭ قارىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلدىم، دەيدۇ[1].[2]

بىر كاپىرنىڭ ئېيتقان ئىمانىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگىمۇ ئىمان ئېيتىشى لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان ئېيتىش <لا ئىلاهە ئىللەللاھ> دەپ اللە غا ئېيتقان ئىمان لازىم قىلىدىغان بىر ئىشتۇر. الله غا ئىمان ئېيتقان بىر ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغىمۇ ئىمان ئېيتىشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكى تۆۋەندىكى ھەدىستە ئوچۇق بايان قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن كىشىلەر بىلەن ھەتتاكى ئۇلار بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگىچە ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئەگەر ئۇلار شۇلارنى قىلسا، ناماز ئوقۇسا، زاكات بەرسە، ئۇلار قانلىرىنى ۋە ماللىرىنى مەندىن ساقلاپ قالىدۇ. پەقەت ئىسلامنىڭ ھەققى بىلەن ساقلاپ قالالمايدۇ[3]، ئۇلارنىڭ ھېسابلىرى الله غىدۇر.»[4]

ئەگەر كاپىرلار ئۆزلىرىنىڭ خاتا دىنلىرىدا قېلىشتا چىڭ تۇرغان، ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنىدىغانلىقىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا باش بېجى (يەنى جىزيە) تۆلەشكە رازى بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ھارامدۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «سىلەر ئەھلى كىتابتىن الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرىنى الله نىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى الله نىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانىنىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، الله (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى) غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار

(1) مانا بۇ ھەدىستىن ئىسلامغا كىرگەن ھەر بىر ئادەمگە باشقا مۇسۇلمانلار پايدىلىنىۋاتقان ھوقۇقلاردىن ئۇنىڭمۇ پايدىلىنالايدىغانلىقىنى ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەتنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىگىمۇ يۈكلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) يەنى ئىسلامدا قان تۆكۈشكە ئوخشاش جىنايەت سادىر قىلغان بولسا، ئىسلامنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا ئىجرا قىلىنىۋېرىدۇ. ت.

(4) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

**ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار[1] »**

**باش بېجى (يەنى جىزيە) بولسا كاپىرلارنىڭ ئىچىدىن كۆچى يېتىدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام ھۆكمىگە بويسۇنغانلىقىنىڭ، ئىسلام ھۆكمى ۋە سايىسى ئاستىدا ياشاشقا رازى بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئۈچۈن بېرىدىغان مەلۇم مىقداردىكى مال ـ مۈلۈكتۇر. ئۇلار تۆلىگەن بۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ۋە ئابرۇيىنىڭ خاتىرجەم بولۇشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇلار ئىسلامغا كىرىشكە زورلانمايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ۋە ئىبادەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن چەكلەنمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر چوشقا گۆشىگە ۋە ھاراققا ئوخشاش (ئىسلام دىنىدا ھارام قىلىنغان)، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ دىنلىرىدا ھالال دەپ قارالغان نەرسىلەر بولسىمۇ، ئۇلار ئۇ نەرسىلەرنى ئىشلىتىشتىن چەكلەنمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا باش بېجى تۆلەپ ئۇلارنىڭ ھۆكمى ئاستىدا كىرگەن كاپىرلارغا زۇلۇم ۋە يولسىزلۇق قىلىشتىن چەكلىگەن. بۇ ھەقتە ئەبۇداۋۇد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى (مۇسۇلمانلارغا باش بېجى تۆلەپ) كېلىشىم تۈزۈشكەن كاپىرغا زۇلۇم قىلسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن قىلغان كېلىشىمنى بۇزسا ياكى ئۇنى كۆچى يەتمەيدىغان بىرەر ئىشقا بۇيرۇسا، ياكى ئۇنىڭدىن ئۇ رازى بولمىغان تۇرۇقلۇق بىر نەرسە ئېلىۋالغان بولسا، قىيامەت كۈنى مەن ئۇنىڭ داۋاگارى بولىمەن.»**

**يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ئايەت ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ناھايىتى كۈچلەنگەنلىكىنى ۋە يۇقىرى پەللىگە چىققانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەسلىدە ئىسلام دىنىنىڭ ھەر ۋاقىت شۇنداق ھالەتتە بولۇشى لازىم ئىدى. مەزكۇر ئايەت يەنە مۇسۇلمانلار (يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلارغا ئوخشاش) كىتاب بېرىلگەنلەر بىلەن مۇئامىلە قىلماقچى بولغان ۋاقىتدا، ئەگىشىپ مېڭىش لازىم بولىدىغان ئېسىل قائىدىلەرنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىدا جىھاد كىشىلەرنى زورلاپ ئىسلامغا ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن يولغا قويۇلمىغان. اللە تائالا بۇنى ئوچۇق ھالەتتە بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت (يەنى اللە دىن باشقا بارچە مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ، اللە غا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ،**

---

(1) سۈرە تەۋبە 29 ـ ئايەت.

الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر[1]》 يەنى سىلەر ئىسلامغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن بىرەر ئادەمنىمۇ زورلىماڭلار. چۈنكى ئۇ ھۆججەت ـ پاكىتلىرى ناھايىتى ئۈچۇق ۋە بىرەر كىشىنىمۇ زورلاپ كىرگۈزۈشكە ئېھتىياجى يوق روشەن بىر دىندۇر. الله تائالا ئىسلامغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن بىرەر ئادەمنىمۇ زورلىماسلىق ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى: 《سەن (ئۇلارغا) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، سەن پەقەت (ئۇلارغا) ۋەز ـ نەسىھەت قىلغۇچىسەن. سەن ئۇلارغا مۇسەللەت (يەنى ئۇلارنى ئىمانغا مەجبۇرلىغۇچى) ئەمەسسەن[2]》

ئەمما بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: 《مەن كىشىلەر بىلەن ھەتتاكى ئۇلار بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگىچە ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. . .》 دېگەن ھەدىسىگە كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسى ھەققىدە ئالىملارنىڭ بىر نەچچە خىل قاراشلىرى بار:

1 ـ بۇھەدىسنىڭ ھۆكمى كېيىن يولغا قويۇلغان باش بېجى ئېلىشقا ۋە (كاپىرلار بىلەن) كېلىشىم تۈزۈشكە بېرىلگەن رۇخسەتلەر بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، دېگەن قاراشتۇر.

2 ـ بۇ ھەدىستىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <مەن كىشىلەر بىلەن> دېگەن سۆزى بىر قىسىم كىشىلەر ئۇ سۆزنىڭ مەزمۇنىغا كىرمەيدىغان ئومۇمىي سۆز بولۇشى مۇمكىن.

3 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <مەن كىشىلەر بىلەن> دېگەن سۆزىدىن ھەممە كاپىرلار ئەمەس پەقەت كىتاب بېرىلگەن مۇشرىكلەردىن باشقا مۇشرىكلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن قاراشتۇر. نەسائىينىڭ بۇ ھەدىسى: 《مەن مۇشرىكلەر بىلەن ھەتتاكى ئۇلار بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگىچە ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. . .》 دېگەن شەكىلدە رىۋايەت قىلىشى ئىككىنچى قاراشنىڭ توغرا بولۇشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

(1) سۈرە بەقەر 256 ـ ئايەت.

(2) سۈرە غاشىيە 21 ـــ 22 ـ ئايەتلەر.

4 ـ ھەدىستىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەتتاكى ئۇلار بىر اللە دىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللە نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگىچە . . .» دېگەن سۆزىدىكى <گۇۋاھلىق بەرگىچە> دېگەن سۆزىدىن اللە نىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرغانلارنى خار قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنداق قىلىش بەزىدە ئۇرۇش بىلەن، بەزىدە باش بېجى (يەنى جىزيە) تۆلۈتىش بىلەن ۋە بەزىدە كېلىشىم تۈزۈشۈش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، دېگەن قاراشتۇر.

5 ـ ھەدىستىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم> دېگەن سۆزىدىن ياكى ئۇرۇشنىڭ ئۆزى ياكى باش بېجى (يەنى جىزيە) ئالغانغا ئوخشاش ئۇرۇشنىڭ ئورنىدا تۇرۇدىغان ئىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

6 ـ كاپىرلارغا باش بېجى قويۇشتىن ئۇلارنى ئىسلامغا كىرىشكە قىستاش مەقسەت قىلىنىدۇ. سەۋەبىنىڭ سەۋەبى سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن كىشىلەر بىلەن ھەتتاكى ئۇلار بىر اللە دىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللە نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگىچە ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. . .» دېگەن سۆزىدە خۇددى مەن كىشىلەر بىلەن ھەتتاكى ئۇلار ئىسلامغا كىرگەنگە قەدەر ياكى ئۇلارنى ئىسلامغا كىرىشكە قىستايدىغان نەرسىنى (يەنى باش بېجىنى) قوبۇل قىلغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم دېمەكچى بولىدۇ، دېگەن قاراشتۇر. ئاخىرقى بۇ قاراش مەزكۇر قاراشلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ياخشى دەپ قارالغان قاراشتۇر.[1]

# ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ۋە كېرەكلىك سەۋەبلەرنى قىلىشنىڭ باyanى

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشنى باشلاشتىن بۇرۇن كۈچ تەييارلىشى، قوۋۋەتلىرىنى بىر يەرگە توپلۇشى ۋە ئۆزىنى مۇداپىئەگە ئېلىپ ساقلايدىغان يەرلىرىنى ياخشى تەييارلىشى لازىم. بولۇپمۇ بىزنىڭ زامانىمىزدا شۇنداق قىلىش بەك

(1) «فەتھۇلبارى»، 1 ـ توم، 77 ـ بەت.

زوٓرؤردؤر. چؤنكى زامانىمىزدا ئؤرؤش ئؤچؤن كۈچ تەييارلاش يېتەرلىك بىلىمگە، قؤرال - ياراق ۋە ئوق - دؤرا ياسالايدىغان ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ۋە ئؤلارنى ئىشلىتىپ كوٓرؤشكە ئېھتىياجلىقتؤر. چؤنكى ئەسكەرنىڭ كۈچى ئؤنىڭ قولىدىكى قؤرالنىڭ كۈچى ۋە ئؤنىڭ ئالاھىدە بولؤشى بىلەندؤر. الله تائالا ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە كۈچ تەييارلاشقا بؤيرؤپ مؤنداق دېدى: «دؤشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئؤرؤش قىلىش) ئؤچؤن، قولؤڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار[1]» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بؤ ئايەت تەييارلاشقا بؤيرؤغان قورال كۈچىنى مؤسؤلمانىنىڭ دؤشمەنلىرىگە ئەڭ قاتتىق زەربە بېرەلەيدىغان ۋە دؤشمەنگە ئەڭ ئېغىر زىيان سالالايدىغان ئەسكەر كۈچىدؤر، دەپ بايان قىلدى. ئىمام مؤسلىم بؤ ھەقتە ئؤقبە ئىبنى ئامىر (الله تائالا ئؤنىڭدىن رازى بولسؤن!) نىڭ مؤنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدؤ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مؤنبەر ئؤستىدە تؤرؤپ الله تائالا: «دؤشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئؤرؤش قىلىش) ئؤچؤن، قولؤڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار[2]» دېدى، ئاگاھ بولؤڭلاركى، بؤ تەييارلىق قىلىش ئوق ئېتىشتؤر! ئاگاھ بولؤڭلاركى، بؤ تەييارلىق قىلىش ئوق ئېتىشتؤر! ئاگاھ بولؤڭلاركى، بؤ تەييارلىق قىلىش ئوق ئېتىشتؤر!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.»

ئەسكەرلەرنىڭ كۈچى دؤشمەنلەرگە قارىتىپ ئاتىدىغان ئؤلارنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنىڭ كۈچىدىدؤر. يەنى ئؤلارنىڭ قولىدىكى نەيزىگە، قېلىچقا، قؤرال - ياراققا، بومبىغا ۋە باشقؤرلىدىغان بومبىلارغا ئوخشاش دؤشمەنلەرنى پارام - پارچە قىلىۋېتىدىغان نەرسىلەردىدؤر.

يؤقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەت مؤسؤلمانلارنىڭ كۈچلىنىشىنى كەلتؤرؤپ چىقىرىدىغان پؤتؤن سەۋەبلەرنى قولغا كەلتؤرؤشنىڭ، بولؤپمؤ ئؤرؤش جەريانىدا دؤشمەنگە قارىتىپ ئوق ئاتالايدىغان كۈچلەرنى قولغا كەلتؤرؤشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى كوٓرسىتىپ بېرىدؤ. غەلبە قازىنىش ئؤچؤن پەقەت دؤشمەنگە قارىتىپ ئوق ئاتالايدىغان كۈچ يېتەرلىك ئەمەس. دؤشمەنگە قارىتىپ ئوق ئاتالايدىغان ۋە دؤشمەننى خانە - ۋەيران قىلىۋېتەلەيدىغان كۈچنىڭ يېنىدا ھؤجؤمغا ئوٓتؤپ دؤشمەنلەرنىڭ ئؤستىگە بېسىپ كىرىپ ئؤلارنىڭ تؤرغان

(1) سؤرە ئەنفال 60 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(2) سؤرە ئەنفال 60 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

يېرىنى ئىگەللىۋالالايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە قالدۇرۇپ قويغان كۈچلىرىنى تۈپتىن يوقۇتۇپ تاشلايدىغان يەنە بىر كۈچ لازىمدۇر. بۇ دۈشمەنلەرنىڭ تۇرغان يەرلىرىنى ۋە تۇپراقلىرىنى بېسىۋېلىش دۈشمەننىڭ ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىدىغان ھۇجۇمچى كۈچ تەييارلاشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئات ھۇجۇم قىلىش ۋە تەكرار يەنە ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن چەك مەيدانىدا ئۇ ياق - بۇ ياققا بېرىپ - كېلىش ئۈچۈن ئەڭ قۇلاي ۋە تېز ۋاستە بولغانلىقى ئۈچۈن الله تائالا كۈچ قۇۋۋەت تەييارلاشقا بۇيرۇدىغان ئايىتىدە: «جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار» دەپ ئاتنى مەخسۇس بايان قىلىپ ئۆتتى. يەنى ئايەتنىڭ مەنىسى: سىلەر دۈشمەنگە قارىتىپ ئوق ئېتىپ ئۇلارنى خانە - ۋەيران قىلىۋاتقاندىن كېيىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كىرىدىغان ئات تەييارلاڭلار، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئايەت بىزلەرگە جەڭگە ماھىر ئۇستا قوماندانلارنىڭ كاللىسىدا يەرلەشكەن كاتتا بىر ئەسكەر تاكتىكىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەندەك قىلىدۇ. ئۇ تاكتىكا بولسىمۇ دەسلەپ ئوق ئېتىپ دۈشمەننى ئاجىزلاشتۇرۇش، كېيىن ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتماق ئۈچۈن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئۇلارنى بېسىپ كىرىشتۇر.

## ئاتقا مىنىشنى ۋە ئوق ئېتىشنى ئۆگىنىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئات تەييارلاشقا ۋە ئاتقا مىنىشنى ئۆگىنىشكە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلىرىدە رىغبەتلەندۈردى. تۆۋەندىكى ھەدىس ئۇ ھەدىسلەرنىڭ بىرىدۇر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «جەڭگە تەييارلانغان ئاتنىڭ يايلىسىدىن قىيامەت كۈنىگىچە ياخشىلىق ئايرىلمايدۇ.»

بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئات ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. ئات بىر ئادەمگە ئەجىر ئېلىپ كېلىدۇ. بىر ئادەمگە ھاجىتىنى قامدايدىغان مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ ۋە يەنە بىر ئادەمگە بولسا گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ. ئات بېقىپ ئەجىرگە ئېرىشىدىغان ئادەم، ئېتىنى الله يولىدا ئۇرۇش قىلىشقا ئاتاپ باقىدۇ، ئات قورسىقىغا يىگەن ھەر بىر تال نەرسە ئۈچۈن ئات ئىگىسىگە ساۋاب يېزىلىپ تۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئاتنى ئوتلاقتا باققان

بولسا، اللہ تائالا ئات يېگەن ھەر بىر تال ئوت ئۈچۈن ئات ئىگىسىگە ساۋاب يېزىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئاتنى بىرەر ئۆستەڭدە سوغارغان بولسا، ئات ئىچكەن ھەر بىر يۇتۇم سۇ ئۈچۈن ئات ئىگىسىگە ساۋاب يېزىلىپ تۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئات (ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋېلىپ) دۆڭدىن دۆڭگە چېپىپ يۈرسە، ئۇنىڭ چاپقان ئىزلىرى ئۈچۈنمۇ ئات ئىگىسىگە ساۋاب يېزىلىپ تۇرىدۇ. ئات بېقىپ ھاجىتىنى قامدايدىغان مەنپەئەتكە ئېرىشىدىغان ئادەم، ئېتىنى ئۆز ھاجىتىنى قامداش ۋە موھتاجلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن باقىدۇ. ئۇ ئادەم ئات مەيلى قىيىنچىلىق ھالەتكە قالسۇن، مەيلى ئاسانچىلىق ھالەتكە قالسۇن ئات ئۈستىدىكى اللہ تائالانىڭ ھەققىنى ئۇنتۇپ قالماي ئادا قىلىدۇ. ئات بېقىپ گۇناھقا ئېرىشىدىغان ئادەم ئېتىنى باشقىلارغا تەكەببۇرلۇق ۋە چوڭلۇق قىلىش، پەخىرلىنىش ۋە كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈن باقىدۇ. مانا بۇ ئات ئىگىسىگە گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ.»[1]

شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ساھابىلىرىنى ئوقيا ئېتىشنى، ئاتقا مىنىشنى ئۆگىنىشكە ۋە ئۇلارنى تاشلىۋەتماي چېنىقىپ تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىمۇ بۇ ئىشلارغا قېتىلاتتى. بۇ ھەقتە سەلىمە ئىبنى ئەكۋە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوق ئېتىشتا مۇسابىقىلىشىۋاتقان بىر توپ كىشىلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ ئۇلارغا: «ئى ئىسمائىلنىڭ ئەۋلادلىرى! مەرگەنلىكنى ئۆگىنىڭلار، سىلەرنىڭ بوۋاڭلار ھەقىقەتەن مەرگەن ئىدى. (ئوقيالارنى) ئېتىڭلار. مەن پالانىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ گۇرۇپپىسىدا دەپ ئىككى گۇرۇپپىنىڭ بىرىنىڭ قولىنى تۇتتى. ئاندىن قارشى گۇرۇپپىدىكى ئادەملەرگە: سىلەر نېمە ئۈچۈن ئوقيالارنى ئاتمايسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: سەن ئۇلار بىلەن بىللە بولساڭ، بىز ئوقيالارنى قانداق ئاتىمىز؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئوقيالارنى ئېتىڭلار، مەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلار بىلەن بىللە» دېدى.[2]

ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (مۇسابىقە ئۈچۈن) بېقىپ تەييارلانغان ئاتنى <ھۇفيا> دېگەن يەردىن <سەنىياتۇلۋىدا> دېگەن يەرگىچە، (مۇسابىقە ئۈچۈن)

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.لېكىن، ھەدىسنىڭ تېكىستى ئىمام مۇسلىمنىڭكىدۇر.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

تەييارلانمىغان ئاتنى <سەنىياتۇلۋىدا> دېگەن يەردىن <زۇرەيق> جەمەتىنىڭ مەسچىتىگە قەدەر مۇسابىقىغا سالدى.[1]

الله تائالا بىزنى قۇرئان كەرىمدە، كىشىلەرگە قۇرئان كەرىم چۈشكەن ۋاقىتتىكى ئادەملەر چۈشەنەلەيدىغان شەكىلدە خىتاب قىلىشقا ئادەتلەندۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا قۇرئان كەرىمدە تاشقىغا ۋە ئايروپىلانلارغا ئوخشاش ئىنسانلار ئىجاد قىلغان ئۇرۇش ۋە ھۇجۇم ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ۋاستىلاردىن سۆز ئاچمىدى. الله تائالا قۇرئان كەرىمدە پەقەت كۈچلىنىش ۋە غەلبە قىلىشنىڭ سەۋەبى بولۇشقا مۇمكىن بولىدىغان نەرسە ئۈچۈن مىسال سۈپۈتىدە ئاتنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر مۇسۇلمانلار مۇداپىئە ھالىتىدە بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى دۈشمەنلەرنىڭ زەربىلىرىدىن، بومبىلىرىدىن ۋە ئوقلىرىدىن ساقلايدىغان (سېپىلغا ئوخشاش) كۈچلۈك بىر توساقنى تەييارلىشى لازىم. بۇ ھەقتە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىپىك بىر مىسالدۇر. ھەممىمىزگە مەلۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھزاب ئۇرۇشىدا مەدىنە مۇنەۋۋەر ئەتراپىغا بىر توساق تەييارلاش ئۈچۈن ساھابىلىرى بىلەن مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولىدى. بۇ ھەقتە ئەنەس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلار (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك كولاشنى باشلىۋەتتى، ئۇلار (خەندەكنىڭ) تۇپىسىنى مۆرىلىرىدە كۆتۈرۈپ يۆتكەيتتى ۋە مۇنداق دەيتتى:

بىز مۇھەممەدكە بەيئەت بەردۇق. ھايات بولغان مۇددەت ئىچىدە مەڭگۈ بىللە جىھاد قىلىشقا.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىگە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيتتى: ئى الله! ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىدىن باشقا ھېچبىر ياخشىلىق يوق. سەن ئەنسار ۋە مۇھاجىرلار ئىچىدە بەرىكەت ئاتا قىلغىن.

بۇ ھەقتە يەنە بارائە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: مەن ئەھزاب كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇپا يۆتكىگەنلىكىنى كۆردۈم. تۇپا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قورسىقىنىڭ ئاق يەرلىرىنى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

**توسۇۋالاتتى.[1] ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: ئى اللّٰه ئەگەر سەن بولمىغان بولساڭ، بىز توغرا يول تاپمىغان، (مال ـ مۈلۈكىمىزنىڭ) سەدىقە ـ زاكاتلىرىنى بەرمەيدىغان ۋە ناماز ئوقۇمايدىغان ئادەم بولغان بولاتتۇق. شۇڭا سەن بىزگە ئەگەر بىز (كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن) ئۇچراشقان ۋاقتىمىزدا تەمكىنلىكنى بەرسەڭ ۋە قەدەملىرىمىزنى مەزمۇت قىلساڭ، بىزنىڭ ئۈستىمىزگە تاجاۋۇز قىلغان كىشىلەر ئەگەر پىتنە چىقارماقچى (يەنى دۈشمەنلىك قىلماقچى) بولسا، بىز ئۇنىڭغا يول قويمايمىز.[2]**

## دۈشمەننى ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇش

**مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىنىڭ خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغاندەك دۈشمەنلەرنى، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزۈتىپ تۇرۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ داۋاملىق دۈشمەنلىرىنى كۆزۈتىپ تۇراتتى. بۇ ھەقتە ھۇزەيپە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھزاب ئۇرۇشىدا: «بۇ قەۋمنىڭ (يەنى كاپىرلارنى دېمەكچى) ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغان بىرەر ئادەم يوقمۇ؟ ئۇ قىيامەت كۈنى مەن بىلەن بىرگە بولىدۇ» دېدى. بىزدىن ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «بۇ قەۋمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغان بىرەر ئادەم يوقمۇ؟ ئۇ قىيامەت كۈنى مەن بىلەن بىرگە بولىدۇ» دېدى. يەنە بىزدىن بۇنىڭغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ھۇزەيفە! ئورنۇڭدىن تۇرغىن، بىزگە بۇ قەۋمدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئىسمىم بىلەن چاقىرغانلىقى ئۈچۈن، مېنىڭ ئورنۇمدىن تۇرماسلىقىمغا ھېچبىر ئامالىم يوق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ قەۋمنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگىن، ئۇلارنى ماڭا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتكۈزمىگىن[3]» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن پەيغەمبەر**

(1) يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆرىسىدە تۇپا كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن قورسىقى قاتلىشىپ كەتكەن ئىدى، دېمەكچى بولۇشى مۇمكىن. ت.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(3) يەنى ئۇلارنىڭ بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىپ ئۇلارنى تويدۇرۇپ قويمىغىن. ت.

ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىپ خۇددى ئىسسىق سۇدا ماڭغاندەك [1] مېڭىپ كاپىرلارنىڭ يېنىغا كەلسەم، ئەبۇسۇفيان دۈمبىسىنى ئوت بىلەن ئىسسىقلى تۇرۇپتۇ، بىر تال ئوقنى ئوقيارىمغا قويدۇم، ئۇنى ئېتىپ تاشلىماقچى بولدۇم، شۇ ئەسنادا مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇلارنى ماڭا قارشى ھەرىكەتكە ئۈتكۈزمىگىن» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدىم، ئەگەر ئۇنى ئاتقان بولسام، ئەلۋەتتە ئۇنى ئۆلتۈرگەن بولاتتىم، ئاندىن مەن خۇددى ئىسسىق سۇدا ماڭغاندەك مېڭىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا كاپىرلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بەردىم، مەن (ئىشمىدىن) بىكار بولۇپ ئورنۇمغا ئورۇنلىشىپ بولغان چاغدا، ئۈزەمنىڭ تۈگىلاپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئۇچىسىغا يېپىنىۋالغان، ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇيدىغان تاشقى يېپىنچىسىنىڭ ئارتۇقىنى يۆگەپ قويدى، مەن تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلۇدۇم، تاڭ ئاتقان چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئۇيقۇچى! ئورنىڭدىن تۇرغىن» دېدى.[2]

ئىمام بۇخارى كىتابىدا كاپىرلارنىڭ خەۋەرىنى ئېلىپ كېلىدىغانلارنىڭ پەزىلىتى دەپ بىر باب تۇزۇپ ئۇ بابتا جابىر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھزاب ئۇرۇشى كۈنى كىم بۇ قەۋمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىدۇ؟ دېدى. زۇبەير: مەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە كىم بۇ قەۋمنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىدۇ؟ دېدى. زۇبەير يەنە: مەن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ مۇخلىسى بولىدۇ. مېنىڭ مۇخلىسىم زۇبەيرىدۇر» دېدى.[3] مانا بۇ ھەدىسلەر مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئەھۋالىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۇلارغا جاسۇس ئەۋەتىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەگەر مۇسۇلمانلار ھۇجۇمغا ئۆتۈش ھالىتىدە بولسا، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر كاپىرلارغا ئىسلام چاقىرىقى يېتىپ بولغان بولسا، ئۇشتۇمتۇت ۋە تويۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتىشى لازىم. چۈنكى تۇيۇقسىز

(1) بۇ چاغدا قاتتىق بوران چىققان ۋە ھاۋا سوغۇق ئىدى، لېكىن بۇ ساھابە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن يولدا توڭلاشنىڭ ئورنىغا تەرلەپ كەتكەن.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قىلىنغان ھۇجۇم غەلبىنىڭ ماددىي سەۋەبلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنىڭ بىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇشۇ تاكتىكىنى قوللىناتتى. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى ئەلمۇستەلىقىقا، ئۇلار غەپلەتتە ۋە چارۋا ـماللىرى سۇ ئىچىپ ئوتلاپ تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇرۇش قىلالايدىغانلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئەسىر ئالسا بولىدىغانلىنى ئەسىر ئالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ كۈنى ھارىسنىڭ قىزى جۇۋەيرىيەنى ئەسىر ئالغان.[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇشقا ماڭسا، دۈشمەننىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن بارماقچى بولغان تەرەپنى مەخپىي تۇتاتتى. بۇ ھەقتە كەئىب ئىبنى مالىك (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلماقچى بولغان ئۇرۇشنى باشقا بىر ئىش بىلەن مەخپىي تۇتاتتى» دېدى.[2] يەنى بىرەر قەبىلە بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولسا، ئۆزىنى باشقا بىر ئىش قىلماقچى بولغان ئادەمدەك كۆرسىتىپ ئۇ قەبىلە بىلەن قىلىدىغان ئۇرۇشنى مەخپىي تۇتاتتى.

شۇنىڭدەك يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (دۈشمەننى گوللىغانغا ئوخشاش) ئۇلارغا تاكتىكا قوللىنىشنىڭمۇ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ھەقتە جابىر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇرۇش تاكتىكىدۇر.»[3] شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار: «دۈشمەننى گوللاش ۋە ئۇلارغا تاكتىكا ئىشلىتىش ئۈچۈن يالغان سۆز قىلسا بولىدۇ» دېدى.

## ئاخبارات ۋاستىلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ بايانى

مەزكۇر ھەدىسلەر خىلمۇ ـ خىل ئاخبارات ۋاستىلىرى بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ سېپىگە يالغان خەۋەرلەرنى تارقىتىشنىڭ ۋە يېيىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يېڭىلىش ۋە ئاجىزلىش روھىنى دۈشمەنلەرنىڭ كۆڭلىگە سېلىش ئۈچۈن يالغان خەۋەرلەرنىڭ رولى ناھايىتى چوڭدۇر. يالغان خەۋەرلەر

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

كۆپ قېتىم غەلبىنى مەغلۇبىيەتكە ئايلاندۇرغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى بۈرۈن ئۆتكەن دۆلەتلەر بولسۇن مەيلى كۈنۈمىزدىكى دۆلەتلەر بولسۇن ئۆزىنىڭ دۈشمىنى دەپ قارىغان دۆلەتلەرنىڭ ۋە جەمىيەتلەرنىڭ ئارىسىدا يالغان خەۋەر تارقىتىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇنىڭغا خىلمۇ ـ خىل ئاخبارات ۋاستىلىرىنى قوللىنىدۇ. شۇ ئىش ئۈچۈن قولىدىكى پۈتۈن ئىمكانىيەتلىرىنى ئىشقا سالىدۇ ۋە شۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن پۈتۈن پىلانلارنى ۋە تاكتىكىلارنى پىلانلايدۇ. ھەتتا كېيىنكى دەۋرلەردە ئاخبارات ۋاستىلىرى بىلەن قىلىنىدىغان ئۇرۇشقا: <سوغۇق ئۇرۇش> ياكى <ئىددىئا ئۇرۇشى> دەپ ئىسىم بېرىلدى.

ئەڭ كۆپ تارايدىغان ۋە خەتىرى ئەڭ ئېغىر يالغان خەۋەرلەر بولسا، خەلقنىڭ ئىچىدە ياشاپ تۇرۇپ كۆڭلىدە دوستلۇقنى دۈشمەنگە بېغىشلىغان كىشىلەرنىڭ تارقاتقان خەۋەرلىرىدۇر. بۇنداق كىشىلەر كۈنۈمىزدە: <دۈشمەننىڭ ياردەمچىلىرى> دەپ ئاتىلىدۇ. الله تائالا بۇ كىشىلەرنى <مۇناپىق> دەپ ئاتىدى. الله تائالا قۇرئاننىڭ كۆپلىگەن ئايەتلىرىدە بۇنداق كىشىلەرنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىدىن، تارقاتقان خەۋەرلىرىدىن ۋە بوھتانلىرىدىن ئاگاھلاندۇردى. مەسىلەن: مۇناپىقلار مۆمىنلەرنىڭ ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ مەنىۋىياتىنى چۈشۈرۈش ۋە ئۇلارنى دۈشمەنلەرنىڭ كۈچىدىن قورقۇتۇش ئۈچۈن ئەھزاب ئۇرۇشىدا مۆمىنلەرنىڭ سېپىغا يالغان خەۋەر تارقىتىشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان ئىدى. بۇنى بايان قىلىپ الله تائالا مۇنداق دېدى: « ئەينى ۋاقىتتا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلار: «الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزلەرگە قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلىپتىكەن» دېيىشەتتى[1] »

الله تائالا مۇناپىقلارنىڭ تارقاتقان يالغان خەۋەرلىرىگە ۋە بوھتانلىرىغا قانداق قارشى تۇرۇشىمىزنى بايان قىلىپ بىزنى ئۇلارنىڭ يالغان خەۋەرلىرىنى يۇشۇرۇشىمىزغا، ئۇلارنى كىشىلەر ئارىسىدا تارقىتىپ يۈرمەسلىكىمىزگە ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇ خەۋەرلەرنىڭ ھەقىقىتىنى ۋە ئۇنىڭ ساختا يالغانچى خەۋەر ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە بايان قىلىشى ئۈچۈن ئۇ خەۋەرلەرنى ئەمەلدارلارغا يەتكۈزۈشىمىزگە بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: « (مۆمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا) يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ، ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار

(1) سۈرە ئەھزاب 12 ـ ئايەت.

( يەنى مۆمىنلەر ) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۇستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى. (ئى مۆمىنلەر!) ئەگەر سىلەرگە الله نىڭ مەرھەمىتى ۋە پەزلى بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ئازغىنا كىشىدىن باشقىلىرىڭلار، ئەلۋەتتە شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار[1] »

بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مۆمىنلەرنىڭ الله تائالانىڭ ياردىمىگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە الله تائالاغا بولغان تەۋەككۇلى ئۇلارنى مۇناپىقلارنىڭ ۋە يالغان خەۋەر تارقاتقۇچىلارنىڭ يالغان خەۋەرلىرىدىن تەسىرلىنىپ كېتىشىدىن ساقلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا ئەھزاب ئۇرۇشىدا يالغان خەۋەر تارقاتقان مۇناپىقلارنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى: « ئۆز ۋاقتىدا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا كېسىلى (يەنى شەك) بارلار: « بۇلارنى ( يەنى مۇسۇلمانلارنى ) ئۇلارنىڭ دىنى ئالدىدى (يەنى مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىغا مەغرۇر بولۇپ، ئۆزلىرىنى يېڭىلمەس دەپ گۇمان قىلىپ، ئاز سانلىق تۇرۇقلۇق كۆپ سانلىقلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا چىقتى ) » دېدى. كىمكى الله غا يۆلىنىدىكەن (الله ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىدۇ): چۈنكى الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[2] »

ئەبۇسۇفيان مۇشرىكلارنىڭ باشلىقى بولغان ۋاقتىدا ئوھۇد ئۇرۇشىدىن كېيىن مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدا قالايمىقانچىلىق چىقىرىش ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يالغان خەۋەرلەر تارقىتىش ئۈچۈن بەزى ئادەملەرنى سېتىپ ئالغان ئىدى. لېكىن سېتىپ ئېلىنغان ئۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ مەقسەتلىرىگە يېتەلمىدى. ساھابىلار (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئىمانلىرىنىڭ كۈچىنىڭ ۋە پەرۋەردىگارىغا بولغان تەۋەككۇلىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇلارنىڭ يالغان خەۋەرلىرىدىن ۋە بوھتانلىرىدىن تەسىرلەنمىدى. شۇڭا الله تائالا ساھابىلارنى مەدھىيەلەپ، ئۇلارنىڭ ئىمانلىرىنىڭ راستچىل ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇلارنىڭ الله تائالاغا بولغان تەۋەككۇلىنىڭ سەمىمى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: «(مۇشرىكلار تەرەپدارى بولغان) ئادەملەر ئۇلارغا: « شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار » دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى

(1) سۈرە نىسا 83 ـ ئايەت.

(2) سۈرە ئەنفال 49 ـ ئايەت.

**كۆچەيتتى. ئۇلار: « بىزگە الله كۇپايە، الله نېمىدېگەن ياخشى ھامىي! » دېدى. ئۇلار الله نىڭ نېمىتى ۋە پەزلى بىلەن قايتىپ كەلدى، ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى، ئۇلار الله نىڭ رازىلىقىنى ئىزدىدى. الله ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر[1] »**

**ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتلىرىنى كۆرسىتىشى دۈشمەنلەرنى قورقۇتىدىغان، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچى سالىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈش روھىنى ئاجىزلاشتۇرۇدىغان ئىش بولسا، مەيلى سۆز ئارقىلىق بولسۇن مەيلى ھەرىكەت ئارقىلىق بولسۇن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەتلىرىنى دۈشمەنلەرگە كۆرسىتىشى سۈننەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بۇ ئىشنى مەككىنى پەتھى قىلغان يىلى قىلغان ئىدى. ئۆرۋە ئىبنى زۇبەير بۇ ھەقتە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (مەككىنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن) يولغا چىققانلىق خەۋىرى قۇرەيشلەرگە يېتىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇسۇفيان، ھەكىم ئىبنى ھىزام ۋە بەدىل ئىبنى ۋەرەقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋىرىنى تىڭ ـ تىڭلاش ئۈچۈن (مەككىنىڭ سىرتىغا) چىقىپ <مەررە زەھران (ياكى ئۇممۇ زەھران)> دېگەن يەرگە كېلىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئۇلار ئۇ يەردە خۇددى ئەراپات كېچىسى يېقىلىدىغان ئوتلاردەك (بىر نەچچە يەرگە) يېقىلغان ئوتلارنى كۆرىدۇ. ئەبۇسۇفيان: بۇ نېمە ئىش؟ بۇلار خۇددى ئەراپات كېچىسى يېقىلىدىغان ئوتلاردەك ئوتلارغۇ! دېدى. بەدىل ئىبنى ۋەرەقا: بۇلار ئەمرى جەمەتىنىڭ ياققان ئوتلىرىدۇر، دېدى. ئەبۇسۇفيان: ئەمرى جەمەتىنىڭ ئوتلىرى بۇلاردىن ئاز بولىدۇ، دېدى. ئۇ ئۈچ كىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوغدىغۇچىلىرى كۆرۈپ قېلىپ ئۇلارنى تۇتۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئەبۇسۇفيان مۇسۇلمان بولدى. ئەبۇسۇفيان (مەككىگە قايتىپ كېتىش ئۈچۈن) ماڭماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابباسقا: « سەن ئەبۇسۇفياننى تاغنىڭ تار يېرىدە توختىتىپ تۇرغىن، ئۇ (ئۇ يەردىن ئۆتكەن) مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى كۆرسۇن » دېدى. ئاببا س (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) شۇنداق قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە كەلگەن مۇسۇلمانلار قوشۇنلىرى بۆلۈك ـ بۆلۈك بولۇپ ئەبۇسۇفياننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەبۇسۇفياننىڭ ئالدىدىن**

(1) سۈرە ئالى ئىمران **173** ـــ **174** ـ ئايەتلەر.

بىر قوشۇن ئۆتىۋېدى، ئۇ: بۇلار كىملەر؟ دېدى. ھەزرىتى ئابباس ئۇنىڭغا: بۇلار غىپار جەمەتىدۇر، دېدى. ئەبۇسۇفيان: مەن بىلەن غىپارىلارنىڭ نېمە ئىشى بار؟ (يەنى بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېچقانداق ئىش يوق ئىدى. نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىز بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولۇپ كەلدى؟ دېمەكچىدۇر)، دېدى. ئاندىن جۇھەينە جەمەتى ئۆتتى. ئەبۇسۇفيان يۇقىرىدىكى سۆزىنى تەكرارلىدى. ئاندىن سەئىد ئىبنى ھۇزەيم جەمەتى ئۆتتى. ئەبۇسۇفيان سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى. ئاندىن سۇلەيم جەمەتى ئۆتتى. ئەبۇسۇفيان سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى. ئاندىن ئەبۇسۇفيان ئۇنىڭدەك بىر قوشۇننى كۆرۈپ باقمىغان بىر بۆلۈك قوشۇن كەلدى. ئەبۇسۇفيان: بۇلار كىملەر؟ دېدى. ھەزرىتى ئابباس: ئۇلار ئەنسارلار، دېدى. ئەنسارلارنىڭ بېشى سەئىد ئىبنى ئۇبادە ئىدى. ئەنسارلار قوشۇنىنىڭ تۇغى ئۇنىڭدا ئىدى. سەئىد ئىبنى ئۇبادە (ئەبۇسۇفياننىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە) ئۇنىڭغا: ئەي ئەبۇسۇفيان! بۈگۈن ئۆلۈم كۈنىدۇر. بۈگۈن كەبىدە ئۇرۇش قىلىش ھالال قىلىنغان كۈندۇر، دېدى. ئەبۇسۇفيان: ئەي ئابباس! بۇ، ئۇرۇغ - تۇغقان ۋە بالىۋاقىلىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈن بولۇپ، بۇ كۈندە ئۇلارغا ياردەم قىلىش خوش كۆرۈلىدىغان كۈندۇر، دېدى. ئەڭ ئاخىردا، ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى بار بىر بۆلۈك قوشۇن كەلدى. بۇ قوشۇن (شۇ كېچىدىكى) قوشۇنلارنىڭ ئىچىدە ئادەم سانى ئەڭ ئاز بولغان قوشۇن ئىدى. بۇ قوشۇننىڭ تۇغى زۇبەير ئىبنى ئاۋامدا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇسۇفياننىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، ئەبۇسۇفيان ئۇنىڭغا: سېنىڭ سەئىد ئىبنى ئۇبادىنىڭ دېگەن سۆزىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەئىد ئىبنى ئۇبادە نېمە دېدى؟» دېدى. ئەبۇسۇفيان: ئۇ، مۇنداق - مۇنداق گەپلەرنى قىلدى، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەئىد خاتالىشىپتۇ. بۈگۈن الله تائالا كەبىنى ئۇلۇغلايدىغان ۋە كەبىگە يوپۇق يېپىلىدىغان كۈندۇر» دېدى ۋە تۇغىنى <ھۇجۇن> دېگەن يەرگە قاداشقا بۇيرىدى.[1]

ئىبنى ئىسھاق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىدا شۇ كېچىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئون مىڭ يەرگە ئوت ياققانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە شائىر ساھابىلارنى قۇرەيشلەرنىڭ مەنىۋىياتىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن قۇرەيشكە تەنە قىلىپ

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

شېئىر ئوقۇشقا بۇيرۇيتتى[1]. بۇ ھەقتە ئائىشە (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇرەيشكە قارشى تەنە شېئىر ئوقۇڭلار. چۈنكى شېئىر ئۇلارغا ئوقيا بىلەن ئۇرغاندىنمۇ ئېغىر كېلىدۇ» دەپ ئىبنى راۋاھەگە ئادەم ئەۋەتىپ (چاقىرتىپ كېلىپ) ئۇنىڭغا: «(قۇرەيشكە قارشى) تەنە شېئىر ئوقۇغىن» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىبنى راۋاھە ئۇلارغا قارشى تەنە شېئىر ئوقۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئوقۇغان شېئىرىگە رازى بولمايدۇ. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەئىب ئىبنى مالىككا ئادەم ئەۋەتىدۇ. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسسان ئىبنى سابىتقا ئادەم ئەۋەتىدۇ. ئەلچى ھەسساننىڭ يېنىغا كىرگەن ۋاقتىدا، ھەسسان: سىلەرگە ئۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ئۇرۇدىغان بۇ شىرغا (ئۆزىنى دېمەكچى بولۇشى مۇمكىن) ئادەم ئەۋەتىدىغاننىڭ ۋاقتىمۇ كېلىپتۇ، دەپ تىلىنى چىقىرىپ تىلىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە باشلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: سېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇلارنى تىلىم بىلەن خۇددى تېرىنى تىلغاندەك تىلىۋاتىمەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئالدىرىمىغىن، ئەبۇبەكىر قۇرەيشلەرنىڭ نەسەبلىرىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ئادەم، مېنىڭ نەسەبىممۇ قۇرەيشلەرگە تۇتۇشىدۇ، ئەبۇ بەكىر ساڭا مېنىڭ نەسەبىمنى چىقىرىپ بەرسۇن» دېدى[2]. شۇنىڭ بىلەن ھەسسان ئەبۇبەكرىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئاندىن تەكرار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى اﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا نەسەبىڭنى چىقىرىپ بەردى. سېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سېنى قەرەيشلەرنىڭ ئىچىدىن خۇددى قىل خېمىردىن چىقىرۋېلىنغاندەك چىقىرۋالىمەن، دېدى[3].

ئائىشە (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسسانگە: «سەن اﷲ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى مۇداپىئە قىلغان مۇددەت ئىچىدە جىبرىئىل ساڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىپ تۇرىدۇ»

---

(1) كاپىرلار مۇسۇلمانلارغا تەنە قىلىپ شېئىر ئوقۇغان ئىدى. مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا شىكايەت قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان شائىرلارنى كاپىرلارغا تەنە قىلىپ شېئىر ئوقۇشقا بۇيرۇغان. ت.

(2) يەنى مېنىڭ نەسەبىممۇ قۇرەيشلەرگە تۇتۇشىدۇ، سەن قۇرەيشلەرنىڭ نەسەبىگە نەتە قىلىمەن، دەپ مېنىڭ نەسەبىمگە تەنە قىلىپ سالما، ھەتتا سىنىڭ مېنىڭ نەسەبىمگە تەنە قىلىپ سالماسلىقىڭ ئۈچۈن ئەبۇبەكىر ساڭا مېنىڭ نەسەبىمنى چىقىرىپ بەرسۇن. ت.

(3) يەنى مەن سېنىڭ نەسەبىڭگە ھەرگىزمۇ تىل تەككۈزۈپ سالمايمەن. ت.

دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ھەسسان كاپىرلارغا تەنە شېئىر ئوقىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ (مۆمىنلەرنى) راھەتلەندۈردى ۋە (ئۆزىمۇ) راھەتلەندى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. يەنى ھەسساننىڭ ئوقۇغان شېئىرى بىلەن مۆمىنلەر راھەتلەندى ۋە ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى مۇداپىئە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىمۇ راھەتلەندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرە ھەجنىڭ قازاسىنى[1] قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كىرگەن ۋاقىتدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!):

ئى كاپىر ئەۋلادلىرى! ئۇنىڭ يولىنى بوشۇتىڭلار.

بۈگۈن سىلەر بىلەن قۇرئاننىڭ مۆھكەم ئايىتىگە ئاساسەن ئۇرۇش قىلىمىز.

ئۇ شۇنداق بىر ئۇرۇشكى، باشلارنى ئورنىلىرىدىن ئايرىدۇ.

دوستلارغا دوستلارنى ئۇنۇتتۇرىدۇ.

دەپ شېئىر ئوقۇپ ماڭاتتى. ئۇنىڭغا ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئى ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىمۇ شېئىر ئوقۇپ ماڭامسەن؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەرگە: «ئى ئۆمەر! ئۇنى شېئىر ئوقۇغىلى قويغىن. چۈنكى شېئىر ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوقيا ئېتىلغاندىمۇ تېز تەسىر بېرىدۇ» دېدى.[2]

قوماندانىنىڭ جەڭ مەيدانىدا ئەسكەرلىرىنى باتۇرلۇق قىلىشقا چاقىرىشى، ئۇلارنى ئۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى، ئۇلارنى قۇربان بولۇشقا ۋە (جەڭ مەيدانىدىن) چېكىنىپ كەتمەي مۇستەھكەم تۇرۇشقا چاقىرىشى ۋە ئۇلارغا الله تائالا شەھىدلەرگە ئاتا قىلغان جەننەتتىكى ئېسىل ھاياتلارنى، ئالىي ئورۇنلارنى ۋە مەرتىۋىلەرنى ئارزۇ قىلدۇرۇشى لازىم. الله تائالا شەھىدلەر ھەققىدە مۇنداق دېدى: «الله نىڭ يولىدا شېھىت بولغانلارنى ئۆلۈك دەپ

---

(1) ئۇ ھۇدەيبىيە يىلىسى قىلالمىغان ئۆمرىنىڭ قازاسى ئىدى. ت.

(2) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي ۋە نەسائىي رىۋايەت قىلدى.

گۇمان قىلمىغىن، بەلكى ئۇلار تىرىك بولۇپ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى رىزىقتىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ (يەنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىدىن ئەتىگەن - ئاخشامدا مەڭگۈلۈك رىزىقلاندۇرۇپ تۇرۇلىدۇ). ئۇلار الله نىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن پەزلىدىن خۇرسەندۇر، ئۆزلىرىنىڭ ئارقىسىدىن تېخى يېتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىت بولماي تىرىك قالغان) قېرىنداشلىرىغا (ئاخىرەتتە) نە قورقۇنچ، (دۇنيادىن ئايرىلغانلىقىغا) نە قايغۇ يوق ئىكەنلىكى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ. ئۇلار الله تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەت ۋە پەزلنى، مۆمىنلەرنىڭ ئەجرىنى الله نىڭ بىكار قىلىۋەتمەيدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىشنى تىلەيدۇ[1] »

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇرۇش مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇش ھەققىدە تەشۋىق قىلاتتى. بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇئەۋپا (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە تەشۋىق قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئى خالايىق! دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلماڭلار. الله دىن خاتىرجەملىك سوراڭلار. ئەگەر دۈشمەنلەرگە ئۇچراشساڭلار، چىداملىق بولۇڭلار. بىلىڭلاركى، جەننەت قىلىچىڭلارنىڭ سايىسى ئاستىدا، دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىتابنى چۈشۈرۈپ بەرگۈچى، بۇلۇتلارنى ماڭدۇرۇپ بەرگۈچى، قوشۇنلارنى ھالاك قىلغۇچى ئى الله! ئۇلارنى ھالاك قىلغىن، ئۇلارغا قارشى بىزگە ياردەم ئاتا قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇددى ھۇدەيبىيەدە قىلغىنىدەك بەزى ئەھۋاللاردا ساھابىلاردىن ئۇلارنىڭ جەڭ مەيدانىدىن قېچىپ كەتمەسلىكىگە ياكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۆلۈشكە بەيئەت ئالاتتى. الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلاردىن ھۇدەيبىيەدە ئالغان بەيئەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «الله مۆمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى، (ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ھۇدەيبىيەدە) دەرەخ (سايىسى) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى. الله ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى (يەنى راستلىق بىلەن ۋاپانى) بىلدى، الله ئۇلارغا (ئۇلار بەيئەت قىلىۋاتقاندا) تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلارنى يېقىن غەلىبە (يەنى خەيبەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى) بىلەن ۋە ئۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى. الله غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[2] »

(1) سۈرە ئالى ئىمران 169 ــــ 171 - ئايەتكىچە.

(2) سۈرە فەتھى 18 ــــ 19 - ئايەتلەر.

سەلىمە ئىبنى ئەكۋە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۆلۈشكە بەيئەت بەرگەنلىكىنى خەۋەر بەرگەن.

ئەنەس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئەنسارلار خەندەك كۈنى مۇنداق دېگەن ئىدى:

بىز مۇھەممەدكە بەيئەت بەردۇق. ھايات بولغان مۇددەت ئىچىدە مەڭگۈ بىللە جىھاد قىلىشقا.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىگە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيتتى: ئى الله! ئاخىرەتنىڭ ھاياتىدىن باشقا ھايات يوق. سەن ئەنسار ۋە مۇھاجىرلارنى ئەزىز قىلغىن.

# كاپىرلار بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا سەۋر قىلىش ۋە مۇستەھكەم تۇرۇشنىڭ بايانى

كاپىرلار بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا سەۋر قىلىش ۋە مۇستەھكەم تۇرۇش كاپىرلار ئۈستىدىن غەلبە قىلىشنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرىدۇر. كاپىرلار بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا سەۋر قىلىش ۋە مۇستەھكەم تۇرۇش الله تائالا ئۆزىنىڭ: «ئى مۆمىنلەر! كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (يەنى قاچماڭلار)[1] »دېگەن ئايىتىدە بۇيرۇپ كەلگەن ئىشتۇر. يەنى ئۇلار سان جەھەتتە چىق ۋە تەييارلىقى ئىلغار بولغان تەقدىردىمۇ سىلەر ئۇلاردىن يېڭىلىپ ئارقاڭلارنى قىلىپ قاچماڭلار.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەجرىبىلىك قوماندان ھەتتا دۈشمەن ئەسكەرلەرنىڭ دىللىرىغا ئەندىشە ۋە قورقۇنچ سېلىش، ئۇلارنىڭ سەپلىرىدە قالايمىقانچىلىق ۋە ھۇدۇقۇش پەيدا قىلىش ئۈچۈن دۈشمەن بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان ۋاقتىدا، ئۇلارغا بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. چۈنكى دۈشمەن بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان ۋاقتىدا مۇستەھكەم تۇرۇش كۆپىنچە

(1) سۈرە ئەنفال 15 - ئايەت.

ۋاقتىدا الله تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىنى بىكىتىدۇ. شۇڭا دۈشمەن بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان ۋاقتىدا مۇستەھكەم تۇرۇش ئۇرۇش ئىشلىرىدا بەك مۇھىم ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا دۈشمەننىڭ ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرالمىغان ئادەملەرگە ئەڭ قاتتىق ئازاب بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار (يەنى قاچماڭلار). كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن، بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي![1]»يەنى قانداق ئەھۋال ئاستىدا بولسا بولسۇن دۈشمەننىڭ ئالدىدىن قېچىش توغرا ئەمەس. لېكىن دۈشمەننىڭ ئالدىدىن قېچىپ قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئۈچۈن، ياكى دۈشمەنگە قاتتىق بىر زەربە بېرىش مەقسىتى بىلەن قاچقاندەك كۆرۈنۈپ ئۇنى ئالداپ بىر يەرگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بولسا توغرا بولىدۇ. چۈنكى ئۇرۇشتا دۈشمەنگە تاكتىكا ئىشلىتىپ ئۇلارنى ئالداش توغرا ۋە يولغا قويۇلغان بىر ئىشتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇرۇش تاكتىكىدۇر» دېگەن.[2]

شۇنىڭدەك يەنە خۇددى خالىد ئىبنى ۋەلىد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قىلغاندەك باشقا بىر يەردە ئۇرۇش قىلىۋاتقان ۋە ياردەمگە ئېھتىياجى بار بىر مۇسۇلمان قوشۇننىڭ سېپىغا قېتىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشنى تاشلاپ دۈشمەننىڭ ئالدىدىن قايتىپ چىقىش توغرىدۇر. خالىد ئىبنى ۋەلىد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئىراقتا پارىسلار (يەنى ھازىرقى ئىرانلىقلار) بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىدى. ئۇنى خەلىپە ئەبۇبەكىر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇ يەردىكى ئۇرۇشنى تاشلاپ شامدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىغا قېتىلىشقا بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن خالىد ئىبنى ۋەلىد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئەبۇبەكىرنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ ئەسكەرلىرى بىلەن شامدا ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىغا قېتىلىش ئۈچۈن ئىراقتىكى ئۇرۇشنى تاشلاپ قايتىپ كېلىدۇ.

(1) سۈرە ئەنفال **15** ــــ **16** ـ ئايەتلەر.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# رەتلىك چېكىنىش

**مەزكۇر ئايەتنىڭ مەنىسىدىن: يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھالەتلەردە يەنى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى ياردەم تىلەش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە دۈشمەن ئالدىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىپ، ئەسكەرلىرىنى قايتا رەتلەپ چىقىپ دۈشمەنگە ئىككىنچى قېتىم قايتا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن دۈشمەن ئالدىدىن رەتلىك ھالدا چېكىنىپ مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىنىڭ يېنىغا قاچقان ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېيىش مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى تەپسىرشۇناسلار: «اللہ تائالانىڭ: «(ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە» دېگەن ئايىتىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى تەرەپكە قاچقان كىشى مەقسەت قىلىنىدۇ، شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئايەتتىن بۈگۈنكى كۈندە باشلىقى ۋە سەبداشلىرى تەرەپىگە قاچقان كىشىمۇ مەقسەت قىلىنىدۇ» دېدى. چۈنكى ساھابىلار (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇ مۇتە ئۇرۇشىدا مۇشۇنداق ھالدا دۈشمەن ئالدىدىن چېكىنىپ چىققان. ساھابىلار (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مەزكۇر ئۇرۇشتا سانى 100 مىڭدىن ئارتۇق بىر توپ رۇم ئەسكەرلىرىگە دۇچ كېلىپ قالىدۇ. ئۇ ئۇرۇشتا ساھابىلارنىڭ سانى ئۈچ مىڭ ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ساھابىلار رۇم ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ ۋە تاكى ساھابىلارنىڭ ئۈچ دانە قوماندانى: جەئپەر ئىبنى ئەبۇتالىب، زەيد ئىبنى ھارىس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە قاتارلىقلار شەھىد قىلىنىپ كەتكەنگە قەدەر ساھابىلار (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) رۇم ئەسكەرلىرى ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ ئۇرۇشنى داۋام قىلىدۇ. مەزكۇر ئۈچ قوماندان شەھىد قىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن قوماندانلىقنى خالىد ئىبنى ۋەلىد تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. خالىد ئىبنى ۋەلىد (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ساھابىلارنى دۈشمەن ئالدىدىن رەتلىك ھالدا چېكىندۈرۈپ ساق - سالامەت مەدىنىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇلار مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدا كىشىلەر ئۇلارنىڭ بېشىغا توپا چېچىشقا ۋە: ئى قاچقۇچىلار! اللہ تائالانىڭ يولىدىن قېچىپ كەلدىڭلار، دېيىشكە باشلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار قاچقۇچى ئەمەس. لېكىن سىلەر (يەنى ئەسكەرلەرنى دېمەكچى) اللہ تائالا خالىسا تەكرار ئۇرۇشقا ئۆتكۈچىلەردۇرسىلەر» دېدى.**

ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەۋەتكەن بىر قوشۇننىڭ ئىچىدە بار ئىدىم. كىشىلەر قېچىش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشتى. مەنمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدىم. ئاندىن بىز: بىز ئۇرۇشتىن قاچتۇق ۋە اللە نىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان ھالدا قايتۇق، بىز ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ دېيىشتۇق. كېيىن بىز مەدىنىگە بېرىپ بۇ كېچىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئۆزلىرىمىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆرسەتسەك، ئەگەر بىزنىڭ (ئۆتكۈزگەن بۇ خاتالىقىمىزغا) تەۋبە بولسا تەۋبە قىلساق، ئەگەر تەۋبە بولمىسا، (كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن) قايتا كەلسەك، دېيىشىپ (مەدىنىگە قاراپ ماڭدۇق)، بىز مەدىنىگە بامدات نامىزىدىن ئاززاق بۇرۇن يېتىپ كەلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ: «بۇ ئادەملەر كىملەر؟» دېدى. بىز: «ئۇرۇشتىن قېچىپ كەلگەنلەر» دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق ئەمەس. ئەكسىچە سىلەر قايتا ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان ئادەملەرسىلەر. مەن (قوشۇلۇش ئۈچۈن تەرىپىگە قېچىشقا بولىدىغان) سىلەرنىڭ مۇسۇلمانلار جامائەتىڭلاردۇرمەن. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ (قوشۇلۇش ئۈچۈن تەرىپىگە قېچىشقا بولىدىغان) مۇسۇلمانلار جامائەسىدۇرمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى سۆيدۇق، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە الله تائالانىڭ: «كىمكى قايتا ئۇرۇشۇش ياكى (ياردەم تىلەش) ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە بىر تەرەپكە يۆتكىلىش قىلماستىن، بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ» دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ بەردى[1].[2]

ئۇرۇشتا غەلبىنى قازاندۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل بولسا، خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەۋر مۇسىبەتنىڭ بېشىدا بولۇشى كېرەك»[3]دېگىنىگە ئوخشاش دۈشمەن بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان ۋاقىتتا دۈشمەن ئالدىدا چېكىنمەي مۇستەھكەم تۇرۇشتۇر.

يۇقىرىدىكى ئايەتتە بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن قايتا ئۇرۇشۇش ياكى ياردەم تىلەش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە قېچىشتىن ئىبارەت

(1) يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىلەر ياردەم تىلەش ئۈچۈن مۇسۇلمانلار جامائەسىگە قوشۇلۇش مەقسىتىدە قاچقان كىشىلەردۇرسىلەر، دېمەكچىدۇر. بۇ مەقسەت بىلەن قاچقانلار الله تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىمايدۇ. ت.

(2) ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي قاتارلىقلار رىۋايىتى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئىككى ھالەتتىن باشقا ھالەتلەردە ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنىپ چىقىش توغرا ئەمەس. ئۇرۇش مەيدانىدىن چېكىنىپ چىققان ۋاقتىدا ھەتتا قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈش ۋە ئۇرۇشنى قايتىدىن باشلاش ئۈچۈن چېكىنىشنىڭ رەتلىك بولۇشى لازىم. ئەمما چېكىنىش بىرەر مەقسەت ئۈچۈن ياكى رەتلىك بولماستىن ھەر ئەسكەر ئۆزىنىڭ كاللىسى بويىچە بولسا، بۇ ھالدا ئۇ چېكىنىش الله تائالانىڭ: «بەلكى دۈشمەنگە ئارقىسىنى قىلىدىكەن (يەنى قاچىدىكەن)، ئۇ ھەقىقەتەن الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ. دوزاخ نېمىدېگەن يامان جاي![1] »دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ھارام قىلىنغان قېچىش ھېسابلىنىدۇ. ئىبنى كەسىر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە مۇنداق دېدى: ئۇرۇشتىن قېچىش مەزكۇر سەۋەبلەردىن بىرەر سەۋەب ئۈچۈن بولمىسا ھارامدۇر ۋە چوڭ گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئادەمنى ھالاك قىلغۇچى يەتتە تۈرلۈك ئىشتىن ساقلىنىڭلار» دېدى. ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار قايسىلار؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «الله تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، الله ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغان جاننى ناھەق ئۆلتۈرۈش، جازانىنى يېيىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش، ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىش ۋە ئىپپەتلىك ۋە پاك مۆمىن ئاياللارغا تۆھمەت چاپلاش قاتارلىقلاردۇر» دەپ جاۋاب بەردى.

## ساھابىلارنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشلىرى

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ساھابىلار (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئۇرۇشقا كىرگەن ھەر بىر ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەردىن سان جەھەتتە بەك ئاز ۋە تەييارلىق جەھەتتە بەك تۆۋەن ئىدى. ئۇلار شۇنداق ھالەتتە ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ سانى نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولغان تەقدىردە بولسىمۇ دۈشمەنلىرىنىڭ ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا بۇيرۇلغان ئىدى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئى پەيغەمبەر! مۆمىنلەرنى (مۇشرىكلار بىلەن) ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن، ئەگەر سىلەردە چىداملىق 20 ئادەم

(1) سۈرە ئەنفال 16 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

بولـدىغان بولسا، (دۈشمەندىن) 200 نى يېڭەلەيدۇ؛ ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، كاپىرلاردىن 1000 نى يېڭەلەيدۇ؛ چۈنكى ئۇلار (جاھىل) قەۋم بولۇپ، (اللە نىڭ ھېكمىتىنى) چۈشەنمەيدۇ[1]» كېيىن اللە تائالا ئۇلاردىن بۇ بۇيرۇقنى بىر ئاز يەڭگىللىتىپ بەردى. چۈنكى ئىسلام دىنى رەھمەت ۋە قىيىنچىلىق ئەمەس بەلكى ئاسانچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان دىندۇر. اللە تائالا ئۇلاردىن ئۇ بۇيرۇقنى يەڭگىللىتىپ مۇنداق دېدى: «اللە ئەمدى سىلەرنىڭ (يۈكۈڭلارنى) يېنىكلەتتى، سىلەرنىڭ ئاجىزلىقىڭلارنى بىلدى، ئەگەر سىلەردە چىداملىق 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، 200 (دۈشمەن) نى يېڭەلەيدۇ، ئەگەر سىلەردە (چىداملىق) 1000 ئادەم بولىدىغان بولسا، اللە نىڭ ئىزنى بىلەن 2000 (دۈشمەن) نى يېڭەلەيدۇ. اللە چىداملىقلار بىلەن بىللىدۇر[2]»

شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇددى بەدىر ئۇرۇشىدىمۇ قىلغىنىدەك ساھابىلىرىنى دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىدا دۈشمەن ئالدىدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدىر ئۇرۇشىدا ئۇرۇش مەيدانىغا ساھابىلارغا مۇنداق دېگەن ھالەتتە چىقتى: «كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەت ئۈچۈن تورۇڭلار». ئەنسارىلاردىن بولغان ئۇمەير ئىبنى ھۇمام (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! كەڭلىكى ئاسمان ـ زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتمۇ؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئەنسارى: پاھ! پاھ! دەپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «پاھ! پاھ! دەپ كەتتىڭغۇ؟» دېدى. ئۇ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەن جەننەتكە كىرىشكە لايىق بولغانلاردىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىپ شۇنداق دېدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شەكسىز سەن ئۇنىڭغا كىرىشكە لايىق بولغانلاردىن» دېدى. ئاندىن ئۇ ساھابى ئوقدانىدىن بىر نەچچە تال خورمىلارنى چىقىرىپ يەپ تۇرۇپ: مەن ئۈچۈن بۇ خورمىلارنى يەپ بولغىچە ياشاش ئۇزۇن بىر ھاياتتۇر، دەپ خورمىلارنى تاشلىۋېتىپ مۇشرىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ شەھىد قىلىندى.[3]

غەلبە قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى يەنە كۆنۈمىزدە <ستراتىگىيلىك>

---

(1) سۈرە ئەنفال 65 ـ ئايەت.

(2) سۈرە ئەنفال 66 ـ ئايەت.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

دەپ ئاتىلىدىغان دۈشمەنىنىڭ مۇھىم نوقتىسى بولغان يەرلەرگە زەربە بېرىشكە ئالدىراشتۇر. اﷲ تائالا بۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇ ئايىتىدە ئىشارەت قىلدى: «اﷲ دىن قورققۇچىلاردىن بولغان، اﷲ نىڭ (ئىمان بىلەن تائەتتىن ئىبارەت) نېمىتىگە ئېرىشكەن ئىككى ئادەم (يەنى كالب ئىبن يەفۇننە بىلەن يۇشە ئىبن نۇن) ئۇلارغا: «(شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىڭلار، (شەھەرنىڭ) دەرۋازىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرسەڭلار، چوقۇم غەلىبە قىلىسىلەر، ئەگەر اﷲ نىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىگە) ئىشەنسەڭلار، اﷲ غا تەۋەككۇل قىلىڭلار» دېدى[1]» يەنى سىلەر دۈشمەنلىرىڭلارغا ھۇجۇم قىلىڭلار ۋە سىلەر ھۇجۇمنى ئۇلار ساقلىنىدىغان شەھەرنىڭ دەرۋازىسى بولغان ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قارىتىڭلار. ئەگەر سىلەر ستراتېگىيىلىك شۇ يەرگە زەربە بېرەلىسەڭلەر ۋە ئۇ دەرۋازىنى بۇزۇپ تاشلىيالساڭلار، دۈشمەنلىرىڭلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان بولىسىلەر.

## غەلىبە قىلىشنىڭ مەنىۋى سەۋەبلىرى تەۋەككۇل قىلىش بىلەن دۇئا قىلىش ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان اﷲ تائالانىڭ: «ئەگەر اﷲ نىڭ ۋەدە قىلغان ياردىمىگە) ئىشەنسەڭلار، اﷲ غا تەۋەككۇل قىلىڭلار» دېدى» دېگەن ئايىتى، مەنىۋى سەۋەبلەرنى قىلىشنىڭمۇ لازىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەنىۋى سەۋەبلەر بولسا خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدرى ئۇرۇشىدا قىلغاندەك ھېچقانداق شېرىكى يوق اﷲ غا تەۋەككۇل قىلىش ۋە اﷲ تائالانىڭ غەلىبە بېرىشىنى ۋە ئۇنىڭ ياردىمىنى تىلەپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. اﷲ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدرى ئۇرۇشىدا دۇئا قىلغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، اﷲ: «سىلەرگە ئارقىمۇ ــ ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى. اﷲ سىلەرگە پەقەت (غەلىبە قىلىدىغانلىقىڭلارغا) بىشارەت بېرىش ۋە كۆڭلۈڭلارنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈنلا ياردەم بەردى. ياردەم پەقەت اﷲ تەرىپىدىنلا كېلىدۇ. اﷲ ھەقىقەتەن

(1) سۈرە مائىدە 23 ـ ئايەت.

غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[1] »

بۇ ھەقتە ئىبنى ئاببا (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەدىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلاغا قارىدى. ئۇلارنىڭ سانى 1000 ئىدى. ساھابىلىرىنىڭ سانى بولسا 319 ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىبلە تەرەپكە قاراپ قولىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ: « ئى اللە! ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى ئەمەلگە ئاشۇرساڭ، ئى اللە! ماڭا ۋەدە قىلغان نەرسەڭنى بەرسەڭ، ئى اللە! مۇسۇلمانلاردىن بولغان بۇ گۇرۇھ ھالاك بولۇپ كەتسە، يەر يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىنمايدۇ. (يەنى يەر يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم قالمايدۇ)» دەپ پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تونى دولىسىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئەبۇبەكىر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ تونىنى ئېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دولىسىغا ئارتىپ قويدى ۋە: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! پەرۋەردىگارىڭغا قىلغان دۇئايىڭ ساڭا يېتەرلىكتۇر. شەكسىز اللە تائالا ساڭا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بېرىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا: « ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، اللە: « سىلەرگە ئارقىمۇ ــ ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن» دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى[2] » دېگەن ئايەتلىرىنى چۈشۈردى.

دۈشمەن ئۈستىدىن غەلبە قىلىشنى خالىغان ھەرقانداق بىر مىللەت ئەسكەر ۋە قورال - ياراق جەھەتتىن تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، ماددىي سەۋەبلەرنى تولۇقلاپ بولغاندىن كېيىن اللە تائالاغا يېلىنىپ اللە تائالادىن غەلبە ۋە ياردەم تىلەپ دۇئا قىلىشى لازىم. بولۇپمۇ اللە تائالا يولىدا جىھاد قىلىدىغانلارنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدا كاپىرلار بىلەن ئۇچرۇشۇش ئالدىدا تۇرغان ۋاقتىدا اللە تائالاغا قاتتىق يېلىنىپ دۇئا قىلىشى لازىم. بۇ ئورۇندا قىلىنغان دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇش ئېھتىمالى ناھايىتى كۈچلۈكتۇر. چۈنكى ئۇرۇش مەيدانى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ئورۇنلارنىڭ بىرىدۇر. اللە تائالا بۇ ئورۇندا

(1) سۈرە ئەنفال 9 ــ 10 - ئايەتلەر.

(2) سۈرە ئەنفال 9 - ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارنىڭ ئۆزىنى ئولتۇرۇپ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلسۇن! دەپ تىكىپ بەرگەن چېدىرنىڭ ئىچىدە ئازراقلا ئۇخلىغاندىن كېيىن بېشىنى: «ئى ئەبۇبەكرى! ساڭا اللە تائالانىڭ ياردىمى كېلىدۇ. بۇ جىبرىئىل ئاتىنىڭ يۈگىنىدىن تۇتۇپ ئۇنى تۇپا ـ تۇزاڭنىڭ ئىچىگە تارتىۋاتىدۇ» دېگەن ھالەتتە كۆتۈرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىمام بۇخارى (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىبنى ئابباس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدىر كۈنى: «بۇ جىبرىئىل ئۇستىدە ئۇرۇش سايمانلىرى بار ھالدا ئېتىنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇپ تۇرىۋاتىدۇ» دېدى ئاندىن (چېدىردىن ساھابىلارنىڭ يېنىغا چىقىپ) اللە تائالانىڭ: «(مۇشرىكلار) توپى مەغلۇپ قىلىنىدۇ، ئارقىغا قاراپ قاچىدۇ[1]»دېگەن ئايىتىنى ئوقىدى. ئاندىن ئۇرۇش بولىدىغان مەيدانغا چۈشۈپ مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئۆلۈپ يىقىلىدىغان ئورۇنلىرىنى كۆرسىتىپ: «مانا بۇ پالانىنىڭ يىقىلىدىغان ئورنى» دەپ قولىنى يەرگە قويدى. ئۇلار «ماۋۇ ـ ماۋۇ» (يەرلەرگە يىقىلىدۇ) دېدى. بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: «اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار (يەنى مۇشرىكلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى قويۇپ كۆرسىتىپ بەرگەن يەرلەردىن ئازراقمۇ ئۇياققا ياكى بۇياققا بولۇپ كەتمەي (شۇ يەرنىڭ ئۆزىگىلا) يىقىلدى.»

## مەغرۇرلۇق ۋە ئەجەبلىنىشتىن ساقلىنىشنىڭ لازىملىقىنىڭ بايانى

مۇجاھىدلار قولىدىكى بار ماددىي قۇۋۋىتى، سانىنىڭ كۆپلىكى ۋە قورال ـ ياراقلىرىنىڭ ئىلغارلىقى بىلەن مەغرۇرلىنىپ ۋە ئەجەبلىنىپ كەتمەسلىكى لازىم. چۈنكى ساھابىلار (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ھۆنەين ئۇرۇشىدا (شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن) قاتتىق بىر دەرس ۋە ئاچچىق بىر ساۋاق ئالغان ئىدى. مەككە پەتھى بولغاندىن كېيىن ئىسلام بايرىقىنىڭ مەككە تۇپراقلىرىدا لەپىلدىشى ۋە مەككىدىكى بۇتلارنىڭ چېقىلىپ پارچە ـ پارچە قىلىنىشلىرى بۇتپەرەس ئەرەبلەرگە ئېغىر كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تائىپتىكى مۇشرىك

(1) سۈرە قەمەر 45 ـ ئايەت.

قەبىلىلىرىنىڭ باشلىقلىرى ھەۋازىن قەبىلىسىنىڭ باشلىقى مالىك ئىبنى ئەۋف ئەننەسرىينىڭ باشچىلىقىدا بىر يەرگە توپلاندى ۋە ئۇلار پۈتۈن كۈچلىرىنى مەككە بىلەن تائىپنىڭ ئارىسىدا، ئەراپاتنىڭ ئارقىسىدا ھۇنەين جىلغىسىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدىغان بىر يەرگە توپلىدى. بۇلارنىڭ توپلانغانلىقىنى بىلگەن ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى پەتھى قىلىشقا قاتناشقان 10 مىڭ مۇسۇلمان ۋە مەككىدىن ئۇلارغا قېتىلغان 2000 ئادەمنى ئېلىپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىمۇ ـ ئارقا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى بەزى مۇسۇلمانلارنى شۇ كۈنى ئۆزىنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكى بىلەن مەغرۇرلىنىشقا ۋە ئەجەبلىنىشكە ئېلىپ بارغاندى. ھەتتا ئۇلار: بىز بۇ گۈن سانىمىز ئاز كېلىپ قېلىپ يېڭىلىپ قالمايمىز، دېيىشكەندى. كاپىرلار جىلغىدا مۇسۇلمانلاردىن بۇرۇن كېلىپ جىلغىنىڭ كاۋاكلىرىغا ۋە ئۇنىڭ تۇشۇكلىرىگە يوشۇرۇنۇۋالغان ئىدى. ئۇرۇش باشلانغان ۋاقىتتا ئۇلار تۇيۇقسىز چىقىپ مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ تۇيۇقسىز ھۇجۇم سەۋەبى بىلەن نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمانلار ئۇرۇش مەيدانىنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ (جىلغىنىڭ) ئوڭ تەرىپىگە يۆتكىلىپ كىشىلەرنى: ئى خالايىقلار! مەن تەرەپكە كېلىڭلار، مەن الله نىڭ پەيغەمبىرى، مەن ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد، دەپ چاقىرىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ چاقىرىقىغا قۇلاق سالغان ئۇنىڭ قېشىدا قالغان بىر تۈركۈم مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار، ئۆزىنىڭ جەمەتىدىكىلەر، ئەبۇبەكىر، ئۆمەر، ئەلى، ئابباس، ئەبۇسۇفيان ئىبنى ھارىس ۋە ئۇسامە ئىبنى زەيد قاتارلىق (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) كىشىلەردىن باشقا بىرەر كىشىمۇ بولمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاق قېچىرىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېچىرىنى كاپىرلار تەرىپىگە دەۋەتىشكە باشلىدى. ئەبۇسۇفيان ئىبنى ھارىس ھەتتا قېچىرىنىڭ تېز مېڭىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ نوقتىسىنى تۇتۇۋالغان ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابباسقا: «ئى ئابباس! سۇمرە دەرىخى ئىگىلىرىنى چاقىرغىن» دېدى. ئۇ دەرەخ ئاستىدا ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا <رىزۋان بەيئەتى> نى بەرگەن دەرەخ ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاببىاس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئاۋازىنى يۇقىرى قىلىپ تۇرۇپ: سۇمرە دەرىخى

ئاستىدا بەيئەت قىلغانلار قەيەردە قالدى؟ دېدى. ئابباس مۇنداق دەيدۇ: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، كىشىلەر مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىغان ۋاقتىدا خۇددى كالا بالىسى تەرەپكە بۇرۇلغاندەك بۇرۇلۇپ: بىز سېنىڭ بۇيرۇقىڭغا بويسۇنىمىز، بىز سېنىڭ بۇيرۇقىڭغا بويسۇنىمىز! دېيىشىپ قايتىپ كېلىشىپ كاپىرلار بىلەن بولغان ئۇرۇشنى قايتىدىن باشلاپ كەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قولىغا بىر نەچچە تال شېغىل تاشنى ئېلىپ كاپىرلارنىڭ يۈزىگە قارىتىپ ئاتتى ۋە: «مۇھەممەدنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (ئى كاپىرلار!) سىلەر يېڭىلىسىلەر» دېدى. اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارغا ئۇ نەچچە تال شېغىل تاشنى ئاتا ـ ئاتماستىنلا تاكى اللە تائالا ئۇلارنى مەغلۇب قىلغانغا قەدەر ئۇلارنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىششقا ۋە ئىشلىرىنىڭ تەتۈرگە قاراپ مېڭىشۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئاندىن اللە تائالا ئۆزىنىڭ بۇ ئايىتىنى چۈشۈردى: «اللە سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەين كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلىكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇب بولمايمىز دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12 مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 ئىدى)، سانىڭلارنىڭ كۆپلىكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورققىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇب بولۇپ، رەسۇلۇللانى ئازغىنا مۆمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار. ئاندىن اللە پەيغەمبىرىگە ۋە مۆمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، سىلەرگە قوشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار)، اللە كاپىرلارنى (ئۆلتۈرۈلۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش بىلەن) ئازابلىدى، كاپىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇ[1]»

# تەكبىر ئېيتىش اللە تائالانى ياد ئېتىشنىڭ بايانى

اللە تائالا يولىدا ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ <ئەللاھۇ ئەكبەر> دەپ تەكبىر ئېيتىش ۋە تەسبىھ ئېيتىش بىلەن اللە تائالانى كۆپ ياد ئېتىشى، ئۆزىنىڭ

(1) سۈرە تەۋبە 25 ـــ 26 ـ ئايەتلەر.

الله تائالانىڭ ياردىمىگە ۋە غەلىبىسىگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشى ۋە كىشىلەرگە ئۆزىنى كۆرسىتىشتىن، رىياخورلۇقتىن، تەكەببۇرلۇقتىن ۋە ساختا چوڭچىلىقتىن يىراق تۇرۇشى لازىم. الله تائالا مۇشۇنداق ناچار ئىللەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۇشمەن قوشۇنغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن الله نى كۆپ ياد ئېتىڭلار. (پۈتۈن سۆز ـ ھەرىكەتلىرىڭلاردا) الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۇشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ ـ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ، سەۋر قىلىڭلار، الله ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر. يۇرتلىرىدىن چوڭچىلىق ۋە رىيا بىلەن چىققان كىشىلەر (يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى) گە ئوخشاش بولماڭلار، ئۇلار (كىشىلەرنى) الله نىڭ يولىدىن توسىدۇ، الله ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلگۈچىدۇر[1]»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش مەيدانىدا كاپىرلار بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىدا <ئەللاھۇ ئەكبەر> دەپ تەكبىر ئېيتىشنى خەيبەر ئۇرۇشىدا يولغا قويغان ئىدى. بۇ ھەقتە ئەنەس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرلىكلەرنىڭ ئۈستىگە ئەتىگەندىلا بېسىپ كېلىدۇ. ئۇلار (ئەتىگەندە) دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى مۆرىلىرىگە ئېلىپ چىقىدۇ ـ دە كۆز ئالدىلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ: مۇھەممەد ۋە ئەسكەرلەر، مۇھەممەد ۋە ئەسكەرلەر! دېيىشىپ (قېچىپ) سېپىلنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوللىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ: «ئەللاھۇ ئەكبەر، خەيبەردە ئىش ـ ھەرىكەت توختىدى. ھەقىقەتەن بىز بىر قەۋمنىڭ ھويلىسىغا چۈشكەن چاغدا، ئاگاھلاندۇرۇلغۇچىلارنىڭ ئەتىگىنى نېمىدېگەن يامان!» دېدى.[2]

## ئۇرۇش

بىز ئۇرۇشنى باشلىغان ۋاقتىمىزدا، پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىزنى دۇشمەننى

(1) سۈرە ئەنفال 45 ــــ 47 ـ ئايەتكىچە.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ۋەيران قىلىشقا قارىتىشىمىز ۋە قانداق ۋاستە بىلەن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر دۈشمەنىنىڭ ئادەملىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئۆلتۈرۈشىمىز لازىم. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئۆزەڭلارغا يېقىن جايدىكى كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار (يەنى سىلەرگە خەتەر بولماسلىق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كۇففارلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار)، سىلەرنى ئۇلار قاتتىق ھېس قىلسۇن (يەنى ئۇرۇش ئۈستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇڭلار، ئۇلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمىسۇن)، بىلىڭلاركى، الله تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى الله تەقۋادارلارغا مەدەتكاردۇر)[1]» «ئەگەر ئۇرۇشتا ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلساڭ، ئارقىدىكىلىرىنىڭ قېچىشى ۋە ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق جازالىغىن (يەنى ئۇلارنى باشقىلارغا ئىبرەت قىلغىنكى، ئۇلارنىڭ سەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا دەرمانى قالمىسۇن)[2]» يەنى ئەگەر سەن ئۇرۇش مەيدانىدا كاپىرلار ئۈستىدىن غەلبە قىلساڭ، ئۇرۇشتا ئۇلارغا قوپاللىق قىلغىن، قاتتىق قوللۇق قىلغىن ۋە ئۇلارغا شۇنداق بىر زەربە بەرگىنكى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا دۈشمەنلىرى بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن.

ئەگەر كاپىرلارنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە ياكى ئۇلارنى سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىشكە ياكى ئۇلارنىڭ دەل ـ دەرەخلىرىنى كېسىپ تاشلاشقا، ئۆيلىرىنى بۇزۇپ تاشلاشقا ۋە زاۋۇت ـ فابرىكىلىرىنى پارتلىتىشقا توغرا كېلىپ قالسا، شۇ ئىشلارنى قىلىش توغرىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ بەنى نەزىرنىڭ خورمىلىقىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان ئىدى. بۇ ھەقتە الله تائالا بۇ ئايىتىنى چۈشۈرگەن: «(ئى مۇسۇلمانلار!) سىلەر مەيلى (بەنى نەزىرنىڭ) خورمىلىرىنى كېسىڭلار، مەيلى ئۇنى بۇرۇنقى پېتى ئۆرە قالدۇرۇڭلار، ھەممىسىگە الله رۇخسەت قىلىدۇ، (اللەنىڭ مۇنداق رۇخسەت قىلىشى) اللەنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلارنى (يەنى يەھۇدىيلارنى) رەسۋا قىلىش ئۈچۈندۇر[3]»

ئۇرۇشنىڭ بېشىدا ئەگەر زۆرۈر بولۇپ قالمىغان تەقدىردە كاپىرلارنى ئەسىر ئېلىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش ياخشى ئەمەس. بىزنىڭ ئۇرۇشنىڭ بېشىدا پۈتۈن كۈچىمىزنى دۈشمەننى ئاجىزلىتىشقا ۋە ئۇنى خانى ـ ۋەيران قىلىشقا قارىتىشىمىز لازىم. الله تائالا بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ

(1) سۈرە تەۋبە 123 ـ ئايەت.

(2) سۈرە ئەنفال 57 ـ ئايەت.

(3) سۈرە ھەشر 5 ـ ئايەت.

مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۆمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئەتىنى كۆزلەيسىلەر، اللہ سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. اللہ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. اللہ نىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلىسى بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار[1]»

مەزكۇر ئايەتتىكى اللہ تائالانىڭ: «پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: ھەتتا دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن ناھايىتى كۆپ ئۆلتۈرگەنگە قەدەر (فىدىيە ئېلىش ئۈچۈن كاپىرلارنى ئەسىر ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى). چۈنكى كاپىرلارنى كۆپ ئۆلتۈرۈش زېمىندا ئۇلارنىڭ كۈچىنىڭ ئاجىزلىششقا ۋە ئىسلام كۈچىنىڭ كۈچلىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. مەزكۇر ئايەتلەر بەدىر ئۇرۇشىدا چۈشكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار كۈچ تېپىپ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كۈچلەنگەندىن كېيىن اللہ تائالا ئۇلارغا بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: «سىلەر كۇففارلارغا (جەڭ مەيدانىدا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەر ئۇلارنى قىرىپ (مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلاردا سىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچ قالمىغان چاغدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توختاپ)، ئۇلارنى ئەسىر ئېلىڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار، تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغانغا قەدەر (يەنى ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر) ئىش مانا شۇنداقتۇر[2]»

مانا بۇ اللہ تائالا يولغا قويغان ئۇرۇش ۋە ئەسكەرگە ئالاقىدار مۇھىم پىرىنسىپلەردۇر. بۇ پىرىنسىپ ئەگەر مۇسۇلمانلار دۈشمىنىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ۋە دۈشمەننىڭ سېپىدىكى ئاجىز نوقتىنى بىلىشكە ئېھتىياجى چۈشۈپ دۈشمەن ئەسكەرلىرىدىن بىر نەچچە كىشىنى ئەسىر ئېلىشقا

(1) سۈرە ئەنفال 67 ـــ 68 ـ ئايەتلەر.

(2) سۈرە مۇھەممەد 4 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

زوّروْر بولۇپ قالسا، ئۆلارنى ئەسىر ئېلىشتىن چەكلىمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام شەرىئەتىدە قىلىش زوّروْر بولۇپ قالغان ئىشنىڭ ئايرىم ھۆكۈملىرى بار. ھۆكۈملەرنىڭ يولغا قويۇلىشى زوّروْرىيەتكە قارىتا بولىدۇ. قولغا چۈشۈرگەن ئەسىرلەردىن دۈشمەننىڭ ئەھۋالىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلارنى سوراقىقا تارتىش توغرا ۋە يولغا قويۇلغان ئىشتۇر. بۇنى ساھابىلار (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇ بەدىر كۈنى ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن قىلغاندۇر. مۇسۇلمانلار بەدىرگە كېلىپ چۈشكەن ۋاقتىدا ئۇ يەرگە قۇرەيشىنىڭ (ئەسكەرلىرىگە) سۇ توشۇيدىغانلار كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەججاج جەمەتىنىڭ قارا تەنلىك بىر قۇلىمۇ بار ئىدى. ساھابىلار ئۇ قۇلنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭدىن ئەبۇسۇفيان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھەققىدە سۇئال سوراشقا باشلىدى. ئۇ قۇل: مەن ئەبۇسۇفيان ھەققىدە بىر نەرسە بىلمەيمەن، لېكىن ئەبۇجەھىل، ئۇتبە، شەيبە ۋە ئۇمەييە ئىبنى خەلەپلەر ھەققىدە بىر نەرسە بىلىمەن، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ قۇل بۇ جاۋابنى بەرگەن ۋاقىتدا ساھابىلار ئۇنى ئۇردى. كېيىن ئۇ: شۇنداق مەن سىلەرگە ئەبۇسۇفيان ھەققىدە بىر نەرسە خەۋەر بېرەي، دېدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆرە تۇرۇپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشنى كۆرۈپ (ساھابىلارنىڭ يېنىغا) كېلىپ: «جېنىم قولىدا بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ سىلەرگە راست گەپ قىلسا، ئۇنى ئۇرۇسىلەر، ئۇ سىلەرگە يالغان گەپ قىلسا، ئۇنى قويۇۋېتىسىلەر» دېدى.[1]

# ئاجىزلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى

ئۇرۇشقا بىۋاستە قاتناشمىغان ۋە بىۋاستە بولمىسىمۇ دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ياردىمى سۇنۇلمايدىغان كىچىك باللارنى ۋە ياشىنىپ قالغان ئاجىز كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشتىن يىراق تۇرۇشىمىز ۋە ساقلىنىشىمىز لازىم. دۈشمەننىڭ ئۆلۈكلىرىنىڭ جەسەتلىرىنىڭ بۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى كېسىۋېتىشتىن ۋە تىلىۋېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. چۈنكى ئۆلۈكلەرنىڭ جەسەتلىرىنى شۇنداق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئازابلاش توغرا ئەمەستۇر. ھەتتا ھايۋانلارغىمۇ شۇنداق قىلىش توغرا ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە سەئىد ئىبنى جۇبەير

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىبنى ئۆمەر بىلەن بىللە ئىدىم. ئۇلار (يەنى بىز) بىر توخنىنى تۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۇنىڭغا ئوقيا ئېتىۋاتقان بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ قېشىدىن ئۆتتۇق. ئۇلار ئىبنى ئۆمەرنى كۆرۈپ توخنىنىڭ يېنىدىن يىراقلاشتى، ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): بۇ ئىشنى كىم قىلدى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق ئىشنى قىلغانلارغا لەنەت ئېيتقان، دېدى.»

ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشتىن ۋە ئۆلۈكلەرنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى كېسىۋېتىشتىن توسقان» دېدى.

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «بىز دۈشمەنلەرنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەھدىگە خىيانەت قىلىشتىن ياكى دۈشمەندىن ئۆلجا ئېلىۋالغان نەرسىلەرگە خىيانەت قىلىشتىن، ياكى ئۇلارنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى كېسىۋېتىشتىن چەكلەندۇق. ئەمما دۈشمەنلەرنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلىشتىن بۇرۇن بۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلىش گۇناھ ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە بىز ئايال كىشىنى، بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنى، ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان ياشىنىپ قالغان ئادەمنى، كورنى، ئولتۇرۇپ قالغان ئادەمنى، ئاجىزلارنى، ئەقلى ئاجىز كىشىلەرنى ۋە كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان راھىب ۋە چىركاۋلاردىكى ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈشتىن توسالدۇق. ئەگەر مەزكۇر كىشىلەر پادىشاھ ياكى ئۇرۇشقا قاتناشقان ياكى ئۇرۇش ئىشلىرىدا پىكىر بېرىدىغان، ياكى پۇل ـ مال بىلەن ياردەم قىلىدىغان ئادەملەر بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش توغرىدۇر. مەزكۇر كىشىلەرگە ئوخشاش ئۆلتۈرۈش توغرا ئەمەس ئادەملەردىن بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈپ سالغان ئادەمنىڭ تەۋبە قىلىشى ۋە الله تائالادىن گۇناھىنىڭ كەچۈرۈۋېتىلىشىنى تىلىشى لازىم.»

ئىسلام دىنى گۈزەل ئەخلاق دىنىدۇر. مۇسۇلمان ئادەمنىڭ (مەيلى ئۇرۇش مەيدانىدا بولسۇن، مەيلى باشقا مەيداندا بولسۇن) ھاياتىنىڭ ھەر قانداق بىر مەيدانىدا ئىسلام ئەخلاقىدىن يىراقلىشىپ كېتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر يۈرۈش ئەسكەرگە ياكى بىر قوشۇنغا بىر ئادەمنى باشلىق قىلسا، ئۇنىڭغا خۇسۇسەن الله تائالادىن قورقۇشقا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلاتتى، ئاندىن ئۇلارغا مۇنداق دەيتتى: «سىلەر الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ الله تائالانىڭ يولىدا

جەڭ قىلىشلار، اللە تائالاغا كاپىر بولغان كىشى بىلەن ئۇرۇش قىلىشلار، جىھاد قىلىشلار، (ئولجىلارغا) خىيانەت قىلماسلار، ئەھدىنى بۇزماسلار، جەسەتلەرنىڭ ئۇ يەر ــ بۇ يەرلىرىنى كېسىۋەتمەسلار، كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرمەسلار. . . » [1].

نافىئ بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىدۇ: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ مەلۇم بىرىدە بىر ئايالنىڭ جەسىدى ئۇچرىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاياللارنى ۋە كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توسىدۇ. » يەنە بىر رىۋايەتتە: « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى ۋە كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرۈش قىلمىشىنى ئەيىبلىدى » دەپ بايان قىلىندى.[2]

ئەگەر كاپىرلارنىڭ ئىچىدىن ئۇرۇش قىلىدىغانلار بىلەن ئاياللار ۋە كىچىك بالىلار ئارىلىشىپ كەتكەن، ئۇلارنى ئاياللاردىن ۋە كىچىك بالىلاردىن ئايرىپ ئۆلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان بولسا، بۇ ھالدا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىق ئۈچۈن ئاياللارنىمۇ ۋە كىچىك بالىلارنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ ھەقتە سەئىب ئىبنى جۇسامە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئېلىپ ئەبۋا ياكى ۋەددان دېگەن يەردىن ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆيلىرىدە (بالىۋاقىلىرى بىلەن) يېتىۋاتقان كاپىرلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا، (كېچىدە پەرق ئېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى ۋە كىچىك بالىلىرىمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ قالىدىغان مەسىلە ھەققىدە سوئال سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سوئالغا: « ئۇلارمۇ (يەنى بۇ كاپىرلارنىڭ خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرى) ئۇلاردىندۇر » دەپ جاۋاب بەردى.[3]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: « ئۇلارمۇ (يەنى بۇ كاپىرلارنىڭ خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرى) ئۇلاردىندۇر » دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: كېچىنىڭ قاراڭغۇسى ياكى بىر ـ بىرىگە بەك ئارىلىشىپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن كاپىرلار بىلەن ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان ھالەتتە كاپىرلارنىڭ خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرىنىڭ ھۆكمىمۇ ئۇلارنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. يەنى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بولىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ھەدىستىن كاپىرلارنىڭ خوتۇن ـ

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

**بالىۋاقىلىرىنى خۇددى كاپىرلارغا ئوخشاش ئۇلارنى مەقسەت قىلغان ھالدا ئۆلتۈرۈشكە بولىدۇ، دېگەن مەنا مەقسەت قىلىنمايدۇ. بۇ ھەدىستىن ئەگەر كاپىرلارغا يېتىش ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرىنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق بولىدىغان ھالەتتە، ئۇلارنىڭ كاپىرلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش توغرىدۇر، دېگەن مەنا مەقسەت قىلىنىدۇ.**

**بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئىمام مالىك بىلەن ئىمام ئەۋزائىي (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئاياللار بىلەن كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرۈش توغرا بولمايدۇ. ھەتتا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن چىققان كاپىرلار ئاياللارنى ۋە كىچىك بالىلارنى قالقان قىلىۋالغان، ياكى ئاياللار بىلەن كىچىك بالىلارنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ سېپىلنىڭ ياكى كېمىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان بولسىمۇ (يەنى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن چىققان كاپىرلارنى ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئاياللارنى ۋە كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرۈشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ) ئاياللارنى ۋە كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرۈش، ياكى ئۇلارغا ئوت قويۇش توغرا ئەمەس» دەيدۇ. ئىمام مالىك بىلەن ئىمام ئەۋزائىينىڭ بۇ قاراشلىرىغا كەلتۈرگەن دەلىل ـ پاكىتى بولسا ئىبنى ھەببان سەئىب ئىبنى جۇسامەنىڭ مەزكۇر ھەدىسىنىڭ[1] ئاخىرىدا: ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللار بىلەن كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرۈشتىن ھۇنەين كۈنى توستى، دېگەن سۆزىدۇر. ئەمما ئاياللار بىلەن كىچىك بالىلارنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھالەتلەردە ئۆلتۈرۈشكە بولىدۇ، دېگەنلەر بۇ ھۆكۈمنى خۇددى ئىبنى ھەجەرنىڭ دېگىنىدەك ئىككى ھەدىسنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈشتىن چىقارغان[2]. مەزكۇر ھالەتلەردە ئاياللار بىلەن كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرۈش توغرا دېگۈچىلەر ئىمام شافىئىي ۋە كۆپىلىق ئالىملاردۇر. بۇلار: «ئەگەر ئايال ئۇرۇشقا قېتىلغان بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈش توغرىدۇر» دېدى. مالىكىي مەزھەپىدىن ئىبنى ھەبىب (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر ئايال ئۇرۇشقا قېتىلغان بولسىمۇ ئۇنى**

(1) بۇ ھەدىس بولسا بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆيلىرىدە (بالىۋاقىلىرى بىلەن) يېتىۋاتقان كاپىرلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا، (كېچىدە پەرق ئېتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرى ۋە كىچىك بالىلىرىمۇ ئۆلتۈرۈلۈپ قالىدىغان مەسىلە ھەققىدە سوئال سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سوئالغا: «ئۇلارمۇ (يەنى بۇ كاپىرلارنىڭ خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرى) ئۇلاردىندۇر» دەپ جاۋاب بەردى، دېگەن ھەدىستۇر.

(2) يەنى ئۇلار ئەگەر كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئاياللار بىلەن كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرۈشكە توغرا كېلىپ قالسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش توغرا دېگەن ھەدىس بىلەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن ھۇنەين كۈنى توسقان، دېگەن ھەدىسنىڭ ئارىسىنى بىرلەشتۈرۈپ چۈشۈنۈپ مەزكۇر ھالەتكە ئوخشاش ئاياللار بىلەن كىچىك بالىلارنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالغاندا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش توغرا، دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغان. ت.

ئۆلتۈرۈش توغرا ئەمەس. لېكىن ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈشكە بىۋاستە قول تىقىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئايالنى ئۆلتۈرۈشى توغرىدۇر» دەيدۇ.

ئەگەر ئايال كىشى ئۇرۇشقا قېتىلغان بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈش توغرىدۇر، دېگۈچى كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىنى ئىمام ئەبۇداۋۇد، نەسائىي ۋە ئىبنى ھەببانلار تەمىمىلىك رىباھ ئىبنى رەبىئەدىن رىۋايەت قىلغان بۇ ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ: بىز بىر ئۇرۇشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە توپلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆلۈك بىر ئايالنىڭ جەسەتىنى كۆرۈپ: «بۇ ئايال ئۇرۇشمىغان بولۇشى مۇمكىن» دېدى. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئەگەر ئۇ ئايال ئۇرۇشقان بولسا ئەلۋەتتە مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلاتتىم، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئەگەر ئۇرۇشقا قاتناشقان كاپىرلارنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرمەي ئۆلتۈرۈش مۇمكىن بولسا، ئۇلارنى كۆيدۈرۈۋېتىش توغرا ئەمەس. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى بىر قوشۇن قىلىپ ئۇرۇشقا ئەۋەتىپ بىزگە: «ئەگەر سىلەر پالانى ۋە پالاننى تېپىۋالساڭلار، ئۇلارنى ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈڭلار» دېدى. كېيىن بىز تەييار بولۇپ يولغا چىقايلى، دەپ تۇرغان ۋاقتىمىزدا بىزگە: «مەن سىلەرنى پالانى ۋە پالاننى ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈشكە بۇيرۇغان، ئىدىم. ئوت بىلەن ئازابلاش الله تائالاغا خاس بىر ئىشتۇر. شۇڭا سىلەر ئۇلارنى تېپىۋالساڭلار، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېدى.

ئىبنى ئابباسقا ئەلىنىڭ بىر تۈركۈم كىشىلەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىنىڭ خەۋىرى يەتكەن ۋاقتىدا، ئىبنى ئاbbاس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئەگەر مەن (ئەلىنىڭ ئورنىدا بولسام) ئۇلارنى كۆيدۈرۈۋەتمەيتتىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر (بىر كىشىنى) الله تائالانىڭ ئازابى بىلەن ئازابلىماڭلار» دېگەن، مەن ئۇلارنى خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: كىمكى دىنىنى ئۆزگەرتسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، دېگىنىگە ئوخشاش ئۆلتۈرۈۋەتەتتىم، دېگەن ئىدى.[1]

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

# مۇسۇلمانلارنى قالقان قىلىۋېلىش مەسىلىسىنىڭ بايانى

ئەگەر غەلىبە قىلىش ئۈچۈن دۈشمەننىڭ سېپىلىنى ۋە (ماشىنا ۋە كىمىگە ئوخشاش) دۈشمەن قاتناش ئۈچۈن قوللىنىۋاتقان نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئادەملەر بىلەن بىللە كۆيدۈرۈۋېتىشكە توغرا كېلىپ قالسا، ئۇلارنى كۆيدۈرۈۋېتىش توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر كاپىرلار بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنى تۇتۇۋېلىپ ئۇلارنى سەپنىڭ ئالدىغا تىزىپ مۇجاھىدلارغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن قالقان قىلىۋالغان بولسا، كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە ئۇلارغا قارىتىپ ئوق چىقىرىش ۋە (ئەگەر نۆۋەتى كېلىپ قالسا) ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشمۇ توغرىدۇر.

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر كاپىرلار بىزنىڭ بىر قىسىممىزنى قالقان قىلىۋالغان بولسا، كاپىرلانى نىيەت قىلىپ ئۇلارغا ئوق چىقىرىلىدۇ، ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتكەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دىيەت ۋە كاففارەت بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى پەرز ئىشلار بىلەن (دىيەت ۋە كاففارەت بېرىشكە ئوخشاش) مال ئارقىلىق تۆلىنىدىغان جازالار بىر يەردە بولمايدۇ» دېدى.

ئاپتۇرنىڭ: <پەرز ئىشلار بىلەن (دىيەت ۋە كاففارەت بېرىشكە ئوخشاش) مال ئارقىلىق تۆلىنىدىغان جازالار بىر يەردە بولمايدۇ> دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: خۇددى (زىناخورغا ئوخشاش) قامچا ئۇرۇش ياكى (ئوغرىغا ئوخشاش) قولىنى كېسىش پەرز بولۇپ قېلىپ ئۇلار شۇ پەرز ئىشنىڭ ئىجرا قىلىنغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ دىيىتىنى ۋە كاففارىتىنى بېرىش لازىم ئەمەس، دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنداق بولسا ئۇنىڭغا: قورسىقى ئاچ قېلىپ (جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن) باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەم، باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يېسە، ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. مانا بۇ يەردە بىر پەرز ئىش جازا بىلەن بىر يەردە بولدىغۇ، دېگەن سۇئالنى قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. قويۇلغان بۇ سۇئالغا <ئەلپەتھى> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «ھەنەفىي مەزھەپىدە ئاچ قېلىپ باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان ئادەمگە (جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن) باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يېيىش لازىم، ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن قورسىقى ئاچ قالغان ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى

يېيىشى پەرز بىر ئىش ھېسابلانمايدۇ. بۇ خۇددى بىرىگە تەۋە يولدىن ماڭغانغا ئوخشاش بىر ئىشتۇر. ئۇ يولدىن ماڭغان ئادەمنىڭ ئۇ يولغا زىيان يەتكۈزمەي مېڭىشى شەرتتۇر»

ئىمام قۇرتۇبىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «قالقان قىلىنغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش توغرىدۇر. الله تائالا خالىسا بۇنىڭدا ھېچقانداق بىر ئىختىلاپ يوقتۇر. بۇ، ئەگەر ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىش ئومۇمىيۈزلۈك ۋە چوقۇم بولۇپ قالغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. <ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىش> دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: كاپىرلارغا پەقەت ئۇلار قالقان قىلىۋالغان مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان ئەھۋال بولۇپ قالغان بولسا، دېگەنلىك بولىدۇ. <ئومۇمىيۈزلۈك> دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: كاپىرلار قالقان قىلىۋالغان مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ساقلىنىۋالغان كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈشتىن كەلگەن پايدا پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولسا ۋە ئەگەر ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ساقلىنىۋالغان كاپىرلارنى ئۆلتۈرمەي تاشلاپ قويسا، ئۇ كاپىرلار ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ كېيىن پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى بېسىۋالىدىغان ئىش بولسا، دېگەنلىك بولىدۇ. <چوقۇم بولۇپ قالغان بولسا> دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى: ئەگەر كاپىرلار قالقان قىلىۋالغان مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرۈلسە، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ساقلىنىۋالغان كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ كاپىرلارنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلىش چوقۇم بولسا، دېگەنلىك بولىدۇ. (يەنى كاپىرلار قالقان قىلىۋالغان مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش مۇشۇ شەرتلەر تېپىلغاندىن كېيىن توغرا بولىدۇ).»

مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى قالقان قىلىۋېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتىنى خەتەرگە يۈزلەندۈرۈشى توغرا ئەمەس. مەسىلەن: كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلەرنىڭ زەربىلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ ئۇلارنى ئۆزلىرىگە قالقان قىلىۋېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇنداق قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ ۋە بالىلىرىنىڭ ھاياتلىرىنى خەتەرگە ئۈچرىتىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللىرىنى ۋە بالىلىرىنى قالقان قىلىۋېلىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ھۇدەيبىيە كېلىشىمى ھەققىدە چۈشكەن الله تائالانىڭ بۇ ئايىتىمۇ

كۆچلەندۈرىدۇ: «(مەككىدە) سىلەر بىلمەيدىغان ئەر ـ ئايال مۆمىنلەر بولۇپ، سىلەر بىلمەستىن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش بىلەن گۇناھقا گىرىپتار بولۇشۇڭلارنىڭ خەۋپى بولمىسا ئىدى (ئەلۋەتتە اللە مەككىگە كىرىشىڭلارغا رۇخسەت قىلاتتى ۋە سىلەرنى كاپىرلارغا مۇسەللەت قىلاتتى)[1]» يەنى مەككىدە سىلەر بىلمەيدىغان ئەر ـ ئايال مۆمىنلەر بولۇپ، سىلەر ئۇلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ گۇناھقا كىرىپ قىلىشىڭلارنىڭ ئەندىشىسى بولمايدىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە الله تائالا سىلەرنى ئۇلارغا قول سېلىشىڭلاردىن توسمىغان بولاتتى.

مەككىدىكى ئەر ـ ئايال مۆمىنلەر، ئەبۇنەئىم ۋە باشقىلارنىڭ ئەبۇجۇمئە ئىبنى جۇنەيدتىن قىلغان رىۋايەت قىلىشىچە يەتتە ئەر ۋە ئىككى ئايال بولۇپ جەمى توققۇز كىشى ئىدى. ئەبۇجۇمئە ئىبنى جۇنەيد ئۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

# ئۇرۇشتىن توختاش

ئەگەر كاپىرلار مۇسۇلمان بولغان، ياكى تەسلىم بولۇپ بويسۇنغان بولسا، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توختىتىشى لازىم. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! الله يولىغا (يەنى غازاتقا) ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار (يەنى مۆمىن ياكى كاپىرلىقى ئېنىق بولغۇچە ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار)، سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىنى (غەنىمەتنى) كۆزلەپ سەن مۆمىن ئەمەسسەن دېمەڭلار (يەنى ئۆلۈشتىن قورقۇپ سالام بەردىڭ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار). الله نىڭ دەرگاھىدا (مۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈشتىن سىلەرنى بىھاجەت قىلىدىغان) نۇرغۇن غەنىمەتلەر (يەنى ساۋاب) بار، ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق (كاپىر) ئىدىڭلار، كېيىن الله سىلەرگە (ئىماننى) ئىلتىپات قىلدى، (ئۇلارنى ئۇزەڭلارغا سېلىشتۇرۇپ) ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار. الله سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر[2]»

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك جىھاد ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە قان تۆكۈش

(1) سۈرە فەتھى 25 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(2) سۈرە نىسا 94 ـ ئايەت.

ئۇچۇن يولغا قويۇلمىغاندۇر. مۇجاھىدلار جىھاد قىلىش ئۇچۇن چىققاندا ھەتتا ئۆلتۈرۈشكە ھەقلىق بولمىغان بىر جاننى ئۆلتۈرۈپ سالماسلىق ۋە گۇناھسىز بىر ئادەمگە تاجاۋۇز قىلىپ سالماسلىق ئۈچۈن مۆمىن ياكى كاپىرلىقى ئېنىق بولغۇچە ئالدىراپ بىرەرسىنى ئۆلتۈرمەسلىكى كېرەك. مانا بۇ الله تائالا: «ئى مۆمىنلەر! الله يولىغا (يەنى غازاتقا) ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار (يەنى مۆمىن ياكى كاپىرلىقى ئېنىق بولغۇچە ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار)» دېگەن ئايىتىدە بۇيرۇغان ئىشتۇر. يەنى سىلەر، سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان دۈشمەن بىلەن باشقا بىرسىنىڭ كىملىكىنى ئېنىق ئايرىغانغا قەدەر ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار. الله تائالانىڭ بۇ ئايىتى ئۇرۇشتا قوللىنىدىغان قورال ـ ياراقلار، قىلىچ ۋە نەيزىدىن ئىبارەت ئاددىي نەرسىلەردىن ئىبارەت ۋاقىتدا چۈشكەندۇر. (شۇ زاماندا بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا، تاكى ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىمىغۇچە ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كېتىشتىن چەكلەندى). ئەمما ئىنسلار ئادەملەرنى توپ ـ توپى بىلەن ئۆلتۈرىدىغان قورال ـ ياراقلارنى ياساپ چىققان كۈنۈمىزدىكىدەك چاغلاردا بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشقا بۇيرۇپ كەلگەن بۇيرۇق تېخىمۇ كۈچكە ئىگىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مەجبۇر بولۇپ قالمىغان ھالەتتە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش مەيدانىغا كىرگەن دۈشمەنلەر بىلەن ئۆلتۈرۈش توغرا بولمايدىغان ئادەملەرنى بىللە قوشۇپ ھەممىسىنى تەڭلا يوقىتىدىغان ئېغىر تىپلىق قوراللارنى ۋە بومبىلارنى قالايمىقان ئېتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! الله يولىغا (يەنى غازاتقا) ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار (يەنى مۆمىن ياكى كاپىرلىقى ئېنىق بولغۇچە ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار)، سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە دۇنيانىڭ مال ــ مۈلكىنى (غەنىمەتنى) كۆزلەپ سەن مۆمىن ئەمەسسەن دېمەڭلار (يەنى ئۇلۇشتىن قورقۇپ سالام بەردىڭ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار)[1]»

بۇ ھەقتە ئۇسامە ئىبنى زەيد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى جۇھەينە قەبىلىسىدىن ھۇرەقە جەمەتىگە ئەۋەتتى. بىز بىر قەۋم بىلەن ئۇچرۇشۇپ قېلىپ ئۇلارنى يەڭدۇق. مەن ۋە ئەنسارىلاردىن بىر كىشى بولۇپ ئىككىمىز ئۇ قەۋمنىڭ بىر ئادىمىنى

(1) سۈرە نىسا 94 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

تۇتىۋالدۇق. بىز ئۇنى قورشىۋالغاندا ئۇ: بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنسارىيلىق ئۇ كىشى ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن توختىدى. مەن نەيزەمنى سانجىپ ئۇنى ئۆلتۈردۈم. بىز مەدىنىگە كەلگەندە بۇ ئىشنىڭ خەۋىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئى ئۇسامە! ئۇ ئادەمنى بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دېگەندىن كېيىنمۇ ئۆلتۈردۈڭمۇ؟» دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن دېدى، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئادەمنى بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق دېگەندىن كېيىنمۇ ئۆلتۈردۈڭمۇ؟» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ گەپنى تەكرارلاۋەردى. ھەتتا مەن شۇ كۈندىن بۇرۇن ئىسلام كەلتۈرمىسەممۇ بوپتىكەن، دەپ ئارزۇ قىلىپ كەتتىم.(1) يەنى ئۇسامە شۇ قىلمىشنىڭ گۇناھىدىن خاتىرجەم بولۇشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىسلامغا كىرگەن كۈنىنىڭ شۇ كۈنى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كەتتى. چۈنكى ئىسلام بۇرۇنقى گۇناھلارنى يۇيىدۇ.

تەبرانىينىڭ ۋە بەززارنىڭ رىۋايەتلىرىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قوشۇننى بىر يەرگە ئەۋەتتى، ئۇ قوشۇندا مىقداد ئىبنى ئەسۋەدمۇ بار ئىدى. ئۇلار كاپىرلارنىڭ قېشىغا كەلگەندە، كاپىرلارنىڭ ھەممىسى تاراپ كەتكەنلىكى، لېكىن مال - مۈلكى جىق بىر كىشىنىڭ مىدىرلىماي قېلىپ قالغانلىقىنى كۆردى، ئۇ كىشى: <ئەشھەدۇ ئەنلائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ> دەپ ئىمان ئېيتتى، مىقداد ئۇنىڭغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويدى. كېيىن ساھابىلار بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى مىقداد! سەن ئەشھەدۇ ئەنلائىلاھە ئىللەللاھۇ، دېگەن بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتىڭمۇ؟» دېدى. ئاندىن الله تائالا: «ئى مۆمىنلەر! الله يولىغا (يەنى غازاتقا) ئاتلانغان ۋاقتىڭلاردا ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار (يەنى مۆمىن ياكى كاپىرلىقى ئېنىق بولغۇچە ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار)، سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىنى (غەنىمەتنى) كۆزلەپ سەن مۆمىن ئەمەسسەن دېمەڭلار (يەنى ئۆلۈشتىن قورقۇپ سالام بەردىڭ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار). الله نىڭ دەرگاھىدا (مۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈشتىن سىلەرنى بىھاجەت قىلىدىغان) نۇرغۇن

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

غەنىمەتلەر (يەنى ساۋاب) بار، ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق (كاپىر) ئىدىڭلار، كېيىن اللە سىلەرگە (ئىماننى) ئىلتىپات قىلدى، (ئۇلارنى ئۆزەڭلارغا سېلىشتۇرۇپ) ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار. اللە سىلەرنىڭ قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر[1] »

مۇلاھىزە: اللە تائالا بۇ ئايەتتە ئىشنى ھەقىقەتلەپ قىلىشنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى تەكىتلەش ۋە ئۇنداق قىلماسلىقنىڭ ئېغىر خەتەر ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىش ئۈچۈن <ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار> دېگەن بۇيرۇقنى ئىككى قېتىم تەكرارلىغان.

# ئامانلىق بېرىشنىڭ بايانى

مۇجاھىدلارنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرى ئامانلىق بەرگەن ئادەم بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن ياكى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن ساقلىنىشى لازىم. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىدۇر: « مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرى ئوخشاشتۇر. ئۇلار باشقىلارغا قارىتا بىر قولدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ئاددىيسىنىڭ (بىرەر كاپىرغا بەرگەن ئامانلىقىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن) كۈچكە ئىگىدۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن (يۇرتىنىڭ) ئەڭ چېتىدا ئولتۇرغانلارغىمۇ (كاپىرلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ئالغان ئۆلجىلاردىن) تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. »[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: « مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ئادىيسىنىڭ (بىرەر كاپىرغا بەرگەن ئامانلىقىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن) كۈچكە ئىگىدۇر » دېگەن سۆزى دۈشمەنگە يېقىن بىر يەردە ياشايدىغان مۇسۇلماننىڭ بىرەر دۈشمەنگە بەرگەن ئامانلىقىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. پاسىق ئادەمنىڭ بەرگەن ئامانلىقىمۇ كۈچكە ئىگە بولىدۇ.[3]

شۇنىڭدەك يەنە مۇسۇلمان ئايالنىڭ بەرگەن ئامانلىقىمۇ توغرا بولىدۇ

(1) سۈرە نىسا 94 ـ ئايەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى. ھەدىسنىڭ تېكىستى ئىبنى ماجىنىڭكىدۇر.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 226 ـ بەت

ۋە كۆچكە ئىگىدۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇ تالىبنىڭ قىزى ئۇممۇ ھانى (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن مەككە فەتھ بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلسەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇيۇنىۋېتىپتۇ. پاتىمە بىر پارچە رەخت بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى توساپ تۇرىۋېتىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ كىم؟» دېدى. مەن: ئەبۇ تالىبنىڭ قىزى ئۇممۇ ھانى، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇممە ھانى ياخشى كېلىپسىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇيۇنۇپ بولۇپ بىر پارچە رەخ بىلەن يۆگىنىپ تۇرۇپ سەككىز رەكەت ناماز ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مەن: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئانامنىڭ ئوغلى (يەنى قېرىندىشىم) ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب مەن ئامانلىق بەرگەن ھۇبەيرىنىڭ ئوغلى پالانىنى ئۆلتۈرۈشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئۇممۇ ھانى! سەن ئامانلىق بەرگەن ئادەمگە بىزمۇ ئامانلىق بېرىمىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان ھېلىقى ناماز چاشكا نامىزى ئىدى.[1]

ئامانلىق ھەققىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن اللە نىڭ كىتابىدىن ۋە مۇشۇ سەھىپىلەردىن باشقا بىر نەرسە يېزىۋالمىدۇق. (ئۇ سەھىپىدە) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزلىرى بار ئىدى: «مەدىنىنىڭ <ئائىر> دېگەن يەردىن پۈكۈنى يەرگىچە بولغان ئارىلىقى ھۆرمەتلىكتۇر. كىمكى بۇ مەدىنىدە بىدئەت پەيدا قىلسا، ياكى بىدئەتچىگە ئورۇن بەرسە، ئۇنىڭغا اللە نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولسۇن! (قىيامەت كۈنى) ئۇنىڭدىن بەرگەن تۆلىمى ۋە تەۋبە قوبۇل قىلىنمايدۇ. بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقى بىردۇر. (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئامانلىقى ئوخشاشتۇر). مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ئاددىيسىنىڭ (بىرەر كاپىرغا بەرگەن ئامانلىقىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن) كۈچكە ئىگىدۇر. قانداق بىر كىشى بىر مۇسۇلماننىڭ بەرگەن ئامانلىقىنى بۇزسا، ئۇنىڭغا اللە نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولسۇن! (قىيامەت كۈنى) ئۇنىڭدىن تەۋبە ۋە بەرگەن تۆلىمى قوبۇل قىلىنمايدۇ. كىمكى (باشقىلار ئازات قىلىۋاتقان) قۇلنىڭ ئازات قىلىۋېتىش ھوقۇقىغا ئۇنى ئازات قىلىۋاتقان

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئادەمنىڭ رۇخسىتىسىز ئىگە بولۇۋالسا، ئۇنىڭغا اللە نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق كىشىلەرنىڭ لەنىتى بولسۇن! (قىيامەت كۈنى) ئۇنىڭدىن تەۋبە ۋە بەرگەن تۆلىمى قوبۇل قىلىنمايدۇ.»[1]

بىر مۇسۇلماننىڭ بىر كاپىرغا بەرگەن ئامانلىقىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇ ئامانلىقتىن خەۋەردار بولۇشى شەرتتۇر. ئەگەر كاپىرغا بېرىلگەن ئامانلىقنىڭ بۇزۇلماي داۋام قىلىشى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زىيانلىق بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى بۇ ئامانلىقنى بۇزۇۋېتىدۇ.

ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ ياكى كاپىرلارنىڭ قول ئاستىدا تۇرۇپ تىجارەت قىلىۋاتقان تىجارەتچىنىڭ، ياكى مۇسۇلمان ئەمما كاپىر دۆلىتىدە ياشايدىغان ئادەمنىڭ بەرگەن ئامانلىقى توغرا ئەمەس.

## ئاياللارنىڭ ئۇرۇشقا چىقىشىنىڭ ھۆكمى

ئاياللارنىڭ ئۇرۇشقا ئەرلىرىگە ياكى (قېرىنداشلىرىغا، ياكى دادىسىغا ئوخشاش) مەھرەملىرى بىلەن بىللە چىقىشى توغرىدۇر. بۇ ھەقتە مۆئمىنلەرنىڭ قىزى رەبىئە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىقىپ كىشىلەرگە سۇ بېرەتتۇق، ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلاتتۇق، يارىدارلارنى ۋە ئۆلۈكلەرنى مەدىنىگە قايتۇرۇپ ئېلىپ كېلەتتۇق. يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىندى: بىز يارىدارلارنى داۋالايتتۇق.»[2]

مانا بۇ بىز يۇقىرىدا جىھادنىڭ ھۆكمىنىڭ بايانىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك مەجبۇر بولۇپ قالمىغان ھالدا ئاياللارنىڭ ئۇرۇش مەيدانىغا كىرىشىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئەنەس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئوھۇد كۈنى كىشىلەر يېڭىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (يالغۇز) قالغان ۋاقىتتا، مەن ئەبۇبەكرىنىڭ قىزى ئائىشە بىلەن ئۇممۇسۇلەيملەرنى (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) پاچاقلىرىدىكى خال - خال كۆرۈنۈپ قالغىدەك دەرىجىدە (پاچاقلىرىنى)

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

تۇرۇپ[1] ئۇچىلىرىغا تۇلۇمنى ئېلىپ (سۇ) ئېلىپ كېلىپ كىشىلەرگە سۇ بېرىپ تۇلۇمنى بىكارلاپ ئاندىن يەنە ئۇنى توشقۇزۇپ كېلىپ كىشىلەرگە سۇ بېرىپ قىلىۋاتقانلىقلىرىنى كۆردۇم.»[2]

ئىبنى ھەجەر (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ھەدىستە ئاياللارنىڭ ئۇرۇش مەيدانىغا كىرىپ كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقى بايان قىلىنمىغاندۇر. ئاياللارنىڭ ئۇرۇشقا چىققانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسلەردىن ياكى ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلغانلىقى ئۇلار ئۇچۈن ئۇرۇش قىلغانلىق ھېسابلىنىدىغانلىقى، ياكى ئۇلارنىڭ يارىدارلارغا سۇ ئېلىپ كېلىپ بېرىشتىكى ۋە ئۇلارنى داۋالاشتىكى مەقسىتى ئۆزلىرىنى كاپىرلاردىن مۇداپىئە قىلىش ئۇچۈن بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا چىقىشتىن بولغان مەقسىتىنىڭ ئۆزلىرىنى كاپىرلاردىن مۇداپىئە قىلىش ئۇچۈن بولغانلىقى كۈچلۈك ئېھتىمالدۇر. چۈنكى ئىمام مۇسلىم ئەنەس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇممۇسۇلەيم ھۇنەين كۈنى بىر پىچاقنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ: مەن بۇنى مۇشرىكلارنىڭ قايسى بىرى ماڭا يېقىنلاشسا، مەن بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىنى يارغىلى ئالدىم، دېگەن.»[3]

شۇنىڭدەك يەنە ئاياللارنىڭ اللە تائالانىڭ يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن ئەرلەر بىلەن بىللە كېمىلەرگە چىقىشلىرىمۇ توغرىدۇر. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىدىن سانىلىدىغان تۆۋەندىكى ھەدىستۇر.

ئەنەس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىلھاننىڭ قىزىنىڭ ئۇممۇ ھىرامنىڭ يېنىغا كىرىپ تۇراتتى. (ئۇممۇ ھىرام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاممىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرگەندە تاماق ئېتىپ بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئۇنىڭ يېنىغا كىرىۋېدى، ئۇ ئادىتى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاماق ئېتىپ بەردى. ئۇ تاماقتىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىنى بېقىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇخلاپ قالدى). ئاندىن ئويغىنىپ

(1) بۇ ئاياللارنى ئورۇنۇشقا بۇيرۇپ ئايەت چۈشۈشتىن ئىلگىرى بولغان ۋەقەدۇر، دەيدىغان قاراشلارمۇ بار. ت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) «فەتھۇلبارى»، 6 ـ توم، 78 ـ بەت.

كۆلدى. ئۇممۇ ھىرام: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى نېمىگە كۆلىلا؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇممەتلىرىمدىن الله يولىدا ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن (كېمىلەرگە چىقىپ) كۆك دېڭىزغا سەپەر قىلغانلارنى كۆردۈم. ئۇلار خۇددى تەختلەردىكى پادىشاھلاردەك ئولتۇرۇپتۇ» دېدى. ئۇممۇ ھىرام: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله غا دۇئا قىلسىلا، الله مېنىمۇ ئۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىپ قويسۇن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى الله ئۇنى (يەنى ئۇممۇ ھىرامنى) ئۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى. (ئاندىن يەنە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالدى). ئاندىن ئويغىنىپ كۆلدى. ئۇ: يەنە نېمىگە كۆلىلا، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇرۇنقىدەكلا يەنە بىر تۇركۇم كىشىلەرنى چۈشىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ، الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله غا دۇئا قىلسىلا، الله مېنى ئۇلارنىڭ قاتارىدىن قىلىپ قويسۇن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىز كېيىنكىلەرنىڭ قاتارىدىن ئەمەس بۇرۇنقىلارنىڭ قاتارىدىن» دېدى. كېيىن ئۇممۇ ھىرام ئۇبادە ئىبنى سامىت بىلەن توي قىلدى. قۇرزەنىڭ قىزى بىلەن بىللە دېڭىزغا سەپەر قىلىپ، دېڭىزنىڭ قىرغىقىغا چىققاندا ئېتىدىن يىقىلىپ كېتىپ ۋاپات بولدى.[1]

قۇرزەنىڭ قىزى مۇئاۋىيەنىڭ ئايالىدۇر. ئۇنىڭ ئىسمى پاختەدۇر. مۇئاۋىيە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن تۇنجى قېتىم دېڭىز يولى بىلەن ماڭغان ئادەمدۇر. بۇ ئىش ئوسمان ئىبنى ئەففان (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە بولغاندۇر.[2]

ئەمما ھەدىسلەردە رىۋايەت قىلىنغان ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ: مەن جىھادقا چىقىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ جىھادلىرىڭلار ھەجدۇر» دېدى، دېگەن ۋە يەنە بىر رىۋايەتتە رىۋايەت قىلىنغان ئۇنىڭ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ئاياللىرى جىھاد قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(سىلەر ئۈچۈن) ھەج ئېمىدىغان ياخشى جىھاددۇر» دېدى، دېگەن سۆزلىرى جىھاد قىلىش پەرزى كۇپايە ھالىتىدە بولۇپ ئاياللارغا جىھاد قىلىش پەرز ئەمەس ھالەتلىرىگە قارىتىلىدۇ. چۈنكى ھەج قىلىش بۇ چاغلاردا ئاياللار ئۈچۈن جىھاد قىلغاندىن ياخشىدۇر.

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) «فەتھۇلبارى»، 6 ـ توم، 77 ـ بەت.

# قوغداشنىڭ پەزىلىتى

دۈشمەنگە يېقىن يەرلەردە ئۆلتۈراقلاشقان مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەننىڭ خىيانەت قىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى ۋە دۈشمەننى كۆزۈتىپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆزىنىڭدىن قوغدىشى لازىم. شۇنىڭدەك يەنە مۇھىم بولغان ئورۇنلارنى، قوماندانلىق مەركىزىنى، پىكىر ۋە ئىلىم ئىگىلىرىنى قوغداش لازىم. مۇشۇنداق كىشىلەرنى قوغداشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى ھەدىستىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن بىر كېچىسى ئۇخلىماي تۇنىدى ۋە: «بۇ كېچە مېنىڭ تەقۋادار ساھابىلىرىمدىن بىرەرسى مېنى قوغدىسا ياخشى بولاتتى» دېدى. بىز شۇنداق دەپ تۇرۇشىمىزغا سىرتتىن قورال ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ كىم؟» دېدى. تاشقىرىدىكى ئادەم: مەن سەئىد ئىبنى مالىك مەن سىلىنى قوغدىغىلى كەلدىم، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (خاتىرجەم) ئۇيقىغا كەتتى.[1]

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئىمام تىرمىزىي ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىقتىن ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاكى الله تائالانىڭ: «الله سېنى كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلايدۇ» دېگەن ئايىتى چۈشكەنگە قەدەر قوغدىلاتتى. بۇ ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلىنىش يولى ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر. پوستا تۇرۇپ قوغداشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەدىسلەر ئىمام بۇخارىنىڭ شەرتىگە توشمىغان ھەدىسلەردۇر. تۆۋەندىكى ھەدىسلەر مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ قاتارىدىندۇر: ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم ئوسماندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالانىڭ يولىدا بىر كېچە (پوستا تۇرۇپ) كۆزەتچىلىك قىلىشنىڭ پەزىلىتى كېچىسى قوپۇپ ناماز ئوقۇغان ۋە كۈندۈزى روزا تۇتقان مىڭ يىلدىن ئارتۇقتۇر.» سەھلى ئىبنى مۇئاز دادىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى (ئۆز ۋەزىپىسىدىن) ئارتۇق مۇسۇلمانلارنى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(قوغداش ئۈچۈن) كۆزەتچىلىك قىلسا، ئۇ دوزاخ يۈزىنى كۆرمەيدۇ. (ئەگەر ئۇ دوزاخقا كىرىشكە توغرا كېلىپ قالغان تەقدىردە دوزاخقا) پەقەت قەسەمنى بۇزغىدەك ئاز مۇددەتلا كىرىدۇ.»[1] ئەبۇرەيھانە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ﷲ تائالانىڭ يولىدا (كۆزەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن) كېچىدە ئۇخلىمىغان كۆزگە دوزاخ هارامدۇر.»[2] بۇھەقتە يەنە بۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسلەر بۇلاردىن باشقا كۆپلىگەن ساھابىلاردىنمۇ رىۋايەت قىلىنغاندۇر.

## ئۇرۇش بىلەن ئالغان ئولجىنىڭ ۋە ئۇرۇش قىلماستىن ئالغان ئولجىنىڭ بايانى

ئۇرۇش بىلەن ئالغان ئولجىدىن كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ ئۇلاردىن ئېلىنغان مال ـ مۈلۈك مەقسەت قىلىنىدۇ. ﷲ تائالا بۇ مال ـ مۈلۈكنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھالال قىلىپ بەردى. بۇ ھەقتە ئەنسارلىق جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ماڭا ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن بىرسىگىمۇ بېرىلمىگەن بەش خىل ئالاھىدىلىك بېرىلدى: ھەر پەيغەمبەر پەقەت ئۆزىنىڭ مىللىتىگە خاس پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلگەن بولسا، مەن قىزىل ۋە زەڭگى بولۇپ ئومۇمىيۈزلۈك ھەممە كىشىلەرگە پەيغەمبەر قىلىنىپ ئەۋەتىلدىم. ماڭا ئولجىلار ھالال قىلىپ بېرىلدى. مەندىن بۇرۇن ھېچبىر ئادەمگە ھالال قىلىنىپ بېرىلمىگەن ئىدى. ماڭا زېمىن مەسچىت ۋە پاكىز جاي قىلىپ بېرىلدى. شۇڭا بىر ئادەمنى قەيەردە نامازنىڭ ۋاقتى تاپسا، (يەنى بىر ئادەم قەيەردە بولسا بولسۇن نامازنىڭ ۋاقتى كىرسە)، ئۇ شۇ يەردە تۇرۇپ ناماز ئوقۇسا بولىدۇ. ماڭا بىر ئايلىق مۇساپە يىراقلىقتىكى (كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا) قورقۇنچ سېلىش بىلەن ياردەم بېرىلدى. ماڭا شاپائەت قىلىش ئىمتىيازى بېرىلدى.»[3]

ئۇرۇش قىلماستىن ئالغان ئولجىدىن باش بېجىگە (يەنى جىزيەگە) ۋە

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(2) نەسائىي رىۋايىتى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

يەر بېجىگە (يەنى خىراجقا) ئوخشاش كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلماستىن كاپىرلاردىن ئالغان مال ـ مۈلۈكلەر مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ ئولجىنىڭ ئىچىگە يەنە نەزىر جەمەتىدىكىلەرنىڭ (يەنى بەنى نەزىرلىقلارنىڭ) الله تائالا دىللىرىغا سالغان قورقۇنچىنىڭ سەۋەبى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكلىرىمۇ كىرىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «الله پەيغەمبىرىگە ئۇلاردىن (يەنى بەنى نەزىرنىڭ ماللىرىدىن) قايتۇرغان غەنىمەتلەرنى سىلەر ئات ـ تۆگىلەرنى چاپتۇرۇپ (يەنى ئەجىر قىلىپ، جاپا ـ مۇشەققەت تارتىپ) قولغا كەلتۈرگەن ئەمەس، لېكىن الله پەيغەمبەرلىرىنى خالىغان ئادەمگە مۇسەللەت قىلىدۇ، الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر. الله پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى) نىڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، اللەغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبن سەبىللەرگە خاس قىلدى، پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، اللەدىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن اللەنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر[1] »

كاپىرلاردىن ئېلىنغان ئولجا بەشكە بۆلۈنىدۇ. بەشىنىڭ تۆت قىسمى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ئولجا ئالغانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. قالغان بىر قىسمى الله تائالانىڭ بۇ ئايىتىدە بايان قىلىنغان بەش تۈرلۈك ئادەملەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. الله تائالا ئۇ بەش تۈرلۈك ئادەملەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «(ئى مۆمىنلەر!) بىلىڭلاركى، سىلەر ئالغان غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرى الله غا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبن سەبىللەرگە خاستۇر. ئەگەر سىلەر الله غا، ئىككى گۇرۇھ (يەنى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار) ئۇچرىشىپ ھەق بىلەن ناھەق ئايرىلغان كۈندە (يەنى بەدرى ئۇرۇشى بولغان كۈندە) بەندىمىزگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز نازىل قىلغان نەرسىلەر (يەنى ئايەتلەر ۋە پەرىشتىلەر) گە ئىشەنسەڭلار (الله نىڭ غەنىمەت توغرىسىدىكى ھۆكمىنىڭ ئەنە شۇ ئىكەنلىكىنى بىلىڭلار). الله ھەر نەرسىگە قادىردۇر[2] » الله تائالانىڭ ئۆزىنى مەزكۇر بەش تۈرلۈك ئادەمنىڭ بېشىدا بايان قىلىشى ئۇلاغلاش ئۈچۈندۇر.

(1) سۈرە ھەشر 6 ـــ 7 ـ ئايەتلەر.

(2) سۈرە ئەنفال 41 ـ ئايەت.

(قالغان بۇ قىسىم بەش ھەسسىگە بۆلۈنىدۇ). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھايات ۋاقتىدا بېرىلگەن بىر ھەسسە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بولغان يەرلەرگە ئىشلىتىلىدۇ، ياكى قالغان تۆت تۈرلۈك كىشىلەرنىڭ ھەسسىسىگە قوشۇۋېتىلىدۇ. (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەسسىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بالىۋاقىلىرىغا مىراس بولۇپ قالمايدۇ). چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «(بىز يەنى پەيغەمبەرلەر) مىراس قالدۇرمايمىز، بىز قالدۇرغان مال ـ مۈلۈك سەدىقەدۇر.» بىر ھەسسە بەنى ھاشىم ۋە بەنى مۇتەللىبلەردىن بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرگەنلىكى ئۈچۈن بېرىلىدۇ. قالغان ئۈچ ھەسسە يېتىملارغا، مىسكىنلەرگە ۋە يولدا قالغان كىشىلەرگە بېرىلىدۇ. يەنى ئىسلام جەمىيىتىدە تەخىچۈخلۇقنى ساقلاش ئۈچۈن جەمىيەتتىكى ئاجىز كىشىلەرگە بېرىلىدۇ. چۈنكى ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مېنى ئاجىز كىشىلەر ئارىسىدىن ئىزلەڭلار، سىلەر ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئاجىز كىشىلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن رىزىق بېرىلىسىلەر ۋە ياردەم بېرىلىسىلەر.»

ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىگىلى بولىدىغان مال ـ مۈلۈكنىڭ ھۆكمى شۇنداق بولىدۇ. ئەمما زېمىنغا ئوخشاش ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىگىلى بولمايدىغان مال ـ مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىش مۇسۇلمان باشلىقىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئۇ ئەگەر خالىسا زېمىننىمۇ خۇددى ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىگىلى بولىدىغان مال ـ مۈلۈككە ئوخشاش ئۇرۇش قىلغانلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىدۇ. ئەگەر خالىسا خۇددى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب قىلغاندەك زېمىننى ئۆز ئىگىلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ زېمىندىن باج (يەنى خىراج) ئالىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) زېمىنلارنى ئۇرۇش قىلغانلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلماي (ئۇنى ئۆز ئىگىلىرىگە تاپشۇرۇپ ئۇنىڭدىن باج ئالغان). چۈنكى ئۇ شۇنداق قىلىشنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قارىغان.

<رەددۇلمۇھتار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «(كاپىرلاردىن قولغا چۈشۈرۈلگەن زېمىننى) مۇسۇلمانلارغا ئەڭ پايدىلىق شەكىلدە بىر تەرەپ قىلىش ئىشى مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلىدۇ» دېدى.

شۇنىڭدەك يەنە ئەسىرگە چۈشۈشتىن ئىلگىرى مۇسۇلمان بولمىغان

ئەسىرلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇلىدۇ. باشلىق ئەگەر خالىسا ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىپ قويۇۋىتىدۇ. ئۇلاردىن ئېلىنغان فىدىيەلەرمۇ ئولجىنىڭ ئىچىگە قېتىۋېتىلىدۇ. چۈنكى الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدىر كۈنى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان كاپىرلاردىن ئالغان فىدىيە ھەققىدە مۇنداق دېدى: «(ئى جىھاد قىلغۇچىلار جامائەسى!) غەنىمەت ئالغان نەرسەڭلارنى ھالال ۋە پاك بىلىپ يەڭلار، الله (نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىش) دىن قورقۇڭلار. الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر[2] »[1]

ئەگەر خالىسا ئۇلارنى كاپىرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمان ئەسىرلىرىگە ئالماشتۇرىدۇ. ئەگەر ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىق بولسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ئەگەر دۈشمەنلەر مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قۇل قىلغان بولسا، باشلىق كاپىرلاردىن ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلارنىمۇ قۇل قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: « سىلەر كۇففارلارغا (جەڭ مەيدانىدا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈڭلار، سىلەر ئۇلارنى قىرىپ (مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلاردا سىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان كۈچ قالمىغان چاغدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توختاپ)، ئۇلارنى ئەسىر ئېلىڭلار، ئاندىن ئۇلارنى ئېھسان قىلىش يۈزىسىدىن قويۇپ بېرىڭلار، ياكى فىدىيە ئېلىپ قويۇپ بېرىڭلار، تاكى ئۇرۇش ئۆزىنىڭ ئېغىر يۈكىنى تاشلىغانغا قەدەر (يەنى ئۇرۇش توختىغانغا قەدەر) ئىش مانا شۇنداقتۇر. ئەگەر الله خالىسا ئەلۋەتتە (سىلەرنى ئۇرۇشقا تەكلىپ قىلماستىنلا) ئۇلارنى جازالىغان بولاتتى، لېكىن الله بەزىڭلارنى بەزىڭلار بىلەن سىناش ئۈچۈن (يەنى ئىمانىڭلارنى سىناش ئۈچۈن جىھادقا ئەمىر قىلدى)، اللەنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ (يەنى شېھىتلەرنىڭ) ئەمەللىرىنى الله بىكار قىلىۋەتمەيدۇ[3] »

ئەمما ئۇرۇش قىلماستىن ئولجىغا ئېلىنغان مال ـ مۈلۈك الله تائالانىڭ: «الله پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى) نىڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، اللەغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ

(1) يەنى الله تائالا بۇ ئايىتىدە ئۇلاردىن ئالغان فىدىيەنى غەنىمەت دەپ ئاتىدى. ت.

(2) سۈرە ئەنفال 69 ـ ئايەت.

(3) سۈرە مۇھەممەد 4 ـ ئايەت.

خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبن سەبىللەرگە خاس قىلدى، پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، اللەدىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن اللەنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر[1] » دېگەن ئايىتىدە بايان قىلىنغان بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

كاپىرلاردىن ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلارنى قايتۇرۇپ بېرىپ ئورنىغا مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قوتقۇزۇشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر. ئىياس ئىبنى سەلىمە ئىبنى ئەكۋە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز فەزارە قەبىلىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن چىقتۇق. بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ئەبۇبەكىر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بىزگە باشلىق قىلىپ قويغان ئىدى. بىزنىڭ بىلەن (فەزارە قەبىلىسىنىڭ) سۈيىنىڭ ئارىسىدا ئازراق قالغان ۋاقتىدا، ئەبۇبەكىر بىزنى چۈشۈشۈمىزگە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن كېچىنىڭ ئاخىرىدا چۈشتۇق. كېيىن ئەبۇبەكىر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ھۇجۇمنى باشلاپ (فەزارە قەبىلىسىنىڭ) سۈيىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. (يەنى بىز ھۇجۇمنى باشلاپ شۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق، دېمەكچىدۇر). ئۇ يەردە بىزگە قارشى ئۇرۇشقان ئادەملەرنىڭ بەزىسىنى ئۆلتۈردۇق ۋە بەزىسىنى ئەسىرگە ئالدۇق. مەن ئارىسىدا كىچىك باللارمۇ بار بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ (تاغ تەرەپكە قېچىپ كېتىپ بارغانلىقىنى) كۆردۈم. ئۇلارنىڭ مەن (ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ بولغىچە) تاغقا چىقىپ بولۇشىدىن قورقۇپ ئۇلار بىلەن تاغنىڭ ئارىسىغا بىر تال ئوقيا ئاتتىم. ئۇلار ئوقيانى كۆرۈپ توختىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدىمغا سېلىپ ھەيدەپ ئېلىپ كەلدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە فەزارە جەمەتىدىن بىر ئايالمۇ بار ئىدى. ئۇ ئايالنىڭ ئۈستىدە بىر پارچە تېرى بار ئىدى. ئۇ ئايال بىلەن ئۇنىڭ قىزىمۇ بىللە ئىدى. ئۇ قىز ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق قىز ئىدى. مەن ئۇلارنى ئالدىمغا سېلىپ ئەبۇبەكىرنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكىر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ماڭا ئۇ قىزنى (ئالغان ئولجىلارنىڭ ئىچىدە ھېسابلىماستىن) بېرىۋەتتى. كېيىن بىز مەدىنىگە قايتىپ كەلدۇق. مەن ئۇ قىز ئۈچۈن (بىرەر قېتىممۇ) كىيىم ئېچىپ باقمىدىم. (يەنى مەن ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىدىم، دېمەكچىدۇر). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

(1) سۈرە ھەشر 6 ـ ئايەت.

**ماڭا بازاردا ئۇچراپ: «ئى سەلىمە! ماڭا ئۇ قىزنى سوۋغا قىلىپ بېرىۋەتكىن» دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ قىز ماڭا ياراپ قالغان ئىدى. مەن تېخى ئۇنىڭ ئۇچۇن (بىرەر قېتىممۇ) كيىم ئېچىپ باقمىغان ئىدىم، دېدىم. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا (يەنە بىر قېتىم) بازاردا ئۇچراپ: «ئى سەلىمە! داداڭ الله ئۇچۇن فىدا بولسۇن! ماڭا ئۇ قىزنى سوۋغا قىلىپ بىرىۋەتكىن» دېدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ سېنىڭ بولسۇن، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن تېخى ئۇنىڭ ئۇچۇن (بىرەر قېتىممۇ) كيىم ئېچىپ باقمىغان ئىدىم، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ قىزنى مەككىلىك كاپىرلارغا، مەككىدە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بىر نەچچە مۇسۇلمان ئەسىرلەر ئۇچۇن فىدىيە قىلىپ ئەۋەتتى.[1]**

**مەجبۇر بولۇپ قالمىغان ئەھۋال ئاستىدا (كاپىر) ئاياللار ياكى كىچىك باللار ياكى ئاتلار، ياكى قورال ـ ياراقلار (مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسىرلىرى ئۇچۇن) فىدىيەگە بېرىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە (مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا) ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ مۇسۇلمان بولغان بىر ئادەم (كاپىرنىڭ قولىدا) ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بىر مۇسۇلمان ئۇچۇن فىدىيەگە بېرىلمەيدۇ. ئەمما (مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا) ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ مۇسۇلمان بولغان ئۇ ئادەمنىڭ ئىمانى، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلغىلى بولىدىغان دەرىجىدە بولغان ۋە ئۇ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بىر ئەسىر ئۈچۈن فىدىيەگە بېرىلىشىگە رازى بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنى فىدىيەگە بېرىشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇ فىدىيە بىر مۇسۇلمانغا ھېچقانداق زىيان كەلتۈرمەستىن يەنە بىر مۇسۇلماننى قوتۇلدۇرۇش ھېسابلىنىدۇ.[2]**

## ئۇرۇشتا كاپىرنىڭ ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلىشنىڭ ھۆكمى

**ئەگەر ئېھتىياج بولۇپ قالسا، ئۇرۇشتا كاپىردىن ياردەم تەلەپ قىلىشمۇ توغرىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەر ئۇرۇشىدا قەينۇقا جەمەتىدىن بولغان بىر يەھۇدىيدىن ۋە ھۇنەين ئۇرۇشىدا سەپۋان ئىبنى ئۇمەييەدىن ياردەم تەلەپ قىلغان. سەپۋان ئۇ چاغدا تېخى ئىسلامغا كىرمىگەن ئىدى. ئەمما ھەدىستە بايان قىلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام**

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 230 ـ بەت.

بەدىر تەرىپىگە قاراپ يولغا چىقىپ <بەھرەتۇل ۋەبەرە> دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭغا بىر ئادەم ئۇچرىدى. ئۇ <جۈرئەتلىك ۋە باتۇر كىشى> دەپ قارىلىدىغان ئادەم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۇ ئادەمنى كۆرۈپ خوش بولۇپ كەتتى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: مەن ساڭا ئەگىشىپ سەن بىلەن بىللە (ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن) كەلدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشىنەمسەن؟» دېدى. ئۇ ئادەم: ياق، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداق بولسا ئارقىڭغا قايتقىن، مەن مۇشرىكتىن ھەرگىز ياردەم تەلەپ قىلمايمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولىنى داۋام قىلىپ <شەجەرە> دېگەن يەرگە كەلگەن ۋاقتىدا، ھېلىقى ئادەم يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇرۇنقىغا ئوخشاش تەلەپنى قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئۇنىڭغا بۇرۇنقىغا ئوخشاش: «سەن الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشىنەمسەن؟» دېدى. ئۇ ئادەم: ياق، دەپ جاۋاب بەرگەن ۋاقتىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنداق بولسا ئارقىڭغا قايتقىن، مەن مۇشرىكتىن ھەرگىز ياردەم تەلەپ قىلمايمەن» دېدى. ئۇ ئادەم ئارقىسىغا قايتىپ كەتتى. كېيىن ئۇ ئادەم يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا <بەيدا> دېگەن يەردە ئۇچراپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇرۇنقىغا ئوخشاش تەلەپنى قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا خۇددى بۇرۇنقىدەك: «سەن الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىشىنەمسەن؟» دېدى. ئۇ ئادەم: ماقۇل، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئۇنداق بولسا يۈر» دېدى، دېگەن سۆزى ئېھتىياج چۈشۈپ قالمىغان ھالەتكە قارىتىلىدۇ. چۈنكى كاپىرنىڭ خىيانەت قىلىشىدىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايدۇ.

## ئامانلىق تەلەپ قىلغان ئادەمنىڭ ھۆكۈملىرى

ئامانلىق تەلەپ قىلغان كىشى بولسا مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى كاپىر بولسۇن ئۆزىنىڭ دۆلىتىدىن باشقا بىر دۆلەتكە، شۇ دۆلەتنىڭ ئادەملىرىدىن ئامانلىق ئالغاندىن كېيىن كىرگەن كىشىدۇر.[1] مەسىلەن: بىر مۇسۇلمان

(1) ھازىرقى بىر دۆلەتكە كىرىش ئۈچۈن شۇ دۆلەتنىڭ ۋىزىسىنى ئېلىش ئىشلىرى ئامانلىق تەلەپ قىلىشنىڭ ئورنىدا بولۇشى مۇمكىن. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر. ت.

ئادەم كاپىر دۆلىتىگە شۇ دۆلەتنىڭ ئادەملىرىدىن ئامانلىق ئالغاندىن كېيىن كىرگەن بولسا، ئۇ مۇسۇلماننىڭ ئۇ دۆلەتنىڭ كاپىرلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈشى ياكى ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە قول ئۇزارتىشى، ياكى ئۇلارنىڭ يۈز ـ ئابرۇيىغا تىل تەككۈزۈشى هارامدۇر. چۈنكى ئۇ مۇسۇلماننىڭ ئۇ دۆلەتنىڭ ئادەملىرىدىن ئامانلىق تەلەپ قىلىشى ئۇلارغا چېقىلماسلىققا ۋەدە بەرگەنلىك هېسابلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ شەرتلىرىگە (يەنى ئۆزلىرىنىڭ بەرگەن ۋەدىللىرىگە) ئەمەل قىلىش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بەرگەن ۋەدىگە خىيانەت قىلىشنى هارام قىلدى. بىز يۇقىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «(ئولجىغا) خىيانەت قىلماڭلار ۋە (ۋەدىگە) خىيانەت قىلماڭلار . . .» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىپ ئۆتتۇق. ئىبنى ئۆمەر (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ﷲ تائالا قىيامەت كۈنى ئىلگىركىلەرنى ۋە كېيىنكىلەرنى توپلىغان ۋاقتىدا، ۋەدىسىدە تۇرمىغان هەر بىر كىشى ئۈچۈن بىر بايراق تىكلىنىدۇ، ئاندىن بۇ پالانىنىڭ بالىسى پالانىنىڭ ۋاپاسىزلىقى دېيىلىدۇ.»[1]

بۇ هەقتە ئەبۇسەئىد (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ۋەدىسىدە تۇرمىغان هەر بىر كىشىنىڭ قىيامەت كۈنى ساغرىسىغا (يەنى ئارقا تەرىپىگە) بىر بايراق تىكلىنىدۇ.»[2]

بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان ئادەملەرنىڭ ئارقىسىغا بايراق تىكلەشتىن مەقسەت، ئۇلارنىڭ ۋەدىگە ۋاپا قىلمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى قىيامەت كۈنى هەممە ئادەملەرگە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈندۇر. ئەرەبلەر ۋەدىگە ۋاپا قىلمايدىغان ئادەمنى، ئۇنىڭ ۋەدىگە ۋاپا قىلمايدىغانلىقىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن چوڭ بازارلاردا شۇ ئادەم ئۈچۈن بىر بايراق تىكلەيتتى. ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغانلار ئۈچۈن بايراق ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە تىكلىنىدۇ. چۈنكى ئېزىز ئادەملەر ئۈچۈن بايراق ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىگە تىكلىنىدۇ.

ئەگەر كاپىرلارنىڭ دۆلىتىگە، كاپىرلاردىن ئامانلىق ئېلىپ كىرگەن هېلىقى مۇسۇلمان كاپىرلارنىڭ بىرەر نەرسىسىنى ئۇلارنىڭ رازىلىقىسىز ئېلىۋالغان ۋە ئۇنى ئىسلام دۆلىتىگە كۆتۈرۈپ چىققان بولسا، ئۇنىڭ شۇ نەرسىنى سەدىقە

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلىۋېتىشى لازىم. چۈنكى ئۇ مۇسۇلمان ئۇ نەرسىگە توغرا بولمىغان بىر يول بىلەن ئېرىشكەندۇر. ئۇ يول بولسىمۇ خىيانەت يولىدۇر. ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان ئۇ نەرسىنى تېخى ئىسلام دۆلىتىگە ئېلىپ چىقمىغان بولسا، ئۇ نەرسىنى ئۇ كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بېرىش لازىم.

ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام مۇھەممەد (الله تەئالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «كاپىرلارنىڭ دۆلىتىگە، كاپىرلاردىن ئامانلىق ئېلىپ كىرگەن مۇسۇلمان كاپىرلارنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى ئالسا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان ئۇلاردىن ئۇ پۇل ـ ماللارنى ئۇلار بىلەن جازانىخورلۇق قىلغانغا ياكى ئۇلارغا هاراق ياكى چوشقا ياكى ئۆلۈك هايۋانلارنى ساتقانغا ئوخشاش ئىسلام شەرئىتىدە توغرا بولمايدىغان يوللار بىلەن ئالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇ مال ـ مۈلۈكنى ئېلىشى توغرىدۇر. چۈنكى ئۇلانىڭ مال ـ مۈلكى بىزگە هالالدۇر. ئەمما ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى خىيانەت قىلىش يولى بىلەن ئېلىش هارامدۇر. ئۇلارنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۇلاردىن ئالغان پۇل ـ ماللار خىيانەت قىلىش يولى بىلەن ئېلىنغان هېسابلانمايدۇ» دېدى.

كاپىرلارنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمان ئامانلىق تەلەپ قىلغان ئادەم هېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئەگەر كاپىرلار ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ئۇ مۇسۇلماننى ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىنىڭ ئىچىدە قويۇۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ كاپىرلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى (ئۇلارنىڭ رازىلىقىسىز) ئېلىشى ۋە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشى توغرىدۇر. ئەمما كاپىرلارنىڭ ئاياللىرى بىلەن زىنا قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ هارام ئىشتۇر.[1]

ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <شەرھۇلسەيرى> دېگەن كىتابتا مۇنداق دېدى: «ئەگەر كاپىرلار مۇسۇلمان ئەسىرلەرگە: سىلەر ئۆزلىرىڭلارنىڭ دۆلىتىڭلەرگە ئامان ـ ئىسەن چىقىپ كېتىڭلار دېگەن، مۇسۇلمان ئەسىرلەر ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىگە هېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىغان بولسا، بۇ هالدا مۇسۇلمان ئەسىرلەرنىڭ ئۇ كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىشى خاتا ئەمەس. چۈنكى مۇسۇلمان ئەسىرلەر (كاپىرلارنىڭ ئامان ـ ئىسەن دۆلىتىڭلەرگە چىقىپ كېتىڭلار، دەپ ئۇلارغا قويغان شەرتىگە)، ئۆزلىرىنىڭ بۇ شەرتكە ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بىر نەرسە دېمىدى.

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 3 ـ توم، 247 ـ بەت.

كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمان ئەسىرلەرگە ئۇلارنىڭ ئامان ـ ئېسەن چىقىپ كېتىشىنى شەرت قويۇشى، ئەگەر مۇسۇلمانلار ئۇ شەرتنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بىرەر ئىپادە بىلدۈرمىگەن بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇ شەرتكە ئەمەل قىلىشىنى لازىم قىلمايدۇ. ئەمما بىر تۈركۈم مۇسۇلمانلار كاپىر دۆلىتىگە كىرىش ئۈچۈن كەلگەن، كاپىرلار ئۇلارغا: سىلەر (بۇ دۆلەتكە) ئامان ـ ئېسەن ھالەتتە كىرىڭلار! دېگەن ۋە ئۇلار (كاپىرلارنىڭ بۇ سۆزىگە) ھېچقانداق جاۋاب بەرمەستىن ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە كىرگەن بولسا، (بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ كاپىرلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىشى ياكى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشى توغرا ئەمەس). چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلارنىڭ ھېلىقى سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە كىرىشى، ئۇلارنىڭ (گەرچە ئۇلار كاپىرلارغا ھېچقانداق ئۇچۇق جاۋاب بەرمىگەن بولسىمۇ) كاپىرلارغا خىيانەت قىلماسلىققا ئوچۇق شەرت بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەنا كاپىرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمان ئەسىرلەردە تېپىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئامانلىق تەلەپ قىلغان ئادەملەر ئەمەس كاپىرلارنىڭ قولىدا زورلۇقتا ئۇچرىغان ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ.»(1)

كاپىرلارنىڭ دۆلىتىدە قاتىللىق قىلغان ئادەمدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمدىن قىساس ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن: ئامانلىق تەلەپ قىلىپ كاپىرلارنىڭ دۆلىتىگە كىرگەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرى ئۆز ھەمراھىنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، قاتىلغا پەقەت دىيەت بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر قاتىل ئۆز ھەمراھىنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، دىيەت بىلەن بىرگە كاففارەت بېرىش لازىم. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: ‹‹مۆمىن ئادەمنىڭ مۆمىن ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئەمەس، قەستەن ئۆلتۈرۈشى ھېچ دۇرۇس ئەمەس، كىمكى بىرەر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك، ئۇلار (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى) دىيەتنى كەچۈرۈم قىلسا، (شۇنىڭ بىلەن قاتىل ئۇنى) تۆلىمىسە ھېچ باك يوق، ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى مۆمىن سىلەرگە دۈشمەن (كۇففار) قەۋمدىن بولسا، بۇ چاغدا ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى بىر نەپەر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم (دىيەت كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى مۇسۇلمان بولمىغاچقا ئۇنىڭغا ۋارىس بولمايدۇ)، ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى ئاراڭلاردا مۇئاھىدە بولغان (كۇففار) قەۋمدىن بولسا،

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 12 ـ توم، 340 ـ بەت.

ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلەش ۋە بىر نەپەر قۇلنى ئازاد قىلىش كېرەك، ئازاد قىلىدىغان قۇل تاپالمىغان ئادەم (يەنى قۇل ئازاد قىلىشقا قادىر بولالمىغان ئادەم) (تەۋبىسىنى اﷲ نىڭ قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن) ئۇزۇلدۇرمەي ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم. اﷲ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[1] »

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئامانلىق تەلەپ قىلىپ كاپىرلارنىڭ دۆلىتىگە كىرگەن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرى ئۇ يەردە زىنا قىلغان، ياكى ئوغۇرلۇق قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا زىنانىڭ ياكى ئوغۇرلۇقنىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى كاپىر دۆلىتىدىكى ئادەمگە ئىسلام دۆلىتى ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ.

ئەگەر كاپىرلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا قاتىلغا پەقەت كاففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ. چۈنكى اﷲ تائالا: «ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى مۆمىن سىلەرگە دۈشمەن (كۇففار) قەۋمىدىن بولسا، بۇ چاغدا ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى بىر نەپەر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم (دىيەت كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى مۇسۇلمان بولمىغاچقا ئۇنىڭغا ۋارىس بولمايدۇ)[2] » چۈنكى ئۆلتۈرۈلگەن ئۇ مۇسۇلمان كاپىرلارغا ئەسىر چۈشۈپ قالغانلىقى سەۋەبى بىلەن كاپىر قەۋمىگە تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ دىيەتنى ياكى قىساسنى لازىم قىلىدىغان جېنىنىڭ ھۆرمىتى چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئەگەر كاپىرلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنى قەستەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اﷲ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە: قاتىلغا ھېچقانداق نەرسە بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى ھەنەفىي مەزھەپىدە قەستەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمگە كاففارەت كەلمەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اﷲ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەيلى سەۋەنلىك بىلەن بولسۇن، مەيلى قەستەنلىك بىلەن بولسۇن ئۆز ھەمراھىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن مۇسۇلمان ئەسىرگە دىيەت بېرىش لازىم كېلىدۇ» دېدى.[3]

(1) سۈرە نىسا 92 ـ ئايەت.

(2) سۈرە نىسا 92 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 248 ـ بەت.

ئەگەر مۇسۇلمانلارغا دۈشمەن كاپىر دۆلەتتىن كاپىرلار ئامانلىق تەلەپ ئىسلام دۆلىتىگە كىرگەن بولسا، ئۇ كاپىرلارنىڭ جاسۇسلۇق قىلماسلىقى ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۆز مىللىتىگە يادەم بەرمەسلىكى ئۈچۈن ئىسلام دۆلىتىدە بىر يىل ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرۇشىغا بولمايدۇ. ئەمما كاپىر دۆلەتلىرىنىڭ ئەلچىللىرى ۋە دىبلوماتلىرى بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. (يەنى بۇلار بىر يىلدىن ئارتۇق قالسىمۇ بولىدۇ). چۈنكى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ ئەلچىللىرىمۇ كاپىر دۆلىتىدە ئۇزۇن مۇددەت قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭمۇ ئىسلام دۆلىتىدە ئۇزۇن مۇددەت قېلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

ئامانلىق تەلەپ قىلىپ ئىسلام دۆلىتىگە كىرىپ ئۇ يەردە بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرۇشنى نىيەت قىلىۋاتقان كاپىرغا مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى ياكى ئۇنىڭ نائىبى: ئەگەر سەن بۇ يەردە بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرساڭ ساڭا باش بېجى قويىمىز ۋە سېنى كېيىن ئۆز دۆلىتىڭگە قايتىشىڭدىن چەكلەيمىز دېيىشى لازىم.

ئەگەر ئامانلىق تەلەپ قىلىپ ئىسلام دۆلىتىگە كىرگەن كاپىر ئۇ يەردە بىر يىل تۇرسا، ئۇ شۇنىڭ بىلەن (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىرغا ئايلىنىدۇ. ئۇ كاپىرغا تۇرغان ئۇ بىر يىل ئۈچۈن باش بېجى تۆلەش لازىم ئەمەس. چۈنكى ئۇ كاپىر بىر يىل توشۇپ بولغاندىن كېيىن (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىرغا ئايلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كاپىرغا پەقەت ئىككىنچى يىلدىن باشلاپ باش بېجى تۆلەش لازىم بولىدۇ. ئەمما ئەگەر ئۇ كاپىرغا ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرى: ئەگەر سەن بۇ يەردە بىر يىل تۇرساڭ، بىز سەندىن باش بېجى ئالىمىز، دەپ شەرت قويغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كاپىردىن تۇرغان ئۇ يىلى ئۈچۈنمۇ باش بېجى ئېلىش توغرىدۇر.

ئەگەر ئۇ كاپىر (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىرغا ئايلانسا، ئۇنىڭغا (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىرنىڭ پۈتۈن ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇنى بىر مۇسۇلمان ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، مۇسۇلماندىن قىساس ئېلىنىدۇ. ياكى ئۇ كاپىر بىرەر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ كاپىردىن قىساس ئېلىنىدۇ. ئەگەر بىرەر مۇسۇلمان ئۇ كاپىرنىڭ ھارىقىنى تۆكۈۋەتكەن ياكى چوشقىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ پۇلىسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر بىر مۇسۇلمان ئۇ كاپىرنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ مۇسۇلمانغا ئۇنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىش

لازىم. ئۇ كاپىرغا ئەزىيەت بېرىش توغرا بولمايدۇ[1]. ئەسلىدە مۇسۇلمان باشلىقنىڭ دۆلىتىگە ئامانلىق تەلەپ قىلىپ كىرگەن كاپىرلاغا، ئۇلار شۇ دۆلەتتە تۇرغان مۇددەت ئىچىدە ياردەم قىلىشى (يەنى ئۇلارنى قوغدۇشى) لازىم. شۇڭا ئىسلام دۆلىتىگە ئامانلىق تەلەپ قىلىپ كىرگەن كاپىرلارنىڭ ھۆكمىمۇ (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىرلارنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. لېكىن ئەگەر ئۇنى بىر مۇسۇلمان ياكى (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) بىر كاپىر ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن قاتىلدىن قىساس ئېلىپ بېرىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ كاپىر ئىسلام دۆلىتىگە ئامانلىق تەلەپ قىلىپ كىرگەن ئۆزىگە ئوخشاش بىر كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇ كاپىر ئۈچۈن قاتىلدىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۆلتۈرۈلگەن كاپىرنىڭ مىراسخورلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسا، قىساسنى ئۇ مىراسخورلار تەلەپ قىلىپ ئالىدۇ.

ئەگەر ئىسلام دۆلىتىگە ئامانلىق تەلەپ قىلىپ كىرگەن كاپىر ئۇ دۆلەتتە (قولىنى كىسىشكە ياكى قامچىلاشقا ئوخشاش) جازانى لازىم قىلىدىغان بىرەر جىنايەت ئىشلىگەن بولسا، ئۇ جىنايەتنىڭ جازاسى ئۇنىڭغا بېرىلمەيدۇ. ئەمما ئۇ جىنايەت ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە ياكى بىرسىگە تۆھمەت چاپلىغانغا ئوخشاش بەندىنىڭ ھەققىگە ئالاقىدار جىنايەت بولسا، بۇ جىنايەتنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇ كاپىرغا ھاراق ئىچكەندىن باشقا ھەممە جىنايەتنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا ھاراق ئىچكەنلىك جىنايىتىنىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ھۆكمى ھاراق مەسىلىسىدە خۇددى (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ بۇ سۆزى بىزنىڭ بۇ زامانىمىزغا بەك ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى ھازىر كاپىرلار مۇسۇلمانلارغا قارىغاندا كۈچلۈكتۇر. (شۇڭا ئەگەر ئۇلار مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە ساياھەتكە كېلىپ ھاراق ئىچسە، ئۇلارغا ھاراق ئىچكەنلىك جىنايەتنىڭ جازاسىنى ئىجرا قىلىش بىر ئاز قىيىن بولۇشى مۇمكىن).

ئەگەر ئىسلام دۆلىتىگە كىرىش ئۈچۈن ئامانلىق تەلەپ قىلغان كاپىر،

(1) ئەمما ئەتتىگىنى قوپۇپ سومكىسىنى كۆتۈرۈپلا مۇسۇلمان يۇرتىغا ئېقىپ چىققان كاپىرلار بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا ئېغىر بىر پالاكەتكە سەۋەب بولمىسا، مۇسۇلمان يۇرتىغا شۇنداق چىققان كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈش ياكى ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىش خاتا ئەمەستۇر. ئەمما بىرەر كاپىرنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىق ياكى بىرەرسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋالغانلىق سەۋەبى بىلەن مۇسۇلمانلارغا كېلىدىغان زىيان ئېغىر بولسا، بۇ ھالدا ئۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسىدە بىر ئىشتىن كېلىدىغان پايدىدىن ئۇنىڭدىن كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. ت.

ئىسلام دۆلىتىگە كىچىك بالىۋاقىلىرى ۋە ئايالى بىلەن بىللە كىرگەن، كېيىن ئايالى ياكى ئۆزى ئىسلامغا كىرگەن ياكى (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) بولسا، ئۇنىڭ كىچىك بالىلىرىنىڭ ھۆكمى ئۇلارغا قارىتىلغان ھۆكۈم بىلەن ئوخشاشتۇر. (يەنى ئۇنىڭ كىچىك بالىلىرى ئامانلىق تەلەپ قىلىپ كىرگەن كاپىرلارنىڭ ھۆكمىدىن مۇسۇلمان ياكى ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن كاپىرنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ). چۈنكى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا ھۆكۈمدە ئاتا ـ ئانىسىغا ئەگەشتۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتكەن بالىلىرى بولغان بولسا، ئۇلار ئۇنىڭ ھۆكمىدە بولمايدۇ. چۈنكى بىر بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ھۆكمىدە بولۇشى ئۇ بالىنىڭ بالاغەتكە يېتىشى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا ھۆكۈمدە قېرىنداشلىرىغا ياكى تاغىسىغا، ياكى كۆچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ چوڭ دادىسىغا ئەگەشتۈرۈلمەيدۇ.

ئەگەر ئىسلام دۆلىتىگە كىرىش ئۈچۈن ئامانلىق تەلەپ قىلغان كاپىر، ئىسلام دۆلىتىگە چىقىپ بۇ يەردە ئىسلامغا كىرگەن ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دۆلىتىدە بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىلىرى بولغان بولسا، ئۇ كىچىك بالىلار ھۆكۈمدە ئۇ كاپىرغا ئەگەشتۈرۈلمەيدۇ. لېكىن ئۇ كىچىك بالىلار دادىسى ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئىسلام دۆلىتىگە كەلگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ بالىلار ھۆكۈمدە دادىسىغا ئەگەشتۈرۈلىدۇ. (يەنى ئۇلارنىڭ ھۆكمىمۇ خۇددى دادىسىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدۇ). بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنى ھۆكۈمدە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرىگە ئەگەشتۈرۈش ئىشى ئەگەر ئۇ بالا ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىپادىيەلەيدىغان بالا بولسىمۇ كۈچكە ئىگىدۇر.

بىر مۇسۇلماننىڭ ئىسلام دۆلىتىگە ئامانلىق تەلەپ چىققان كاپىرنىڭ مال ـ مۈلكىنى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن ئېلىشى توغرا ئەمەس. ئەمما كاپىر دۆلىتىگە ئامانلىق تەلەپ قىلىپ كىرگەن مۇسۇلماننىڭ بىر يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك مەيلى شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن بولسۇن، مەيلى جازانىخورلۇق ياكى قىمار ئويناش بىلەن بولسۇن كاپىرلارنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى قولغا كىرگۈزۈشى توغرا بولىدۇ.

بىر مۇسۇلماننىڭ ئىسلام دۆلىتىگە ئامانلىق تىلەپ چىققان كاپىر بىلەن ئىسلام دۆلىتىدە پەقەت مۇسۇلمانلار بىلەن قىلىش ھالال بولىدىغان

مۇئامىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام دۆلىتى شەرىئەت ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنىدىغان دۆلەتتۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئىسلام دۆلىتىدە سۇغۇرتا كېلىشىمى تۈزۈش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئىسلام دىنىدا توغرا دەپ قارالمايدىغان بىر كېلىشىمدۇر. ئەمما ئۇ كېلىشىم كاپىر دۆلىتىدە تۈزۈلسە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ كېلىشىم كاپىر دۆلىتىدە توغرا دەپ قارىلىدۇ.

ئىسلام دۆلىتىگە ئامانلىق تىلەپ چىققان كاپىردىن خۇددى مەسىلەن مەسچىتلەرنى زىيارەت قىلسا پۇل ئالغانغا ئوخشاش ئۆرپ ـ ئادەتتە ئۇنىڭدىن بىر نەرسە ئېلىش بولسىمۇ شەرىئەت ئېلىشنى بۇيرۇمىغان پۇللارنى ئالماسلىق لازىم. خۇددى مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ھارام بولغىنىدەك ئىسلام دۆلىتىگە ئامانلىق تىلەپ چىققان كاپىرنىڭ ۋە ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن كاپىرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ھارامدۇر. چۈنكى ئۇ كاپىرلارمۇ ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈش بىلەن خۇددى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ھەق ـ ھوقۇققا ئىگىدۇر. بىر قىسىم ئالىملار: «(ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىرغا زۇلۇم قىلىشنىڭ جىنايىتى بىر مۇسۇلمانغا زۇلۇم قىلغان ئادەمنىڭ جىنايىتىدىن ئېغىردۇر» دەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىرلارنىڭ كېلىشىمگە رىئايە قىلىشقا تەۋسىيە قىلغان. بۇ ھەقتە جۇۋەيرە ئىبنى قۇدامە ئەتتەمىمي مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قا ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! بىزگە تەۋسىيە قىلساڭ، دېدۇق. ئاندىن ئۇنىڭ: مەن سىلەرنىڭ اللّٰه تائالانىڭ ئەھدىسى بىلەن (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن كاپىرلارنىڭ كېلىشىمگە رىئايە قىلىشىڭلارغا) تەۋسىيە قىلىمەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ كېلىشىمى سىلەرنىڭ پەيغەمبىرىڭلارنىڭ كېلىشىمدۇر ۋە سىلەرنىڭ بالىۋاقىلىرىڭلارنىڭ رىزقلىرىنىڭ مەنبەيىدۇر، دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.»[1]

ئىبنى ئۆمەر (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) بىرەر كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇ ئادەم جەننەتنىڭ پۇرۇقىنىمۇ پۇرالمايدۇ. جەننەتنىڭ پۇرىقى بولسا قىرىق يىللىق

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

**يەردىن پۇرايدۇ.»[1] بۇ ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كاپىرنى ناھەق ئۆلتۈرۋەتكەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى نەسائىي ۋە ئەبۇداۋۇد بۇ ھەدىسنى ئەبۇبىكرەدىن بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلدى: «كىمكى (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) بىرەر كاپىرنى ناھەق ئۆلتۈرۋەتكەن بولسا، اللہ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ.»**

**س: ئەگەر (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىر بىرسىگە سېھىر قىلسا، ئۇ كەچۈرۈلەمدۇ؟ دېگەن سۇئالغا، ئىمام بۇخارى (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) جاۋاب بېرىپ جاۋابىنىڭ ئارقىسىدىن مۇنداق دېدى: ئىبنى ۋەھبى ماڭا يۇنۇس مۇنداق دېگەن: ئىبنى شىھابدىن بىرسىگە سېھىر قىلغان (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىر (بۇ قىلمىشى ئۈچۈن) ئۆلتۈرۈلەمدۇ؟ دەپ سورالدى. ئىبنى شىھاب بۇ سۇئالغا: بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېھىر قىلىنغانلىقى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا سېھىر قىلغان ئادەمنى ئۆلتۈرمىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سېھىر قىلغان ئادەممۇ (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كىتاب بېرىلگەن كاپىرلاردىن ئىدى، دەپ جاۋاب بەرگەن.**

**ئىبنى ھەجەر (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىبنى شىھابنىڭ مەزكۇر سۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ ئىبنى بەتتالنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىرلارنىڭ ئىچىدىن بىرەر ئادەمگە سېھىر قىلغان ئادەم ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. لېكىن جازالىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ سېھىر قىلىشى بىلەن سېھىر قىلىنغان ئادەم ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ سېھىرگەر ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر سېھىر ئۇ ئادەمگە بىرەر كېسەل پەيدا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن سېھىرگەر جازالىنىدۇ. مانا بۇ كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام مالىك (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ئەگەر (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىر سېھىر قىلىش ئارقىلىق بىرەر مۇسۇلمانغا زىيان كەلتۈرسە، ئۇ شۇ قىلمىشى بىلەن ئۆزىنىڭ كېلىشىمىنى بۇزغان ھېسابلىنىدۇ، دېدى. ئۇ يەنە: سېھىرگەر ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن تەۋبە تەلەپ قىلىنمايدۇ، دېدى. بۇ ھەم ئىمام ئەھمەدنىڭ ۋە بىر تۈركۈم ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. سېھىرگەرنىڭ ھۆكمى بۇلارنىڭ**

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

كۆز قارىشى بويىچە خۇددى زىندىقنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. ئىبنى بەتتال يەنە مۇنداق دېدى: ئىبنى شىھابنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سېھىر قىلىنغانلىقىنى ئەمما ئۇنىڭ سېھىرگەرنى ئۆلتۈرمىگەنلىكىنى دەلىل - پاكىت قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئۈچۈن بىرەر كىشىدىن ئىنتىقام ئالمايتتى. يەنە كېلىپ سېھىر ئۇنىڭغا مەيلى ۋەھيى ئىشلىرىدا بولسۇن، مەيلى تەن - سالامەتلىكىدە بولسۇن ھېچقانداق تەسىرىنى كۆرسەتمىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەقەت ئازراقلا خىيال قىلىش قاپلىۋالغان ئىدى. بۇ خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغان، لېكىن شۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان جىننىڭ ئىشىغا ئوخشاشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېھىرنىڭ تەسىرى بىلەن (ئەقلى - ھۇشۇدىن كېتىدىغان ھالەتتە ئەمەس) پەقەت نورمال كىشەل ئادەم قىزىيدىغان قىزىشقا گىرىپتار بولۇپ قالغان.»[1]

ئەگەر ئىسلام دۆلىتىگە ئامانلىق تەلەپ قىلىپ كىرگەن ۋە ئۇ يەردە مەلۇم بىر مۇددەت تۇرۇش ئۈچۈن رۇخسەت ئالغان كاپىر، ئۇنىڭغا مۇسۇلمان ئەمەلدارلىقى توختۇتۇپ بەرگەن مۇددەت توشقاندىن كېيىن ئۆز دۆلىتىگە قايتماقچى بولسا، ئۇ ئۆز دۆلىتىگە قايتىشتىن چەكلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ دۆلىتىگە قايتىپ كېتىشى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىر كاپىرلارنىڭ سېپىغا قېتىلىپ كەتمەكچى بولسا، (يەنى ئۇ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتمەكچى بولسا)، ئۇمۇ بۇنداق قىلىشتىن چەكلىنىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ تىجارەت ئۈچۈن ئۆز دۆلەتلىرىگە كىرمەكچى بولغان ۋە ئۇلارنىڭ قايتىپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىنسا، بۇ ھالدا ئۇلارمۇ خۇددى (كاپىر دۆلىتىگە بېرىپ تىجارەت قىلماقچى بولغان) مۇسۇلمان چەكلەنمىگەنگە ئوخشاش چەكلەنمەيدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئىسلام دۆلىتىگە ئامانلىق تەلەپ قىلىپ كىرگەن كاپىر (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىرغا ئايلانسا، ئۇ كاپىرمۇ ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كېتىشتىن چەكلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىسلام دۆلىتىگە ئامانلىق تەلەپ قىلىپ كىرگەن كاپىر زېمىن سېتىۋالغان ۋە ئۇنىڭغا باج (يەنى خىراج) قويۇلغان بولسا، ئۇ كاپىر (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىرغا ئايلىنىدۇ.

(1) «فەتھۇلبارى»، 6 - توم، 277 - بەت.

ئىسلام دۆلىتىگە ئامانلىق تەلەپ قىلىپ كىرگەن ئايال كاپىر (ئەگەر ئۇ يەھۇدىي ياكى خىرىستىيانلارغا ئوخشاش كىتاب بېرىلگەن كاپىرلار بولسا) مۇسۇلمان ياكى (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىر بىلەن توي قىلىش بىلەن (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىرغا ئايلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ھۆكۈمدە ئېرىگە ئەگىشىدۇ. ئەمما ئىسلام دۆلىتىگە ئامانلىق تەلەپ قىلىپ كىرگەن ئەر كاپىر (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) ئايال كاپىر بىلەن توي قىلىش بىلەن (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىرغا ئايلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ كاپىر ئايالىنىڭ تالىقىنى بېرىۋېتىپ ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كېتەلەيدۇ.

ئەر - خوتۇن ئىككى كاپىر ئامانلىق تەلەپ قىلىپ ئىسلام دۆلىتىگە چىققان ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئايالى ئىسلامغا كىرگەن بولسا، ئايال (ئىسلامغا كىرىش بىلەن) ئەردىن ئايرىلىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. ئەر (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىرغا ئايلانمايدۇ.

ئىسلام دۆلىتىگە ئامانلىق تەلەپ قىلىپ چىققان كاپىر ئۇ يەردە بىر مۇسۇلماندىن قەرز ئالغان بولسا، قەرز ئىگىسى مۇسۇلماننىڭ ئۇ كاپىرنى ئۆز دۆلىتىگە قايتىشتىن توسۇش ھەققى بار. ئەگەر قەرز ئىگىسى مۇسۇلمان ئۇ كاپىرنى ئۆز دۆلىتىگە قايتىشتىن توسقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ كاپىر ئىسلام دۆلىتىدە بىر يىلدەك قالغان بولسا، ئۇ كاپىر (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىرغا ئايلىنىدۇ.

ئىسلام دۆلىتىگە ئامانلىق تەلەپ قىلىپ چىققان كاپىرنىڭ ئامانلىقى ئۇ كاپىرنىڭ ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كېتىش بىلەن ئاياغلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كاپىر (مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىسىدا) دۈشمەنلىك بار كاپىرغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىرمۇ كاپىرلارنىڭ قېشىغا قېچىپ كېتىشى بىلەن (مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىسىدا) دۈشمەنلىك بار كاپىرغا ئايلىنىدۇ. ئۇ كاپىرنىڭ مال - مۈلكى ئەگەر ئۇ كاپىر مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئۆزئۆشتا ئەسىرگە چۈشۈپ قالسا ياكى ئۆلتۈرۈلسە خۇددى يەر بېجىگە ياكى باش بېجىگە ئوخشاش ئىسلام دۆلىتىنىڭ خەزىنىسىگە تاشلىنىدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 252 - بەت.

# ئىسلام دۆلىتى ۋە كاپىر دۆلىتىنىڭ بايانى

ئەگەر كاپىرلار ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلىپ ئۇنى بېسىۋالغان ياكى بىرەر ئىسلام دۆلىتىنىڭ بىر قىسىم ئادەملىرى ئىسلامدىن يېنىۋالغان (ياكى كاپىر ئەقىدىسى بىلەن تەربىيىلەنگەن)، ئاندىن دۆلەت ئىشلىرىنى قوللىرىغا ئېلىۋېلىپ دۆلەتتە كۇپۇرچە ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلغان، ياكى (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىرلار بۇ كېلىشىمنى بۇزۇپ دۆلەت ئىشلىرىنى قوللىرىغا كىرگۈزىۋالغان بولسا، مەزكۇر ھالەتلەردىمۇ ئىسلام دۆلىتى كاپىر دۆلىتى ھېسابلانمايدۇ. لېكىن تۆۋەندىكى ئۈچ ھالەت ئاستىدا ئىسلام دۆلىتى كاپىر دۆلىتى ھېسابلىنىدۇ:

1 ـ ئىسلام دۆلىتىدە ئىجرا قىلىنغان ھۆكۈملەرنىڭ (يەنى قانۇنلارنىڭ) ھەممىسى پۈتۈنلەي كاپىرلارنىڭ ھۆكۈملىرى بولۇپ كەتكەن، ھەتتا ئۇنىڭدا ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئائىت ئازراقمۇ ھۆكۈم قالمىغان چاغدا ئىسلام دۆلىتى كاپىر دۆلىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئىسلام دۆلىتىدە ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىمۇ ۋە كاپىرلارنىڭ ھۆكۈملىرىمۇ ئىجرا قىلىنسا، بۇ ھالدا ئۇ دۆلەت كاپىر دۆلىتى ھېسابلانمايدۇ.

2 ـ ئىسلام دۆلىتى بىرەر تەرەپتىن بولسىمۇ بىرەر ئىسلام دۆلىتىگە تۇتاشماستىن ھەممە تەرەپتىن كاپىر دۆلىتىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن چاغدا، ئىسلام دۆلىتى بۇ چاغدىمۇ كاپىر دۆلىتى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئالىم ئىبنى ئابىدىن (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مانا بۇنىڭ شامدىكى <دۇرۇز تېغى> دەپ ئاتىلىدىغان تاغ ۋە ئۇنىڭغا تەۋە يەرلەر ئىسلام يۇرتى ھېسابلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. چۈنكى ئۇ تاغ ۋە ئۇنىڭغا تەۋە يەرلەردە دۇرۇزىيلارنىڭ ياكى خىرىستىيانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قازىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ۋە ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تىللايدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلارنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدىدۇر. ئىسلام دۆلەتلىرى ئۇلارنى ھەممە تەرەپتىن قورشاپ تۇرغۇچىدۇر. ئەگەر مۇسۇلمان ھۆكۈمدار ئۇلارغا ئىسلام ھۆكۈملىرىنى يىرگۈزۈشنى خالىسا، ئۇلارغا ئىسلام ھۆكۈملىرىنى يۈرگۈزەلەيدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 253 ـ بەت.

شۇنىڭغا ئاساسەن مەن: (كۇنىمىزدىكى) پەلەستىنىنىڭمۇ ئىسلام دۆلىتى ھالىتىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىمەن. يەھۇدىيلار پەلەستىن ئۇستىدىن غەلىبە قىلىپ ئۇنى بېسىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھازىرغىچە ئىسلام دۆلىتى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى پەلەستىن تۆت تەرەپتىن ئىسلام دۆلەتلىرىگە تۇتىشىدۇ.

3 ـ بىر ئىسلام دۆلىتى، ئۇنىڭدا ئۆزىدىن خاتىرجەم بولىدىغان بىرەر مۇسۇلمان ياكى (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) بىرەر كاپىر قالمىغان دەرىجىگە يەتكەن ۋاقتىدا كاپىر دۆلىتى ھېسابلىنىدۇ.

بىر كاپىر دۆلىتى گەرچە بىرەر تەرەپتىن بولسىمۇ ئىسلام دۆلىتى بىلەن تۇتاشمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا جۈمە نامىزى ۋە ئىككى ھېيت نامازلىرى ئوقۇلغىنىغا ئوخشاش ئىسلام دىنىنىڭ بەزى ئىبادەتلىرىنىڭ ئەمەل قىلىنىشى بىلەن ئىسلام دۆلىتى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مەيلى كاپىرلار تەرەپىدىن تەيىنلەپ قويۇلغان بولسىمۇ (مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئىش ـ قىلىدىغان) مۇسۇلمان ھاكىم ياكى ۋالىي بار ھەر قانداق شەھەردە جۈمە ۋە ئىككى ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇشقا، (ئۇ شەھەرگە ياقا ـ يۇرتلاردىن ئېقىپ كېلىپ يەر ئېلىپ تېرىقچىلىق قىلغان كاپىرلاردىن) يەر بېجى ئېلىشقا، مۇسۇلمان قازىيلارنى (يەنى دىلولارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ھاكىملارنى) تىكلەشكە ۋە مەيلى ئوغۇل بولسۇن، مەيلى قىز بولسۇن ئىگە ـ چاقىللىرى يوق يېتىم قالغانلارنى ئۆيلەندۈرۈشكە بولىدۇ. كاپىرلار بېسىۋېلىپ دۆلەتنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان دۆلەتلەردىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ جۈمە نامىزى ۋە ئىككى ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇشى توغرىدۇر. بۇ دۆلەتلەردە (دۆلەت ئەمەس) مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى رازى بولۇپ سايلاپ چىققان ئادەم قازى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ دۆلەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىر ئەمەلدارلاردىن ئۆزلىرىگە مۇسۇلمان ۋالىي تەيىن قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشى لازىم.

# يەر بېجىنىڭ بايانى

يەر بېجى (يەنى خەراج) بولسا يەردىن ئېلىنىدىغان ئالۋاڭ ـ سېلىق بولۇپ ئۇ يەر ئەسكەر كۈچى بىلەن پەتھى قىلىنغان ۋە ئەسلىدىكى ئىگىللىرىنىڭ

قوللىرىدا قالدۇرۇپ قويۇلغان يەرلەردۇر. يەر ئۈرۈش قىلغانلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بېرىلىدىغان ئولجىلارنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. چۈنكى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) يەرنى ئولجىلارنىڭ ئىچىگە كىرگۈزمىگەن. ئولجىلار پەقەت ئۇ يەردىن - بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان مال - مۈلۈكلەردىن ئىبارەتتۇر.

يەر بېجىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ساھابىلار (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىسلام لەشكەرلىرى تەرەپىدىن پەتھى قىلىنغان ئىراقنىڭ يەرلىرىنى ئۆز ئىگىلىرىنىڭ قوللىرىغا قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇ يەرلەرگە ئالۋاڭ - سېلىق قويغانلىقىدۇر. شۇڭا ئەگەر مۇسۇلمانلار بىرەر يەرنى ئەسكەر كۈچى بىلەن پەتھى قىلسا، مۇسۇلمان ئەمەلدارى ئەگەر خالىسا ئۇ يەرنى ئەسكەرلەرگە خۇددى ئولجىلارنى تەقسىم قىلىپ بەرگىنىدەك تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. ئەگەر خالىسا ئۇ يەرنى ئۆز ئىگىللىرىنىڭ قوللىرىغا قايتۇرۇپ بېرىپ كەلگەن كىرىملارنى مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق يەرگە ئىشلىتىش ئۈچۈن يەر ئىگىللىرىگە باش بېجى (يەنى جىزيە) ۋە يەرگە يەر بېجى (يەنى خەراج) قويىدۇ. بۇ ھەقتە زەيد ئىبنى ئەسلەم دادىسىدىن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولمايدىغان بولسا، (يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردە كېلىدىغان ئەۋلادلارنى ئويلىمايدىغان ئىش بولىدىغان بولسا)، مەن (ئەسكەر كۈچى بىلەن) پەتھى قىلىنغان ھەر بىر شەھەر ياكى كەنتنى (ئەسكەر ئارىسىدا) خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرنىڭ يەرلىرىنى (ئەسكەرلەر ئارىسىدا) تەقسىم قىلىپ بەرگىنىدەك تەقسىم قىلىپ بېرەتتىم. ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مالىك بۇ ئەسەرنى بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ھېچقانداق نەرسىسىز تاشلىنىپ قالمايدىغان ئىش بولسا، مەن مۇسۇلمانلار كۈچ بىلەن پەتھى قىلغان ھەر بىر كەنتنى (ئۇلار ئارىسىدا) خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئەسكەرلەر ئارىسىدا) خەيبەرنىڭ يەرلىرىنى ھەسسىمۇ - ھەسسە تەقسىم قىلىپ بەرگىنىدەك ھەسسىمۇ - ھەسسە تەقسىم قىلىپ بېرەتتىم.»

ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) (مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى ھارۇن رەشىدقا يېزىپ بەرگەن) <ئەلخىراج> ئىسىملىك ئەسىرىدە

مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! ئۇرۇش قىلماستىن ئالغان ئولجىغا كەلسەك ئۇمۇ ھەنەفىي مەزھەپىدە خۇددى يەرگە قويۇلغان ئالۋاڭ - سېلىققا ئوخشاش بىر سېلىقتۇر. توغرىسىنى الله بىلگۈچىدۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «الله پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى) نىڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، اللەغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش - ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى[2] »[1] »

<ئەلھىدايە> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان ئەمەلدار ئەگەر بىرەر شەھەرنى ئەسكەر كۈچى بىلەن پەتھى قىلسا، ئۇ ئەگەر خالىسا ئۇ يەرنى ئەسكەرلەرگە خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەيبەرنىڭ يەرلىرىنى تەقسىم قىلىپ بەرگىنىدەك تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ. ئەگەر خالىسا ئۇ يەرنى ئۆز ئىگىللىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۇلارغا باش بېجى (يەنى جىزيە) ۋە ئۇلارنىڭ يەرلىرىگە يەر بېجى قويىدۇ. چۈنكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ساھابىلار (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ قوشۇلىشى بىلەن ئىراقنىڭ يەرلىرىنى (ئۆز ئىگىللىرىنىڭ قوللىرىغا قايتۇرۇپ ئۇ يەرلەرگە) يەر بېجى قويغان ۋە بۇ ئىشتا ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا قارشى چىققان كىشىلەر قارشى ئېلىنمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر شەھەرنى ئەسكەر كۈچى بىلەن پەتھى قىلغان مۇسۇلمان ئەمەلدار خالىسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولىنى تۇتۇپ يەرلەرنى ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرسىمۇ بولىدۇ. خالىسا ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ توتقان يولىنى تۇتۇپ يەرلەرنى ئۆز ئىگىللىرىنىڭ قوللىرىغا قايتۇرۇپ بېرىپ يەرلەرگە يەر بېجى قويسىمۇ بولىدۇ.»[3]

يەرلەرنى ئۆز ئىگىللىرىنىڭ قوللىرىغا قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇنىڭغا يەر بېجى قويۇش مەسىلىسىگە ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) قېتىلمايدۇ. ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مۇسۇلمان ئەمەلدار ئەسكەر كۈچى بىلەن پەتھى قىلغان يەرلەرنى ئەسكەرلەرگە

(1) ئەسلىدە بۇ ئايەتتە مەقسەت قىلىنغان ئولجىلاردىن ئۇرۇش قىلماستىن ئالغان ئولجىلار مەقسەت قىلىنىدۇ. ت.

(2) سۈرە ھەشر 6 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(3) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 12 - توم، 69 - بەت.

خۇددى باشقا ئۇلجىلارنى تەقسىم قىلغىنىدەك تەقسىم قىلىشى لازىم» دەيدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى تۆۋەندىكى ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ: ئەبۇھۇرەيرە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئى ئادەملەر! سىلەر (كاپىرلاردىن ئۇلارنىڭ گەرىندىكى ئالۋاڭ ـ سېلىقلارغا ھېسابلاپ) بىرەر تىللا ياكى يامبۇ يىغالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالساڭلار قانداق قىلىسىلەر؟ دېدى. ئادەملەر ئۇنىڭغا: ئى ئەبۇھۇرەيرە! سەن بۇ ئىشنى بولىدۇ، دەپ قارامسەن؟ (يەنى مۇسۇلمانلارنى كاپىرلاردىن بىرەر تىللامۇ يىغالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغان ئىشنى بولىدۇ، دەپ قارامسەن؟) دېدى. ئەبۇھۇرەيرە!: ھەئە، جېنىم قولىدا بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرگە راست سۆزلەيدىغان ۋە راست سۆزلەيدۇ، دەپ قارىلىدىغان زات (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) نىڭ دېگەنلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمەن، دېدى. ئادەملەر ئۇنىڭغا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمىلەرنى دېگەن ئىدى، دېدى. ئەبۇھۇرەيرە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، اللە تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەھدىسىنىڭ ھۆرمىتى تۆكۈلىدۇ. (يەنى ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن ئەھدە تۈزۈشكەن كاپىرلار ئەھدىلىرىنى بۇزىدۇ)، ئاندىن اللە تائالا (ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئۇ كېلىشىمنى) بۇزغان كاپىرلارنىڭ دىللىرىنى قارىلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قوللىرىدىكى (بېرىشقا تېگىشلىك بولغان) نەرسىلەرنىمۇ بەرمەيدۇ، دېگەن دېدى.[1]

ئىمام مۇسلىم بۇ ھەدىسنى ئەبۇھۇرەيرىدىن بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىراقلىقلار يامبۇلىرىنى ۋە ئۆلچەملىرىنى توسۇپ قالدى. (يەنى ئىراقلىقلار پۇل ـ ماللىرىنى ۋە بۇغداي ـ قۇناقتا ئوخشاش ئاشلىرىنى مۇسۇلمانلارغا بېرىشتىن باش تارتتى)» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە (كەلگۈسىدە ئىراقلىقلار قىلىدىغان ئىشلارنى) <توسۇپ قالدى> دەپ ئۆتكەن زامان شەكىلدە بايان قىلدى. بۇنىڭدىن ئەسلىدە كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلار مەقسەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلارنى بۇنداق ئۆتكەن زامان شەكىلدە بايان قىلىشى بۇ ئىشلارنىڭ چوقۇم بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ ھەقتە يەنە ئىمام مۇسلىم جابىر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئىراقلىقلاردىن

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

مۇسۇلمانلارغا (تۆلەشكە كېرەكلىك بولغان نەرسىلەر) بىرەر تۆگە ياكى بىرەر يامبۇ كەلمەسلىكى مۇمكىن» دېدى. نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئىش باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۇلارنى (شۇ نەرسىلەرنى مۇسۇلمانلارغا بېرىشتىن) چەكلىگەنلىك سەۋەبى بىلەن شۇنداق بولىدۇ» دېگەن. مانا بۇ ھەدىس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ بىرىدۇر[1]. بۇ ھەدىس يەنە كاپىرلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەن مۇسۇلمانلارنى، كاپىرلار بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمگە ۋاپا قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ كاپىرلاردىن ئېلىنىدىغان باش بېجى (يەنى جىزىيە) مۇسۇلمانلارغا پايدا ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ھەدىس ئۇ كاپىرلارغا زۇلۇم قىلىشتىن چەكلەيدۇ. ئۇ كاپىرلارغا قاچان زۇلۇم قىلىنسا، ئۇلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان كېلىشىمنى بۇزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئۇلاردىن بىر نەرسە يىغالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن مۇسۇلمانلار ئېغىر ئەھۋالغا قالىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار: «ھەدىستە بايان قىلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ <توسۇپ قالدى> دېگەن سۆزىدىن ئۇلارنىڭ يەر بېجىنى (يەنى خەراجنى) توسۇپ قېلىشلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دەيدۇ.[2]

ئەگەر يەرلەر ئۆز ئىگىلىرىنىڭ قوللىرىدا قالسا، ئۇلار ئۇ يەرلەرنىڭ ئۆز ئىگىلىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۇ يەرلەرنى ساتالايدۇ، قەرزگە ھېسابلاپ بېرەلەيدۇ ۋە مىراسخورلىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلىپ بېرەلەيدۇ.

مىسىرنىڭ، شامنىڭ (يەنى سۇرىيە، ئۇردۇن ۋە پەلەستىنلەرنىڭ) ۋە ئىراقنىڭ يەرلىرى يەر بېجى (يەنى خەراج) ئېلىنىدىغان يەرلەر ھېسابلىنىدۇ. ئەسكەر كۈچى بىلەن پەتھى قىلىنغان يەرلەرنىڭ ئىچىدىن پەقەت مەككە مۇكەررەمىنىڭ يەرلىرىلا (يەر بېجى ئېلىنىدىغان يەرلەر ئەمەس) چىققان مەھسۇلاتتىن ئۆننىڭ بىرى (يەنى ئۆشرە) ئېلىنىدىغان يەر ھېسابلىنىدۇ. ئەرەبنىڭ يەرلىرى (ئاپتۇر بۇنىڭدىن ئەرەب يېرىم ئارىلىقىدىكى يەرلەرنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن) ۋە خەلقى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلامغا كىرگەن دۆلەتلەرنىڭ يەرلىرى يەر بېجى ئېلىنىدىغان يەرلەر ئەمەس چىققان مەھسۇلاتتىن ئۆننىڭ بىرى (يەنى ئۆشرە) ئېلىنىدىغان يەر ھېسابلىنىدۇ.

(1) ھەدىستە ئىراقنى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىشغال قىلىۋالىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىراقلىقلارنى مۇسۇلمانلارغا تۆلەيدىغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى تۆلەشتىن توسۇپ قالىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئىمام نەۋەۋىينىڭ دېگىنىگە قارالغان ۋاقتىدا بۇ ئىش تارىختا بولغان ئىكەن. ت.

(2) «فەتھۇلبارى»، 6 ـ توم، 280 ـ بەت.

یەر بێجی بولسا یەرنىڭ ئۆزىگە قويۇلغان ئالۋاڭ ـ سېلىقتۇر. شۇڭا يېرىگە يەر بێجی كېلىدىغان بىر ئادەم ئىسلامغا كىرسىمۇ يەنە ئۇنىڭدىن يەر بێجی ئېلىنىدۇ. ئەگەر مۇسۇلمان بىر ئادەم، يېرى ئۆز قولىدا قالغان بىر كاپىردىن ئۇنىڭ يېرىنى سېتىۋالغان بولسا، ئۇ مۇسۇلماندىنمۇ يەر بێجی ئېلىنىدۇ. چۈنكى ساھابىلارنىڭمۇ يەر بێجی ئېلىنىدىغان يەرلەرنى سېتىپ ئېلىپ ئۇنىڭ باجلىرىنى تۆلۈگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مانا بۇ يەر بێجی ئېلىنىدىغان يەرلەرنى سېتىپ ئېلىشنىڭ، (ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم مۇسۇلمان بولسىمۇ) ئۇنىڭدىن يەر بێجنى ئېلىشنىڭ ۋە باجنى مۇسۇلمانلارغا ئادا قىلىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.[1]

يەر بێجی ئېلىنىدىغان يەرلەردىن چىققان مەھسۇلاتلاردىن ئۇندىن بىرى (يەنى ئۆشرە) ئېلىنمايدۇ. ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «يەر بێجی ئېلىنىدىغان يەرلەردىن ھەم يەر بێجی، ھەم ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتلاردىن ئۇندىن بىرى (يەنى ئۆشرە) ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىككى سېلىقنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاشمىغان ئىككى سەۋەب بىلەن بېرىش لازىم بولغان ئىككى ۋەزىپىدۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بېرىلىدۇ» دەيدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىلى بولسا ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلغان شەئبىينىڭ: يەر بێجی بىلەن (يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ) ئۇندىن بىرىنى (يەنى ئۆشرە) ئېلىشتىن ئىبارەت (ئىككى ۋەزىپە) بىر يەرنىڭ ئۈستىگە قويۇلمايدۇ، دېگەن سۆزىدۇر. ئىبنى ئەبۇشەيبە بۇ ھەقتە يەنە ئىكرىمەنىڭ: «بىر يەرگە ھەم يەر بێجی ۋە ھەم (ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتتىن) ئۇنىنىڭ بىرىنى (يەنى ئۆشرە) ئېلىش ۋەزىپىسى قويۇلمايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. اللہ تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن! يەر بێجی ئېلىنغان يەرگە، ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتتىن ئۇندىن بىرى (ئۆشرە) ئېلىنمايدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئادەم پەقەت ئىمام ئەبۇھەنىفىلا ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئالىملار بار ئىكەن. ئىمام ئەبۇھەنىفەگە بۇ ھەقتە ئەڭ كاتتا ئالىملار قوشۇلغان. يەر بێجی ئېلىنغان يەرگە، ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتتىن ئۇندىن بىرى (يەنى ئۆشرە) ئېلىنمايدۇ، دېگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئىراقنىڭ فىقھشۇناسى ۋە ئىبنى مەسئۇدنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئەڭ ناتىقى بولغان ئىبراھىم نەخەئىيمۇ بار. ئىبنى ئەدىيە <ئەلكامىل> دېگەن كىتابىدا

(1) «ئەلھىدايە»، 2 ـ توم، 158 ـ بەت.

يەھيا ئىبنى ئۇنبەسەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىزگە ئىمام ئەبۇھەنىفە ھەممادتىن، ھەمماد ئىبراھىم نەخەئىيدىن، ئىبراھىم نەخەئىي ئىلقەمەدىن، ئىلقەمە ئىبنى مەسئۇدتىن، ئىبنى مەسئۇد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە ھەم يەر بېجى، ھەم (يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىن) ئوندىن بىرىنى (يەنى ئۆشرىنى) ئېلىش ۋەزىپىسى يۈكلەنمەيدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.[1]

بۇ ئەگەر يەردىن يەر بېجى تاشلىنىپ قالماي ئېلىنىپ تۇرسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما خۇددى كۆنىمىزدىكىدەك يەردىن يەر بېجى ئېلىش بىكار قىلىنسا، بۇ ھالدا ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ سۆزى بويىچە: ئۇ يەردىن (ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتتىن) ئوندىن بىرىنى (يەنى ئۆشرە) ئېلىش لازىمدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) يەر بېجى كېلىدىغان يەرنىڭ ئىگىسى ئىسلامغا كىرسە، ئۇ ئادەمدىن (ئۇنىڭ قولىدىكى يەر ئۈچۈن يەر بېجى ئەمەس ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتتىن) ئوندىن بىرىنى (ئۆشرە) ئېلىشنىڭمۇ بولىدىغانلىقىغا پەتىۋا بەرگەن. چۈنكى چىققان مەھسۇلاتتىن ئوندىن بىرىنى (ئۆشرە) بېرىش يەرنىڭ زاكىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە خۇددى ئۇنىڭ باشقا مال - دۇنيالىرىغا زاكات بېرىش لازىم بولغىنىدەك يەرلىرىگىمۇ زاكات بېرىشى لازىمدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بۇ ھەقتىكى دەلىل - پاكىتلىرى كۆچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى ھەنەفىي مەزھەپىدە توغرا ۋە كۈچلۈك قاراش دەپ قارىلىدۇ. بۇ قاراش ھەم كىشىلەرگە ئاسانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) (ئۆزىنىڭ خەلىپە ھارۇن رەشىدكە يېزىپ بەرگەن) <ئەلخەراج> ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! سەن قوللىرىدا مال - مۈلكى ۋە يەر - زېمىنلىرى بار كاپىرلاردىن ئىسلامغا كىرگەنلەرنىڭ جانلىرىنىڭ، مال - مۈلكىنىڭ ۋە يەرلىرىنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ دەپ سورىغان ئىكەنسەن. بۇلارنىڭ ھۆكمى مۇنداق بولىدۇ: ئىسلامغا كىرگەنلەرنىڭ قېنىنى تۆكۈش ھارامدۇر. ئۇلار ئىسلامغا كىرگەن ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ قوللىرىدا بار مال - مۈلۈك ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە تەۋە مال - مۈلۈك ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇلارنىڭ يەر - زېمىنلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە تەۋە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يەرلىرىمۇ خۇددى مەدىنىنىڭ يەرلىرىگە

(1) «ئەلئاتۇسسۇنەن»، 12 - توم، 419 - بەت.

ئۇخشاش (يەر بېجى كېلىدىغان يەر ئەمەس) يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىن ئوندىن بىرىنى (يەنى ئۆشرە) ئېلىش يەرلىرى ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ مەدىنىگە كەلگەن ۋاقتىدا، ئۇ يەرنىڭ خەلقىنىڭ ئىسلامغا كىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ قولىدىكى يەر - زېمىنلارمۇ (يەر بېجى كېلىدىغان يەر ئەمەس) يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىن ئوندىن بىرىنى (يەنى ئۆشرە) بېرىش لازىم بولىدىغان يەرلەرگە ئايلانغان ئىدى. تائىپ ۋە بەھرانىنىڭ يەرلىرىمۇ شۇنداق بولغان ئىدى. بىر مەھەللىنىڭ ئادەملىرى ئىسلامغا كىرسە، ئۇلار ئىسلامغا كىرگەن ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ قوللىرىدا بار ئۇلارنىڭ سۇ مەنبەلىرى ۋە ئۇلارنىڭ شەھەرلىرى ئۇلارغا تەۋە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يەرلىرى چىققان مەھسۇلاتتىن ئوندىن بىرىنى (يەنى ئۆشرە) بېرىش يېرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار تۇپراقلىرىدىن ۋە زېمىنلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرۋېتىلمەيدۇ. ئۇلار يەرلىرىنى ۋە زېمىنلىرىنى بىر - بىرىدىن مىراس ئالىدۇ ۋە باشقىلارغا سېتىپ بېرەلەيدۇ. ئىسلامغا كىرگەن ھەر قانداق بىر شەھەرنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇ شەھەرنىڭ خەلقى ئىسلامغا كىرگەن ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا بار مال - مۈلۈك ۋە يەر - زېمىنلار ئۇلارغا تەۋە بولىدۇ.»

ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ مەزكۇر سۆزىنى <ئىئلائۇسسۇنەن> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئۆزىنىڭ مەزكۇر ئەسىرىدە نەقلە قىلىپ كېيىن مۇنداق دېدى: «ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئالىملار: ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) قازىيلىق قىلغانلىقى ۋە بۇ ھەقتە تەجرىبىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قازىيلىق ۋە يەر - زېمىننى ۋەقپە قىلىش ھەققىدە دېگەن سۆزلىرىنى ۋە بەرگەن پەتىۋالىرىنى كۈچلۈك، دەپ قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ پۈكۈنى يەرلەردىن يەر بېجى ۋە پۈكۈنى يەرلەردىن ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتتىن ئوندىن بىرىنى ئېلىش لازىم، دەپ يەر ھەققىدە بەرگەن پەتىۋالىرىنىمۇ كۈچلۈك دەپ قاراش لازىم كېلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قايسى يەرلەردىن يەر بېجى ۋە قايسى يەرلەردىن ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتتىن ئوندىن بىرىنى ئېلىش ھەققىدە بەرگەن پەتىۋالىرىمۇ خۇددى ۋەقپە قىلىش ھەققىدە بەرگەن پەتىۋالىرىغا ئوخشاش يەر - زېمىنغا ئالاقىداردۇر.»[1]

بىر يەردىن ياكى يەر بېجى ياكى ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتتىن ئوندىن

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 12 - توم، 422 - بەت.

بىرىنى (يەنى ئۆشرە) ئالماي قويۇپ قويۇش توغرا ئەمەس. ئەگەر يەردىن بىر يىلدا بىر ـ ئىككى قېتىم مەھسۇلات ئېلىنىسىمۇ ئۇنىڭدىن يەر بېجى بىر يىلدا پەقەت بىر قېتىملا ئېلىنىدۇ. ئەمما يەردىن چىققان مۇھسۇلاتتىن ئوندىن بىرىنى ئېلىش ۋەزىپىسى يەردىن قانچە قېتىم مەھسۇلات ئېلىنسا، شۇنچە قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئەگەر يەر بېجى كېلىدىغان بىرەر پارچە يەر الله يولىدا ۋەقپە قىلىنغان بولسا، ئۇ يەردىن ۋەقپە قىلىنغاندىن كېيىنمۇ يەنە يەر بېجى ئېلىنىدۇ. چۈنكى يەر بېجى يەرنىڭ ئۈستىدىكى بىر ۋەزىپىدۇر. شۇڭا بۇ ۋەزىپە يەر ۋەقپە قىلىنغاندىن كېيىنمۇ بۇرۇنقىدەك داۋام قىلىدۇ.[1]

# يەر بېجىنىڭ تۈرلىرى

يەر بېجى (يەنى خەراج) مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

**1** ـ بۆلۈشۈش يەر بېجى. بۇ يەر بېجى بولسا بەشتىن بىرىگە ياكى ئالتىدىن بىرىگە ئوخشاش يەردىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ بىرقىسمىدۇر. بۇ يەربېجىمۇ خۇددى ئۆشرىگە ئوخشاش يەردىن چىققان مەھسۇلاتلارغا قارىتا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەر بېجىمۇ يەردىن چىققان مەھسۇلاتلارنىڭ چىققان قېتىم سانىغا قاراپ تەكرارلىنىدۇ[2]. يەر بېجى بىلەن ئۆشرىنىڭ ئارىلىقىدا بولغان پەرق پەقەت ئۇ ئىككىسىنىڭ بېرىلىش ئورنىدىدۇر[3]. يەر بېجى يەردىن چىققان مەھسۇلاتقا قارىتا بولغانلىقى ئۈچۈن بىر ئادەم يېرىگە زەيتۇن دەرىخى ياكى ئۈزۈم، ياكى دەرەخ تىككەن بولسا، ئۇلاردىن چىققان مەھسۇلات خۇددى بۇغداي ـ قۇناققا ئوخشاش تەقسىم قىلىنىدۇ. ئۇ ئادەمگە يەردىكى مەھسۇلاتنى يېغىشتىن بۇرۇن ھېچقانداق نەرسە بېرىش لازىم ئەمەس.

بۆلۈشۈش يەر بېجى تەيىن قىلىش (يەنى مەسىلەن يەردىن ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتنىڭ تۆتتىن ياكى بەشتىن، ياكى ئالتىدىن بىرىنى ئېلىش) مۇسۇلمان ئەمەلدارلارنىڭ قارىشىغا تاپشۇرۇلغاندۇر. بۇ خىل يەر بېجى يەردىن چىققان مەھسۇلاتلارنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئەگەر يەرگە كەلگەن ئالۋاڭ ـ سېلىقلار كۆپ بولۇپ يەردىن چىققان مەھسۇلات يەر

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 255 ـ بەت.

(2) يەنى مەسىلەن بىر يىلدا ئىككى قېتىم مەھسۇلات ئېلىنسا، يەر بېجىمۇ ئىككى قېتىم ئېلىنىدۇ. ت.

(3) ئۆشرە زاكات بېرىلىدىغان سەككىز تۈرلۈك ئادەملەرگە بېرىلىدۇ. ئەمما يەر بېجى دۆلەت خەزىنىسىگە بېرىلىدۇ. ت.

بېجى ئۆچۈن بېرىشكە تېگىشلىك بولغان مىقداردىكى ئاشلىقنى بېرىشكە يەتمەيدىغان بولسا، بۇ هالدا يەر ئىگىسىگە يەر بېجىنىڭ ھەممىسىنى بېرىش لازىم ئەمەس.

2 ـ ۋەزىپە يەر بېجى. بۇ بىر ئادەمگە يەردىن پايدىلىنىش شارائىتىغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن ۋاجىپ بولىدىغان باجدۇر. شۇڭا يەر ئۇنىڭغا زىرائەت تېرىغىلى بولىدىغان بولغان، ئاندىن ئۇنى ئىگىسى بىر نەرسە تېرىماي قۇرۇق تاشلاپ قويغان بولسا، ئۇ ئادەمگە يەنە ۋەزىپە يەر بېجى كېلىدۇ. ئەمما يەر ئۇنىڭغا زىرائەت تېرىشقا بولمايدىغان يەر بولغان، ئاندىن ئۇنى ئىگىسى بىر نەرسە تېرىماي قۇرۇق تاشلاپ قويغان بولسا، بۇ هالدا يەر ئىگىسىگە بۇ خىل باجنى بېرىش لازىم ئەمەس. يەردىن ۋەزىپە يەر بېجى ئۈچۈن ئېلىنىدىغان مىقدار ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇ خىل باج ئۈچۈن ئېلىشقا توختۇتۇپ بەرگەن مىقداردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ بۇ باج ئۈچۈن ئېلىشقا مىقدار توختۇتۇپ بېرىشى كېيىن يەرلەردىن باجنى بۇ مىقداردىن ئالغان ئىشلارنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئوچۇق بىر پاكىتتۇر.[1]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئىراقنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىغا توختۇتۇپ بەرگەن باج ھەققىدە ئامىر ئەششەئبىي مۇنداق دېدى: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئىراقنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىنىڭ يەرلىرىنى ئۆلچەپ چىقتى، ئىراقنىڭ يەرلىرى 36000000 پارچە يەر ئىكەن. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) زىرائەتلىك ھەر بىر پارچە يەرگە بىر يامبۇ (يەنى 3. 17 گرام كۈمۈش) ۋە 26 كىلوگرام ئاشلىق قويدى. ئۈزۈملۈك ھەر بىر پارچە يەرگە 10 يامبۇ قويدى. باش بېجى ئۈچۈن ھەر بىر ئەرگە 12 ياكى 24 ياكى 48 يامبۇ قويدى. بۇنى ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <ئەلخەراج> ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلدى.

ۋەكىئ بۇ ھەقتە يەنە ئىبنى ئەبۇلەيلادىن ھەكەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئوسمان ئىبنى ھەنىفنى ئىراقنىڭ يەرلىرىگە ئەۋەتتى. ئۇ مەيلى زىرائەت

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 261 ـ بەت.

تېرىشقا بولىدىغان ئاۋات يەر بولسۇن، مەيلى ئۆنداق يەر بولمىسۇن سۇ يېتىپ بارغان ھەر بىر پارچە يەرگە بىر يامبۇ (يەنى 17 .3 گىرام كۈمۈش) ۋە 26 كېلوگىرام ئاشلىق، ئۆزۈملۈك ھەر بىر پارچە يەرگە 10 يامبۇ ۋە سەي ـ كۆكتات تېرىلغان ھەر بىر جۈرەيب يەرگە بەش يامبۇ قويدى. بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلدى. بۇ ئىش بىر قىسىم ساھابىلار (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ كۆز ئالدىدا بولغان ئىدى. ئۇلار بۇ ھەقتە ئوسمان ئىبنى ھەنىفگە ھېچقانداق ئېتىراز بىلدۈرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش <ئەلھىدايە> دېگەن ئەسەردە بايان قىلىنغىنىدەك بارلىق ساھابىلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىشى بولۇپ قالغان.[1]

يەھيا ئىبنى ئادەم يەر بېجى ھەققىدە ھەسەن ئىبنى سالىھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىراقلىقلارنىڭ يەرلىرىگە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب توختۇتۇپ بەرگەن يەر باجلىرىلا كېلىدۇ. ئەگەر ئىراقلىقلار يەر باجلىرىنى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بېرىشكە كۈچى يېتىدىغان ھالەتتە بولسىمۇ، باج ئۆمەر ئىبنى خەتتاب توختۇتۇپ بەرگەن مىقداردىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار مەزكۇر مىقداردىكى باجنى بېرىشتىن ئاجىز كەلسە، بۇ ھالدا باج ئۇلاردىن يەڭگىللىتىپ ئېلىنىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب دېگەنگە ئوخشاش ئۇلارغا باج ئۇلارنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان دەرىجىدە ئېغىر قويۇلمايدۇ. بىز ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) خەلىپە بولۇپ كۈپىغا كەلگەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭ بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا قارشى ئىش قىلغانلىقىنى ياكى باج مىقدارىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب توختۇتۇپ بەرگەن مىقداردىن ئۆزگەرتكەنلىكىنى بىلمەيمىز.

مانا بۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابدىن كېيىن كەلگەن خەلىپىلەرنىڭمۇ ئىراقلىقلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ يەرلىرىدىن يەر بېجىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب توختۇتۇپ بەرگەن مىقداردىن ئارتۇق ئالمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن كېيىن خەلىپە بولغانلار پەتھى قىلغان يەرلىرىگە باجنىڭ مىقدارىنى توختىتىشنى باشلىغان ۋاقتىدا، ئۇ خەلىپىلەرنىڭ ئۇ يەرلەرگە باج مىقدارىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب توختۇتۇپ بەرگەن مىقدارىدىن ئارتۇق قويىسىمۇ بولامدۇ ياكى بولمامدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە كەلسەك. بۇ ھەقتە ھەنەفىي مەزھەپىدە كۈچلۈك دەپ قارالغان قاراش بولسا، ئىمام مۇھەممەدنىڭ

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 12 ـ توم، 293 ـ بەت.

ۋە كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرىدۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇفمۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى كۆزقارىشىدىن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىغا قايتتى. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇرۇن كېيىن خەلىپە بولغانلار پەتھى قىلغان يەرلىرىگە باجنىڭ مىقدارىنى توختىتىشنى باشلىغان ۋاقىتدا، ئۇ خەلىپىلەرنىڭ ئۇ يەرلەرگە باج مىقداردىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب توختۇتۇپ بەرگەن مىقداردىن ئارتۇق ياكى ئاز قويسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: مۇسۇلمان ئەمەلدار بىر يۇرتنىڭ يەرلىرىگە باج مىقداردىنى توختىتىشنى باشلىغان ۋاقتىدا، ئۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرىنىڭ هال ـ ئەھۋالىغا قاراپ ئۇلارغا باجنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب توختۇتۇپ بەرگەن مىقداردىن ئارتۇق ياكى ئاز قويسىمۇ ۋە يەر ئىگىللىرىگە زۇلۇم قىلماستىن يەرگە خالىغان مىقداردا باج قويسىمۇ بولىدۇ.[1]

كۈنىمىزدە مەزكۇر مىقدارلارنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىش قىيىن ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن (گەرچە ھەنەفىي مەزھەپىدە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى كۈچلۈك دەپ قارالغان ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇف ئۇنىڭ كۆز قارىشىغا قايتقان بولسىمۇ) ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ: مۇسۇلمان ئەمەلدار بىر يۇرتنىڭ يەرلىرىگە باج مىقداردىنى توختىتىشنى باشلىغان ۋاقتىدا، ئۇ يۇرتنىڭ ئادەملىرىنىڭ هال ـ ئەھۋالىغا قاراپ ئۇلارغا باجنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب توختۇتۇپ بەرگەن مىقداردىن ئارتۇق ياكى ئاز قويسىمۇ بولىدۇ، دېگەن سۆزىنى قوبۇل قىلىشىمىزنى ئەڭ مۇناسىب دەپ قارايمەن. ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ بۇ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ ئېلىپ يەرگە باجنى قانچىلىك مىقداردا قويۇش ئىشىنى خەلىپە يەرلەرگە باج مىقدارىنى بەلگىلەش ئۈچۈن تەيىن قىلغان بۇ ئىشنىڭ كەسىپ ئىگىللىرىگە ۋە ئىشەنچىلىك ئادەملەرگە تاپشۇرۇشنى لايىق كۆرىمەن. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ بۇ ھەقتە مۇجمەللە قىلىپ خەت يېزىشى نېمە دېگەن ياخشى! بۇ ھەقتە ئابدۇرراھمان ئىبنى مەھدىي تەلھەدىن داۋۇد ئىبنى سۇلايمان ئەلجەئپىيىەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بۇ ھەقتە ئابدۇلھەمىد ئىبنى ئابدۇرراھمانغا مۇنداق خەت يازغان: ساڭا الله نىڭ سالامى بولسۇن! مەقسەتكە كەلسەك: زالىم ۋە پاسىق ئەمەلدارلارنىڭ نىجىس قانۇنلار ۋە تۈزۈملەرنىڭ سەۋەبى بىلەن كۆپىلىقلارغا بالا ۋە قاتتىق زۇلۇم كېلىپتۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى ئادىللىق ۋە ياخشىلىق

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 12 ـ توم، 400 ـ بەت.

قىلىشتۇر. ئۆزەڭنى الله تائالانىڭ تائەت ـ ئىبادەتلىرىگە بويسۇندۇرۇشتىن باشقا بىر نەرسە ساڭا مۇھىم ھېسابلانمىسۇن. مەن سېنىڭ كۆپىلىقلارنىڭ يەرلىرىنى (ياخشى ھۆسۇل بېرىدىغان يەر بىلەن ياخشى ھۆسۇل بەرمەيدىغان يەرنى) ئايرىشىڭغا، ياخشى ھۆسۇل بەرمەيدىغان يەرگە ياخشى ھۆسۇل بېرىدىغان يەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلماسلىقىڭغا، ياخشى ھۆسۇل بەرمەيدىغان يەردىن پەقەت ئۇ يەر ئىگىللىرىنىڭ كۆچى يەتكۈدەك مىقداردا باج ئېلىشىڭغا ۋە ياخشى ھۆسۇل بېرىدىغان يەردىن يەر ئىگىللىرىگە يۇمشاقلىق ۋە سىلىق مۇئامىلە قىلىش بىلەن پەقەت ۋەزىپە يەر بېجىنى ئېلىشىڭغا بۇيرۇيمەن.»[1]

ئەگەر يەرنى سۇ بېسىۋالسا ياكى ئۇنىڭدىن سۇ ئۈزۈلۈپ قالسا (يەنى زىرائەتلەر سۇسىز قالسا)، ياكى زىرائەتنى سۇ بېسىۋالغانغا ياكى زىرائەتكە ئوت كەتكەنگە، ياكى زىرائەتلەرگە ئۇششۇك تەككەنگە ئوخشاش زىرائەتكە تەبىئىي ئاپەت كەلگەن بولسا، بۇ ئەھۋاللاردا يەردىن يەر بېجى ئېلىنمايدۇ. ئەمما زىرائەتكە يەتكەن ئاپەت زىرائەتنى ساچقان ياكى قۇرت يەپ كەتكەنگە ئوخشاش خالىسا ساقلانغىلى بولىدىغان ئاپەت بولغان ۋە تەبىئىي ئاپەت بولمىغان بولسا، ياكى يەردىن چىققان مەھسۇلات زىرائەتنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن بىرەر ئاپەتكە ئۇچرىغان بولسا، بۇ ھالدا يەردىن يەر بېجى ئېلىنىۋېرىدۇ.

بىرەر يەردىن يەر بېجى ئالماقچى بولغان ۋاقىتدا، ئۇ يەرنىڭ ھال ـ ئەھۋالى نەزەرگە ئېلىنىشى لازىم. ئەگەر بىر ئادەم زىرائەت تېرىسا بولىدىغان يەرنى زىرائەت تېرىماي بوش قويۇپ قويغان بولسا، ئۇنىڭدىن يەنىلا يەر بېجى ئېلىنىدۇ. چۈنكى يەرنى تېرىماي تاشلاپ قويۇش ئىشى ئۇ ئادەمنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغاندۇر. ئەگەر بىر دېھقان يەرلىرىنى تاشلىۋېتىپ مەھەللىسىدىن كۆچۈپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ كۆچۈپ كەتكەنلىكى كەنتنىڭ خاراب بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ دېھقاننىڭ ئۇ مەھەللىدىن كۆچۈپ كېتىشى مەھەللىدە كۆرگەن زۇلۇمنىڭ ياكى بىرەر زورۇر ئىشنىڭ سەۋەبى بىلەن ئەمەس ئەكسىچە ئۇ مەھەللىنىڭ يەرلىرىنى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىش ئۈچۈن بولسا، ئۇ دېھقان ئۇ مەھەللىگە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇرلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم يەر بېجى كېلىدىغان زىرائەت تېرىلمىغان بوش يەرلىرىنى ساتقان ۋە ئۇ يىل توشقىلى تېخى ئۇ يەرنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنىڭدىن بىرەر قېتىم ھۆسۇل ئالالىغۇدەك ۋاقىت بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ يەرنىڭ بېجى ئۇنى

[1] «ئىلائۇسسۇنەن»، 12 ـ توم، 401 ـ بەت.

سېتىپ ئالغان ئادەمدىن ئېلىنىدۇ. ئەگەر يىل توشقىلى ئۇنچىلىك ۋاقىت قالمىغان بولسا، ئۇ يەرنىڭ بېجى ئۇنى ساتقان ئادەمگە كېلىدۇ. ئەمما ئۇ يەر زىرائەت تېرىلغان يەر بولۇپ ئۇنى ئىگىسى ئۈستىدىكى زىرائەت بىلەن بىللە ساتقان ۋە ئۇنى ساتقان ۋاقىت زىرائەت پىششىشتىن بۇرۇن بولغان بولسا، بۇ هالدا ئۇ يەرنىڭ يەر بېجى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ يەرنى ساتقان ۋاقىت زىرائەت پىشقان ۋە زىرائەتنىڭ دانلىرى تۇتۇپ بولغان ۋاقىت بولسا، ئۇ يەرنىڭ هۆكمى خۇددى زىرائەت تېرىلمىغان بوش يەرنىڭ هۆكمىگە ئوخشاشتۇر.

بىر ئادەم يېرىنى مازارلىققا ئايلاندۇرغان ياكى ئامبار قىلغان، ياكى ئۇنىڭغا ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئۆي سالغان بولسا، ئۇ يەردىن يەر بېجى چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر يەر ئىگىسى كۈچ ـ قۇۋۋىتى يەتمىگەنلىك ۋە ئۇنىڭغا لازىملىق نەرسىلەرنى تاپالمىغانلىق سەۋەبى بىلەن يەرنى تېرىشتىن ئاجىز كەلگەن بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى ئۇ يەرنى تېرىش ئۈچۈن باشقا بىرسىگە بېرىدۇ، ئۇ يەردىن چىققان مەهسۇلاتتىن يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ نامىدىن يەر بېجىنى ئېلىۋالىدۇ ۋە قالغان مەهسۇلاتنى يەر ئىگىسىگە ساقلاپ بېرىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى ئۇ يەرنى تېرىيدىغان ئادەمگە پۇل بېرىپ تېرىتتۇرۇپ ئۇنىڭغا بەرگەن پۇلنى يەردىن چىققان مەهسۇلاتتىن تۇتۇۋالىدۇ، خالىسا ئۇ يەرنى دۆلەت خەزىنىسىدىن پۇل چىقىرىپ تېرىتتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ يەرنى باشقىلارغا تىرىتتۇرۇش مۇمكىن بولمىسا، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى ئۇ يەرنى سېتىپ ئۇ يەرنىڭ بېجىنى ئۇنىڭ پۇلىدىن ئالىدۇ. بۇنىڭدا ئالىملار ئارىسىدا هېچقانداق ئىختىلاپ يوقتۇر. چۈنكى بۇ بىرەر ئادەمگە يېتىدىغان زىياننى قىلىش ئارقىلىق ئومۇمغا كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش بابىدىن هېسابلىنىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!): «يەرنى تېرىش ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرنى تاپالمىغانلىق سەۋەبى بىلەن يەرنى تېرىشتىن ئاجىز كەلگەن ئادەمگە، يەرنى تېرىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن دۆلەت خەزىنىسىدىن قەرز بېرىپ تۇرىدۇ» دەيدۇ.[1]

يەرلىرىنى تېرىشتىن ئاجىز كەلگەن ئادەملەرگە يەرلىرىنى تېرىش ئۈچۈن دۆلەت بېرىپ تۇرغان قەرز بولسا، ئۇسۇمسىز قەرز پۇلدۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى ئاجىزلارغا ياردەم بېرىشكە چاقىرىدىغان بىردىندۇر. ئىسلام دىنى

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 3 ـ توم، 264 ـ بەت.

ئىسلام قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلمايدىغان دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ئورگانلارنىڭ ئاجىزلارنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىۋېلىشىدەك ئىشلارنى هارام قىلىپ چەكلەيدۇ. ئۇ ئورگانلارنىڭ دېهقانلارغا ياردەم قىلىپ قەرز پۇل بېرىپ تۇرۇشى ئۆسۈم يولى بىلەن بولىدۇ. ئۆسۈم بىلەن قەرز بېرىپ تۇرۇش ئىسلام دىنىدا هارام قىلىپ چەكلەنگەن ئىشتۇر.

# باش بېجى (جىزيە)نىڭ بايانى

## <باش بېجى> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى

<باش بېجى> دېگەن مەنانى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزنىڭ ئەرەبچىسى <جىزيە> دېگەن سۆزدۇر. بۇ سۆز <جازا> دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققاندۇر. چۈنكى جىزيە تۆلەش (يەنى باش بېجىنى بېرىش) ئۇنى بەرگەن كاپىرنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالىدۇ. يەنى بىر كاپىر باش بېجى (يەنى جىزيە) بېرىشنى قوبۇل قىلسا، ئۇ ئۆلتۈرۈلمەي ساقلىنىپ قالىدۇ. ياكى باش بېجى (يەنى جىزيە) بىر ئادەمنىڭ كاپىر بولغانلىقىنى جازالاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قويۇلغان، ياكى كاپىرلارنىڭ ئىسلام دۆلىتىدە قېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا قويۇلغان سېلىقتۇر.

<جىزيە> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن كاپىرلارنىڭ ئىچىدىن كۈچى يېتىدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام هۆكمىگە بويسۇنغانلىقىنىڭ، ئىسلام هۆكمى ۋە سايىسى ئاستىدا ياشاشقا رازى بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئۈچۈن بېرىدىغان مەلۇم مىقداردىكى مال ـ مۈلۈكدۇر. ئۇلار تۆلىگەن بۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ، مال ـ مۈلكىنىڭ ۋە ئابرۇيىنىڭ خاتىرجەم بولۇشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇلار ئىسلامغا كىرىشكە زورلانمايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ۋە ئىبادەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن چەكلەنمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر چوشقا گۆشىگە ۋە هاراققا ئوخشاش (ئىسلام دىنىدا هارام قىلىنغان نەرسە بولسىمۇ) ئەمما ئۆزلىرىنىڭ دىنلىرىدا هالال دەپ قارالغان نەرسىلەر بولسا، ئۇلار ئۇ نەرسىلەرنى ئىشلىتىشتىن چەكلەنمەيدۇ. ئۇلار يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدا تۇرۇپ كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقىمۇ بۇيرۇلمايدۇ. باش بېجى (يەنى جىزيە) بولسا، كۈنىمىزدە بەزى دۆلەتلەرنىڭ بەزى خەلقلىرىدىن ئۇلارنىڭ

ئەسكەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتۈشنى كەچۈرۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن ئالىدىغان مەلۇم مىقداردىكى پۇلغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

## باش بېجىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بايانى

الله تائالا باش بېجىنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «سىلەر ئەھلى كىتابتىن الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى الله نىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى الله نىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانىنىڭ ئورنىدىدۇر) بىلەن، الله (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) هارام قىلغان نەرسىلەرنى هارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى) غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار ھالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار[1]»

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئوتپەرەس كاپىرلاردىن باش بېجى ئالغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئەمرى ئىبنى ئەۋس مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئەھنەفنىڭ تاغىسى جەز ئىبنى مۇئاۋىيىگە كاتىپ ئىدىم. بىزگە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋاپات بولۇشىدىن بىر يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ خېتى كەلدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئوتپەرەسلەرنىڭ ھەربىر مەھرەم ئىگىلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب تاكى ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجەر ئوتپەرەسلىرىدىن باش بېجى ئالغانلىقى توغرىلىق گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر ئوتپەرەسلەردىن باش بېجى ئالمىغان.»[2]

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «كىتاب بېرىلگەن ئادەملەردىن يەھۇدىيلار ۋە خىرىستىيانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما ئوتپەرەس كاپىرلاردىن (باش بېجى ئالىدىغان ئىشقا) كەلسەك، ئۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتىنى ئىمام بۇخارى ئۆز ئورنىدا بايان قىلىپ ئۆتتى. ھەنەفىي

(1) سۈرە تەۋبە 29 ـ ئايەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

مەزھەپدىكىلەر (ئەرەبلەرنىڭ ئوتپەرەس كاپىرلىرى بىلەن ئەرەب ئەمەس ئوتپەرەس كاپىرلارنىڭ ھۆكمىنى) پەرقلەندۈرۈپ: باش بېجى (يەنى جىزيە) ئەرەب ئەمەس ئۆتپەرەسلەردىن ئېلىنىدۇ. ئەمما ئەرەبلەرنىڭ ئوتپەرەسلىرىدىن باش بېجى ئېلىنمايدۇ، دېدىلەر. ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەردىن ئىمام تەھاۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): باش بېجى (يەنى جىزيە) كىتاب بېرىلگەنلەردىن ۋە ئەرەب بولمىغان پۈتۈن كاپىرلاردىن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما ئەرەب بولغان كاپىرلار ياكى ئىسلامنى قوبۇل قىلىدۇ ياكى قىلىچنى قوبۇل قىلىدۇ (يەنى ئۆلتۈرۈلىدۇ)، دېدى. ئىمام مالىك، ئىمام ئەۋزائىي ۋە شامنىڭ فىقھشۇناسلىرى (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): باش بېجى ئىسلامغا كىرىپ بولۇپ كېيىن يېنىۋالغان كاپىردىن باشقا پۈتۈن كاپىرلاردىن قوبۇل قىلىنىدۇ، دېدىلەر. ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): باش بېجى (يەنى جىزيە) مەيلى ئەرەب بولسۇن، مەيلى ئەرەب بولمىسۇن پۈتۈن كىتاب بېرىلگەنلەردىن قوبۇل قىلىنىدۇ. ئوتپەرەس كاپىرلارنىڭ ھۆكمىمۇ ئۇلارنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ (يەنى ئوتپەرەس كاپىرلاردىنمۇ باش بېجى قوبۇل قىلىنىدۇ)، دەپ ئۇزىنىڭ بۇ قارىشىغا يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن مەزكۇر ئايەتنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى ۋە ئۇ ئايەتنىڭ مەنىسى باش بېجىنىڭ كىتاب بېرىلگەنلەردىن باشقا كاپىرلاردىن قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باش بېجىنى ئوتپەرەس كاپىرلاردىن قوبۇل قىلغان. مانا بۇ ئوتپەرەس كاپىرلارنىڭ ھۆكمىنىڭمۇ ئۇلارغا ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، دېدى. ئەبۇئۇبەيد: كىتاب بېرىلگەن يەھۇدىي ۋە خىرىستىيانلاردىن باش بېجى قوبۇل قىلىپ ئېلىش قۇرئان ئارقىلىق ۋە ئوتپەرەس كاپىرلاردىن باش بېجى قوبۇل قىلىپ ئېلىش سۈننەت ئارقىلىق يولغا قويۇلدى، دېدى[1]. »[2]

بىز كاپىرلاردىن ئېلىنىدىغان باش بېجىنىڭ مىقدارىنى يەر بېجىنىڭ (يەنى خەراجىنىڭ) بابىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئۇ مىقدار بولسا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئوسمان ئىبنى ھەنىفەنى ئىراقنىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدىكى ئادەملەرگە يەر بېجى قويۇش ئۈچۈن ئىراققا ئەۋەتكەن چاغدا، ئۇنى باش بېجى ئۈچۈن ھەر بىر كاپىردىن ئېلىشقا بۇيرۇپ مىقدارىنى

(1) باش بېجى قۇبۇل قىلىنمايدىغان كاپىرلار ئەگەر ئىسلامنى قوبۇل قىلمىسا ئۆلتۈرۈلىدۇ. ت.

(2) «فەتھۇلبارى»، 6 ـ توم، 259 ـ بەت.

توختۇتۇپ بەرگەن: **48** ياكى **24** ياكى **12** يامبۇدۇر. كاپىرلاردىن باش بېجى ئۇچۇن **48** ياكى **24** ياكى **12** يامبۇنىڭ ئېلىنىشى ئۇلارنىڭ ئىمكانىيىتىگە قارىتا بولىدۇ. يەنى بايلىرىدىن **48** يامبۇ، ئوتتورھاللىرىدىن **24** يامبۇ ۋە پېقىرلىرىدىن **12** يامبۇ ئېلىنىدۇ.

ئىبنى ھەجەر (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بىر كاپىردىن بىر يىل ئىچىدە ئەڭ ئاز بىر تىللا (يەنى **12** يامبۇ) باش بېجى ئېلىنىدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر: باش بېجى ئۈچۈن بىر يىلدا بىر تىللا (يەنى **12** يامبۇ) ئېلىش پېقىر كاپىرلارغا خاستۇر. ئەمما ئوتتۇرھال كاپىرلاردىن ئىككى تىللا (يەنى **24** يامبۇ) ئېلىنىدۇ ۋە باي كاپىرلاردىن تۆت تىللا (يەنى **48** يامبۇ) ئېلىنىدۇ، دېدى. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ بۇ قارىشى مۇجاھىددىن رىۋايەت قىلىنغان ئەسەرگە ئۇيغۇندۇر. ھەمدە ئۆمەر ئىبنى خەتتابمۇ (كاپىرلاردىن ئېلىنىدىغان باش بېجىنى) شۇنداق بايان قىلغان ئىدى. باش بېجى (يەنى جىزيە) قېرىپ ئۆلەي دەپ قالغان كاپىردىن، ئۇزۇن مۇددەت كېسەل يېتىپ قالغان كاپىردىن، ئايال كىشىدىن، ئېلىشىپ قالغان كاپىردىن، ھۈنەر قىلالمايدىغان كاپىردىن، باشقىلارنىڭ قولىدا ئىجارىگە ئىشلەيدىغان كاپىردىن ۋە بىر رىۋايەتتە چىركاۋ ۋە ئىبادەتخانىلاردىكى راھىبلاردىن ئېلىنمايدۇ.»[1]

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «باش بېجى ئۈچۈن بىرەر ھۈنىرى بار پېقىر كاپىردىن ھەر ئايدا بىر يامبۇ ئېلىنىپ بىر يىلدا **12** يامبۇ، ئوتتۇرھال كاپىردىن ھەر ئايدا ئىككى يامبۇ ئېلىنىپ بىر يىلدا **24** يامبۇ ۋە باي كاپىردىن ھەر ئايدا تۆت يامبۇ ئېلىنىپ بىر يىلدا **48** يامبۇ ئېلىنىدۇ» دېدى. ئاندىن باش بېجى (يەنى جىزيە) ئېلىنمايدىغان ئادەملەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «باش بېجى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىدىن، ئايال كىشىدىن، قۇلدىن، خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل ـ مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تىلەيدىغان قۇلدىن، خوجىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئازات بولۇپ كېتىدىغان قۇلدىن[2]، خوجىسىدىن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان چۆرىنىڭ بالىسىدىن، پالەچ بولۇپ قالغان ئادەمدىن، بەك قېرىپ كەتكەن

(**1**) «فەتھۇلبارى»، **6** ـ توم، **260** ـ بەت.

(**2**) مەسىلەن: بىر ئادەم قۇلىغا: مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن سەن ئازات دېگەن بولسا، ئۇ قۇل ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئازات بولۇپ كېتىدۇ.

ئادەمدىن، كۆردىن ۋە بىرەر ھۆنىرى يوق پېقىر قاتارلىق كىشىلەردىن باش بېجى (يەنى جىزيە ئېلىنمايدۇ). شۇنىڭدەك يەنە كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغان راھىبتىنمۇ باش بېجى ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق راھىب ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. باش بېجى ئەسلىدە بىر ئادەمنى ئۆلتۈرمەي ھايات قويۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئېلىنىدىغان بىر سېلىقتۇر.[1] شۇڭا ئەسلىدە ئۆلتۈرۈلمەيدىغان ئادەملەردىن باش بېجى (يەنى جىزيە) ئېلىنمايدۇ. لېكىن مەزكۇر كىشىلەرنىڭ بىرەرسى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشتا كاپىرلارغا پىكىرلىرى ياكى مال ـ دۇنيالىرى بىلەن ياردەم قىلسا، بۇ ھالدا ئۇلارغا باش بېجى (يەنى جىزيە) قويۇلىدۇ.

باش بېجىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر زامان ۋە ھەر يەردە كىشىلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ھال ـ ئەھۋاللىرى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر يىلنىڭ كۆپ ۋاقىتلىرىدا باي ھالىتىدە ئۆتكەن كاپىردىن بايدىن ئېلىنىدىغان باش بېجى ئېلىنىدۇ. شۇنىڭدەك بىر يىلنىڭ كۆپ ۋاقىتلىرىدا پېقىر ھالىتىدە ئۆتكەن كاپىردىن پېقىردىن ئېلىنىدىغان باش بېجى ئېلىنىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى كاپىرلارغا باش بېجى قويغان ۋاقىتتا باش بېجى قويۇلغان ئادەملەردىن كېيىنمۇ باش بېجى ئېلىنىدۇ. ئەگەر شۇ چاغدا باش بېجى قويۇلمىغان ئادەملەردىن كېيىنمۇ باش بېجى ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن: مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى كاپىرلارغا باش بېجى قويغان ۋاقىتتا، بىر بالا بالاغەتكە يەتمىگەنلىك سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭغا باش بېجى قويۇلمىغان، كېيىن ئۇ بالا بالاغەتكە يەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ بالىدىن ئۇ بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن باش بېجى ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى كاپىرلارغا باش بېجى قويغان ۋاقىتتا بىر ئادەمگە كېسەل سەۋەبى بىلەن باش بېجى قويۇلمىغان، كېيىن ئۇ ئادەم كېسەلدىن ساقايغان بولسا، كېيىن ئۇ ئادەمگىمۇ باش بېجى قويۇلمايدۇ. ئەمما پېقىرنىڭ مەسىلىسى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى كاپىرلارغا باش بېجى قويغان ۋاقىتتا بىر ئادەمگە پېقىر بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن باش بېجى قويۇلمىغان، ئاندىن ئۇ ئادەم كېيىن باي بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇ باي بولۇپ بولغاندىن كېيىن باش بېجى قويۇلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا باش بېجىنىڭ قويۇلماسلىقى ئۇنىڭ پېقىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئىدى. پېقىرلىك يوقالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا باش بېجى قويۇلىدۇ.

باش بېجى كاپىرلارنىڭ كاپىرلىقىدا قالغانلىقىغا ئۇلارنى ئازابلاش ئۈچۈن

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 3 ـ توم، 269 ـ بەت.

قويۇلغان بىر جازا ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىرلارنى ئىمانغا ۋە ئىسلامغا چاقىرىش ئۈچۈن ئۇلارنى باش بېجى ئالماي تاشلاپ قويۇشمۇ توغرىدۇر. چۈنكى كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىشى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى مۇئامىلىلىرىنى كۆرۈشى ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىر يىل توشقاندىن كېيىنمۇ ئىسلامغا كىرسە، باش بېجى ئۇلاردىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر كاپىرلارنىڭ بىرەرسى ئىككى يىللىق باش بېجىنى ئالدىدىن بىرىۋەتكەن، ئاندىن ئىسلامغا كىرگەن بولسا، ئۇنىڭغا بىر يىللىق باش بېجىنىڭ پۇلى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر باش بېجى تۆلەيدىغانلارنىڭ بىرەرسى كۆر ياكى ئېغىر كېسەل ياكى پېقىر بولۇپ قالغان، ياكى قېرىپ كەتكەن بولسا، ئۇلاردىن باش بېجى ئېلىنمايدۇ.

بىر ئادەم بىرىنچى يىللىقنىڭ باش بېجىنى تاكى ئىككىنچى يىل گىرگەنگە قەدەر بەرمىگەن بولسا، ئىككىنچى يىلنىڭ كىرىشى بىلەن ئۇنىڭ بويىنىدىن بىرىنچى يىلنىڭ باش بېجى چۈشۈپ كېتىدۇ.

مانا بۇ كۈنىمىزدە ئىسلام دۈشمەنلىرى ھەققىدە كۆپ سۆز ـ پاراڭ قىلغان ۋە ئۇنى ھەقىقىي سۈرىتى بىلەن ئەمەس باشقا سۈرىتى بىلەن كۆرسەتكەن باش بېجىنىڭ ھەقىقىتىدۇر. ئەسلىدە باش بېجى كاپىرلارنىڭ پايدىسى ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بىر سېلىقتۇر.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مۇسۇلمانلاردىن ئېلىنىدىغان ۋە (ئۆز ئىختىيارى بىلەن بەرمىسە) مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى تەرىپىدىن بېرىشكە مەجبۇرلىنىدىغان زاكات، مۇسۇلمان ئەمەس ئادەملەردىن ئېلىنمايدۇ.

باش بېجى تۆلەيدىغانلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇلغان تۇرۇقلۇق ئۇلاردىن باش بېجى قانداق يىغىلىدۇ؟

بۇ <ئىئلائۇسسۇنەن> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى بايان قىلغان بىر ماۋزۇ بولۇپ ئۇ ماۋزۇ ئۈچۈن ئايرىم بىر باب تۈزۈپ ئۇ بابتا سەئىد ئىبنى ئەلمۇسەييەبنىڭ: نىبتىيلەردىن[1]باش بېجى ئېلىنىدىغان ۋاقىتتا ئۇلارنى بىر ئاز بىئارام قىلىش ياخشىدۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئەسلىدە سەئىد ئىبنى ئەلمۇسەييەبنىڭ بۇ سۆزىنى ئەبۇئۇبەيد رىۋايەت قىلغان ئىدى. بۇ سۆزنىڭ

(1) بۇ يەھۇدىيلار بىلەن بىر ئىرقتىن بولغان بىر مىللەتتۇر. ت.

رىۋايەت قىلىنىش يوللىرى ياخشىلىق ۋە توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەندۇر.

ئەبۇئەبەيد: «بىزنىڭ گۇمانىمىزچە سەئىد ئىبنى ئەلمۇسەييەب ئۆزىنىڭ: <ئۇلارنى بىر ئاز بىئارام قىلىش ياخشىدۇر> دېگەن سۆزىدىن ئۇلارنى ئازابلاشنى ياكى ئۇلارنى ئىمكانىيىتى يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلاشنى مەقسەت قىلمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مەزكۇر سۆزىدىن ئۇلاردىن باش بېجى (يەنى جىزيە) تەلەپ قىلىنغان ۋاقىتتا، ئۇلارغا مەرھەمەت قىلماسلىقنى، ئەكسىچە ئۇلاردىن باش بېجىنى ئۇلارنى كىچىك ۋە پەس كۆرگەن هالدا ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مېنىڭچە سەئىد ئىبنى ئەلمۇسەييەب الله تائالانىڭ: «سىلەر ئەھلى كىتابتىن الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىيلار ئۇزەيرنى الله نىڭ ئوغلى، ناسارالار ئىسانى الله نىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار الله غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلىمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانلىقى ئورنىدىدۇر) بىلەن، الله (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) هارام قىلغان نەرسىلەرنى هارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى) غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار هالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار[1]» دېگەن ئايىتىنى تەۋىل قىلغان بولۇشى مۇمكىن، دېدى. چۈنكى بەزى تەپسىرشۇناسلار الله تائالانىڭ: «سىلەرگە بويسۇنۇپ خار هالدا» دېگەن ئايىتىگە: باش بېجى ئۈچۈن بېرىدىغان پۇلنى ئېلىپ كېلىپ نەخ بەرگەنگە قەدەر، دەپ مەنا بەردى. بىر قىسىم تەپسىرشۇناسلار الله تائالانىڭ ئۇ ئايىتىگە: ئۇلار قۇللىرىنىڭ ۋە چاكارلىرىنىڭ قوللىرى بىلەن ئەمەس ئۆز قوللىرى بىلەن ئېلىپ كېلىپ بەرگەنگە قەدەر، دەپ مەنا بەردى. يەنە بىر قىسىم تەپسىرشۇناسلار الله تائالانىڭ ئۇ ئايىتىنىڭ مەنىسى: باش بېجىنى بېرىدىغان (ئۆزىنىڭ خار ئىكەنلىكىنى كۆرسۈتىش ئۈچۈن) باجنى ئۆرە تۇرغان ۋە ئۇنى ئالغان ئادەم ئولتۇرغان هالدا ئالىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ دېدى. يەنە رىۋايەتتە: باش بېجى ئېلىنىغانلاردىن باجنى ئالىدىغان ئادەم (ئۇلارنىڭ خار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ئۇنى بىر نەچچىنى سىلكىۋاتقاندىن كېيىن: (ئىسلام دۆلىتىگە) باش بېجى تاپشۇرماقچى بولغان ئى ئادەم! باجنى بەرگىن، دەيدۇ، دەپ بايان قىلىندى.

<ھاشىيەتۇ ئىبنى ئابىدىن> دېگەن ئەسەردە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ:

(1) سۇرە تەۋبە 29 ـ ئايەت.

«باش بېجىنى يېغىدىغان ئادەم باجنى تاپشۇرۇدىغان ئادەملەرگە: ئى اللە نىڭ دۈشمىنى! باجنى تاپشۇرغىن، دەيدۇ ۋە ئۇنىڭ گەرنىدىگە ئالقىنىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئۇرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا: ئى كاپىر! دەپ دېمەيدۇ. ئەگەر شۇنداق دېگەن ئادەم ئۇنىڭغا ئەزىيەت بەرسە گۇناھكار بولىدۇ. ئاپتۇرنىڭ بۇ سۆزىدىن بولغان مەقسىتى: ئۇلارنى ئى اللە نىڭ دۈشمىنى! دېيىشتىن، ئۇلارنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ سىلكىشتىن ۋە ئۇلارنىڭ گەردىنىگە ئالقاننىڭ ئارقىسى بىلەن ئۇرۇشتىن چەكلەشتۇر. چۈنكى بۇ ئىشلارنىڭ ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىدىغانلىقىدا شەك يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن شافىئىي مەزھەپىدىن بىر قىسىم ئالىملار: يۇقىرىدا بايان قىلىنغان: ئۇلارنى ئى اللە نىڭ دۈشمىنى! دېيىش ياكى ئۇلارنىڭ ياقىسىنى تۇتۇپ سىلكىش، ياكى ئۇلارنىڭ گەردىنىگە ئالقاننىڭ ئارقىسى بىلەن ئۇرۇش، دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەدىستە ھېچقانداق ئاساسى يوقتۇر. بۇلارنى توغرا يول ئۇستىدىكى خەلىپىلەرنىڭمۇ بىرەرسى قىلمىغان ئىشتۇر، دەيدۇ. ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <ئەلئۇم> دېگەن ئەسەرىدە: مەن كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ: كاپىرلارنى خار ھالدا قىلىش ئۇلارغا ئىسلام ھۆكۈملىرىنى يۈرگۈزۈش بىلەن بولىدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ. ئۇلار ئىسلامغا كىرىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن بۇ ئالىملارنىڭ دېگەن سۆزى نېمىدىگەن ئېسىل! ئەگەر ئۇلارغا ئىسلام ھۆكۈملىرى يۈرگۈزۈلسە، ئەلۋەتتە ئۇلار ئۆزلىرىگە يۈرگۈزۈلگەن ئىسلام ھۆكۈملىرى سەۋەبى بىلەن ئۆزلىرىنى خار ھېس قىلىدۇ.»[1]

ئابدۇرراھمان ئىبنى نەفىر بۇ ھەقتە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئالدىغا گۇمان قىلىشىمچە باش بېجىدىن يېغىلغان مال ـ مۈلۈكلەردىن نۇرغۇنلىغان مال ـ مۈلۈك توپلاندى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): مەن سىلەرنى (يەنى ئۇ مال ـ مۈلۈكنى توپلىغان ئادەملەرنى دېمەكچى) كىشىلەرنى (ئۇلاردىن باش بېجىنى ئالىمىز، دەپ) بەك قىينىۋاتتىڭلارمىكىن دەپ قارايمەن، دېدى. ئۇلار: اللە نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، بىز ئۇلاردىن (باش بېجىنى) پەقەت گەچۈرۈمچانلىق ۋە ساپ نىيەتلىك بىلەن ئالدۇق، دېدى. ئۆمەر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): (ئۇلاردىن باجلارنى) قامچا ئىشلەتمەستىن ۋە ئۇلارنى ئاسماستىن يىغدىڭلارمۇ، دېدى. ئۇلار: ھەئە شۇنداق قىلدۇق،

(1) «ئىلائۇسسۇنەن»، 12 ـ توم، 478 ـ بەت.

دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئۇ ئىشنى (باج يىغىش ئۇچۇن قامچا ئىشلىتىشنى ۋە ئۇلارنى ئېسىشنى) مېنىڭ قولۇمدا ۋە مېنىڭ ھۆكۈمرانلىق زامانىمدا كۆرسەتمىگەن الله تائالاغا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇن، دېدى.»[1]

مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ) ئۇلارغا باش بېجى بەرمەكچى بولغان كاپىرلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا ۋە ئۇلار بىلەن تۈزگەن كېلىشىمگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇپ كەلگەنلىكى ناھايىتى ئېنىقتۇر. يىغىپ ئېيتىشقا توغرا كەلسە، بىز (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم) تۈزۈپ مۇسۇلمانلارغا باش بېجى بەرمەكچى بولغان كاپىرلارنى بەك ھۆرمەت قىلماسلىققىمۇ، زۇلۇم، يولسۇزلۇق ۋە ئەزىيەت قىلماسلىققىمۇ ۋە قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇماسلىققىمۇ بۇيرۇلدۇق. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئادىللىقىدۇر. سەن بۇنىڭغا ئوخشاش ئادىللىقنى دۇنيادىكى ھېچبىر قانۇن ۋە تۈزۈملەردە تاپالمايسەن.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ <ئەلخەراج> ناملىق ئەسىرىدە خەلىپە ھارۇن رەشىدقا: «ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! الله ساڭا ياردەم ئاتا قىلسۇن! سىنىڭ خۇددى پەيغەمبىرىنىڭ ۋە تاغاڭنىڭ بالىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدەك (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم) تۈزۈپ مۇسۇلمانلارغا باش بېجى بەرمەكچى بولغان كاپىرلارغا يۇمشاقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىڭ ۋە ئۇلارنىڭ (باشقىلار تەرىپىدىن) زۇلۇم قىلىنماسلىقى، ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىلمەسلىكى، كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇلماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى ناھەق ئېلىۋېلىنماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى يوقلاپ تۇرۇشىڭ لازىم» دەيدۇ. ئاخىرىدا ئىمام ئەبۇيۇسۇف مەزكۇر ئەسىرىدە ھىشام ئىبنى ئۆرۋەدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ئەسەرنى نەقلە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىزگە ھىشام ئىبنى ئۆرۋە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) شامغا قىلغان سەپىرىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ يول ئۈستىدە قۇياش ئاستىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ باشلىرىغا ياغ تۆكۈلۈۋاتقان بىر گۇرۇپ ئادەملەرنى كۆرۈپ: بۇلارنىڭ گۇناھى نېمە؟ دېدى. ئۇلارنى شۇنداق قىلغان ئادەملەر: ئۇلارنىڭ

[1] بۇ ئەسەرنىمۇ ئەبۇئۇبەيد رىۋايەت قىلدى. بۇ ئەسەرنى رىۋايەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قىلغان رىۋايىتى توغرا دەپ ئېتىراپ قىلىنىدىغان ئادەملەردىندۇر.

ئۇستىدە باش باجلىرى بار ئىدى، ئۇلار ئۇنى بەرمىدى، شۇڭا ئۇلار تاكى ئۇنى بەرگەنگە قەدەر مۇشۇنداق ئازابلىنىدۇ، دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئۇلارنىڭ ئۇستىدىكى باش بېجىنى بەرمەسلىكتىكى سەۋەبى نېمە ئىكەن؟ دېدى. باج يىغقۇچىلار: ئۇلار (باجغا بېرىش ئۇچۇن پۇل) تاپالمىدۇق، دەيدۇ دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئۇنداق بولسا ئۇلارنى قويۇۋېتىڭلار، ئۇلارنى ئۇلارنىڭ كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇماڭلار، چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەر كىشىلەرنى ئازابلىماڭلار، دۇنيادا كىشىلەرنى ئازابلىغان ئادەملەرنى الله تائالا قىيامەت كۈنى ئازابلايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى ۋە ئۇلارنى قويۇۋېتىشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن باج يىغقۇچىلار ئۇلارنى قويۇۋەتتى.»[1]

# تاشلاندۇق يەرلەرنى ئېچىشنىڭ بايانى

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئىسلام دىنى ئىنسانلارغا پايدىلىق ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىدە ئىگىسى يوق تاشلاندۇق يەرلەرنى ئېچىشقا ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشقا رىغبەتلەندۈردى. بۇ ھەقتە ئۇرۋە ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىر ئادەمگە تەۋە ئەمەس بىر يەرنى ئېچىپ ئاۋاتلاشتۇرسا، ئۇ ئادەم (باشقىلارغا قارىغاندا) ئۇ يەرگە ھەقلىقتۇر (يەنى ئۇ ئادەم ئۇ يەرنىڭ ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ).» ئۇرۋە: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۆز دەۋرىدە (ئىگىسى يوق تاشلاندۇق يەرنى ئاچقان ئادەمگە، ئۇ يەرنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ بولىدىغانلىقىغا) ھۆكۈم قىلغان ئىدى» دەيدۇ.

جابىر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئىگىسى يوق تاشلاندۇق يەرلەرنى ئاچسا، ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىلىدۇ ۋە ھايۋانلارنىڭ ئۇ يەردىن بىر نەرسە يېگەنلىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن سەدىقە ھېسابلىنىدۇ.» تىرمىزي

(1) «ئىنلائۇسسۇنەن»، 12 ـ توم، 482 ـ بەت.

بۇ ھەدىسنى ھىشامدىن بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلدى: «كىمكى تاشلاندۇق ئۆلۈك بىر يەرنى ئاچسا، ئۇ يەر ئۇنىڭغا تەۋە بولىدۇ.» تىرمىزىي بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى. بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇدمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئۆلۈك تاشلاندۇق يەردىن زىرائەت تېرىلماي ۋە ئۇنىڭدىن بىرەر ئادەممۇ پايدىلانماي تاشلاپ قويۇلغان يەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۆلۈك تاشلاندۇق يەرنى ئىپچىشتىن ئادەملەر ياشايدىغان يەردىن يىراق، (باغچىغا ئوخشاش) پۈتۈن خەلق پايدىلىنىدىغان يەر ئەمەس، ئىگىسى يوق بىر تاشلاندۇق يەرنى مەيلى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار رۇخسەت قىلسۇن مەيلى رۇخسەت قىلمىسۇن سۇ ئىچىتىش ياكى زىرائەت تېرىش ياكى دەرەخ - كۆچەت تىكىش، ياكى ئۆي سېلىش بىلەن ئاۋاتلاندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەر شۇنداق قىلغان ئادەمنىڭ شەخسى مۈلكىگە ئايلىنىدۇ. بۇ (يەنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار مەيلى رۇخسەت قىلسۇن مەيلى رۇخسەت قىلمىسۇن ئۇ يەرنى ئىپچىشنىڭ بولىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۇنى ئاچقان ئادەمنىڭ مۈلكىگە ئايلىنىدىغانلىقى) كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) تاشلاندۇق يەرنىڭ ئۇنى ئاچقان ئادەمنىڭ مۈلكىگە ئايلىنىشى ئۈچۈن ئۇ يەرنى ئىپچىشقا ئۇ ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رۇخسەت بېرىشىنى شەرت قىلىدۇ.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <ئەلخىراج> ناملىق ئەسىرىدە مۇسۇلمان باشلىقنىڭ تاشلاندۇق يەرنى ۋە ئىگىسى يوق ھەر قانداق نەرسىنى ئىگە بولۇپ ئۇنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىق ۋە پايدىسى ھەممە مۇسۇلمانلارغا تېگىدىغان ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىش ھوقۇقى بار. شۇنىڭدەك يەنە مۇسۇلمان باشلىقنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولمىغان ياكى ئۇنىڭدا بىرەر ئۆينىڭ ئەسىرى يوق بىر يەرنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىرەر كىشىگە ئايرىپ بۆلۈپ بېرىش ھەققى بار. ئەگەر ئۇ يەر بېجى (يەنى خىراج) تۆلىنىدىغان يەرلەردىن بولسا، (ئۇنىڭغا بىر نەرسە تېرىپ) ئۇنى ئاۋاتلاشتۇرغان ئادەم ئۇنىڭ ئۈچۈن يەر بېجى تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇ يەر (يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىن) ئوندىن بىرى تۆلىنىدىغان (يەنى ئۆشرە بېرىلىدىغان) يەرلەردىن بولسا، (ئۇنىڭغا بىر نەرسە تېرىپ) ئۇنى ئاۋاتلاشتۇرغان ئادەم ئۇنىڭ ئۈچۈن چىققان مەھسۇلاتتىن ئوندىن بىرىنى بېرىدۇ.

<زىكرۇلقەۋاتىئ> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله

تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) كىسرانىڭ، كىسرانىڭ بالىۋاقىلىرىنىڭ، ئىراندىن قېچىپ كەتكەن پۈتۈن ئادەملەرنىڭ، ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلگەنلەرنىڭ (يەنى ئۆلگەن ئىرانلىقلارنىڭ) مال - مۈلۈكلىرىنى ۋە سۇ كېلىدىغان پۈتۈن يەرلەرنى ئېنىقلاپ چىقىپ ئۇلارنى خالىغان ئادەمگە بۆلۈپ بەرگەن» دەيدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): ئىگىسى يوق يەرلەرنىڭ ھۆكمى بىر ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ۋە ئۇنىڭغا مىراسچىلىق قىلىدىغان بىرەر ئادەممۇ بولمىغان دۆلەت خەزىنىسىدىكى مال - مۈلۈكلەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش ئادىل ھۆكۈمدارنىڭ دۆلەت خەزىنىسىدىكى مال - مۈلۈكتىن (دوستىغا ئوخشاش بىرەرسىگە) سوۋغا - سالام قىلىپ بەرمەستىن، ئىسلامغا كۆڭۈل بۆلۈدىغان ۋە ئۇنى ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىدىغان ئادەمگە بېرىش ھەققى بار. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ يەنە ئىگىسى يوق تاشلاندۇق يەرلەرنى ۋە ئىگىسى قېچىپ كەتكەن ياكى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلۈپ كەتكەن يەرلەرنى ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈدىغان ئادەملەرگە بۆلۈپ بېرىش ھەققى بار. مانا بۇ مېنىڭ قارىشىم بويىچە ئىراقنىڭ يەرلىرىنى تەقسىم قىلىپ بېرىشتە قوللانغان يولدۇر. تەقسىم قىلىپ بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەر، ئۇلاردىن چىققان مەھسۇلاتلاردىن ئوندىن بىرى (يەنى ئۆشرە) ئېلىنىدىغان يەرلەرگە ئايلاندى. چۈنكى ئۇ يەرلەر سەدىقە قىلىنغان يەرلەرنىڭ ئورنىدىدۇر.

مانا بۇ ئىبنى ئابىدىن (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <رەددۇلمۇھتار> دېگەن كىتابىدا نەقىل قىلىپ كەلتۈرگەن سۆزدۇر. ئاندىن ئىبنى ئابىدىن (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۇ سۆزگە قوشۇمچە قىلىپ مۇنداق دېدى: «مانا بۇ ھەقلىق بولغان كىشىلەرگە تەقسىم قىلىپ بۆلۈپ بېرىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ بەزى چاغدا تاشلاندۇق يەرلەردىن بولىدىغانلىقىنىڭ، بەزى چاغلاردا دۆلەت خەزىنىسىدىن بولىدىغانلىقىنىڭ ئوچۇق پاكىتىدۇر. يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئادەم ئۇ يەرنىڭ ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يەرلەردىن چىققان مەھسۇلاتلاردىن ئوندىن بىرى (يەنى ئۆشرە) ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ يەرلەر سەدىقە قىلىنغان يەرنىڭ ئورنىدىدۇر. يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئادەمنىڭ ئۇ يەرنىڭ ئىگىسى ھېسابلىنىدىغانلىقىنى يەنە <دۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ: ئادىل ھۆكۈمدار ئىگىسى بار يەرلەردىن ياكى ئەرەبلەرنىڭ يەرلىرىدىن ئەمەس باشقا يەرلەردىن يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ياكى تەقسىم قىلىپ بېرىش ھوقۇقى ھۆكۈمدارغا بېرىلگەن تاغلاردىن تاغ تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ھەرقانداق بىر ئادەم (ئۆزىگە تەقسىم

قىلىپ بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى تەقسىم قىلىپ بەرگەن ھۆكۈمدارنىڭ كەينىدىن كەلگەن ھۆكۈمدارنىڭ تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋېلىشى ۋە ئۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ مىراسخورى ياكى خىرىدارى بار ئادەمنىڭ قولىدىن چىقىرىپ ئېلىۋېلىشى ھالال ئەمەس، دېگەن سۆزىدۇر. مېنىڭ قارىشىم بويىچە يەر ـ زېمىن: خۇددى (دۆلەت خەزىنىسىدىكى) مال ـ دۇنيانىڭ ئورنىدىدۇر. شۇڭا ئادىل ھۆكۈمدارنىڭ دۆلەت خەزىنىسىدىكى مال ـ دۇنيانى ئىسلام دىنىغا كۆڭۈل بۆلۈدىغان، ئۇنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۈچلىنىدىغان ۋە ئۇنى مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ۋە مەنپەتى كېلىدىغان ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان ئادەمگە بېرىش سالاھىيىتى بار. يەر ـ زېمىننىڭ ھۆكمىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. شۇڭا ھۆكۈمدار (ئىگىسى يوق) يەر ـ زېمىنلەرنى خالىغان ئادەمگە تەقسىم قىلىپ بېرەلەيدۇ.»[1]

ئىبنى ئابىدىن (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) يەنە مۇنداق دېدى: «مەيلى دۆلەتنىڭ خەزىنىسىگە تەۋە بولسۇن مەيلى ئۇنىڭغا تەۋە بولمىسۇن دۆلەتنىڭ ھۆكۈمدارى تاشلاندۇق يەرنى بىرسىگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن ۋە ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا ھەقلىق ئادەملەردىن بولغان بولسا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۇ ئادەم ئۇ يەرنىڭ ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت ھۆكۈمدارىنىڭ تاشلاندۇق يەرنى بىرسىگە تەقسىم قىلىپ بەرگەنلىكىدىن، ئاچقان يەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن دۆلەت ھۆكۈمدارىنىڭ رۇخسىتىنى شەرت قىلغان ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە، ئۇ ئادەمگە دۆلەت ھۆكۈمدارىنىڭ ئۇ يەرنى ئىچىشقا رۇخسەت بېرىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تاشلاندۇق يەرنى ئىچىش دۆلەت خەزىنىسىدىن بىر نەرسە ئېلىشقا سالاھىيىتى توشقان ئادەمگىلا خاس ئەمەس. شۇڭا تاشلاندۇق يەرنى (دۆلەت ھۆكۈمدارىنىڭ رۇخسىتى بىلەن) ئاچقان (دۆلەت خەزىنىسىدىن بىر نەرسە ئېلىشقا سالاھىيىتى توشمىغان) ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ مۇسۇلمانلارغا باش بېجى تۆلەيدىغان كاپىرمۇ ئۇ يەرنىڭ ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ.»[2]

بۇ يەرنى مەن ئاچىمەن، دەپ بىر يەرنىڭ ئەتراپىغا تاش قويۇپ قويغان ئادەم ئۇ يەرنى تاكى ئۈچ يىلغىچە ئاچمىسا، ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەردە ھەققى تۈگەيدۇ. يەنى ئۇ ئادەم ئۇ يەرنى ئۈچ يىلغىچە ئاچمىسا، ئۈچ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 265 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 266 ـ بەت.

يىل ئۆتكەندىن كېيىن باشقا بىر كىشى كېلىپ ئۇ يەرنى ئاچالايدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <ئەلخىراج> ناملىق ئەسىرىدە زۆھرىيدىن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ: «كىمكى تاشلاندۇق ئۆلۈك يەرنى ئاچسا، ئۇ يەر ئۇنىڭ بولىدۇ. (بىر يەرنى ئېچىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىغا) تاش قويۇپ قويغان ئادەم (ئۇ يەرنى تاكى ئۈچ يىلغىچە ئاچمىسا)، ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەردە ھەققى قالمايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملار بىر يەرنى ئېچىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىغا تاش قويغان ئادەم ئۇ يەرنى تاكى ئۈچ يىلغىچە ئاچمىسا، ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەردە ھەققى قالمايدىغانلىقىغا مەزكۇر ئەسەرنى دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. تاشلاندۇق ئۆلۈك يەرنى ئېچىش، ئۇ يەرگە ئۆي سېلىش ياكى دەل - دەرەخ تىكىش ياكى زىرائەت تېرىش، ياكى سۇغۇرۇش بىلەن بولىدۇ. بىر ئادەم بىر يەرنىڭ ئەتراپىغا (مەن بۇ يەرنى ئاچىمەن، دەپ) تاش ياكى (تام سوققانغا ئوخشاش) بىرەر ئالامەت قويغان، ئاندىن ئۇ يەرنى ئۈچ يىلغىچە ئاچماي تاشلاپ قويغان بولسا، ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۇ يەر باشقا بىرسىگە بېرىلىدۇ. ئۈچ يىل توشۇشتىن ئىلگىرى گەرچە (تاش ياكى باشقا نەرسە بىلەن بىرەر ئالامەت قويۇپ) قويغان ئادەم ئۇ يەرنىڭ ئىگىسى ھېسابلانمىسىمۇ، شۇنداق قىلغان ئادەم باشقىلارغا قارىغاندا ئۇ يەرگە ئىگە بولۇشقا بەك ھەقلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەتراپىغا تاش تىزىپ قويۇپ ئۈچ يىلغىچە ئېچىلمىغان يەرنى باشقا بىرسىگە بېرىشنىڭ سەۋەبى بولسا، ئىنسان بىر يەرگە ئۇ يەرنىڭ ئەتراپىغا تاش تىزىپ قويۇش بىلەن ئەمەس ئۇ يەرنى ئېچىش ۋە ئۇنى ئاۋاتلاشتۇرۇش بىلەن ئىگە بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر يەرگە زىرائەت تېرىغان ياكى ئۇنىڭغا سۇ ساقلايدىغان توسما سوققان ياكى ئۇنىڭدىن ئېرىق ئالغان، ياكى ئۇنىڭغا بىر نەرسە تىككەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ يەرنى ئاچقان ھېسابلىنىدۇ.[1]

## چىركاۋ ۋە ئىبادەتخانىلارنىڭ ھۆكۈملىرى

باشقا دىندىكىلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىغا چىركاۋ، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنى، ئوتپەرەسلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنى ۋە بۇتخانا سېلىشلىرىغا

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 18 - توم، 6 - بەت.

يول قويۇلمايدۇ. ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى چىركاۋلارنىڭ ھەممىسى يېقىتىۋېتىلىدۇ. مۇسۇلمان ئەمەس ئادەملەرنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياشىشىغا ۋە ئۇ يەرە ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنلىششىغا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ھەقتە مۇنداق ھەدىس بايان قىلىندى: ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىز مەسچىتتە ئولتۇرۇۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چىقىپ: «يەھۇدىيلارنىڭ يېنىغا يۈرۈڭلار!» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز يولغا چىقىپ (يەھۇدىيلار كىتابلىرىنى دەرس قىلىشىدىغان) بىر ئۆيگە كېلىپ توختىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەھۇدىيلارغا: «ئىسلامغا كىرىڭلار سالامەت قالىسىلەر، بىلىڭلاركى، يەر ـ زېمىن الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە تەۋەدۇر. ھەقىقەتەن مەن سىلەرنى بۇ يەردىن كۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىۋاتىمەن. شۇڭا ئىچىڭلاردىن كىمكى ئۆز نەرسە ـ كېرەكلىرىگە خېرىدار تاپالىسا، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۇنىڭغا سېتىپ بېرىۋالسۇن. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن بىلىڭلاركى، يەر ـ زېمىن الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە تەۋەدۇر» دېدى.(1)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <ئىچىڭلاردىن كىمكى ئۆز نەرسە ـ كېرەكلىرىگە خېرىدار تاپالىسا، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۇنىڭغا سېتىپ بېرىۋالسۇن> دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: ئىچىڭلاردىن ئۆز نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئۇلاردىن ئايرىلىش تەس بولىدىغان ۋە ئۇلارنى يۆتكەپ كېتىش قىيىن كېلىدىغان ئادەملەرگە ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى سېتىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.

بۇ ھەقتە يەنە سەئىد ئىبنى جۇبەير (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئابباسنىڭ: پەيشەنبە كۈن!، پەيشەنبە كۈنىنىڭ قانداق كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟، دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئىبنى ئابباس شۇ سۆزىنى قىلىپ بولۇپ يىغلاپ كەتتى. ھەتتا ئۇنىڭدىن ئاققان ياش (يەردىكى) ئۇششاق تاشلارنى ھۆل قىلىۋەتتى. مەن: ئەي ئىبنى ئابباس! پەيشەنبە كۈنى قانداق بىر كۈن؟ دېدىم. ئىبنى ئابباس مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى (ئاشۇ كۈندە) ئېغىرلىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ماڭا خەت يازغىدەك بىرەر نەرسە ئەكىلىپ بېرىڭلار، مەن سىلەرگە بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر ئېزىپ كەتمەيدىغان بىر نەرسە يېزىپ بېرەي» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا تۇرغانلار

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئىختىلاپ قىلىشىپ ۋاراڭ چۇرۇڭ قىلىشتى. ئەسلىدە بىر پەيغەمبەرنىڭ يېنىدا تالاش تارتىش قىلىش لايىقىدا ئەمەس ئىدى. ئەتراپتىكى كىشىلەر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نېمە بولدى؟ ئۇ (كېسىلى بەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىدىن) نېمە دەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماي سۆزلىۋاتامدۇ؟ شۇڭا ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئۇنىڭدىن ئېنىقراق قېلىپ سوراپ باقساق، دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مېنى (بىئارام قىلماي) راھەت قويۇڭلار. چۈنكى، مەن قىلماقچى بولغان ئىش سىلەر مېنى دەۋەت قىلىۋاتقان ئىشتىن ياخشىدۇر (يەنى مېنىڭ سىلەرگە بىر نەرسە يېزىپ بېرىشىم سىلەر مېنىڭ يېزىپ بەرمەسلىكىمگە قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن ياخشىدۇر، دېمەكچىدۇر).» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۈچ خىل ئىشقا بۇيرۇپ: «1 - مۇشرىكلەرنى ئەرەب يېرىم ئارىلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىڭلار. 2 - سىرتتىن كەلگەنلەرگە خۇددى مەن ئۇلارغا سوۋغا - سالام ۋە ھەدىيە بەرگەندەك سىلەرمۇ سوۋغا - سالام ۋە ھەدىيە بېرىڭلار. (يەنى مەن ئۇلارغا بېرىدىغان مىقدارغا يېقىن بىر مىقداردا ئۇلارغا بىر نەرسە بېرىڭلار)» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئۈچ خىل ئىشنىڭ ئۈچىنچىسىنى ياكى (دېيىشنى خالىماي) دېمىدى، ياكى دېدى، لېكىن مەن ئۇنى ئۇنتۇپ قالدىم.[1]

شۇنىڭ ئۈچۈن فىقھشۇناسلار ئىسلام يۇرتلىرىنى ئۈچ قىسىمغا ئايرىدى:

1 - كۇپا، بەسرا، بەغداد ۋە ۋاستىقا ئوخشاش مۇسۇلمانلار قورۇپ چىققان يۇرتلار (يەنى شەھەرلەر). بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشىچە بۇ شەھەرلەردە چىركاۋ ياكى باشقا دىندىكىلەرنىڭ ئىبادەتخانىسىنى سېلىش توغرا ئەمەس.

2 - مۇسۇلمانلار ئەسكەر كۈچى بىلەن پەتھى قىلغان شەھەرلەر. بۇ شەھەرلەردىمۇ چىركاۋ ياكى باشقا دىندىكىلەرنىڭ ئىبادەتخانىسىنى سېلىش توغرا ئەمەس.

3 - مۇسۇلمانلار كېلىشىم (يەنى سۈلھى) بىلەن پەتھى قىلغان شەھەرلەر. مۇسۇلمانلار كېلىشىم بىلەن پەتھى قىلغان شەھەرلەردە، ئەگەر كېلىشىمدە يەر - زېمىن ئۇنىڭ ئەسلى ئىگىللىرى بولغان كاپىرلارنىڭ قولىدا قېلىشقا كېلىشىلسە، كاپىرلارنىڭ ئۇ شەھەردە (مەيلى چىركاۋ بولسۇن مەيلى

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

يەھەدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى بولسۇن) ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنى سېلىشىغا بولىدۇ. ئەگەر كېلىشىمدە يەر ـ زېمىن ئۇنىڭ ئەسلى ئىگىللىرى بولغان كاپىرلارنىڭ قولىدا قېلىشقا كېلىشىلمىسە، بۇ ھالدا كاپىرلارنىڭ ئۇ شەھەردە ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنى سېلىشىغا بولمايدۇ. ئەگەر كېلىشىمدە يەر ـ زېمىنىنىڭ مۇسۇلمانلارغا تەۋە بولىدىغانلىقى ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇ شەھەردە كاپىرلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنى سېلىشلىرىغا يول قويۇش شەرت قىلىنغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ كاپىرلارنىڭ ئۇ شەھەردە ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنى سېلىشىغا بولىدۇ.

ئەگەر كېلىشىمدە يەر ـ زېمىن ئۇنىڭ ئەسلى ئىگىللىرى بولغان كاپىرلارنىڭ قولىدا قېلىشىغا كېلىشىلمىگەن، ياكى يەر ـ زېمىنىنىڭ مۇسۇلمانلارغا تەۋە بولىدىغانلىقى ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇ شەھەردە كاپىرلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنى سېلىشلىرىغا يول قويۇش شەرت قىلىنمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ شەھەر پۈتۈنلەي مۇسۇلمانلارغا تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىرلار كېيىن ئۇ شەھەردە ئىبادەتخانا سېلىشلىرىدىن چەكلىنىدۇ. ئەگەر پەقەت ئازغىنا بىر قىسىم مۇسۇلمانلاردىن باشقا بارلىق مۇسۇلمانلار ئۇ يەردىن باشقا يەرگە يۆتكىلىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ يەردىكى كاپىرلارنىڭ ئۆز ئىبادەتخانىلىرىنى سېلىشلىرىغا بولىدۇ.[1]

مۇسۇلمانلار ئۇ شەھەرگە كىرگەن ۋاقىتدا ئۇ يەردە بار چىركاۋلار ياكى ئىبادەتخانىلار ئىچىدە يىقىۋەتمەي تاشلاپ قويۇشقا كېلىشكەن بىرەر چىركاۋ ياكى ئىبادەتخانا يىقىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇ چىركاۋ ياكى ئىبادەتخانا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى شەكلىگە ئازراقمۇ بىر نەرسە قوشۇلماي ئەسلىدىكى شەكلى بويىچە قايتا ياسىلىدۇ. ئەمما مۇسۇلمان ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرەرسى يىقىۋەتكەن ئىبادەتخانىلار قايتا سېلىنمايدۇ. ئىمام سۇبكىي: «يىقىۋېتىلگەن چىركاۋنىڭ قايتا سېلىنىشىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىدا بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىكى بار» دېدى. بۇ ھۆكۈمدىن ئىشكىلىرىگە قۇلۇپ سېلىپ تاقىۋېتىلگەن ئىبادەتخانىلارنىڭ قايتا ئېچىلىشىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىق ھۆكۈمىنى چىقىرىۋېلىشقا بولىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلار يىقىۋەتكەن چىركاۋلارنى ياكى ئىبادەتخانىلارنى قايتا سېلىش مۇسۇلمانلارنى ۋە ئىسلامنى كىچىك كۆرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. بىز (يەنى مۇسۇلمانلار) كاپىرلارنى ئۆزلىرىنىڭ چىركاۋلىرىنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 271 ـ بەت.

ۋە ئىبادەتخانىلىرىنى رېمونت قىلىشتىن چەكلىمەيمىز. چۈنكى بىز ئۇلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىگە چېقىلمايمىز. بىرەر مۇسۇلماننىڭ كاپىرلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرىنى رېمونت قىلىپ بېرىشى ياكى شۇنداق قىلىشقا ياردەملىشىپ بېرىشى ھالال ئەمەس.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان) كاپىرلار مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان كېلىشىملىرىنى مۇخۇللارنىڭ (ئىسلام دۇنياسىنى) بېسىۋالغاندىن ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇلارنىڭ تەرىپىدە تۇرغاندىن تارتىپ بۇزۇۋەتتى. شۇڭا ئۇلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھېچبىر كېلىشىم يوق.[1]

شۇنىڭدەك يەنە بۇ ئەھۋال كۈنۈمىزدىمۇ داۋام قىلىدۇ. چۈنكى (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان) كاپىرلار كۈنۈمىزدىمۇ مۇسۇلمانلارغا قارشى بىر گورۇھقا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئۇرۇش ئاچىقىدىغان كاپىرلارنىڭ ياردەمچىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

(ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان) كاپىرلار، ئەگەر مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچىدىغان ئادەملەرگە ئايلانسا ياكى ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئايرىلىپ بىرەر مەھەللىگە ياكى سېپىلغا كىرىۋالسا ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتىدىن كاپىرلارنىڭ يۇرتىغا قېچىپ كەتسە ياكى باش باجلارنى (يەنى جىزىيەلەرنى) بېرىشتىن باش تارتسا ياكى ئۆزلىرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ جاسۇسلۇقىغا ئاتىسا، بۇ ئەھۋاللاردا ئۇلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى كېلىشىم ئاياغلاشقان ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ كاپىرلارنىڭ ھۆكمى خۇددى ئىسلامغا كىرىپ ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. الله خالىسا بىز ئىسلامغا كىرىپ ئۇنىڭدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ ھۆكمى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

(ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان) كاپىر ئەگەر ئىسلام دىنىغا ياكى قۇرئان كەرىمگە تىل تەككۈزسە، جازاغا تارتىلىدۇ. ئىمام ئەلئەينى: «(ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان) كاپىر ئەگەر ئىسلام دىنىغا ياكى قۇرئان

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 272 ـ بەت.

كەرىمگە تىل تەككۈزگەن ۋاقتىدا، جازالاش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلۈشى لازىم» دەيدۇ. ئىبنى ھۇماممۇ بۇ قاراشنى قۇۋۋەتلىدى. ئەلخەيرۇلرەمەلي شۇنداق قىلغان كاپىرنى جازالاش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشكە پەتىۋا بەرگەن. شۇنداق قىلغان كاپىرنى ئۆلتۈرۈش ئىمام شافىئىينىڭمۇ كۆز قارىشىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئۇلار قايسى پەيغەمبەر بولسا بولسۇن پەيغەمبەرلەرنى تىللىغانلىق سەۋەبى بىلەنمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئۇلارنىڭ بىرى ئىسا ئەلەيھىسسالامنى زىنادىن بولغان بالا دېسە، ئۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. خۇسۇسەن ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى ئوچۇق ئاشكارا تىللىغان ياكى شۇنداق قىلىشقا ئادەتلەنگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى لازىم. پەيغەمبەرلەرگە تىل تەككۈزگەن كاپىر گەرچە ئايال كىشى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ.[1]

## ئىسلامغا كىرىپ كېيىن ئۇنىڭدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ ھۆكۈملىرى

بۇنىڭدىن ئىسلامغا كىرىپ كېيىن يېنىۋېلىپ ئىسلامنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىسلامدىن يېنىۋېلىش كۆپۈر سۆزلىرىنى تىلدا دېيىش، ياكى دىلدا توغرا ئەمەس بىر ئېتىقادقا ئېتىقاد قىلىش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. يەنە بىر مۇسۇلمان كۆڭلىدە بىر مۇددەتتىن كېيىن ئىسلامدىن يېنىۋېلىشنى نىيەت قىلسا، ئۇ شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر مۇسۇلمان ئىسلام دىنىنىڭ پەرزلىرىدىن بىرەر پەرزگە ئىنكار قىلسا، ئۇمۇ كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ ئەبۇبەكرى خەلىپە بولغاندا، ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىن كاپىرلىققا يېنىۋالغانلىرى بولۇپ (بەزىلىرى زاكات بېرىشتىن باش تارتقان. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماقچى بولغان)، ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئەبۇبەكرىگە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن كىشىلەر بىلەن تاكى ئۇلار بىر الله دىن باشقا ھېچ ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا گۇۋاھلىق بەرگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. كىمكى شۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۆزىنىڭ مېلىنى ۋە جېنىنى مەندىن

---

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 3 ـ توم، 279 ـ بەت.

ساقلاپ قالىدۇ. پەقەت ئىسلامنىڭ ھەققى بىلەن ساقلاپ قالالمايدۇ[1] ۋە ئۇنىڭ ھېسابى (ئىچكى سىرى) الله غىدۇر» دېگەن تۇرسا، ئۇلارغا قارشى قانداق جىھاد قىلىسەن؟ دېدى. ئەبۇبەكرى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (نامازنى ئوقۇپ ئەمما زاكاتنى بېرىشتىن باش تارتىپ) ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ قارىغان كىشى بىلەن چوقۇم ئۇرۇش قىلىمەن. چۈنكى زاكات دېگەن مالنىڭ ھەققىدۇر. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇلار (زاكات ئۈچۈن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىپ كېلىۋاتقان ئارغامچا چاغلىق نەرسىنىمۇ مېنىڭ زامانىمغا كەلگەندە بەرمىسە، ئۇنى بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن، دېدى. ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، الله ئەبۇبەكرىنىڭ دىلىنى ئېچىۋېتىپتۇ ۋە مەن ئۇنىڭ قارىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم، دېدى.[2]

مانا بۇ ھەدىس بۇ ماۋزۇدا كەلگەن ھۆججەتتۇر. شۇنداقلا چوڭ بىر ئاساستۇر ۋە ئىسلام دىنىدا ئاساسلىق پەرزلەر دەپ قارالغان بىرەر پەرزگە ئىنكار قىلغان ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئوچۇق پاكىتتۇر.[3]

## ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەملەرنىڭ تۈرلىرى

قازى ئىياز ۋە باشقىلار: ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەملەر مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ، دېدى:

1 ـ ئىسلام دىنىنى پۈتۈنلەي تاشلاپ چىقىپ بۇتقا ئىبادەت قىلىشقا قايتىۋالغان ئادەملەردۇر.

2 ـ مۇسەيلىمە ۋە ئەسۋەد ئەلئەنەسي قاتارلىقلارغا ئوخشاش پەيغەمبەرلىكنى داۋا قىلغان (دەججاللار) نىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ ئۇلارغا ئەگىشىپ كەتكەن ئادەملەردۇر. بۇ كىشىلەر بىلەن ساھابىلار (الله تائالا

(1) يەنى ئىسلامدا قان تۆكۈشكە ئوخشاش جىنايەت سادىر قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازا ئىجرا قىلىنىۋېرىدۇ. ت.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.لېكىن ھەدىسنىڭ تېكىستى ئىمام بۇخارىنىڭدۇر.

(3) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 12 ـ توم، 592 ـ بەت.

ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئەبۇبەكرىنىڭ زامانىدا ئۇرۇش قىلغان.

3 ـ ئىسلام دىنىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتمىگەن، ئەمما اﷲ تائالانىڭ: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن، ئۇلارغا دۇئا قىلغىن، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ دۇئايىڭ ئۇلارغا خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، اﷲ ئۇلارنىڭ (سۆزىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچى، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر[1]» دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلاپ زاكات پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا بىر ئادەم زاكات بەرگۈچىلەرنى گۇناھلىرىدىن پاكلىيالمايدۇ ۋە ئۇلارغا دۇئا قىلالمايدۇ، ھەمدە ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان دۇئاسى ئۇلارغا قانداقمۇ خاتىرجەملىك ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىپ مال ـ مۈلكىنىڭ زاكاتلىرىنى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن خەلىپىلەرگە) بېرىشتىن باش تارتقان ئادەملەردۇر.

بۇ يەردە يەنە تۆتىنچى تۈرلۈك بىر قىسىم ئادەملەرمۇ بولۇپ بۇ ئادەملەر زاكاتنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئەمما ئۇلار بېخىللىق قىلىپ ۋە زاكاتنى بەرمەيدىغانلارنىڭ سانىنى كۆپ، دەپ قاراپ زاكات بېرىشتىن باش تارتقان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلغانلاردۇر. مانا بۇلار مەزكۇر ھەدىستە بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك ئەبۇبەكرى (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولغان ۋاقتىدا، ئۆمەر (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇلار ھەققىدە ئەبۇبەكرى (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىلەن مۇنازىرىلەشكەن كىشىلەردۇر.

## ئىسلامدىن كاپىرلىققا چىقىرىدىغان نەرسىلەرنى بىلىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

ئىمام ئەبۇھەنىفە (اﷲ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <ئەلفىقھۇل ئەكبەر> دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «ھەر بىر ئادەمگە، ئۇنىڭ كۆپۈرلۇققا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەرنى بىلىشى ئىمان ئېيتىش كېرەكلىك

(1) سۈرە تەۋبە 103 ـ ئايەت.

بولغان نەرسىلەرنى بىلىشكە قارىغاندا قاتتىق زۆرۈردۇر. چۈنكى ئىمان ئېيتىش كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرگە مۇجمەلله قىلىپ ئىمان ئېيتىسمۇ بولىدۇ. ئەمما كۇپۇرلۇققا ئېلىپ بارىدىغان نەرسىلەرنىڭ هارام ئىكەنلىكىگە، ئۇلارنى تەپسىلىي بىلگەندىن كېيىن ئېتىقاد قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا مەقسەتكە (يەنى نىجاتلىققا) ئېرىشىش ئۈچۈن ئىسلامغا كىرىش ئاساندۇر. ئەمما ئىسلامنىڭ هۆكۈملىرىنى (ئۆز جايىدا) ئۇرۇنلاش هەممە ئادەمگە قىيىندۇر، دېگەن بىر سۆز باردۇر.»

بۇنى الله تائالانىڭ: «ئىلىمدا توشقانلار ئېيتىدۇ: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، هەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان. (بۇنى) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ. پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى هىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاهىڭدىن رەهمەت بېغىشلىغىن، شۈبهىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن[1]» دېگەن ئايىتىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كۆپلىگەن چاغلاردا: «ئى قەلبلەرنى باشقۇرغۇچى الله! قەلبىمنى دىنىڭدا مۇستەهكەم قىلغىن» دەپ دۇئا قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ دۇئانى ئۇممەتلىرىگە ئۆگىتىپ قويۇش ۋە ئۇلارغا قىلىدىغان دۇئالارنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلىۋاتقان چاغدا، هەتتا ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! دادام ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن! سەن الله نىڭ پەيغەمبىرى تۇرۇپمۇ قورقامسەن؟ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى ئائىشە! ئىنسان بالىلىرىنىڭ دىللىرى مېهرىبان الله نىڭ بارماقلىرىدىن ئىككى بارماقنىڭ ئارىسىدا، الله بىرەر ئادەمنى خاتا يولدىن توغرا يولغا، ياكى توغرا يولدىن خاتا يولغا بۇرىۋېتىشنى خالىسا شۇنداق قىلىدۇ» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى الله تائالانىڭ: «الله مۆمىنلەرنى مۇستەهكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەهكەم تۇرغۇزىدۇ. الله زالىملار (يەنى كۇففارلار) نى گۇمراھ قىلىدۇ، الله خالىغىنىنى قىلىدۇ[2]»دېگەن ئايىتىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.

بۇ هەقتە يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئەلئاس (الله تائالا ئۇنىڭدىن

(1) سۈرە ئالى ئىمران 7 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى ۋە 8 ـ ئايەت.

(2) سۈرە ئىبراهىم 27 ـ ئايەت.

رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «پۈتۈن ئىنسان بالىلىرىنىڭ دىللىرى مېھرىبان اللّٰه نىڭ بارماقلىرىدىن ئىككى بارماقنىڭ ئارىسىدا خۇددى بىر دىلدەكتۇر. اللّٰه تائالا ئۇ دىلنى خالىغان شەكىلدە بۇرايدۇ» دەپ ئاڭلىدىم: «ئى قەلبلەرنى بۇراپ تۇرغۇچى اللّٰه! قەلبلىرىمىزنى ساڭا ئىتائەت قىلىشقا بۇرىغىن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.[1]

ئىسلام دىنىغا ئەڭ زىت ئىش ۋە ئەڭ چوڭ گۇناھ بولسا، اللّٰه تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا تېنىشتۇر، ياكى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە تېنىشتۇر، دىل ياكى تىل ئارقىلىق دىنىنىڭ بىرەر ھۆكمىنى مەسخىرە قىلىشتۇر. بىر ئادەم ئەگەر دىلىدا كاپىر بولۇشنى نىيەت قىلمىسىمۇ ئەمما ئېغىزىدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان بىرەر سۆزنى قىلسا، ئۇ ئادەم كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى ئېغىزىدىن چىقىرىشقا رازى بولدى. ئۇ دىلىدا كاپىر بولۇشنى نىيەت قىلمىسىمۇ كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ خۇددى كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى چاقچاق قىلىپ ئېيتقان ئادەمگە ئوخشاش. چاقچاق قىلىپ كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى ئېغىزىدىن چىقارغان ئادەممۇ گەرچە دىلىدا ئۆزىنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىشىگە رازى بولمىسىمۇ كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن چىقارغان سۆزلىرىنىڭ ئۇنى كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكى ئۆزرە بولالمايدۇ. <ئەلفىكھۇلئەكبەر> دېگەن كىتابىنىڭ شەرھىدە شۇنداق بايان قىلىنغان. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بەندە ئويلاپ ـ ئويلىمايلا، يەنە بىر رىۋايەتتە پەرۋا قىلمايلا مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىلىقىدىنمۇ چوڭقۇر دوزاخقا چۈشۈپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان سۆزنى قىلىپ سالىدۇ»[2]

ئىسلام دىنىنى ياكى اللّٰه تائالانى، ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللاش كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردىندۇر. (مەسىلەن: ناماز ۋە روزىغا ئوخشاش) قۇرئان كەرىم ياكى كۈچلۈك دەپ قارالغان ھەدىس، ياكى بارلىق ساھابىلارنىڭ سۆز بىرلىكى ئارقىلىق يولغا قويۇلغان، دىندا بىلىش زۆرۈر دەپ قارالغان بىر نەرسىگە ئىنكار قىلىشمۇ كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردىندۇر. شۇنىڭدەك يەنە اللّٰه تائالانىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلىش ياكى

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

تەبىئەتتىكى نەرسىلەرنىڭ تەسىر كۈچى الله تائالانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، دېمەي ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىدە ۋە تەبىئىيتىدە بار دەپ ئېتىقاد قىلىش ياكى پەرىشتىلەرنىڭ ياكى جىنلارنىڭ ياكى ئۇستۇمىزدە بىر نەچچە ئاسمانلارنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلىش، ياكى هاراقنا ئوخشاش هاراملىقى ئۆز ئىچىدىكى سەۋەبنىڭ تۈپەيلىدىن كەسكىن دەلىل بىلەن هارام قىلىنغان هارام بىر نەرسىنى هالال دەپ ئېتىقاد قىلىش كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردىندۇر. ئەمما باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى يېۋېلىشنى هارام دەپ قارىماسلىق كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس. چۈنكى باشقىلارنىڭ قولىدىكى مال ـ مۈلۈكنىڭ هاراملىقى ئۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۆز ئىچىدىكى سەۋەبنىڭ تۈپەيلىدىن ئەمەس ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلۈكى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

شەرىئەتنىڭ هۆكۈملىرىدىن بىرەر هۆكۈمنى پەس كۆرۈش ياكى چاقچاق قىلىپ بولسىمۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان بىرەر سۆزنى قىلىش ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرەرسىگە تەنە قىلىش، ياكى بىر پەيغەمبەرگە پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى الله تائالا تەرىپىدىن ئەمەس ئۇ ئۆزى (ئەمەل ـ ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق) قولغا كەلتۈرۈۋالغان ئىش دەپ قاراش ياكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئائىشەگە ئوخشاش ئاياللىرىنىڭ بىرىگە بوهتان چاپلاش، ياكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلاردىندۇر.[1]

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، دىندا زۆرۈر دەپ قارالغان ئىشلاردا چۈشەنچە (يەنى تەۋىل) بايان قىلىش قوبۇل قىلىنمايدۇ ۋە شۇنداق قىلغان ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا هۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئەسەر دەلىل ـ پاكىت بولالايدۇ. ئەبۇئابدۇرراهمان ئەلسەلەمىي ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىدا) شامدا بىر بۆلۈك ئادەملەر هاراق ئىچتى، ئۇ كۈنلەردە ئۇلارغا ئەبۇسۇفيانىنىڭ ئوغلى يەزىد باش ئىدى. ئۇلار الله تائالانىڭ: «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر يېسە ، ئىچسە هىچ گۇناه بولمايدۇ» دېگەن ئايىتى هەققىدە چۈشەنچە (يەنى تەۋىل) بايان قىلىپ (بىز ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بىزگە) هاراق

(1) «ئەلهۇدىيەتۇل ئەلائىيە»، 330 ـ بەت.

**ھالال، دېدى. شۇنىڭ بىلەن يەزىد ئۇلار ھەققىدە ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا خەت يازدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) يەزىدگە: ئۇلارنى قېشىڭدىكى باشقا ئادەملەرنى بۇزۇۋېتىشتىن ئىلگىرى مېنىڭ يېنىمغا ئەۋەتكىن، دەپ خەت يازدى. ئۇلار ئۆمەرنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۆمەر ئۇلارنى قانداق قىلىش ھەققىدە ساھابىلارغا مەسلىھەت سالدى. ساھابىلار (اﷲ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئۆمەرگە: ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! ئۇلار اﷲ تائالاغا يالغان چاپلاپتۇ ۋە دىندا اﷲ تائالا رۇخسەت قىلمىغان ئىشلارنى پەيدا قىلىپتۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا (قىلىچ بىلەن) ئۇرساڭ، دېدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇ ھەقتە ھېچنەرسە دېمەي جىم ئولتۇردى. ئۆمەر (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبقا: ئى ھەسەننىڭ دادىسى! سەن ئۇلار ھەققىدە نېمە دەيسەن؟ دېدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب: مەن سېنىڭ ئۇلاردىن تەۋبە قىلىشلىرىنى تەلەپ قىلىشىڭنى، ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا، ئۇلارنى ھاراق ئىچكەنلىكى ئۈچۈن 80 قامچا ئۇرۇشۇڭنى، ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلمىسا، ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىغا (قىلىچ بىلەن) ئورۇشىڭنى توغرا دەپ قارايمەن. چۈنكى ئۇلار اﷲ تائالاغا يالغان چاپلىدى ۋە دىندا اﷲ تائالا رۇخسەت قىلمىغان ئىشلارنى پەيدا قىلدى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئۇلاردىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلىشلىرىنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار تەۋبە قىلدى ۋە ھاراق ئىچكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنى 80 قامچا ئۇردى.[1]**

**مانا بۇ ئەسەر دىندا زۆرۈر دەپ قارالغان ئىشلاردا چۈشۈنچە (يەنى تەۋىل) بايان قىلىشنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى ۋە شۇنداق قىلغان ئادەمنىڭ كاپىر ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ پۈتۈن ساھابىلار (اﷲ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر. ئىمام مۇھەممەد (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «<ئەسسەيرۇلكەبىر> دېگەن ئەسىرىدە: ئىسلامنىڭ ھۆكۈملىرىدىن بىرەر ھۆكۈمگە ئىنكار قىلغان ئادەم <لا ئىلاھە ئىللەللاھ> دەپ ئېيتقان ئىمانىنى بىكار قىلىۋەتكەن ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئۇ دىندىن يېنىۋالغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئۇ قايتا ئىسلامغا كىرمىسە ئۆلتۈرۈلىدۇ» دېدى.[2]**

---

(1) بۇ ئەسەرنى ئەھاۋىي رىۋايەت قىلدى.

(2) «ئىلائۇسسۇنەن»، 12 ـ توم، 596 ـ بەت.

# بىر ئادەمنىڭ دىندىن يېنىۋالغان ھېسابلىنىشى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان شەرتلەر

**بىر ئادەمنىڭ دىندىن يېنىۋالغان ۋە ئۇنىڭ <كاپىر بولۇپ كەتكەن> ئادەم ھېسابلىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەر لازىمدۇر:**

**1 ـ دىندىن يېنىۋالغان ئادەم ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن يېنىۋېلىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن دىندىن يېنىشقا زورلۇنۇپ دىندىن يانغان ئادەم، دىندىن يېنىۋالغان ئادەم (يەنى كاپىر ئادەم) ھېسابلانمايدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «كىمكى اللەغا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا، ـ قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ـ كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىيارىي يوسۇندا مۇرتەد بولغان بولسا)، ئۇ اللەنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ[1]»**

**الله تائالانىڭ: «قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر» دېگەن ئايىتىدىن ئىماندىن يېنىش ئۈچۈن قاتتىق مەجبۇرلانغانلىقى سەۋەبى بىلەن قەلبى ئىمان ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغان ھالىتىدە بولۇپ پەقەت تىلى بىلەنلا ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئادەم يەنە مۆمىن ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ مەجبۇرلانغانلىق سەۋەبى بىلەن تىلى بىلەن كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزلەرنى سۆزلىگەنلىكى ئۇنىڭ ئىمانىغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ، دېگەنلىك مەقسەت قىلىنىدۇ.**

**ئالىملار: ئىماندىن يېنىشقا قاتتىق مەجبۇرلۇنۇپ ھەتتا ئۆلتۈرۈلىشىدىن ئەندىشە قىلغان ئادەم، قەلبى ئىمان ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغان ھالىتىدە بولۇپ پەقەت ئېغىزى بىلەنلا ئۆزىنىڭ ئىماندىن يانغانلىقىنى ئىپادىلىگەن بولسا، بۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئايالىنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھقا ھېچقانداق تەسىر يەتمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنمايدۇ، دېگەن قاراشتا بىرلىككە**

(1) سۈرە نەھل 106 ـ ئايەت.

كەلدى.(1)

ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەزكۇر ئايەت ئەممار ئىبنى ياسىر توغرىسىدا چۈشكەن. مۇشرىكلار ئۇنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كاپىر بولسەن، دەپ (مەجبۇرلاپ) ئازابلىغاندا، ئەممار ئۇلارغا مەجبۇرىي ھالدا باش ئەگكەن. كېيىن ئەممار مۇشرىكلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەجبۇرلاش ئاستىدا كاپىر بولغانلىقىغا ئۆزرە ئېيتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا يۇقىرىدىكى ئايەتنى چۈشۈرگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئەممار ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياسىر بىلەن سۇمەييەنى ئىسلام دىنىدىن يېنىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىسلام دىنىدىن يېنىشقا ئۇنۇمىدى. شۇنىڭ بىلەن كاپىرلار ئۇ ئىككىسىنى ئۆلتۈرۋەتتى. ئۇ ئىككىسى ئىسلام دىنىدىكى تۇنجى شېھىد ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئەممار كاپىرلار مەجبۇرلىغان ئىشنى پەقەت تىلى بىلەنلا ئىپادىلەپ بەردى. (يەنى ئەممار پەقەت تىلىدا ئۆزىنىڭ ئىسلامدىن يانغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى). ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئەممار كاپىر بولۇپ كەتتى، دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەممار ئۇچگە ـ ئۇگىلىرىغىچە ئىمان بىلەن توشۇپ كەتكەندۇر» دېدى.(2)

شۇنىڭدىن كېيىن ئەممار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا يىغلىغان ھالەتتە كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ: «بۇنداق قىلىپ كېتىشنىڭ كېرىكى يوق. ئەگەر ئۇلار (سېنى ئازابلاشتىن) قايتسا، سەنمۇ دېگەن سۆزىڭدىن قايتىۋالساڭ بولىدۇ» دېدى. ئىبنى كەسىر (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مەزكۇر ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېدى: «مانا بۇ ئايەت، خۇددى ئەممارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاش دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىش ئەڭ ياخشى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قاتتىق مەجبۇر بولۇپ قالغان ۋاقىتتا كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزلەرنى قىلىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتىدۇر.»

(1) <تەپسىر قۇرتۇبىي>، 10 ـ توم، 182 ـ بەت.

(2) نەسائىي رىۋايىتى.

ئالىملار دىندىن يېنىشقا مەجبۇرلانغان، ئەمما دىندىن يانغىلى ئۇنۇمىغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ اللہ تائالانىڭ ئالدىدىكى ئەجرى دىندىن يانغانلىقنى ئىپادىلەپ بەرگەن ئادەمنىڭ ئەجرىگە قارىغاندا كاتتا بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى.[1]

2 ـ دىندىن يېنىۋالغان ئادەم ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ئادەم بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ساراڭ ۋە ئەقلى ئاجىز ئادەملەرنىڭ دىندىن يېنىۋېلىشلىرى توغرا ئەمەستۇر. (يەنى ئۇلار دىندىن يېنىۋالغانلىقى سەۋەبى بىلەن كاپىر ھېسابلانمايدۇ). بىر ئىشتىن قاتتىق ھەيران قالغانلىقتىن ئەقلى توختاپ قالغان ئادەمنىڭمۇ دىندىن يېنىۋېلىشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئەقلى ـ ھۇشىغا كەلمىگەن كىچىك بالىلارنىڭ (يەنى يېشى يەتتە ياشنىڭ ئاستىدىكى بالىلارنىڭ) دىندىن يېنىۋالغانلىقىمۇ ھېساب ئەمەستۇر. (يەنى بۇلار دىندىن يېنىۋالغانلىقى سەۋەبى بىلەن كاپىر ھېسابلانمايدۇ). يېشى يەتتە ياش ۋە ئۇنىڭ ئۈستىندىكى كىچىك بالىلار ئەقلى ـ ھۇشىغا كەلگەن بالىلار ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنى، ئۇ يەتتە ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا ئىسلامغا دەۋەت قىلغان ئىدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ئۇ چاغدا سەككىز ياشتا ئىدى، دېگەن قاراشمۇ بار. بۇ توغرا دەپ قارالغان قاراشتۇر. ئۇ سەككىز ياشتا ئىدى، دېگەن قاراشنى ئىمام بۇخارى ئۇرۋەدىن رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ئەبۇتالىب ئۇ چاغدا ئون ياشتا ئىدى، دېگەن قاراشمۇ بار. بۇ قاراشنى ھاكىم رىۋايەت قىلدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ھۆر كىچىك بالىلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەۋۋەل ئىسلامغا كىرگەن بالىدۇر.[2]

3 ـ ئىسلامدىن يېنىۋالماقچى بولغان ئادەم سەگەك ھالەتتە بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم مەست ھالەتتە تۇرۇپ ئىسلامدىن يېنىۋالغان بولسا، ئۇ ئىسلامدىن يېنىۋالغان ھېسابلانمايدۇ. ئەمما مەست ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋالغانلىقىنى ئىپادىلىگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە كەچۈرۈلمەيدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇ ئادەم (ھاراقنا ئوخشاش) ھارام قىلىپ چەكلەنگەن مەست قىلغۇچى بىر نەرسىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىچىش ئارقىلىق مەست بولۇپ قالغان

(1) <تەپسىر ئەبۇ ئەلسەئۇد>، 5 ـ توم، 143 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 307 ـ بەت.

بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم (مەست قىلغۇچى نەرسىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئەمەس) باشقىلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىپ ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋالغانلىقىنى ئىپادىلىگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ھۆكمى ساراڭ كىشىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش بولىدۇ. يەنى ئۇ ئادەم ئىسلامدىن يېنىۋالغان ھېسابلانمايدۇ.[1]

## ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەمنى قايتا ئىسلامغا كىرىشكە دەۋەت قىلىشنىڭ بايانى

مۇسۇلمان باشلىقنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەمنى ئىسلامغا قايتا كىرىشكە دەۋەت قىلىشى، ئۇنىڭ كاللىسىدا ئىسلام ھەققىدە بىرەر شۇبھە بولسا، ئۇنىڭغا ئىسلامنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ شۇبھىسىنى يوقۇتۇشى ۋە ئىسلامغا قايتا كىرىش ھەققىدە ئويلىنىۋېلىشى ئۈچۈن مۆھلەت تەلەپ قىلسا ئۇنىڭغا ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئىسلامغا قايتىشقا ئۇنۇماي كاپىر ھالىتىدە تۇرۇشتا چىڭ تۇرسا، مۇسۇلمان باشلىقنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشى لازىم. بۇ ھەقتە ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: «ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئالدىغا زىندىقلار[2] ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ئۇلارنى كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇ ئىشنىڭ خەۋىرى ئىبنى ئابباسقا يەتكەن ۋاقىتتا، ئىبنى ئابباس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئەگەر مەن (ئەلىنىڭ ئورنىدا) بولسام ئۇلارنى كۆيدۈرمىگەن بولاتتىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « سىلەر (بىرسىنى) اللە نىڭ ئازابى بىلەن ئازابلىماڭلار » دېگەن ئىدى. لېكىن مەن ئۇلارنى ئۆلتۈرەتتىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « دىنىنى ئالماشتۇرغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈڭلار » دېگەن ئىدى،[3] دېدى.

شۇنىڭدەك بىر ئادەم ئىككى قېتىم ئىسلامدىن يېنىۋالغان بولسىمۇ ئۇ يەنە ئىسلامغا قايتا كىرىشكە دەۋەت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۈچىنچى قېتىم

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 285 ـ بەت.

(2) دىندا شەك قىلىدىغان، ئاللەنىڭ ئۆزلىكىدىن يارىتىلىپ قالغانلىقىغا ئىشىنىدىغان، كۆپىرلۈقنى ئىچىدە ساقلاپ تېشىدا مۇسۇلمان بولغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئادەملەر <زىندىق> دەپ قارىلىدۇ. ت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئىسلامدىن يېنىۋالسا، ئۇ ھەتتا ئۇنىڭ ھەقىقىي تەۋبە قىلغانلىقى بىلىنگەنگە قەدەر تۇرمىگە تاشلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇچىنچى قېتىمدا تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭ تەۋبىسى يەنە قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى اللە تائالا تەۋبە قىلغانلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىندىشى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلسا، ناماز ئوتىسە، زاكات بەرسە، دىنىي جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ (يەنى هوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر). ئۇقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئايەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىمىز[1]»

ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەمنى قايتا ئىسلامغا كىرىشكە دەۋەت قىلماستىن ئۆلتۈرۈۋېتىش مەكرۇھتۇر. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ كاپىرلىقتا قايتىۋېلىشى ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى توغرا قىلىدىغان ئامىللارنىڭ بىرىدۇر ۋە ئۇنىڭ قايتا ئىسلامغا كىرىشنى دەۋەت قىلىش پەقەت مۇستەھەپتۇر. ئەمما ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ قايتا ئىسلامغا كىرىشى ئۈچۈن ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋاجىب، دەپ قارايدىغانلارنىڭ كۆز قارىشىدا ئۇنى ئىسلامغا كىرىشكە دەۋەت قىلماستىن ئۆلتۈرۈۋېتىش هارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر.[2]

ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ ئالدىدا تەۋبە قىلىپ قايتا ئىسلامغا كىرىشتىن ياكى (ئەگەر ئىسلامغا كىرىشنى قوبۇل قىلمىسا) ئۆلتۈرۈلۈشتىن باشقا يول يوقتۇر. ئەگەر كىشىلەر بىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋالغانلىقىغا گۇۋاهلىق بەرگەن، لېكىن ئۇ ئادەم ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئىنكار قىلىپ تۇرغان بولسا، ئۇ ئادەمگە چېقىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇشى تەۋبە قىلغانلىق ۋە ئىسلامغا تەكرار قايتقانلىق هېسابلىنىدۇ.

## ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئايالنىڭ هۆكمى

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئايال ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. ئۇ تاكى ئىسلامغا قايتقانغا قەدەر سولاپ قويۇلىدۇ. چۈنكى ئىبنى ئۆمەر: «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بەزىبىر جەڭلىرىدە ئۆلۈك بىر ئايال تېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئاياللارنى ۋە كىچىك بالىلارنى

(1) سۈرە تەۋبە 11 ـ ئايەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 286 ـ بەت.

ئۆلتۈرۈشتىن توستى» دېدى[1].

كۆپ ساندىكى ئالىملار: ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئايالمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دىنىنى ئالماشتۇرغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن ئىدى، دېدىلەر.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىغا يەنە ئىبنى ئابباس (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ: «ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئاياللار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. ئۇلار ئىسلامغا كىرىشكە مەجبۇرلىنىدۇ» دېگەن سۆزىنى دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ سۆزىنى ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ <ئەلئاسار> دېگەن ئەسىرىدە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ <ئەلخىراج> دېگەن ئەسىرىدە بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلدى: ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئاياللار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. لېكىن ئۇلار سولاق قويۇلىدۇ، ئىسلامغا كىرىشكە چاقىرىلىدۇ ۋە مەجبۇر قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئايال (كىشىلەر ئارىسىدا) ئۆتكۈر پىكىرلىك، دەپ تونۇلغان ياكى ئارقىسىدا ئادەملىرى بار ئايال بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايال ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس باشقىلارنىڭمۇ ئىسلامدىن يېنىۋېلىشىغا سەۋەب بولۇپ يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.[2]

## ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ قايتا ئىسلامغا كىرىشى

ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ قايتا ئىسلامغا كىرىشى ئۇنىڭ <ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ> دەپ ئىمان سۆزىنى ئېيتىش ۋە ئىسلامنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن دىنىدىن ئادا - جۇدا بولۇپ قايتىپ چىقىپ كېتىش بىلەن بولىدۇ.

<ئەلھىدايە> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۈچۈن ئىسلام دىنىدىن باشقا پۈتۈن دىنلەردىن ئادا - جۇدا بولۇشى

(1) يەنى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ھەدىسىدە ئاياللارنى ئۆلتۈرۈشتىن توستى دەپ ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئايال ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، دېدىلەر. ت.

(2) «ئىلائۇسسۇنەن»، 12 - توم، 578 - بەت.

لازىم. چۈنكى ئىسلام دىنىدىن (باشقا دىنلار) ئۇنىڭ ئۈچۈن دىن ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئىسلام دىنىدىن چىقىپ ئېتىقاد قىلغان دىنىدىن ئادا ـ جۇدا بولسا، ئۇ تەۋبە قىلغان ھېسابلىنىدۇ» دېدى. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىچە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدىن چىقىپ ئېتىقاد قىلغان دىنىدىن ئادا ـ جۇدا بولۇشىنىڭ شەرت قىلىنىشى، ئەگەر ئۇ ئىسلام دىنىدىن چىقىپ باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىسلام دىنىدىن چىقىپ باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلمىغان بولسا، يەنى ئۇ پەقەت كاپىرلىقىقا ئېلىپ بارىدىغان سۆزلەرنى قىلىش بىلەنلا ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ باشقا دىنلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇش شەرت قىلىنمايدۇ. (يەنى تەۋبە قىلىپ ئىسلام دىنىغا قايتىپ كىرسىلا بولىدۇ). ئىسلام دىنىدىن باشقا پۈتۈن دىنلاردىن ئادا ـ جۇدا بولۇشىنىڭ شەرت قىلىنىشى ئۇنىڭ الله تائالاغا ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئەمەس پەقەت ئۇنىڭغا ئىسلام ھۆكۈملىرىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈندۇر. چۈنكى بىر ئادەم ئىسلامغا ئالاقىدار پۈتۈن ھۆكۈملەرگە ئېتىقاد قىلسا ۋە ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇ الله تائالانىڭ ئالدىدا مۆمىن ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام ھەم جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇغانغا ياكى نامازنى ئىقرار قىلغانغا ياكى مەسچىتلەردە ئەزان ئوقۇغانغا، ياكى ھەج قىلغان ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلغانغا ئوخشاش ئەمەلىيەت ئارقىلىق بىلەنمۇ بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ يالغۇز ناماز ئوقۇشىلا ياكى پەقەت ئىھرام باغلىشىلا يېتەرلىك ئەمەس.[1]

بىر ئادەم ئۆز ئىختىيارى بىلەن <مەن مۇسۇلمان> دېسە، ئۇنىڭ بۇ سۆزى گەرچە ئۇنىڭ <ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئەبدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ> دېگەن ئىمان سۆزىنى ئوچۇق ئاشكارا سۆزلىگەنلىكى ئاڭلانمىسىمۇ ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتىدۇر.

## ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ تەسەررۇپلىرى

ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ تەسەررۇپلىرى تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل بولىدۇ:

**1** ـ كۆچكە ئىگە تەسەررۇپلار. بۇ تەسەررۇپلار بىر بالىنىڭ ئۆزىنىڭ

(**1**) «رەددۇلمۇھتار»، **3** ـ توم، **288** ـ بەت.

بالىسى ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىش، ئايالى ئىددەت ئىچىدىلا بولغان بولسا ئۇنى تالاق قىلىۋېتىش، سوۋغا ـ سالامنى قوبۇل قىلىش ۋە قۇلغا (ئۇنىڭ بەزى ئىشلىرىغا) چەكلىمە قويۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ تەسەررۇپلار بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كېلىشىچە كۈچكە ئىگىدۇر. چۈنكى بۇ تەسەررۇپلار بىر ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىش سالاھىيىتىنىڭ ھەممە تەرەپتىن تولۇق توسۇشقا ئېھتىياجلىق ئەمەس.

2 ـ كۈچكە ئىگە بولمايدىغان تەسەررۇپلار. بۇ تەسەررۇپلار (بىرسى بىلەن) توي قىلىش، مال بۇغۇزلاش، ئوۋ ئوۋلاش، گۇۋاھلىق بېرىش ۋە مىراسخور قىلىش قاتارلىقلاردۇر. يەنى ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەم بىرەر ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا مىراسخور بولالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ بىرەر ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇ ئادەم ئىسلامدىن يېنىۋالغاندىن كېيىن تاپقان مال ـ دۇنياسىغا مىراسخور بولالمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋېلىشىدىن بۇرۇن تاپقان مال ـ دۇنيالىرىغا ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى مىراسخورلۇق قىلالايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۇ مال ـ دۇنيالارنى ئىسلامدىن يېنىۋېلىشتىن بۇرۇن تاپقاندۇر. شۇڭا بۇ مىراسخورلۇق بىر مۇسۇلمان بىلەن يەنە بىر مۇسۇلمان ئارىسىدا بولغان مىراسخورلۇق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ مال ـ دۇنيالىرى يوقاپ كەتكەن، ياكى ئۇ مال ـ دۇنيانى ئۇنىڭغا مىراسخورلىق قىلىدىغانلاردىن بىرەرسى يوقىتىۋەتكەن بولسا، ئۇ مىراسخورغا ئۇ مال ـ دۇنيانى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس.

3 ـ توختۇتۇلۇپ قويۇلغان تەسەررۇپلار. شېركەتلىشىش ئۈچۈن قىلىنغان كېلىشىم، ئېلىم ـ سېتىم ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كېلىشىم، گۆرۈگە قويۇش، باشقىلارغا سوۋغا ـ سالام بېرىش، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئىجارىگە قويۇش، ئىقرار قىلغان نەرسە ئۈستىدە سۈلھە تۈزۈش، قەرزلەرنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ۋە ۋەسىيەت قالدۇرۇپ كېتىش قاتارلىقلاردۇر. (بۇ تەسۇررۇپلارنىڭ ھەممىسى توختۇتۇلۇپ قويۇلىدۇ)، ئەگەر ئۇ تەكرار ئىسلامغا قايتسا، ئۇ خۇددى ئىسلامدىن يېنىۋالمىغان ئادەمگە ئوخشاش ئۇ تەسەررۇپلارنىڭ ھەممىسى كۈچكە ئىگە قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ تەكرار ئىسلامغا قايتمىسا، ئۇ تەسەررۇپلار كۈچكە ئىگە قىلىنمايدۇ.

4 ـ ئۇنىڭ قىلغان بارلىق ئىبادەتلىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋېلىشتىن بۇرۇن نامازغا ۋە روزىغا ئوخشاش قازا قىلىۋاتقان ئىبادەتلەرنىڭ (ئۇ ئىسلامغا تەكرار قايتىپ كىرگەندىن كېيىن) قازاسىنى

قىلىشى لازىم. چۈنكى ئىبادەتلەرنى قىلماي تاشلىۋېتىش گۇناھتۇر. بۇ گۇناھ ئىسلامدىن يېنىۋالغاندىن كېيىنمۇ داۋام قىلىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە (گەرچە بۇرۇن پەرز ھەجنى قىلىپ بولغان بولسىمۇ ئىسلامغا تەكرار قايتقاندىن كېيىن) پەرز ھەجنى قىلىش لازىم. چۈنكى ئۇ ئىسلامدىن يېنىۋېلىش بىلەن تېخى ئىسلامغا كىرمىگەن قارا كاپىرغا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇ ئەگەر ئىسلامغا تەكرار قايتسا ۋە ھەج قىلىش ئىمكانىيىتى بولسا، ئۇنىڭغا ھەج قىلىش لازىمدۇر. چۈنكى ھەجنىڭ پەرز بولۇش سەۋەبى كەبىدۇر. كەبە يوق بولۇپ كەتمەي تۇرغاندۇر. ئەمما ھەجدىن باشقا بۇرۇن ئادا قىلىپ بولغان ئىبادەتلەرنى قايتا ئادا قىلىش لازىم ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئىبادەتلەرنىڭ سەۋەبلىرى يوق بولۇپ كەتكەندۇر. (مەسىلەن: نامازنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇنىڭ ۋاقتىدۇر. بىر نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ سەۋەبى يوق بولۇپ كەتكەن بولىدۇ). شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلەن: بىر ئادەم پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئىسلامدىن يېنىۋالغان، ئاندىن پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى تېخى چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلىپ ئىسلامغا تەكرار قايتىپ كىرگەن بولسا، ئۇنىڭغا پېشىن نامىزىنى قايتا ئوقۇش لازىم بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ سەۋەبى بولغان نامازنىڭ ۋاقتى تېخى چىقىپ كەتمىگەندۇر.

ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەم، ئەگەر ئىسلامدىن يېنىۋېلىشتىن بۇرۇن كىشىلەرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ناھەق ئېلىۋالغان بولسا، ئۇنىڭدىن (ئۇ تەۋبە قىلىپ ئىسلامغا تەكرار قايتىپ كىرگەندىن كېيىن) ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەر سۈرۈشتە قىلىنىدۇ ۋە ئۇ بۇ ھەقتە جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئىسلامدىن يېنىۋالغاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ناھەق ئېلىۋالغان بولسا، ئۇ (تەۋبە قىلىپ ئىسلامغا تەكرار قايتىپ كىرگەندىن كېيىن) ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەر ھەققىدە جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. چۈنكى بىر كاپىر ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇرۇن كاپىر ۋاقتىدا قىلغان ئىشلىرى ھەققىدە جاۋابكارلىققا تارتىلمايدۇ. چۈنكى ئىسلام مۇسۇلمان بولۇپ ئىسلامغا كىرىشتىن بۇرۇنقى (مەيلى گۇناھ بولسۇن مەيلى باشقا ئىشلار بولسۇن) پۈتۈن ئىشلارنى يۇيىدۇ.

ئەمما ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئايال كىشىنىڭ پۈتۈن تەسەررۇپلىرى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئايال بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك (ئىسلامدىن يېنىۋالغانلىقى ئۈچۈن) ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. مەيلى

ئىسلامدىن يېنىۋېلىشتىن بۇرۇن بولسۇن مەيلى كېيىن بولسۇن ئۇنىڭ پاتقان پۇتۇن پۇللىرى ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا قالىدۇ.

ئەگەر بىر ئايالغا ئىشەنچلىك ۋە تەقۋادار بىر ئادەم ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋالغانلىقىنى خەۋەر قىلسا، ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇ ئايال ئىددىتى چىققاندىن كېيىن باشقا بىر ئەرگە تەگسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئايالغا ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقى ياكى ئېرىنىڭ ئۇنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەنلىكى خەۋەر قىلىنسا، ياكى ئۇ ئايالغا ئېرىدىن ئۇنى تالاق قىلىۋەتكەنلىكى ھەققىدە خەت كەلگەن ۋە ئۇ ئايال ئۇ خەتكە ئىشەنگەن بولسا، بۇ ئەھۋاللاردىمۇ ئۇ ئايال ئىددىتى چىققاندىن كېيىن باشقا بىر ئەرگە ياتلىق بولالايدۇ. ئۇ ئايالنىڭ ئىددىتىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكەن ۋاقتىدىن تارتىپ ئەمەس ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئۆلۈپ قالغان ياكى تالاق قىلىۋەتكەن ۋاقتىدىن تارتىپ باشلىنىدۇ. ئەگەر كېيىن ئەرنىڭ ئۆلمىگەنلىكى ئاشكارا بولۇپ چىقسا ياكى ئەر ئۆزىنىڭ ئايالنى تالاق قىلغانلىقىغا، ياكى ئىسلامدىن يېنىۋالغانلىقىغا ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنىڭ (ئايالنى تالاق قىلىۋەتكەنلىكى ياكى ئىسلامدىن يېنىۋالغانلىقى ھەققىدە) شەرئىي ئېتىراپ قىلىدىغان بىرەر پاكىت بولمىسا، ئۇ ئايالنىڭ ئىككىنچى ئەر بىلەن قىلغان نىكاھ ئەمەلدىن قالىدۇ ۋە ئۇ ئايال بىرىنچى ئەر بىلەن يېنىشىدۇ.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەر ـ خوتۇننىڭ بىرىنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋېلىشى مەيلى توي قىلىپ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇن بولسۇن مەيلى كېيىن بولسۇن نىكاھنىڭ ئاجراپ كېتىشى ئەر ـ خوتۇننىڭ بىرى ئىسلامدىن يېنىۋالغان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا بولىدۇ. چۈنكى اللە تائالا مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە مۆمىن ئاياللار ھىجرەت قىلىپ كەلسە، ئۇلارنى سىناپ كۆرۈڭلار، ئۇلارنىڭ ئىمانىنى اللە ئوبدان بىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى (سىنىغاندىن كېيىن ھەقىقىي) مۆمىنە دەپ تونۇساڭلار، ئۇلارنى كاپىرلارغا قايتۇرۇپ بەرمەڭلار، ئۇلار كاپىرلارغا ھالال ئەمەس، كاپىرلارمۇ ئۇلارغا ھالال ئەمەس، كاپىر ئەرلىرىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار، ئۇلارنىڭ مەھرىلىرىنى بېرىپ نىكاھىڭلارغا ئالساڭلار سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، كاپىر ئاياللارنى ئەمرىڭلاردا ساقلىماڭلار، ئۇلارغا

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 304 ـ بەت.

بەرگەن مەھرىڭلارنى تەلەپ قىلىڭلار، كاپىرلارمۇ (ھىجرەت قىلىپ كەلگەن مۆمىن ئاياللىرىغا بەرگەن) مەھرىلىرىنى تەلەپ قىلسۇن، اللەنىڭ ھۆكمى ئەنە شۇ. الله ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىدۇ، الله ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[1] »

ئەر - خوتۇننىڭ بىرىنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋېلىشى بىلەن ئايرىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئىسلامدىن يېنىۋېلىش بىلەن نىكاھنىڭ بىر - بىرىگە زىت بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى ئىسلامدىن يېنىۋېلىش (ئەر - خوتۇننىڭ ئارىسىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغان) نىكاھقا زىتتۇر ۋە ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ (ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى تۈرمىگە تاشلىنىشى بىلەن) جازالىنىشىنى لازىم قىلىدۇ. زىت كەلگەن نەرسە كېچىكتۈرۈلمەيدۇ. (يەنى ئىسلامدىن يېنىۋېلىش ئەر - خوتۇننىڭ ئارىسىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغان نىكاھ ئىشىغا زىت بولغانلىقى ئۈچۈن ئەر - خوتۇن بىرىنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋېلىشى بىلەنلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھ كېچىكمەستىنلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ). ئەمما ئەر - خوتۇن بىرىنىڭ ئىسلامغا كىرىشى ئۇ مەسىلىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئەر - خوتۇن بىرىنىڭ ئىسلامغا كىرىشى ئەر - خوتۇننىڭ ئارىسىدا مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغان نىكاھقا زىت ئەمەس. بەلخ ۋە سەمەرقەنتتىكى بەزى ئالىملار ئايال كىشىنىڭ ئېرىدىن ئاجرىشىشى ئۈچۈن (ئىسلامدىن يېنىۋېلىشتەك) ئەڭ چوڭ گۇناھنى (ئەردىن ئاجرىشىش ئۈچۈن) بىر ھىلە ئورنىدا قوللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئايال كىشىنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋېلىشى بىلەن ئۇ ئايال بىلەن ئېرىنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغانلىقىغا پەتىۋا بەردى. <پەتھۇل قەدىر> دېگەن ئەسەردە بايان قىلىنىشىچە: بۇخارالىق كۆپ ساندىكى ئالىملار: «ئايال كىشىنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋېلىشى بىلەن ئۇنىڭ بىلەن ئېرىنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئايال كىشى ئىسلامغا قايتىپ كىرىشكە ۋە ئېرى بىلەن يېڭىشىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق قىلغان ۋاقتىدا ئايال كىشىنىڭ ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىش ئۈچۈن (ئىسلامدىن يېنىۋېلىشتەك) ئەڭ چوڭ گۇناھنى (ئەردىن ئاجرىشىش ئۈچۈن) بىر ھىلە ئورنىدا قوللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ» دېدى.[2]

(1) سۈرە مۇمتەھىنە 10 - ئايەت.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 12 - توم، 591 - بەت.

# مۇسۇلماننىڭ دىنىنى تىللىغان ئادەمنىڭ ھۆكمى

مۇسۇلمان بىر كىشىنىڭ دىنىنى تىللىغان ئادەمنى كاپىر بولۇپ كەتتى، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى مۇسۇلمان كىشىنىڭ دىنىنى تىللىغان ئادەمنىڭ بۇ قىلمىشىنى، ئۇ ئادەم ئۇ مۇسۇلماننىڭ دىنىنى ئەمەس ناچار ئەخلاقىنى ۋە يامان مۇئامىلىرىنى تىللىغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ چۈشەنگىلىمۇ بولىدۇ. لېكىن مۇسۇلمان بىر كىشىنىڭ دىنىنى تىللىغان ئادەمنى ئايالى بىلەن بولغان نىكاھىنى يېڭىلىتىۋېتىشقا بۇيرۇلىدۇ. خۇسۇسەن بىر مۇسۇلماننى ئۇنىڭ دىنىنى چىشلەپ تىللايدىغان پەسكەش ئەخمەقلارنىڭ (ئاياللىرى بىلەن بولغان نىكاھىنى) يېڭىلاشلىرى لازىم. چۈنكى بۇ ئەخمەقلار بىر مۇسۇلماننى تىللىغان ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە مەزكۇر چۈشۈنچە كېلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر.

بىر مۇسۇلماننىڭ دىنىنى تىللىغان ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنىشى (كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان) بىرەر سۆزنى قىلغان ئادەمنىڭ ئۇ سۆزنى كاپىرلىققا ئېلىپ بېرىش ئېھتىمالى يوق بىر مەناغا قارىتىش مۇمكىن بولسا، ياكى ئۇ ئادەم قىلغان سۆز ھەققىدە <ئاجىز> دەپ قارالغان قاراش بولسىمۇ ئۇ سۆز كاپىرلىققا ئېلىپ بارمايدۇ دەيدىغان بىر قاراش بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنمايدۇ، دېگەن قائىدىگە ئاساسەن بولغاندۇر. بۇ قائىدە بىر ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دېگەن سۆزىنىڭ، كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزلەردىن ئىكەنلىكىدە ھەممە ئالىملار بىرلىككە كەلگەن بولۇشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ قائىدىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا تۆۋەندىكى ھەدىستۇر: ئەبۇھۇرەيرە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم (مۇسۇلمان) قېرىندىشىغا ئى كاپىر! دېسە، ئۇ سۆز بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى (ئىماندىن) چىقىپ كېتىدۇ.»

بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قانداق بىر ئادەم (مۇسۇلمان) قېرىندىشىغا ئى كاپىر! دېسە، ئۇ سۆز بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ

بىرى (ئىماندىن) چىقىپ كېتىدۇ.»[1] شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام بۇخارى ئەسىرىنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاق قىسمىدا بىر باب تۈزۈپ ئۇ بابتا: «كىمكى قېرىندىشىنى (باشقا مەنالارنى) مەقسەت قىلماستىن ئى كاپىر! دېسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى شۇنداق بولۇپ كېتىدۇ» دېدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنى تىللىغان ئادەمنىڭ هۆكمى

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنى تىللىغان ئادەمنىڭ دىندىن چىقىپ كەتكەن ئادەم هېسابلىنىدىغانلىقىدا شەك يوقتۇر. ئەمما ئالىملار ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى هەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بىر قىسىم ئالىملار: ئۇ ئادەم جازالاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۇنىڭغا بېرىدىغان ئۆلۈم جازاسىنى قالدۇرۇۋېتىشقا تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، دەپ ئۆزلىرىنىڭ قارىشىغا تۆۋەندىكى ئەسەرنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى: ئەبۇبەرزەتۇل ئەسلەمي (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم ئەبۇبەكرىگە قوپال گەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن: ئى پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ ئورۇن باسارى! مەن ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۋېتەيمۇ؟ دېدىم. ئەبۇبەكرى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنى تىللىغان ئادەملا ئۆلتۈرۈلىدۇ، دېدى.»[2]

مەزهەب ئىچىدە تەهقىق ئېلىپ بارىدىغان بىر ئالىم <ئەلپەتهى> دېگەن ئەسەردە مۇنداق دەيدۇ: «دىلىدا پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنى يامان كۆرگەن هەرقانداق بىر ئادەم دىندىن چىققان هېسابلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنى تىللىغان ئادەم ئەلۋەتتە دىندىن چىققان هېسابلىنىدۇ. هەنەفي مەزهەپىدە بولسا ئۇ ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ تەۋبە قىلىشى ئۇنىڭغا بېرىدىغان ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ. ئالىملار: بۇ كۆپىلىقلارنىڭ ۋە ئىمام مالىكنىڭ تۇتقان يولىدۇر، ئەبۇبەكرىنىڭمۇ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) شۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى، دەيدۇ. (پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنى تىللاش ئارقىلىق دىندىن چىقىپ كەتكەن ئادەمنىڭ) ئۆزى تەۋبە قىلىپ كېلىشى بىلەن باشقىلارنىڭ

(1) بۇ هەدىسلەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ئەسەرنى هاكىم رىۋايەت قىلدى.

ئۇنىڭ تەۋبە قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوقتۇر. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى تىللاشتىن باشقا بىر ئىشنى قىلىش بىلەن دىندىن چىقىپ كەتكەن ئادەمنىڭ ھۆكمى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى تىللاش ئارقىلىق دىندىن چىقىپ كەتكەن ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشىمايدۇ. باشقا ئىشنى قىلىش بىلەن دىندىن چىقىپ كەتكەن ئادەمنىڭ شۇ ئىشنى قىلغانلىقىغا ئىنكار قىلىشى تەۋبە ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ تەۋبە قىلغانلىقىغا گۇۋاھچى تۇرغۇزۇشنىڭ ھېچ كېرىكى يوق. شۇڭا ئالىملار: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى مەست ھالىتىدە تۇرۇپ تىللىغان بولسىمۇ، ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە كەچۈرۈلمەيدۇ، دەيدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇ ئادەم (ھاراققا ئوخشاش) ھارام قىلىپ چەكلەنگەن مەست قىلغۇچى بىر نەرسىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىچىپ مەست بولۇپ قالغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم (مەست قىلغۇچى نەرسىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئەمەس) باشقىلارنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىپ ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى تىللىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ھۆكمى خۇددى ساراڭ ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. (يەنى بۇ ھالدا ئۇ ئادەم شۇنداق قىلىش بىلەن ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەم ھېسابلانمايدۇ)، دېگەن. ئەلختابىي: مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى تىللىغان ئادەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكى ھەققىدە بىرەر ئالىمنىڭ ئىختىلاپ قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن، دېگەن. ئەمما اللہ تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئالاقىدار نەرسىلەرگە تىل تەككۈزۈپ دىندىن چىقىپ كەتكەن ئادەم تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭ تەۋبىسى ئۇنىڭغا بېرىدىغان ئۆلۈم جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرالايدۇ.»

مەن (يەنى بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى) مۇنداق دەيمەن: «مەزھەپ ئىچىدە تەھقىق ئېلىپ بارغان ئۇ ئالىم <ئەلپەتهى> دېگەن ئەسەردىكى: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى تىللىغان ئادەمنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، دېگەن سۆزىنى (ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ئالىملىرىدىن بولغان) ئەلبەززازىيدىن ئالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىغان بولسا، ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئەڭ مەشھۇر قاراش پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى تىللىغان ئادەمنىڭ تەۋبىسىمۇ خۇددى ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ تەۋبىسىگە ئوخشاش قوبۇل قىلىنىدۇ، دېگەن قاراشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنى تىللىغان ئادەمدىن تەۋبە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم تەۋبە قىلسا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. ئەگەر

تەۋبە قىلمىسا ئۆلتۈرۈلىدۇ. مانا بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <ئەلخىراج> دېگەن ئەسىرىدە بايان قىلغان سۆزدۇر. ئۇ شۇ سۆزنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: قانداق بىر مۇسۇلمان ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللىسا ياكى ئۇنى يالغانچىغا چىقارسا ياكى ئەيىبلىسا، ياكى كەمستسە ئۇ ئادەم كاپىر ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئايالىنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم تەۋبە قىلسا، (قىلغان تەۋبىسى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ). ئەگەر تەۋبە قىلمىسا ئۆلتۈرۈلىدۇ.»

<ئەلمۇغنى> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن مەيلى كاپىر بولسۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا بوھتان قىلغان ئادەمنىڭ جازاسى ئۆلۈمدۇر. ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد شۇنداق دېگەن. ئەبۇلختاب رىۋايەت قىلغان بىر رىۋايەتتە: مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن مەيلى كاپىر بولسۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا بوھتان قىلغان ئادەمنىڭ قىلغان تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىغا بوھتان قىلىشمۇ ئىسلامدىن يېنىۋالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ، دەپ بايان قىلىندى. بۇ رىۋايەتنى ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قوبۇل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئانىسىغا، شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ ئاياللىرىغا بوھتان چاپلاش ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغانلىق ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدىن چىقىپ كەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بوھتان چاپلىمىسمۇ ئۇلارنى تىللاش ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بوھتان چاپلىماستىن تىللىغان ئادەم كاپىر بولسا، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللىغانلىق گۇناھى ئۇنىڭ ئىسلامغا كىرىشى بىلەن يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى (اللە غا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن) اللە تائالاغا تىل تەككۈزۈش ئىسلامغا كىرىش بىلەن يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنداق ئىكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللاش ئارقىلىق ئىشلەنگەن گۇناھمۇ ئەلۋەتتە ئىسلامغا كىرىش بىلەن يۇيۇلۇپ كېتىدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسى قۇدۇسىدا اللە تائالا: «مېنى ئادەم بالىسى (يەنى ئىنسانلار) تىللىدى. ئۇنىڭغا مېنى تىللاش لايىق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ مېنى تىللىغىنى بولسا، ئۇنىڭ: مېنى

بالىسى بار دەپ ئېيتقان، سۆزىدۇر. مەن بىردۇرمەن، ھەممە ماڭا مۇھتاجدۇر، مەن بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەسمەن» دېدى. ئالىملار ئارىسىدا: ئەگەر مەزكۇر سۆزنى قىلغان بىر خىرىستىيان ئىسلامغا كىرسە، ئىسلامغا كىرىش ئۇنىڭ گۇناھىنى يۇيۇۋاتىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچبىر ئىختىلاپ يوقتۇر، دەيدۇ.»

ئۇنداق ئىكەن ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچىمۇ خۇددى شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىغا ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تىل تەككۈزگەن ئادەمنىڭ قىلغان تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ قاراش ھەم ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەھمەددىن رىۋايەت قىلىنغان بىر قاراشتۇر. ئەمما ئىمام مالىك (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ يەنە بىر قارىشى بويىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تىللىغان ئادەم تەۋبە قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش لازىمدۇر. ‹ئەلشىفا› غا ئوخشاش مالىكىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە شۇنداق بايان قىلىنىدۇ.[1]

## ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەرنى تىللىغان ئادەمنىڭ ھۆكمى

‹ئەددۇررۇلمۇختار› دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «ئەبۇبەكرىگە ۋە ئۆمەرگە (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) تىل تەككۈزگەن ياكى تەنە قىلغان ئادەم كاپىر ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ قاراشنى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەردىن ئىمام دەببۇسىي ۋە ئىمام ئەبۇللەيس قوبۇل قىلىپ ئالدى ۋە بۇ قاراش بۇ ھەقتە پەتىۋا بېرىلىشكە تاللانغان قاراشتۇر. ‹ئەلئەشباھ› دېگەن كىتابتا ئەبۇبەكرىگە ۋە ئۆمەرگە تىل تەككۈزگەن ياكى تەنە قىلغان ئادەمنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى جەزملەشتۈرۈلدى. بۇ قاراش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تىل تەككۈزگەن ئادەمنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولمايدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ سۆزىنى كۈچلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققىگە رىئايە قىلىپ پەتىۋا بەرگەندە ۋە ھۆكۈم چىقارغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تىل تەككۈزگەن ئادەمنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولمايدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ سۆزىگە تايىنىش ھەقلىق ئىدى.»

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 12 ـ توم، 604 ـ بەت.

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورىنىڭ مەزكۇر سۆزىگە ئەگەشتۇرۇپ ئىبنى ئابىدىن (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «سەنمۇ كۆرگىنىڭدەك (سەلەپلەرگە تىل تەككۈزگەن) ئادەملەرنىڭ گۇۋاھلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ ھېچبىرى ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىرىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقى ئۇلار كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈندۇر، دېمىدى. شۇنداق ئالىملار: خىتابىيلاردىن[1] باشقا ھەۋەسچىلەرنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ، دېدى. چۈنكى خىتابىيلار ئۆزلىرىنىڭ سېپىدىكى ئادەملەرنىڭ ياكى قەسەم ئىچمەكچى بولغان ئادەملەرنىڭ يالغان گۇۋاھلىق بېرىشىنى توغرا دەپ قارايتتى. ھەدىسشۇناسلار ھەۋەسچىلەردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. مانا بۇ ئورۇنسىز بۇرمىلاشقا ئاساسەن ساھابىلارنىڭ كۆپىنچىسىگە تىل تەككۈزگەن ۋە ئۇلارنى كاپىرغا چىقارغان ئادەملەرنىڭ ھەققىدە دېيىلگەن سۆزدۇر. شۇنىڭغا ئاساسەن <ئەلخۇلاسە> دېگەن كىتابتا بايان قىلىنغان: ئەبۇبەكرنى ياكى ئۆمەرنى تىللىغان ئادەم كاپىر ھېسابلىنىدۇ، دېگەن سۆزنىڭ ئاجىز ۋە فىقھى ئىلمىنىڭ تىكىسلىرى ۋە شەرھىلىرى يېزىلغان كىتابلارغا زىت بىر سۆز ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. بەلكى ئۇ سۆز بارلىق فىقھشۇناسلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىغا زىتتۇر. بىز يۇقىرىدا (كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان بىر سۆزنى قىلغان) ئادەمنىڭ قىلغان مەزكۇر سۆزى ھەققىدە ئاجىز دەپ قارالغان قاراش بولسىمۇ ئۇ سۆز كاپىرلىققا ئېلىپ بارمايدۇ، دەيدىغان بىر قاراش بولسا، ئۇ ئادەم ھەققىدە پەتىۋا بەرگۈچىنىڭ بۇ سۆزنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئۇ ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىغا پەتىۋا بېرىشىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بۇ يەردە بارلىق فىقھشۇناسلار (ئەبۇبەكرىگە ياكى ئۆمەرگە تىل تەككۈزگەن ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپ) كەتمەيدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن تۇرسا، فىقھشۇناسلارنىڭ بۇ بىرلىكىگە زىت ھالەتتە (ئەبۇبەكرىگە ياكى ئۆمەرگە تىل تەككۈزگەن) ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا پەتىۋا بېرىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ يەنە كېلىپ ئەبۇبەكرىگە ياكى ئۆمەرگە تىل تەككۈزگەن ئادەم تەۋبە قىلغان بولسىمۇ ئۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ، دەپ پەتىۋا بېرىش قانداق توغرا بولسۇن؟ بىز يۇقىرىدا ھەنەفيي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىچە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تىل تەككۈزگەن ئادەمنىڭ تەۋبىسى

(1) بۇ ئىماملىرىنى دەسلەپتە پەيغەمبەر، ئاخىردا ئىلاھ دەيدىغان پىرقىلەردۇر. ت.

قوبۇل بولىدۇ، دەپ بايان قىلىپ ئۆتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تىل تەككۈزگەن ئادەمنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولغان يەردە ئەبۇبەكرىگە ياكى ئۆمەرگە تىل تەككۈزگەن ئادەمنىڭ تەۋبىسى نېمىشقا قوبۇل بولمايدۇ؟ شۇنداق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) گە بوھتان چاپلىغانغا ياكى ئەبۇبەكرىنىڭ ساھابە ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلغانغا ياكى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنى <ئىلاھ> دەپ ئېتىقاد قىلغانغا، ياكى جىبرىئىل خاتالىشىپ كېتىپ (ئەلىگە ئېلىپ كېلىدىغان) ۋەھيىنى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئېلىپ چۈشكەن دېگەنگە ئوخشاش قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىگە ئوچۇق زىت كېلىدىغان كاپىرلىقتا ئېلىپ بارىدىغان سۆزلەرنى قىلغان ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىدىغانلىقىدا شەك يوق. لېكىن ئۇ ئادەم ئەگەر تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۆزلەرنى يېغىپ ئېيتىشقا توغرا كەلسە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تىل تەككۈزگەن ئادەمنىڭ كاپىر ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىدا شەك يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تىل تەككۈزگەن ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىدىغانلىقى توت ئىمام (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بىردەك قارىشىدۇر. توت ئىماملار ئارىسىدا بولغان ئىختىلاپ مەزكۇر ئادەم ئەگەر تەكرار ئىسلامغا قايتسا، ئۇنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇش ياكى قوبۇل بولماسلىقىدۇر. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ۋە مەشھۇر رىۋايەتكە ئاساسەن شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: مەزكۇر ئادەمنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولىدۇ. مالىكىي ۋە ھەنبەلىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: مەزكۇر ئادەمنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولمايدۇ. توت ئىمامنىڭ ئارىسىدىكى بۇ ئىختىلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تىل تەككۈزگەن ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازامۇ ياكى جازا ئەمەسمۇ دېگەن مەسىلىدىن چىققاندۇر[1]. ئەمما ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) گە بوھتان چاپلىمايدىغان ياكى ئەبۇبەكرىنىڭ ساھابە ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلمايدىغان، لېكىن ئەبۇبەكرىگە ياكى ئۆمەرگە تىل تەككۈزىدىغان رافىزىيلار، بۇلارنى تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدىغان كىشىلەر، دەپ قاراش ئۇياقتا تۇرسۇن كاپىر بولۇپ كەتكەن ئادەملەر دەپ قاراشمۇ توغرا قاراش ھېسابلانمايدۇ. بۇلار پەقەت توغرا

(1) يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تىل تەككۈزگەن ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازا ھېسابلىنىدۇ، دەيدىغانلار ئۇنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ، دەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازا ھېسابلانمايدۇ، دەيدىغانلار ئۇنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ، دەيدۇ. ت.

يولدىن ئېزىپ كەتكەن ۋە بىدئەتخور ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ. اﷲ تائالا خالىسا بىز بۇ ھەقتە توختۇلۇپ ئۆتۈمىز.»[1]

## مۇھيىددىن ئىبنى ئەرەبىينىڭ ھالى ۋە ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

مۇھيىددىنىنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئەلى ئىبنى مۇھەممەد ئەلھاتىمىي ئەتتائىي ئەلئەندۇلىسىي ۋە اﷲ نى تونۇش ماقامىغا يەتكەن ئىبنى ئەرەبىيدۇر. ئۇ: <ئىبنى ئەلئەرەبىي> دېگەن ئىسىم بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھېجرىيەنىڭ: **560** يىلى تۇغۇلدى ۋە **636** يىلى ۋاپات بولدى. جەسەدى دەمەشقنىڭ سالىھىيە دېگەن يېرىگە قويۇلدى.

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «مۇھيىددىن ئىبنى ئەلئەرەبىينىڭ <فۇسۇسۇلھىكەم> دېگەن ئەسىرى ھەققىدە: ئۇ ئەسەر شەرىئەتكە قارشى كېلىدۇ، مۇھيىددىن ئىبنى ئەلئەرەبىي ئۇ ئەسەرنى كىشىلەرنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن يازغان، ئۇنى ئوقۇغان ئادەم دىندىن چىقىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ، دېگەن ئادەمگە قانداق جاۋاب بېرىلىدۇ؟ دەپ، سوئال قويغاندىن كېيىن ئۇنداق دەيدىغان ئادەمگە مۇنداق جاۋاب بەرگەن: شۇنداق ئۇ مۇھيىددىن ئىبنى ئەلئەرەبىينىڭ ئۇ ئەسىرىدە شەرىئەتكە قارشى كېلىدىغان نۇرغۇن سۆزلەر بار. بىر قىسىم ئىسلام پەيلوسوپلىرى ئۇ سۆزلەرنى شەرىئەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر ھالدا ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا. لېكىن بىز بەزى يەھۇدىيلارنىڭ مۇھيىددىن ئىبنى ئەلئەرەبىيگە بوھتان چاپلاش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئەسىرىگە مەزكۇر سۆزلەرنى كىرگۈزۈپ قويغانلىقىنى ئېنىق بىلىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن (ئۇنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇغان ۋاقىتدا) مەزكۇر سۆزلەرنى ئوقۇشتىن ساقلىنىش لازىم. پادىشاھنىڭمۇ ئۇنىڭ ئەسىرىدىكى مەزكۇر سۆزلەرنى ئوقۇشتىن چەكلىگەن پەرمانى چۈشكەن. شۇڭا (ئۇنىڭ ئەسىرىدىكى مەزكۇر سۆزلەرنى ئوقۇپ قالماسلىق ئۈچۈن) ھەممە تەرەپتىن ئۇنىڭ ئەسىرىدىن يىراق تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.»

ئالىم ئىبنى ئابىدىن (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ:

(1) «رەددۇلمۇھتار»، **3** ـ توم، **294** ـ بەت.

«<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ: <شۇنىڭ ئۈچۈن (ئۇنىڭ ئەسىرىنى ئوقۇغان ۋاقتىدا) مەزكۇر سۆزلەرنى ئوقۇشتىن ساقلىنىش لازىم> دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئەگەر يەھۇدىيلارنىڭ مۇھىيددىن ئىبنى ئەلئەرەبىيگە بوھتان چاپلاش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئەسىرىگە مەزكۇر سۆزلەرنى كىرگۈزۈپ قويغانلىقى ئىسپاتلانسا، ئۇ چاغدا ئىش ناھايىتى ئېنىقتۇر. (يەنى ئۇنى ئوقۇشتىن ھەممە ئادەم ساقلىنىدۇ). ئەگەر يەھۇدىيلارنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى ئىسپاتلانمىسا، بۇ چاغدا ھەممە ئادەم مەزكۇر سۆزدىكى مۇھىيددىن ئىبنى ئەلئەرەبىينىڭ مەقسەت مۇرادىنى چۈشۈنەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىيددىن ئىبنى ئەلئەرەبىينىڭ ئەسىرىنى ئوقۇغان ئادەمنىڭ (مەزكۇر سۆزلەرنى ئوقۇغان ۋاقتىدا) ئۇنى تەنقىد قىلىش ياكى (مەزكۇر سۆزلەردىن) ئۇ مەقسەت قىلمىغان مەنالارنى چۈشۈنۈپ قېلىش ئېھتىمالى بار. ئىمام ئەسسۇيۇتىي: <تەنبىھۇلغەبىي لىتەبرىئەتى ئىبنى ئەرەبىيىن> ناملىق بىر كىتاب يېزىپ ئۇ كىتابتا مۇنداق دېگەن: كىشىلەر مۇھىيددىن ئىبنى ئەلئەرەبىي توغرىسىدا ئىككى قىسىمدۇر. بىر قىسىم ئادەملەر ئۇنىڭ ئەۋلىيا ئىكەنلىكىنى ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇلار بۇ قارىشىدا توغرىسىنى تاپقان كىشىلەردۇر. يەنە بىر قىسىم ئادەملەر ئۇنى ئەۋلىيا دەپ قارىمايدۇ. ئۇنىڭ ھەققىدە مېنىڭ قارىشىم بولسا، مۇھىيددىن ئىبنى ئەلئەرەبىي ئەۋلىيادۇر (يەنى الله تائالانىڭ يېقىن بەندىلىرىدىندۇر). لېكىن ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇش ھارامدۇر. بۇ مۇھىيددىن ئىبنى ئەلئەرەبىينىڭ ھەققىدىكى مېنىڭ قارىشىمدۇر. لېكىن بۇنىڭغا ھەر ئىككى قىسىم كىشىلەر رازى بولمايدۇ.»[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، سەييىد مۇھەممەد ئەلھامىد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇ شۇنداق دېدى. سەييىد مۇھەممەد ئەلھامىد (ئىبنى ئەلئەرەبىيگە ۋە ئۇنىڭ ساپداشلىرىغە ئوخشاش سوپىيلارنىڭ) ھەققىدە مۇنداق دېدى: «بىر مۇرىدنىڭ ھېسياتىنىڭ ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەسلىكى مۇرىدنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. شۇڭا مۇرىد بىر ماقامغا يېتىشتىن بۇرۇن ئۇ ماقامنى تونۇپ يېتىشكە ۋە ئۇنى بىلىشكە ئىنتىلمەسلىكى لازىم. ئەگەر مۇرىد ئۇ ماقامغا يېتىشتىن بۇرۇن ئۇ ماقامنى تونۇپ يېتىشكە ئىنتىلسە، ئۇنىڭ (بۇ ھەقتىكى شەيخلىرىنىڭ سۆزلىرىدىن) شەيخلىرى مەقسەت قىلمىغان مەنالارنى چۈشۈنۈپ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 294 ـ بەت.

قېلىپ ئېزىپ كېتىش ئېھتىمالى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن شەيخلار ئۆزلىرىنىڭ ماقامىغا يەتمىگەن ئادەملەرنى ئۇ ھەقتە دېگەن سۆزلىرىنى ۋە يازغان كىتابلىرىنى ئوقۇشتىن چەكلىدى. چۈنكى شەيخلارنىڭ ماقامىغا يەتمىگەن ئادەملەرنىڭ (شەيخلارنىڭ ئۇ ھەقتە دېگەن سۆزلىرىنى چۈشۈنەلمەي) ئۇلارنى خاتا ئويلاپ قېلىپ شەيخلارنى كاپىر ئىكەن، دەپ تونۇپ قېلىش ياكى شەيخلارنىڭ ئۇ سۆزلىرىدىن ئۇلار مەقسەت قىلمىغان مەنالارنى چۈشىنىپ قېلىپ ئۇ ئادەملەرنىڭ ئېتىقادىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشى ۋە توغرا يولدىن ئايرىلىپ كېتىشى مۇمكىندۇر. شەيخلارنىڭ كىتابلىرىدا بار بەزى سۆزلەر (ئۇلارغا تۆھمەت يۇزىسىدىن) باشقىلار تەرىپىدىن يېزىپ قويۇلغان سۆزلەردۇر. ئالىملار: (شەيخلارغا تۆھمەت يۇزىسىدىن) باشقىلار تەرىپىدىن يېزىپ قويۇلغان سۆزلەرگە ئەسكەرتىش بەردى ۋە ئۇ سۆزلەرنىڭ تۆھمەت يۇزىسىدىن يېزىلغان سۆزلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ قويدى. بىزنىڭ قولىمىزدا شەيخلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ئۆلچەيدىغان شەرىئەتنىڭ تارازىسى بار. شۇڭا شەيخلارنىڭ بىر ئىش ھەققىدە دېگەن سۆزى ئىسلامغا توغرا كېلىدىغان بىر بۇرمىلاشنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ سۆز ئۇلارغا تۆھمەت چاپلاش يۇزىسىدىن باشقىلار تەرىپىدىن يېزىپ قويۇلغان سۆز ھېسابلىنىدۇ. مەن ۋە مەن تەلىم بېرىدىغان ئادەملەر، بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنىڭ ساق ـ سالامەت قېلىشى ۋە شەيخلار (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) غا بولغان تونۇشىمىزنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن شەيخلار ئۆزلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ماقامىغا يەتكەن ئادەملەر ئۈچۈن يازغان كىتابلارنى ئوقۇشتىن ساقلىنىمىز. شۇنداق قىلىش نەقشەبەندىلەرنىڭ تۇتقان يولىدۇر.»

## ياشاشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئادەمنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنامدۇ؟

ئالىملار ياشاشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ (ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان) ئادەمنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ياكى قوبۇل بولماسلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ياشاشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئادەمنىڭ ئىمانى ئەمەس تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ، دېگەن ئالىملارنىڭ سۆزى توغرا دەپ قارالغان سۆزدۇر. <ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «ئالىملار ياشاشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئادەمنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ياكى قوبۇل بولماسلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ياشاشتىن

**ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئادەمنىڭ ئىمانى ئەمەس تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ، دېگەن ئالىملارنىڭ سۆزى توغرا دەپ قارالغان سۆزدۇر» دېدى.**

**ئىبنى ئابىدىن (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «پەتىۋا كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان سۆز بولسا، ياشاشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن كاپىرنىڭ ئىمانىنىڭ ئەمەس تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدۇر. چۈنكى كاپىر (الله تائالاغا) يات ۋە الله تائالانى تونۇمىغان بىر ئادەمدۇر. ئۇ الله تائالاغا ئىشىنىشنى ۋە ئۇنى تونۇشنى يېڭىدىن باشلايدۇ. (شۇڭا كاپىر ياشاشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئېيتقان ئىمانى قوبۇل قىلىنمايدۇ). پاسىق (يەنى الله تائالاغا ئىمان ئېيتقان ئەمما ئىسلام يولىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن) ئادەم الله تائالانى تونۇيدىغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھالى (ئۇ الله تائالاغا ئىشىنىشنى ۋە ئۇنى تونۇشنى يېڭىدىن باشلايدىغان ئادەم ئەمەس) الله تائالانى تونۇش ئېتىقادىنىڭ ئۈستىدە داۋام قىلغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. بىر ئىشنىڭ ئۈستىدە داۋام قىلىش ئۇنى يېڭىدىن باشلاشقا قارىغاندا ئاسانغا توختايدۇ. ياشاشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئادەمنىڭ ئىمانىنىڭ ئەمەس تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، الله تائالانىڭ: «الله بەندىلىرىدىن تەۋبىنى قوبۇل قىلىدۇ» [1] دېگەن ئايىتىدۇر. ئەشئەرىيلەر: خۇددى ئىمام نەۋەۋىينىڭ دېگىنىگە ئوخشاش (مەيلى كاپىر بولسۇن مەيلى مۆمىن بولسۇن) سەكراتقا چۈشۈپ قالغان ئادەمدىن مەيلى تەۋبە بولسۇن مەيلى ئىمان بولسۇن ھېچنەرسە قوبۇل قىلىنمايدۇ، دېدىلەر. موللا ئەلى قارىي ئۆزىنىڭ <بەدئۇل ئەمالىي> دېگەن كىتابقا يازغان شەرھىدە ئەشئەرىيلەرنىڭ مەزكۇر سۆزىنى توغرا دەپ قارىدى. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەندە سەكراتقا چۈشۈپ قالمىغانلا بولسا، الله ئۇ بەندىسىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ» دېگەن.[2] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسى مۆمىنلەرنى ۋە كاپىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېغىپ ئېيتقاندا ياشاشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئادەمنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ياكى قوبۇل قىلىنماسلىقى ئالىملارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپلىشىپ قېلىنغان مەسىلىدۇر. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ئىمانىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقى ئالىملار ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر.»[3]**

(**1**) سۈرە شۇرا **25** - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(**2**) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(**3**) «رەددۇلمۇھتار»، **1** - توم، **571** - بەت.

لېكىن ئاسىيلارنى ئۇلارغا ئۆلۈم يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر كەلگەندۇر. تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر. الله تائالا مۇنداق دېدى: «الله قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ سېلىپ، ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي (يەنى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن) تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر؛ الله ئەنە شۇلارنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[1]» الله تائالانىڭ: «ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر» دېگەن ئايىتىدىن: ئۇلار بىر گۇناھ ئىش ئىشلەپ قېلىپ ئۇزۇنغا قالماي ئۇ گۇناھنى تاشلاپ تەۋبە قىلغان ۋە گۇناھ ئىشلەشنى داۋام قىلمىغان ئادەملەردۇر، دېگەنلىك مەنا مەقسەت قىلىنىدۇ. الله تائالا گۇناھلىرىنى داۋاملاشتۇرمايدىغان ئادەملەر ھەققىدە مۇنداق دېدى: «تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا الله نى ياد ئېتىدۇ. گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان الله دىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ[2]» شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا تاكى بېشىغا ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر تەۋبە قىلىشنى كېچىكتۈرگەن ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن كاپىر پېتى ئۆلگەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىر يەردە بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا، ئەمدى تەۋبە قىلدىم دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى (يەنى ئۆلۈم ئالدىدا ئىمان ئېيتتىم دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى) قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق[3]» تاكى بېشىغا ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر تەۋبە قىلىشنى كېچىكتۈرگەن ئادەمنىڭ قىلغان تەۋبىسى خۇددى پىرئەۋننىڭ غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا قىلغان تەۋبىسىگە ئوخشاشتۇر. الله تائالا پىرئەۋننىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش يۈزىسىدىن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا: «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېدى[4]» تاكى

(1) سۈرە نىسا 17 ـ ئايەت.

(2) سۈرە ئالى ئىمران 135 ـ ئايەت.

(3) سۈرە نىسا 18 ـ ئايەت.

(4) سۈرە يۇنۇس 90 ـــ 91 ـ ئايەتلەر.

بېشىغا ئۆلۈم كەلگەنگە قەدەر تەۋبە قىلىشنى كېچىكتۈرگەن ئادەمنىڭ قىلغان تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى ئۇچۇن ئىمام تىرمىزىينىڭ مەزكۇر ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بايان قىلىشچە: بارلىق ئالىملار پىرئەۋننىڭ كاپىر هالىتىدە ئۆلگەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى. ئەمما مۇهيىددىن ئىبنى ئەلئەرەبىي ئالىملارنىڭ مەزكۇر بىرلىككە قارشى هالدا ئۆزىنىڭ <ئەلفۇتۇهات> دېگەن ئەسىرىدە (پىرئەۋننىڭ كاپىر هالەتتە ئۆلمىگەنلىكىنى بايان قىلغان). ئىبنى هەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ <ئەلزەۋاجىر> دېگەن ئەسىرىدە: «بىز (پىرئەۋننىڭ كاپىر هالەتتە ئۆلمىگەنلىكىنى بايان قىلغان) ئىبنى ئەرەبىينىڭ كاتتا بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلسەكمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پىرئەۋن هەققىدە دېگەن سۆزى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى خاتالاشماسلىق پەقەت پەيغەمبەرلەرگىلا خاس ئىشتۇر. (يەنى ئىبنى ئەرەبىيمۇ خاتادىن خالى ئەمەس دېمەكچىدۇر). يەنە كېلىپ ئىبنى ئەرەبىي بەزى كىتابلىرىدا پىرئەۋننىڭ هامان ۋە قارۇن قاتارلىقلار بىلەن بىللە دوزاختا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بىر ئالىمنىڭ بىر ئىش هەققىدە ئىككى خىل كۆز قارىشى بولسا، ئۇنىڭ ئىچىدىن قۇرئان ۋە هەدىسكە توغرا كەلگىنى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە قۇرئان ۋە هەدىسكە توغرا كەلمىگىنى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېدى.[1]

پىرئەۋننىڭ كاپىر هالەتتە ئۆلمىگەنلىكىنى بايان قىلغانلارغا ئالىم مۇهەممەد ئەلهامىدىمۇ رەددىيە بېرىپ مۇنداق دېدى: «پىرئەۋنى كاپىر هالەتتە ئۆلمىدى، دېگەنلەر الله تائالانىڭ: «بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى، بۇ (يەنى ئازابنى كۆرگەندە ئېيتقان ئىمانىنىڭ پايدىلىق بولماسلىقى) اللهنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولىدۇر، بۇ چاغدا كاپىرلار زىيان تارتقۇچى بولدى[2]» دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىنى چۈشۈنۈشتىن غەپلەتتە قالغان ئادەملەردۇر. يەنى پىرئەۋننىڭ ئېيتقان ئىمانى ياشاشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ئادەمنىڭ ئېيتقان ئىمانىغا ئوخشاش قوبۇل قىلىنمايدۇ. پىرئەۋنى كاپىر هالەتتە ئۆلمىدى، دېگەنلەر الله تائالانىڭ: «پىرئەۋننىڭ بۇيرۇقى توغرا ئەمەس ئىدى. پىرئەۋن قىيامەت كۈنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆز قەۋمىنى دوزاخقا باشلاپ كىرىدۇ، ئۇ جاي نېمىدېگەن يامان!. ئۇلار بۇ دۇنيادىمۇ، قىيامەت كۈنىدىمۇ لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلارغا

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 3 ـ توم، 289 ـ بەت.

(2) سۈرە مۆمىن 85 ـ ئايەت.

بىرىلگەن (ئىككىلا دۇنيادا لەنەتكە ئۇچراشتىن ئىبارەت) بۇ سوغا نېمىدېگەن يامان![1]» دېگەن ئايىتىگە نېمە دەيدۇ؟ پىرئەۋن قىيامەت كۈنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆز قەۋمىنى دوزاخقا باشلاپ كىرىپ ئاندىن ئۇلارنى ئۇ يەردىن جەننەتكە ئېلىپ چىقامدۇ؟ بۇ نېمە دېگەن تۇراقسىز سۆز؟ قۇرئان مۇنداق تۇراقسىز سۆزلەرنى قىلىشتىن پاكتۇر. ئۇلار يەنە الله تائالانىڭ: «الله ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابى بىلەن جازالىدى[2]»دېگەن ئايىتىگە نېمە دەيدۇ؟

بۇلاردىن باشقا يەنە پىرئەۋننى كاپىر ھالەتتە ئۆلمىدى، دېگۈچىلەرنىڭ شۈبھىلىرىنى تۈگىتىدىغان ۋە ئۇلارغا بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ھەقتە سۆز ئېچىش ۋە ئىجتىھاد قىلىش پۇرسىتىنى قويمايدىغان بىر ئايەت بار. چۈنكى قۇرئان ياكى ھەدىس بار يەردە ئىجتىھاد قىلىش ۋە بىر ئادەمنىڭ سۆز قىلىشى يوقتۇر. ئۇ ئايەت بولسىمۇ الله تائالانىڭ: «پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى (مىسىر) زېمىنىدا زۇلۇم قىلىپ (ئىمان ئېيتىشقا) بويۇنتاۋلۇق قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى بىز تەرەپكە قايتۇرۇلمايمىز (يەنى قىيامەت ۋە قايتا تىرىلىش يوق، ھېساب ئېلىنىشمۇ، جازاغا تارتىلىشمۇ يوق) دەپ گۇمان قىلدى. بىز پىرئەۋننى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى جازالىدۇق، ئۇلارنى دېڭىزغا تاشلىۋەتتۇق (يەنى ئۇلارنى دېڭىزدا غەرق قىلىۋەتتۇق، ئۇلاردىن بىر ئادەممۇ ساق قالغىنى يوق)، (ئى مۇھەممەد!) زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا (ئىبرەت كۆزى بىلەن) قارىغىن. ئۇلارنى بىز دوزاخقا ئۈندەيدىغان پېشۋالار قىلدۇق (يەنى ئۇلارنى بىز دۇنيادا گۇمراھلار ئەگىشىدىغان كۇفرىنىڭ باشلىقلىرى قىلدۇق)، قىيامەت كۈنى ئۇلار ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ (يەنى قىيامەت كۈنى ئۇلاردىن ئازابنى دەپئى قىلىدىغان مەدەتكار بولمايدۇ). ئۇلارغا بۇ دۇنيادا لەنەتنى ئەگەشتۈردۇق (يەنى ئۇلارغا بۇ دۇنيادا الله، پەرىشتىلەر ۋە مۆمىنلەر لەنەت ئوقۇيدۇ)، قىيامەت كۈنى ئۇلار الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنغۇچىلاردۇر[3]» بۇ ئايەتلەرنىڭ تەپسىرىدە ئىمام ئالۇسىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇ ئايەتلەرگە ئاساسەن پىرئەۋننىڭ كاپىر ھالەتتە ئۆلگەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ قوبۇل بولمىغانلىقىغا ئالىملار بىرلىككە كەلدى» دېدى.

(1) سۈرە ھۇد 97 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى ۋە 98 ــ 99 ـ ئايەتلەر.

(2) سۈرە نازىئات 25 ـ ئايەت.

(3) سۈرە قەسەس 39 ــ 42 ـ ئايەتكىچە.

ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزي (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىبنى ئابباستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جىبرىئىل ماڭا: كاشكى سەن پىرئەۋن: ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر دېگەن ۋاقتتا، مېنىڭ (الله تائالانىڭ) رەھمىتىنىڭ ئۇنىڭغا يېتىپ قېلىشىدىن قورقۇپ دېڭىزنىڭ تىگىدىكى قارا لايدىن ئېلىپ ئۇنىڭ ئېغىزىغا قويغۇنۇمنى كۆرگەن بولساڭ، دېگەن.»

# سېھرىگەرلەرنىڭ ھۆكۈملىرى

سېھىر قىلىش بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە ھارامدۇر. ئۇ ھەم چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىندۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ھالاك قىلغۇچى يەتتە خىل گۇناھلاردىن ساقلىنىڭلار» دېدى. ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار قايسىلار؟ دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار الله غا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، الله تائالا ئۆلتۈرۈشنى چەكلىگەن جانلارنى بىگۇناھ ئۆلتۈرۈۋېتىش، جازانىنى يېيىش، يېتىملارنىڭ مال ـ مۈلكىنى يەۋېلىش، جىھاد مەيدانىدىن قېچىش، پاك، ئىپپەتلىك تەقۋادار ئاياللارغا بوھتان چاپلاشتۇر» دېدى.[1]

ئەمما ئالىملار سېھىر قىلغان ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىدىغانلىقى ياكى ئۇنداق بولۇپ كەتمەيدىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بىر قىسىم ئالىملار سېھىر قىلغان ئادەم كاپىر بولۇپ كېتىدۇ، دېگەن قاراشقا كەلدى ۋە بۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قارىشىغا الله تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنىڭ تاشقىرى مەنىسىنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى: «ئۇلار سۇلايماننىڭ پادىشاھلىق زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ (سېھرىگەرلىككە ئائىد) سۆزلىرىگە ئەگەشتى. سۇلايمان (سېھرىگەر بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگىنىش بىلەن) كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى، ئۇلار بابىلدىكى ھارۇت ـ مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان سېھىرنى ئۆگەتتى. (بۇ ئىككى پەرىشتە) بىز كىشىلەرنى سىنايمىز، كاپىر بولمىغىن،

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

دېمىگىچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى. ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ئەر ـ خوتۇننى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى (يەنى سېھىرگەرلىكنى) ئۆگىنەتتى. ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) اللە نىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى. يەھۇدىيلار (تەۋراتنى تاشلاپ) سېھىرنى سېتىۋالغۇچىغا ئاخىرەتتە (اللە نىڭ رەھمىتىدىن ۋە جەننىتىدىن) ھېچ نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇلار جانلىرىنىڭ بەدىلىگە سېتىۋالغان نەرسىسىنىڭ (يەنى ئۆزلىرى ئۆچۈن سېھىر ئۆگىنىشنى تاللىشىنىڭ) ئەجەبمۇ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى[1]»

بۇ ئايەت يەنە اللە تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن سېھىرنىڭ كۈچلۈكلەرگە، دىللارغا ۋە ھېسلارغا تەسىر قىلىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما سېھىرگەرلىكتە ھەرگىزمۇ ياخشىلىق يوقتۇر. ئۇ يامانلىقنىڭ، بۇزۇقچىلىقنىڭ ۋە بۇزۇقچىلىققا ئېلىپ بېرىشنىڭ سەۋەبىدۇر. ئىسلام دىنى ئۇنى ئۆگىنىشنى ياكى باشقىلارغا ئۆگىتىشنى ھارام قىلىپ چەكلىدى.

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى: «ئايال كىشى بولسىمۇ سېھىرگەرلىكنى توغرا دەپ قاراش بىلەن كاپىر بولۇپ كەتكەن ئادەمگە تەۋبە يوق. چۈنكى سېھىرگەر يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق ئېلىپ بارىدۇ» دېدى.

يەنە بىر قىسىم ئالىملار سېھىرگەرلەرنى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تۈرگە ئايرىدى:

1 ـ بۇ سېھىر قىلىدىغان ۋە سېھىرنىڭ تەسىر كۈچىنى (اللە تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولدى، دەپ قارىماي) ئۆزىدىن قارايدىغان ئادەمدۇر. بۇ ئادەم كاپىر ھېسابلىنىدۇ ۋە ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

2 ـ بۇ ئۆزىنىڭ سېھىر قىلغانلىقىغا تېنىپ تۇرۇپ سېھىر قىلىدىغان ئادەمدۇر. بۇ ئادەمدىن تەۋبە قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ ۋە ئۇنىڭ سېھىر قىلغانلىقى ئىسپاتلانسا، ئۇنىڭ (سېھىر قىلىش ئارقىلىق) كىشىلەرگە زىيان كەلتۈرۈشىنىڭ ئالدىنىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ.

3 ـ بۇ سېھىر قىلىشنى توغرا دەپ قارىمايدىغان، ئەمما تەجرىبە قىلىپ

(1) سۈرە بەقەر 102 ـ ئايەت.

بىقىش ئۈچۈن سېھىر قىلدىغان ئادەمدۇر. بۇ ئادەم كاپىر ھېسابلانمايدۇ.

ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر ئادەم ئۆزىنىڭ سېھىر قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلسا ياكى ئۇنىڭ سېھىر قىلغانلىقى دەلىل ـ پاكىت بىلەن ئىسپاتلانسا، ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن تەۋبە قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئۇ ئادەم مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن) كاپىر بولسۇن، مەيلى ئازات ئادەم بولسۇن، مەيلى قۇل ئادەم بولسۇن ئۆلتۈرۈلىدۇ» دېدى.[1]

ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بۇ سۆزىنى تۆۋەندىكى ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ. ئىمام تىرمىزي جۇندۇبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سېھىرگەرگە بېرىلىدىغان جازا (ئۇنى) قىلىچ بىلەن ئۇرۇشتۇر.»

شۇنىڭ ئۈچۈن <ئىئلائۇسسۇنەن> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى سېھىر قىلغان ئادەمنى الله تائالاغا ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرەرسىگە تىل تەككۈزگەن ئادەم بىلەن بىر يەردە بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «سېھىر قىلغان ئادەمنىڭ جازاسى (بوينىغا) قىلىچ بىلەن ئۇرۇشتۇر. شۇنىڭدەك يەنە الله تائالاغا ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياكى پەيغەمبەرلەرنىڭ بىرەرسىگە تىل تەككۈزگەن ئادەمنىڭ جازاسىمۇ (بوينىغا) قىلىچ بىلەن ئۇرۇشتۇر» دېدى.

## زىكىر قىلغاندا الله تائالانىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ زىكرى قىلىش[2] ۋە زىكرى بىلەن بىللە ئۇسۇلچىلارغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلىشنىڭ ھۆكمى

الله تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىدىن قايسى ئىسىم بىلەن بولسۇن الله تائالانى زىكرى قىلىش (يەنى ياد ئېتىش) توغرىدۇر ۋە يولغا قويۇلغان ئىشتۇر. الله تائالانىڭ ئىسىملىرى بولسا (قۇرئان ۋە ھەدىستە شەرىئەت تەرىپىدىن) توختۇتۇلۇپ بېرىلگەندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ الله تائالانى قۇرئان

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 295 ـ بەت.

(2) مەسىلەن الله دەيدىغان يەردە ئاھ ياكى ئۇھ ياكى ھۇم دېگەنگە ئوخشاش. ت.

ياكى ھەدىستە بايان قىلىنمىغان بىر ئىسىم بىلەن ياد ئېتىشى توغرا ئەمەس. اللہ تائالا، اللہ نى ياد ئەتمەكچى بولغان ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ياد ئېتىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامىنى ياد ئەتكىن (ئىبادەتىڭدا) ئۇنىڭغا تولۇق يۈزلەنگىن[1]» «اللہ نىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، اللہ نى شۇ (گۈزەل ئىسىملىرى) بىلەن ئاتاڭلار، اللہ نىڭ ئىسىملىرىنى كەلسە ـ كەلمەس قوللىنىدىغانلارنى تەرك ئېتىڭلار، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ[2]»

بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللہ تائالانىڭ 99 گۈزەل ئىسمى بار. ئۇنى ياد ئالغان ئادەم جەننەتتكە كىرىدۇ. اللہ تائالا تاقتۇر، تاقنى ياخشى كۆرىدۇ.»[3]

قازى ئەبۇبەكرى ۋە ئىمام غەزالىي (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «سۈپەتلەر ئەمەس ئىسىملەر (شەرىئەت تەرىپىدىن) توختۇتۇلۇپ بېرىلگەندۇر» دېدى ۋە ئىمام غەزالىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە بىر ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياكى ئۆزى ئۆزىنى ئاتىمىغان ئىسىم بىلەن ئاتىشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ھەرقانداق بىر چوڭ مەخلۇقنىمۇ (ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىسىمدىن باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئاتاشمۇ توغرا ئەمەس). ئەگەر بىرەر مەخلۇقنى (ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىسىمدىن باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئاتاش) توغرا بولمىغان يەردە اللہ تائالانى (اللہ تائالا قۇرئان ياكى ھەدىستە ئۆزىنى ئاتاپ كەلگەن ئىسىمدىن باشقا بىر ئىسىم بىلەن) ئاتاش ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس» دەيدۇ.

ئالىملار يەنە اللہ تائالاغا بىرەر كەمچىلىكنى ئىپادىلەپ بېرىش ئېھتىمالى بار ئىسىمنى ياكى سۈپەتنى قوللىنىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى.

ئەبۇلقاسىم قۇشەيرىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «اللہ تائالانىڭ قۇرئان، ھەدىس ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق توختۇتۇلۇپ

(1) سۈرە مۇززەممىل 8 ـ ئايەت.

(2) سۈرە ئەئراق 180 ـ ئايەت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بېرىلگەن ئىسىملىرى قوبۇل قىلىنىدۇ. قۇرئان ياكى ھەدىستە كەلگەن ھەر قانداق بىر ئىسمىنى الله تائالانى ياد ئېتىش ۋە ئۇنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىش توغرىدۇر. قۇرئان ياكى ھەدىستە كەلمىگەن ئىسمىنى، ئۇ ئىسمىنىڭ مەنىسى توغرا بولغان تەقدىردىمۇ الله تائالانى ياد ئېتىش ۋە ئۇنى سۈپەتلەش ئۈچۈن قوللىنىش توغرا ئەمەس.» دېدى.[1]

مەيلى مەخپىي بولسۇن، مەيلى ئاشكارا بولسۇن، الله تائالانى جامائەت ھالىتىدە ياد ئېتىشمۇ توغرىدۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «يوللاردا الله نى ئەسلەش ئۈچۈن يىغىلىشقان كىشىلەرنى ئىزدەپ يۈرۈيدىغان الله نىڭ پەرىشتىلىرى بولۇپ، ئەگەر شۇنداق كىشىلەرنى تاپسا بىر - بىرىگە: كېلىڭلار، ھاجىتىڭلارغا كېلىڭلار، دەپ توۋلىشىدۇ. ئۇلار قاناتلىرى بىلەن ئۇلارنى ئاسمانغىچە ئورىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ رەببى بىلىپ تۇرۇپ ئۇلاردىن: بەندىلىرىم نېمە دەيدۇ؟ دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر: سېنى پاكلىق بىلەن ياد ئېتىپ سېنى ئۇلۇغلاپ ھەمدۇ ئېيتىۋاتىدۇ (سۇبھەناللا! ۋەلھەمدۇلىللا! ئاللاھۇئەكبەر! دەۋاتىدۇ)، دەيدۇ. الله: ئۇلار مېنى كۆرۈپتىمۇ؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ياق، سېنىڭ نامىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار سېنى كۆرمىگەن، دەيدۇ. الله: كۆرگەن بولسا قانداق بولۇپ كېتەر؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئۇلار سېنى كۆرگەن بولسا ساڭا تېخىمۇ كۆپ ئىبادەت قىلغان، ھەمدۇ ئېيتقان، تەسبىھ ئېيتقان بولاتتى، دەيدۇ. الله: ئۇلار نېمە سورىۋاتىدۇ؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: سەندىن جەننەتنى سورىۋاتىدۇ، دەيدۇ. الله: ئۇلار جەننەتنى كۆرگەنمۇ؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ياق، سېنىڭ نامىڭ بىلەن قەسەمكى، ئى رەببىم! ئۇلار جەننەتنى كۆرمىگەن، دەيدۇ. الله: ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كۆرگەن بولسا قانداق بولاتتى؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئەگەر ئۇلار جەننەتنى كۆرگەن بولسا، ئۇلارنىڭ جەننەتكە بولغان تەلپۈنىشى ۋە قىزىقىشى تېخىمۇ كۈچىيىپ، جەننەتكە بولغان ئىشتىياقى تېخىمۇ ئاشاتتى، دەيدۇ. الله: ئۇلار نېمىدىن پاناھ تىلەۋاتىدۇ؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئۇلار دوزاختىن پاناھ تىلەۋاتىدۇ، دەيدۇ. الله: ئۇلار دوزاخنى كۆرۈپتىمۇ؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ياق، سېنىڭ نامىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار دوزاخنى كۆرمىگەن، دەيدۇ. الله: ئەگەر ئۇلار دوزاخنى كۆرگەن بولسا قانداق بولاتتى؟ دەيدۇ. پەرىشتىلەر: ئەگەر ئۇلار دوزاخنى كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ قاچاتتى ۋە تېخىمۇ بەك

(1) «فەتھۇلبارى»، 11 - توم، 223 - بەت.

قورقاتتى، دەيدۇ. الله: سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەن، ئۇلارنى مەغپىرەت قىلدىم، دەيدۇ. ئۇلاردىن بىر پەرىشتە: ئۇلار ئىچىدىكى بىر كىشى ئۇلاردىن ئەمەس ئۇ ھاجەت ئۈچۈن كەلگەن، دەيدۇ. الله: ئۇلار شۇنداق سۆھبەتداشلاركى ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇرغۇچىلارمۇ ئەجىرسىز قالمايدۇ، دەيدۇ.»[1]

ئەبۇھۇرەيرە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: «الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‹مەن بەندەمنىڭ ئىشەنچىسىگە قارىتا بولىمەن. ئۇ مېنى ئەسلىسىلا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللەدۇرمەن. ئەگەر ئۇ مېنى كۆڭلىدە ئەسلىسە مەنمۇ ئۇنى كۆڭلۈمدە ئەسلەيمەن. ئۇ مېنى كۆپچىلىك ئىچىدە ئەسلىسە، مەنمۇ ئۇنى ئۇلاردىنمۇ ياخشىراق كۆپچىلىك ئىچىدە ئەسلەيمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن. ئەگەر ئۇ مەن تەرەپكە مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارىمەن›»[2]

ئىمام مۇھەممەد ئەلھامىد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانى ياد ئېتىش مەيلى يالغۇز ھالەتتە بولسۇن، مەيلى جامائەت ھالىتىدە بولسۇن الله تائالانى ياد ئېتىدىغانلارنىڭ قولۇم ـ قوشنىغا ياكى ئۇخلاۋاتقانلارغا ياكى ئالىملارغا ياكى كىچىدە ئىبادەت قىلىۋاتقانلارغا ياكى مەسچىتتە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇۋاتقانلارغا ياكى ناماز ئوقۇۋاتقانلارغا ئەزىيەت بېرىپ قالماسلىق شەرتى بىلەن الله تائالانى ئاشكارە ئاۋازلىق ياد ئېتىش توغرىدۇر. ئەگەر الله تائالانى ئاشكارا ئاۋازلىق ياد ئېتىمەن، دەپ مەزكۇر كىشىلەرنىڭ بىرەرسىگە ئەزىيەت بېرىپ قالىدىغان ئىش بولسا، بۇ ھالدا الله تائالانى ئاشكارا ئاۋازلىق ياد ئېتىش ھارامدۇر. فىقھى ئىلمى بۇنى شۇنداق بايان قىلدۇ.»

ئىمام مۇھەممەد ئەلھامىد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) يەنە مۇنداق دەيدۇ: «الله تائالانى ئاشكارا ئاۋازلىق ياد ئەتكەندە، الله تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەسلىك ۋە الله تائالانى ياد ئەتكەن (يەنى زىكرى قىلغان) ۋاقىتتا، الله تائالانى ياد ئەتكەن ئادەملەرنىڭ خۇددى ئۇسسۇلچىلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاش ھەرىكەت قىلماسلىقى شەرتتۇر.»

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئىمام مۇھەممەد ئەلھامىد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) الله تائالانى ياد قىلغان ۋاقىتتا شۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇپ قالماسلىقىغا ئەسكەرتىپ مۇنداق دەيدۇ: «كۆنۈمىزدىكى بەزى سوپىيلارنىڭ الله تائالانى ياد (يەنى زىكرى) قىلغان ۋاقىتتا قىلغان ھەرىكەتلىرى، ئەگەر بۇ ھەرىكەتلەر الله تائالانى بەك ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ۋە كۈچلۈك جەزبىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولغان ۋە ھەرىكەت قىلغان ئادەم ئۆزىنى يوقۇتۇپ ھەتتا ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى خۇددى (بىر نەرسىدىن) قورققان ئادەمنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئوخشاپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا ھېچقانداق گۇناھ يوق ۋە بۇنداق ھەرىكەت قىلىشقىمۇ ھېچقانداق چەكلىمە يوقتۇر. بۇ كۆپىنچە ھالەتتە كۆرۈلىدىغان ئىشتۇر. ئەگەر ھەرىكەت قىلغان ئادەم ھەرىكەتنى الله تائالانى بەك ياخشى كۆرگەنلىكى ۋە كۈچلۈك جەزبىنىڭ سەۋەبى بىلەن قىلمىغان ۋە ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى قوش جىنسلىق ئادەمنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئوخشۇشۇپ قالمىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق گۇناھ يوق. ئەمما شۇنداق ھەرىكەت قىلغۇچىلار بىر جامائەت ھالىتىدە بولۇپ ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى قوش جىنسلىق ئادەمنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ئوخشۇشۇپ قالغان ۋە ئۇلار خۇددى ئۇسسۇلچىلارغا ئوخشاش ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشتا ئازراقمۇ ئىگىز ـ پەس قىلماستىن مەلۇم بىر مىقداردا تەكشى ھەرىكەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا بۇلارنىڭ قىلغان بۇ ھەرىكەتلىرى توغرا ئەمەس. چۈنكى شەرىئەت بۇنداق قىلىشتىن چەكلەيدۇ. ھەر ئىشتا ئىسلام شەرىئەتىنىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن ئەدەب ـ ئەخلاقىنىڭ سىزىقىدا تۇرۇش لازىم. زىكىر قىلغاندا الله تائالانىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ زىكرى قىلىشمۇ توغرا ئەمەس. زىكىر قىلغاندا الله تائالانىڭ ئىسىملىرىغا ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەستىن ئۇلارنى الله تائالا قانداق چۈشۈرگەن بولسا، شۇنداق زىكرى قىلىشىمىز لازىم. (ئىسلام ھەققىدە ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيلەپ ئېيتىلغان) مەدھىيە ناخشىلىرى (يەنى نەشىدلار)، ئەگەر الله تائالا ھەممە نەرسىنىڭ ئىچىدە بار، دېگەنگە ئوخشاش توغرا بولمىغان مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولسا، مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىش خاتا ئەمەستۇر.»

ئىمام مۇھەممەد ئەلھامىد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىمام مۇھەممەد ئەدىب كەلكۆلگە زىكىر قىلغاندا الله تائالانىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ زىكرى قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكى ھەققىدە بىر ماقالە يېزىپ ئۇ

ماقالىنى ئۆزىنىڭ <تەنبىھۇلفىكرى ئىلا ھەقىقەتىززىكرى> دېگەن ئەسىرىدە <ئۆزگەرتىلگەن زىكرىدىن چەكلەش> دېگەن ئىسىم بىلەن نەشىر قىلغان. ئىمام مۇھەممەد ئەلھامىد ئۇ ماقالىدە مۇنداق دېگەن: <بارلىق ھەمدۇ - سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللّٰه غا بولسۇن! ئەڭ كاتتا دۇرۇت ۋە سالام يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلىرىگە، ساھابىلىرىگە بولسۇن!

مەقسەتكە كەلسەك: مەن بىر نەچچە قېتىم زىكىر قىلغاندا اللّٰه تائالانىڭ ئىسىملىرىنى (مەسىلەن اللّٰه دەيدىغان يەردە ئاھ ياكى ئۇھ ياكى ھۆم دېگەنگە ئوخشاش) ئۆزگەرتىپ زىكرى قىلىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى ياكى توغرا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورالدىم. مەن كۈچلۈك غالىب اللّٰه دىن ياردەم تىلىگەن ھالدا بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىمەن: اللّٰه تائالانىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ زىكرى قىلىدىغان كىشىلەر: «اللّٰه تائالانى زىكرى قىلغان ۋاقىتتا، اللّٰه تائالانى زىكرى قىلىش ئۈچۈن ئېغىزدىن چىقارغان سۆزلەر مۇھىم ئەمەس. مۇھىم بولغىنى شۇ سۆزنى ئېغىزىدىن چىقارغان ئادەملەرنىڭ نىيەتلىرىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: »بارلىق ئەمەللەر ھەقىقەتەن نىيەتكە باغلىقتۇر. . .» دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن اللّٰه تائالانى زىكرى قىلغان ۋاقىتتا، اللّٰه تائالانىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ زىكرى قىلىش ئىشىدا (بۇ ئىش خاتا دەپ) بەك چىڭ تۇرىۋالماسلىق لازىم. چۈنكى زىكىر قىلغاندا اللّٰه تائالانىڭ ئىسمىنى تولۇق سۆزلەشنى شەرت قىلىش نۇرغۇنلىغان ئادەمنى ئىبادەت قىلىشتىن يىراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇ شەرىئەتنىڭ مەقسىتىگە خىلاپ بىر ئىشتۇر. بۇ ھەم ئادەملەرنى قىلىش قىيىن بولغان بىر ئىشقا بۇيرۇشتۇر. دىلىدا ئىخلاس ۋە ياخشى نىيەت بولسىلا زىكىر قىلغان ۋاقىتتا، اللّٰه تائالانىڭ ئىسمىنى تولۇق ئېغىزغا ئالماي زىكرى قىلىش ھېچقانداق گۇناھ ھېسابلانمايدۇ» دەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زىكىر قىلغان ۋاقىتتا، اللّٰه تائالانىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىپ زىكرى قىلىشقا بولىدۇ، دېگەن دەۋالىرىنى يەنە بەزى ۋاقىتتا قۇرئاننىمۇ ئەرەب تىلىنىڭ گىراماتىكىسى بويىچە ئەمەس ئۇنىڭغا خىلاپ ھالدا ئوقۇشمۇ خاتا ئەمەستۇر، نامازنى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىل بىلەنمۇ باشلاش نامازنىڭ توغرا بولۇشىغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، نامازدا سۈرە پاتىھەنىڭ ئەرەبچىسىنى ئەمەس ئۇنىڭ مەنىسىنى ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ ۋە دۇئانى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىل بىلەن قىلىشمۇ توغرىدۇر، دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن

كۈچلەندۈرىدۇ. مەن زىكىر قىلغاندا الله تائالانىڭ ئىسىملىرىنى الله تائالا بىزگە قانداق چۈشۈرگەن بولسا، شۇ پېتى سۆزلەشنىڭ لازىم ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىنى بايان قىلىشنى باشلاشتىن بۇرۇن سوپىلارغا شۇنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى خالايمەن: مەن ئۇلارنىڭ ئىخلاسلىرىغا تۆھمەت قىلمايمەن ۋە ئۇلارنىڭ نىيەتلىرىگىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلالمايمەن. چۈنكى ئىخلاس بەندە بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ ئارىسىدىكى بىر سىردۇر. بىر ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ دىللىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشى توغرا ئەمەس ۋە باشقىلارنىڭ نىيەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئىنساپلىق ئىش ئەمەس. مەن ئىچىمدە ئۇلارنى مەندىن ياخشى، دەپ قارايمەن. مەن ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەخلاقىغا، ياخشى بولغان يۈرۈش - تۇرۇشلىرىغا، الله تائالاغا بولغان كەمتەرلىكىگە، الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشىغا، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشلىرىغا ۋە جەۋھەرگىلا تايىنىپ ياشاشلىرىغا رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنىڭدەك يەنە مەن الله تائالا تەرىپىگە يول ئالغانلارنىڭ ۋە سۈپۈلۈق يولىنى تۇتقانلارنىڭ (يەنى بۇلاردىن سۈپۈلار مەقسەت قىلىنىدۇ) ئالىي ئورۇنلىرى بارلىقىغا ئىنكار قىلمايمەن. چۈنكى ئۇ بىر ھەقىقەتتۇر. ئۇ ئورۇنلارنىڭ بارلىقىغا پەقەت الله تائالاغا يېقىن بولۇشنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان ۋە رۇھىغا الله تائالادىن بىر پۇراق يوقمىغان نادان كىشلەرلا ئىنكار قىلىدۇ. ھەقىقىي سوپىلار بۇ ئورۇنلاردىن تولۇق نېسىۋىلىرىنى ئالغاندۇر. مەن الله تائالادىن بىزگىمۇ ئۇلارنىڭ بەرىكەتلىرىدىن يەتكۈزۈشنى ۋە (قىيامەت كۈنى) بىزنى ئۇلارنىڭ گورۇھلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سېپىنىڭ ئىچىدە قىلىشنى تىلەيمەن. ئامىن! لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئادەمنى توغرا ۋە ھەق گەپنى قىلىشتىن توسۇپ قالالمايدۇ. ھەقىقەتەن الله تائالا بىزگە بىر - بىرىمىزگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشنى، بىر - بىرىمىزگە سەۋرىنى تەۋسىيە قىلىشنى پەرز قىلدى. الله تائالانى تونۇپ يەتكەن كىشىلەر (يەنى سوپىلار) بۇرۇن: سۈپۈلۈق يولىدا ماڭغانلار بىر - بىرىنى تەنقىد قىلىپ تۇرغان مۇددەت ئىچىدە ياخشىلىق ئۈستىدە بولىدۇ، دېگەن.

ئۇلۇغ الله نىڭ ئىسمىنىڭ ئۆزگەرتىلىپ سۆزلەنگىنىگە ئاچچىغى كەلگەن ئادەم، شۇنداق قىلغانلارغا الله نىڭ ئىسمىنىڭ ھەرەپلىرىنى توغرا چىقىرىپ ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىۋەتمەي جايىدا سۆزلەشكە تەۋسىيە قىلىدۇ. چۈنكى الله نىڭ ئىسمى پۈتۈن ئىسىملارنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكىدۇر ۋە ئەڭ ئۇلۇغىدۇر.

ئىنسانىنىڭ، ئاددىي بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنىڭ ئۆزگەرتىلىپ سۆزلەنگىنىگە

**ئاچچىغى كەلگەن يەردە، ئۇلۇغ الله نىڭ ئىسمىنىڭ ئۆزگەرتىلىپ سۆزلەنگىنىگە ئاچچىغى كەلمەي قالارمۇ! الله تائالا مۆمىن بىر ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭ جىنىدىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر. الله تائالانى ئۆزىنىڭ جىنىدىنمۇ ياخشى كۆرگەن ئادەم ھەدىستە بايان قىلىنغىنىدەك ئىماننىڭ تەمىنى تېتىيالايدۇ(1). شۇنىڭ ئۈچۈن ئەزان ئوقۇغان ۋاقتىدىمۇ ئەزاننى ھەدىدىن ئارتۇق بەك سوزۇپ ئوقۇشتىن چەكلەندى. ھەنەفىي مەزھەپىدىن كامالۇددىن ئىبنى ئەلھۇمام <ئەلھىدايە> دېگەن ئەسەرنىڭ شەرھىسى بولغان <فەتھۇلقەدىر> دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ئىمام ئەھمەددىن ئايەتلەرنى ھەددىدىن ئارتۇق سوزۇپ ئوقۇش ھەققىدە سورالدى. ئىمام ئەھمەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئايەتلەرنى ھەددىدىن ئارتۇق سوزۇپ ئوقۇشنى ياخشى كۆرمەي ئايەتلەرنى شۇنداق ئوقۇشتىن توستى. بۇ سوئالنى سورىغان ئادەم ئىمام ئەھمەدگە: ئايەتلەرنى سوزۇپ ئوقۇش نېمىشقا بولمايدۇ؟ دېدى. ئىمام ئەھمەد ئۇنىڭغا: سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە؟ دېدى. ئۇ: ئىسمىم مۇھەممەد، دېدى. ئىمام ئەھمەد: سەن بىر ئادەمنىڭ سېنى ئى مۇھامىد! دەپ چاقىرىشىنى ياقتۇرامسەن؟ دېدى. ئەگەر ئەزاننى ھەددىدىن ئارتۇق سوزۇپ ئوقۇش توغرا بولمىسا، ئايەتلەرنى ھەددىدىن ئارتۇق سوزۇپ ئوقۇش ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس.**

**بۇنى ئىمام شەبەلىي <شەرھۇلكەنزى> دېگەن ئەسەرگە قىلغان ھاشىيەسىدە كامالۇددىن ئىبنى ئەلھۇمامدىن نەقلە قىلغان ۋە بۇنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلاپ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر (مەيلى الله تائالانىڭ ئىسمى بولسۇن، مەيلى باشقا ئايەتلەر بولسۇن) قۇرئان ئوقۇغان ۋاقتتا، ئۇلارنى سوزۇپ ئوقۇش توغرا بولمىسا، زىكىر قىلغان ۋاقتتا الله تائالانىڭ ئىسمىنى سوزۇپ ۋە ئۆزگەرتىپ زىكىر قىلىش توغرا ئەمەس. قۇرئان ئوقۇغان ۋاقتتا شۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس، ئەمما زىكىر قىلغان ۋاقتتا شۇنداق قىلىش توغرا، دەپ قۇرئان ئوقۇش بىلەن زىكىر قىلىشنىڭ ئارىسىنى ئايرىش ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىشتۇر. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك الله تائالانىڭ ئىسمىدىكى <لام> ھەرپى بەزى يەردە توم ئوقۇلىدۇ، بەزى يەردە ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ. ئۇ ھەرپىنى ئىنچىكە ئوقۇيدىغان يەردە توم ئوقۇش ياكى توم ئوقۇيدىغان يەردە ئىنچىكە**

---

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر ئادەمدە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ نەرسە بولسا، ئۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان بولىدۇ. الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى بارلىق نەرسىدىن ياخشى كۆرسە، بىر كىشى بىلەن پەقەت الله رازىلىقى ئۈچۈنلا دوست بولسا، الله ئۇنى كۇپۇرلۇقتىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن كۇپۇرلۇققا قايتىشنى خۇددى ئوتقا تىرىك تاشلانغاندىنمۇ يامان كۆرسە.» ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئوقۇش توغرا ئەمەس. ئۇنى قەيەردە ئىنچىكە ئوقۇش ۋە قەيەردە توم ئوقۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قوبۇل قىلىنىپ ئېلىنغاندۇر. شۇڭا الله تائالانىڭ ئىسمىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگىتىپ قويغاندىن باشقا بىر شەكىلدە ئېغىزغا ئېلىش توغرا ئەمەس. لېكىن، پەقەت زىكىر قىلغان ئادەم ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويغان ۋە ئۇنى قاتتىق قورقۇنچ قاپلىۋالغان بولسا، بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىقىپ كىتىپ قالغانلىرى خاتالىق ھېسابلانمايدۇ. زىكىر قىلىۋېتىپ ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويمىغان ئادەملەردىن كەچۈرۈۋېتىلمىگەن خاتالىقلار زىكىر قىلىۋېتىپ ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويغان ئادەملەردىن كەچۈرۈۋېتىلىدۇ. زىكىر قىلىۋېتىپ ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويغان ئادەملەردە بەزى ۋاقىتتا خۇددى بىر نەرسىدىن قورققان ئادەمدە كۆرۈلىدىغان ھەرىكەتلەر كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمدە نورمالسىزلىق ۋە ئاۋاز چىقىرىپ ۋاقىراپ كېتىش ئىشى يۈز بېرىدۇ. بەزى ۋاقىتتا ئۇ ئادەم الله تائالاغا بولغان قاتتىق ئىشتىياقىدىن ۋە ئۇ ئىشتىياقنىڭ يالقۇنىدا كۆيگەنلىكتىن كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يىرتىۋېتىدۇ. بۇ ھالەتتە ئۇنىڭدىن كۆرۈلگەن قانداق ھالەت بولسا، بۇ ئۇنىڭ سەممىي ۋە راستچىل ھالىتىدۇر. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە پەقەت الله تائالانىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن يىراق ۋە ئۇنىڭغا ياد ئادەملەرلا ئېتىراز بىلدۈرىدۇ. ئۇ شۇنداق بىر ئىلتىپاتكى، ئۇ ئىلتىپاتنىڭ ئىشكىلىرىنىڭ ئوچۇق قىلىشى ۋە ئۇنىڭ توختاپ قالماي كېلىپ تۇرۇشى ئۇچۇن دىللار الله تائالاغا يالۋۇرىدۇ.

زىكىر قىلىۋاتقاندا ھالى مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەن ئادەمنىڭ قىلغان ھەر قانداق ھەرىكەتلىرى گۇناھ ھېسابلانمايدۇ. زىكىر قىلىۋاتقاندا قىلىش چەكلەنگەن ھەرىكەتلەر بولسا، شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ھەرىكەتلەردۇر. شەرىئەت زىكىر قىلغان ئادەمنىڭ پەقەت ئۆزىنى ئۆزى دىلى سۇنۇق كۆرسىتىشتەك ھەرىكەت قىلىشلىرىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. سوپىيلارنىڭ زىكىر قىلغان ۋاقىتتا الله تائالانىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ زىكىر قىلىسمۇ بولىدۇ، دېگەن قاراشلىرىغا بەزى ۋاقىتتا قۇرئانىمۇ ئەرەب تىلىنىڭ گىراماتىكىسى بويىچە ئەمەس ئۇنىڭغا خىلاپ ھالدا ئوقۇشنىڭمۇ خاتا ئەمەسلىكىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈشى توغرا ئەمەس. چۈنكى زىكىر قىلغان ۋاقىتتا الله تائالانىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ زىكىر قىلغان ئادەم قەستەن شۇنداق قىلىدۇ. ئەمما بەزى ۋاقىتتا قۇرئاننى ئەرەب تىلىنىڭ گىراماتىكىسى بويىچە ئەمەس ئۇنىڭغا خىلاپ ھالدا ئوقۇپ قېلىش، قەستەنلىك بىلەن ئەمەس قارىنىڭ تىلى قېيىپ

كىتىپ شۇنداق ئوقۇپ قېلىش بىلەن بولىدۇ. فىقھشۇناسلار (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بايان قىلىشىچە نامازدا ئايەت ئوقۇۋاتقان ئادەمنىڭ تىلىنىڭ قېيىپ كېتىشى بىلەن بەزى چاغلاردا ئايەتلەرنى ئەرەب تىلىنىڭ گىراماتىكىسىغا خىلاپ ھالدا ئوقۇپ قېلىش گۇناھ ئەمەس. فىقھشۇناسلار (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): (ئايەت ئوقۇغان ۋاقىتتا كۆرۈلۈپ قالغان) فىقھشۇناس ۋە ئالىم بىر ئادەمدىن كەچۈرۈلمەيدىغان خاتالىقلار نادان ۋە دىن ھەققىدە بىلىمى يوق بىر ئادەمدىن كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ، دېدىلەر. زىكىر قىلغان ۋاقىتتا الله تائالانىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ زىكىر قىلىش بۇ تىپتىن ئەمەس. چۈنكى زىكىرنى الله تائالانىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ قىلغان ئادەم ئۇنى قەستەن قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنى نامازدا ئايەت ئوقۇغان ئادەمنىڭ تىلىنىڭ قېيىپ كېتىشىگە قىياس قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا پەرق بار. قىياس، سەۋەبى ئوخشاش ۋە بىر ـ بىرىگە ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىدا بولىدۇ. شۇنداق بولغاندا ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ ھۆكمى بىر بولىدۇ. يەنە كېلىپ قىياسنىڭ بىر شەرتى قىياس قىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ ھۆكمى ھەققىدە ئايەت ياكى ھەدىس كەلمەسلىكى لازىم. ئەگەر قىياس قىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ ھۆكمى ھەققىدە ئايەت ياكى ھەدىس كەلسە، ئۇ نەرسىنى باشقا نەرسىگە قىياس قىلغىلى بولمايدۇ. الله تائالانىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ سۆزلەشتىن چەكلەپ كەلگەن ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەر بار. شۇڭا الله تائالانىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ سۆزلەشنى باشقا ئىشلارغا قىياس قىلغىلى بولمايدۇ. تەجۋىد ئىلمى ئەرەب سۆزىنىڭ ھەرەپلىرىگە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى بېرىش ۋە ئۇ ھەرەپلەرنى ئۆز جايىدىن ۋە ئۆز سۈپەتلىرى بىلەن چىقىرىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈنلا يولغا قويۇلغان بىر ئىلىمدۇر. ئۇلۇغ الله نىڭ ئىسمى بولسا، ئەرەب تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ئىچىدە ھەرىپلىرىنى ئۆز جايىدىن چىقىرىشقا رىئايە قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق سۆزدۇر.

ئەمما سوپىيلارنىڭ: «نامازنى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىل بىلەنمۇ باشلاش نامازنىڭ توغرا بولۇشىغا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمەيدۇ» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، نامازنى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىل بىلەن باشلاش ئىماملار ئارىسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىنغان مەسىلىدۇر. مەسىلەن: ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «نامازنى ئەرەب تىلى بىلەن باشلىيالىدىغان ئادەمنىڭ ئۇنى باشقا تىل بىلەنمۇ باشلىشى توغرىدۇر. لېكىن ئۇنداق قىلىش

ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر» دەيدۇ. چۈنكى نامازنى قۇلاق قېقىپ باشلىغان ۋاقىتتا <ئەللاھۇ ئەكبەر> دەپ تەكبىر ئېيتىش ۋاجىبتۇر. (نامازنى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىل بىلەن باشلىغان ئادەم بۇ تەكبىرنى ئېيتمايدۇ). بۇ تەكبىرنى ئېيتماسلىق ھارامغا يېقىن مەكرۇھنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھارامقا يېقىن مەكرۇھنى قىلغان ئادەمنىڭ دوزاخقا كىرىپ قېلىش ئېھتىمالى بار. چۈنكى ئۇ مەكرۇھ ھارامغا يېقىندۇر. ئەمما نورمال مەكرۇھنى قىلىپ سالغان ئادەمنىڭ ئۇنداق ئېھتىمالى يوق. چۈنكى ئۇ مەكرۇھ ھالالغا يېقىندۇر.

ئېچىدە ھارامغا يېقىن مەكرۇھ يۈز بېرىپ قالغان نامازنىڭ ئەگەر ۋاقتى چىقىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ قايتا ئوقۇلۇشى لازىمدۇر. كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ نامازنى ۋاقتى چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ قايتا ئوقۇش لازىم. شۇنداق ناماز قىلىش ۋاجىپ بولغان بىر ئىشنىڭ قىلىنماي قېلىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ناماز پەرز بىر ئىشنىڭ قىلىنماي تاشلىنىپ قېلىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. لېكىن نامازدا قىلىش ۋاجىپ بولغان بىر ئىشنى قىلماي تاشلاپ قويغان ئادەم خۇددى قىلىش پەرز بولغان بىر ئىشنى قىلماي تاشلاپ قويغان ئادەمنىڭ دەرىجىسىدە بولمىغان بولسىمۇ يەنىلا گۇناھكار بولىدۇ.

ئىمام ئابىدىن ئۆزىنىڭ: <رەددۇلمۇھتار> دېگەن ئەسىرىدە ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسەن نامازنى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىل بىلەنمۇ باشلاشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن: «ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەمدىن نامازنى باشلىغان ۋاقىتتا تەلەب قىلىنىدىغان ئىش، الله تائالانى زىكىر قىلىشتۇر ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاشتۇر. الله تائالانى زىكىر قىلىش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاش مەيلى ئەرەب تىلى بولسۇن، مەيلى باشقا تىل بولسۇن، قايسى تىل بىلەن قىلىنسا بولىۋېرىدۇ. ئەمما نامازنى باشلىغان ۋاقىتدا ئېيتىلىدىغان <ئەللاھۇ ئەكبەر> دېگەن تەكبىرنى ھەر ۋاقىت (ئەرەبچە) ئېيتىش پەرز ئەمەس ۋاجىپتۇر» دېدى.

فىقھى ئىلمىدا بايان قىلىنىشىچە: نامازنى باشقا تىل بىلەن باشلىغان ۋاقىتتا بۇ ۋاجىپ قىلىنماي قالغانلىقى ئۈچۈن نامازنى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىل بىلەن باشلاش ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. لېكىن نامازنى باشقا تىل بىلەن باشلاش توغرىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «نامازنى ئەرەب تىلى بىلەن باشلىيالايدىغان

**ئادەمنىڭ نامازنى باشقا تىل بىلەن باشلىشى توغرا ئەمەس. نامازنى باشقا تىل بىلەن باشلاش پەقەت ئۇنى ئەرەب تىلى بىلەن باشلىيالمايدىغان ئادەم ئۈچۈنلا بولىدۇ» دەيدۇ. <ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن ئەسەردە بايان قىلىنغىنىدەك، ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نامازنى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىل بىلەن باشلاشنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن پەقەت نامازنى ئەرەب تىلى بىلەن باشلاشتىن ئاجىز كېلىشنى شەرت قىلىدۇ. شۇڭا نامازنى ئەرەب تىلى بىلەن باشلاشتىن ئاجىز كەلمەيدىغان ئادەمنىڭ نامازنى باشقا تىل بىلەن باشلىشى توغرا ئەمەس. ئىش شۇنداق ئىكەن، زىكىر قىلغان ۋاقىتتا اللّٰه تائالانىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ سۆزلەشنى نامازنى باشقا تىل بىلەن باشلاشقا قىياس قىلىش بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئىككى نەرسىنى قىياس قىلىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى زىكىر قىلغان ۋاقىتتا اللّٰه تائالانىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ زىكىر قىلىشتىن چەكلەش اللّٰه تائالانىڭ ئىسمىنى باشقا تىل ئەمەس ئەرەب تىلى بىلەن سۆزلەپ تۇرۇپ ئۇنى ئۆزگەرتىپ سۆزلەش ھەققىدىدۇر. ئارىلىقتىكى بۇ پەرققە دىققەت قىلىش لازىم.**

**ئەمما سوپىيلارنىڭ: «نامازدا سۈرە پاتىھەنىڭ ئەرەبچىسىنى ئەمەس ئۇنىڭ مەنىسىنى ئوقۇشمۇ بولىدۇ» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ سۆز ئۇلار ئۈچۈن اللّٰه تائالانىڭ ئىسمىنى ئۆزگەتىپ زىكىر قىلىشنىڭ بولىدىغانلىقىغا دەلىل ـ پاكىت بولالمايدۇ. چۈنكى نامازدا سۈرە پاتىھەنىڭ ئەرەبچىسىنى ئەمەس ئۇنىڭ مەنىسىنى ئوقۇش، سۈرە پاتىھەنىڭ ئەرەپچىسىنى ئوقۇشنى بىلمەيدىغان ئادەمگە، تاكى ئۇ ئادەمنىڭ سۈرە پاتىھەنىڭ ئەرەبچىسىنى ئوقۇشنى ئۆگىنىپ بولغىچە دۇرۇس بولىدۇ. بۇ ھەقتە ھەنەفىي مەزھەپىدە پەتىۋا بۇ ھۆكۈم بىلەن بېرىلىدۇ. چۈنكى (سۈرە پاتىھەنىڭ ئەرەبچىسىنى ئوقۇشنى بىلىدىغان ئادەمنىڭمۇ ناماز ئۇنىڭ ئەرەبچىسىنى ئەمەس ئۇنىڭ مەنىسىنى ئوقۇش بولىدۇ، دەيدىغان) ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كېيىن ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ سۆزىگە قايتقان. ئۇ ئىككى ئىمام: «نامازدا سۈرە پاتىھەنى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىل بىلەن ئوقۇش پەقەت سۈرە پاتىھەنى ئەرەب تىلى بىلەن ئوقۇيالمايدىغان ئادەمگىلا توغرىدۇر. ئەمما سۈرە پاتىھەنى ئەرەب تىلى بىلەن ئوقۇيالايدىغان ئادەمنىڭ نامازدا سۈرە پاتىھەنى ئەرەب تىلى بىلەن ئوقۇشى لازىم» دەيدۇ. <ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن ئەسەردە**

بايان قىلىنىشىچە، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇرۇن، سۇرە پاتىھەنى مەيلى ئەرەبچە ئوقۇيالايدىغان ئادەم بولسۇن، مەيلى ئوقۇيالمايدىغان ئادەم بولسۇن، نامازدا سۇرە پاتىھەنى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىل بىلەنمۇ ئوقۇشقا بولىدۇ، دېگەن، ئاندىن ئىككى ئىمامنىڭ سۆزىگە قايتقان. شۇڭا بۇنى زىكىر قىلغان ۋاقىتتا الله تائالانىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ سۆزلەشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن بىر دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈش توغرا ئەمەس.

ئەمما ئۇلارنىڭ: «دۇئانى ئەرەب تىلىدىن باشقا تىل بىلەن قىلىشمۇ توغرىدۇر» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇمۇ زىكىر قىلغان ۋاقىتتا الله تائالانىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ سۆزلەشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا دەلىل ـ پاكىت بولالمايدۇ. چۈنكى دۇئا الله تائالاغا يالۋۇرۇش ۋە الله تائالاغا ئۆزىنىڭ خارلىقىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەرەب تىلىنى بىلمەيدىغان بىر ئادەمنى الله تائالاغا خارلىقىنى كۆرسىتىپ ۋە ئۆزىنىڭ تىلەك ـ مەقسەتلىرىنى تىلەپ قولىنى ئېچىشتىن كىم چەكلەپ قالىدۇ؟ ھەقىقەتەن الله تائالا ئۆزىدىن بىر نەرسە تىلەپ دۇئا قىلغان ئادەمنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈمىد قىلغان نەرسىلىرىنى بېرىدۇ. الله تائالا بولسا ھەر تىل بىلەن بىر نەرسە تىلىنىدىغان ۋە ھەر ۋاقىت بىر نەرسە ئۈمىد قىلىنىدىغان زاتتۇر. الله تائالا مەخلۇقاتلىرىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىش ئۈچۈن ئۇلاردىن دۇئا قىلىشنى تەلەب قىلدى. ئەرەبلەر ئەگەر الله تائالاغا ئەدەبىي تىل بىلەن ئەمەس ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك تىلى بىلەن دۇئا قىلماقچى بولسا، ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ ئىسمىنى يا الله!، ئەللاھۇممە ۋە يا رەببەنا دېگەنگە ئوخشاش ئۆزگەرتىۋەتمەستىن ئەدەبىي تىل بىلەن سۆزلۇشى لازىم. ئەمما دۇئانىڭ (الله تائالانىڭ ئىسمىدىن باشقا) سۆزلىرى بولسا، الله تائالاغا قايغۇ ـ ھەسرەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەردۇر. شۇڭا (بۇ سۆزلەرنىڭ ئەدەبىي تىل بىلەن بولۇشى شەرت ئەمەس). الله تائالا نىيەت ـ مەقسەتلەرنى ۋە دىللاردىكى سىرلار ۋە مەخپىيەتلىكلەرنى بىلگۈچىدۇر.

ئەمما ئاياغلاشتۇرغانلارنىڭ دىللىرىنى نەپەس ئالدۇرۇش، يېڭى باشلىغانلارنىڭ دىللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە زىكىرنىڭ سۈرئىتىنى تىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن زىكىرنى نىيەتتە <الله> دېمەكچى بولۇپ ئېغىزدا <ئاھ> دەپ قىلىش شەرىئەتكە ئويغۇندۇر. چۈنكى <ئاھ> مۇ الله تائالانىڭ ئىسىملىرىنىڭ

**قاتارىندۇر. بۇ ئىسمىمۇ شەرىئەت كۆرسىتىپ بەرگەن ئىسىملاردىندۇر. بۇ ئىنسانلار تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان ئىسىم ئەمەس. شۇنداق بۇ ئىسمنى، بەزى سوپىيلار ئۆزلىرى پايدا قىلىپ ئۇنى الله تائالاغا ئىسىم قىلىۋالغان، كاشكى <ئاھ> دېگەن الله تائالانىڭ ئىسمىدۇر، بۇنىڭ الله تائالانىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى شەرىئەت كۆرسىتىپ بەرگەن دەيدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ سۆزىگە قۇرئان ياكى ھەدىستىن دەلىل كەلتۈرگەن بولسا، دەيدىغان قاراشمۇ بار. يېغىپ ئېيتقاندا، (<ئاھ> دېگەن سۆزنىڭ الله تائالانىڭ ئىسمى ئىكەنلىكى ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن) الله تائالانى زىكىر قىلىمىز، دەيدىغان سوپىي قىرىنداشلىرىمىز ئەگەر الله تائالانى ئىختىلاپ بار ئۇ ئىسىم بىلەن ئەمەس الله تائالانىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ يوق ئىسىم بىلەن زىكىر قىلسا، ئۇلارغا قانداق زىيان بولۇر؟!**
**بىزنىڭ فىقھىشۇناسلىرىمىز: «بىر ئىش بىدئەت بىلەن سۈننەت ئارىسىدا قالسا، ئۇ ئىشنى قىلماسلىق لازىم، دېگەن.» بىز ھۆكۈم ئىشلىرىدا تەپسىرشۇناسلارنىڭ ياكى ھەدىسشۇناسلارنىڭ، ياكى سوپىيلارنىڭ سۆزىنى ئەمەس فىقھىشۇناسلارنىڭ سۆزىنى تۇتۇشىمىز لازىم.**

**ئاخىرىدا: سوپىيلارغا چوڭقۇر ئىھتىرامىمىزنى يوللايمەن.**

# زىندىقلارنىڭ، ئىباھىيلارنىڭ ۋە خاتا يول ئۇستىدىكى باشقا تائىپىلەرنىڭ ھۆكۈملىرى

**زىندىق بولسا، ھېچبىر دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان كىشىدۇر. ئىباھىي بولسا، ئىسلامدا چەكلەنگەن ھارام نەرسىلەرنى ھالال، دەپ قارايدىغان ئادەملەردۇر. بىر قىسىم ئالىملار: «زىندىق بىلەن ئىباھىي بولسا بىر تائىپىگە بېرىلگەن ئىككى ئىسىمدۇر. مەسىلەن: ئىباھىي ئىسلامدا چەكلەنگەن ھارام نەرسىلەرنى ھالال، دەپ قارايدۇ، بۇ ھەم زىندىقنىڭ ئېتىقادىدۇر» دەيدۇ. <فەتاۋا قارىئۇلھىدايە> دېگەن ئەسەردە: زىندىق بولسا، دۇنيانىڭ مەڭگۈ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان، مال ـ مۈلۈكنىڭ ۋە ئاياللارنىڭ ھەممە ئادەم ئارىسىدا شېرىك ئىكەنلىكىنى ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەمدۇر» دەپ بايان قىلىندى.**

ئىبنى كامال <ئىسلام بىلەن زىندىقلىقنىڭ ئايرىسىنى ئايرىش> دېگەن ئەسىرىدە ئىمام غەزالىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: سوپىلىقنى دەۋا قىلىدىغان بەزى ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ الله تائالا بىلەن بولغان يېقىنلىق دەرىجىسىنىڭ ھەتتا الله تائالا ئۇلاردىن ناماز ئوقۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۋاتقان، ھاراق ئىچىشنى، يامان ئىشلارنى قىلىشنى، پادىشاھنىڭ ۋە كىشىلەرنىڭ مال - مۈلكىنى يېۋېلىشنى ھالال قىلىپ بەرگەن ھالەتكە يەتكەنلىكىنى دەۋا قىلىشلىرىمۇ زىندىقلىقنىڭ قاتارىدىندۇر. مەن بۇ دەۋانى قىلغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ ۋاجىپ بولىدىغانلىقىدا شەك قىلمايمەن. چۈنكى، ئۇنىڭ دىنغا ئېلىپ كەلگەن زىيىنى ناھايىتى ئېغىردۇر. ئۇنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ھارام قىلىنغان ھەممە نەرسىنى ھالال، دەپ قاراش ئىشكى، ھەتتا ئۇنى تەكرار تاقىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئېچىلىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ دىنغا ئېلىپ كەلگەن زىيىنى (ئۇنداق دەۋانى قىلماستىنلا) ئىسلامدا چەكلەنگەن ھارام نەرسىلەرنى ھالال، دەپ قارىغان ئادەملەرنىڭ زىيىنىدىن ئېغىردۇر. چۈنكى، ئۇنداق دەۋانى قىلماستىنلا ئىسلامدا چەكلەنگەن ھارام نەرسىلەرنى ھالال، دەپ قارىغان ئادەملەرنىڭ كاپىرلىقى ئاشكارا بولغانلىقى ئۈچۈن باشقىلار ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايدۇ. ئەمما ئۆزىنىڭ الله تائالاغا بەك يېقىن بولغانلىقىدىن الله تائالانىڭ ئۇنىڭدىن ناماز ئوقۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىقىنى ۋە ھاراقنى ئوخشاش ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى ھالال قىلىپ بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلغان ھېلىقى ئادەم ناماز ئوقۇماسلىقىغا ۋە ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى ھالال، دەپ قارىغانلىقىغا باشقىلارغا قارىغاندا دىندا ئۆزىنىڭ دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى گۇمان قىلىدۇ. بۇ ناماز ئوقۇمايدىغان ۋە ھارام نەرسىلەرنى خۇددى ھالال نەرسىلەرگە ئوخشاش قوللىنىدىغان ھەر قانداق بىر پاسىقنىڭ شۇنداق دەۋانى قىلىشىغا يول ئاچىدۇ.

بۇلاردىن باشقا خاتا يولدىكى تائىپىلەرگە كەلسەك، ئەگەر ئۇلاردا كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان دىن نامىدىن پەيدا قىلىنغان يېڭىلىق (يەنى بىدئەت) كۆرۈلگەن ۋە ئۇلار ئۇ يېڭىلىقتىن قايتمىغان ۋە تەۋبە قىلمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرىدۇر. ئەگەر ئۇلار ئىسلامدا دىن نامىدىن پەيدا قىلغان يېڭىلىقتىن قايتىپ تەۋبە قىلغان ۋە تەكرار ئىسلامغا كىرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئىباھىيە، غالىيە، راپىزىيە، قەرامىتە ۋە زىندىق[1]

(1) بۇلار ئېزىپ كەتكەن گۇرۇھلاردۇر. ت.

قاتارلىق تائىپىلەردىن باشقا تائىپىلەرنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما بۇ تائىپىلەرنىڭ ھېچبىرىدىن تەۋبە قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇلار مەيلى تەۋبە قىلىشتىن بۇرۇن بولسۇن، مەيلى كېيىن بولسۇن ئۆلتۈرۈلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھەتتا تەۋبە قىلىپ ئالدىغا بېرىش ئۈچۈن بىر اللە نىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. (ئۇنداق ئىكەن ئۇلار تەۋبىنى كىمگە قىلىدۇ). بىر قىسىم ئالىملار: «ئەگەر ئۇلار جازاغا تارتىلىش ئۈچۈن (ئىسلام دۆلىتى تەرىپىدىن) تۇتۇلۇشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ۋاقىتتىن بۇرۇن تەۋبە قىلمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېدى. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ سۆزىگە قىلىنغان قىياس بولۇپ بۇ ناھايىتى توغرا، دەپ قارالغان سۆزدۇر.[1]

داخان ۋە مۇنەججىمنىڭ ھۆكمىمۇ ئۇلارنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. ئىمام سۇيۇتىنىڭ <مەختەسەرۇننىھايە> دېگەن ئەسىرىدە بايان قىلىنىشچە: داخان بولسا كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلاردىن خەۋەر بېرىدىغان ۋە سىرلارنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان ئادەمدۇر. مۇنەججىمگە كەلسەك، ئۇنىڭ ھەققىدە ئىمام خىتابىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ بولسا ئوغۇرلاپ كېتىلگەن ۋە يۈتۈپ كېتىلگەن نەرسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەمدۇر» دېدى.

<رەددۇلمۇھتار> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «يېقىپ ئېيتىشقا توغرا كەلسە، داخان بولسا خىلمۇ ـ خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۆزىنىڭ غەيبنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان ئادەمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلار نەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇ بولسا ئۆزىنىڭ يۇلتۇزلارنىڭ چىقىشى ۋە كىرىپ كېتىشى ئارقىلىق كەلگۈسىنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان، ئالدىغا تاشلارنى تىزىپ قويۇپ ئولتۇرۇپ غەيبتىن خەۋەر بېرىدىغان ۋە كەلگۈسىدىن خەۋەر بېرىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ جىنلىرىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلىدىغان ئادەملەردۇر. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامدا چەكلەنگەن ئىشلاردۇر. شۇنداق قىلغانلارنىڭ ۋە ئۇلارغا ئىشەنگەنلەرنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. <ئەلھىدايە> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئۆزىنىڭ <مۇختاراتۇننەۋازىل> دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: ئەمما ئىلمى نۇجۇمنى ئۆگىنىشنىڭ ئۆزى خاتا ئەمەستۇر. ئۇ ئىلىم ئىككى قىسىمدۇر: بىر قىسمى بولسا، ئايغا ۋە كۈنگە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 297 ـ بەت.

ئوخشاش پىلانىتلارنىڭ ھېساب بويىچە سەير قىلىشلىرىغا ئالاقىداردۇر. بۇلارنىڭ سەير قىلىشلىرى ھەقتۇر. چۈنكى قۇرئان بۇنىڭدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: «كۈن بىلەن ئاي (ئۆز بۇرجلىرىدا) مۇئەييەن ھېساب بويىچە سەير قىلىدۇ[1]» يەنە بىر قىسمى بولسا، الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شۇ پىلانىتلارنىڭ سەير قىلىشلىرىنى ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈشتۇر. بۇ خۇددى دۇختۇرنىڭ بىر ئادەمنىڭ تىنىنىڭ ساق ياكى كېسەل ئىكەنلىكىگە ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشىنى دەلىل قىلىپ كەلتۈرگىنىنىڭ توغرا بولغىنىغا ئوخشاش توغرىدۇر. ئەمما ئۇ ھادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشى الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولغان، دەپ ئېتىقاد قىلمىغان ياكى ئۆزىنىڭ غەيبنى بىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان ئادەم كاپىر ھېسابلىنىدۇ.»[2]

كۈنۈمىزدىكى ھاۋا كىلىماتلىرىنى تەكشۈرۈدىغان، شاماللارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى ۋە بۇلۇتلارنىڭ يۈزلىنىش تەرىپىنى كۆزىتىپ ھاۋانىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىدىغان ئىلىممۇ شۇ ئىلىمنىڭ ھۆكمىدىدۇر. يەنى ھاۋا الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بۇلۇتلار ئۇ يەرگە ياكى بۇ يەرگە كېلىشى ئارقىلىق ئۇنداق ياكى بۇنداق بولىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش توغرىدۇر.

# ئىسيانچىلارنىڭ ھۆكۈملىرى

ئىسيانچىلاردىن، خۇددى <ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن ئەسەردە بايان قىلىنغىنىدەك باشلىقلىقى ئېتىراپ قىلىنغان باشلىققا ئورۇنسىز قارشى چىققان ئادەملەر مەقسەت قىلىنىدۇ. <ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورىنىڭ بۇ سۆزىگە ئالىم ئىبنى ئابىدىن (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق ئىزاھات بەردى: «ئۇنىڭ: <باشلىقلىقى ئېتىراپ قىلىنغان باشلىققا> دېگەن سۆزى ھوقۇقنى كۈچ بىلەن ئىگىلىۋالغان باشلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى بىر ئادەم ھوقۇقنى ئەسكەر كۈچى بىلەن ئىگىلىۋالغاندىن ۋە ئۇ ھۆكۈمرانلىقنى يېيىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قارشى چىقىش توغرا ئەمەس. بۇ ھەقتە ئالىملار شۇنداق دېگەن. ئۇنىڭ: <ئورۇنسىز> دېگەن سۆزىدىن باشلىققا قارشى

(1) سۈرە راھمان 5 ـ ئايەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 297 ـ بەت.

چىققانلارنىڭ سەۋەب كۆرسىتىپ قارشى چىققان ئىشتا ئورۇنسىز بولۇشلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ مەزكۇر سۆزىدىن ئۇلارنىڭ سەۋەب كۆرسىتىپ قارشى چىققان ئىشىدا ئورۇنسىز ئىكەنلىكلىرى كۆزدە تۇتۇلمىسا، ئۇلارنىڭ باشلىققا قارشى چىققان ئادەملەر بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بۇزمىلىغان ھالەتتە بولسىمۇ ئۆزلىرىنى ھەق ئۇيىتىدە، دەپ ئېتىقاد قىلىشى شەرتتۇر. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىنى بۇزمىلىغان ھالەتتە بولسىمۇ ئۆزلىرىنى ھەق ئۇيىتىدە، دەپ ئېتىقاد قىلمىغان تەقدىردە، ئۇلار باشلىققا قارشى چىققان ئادەم ئەمەس قاراقچىلار ھېسابلىنىدۇ.

## باشلىقنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ تۈرلىرى

1 ـ مەيلى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تايانسۇن، مەيلى تايانمىسۇن ئۆزلىرىنىڭ باشلىققا قارشى چىقىشلىرىنى بىرەر ئىشقا باھانە قىلماستىن باشلىققا قارشى چىقىپ كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېلىۋالغان، ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن ۋە يولۇچىلارغا تەھدىت سالغان ئادەملەردۇر. بۇلار بولسا <قاراقچىلار> دەپ ئاتىلىدۇ.

2 ـ بۇلارمۇ يۇقىرىدىكى كىشىلەرگە ئوخشاپ كەتكەن، ئەمما كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تايانمىغان ئادەملەردۇر. لېكىن بۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشلىققا قارشى چىقىشلىرىنى بىرەر ئىشقا باھانە قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھۆكمىمۇ قاراقچىلارنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

3 ـ بۇلار ئۆز ئالدىغا كۈچ ـ قۇۋۋەتى بار، گۇرۇھۋاز ۋە باشلىققا قارشى چىقىشلىرىنى بىرەر ئىشقا باھانە قىلغان ئادەملەردۇر. بۇلار بولسا، باشلىقنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى ياكى توغرا يولدا ئەمەسلىكىنى، ياكى ئۆلتۈرۈشنى لازىم قىلىدىغان بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ سالغانلىقىنى باھانە قىلىپ باشلىققا قارشى چىققانلاردۇر. بۇلار <خەۋارىج> دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنى تۆكۈشنى، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىشنى، ئاياللىرىنى ئەسىرگە ئېلىشنى ھالال، دەپ قارايدۇ ۋە ساھابىلەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نى كاپىر، دەپ قارايدۇ. بۇلارنىڭ ھۆكمى كۆپلىگەن فىقھشۇناس ۋە ھەدىسشۇناسلارنىڭ قارىشى بويىچە ئىسيان قىلىپ مۇسۇلمان باشلىققا

قارشى چىققان ئادەملەرنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئىمام مالىك (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇلاردىن تەۋبە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلسا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. ئەگەر ئۇلار تەۋبە قىلمىسا ئۆلتۈرۈلىدۇ» دېدى. بىر قىسىم ھەدىس ئالىملىرى ئۇلار ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھۆكمى خۇددى ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەملەرنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاخىر زاماندا ياش، نادان كىشىلەر چىقىدۇ. ئۇلار گەپنىڭ ياخشىسىنى قىلىدۇ. ئىمانى گېلىدىن ئۇ تەرەپكە ئۆتمەيدۇ. ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوقيا ئوقى تېشىپ چىقىپ كەتكىنىدەك چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلارنى قەيەردە ئۇچراتساڭلار، شۇ يەردە ئۆلتۈرۈڭلار. جەزمەنكى ئۇلارنى ئۆلتۈرگەن كىشىگە قىيامەت كۈنى ئەجىر بېرىلىدۇ»[1]

بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق رىۋايەت بايان قىلىنىدۇ: ئەبۇئۇمامە (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دەمەشقىنىڭ مەسچىتىنىڭ تەكچىللىرىگە ئادەم باشلىرىنىڭ تىزىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ بۇلار: «دوزاختىكىلەرنىڭ ئىتلىرىدۇر، بۇلار بۇرۇن مۇسۇلمان ئىدى كېيىن كاپىر بولۇپ كەتتى» دېدى. (مانا بۇلار بىر قىسىم ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئۇلارنى ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەملەر دەيدىغانلىقى ئۈچۈن كەلتۈرگەن دەلىل ـ پاكىتلىرىدۇر).

ئىبنى ئەلمۇنزىر (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەن بىرەر ئالىمنىڭمۇ ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئۇلارنى ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەم، دەپ قارىغان قاراشلىرىغا قوشۇلغانلىقىنى بىلمەيمەن» دېدى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەملەر ھېسابلانمايدىغانلىقىدا بارلىق فىقھشۇناسلارنىڭ بىرلىكى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىبنى ئەلمۇنزىر مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ مەزھەبىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ئادەملەردىندۇر. ئۇنىڭ: <مەن بىرەر ئالىمنىڭمۇ ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئۇلارنى ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەم، دەپ قارىغان قاراشلىرىغا قوشۇلغانلىقىنى بىلمەيمەن> دېگەن سۆزىگە ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپ ھەدىسنىڭ كېلىش ئىشى زىت ئەمەس. چۈنكى بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۇنىڭ ئىسلامدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس ئۇنىڭدىن كېلىدىغان زىياننى ۋە پىتنە ـ پاساتنى توسۇپ قىلىش ئۈچۈنمۇ بولىدۇ. ئىبنى ئەلمۇنزىرنىڭ مەزكۇر سۆزى يەنە ئەبۇئۇمامىنىڭ

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

سۆزىگىمۇ زىت كەلمەيدۇ. ئەبۇئۇمامە ئۇلارنى كاپىر، دەپ ئاتىدى. چۈنكى ئۇلار خۇددى «مۇسۇلماننى تىللاش پاسىقلىقتۇر، ئۇنى ئۆلتۈرۈش كۇپۇرلۇقتۇر» دېگەن ھەدىستە بايان قىلىنغىنىدەك كاپىرلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلدى. يەنى ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈردى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلدى.

ئۇلارنىڭ كاپىر ئەمەس ئەمما كاپىرلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، تەبرانىينىڭ مەزكۇر ھەدىسنى تۆۋەندىكى شەكىلدە رىۋايەت قىلىشىمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ. تەبراني (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئەبۇغالىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەبۇئۇمامە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «ئۇچ قېتىم ( بۇلار) دوزاخنىڭ ئىتلىرىدۇر. ئەڭ يامان ئۆلۈمدە ئۆلگەن كىشى ئاسماننىڭ ئاستىدا ئۆلگەن كىشى (يەنى ئۆلۈكى كۆمۈلمەي قالغان كىشىدۇر). ئەڭ ياخشى ئۆلۈمدە ئۆلگەن كىشى بۇ خىل كىشىلەر ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىلەردۇر» دېگەن، ئاندىن يىغلاپ كەتكەن. مەن: ئى ئەبۇئۇمامە! نېمىگە يىغلاپ كەتتىڭ، دېدىم. ئۇ: «ئۇلار بىزنىڭ دىنىمىزدىكى كىشىلەر ئىدى، دەپ ئۇلار ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى) بارىدىغان يەرلەرنى بايان قىلدى، ئاندىن يەھۇدىيلار 71 پىرقىگە، خىرىستىيانلار 72 پىرقىگە بۆلۈندى. بۇ ئۇممەت 73 پىرقىگە بۆلۈنىدۇ، 72 پىرقە دوزاختا بولىدۇ ۋە پەقەت بىر پىرقىلا جەننەتتە بولىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنىڭغا: «بىزگە ئۇلارنى (يەنى جەننەتتە بولىدىغان بىر پىرقىنى) سۈپەتلەپ بەرسەڭ» دېدۇق. ئۇ: «(ئۇلار) مۇسۇلمان جامائەتىدۇر» دېدى.[1] سەن بۇ يەردە ئەبۇئۇمامەنىڭ خەۋارىجلارنىمۇ مۇشۇ ئۇممەتنىڭ قاتارىدىن سانىغانلىقىنى كۆرۈۋسەن. خەۋارىجلارنى مۇشۇ ئۇممەتنىڭ قاتارىدىن ساناش فىقھشۇناسلارنىڭمۇ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام خىتابي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بارلىق ئىسلام ئالىملىرى خەۋارىجلارنىڭ گەرچە ئۇلار ئازغۇنلۇقنىڭ ئۇستىدە بولسىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ پىرقىللىرىدىن بىر پىرقە ھېسابلىنىدىغانلىقىغا، ئۇلار بىلەن ئۆيلىنىشكە، ئۇلار بۇغۇزلىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىدىن يېيىشكە بولىدىغانلىقىغا ۋە ئۇلار ئىسلامنىڭ ئاساسىنى چىڭ تۇتقان مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنىڭ كاپىر ھېسابلانمايدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى» دېدى.

4 ـ بۇلار ئادىل مۇسۇلمان باشلىققا ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققان مۇسۇلمان

(1) بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان كىشىلەر ئىشەنچلىك دەپ قارالغان كىشىلەردۇر. بۇ ھەدىسنى ھەم ئىبنى ماجە ۋە ئىمام تىرمىزىيلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

كىشىلىرىدۇر. بۇلار خەۋارىجلارغا ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنى تۆكۈشنى ۋە باللۇاقلىرىنى ئەسىرگە ئېلىشنى ھالال دەپ قارىمايدۇ. <فەتھۇلقەدىر> دېگەن ئەسەردە شۇنداق بايان قىلىنغان.

5 ـ بۇ مال ـ مۈلكىگە ياكى جېنىغا ياكى باللۇاقلىرىغا، ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ جانلىرىغا ۋە مال ـ مۈلكىگە قول سالماقچى بولغان زالىم باشلىققا بويسۇنۇشتىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن ئادەملەردۇر. بۇلار ئۆزرىلىك ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەملەر بىلەن ئورۇش قىلىش توغرا ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۈچىنىڭ يېتىشىچە (باشلىققا بويسۇنۇشتىن قېچىپ چىقىپ كېتىپ بولسىمۇ) ئۆزلىرىنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ۋە باللۇاقلىرىنى قوغدىشى لازىم. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ خەۋارىج ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئەگەر خەۋارىجلار ئادىل باشلىققا قارشى چىقسا، ئۇلار بىلەن ئورۇش قىلىڭلار. ئەگەر ئۇلار زالىم باشلىققا قارشى چىقسا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماڭلار. چۈنكى ئۇلارنىڭ (باشلىققا قارشى چىقىشىدا) سەۋەبى بار.»

<ھىررا> دېگەن يەردە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ ئوغلى ھۇسەين بىلەن مەدىنىلىكلەرنىڭ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەلزۇبەيرنىڭ، ئاندىن ئىبنى ئەلئەشئەس بىلەن ھەججاجغا قارشى چىققان قارىلارنىڭ باشلىرىغا كەلگەنلىرى (يەنى ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈشلىرىنىڭ ھۆكمى) ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ مەزكۇر سۆزىگە قارىتا بولىدۇ[1]. ئىمام ئەلھاپىز <ئەلفەتھى> دېگەن ئەسەردە شۇنداق بايان قىلغان.

## باشلىققا قارشى چىقىشنىڭ ھۆكمى

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر ئادەم باشلىقلىققا تەيىن قىلىنىپ كېيىن (خەلققا) زۇلۇم سالغان بولسا، ئۇ باشلىقنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەسكەر كۈچى بولسا باشلىقلىقتىن ئېلىپ تاشلانمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسكەر كۈچى بولغانلىقى ئۈچۈن كېيىن تەكرار يەنە باشلىقلىقنى ئېلىۋېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇنى باشلىقلىقتىن ئېلىۋېتىشنىڭ

(1) يەنى ئەگەر ئۇلار ئادىل باشلىققا قارشى چىققان بولسا، ئۇلار ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئۇلار زالىم باشلىققا قارشى چىققان بولسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش توغرا ئەمەس. ت.

ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەسكەر كۈچى بولمىسا، ئۇ باشلىقلىقتىن ئېلىۋېتىلىدۇ. چۈنكى بۇ ھالدا ئۇنى باشلىقلىقتىن ئېلىۋېتىش پايدا بېرىدۇ.»

<رەددۇلمۇھتار> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەقدە كىتابى بولغان <ئەلمەۋاقىف> دېگەن ئەسەرنىڭ ۋە ئۇنىڭ شەرھىسىنىڭ ئاپتورىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خەلقنىڭ ئەگەر باشلىقىدا ئۇنى ئەمەلدىن ئېلىپ تاشلىۋېتىشنى لازىم قىلىدىغان بىرەر سەۋەب كۆرۈلسە، ئۇنى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلىۋېتىش ھەققى بار. مەسىلەن: باشلىقتا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرغانلىقا ۋە دىن ئىشلىرىنى پەس چۈشۈرگەنلىككە ئوخشاش ئىشلار كۆرۈلسە، خەلقنىڭ ئۇنى باشلىقلىقتىن ئېلىۋېتىشى لازىمدۇر. شۇنىڭدەك ئەگەر ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنى رەتكە سالغانلىق ۋە دىن ئىشلىرىنى ئۈستۈن قىلغانلىق ئىشلار كۆرۈلسە، خەلقنىڭ ئۇنى ھوقۇقتا تۇرغۇزۇشى لازىم. ئەگەر باشلىقنى ھوقۇقتىن قالدۇرۇۋېتىش پىتنىگە سەۋەب بولىدىغان بولسا، (قاراب بېقىپ) ئىككى زىياننىڭ ئەڭ يەڭگىلى بار ئىشنى قىلىش لازىم. »[1]

<رەددۇلمۇھتار> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى بىر باشلىقنى ھوقۇقىدىن ئېلىۋېتىشنى لازىم قىلىدىغان سەۋەبلەرنى بايان قىلغان ۋاقتىدا، بۇ ھەقتە <ئەلمەقاسىد> دېگەن كىتابنىڭ شەرھىنىڭ ئاپتورىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر بىر باشلىقتا، ئۇنى باشلىقلىققا تەيىن قىلىشتىن كۆزدە تۇتۇلغان مەقسەت يوق بولۇپ كەتسە، ئۇ باشلىق ھوقۇقىدىن ئېلىۋېتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇ باشلىق ئىسلامدىن يېنىۋالغان ياكى پۈتۈنلەي ساراڭ بولۇپ قالغان ياكى دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان ۋە ئۇنى ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان ياكى ئۇ مەلۇماتلارنى ئۇنتۇپ قالىدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ياكى كۆر ياكى گاس، ياكى تىلى تۇتۇلۇپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنى ھوقۇقىدىن ئېلىۋېتىش لازىم. (چۈنكى ئۇ بۇ ئەھۋال ئاستىدا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى جايىدا ئېلىپ بارالمايدۇ). شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىنى

(1) يەنى باشلىقنى ھوقۇقىدىن ئېلىۋېتىش ئۇنى ھوقۇقىدا قالدۇرۇپ قويۇشقا قارىغاندا ئېغىر زىيان ئېلىپ كەلسە، بۇ ھالدا ئۇ ھوقۇقىدىن ئېلىۋېتىلمايدۇ. ئەمما ئۇنى ھوقۇقىدا قالدۇرۇپ قويۇش ئۇنى ھوقۇقىدىن ئېلىۋېتىشقا قارىغاندا ئېغىر زىيان ئېلىپ كەلسە، بۇ ھالدا ئۇنى ھوقۇقىدىن ئېلىۋېتىش لازىم. ت.

ياخشى قىلىشتىن ئاجىز كەلسە، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ھوقۇقىدىن ئېلىۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ھوقۇقىدىن ئېلىۋېتىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى ئاشكارا بولۇپ چىقىشى شەرت ئەمەس. ئۇ كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان تەقدىردە، ھوقۇقىدىن چۈشۈپ كەتسە بولىدۇ. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئوغلى ھەسەننىڭ ھوقۇقنى (مۇئاۋىيەگە) ئۆتۈنۈپ بېرىشى بۇنىڭغا قارىتىلىدۇ. ئەمما بىر باشلىقنىڭ ھېچقانداق سەۋەبسىز ئۆزىچە ھوقۇقتىن چۈشۈپ كېتىشىنىڭ (توغرا بولۇش ياكى بولماسلىقى ھەققىدە) ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. شۇنىڭدەك يەنە بىر باشلىقنىڭ پاسىق بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىنى ھوقۇقتىن ئېلىۋېتىش ياكى ئۇنداق قىلماسلىق ھەققىدىمۇ ئىختىلاپ بار. كۆپ ساندىكى ئالىملار: «ئۇ بۇ ھالدا ئۆزىنى ھوقۇقتىن ئېلىۋەتمەيدۇ» دەيدۇ. بۇ ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن توغرا، دەپ قارالغان قاراشتۇر. بۇ ھەقتە ئىمام مۇھەممەددىن ئىككى خىل كۆز قاراش رىۋايەت قىلىندى. لېكىن بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە: (ئەگەر خەلق ئۇنى باشلىقلىقتىن ئېلىۋېتىشنى خالىسا)، ئۇنى باشلىقلىقتىن ئېلىۋېتىشقا بولىدۇ.

<ئەلمۇسايەرە> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «ئەگەر بىر ئادەم باشلىققا تەيىن قىلىنغان ۋاقتىدا ئادىل بولغان، ئاندىن (خەلققە) زۇلۇم قىلىدىغان زالىم ۋە دىن ئىشلىرىنى ئۆز جايىدا قىلمايدىغان پاسىق ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم بۇ ھالدا ئۆزىچە ھوقۇقتىن چۈشۈپ بەرمەيدۇ. لېكىن ئەگەر بىرەر پىتنە چىقمايدىغان ئىش بولسا، (خەلقنىڭ) ئۇنى ھوقۇقتىن ئېلىۋېتىش ھەققى بار» دەيدۇ.

بىر باشلىقنىڭ پاسىق ۋە زالىم بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ ھوقۇقتىن چۈشۈپ كەتمەيدىغانلىقىنىڭ دەلىل - پاكىتى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بار. تۆۋەندىكى ھەدىسلەر ئۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر:

ئىبنى ئابباس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئۆز خەلىپىسىدىن (يەنى ئۆز مۇسۇلمان باشلىقىدىن) يۈز بەرگەن بىرەر ئىشنى گەرچە ياقتۇرمىسىمۇ سەۋر قىلسۇن، كىمكى خەلىپىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدىن بىر

غېرىچ چىقىپ كېتىدىكەن، ئۇ جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ.»[1]

ئۇبادە ئىبنى سامىت (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى بەيئەت بېرىشىمىزگە چاقىرىپ بىزدىن: «قىيىنچىلىق ۋە ئاسانچىلىق، خۇشال ۋە بىئارام بولغان چاغلىرىمىزدا، سۆزىدىن چىقماي ئۆزىگە بويسۇنۇشىمىزغا، شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىقىمىزغا، ھەر قانداق ۋاقىتلىرىمىزدا قىلىۋاتقان ئىشىدا ئاشكارا كۇپۇرلۇقنىڭ سادىر بولغانلىقىغا الله تەرەپتىن بولغان ھۆججىتىمىز بولمىسا، شۇ ئىشتا شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بىلەن (يەنى باشلىق بىلەن) تالاش ـ تارتىش قىلماسلىقىمىزغا» بەيئەت ئالدى.[2]

ئىبنى بەتتال (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مانا بۇ ھەدىس زالىم بولسىمۇ مۇسۇلمان باشلىققا قارشى چىقىشنىڭ بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن پاكىتتۇر. فىقھشۇناسلار ھوقۇقنى ئەسكەر كۈچى بىلەن ئېلىۋالغان باشلىققا بويسۇنۇشنىڭ ۋە ئۇنىڭ سېپىدا تۇرۇپ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭغا بويسۇنۇش ئۇنىڭغا قارشى چىققاندىن ياخشى ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن. چۈنكى باشلىققا قارشى چىققانغا قارىغانغا ئۇنىڭغا بويسۇنۇش مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنىڭ تۆكۈلمەسلىكىگە ۋە خەلقنىڭ ھۇزۇرىنىڭ بۇزۇلماسلىقىغا سەۋەبچى بولىدۇ. فىقھشۇناسلارنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىس ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەدىسلەردۇر. لېكىن ئەگەر باشلىقتا ئېنىق كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلار كۆرۈلسە، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا بويسۇنۇش توغرا ئەمەس. ئەكسىچە قادىر بولالايدىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى پەرزدۇر.»[3]

قازىي ئىياز مۇنداق دېدى: «بارلىق ئالىملار (مۇسۇلمانلار ئۈچۈن) كاپىر ئادەمنىڭ باشلىق بولۇشىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى. شۇنىڭغا ئاساسەن مۇسۇلمان بىر باشلىق كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان بىرەر ئىش قىلسا، ئۇ باشلىقلىقتىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئەگەر ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇماسلىق ياكى ناماز ئوقۇماسلىققا دەۋەت قىلغان ئىشلار كۆرۈلسە، بۇ ھالدىمۇ ئۇ باشلىقلىقتىن ئېلىپ تاشلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا كاپىرلىققا

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) «فەتھۇلبارى»، 13 ـ توم، 7 ـ بەت.

ئېلىپ بارىدىغان ياكى دىننى ئۆزگەرتىش، ياكى دىن نامىدىن دىنغا يېڭىلىق پەيدا قىلىدىغان ئىشلار كۆرۈلسە، بۇ ھالدا ئۇ باشلىقلىق چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ ۋە (مۇسۇلمانلارنىڭ) ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى لازىم بولمايدۇ. ئەكسىچە مۇمكىن بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلىشلىرى، ئۇنى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاپ ئورنىغا ئادىل بىر ئادەمنى باشلىق تىكلىشى پەرزدۇر. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنداق قىلىشقا كۈچى يەتمەيدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئۇ باشلىققا قارشى ھەرىكەت قىلىشى پەرز ئەمەس. بۇ ھالدا مۇسۇلمان دىنىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆز زېمىنىنى تاشلاپ باشقا يەرگە كېتىدۇ.»

بۇ ھەقتە يەنە كۆپلىگەن فىقھشۇناسلار، ھەدىسشۇناسلار ۋە ئىسلام پەيلوسوپلىرى مۇنداق دەيدۇ: «بىر باشلىق پاسىق، زالىم ۋە ھەق-ھوقۇقلارنى ئۆز جايىدا ئىجرا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ھوقۇقىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ، ئۇنى (ئەگەر ئۇنى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاش بىرەر پىتنىنىڭ چىقىشىغا سەۋەب بولىدىغان بولسا) ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاشقىمۇ بولمايدۇ. پىتنىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى، قانلارنىڭ تۆكۈلىدىغانلىقى، بۇ پىتنىنىڭ زىيىنىنىڭ بەك ئېغىر بولىدىغانلىقى، دۈشمەنلەرنىڭ مۇسۇلمانلارنى بېسىۋېلىش تەمەسىگە كېلىپ قالىدىغانلىقى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سۆزلىرى بىر بولمىغانلىقى ئۈچۈن دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشتىن ئاجىز كېلىپ قېلىش ئەندىشىسى بولۇپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ باشلىققا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈش توغرا ئەمەس. ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈپ ئۇنى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاش، ئۇنى ھوقۇقىدا قالدۇرۇپ قويغانغا قارىغاندا بەك ئېغىر زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتمەستىن ئۇنىڭغا ياخشى ۋەز - نەسىھەتلەرنى قىلىش، ياكى زۇلۇم قىلىشنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكى ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەرنى ئوقۇپ بېرىپ ئۇنى قورقۇتۇش ئارقىلىق قىلىۋاتقان زۇلۇملىرىدىن قايتۇرۇش لازىم.»

قازى ئىياز: «ئەبۇبەكىر ئىبنى مۇجاھىد زالىم ۋە پاسىق بىر باشلىققا شۇنداق قىلىش ھەققىدە ئالىملارنىڭ بىرلىكىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلدى» دېدى.[1]

(1) «ئىلائۇسسۇنەن»، 12 - توم، 618 - بەت.

# سەۋر ۋە تەقۋالىق قىلىشنىڭ بايانى

ئالىملارنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن سۆزلىرىدىن ئېنىق كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئىشلارنى قىلغان باشلىققا قارشى چىقىدىغانلارنىڭ، ئۇ باشلىققا قارشى چىقىش ئۈچۈن ئۇنى ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلىيالىغۇدەك كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ بولۇشىنىڭ ۋە خۇددى بىز جىھادنىڭ بابىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك ئۇلارنىڭ ھۆجۇمغا ئۆتۈش مەركىزىنىڭ بولۇشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز. ئەگەر ئۇلاردا بۇ ئىشلار تولۇق تېپىلمىسا، ئۇلارنىڭ (باشلىققا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتمەي) تاكى الله تائالانىڭ ئۇ باشلىقنى يوقۇتۇش ۋاقتى كەلگەنگە قەدەر سەۋر قىلىشى، تەقۋالىقنى قولدىن بەرمەسلىكى ۋە (الله تائالادىن ئۇنى تېزراق يوقۇتۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشى) لازىم. مانا بۇ سەۋر قىلىش ۋە تەقۋالىقنى قولدىن بەرمەسلىك ئىشى، ئىسرائىل ئەۋلادى پىرئەۋننىڭ ئۇلارغا سالغان چاپاسىدىن ۋە زۇلمىدىن شىكايەت قىلىپ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن ۋاقتىدا، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قىلغان نەسىھەتى ئىدى. الله تائالا بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «الله دىن مەدەت تىلەڭلار، سەۋر قىلىڭلار، يەر يۈزى ھەقىقەتەن الله نىڭ مۈلكىدۇر، (الله) ئۇنىڭغا بەندىلىرىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى ۋارىس قىلىدۇ؛ ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ» دېدى[1]» يۇسۇف ئەلەيھىسسالامۇ شۇنداق قىلىشقا ۋەسىيەت قىلغان ئىدى. الله تائالا بۇنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار: «سەن راستىلا يۇسۇفمۇ؟» دېدى. ئۇ: «مەن يۇسۇف، بۇ مېنىڭ ئىنىم. الله بىزگە مەرھەمەت قىلدى. كىمكى ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلىدىكەن، سەۋر قىلىدىكەن (ياخشى مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ)، چۈنكى الله ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ» دېدى[2]»

ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا بولۇپمۇ مۇسىبەت كەلگەن ۋە ئېغىر كۈنلەرگە قالغان چاغلاردا تەقۋالىق ۋە سەۋر قىلىش مۆمىنىنىڭ قورالىدۇر ۋە ئۇنىڭ ئوزۇقىدۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. الله ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ،

(1) سۇرە ئەئراق 128 - ئايەت.

(2) سۇرە يۇسۇف 90 - ئايەت.

كىمكى اللەغا تەۋەككۇل قىلسا، الله ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ، الله ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى»[1](ئى مۇھەممەد!) (اللەنىڭ يولىدا ساڭا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلغىن، سەۋرەڭ پەقەت اللەنىڭ ياردىمى بىلەنلا قولغا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ (ئىمان ئېيتمىغانلىقى) غا قايغۇرمىغىن. ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىسىدىن يۈرىكىڭ سىقىلمىسۇن. الله ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر[2]»

# ئادىل باشلىققا قارشى چىققان ئادەملەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ بايانى

بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار مۇسۇلمان باشلىققا قارشى چىقىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن ۋە دۆلەتنىڭ بىرەر شەھىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان بولسا، باشلىقنىڭ ئۇلارنى ئۆزىگە بويسۇنۇشقا چاقىرىشى ۋە خۇددى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قا ئوخشاش ئۇلاردىن نېمە ئۈچۈن قارشى چىققانلىقىنى سوراپ ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى شۈبھىلەرنى ئېنىقلىۋېتىشى ياخشىدۇر. خەۋارىجلار ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبقا قارشى چىققان ۋاقىتىدا، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىگە قايتىپ كىرىشكە چاقىرىش ۋە ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى شۈبھىلەرنى ئېنىقلىۋېتىش ئۈچۈن ئىبنى ئابباسنى ئەلچى قىلىپ ئۇلارغا ئەۋەتكەن ئىدى. ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بېرىپ ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلەشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن 2000 كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىگە قايتىپ كەلگەن ئىدى.

ئەگەر ئۇ بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسۇلمان باشلىققا قارشى چىقىشىنىڭ سەۋەبى باشلىقنىڭ ئۇلارغا زۇلۇم قىلغانلىقى سەۋەبى بىلەن بولغان بولسا، بۇ ھالدا باشلىق ئۇلارغا قىلغان زۇلۇمنى توختۇتۇشى لازىم. ئەگەر ئۇلار (باشلىققا قارشى چىقىش ئىشىدا) ئۆزلىرىنىڭ ھەق ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ۋە ھوقۇقنى

(1) سۈرە تالاق 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 3 ـ ئايەت.

(2) سۈرە نەھل 127 ـــ 128 ـ ئايەتلەر.

تۇتۇشقا ئۇ باشلىققا قارىغاندا ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ بەك لايىق ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلسا، بۇ هالدا ئۇلار ئىسيانچىلار ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلاردىن كېلىدىغان يامانلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشى توغرىدۇر. ئەگەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماستىن ئۇلاردىن كېلىدىغان يامانلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن بولسا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى بىرەر ھۆكۈمنىڭ يولغا قويۇلىشى ئۇنىڭغا بولغان زۆرۈرىيەتكە قارىتا بولىدۇ. مۇسۇلمان باشلىق ئەسىرگە چۈشكەن ئىسيانچىلارنى خالىسا ئۆلتۈرىدۇ، خالىسا تاكى تەۋبە قىلىپ ئىسيانكارلىقىدىن يانغانلىقىنى ئىلان قىلغانغا قەدەر تۇرمىگە تاشلايدۇ.

ئۇلارنىڭ بالىۋاقىلىرىنى ئەسىرگە ئېلىش ۋە ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىش توغرا ئەمەس. ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكى دۆلەتنىڭ قولىدا تاكى ئۇلار تەۋبە قىلىپ ئىسيانكارلىقىدىن يانغانلىقىنى ئىلان قىلغانغا قەدەر تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ. ئۇلار ئىسيانكارلىقىدىن يانغانلىقىنى ئىلان قىلغان ۋاقتىدا، مال ـ مۈلۈك ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇئۇمامە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مەن سەپپەين ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئىدىم. ئۇ ئۇرۇشقا قاتناشقانلار، ئۇرۇشتا يارىدار بولغانلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىمىغان ۋە قۇللارنى ئۆلتۈرمىگەن ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىكى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىۋالمىغان ئىدى.»[1]

بۇ ھەقتە يەزىد ئىبنى سەبىئەتۇلئەبەسي مۇنداق دەيدۇ: «تۆگە كۈنى[2] (يەنى يوم الجمل) كىشىلەرگە مەسئۇل بولغان بىر ئادەم: ئۇرۇشتا يارىدار بولغانلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىمايدۇ ۋە قۇللار ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. كىم قورال ـ ياراقلىرىنى تاشلىسا ئۇنىڭغا چېقىلىشقا بولمايدۇ، دەپ ۋاقىرىدى. بۇ بىزگە قاتتىق ئېغىر كەلگەن ئىدى.»[3]

بۇلارنىڭمۇ خۇددى كاپىرلارنىڭكىگە ئوخشاش ئاياللىرىنى، بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىلىرىنى ۋە ئۇرۇشقا قېتىلمىغان ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يارىلانغان ئادەملەرنى

(1) بۇ ئەسەرنى ھاكىم رىۋايەت قىلدى ۋە ئەسەرنىڭ رىۋايەت قىلىنىش يوللىرى توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەندۇر، دېدى. بۇ ئەسەرنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىگە ئىمام زەھەبىيمۇ ئىقرار قىلدى.

(2) بۇ ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ تەرەپدارلىرى بىلەن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ تەرەپدارلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشتۇر. ت.

(3) بۇ ئەسەرنى ھاكىم رىۋايەت قىلدى.

ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئالدىراشقا بولمايدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يارىلانغان ئادەملەرنىڭ سېپىغا قېتىلىۋالىدىغان قوشۇنلىرى بولسا، بۇ هالدا ئۇلار ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئەگەر ئىسيانچىلار (ئۇرۇشنى توختۇتۇش ئۈچۈن) كېلىشىم تۈزۈشكە چاقىرغان ۋە ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىق بولىدىغان بولسا، مۇسۇلمان باشلىقنىڭ ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈششى لازىم ۋە ئۇلاردىن بىر نەرسە ئېلىنمايدۇ. ئەگەر بىز ئۇلاردىن گۆرۈگە ئادەم ئالغان ۋە (بىزمۇ ئۇلارغا گۆرۈگە ئادەم بەرگەن) بولساق، ئۇلار بىزگە خىيانەت قىلىپ بىزنىڭ گۆرۈگە قويغان ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، بىز گۆرۈگە ئالغان ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيمىز. لېكىن گۆرۈگە ئېلىنغان ئۇلارنىڭ ئادەملىرى تاكى ئىسيانچىلار يوق بولۇپ تۈگىگەنگە ياكى تەۋبە قىلىپ قايتىپ كەلگەنگە قەدەر تۇتۇپ تۇرۇلىدۇ.[1]

خارلاش ۋە باشقىلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمان باشلىققا ئورۇنسىز قارشى چىققان ئىسيانچىلاردىن (مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا) ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ، قاراقچىلارنىڭ ۋە دادىسىنى ياكى ئانىسىنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمنىڭ نامىزى ئوقۇلمايدۇ.[2]

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 3 ـ توم، 311 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇهتار»، 1 ـ توم، 583 ـ بەت.

# ئىككىنچى بۆلۈم

# ئىسلام دىنىدىكى قازىيلىق تۈزۈملىرى

# ئىسلام دىنىدىكى قازىيلىق تۈزۈملىرىنىڭ بايانى

## قازىيلىقنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ مۇھىملىقى:

**قازىيلىق دېمەك ھۆكۈم چىقارماق دېمەكتۇر.**

**ئىسلام شەرىئەتىدە قازىيلىق، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆچ ـ ئاداۋەت ۋە جىدەل ـ ماجرالارنى تۈگىتىش، دېگەن مەنادىدۇر.**

**قازىيلىق ئىسلام جەمئىيىتىدە ناھايىتى چوڭ رولى بار مۇھىم بىر ئەمەلدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان باشلىقنىڭ قازىيلىق مەنسەپكە ئەڭ لايىق ئادەمنى ئولتۇرغۇزۇشى ئۈچۈن (كىمنىڭ بۇنىڭغا لايىق ئىكەنلىكىنى) قاتتىق تەكشۈرۈپ چىقىپ ئۇ مەنسەپتە ئۇنىڭغا ئەڭ لايىق ئادەمنى ئولتۇرغۇزۇشى لازىم. چۈنكى قازىيلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىمىدۇر. بۇ مەنسەپكە كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن ئەڭ بىلىملىكى، قازىيلىققا ئەڭ قۇدرەتلىكى، ئەڭ ھۆرمەتلىكى ۋە كەلگەن مۇسىبەتكە ئەڭ سەۋر قىلىدىغىنى لايىقتۇر.**

**ئىمام بۇخارى كىتابىدا: بىر ئادەم قاچان قازى بولۇشقا لايىق بولىدۇ؟ دەپ قازىيلىق ئۈچۈن خۇسۇسى بىر باب ئايرىشى قازىيلىقنىڭ ئىسلامدا ناھايىتى مۇھىم بىر مەنسەپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.**

**ئاندىن ئىمام بۇخارى (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھەسەننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا (كىشىلەرنىڭ ئىچىدە) ھۆكۈم چىقىرىدىغانلاردىن نەپسى خاھىشقا ئەگەشمەسلىككە، كىشىلەردىن قورقماسلىققا ۋە الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئاز پۇلغا ساتماسلىققا ۋەدە ئالدى. ئاندىن ھەسەن بۇ ھەقتە كەلگەن الله تائالانىڭ بۇ ئايەتلىرىنى ئوقۇدى: «ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى**

اللەنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، اللەنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) نى ئۇنتۇغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ[1]» «بىز ھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار، (اللە نىڭ ھۆكمىگە) بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا (تەۋرات بىلەن) ھۆكۈم قىلىدۇ، (يەھۇدىيلارنىڭ) زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرىمۇ (ئۆزگەرتىشتىن) ساقلاشقا بۇيرۇلغان كىتابۇللا (يەنى تەۋرات) بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇلار تەۋراتنى (ئۆزگەرتىشتىن ساقلاشقا) نازارەتچى ئىدى. (ئى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى!) كىشىلەردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار. مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئاز پۇلغا تېگىشمەڭلار (يەنى پۇل ـ مال، مەنسەپ ۋە پارا ئۈچۈن ئايەتلىرىمنىڭ ھۆكمىنى ئۆزگەرتىۋەتمەڭلار)، كىملەركى اللە نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر[2]» «داۋۇت بىلەن سۇلايماننىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا بىر قەۋمنىڭ قويى كېچىسى زىرائەتنى يەپ (بۇزۇۋەتكەندە)، ئۇ ئىككىسى زىرائەت توغرىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھۆكمىگە بىز شاھىد ئىدۇق. قانداق ھۆكۈم قىلىشنى بىز سۇلايمانغا بىلدۈردۇق، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ھېكمەتنى ۋە ئىلمنى ئاتا قىلدۇق[3]» يەنى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام مەدھىيەلەندى، ئەمما داۋۇد ئەلەيھىسسالام مالامەت قىلىنمىدى. ئەگەر اللە تائالا بۇ ئىككى پەيغەمبەرنىڭ بۇ ھەقتىكى قىسسىسىنى بايان قىلمىغان بولسا، ئەلۋەتتە مەن قازىيلارنىڭ ھالاك بولغانلىقىنى كۆرەتتىم. چۈنكى اللە تائالا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ بىلىملىك بولغانلىقى بىلەن مەدھىيەلىدى ۋە داۋۇد ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭ ئىجتىھاد قىلغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۆزرۈلۈك ھېسابلىدى.

مۇزاھىم ئىبنى زۇپەر مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز بىزگە: «(قازىيدا تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان) بەش نەرسە بولۇپ، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى قازىدا تېپىلمىسا، ئۇنىڭدا بىر كەمچىلىك تېپىلغان بولىدۇ. (ئۇ بەش نەرسە) قازىينىڭ چۈشەنچىلىك، ئېغىر ـ بېسىق، ئېپپەتلىك، ئىرادىلىك، بىلىملىك ۋە بىلىمدىن كۆپ سوئال سورايدىغان ئادەم بولۇشى لازىم» دېگەن.

(1) سۈرە ساد 26 ـ ئايەت.

(2) سۈرە مائىدە 44 ـ ئايەت.

(3) سۈرە ئەنبىيا 78 ـ ئايەت ۋە 79 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىمام شافىئىينىڭ شاگىرتى ئەبۇئەلى ئەلكىرابىسىي <ئەدابۇلقەدا> دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېدى: «مەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن ئەڭ پەزىلەتلىك، راستچىل، بىلىملىك، تەقۋادار، قۇرئانىنى كۆپ ئوقۇيدىغان، قۇرئانىنىڭ كۆپلىگەن ھۆكۈملىرىنى بىلىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى بىلىدىغان، ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى يادقا بىلىدىغان، ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ياد ئالغان، ئۇلارنىڭ قايسى مەسىلىدە بىر پىكىرگە كەلگەنلىكىنى ۋە قايسى مەسىلىدە ئىختىلاپلىشىپ قالغانلىقىنى بىلىدىغان، تابىئىنلەرنىڭ ئىچىدىن چىققان فىقھىشۇناسلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ توغرىسىنى خاتاسىدىن ئايرىيالايدىغان، بىرەر مەسىلىدە ھۆكۈم چىقارماقچى بولسا قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان، ئۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمى قۇرئاندا بولمىسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان، ئۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدە بولمىسا، ساھابىلەرنىڭ بىرلىكى بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان، ئەگەر ئۇ ھۆكۈم قىلماقچى بولغان مەسىلىدە ساھابىلەر (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئىختىلاپلىشىپ قالغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سۆزى قۇرئانغا، ئۇنىڭدىن قالسا سۈننەتكە، ئۇنىڭدىن قالسا كاتتا ساھابىلەرنىڭ پەتىۋالىرىغا ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدىغانلارنىڭ سۆزى بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان، ئىلىملىكلەر بىلەن كۆپ سۆھبەت ئۆتكۈزىدىغان ۋە مەسلىھەتلىشىدىغان، تىلىنى، گىلىنى ۋە ئەۋرىتىنى (ھارامدىن) ساقلايدىغان، دەۋاگەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ياخشى چۈشىنىدىغان، ئەقىللىك ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەستىن يىراق تۇرىدىغان ئادەمنىڭ قازىيلىققا ئەڭ لايىق ئادەم ئىكەنلىكىدە سەلەپ ئالىملىرىنىڭ ئارىسىدا بىرەر ئىختىلاپ بارلىقىنى ھېچ بىلمەيمەن. بىز يەر يۈزىدە مەزكۇر سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىغان بىرەر كىشىنىڭ تېپىلمايدىغانلىقىنى بىلسەكمۇ، لېكىن قازىيلىققا ھەر زامان، شۇ ۋاقىتتىكى ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن ئەڭ كامالەتكە يەتكەن ۋە ئەڭ پەزىلەتلىك كىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.[1]

## دەۋانىڭ ۋە جىدەل ـ ماجرانىڭ تەرەپلىرى

قازىنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان ھەر بىر دەۋا ۋە جىدەل ـ ماجرانىڭ ئالتە خىل تەرەپى بولىدۇ:

(1) «فەتھۇلبارى»، 13 ـ توم، 146 ـ بەت.

1 ـ ھۆكۈم. ھۆكۈم بولسا قازىنىڭ: مەن (بۇ ھۆكۈمنى) چىقاردىم ۋە بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈم قىلدىم، ياكى مېنىڭ قارىشىمچە (بۇ ئىشنىڭ ھۆكۈمىنىڭ مۇنداق ئىكەنلىكى) ئىسپاتلاندى ۋە ئاشكارا بولدى، دېگەنگە ئوخشاش قازىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزدۇر. ئەمما قازىنىڭ ئىگىسى يوق كىچىك باللارنى ئۆيلەندۈرۈپ قويغىنىغا، يېتىملەرگە بىر نەرسە ئېلىپ بەرگىنىگە ياكى ئۇنىڭ بىر نەرسىسىنى سېتىپ بەرگىنىگە، ياكى يەر ئىگىللىرىگە يەرنى تەقسىم قىلىپ بەرگىنىگە ئوخشاش ئىشلىرى ئۇنىڭ شۇ ئىشنىڭ ئۆزىدىكى ھۆكمى بولىدۇ. الله تائالا خالىسا بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختۇتۇلۇپ ئۆتىمىز.

2 ـ چىقىرىلغان ھۆكۈم. بۇ تۆت قىسىم بولىدۇ:

● پەقەت الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئالاقىدار ھۆكۈم. مەسىلەن: زىنانىڭ ۋە ھاراق ئىچكەنىنىڭ جازاسىغا ئوخشاش.[(1)]

● پەقەت بەندىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئالاقىدار ھۆكۈم. مەسىلەن: (بىرسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى يېۋېلىشقا ئوخشاش).

● الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقى بىلەن بەندىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى بىرلەشكەن، ئەمما الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقى ئېغىر بېسىپ كېتىدىغان ئىشلارغا ئالاقىدار ھۆكۈم. مەسىلەن: بوھتان چاپلىغان، ياكى ئوغۇرلۇق قىلغان جىنايەتنىڭ جازاسىغا ئوخشاش.

● الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقى بىلەن بەندىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى بىرلەشكەن، ئەمما بەندىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى ئېغىر بېسىپ كېتىدىغان ئىشلارغا ئالاقىدار ھۆكۈم. مەسىلەن: قىساس جازاسىغا ئوخشاش.

چىقىرىلغان ھۆكۈمنىڭ ئېنىق بولۇشى شەرتتۇر.

3 ـ ھۆكۈم چىقىرىلىپ بېرىلىدىغان تەرەپ. بۇ تەرەپ پەقەت الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ۋە الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقى بىلەن بەندىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى بىرلەشكەن، ئەمما الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقى ئېغىر بېسىپ كېتىدىغان ئىشلارغا ئالاقىدار ھۆكۈملەردە شەرتئەتتۇر. (يەنى بۇ ئىشلاردا دەۋاگەر تەرەپ

(1) الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقىدىن پايدىسى ياكى زىيىنى بىرەر ئادەمگە ئەمەس پۈتۈن خەلققا تېگىدىغان ئىشلار مەقسەت قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ھاراق ئىچكەن ئادەم ئالدىغا ئۇچرىغان چوڭ ـ كىچىك، قىرى ـ ياش ھەممىسىنى تىللايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە زىناخورمۇ بۇ گۈن بىرسىنىڭ ئايالى ياكى قىزى بىلەن زىنا قىلسا، ئەتىسى باشقا بىرسىنىڭ ئايالى ياكى قىزى بىلەن زىنا قىلىدۇ. شۇڭا زىنا قىلىش ۋە ھاراق ئىچىش الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ت.

شەرىئەت بولىدۇ). لېكىن اللە تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئالاقىدار ئىشلاردا (قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ) دەۋا قىلىشىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمما بۇ تەرەپ، پەقەت بەندىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ۋە اللە تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقى بىلەن بەندىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى بىرلەشكەن، ئەمما بەندىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى ئېغىر بېسىپ كېتىدىغان ئىشلارغا ئالاقىدار ھۆكۈملەردە دەۋاگەردۇر. دەۋاگەر بولسا، دەۋا قىلىشتىن ۋاز كەچسە دەۋا قىلىشقا مەجبۇر قىلىنمايدىغان ئادەمدۇر. دەۋاگەرگە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بېرىلىدىغان ۋاقىتدا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ياكى ۋەكىلىگە ياكى ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادىمىگە، ياكى ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاش ئۇنىڭغا ئورۇنباسار بولىدىغان بىر ئادەمنىڭ (ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىلىدىغان يەرگە) كېلىشى شەرتتۇر.

4 ـ ئۇستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلغان تەرەپ. بۇ، مۇئەييەن بىر ئادەم بولىدۇ، ياكى بىر نەچچە كىشى بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن شېرىك بولغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قىساس ئېلىشقا ھۆكۈم چىقىرىلغىنىغا ئوخشاش بىر نەچچە ئادەم بولىدۇ.

5 ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئادەم. بۇ، ياكى مۇسۇلمان باشلىقتۇر ياكى قازىدۇر، ياكى (بىر ئىش ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن كىشىلەر تەرىپىدىن) تاللانغان ئادەمدۇر. ئادىل باشلىقنىڭ ۋە قازىنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرى (قانداق ئىش بولسا بولسۇن شەرتسىز) ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەمما (بىر ئىش ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن كىشىلەر تەرىپىدىن) تاللانغان ئادەمنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشقا سالاھىيىتى توشقان ئادەم بولۇشى ۋە (ھاراق ئىچكەنگە ۋە زىنا قىلغانغا ئوخشاش) ئىشلار ۋە قىساس ھەققىدە ھۆكۈم چىقارماسلىقى شەرتتۇر. اللە تائالا خالىسا بىز بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختۇتۇلۇپ ئۆتىمىز.

6 ـ قازىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن تۇتقان يولى. بۇ يول چىقىرىلغان ھۆكۈمگە قارىتا باشقا ـ باشقا بولىدۇ. پەقەت بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئالاقىدار ئىشلاردا بۇ يول دەۋا ۋە پاكىتتىن ئىبارەتتۇر. پاكىت بولسا ھۆججەتتۇر ياكى ئىقراردۇر ياكى قەسەمدۇر ياكى قەسەم ئىچىشتىن باش تارتىشتۇر ياكى قەسەم ئىچىششتۇر ياكى ھۆكۈم چىقارماقچى بولغان ئىشتا قازىنىڭ مەلۇماتىنىڭ

بولۇشىدۇر[1]، ياكى شەك قويمىغىدەك دەرىجىدە ئالامەتنىڭ بولۇشىدۇر. مەسىلەن: كىشىلەر بىر ئادەمنىڭ بىر قورۇدىن قولىدا قانغا مىلەنگەن پىچاق تۇتقان، چىرايىدا قورقۇنچىنىڭ ئەسىرى بار ھالەتتە ناھايىتى تېز مېڭىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن، ئاندىن ئۇلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ قورۇغا كىرسە، قورۇدا بىر كىشىنىڭ بوغۇزلانغان ھالىتىدە ئۆلۈك ياتقانلىقىنى ئۇچراتقان ۋە قورۇدا چىقىپ كەتكەن ھېلىقى ئادەمدىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمىگەن بولسا، بۇ ھالدا قورۇدىن چىقىپ كەتكەن ھېلىقى ئادەم (قورۇدىكى ئۆلۈكنىڭ قاتىلى، دەپ قارىلىپ) سوراققا تارتىلىدۇ. مانا بۇ قورۇدىن چىقىپ كەتكەن ئادەمنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئېنىق ئالامەتتۇر. چۈنكى بىرەر ئادەممۇ ئۇنىڭ قاتىل ئىكەنلىكىدە شەك قىلمايدۇ. ئۆلۈك ياتقان كىشىنى (قورۇدىن چىقىپ كەتكەن ھېلىقى ئادەم ئەمەس) باشقا بىرسى بوغۇزلىدى، ئاندىن ئۇ ئادەم تامنىڭ ئۇستىگە چىقىۋالدى، ياكى ئۇ كىشى ئۆزىنى ئۆزى بوغۇزلىدى، دەپ قاراپ پەرز قىلىش بۇ، ھېچكىم قۇلاق سالمايدىغان دەرىجىدە ئېھتىمالدىن ناھايىتى يىراق بولغان بىر پەرەزدۇر. چۈنكى بۇ پەرەزنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوقتۇر.

ھەنەفىي ۋە شافىئىي مەزھەپىنىڭ ئىماملىرى بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئالاقىدار ئىشلاردا چىقىرىلىدىغان ھۆكۈمنىڭ توغرا بولۇشى ۋە ئېتىبارغا ئېلىنىشى ئۈچۈن توغرا دەۋا شەرتتۇر ۋە بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئالاقىدار ئىشلاردا چىقىرىلىدىغان ھۆكۈم ئۈچۈن شەرىئەت ئېتىراپ قىلىدىغان دەۋا لازىمدۇر. ئەگەر قازى ئۈستىدە دەۋا بار بىر ئىشنىڭ ھەقىقتى، تېشىدا كۆرۈنگىنىدەك ئەمەسلىكىنى ۋە ئەمەلىيەتتە ئىككى دەۋاگەرنىڭ ئارىسىدا ئۇ ئىش ئۈستىدە ھېچقانداق بىر دەۋا ۋە جىدەل ـ ماجرانىڭ يوقلىقىنى بىلسە، قازى بۇ ئىش ئۈستىدىكى دەۋانى تىڭشىمايدۇ، ئۇ ئىش ھەققىدە چىقىرىلغان ھۆكۈم ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ساختىلىق قوللانغان ئىشلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىلىش ئۈچۈن ھېلە ئىشلىتىش توغرا ئەمەس. ئەگەر قازى ئۇ ئىشنىڭ ھەقىقتىنى بىلمەي ئۇنىڭ ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى ئىجرا قىلىنىدۇ ۋە قازى (ئىشنىڭ ھەقىقتىنى) بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزرىلىك ئادەم ھېسابلىنىدۇ.[2]

---

(1) مەسىلەن: بىر ئىش ئۈستىدە ئىككى ئادەم دەۋا قىلىپ كەلگەن ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ قولىدا پاكىت بولمىغان، ئەمما ئۇ ئىش ھەققىدە قازىنىڭ تولۇق خەۋىرى بولغان بولسا، قازى ئۇ ئىش ئۈستىدە چىقىرىدىغان ھۆكۈمنى ئۆزىنىڭ ئۇ ئىش ھەققىدىكى بىلىدىغان خەۋىرىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپلا چىقارسا بولىدۇ. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 298 ـ بەت.

# قازىيلىققا لايىق بولىدىغان ئادەمدە تېپىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

بىر ئادەمنىڭ قازىلىقىنىڭ ۋە قازى بولۇپ بولغاندىن كېيىن چىقارغان ھۆكۈمىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمدە تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ تېپىلىشى لازىم بولىدۇ:

1 ـ ئۇ ئادەم مۇسۇلمان بولۇشى لازىم.

2 ـ ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا بولغان ئادەم بولۇشى لازىم.

3 ـ بالاغەتكە يەتكەن بولۇشى لازىم.

4 ـ ھۆر ئادەم بولۇشى لازىم.

5 ـ كۆزى كۆرمەيدىغان كور ئادەم بولماسلىقى لازىم.

6 ـ بۇرۇن بىرەرسىگە بوھتان چاپلىغانلىقى ئۈچۈن بوھتان جازاسى بېرىلمىگەن بولۇشى لازىم.

بۇ شەرتلەر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۈستىدىن گۇۋاھلىق بېرىدىغان بىر ئادەمدە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەردۇر. شۇڭا بۇ شەرتلەر <گۇۋاھلىق شەرتلىرى> دەپ ئاتىلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ ھەتتا ئۇنىڭدا گۇۋاھلىق شەرتلىرى (يەنى مەزكۇر شەرتلەر) تولۇقلانماي تۇرۇپ قازىيلىق مەنسىپىگە ئولتۇرۇشى توغرا ئەمەس. چۈنكى قازىيلىقنىڭ ھۆكمى گۇۋاھلىق بېرىش ھۆكمىدىن چىقىرىلىدۇ. يەنى بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشكە شەرتى توشقان ئادەمنىڭ قازىيلىققا شەرتى توشىدۇ. گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەمدە تېپىلىش شەرت قىلىنغان نەرسىلەر قازى بولىدىغان ئادەمدىمۇ تېپىلىش شەرتتۇر. پاسىق ئادەمنىڭمۇ قازىيلىققا تەيىن قىلىنىشى توغرىدۇر. لېكىن ئۇنىڭ قازىيلىققا تەيىن قىلىنماسلىقى ياخشىدۇر. چۈنكى ئۇ، پاسىق ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ، ئۈچ ئىمامنىڭ (يەنى ئىمام ئەبۇھەنىفە، ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد قاتارلىقلارنىڭ) كۆز قارىشىدۇر. بۇقاراشنى ئىمام تەھاۋىي توغرا قاراشتۇر، دېدى. ئىمام ئەلئەينىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بولۇپمۇ ھازىرقى زاماندا پەتىۋا بۇ قاراش بىلەن بېرىلىشى لازىم» دېدى. يەنى پاسىق ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل

قىلىنماسلىقى ياخشىدۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار[1]»

س: بىر ئادەمنىڭ قازى بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىجتىھاد قىلالايدىغان ئالىم بولۇشى شەرتمۇ؟

ج: توغرا دەپ قارالغان قاراش بولسا، ھەر ۋاقىت ۋە ھەر شەھەردە ئىجتىھاد قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەن ئادەمنىڭ تېپىلىشى قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن قازى بولىدىغان ئادەمنىڭ ئىجتىھاد قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەن ئادەم بولۇشى (يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن شەرتلەرگە ئوخشاش ئاساسىي شەرتلەردىن ئەمەس ئۇ پەقەت) تېپىلىشى ياخشى بولىدىغان شەرتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر.[2]

(ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن كاپىر بىر ئادەمنى قازىيلىققا تەيىن قىلىش توغرىدۇر. مانا بۇ بىزگە مەيلى دۇرۇزىي بولسۇن، مەيلى خىرىستىيان بولسۇن، دۇرۇز شەھرىدە تەيىن قىلىنغان قازىنىڭ ھۆكمىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. قازى مەيلى دۇرۇزىي بولسۇن، مەيلى خىرىستىيان بولسۇن، ئۇنىڭ مۇسۇلمان بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكۈمى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى دۇرۇزىي ئۆزىنى مۇسۇلمان، دەپ ئاتىسىمۇ خۇددى مۇناپىققا ۋە زىندىققا ئوخشاش دىنى يوق بىر ئادەمدۇر. <ئەلخەيرىيە> دېگەن كىتابتا دۇرۇزىي بىر ئادەمنىڭ مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدىن بەرگەن گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى ھەققىدە پەتىۋا بېرىلگەن. كۈچلۈك دەپ قارالغان رىۋايەتكە ئاساسەن دۇرۇزىي بىر قازىنىڭ خىرىستىياننىڭ ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكۈمى، ياكى خىرىستىيان بىر قازىنىڭ دۇرۇزىي ئادەمنىڭ ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكۈمى قوبۇل قىلىنىدۇ.[3]

ئايال كىشىنىڭ (ھاراق ئىچكەنگە ۋە زىنا قىلغانغا ئوخشاش) ئىشلاردىن ۋە قىساستىن باشقا ھەممە نەرسىدە قازىلىق قىلىشى توغرىدۇر. ئەمما ئۇنىڭ (ھاراق ئىچكەنگە ۋە زىنا قىلغانغا ئوخشاش) ئىشلاردا ۋە قىساستا قازىلىق

(1) سۈرە ھۇجۇرات 6 ـ ئايەت.

(2) «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 101 ـ بەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 299 ـ بەت.

قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئايال كىشىنىڭ (هاراق ئىچكەنگە ۋە زىنا قىلغانغا ئوخشاش) ئىشلار ۋە قىساس ھەققىدە بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بىز بۇ ھەقتە الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا توختۇتۇلۇپ ئۆتىمىز.

## قازىيلىققا تەيىن قىلىنىشنىڭ ھۆكمى

كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىپ قالارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىنىدىغان ئادەمنى قازىيلىققا تەيىن قىلىش ھارامغا يېقىن مەكرۇھتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرىدە كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىپ قېلىشى كۈچلۈك ئېھتىمال بولسا، ئۇنىڭ قازىيلىققا تەيىن قىلىنىشى ھارامدۇر. دەۋاگەرلارنىڭ دەۋاسىنى ياخشى ئاڭلىيالماي قالارمىكىم، ياكى ھەقنى (قورقماستىن) سۆزلەشتىن ۋە پارە ئالماسلىقتىن ئىبارەت قازىيلىقنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلالماي قالارمىكىم، دەپ ئۆزىدىن ئەندىشە قىلىدىغان ئادەمنىڭ قازى بولۇشى مەكرۇھتۇر. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قازىيلىققا شەرتى توشسا، ياكى ئۇ ئادەم (ھۆكۈم چىقىرىش جەريانىدا كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىپ سالماسلىقىدىن) خاتىرجەم بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قازى بولۇشى مەكرۇھ ئەمەستۇر.

س: ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قازىيلىققا شەرتى توشۇپ (قازىيلىق ۋەزىپىسى) ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىپ قالغان ۋە بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشتىن باش تارتقان بولسا، ئۇ ئادەم بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىپ ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر قىلىنامدۇ؟

ج: كۈچلۈك كۆز قاراشقا ئاساسەن: ئۇ ئادەم بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىپ ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر قىلىنىدۇ. لېكىن <ئەلئىختىيار> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى: «(قازىيلىققا شەرتى توشۇپ (قازىيلىق ۋەزىپىسى) ئۈستىگە يۈكلىنىپ قالغان ئادەمنىڭ قازىيلىق قىلىشى پەرزدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشتىن باش تارتسا، ئۇ ئادەم بۇ ۋەزىپىنى قوبۇل قىلىپ ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر قىلىنمايدۇ» دەپ بايان قىلدى.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۈچ قېتىم قازى بولۇشقا دەۋەت قىلىنسىمۇ قازى بولۇشقا ئۇنىمىدى. ھەتتا ئۇ ھەر قېتىمدا 30 قامچا ئۇرۇلدى.

ئۇ ئۇچۇنچى قېتىم قازى بولۇشقا دەۋەت قىلىنغان ۋاقتىدا، مەن شاگىرتلىرىم بىلەن مەسلىھەت قىلىپ (جاۋابىنى بىرەي دەپ) كېلىپ ئەبۇيۇسۇفكە مەسلىھەت سالدى. ئەبۇيۇسۇف (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىمام ئەبۇھەنىفەگە: «ئەگەر قازى بولساڭ كىشىلەرگە كۆپ پايدا يەتكۈزەتتىڭ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمام ئەبۇھەنىفە (اﷲ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئەبۇيۇسۇفكە غەزەب بىلەن قاراپ: «مەن خۇددى بىر قازىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ سېنى دېڭىزدىن سۇ ئۈزۈپ ئۆتۈشكە بۇيرۇسام، سەن شۇنداق قىلالامسەن؟» دېدى.

ئىمام مۇھەممەدمۇ قازى بولۇشقا دەۋەت قىلىندى. ئۇ قازى بولۇشنى قوبۇل قىلمىغان ئىدى. (تۈرمىگە) سولاپ قويۇلدى ۋە ئاخىرى قازى بولۇشنى مەجبۇرىي ھالدا قوبۇل قىلغان.

قازى بولۇشقا شەرتى توشمىغان ئادەمنىڭ قازىيلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشى شەك يوق ھارامدۇر. چۈنكى ئىمام ئەبۇداۋۇد بۇرەيدىنىڭ دادىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قازى (يەنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئادەم) ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: ئىككى تۈرلۈك قازى دوزاختا ۋە بىر تۈرلۈك قازى جەننەتتە بولىدۇ. ھەقىقەتنى تونۇپ يېتىپ ئۇ بويىچە ھۆكۈم قىلغان ئادەم جەننەتتە بولىدۇ. ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەن، ئەمما ئۇ بويىچە ھۆكۈم قىلماي ھۆكۈم قىلغاندا زۇلۇم قىلغان ئادەم دوزاختا بولىدۇ. (يەنە) ھەقىقەتنى بىلمىگەن ۋە نادانلىقى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغان ئادەم دوزاختا بولىدۇ.»

بىر ئادەم قازىيلىق مەنسىپىنى كۆڭلىدە ياكى تىلىدا تەلەپ قىلمايدۇ. چۈنكى مەنسەپ ئۇنى تەلەپ قىلغان ئادەمگە بېرىلمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار ئەنەس (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى قازىيلىقنى تەلەپ قىلىپ (ئېرىشسە)، قازىيلىق ئۇنىڭ ئۆزىگە يۈكلىنىدۇ (يەنى ئۇ، اﷲ تائالانىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمەيدۇ). كىمكى مەجبۇرىي ھالدا قازىيلىق (مەنسىپىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلسا)، ئۇنىڭغا ئۇنى ھەقكە باشلاپ قويىدىغان پەرىشتە چۈشىدۇ.»

بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارى (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئابدۇرراھمان

ئىبنى سەمۇرەگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئى ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرە! ھوقۇقدار بولۇشنى تەلەپ قىلمىغىن. چۈنكى سەن ھوقۇق تەلەپ قىلىپ ھوقۇقدار قىلىنساڭ، بارلىق ئىشىڭ ئۆزەڭگە قالىدۇ (الله ياردەم قىلمايدۇ). ئەگەر سەن ھوقۇق تەلەپ قىلماستىن ھوقۇقدار قىلىنساڭ، الله تەرىپىدىن ياردەم بېرىلىسەن.»

ئەگەر (بىر شەھەردە) قازىلىق مەنسىپىگە شەرتى توشقان بىر ئادەمدىن باشقا ئادەم بولمىسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش ۋە زالىملارنىڭ زۇلۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە (قازىلىق ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلمىسە) قازىلىق مەنسىپىنى تەلەپ قىلىش پەرز بولىدۇ. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە ئۇ ئادەم ئۈچۈن ياخشى ئۈلگىدۇر. يۈسۈف ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «‹‹ مېنى (مىسىر) زېمىنىنىڭ خەزىنىلىرىنى باشقۇرۇشقا قويغىن، مەن ھەقىقەتەن (ئۇنى باشقۇرۇش يوللىرىنى) بىلىدىغان، ئوبدان ساقلىيالايدىغان ئادەممەن ››[1] »

ئۇ ئادەم باشلىقتىن ئۆزىنى قازى قىلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىش بىلەن ئۈستىدىكى پەرزنى ئادا قىلغان بولىدۇ. ئەگەر باشلىق ئۇنى قازى بولۇشتىن چەكلىسە، بۇ ھالدا باشلىق گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى باشلىق ئەگەر قازىلىققا ئەڭ ھەقلىق ئادەمنى قازىلىقتىن چەكلەپ قويۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسىنى قازى قىلسا، الله تائالاغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى بىر گۇرۇپ ئادەمنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەمنى ئەمەلدار قىلغان ۋە ئۇ گۇرۇپنىڭ ئىچىدە الله تائالانى ئەمەلدار بولغان ھېلىقى ئادەمدىن ياخشىراق رازى قىلىدىغان باشقا ئادەم بار بولسا، (ئۇ ئادەمنى ئەمەلدار قىلغان) كىشى الله تائالاغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە مۆمىنلەرگە خىيانەت قىلغان بولىدۇ.»[2]

بىر ئادەمنىڭ، كاپىر بولسىمۇ ئادىل ياكى زالىم باشلىق تەرىپىدىن قازىلىققا تەيىن قىلىنىشى توغرىدۇر. ئەمما ئۇ باشلىق ئۇ ئادەمنى ھەق بىلەن ھۆكۈم قىلىشتىن چەكلىسە، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قازىلىقنى قوبۇل قىلىشى ھارامدۇر.

---

(1) سۈرە يۈسۈف 55 ـ ئايەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ھاكىم رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

# قازىيدا تېپىلىش لازىم بولغان ئەدەبلەر

بىز يۇقىرىدا قازىدا تېپىلىش لازىم بولغان بەزى ئەدەب ـ ئەخلاقلارنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. قازىيلىق مەنسىپى ناھايىتى مۇھىم بىر مەنسەپ بولغانلىقى ئۈچۈن بىز بۇ يەردە قازىدا تېپىلىش لازىم بولغان ئەدەب ـ ئەخلاقلارنىڭ قالغان قىسىملىرىنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمىز.

قازىنىڭ ھەدىيە قوبۇل قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ ھەقتە ئەبۇھەمىد ئەسسائىدىي (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسەد جەمەتىدىن ئىبنى ئۇتبىيە دەيدىغان بىر كىشىنى زاكات يىغىشقا تەيىنلىدى. ئۇ كىشى (زاكات يىغىشتىن قايتىپ كەلگەندە): «مانا ماۋۇ يىغىلغان زاكات بولسا سىلەرنىڭ، بۇ بولسا ماڭا ھەدىيە قىلىنغىنى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە چىقىپ الله غا ھەمدۇسانا ئېيتتى. ئاندىن: «قانداق ئىش؟ بىز بىر ئادەمنى ئىش ئۈچۈن (بىر يەرگە) ئەۋەتىمىز. ئۇ كېلىپ: ماۋۇ سىلەرنىڭ ۋە بۇ ماڭا قىلىنغان ھەدىيە دەيدۇ. (ئەگەر ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىنغىنى راست بولسا) ئاتىسىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ باقسۇن، ئۇنىڭغا ھەدىيە كېلەمدىكىن؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سىلەردىن بىرىڭلار، باشقىلاردىن بىرەر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالمىسۇن، ئەگەر شۇنداق قىلسا قىيامەتتە ئۇ نەرسىلەرنى بويىنىدا كۆتۈرگەن ھالدا الله غا ئۇچرىشىدۇ. ئەگەر (ئېلىۋالغان ئۇ نەرسە) تۆگە بولسا قاتتىق چىقىرغان، كالا بولسا مۆرەۋاتقان، قويسا بولسا مەرەۋاتقان ھالدا كېلىدۇ» دېدى. ئاندىن ئۇ ئىككى قولىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ ئۈچ قېتىم: «ئاگاھ بولۇڭلار! مەن يەتكۈزدۈممۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قولىنى كۆتۈرگەندە، بىز ئۇنىڭ قولتۇقىنىڭ ئېقىنى كۆرۈپ قالدۇق.(1)

قازى پەقەت باشلىقنىڭ، ياكى ئارىلىقىدا نىكاھ چۈشمەيدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ بەرگەن ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ يەنە ئۇنىڭغا قازى بولۇشتىن ئىلگىرىمۇ ھەدىيە بەرگەن ئادەمنىڭ بەرگەن ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ. قازىنىڭ بۇ ئادەمنىڭ ھەدىيەسىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ (باشقا بىرسى بىلەن) قازىنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

بىر دەۋاسى بولماسلىقى ۋە ھەدىيەنىڭ بۇرۇنقى ھەدىيەلەردىن ئارتۇق بولماسلىقى شەرتتۇر.

قازى پەقەت ئۇنىڭ ئۇچۇنلا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئەگەر ئۇ كەلمىسە، ئورۇنلاشتۇرۇلمايدىغان خۇسۇسىي دەۋەتلەرنى قوبۇل قىلماسلىقى لازىم. دەۋەتنىڭ ھۆكمىمۇ خۇددى ھەدىيەنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. ئەگەر دەۋەت (خۇسۇسىي بولماي) ئومۇمىي بولسىمۇ دەۋاگەرنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلماسلىقى لازىم. چۈنكى (كېيىن قازىغا) بىرەر تۆھمەت چاپلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

كېسەل ياتقان بىر ئادەمنىڭ قازىنىڭ ئالدىغا بارىدىغان بىرەر دەۋاسى بولمىسا، قازى ئۇ ئادەمنىڭ كېسىلىنى يوقلاپ بارسا بولىدۇ.

قازىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئورۇندا، ئىككى دەۋاگەرنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇشتا، قاراشتا ۋە ئىشارەت قىلىشتا ئوپ ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشى لازىم. بۇ ھەقتە ئۇممۇسەلىمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشقا تەيىن قىلىنغان ئادەم، ئۇلارغا ئولتۇرۇشتا، ئىشارەت قىلىشتا ۋە قاراشتا ئوپ ئوخشاش مۇئامىلە قىلسۇن. دەۋاگەرلەرنىڭ بىرىگە يەنە بىرسىگە قارىغاندا ئاۋازىنى ئۈستۈن كۆتەرمىسۇن» بۇ ھەدىسنى تەبرانىي، دارى قۇتنىي ۋە ئىسھاق ئىبنى راھۇيە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى. ئەمما ئالىملار بۇ ھەدىسكە توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىس، دەپ باھا بەردى. ئالىملار بۇ ھەدىسكە شۇنداق باھا بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەدىس ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن ۋە مەنالارنىڭ توغرىلىقى ئالىملارنىڭ بىرلىكى بىلەن ئىسپاتلانغاندۇر. ھەم بۇ ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلىنىش يوللىرى بىردىن چىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ھەدىسنىڭ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتمىگەنلىكىگە قاراپ كېتىلمەيدۇ.[1]

قازى دەۋاگەرلارنىڭ بىرىگە مەخپىي گەپ قىلىشتىن ياكى ئىشارەت قىلىشتىن ياكى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ گەپ قىلىشتىن ياكى چىرايىغا قاراپ كۈلۈشتىن، ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇشتىن ساقلىنىشى لازىم. چۈنكى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بەسرانىڭ ۋالىسى ئەبۇمۇسا ئەلئەشئەرىي (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) گە ئەۋەتكەن خېتىدە مۇنداق يازغان ئىدى: «مەقسەتكە كەلسەك، (كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يۈزبەرگەن

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 15 ـ توم، 95 ـ بەت.

ئىشلار ھەققىدە) ھۆكۈم چىقىرىش مۇستەھكەم شەكىلدە يولغا قويۇلغان بىر بەلگىلىمىدۇر ۋە يولدۇر. شۇڭا سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن (مەسىلىنى) ياخشى چۈشەنگىن. چۈنكى ئىجرا قىلىنىشى يوق تۇرۇپ سۆزلەنگەن ھەق گەپ پايدىسىزدۇر. كىشىلەرگە ئولتۇرۇشتا، قاراشتا ۋە يۈزۈش ـ تۇرۇشتە ئوپ ئوخشاش مۇئامىلە قىلغىن. ھەتتا يۈزلۈك ئادەم سېنى (پارە بەرسەم قارشى ئادىمىمگە) زۇلۇم قىلىپ بېرەرمىكىن، دەپ تەمە قىلىپ قالمىسۇن ۋە ئاجىز ئادەم سېنى زۇلۇم قىلارمىكىن، دەپ قورقۇپ كەتمىسۇن.»[1]

قازى بىر ئادەمدىن كېلىدىغان پايدىدىن ياكى بىر ئادەم بىلەن بولغان ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقتىن، ياكى بىر ئادەم بىلەن ئارىسىدا بولغان ئۆچ ـ ئاداۋەتتىن تەسىرلىنىپ كەتمەسلىكى لازىم. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! الله نىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، الله دىن قورقۇڭلار، الله ھەقىقەتەن قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر[2]» «ئى مۆمىنلەر! خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزەڭلارنىڭ ۋە ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن)، ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار، الله سىلەردىن ئۇلارغا يېقىندۇر (يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنىڭ نېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ)، نەپسى خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغۇساڭلار (يەنى گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، مۇنداقتا الله ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر[3]»

بىز يۇقىرىدا مۇنداق دەپ ئۆتتۇق: ھەسەن (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): الله تائالا (كىشىلەرنىڭ ئىچىدە) ھۆكۈم چىقىرىدىغانلاردىن نەپسى

(1) بۇ ئەسەرنى دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلغان.

(2) سۈرە مائىدە 8 ـ ئايەت.

(3) سۈرە نىسا 135 ـ ئايەت.

خاھىشقا ئەگەشمەسلىككە، كىشىلەردىن قورقماسلىققا ۋە الله تائالانىڭ ئايەتلىرىنى ئاز پۇلغا ساتماسلىققا ۋەدە ئالدى، ئاندىن ئۇ بۇ ھەقتە كەلگەن الله تائالانىڭ بۇ ئايەتلىرىنى ئوقۇدى: «ئى داۋۇد! سېنى بىز ھەقىقەتەن يەر يۈزىدە خەلىپە قىلدۇق، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم چىقارغىن، نەپسى خاھىشقا ئەگەشمىگىنكى، ئۇ سېنى اللەنىڭ يولىدىن ئازدۇرىدۇ، اللەنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) نى ئۇنتۇغانلىقلىرى ئۈچۈن ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ[1]»

شۇنىڭدەك يەنە قازىنىڭ بىر ئادەمگە، ئۇنىڭ يۈز ـ ئابرويلۇق ياكى باي، ياكى ئەمەلدار ئادەم بولغانلىقىغا ئېتىبار بېرىپ كەتمەسلىكى لازىم. چۈنكى ھەممە ئادەم الله تائالانىڭ قانۇنى ئالدىدا ئوپ ئوخشاشتۇر. ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلىرىدا خۇددى ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇندا بولغىنىدەك بەزى ئەمەلدارلارنى ۋە قانۇن ئادەملىرىنى (ئۇلار جىنايەت ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ جازالىنىشىدىن) قوغدايدىغان قانۇن يوق. شۇنىڭدەك يەنە ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلىرى ئىچىدە، كىشىلەرنى تۈرگە ئايرىپ مۇئامىلە قىلىدىغان قانۇنمۇ ھەم يوق. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ئەسلى يىلتىزى بىردۇر. شۇڭا ئۇلار قانۇن ئالدىدىمۇ ئوخشاشتۇر. ھېچبىر ئادەمنىڭ الله تائالانىڭ قانۇنى بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان قازىغا كۈچ ئىشلىتىپ ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئادىللىق قىلماسلىققا مەجبۇرلاش ھەققى يوق. ھېچبىر ئادەمنىڭ قازىغا بېسىم ئىشلىتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى قازى الله تائالانىڭ يولىغا قويۇپ بەرگەن ھۆكۈملىرى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. قازىيلىق ۋە قازىخانا (بىرەر ئورگانغا باغلىنىپ قالىدىغان ئەمەس) ئايرىم مۇستەقىل بىر ئورۇندۇر. ئىسلام دىنىدا قازىنىڭ ھەتتا خەلىقنىڭ بىرەرسى ئۈستىدىن شىكايەت ئېيتىپ كەلگەن خەلىپىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى بار. ئىسلام قازىيلىقىنىڭ تارىخى قازىلارنىڭ خەلىپىلەرنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارغانلىق ھادىسىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەندۇر.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) قازىيلىق بىلەن مەشھۇردۇر. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتىدا: «ئى الله! شەكسىز سەن مېنىڭ پەقەت رەشىد[2]بىلەن بىر خىرىستىيانىنىڭ دەۋاسىدىن باشقا ھېچبىر

(1) سۈرە ساد 26 ـ ئايەت.

(2) بۇ ئادەم ھارۇن رەشىد بولۇشى مۇمكىن.

دەۋادا ھەتتا دىلىمدە بولسىمۇ بىر ئادەمگە يان باسمىغانلىقىمنى بىلىسەن. مەن پەقەت رەشىد بىلەن خىرىستىيانىنىڭ دەۋاسىدا، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئوخشاش مۇئامىلە قىلمىدىم، ئۇ دەۋادا مەن (ھۆكۈمنى) رەشىدنىڭ زىيىنى ئۈچۈن چىقاردىم» دەپ يىغلاپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىشىدۇ.[1]

<رەددۇلمۇھتار> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ مەزكۇر سۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «قازى ھۆكۈمنى يېقىنىنىڭ زىيىنىغا چىقىرىدۇ.»

قازى ئىككى دەۋاگەرنىڭ بىرىگە يەنە بىرى چۈشۈنەلمەيدىغان تىل بىلەن گەپ قىلمايدۇ. قازى بالىسىغا ياكى نەۋرىسىگە ياكى دادىسىغا ياكى چوڭ دادىسىغا ياكى ئايالىغا ياكى ۋەكىلىگە، ياكى شېرىكىگە ئوخشاش قازى ئۈچۈن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدىغان ئادەمگە ئالاقدار دەۋالاردا ھۆكۈم چىقىرىشتىن ساقلىنىدۇ.

بىر شەھەرنىڭ مۇفتىسىنىڭمۇ ئەگەر (شەھەردە) باشقا مۇفتى بولسا، تۆھمەت قىلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بالىسىغا ياكى نەۋرىسىگە ياكى دادىسىغا ياكى چوڭ دادىسىغا ياكى ئايالىغا ياكى ۋەكىلىگە، ياكى شېرىكىگە ئوخشاش قازى ئۈچۈن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدىغان ئادەمگە ئالاقدار ئىشلاردا پەتىۋا بېرىشىدىن ساقلىنىشى لازىم.[2]

قازى ئاچچىغى كېلىپ قالغان ۋاقتىدا (دەۋاگەرلارنىڭ ئارىسىدا) ھۆكۈم چىقارمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بايان قىلىندى: ئەبۇبەكرەتە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) سىجىستاندا قازىيلىق قىلىۋاتقان ئوغلىغا: سەن ئاچچىغىڭ كېلىپ قالغان ۋاقتىدا، ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدىمۇ ھۆكۈم چىقارمىغىن. چۈنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىرسى ئاچچىغى كېلىپ قالغان ۋاقتىدا، ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارمىسۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دەپ خەت يازغان. بۇنىڭ سەۋەبى بولسا، ئاچچىغى كېلىپ قالغان ۋاقتىدا ھۆكۈم قىلىش، ھۆكۈم قىلغۇچى ئادەمنى ھەقىقەتنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاچچىغى كېلىپ قالغان ئادەم ھۆكۈم قىلىشتىن چەكلىنىدۇ. بۇ پۈتۈن شەھەرنىڭ فىقھشۇناسلىرىنىڭ دېگەن سۆزىدۇر.

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 ـ توم، 313 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 357 ـ بەت.

ئىبنى دەقىق ئەلئىدى مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەمنى ئاچچىغى كېلىپ قالغان ۋاقتىدا، ھۆكۈم قىلىشتىن توشۇسنىڭ سەۋەبى بولسا، ئادەم ئاچچىغى كېلىپ قالغان ۋاقتىدا ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبى بىلەن پىكرى ۋە دىققىتى چېچىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھالەتتە چىقىرىلغان ھۆكۈمنىڭ تەلەپ قىلىنغان توغرا شەكىل بويىچە چىقىرىلىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ سەۋەبكە ئاساسەن فىقھشۇناسلار: قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كەتكەن ياكى قاتتىق ئۇسساپ كەتكەن، ياكى قاتتىق ئۇيقۇسى كېلىپ كەتكەن ئىشلارغا ئوخشاش قازىنىڭ پىكرىنى ۋە دىققىتىنى چېچىۋاتىدىغان ھالەتلەردىمۇ قازىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى توغرا ئەمەس، دەيدۇ.»[1]

قازىنىڭ تىجارەت قىلىشى، ياكى (ئۆيىنىڭ ئىچىنىڭ) ئېلىم ـ سېتىملىرىنى ئۆزى باش تىقىپ قىلىشى مەكرۇھتۇر. چۈنكى (ھەممە ئادەم) قازىنى تونۇيدىغان بولغاچقا ئۇنىڭغا سودا ـ سېتىقتا ئېتىبار بېرىدۇ. بۇ خۇددى ئۇنىڭغا بېرىلگەن سوۋغاتنىڭ ئورنىدىدۇر. يەنە كېلىپ قازىنىڭ تىجارەت ياكى ئېلىم ـ سېتىملار بىلەن مەشغۇل بولۇشى ئۇنى خەلقنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشتىن توسۇپ قويىدۇ. ئەگەر قازى تىجارەت، ياكى (ئۆيىنىڭ ئىچىنىڭ) ئېلىم ـ سېتىملىرىنى ئۆزى باش تىقىپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان ۋە بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ قىلىدىغان بىرەرسى بولمىغان بولسا، بۇ ھالدا قازىنىڭ تىجارەت، ياكى (ئۆيىنىڭ ئىچىنىڭ) ئېلىم ـ سېتىملىرىنى ئۆزى باش تىقىپ قىلىشى مەكرۇھ ئەمەس. چۈنكى ئەبۇبەكرى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) (خەلىپىلىككە سايلىنىپ بولغاندىن كېيىن) تىجارەت قىلىش ئۈچۈن بازارغا ماڭغان ۋاقتىدا، ساھابىلەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئەبۇبەكرىگە (ھەتتا ئۇنىڭ تىجارەت قىلماي مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ئۈچۈن) يېتەرلىك مائاش توختىتىپ بەرگەن. چۈنكى بالىۋاقىلارنىڭ تەمىناتىنى بېرىش ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى بىر پەرزدۇر. شۇڭا قازى بالىۋاقىلىرىنىڭ تەمىناتىنى بېرىش ئۈچۈن (تىجارەتكە ئوخشاش) بىرەر ئىش قىلىشنى (ئۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالسا مۇسۇلمانلارغا كېلىپ قېلىش) ئېھتىماللىقى بولغان زىياننىڭ سەۋەبى بىلەن تاشلاپ قويمايدۇ. ئەمما قازى (بالىۋاقىلىرىنىڭ تەمىناتىنى بېرىش ئۈچۈن) تىجارەت قىلىشقا ئېھتىياجى بولمىسا، ياكى ئورنىدا تىجارەت قىلىدىغان بىرەرسى بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ

(1) «فەتھۇلبارى»، 13 ـ توم، 137 ـ بەت.

تىجارەت قىلىشى مەكرۇھتۇر. ئەگەر قازى تىجارەت، ياكى (ئۆيىنىڭ ئىچىنىڭ) ئېلىم ـ سېتىملىرىنى قىلىش ئۈچۈن ئورنىغا بىرەرسى ۋەكىل قىلىپ قويماقچى بولسا، ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا سودا ـ سېتىقتا ئېتىبار بەرمەسلىكى ئۈچۈن كىشىلەر تونۇمايدىغان بىر ئادەمنى ۋەكىل قىلىشى لازىم.[1]

قازى (بىر ئىش ئۈستىدە ھۆججەت ـ پاكىتقا ئەمەس) ئۆز مەلۇماتىغا تايىنىپلا ھۆكۈم چىقارمايدۇ. چۈنكى بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇسەلىمە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا (ئادەملەرنىڭ بىر نەرسە ئۈستىدە) دەۋا قىلىشىۋاتقانلىقلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ قېشىغا چىقىپ ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «بىلىپ قويۇڭلار مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئادەم، مېنىڭ قېشىمغا دەۋاگەر كېلىدۇ، سىلەرنىڭ بەزىڭلار بەزىڭلاردىن سۆز بايان قىلىشتا ئۇستىراق بولۇشىڭلار مۇمكىن، مەن (بايان قىلىنغان سۆزگە قاراپ) ھۆكۈم قىلىمەن. مەن بىر كىشىگە بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى بۇيرۇپ بەرسەم، ئۇنى ئالسۇن ياكى قويۇپ قويسۇن، ئۇ ھەقىقەتەن ئوتنىڭ بىر پارچىسىدۇر.»[2]

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر (زىناخورنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا، ياكى قامچىلاشقا ۋە ھاراق ئىچكەن ئادەمنى قامچىلاشقا ئوخشاش) ئىشلاردىن باشقا ئىشلاردا قازى ئۆز مەلۇماتىغا تايىنىپ ھۆكۈم قىلسىمۇ بولىدۇ، دېگەن كۆز قاراشتىدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر (جەمئىيەتتە) ناچار قازىلار بولمايدىغان ئىش بولسا، ئەلۋەتتە مەن قازى (بىر ئىش ئۈستىدە) ئۆز مەلۇماتىغا تايىنىپ ھۆكۈم قىلسا بولىدۇ، دەيتتىم» دېگەن. ئەگەر ئىسلامنىڭ باشلىرىدىكى دەۋرىدىكى (قازىلارنىڭ ھالى بۇ بولسا) كېيىنكى دەۋردىكى قازىلارنىڭ ھالىغا نېمە دېگىلى بولار؟ كېيىنكى دەۋرلەردە قازىيلىق مەنسىپىگە ئولتۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى ئىشەنچسىز ئادەملەر بولغانلىقى ئۈچۈن بىر ئىش ئۈستىدە قازىنىڭ ئۆز مەلۇماتىغا تايىنىپ ھۆكۈم چىقىرىشىغا چەكلىمە قويۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ كېيىنكى دەۋردە ياشىغان ئىماملىرى: «قازىنىڭ (بىر ئىش ئۈستىدە) ئۆز مەلۇماتىغا تايىنىپ ھۆكۈم چىقىرىشىغا ھەرگىز بولمايدۇ.

(1) «ئىنئاللىۋسسۇنەن»، 15 ـ توم، 88 ـ بەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

چۈنكى جاھان بۇزۇلدى ۋە ئادەملەر ئۆزگەردى» دەپ پەتىۋا بەردى.[1]

بۇرۇنقى دەۋرىدە قازى ئۆز مەلۇماتىغا تايىنىپ ھۆكۈم چىقارسىمۇ بولاتتى، دېگەن كۆز قاراشنى تۆۋەندىكى ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ:

ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: (ئەبۇسۇفيانىنىڭ ئايالى ۋە) ئۇتبە ئىبنى رەبىئەنىڭ قىزى بولغان ھىندى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: ئەي اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، يەر يۈزىدە خورلىنىشى ماڭا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان سېنىڭ ئادەملىرىڭدىن باشقا ھېچبىر ئادەم يوق ئىدى. ئەمما بۈگۈن يەر يۈزىدە ئېزىزلىنىشى ماڭا ئەڭ ياخشى كۆرۈلىدىغان سېنىڭ ئادەملىرىڭدىن باشقا ھېچبىر ئادەم قالمىدى، دېدى. ئاندىن ھىندى سۆزىنى داۋام قىلىپ: ئەبۇسوفيان بېخىل بىر ئادەم. مەن ئۇنىڭ ماللىرىدىن (ئۇنىڭغا بىلدۈرمەستىن ئېلىپ) باللىرىمغا يېگۈزسەم (خىراجەت قىلسام) گۇناھ بولامدۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارغا ھەددىدىن ئاشۇرۋاتماي نورمال ئېلىپ يېگۈزسىڭىز سىزگە گۇناھ بولمايدۇ»[2] دېدى.

مانا بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ئۇتبە ئىبنى رەبىئەنىڭ قىزى ھىندىغا، ئۇنىڭدىن دېگەن سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە پاكىت تەلەپ قىلماستىن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتىغا تايىنىپلا (ئەبۇسۇفيانىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ھەددىدىن ئاشۇرۋاتماي نورمال ئېلىشقا) ھۆكۈم قىلدى.

قازى بولغۇچى كىشىلەرنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈپ قويماستىن ھەقىقەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىشى لازىم. بۇ، قازىنىڭ ھۆكۈم زىيىنىغا چىقىرىلغان ئادەمگە ئۆزرە ئېيتىش، ئۇنىڭغا ھۆكۈمنىڭ چىقىرىلغان يوللىرىنى بايان قىلىش، ئۇنىڭ ھەققىدىكى شەرىئەت ھۆكمىنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭدىن باشقا ھۆكۈمنى چىقىرىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بايان قىلىش بىلەن بولىدۇ. شۇنداق قىلغان ۋاقىتدا، ھۆكۈم زىيىنىغا چىقىرىلغان ئادەمنىڭ كىشىلەرگە قازىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قازىنى ماڭا زۇلۇم قىلدى، دېگەن قاراشقا كېلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.[3]

(1) «ئىنلائۇسسۇنەن»، 15 ـ توم، 104 ـ بەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 313 ـ بەت.

قازىنىڭ دەۋاگەرلەرنى خۇسۇسەن ھەقنىڭ (كىمنىڭ) تەرىپىدە ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنمەيدىغان مەسىلىلەردە ئۆزئارا كېلىشىشكە چاقىرىشى مۇستەھەپتۇر. ئىمام مۇھەممەد بۇ ھەقتە شەئبىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇئاۋىيەگە (كىشىلەر ئارىسىدا) ھۆكۈم قىلىش ھەققىدە بىر پارچە خەت يېزىپ ئۇ خەتتە: «سەن قانداق ھۆكۈم قىلىشىڭ ئېنىق بولمىغان يەرلەردە دەۋاگەرلەرنى ئۆزئارا كېلىشىشكە چاقىرغىن» دېگەن.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئەبۇمۇسا ئەلئەشئەرىيگە يازغان مەزكۇر خېتىدە: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا (قىلىنغان كېلىشىمنىڭ ئىچىدە) ھارامنى ھالال قىلىدىغان كېلىشىمدىن باشقا ھەر قانداق كېلىشىم توغرىدۇر» دەپ يازغان. مانا ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ بۇ خەتلىرى كېلىشىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتىدۇر ۋە قازىنىڭ دەۋاگەرلەرنى كېلىشىمگە چاقىرىشقا بۇيرۇلغانلىقىنىڭ ئىشارىتىدۇر. اللە تائالا كېلىشىم <ياخشى ئىشتۇر> دېگەن. كېلىشىش بولسا، ياخشىلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتىدۇر.[1]

# تۈرمىنىڭ بايانى

قازى تۇتۇپ تۇرۇشقا ئېھتىياجى چۈشكەن ئادەملەرنى، تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت باشلىقىنىڭ قازىغا تۈرمە سېلىپ بېرىشى لازىم. چۈنكى (كېرەكلىك ئادەملەرنى سولاپ قويۇش ئۈچۈن) تۈرمە سېلىش قۇرئانغا، ھەدىسكە ۋە ساھابىلەر (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ بىرلىكىگە ئۇيغۇندۇر. اللە تائالا قۇرئاندا مۇنداق دېدى: «اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ (يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ[2]» اللە تائالانىڭ: «ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك» دېگەن

(1) «ئەلئۇسسۇنەن»، 15 ـ توم، 127 ـ بەت.

(2) سۈرە مائىدە 33 ـ ئايەت.

سۆزىدىن قازى ئۇلارنى ئەدەبلەشكە يېتەرلىك، دەپ قارىغان مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى تۈرمىگە سولاپ قويۇپ سۈرگۈن قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مەلۇم بولغىنىدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇبەكرىنىڭ زامانىدا تۈرمە يوق ئىدى. ھەتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مەككىدە بىر قورۇنى تۆت مىڭ يامبۇغا سېتىۋېلىپ تۈرمىنىڭ ئورنىدا ئىشلەتكەنگە قەدەر (تۈرمىگە سولاپ قويۇشقا كېرەك بولغان ئادەملەر) مەسچىتكە سولاپ قويۇلاتتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى مەككىدە بىر قورۇنى سېتىۋېلىپ تۈرمىنىڭ ئورنىدا ئىشلەتكەن دېيىش، كىشلەرنىڭ: «ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تۇنجى بولۇپ تۈرمە پەيدا قىلغان ئادەمدۇر» دېگەن سۆزىگە زىت ئەمەستۇر. چۈنكى كىشلەرنىڭ بۇ سۆزىدىن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ تۇنجى قېتىم مەخسۇس تۈرمە سالدۇرغان ئادەم ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قازى بىر ئادەمنىڭ تۈرمىگە كىرىشىگە ھۆكۈم قىلسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە قۇلۇم - قوشنىللىرىدىن باشقا ئادەملەرنىڭ تۈرمىگە كىرىشىگە رۇخسەت بېرىلمەيدۇ. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ۋە قۇلۇم - قوشنىللىرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىشكە ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن (تۈرمىگە) ئۇنىڭ قېشىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ قېشىدا ئۇزۇن ئولتۇرمايدۇ. ئۇ ئادەم بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭ ئايالى تۈرمىگە سولانمايدۇ. ئايالىغا ئۇنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن خالىي ئورۇندا ئايرىم قېلىش ئۈچۈن رۇخسەت قىلىنىدۇ.

تۈرمىگە سولانغان ئادەم جۈمە نامىزىنى ۋە بەش ۋاخ نامازلارنى ئوقۇش، پەرز ھەج قىلىش ۋە ئاتا - ئانىلىرىدىن ياكى بالىۋاقىلىرىدىن باشقا بىرەر ئادەمنىڭ جىنازى نامىزىغا قېتىلىش ئۈچۈن سىرتىغا چىقمايدۇ. ئۇ ئادەم ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ياكى بالىۋاقىلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ جىنازە نامىزىغا قېتىلىش ئۈچۈن سىرتىغا چىققان ۋاقتىدا، بىر كىشىنىڭ كېپىللىكى ئاستىدا چىقىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئادەم كېسەل بولۇپ قېلىپ، كېسىلىنى تۈرمىنىڭ تېشىدا داۋالاشقا توغرا كەلسە، ئۇ ئادەم بۇ چاغدىمۇ (تۈرمىنىڭ سىرتىغا) بىر كىشىنىڭ كېپىللىكى ئاستىدا چىقىدۇ.

تۈرمىگە تاشلانغان ئادەم تۈرمىدا ئورۇلمايدۇ. لېكىن ئۇ، ئەگەر ئۇرۇق

- تۇغقانلىرىغا بېرىدىغان تەمىناتلىرىنى بېرىشكە ياكى ئاياللىرى ئارىسىدا (كېچىلىك تەقسىماتنى) ئادىل تەقسىم قىلىشقا ئوخشاش ئۆز ۋاقتىدا قىلىنماي قالسا ئورنى تولۇقلانمايدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتسا، ياكى تۈرمىدىن قاچقان بولسا، بۇ هالدا ئۇنى ئۇرۇش توغرىدۇر.

تۈرمىگە تاشلانغان ئادەمنىڭ قېچىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىنمىسا، ئۇنىڭ پۇت - قوللىرىغا كويزا - كىشەن سېلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ تۈرمىدىن قېچىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىنسا، پەقەت ئۇنىڭ پۇتىغىلا كىشەن سېلىنىدۇ.

بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا قەرزدار بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە سولاپ قويۇلمايدۇ. ئەگەر بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا (باشقىلارنىڭ هەق - هوقۇقىغا) تاجاۋۇز قىلىدىغان بىرەر ئىشنى قەستەن قىلغان بولسا، بۇ هالدا ئۇنى ئەدەبلەش يۈزىسىدىن تۈرمىگە سولاپ قويۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ بالا ئۇ ئىشنى (قەستەن ئەمەس) سەۋەن قىلىپ سالغان بولسا، تۈرمىگە سولاپ قويۇلمايدۇ. دادا بالىسىنىڭ قەرزى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلانمايدۇ. ئىقتىسادىي ئەهۋالى قىيىن ئەهۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ئېنىق قەرزدارمۇ تۈرمىگە تاشلانمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مال - مۈلكى يۇتۇپ كەتكەن قەرزدارمۇ تۈرمىگە تاشلانمايدۇ.(1) پىتنە - پاساتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاياللار ئايرىم تۈرمىگە سولاپ قويۇلىدۇ.

## ئىجتىهاد قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن هۆكۈم بىلەن هۆكۈم قىلىشنىڭ بايانى

قازىنىڭ بەندىلەرنىڭ هەق - هوقۇقىغا ئالاقىدار ئىشلاردا هۆكۈم قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دەۋا قىلىشى شەرتتۇر. (بۇ هەقتە بىز الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا توختۇتۇلۇپ ئۆتىمىز). شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ئىككى دەۋاگەر دەۋا قىلىپ قازىنىڭ ئالدىغا كەلمىسە، قازىنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا هۆكۈم چىقىرىشى ياخشى ئەمەس.

ئەگەر بىر قازىغا باشقا بىر قازىدىن هۆكۈم كەلگەن ۋە ئۇ هۆكۈم ئىجتىهاد قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن هۆكۈم بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ قازىنىڭ ئۇ هۆكۈمنى

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 4 - توم، 347 - بەت.

ئىجرا قىلىشى ۋە ئۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىشى لازىم. ئەمما باشقا قازىدىن كەلگەن ھۆكۈم، بىسمىللاھ ئېيتىلماي تۇرۇپ بوغۇزلانغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش بولىدۇ ياكى ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال باشقا بىر ئەرگە ياتلىق بولسا، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەستىنلا بۇرۇنقى ئېرىگە ھالال بولىدۇ، ياكى ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىش توغرىدۇر، دېگەنگە ئوخشاش قۇرئانغا ياكى ھەدىسكە، ياكى ئالىملارنىڭ بىرلىككە زىت كېلىدىغان ھۆكۈم بولسا، بۇ ھالدا ئۇ قازى ئۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلمايدۇ ۋە ئۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمايدۇ. چۈنكى بىسمىللاھ ئېيتىلماي تۇرۇپ بوغۇزلانغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش بولىدۇ، دېگەن سۆز الله تائالانىڭ: «(ئى مۆمىنلەر) الله نىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان (يەنى بىسمىللا دەپ زەبھى قىلىنمىغان) ھايۋانلارنى يېمەڭلار، ئۇنى يېيىش ئەلۋەتتە گۇناھتۇر. شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۆز دوستلىرىنى (يەنى مۇشرىكلارنى) سىلەر بىلەن دەتالاش قىلىشقا ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر[1]» دېگەن سۆزىگە زىتتۇر. ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايال باشقا بىر ئەرگە ياتلىق بولسا، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەستىنلا بۇرۇنقى ئېرىگە ھالال بولىدۇ، دېگەن سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئۈچ تالاق قىلىنىپ كېتىپ باشقا بىرسى بىلەن ئۆيلەنگەن رىفائىنىڭ ئايالىغا: «سىز (بۇرۇنقى ئېرىڭىز) رىفائى بىلەن يارىشىشنى خالايدىغاندەك تۇرىسىز. سىز (كېيىنكى ئېرىڭىزنىڭ) ھەسىلىنى، (كېيىنكى ئېرىڭىز) سىزنىڭ ھەسىلىڭىزنى تېتىمىغۇچە (يەنى ئاراڭلاردا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتۈلمىگىچە) سىزنىڭ بۇرۇنقى ئېرىڭىز بىلەن يارىشىشىڭىز دۇرۇس بولمايدۇ» دېگەن سۆزىگە زىتتۇر. ئەمما ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىش توغرىدۇر، دېگەن سۆز ساھابىلەر (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ بىرلىككە زىتتۇر. ساھابىلەر ۋاقىتلىق خوتۇن ئېلىشنىڭ ھاراملىقىغا بىرلىككە كەلگەن.

ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلارنىڭ ئىجتىھاد قىلىدىغان ئىماملار ھېسابلىنىدىغانلىقىدا شەك يوقتۇر. بۇ ئىماملارنىڭ ھەنەفىي مەزھەپىنىڭ ھۆكۈملىرىگە زىت كېلىدىغان ھۆكۈملىرىمۇ ئىجتىھادقا تايانغاندۇر.

ئەگەر قازى ئىجتىھاد قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەن ئالىم بولۇپ ئۇنىڭ

(1) سۈرە ئەنئام 121 ـ ئايەت.

(بىر مەسىلە ئۈستىدە قىلغان) ئىجتىھادى ئۇنى ئۇ مەسىلە ھەققىدە ئۆزىنىڭ مەزھەپىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئەمەس باشقا مەزھەپنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىشقا ئېلىپ كەلسە، ئۇنىڭ ئۇ مەسىلىدە باشقا مەزھەپنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىشى توغرىدۇر.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بىر قازى بىر مەسىلىدە (ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ سۆزى بىلەن ئەمەس) ئىمام ئەبۇيۇسۇفكە، ياكى ئىمام مۇھەممەدگە ئوخشاش ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ سۆزى بىلەن ھۆكۈم قىلسا، ئۇ قازى ئۇ مەسىلە ھەققىدە بەرگەن ھۆكۈمىدە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ سۆزىگە قارشى ھۆكۈم بەرگەن ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ دېگەن سۆزى ئىمام ئەبۇھەنىفە بىرەر قېتىم دېگەن سۆزلەردۇر.[1]

قازىنىڭ بىر مەسىلە ھەققىدە بىر مەزھەپ ئىچىدىكى ئىماملارنىڭ بىرىنىڭ سۆزى بىلەن ھۆكۈم چىقارغانلىقى ئۇ مەزھەپ ئىمامىنىڭ سۆزىدىن چىقىپ كەتكەنلىك ھېسابلانمايدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى ھەدىسنىڭ تاشقىرى مەنىسى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمرى ئىبنى ئاس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر ھاكىم ھۆكۈم چىقارغان ۋاقتىدا تىرىشىپ ئىزدىنىپ (ھۆكۈمنى) توغرا چىقارغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىككى ئەجىر بېرىلىدۇ. ئەگەر تىرىشىپ ئىزدىنىپمۇ (ھۆكۈم چىقىرىشتا) خاتا كەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا بىر ئەجىر بېرىلىدۇ.»[2]

## يالغان گۇۋاھلىق بىلەن ھۆكۈم قىلىشنىڭ بايانى

ئىككى شەرت ئاستىدا قازىنىڭ يالغان گۇۋاھلىققا تايىنىپ قىلغان ھۆكمى تاشقىرى ۋە ئىچكىرى جەھەتتىن ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۇ ئىككى شەرت بولسا تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ ھۆكۈم چىقىرىلغان نەرسە، شۇ ھۆكۈمنى قوبۇل قىلىدىغان نەرسە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 334 ـ بەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بولۇشى شەرت.

**2 ـ قازى گۇۋاھچىلارنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىكىنى بىلمىگەن بولۇشى شەرت.**

قازىنىڭ يالغان گۇۋاھلىققا تايىنىپ قىلغان ھۆكمى سودا ـ سېتىققا ۋە نىكاھقا ئوخشاش كېلىشىملەردە ۋە سودا ـ سېتىقنى بۇزۇشقا ۋە تالاق قىلىشقا ئوخشاش كېلىشىمنى بۇزىدىغان ئىشلاردا ئىجرا قىلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئايال ئېرىنىڭ ئۈچ تالاق قىلىۋاتقانلىقىنى دەۋا قىلىپ بۇنىڭغا يالغاندىن (ئىككى ئادەمنى) گۇۋاھچى قىلىپ پاكىت كۆرسەتكەن، ئەر بۇنىڭغا ئىنكار قىلغان بولسىمۇ قازى ئەر ـ خوتۇننىڭ ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغان، ئاندىن ئۇ ئايال ئىددىتى چىققاندىن كېيىن باشقا بىر ئەرگە ياتلىق بولغان بولسا، ئەگەر ئىككىنچى ئەر ئۇ ئايالنىڭ ئېرىدىن قانداق ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ ئىككىنچى ئەرنىڭ ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىشى ھالالدۇر. ھەتتا يالغاندىن گۇۋاھلىق بەرگەن ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنىڭ ئۇ ئايال بىلەن توي قىلىشى ھالالدۇر. ئۇ ئايال بىلەن بۇرۇنقى ئېرىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىشى ۋە ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنى بۇرۇنقى ئېرىگە تۇتۇپ بېرىشى ھالال ئەمەس.

ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئالدىدا بىر ئادەم (يالغاندىن ئىككى گۇۋاھچى تۇرغۇزۇپ) ئۆزىنىڭ بىر ئايالنى نىكاھىغا ئالغانلىقىغا پاكىت كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ئۇ ئايالنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى. ئۇ ئايال ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبقا: «ئۇ مېنى نىكاھىغا ئالمىغان، ئەمما سەن ئەگەر مېنى ئۇنىڭ ئايالى، دەپ ھۆكۈم چىقارساڭ، ئارىمىزدا نىكاھ ئوقۇپ قويغىن» دېدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «مەن سىزنىڭ ئارىڭىزدا نىكاھ ئوقۇپ قويمايمەن، ئىككى گۇۋاھچى سىزنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى (يەنى ئىككى ئادەم سىزنىڭ ئۇنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىڭىزگە گۇۋاھلىق بەردى. ئاراڭلاردا مەيلى بۇرۇن نىكاھ بولسۇن، مەيلى بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن سىز ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى ھېسابلىنىسىز)» دېدى.

ئىمام ئەبۇھەنىفە، ئىمام ئەبۇيۇسۇف، ئىمام مۇھەممەد ۋە ئىمام زۇپەر

**قاتارلىقلار (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «قازىنىڭ يالغان گۇۋاھلىققا تايىنىپ قىلغان ھۆكمى (سودا - سېتىققا ۋە نىكاھقا ئوخشاش) كېلىشىمدە ئىچكىرى جەھەتتىن ئەمەس پەقەت تاشقىرى جەھەتتىن ئىجرا قىلىنىدۇ[1]. چۈنكى بىر ئىش ئۈستىدە چىقىرىلغان ھۆكۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىشى (ئۇ ئىشنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن) پاكىتنىڭ كۈچىگە قارىتا بولىدۇ.» دېدى. بۇ ھەقتە پەتىۋا مەزكۇر ئىماملارنىڭ بۇ قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ. (سودا - سېتىققا ۋە نىكاھقا ئوخشاش) كېلىشىملەرنىڭ ھۆكمى مۇئەييەن بىر سەۋەب كۆرسىتىلمەستىن ئەۋەتىلگەن مال - مۈلۈكنىڭ ھۆكمىگە ئوخشىمايدۇ. ئەمما بارلىق ئىماملار مۇئەييەن بىر سەۋەب كۆرسىتىلمەستىن ئەۋەتىلگەن مال - مۈلۈكتە، قازىنىڭ يالغان گۇۋاھلىققا تايىنىپ قىلغان ھۆكمىنىڭ ئىچكىرى جەھەتتىن ئەمەس پەقەت تاشقىرى جەھەتتىن ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى. چۈنكى مال - مۈلۈككە ئىگە بولۇش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر سەۋەب لازىم. (بەزى ۋاقىتتا بىر ئادەم بىر نەرسىگە) بىردىن ئارتۇق سەۋەب بىلەن ئىگە بولىدۇ. شۇڭا بىر سەۋەب باشقا بىر سەۋەب قارىغاندا ياخشىدۇر، دەپ قاراشقا بولمايدۇ.[2]**

**بىر ئىش ئۈستىدە چىقىرىلغان ھۆكۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىشى (ئۇ ئىشنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن) پاكىتنىڭ كۈچىگە قارىتا بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىل - پاكىتى بولسا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىلىپ قويۇڭلار مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئادەم، مېنىڭ قېشىمغا دەۋاگەر كېلىدۇ، سىلەرنىڭ بەزىڭلار بەزىڭلاردىن سۆز بايان قىلىشتا ئۇستىراق بولۇشىڭلار مۇمكىن، مەن (بايان قىلىنغان سۆزگە قاراپ) ھۆكۈم قىلىمەن...» دېگەن سۆزىدۇر. چۈنكى بۇ ھەدىس قازىنىڭ چىقارغان ھۆكمىنىڭ ھارامنى ھالال، ياكى ھالالنى ھارام قىلالمايدىغانلىقىنىڭ دەلىل - پاكىتىدۇر.**

**ئىمام تەھاۋىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بىر قىسىم ئالىملار (قازىنىڭ بىر ئادەمنىڭ) بىر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئەمەسلىكىگە ياكى ئۇ ئادەم بىلەن بىر ئايالنىڭ ئارىسىدا نىكاھنىڭ بارلىقىغات، ياكى يوقلىقىغا ئوخشاش ئىشلاردا چىقارغان**

(1) ئەمما ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بۇ ئىماملاردىن باشقا ئىماملار مەزكۇر كېلىشىمدە قازىنىڭ يالغان گۇۋاھلىققا تايىنىپ قىلغان ھۆكمى تاشقىرى ۋە ئىچكىرى جەھەتتىن ئىجرا قىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 4 - توم، 333 - بەت.

**ھۆكمى، ئەگەر ئۇ ھۆكۈم ئىچكىرى جەھەتتىمۇ خۇددى تاشقىرىغا ئوخشاش توغرا بولسا، ئىش قازىنىڭ ھۆكۈم قىلغان بويىچە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ھۆكۈم ئىچكىرى جەھەتتە قازى تاشقىرىدا گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىغا تايىنىپ ھۆكۈم قىلغىنىدەك بولمىسا (يەنى مەزكۇر ئىشلارنىڭ ھەقىقىتى قازىنىڭ ھۆكۈم قىلغان بويىچە بولمىسا)، بۇ ھالدا ئىش قازىنىڭ چىقارغان ھۆكمى بويىچە بولمايدۇ. يەنى ئەگەر قازى بىر ئادەمنىڭ بىر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم چىقارغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر قازى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم چىقارغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قازى ئۇ ئادەم بىلەن بىر ئايالنىڭ ئارىسىدا نىكاھنىڭ بارلىقىغا ھۆكۈم چىقارغان بولسا، ئۇ ئادەم بىلەن ئۇ ئايالنىڭ ئارىسىدا نىكاھ يوق، دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر قازى ئۇ ئادەم بىلەن ئۇ ئايالنىڭ ئارىسىدا نىكاھنىڭ يوقلۇقىغا ھۆكۈم چىقارغان بولسا، ئۇ ئادەم بىلەن ئۇ ئايالنىڭ ئارىسىدا نىكاھ بار، دەپ قارىلىدۇ. بۇ كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىمام ئەبۇيۇسۇفمۇ بار.[1]**

**بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان ۋە يالغان گۇۋاھلىق بېرىش چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن، دەپ سانىغان. بۇ ھەقتە ئەبۇبەكرە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھلانى دەپ بېرەيمۇ؟» دېدى. بىز: شۇنداق قىلسىلا ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اللە غا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىش» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۆلىنىپ ئولتۇرۋاتقان ئىدى، ئاندىن روسلىنىپ ئولتۇرۇپ: «ئاگاھ بولۇڭلار يالغان سۆزلەش، ئاگاھ بولۇڭلار يالغان گۇۋاھلىق بېرىش» دەپ بۇ سۆزنى تەكرارلاۋەردى. بىز: كاشكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختاپ قالسىكەن، دېيىشىپ كەتتۇق.[2]**

ئىسلامدا يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەملەر ئۈچۈن بېرىلىدىغان مۇئەييەن بىر جازا يوق. ئۇنداق قىلغان ئادەملەر پەقەت ئەدەبلىنىدۇ. ئەدەبلەش ئىشى قازىنىڭ كۆز قارىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. شۇڭا قازى خالىسا ئۇلارنى خۇددى ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا ۋە قازى شۇرەيھكە ئوخشاش ئۇرىدۇ.

(1) «فەتھۇلبارى»، 13 ـ توم، 175 ـ بەت.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(خالىسا ئۇلارغا باشقا ئىش قوللىنىدۇ). ئىبنى ئەبۇشەيبە يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەملەرنى ئۇرۇش ھەققىدە ئەبۇ خالىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) شامدىكى ئەمەلدارلىرىغا يالغان گۇۋاھلىق ھەققىدە خەت يېزىپ ئۇ خەتتە: «يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەم 40 قامچا ئۇرۇلىدۇ، يۈزىگە قارا سۈركىلىدۇ، چېچى چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ ۋە ئۇزۇن مۇددەت تۈرمىگە سولاپ قويۇلىدۇ» دەپ يازغان.[1]

# يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكۈمنىڭ بايانى

يوق بولۇپ كەتكەن ۋە (قەيەردىلىكى بىلىنمىگەن) ئادەمنىڭ زىيىنىغا ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئادەم مەيلى گۇۋاھلىق بەرگەن ۋاقتىدا يوق بولۇپ كەتسۇن، مەيلى گۇۋاھلىق بېرىپ بولغاندىن كېيىن يوق بولۇپ كەتسۇن، پاكىت بولسىمۇ ئۇنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىلمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ پاكىتقا تەنە قىلىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇ يوق بولۇپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ ئىقرار قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ زىيىنىغا ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۆزى قىلغان ئىقرارغا تەنە قىلالمايدۇ. يەنە شۇنىڭدەك بىر ئادەم دەسلەپتە ئىنكار قىلغان، ئاندىن يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىنمۇ ھۆكۈم چىقىرىلمايدۇ. چۈنكى ئىنكار قىلىشنىڭ ھۆكۈم چىقارغان ۋاقتىدا بولۇشى لازىمدۇر.

ۋەكىلگە ياكى ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادىمىگە، ياكى ۋەقپە قىلىنغان نەرسىگە قارايدىغان ئادىمىگە ئوخشاش يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئورنىغا (ھۆكۈم چىقىرىدىغان يەرگە) بىر ئادەمنىڭ كېلىشى خۇددى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ كەلگىنىگە ئوخشاشتۇر.

ئەگەر يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان نەرسە، يوق بولۇپ كەتمىگەن بار باشقا بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىنمۇ دەۋا قىلىشقا شەكسىز سەۋەب بولىدىغان نەرسە بولسا، بۇ ھالدا (بار ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلغان ۋاقتىدا) يوق بولۇپ كەتكەن ئادەممۇ ھۆكۈمەن بار ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەھمەد ماھمۇدنىڭ قولىدىكى ئۆينىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 15 ـ توم، 155 ـ بەت.

**دەۋا قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ ئۇ ئۆيىنى (ئەسلىدە) ئۆيىنىڭ ئىگىسى، ئەمما يوق بولۇپ كەتكەن سەمەتتىن ئالغانلىقىغا ماھمۇدقا پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، بۇ ھالدا قازىنىڭ ماھمۇدقا (ئۆيىنى ئەھمەدگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە) ھۆكۈم قىلغانلىقى، ھەم يوق بولۇپ كەتكەن ئۆيىنىڭ ئىگىسى سەمەتكىمۇ (شۇنداق قىلىشقا) ھۆكۈم قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سەمەت پەيدا بولۇپ كېلىپ ئۆزىنىڭ (ئەھمەدگە ئۆيىنى ساتقانلىقىغا) ئىنكار قىلسىمۇ، ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىنكارى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى بىر نەرسىنى ئۆز ئىگىسىدىن سېتىۋېلىش (سېتىۋالغان ئادەمنىڭ) ئۇ نەرسىگە ئىگە بولۇشىنىڭ شەكسىز سەۋەبىدۇر.[1]**

**قازى مەيلى زىيىنىغا بولسۇن، مەيلى پايدىسىغا بولسۇن، يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشنى بىر پايدىلىق دەپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارغان بولسا، قازىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى ئىجرا قىلىنىدۇ. چۈنكى يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش ئىجتىھاد قىلىنغان ئىشتۇر[2]. ھەمدە بىز يۇقىرىدا ئائىشەدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئېرى ئەبۇسۇپيانىنىڭ بېخىللىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلىپ كەلگەن ھىندىگە: «ئۇنىڭ مېلىدىن سىزگە ۋە ئوغلۇڭىزغا يەتكۈدەك نورمال ئېلىڭ» دەپ ئەبۇسۇپيان يوق ۋاقتىدا ئۇنىڭ زىيىنىغا ھۆكۈم چىقارغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.**

**ئىبنى بەتتال (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ھەدىسكە ئەگەشتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئىمام مالىك، ئىمام لەيس، ئىمام شافىئىي، ئەبۇئۇبەيد ۋە بىر قىسىم ئالىملار: يوق ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ، دېدى. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): يوق لېكىن (ھۆكۈم چىقىرىدىغان يەردە) ئورنىدا تۇرىدىغان ۋەكىلى بار ئادەمدىن باشقا يوق ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ، دېدى. ئەمما يوق لېكىن (ھۆكۈم چىقىرىدىغان يەردە) ئورنىدا تۇرىدىغان ۋەكىلى بار ئادەمگە كەلسەك، دەۋانى ئۇ ئادەمنىڭ ۋەكىلى ئۈستىدىن قىلغاندىن كېيىن**

(1) «رەددۇلمۇھتار»، **4** ـ توم، **327** ـ بەت.

(2) يەنى ئىختىلاپلىشىپ قىلىنغان ئىشتۇر. ھەنەفىي مەزھەپىدىكى كۆپ قىسىم ئالىملار: «يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ» دەيدۇ. ئەمما بىر قىسىم ئالىملار ۋە ئىمام شافىئىي: «يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇ» دەيدۇ. شۇڭا قازى يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشنى پايدىلىق دەپ قارىسا، ھۆكۈم چىقارسا بولىدۇ. ت.

ھۆكۈمنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىن چىقىرىشقا بولىدۇ. يوق ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ دېگۈچىلەر ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىغا ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبتىن رىۋايەت قىلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەن ئىككى دەۋاگەرنىڭ بىرىگە ھەتتا يەنە بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ ھۆكۈم قىلمىغىن»[1] دېگەن سۆزىنى دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئىككى دەۋاگەرنىڭ ئارىسىدا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇپ كەلگەن» سۆزىنىمۇ دەلىل قىلىپ كەلتۈردى. ئۇلار كەلتۈرگەن دەلىل - پاكىتلارنىڭ بىرى، ئەگەر قازى (ھۆكۈم چىقىرىدىغان يەرگە) كەلسە ھەتتا ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەمدىن سۇئال سورىمىغىچە دەۋاگەرنىڭ پاكىتىنى تېڭشىمايدۇ، (ئىش بۇنداق تۇرسا) ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەم يوق بولسا، ئەلۋەتتە قازى دەۋاگەرنىڭ پاكىتىنى تېڭشىمايدۇ. (شۇڭا يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ).»[2]

## ھۆكۈمدە زۇلۇم قىلىش

ئەگەر قازى (بىر ئادەم ئۈستىدىن چىقارغان ھۆكۈمدە) ئۇنىڭغا قەستەن زۇلۇم قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ زۇلۇم قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، چىقىرىلغان ھۆكۈمدىن كۆرۈلگەن زىياننى قازى ئۆز مال - مۈلكىدىن تۆلەپ بېرىدۇ. ئەمما ئەگەر قازى ئۇنىڭغا (قەستەن ئەمەس) سەۋەنلىك بىلەن زۇلۇم قىلىپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ھۆكۈمدىن كۆرۈلگەن زىياننى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ھۆكۈم پايدىسى ئۈچۈن چىقىرىلغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

ئەگەر قازى چىقارغان ھۆكۈمدە كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان بولسا، ياكى ھۆكۈمنى چىقىرىشنىڭ پۈتۈن شەرت - شارائىتلىرى تولۇقلىنىپ بولسىمۇ يەنە ھۆكۈم چىقىرىشنى كېچىكتۈرسە، ئۇ قازى مەنسىپىدىن ئېلىنىپ كېتىشى لازىم. ئەگەر ئۇنىڭ ھۆكۈمنى كېچىكتۈرۈشى، ئۇنىڭ گۇۋاھچىلاردىن شۈبھىلەنگەنلىكى، ياكى دەۋاگەرلەرنىڭ ئارىسىدا كېلىشىمنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقى ئۈچۈن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ مەنسىپىدىن

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەبۇداۋۇد، تىرمىزىي ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلدى. بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر.

(2) «فەتھۇلبارى»، 13 - توم، 171 - بەت.

ئېلىنىپ كىتىشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ دەۋاگەرگە ھەتتا ئۇ ئۆز پاكىتلىرىنى ئېلىپ كەلگەنگە قەدەر مۇددەت بەرگەن بولسا، مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلانمايدۇ.

قازىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىدە دەۋاگەرلەرگە زۇلۇم قىلىشى قوبۇل قىلىنمايدىغان ئىشتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى بىزنىڭ ئىشىمىزدا يوق نەرسىنى پەيدا قىلسا، ئۇ ئىش رەت قىلىنىدۇ.(1)» يەنى كىمكى مەيلى بىلمەي بولسۇن، مەيلى سەۋەنلىك بىلەن بولسۇن، ھۆكۈمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن ھالدا چىقارمايدىكەن، ئۇنىڭ اللہ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىڭ ھۆكمىگە قايتىشى ۋە سۈننەتكە قارشى كېلىدىغان ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلىشنى تاشلىشى لازىمدۇر. چۈنكى اللہ تائالا ئىنسانلارنى ئۆزىگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇدى.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، قازىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى ھەقىقەتنى بېكىتكۈچى ئەمەس ئۇنى ئاشكارا قىلغۇچىدۇر. چۈنكى ھۆكۈم ئارقىلىق چىقىرىلغان ھەقىقەت بۇرۇن بار ئىدى. ئۇنى پەقەت ھۆكۈم ئاشكارا قىلىپ چىقارتتى. شۇنىڭدەك يەنە ھۆكۈم چەكلىك بولۇشنى ۋە بىر ئىشنىڭ يۈز بىرىشىگە باغلىنىشنى قوبۇل قىلىدۇ. ھۆكۈمنىڭ يەنە مەلۇم زامانغا، ئورۇنغا ۋە دەۋاغا ئېھتىياجى باردۇر.

ھەقىقەت ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. لېكىن يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىگە، ۋەقپە قىلىنغان نەرسە ـ كېرەكلەرگە، يوق بولۇپ كەتكەن ئادەمگە ۋە (دەۋانىڭ كېچىكىپ قېلىشىغا) شەرئىەت ئېتىراپ قىلىدىغان بىرەر ئۆزرە تېپىلغان ئىشقا ئالاقىدار دەۋالاردىن باشقا دەۋالارغا 15 يىل ئۆتكەندىن كېيىن قۇلاق سېلىنمايدۇ. مەزكۇر دەۋالاردىن باشقا دەۋالارغا 15 يىل ئۆتكەندىن كېيىن قۇلاق سېلىنماسلىقىنىڭ سەۋەبى دەۋا ئىگىللىرىنىڭ دەۋادا ھىيلە ۋە ساختىلىق ئىشلىتىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. لېكىن فىقھىشۇناسلار: «بىر دەۋا (ئۇنى قازىغا سۇنۇشتىن چەكلەيدىغان) بىرەر چەكلىمە بولمىسىمۇ قازىغا سۇنۇلماي 33 يىل تاشلاپ قويۇلغان بولسا، ئۇ دەۋاغا قۇلاق سېلىنمايدۇ. چۈنكى دەۋانى سۇنۇشقا بىرەر چەكلىمە يوق

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

تۇرۇپ ئۇنى قازىغا سۇنماي تاشلاپ قويۇش، دەۋا ئىگىسىنىڭ ھەق ئۇستىدە ئەمەسلىكىنىڭ پاكىتىدۇر. لېكىن دەۋا ئىگىسى، يوق بولۇپ كەتكەن ئادەم بولغان ياكى قارايدىغان ئادىمى يوق بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا بولغان ياكى قارايدىغان ئادىمى يوق ئېلىشىپ قالغان كىشى بولغان، ياكى ئۇستىدىن دەۋا قىلىنغان كىشى زالىم ئەمەلدار بولغان بولسا، (بۇ ئەھۋال ئاستىدا دەۋا قازىغا ھەتتا 33 يىلغىچە سۇنۇلماي كېيىن سۇنۇلغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىنىدۇ). » دېدى. دەۋاغا بىر يەردە 15 يىلدىن كېيىن، يەنە بىر يەردە 33 يىلدىن كېيىن قۇلاق سېلىنمايدۇ، دەپ دەۋاغا قۇلاق سېلىنمايدىغان مۇددەتنى بەلگىلەشتە كۆرۈلگەن ئىختىلاپنىڭ سەۋەبى بولسا، باشلىق ئەمەلدارلارنىڭ بۇ ھەقتە چۈشۈرگەن خىلمۇ ـ خىل پەرمانلىرىدۇر.

مەزكۇر مۇددەت يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى دەۋاغا قۇلاق سېلىنىش، دەۋا ئىگىسىنىڭ يالغان دەۋا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرەر ئىشنىڭ كۆرۈلمەسلىكىگە باغلىقتۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم زېمىننى، ياكى باشقا بىر نەرسىسىنى ساتقان ۋە ئۇنى ساتقانلىقىدىن ئايالى ياكى بالىسى، ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى خەۋەردار بولغان، ئاندىن مەسىلەن بالىسى قوپۇپ ئۇ زېمىننىڭ (دادىسىنىڭ ئەمەس) ئۆزىنىڭ زېمىنى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ بالىنىڭ، دادىسى زېمىننى ساتقاندا ئېتىراز بىلدۈرمەي جىم تۇرۇشى، ئۇنىڭ قىلغان بۇ دەۋاسىنىڭ يالغان دەۋا ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما ئېتىراز بىلدۈرمەي جىم تۇرغان ئادەم (زېمىننى ساتقان ئادەمنىڭ بالىسى، ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولماي) مەسىلەن قوشنىسىغا ئوخشاش يات ئادەم بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئېتىراز بىلدۈرمەي جىم تۇرغانلىقى ئۇنىڭ ئۇ سودا ـ سېتىققا رازى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئەمەس[1]. ئەمما زېمىننىڭ قوشنىسى، زېمىننىڭ ئىگىسى زېمىننى سېتىپ ئالغۇچىنىڭ قولىغا تاپشۇرغان ۋە ئالغۇچى ئۇ يەرگە زىرائەت تېرىغان، ياكى ئۆي سالغان ۋاقىتتا، ئېتىراز بىلدۈرۈپ دەۋا قىلماي جىم تۇرۇپ (كېيىن دەۋا قىلغان بولسا)، ئۇنىڭ يامان نىيىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنمايدۇ.

(1) زېمىن قوشنىسى ياكى ئۆي قوشنىسى زېمىننى ياكى ئۆيىنى قوشنا بولغانلىق ھەققى بىلەن يات ئادەمگە قارىغاندا ئېلىشقا ھەقلىقتۇر. ئۇنىڭ خالىسا يات ئادەمنىڭ سودىسىنى بۇزۇۋېتىپ ئۇنى ئۆزى ئېلىشقىمۇ ھەققى بار. ت.

# قازىنىڭ يەنە بىر قازىغا يازغان خېتىنىڭ ھۆكمى

مەنسىپىدىن ئېلىنىپ كەتكەن، ياكى ئۆلۈپ كەتكەن بىر قازىنىڭ چىقارغان ھۆكمى يەنە بىر قازىغا يەتكۈزۈلسە، ئىككىنچى قازى ئەگەر ئۇ قازىنىڭ چىقارغان ھۆكمى قۇرئانغا ياكى ھەدىسكە، ياكى ئالىملارنىڭ بىرلىككە زىت كەلمىسە ئۇنى ئىجرا قىلىدۇ ۋە ئىشنى ئۇ ھۆكۈم بويىچە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار ھۆكۈمنى ئۈچ قىسىمغا ئايرىدۇ:

1 ـ ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا قوبۇل قىلىنماي رەت قىلىنىدىغان ھۆكۈم. بۇ، قۇرئان، ھەدىس ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىككە زىت كەلگەن ھۆكۈمدۇر.

2 ـ ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىجرا قىلىنىدىغان ھۆكۈم. بۇ ئۈستىدە ئىجتىھاد قىلىنىپ ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ قالغان مەسىلىلەردە چىقىرىلغان ھۆكۈمدۇر. مەسىلەن: قازى، بوھتان چاپلىغانلىقى ئۈچۈن (80 قامچا ئۇرۇلۇپ) كېيىن تەۋبە قىلغان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسەن قوبۇل قىلىپ ھۆكۈم چىقارغان ياكى بىر ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ۋە يات بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىپ ئۇ ئايالنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارغان، ياكى ۋەكىلى بولمىغان ۋە يوق بولۇپ كەتكەن بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىن تەييارلانغان پاكىتقا قۇلاق سېلىپ ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارغان بولسا، (بۇ ئەھۋاللار ئاستىدا چىقىرىلغان ھۆكۈملەر ئىجرا قىلىنىدۇ[1]).

3 ـ ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغاندىن كېيىن (ئۇ ھۆكۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىش ياكى قىلىنماسلىق ھەققىدە) ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈزبەرگەن ھۆكۈمدۇر. بىر قىسىم ئالىملار: «ئۇ ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىدۇ» دەيدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار بولسا: «بۇ ھۆكۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇ ھۆكۈمنى باشقا بىر قازىنىڭ تەستىقلىشى لازىمدۇر» دەيدۇ. ئاخىرىدىكى قاراش بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ ئىچىدىن توغرا دەپ قارالغان قاراشتۇر.

شۇنىڭدەك يەنە بىرىنچى قازىنىڭ چىقارغان ھۆكمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن، ئۇ ھۆكۈمنىڭ شەرتىگە توشقان بىر دەۋادىن كېيىن چىقىرىلغان بولۇشى

(1) ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ قىلغان ئىجتىھادىغا ئاساسلانسا، بۇ ھۆكۈملەر ئىجرا قىلىنمايدۇ. ئەمما بۇ ئۈستىدە ئىجتىھاد قىلىنىپ ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ قالغان مەسىلىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن قازىنىڭ ئۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە چىقارغان ھۆكۈمى ئىجرا قىلىنىدۇ. ت.

لازىم. ئەگەر بىرىنچى قازىنىڭ چىقارغان ھۆكمى شەرتىگە توشقان بىر دەۋادىن كېيىن چىقىرىلمىغان بولسا، ئىككىنچى قازىغا ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكمىنى ئىجرا قىلىش لازىم ئەمەس. بۇ ھالدا ئىككىنچى قازى مەيلى بىرىنچى قازىنىڭ چىقارغان ھۆكمىگە ئۇيغۇن كەلسۇن، مەيلى ئۇنىڭغا زىت كەلسۇن، ھۆكۈمنى ئۆزىنىڭ مەزھەپى بويىچە چىقىرىدۇ. ئىمام بۇخارى كىتابىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئىبراھىم: «ئەگەر خەتنىڭ قايسى قازى تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ۋە ئۇستىدىكى مۆھۈرنىڭ كىمنىڭ مۆھۈرى ئىكەنلىكى بىلىنسە، بىر قازىنىڭ (بىر مەسىلە ھەققىدە چىقارغان ھۆكمىنى) خەت ئارقىلىق يېزىپ يەنە بىر قازىغا يوللاپ بېرىشى توغرىدۇر» دەيدۇ. شەئبىيمۇ: «مەيلى قازى تەرىپىدىن يېزىلغان خەت بولسۇن، مەيلى باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلغان خەت بولسۇن، ئۇستىگە مۆھۈر بېسىلغان خەت ئەۋەتىش (يەنى ئىشنى شۇ خەت بويىچە قىلىش) توغرىدۇر» دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەردىنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش سۆز رىۋايەت قىلىنغان.

# دەۋا قىلىشنىڭ بايانى

## <دەۋا قىلىش> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى توغرىسىدا

<دەۋا قىلىش> دېگەن سۆزدىن مەنا جەھەتتە بىر ئىنساننىڭ باشقىسىنىڭ ئۇستىگە بىر ھەقنى يۆكلەش ئۈچۈن سۆزلىگەن سۆزى مەقسەت قىلىنىدۇ. <دەۋا> دېگەن سۆزنىڭ يىلتىزى <دۇئا> دېگەن سۆزدۇر. <دۇئا> بولسا بىر نەرسىنى تەلەپ قىلىش دېگەن مەنىدىدۇر.

<دەۋا قىلىش> دېگەن سۆزدىن ئىستىلاھ جەھەتتە باشقا بىرسىنىڭ ئۇستىدىكى ھەقنى تەلەپ قىلىش ياكى دەۋاگەردىن ئۆزىنىڭ ھەققىنى قوغداش ئۈچۈن سۆزلەنگەن ۋە قازىنىڭ ئالدىدا قوبۇل قىلىنغان سۆز مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئوقۇمدا بايان قىلىنغان: <باشقا بىرسىنىڭ ئۇستىدىكى ھەقنى تەلەپ قىلىش> دېگەن سۆز گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ ۋە ئىقرار قىلىشنىڭ دەۋانىڭ ئىچىگە كىرمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئوقۇمدا بايان قىلىنغان: <دەۋاگەردىن

ئۆزىنىڭ ھەققىنى قوغداش ئۈچۈن» دېگەن سۆز (ئۆزىنىڭ ھەققىنى) ئۇ ھەققە چېقىلغان ئادەمدىن قوغداشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.(1)

## دەۋانىڭ تەرەپلىرى

1 ـ دەۋا قىلغۇچى: بۇ، دەۋا قىلىشتىن ۋازكەچسە دەۋا ئاياغلىشىدىغان، ياكى دەۋا قىلىشقا مەجبۇرلانمايدىغان ئادەمدۇر.

2 ـ ئۇستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەم: بۇ، دەۋا قىلىشقا مەجبۇرلىنىدىغان ئادەمدۇر.

3 ـ دەۋانىڭ ئاساسى: دەۋا قىلغۇچى ئادەمنىڭ، مەسىلەن: مېنىڭ، ئۇستىدىن دەۋا قىلىنغان پالانىنىڭ ئۇستىدە مۇنداق نەرسەم بار، دېگىنىگە ئوخشاش «مېنىڭ» دەپ ھەقنىڭ ئۆزى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى، ياكى دەۋاگەر ئەگەر دەۋا قىلىشىش ئۈچۈن ۋەكىل قىلىنغان، ياكى ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەم بولسا، (ئۇنىڭ، ئۇستىدىن دەۋا قىلىنغان پالانىنىڭ ئۇستىدە مۇنداق نەرسىسى بار، دېگىنىگە ئوخشاش) «ئۇنىڭ» دەپ ھەقنىڭ ئۆزىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن ئادەمنىڭ تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشى لازىم.

4 ـ دەۋا قىلىشقا سالاھىيىتى توشقان ئادەمنىڭ بولۇشى: ئۇ، بالاغەتكە يەتمىگەن بالا بولسىمۇ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئادەمدۇر.

5 ـ دەۋانىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتى: دەۋانىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئورۇننىڭ بولۇشى ۋە دەۋاگەرلەرنىڭ ئۇ يەرگە كېلىشى شەرتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىگە ئوخشاش ئۇ يەردە يوق ئادەمنىڭ ئۇستىدىن ھۆكۈم چىقىرىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە دەۋا قىلىنغان نەرسە ـ كېرەكنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق بولۇشى شەرتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغان نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئۇستىدىن دەۋا قىلىشقا بولمايدۇ.

6 ـ دەۋانىڭ ھۆكمى: دەۋانىڭ ھۆكمى بولسا ئۇستىدىن دەۋا قىلىنغان

(1) «ئەددۇررۇلمۇختار»، 4 ـ توم، 419 ـ بەت.

ئادەمنىڭ (دەۋاگەرنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدە ھەققى) يوق ياكى بار، دەپ جاۋاب بېرىشى لازىم. كېيىن دەۋاگەرنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىن كۆرسەتكەن پاكىتىغا قۇلاق سېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم (ھېچقانداق جاۋاب بەرمەي) جىم تۇرسا، ئۇ ئادەم ئىنكار قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## دەۋا قىلغان تەرەپكە پاكىت كۆرسىتىشنىڭ ۋە ئىنكار قىلغان تەرەپكە قەسەم ئىچىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

دەۋا قىلغۇچى ئادەمدىن، قىلغان دەۋاسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان پاكىت كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ (دەۋا قىلىنىغان بىر مەسىلە ھەققىدە) ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئاساسى ئورۇندا تۇرىدىغان مۇھىم بىر پرىنسىپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ پرىنسىپنى نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەردە بايان قىلدى. تۆۋەندىكىلەر مەزكۇر ھەدىسلەرنىڭ قاتارىدىندۇر:

ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر كىشىلەرگە، ئۇلار دەۋا قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بېرىلسە، كىشىلەر باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ۋە قانلىرىنى دەۋا قىلىدۇ. لېكىن (شۇنىڭ ئۈچۈن) دەۋا قىلغان ئادەمنىڭ پاكىت كۆرسىتىشى ۋە ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەمنىڭ قەسەم ئىچىشى لازىمدۇر.»[1]

بۇ مەشھۇر ھەدىستۇر. بۇ ھەدىسنى پۈتۈن مۇسۇلمانلار قوبۇل قىلغان ۋە بۇ ھەدىس ھەققىدە ئىككى ئادەممۇ ئىختىلاپلىشىپ قالمىغان. ئىمام نەۋەۋي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇ ھەدىس شەرىئەتنىڭ قائىدىللىرىدىن چوڭ بىر قائىدىنى بايان قىلىدۇ» دېگەن. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن، ھەممە ئادەم قوبۇل قىلىپ ئالغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئەبۇمۇسا ئەلئەشئەرىگە يازغان خېتىدە ھەم: «دەۋا قىلغان تەرەپنىڭ پاكىت كۆرسىتىشى ۋە ئىنكار قىلغان تەرەپنىڭ قەسەم ئىچىشى لازىمدۇر» دەپ يېزىلغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئەشئەس ئىبنى قەيس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق

(1) بۇ ھەدىسنى بەيھەقىي ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

دەيدۇ: مەن بىلەن بىر ئادەمنىڭ ئارىسىدا يەمەندىكى بىر زېمىن ھەققىدە (دەۋا بار ئىدى). شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ ئادەم بىلەن دەۋا قىلىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «سېنىڭ ئىككى گۇۋاھچى ئېلىپ كېلىشىڭ ياكى ئۇنىڭ قەسەم ئىچىشى لازىم» دېدى. مەن: ئۇ پەرۋا قىلماستىنلا قەسەم ئىچىدۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى، ئۆزىگە تەۋە ئەمەس نەرسىگە ھەقلىق بولۇش (يەنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن) يالغان قەسەم ئىچسە، ئۇ كىشى الله تائالاغا، الله تائالا ئۇنىڭغا ئاچچىقلانغان ھالدا ئۇچرىشىدۇ» دېدى. ئاندىن الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىنى تەستىقلاپ بۇ ئايەتنى چۈشۈرگەن: »الله غا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (الله نىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ، قىيامەت كۈنى الله ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارغا (رەھمەت كۆزى بىلەن) قارىمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ«[1]يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ھەدىستە، بىر دەۋاگەر ئادەمنىڭ دەۋا قىلغان نەرسىسىنى ئىككى گۇۋاھچى ئېلىپ كەلمەستىن ئالالمايدىغانلىقىدىن ۋە ئەگەر ئۇ ئىككى گۇۋاھچى ئېلىپ كەلمىسە، ئۇنىڭغا ھېچنەرسە بېرىلمەيدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

## قەسەم ئىچىشتىن باش تارتقانلىقى سەۋەبى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ بايانى

ئەگەر دەۋاگەر ئۆزىنىڭ دەۋاسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن پاكىت كۆرسىتىشتىن ئاجىز كەلگەن ۋە ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەم، دەۋاگەرنىڭ قىلغان دەۋاسىنى ئىنكار قىلغان بولسا، قازى ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەمدىن قەسەم ئىچىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قەسەم ئىچىشتىن باش تارتقان ۋە قەسەم ئىچىشكە ئۇنىمىغان بولسا، قازى ئۇنىڭ قەسەم ئىچىشتىن باش تارتقانلىقىنى، ئۈستىدىن قىلىنغان دەۋانىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر پاكىتنىڭ ئورنىدا ئېتىبارغا ئېلىپ

(1) سۈرە ئالى ئىمران 77 ـ ئايەت.

تۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بۇ ھەقتە ئەمرى ئىبنى شۇئەيب چوڭ دادىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئايال ئېرىنىڭ تالاق قىلىۋاتقانلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە بۇنىڭغا ئادىل بىر گۇۋاھچى ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئېرىدىن قەسەم ئىچىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئەر (ئۆزىنىڭ ئايالنى تالاق قىلىۋاتمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ) قەسەم ئىچسە، گۇۋاھچىنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر ئەر قەسەم ئىچىشتىن باش تارتسا، ئۇنىڭ باش تارتقانلىقى يەنە بىر گۇۋاھچىنىڭ ئورنىدا قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئەر ئايالنى تالاق قىلىۋاتقان ھېسابلىنىدۇ.»[1] ئىمام ئىبنى ئەلقەييىم <ئەلئىئلام> دېگەن ئەسىرىدە: «تۆت مەزھەپ ئىماملىرى ۋە بارلىق فىقھشۇناسلار ئەمرى ئىبنى شۇئەيبنىڭ مەزكۇر ھەدىسىنى (ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى ئۈچۈن) پاكىت قىلىپ كەلتۈردى ۋە پەتىۋا بېرىدىغان ئىماملارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ مەزكۇر ھەدىسىنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈرمەيدىغان ۋە ئۇ ھەدىسكە ئېھتىياجى چۈشمەيدىغان بىرەر ئىماممۇ يوق. بۇ ھەدىس ياخشىلىق، توغرىلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ۋە دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈرۈشكە بولىدىغان ھەدىستۇر» دېدى.

## بىر گۇۋاھچى ۋە قەسەم بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ بولمايدىغانلىقىنىڭ بايانى

مەزكۇر ھەدىس بىر ئىش ئۈستىدە ھۆكۈمنىڭ، ئۇ ئىشنى دەۋا قىلغان كىشىنىڭ ئېلىپ كەلگەن گۇۋاھلىقى ۋە ئېچكەن قەسەمى بىلەن چىقىرىلمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ھەدىستە ھۆكۈمنى، دەۋاگەرنىڭ ئېچكەن قەسىمىنى رەت قىلماستىن ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەمنىڭ قەسەم ئىچىشتىن باش تارتقانلىقى سەۋەبى بىلەنلا چىقاردى. بىر ئىش ئۈستىدە قىلىنغان دەۋادا، دەۋا ئىگىسىنىڭ ئېلىپ كەلگەن گۇۋاھلىقى ۋە ئېچكەن قەسىمى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلمايدۇ، دېگەن كۆز قاراشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «دەۋا قىلغان ئادەمنىڭ پاكىت كۆرسىتىشى ۋە ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەمنىڭ قەسەم ئىچىشى لازىمدۇر» دېگەن سۆزىمۇ

[1] بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى.

كۆچلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى، قەسەمنى پەقەت ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەمنىڭ ئىچىدىغانلىقىنى ۋە پاكىتنى پەقەت دەۋا قىلغان ئادەمنىڭ كەلتۈرۈدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەزكۇر كۆز قاراشنى يەنە يۇقىرىدا ئەشئەس ئىبنى قەيستىن رىۋايەت قىلىپ ئۆتتۇلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا: «سېنىڭ ئىككى گۇۋاھچى ئېلىپ كېلىشىڭ ياكى ئۇنىڭ قەسەم ئېچىشى لازىم» دېگەن سۆزىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.

ئەمما ئىمام مۇسلىم (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھەدىس كىتابىدا رىۋايەت قىلغان ئىبنى ئابباس (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بىر ئىش ئۈستىدە ئۇنى دەۋا قىلغان ئادەمنىڭ) قىلغان قەسىمى ۋە ئېلىپ كەلگەن گۇۋاھلىقى بىلەن ھۆكۈم قىلغان، دېگەن سۆزى ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا خۇسۇسىي ئەھۋاللارغا قارىتىلىدۇ.

# گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ بايانى

گۇۋاھلىق بېرىشتىن دەۋاسىز بولسىمۇ <گۇۋاھلىق بېرىمەن> دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ بىر ھەقنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قازىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بەرگەن توغرا بىر خەۋەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.(1)

خۇددى يالغان قەسەمگە <قەسەم> دېگەن سۆز ئىشلىتىلگىنىدەك يالغان گۇۋاھلىققىمۇ <گۇۋاھلىق> دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنداق ئىكەن خەۋەر ئۈچ قىسىم بولىدۇ:

1 ـ (مەسىلەن: پالانىنىڭ قولىدىكى نەرسە پۈكۈنى ئادەمنىڭ) دەپ بىر كىشىنىڭ ھەققىنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى توغرىسى بىلەن خەۋەر بېرىش. بۇنداق قىلىش گۇۋاھلىق بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

2 ـ (مەسىلەن: پۈكۈنىنىڭ قولىدىكى نەرسە مېنىڭدۇر)، دەپ خەۋەر بەرگەن ئادەم، ئۆزىنىڭ ھەققىنىڭ باشقا بىرسىنىڭ ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى خەۋەر بېرىش. بۇنداق قىلىش دەۋا قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 ـ توم، 369 ـ بەت.

3 ـ (مەسىلەن: مېنىڭ قولۇمدىكى نەرسە پۈكۈنى ئادەمنىڭدۇر)، دەپ خەۋەر بەرگەن ئادەم، ئۆزىنىڭ ئۈستىدە باشقا بىرسىنىڭ ھەققى بارلىقىنى خەۋەر بېرىش. بۇنداق قىلىش ئىقرار قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.[1]

## گۇۋاھلىقنىڭ شەرتلىرى

گۇۋاھلىقنىڭ شەرتلىرى ئىككى قىسمغا بۆلۈنىدۇ:

1 ـ گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار شەرتلەر.

2 ـ گۇۋاھلىقنىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار شەرتلەر.

گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار شەرتلەر يەنە ئىككى قىسمغا بۆلۈنىدۇ:

1 ـ بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھچى بولۇشىغا ئالاقىدار شەرتلەر.

2 ـ (قازىنىڭ ئالدىدا) گۇۋاھلىق بېرىشكە ئالاقىدار شەرتلەر.

بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھچى بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ تېپىلىشى لازىم:

1 ـ بىر ئىشقا گۇۋاھچى بولىدىغان ئادەمنىڭ، ئۇ ئىشقا گۇۋاھچى بولغان ۋاقتىدا ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا بولۇشى شەرت.

2 ـ ئۈستىدىن گۇۋاھلىق بېرىدىغان نەرسىگە قاراش ۋە ئۇنى كۆرۈش لازىم. ئەگەر ئۇ نەرسە (سۆزگە ئوخشاش) تىڭشاش ئارقىلىق گۇۋاھلىقتىن ئۆتىسىمۇ بولىدىغان نەرسە بولسا، بۇ ھالدا ئۇنى كۆرۈش شەرت ئەمەس.

ئەمما (قازىنىڭ ئالدىدا) گۇۋاھلىق بېرىشكە ئالاقىدار شەرتلەر بولسا، ئومۇمىي شەرتلەر ۋە خۇسۇسىي شەرتلەر، دەپ ئىككى قىسمغا بۆلۈنىدۇ:

ئومۇمىي شەرتلەر بولسا بارلىق گۇۋاھلىق بېرىشتە شەرت قىلىنىدىغان شەرتلەر بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ گۇۋاھچىنىڭ ھۆر ئادەم بولۇشى شەرتتۇر.

(1) <ئەل تەئرىفات لىلجۇرجانىي>.

2 ـ دەۋاگەر بىلەن ئۇستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەمنىڭ ئارىسىنى ئايرىيالىغىدەك كۆرۈش قۇۋۋىتىگە ئىگە بولۇش.

3 ـ سۆزلەش قۇۋۋىتىگە ئىگە بولۇش.

4 ـ ئادىل ئادەم بولۇش. يەنى تەقۋادار ئادەم بولۇش. گۇۋاھچىنىڭ تەقۋادار بولۇشى ئۇنىڭ گۇۋاھچى بولۇش سالاھىيىتىگە توشۇشىنىڭ شەرتى ئەمەس ئۇنىڭ گۇۋاھچىلىقىنىڭ قازىنىڭ ئالدىدا قوبۇل قىلىنىشىنىڭ لازىم بولۇشىنىڭ شەرتىدۇر.

5 ـ گۇۋاھلىق بېرىشىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىلغان ئورۇندا بولۇشى شەرتتۇر.

6 ـ گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەم بوھتان چاپلىغانلىق سەۋەبى بىلەن جازا ئۈچۈن 80 قامچا ئۇرۇلغان ئادەم بولماسلىقى لازىم. چۈنكى اللە تائالا بۇنداق كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار (يەنى بىراۋغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ھەر بىر ئادەمنى قامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن 80 نى ئۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار ئەففە ئاياللارغا يالغاندىن تۆھمەت چاپلىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئابرويىنى تۆككەن ئادەملەردۇر)، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى (ئۇلار يالغانچىلىق ۋە تۆھمەت چاپلاش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا) ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار، ئۇلار پاسىقلاردۇر (يەنى ئۇلار بوھتان چاپلاشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى ئىشلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، اللە نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر)[1]»

7 ـ گۇۋاھچى (گۇۋاھلىق بېرىش ئارقىلىق) ئۆزىگە بىرەر پايدا ئېلىپ كەلمەسلىكى ياكى ئۆزىدىن بىرەر زىياننى توسۇپ قالماسلىقى لازىم.

8 ـ گۇۋاھلىق بەرگۈچى بىلەن پايدىسى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلىق، ياكى ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنىڭ بولماسلىقى شەرتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىۋاقىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىنىڭ پايدىسى، ياكى ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىۋاقىلىرىنىڭ پايدىسى ۋە ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ ھەقتە بىز

(1) سۈرە نۇر 4 ـ ئايەت.

الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا توختۇتۇلۇپ ئۆتىمىز.

9 ـ گۇۋاھلىق بەرگۈچى بىلەن زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەمنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىك ۋە ئۆچ ـ ئاداۋەت بولماسلىقى شەرت.

10 ـ گۇۋاھلىق بەرگۈچى (گۇۋاھلىق بېرىدىغان شۇ ئىشنىڭ) دەۋاگەرى بولماسلىقى شەرت. مەسىلەن، ۋەكىلگە، بىر كىشىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمگە ۋە ھەم شېرىككە ئوخشاش بىر نەرسە ئۈستىدە دەۋا قىلىشقان ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ھەققىدە بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: بىر ۋەكىلنىڭ (دەۋا قىلىششقا) ۋەكىل قىلىنغان نەرسە ئۈستىدە بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بىر كىشىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمنىڭ، ۋەسىيەت قىلىنغان شۇ ئىش ئۈستىدە بەرگەن گۇۋاھلىقىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ھەم شېرىك ئادەمنىڭمۇ ئارىسىدا ھەم شېرىكلىك بار نەرسە ئۈستىدە بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. مۇشۇلارغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ ھېچبىرىنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇلار شۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدە خۇددى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئوخشاش دەۋاگەردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ شۇ نەرسە ئۈستىدە بەرگەن گۇۋاھلىقى ھەرگىز قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئەر، ئەگەر ئۆزىدىن باشقا تۆت گۇۋاھچى ئېلىپ كەلمىسە، ئۇنىڭ: ئايالىم زىنا قىلدى، دەپ ئايالى ئۈستىدىن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ ئىمام مالىكنىڭ، ئىمام شافىئىينىڭ ۋە مەدىنىلىك كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆزقارىشىدۇر. بۇ قاراشنى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەردىن ئىمام تەھاۋىي توغرا، دەپ تاللىدى. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىچە: ئەرنىڭ، ئايالى ئۈستىدىن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئايالغا زىنا قىلغانلىقنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر مۇنداق دېدى: «ئەر ئەگەر (ئايالىم زىنا قىلدى، دەپ) ئايالىغا قازىنىڭ ئالدىدا ئۆزى يالغۇز بوھتان چاپلىغان بولسا، ئەرنىڭ ئايال بىلەن لەنەت ئېيتىششى ياكى ئۆزىنىڭ باشقا تۆت گۇۋاھچى تېپىپ كېلىشى لازىم.»[1]

11 ـ گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەم، گۇۋاھلىق بېرىدىغان چاغدا ئۈستىدىن گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغان نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىنى بىلىشى

(1) «ئىنلاتۇسسۇنەن»، 15 ـ توم، 229 ـ بەت.

ۋە ئۇنى ئېسىگە ئېلىپ تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىشى شەرت. ھاكىم كىتابىدا بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن گۇۋاھلىق بېرىش ھەققىدە سوئال سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «(ئاسماندىكى) بۇ قۇياشنى كۆرۈۋاتامسەن؟» دېدى. ئۇ ئادەم: ھەئە، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغان ئىش ئېسىڭدە) شۇنىڭغا ئوخشاش ئېنىق بولسا، گۇۋاھلىق بەرگىن ياكى گۇۋاھلىق بېرىشتىن ۋازكەچكىن» دېدى.

# خۇسۇسىي شەرتلەر

1 ـ ئەگەر ئۇستىدىن گۇۋاھلىق بېرىلىدىغان ئادەم مۇسۇلمان بولسا، گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى شەرتتۇر. چۈنكى اللە تائالا مۇنداق دېدى: «سىلەر ئەر كىشىلەردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار؛ ئەگەر ئىككى ئەركىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالىتىگە، دىيانىتىگە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ[1]» يەنى سىلەر مۇسۇلمان ئەركىشىلەردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار. چۈنكى كاپىرنىڭ مۇسۇلمان ئۇستىدىن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. كاپىرنىڭ پەقەت كاپىرنىڭ ئۇستىدىن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ.

2 ـ (بوھتان چاپلىغان ياكى ھاراق ئىچكەن ئادەمنى قامچىلىغانغا ۋە زىناخورنى قامچىلىغانغا، ياكى چالما ـ كېسەك قىلغانغا ئوخشاش) جازالاردا ۋە قىساستا گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەمنىڭ ئەر بولۇشى شەرتتۇر. جازالاردا ۋە قىساستا ئاياللارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئىبنى ئەلمۇنزىر (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر قىسىم ئالىملار اللە تائالانىڭ: «ئەگەر ئىككى ئەركىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالىتىگە، دىيانىتىگە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار،

(1) سۈرە بەقەر 282 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالدۇ[1]» دېگەن ئايىتىنىڭ تاشقىرى مەنىسىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ (مەيلى جازا ۋە قىساس ئىشلىرى بولسۇن، مەيلى ئېلىم - سېتىم ۋە قەرزلەر بولسۇن،) ھەممە ئىشلاردا ئايالالرنىڭ ئەرلەر بىلەن بىللە بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ، دېگەن قاراشقا كەلدى. ئەمما كۆپ ساندىكى ئالىملار الله تائالانىڭ مەزكۇر ئايىتىنى پەقەت ئېلىم - سېتىم ۋە قەرزگە ئالاقىدار ئىشلەرغىلا خاس (يەنى ئايالالرنىڭ گۇۋاھلىقى پەقەت ئېلىم - سېتىم ۋە قەرزگە ئالاقىدار ئىشلاردىلا قوبۇل قىلىنىدۇ)، شۇڭا (بوھتان چاپلىغان، ياكى ھاراق ئىچكەن ئادەمنى قامچىلىغانغا ئوخشاش) جازالاردا ۋە قىساستا ئۇالرنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ، دېگەن قاراشتىدۇر» دېدى.[2]

3 - بەندىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقىغا ئالاقىدار ئىشلاردا، (ھەقنىڭ ئىگىسىنىڭ) دەۋا قىلىشى شەرتتۇر.

## گۇۋاھلىقنىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار شەرتلەر

1 - گۇۋاھلىق، گۇۋاھلىق بېرىمەن بۇ ئىش مۇنداقتۇر، دېگەنگە ئوخشاش <گۇۋاھلىق بېرىمەن> دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش بىلەن بولۇشى شەرت. ئەمما گۇۋاھلىق، مېنىڭ بىلىشىمچە ياكى گۇمان قىلىشىمچە، بۇ ئىشنىڭ مۇنداق بولۇشىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، دېگەنگە ئوخشاش <مېنىڭ بىلىشىمچە ياكى گۇمان قىلىشىمچە> دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش بىلەن بېرىلسە، ئۇ گۇۋاھلىق قوبۇل قىلىنمايدۇ.

2 - ئەرلەر قارىسا بولىدىغان ئىشلاردا گۇۋاھلىق بېرىشتە، گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەمنىڭ سانىنىڭ مۇئەييەن بىر سانغا يېتىشى شەرت. چۈنكى الله تائالا: «سىلەر ئەر كىشىڭلاردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار[3]» ئەمما مەسىلەن: ئايالالرنىڭ ئۆياتلىق يەرلىرىگە قاراشقا ئوخشاش ئەرلەر قارىسا بولمايدىغان ئىشلاردا پەقەت بىر ئايالنىڭمۇ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا توختۇتۇلۇپ ئۆتىمىز.

(1) سۇرە بەقەر 282 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(2) «فەتھۇلبارى»، 5 - توم، 269 - بەت.

(3) سۇرە بەقەر 282 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

**3 ـ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ (گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن) ئوخشاش سۆز ئىشلىتىشى ۋە ئۇ سۆزنىڭ مەناسىنىڭ ئوخشاش بولۇشى شەرتتۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا خالىسا <گۇۋاھلىق بەرگەن ۋاقتىدا ئىختىلاپلىشىپ قېلىش> دېگەن تېمىدا تەپسىلىي توختۇتۇلۇپ ئۆتىمىز.**

## گۇۋاھلىق بېرىشكە تەرغىب قىلىشنىڭ بايانى

**ئىسلام دىنى ھەتتا كىشىلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشكە سەل قارىماسلىقى ئۈچۈن ئومۇمەن قىلىپ گۇۋاھلىق بېرىشكە تەرغىب قىلىدۇ. گۇۋاھلىق بېرىشكە سەل قاراش كىشىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ زايا بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. گۇۋاھلىق بېرىشكە تەرغىب قىلىپ زەيد ئىبنى خالىد ئەلجۇھەنىيدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرگە شېھىدلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟ ئۇ، ئۇنىڭدىن گۇۋاھلىق بېرىشنى تەلەپ قىلىشتىن بۇرۇن كېلىپ گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەمدۇر.»[1]**

**بۇ ھەدىس ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسكە زىت ئەمەستۇر. ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ئىمران ئىبنى ھۇسەين (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۈممىتىمنىڭ ياخشىلىرى مېنىڭ زامانىمدىكىلەردۇر، ئاندىن ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىدىغانلار، ئاندىن ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىدىغانلار» دېدى. ئىمران ئېيتتى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنىڭ زامانىدىن كېيىن ئىككى زامانىنى بايان قىلدىمۇ، ياكى ئۈچ زامانىنى بايان قىلدىمۇ بىلەلمىدىم. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلاردىن كېيىن شۇنداق كىشىلەر بولىدۇكى، گۇۋاھلىققا چاقىرىلمىسىمۇ گۇۋاھلىق بېرىپ تۇرىۋالىدۇ، خىيانەت قىلىدۇ، ئىشەنچلىك دەپ قارالمايدۇ، ياخشى ئىش قىلمەن، دەپ ۋەدە قىلىدۇ، ئاندىن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سېمىزلىك ئاشكارا كۆرۈلگىلى تۇرىدۇ»[2] دېدى. چۈنكى بۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان، گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرىلمىسىمۇ گۇۋاھلىق**

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) يەنى يېيىش ۋە ئىچىشلار كۆپ بولۇپ كېتىدۇ. ت.

بېرىپ تۇرۇۋالىدىغان گۇۋاھچىلار بولسا، ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشى دىنغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن بولغان ئەمەستۇر. (ئەمما يۇقىرىدىكى ھەدىستە بايان قىلىنغان، گۇۋاھلىق بېرىشنى تەلەپ قىلىشتىن بۇرۇن كېلىپ گۇۋاھلىق بېرىپ گۇۋاھلىق بېرىشكە ئالدىرىغان گۇۋاھچىلار بولسا، ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشى دىنغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن بولغاندۇر). ئەگەر گۇۋاھلىق بېرىشكە ئالدىراش باشقا ـ باشقا مەقسەت بىلەن بولسا، گۇۋاھلىق بېرىشكە ئالدىراشقا تەرغىب قىلىپ كەلگەن يۇقىرىدىكى ھەدىس بىلەن ئۇنداق قىلىشنى تەنقىد قىلىپ كەلگەن ئىككىنچى ھەدىسنىڭ ئارىسىدا زىتلىق يوقتۇر. گۇۋاھلىق بېرىشكە ئالدىراش بەزى ۋاقىتتا دىنغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكتىن بولىدۇ، بەزى ۋاقىتتا دىنغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكتىن بولىدۇ. گۇۋاھلىق بېرىشكە ئالدىراشنىڭ ياخشى ياكى يامان ئىش بولۇشى، شۇنداق قىلىشتىكى مەقسەتكە قاراشلىقتۇر. ئەگەر مەقسەت ياخشى بولسا، گۇۋاھلىق بېرىشكە ئالدىراشمۇ خۇددى يۇقىرىدىكى ھەدىستە بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىگە ئوخشاش ياخشى ئىش ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر مەقسەت ياخشى بولمىسا، گۇۋاھلىق بېرىشكە ئالدىراش خۇددى ئىككىنچى ھەدىستە بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىگە ئوخشاش ياخشى ئىشلاردىن ھېسابلانمايدۇ.[1]

## گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ ھۆكمى

بىر نەرسىگە گۇۋاھچى بولغان ئادەمنىڭ، ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمدىن (قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ) گۇۋاھلىق بېرىشنى تەلەپ قىلغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى لازىمدۇر. ئەگەر نەرسىنىڭ ئىگىسى گۇۋاھچىدىن (قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ) گۇۋاھلىق بېرىشنى ئوچۇق تەلەپ قىلماي ھۆكمەن تەلەپ قىلغان بولسا، بۇ ۋاقىتتىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى لازىمدۇر. مەسىلەن: نەرسىنىڭ ئىگىسى بىر ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئۈچۈن گۇۋاھچى بولغانلىقىنى بىلمەيدىغان ۋە گۇۋاھچى ئەگەر (قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ) گۇۋاھلىق بەرمىسە، ئۇ نەرسە ئۆزىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىدىغان ئىش بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى گۇۋاھچىدىن گۇۋاھلىق بېرىشنى تەلەپ قىلمىسىمۇ ئۇنىڭ كېلىپ گۇۋاھلىق بېرىشى

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 15 ـ توم، 151 ـ بەت.

لازىمدۇر. چۈنكى اللە تائالا مۇنداق دېدى: «گۇۋاھلىقنى يوشۇرماڭلار، كىمكى ئۇنى يوشۇرىدىكەن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ دىلى گۇناھكار بولىدۇ. اللە قىلمىشىڭلارنى تامامەن بىلگۈچىدۇر[1] »

گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ لازىم بولۇشى تۆۋەندىكى شەرتلەرگە باغلىقتۇر:

1 ـ قازى ئادىل بولۇش لازىم.

2 ـ گۇۋاھچى ئولتۇرغان يەر بىلەن بېرىپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان يەرنىڭ ئارىلىقى يېقىن بولۇشى لازىم. ئەگەر گۇۋاھلىق بېرىدىغان يەر بىلەن گۇۋاھچى ئولتۇرغان يەرنىڭ ئارىلىقى، گۇۋاھچى ئەتىگەندە يولغا چىقىپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان يەرگە بېرىپ گۇۋاھلىقنى بېرىپ يەنە شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدە ئۆيىگە قايتىپ كېلەلمەيدىغان دەرىجىدە يىراق بولسا، بۇ ھالدا گۇۋاھچىنىڭ شۇ يەرگە بېرىپ گۇۋاھلىق بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى بۇ ھالدا ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈلۈپ قالىدۇ. اللە تائالا گۇۋاھچىغا زىيان يەتكۈزۈلۈپ قالماسلىق ھەققىدە مۇنداق دېدى: «پۈتۈكچىگىمۇ گۇۋاھچىغىمۇ زىيان يەتكۈزۈلمىسۇن؛ ئەگەر زىيان يەتكۈزسەڭلار گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىسىلەر، اللە نىڭ (ئەمرىگە ۋە نەھيىسىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن) ساقلىنىڭلار، اللە سىلەرگە ئۆگىتىدۇ (يەنى سىلەرگە ئىككىلا دۇنيادا پايدىلىق بولغان ئىلمنى بېرىدۇ)، اللە ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر[2] »

3 ـ گۇۋاھچىنىڭ، قازىنىڭ ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلىشى شەرت.

4 ـ ئەگەر گۇۋاھلىق بېرىش بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئالاقىدار بولسا، ھەق ئىگىسىنىڭ گۇۋاھچىدىن گۇۋاھلىق بېرىشنى تەلەپ قىلىشى لازىم. ئەمما مەسىلەن: بىر نەرسىنىڭ اللە تائالانىڭ يولىدا ۋەقپە قىلىنغان نەرسە ئىكەنلىكىگە، بىر ئايالنىڭ يېنىشىش ئۈچۈن يېڭى نىكاھ كېرەك بولىدىغان تالاق قىلىنىپ كەتكىنىگە ۋە ئىككى بالىنىڭ ئېمىلدەش ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەنگە ئوخشاش اللە تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئالاقىدار ئىشلاردا، گۇۋاھچىدىن گۇۋاھلىق بېرىش تەلەپ قىلىنمىسىمۇ ئۇنىڭ كېلىپ گۇۋاھلىق بېرىشى لازىم.

(1) سۇرە بەقەر 283 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(2) سۇرە بەقەر 282 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

**الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئالاقىدار ئىشلارنىڭ قاتارىدىن بولغان زىنا ئىشىغا كەلسەك، ئەگەر زىنا قىلىپ سالغان ئادەم، زىنا قىلغانلىقىنى ئۆزى ئاشكارىلايدىغان ھاياسىز ئادەم بولمىسا، ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقىغا (گۇۋاھلىق بېرىش ئەمەس ئەكسىچە ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى) يېپىش ياخشىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مائىز ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇنى قايتۇرۋەتكەن ئىدى. ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مائىزنىڭ تاغىسى ھىزالغا: «كاشكى سەن مائىزنى كىيىمىڭ بىلەن بولسىمۇ يېپىۋالغان بولساڭ، سەن ئۈچۈن ياخشى بولاتتى» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ھىزال بولسا مائىزغا، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ زىنا قىلىپ سالغانلىقىنى ئىقرار قىلىشقا يول كۆرسەتكەن ئادەم ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەردە زىنا قىلىپ سالغان ئادەمنى، ئۆزىنىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى يېپىشقا ۋە الله تائالاغا تەۋبە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. شۇنىڭدەك يەنە زىنا قىلىپ سالغان ئادەمنى كۆرۈپ قالغانلارنىمۇ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى يېپىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. ئۇلار بىر ـ بىرىگە زۇلۇم قىلمايدۇ ۋە بىرى يەنە بىرىنى دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ. كىمكى ئۆز قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدە بولىدىكەن، الله مۇ ئۇنىڭ ھاجىتىدە بولىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماندىن بىر ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋەتسە، الله مۇ ئۇنىڭدىن قىيامەتنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن بىرىنى كۆتۈرىۋېتىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، الله مۇ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ.»[(1)] كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى يېپىش ياخشى دەپ قارالغان ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن ئالىملار: «بىر ئادەمنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەم بىر تەرەپتىن ھەقنى ئاشكارا قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى يېپىش قائىدىسىگە ئەمەل قىلىپ: گۇۋاھلىقنى <ئۇ ئوغرىلىق قىلدى> دېگەن سۆز بىلەن ئەمەس <ئۇ ئالدى> دېگەن سۆز بىلەن بېرىدۇ» دېدى.[(2)]**

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 ـ توم، 371 ـ بەت.

## گۇۋاھچىلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراشنىڭ بايانى

ئەگەر قازى گۇۋاھچىلارنىڭ تەقۋادار ياكى تەقۋادار ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلەلمىسە، قازىنىڭ ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ھۆكۈم قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلاردىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورۇشى لازىم. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بىلەن ئىمام ئەبۇسۇيۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد قاتارلىقلارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ قالغان مەسىلىدۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «قازى ھۆكۈمنى بىر مۇسۇلمان گۇۋاھچىنىڭ تاشقىرى ئەھۋالىغا قاراپ چىقىرىدۇ، ھەتتا دەۋا ئىگىسىگە قارشى تەرەپنىڭ تەنە قىلماسلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان گۇۋاھچىنىڭ ئىچكىرى ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلمايدۇ» دېدى. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد بولسا: «قازىنىڭ ھەممە ھەق ـ ھوقۇقتا گۇۋاھچىلارنىڭ ئىچكىرى ۋە تاشقىرى ئەھۋالىدىن سورىشى لازىم. چۈنكى ھۆكۈم چىقىرىش ئاساسى قىلىپ ھۆججەت ـ پاكىتقا تايىنىدۇ. ھۆججەت ـ پاكىت بولسا، ئادىل (يەنى دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن يىراقلىشىپ كەتمىگەن) گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىدۇر. قازى ئۇلاردىن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئادىل (يەنى دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن يىراقلىشىپ كەتمىگەن) ئادەملەر ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. قازى ئۇلاردىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىنىڭ پايدىسىز بىر ھۆكۈم بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ» دېدى. زامانىمىزدا بۇ ھەقتە پەتىۋا ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ بۇ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ.[1] چۈنكى بۇ زامان بولسا كىشىلەر ئارىسىدا پاساتچىلىق ۋە دىيانەتسىزلىك كەڭ تارالغان بىر زاماندۇر.

## قازىنىڭ پاسىق ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشىنىڭ ھۆكمى

ئەگەر قازى پاسىق ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىنى ياخشى تەھلىل قىلىپ ئۇنىڭ توغرا گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىگە ئىشەنچ قىلالىسا، قازى پاسىق ئادەمنىڭ

(1) «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 118 ـ بەت.

بەرگەن گۇۋاھلىقىغا تايىنىپ تۇرۇپ ھۆكۈم چىقارسىمۇ بولىدۇ. قازىنىڭ پاسىق ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىنى ياخشى تەھلىل قىلماستىن ھۆكۈم چىقىرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بارلىق ئىماملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە، قازى پاسىق ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىنى ياخشى تەھلىل قىلىش لازىم. ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «قازىنىڭ پاسىق ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىغا تايىنىپ تۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئەسلىدىكى قائىدە قازى پاسىق ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىغا تايىنىپ تۇرۇپ ھۆكۈم چىقارماسلىقتۇر. بۇ ئالىملار بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر. ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپلىشىپ قالغان مەسىلە بولسا، ئەگەر قازى پاسىق ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىنى ياخشى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىغا تايىنىپ ھۆكۈم چىقارغان بولسا، بۇ ھۆكۈم قوبۇل قىلىنىپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىنىش ياكى ئۇنداق قىلىنماسلىق مەسىلىسىدۇر» دەيدۇ.

ئەگەر قازى پاسىق ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىغا تايىنىپ تۇرۇپ ھۆكۈم چىقارغان بولسا، ئۇ اللە تائالانىڭ: «ئاراڭلاردىن ئىككى ئادىل گۇۋاھچىنى گۇۋاھ قىلىڭلار[1]» دېگەن ئايىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاسىيلىق قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئىسلام تارىخىدىن خەۋەردار ئادەم ساھابىلەر (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ زالىم ۋە پاسىق باشلىقلارغا ئىقتىدا قىلىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇغانلىقلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلغانلىقلىرىنى ۋە يۈز بەرگەن ئىشلاردا ئۇلارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىنى تەلەپ قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارغانلىقلىرىنى بىلىدۇ. ساھابىلەردىن ھەرگىزمۇ زالىم ۋە پاسىق باشلىقلارنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرىنى ھۆكۈم ئەمەس، دەپ ئېتىراپ قىلمايدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىگەن. پاسىق باشلىقلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى پۈتۈنلەي ئېتىراپ قىلماسلىقنىڭ بەزى قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىشى ئېنىقتۇر. چۈنكى كۈنۈمىزدە ئادىل باشلىق ناھايىتى ئازدۇر. چۈنكى باشلىقلارنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ ۋە قازىلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى پاسىق، زالىم، ئۈستۈندىكى ئەمەلدارغا پارە بېرىدىغان ۋە ئاستىدىكىلەردىن پارە ئالىدىغان ئادەملەردۇر. ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكۈملىرىنى ئېتىراپ قىلماي ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتسەك، نۇرغۇنلىغان ھۆكۈملەر بىكار بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زېمىن مۇسۇلمانلاغا تار بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر (مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن) پاسىق قازىنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى

(1) سۈرە تالاق 2 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

توغرا دەپ قارالسا ۋە ئىجرا قىلىنسا، بىر قازىنىڭ گەرچە قازى الله تائالانىڭ مەزكۇر ئايىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاسىيلىق قىلغان ھېسابلانسىمۇ پاسىق گۇۋاھچىنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىغا تايىنىپ تۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرىشى ۋە ئۇ ھۆكۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئەلۋەتتە توغرىدۇر.[1]

## ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىنىڭ بايانى

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك (بوھتان چاپلىغان ياكى ھاراق ئىچكەن ئادەمنى قامچىلىغانغا ۋە زىناخورنى قامچىلىغانغا، ياكى چالما ـ كېسەك قىلغانغا ئوخشاش) جازالاردا ۋە قىساستا ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەمما بۇلاردىن باشقا مەسىلەن سودا ـ سېتىققا ئوخشاش ئىشلاردا ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ ئورنىدا قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «سىلەر ئەر كىشىلەردىن ئىككى كىشىنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار؛ ئەگەر ئىككى ئەركىشى يوق بولسا، سىلەر (ئادالىتىگە، دىيانىتىگە) رازى بولىدىغان كىشىلەردىن بىر ئەر، ئىككى ئايالنى گۇۋاھلىققا تەكلىپ قىلىڭلار، بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ[2]» مانا بۇ ئايەت ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدىغان ئىشلاردا، ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقىنى بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ ئورنىدا قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلدى.

ئىسلام دىنى ھەر قانداق ھەق ـ ھوقۇقنى ئۆز ئىگىسىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈشكە ناھايىتى ھېرىسمەندۇر. شۇڭا ئىسلام دىنى بىر ھەق ـ ھوقۇقنى ئۇنىڭ ئۆز ئىگىسىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈشتە ئېھتىيات ۋە ھېرىسمەنلىك قىلىپ ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقىنى بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ ئورنىدا قوبۇل قىلدى. ئىسلام دىنىنىڭ ھەق ـ ھوقۇققا ئالاقىدار ئىشلاردا ئېھتىيات قىلىپ ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقىنى بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ ئورنىدا قوبۇل قىلغانلىقىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا خاس، ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا بەك كۆڭۈل بېرىدىغان ۋە ئەرلەرنىڭ كۆرۈشىگە بولمايدىغان ئىشلاردا بىر ئايالنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىنىمۇ قوبۇل قىلغانلىقى كۈچلەندۈرىدۇ. <ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 15 ـ توم، 164 ـ بەت.

(2) سۈرە بەقەر 282 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

مۇنداق دەيدۇ: «بالىنىڭ تۇغۇلغانلىقى ياكى تۇغۇلمىغانلىقى، ئۆلۈك كىچىك بالىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ۋە ئەبۇيۇسۇف، مۇھەممەد، شافىئىي ۋە ئەھمەد قاتارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئۇ بالىنىڭ مىراسخور بولۇشى ئۈچۈن ئۇ بالىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتتا يىغلىغانلىقى ياكى يىغلىمىغانلىقى[1]، بىر قىزنىڭ قىزۋاللىقىنىڭ بار ياكى يوقلىقى ۋە ئاياللارنىڭ ئەرلەر قارىسا بولمايدىغان يەرلىرىدىكى ئەيىبلەر ھەققىدە ھۆر مۇسۇلمان بىر ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ ئىشلاردا گۇۋاھچى بولىدىغان ئايالنىڭ سانىنىڭ ئىككى بولۇشى ياخشىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردا مەيلى ئۇ ئىشلار سودا ـ سېتىقتا ۋە مال ـ مۈلۈككە ئالاقىدار بولسۇن، مەيلى نىكاھقا، تالاققا، ۋەكىللىككە، ۋەسىيەتكە ۋە (ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆز قارىشى بويىچە) مىراسخور بولۇشى ئۈچۈن تۇغۇلغان ۋاقتتا، كىچىك بالىنىڭ يىغلىغانلىق ياكى يىغلىمىغانلىقىغا ئوخشاش ئىشلارغا ئالاقىدار بولسۇن، ئىككى ئەرنىڭ ياكى بىر ئەر ۋە ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى لازىمدۇر. ئەگەر گۇۋاھچى ئىككى ئايال بولسا، قازى ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىۋاتقان چاغدا ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋەتمەيدۇ. چۈنكى اللہ تائالا ئايال گۇۋاھچىلار ھەققىدە: «بۇ ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنتۇپ قالسا، ئىككىنچىسى ئېسىگە سالىدۇ[2]» دېدى. گۇۋاھچى ئاياللار (گۇۋاھلىق بېرىدىغان يەردىن) چىققان ۋاقتتا، گۇۋاھچىلارنىڭ سانى بەك چىق كۆرۈنۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىچىدە بىر ئەر بولمىسا، ئاياللارنىڭ سانى تۆت بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى، ئاياللارنىڭ تۇغۇتىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىگە ئوخشاش ئەرلەر قارىسا بولمايدىغان ئىشلاردا ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىشتۇر.

# گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدىغان ۋە گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدىغان كىشلەرنىڭ بايانى

فىقھشۇناسلار گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدىغان ۋە گۇۋاھلىقى قوبۇل

(1) ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۆلۈك كىچىك بالىنىڭ مىراسخور بولۇشى ئۈچۈن بىر ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دەيدۇ. ت.

(2) سۈرە بەقەر 282 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

قىلىنمايدىغان كىشىلەرنى ئايرىۋېلىش ئۈچۈن بىر قائىدە ۋە پرىنسىپ قويىدى. ئۇ قائىدىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:

جەبەرىيەگە [1]، قەدەرىيەگە [2]، راپىزىيەگە، خەۋارىجغا، الله تائالانى مەخلۇقاتلارغا ئوخشاتقۇچىلارغا ياكى ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا ئوخشاش كاپىر ھېسابلىنىدىغان پىرقىلاردىن باشقا پىرقىلەرنىڭ گۇۋاھلىقلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى جەبەرىيەگە، قەدەرىيەگە، راپىزىيەگە ۋە خەۋارىجغا ئوخشاش پىرقىلارنىڭ پاسىقلىقى (يۈرۈش - تۇرۇشلىرى جەھەتتىن ئەمەس) ئېتىقاد جەھەتتىندۇر. بۇلارنى بۇ پاسىقلىققا چۈشۈرگەن ئىش، ئۇلارنىڭ دىندا (دىن تۇرۇشقا بۇيرىغان يەردە تۇرماي) بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىشىدۇر ۋە چوڭقۇرلاپ كېتىشىدۇر[3]. ئەمما (مەسىلەن: ھاراق ئىچكەنگە ئوخشاش يۈرۈش - تۇرۇشلىرى جەھەتتىن) پاسىق ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقىنىڭ سەۋەبىگە كەلسەك، ئۇنىڭ يالغان ئېيتىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. لېكىن كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا، گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدىغان پىرقىلارنىڭ ئىچىدىن كاپىر ھېسابلىنىدىغان ئادەملەرنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئەلختابىيلەرنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇلار رافىزىيلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر پىرقە بولۇپ بۇ پىرقىنى پەيدا قىلغان ئادەم كۈپىلىق ئەبۇلختاب مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇۋەھب ئەلئەجدەئتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پىرقە ئۇ ئادەمگە نىسبەت بېرىلىپ <ئەلختابىي> دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى بۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىرقىسىدىكى ئادەم مەيلى ھەق ئۈستىدە بولسۇن، مەيلى خاتا ئۈستىدە بولسۇن، گۇۋاھلىقنى ئۆزلىرىنىڭ پىرقىسىدىكى ئادەمنىڭ پايدىسىغا بېرىش لازىمدۇر، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئىمام شەرىفنىڭ بۇ پىرقە ھەققىدە دېگەن سۆزىدىن بۇ پىرقىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئىمام شەرىف بۇ پىرقە ھەققىدە: « بۇ پىرقىدىكىلەر (ئۆزلىرىنىڭ پىرقىسىنىڭ) ئىماملىرىنى پەيغەمبەرلەر، دەپ قارايدۇ، ئەبۇلختابنى پەيغەمبەر دەيدۇ، بۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىرقىسىدا بولمىغانلارنىڭ زىيىنى ۋە پىرقىسىدىكى ئادەملەرنىڭ پايدىسى ئۈچۈن يالغان گۇۋاھلىق بېرىشنى ھالال، دەپ بىلىدۇ. ئۇلار بولسا،

(1) بۇلار: ئىنسانغا كۆرۈلگەن ھەر قانداق بىر ئىش بۇرۇن ئۇنىڭغا يېزىلىپ كەتكەن ئىشتۇر ۋە ئىنسانغا ھېچبىر ئىختىيار بېرىلمىگەندۇر، دەيدىغان پىرقىدۇر. ت.

(2) بۇلار: قازايى ـ قەدەرگە ئىنكار قىلىدىغان ۋە ئىنسان ھەر قانداق ئىشنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدۇ، دەيدىغان پىرقىدۇر. ت.

(3) يەنى پىكىر يۈرگۈزۈشتىن چەكلەنگەن ئىشلاردا پىكىر يۈرگۈزۈپ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەندۇر. ت.

جەننەت دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن، دوزاخ دۇنيانىڭ چاپا ـ مۇشەققەتلىرىدىن ئىبارەتتۇر، دەيدۇ » دېدى.[1]

(ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرلارنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدىن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۇلار بىرى يەھۇدىي ۋە يەنە بىرى خىرىستىيان بولغىنىغا ئوخشاش باشقا ـ باشقا مىللەت بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدىن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئۈستىدىن بۇ كاپىرلارنىڭ بىرەرسى گۇۋاھلىق بېرىلگەن كاپىر، قازى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشتىن بۇرۇن ئىمان ئېيتىپ ئىسلامغا كىرسە، ئۇ كاپىرنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرلارنىڭ (مۇسۇلمانلارنىڭ بىرى ئامانلىق بەرگەن) كاپىرنىڭ ئۈستىدىن بەرگەن گۇۋاھلىقىمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما (مۇسۇلمانلارنىڭ بىرى ئامانلىق بەرگەن) كاپىرنىڭ (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرنىڭ ئۈستىدىن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئىمام مالىك ۋە ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «(ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرلارنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدىن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى الله تائالا: «كۇفرانى نېمەت قىلغۇچىلار (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر»[2] دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرنىڭ بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدىن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرنىڭ ھۆكمى خۇددى ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر» دېدى. (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرلارنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدىن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ، دېگەن ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرلارنىڭ بىرىنىڭ يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدىن بەرگەن گۇۋاھلىقىنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 376 ـ بەت.

(2) يەنى ئايەتنىڭ مەنىسى: كاپىرلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر، دېگەنلىك بولىدۇ. ت.

قوبۇل قىلغانلىقىدۇر. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر يەنە مۇنداق دېدى: «(ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرلار بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ۋە ئۆزلىرىنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك باللىرىغا ئىگە بولۇشىنى (ئىسلام دىنى ئېتىراپ قىلغان) ئادەملەردۇر. شۇنداق بولغان ئىكەن ئۇلارنىڭ ئۆز تېپىدىكى ئادەملەرگە گۇۋاھلىق بېرىشى توغرىدۇر. (ئۇلاردىكى پاسىقلىق پەقەت ئېتىقاد جەھەتتىندۇر)، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئېتىقاد جەھەتتىكى پاسىقلىق گۇۋاھلىق بېرىشتىن چەكلەپ قويمايدۇ. چۈنكى (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرلارمۇ[1] ئۆزلىرىنىڭ دىنىدا ھارام، دەپ قارالغان ئىشلاردىن يىراق تۇرىدۇ. يالغان سۆزلەرش ھەممە دىندا چەكلەنگەن ئىشتۇر. ئەمما ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان ئادەمگە كەلسەك، بۇ ئادەمنىڭ ھۆكمى ئۇلارنىڭ ھۆكمىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىۋاقىلىرىغا ئىگە بولۇشنى (ئىسلام دىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ). شۇنىڭدەك يەنە (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرنىڭ بىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىدىن بەرگەن گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقى باشقا ئىشتۇر.»[2]

ئىككى دوست ئادەمنىڭ، بىرى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدىن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ دوستلۇقى، بىرى يەنە بىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى (رۇخسەتسىز) تەسەررۇپ قىلىدىغان دەرىجىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدىن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

كىچىك گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈپ سالىدىغان ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇ ئادەم كىچىك گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈشتە داۋاملاشمىسا ۋە چوڭ گۇناھلارنى قىلىشتىن ساقلانسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى كىچىك گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈشنى داۋاملاشتۇرغان ئادەمنىڭ ھۆكمى چوڭ گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ ھۆكمىدىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم بىرەر چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ سالسا، ئۇ ئادىل (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىدىغان) ئادەم، دەپ تونۇلغان مەرتىۋىسىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭ

(1) بۇ كاپىرلاردىن يەھۇدىي ياكى خىرىستىيانلارغا ئوخشاش بىرەر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كاپىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

(2) «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 124 ـ بەت.

**ئۇچۇن ئۇ ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بۇزۇق ئادەملەرنىڭ، هاياسىزلارنىڭ ۋە ئۆزى هاراق ئىچمىسىمۇ هاراق ئىچكەنلەرنىڭ سورۇنلىرىدا ئولتۇرىدىغان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بىر پاسىق ئادەم تەۋبە قىلغاندىن كېيىن، ھەتتا ئۇنىڭدا تەۋبە قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتى كۆرۈلگەنگە قەدەر بىر مۇددەت ئۆتمىگىچە ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئۇ مۇددەتنىڭ قانچىلىك مۇددەت ئىكەنلىكىنى بەلگىلەش قازىنىڭ قاراپ چىقىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئوغرىلىق قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن قولى كېسىلىپ كېتىپ كېيىن تەۋبە قىلغان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوغرىلىق قىلىپ قولى كېسىلىپ كېتىپ كېيىن تەۋبە قىلغان ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلغان.[1]**

**بىر ئادەمنىڭ قېرىندىشى ياكى تاغىسى ئۇچۇن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئېمىلدەش ياكى قۇدا ـ باجا بولۇش ئارقىلىق ئارىسىدا بىر ـ بىرى بىلەن توي قىلىش هارام بولۇپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ بىرىنىڭ ـ يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدىن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ[2]. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىۋاقىلىرى ئۈچۈن ياكى بالىۋاقىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۈچۈن ياكى ئايال كىشىنىڭ ئېرى ئۈچۈن، ياكى ئەر كىشىنىڭ ئايالى ئۈچۈن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرىگە ئالاقىدار پايدىلىق بىر ئىش يەنە بىرىگىمۇ ئالاقىداردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇ خۇددى ئۆزىگە گۇۋاھلىق بەرگەندەك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ، زاكاتلىرىنى ئۆز ئارىلىرىدا بىر ـ بىرىگە بېرىشلىرىمۇ توغرا ئەمەستۇر.**

**ئەگەر گۇۋاھچىلار بىلەن ئۈستىدىن گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم (ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئورۇندا) جېدەللىشىپ قالغان ۋە گۇۋاھچىلار ئادىل (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىدىغان) ئادەملەر بولسا، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى ئادىل بولۇش بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىدىكى ئاساسى شەرتتۇر. پادىشاھنىڭ ياكى باشلىقنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇلار كۆپۈنچە ۋاقىتتا (كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلىدۇ. ئەگەر دەۋاگەر چوڭ بىر ئەمەلدار بولغان ۋە**

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 377 ـ بەت.

(2) مەسىلەن: بىر بالا بىر ئايالنى ئەمكەنلىك سەۋەبى بىلەن ئۇ ئايال ياكى ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرى، ياكى ئۇنىڭ قىزلىرى بىلەن توي قىلىشى هارامدۇر. بىر بالا بىر ئادەمنىڭ قىزىنى ئېلىش بىلەن ئۇ بالىنىڭ، قىزنىڭ ئانىسىنى، ياكى ئۇ قىزنىڭ قىزىنى ئېلىشى هارامدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ بالىنىڭ دادىسىنىڭ ئۇ بالىنىڭ ئايالىنى ئېلىشى هارامدۇر. ت.

ئۇنىڭ گۇۋاھچىللىرى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدارلار، ئورۇنباسارلىرى ۋە خەلقلىرى بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئۇ چوڭ ئەمەلدار ئۈچۈن بەرگەن گۇۋاھلىقى خۇددى يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىدىغان ئادەمنىڭ يەر ئىگىسى ئۈچۈن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمىغىنىدەك قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم مەسىلەن: ئەخلەتچىگە ئوخشاش ئاددىي ئىش بىلەن شۇغۇللانسىمۇ ئەمما ئۇ، ئادىل (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش قىلىدىغان) ئادەم بولسا، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. بىر كەنت ئادەملىرىنىڭ بىر پارچە يەر ئۈستىدە، ئۇ يەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كەنتىگە تەۋە يەر ئىكەنلىكى ھەققىدە بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. خۇسۇسى بىر ئىجارىگەشنىڭ ئۆزىنى ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۈچۈن بەرگەن گۇۋاھلىقىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە خۇسۇسىي بىر شاگىرتنىڭ ئۇستازىغا كەلگەن زىياننى ئۆزىگە كەلگەن زىيان ۋە ئۇنىڭغا كەلگەن پايدىنى ئۆزىگە كەلگەن پايدا ،دەپ قارايدىغان ئۇستازى ئۈچۈن بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى بۇ ھالدا ئۇنىڭ ئۇستازىغا بەرگەن گۇۋاھلىقى خۇددى ئۆزىگە بەرگەنىنىڭ ھۆكمىدە بولۇپ قېلىش شۈبھىسى بار.

تۇرمە ئىچىدە يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ئۈچۈن تۇرمىدە يېتىۋاتقان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئويۇن ئەسناسىدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ئۈچۈن ئويۇنغا قېتىلغان كىچىك باللارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئاياللارنىڭ مۇنچىسىدا يۈز بەرگەن ئىشلار ئۈچۈن، ئەگەر ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىگە ئېھتىياج بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئاياللارنىڭ مۇنچىسىدا يۈز بەرگەن ئىش ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئوخشاش ئىش بولسا، ئۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگەن ئايالنىڭ قېنىنىڭ بىكارغا كەتمەسلىكى ئۈچۈن قاتىلنىڭ دىيەت تۆلەپ بېرىشىگە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە (مەكتەپتە) كىچىك باللارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ.

قوش جىنسلىق ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ پاسىق ئادەم ھېسابلىنىدۇ. قوش جىنسلىق ئەمەس ئەمما گەپ ـ سۆزلىرىدە ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدە (ئايالغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلىدىغان) ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. جىنازە نامىزىدا ئۈن سېلىپ يىغلايدىغان ئايالنىڭ

ۋە ناخشىچى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى بۇ خىل ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توسقان ھارام ئىشنى قىلىدىغان ئاياللار ھېسابلىنىدۇ. (كەپتەرۋازغا ئوخشاش) قۇش ئوينايدىغان ئادەملەرنىڭمۇ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ قۇشنى ئۇچۇرتىمەن، دەپ ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ قوشنا ئۆيدىكى ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرىگە قاراپ قېلىپ (ھارام ئىش قىلىپ قېلىشى مۇمكىن). كىشىلەرگە ناخشا ئېيتىپ بېرىدىغان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم كىشىلەرنى چوڭ گۇناھ ئۈستىگە توپلايدۇ. ئاممىۋىي مۇنچىغا كۇسارسىز كىرىدىغان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇياتلىق يەرنى كىشىلەر ئالدىدا ئېچىش ھارامدۇر. جازانە يەيدىغان، ياكى شاھماتقا ئوخشاش ئويۇنلارنى پۇل تىكىشىپ ئوينايدىغان ئادەملەرنىڭمۇ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى بۇلار چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىندۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئويۇننى دەپ نامازنى قازا قىلىۋېتىدىغان ئادەملەرنىڭمۇ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەمما پۇل تىكىشمەي ۋە نامازنىمۇ قازا قىلىۋەتمەي شاھماتقا ئوخشاش ئويۇنلارنى ئويناش گۇۋاھلىق بېرىشتىن چەكلەپ قويمايدۇ. چۈنكى شاھمات ئوينىغان ئادەمنىڭ (ئەقلىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ). شاھماتنىڭ بۇ پايدىسى ئۇنى ئويناشنىڭ بولىدىغانلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. جازانە يەيدىغان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل بولماسلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ جازانە يەيدىغانلىقى ھەممىگە تونۇشلۇق بولۇشى شەرتتۇر. چۈنكى (ئېلىم ـ سېتىمگە ئوخشاش مۇئامىلىنى) ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قىلىدىغان ئىنسان ناھايىتى ئازدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قىلىنمىغان مۇئامىلىلەرنىڭ ھەممىسى جازانە ھېسابلىنىدۇ. (شۇڭا جازانە يەيدىغان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل بولماسلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ بىلىپ ـ بىلمەس جازانە يەپ سالغان ئادەم ئەمەس جازانىنى بىلىپ تۇرۇپ يەيدىغان ئادەم بولۇشى شەرتتۇر).

يول ئۈستىگە تەرەت قىلغانغا ۋە يولدا كېتىپ بېرىپ (نانغا ئوخشاش) بىر نەرسە يەپ ماڭغانغا ئوخشاش ئەيىب ھېسابلىنىدىغان ئىشلارنى قىلغان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى بۇلار ئىنساننىڭ يۈز ـ ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىشلاردۇر. ئەگەر بىر ئىنسان يۈز ـ ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشتىن ھايا قىلمىسا، ئۇ (گۇۋاھلىق بەرگەن ۋاقىتتا) يالغان سۆزلىشى مۇمكىن.

**شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىنىڭ توغرا بولۇشىدا شۇبھە پەيدا بولۇپ قېلىشى ئېھتىمال.[1]**

**زاكات بەرمەيدىغان ياكى (شەرت ـ شارائىتى توشسىمۇ) ھەج قىلمايدىغان ياكى نامازغا جامائەتكە چىقمايدىغان، ياكى جۈمەگە چىقمايدىغان ئادەمنىڭمۇ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇسسۇلچىنىڭ، بېخىلنىڭ، (بىر ئادەمگە ياكى بىر پىكىرگە) تەرەپدار ئادەمنىڭ، ئىچىملىك، ياكى چېكىملىككە بېرىلىپ كەتكەن ئادەمنىڭ ۋە بۇزۇق ئادەملەرنىڭ سورۇنىغا قېتىلىدىغان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.**

## گۇۋاھلىق بېرىشتە كۆرۈلگەن ئىختىلاپنىڭ بايانى

**فىقھشۇناسلار گۇۋاھلىق بېرىشتە كۆرۈلگەن ئىختىلاپ ئۈچۈنمۇ بىر قائىدە ۋە پرىنسىپ ئوتتۇرغا قويدى. ئۇ قائىدىنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردۇر:**

**بىر نەرسىنىڭ مىقدارىغا، دەۋاگەر دەۋا قىلغان مىقداردىن ئاشۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىش ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ[2]. ئەمما ئۇ نەرسىنىڭ مىقدارىغا، دەۋاگەر دەۋا قىلغان مىقداردىن ئازايتىپ گۇۋاھلىق بېرىش ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ[3].**

**سەۋەبلىك ئىگىدارچىلىققا قارىغاندا سەۋەبسىز ئىگىدارچىلىق كۈچلۈكتۇر[4]. چۈنكى سەۋەبسىز ئىگىدارچىلىق (بىر نەرسىنىڭ ئادەمنىڭ قولىدا) بۇرۇندىن تارتىپ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.**

**گۇۋاھلىقنىڭ، بىر يەردىن چىققان (يەنى ئىختىلاپ كۆرۈلمىگەن) گۇۋاھلىق**

(1) «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 123 ـ بەت.

(2) مەسىلەن بىر ئادەم: مېنىڭ ماخمۇردا 100 سوم پۇلۇم بار ئىدى، دەپ دەۋا قىلغان ۋە گۇۋاھچىلار: ئۇ ئادەمنىڭ ماخمۇردا 150 سوم پۇلى بار ئىدى، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا بۇ گۇۋاھلىق ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ت.

(3) يەنى مەسىلەن بىر ئادەم: مېنىڭ ماخمۇردا 150 سوم پۇلۇم بار ئىدى، دەپ دەۋا قىلغان ۋە گۇۋاھچىلار: ئۇ ئادەمنىڭ ماخمۇردا 100 سوم پۇلى بار ئىدى، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا بۇ گۇۋاھلىق ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ت.

(4) يەنى مەسىلەن: بىر ئادەم قولىدىكى بىر نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان، لېكىن ئۇنىڭغا قانداق يول بىلەن ئىگە بولغانلىقىنى بايان قىلمىغان ۋە ئىككى ئادەم قوپۇپ ئۇ نەرسىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇ ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسە ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن، ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىگە، ئۇنى سېتىپ ـ ئېلىش ئارقىلىق ئىگە بولغانلىقىنى بايان قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما ئىش ئەكسىچە بولسا، گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ت.

ھېسابلىنىشى ئۈچۈن گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بەرگەن ۋاقىتتا، ئوخشاش سۆز ۋە ئوخشاش مەنالارنى ئىشلىتىشى لازىم. ئەمما بىر گۇۋاھلىقنىڭ دەۋا بىلەن بىر يەردىن چىققان گۇۋاھلىق ھېسابلىنىشى ئۈچۈن گۇۋاھلىقنىڭ دەۋا بىلەن پەقەت مەنادا ئوخشاش بولۇشى لازىم. ئەگەر گۇۋاھلىق دەۋا بىلەن بىر يەردىن چىقسا، گۇۋاھلىق قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر گۇۋاھلىق دەۋا بىلەن بىر يەردىن چىقمىسا، گۇۋاھلىق قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم قولىدىكى بىر نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان، لېكىن ئۇنىڭغا قانداق يول بىلەن ئىگە بولغانلىقىنى بايان قىلمىغان، ئىككى ئادەم قوپۇپ ئۇ نەرسىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇ ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسە ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن، ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىگە، ئۇنى سېتىپ ـ ئېلىش ئارقىلىق ئىگە بولغانلىقىنى بايان قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم قولىدىكى ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىگە ھەدىيە يولى ئارقىلىق كەلگەنلىكىنى دەۋا قىلغان، ئىككى ئادەم قوپۇپ ئۇ نەرسىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇ ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسە ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن، لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىگە قانداق يول بىلەن ئىگە بولغانلىقىنى بايان قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى گۇۋاھلىق (دەۋاغا قارىغاندا) ئارتۇقتۇر. ئەمما ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىگە (ھەدىيە يولى ئارقىلىق ئەمەس) مىراس يولى ئارقىلىق كەلگەنلىكىنى دەۋا قىلغان، ئىككى ئادەم قوپۇپ ئۇ نەرسىنىڭ ھەقىقەتەن ئۇ ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسە ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن، لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىگە قانداق يول بىلەن ئىگە بولغانلىقىنى بايان قىلمىغان بولسىمۇ، بۇ ھالدا ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى بىر نەرسىگە مىراس يولى ئارقىلىق ئىگە بولۇش سەۋەبسىز ئىگىدارچىلىققا تەڭ كېلىدۇ. (بىز يۇقىرىدا سەۋەبلىك ئىگىدارچىلىققا قارىغاندا سەۋەبسىز ئىگىدارچىلىق كۈچلۈكتۇر، دەپ بايان قىلىپ ئۆتتۇق).

بىر ئادەمنىڭ ئۆيلەنگەنلىكى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىدىغانلارنىڭ بىرى: ئۇ ئادەم نىكاھلاندى، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، يەنە بىرى بولسا: ئۇ ئادەم توي قىلدى، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى

مەنا جەھەتتىن بىر يەردىن چىققانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر نەرسە سوۋغا قىلىنغان ئادەم ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىدىغانلارنىڭ بىرى: ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمگە ھەدىيە قىلىندى، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، يەنە بىرى بولسا: ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمگە سوۋغا قىلىندى، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى مەنا جەھەتتىن بىر يەردىن چىققانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئەگەر گۇۋاھچىلارنىڭ بىرى: پالانىنىڭ پۇكۇنى ئادەمدە **1000** سوم پۇلى بار، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، يەنە بىرى: **2000** سوم پۇلى بار، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ياكى ئۇلارنىڭ بىرى: **100** سوم پۇلى بار، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، يەنە بىرى: **200** سوم پۇلى بار، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، ياكى گۇۋاھچىلارنىڭ بىرى: پالانى ئادەم ئايالىنى بىر تالاق قىلىۋەتتى، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، يەنە بىرى: ئۇ ئادەم ئايالىنى ئىككى تالاق قىلىۋەتتى، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى مەنا جەھەتتىن بىر يەردىن چىقمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

<ئەلھىدايە> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ بىر يەردىن چىققان ھېسابلىنىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئوخشاش سۆز ۋە ئوخشاش مەنالارنى ئىشلىتىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى گۇۋاھچىنىڭ بىرى: پالانىنىڭ پۇكۇنى ئادەمدە **1000** سوم پۇلى، بار دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، يەنە بىرى: **2000** سوم پۇلى بار، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، بۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا، مەزكۇر مەسىلىدە ئەگەر دەۋا ئىگىسى: پۇكۇنى ئادەمنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ **2000** سوم پۇلىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا پالانىنىڭ پۇكۇنى ئادەمدە **1000** سوم پۇلى، بار دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. گۇۋاھچىلارنىڭ بىرى: **100** سوم، يەنە بىرى: **200** سوم دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، بىرى: پالانى ئادەم ئايالىنى بىر تالاق قىلىۋەتتى، يەنە بىرى بولسا: ئۇ ئادەم ئايالىنى ئىككى تالاق قىلىۋەتتى، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن گۇۋاھلىقلارنىمۇ مەزكۇر مەسىلىگە قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ئىككى ئىمامنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، دەۋا ئىگىسى بىلەن گۇۋاھچىنىڭ

بىرىنىڭ سۆزلىرى ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدە 1000 سوم پۇلنىڭ بارلىقى ھەققىدە بىر يەردىن چىقتى. ئەمما گۇۋاھچىنىڭ بىرى: ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدە 2000 سوم پۇل بار، دەپ ئايرىم قالدى. گۇۋاھلىقتا ئايرىم قالغان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى ئەمەس سۆزى دەۋا ئىگىسى بىلەن بىر يەردىن چىققان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمى خۇددى گۇۋاھچىلارنىڭ بىرى: 1000 سوم بار، يەنە بىرى: 1500 سوم بار، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ۋە دەۋا ئىگىسى: 1500 سوم پۇلۇم بار، دەپ دەۋا قىلغان مەسىلىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ مەسىلىدە ئىككى گۇۋاھچىنىڭ دەۋا ئىگىسىنىڭ يەنە بىر ئادەمدە 1000 سوم پۇلىنىڭ بارلىقى ھەققىدە سۆزى بىر يەردىن چىققانلىقى ئۈچۈن 1000 سوم پۇلى بار، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىغا دەلىل ـ پاكىت كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: « ئىككى گۇۋاھچىنىڭ سۆزى بىر يەردىن چىقمىدى. مانا بۇ مەنالارنىڭمۇ بىر يەردىن چىقمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. چۈنكى مەنالار قوللىنىلغان سۆزلەردىن چىقىرىلىدۇ. ئىككى گۇۋاھچىنىڭ سۆزىنى بىر يەردىن چىقمىدى، دېيىشنىڭ سەۋەبى بولسا، 1000 دېگەن سۆز 2000 دېگەن سۆزنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. ئەكسىچە 1000 دېگەن سۆز ئايرىم بىر سۆز، 2000 دېگەن سۆز ئايرىم بىر سۆز ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى ئايرىم ـ ئايرىم سۆزدىن ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ (بىر ئىش ئۈچۈن ئەمەس) ھەر بىرى بىر ئىش ئۈچۈن گۇۋاھچى بولغان ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ ھالى خۇددى (مەسىلەن: گۇۋاھچىلارنىڭ بىرى: ئالتۇن دەپ يەنە بىرى: كۈمۈش دەپ) گۇۋاھلىق بەرمەكچى بولغان نەرسىنىڭ تىپى ھەققىدە ئىختىلاپلىشىپ قالغان، (گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدىغان) ئىككى گۇۋاھچىنىڭ ھالىغا ئوخشىشىپ قالىدۇ. »

ئەگەر گۇۋاھچىلارنىڭ بىرى: ئەھمەدنىڭ سەمەدنىڭ ئۈستىدە 1000 سوم پۇلى، بار دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، يەنە بىرى: 1500 سوم پۇلى بار، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ۋە ئەھمەد ئۆزىنىڭ سەمەدنىڭ ئۈستىدە: 1500 سوم پۇلىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئىككى گۇۋاھچىنىڭ ئەھمەدنىڭ سەمەدنىڭ ئۈستىدە 1000 سوم پۇلىنىڭ بارلىقى ھەققىدە سۆزى بىر يەردىن چىققانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەھمەدنىڭ سەمەدنىڭ ئۈستىدە 1000 سوم پۇلىنىڭ بارلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئىككى ئادەم ئەھمەدنىڭ سەمەدنىڭ ئۈستىدە **1000** سوم پۇلىنىڭ بارلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن، ئەمما ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ بىرى: سەمەدنىڭ ئۇ **1000** سوم پۇلدىن **500** سوم پۇلنى ئەھمەدگە بېرىپ بولغانلىقىنى دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ ئەھمەدنىڭ سەمەدنىڭ ئۈستىدە **1000** سوم پۇلىنىڭ بارلىقى ھەققىدە سۆزى بىر يەردىن چىققانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەھمەدنىڭ سەمەدنىڭ ئۈستىدە **1000** سوم پۇلىنىڭ بارلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. گۇۋاھچىنىڭ بىرىنىڭ: سەمەد ئۇ **1000** سوم پۇلدىن **500** سوم پۇلنى ئەھمەدگە بېرىپ بولدى، دېگەن سۆزىگە قۇلاق سېلىنمايدۇ. چۈنكى بۇ، بىر ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىر ئادەم شۇنداق دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا سەمەدنىڭ ئۇ **1000** سوم پۇلدىن **500** سوم پۇلنى ئەھمەدگە بېرىپ بولغانلىقى ھەققىدىكى گۇۋاھلىق قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئىككى ئادەم ماخمۇدنىڭ قادىرنى قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىدە مەككە شەھرىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن، باشقا ئىككى ئادەم ماخمۇدنىڭ قادىرنى قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنىدە كۇپا شەھرىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا بۇ ئىككى گۇۋاھلىقنىڭ ھېچبىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىككىسىنىڭ بىرى چوقۇم يالغاندۇر. (قايسىسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنمىگەنلىكى ئۈچۈن) ئۇ ئىككى گۇۋاھلىقنىڭ ھېچبىرى يەنە بىرىدىن ئەۋزەل ئەمەستۇر.

ئۆزىدە سۆز بىلەن ئىشنى بىر يەرگە توپلىغان بىر ئىش ھەققىدە بېرىلگەن گۇۋاھلىق قوبۇل قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: ئابدۇللاھ ئۆزىنىڭ مەمەدنىڭ ئۈستىدە **1000** سوم پۇلىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلغان، ئىككى گۇۋاھچىنىڭ بىرى: مەمەدنىڭ ئۇ **1000** سوم پۇلنى ئابدۇللاھقا بېرىپ بولغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن ۋە يەنە بىرى بولسا: مەمەدنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە ئابدۇللاھنىڭ **1000** سوم پۇلىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىغا قۇلاق سېلىنمايدۇ. چۈنكى بۇ گۇۋاھلىق گۇۋاھچىلارنىڭ بىرى: بېرىپ بولدى، دەپ يەنە بىرى: ئىقرار قىلدى، دەپ ئىش بىلەن سۆزنى بىر يەرگە توپلىدى. ئەمما بۇ مەسىلىدە ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ بىرى: ئابدۇللاھنىڭ مەمەدنىڭ ئۈستىدە **1000** سوم پۇلىنىڭ بارلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن، يەنە بىرى بولسا: مەمەدنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە

ئابدۇللاھنىڭ 1000 سوم پۇلىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ گۇۋاھلىق ئىش بىلەن سۆزنى بىر يەرگە توپلىمىدى.[1]

## بىر ئادەمنىڭ بىر ئىشقا گۇۋاھچى بولغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ بايانى

ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن، ئەگەر مەسىلىنىڭ تەپسىلاتلىرى كۆپ بولسىمۇ بىر ئادەمنىڭ بىر ئىشقا گۇۋاھچى بولغانلىقىغا باشقا بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى توغرا، دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى شۇنداق قىلىشقا ئېھتىياج باردۇر. چۈنكى بىر ئىشقا گۇۋاھچى بولغان ئادەم بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن (گۇۋاھلىق بېرىدىغان يەرگە) كېلەلمەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ بىر ئىشقا گۇۋاھچى بولغانلىقىغا باشقا ئادەمنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى توغرا بولمايدىغان بولسا، نۇرغۇنلىغان ھەق - ھوقۇقلار (ئۆز ئىگىللىرىنىڭ قولىرىغا تەگمەي) بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھچى بولغانلىقىغا گۇۋاھچى بولۇش ئىشىدا، ئەسلى گۇۋاھچىنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسىنى ئېلىپ كەلگەنلىك سەۋەبى بىلەن شۈبھە پەيدا بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھچى بولغانلىقىغا باشقا بىرىنىڭ گۇۋاھچى بولۇشى (ھاراق ئىچكەنلەرگە ۋە زىنا قىلغانلارغا) بېرىلگەن جازالارغا ۋە قىساسقا ئوخشاش (ئۇلاردا) كۆرۈلگەن شۈبھىلەر سەۋەبى بىلەن يۈرگۈزۈلمەيدىغان ئىشلاردا قوبۇل قىلىنمايدۇ.

بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھچى بولغانلىقىغا گۇۋاھچى بولۇش ئۈچۈن، ئۇ ئادەمنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىق ياكى سەپەرگە چىقىپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن (ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئورۇنغا كېلەلمەيدىغان) ھالەتتە بولۇشى ۋە ئۇنىڭ گۇۋاھچىلىق سالاھىيىتىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى شەرتتۇر. ئەگەر ئەسلىدىكى گۇۋاھچى تىلى تۇتۇلۇپ قالغانغا ياكى پاسىق بولۇپ قالغانغا ياكى كور بولۇپ قالغانغا ياكى ئېلىشىپ قالغانغا، ياكى ئىسلامدىن يېنىۋالغانغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن گۇۋاھچىلىق سالاھىيىتىدىن چىقىپ كەتسە، ئۇ ئادەم (گۇۋاھچىلىق

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 - توم، 391 - بەت.

سالاھىيىتىدىن چىقىپ كېتىدۇ)، ئەگەر ئۇ گۇۋاھچىلىق سالاھىيىتىدىن چىقىپ كەتسە، ئۇنىڭ گۇۋاھچى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن (ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئورۇنغا كەلگەن) ئايالنىڭ ئەرلەرگە ئارىلاشماي پەردە ئارقىسىدا تۇرۇشى لازىم. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھچى بولغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن ئۇ ئادەم گۇۋاھچى بولغان ئىش، ئىككى ئەر، ياكى بىر ئەر ۋە ئىككى ئايال گۇۋاھچى بولغان ئىش بولۇشى شەرتتۇر.

بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھچى بولغانلىقىغا گۇۋاھچى بولۇشىنىڭ شەكلى مۇنداقتۇر: ئەسلىدىكى گۇۋاھچى، ئۇنىڭ گۇۋاھچى ئىكەنلىكىگە بېرىپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەمگە، ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئوغلى بولسىمۇ: «سەن بېرىپ مېنىڭ بۇ ئىشقا گۇۋاھچى بولغانلىقىمغا گۇۋاھلىق بەرگىن» دەيدۇ. يەنى ئەسلىدىكى گۇۋاھچىنىڭ، ئۇنىڭ گۇۋاھچى ئىكەنلىكىگە بېرىپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەمگە: «سەن مېنىڭ گۇۋاھچى بولغانلىقىمغا گۇۋاھلىق بەرگىن» دېيىشى لازىم. ئۇنىڭ گۇۋاھچى ئىكەنلىكىگە بېرىپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەمنىڭ (يەنى ئەسلىدىكى گۇۋاھچىنىڭ ئورنىدا گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەمنىڭ) بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم (يەنى ئەسلىدىكى گۇۋاھچىنىڭ ئورنىدا گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەم) بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ ئادەم ئەسلىدىكى گۇۋاھچىنىڭ، گۇۋاھچى ئىكەنلىكىگە بېرىپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان سالاھىيەتكە ئىگە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەم كېيىن ئۇنىڭ گۇۋاھچى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئەسلىدىكى گۇۋاھچىنىڭ ئورنىدا گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەمگە بۇ تەكلىپ سۇنۇلغان ۋاقىتىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن گەپ قىلماي جىم تۇرۇشى يېتەرلىكتۇر. ئۇ ئادەم ئەسلىدىكى گۇۋاھچىنىڭ ئورنىدا گۇۋاھلىق بەرگەن ۋاقىتتا: مەن پۈكۈنىنىڭ (ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى، دادىسىنىڭ ۋە چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمىنى بايان قىلىدۇ) مېنىڭ ئالدىمدا، ئۆزىنىڭ پالانى ئادەمنىڭ پۈكۈنى ئادەمنىڭ ئۈستىدە مۇنداق نەرسىسىنىڭ بارلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىگە، ئۇنىڭ مېنى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا گۇۋاھچى بولغانلىقىغا گۇۋاھچى قىلغانلىقىغا ۋە مېنى بۇ ھەقتە گۇۋاھلىق بېرىشىمگە بۇيرۇغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، دېيىشى لازىمدۇر. ئەسلىدىكى ئادەمنىڭ گۇۋاھچىلىقى ئېتىبارغا ئېلىنىپ ئۇنىڭ ئورنىدا

گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشى ئۈچۈن ئورنىدا گۇۋاھلىق بەرگەن ئىككىنچى ئادەمنىڭ ئەسلىدىكى ئادەمنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكى ھەققىدە بەرگەن گۇۋاھلىقى يېتەرلىكتۇر. چۈنكى ئىككىنچى ئادەممۇ باشقىلارنىڭ ياخشى ئادەم ياكى ئۇنداق ئادەم ئەمەسلىكى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغان ئادەملەردىندۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئەسلىدىكى ئىككى گۇۋاھچىنىڭ بىرسىنىڭ يەنە بىرىنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكى ھەققىدە بەرگەن گۇۋاھلىقىمۇ (ئەسلىدىكى گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىش ئۈچۈن) يېتەرلىكتۇر. ئەگەر ئىككىنچى ئادەم ئەسلىدىكى گۇۋاھچىنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرمەي جىم تۇرۇۋالسا، قازى ئەسلىدىكى گۇۋاھچىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۇنىڭ دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى تۇتۇدىغان، ياكى ئۇنداق ئادەم ئەمەسلىكىنى سۈرۈشتە قىلىدۇ.

ئەگەر ئەسلىدىكى گۇۋاھچى ئىككىنچى ئادەمنى ئورنىدا گۇۋاھلىق بېرىشتىن توسسا، ئىككىنچى ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر ئەسلىدىكى گۇۋاھچى تىلى تۇتۇلۇپ قالغانغا ياكى پاسىق بولۇپ قالغانغا، ياكى كور بولۇپ قالغانغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن گۇۋاھچىلىق سالاھىيىتىدىن چىقىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئورنىدا گۇۋاھلىق بەرگەن ئىككىنچى ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەسلىدىكى گۇۋاھچى: «مەن گۇۋاھچى ئەمەس ئىدىم ياكى مەن ئۇنى گۇۋاھچى قىلمىغان ئىدىم، ياكى مەن ئۇنى گۇۋاھچى قىلدىم، ئەمما مەن بۇنداق قىلىپ خاتالاشقان ئىكەنمەن، دەپ قىلغان ئىشىغا ئىنكار قىلغان بولسا، ئىككىنچى ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بالىنىڭ، دادىسىنىڭ گۇۋاھچى بولغانلىقىغا ياكى دادىسىنىڭ ھۆكۈم چىقارغانلىقى ھەققىدە بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ.[1]

## بەرگەن گۇۋاھلىقىدىن يېنىۋېلىشنىڭ بايانى

بەرگەن گۇۋاھلىقىدىن يېنىۋېلىش، گۇۋاھچىنىڭ: «مەن بەرگەن گۇۋاھلىقىمدىن يېنىۋالدىم» دېيىشى بىلەن بولىدۇ. گۇۋاھلىقتىن يېنىۋېلىش پەقەت ھۆكۈم چىقارغان ئورۇندىلا بولىدۇ. چۈنكى گۇۋاھلىقتىن يېنىۋېلىش بەرگەن گۇۋاھلىقنى بۇزۇش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇمۇ خۇددى گۇۋاھلىق

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 395 ـ بەت.

بېرىشكە ئوخشاش هۆكۈم چىقارغان ئورۇنغا خاستۇر (يەنى گۇۋاھلىقنىڭمۇ هۆكۈم چىقىرىدىغان ئورۇندا بېرىلىشى لازىم ئىدى. شۇنىڭدەك گۇۋاھلىقتىن يېنىۋېلىشنىڭمۇ شۇ ئورۇندا بولۇشى لازىم). بەرگەن گۇۋاھلىقىدىن يېنىۋېلىش بەزىدە تەۋبە قىلغانلىق هېسابلىنىدۇ[1]. بۇ، گۇۋاھچى (گۇۋاھلىق بېرىش ئارقىلىق) ئىشلىگەن جىنايەتكە قارىتا بولىدۇ. يەنى ئەگەر گۇۋاھلىقنى مەخپىي بەرگەن بولسا، گۇۋاھلىقتىن يېنىۋېلىشمۇ مەخپىي بولىدۇ. ئەگەر گۇۋاھلىقنى ئاشكارا بەرگەن بولسا، گۇۋاھلىقتىن يېنىۋېلىشمۇ ئاشكارا بولىدۇ.

ئەگەر گۇۋاھچى هۆكۈم چىقىرىلغان ئورۇندىن باشقا يەردە ئۆزىنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىدىن يېنىۋالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان، بۇنىڭغا باشقا بىرسىنى گۇۋاھچى قىلغان ۋە گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى سەۋەبى بىلەن (ئۇستىدىن گۇۋاھلىق بېرىلگەن كىشىگە) بولغان زىياننى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۈستىگە ئالغان زىياننى تۆلەپ بېرىش لازىم كەلمەيدۇ. ھەتتا ئۇستىدىن هۆكۈم چىقىرىلىپ (زىيان تارتقان) كىشى گۇۋاھچىنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىدىن يېنىۋالغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دەۋاسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى گۇۋاھچىنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىدىن هۆكۈم چىقىرىلغان ئورۇندىن باشقا يەردە يېنىۋېلىشى توغرا ئەمەس.

ئەگەر ئىككى گۇۋاھچى هۆكۈم چىقىرىلىشتىن بۇرۇن بەرگەن گۇۋاھلىقلىرىدىن يېنىۋالغان بولسا، ئۇلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقلىرى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قازى ئۇلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقلىرىغا تايىنىپ تۇرۇپ هۆكۈم چىقارمايدۇ. چۈنكى گۇۋاھلىق بېرىش بىلەن بەرگەن گۇۋاھلىقتىن يېنىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئىش بىر - بىرىگە زىتتۇر. بۇلارنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ يەنە بىرىنى بېسىپ كېتىدىغان بىرەر ئامىلمۇ يوق. ئەگەر ئىككى گۇۋاھچى (بەرگەن گۇۋاھلىقىدىن هۆكۈم چىقىرىلىشتىن بۇرۇن ئەمەس) هۆكۈم چىقىرىلىپ بولغاندىن كېيىن يېنىۋالغان بولسا، بۇ هالدا ئۇلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقلىرى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى هۆكۈم چىقىرىلىپ بولغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن گۇۋاھلىقنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش تەرىپى بېسىپ كېتىدۇ.

ئەگەر گۇۋاھچى قۇلغا، ياكى بوهتان چاپلىغانلىق سەۋەبى بىلەن (80 قامچا) جازا بېرىلگەن ئادەمگە ئوخشاش گۇۋاھلىق بېرىشكە سالاهىيىتى

(1) مەسىلەن: بىر ئادەم يالغان گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىدىن يېنىۋېلىشى ئۇنىڭ تەۋبە قىلغانلىقى هېسابلىنىدۇ. ت.

توشمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكى ئاشكارا بولسا، ئۇنىڭ (بەرگەن گۇۋاھلىقىغا تايىنىپ تۈزۈپ چىقىرىلغان) ھۆكۈم ئەمەلدىن قالىدۇ. پايدىسى ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىلىپ قارشى تەرەپتىن قولىغا نەرسە ـ كېرەكلەر ئالغان ئادەم، ئۇ نەرسىلەرنى قارشى تەرەپكە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر گۇۋاھلىق بېرىشكە سالاھىيىتى توشمىغان ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىغا تايىنىپ تۈزۈپ چىقىرىلغان ھۆكۈم قىساس ئېلىش ئۈچۈن چىقىرىلغان ھۆكۈم بولۇپ (قاتىل دەپ قارالغان ئادەمدىن قىساس ئېلىنىپ بولغان بولسا)، قىساس ئېلىپ بېرىلىش ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىلغان تەرەپنىڭ قاتىل، دەپ قارالغان ئادەمنىڭ تەرەپكە دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. بۇ ھالدا گۇۋاھچىلارغا بىر نەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم كەلمەيدۇ. چۈنكى بىز يۇقىرىدا ئەگەر قازى خاتالىشىپ كېتىپ (ھۆكۈمنى خاتا چىقىرىپ سالسا)، بۇنىڭدىن چىققان زىيان ۋە مەسئۇلىيەتلىك، پايدىسى ئۈچۈن ھۆكۈم قىلىنغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ، دەپ بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. چۈنكى قازىنىڭ ياكى ھاكىمنىڭ چىقارغان ھۆكمى ھارامنى ھالال قىلالمايدۇ.

ئەگەر ئىككى ئادەم بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىن قەستەن (يالغاندىن) گۇۋاھلىق بېرىپ ئۇنىڭغا زىيان سېلىۋاتقان بولسا، ئۇ ئىككى گۇۋاھچىنىڭ ئۇ ئادەمگە سالغان زىياننى تۆلەپ بېرىشى لازىم. چۈنكى ئۇ زىياننى (ئۇ ئادەمنىڭ زىيىنىغا ھۆكۈم چىقارغان) قازىنىڭ تۆلەپ بېرىشىگە ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى قازى ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن تەيىن قىلىنغان بىر ئادەم. ئەگەر ئۇنىڭ ئۈستىگە (زىيىنىغا ھۆكۈم چىقىرىلىپ زىيان تارتقان ئادەملەرنىڭ) زىيانلىرىنى تۆلەپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلىنسا، ئادەملەر قازىيلىق مەنسىپىگە ئولتۇرۇشتىن باش تارتىدۇ. گۇۋاھچىلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقلىرىدىن يېنىۋېلىشى (ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىق بەرگەنلىك سەۋەبى بىلەن) كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەپ بېرىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلغانلىقىدۇر.

ئەگەر ئىككى ئادەم ماخمۇتنىڭ سەمەتتە پۇلى بارلىقىغا (يالغاندىن قەستەن) گۇۋاھلىق بەرگەن ۋە قازى سەمەدنىڭ ئۇ پۇلنى ماخمۇتقا بېرىشكە ھۆكۈم چىقىرىپ پۇلنى بەرگۈزگەن بولسا، ئۇ ئىككى گۇۋاھچى سەمەدنىڭ ماخمۇتقا بەرگەن پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىككى گۇۋاھچى سەمەدنىڭ زىيان تارتىشىغا سەۋەب بولغاندۇر. بىر ئادەمنىڭ زىيان تارتىشىغا سەۋەب بولۇش ئۇنىڭغا كەلگەن زىياننى تۆلەپ بېرىشنى لازىم قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھۆكمى

خۇددى يولغا ئۇرا كولىغان ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. (يەنى يولغا كولانغان ئورۇغا ئادەم چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ قىساسى ئورنى كولىغان ئادەمگە كېلىدۇ). ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئىككى گۇۋاھچى سەمەتكە كەلگەن زىياننى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى سەمەتنىڭ زىيان تارتىشىغا بىۋاستە قۇل تىققان ئادەم (يەنى قازى ئۇنىڭ زىيان تارتىشىغا بىۋاستە قۇل تىققان ئادەم ھېسابلىنىدۇ) بار يەردە ئۇنىڭ زىيان تارتىشىغا سەۋەب بولغان ئادەم ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ» دەيدۇ. ئۇنىڭغا كەلگەن زىياننى قازى تۆلەپ بەرمەيدۇ، دېگەن ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر: «ئۇنىڭغا كەلگەن زىياننى (ئۇ ئادەمنىڭ زىيىنىغا ھۆكۈم چىقارغان) قازىنىڭ تۆلەپ بېرىشىگە ھۆكۈم قىلىش توغرا بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ زىياننى، ئۇنىڭغا سەۋەب بولغانلارنىڭ تۆلەپ بېرىشىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ» دەيدۇ.[1]

ئەگەر گۇۋاھچىلارنىڭ ياخشى ئادەملەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ گۇۋاھلىقىدىن يېنىۋالغان ۋە ئۇلارنىڭ (گۇۋاھچىلارنىڭ ياخشى ئادەملەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەنلىك سەۋەبى بىلەن) زىيان كۆرۈلگەن بولسا، بۇ زىياننى گۇۋاھچىلارنىڭ ياخشى ئادەملەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ كېيىن يېنىۋالغان ئادەملەر تۆلەپ بېرىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۈسۈف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ زىياننى ئۇلار تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار پەقەت گۇۋاھچىلارنىڭ ياخشى ئادەملەر ئىكەنلىكىنىلا بايان قىلدى» دېدى.

ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىغا دەلىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «گۇۋاھچىلارنىڭ ياخشى ئادەملەر ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەملەرنىڭ گۇۋاھلىقى قازىنىڭ گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ ھۆكۈم چىقىرىشقا سەۋەب بولدى. چۈنكى قازى ئۇلارنىڭ (گۇۋاھچىلارنىڭ ياخشى ئادەملەر ئىكەنلىكى ھەققىدە بەرگەن گۇۋاھلىقى بىلەن) گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئېتىبارغا ئالدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ گۇۋاھچىلارنىڭ ھەققىدە بەرگەن گۇۋاھلىقلىرى خۇددى زىيانغا سەۋەب بولغان نەرسىنىڭ سەۋەبىنىڭ ئورنىدىدۇر.»[2]

---

(1) «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 133 ـ بەت.

(2) «ئەلھىدايە»، 3 ـ توم، 135 ـ بەت.

# ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئادەمنى تەيىن قىلىشنىڭ بايانى

ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئادەمنى تەيىن قىلىشتىن جېدەللىشىپ قالغان ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئارىلىرىدا ھۆكۈم قىلىدىغان بىر ئادەمنى ياكى بىر نەچچە ئادەمنى تەيىن قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

بىر ئادەمنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەيىن قىلىشنىڭ ئاساسى پرىنسىپى بولسا: (جېدەللىشىپ قالغان ئىككى تەرەپنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن تەيىن قىلىنماقچى بولغان ئادەمنى): سەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارغىن ياكى بىز سېنى ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئادەم قىلىپ تەيىن قىلدۇق، ياكى بىز سېنى بۇ ئىشتا ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئادەم قىلدۇق، دېگەنگە ئوخشاش ئۇنى ئۆز ئارىلىرىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئادەم قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆز ئىشلىتىپ تەيىن قىلىشتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەمنى بۇ ۋەزىپە ئۈچۈن تەيىن قىلماقچى بولغاندا، ئۇنى تەيىن قىلىش ئۈچۈن <سەن بىزنىڭ ئارىمىزدا ھۆكۈم چىقارغىن، ياكى بىز سېنى ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئادەم قىلىپ تەيىن قىلدۇق> دېگەنگە ئوخشاش ئارىسىدا <ھۆكۈم> سۆزى بار سۆزلەرنى ئىشلەتمەي، ئۇ سۆزنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان باشقا سۆزلەرنى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ.

# ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئادەمنى تەيىن قىلىشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقى

قۇرئان كەرىمدە بىر ئىش ئۈستىدە جېدەللىشىپ قالغان ئادەملەرنىڭ ئارىلىرىدا ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئادەم تەيىن قىلىشنىڭ توغرا ئىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر كەلدى. تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر: «ئەگەر ئەر ـ خوتۇن ئىككەيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار، اللە ئەگەر بۇ ئىككى كىشىنى ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ. اللە ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر[1]» «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئۇۋلىغان ھايۋانلارنى ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ

(1) سۈرە نىسا 35 ـ ئايەت.

ئۆلتۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئىشىنىڭ ۋابالىنى تېتىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىدىن بىرنى كەبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر، ياكى كەففارەت بېرىش يۈزىسىدىن مىسكىنلەرگە ئاش بېرىشتۇر، ياكى ھەر مىسكىنگە بېرىدىغان ئاشنىڭ باراۋىرىگە بىر كۈن روزا تۇتۇشتۇر. ئۆتكەنكى گۇناھنى (يەنى بۇ ئايەت چۈشۈشتىن بۇرۇن ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئۆلتۈرگەن بولساڭلار، بۇنى) الله ئەپۇ قىلدى، كىمكى قايتا گۇناھ ئۆتكەزسە (يەنى قايتىدىن ئوۋ ئۆلتۈرسە)، الله ئۇنى جازالايدۇ، الله غالىبتۇر، (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) جازالىغۇچىدۇر[1] »

بۇ ئىشنىڭ توغرا ئىش ئىكەنلىكىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئەبۇشۇرەيھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەگەر قەۋمى بىر ئىش ئۈستىدە ئىختىلاپلىشىپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۆزىنى ئارىلىرىدا ھۆكۈم چىقىرىشقا تەيىن قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىگە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازى بولىدىغانلىقىنى خەۋەر بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇشۇرەيھكە: «بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئىش!» دېگەن.[2] ئالىملار خۇددى پەرىشتىلەرگە ئوخشاش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ قۇرەيز جەمەتىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن سەئىد ئىبنى مۇئاز (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نى تەيىن قىلغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن.[3]

بۇ ھەقتە يەنە ئەبۇسەئىدىلخۇدرى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئىچىدە 99 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ (زېمىندىكى ئەڭ ئالىم كىشىنى) سوراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنى بىر راھىبنىڭ يېنىغا باشلاپ قويۇپتۇ. ئۇ راھىبقا: مېنىڭ تەۋبە قىلىشىمغا يول بارمۇ؟ دەپتۇ. راھىب: ياق، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم راھىبنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئاندىن ئۇ (زېمىن ئەھلىدىن ئالىمراق بىر كىشىنى) سوراپتۇ. بىر ئادەم ئۇنىڭغا: سەن پالانى، پالانى كەنتتىگە بارغىن، دەپتۇ.

(1) سۈرە مائىدە 95 ـ ئايەت.

(2) بۇ ھەدىسنى نەسائىي ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

(3) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 15 ـ توم، 280 ـ بەت

(ئۇ ئادەم شۇ كەنتكە قاراپ مېڭىپتۇ). يېرىم يولغا كەلگەندە ئۇ ئادەمنىڭ ئەجىلى توشۇپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۇ كەنت تەرەپكە كۆكرىكى بىلەن ئىلگىرىلەپتۇ. ئۇ ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈستىدە رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى تالىشىپ قاپتۇ. بىر پەرىشتە ئادەم سۈرىتىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئۇلار ئۇنى ئارىسىدا ھۆكۈم چىقارغۇچى قىلىپتۇ. ئۇ پەرىشتە ئۇلارغا: سىلەر ئىككى يەرنىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەڭلار، ئۇ قايسى يەرگە يېقىن بولسا شۇنىڭغا ھېساب بولسۇن، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆلچەپ ئۇ ئادەمنىڭ قاراپ ماڭغان كەنتكە (اللەغا ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەر بار كەنتكە) يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى رەھمەت پەرىشتىسى ئېلىپتۇ.»[1]

(ئۈستىدە ئىختىلاپ يۈز بېرىپ قالغان ئىشلاردا) ھۆكۈم قىلىدىغان ئادەمنى تەيىن قىلىشنىڭ يولغا قويۇلغان ئىش ئىكەنلىكى، ساھابىلەرنىڭمۇ شۇنداق قىلغانلىقى ۋە بۇنىڭ يولغا قويۇلغان ئىش ئىكەنلىكىگە بارلىق مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەنلىكى ھەققىدە مەزكۇر ئايەت ۋە ھەدىستىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر كەلگەندۇر.

خەۋارىجلار ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئۆزى بىلەن مۇئاۋىيەنىڭ ئارىسىدىكى (جىدەل ـ ماجرادا) ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئادەم تەيىن قىلغانلىقىنى قوبۇل قىلمىدى ۋە ئۇلار: «ھۆكۈم چىقىرىش پەقەت اللە تائالاغا خاستۇر» دېدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) خەۋارىجلارنىڭ ھەققىدە: «(ئۇلارنىڭ دېگەن مەزكۇر سۆزى) ھەق توغرا سۆزدۇر. لېكىن ئۇلار بۇ سۆزنى دېيىش ئارقىلىق پىتنە ـ پاساتنى مەقسەت قىلغاندۇر» دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) خەۋارىجلار ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن چىققان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنى تۆكۈشنى ھالال، دەپ قارىغان ۋاقىتتا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئىدى. بىز بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختۇتۇلۇپ ئۆتتۇق.

جىدەل ـ ماجرالاردا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن تەيىن قىلىنغان ئادەم ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئۆزىدە قازىدا تېپىلىشقا تېگىشلىك بولغان پۈتۈن

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

شەرتلەر تولۇق تېپىلغان ۋە مۇسۇلمان ئادەم بولۇشى شەرتتۇر.

ئەگەر جىدەل ـ ماجىرا قىلىشىپ قالغان ئادەملەر (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرلار بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ جىدەل ـ ماجىرادا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئۆز ئىچىللىرىدىن بىرەر كاپىرنى تەيىن قىلىشى توغرىدۇر. چۈنكى ئۇ كاپىرلارمۇ مۇسۇلمانلارغا ئەمەس ئۆز ئارىلىرىدا بىر ـ بىرىگە گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ. ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن تەيىن قىلىنىدىغان ئادەم بىلىنگەن ئادەم بولۇشى شەرتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەسچىتكە تۈنجى كىرسە، ئۇنى ھۆكۈم چىقارغۇچى قىلىمىز، دەپ نامەلۇم بىر ئادەمنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەيىن قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى مەسچىتكە تۈنجى كىرىدىغان ئادەم كىملىكى نامەلۇم ئادەمدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن تەيىن قىلىنغان ئادەمگە ھەر ئىككى تەرەپ رازى بولۇش شەرتتۇر.

جازالاردا ۋە قىساستا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئادەم تەيىن قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئىككى تەرەپنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۇلارنىڭ ئارىسىنى كېلىشىم بىلەن كېلىشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. جازالار ۋە قىساس ئىشلىرىدا كېلىشىم قىلىشىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىشلاردا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئادەم تەيىن قىلىشمۇ توغرا ئەمەس. ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن تەيىن قىلىنغان ئادەمنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى پەقەت ئىككى تەرەپ ئارىسىدىلا كۈچكە ئىگە. شۇڭا قازىنىڭ ياكى ۋالىينىڭ ئۇ ئادەمنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشى لازىم ئەمەس. ئۇ ئادەمنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى قازىغا يەتكۈزۈلسە، قازىنىڭ ئۇ ھۆكۈمنى شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشى لازىم ئەمەس. شۇڭا قازى خالىسا ئۇ ھۆكۈمنى بىكار قىلىۋېتىدۇ، خالىسا ئۇنى ئىجرا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى ئالىملار ئۇ ھۆكۈمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپلىشىپ قالمايدىغان دەرىجىدە ناھەق چىقىرىلغان بولسا، بۇ ھالدا قازىنىڭ ئۇ ھۆكۈمنى بىكار قىلىۋېتىشى لازىم. قازىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىشىنىڭ لازىم ئەمەسلىكىنىڭ سەۋەبى بولسا، قازىغا قارىغاندا ئۇ ئادەمنىڭ بۇ ھەقتىكى ھوقۇقىنىڭ چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى قازى دۆلەت باشلىقى تەرىپىدىن تەيىن قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھوقۇقى ھەممە كىشىلەرگە ئۆتىدۇ. ئەمما

دەۋاگەرلەر تەرىپىدىن ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن تەيىن قىلىنغان ئادەمنىڭ ئەھۋالى قازىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ھوقۇقى پەقەت تەيىن قىلغان ئىككى تەرەپكىلا ئۆتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قازىنىڭ ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى ئۇنى ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن قازى تەيىن قىلمىغان.[1]

ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن تەيىن قىلىنغان ئادەمنىڭ چىقارماقچى بولغان ھۆكمىنى، ئۇ ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولۇشتىن ئىلگىرى رەت قىلىپ قايتۇرۇۋېتەلەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ھۆكۈمنى چىقىرىپ بولسا، ھەر ئىككى تەرەپكە ئۇنى ئىجرا قىلىش لازىم. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇ ئادەمنى ھۆكۈم چىقىرىش ۋەزىپىسىدىن ئېلىۋېتىشى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ھۆكۈمنى شەرىئەت ئېتىراپ قىلىدىغان سالاھىيەت بىلەن چىقاردى. پەقەت ئىككى تەرەپنىڭ ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشى لازىم. ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكۈمنى ئىككى تەرەپتىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئىجرا قىلىشى لازىم ئەمەس. ئەگەر بىر نەرسە ساتقۇچى بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغۇچى بىر ئادەمنى ئۇ نەرسىدە كۆرۈلگەن ئەيىب ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشقا تەيىن قىلغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى، ساتقۇچىغا قايتۇرۇپ بېرىشكە ھۆكۈم چىقارغان بولسا، ساتقۇچىنىڭ ئۇ نەرسىنى، ئۇنى بۇرۇن ئۆزىگە ساتقان ئادەمگە قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى يوق. لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ سېتىپ ئېلىنغان ئۇ نەرسە ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشىغا ئۇنى سېتىپ ئالغۇچى، ساتقۇچى ۋە ئۇنى بۇرۇن ساتقان ئادەم رازى بولۇپ قوشۇلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمنىڭ ئۇنى بۇرۇن ئۆزىگە ساتقان ئادەمگە قايتۇرۇپ بېرىش ھەققى بار. ھۆكۈم چىقىرىشقا تەيىن قىلىنغان ئادەم ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئورنىغا باشقا بىر ئادەمنى تەيىن قىلىش ھەققى يوق. ئەگەر ئۇ ئادەم شۇنداق قىلغان، ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن تەيىن قىلىنغان ئىككىنچى ئادەم ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقىسىز ھۆكۈم چىقارغان ۋە ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكۈمنى قازى تەستىقلىغان بولسىمۇ ئىككىنچى ئادەمنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ھۆكۈم چىقىرىشقا تەيىن قىلىنغان ئادەمنىڭ خۇددى قازىغا ئوخشاش ئاتا ـ ئانىسى ياكى

[1] «ئەلئۇسسۇنەن»، 15 ـ توم، 281 ـ بەت.

بالىۋاقىلىرى، ياكى ئايالى ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى قازىنىڭمۇ (بالىۋاقىلىرىغا، ياكى ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاش) ئارىلىرىدا بىر ـ بىرىگە بېرىلگەن گۇۋاھلىق قوبۇل قىلىنمايدىغان ئادەملەر ئۈچۈن چىقارغان ھۆكۈمى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر دەۋاگەرلەر ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئىككى ئادەمنى تەيىن قىلغان بولسا، بۇ ئىككى ئادەم چىقارماقچى بولغان ھۆكۈمگە ئۆز ئارىلىرىدا ئىتتىپاقلىشىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئىككى ئادەم چىقارماقچى بولغان ھۆكۈمگە ئۆز ئارىلىرىدا ئىتتىپاقلاشماي ئىختىلاپلىشىپ قېلىپ ئۇلارنىڭ بىرى ھۆكۈم چىقارسا، ئۇنىڭ چىقارغان ھۆكۈمى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ھۆكۈم چىقىرىشقا تەيىن قىلىنغان ئادەمنىڭ ئەھۋالى بىر نەچچە مەسىلىدىن باشقا مەسىلىلەردە قازىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىر نەچچە مەسىلىلەر بۇلاردىن ئىبارەتتۇر: ھۆكۈم قىلىشقا تەيىن قىلىنغان ئادەم ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالسا، ئۇ ھۆكۈم قىلىشقا تەيىن قىلىنغان مەنسىپىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ تەكرار ئىسلامغا كىرسە، ئۇنى بۇ مەنسەپكە قايتا تەيىن قىلىش لازىم. ئەمما قازىنىڭ ئەھۋالى ئۇنداق بولمايدۇ. ئەگەر قازى (الله تائالا ساقلىسۇن!) ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان بولسا، بۇ ھەقتە بېرىلگەن پەتىۋاغا ئاساسلانغاندا قازى قازىلىق مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلانمايدۇ. ئەگەر ھۆكۈم قىلىشقا تەيىن قىلىنغان ئادەم گۇۋاھچىلاردا كۆرۈلگەن بىرەر شۈبھە بىلەن گۇۋاھچىلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىنى رەت قىلغان بولسا، باشقا ئادەم ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلسا بولىدۇ. ئەمما قازى ئەگەر گۇۋاھچىلاردا كۆرۈلگەن بىرەر شۈبھە بىلەن گۇۋاھچىلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىنى رەت قىلغان بولسا، باشقا قازىنىڭ ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى قازىنىڭ گۇۋاھچىلاردا كۆرۈلگەن بىرەر شۈبھە بىلەن ئۇلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىنى رەت قىلىشقا چىقارغان ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلىش ھەممە ئادەمگە لازىم بولىدۇ. ھۆكۈم چىقىرىشقا تەيىن قىلىنغان ئادەم بىرەر ئادەمنى تۈرمىگە تاشلاشقا ھۆكۈم چىقىرىشقا ئىگە ئەمەس ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈم چىقىرۋەتكەن ۋاقىتتا ئۇنىڭغا بېرىلگەن ھەدىيەنى ئالماسلىقى لازىم.[1]

(1) «ئەددۇررۇلمۇختار»، 4 ـ توم، 350 ـ بەت.

# ئىقرار قىلىشنىڭ بايانى

**<ئىقرار> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئىقرارنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ بايانى:**

**<ئىقرار> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن ئىسپاتلاش، ياكى ئېتىراپ قىلىش، دېگەنلىك بولىدۇ.**

**<ئىقرار> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە باشقا بىرسىنىڭ ھەققىنىڭ بارلىقىنى خەۋەر بېرىش، دېگەنلىك بولىدۇ.**

**ئىقرارنىڭ ئۇقۇمىدا: < ئۆزىنىڭ ئۈستىدە> دەپ بايان قىلىندى. شۇڭا ئۇ ئادەم ئەگەر باشقا بىرسىنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ ھەققىنىڭ بارلىقىنى خەۋەر بەرسە، بۇ ئىقرار قىلغانلىق ئەمەس بەلكى دەۋا قىلغانلىق بولىدۇ. ئىقرار بولسا توغرىغىمۇ ۋە يالغانغىمۇ ئېھتىمال كەلتۈرىدىغان خەۋەردۇر. شۇڭا <ئىقرار> دېگەن سۆزنىڭ، ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسىدىن باشقا مەنىنى بىلدۈرۈپ كېلىشىمۇ توغرىدۇر.**

**ئىقرار قىلىشنىڭ يولغا قويۇلغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا قۇرئان، ھەدىس ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكىدۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «زىممىسىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بولغان ئادەم (يازىدىغان كىشىگە) ئېيتىپ بەرسۇن (قەرزدار) پەرۋەردىگارى الله دىن قورقسۇن، قەرز ئالغان نەرسىدىن ھېچنېمىنى كېمەيتىۋەتمىسۇن[1]» الله تائالا بۇ ئايەتتە ئۈستىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بار ئادەمنى خەت يازىدىغان كىشىگە ئېيتىپ بېرىپ يازدۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئەگەر ئۈستىدە باشقىلارنىڭ ھەققى بار ئادەمنىڭ خەت يازىدىغان كىشىگە ئېيتىپ بېرىپ خەت يازدۇرۇشى لازىم بولمىسا، الله تائالا ئۇنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇمايتتى. شۇڭا باشقىلارنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى ھەققىنى ئېيتىپ بېرىپ يازدۇرۇشىنىڭ ئىقرار قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىدە شەك يوق. شۇنىڭدەك يەنە الله تائالا ئىقرارنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندە، ھايات بولۇپ ئۇنى كۆرگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىشلىرى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەردىن چىن ئەھدە ئېلىنغانلىقىغا پاكىت قىلدى. الله تائالا شۇنداق قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئۆز ۋاقتىدا الله پەيغەمبەرلەردىن چىن ئەھدە ئېلىپ: «سىلەرگە مەن كىتابىنى**

(1) سۇرە بەقەر 282 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

ۋە ھېكمەتنى ئاتا قىلدىم، كېيىن سىلەرگە، سىلەردىكى نەرسىلەرنى (يەنى كىتاب بىلەن ھېكمەتنى) ئېتىراپ قىلغۇچى بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە ئۇنىڭغا، ئەلۋەتتە، ئىمان ئېيتىشىڭلار كېرەك ۋە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك» (دېدى ). الله: «(بۇ ئەھدىنى) ئىقرار (يەنى ئېتىراپ) قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ (يەنى بۇ ئىش) ئۈچۈن مېنىڭ ئەھدىمنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «ئېتىراپ قىلدۇق» دېدى. الله: «ئۆزەڭلارنىڭ ۋە تەۋەلىرىڭلارنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىغا )گۇۋاھ بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە گۇۋاھ بولغۇچىلاردىندۇرمەن » دېدى[1] »

ساھابە بولغان مائىز ئەلئەسلەمىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ۋاقتىدا، ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا ھۆكۈم قىلىندى. الله تائالا خالىسا بىز بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختۇتۇلۇپ ئۆتىمىز.

ئىسلام دىنى ھەر بىر ھەق ـ ھوقۇقنى ئۇنىڭغا ھەقلىق بولغان ئادەملەرگە ۋە ئۇنىڭ ئىگىلىرىگە يەتكۈزۈشكە ھېرىسمەندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام شەرىئەتىدە ئىقرار، باشقا ئادەمگە ئەمەس پەقەت ئىقرار قىلغۇچىنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىغان بىر پاكىتتۇر. چۈنكى ئىقرار قىلغۇچىنىڭ ئىقرار قىلىش بىلەن باشقىلارنىمۇ ئىقرارىنىڭ ئىچىگە قېتىش ھەققى يوق. الله تائالا خالىسا بىز بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختۇتۇلۇپ ئۆتىمىز.

## ئىقرارنىڭ شەرتلىرى

ئىقرارنىڭ شەرتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ ئىقرار قىلىدىغان ئادەم بالاغەتكە يەتكەن ئادەم بولۇشى شەرت. بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ ئىقرارى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

2 ـ ھۆر ئادەم بولۇشى شەرت.

3 ـ مەست ئەمەس ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا بولغان ئادەم بولۇشى شەرت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىشىپ قالغان ئادەمنىڭ، ئۇخلاۋاتقان ئادەمنىڭ، ئايلىنىپ

(1) سۈرە ئالى ئىمران 81 ـ ئايەت.

كەتكەن ئادەمنىڭ، مەست ئادەمنىڭ قىلغان ئىقرارى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

4 ـ ئىقرار قىلىدىغان ئادەم ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلانماسلىقى لازىم.

5 ـ ئىقرار قىلىدىغان ئادەم (بىرەر سەۋەب تۈپەيلىدىن) تەسەررۇپ قىلىشتىن چەكلەنگەن ئادەم بولماسلىقى لازىم.

6 ـ ئىقرار قىلىنىدىغان نەرسە مۇئەييەن ۋە ئۇنى قارشى تەرەپكە تاپشۇرۇپ بەرگىلى بولىدىغان نەرسە بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەم، ئۆزىنىڭ ئۈستىدە باشقا بىرسىنىڭ بىر سىقىم توپىسىنىڭ، ياكى بىر تال دېنىنىڭ بارلىقىغا ئىقرار قىلسا، بۇ ئىقرار قوبۇل قىلىنمايدۇ.

## ئىقرارنىڭ تەرەپلىرىنىڭ ۋە ئۇنىڭ شەكلىنىڭ بايانى

ئىقرارنىڭ تەرەپلىرى ئۈچ بولۇپ ئۇلار ئىقرار قىلغۇچى، ئىقرار قىلىنغان نەرسە ۋە ئىقرار قىلىنغان نەرسىنىڭ ئىگىسى قاتارلىقلاردۇر.

ئىقرارنى مەسىلەن: ئىقرار قىلغۇچىنىڭ: مېنىڭ ئۈستۈمدە، ياكى مېنىڭ قولۇمدا پالانى ئادەمنىڭ 100 سوم پۇلى بار ئىدى، دېگەنگە ئوخشاش ئۇ ئادەمنىڭ ئىقرار قىلغۇچىنىڭ ئۈستىدە چوقۇم بىر نەرسىسىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزلەر بىلەن قىلىش لازىمدۇر. ئىقرار قىلغۇچىنىڭ: <مېنىڭ ئۈستۈمدە ياكى مېنىڭ قولۇمدا> دېگەن سۆزى ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر قەرزنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ: <مېنىڭ ئۈستۈمدە> دېگەن سۆزى ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىنىڭ بېرىش لازىم بولغان نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ: <مېنىڭ قولۇمدا> دېگەن سۆزى كۆپىنچە ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىنىڭ ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم: مېنىڭ ئۈستۈمدە، ياكى مېنىڭ قولۇمدا پالانى ئادەمنىڭ 100 سوم پۇلى بار ئىدى، دەپ ئىقرار قىلىپ بولۇپ بۇنىڭغا ئۇلاپلا: ئۇ، ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان پۇل ئىدى، دېسە، ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ سۆزى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى پۇلنىڭ ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان پۇل بولۇشىغىمۇ ئېھتىمال كەلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم شۇنداق دەپ ئىقرار قىلىپ بولۇپ (ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئەمەس) بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ، ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان پۇل ئىدى، دېسە، بۇ ھالدا ئۇنىڭ بۇ سۆزى

ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

ئەگەر ئىقرار قىلغۇچى نامەلۇم بىر نەرسە ئۈستىدە ئىقرار قىلسا، ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشى لازىم. مەسىلەن: ئۇ ئادەم: مېنىڭ ئۈستۈمدە پالانىنىڭ نەرسىسى بار ياكى ھەققى بار، دېگەن بولسا، (ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ قانچە پۇللۇق نەرسە ئىكەنلىكىنى، ياكى قانداق نەرسىگە باراۋەر كېلىدىغانلىقىنى بايان قىلىشى لازىم). ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ ئادەم ئىقرار قىلغاندىنمۇ جىق ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە ئىقرار قىلغان ئادەم بۇنىڭغا ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئىقرار قىلغۇچىنىڭ قەسەم ئېچىپ تۇرۇپ قىلغان سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئىقرار قىلغۇچى ئۇ دەۋاغا ئىنكار قىلغان تەرەپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ، سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى تەستىقلاش ئۈچۈن قەسەم ئېچىشى لازىم.

ئەگەر ئىقرار قىلغۇچى: پالانى ئادەمنىڭ مېنىڭ يېنىمدا ياكى مەن بىلەن ياكى مېنىڭ ئۆيۈمدە ياكى مېنىڭ خالتامدا (يەنى سومكامدا)، ياكى مېنىڭ ساندۇقۇمدا بىر نەرسىسى بار ئىدى، دېسە، ئۆرپ ـ ئادەتكە ئاساسەن ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئۇ نەرسىنىڭ ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى <مېنىڭ يېنىمدا ياكى مەن بىلەن ياكى مېنىڭ ئۆيۈمدە ياكى مېنىڭ خالتامدا (يەنى سومكامدا)، ياكى مېنىڭ ساندۇقۇمدا> دېگەن سۆزلەر قەرز ئەمەس كۆزدە كۆرۈلىدىغان بىر نەرسە ساقلىنىدىغان ئورۇننى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قەرز ئۈچۈن ئۇ سۆزلەر قوللىنىلمايدۇ. چۈنكى قەرز دېگەن ئادەمنىڭ زىممىسىدە بولىدۇ.

ئەگەر ئىقرار قىلغۇچى: مېنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكۈم ياكى ئىگىدارچىلىقىمدىكى بارلىق نەرسە ـ كېرەكلەر ياكى مېنىڭ مال ـ مۈلكۈمدىن، ياكى مېنىڭ پۇللىرىمدىن مۇنچىلىك قىسمى پالانى ئادەم ئۈچۈن دېسە، بۇ ئىقرار ئەمەس ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۇنىڭغا سوۋغات قىلىپ بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭدا بىر نەرسىنى سوۋغات قىلىپ بېرىش ئىشىدا تېپىلىدىغان شەرتلەرنىڭ تېپىلىشى شەرتتۇر.

ئەگەر بىر ئادەم: گۇۋاھ بولۇپ قويۇڭلار، مەن پالانى ئادەم ئۈچۈن 1000 سوم پۇل ۋەسىيەت قىلىمەن ۋە پالانى ئادەمنىڭ مېنىڭ مال ـ مۈلكۈمنىڭ ئىچىدە 1000 سوم پۇلىنىڭ بارلىقىغا ۋەسىيەت قىلىمەن، دېسە، بىرىنچىسى ۋەسىيەت،

ئىككىنچىسى ئىقرار ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئىقرار قىلغۇچىنىڭ مەسىلەن: پالانىنىڭ مېنىڭ مال ـ مۈلكۈمدە 100 سۇم پۇلى بار، دېگەنگە ئوخشاش ئىقرار قىلىنغان نەرسىنى ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىگە قوشۇپ ئىقرار قىلىشى، ئىقرار قىلىنغان نەرسىنىڭ سوۋغا ـ سالام قىلىپ بېرىۋېتىلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئەگەر ئەھمەد ماخمۇتقا: مېنىڭ سېنىڭ ئۈستىڭدە 1000 سوم پۇلۇم بار، دېگەن، ماخمۇت: ماڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئاز ۋاقىت بەرگىن ياكى مەن ئۇنى ساڭا بېرىپ بولدۇم، ياكى سەن مەندىن ئۇنى كەچۈرۈۋەتتىڭ، دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن جاۋاب بەرگەن بولسا، بۇ ماخمۇتنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە ئەھمەدنىڭ 1000 سوم پۇلىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغانلىقىدۇر. چۈنكى ماخمۇتنىڭ جاۋابلىرىدىكى: < ئۇنىڭ، ئۇنى، ئۇنى> دېگەن ئالماشلارنىڭ ھەممىسى ئۇ 1000 سومنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەھمەدنىڭ مەزكۇر سۆزىگە ماخمۇت: شۇنداق دېگەن سۆز بىلەن جاۋاب بەرسە، بۇمۇ ماخمۇتنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە ئەھمەدنىڭ 1000 سوم پۇلىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلىشىدۇر.

ئەگەر ماخمۇت ئۈستىدە ئەھمەدنىڭ قەرەرلىك قەرزىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان ۋە ئەھمەد قويۇپ قەرەرنىڭ توشقانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ماخمۇتنىڭ قەرزنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تۆلەپ بېرىش لازىم. ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «ماخمۇت قەرەرنىڭ توشمىغانلىقىغا قەسەم قىلىپ قەرزنى كېيىن تۆلىسىمۇ بولىدۇ» دەيدۇ.

(بىر نەرسىنىڭ ئۈستىدە ساتامسەن ـ ئالامسەن) دېيىشىپ كېلىشىم ئېلىپ بېرىش ئۇ نەرسىنىڭ تېخى ساتقۇچىنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنى ياكى ئۇنىڭ تېخى ئۇنى ئالىدىغان ئادەمنىڭ مۈلكىنىڭ ئىچىگە كىرمىگەنلىكىنى يوشۇرۇن ئىقرار قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدە كېلىشىم ئېلىپ بېرىش ئۇ نەرسىنىڭ تېخى ساتقۇچىنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئىقرار قىلىش ھېسابلانمايدۇ. ئوچۇق قىلىنغان ئىقرار بىلەن يوشۇرۇن قىلىنغان ئىقرارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ئۇ نەرسە، ئۇنى ئالىدىغان ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتكەن ۋاقىتتا ئاشكارا بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مەسىلەن: قولىدا بىر نەرسە تۇتۇپ تۇرىۋاتقان بىر ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ساتقۇچىنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ساتقۇچىغا قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ساتقۇچىنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنى، مەسىلەن ئۇ نەرسىنىڭ

ئۈستىدە كېلىشىم ئېلىپ بارغانغا ئوخشاش يۈشۈرۈن ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ساتقۇچىغا قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇلمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى بىر كىشىدىن سېتىپ ئېلىپ قولۇغا ئالغان، ئاندىن ئۇ نەسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ دادىسى ئۇ نەرسىنىڭ (ئەسلىدىكى) ئىگىسى چىقىپ قېلىپ ئۇ نەرسىنى، سېتىپ ئالغان بالىسىنىڭ قولىدىن ئېلىۋالغان، ئاندىن دادا ئۆلگەن ۋە ئۇ نەرسىنى (بۇرۇن سېتىپ ئالغان ئادەم) مىراس سۈپۈتىدە تەكرار يەنە قولىغا ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۇنى ساتقان كىشىنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇلمايدۇ، ئۇ ئادەم ئۇنى ساتقان كىشىدىن پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ ۋە ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا (سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ سۈپۈتىدە ئەمەس) مىراس قىلىپ ئالغان نەرسىنىڭ سۈپۈتىدە تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇ نەرسىنىڭ ساتقۇچىنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ دادىسى ئۇ نەرسىنىڭ (ئەسلىدىكى) ئىگىسى چىقىپ قېلىپ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان بالىسىنىڭ قولىدىن ئېلىۋالغان، ئاندىن دادا ئۆلگەن ۋە ئۇ نەرسىنى (بۇرۇن سېتىپ ئالغان ئادەم) مىراس سۈپۈتىدە تەكرار يەنە قولىغا ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى ساتقان كىشىدىن پۇلنى قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا (مىراس قىلىپ ئالغان نەرسىنىڭ سۈپۈتىدە ئەمەس) سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ سۈپۈتىدە تۇرىدۇ. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ قولىدىكى بىر نەرسىنى (كېيىن چىقىپ ئالغان) ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن چىقىرىلغان ھۆكۈم ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدە بولغان سودىنى بۇزۇۋەتمەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم: مېنىڭ ئۈستۈمدە پۇكۇنى ئادەمنىڭ 100 سوم پۇلى بار دېسە، ئۇ يەردە دېيىلگەن 100 نىڭ ھەممىسىدىن سوم پۇل مەقسەت قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئەگەر ئۇ ئادەم: مېنىڭ ئۈستۈمدە پۇكۇنى ئادەمنىڭ 100 ئۆلچەم بۇغدىيى ياكى 100 كېلو پاختىسى بار دېسە، ئۇ يۈزنىڭ ھەممىسىدىن بۇغداي ياكى پاختا مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئەگەر: مېنىڭ ئۈستۈمدە پۇكۇنى ئادەمنىڭ 100 ۋە بىر كىيىم ـ كېچەكى ياكى 100 ۋە ئىككى كىيىم ـ كېچەكى بار دېسە، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ 100 دېگەن ساندىن نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئوچۇقلىشى لازىم. چۈنكى بۇ يەردە 100 دېگەن ساندىن نېمىنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقى نامەلۇمدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم: مېنىڭ ئۈستۈمدە پۇكۇنى

ئادەمنىڭ 100 ۋە ئۈچ كىيىم ـ كېچەكلىرى بار دېسە، بۇنىڭ ھەممىسىدىن كىيىم ـ كېچەكلەر مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم: <100 ۋە ئۈچ> دېگەن ئىككى سانىنى بايان قىلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا <كىيىم ـ كېچەكلەر> دەپ كۆپلۈك شەكلىدە بىر نەرسىنىڭ ئىسمىنى كەلتۈرۈشى ئۇ سانلاردىن ئۇ نەرسىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئېغىلنىڭ ئىچىدىكى بىر ئولاغنىڭ باشقا ئادەمنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان ئادەمگە پەقەت شۇ ئولاغنىلا قايتۇرۇپ بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەسلىدە (ئېغىلغا، خالتىغا ۋە سومكىغا ئوخشاش) ئىچىگە بىر نەرسە قاچىلىغىلى بولىدىغان نەرسە، ئەگەر ئۇ نەرسە (خالتىغا ۋە سومكىغا ئوخشاش) ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىگىلى بولىدىغان نەرسە بولسا، (ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىڭ باشقا ئادەمنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان ئادەمگە)، ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسە بىلەن بىللە قايتۇرۇپ بېرىش لازىمدۇر. ئەگەر ئۇ نەرسە (ئېغىلغا ئوخشاش) ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىگىلى بولمايدىغان نەرسە بولسا، (ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىڭ باشقا ئادەمنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان ئادەمگە)، پەقەت ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىلا قايتۇرۇپ بېرىش لازىمدۇر. چۈنكى (مەسىلەن ئېغىلغا ئوخشاش) ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكەلمەيدىغان نەرسىدە ساقلىنىدىغان نەرسىنى ناھەق ئېلىۋېلىش ئۇ نەرسە ساقلىنىدىغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىشنى لازىم قىلمايدۇ.

ئەگەر (ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان) قاچىلاردا ساقلىنىدىغان نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ئادەم ئۆزىنىڭ قاچىنى ئەمەس پەقەت ئۇ نەرسىنىلا ئېلىۋالغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ دەۋاسى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بۇ ئىقرارى خۇددى ئۇنىڭ خالتىنىڭ ئىچىدىكى بۇغداي ـ قوناقنى ياكى كىيىم ـ كېچەك سالىدىغان خالتىنىڭ ئىچىدىكى، ياكى بۇغجىمىدىكى كىيىم ـ كېچەكنى ئالغانلىقىنى قىلغان ئىقرارىغا ئوخشاش تولۇق بىر ئىقراردۇر. يەنى خالتىنىڭ ئىچىدىكى بۇغداي ـ قوناقنى ياكى كىيىم ـ كېچەك سالىدىغان خالتىنىڭ ئىچىدىكى، ياكى بۇغجىمىدىكى كىيىم ـ كېچەكنى ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ئادەمگە، ئالغان نەرسىنى ۋە ئۇ نەرسىنى ساقلايدىغان نەرسىنى قايتۇرۇپ لازىم بولاتتى. شۇنىڭدەك يەنە (ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان) قاچىلاردا ساقلىنىدىغان نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ئادەم، ئۆزىنىڭ قاچىنى ئەمەس پەقەت ئۇ نەرسىنىلا ئېلىۋالغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسىمۇ

ئۇنىڭ ئېلىۋالغان نەرسىنى ۋە ئۇنىڭ قاچىسىنى قايتۇرۇپ بېرىش لازىمدۇر.

ئەگەر بىر ئادەم: مېنىڭ ئۇستۇمدە يۈكۈنى ئادەمنىڭ بىر سومدىن 10 سومغىچە پۇلى بار ياكى بىر سوم بىلەن 10 سومنىڭ ئارىسىدا پۇلى بار، دەپ ئىقرار قىلغان بولسا، ئادەمگە ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا 9 سوم پۇل بېرىش لازىم بولىدۇ. ئۇ ئادەمگە ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا 10 سوم پۇل بېرىش لازىم بولىدۇ. ئۇ ئادەمگە ئىمام زۇپەرنىڭ كۆز قارىشىدا 8 سوم پۇل بېرىش لازىم بولىدۇ. ئىمام زۇپەرنىڭ بۇ قارىشى قىياسقا ئاساسلانغاندۇر. چۈنكى ئىمام زۇپەر (بىر ئادەم: مېنىڭ ئۇستۇمدە يۈكۈنى ئادەمنىڭ بىر سومدىن 10 سومغىچە پۇلى بار، دېگەن ۋاقىتتا) <بىر> دېگەن سانىنى سانلارنىڭ باشلىنىشى ۋە <ئون> دېگەن سانىنى سانلارنىڭ ئاياغلىنىشى، دەپ قاراپ <بىر> دېگەن سان بىلەن <ئون> دېگەن سانىنى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى سانلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىمىدى. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «سانلارنىڭ بېشى بولغان <بىر> دېگەن سان بىلەن ئايىغى بولغان <ئون> دېگەن سانمۇ سانلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى سانلارنىڭ ئىچىدىن ھېسابلانمايدىغان سان ئۇ سانلارنىڭ باش ـ ئايىغى بولمايدۇ. <بىر> دېگەن سان بىلەن <ئون> دېگەن ساننىڭ سانلارنىڭ باش ـ ئايىغى بولغانلىقى <بىر> دېگەن سان بىلەن <ئون> دېگەن ساننىڭ سانلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. (شۇڭا ئۇ ئادەمگە 10 سوم پۇل بېرىش لازىمدۇر)» دەيدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «سانلارنىڭ ئايىغىدىكى <ئون> دېگەن سان، سانلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ. ئەمما سانلارنىڭ بېشىدىكى <بىر> دېگەن سان، سانلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى <بىر> دېگەن سانىنى سانلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىماستىن سانلارنى ئىككى ـ ئۈچ، دەپ سانىغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن <بىر> دېگەن ساننىڭ، سانلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىشى زۆرۈردۇر. ئەمما <ئون> دېگەن ساننىڭ سانلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىشى <بىر> دېگەن سانغا ئوخشاش زۆرۈر ئەمەس. شۇڭا <ئون> دېگەن سان، سانلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە 9 سوم پۇل بېرىش لازىمدۇر» دېدى.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 455 ـ بەت.

# قۇرساق كۆتۈرگەنلىكنى ئىقرار قىلىشنىڭ بايانى

ئەگەر قۇرساقنىڭ ئىچىدىكى تۇرەلمە، ئادەم بولمىغان تەقدىردىمۇ ئىقرارنى قىلغان ۋاقىتتا، بولۇشى ئېھتىمال بولغان بىر نەرسىنىڭ قۇرساقتا بارلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىقرارى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر شۇنداق ئىقرار قىلغان ئايال، ئىقرار قىلغان ۋاقىتتىن باشلاپ ئالتە ئاي ئىچىدە قۇرسىقىدىكى بالىنى تۇغقان، ئۇ بالا ئەگەر بىر ئادەم: بالىنىڭ دادىسى ئۆلۈپ قالغان، دەپ ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇ بالا مىراسخور بولۇپ ئۆلۈپ قالغان دادىسىدىن مىراس ئالالايدۇ. ياكى ئۇ ئادەم ئەگەر: بالىغا بىر ئادەم مال ـ مۈلۈك ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن ئىدى، دەپ ئىقرار قىلغان بولسا، بالىنىڭ ئۇ مال ـ مۈلۈكنى ئېلىش ھوقۇقى بار. ئەگەر ئۇ ئايال بىر ئوغۇل تۇغقان، ئاندىن ئۇ ئادەم يۇقۇنى ئۇ بالىغا مۇنچىلىك مال ـ مۈلۈك ۋەسىيەت قىلىپ قويغان ئىدى، دەپ ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇ بالا مال ـ مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئايال ئىككى ئوغۇل تۇغقان بولسا، مال ـ مۈلۈكنى يېرىم ـ يېرىمدىن ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال بىر ئوغۇل ۋە بىر قىز تۇغقان بولسا، ۋەسىيەتتە مال ـ مۈلۈكنى يېرىم ـ يېرىمدىن ئالىدۇ. ئەمما مىراس ۋەسىيەتكە ئوخشىمايدۇ. ئايال بىر ئوغۇل ۋە بىر قىز تۇغقان ۋاقىتتا، مىراستا بىر ئوغۇل ئىككى قىزنىڭ نىسۋىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال بالىنى ئۆلۈك تۇغقان بولسا، بالىنىڭ نىسۋىسى ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ ياكى مىراس ئىگىسىنىڭ مىراسخورلىرىغا بېرىلىدۇ. چۈنكى بالا ئۆلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ مال ـ مۈلۈكنى ئېلىشقا ھەقلىق ئەمەستۇر.

كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكى نامەلۇم بىر بالىغا، ئۇ بالا تۇغۇلغان يەردىكى ياكى شەھەردىكى بىر ئادەم: ئۇ بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلغان، ئۇ ئادەم بىلەن ئۇ بالىنىڭ ئانىسىنىڭ يېشى، ئۇ ئىككىسىدىن شۇنداق بىر بالا تۇغۇلىدىغان دەرىجىدە باراۋەر كېلىدىدىغان ھالەتتە بولغان ۋە ئەگەر بالا ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىدىغان ھالەتتە بولسا، بالا ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىقرارىنى تەستىقلىغان، ئەگەر بالا ئۇنداق ھالەتتە بولمىسا، بالا تەستىقلىمىغان بولسىمۇ، بالا ئۇ ئادەمنىڭ بالىسى ھېسابلىنىدۇ، بالا ئۇ ئادەمنىڭ باشقا مىراسخورلىرىغا قېتىلىپ (ئۇ ئادەم ئۆلۈپ قالغان ۋاقىتتا، ئۇ ئادەمدىن) مىراس ئالالايدۇ. ئەگەر ئۇ بالىنىڭ ئانىسى ئېرى يوق ۋە

تۇتۇدىغان ئىددىتىمۇ يوق ئايال بولغان، ئىقرار قىلغان ئۇ ئادەم ئۇ ئايالنىڭ قېرىندىشى بولمىغان ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئايالدىن باشقا يەنە تۆت ئايالى بولمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ: ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكى ھەققىدە قىلغان ئىقرارىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. (يەنى ئۇ ئايال ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى ھېسابلىنىدۇ).

بىر ئادەمنىڭ بىر ئايالنى: بۇ مېنىڭ ئانام ياكى بىر ئەرنى بۇ مېنىڭ ئېرىم، ياكى مېنىڭ خوجام، دەپ ئىقرار قىلىشى، توغرا بولغان ئىقرار دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەسلىدە ھەر بىر ئىنساننىڭ قىلغان ئىقرارى باشقا ئادەمگە ئەمەس پەقەت ئىقرار قىلغۇچىنىڭ ئۆزى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بىر پاكىتتۇر. كۆپ ساندىكى ئالىملار: «بىر ئادەمنىڭ بىر ئايالنى بۇ مېنىڭ ئانام، دەپ ئىقرار قىلىشى خۇددى بىر ئادەمنى بۇ مېنىڭ دادام، دەپ ئىقرار قىلىشنىڭ توغرا بولغىنىدەك توغرا بولىدۇ، چۈنكى ئەر دادا بولسا ئايال ئۇنىڭ ئانىسىدۇر، شۇڭا بىر ئايالنى بۇ مېنىڭ ئانام، دەپ ئىقرار قىلىشمۇ خۇددى بىر ئەرنى بۇ مېنىڭ دادام، دەپ ئىقرار قىلىشقا ئوخشاش توغرا ھېسابلىنىدۇ» دېدى.

بىر ئايال بىر بالىنى: بۇ مېنىڭ بالام، دەپ ئىقرار قىلغان ۋە كۆرسىتىلگەن ئۇ بالىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ئىنكار قىلغان بولسا، ئەگەر تۇغۇت ئانىسى بولسىمۇ ئۇنىڭ تۇغقانلىقىدىن خەۋىرى بار يەنە بىر ئايال ئۇ بالىنىڭ شۇ ئايالنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇ ئايالنىڭ: بۇ مېنىڭ بالام، دەپ قىلغان ئىقرارى توغرا بولغان ئىقرار، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەمما بالىنىڭ نەسەبى (بىرەر كىشىنىڭ بۇ بالا سېنىڭ بالاڭ، دەپ) تەيىن قىلىشى بىلەن ئەمەس بەلكى كۆرپىسى ئۈستىدە تۇغۇلغانلىق سەۋەبى بىلەن بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بالا، (گەرچە ئۇ بالا، بالىنىڭ ئانىسى بىلەن زىنا قىلغان باشقا ئادەمدىن بولغان بولسىمۇ) كۆرپىسى ئۈستىدە تۇغۇلغان ئادەمگە (يەنى ئايالنىڭ ئېرىگە) تەۋە بولىدۇ ۋە زىناخور (بالىدىن) مەھرۇم قىلىنىدۇ.»[1]

بىر ئادەم: بىر نەرسىنى ئۈچ كۈنگىچە (قايتۇرۇپ بېرىشكە) ئۆزىگە ئىختىيار بېرىلگەنلىكىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىنى شۇ

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە قايتۇرۇپ بېرىش لازىمدۇر. چۈنكى ئىقرار قىلىش خەۋەر بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. خەۋەر ئىختىيار قىلىشنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەگەر ئىقرار قىلغان ئادەمگە ئىختىيار قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن ئادەم، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئىختىيار قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەنلىكىنى دېگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ دېگەن بۇ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ بىر نەرسە سېتىپ ئالغانلىقىنى، ئۆزىگە ئۇ نەرسە ئۈستىدە (ئويلۇنۇش ئۈچۈن) ئىختىيار بېرىلگەنلىكىنى ئىقرار قىلغان ۋە ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەم ئۇ ئادەمنىڭ ئىقرارىنى راست، دەپ تەستىقلىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ: ئۆزىگە ئىختىيار بېرىلگەنلىكى ھەققىدىكى قىلغان ئىقرارى سېتىپ ئالغان نەرسە ئۈستىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىقرارى توغرا بولغان ئىقرار، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەم ئۇ ئادەمنىڭ ئىقرارىنى يالغان دېسە، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ: ئۆزىگە ئىختىيار بېرىلگەنلىكى ھەققىدىكى قىلغان ئىقرارى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەم ئۇ ئىقرارغا ئىنكار قىلغان تەرەپتۇر. شۇڭا ساتقۇچىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ ۋە (ئىقرار قىلغۇچىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ).

ئۇ ئادەم سېتىۋالغان نەرسە ئۈستىدە ئۆزىگە (ئويلۇنۇش ئۈچۈن) ئىختىيار بېرىلگەنلىكىنى ئىقرار قىلغان ۋە ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەم ئۇ ئادەمنىڭ ئىقرارىنى راست، دەپ تەستىقلىغان ۋاقىتتا، ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىقرارى توغرا بولغان ئىقرار، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ھالدا ئىقرار قىلغان ئۇ ئادەمنىڭ ھالى خۇددى كېپىل بولۇپ ئۈستىگە قەرز ئالغان ۋە ئۆزىگە بۇ ھەقتە ئىختىيار قىلىش ھەققى بېرىلگەن كىشىنىڭ ھالىغا ئوخشاش. بۇ كىشىمۇ ئۆزىگە ئىختىيار قىلىش ھەققىنىڭ بېرىلگەنلىكىنى ئىقرار قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ئىختىيار قىلىش ئۇ ھەقنى بەرگەن ئادەم ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارىنى توغرا، دەپ تەستىقلىغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ئىقرارى توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى كېپىل بولۇشمۇ (خۇددى سودا ـ سېتىققا ئوخشاش) بىر كېلىشىم ھېسابلىنىدۇ.

ئىقرار نامىنى يېزىشقا بۇيرۇش ھۆكمەن ئىقرار قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئىقرار خۇددى ئېغىز ئارقىلىق بولغىنىدەك خەت ئارقىلىقمۇ بولىدۇ. ئەگەر بىر كىشى خەت يازىدىغان ئادەمگە: سەن مېنىڭ ئۈستۈمدە پۇكۇنى ئادەمنىڭ **1000** سوم پۇلىنىڭ بارلىقىغا ياكى قورويۇمنى ساتقانلىقىمغا،

ياكى ئايالىنى تالاق قىلىۋاتقانلىقىمغا قىلغان ئىقرارىمنى يازغىن، دېگەن بولسا، خەت يازدىغان ئادەم مەيلى ئۇ ئىقرارنى يازسۇن، مەيلى يازمىسۇن، ئۇ كىشى ئىقرار قىلغان ھېسابلىنىدۇ. جازالار ۋە قىساس ھەققىدە قىلىنغان ئىقراردىن باشقا ئىقرارلاردا خەت يازغان ئادەمنىڭ، ئۇ كىشى مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلاردا ئىقرار قىلغان ئىدى، دەپ گۇۋاھ بېرىشى توغرا بولىدۇ.

قەرزدار، قەرز ئىگىسى ئۆز خېتى بىلەن مېنىڭ پالانىنىڭ ئوغلى پالانىنىڭ ئۈستىدىكى قەرز پۇلۇمدىن كىچىككەتتىم، دەپ يېزىپ مېنىڭ ئۈستۈمدىكى قەرزدىن ئۆتتۈۋېتىپتۇ، دەپ دەۋا قىلغان ۋە (بۇ دەۋانىڭ توغرا ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان بولسا)، ئۇنىڭ بۇ دەۋاسى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ ۋە قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى قەرز تۆگۈگەن بولىدۇ. چۈنكى (مەسىلەن: <قەرزدىن ئۆتتۈۋېتىش ھۆججىتى> دېگەنگە ئوخشاش) خەتكە بىر ئىسىم قويۇلۇپ يېزىلغان خەت خۇددى شۇ ئىشنى ئېغىز بىلەن ئىپادىلىگەندەك ئېتىبارغا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر خەت ئۇنىڭغا بىرەر ئىسىم قويۇلماي يېزىلغان بولسا، خەتتە يېزىلغان قەرزدىن كىچىككەنلىك ۋە قەرزدارنىڭ قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدىن كىچىككەنلىكى ھەققىدە قىلغان دەۋاسى توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بىرەر ھەقتە يېزىلغان خەتلا بولسا، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىنمايدۇ. بەلەخنىڭ ئالىملىرى: «بىدىكلەرنىڭ، تىجارەتچىلەرنىڭ ۋە بانكىچىلارنىڭ دەپتەرلىرىگە يېزىپ قويۇلغان خەتلەر مەزكۇر قائىدىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ دەپتەرلىرىگە يېزىپ قويۇلغان خەتنىڭ ھەممىسىگە ئەمەل قىلىنىدۇ» دېدى.

بىر كىشى، ئارقىسىدا بىر نەچچە مىراسخورنى تاشلاپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ پۇلىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە مىراسخورلارنىڭ بىرى: (ھەقىقەتتە ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدە پۇلى بار ئىدى)، دەپ ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدە پۇلىنىڭ بارلىقىغا ئىقرار قىلغان ۋە بۇنىڭغا باشقا مىراسخورلار ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئىقرار قىلغان مىراسخور ئۆلۈپ كەتكەن ئۇ ئادەمدىن ئېرىشكەن مىراس دەۋا قىلغۇچىنىڭ قەرز پۇلىنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بېرىشكە يەتسە، ئىقرار قىلغان ئۇ مىراسخورغا قەرز پۇلنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بېرىش لازىمدۇر. ئۇنىڭغا (قەرزنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس) پەقەت قەرزدىن ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان قىسمىنىلا تۆلەپ بېرىش لازىمدۇر، دېگەن قاراشمۇ بار. بۇ قاراشنى

ئۇنىڭغا كېلىپ كېتىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىمام ئەبۇللەيس (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) توغرا قاراشتۇر، دەپ تاللىدى. ئەمما مال - مۈلۈك ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ كەتكەنلىكنى دەۋا قىلىش بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئارقىسىدا ئۈچ ئوغۇل ۋە 3000 سوم پۇل تاشلاپ قويۇپ ئۆلگەن، شۇنىڭ بىلەن ھەر بىر ئوغۇل 1000 سومدىن پۇل مىراس ئالغان، كېيىن بىر كىشى كېلىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ۋەسىيەت قىلىپ قويغانلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە ئوغۇللارنىڭ بىرى دادىسىنىڭ ئۇ كىشىگە مال - مۈلۈك ۋەسىيەت قىلىپ قويغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا قىياس قائىدىسىگە ئاساسلانغان ۋاقىتتا، ئىقرار قىلغان ھېلىقى ئوغۇلنىڭ قولىدىكى (مىراس سۈپىتىدە ئالغان) بارلىق پۇلنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمى دەۋاگەرگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ئىمام زۇپەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىستىھسان قىياسىنىڭ قائىدىسىگە ئاساسلانغان ۋاقىتتا، ئۇ ئوغۇلنىڭ قولىدىكى پۇلنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئېلىنىدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملاردىن ئىمام زۇپەردىن باشقا ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى دادىسىنىڭ ئۇ كىشىگە مال - مۈلۈك ۋەسىيەت قىلىپ قويغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ئوغۇل 3000 سوم پۇلنىڭ ئىچىدىن ئۇ كىشىگە 1000 سوم پۇل تېگىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. ئۇ كىشىگە تېگىدىغان 1000 سوم پۇلنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئۇ ئوغۇلنىڭ قولىدىكى پۇلنىڭ ئىچىدىدۇر. قالغان ئىككى قىسمى ئۆزىنىڭ ئىككى قېرىندىشىنىڭ قولىدىدۇر. ئۇ ئوغۇلنىڭ قىلغان ئىقرارى پەقەت ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئوغۇلنىڭ قولىدىكى ھەسسىسى ئۈچۈنلا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئۇغۇلنىڭ ئىككى قېرىندىشىنىڭ قولىدىكى ھەسسىسى ئۈچۈن ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئۇغۇلنىڭ قولىدىكى 1000 سوم پۇلنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى دەۋا قىلغان ئۇ كىشىگە بېرىشى لازىمدۇر.[1]

بىر ئادەم (ئۈستىدە بىرسىنىڭ پۇلى بارلىقىنى) ئىقرار قىلغان، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىقرارىنى يالغاندىن قىلغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، پۇلنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمنىڭ ئىقرارىنى يالغاندىن قىلمىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلىدۇ. (شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىقرارى توغرا ئىقرار، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ).

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 - توم، 456 - بەت.

# ئىقراردىن كېيىن «الله تائالا خالىسا» دېيىشنىڭ بايانى

بىر كىشى مېنىڭ ئۈستۈمدە پۈكۈنى ئادەمنىڭ مۇنچىلىك پۇلى بار، دەپ ئىقرار قىلىپ بولۇپ ئارقىسىدىنلا: الله خالىسا ياكى پۈكۈنى ئادەم خالىسا ياكى ماڭا بۇنىڭدىن باشقا نەرسە ئېنىقلانسا ياكى مەن بۇنىڭدىن باشقىسىنى توغرا دەپ قارىسام، ياكى مېنىڭ بىلىشىمچە دېگەن بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

ئۈستىدە باشقا بىرسىنىڭ پۇلى بارلىقىنى ئىقرار قىلغان ئادەم، ئىقرار قىلىپ بولۇپ ئىقرارىنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۆزىنىڭ «الله خالىسا» دېگەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنامدۇ؟ توغرا دەپ قارالغان كۆز قاراشقا ئاساسەن ئۇنىڭ بۇ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنمايدۇ. بىز تالاقنىڭ بابىدا توغرا دەپ قارالغان كۆز قاراشتا بۇنىڭغا ئوخشاش دەۋالارغا قۇلاق سېلىنمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.[1]

تارازى بىلەن تارتىلىدىغان، ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىلىنىدىغان ۋە ياڭاققا ئوخشاش چوڭ-كىچىكلىكتە بىر-بىرىدىن پەرق ئېتىلمەيدىغان ۋە سانىلىدىغان نەرسىلەرنى، ئىقرار قىلغان پۇللارنىڭ ئىچىدىن ئايرىپ چىقىرۋېلىش (يەنى ئىستىسنا قىلىش) توغرا بولىدۇ. بۇ باشقا خىلدىكى نەرسىنى باشقا خىلدىكى نەرسىنىڭ ئىچىدىن ئايرىپ چىقىرۋېلىش (يەنى ئىستىسنا قىلىش) ھېسابلىنىدۇ.

ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۈسۈف (الله تەئالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) لارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: سانىلىدىغان نەرسىنى سانىلىدىغان نەرسىنىڭ ئىچىدىن ئايرىپ چىقىرۋېلىش توغرىدۇر. بۇ ھالدا ئىقرار قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ پۈتۈن قىممىتىدىن ئايرىپ چىقىرۋېلىنغان نەرسىنىڭ قىممىتى چىقىرۋېلىتىپ ھېسابلىنىدۇ. قىياسقا ئاساسلانغان ۋاقىتتا سانىلىدىغان نەرسىنى سانىلىدىغان نەرسىنىڭ ئىچىدىن ئايرىپ چىقىرۋېلىش توغرا ئەمەس. بۇ ئىمام مۇھەممەد ۋە ئىمام زۇپەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

مەيلى قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن بولسۇن، مەيلى ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن بولسۇن، (مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ، مېنىڭ ئۈستۈمدە

(1) «ئەددۇررۇلمۇختار»، 4 - توم، 409 - بەت.

پۇكۇنى ئادەمنىڭ) بىر كىيىم ـ كېچەك كەم 100 سوم پۇلى بار، دېگەنگە ئوخشاش (پۇلغا ئوخشاش) سانىلىدىغان نەرسىنىڭ ئىچىدىن (كىيىم ـ كېچەككە ئوخشاش) سانالمايدىغان نەرسىنى ئايرىپ چىقىرۋېلىپ ئىقرار قىلىش ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا توغرا ئەمەس. ئەمما ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئىقرار توغرىدۇر. لېكىن ئىقرار قىلغۇچى ئادەمدىن مەزكۇر ئىقراردىن نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى ئىقرار قىلىنغان نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي بىلمەسلىك ئىقرارنىڭ توغرا بولۇشىغا تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ» دەيدۇ.

بىر ئادەمنىڭ، (مېنىڭ ئۈستۈمدە پۇكۇنى ئادەمنىڭ) بىر تال ئۆي كەم بىر قورۇسى بار دېگەنگە ئوخشاش بىر قورۇنىڭ ئىچىدىن بىر تال ئۆينى ئايرىپ چىقىرۋېلىپ ئىقرار قىلىش توغرىدۇر. ئەمما بىنا كەم بىر ئويى ياكى بىر قورۇسى بار، دېگەنگە ئوخشاش بىر تال ئۆينىڭ ياكى بىر قورۇنىڭ ئىچىدىن بىنانى ئايرىپ چىقىرۋېلىپ ئىقرار قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى بىنا دېگەن، سېلىنغان ئۆينىڭ ياكى قورۇنىڭ سېلىنىش شەكلىدۇر. شۇڭا بىنا ئۆينىڭ ياكى قورۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۆيدىن ياكى قورۇدىن ئۇنىڭ شەكلىنى ئايرىپ چىقىرۋېلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئەگەر بىر ئادەم: ئۇ يەرگە سېلىنغان ئۆي ماڭا تەۋە، ئۇ ئۆينىڭ ئورنى ساڭا تەۋە دېسە، ئىش ئۇ ئادەمنىڭ دېگىنىدەك بولىدۇ. چۈنكى ئۆينىڭ ئورنى دېگەن ئۆينىڭ ئۆزى ئەمەس ئۈستىگە ئۆي سېلىنغان يەردۇر. ئەگەر ئۇ كىشى: (ئۆي ماڭا ياكى پۇكۇنى ئادەمگە تەۋە دېمەستىن) پەقەت ئۆينىڭ زېمىنى ساڭا تەۋە دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۆي زېمىننىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆيمۇ ئۇ ئادەمگە تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇ كىشى: ئۇ يەرگە سېلىنغان ئۆي ئەھمەدكە تەۋە، زېمىن سەمەدگە تەۋە دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئىش ئۇ ئادەمنىڭ دېگىنىدەك بولىدۇ. يەنى ئۆي ئەھمەدكە تەۋە بولىدۇ. زېمىن سەمەدگە تەۋە بولىدۇ.

بىر كىشى، مېنىڭ ئۈستۈمدە پۇكۇنى ئادەمنىڭ ھاراقنىڭ ياكى توڭگۇزنىڭ ياكى قىمارنىڭ ياكى يېپەك رەختنىڭ ياكى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىدىن، ياكى قاننىڭ پۇللىرىدىن قالغان 1000 سوم پۇلى بار ئىدى، دەپ ئىقرار قىلغان بولسا، ئىقرار قىلغان كىشىنىڭ شۇ پۇلنى دەرھال

بېرىشى لازىمدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ: ئۈستۈمدە ھاراقنىڭ . . . پۇللىرىدىن قالغان **1000** سوم پۇلى بار ئىدى، دەپ ئىقرار قىلىشى، بۇرۇن قىلغان ئىقرارىدىن يېنىۋېلىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈستىدىكى پۇلنىڭ (ھاراقنىڭ ياكى توڭگۇزنىڭ ياكى قىمارنىڭ . . . پۇللىرى ئىكەنلىكىنى) بايان قىلىشلىرى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ[1]. ئەگەر پۇلنىڭ ئىگىسى ئۇ پۇلنىڭ ھەقىقەتەن ئىقرار قىلغان كىشىنىڭ دېگىنىدەك ھاراقنىڭ ياكى توڭگۇزنىڭ . . . پۇللىرىدىن قالغان پۇل ئىكەنلىكىنى دېسە، ياكى ئىقرار قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ دېگەن سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ھۆججەت كۆرسەتسە، بۇ ھالدا ئىقرار قىلغان كىشىنىڭ سۆزى توغرا، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ئۇ پۇلنى بېرىش لازىم بولمايدۇ.

بىر كىشى، مېنىڭ ئۈستۈمدە پۈكۈنى ئادەمنىڭ تىگى ھارامدىن ياكى جازانىدىن كەلگەن **1000** سوم پۇلى بار، دەپ ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇ كىشىگە ئۇ پۇلنى بېرىش لازىمدۇر. چۈنكى (ئۇ كىشى ھارام دەپ قارىغان ئىشنى) باشقا بىرسى ھالال، دەپ قارىشى ئېھتىمالدۇر. ئەگەر ئۇ كىشى، مېنىڭ ئۈستۈمدە پۈكۈنى ئادەمنىڭ يالغاندىن ياكى ناھەق يول بىلەن (بارلىقىنى دەۋا قىلغان) پۇلى بار، دەپ ئىقرار قىلغان ۋە ئۇنىڭ <يالغاندىن ياكى ناھەق يول بىلەن (بارلىقىنى دەۋا قىلغان)> دېگەن سۆزىنى پۇل ئىگىسى ئېتىراپ قىلمىغان بولسا، ئىقرار قىلغان كىشىگە ئۇ پۇلنى بېرىش لازىم. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ <يالغاندىن ياكى ناھەق يول بىلەن (بارلىقىنى دەۋا قىلغان)> دېگەن سۆزىنى پۇل ئىگىسى ئېتىراپ قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئىقرار قىلغان كىشىگە ئۇ پۇلنى بېرىش لازىم بولمايدۇ.

بىر كىشى، مەن ماخمۇتقا بۇ ئېتىمنى ئىجارىگە بەردىم، ماخمۇت ئېتىمغا مىندى، ئاندىن ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەردى ياكى مېنىڭ بۇ كېيىمىمنى ئىجارىگە بەردىم، ماخمۇت ئۇنى كەيدى، ئاندىن ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەردى ياكى ئۇنىڭغا

---

**(1)** يەنى ئىسلام دىنىدا ھاراقتا، توڭگۇزغا ۋە قىمارغا ئوخشاش نەرسىلەر ھارام قىلىپ چەكلەنگەن نەرسىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى سېتىش ياكى ئېلىشمۇ ھارامدۇر. شۇڭا مۇسۇلمان بىر ئادەم: مېنىڭ پۈكۈنى ئادەمنىڭ ئۈستىدە ھاراق ساتقان پۇلدىن مۇنچىلىك پۇل بار ئىدى، دەپ ئىسلام مەھكىمىسىگە دەۋا قىلسا، ئۇنىڭ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنمايدۇ. ئەمما بىر ئادەم، مېنىڭ ئۈستۈمدە پۈكۈنى ئادەمنىڭ ھاراقنىڭ ياكى توڭگۇزنىڭ . . . پۇللىرىدىن قالغان **1000** سوم پۇلى بار ئىدى، دەپ ئىقرار قىلغان ۋاقىتتا، ئىقرار قىلغان ئادەمنىڭ شۇ پۇلنى دەرھال بېرىشىنىڭ لازىم بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ ئادەم بۇرۇن ئۈستىدە ھېلىقى ئادەمنىڭ **1000** سوم پۇلىنىڭ بارلىقىغا ئىقرار قىلغان ۋە كېيىن ئۇ پۇلنى بەرمەسلىك ئۈچۈن ئەسلىدە ئۇ پۇلنىڭ ھاراققا ۋە توڭگۇزغا ئوخشاش ئىسلامدا ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنىڭ پۇللىرىدىن قالغان پۇل ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ تۇرغان بولۇشى ئېھتىمالىنىڭ بولۇشىدۇر. بۇ ئېھتىماللىقنىڭ بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ ئۇ پۇل ھاراقنىڭ ياكى توڭگۇزنىڭ پۇللىرىدىن قالغان پۇل ئىدى، دېگەن سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ئۇ پۇلنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ت.

كىيىمنى ئۆتنىگە بېرىپ تۇردۇم، ماخمۇت ماڭا ئۇنى قايتۇرۇپ بەردى ياكى ماخمۇتقا ئۆلتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆيۈمنى بەردىم، ماخمۇت ماڭا ئۆينى قايتۇرۇپ بەردى، ياكى ماخمۇت مېنىڭ بۇ كىيىمنى مۇنچىلىك ئىش ھەققى ئېلىپ تىكىپ بەردى، مەن ئۇنىڭدىن ئۇ كىيىمنى قولۇمغا تاپشۇرۇپ ئالدىم، دېگەن بولسا، ماخمۇت بولسا (ئۇلار ئۇنىڭ ئەمەس) ئەكسىچە مېنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىمدۇر، دەپ دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇ كىشىنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسىلەر ئۇ كىشىنىڭ قولىدىدۇر.

بىر ئادەم بىر كىشىگە: مەن سەندىن ئامانەت سۈپۈتىدە ئالغان 1000 سوم پۇل، مېنىڭ قولۇمدا تۇرۇپ مېنىڭ قەستەنلىكىمسىز يوتۇپ كەتتى، دەپ ئىقرار قىلغان ۋە ئۇ كىشى: سەن ئۇ پۇلنى مەندىن (ئامانەت سۈپۈتىدە ئەمەس) ناھەق ئېلىۋالغان ئىدىڭ، دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ پۇلنى قولىغا ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. بىر نەرسىنى تۆلەپ بېرىشنىڭ سەۋەبى ئۇنى قولىغا ئېلىشتۇر. ئەمما ئۇ ئادەم، سەن ئۇ پۇلنى ماڭا ئامانەتكە بەرگەن ئىدىڭ، دەپ ئىقرار قىلغان ۋە پۇلنىڭ ئىگىسى: ئۇ پۇلنى (مەن ساڭا ئامانەتكەن ئەمەس) ئەكسىچە سەن ناھەق ئېلىۋالغان ئىدىڭ، دېگەن بولسا، بۇ ھالدا (سەن ئۇ پۇلنى ماڭا ئامانەتكە بەرگەن ئىدىڭ، دەپ ئىقرار قىلغان) ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ ۋە ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم پۇلنى تۆلەپ بېرىشنىڭ سەۋەبىگە ئىنكار قىلدى. (يەنى ئۇ ئادەم ئىقرارنى پۇلنى مەن سەندىن ئامانەتكە ئالدىم دەپ قىلماي، سەن پۇلنى ئامانەتكە ماڭا بەرگەن ئىدىڭ، دەپ قىلدى).[1]

## كېسەل ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن كېسىلىدە قىلغان ئىقرارىنىڭ بايانى

كېسەل يېتىۋاتقان ئادەم (مىراسخور ئەمەس) يات بىر كىشىگە ئۆزىنىڭ قەرزى بارلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇ قەرز ئۇ ئادەمنىڭ ھەممە مال - مۈلكىدىن بېرىلىدۇ. چۈنكى بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) شۇنداق دېگەن. لېكىن قەرز ئىگىسىدىن (ئۆزىنىڭ ئۇ ئادەمدە قەرزىنىڭ بارلىقى ياكى يوقلۇقى ھەققىدە) قەسەم ئېچىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 - توم، 460 - بەت.

**ئەگەر كېسەل ئادەم (مىراسخور ئەمەس) يات بىر كىشىگە ئۆزىنىڭ قەرزى بارلىقىنى ئىقرار قىلغان ۋە ئۇنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكى قەرزگە كېتىدىغان ئىش بولىدىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر كېسەل ئادەم ئۆزىنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىرەرسىگە قەرزى بارلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىقرارى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مىراسخورغا ۋەسىيەت ئارقىلىق (مال ـ مۈلۈك) قالدۇرۇپ قويۇۇشقا ۋە قەرزىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلىشقا بولمايدۇ» دېدى.[1] ئەمما باشقا مىراسخورلار ئۇ مىراسخورنىڭ ھەقىقەتەن ئۇ ئادەمگە قەرز پۇلىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.**

**ئىمام بۇخارىنىڭ، الله تائالانىڭ: «(بۇ تەقسىمات) مېيىتنىڭ ۋەسىيىتى ئورۇنلانغان ۋە قەرزى تۆلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلىدۇ[2]» دېگەن ئايىتى ھەققىدە دېگەن سۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ (كېسەل يېتىۋاتقان ئادەم ئۆزلىرىنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىرەرسىگە قەرزى بارلىقىنى ئىقرار قىلسا بولىدۇ) دەيدىغان ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «الله تائالا مەزكۇر ئايەتتە مال ـ مۈلۈكنى مىراسخورلارغا تەقسىم قىلىشتىن بۇرۇن مېيىتنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاشنىڭ ۋە قەرزىنى تۆلەشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. الله تائالا بۇ ئايەتتە قەرز ئىگىسىنىڭ مىراسخور ئادەم بولۇشى بىلەن مىراسخور ئەمەس يات ئادەم بولۇشىنىڭ ئارىسىنى ئايرىمىدى. (يەنى قەرز ئىگىسى كىم بولسا بولسۇن ئۇنىڭ قەرزىنى بېرىش لازىم)، كېسەل ئادەمنىڭ ۋەسىيەت ئارقىلىق مىراسخورغا مال ـ مۈلۈك قالدۇرۇپ قويۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مىراسخورغا ۋەسىيەت ئارقىلىق (مال ـ مۈلۈك) قالدۇرۇپ قويۇۇشقا بولمايدۇ» دېگەن ھەدىسى بىلەن چەكلەنگەن. ئەمما كېسەل ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىررەسىگە ئۆزىنىڭ قەرزى بارلىقىنى ئىقرار قىلىشنى چەكلەيدىغان ھېچبىر دەلىل ـ پاكىت يوق. شۇڭا (كېسەل ئادەم مىراسخورلىرىنىڭ بىررەسىگە ئۆزىنىڭ قەرزى بارلىقىنى ئىقرار قىلسا بولىدۇ. ئۇنىڭ قەرزى مېيىت قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈكلەردىن بېرىلىدۇ)» دېدى.**

(1) بۇ ھەدىسنى دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلدى.

(2) سۈرە نىسا 11 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

<ئىئلائۇسسۇنەن> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئىبنى ھەجەرنىڭ مەزكۇر سۆزىگە قارىتا مۇنداق دېدى: كېسەل ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىرەرسىگە ۋەسىيەت ئارقىلىق مال ـ مۈلۈك قالدۇرۇپ قويۇشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مىراسخورغا ۋەسىيەت ئارقىلىق (مال ـ مۈلۈك) قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ» دېگەن ھەدىسى بىلەن چەكلەنگەن بولسا، كېسەل ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىرەرسىگە قەرزىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلىپ قويۇشمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مىراسخورغا قەرزى بارلىقىنى ئىقرار قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەن ھەدىسى بىلەن چەكلەندى. بۇ ھەدىس ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ قائىدىسى بويىچە ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر. ئەگەر بۇ ھەدىسنى توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتمىگەن ئاجىز ھەدىس، دەپ قارالغان تەقدىردە، بۇ ھەدىسنىڭ ئاجىزلىق تەرىپى ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ بۇ ھەقتىكى سۆزى ۋە ئەڭ كاتتا تابىئىنلارنىڭ بۇ ھەقتە بەرگەن پەتىۋالىرى بىلەن كۈچلىنىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇ ھەدىس توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن قىياس بىلەنمۇ كۈچلىنىدۇ. چۈنكى بىز ئىقرارنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە باشقا بىرسىنىڭ ھەققىنىڭ بارلىقىنى خەۋەر بېرىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئۇنداق ئىكەن ئىقرار ماھىيەت جەھەتتە ۋەسىيەت بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. (شۇڭا كېسەل ئادەمنىڭ مىراسخورىغا خۇددى ۋەسىيەت ئارقىلىق مال ـ مۈلۈك قالدۇرۇپ قويۇشى توغرا بولمىغىنىدەك ئۇنىڭ مىراسخورىغا قەرزى بارلىقىنى ئىقرار قىلىپ قويۇشمۇ توغرا ئەمەس). بۇنى ياخشى چۈشەنمەك لازىم.(1)

ئەگەر كېسەل ئادەم (ئۆزىنىڭ ئۈستىدە بىر ئادەمنىڭ) مۇئەييەن بىر نەرسىسىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇ نەرسە ئۇنىڭ ئىقرار قىلغان بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئەمما كېسەل ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىگە كېسەل بولغاندىن كېيىن ئىگە بولغانلىقى بىلىنسە، بۇ ھالدا كېسەل ئادەمنىڭ قىلغان ئىقرارى ئۇ نەرسىنىڭ ئۈچ قىسمىنىڭ بىر قىسمى بىلەن چەكلىنىپ قالىدۇ. (يەنى كېسەل ئادەم ئىقرار قىلىش ئارقىلىق باشقىلارغا پەقەت ئۇ نەرسىنىڭ ئۈچتىنىڭ بىر قىسمىنى بېرەلەيدۇ). بىر ئادەمنىڭ ساق ۋاقتىدا ئىقرار قىلغان قەرزى ۋە كېسەل ۋاقتىدا توغرا سەۋەب بىلەن بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان مال

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 15 ـ توم، 487 ـ بەت.

- مۈلۈكلەر، ئەگەر ئىقرار قىلىنغان نەرسە ئۇنىڭ قېشىدا ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان نەرسە بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ كېسەل يېتىپ تۇرۇپ ئىقرار قىلغان نەرسىسىدىن بۇرۇن بېرىلىدۇ. (بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر). ئەمما ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر ئادەم قەرز بولسۇن، ياكى باشقا نەرسە بولسۇن، ئۇستىدە باشقىلارنىڭ نەرسىسىنىڭ بارلىقىغا مەيلى ساق ۋاقتىدا ئىقرار قىلسۇن، مەيلى كېسەل يېتىپ تۇرۇپ ئىقرار قىلسۇن، ھەممىسىنىڭ ھۆكمى ئوخشاشتۇر. يەنى بىرىنى يەنە بىرىدىن بۇرۇن بېرىش لازىم بولمايدۇ» دەيدۇ.

توغرا سەۋەبتىن، سەدىقە قىلىش يولى ئارقىلىق بېرىشنى ئۇستىگە ئالغان ئەمەس بەلكى باشقا يول بىلەن بېرىشنى ئۇستىگە ئالغان مال - مۈلۈكلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن: توغرا سەۋەبتىن بىر نەچچە گۇۋاھچىلارنىڭ ئالدىدا تەختۇشۇگە بېرىلگەن تويلۇقنى بېرىپ ئۆيلەنگەنگە، بىر نەچچە گۇۋاھچىلارنىڭ ئالدىدا سودا - سېتىق قىلغانغا ۋە باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇزىۋاتقانغا ئوخشاش يوللاردىن ئىبارەت يوللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى بىر ئادەم كېسەل يېتىۋېتىپ بىر نەچچە گۇۋاھچىنىڭ ئالدىدا بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ياكى باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇزىۋاتقان ۋە ئۇنىڭغا بىر نەچچە ئادەم گۇۋاھچى بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ئالغان ياكى بۇزىۋاتقان نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرىش لازىم. شۇنىڭدەك يەنە كېسەل ئادەم بىر نەچچە گۇۋاھچىنىڭ ئالدىدا بىر ئايالنى، ئۇ ئايالنىڭ تەختۇشۇگە بېرىلىدىغان تويلۇقنى بېرىشنى ۋەدە قىلىپ نىكاھىغا ئالغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇ ئايالنىڭ تويلۇقىنى بېرىش لازىمدۇر. ئەگەر كېسەل يېتىۋاتقان ئۇ ئادەم ئۇ ئايالغا، ئۇنىڭ تەختۇشۇگە بېرىلىدىغان تويلۇقتىن ئارتۇق بېرىشنى دەۋە قىلغان بولسا، ئۇ ئايالغا تەختۇشۇگە بېرىلىدىغان تويلۇقتىن ئارتۇقنى بېرىش ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. يەنى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تەختۇشۇگە بېرىلگەن تويلۇقتىن ئارتۇق تويلۇق بېرىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئايالغا تەختۇشۇگە بېرىلىدىغان تويلۇقتىن ئارتۇق بېرىش ئۆزىنىڭ مىراسخور ئايالىغا ۋەسىيەت قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرى ئۇ ئايالغا ئارتۇق تويلۇق بېرىشنى قوبۇل قىلمىسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئايال بىلەن قىلغان نىكاھى توغرا نىكاھ ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر ئۇستىدىكى قەرز (ئايالغا بېرىدىغان) تويلۇق ۋە ئىجارىگە ئالغان نەرسىنىڭ ئىجارىسى بولغان تەقدىردىمۇ ئۆلۈپ كېتىدىغان كېسەلدە يېتىۋاتقان

كېسەل ئادەمنىڭ بەزى قەرز ئىگىللىرىنىڭ قەرزىنى بېرىپ بەزىللىرىنىڭكىنى بەرمەسلىكى توغرا ئەمەس. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى مەسىلىدە، ئۇ مەسىلىنىڭ ئىگىللىرىنىڭ قەرزىنى باشقا قەرز ئىگىللىرىنىڭكىگە قارىغاندا بۇرۇن بەرسىمۇ بولىدۇ. ئۇ ئىككى مەسىلە تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ كېسەل ئادەم، كېسەل يېتىۋاتقان چاغدا ئالغان قەرز پۇلىنى قەرز ئىگىسىگە (باشقا قەرز ئىگىللىرىگە قارىغاندا بۇرۇن) بەرسىمۇ بولىدۇ.

2 ـ كېسەل يېتىۋاتقان چاغدا شۇ نەرسىنىڭ ئوخشۇشىنىڭ باھاسى بىلەن ئوخشاش باھادا سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ پۇلىنى بەرسە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇستىگە، كېسەل يېتىۋېتىپ ئالغان قەرز پۇللار ۋە كېسەل يېتىۋېتىپ سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ پۇللىرى ئىقرار بىلەن ئەمەس پاكىت بىلەن يۈكلەندى. ئەگەر ئۇ ئادەم كېسەل يېتىۋېتىپ سېتىپ ئالغان نەرسىنىڭ پۇلىنى، ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمگە بېرىۋەتمەي ئۆلۈپ كەتكەن ۋە سېتىپ بېرىلگەن ئۇ نەرسە ساتقان ئادەمنىڭ قولىدا بولمىغان (يەنى ئۇنى كېسەل ئادەم ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ بولغان) بولسا، ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمنىڭ ئەھۋالى مېيىتنىڭ ئىگىللىرىدىن پۇلىنى تەلەپ قىلىشتا باشقا قەرز ئىگىللىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاشتۇر. ئەگەر سېتىپ بېرىلگەن نەرسە تېخى ئۇنى ساتقۇچىنىڭ ئۆيىدە بولغان بولسا، ئۇنى ساتقان ئادەم باشقا قەرز ئىگىللىرىگە قارىغاندا ئۇ نەرسىنى ئېلىشقا ھەقلىقتۇر[1].

كېسەل يېتىۋاتقان بىر ئادەم ئۆلۈپ كېتىدىغان كېسىلىدە: مېنىڭ پەقەت مال ـ مۈلكۈم يوق، دېگەن ئاندىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ مىراسخورلىرى ئۇ ئادەمنىڭ ئايالىنى ۋە قىزىنى ئۇ ئادەمنىڭ ئازراقمۇ مال ـ مۈلكىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلدۇرىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە كېسەل يېتىۋاتقان بىر ئادەم ئۆلۈپ كېتىدىغان كېسىلىدە: مېنىڭ پەقەت مۇشۇ مال ـ مۈلكۈمدىن باشقا ھېچقانداق مال ـ مۈلكۈم يوق، دېگەن ئاندىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مىراسخورلىرى ئۇ ئادەمنىڭ ئايالىنى ۋە قىزىنى قەسەم قىلدۇرىدۇ.

(1) گەرچە ئۇ نەرسە ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتمىسىمۇ، لېكىن سۇدا پۈتۈپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ نەرسە ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. قەرز ئىگىللىرى كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ قەرز پۇللىرى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىپ ماڭغان ۋاقىتتا، ئۇ نەرسىنى سېتىپ بەرگەن لېكىن ئۇ نەرسە تېخى سېتىپ بەرگەن ئادەم قولىدا بار ئادەم، بۇ نەرسىنىڭ پۇلى ئۈچۈن شۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئېلىش باشقا قەرز ئىگىللىرىگە قارىغاندا ھەقلىقتۇر. ت.

كېسەل يېتىۋاتقان بىر ئايال ئۆلۈپ كېتىدىغان كېسىلىدە ئېرىنىڭ ئۈستىدىكى قەرزلىرىدىن كىچىۋاتقان بولسا، ئۇ ئايالنىڭ بۇ ئىشى ئايالنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ رۇخسەت بېرىشىگە قاراشلىقتۇر. (يەنى ئەگەر ئايالنىڭ مىراسخورلىرى ئۇ ئايالنىڭ بۇ ئىشىگە رۇخسەت قىلسا، ئايالنىڭ ئېرى ئۈستىدىكى قەرزدىن قۇتىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئايالنىڭ بۇ ئىشىغا رۇخسەت قىلمىسا، ئايالنىڭ ئېرى ئۈستىدىكى قەرزدىن قۇتۇلالمايدۇ).

كېسەل يېتىۋاتقان بىر ئادەم ئۆز ئۈستىدە بىر كىشىنىڭ قەرز پۇلىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان، ئۇ ئادەم يەنە مەيلى يۇقىرىدىكى ئىقرارىنىڭ ئارقىسىدىنلا قىلسۇن، مەيلى بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن قىلسۇن، ئۈستىدە باشقا بىر كىشىنىڭ قەرز پۇلىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ئىككى قەرز ئىگىسى ئۇ ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈكتىن ئۆزلىرىنىڭ نېسىۋىلىرىنى ئالىدۇ.

كېسەل يېتىۋاتقان بىر ئادەم دەسلەپ ئۈستىدە بىر كىشىنىڭ قەرز پۇلىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان، كېيىن قېشىدا بىر كىشىنىڭ ئامانەتكە قويۇپ قويغان نەرسىسىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ قەرز ئىگىسى بىلەن ئامانەتنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈكتىن ئۆزلىرىنىڭ نېسىۋىلىرىنى ئالىدۇ. ئەمما كېسەل يېتىۋاتقان ئادەم دەسلەپ قېشىدا بىر كىشىنىڭ ئامانەتكە قويۇپ قويغان نەرسىسىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان، ئاندىن ئۈستىدە بىر كىشىنىڭ قەرز پۇلىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئامانەت ئىگىسى ئۇ ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈكنى ئېلىشقا (قەرز ئىگىسىگە قارىغاندا) ھەقلىقتۇر. چۈنكى كېسەل ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قېشىدا بىر كىشىنىڭ ئامانەتكە قويۇپ قويغان نەرسىسىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلىشى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىكى مال ـ مۈلۈكنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە تەۋە مال ـ مۈلۈك ئەمەسلىكى بىلىنىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز ئۈستىدە باشقا بىر كىشىنىڭ قەرز پۇلىنىڭ بارلىقىغا قىلغان ئىقرارى ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىگە تەۋە ئەمەس مال ـ مۈلۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

كېسەل يېتىۋاتقان قەرزدارنىڭ ئۆزىگە قەرزگە كىرىپ قالغان (مىراسخورلىرىدىن ئەمەس) يات بىر قەرزداردىن قەرزىنى كەچۈرۈۋېتىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇ قەرزدار ئۇ كېسەلنىڭ مىراسخورلىرىدىن بولسا، كېسەل مەيلى

قەرزدار بولسۇن، مەيلى قەرزدار بولمىسۇن، كېسەل ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىدىن بولغان قەرزداردىن قەرزنى كەچۈرۈۋېتىشى ئەسلا توغرا ئەمەس. چۈنكى (ئۇنىڭغا بەزى مىراسخورلىرىغا يان باستى)، دەپ تۆھمەت چاپلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ كېسەلنىڭ مىراسخورلىرىدىن بولغان قەرزداردىن قەرز پۇلىنى ئېلىپ باشقا بىرسىگە هاۋالە قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئىقرار قىلىشىمۇ توغرا ئەمەس.

كېسەل يېتىۋاتقان بىر ئادەم ئۆزىنىڭ (مەسىلەن) ئايالى هىندىنىڭ ئۈستىدە ئالىدىغان هېچقانداق هەققىنىڭ يوقلۇقىغا ۋە هىندىنىڭ ئۈستىدىكى ئۆزىنىڭ پۈتۈن قەرزلىرىدىن كېچىۋاتقانلىقىغا ئىقرار قىلغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئايالى هىندىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر نەچچە مىراسخورلىرىنى ئارقىسىدا قويۇپ ئۆلۈپ كەتكەن، هىندىنىڭ قول ئاستىدا ئۇ ئادەمگە تەۋە نۇرغۇنلىغان نەرسە ـ كېرەكلەر ۋە ئۇنىڭ بويىنىدا ئۇ ئادەمنىڭ قەرز پۇللىرى بار بولغان بولسا، بۇ هالدا ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ باشقا مىراسخورلىرى ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىقرارىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىقرارى توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. (يەنى ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرى هىندىنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇ ئادەمگە تەۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنى ۋە ئۇ ئادەمنىڭ هىندىنىڭ بويىنىدىكى قەرز پۇللىرىنى تەقسىم قىلىشىدۇ).

كۈنۈمىزدە (كېسەل يېتىپ تۇرۇپ پۈكۈنىنىڭ ئۇنداق نەرسىسى بار، ئىدى ۋە پالانىنىڭ مۇنداق نەرسىسى بار، ئىدى دەپ) ئىقرار قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپ قىسمى مىراسخورلىرىنى مىراستىن مەهرۇم قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنى ئۇلاردىن كۆرۈلگەن ناهايىتى ئوچۇق پاكىتقا يېقىن هال ـ ئەهۋاللار ۋە ئالامەتلەر كۆرسىتىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇڭا هەتتا ئىقرار مىراسخولارنى مىراستىن مەهرۇم قىلىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان بىر هېلىگە ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئەگەر كېسەل يېتىپ تۇرۇپ شۇنداق ئىقرار قىلغان ئادەمنىڭ مىراسخورلىرى: ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىقرارى يالغاندۇر، دەپ دەۋا قىلسا، ئۇلارنىڭ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنىدۇ. ئەگەر مىراسخورلار (كېسەل ئادەم ئۆزىنىڭ پۇلىنىڭ يوقلۇقىنى دەپ ئىقرار قىلغان) قەرزدارنىڭ ئۈستىدە كېسەل ئادەمنىڭ پۇلىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان هۆججەت ـ پاكىت كۆرسەتسە، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن هۆججەت ـ پاكىتلىرى قوبۇل قىلىنىدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 4 ـ توم، 463 ـ بەت.

مىراسخورلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ ئۈستىدە قەرزگە بەرگەن پۇلى بار كېسەل يېتىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈمىغا: مەن سېنىڭ ئۈستۈڭدىكى قەرزگە بەرگەن پۇلۇمنى ئۆتىۋەتتىم، دەپ ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئىقرارى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر كېسەل كىشى ئۇ ئادەمگە: سېنىڭ ئۈستۈڭدە ماڭا تەۋە ھېچقانداق نەرسە قالمىدى، دەپ ئىقرار قىلغان، ئاندىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئىقرارى (الله تائالا بىلەن كېسەل ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىدا توغرا دەپ) ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەمما ئۇ ئىقرار ئۆلۈپ كەتكەن ئۇ ئادەمنىڭ ھېلىقى قەرزدارنىڭ ئۈستىدە قەرزىنىڭ يوقلۇقىغا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن توغرا، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر باشقا بىر مىراسخور: <كېسەل كىشى ئۇ ئادەمگە: سېنىڭ ئۈستۈڭدە ماڭا تەۋە ھېچقانداق نەرسە قالمىدى> دەپ يالغان ئىقرار قىلدى، دەپ دەۋا قىلسا، قەرزداردىن كېسەل ئادەمنىڭ يالغان ئىقرار قىلمىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

كېسەل يېتىۋاتقان بىر قىز: مېنىڭ قولۇمدىكى پۈكۈنى نەرسە دادامنىڭ ياكى ئانامنىڭ نەرسىسى ئىدى، ئۇ نەرسىدە مېنىڭ ھېچقانداق ھەققىم يوق ياكى مەن ئۇ نەرسىنى ئۆتنىگە ئېلىپ تۇرغان نەرسە ئىدى، دەپ ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئىقرارى توغرا ئىقرار دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ قىزنىڭ بىر نەرسىنى ئۆزىنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىش (ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن) ئۇ نەرسىنىڭ ئۇنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ مۈلكى بولىدىغانلىقىنى ئىقرار قىلىش دېمەكتۇر. بىر نەرسىنىڭ بىر ئادەمنىڭ مۈلكى ئىكەنلىكى ئۈچۈن كۆرستىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى پاكىت ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا بولۇشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر ھېلىقى قىز: پۈكۈنى نەرسە دادامنىڭ ياكى ئانامنىڭ نەرسىسى ئىدى، دەپ ئىقرار قىلغان ۋە ئۇ نەرسە ھەقىقەتتە ئۇ قىزنىڭ دادىسىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ قولىدا تۇرۇدىغان نەرسە بولسا، بۇ ھالدا ئۇ قىزنىڭ قىلغان ئىقرارىنىڭ توغرا بولۇشىدا شەك يوق بولغان بولاتتى.

كېسەلنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىرەرسى ھەققىدە قىلغان ئىقرارىنى، ئەگەر باشقا مىراسخورلار كېسەل ئۇ ئادەم ھايات چېغىدا توغرا، دەپ قوبۇل قىلغان بولسا، مىراسخورلارنىڭ ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ ئىقرارىنى توغرا دەپ تەستىقلاشقا ئېھتىياج يوقتۇر.

ئۆلۈپ كېتىدىغان كېسىلدە يېتىۋاتقان ئادەمنىڭ، مىراسخورىنىڭ ئۈستىدىكى قەرز پۇلنى مىراسخورىنىڭ ئۆزىدىن ياكى مىراسخورىغا كېپىل

بولغان ئادەمدىن ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارى توغرا ئىقرار، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. بۇ ھەقتە ئەسلى قائىدە بولسا تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر:

ئەگەر كېسەل ئادەم باشقىلارغا قەرزدار بولسىمۇ، ئۇ ئادەم (مىراسخورى ئەمەس) يات بىر قەرزداردىن، بۇ قەرزدار كېسەل ئادەمگە ئۇ ئادەم ساق ۋاقتىدا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان پۇلنى ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىقرارى توغرا ئىقرار، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. قەرزداردىن ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان ئۇ پۇل مەيلى ساتقان نەرسىنىڭ پۇلىغا ئوخشاش بىرەر نەرسىنىڭ بەدىلىگە كەلگەن پۇل بولسۇن، مەيلى قەستەن ئۆلتۈرۈلۈپ كەتكەن بىرەر ئۇرۇق ـ تۇغقىنىنىڭ قان بەدىلىگە تۆلەنگەن دىيەتكە ياكى (ئايال كىشىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن بېرىلگەن) نەرسە ـ كېرەكلەرگە ئوخشاش بىرەر نەرسىنىڭ بەدىلىگە كەلمىگەن پۇل بولسۇن، كېسەل ئادەمنىڭ: مەن ئۇنىڭدىن پۇلۇمنى ئالدىم، دەپ قىلغان ئىقرارى توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئەگەر كېسەل ئادەمنىڭ قەرزداردىن ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان پۇلى، قەرزدارنىڭ كېسەل ئادەمگە، ئۇ ئادەم ساق ۋاقتىدا ئەمەس كېسەل يېتىۋاتقان ۋاقتىدا بېرىشكە تېگىشلىك بولۇپ قالغان پۇل بولغان ۋە كېسەل ئادەمنىڭ ئۈستىدە توغرا سەۋەب بىلەن ئالغان ياكى بىر نەچچە ئادەمنىڭ گۇۋاھچىلىقى ئاستىدا ئالغان باشقىلارنىڭ قەرزلىرى بولغان بولسا، بۇ ھالدا كېسەل ئادەمنىڭ يات بىر قەرزداردىن ساتقان نەرسىنىڭ پۇلىغا ئوخشاش بىرەر نەرسىنىڭ بەدىلىگە كەلگەن پۇلنى ئالغانلىقى ھەققىدە قىلغان ئىقرارى، (ئۇنىڭ مىراسخورلىرى ئالدىدا ئېتىبارغا ئېلىنسىمۇ، لېكىن) كېسەل ئادەم ساق ۋاقتىدا قەرز ئالغان قەرز ئىگىللىرىنىڭ ئالدىدا ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ[1]. ئەمما ئۇنىڭ ئۇ قەرزداردىن قەستەن ئۆلتۈرۈلۈپ كەتكەن بىرەر ئۇرۇق ـ تۇغقىنىنىڭ قان بەدىلىگە تۆلەنگەن دىيەتكە ياكى (ئايال كىشىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن بېرىلگەن) نەرسە ـ كېرەكلەرگە ئوخشاش بىرەر نەرسىنىڭ بەدىلىگە كەلمىگەن پۇلنى ئالغانلىقى ھەققىدە قىلغان ئىقرارى ھەممە ئادەمنىڭ ئالدىدا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

كېسەل يېتىۋاتقان بىر ئادەم بىر نەرسىنى، ئۇنىڭ باھاسىدىن ئارتۇق باھا بىلەن ساتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ پۇلىنى ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلسا، ئۇنىڭ

(1) شۇڭا ئۇ ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈكتىن دەسلەپ ئۇ قەرز ئىگىللىرىنىڭ قەرزلىرى بېرىلىدۇ. ت.

ئىقرارىغا قۇلاق سېلىنمايدۇ. بۇ هالدا ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە: ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى قايتا بەرگىن، ياكى سودىنى بۇزغىن، دەپ دېيىلىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام مۇهەممەد: «ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم پۇلنى ئۇ نەرسىنىڭ ئەسلىدىكى باهاسى بويىچە بېرىدۇ ياكى سودا ـ سېتىقنى بۇزىدۇ» دەيدۇ.

يېغىپ ئېيتقاندا: بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىرەرسى ئۈچۈن قىلغان ئۈچ خىل ئىقرارىدىن باشقا ئىقرارلار توختۇتۇپ قويۇلىدۇ. ئۇ ئۈچ خىل ئىقرار بولسا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ ئۇ ئادەمنىڭ، ئۆزىنىڭ قېشىدا بىرەر مىراسخورىنىڭ ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان نەرسىلىرىنىڭ بارلىقىغا قىلغان ئىقرارى.

2 ـ بىر ئادەمنىڭ، دادامنىڭ ياكى ئانامنىڭ ئۈستىدە ماڭا تەۋە هېچقانداق نەرسە يوق، دەپ قىلغان ئىقرارى.

3 ـ بىر ئادەمنىڭ، بۇ نەرسە بولسا دادامنىڭ ياكى ئانامنىڭ نەرسىسى ئىدى. مەن ئۇنى ئۆتنىگە ئېلىپ تۇرغان ئىدىم، دەپ قىلغان ئىقرارى.

بۇ ئۈچ خىل ئىقرارنىڭ توختۇتۇپ قويۇلماسلىقى ئۈچۈن ئىقرار قىلغان ئادەمدىن، ئۇنىڭ (مىراسخورغا يان باسقانلىقىنى) ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىرەر ئالامەت ۋە هېلە كۆرۈلمىگەن بولۇشى لازىم.

بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىر ئايال ئېرىگە زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئوغلىغا ياكى قېرىندىشىغا قەرزدار ئىكەنلىكىگە بىر نەچچە ئادەمنى گۇۋاهچى قىلىپ چاقىرىپ كەلگەن، ياكى بىر ئادەم باشقا بالىلىرىغا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ (بالىلىرىنىڭ ئىچىدىن) بىر بالىسىغا قەرزدار ئىكەنلىكىگە بىر نەچچە ئادەمنى گۇۋاهچى قىلىپ چاقىرىپ كەلگەن ۋە ئۇ ئادەملەر بۇنىڭ هەقىقىتىنى بىلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ هەقتە گۇۋاهلىق بەرمەسلىكى لازىم. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر قازىنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بولسا، قازىنىڭمۇ بۇ هەقتە هۆكۈم چىقارماسلىقى لازىم.[1]

كېسەل ياتقان ئادەمنىڭ قىلغان پۈتۈن تەسەررۇپلىرى كۈچكە ئىگە. ئۇنىڭ تەسەررۇپلىرى پەقەت ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن كۈچكە

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 4 ـ توم، 464 ـ بەت.

ئىگە بولمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ بىر مېيىتنىڭ مىراسخورى ھېسابلىنىشى، ئۇ ئادەمنىڭ مېيىت كېسەل ھالىتىدە يېتىۋېتىپ بىر نەرسىنى ئىقرار قىلغان ۋاقتىدا ئەمەس بەلكى مېيىت ئۆلۈپ كەتكەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ ئىچىدىن سانىلىشى بىلەن بولىدۇ. شۇڭا بىر ئادەم مەسىلەن قېرىندىشىنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر نەرسىسىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان، ئاندىن ئۇ ئادەمنىڭ بىر ئوغلى بولغان (يەنى ئايالى بىر ئوغۇل توغقان) بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ قېرىندىشى ئۈچۈن قىلغان ئىقرارى توغرا ئىقرار، دەپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ قېرىندىشى (گەرچە ئۇ ئادەم ئۈستىدە ئۇنىڭ بىر نەرسىسىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان ۋاقتىدا، ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورى ھېسابلانسىمۇ، لېكىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ بىر ئوغلى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ قالغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ قېرىندىشى) ئۇنىڭ مىراسخورى ھېسابلانمايدۇ. (ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىقرارى ئۆزىنىڭ مىراسخورىغا قىلغان ئىقرار ھېسابلانمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارى توغرا ئىقرار، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ). شۇنىڭدەك يەنە مېيىت ئۆزىنىڭ ئۈستىدە بىر نەرسىسىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان ئادەم ئۆيلەنگەنگە ئوخشاش يېقىن بىر سەۋەب بىلەن مېيىتنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ ئىچىگە كىرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ مېيىتنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن قىلغان ئىقرارى توغرا ئىقرار، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ[1]. شۇڭا بىر ئادەم ئۈستىدە يات بىر ئايالنىڭ پۇلىنىڭ بارلىقىغا ئىقرار قىلغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ ئايال بىلەن ئۆيلەنگەن بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارى توغرا ئىقرار، دەپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بۇ ئىقرارغا بىر ئادەمنىڭ كاپىر بولغانلىق سەۋەبى بىلەن مىراستىن مەھرۇم قىلىنغان قېرىندىشى، ياكى ئوغلى ئۈچۈن قىلغان ئىقرارى ئوخشىمايدۇ. بىر ئادەم ئۈستىدە، كاپىر بولغانلىق سەۋەبى بىلەن ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ئوغلى ھايات بولغانلىق سەۋەبى بىلەن مىراستىن مەھرۇم قىلىنغان قېرىندىشىنىڭ پۇلىنىڭ بارلىقىغا ئىقرار قىلغان، ئاندىن قېرىندىشىنىڭ ئىسلامغا كىرىشى ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئۈستىدىكى مىراستىن مەھرۇملۇق چەكلىمىسى كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ ئۇ قېرىنداش ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ

(1) مەسىلەن: كېسەل يېتىۋاتقان بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئۈستىدە بىر ئايالنىڭ پۇلىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ ئايال بىلەن ئۆيلەنگەن سەۋەب بىلەن ئايال ئۇ ئادەم ئۆلگەن ۋاقتىدا، ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ قاتارىغا كىرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئايال ھەققىدە قىلغان ئىقرارى كۈچكە ئىگە. ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ مىراسخورىغا ئىقرار قىلغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئايالنىڭ ئۇنىڭ مىراسخورىنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىشى يېڭى بىر سەۋەب بىلەن بولغاندۇر. ت.

قاتارىغا كىرگەن بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز قېرىندىشى ئۈچۈن قىلغان ئىقرارى توغرا ئىقرار، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ قېرىنداشنىڭ كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىشى يېڭى بىر سەۋەب بىلەن ئەمەس بۇرۇنقى كونا سەۋەب بىلەندۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ئىقرارغا يەنە بىر ئادەم كېسەل ۋاقتىدا بىر ئايالغا سوۋغا ـ سالام بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا (ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مال ـ مۈلۈك بېرىشكە) ۋەسىيەت قىلغان، ئاندىن ئۇ ئايال بىلەن توي قىلغان ئىشنىڭ ئەھۋالىمۇ ئوخشمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم كېسەل يېتىۋېتىپ بىر ئايالغا سوۋغا ـ سالام بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا (ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مال ـ مۈلۈك بېرىشكە) ۋەسىيەت قىلغان، ئاندىن ئۇ ئايال بىلەن ئۆيلەنگەن بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئايالغا مال ـ مۈلۈك بېرىش ھەققىدە قىلغان ۋەسىيىتى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئايال ئۆزى ئۈچۈن ۋەسىيەت قىلىنغان مال ـ مۈلۈككە ۋەسىيەت قىلغۇچى ئادەم ئۆلۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئىگە بولىدۇ. بۇ هالدا ئۇ ئايال ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. (شۇڭا ئۇ ئايال ئۈچۈن قىلىنغان ۋەسىيەت توغرا، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ئۆز مىراسخورىغا ۋەسىيەت قىلىشى توغرا ئەمەس).

بىر ئادەم كېسەل يېتىۋېتىپ تۇرۇپ ئۈچ تالاق قىلىۋاتقان ئايالىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە قەرز پۇلىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇ ئايالغا بېرىلىدىغان پۇل (ئەسلىدە ئۇ ئايالغا تېگىدىغان) مىراسنىڭ مىقدارىدىن ۋە ئۇ ئادەم (مۇنچىلىك پۇلى، بار دەپ) ئىقرار قىلغان مىقداردىن ئاز بولىدۇ. ئۇ ئايالغا بۇ پۇل مىراس يولى بىلەن ئەمەس ئىقرار يولى بىلەن بېرىلىدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ ئىددىتى تېخى چىقىپ بولمىغان ۋە ئۇ ئايال ئېرىدىن تالىقىنى ئۆزى سوراپ ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئايالنىڭ ئىددىتى چىقىپ كېتىپ بولغان بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەمگە، ئۇ ئادەم ئۇ ئايالغا يان باستى، دەپ بىرەر تۆھمەت چاپلاشنىڭ ئېھتىمالى قالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەم قانچىلىق پۇلغا ئىقرار بولغان بولسا، ئۇ ئايالغا شۇ پۇل بېرىلىدۇ. ئەگەر ئەر ئۇ ئايالنى (ئۇ ئايال ئەردىن تالىقىنى سورىمىسىمۇ) تالاق قىلىۋاتقان بولسا، ئۇ ئايال ئەردىن مىراس ئۈچۈن ئۇ ئايالغا تەقسىم قىلىنىدىغان پۇل قانچىلىق دەرىجىدە بولسا بولسۇن، ئۇ پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ ۋە بۇ هالدا ئەرنىڭ ئۇ ئايال ئۈچۈن قىلغان ئىقرارى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئايال ئۇ

ئەرنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى ئەرنىڭ (ئايال ئۆنىڭدىن تالىقنى سورىمىسىمۇ ئەرنىڭ ئۇنى تالاق قىلىۋېتىشى) ئۇنىڭغا مىراس بېرىشتىن قېچىشنى مەقسەت قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. (بۇ ھالدا ئۇنىڭ مەقسىتىگە قارشى ھالدا ئۇ ئايالغا مىراس بېرىلىدۇ).[1]

بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ قېرىندىشى، تاغىسى، چوڭ دادىسى ۋە نەۋرىسى ئىكەنلىكىگە ئوخشاش ئۇ كىشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا بىر تۇغقانچىلىقنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئىقرارى پەقەت ئىقرار قىلغۇچى ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا چەكلىنىپ قالىدۇ ۋە ئۇ كىشىنى ئىقرارنىڭ ئىچىگە قاتالمايدۇ[2]. لېكىن ئىقرار قىلغان ئادەم ئەگەر ئىقرار قىلىش بىلەن بىرگە ئۇ كىشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا تۇغقانچىلىقنىڭ بارلىقىغا بىرەر پاكىت كۆرسەتسە، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئىقرارى ئۇ كىشى ھەققىدىمۇ كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئۇ ئىقرار ئىقرار قىلغۇچى ئادەمنىڭ ئۆزى ئۈچۈن كۈچكە ئىگە. شۇڭا بىر كىشىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مەسىلەن بۇ مېنىڭ قېرىندىشىم، دەپ ئىقرار قىلغان ئادەمگە، ئەگەر ئۇ كىشىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قېرىندىشى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنىڭ تەمىناتىنى بېرىشى ۋە ئۇ كىشىگە ئىگىدارچىلىق قىلىشى لازىمدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ كىشى ئەگەر ئىقرار قىلغان ئادەمنىڭ مەيلى يېقىن بولسۇن، مەيلى يىراق بولسۇن، ھېچبىر مىراسخورى بولمىسا، ئۇ ئادەمدىن مىراس ئالىدۇ. ئەگەر ئىقرار قىلغان ئادەمدىن مىراس ئالىدىغان بىرەر كىشى بولۇپ قالسا، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمدىن مىراس ئالالمايدۇ. چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم بىلەن قېرىنداش ئىكەنلىكى ئېنىق ئىسپاتلانمىدى. شۇڭا ئۇ كىشى مىراسنى ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلۇقى ئېنىق بولغان ئادەم بىلەن تالىشالمايدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ يىراق بولسىمۇ مىراسخورى مىراس ئېلىشقا ئۇ كىشىگە قارىغاندا بەك ھەقلىقتۇر. شۇڭا بىر ئادەم بىر كىشىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم، دەپ ئىقرار قىلغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۇ ئادەمنىڭ (يىراق مىراسخورلىرىدىن بولغان) دادا تەرەپىدىن ياكى ئانا تەرەپىدىن بىر ھامما ئاچىسى ھايات بولغان بولسا،

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 ـ توم، 465 ـ بەت.

(2) يەنى سەمەد ماخمۇتنىڭ ئۆزىنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلغان بولسا، سەمەد ماخمۇتنىڭ چوڭ دادىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا سەمەدگە ماخمۇتنىڭ تەمىناتىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەمما ماخمۇت سەمەدنىڭ نەۋرىسى ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ماخمۇتنىڭ سەمەدنى بۇ مېنىڭ چوڭ دادام ئىكەن، دەپ بېقىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى ئىقرار پەقەت ئىقرار قىلغۇچى ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا چەكلىنىپ قالىدىغان پاكىتتۇر. ت.

ئۇ ئادەمنىڭ مىراسى ئۇ كىشىگە ئەمەس ئۇ ئادەمنىڭ هامما ئاچىسىغا بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ قېرىندىشى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىسپاتلانمىدى.

دادىسى ئۆلۈپ قالغان بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ قېرىندىشى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلسا، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ دادىسىدىن ئۇ ئادەمگە تەقسىم بولغان مىراسنىڭ يېرىمىگە شېرىك بولىدۇ. لېكىن بۇ ئىقرار بىلەن ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىقى ئىسپاتلانمايدۇ. چۈنكى ئىقرار بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك پەقەت ئىقرار قىلغۇچى ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا چەكلىنىپ قالىدىغان پاكىتتۇر.

س: بىر ئادەم بىر بالىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن قېرىندىشىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارى توغرا ئىقرار، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنامدۇ؟

ج: بۇ سۇئالغا بېرىلىدىغان جاۋابنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىدەكتۇر: ئۆلۈپ كەتكەن قېرىندىشىدىن مىراس ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان بىر ئادەم بىر بالىنىڭ قېرىندىشىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇ بالا ئۆلۈپ كەتكەن ئۇ ئادەمنىڭ بالىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئۇ بالا ئۆلۈپ كەتكەن ئۇ ئادەمدىن مىراس ئالالمايدۇ. چۈنكى ئۇ بالا ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن ئۇ ئادەمدىن مىراس ئالىدىغان مىراسخور بولسا، ئۇ بالا (ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان) ھېلىقى ئادەمنى مىراستىن مەھرۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ مىراس ئېلىشقا تېگىشلىك مىراسخورلىرىدىن بولالمايدۇ. شۇڭا ھەتتا ئۇ بالىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ ئىقرار قىلغان ئادەمنى مىراستىن مەھرۇم قىلمىسۇن، دەپ ئۇ ئادەمنىڭ ئىقرارى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ بالىنىڭ مىراسخورلۇقىنى ئىسپاتلاش ئىقرار قىلغان ئادەمنى مىراستىن مەھرۇم قويىدۇ. مىراسخورلۇقى ئېنىق بولغان ئىقرار قىلغۇچىنى مىراسخورلۇقتىن مەھرۇم قىلىدىغان ھەر قانداق ئىش تۈپتىن قوبۇل قىلىنمايدۇ. (بۇ شەرئىەتنىڭ قانۇنىنىڭ كۆز قارىشىدۇر)، لېكىن ئىقرار قىلغان ئادەم ئەگەر ئۇ بالىنىڭ ھەقىقەتەن ئۆلۈپ كەتكەن قېرىندىشىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن قېرىندىشىدىن ئالغان مىراسلارنى ئۇ بالىغا بېرىشى لازىم.

بىر كىشىنىڭ ئۈستىدە **100** سوم قەرز پۇلى بار، بىر ئادەم ئارقىسىدا ئىككى ئوغۇلنى تاشلاپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتكەن، ئىككى ئوغۇلنىڭ بىرى دادىسىنىڭ ئۇ كىشىدىن **50** سوم پۇل ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئىقرار قىلغۇچىغا ئۇ **100** سوم قەرزدىن بىر نەرسە تەگمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىقرار قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۇ قەرزدىكى نېسىۋىسى تۈگەيدۇ. يەنە بىر ئوغۇلنى دادىسىنىڭ ئۇ كىشىدىن **50** سوم پۇل ئالغانلىقىدىن ئۆزىنىڭ خەۋىرىنىڭ يوقلىقى ھەققىدە قەسەم قىلدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا **50** سوم پۇل بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئوغۇل قەسەم ئىچىشتىن باش تارتسا، ئۇ **50** سوم پۇلغا يەنە بىر ئوغۇلمۇ شېرىك بولىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە **100** سوم قەرز پۇلى بار بىر كىشى ئارقىسىدا ئىككى ئوغۇلنى تاشلاپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتكەن، ئىككى ئوغۇلنىڭ بىرى دادىسىنىڭ ئۇ ئادەمدىن پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان، يەنە بىر ئوغۇل بۇ ئىقرارغا ئىنكار قىلغان بولسا، ئىنكار قىلغان ئوغۇل دادىسىنىڭ پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئادەمدىن ئالغانلىقىنى ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئوغۇل قەسەم قىلىشتىن باش تارتسا، قەرزدار قەرزدىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئوغۇل قەسەم قىلسا، ئۇنىڭغا **50** سوم پۇل بېرىلىدۇ. لېكىن بۇ مەسىلىدە ئۇ ئوغۇل قەسەمنى ئۆزىنىڭ ھەققى ئۈچۈن قىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئوغۇل ئىلگىرىدىكى مەسىلىدە قەسەمنى ئۆزىنىڭ ھەققى ئۈچۈن قىلمايتتى. (يەنى ئۇ ئوغۇل قەسەم قىلمىسىمۇ ئۇنىڭغا **50** سوم پۇلدىن بىر نەرسە تىگەتتى). چۈنكى ئۇنىڭ ھەققى ئۇنىڭ (دادام قەرزداردىن **50** سوم پۇل ئالغان، دەپ ئىقرار قىلغان) قېرىندىشى تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ئىدى. (يەنى ئۇ، دادىسىنىڭ پەقەت **50** سوم پۇلنى ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. ئۇنداق بولغان ئىكەن قەرزدارنىڭ ئۈستىدە **50** سوم پۇلنىڭ بارلىقى ئۇ ئوغۇل تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان بولىدۇ). شۇڭا (قەرزدارنىڭ ئۈستىدە پۇلنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ) ئۇنىڭ قەسەم قىلىشىغا ئېھتىياج يوق. ئەمما ئىككىنچى مەسىلىدە ئوغۇلنىڭ بىرى، دادىسىنىڭ پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ بولغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. يەنە بىر ئوغۇلنىڭ ئۇ پۇلنىڭ يېرىمىنى ئېلىش ئۈچۈن قەسەم قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئوغۇل ئەگەر قەسەم قىلمىسا، ئۇنىڭغا ھېچنەرسە تەگمەيدۇ. شۇڭا ئۇ قەسەم قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 467 ـ بەت.

# خىلمۇ خىل مەسىلىلەر

● بىر ئايال، ئۆزىنىڭ ئۈستىدە بىر ئادەمنىڭ قەرز پۇلىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان، ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۇ ئايالنىڭ قىلغان ئىقرارىنى ئىنكار قىلغان بولسا، ئۇ ئايالنىڭ قىلغان ئىقرارى ئۇنىڭ ئېرىگە تەۋە ھەق ـ ھوقۇقتىمۇ توغرا، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قەرز ئىگىسىنىڭ ئەگەر ئايالنىڭ ئېرى زەرەر كۆرسىمۇ (ئايال پۇلنى بەرمىسە) ئايالنى تۈرمىگە تاشلاتقۇزۇش ھەققى بار. بىز يۇقىرىدا ئىقرار، باشقا ئادەمگە ئەمەس پەقەت ئىقرار قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگىلا چەكلىنىپ قالىدىغان بىر پاكىتتۇر، دەپ بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئىقرار بىر نەچچە مەسىلىدىن باشقا مەسىلىلەردە ئىقرار قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگىلا چەكلىنىپ قالىدىغان پاكىتتۇر. يەنى بىر نەچچە مەسىلىلەردە ئىقرار قىلغانلىقىنىڭ زىيىنى باشقا ئادەمگىمۇ يېتىپ قالىدۇ. ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ باشقا بىرسىگە قەرزدار ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان، ئەگەر ئۇ ئايال پۇلنى تۆلەپ بېرەلمىسە، ئايالنىڭ ئېرى زەرەر كۆرسىمۇ قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ ئايالنى تۈرمىگە تاشلاتقۇزۇش مەسىلىسى مەزكۇر مەسىلىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا، ئۇ ئايالنىڭ ئىقرارى ئايالنىڭ ئېرىگە تەۋە ھەق ـ ھوقۇقلاردا توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇڭا (ئايال تۈرمىگە تاشلانسا، ئەر زەرەر كۆرۈدىغانلىقى ئۈچۈن) ئايال تۈرمىگە تاشلانمايدۇ ۋە ئۇنى تۈرمىگە تاشلاش لازىم بولمايدۇ.

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەقتە بېرىلىدىغان پەتىۋادا ۋە چىقىرىلىدىغان ھۆكۈمدە ئۇ ئىككى ئىمامنىڭ سۆزىگە تايىنىش لازىم. چۈنكى كۆپۈنچە ۋاقىتتا، ئايالنىڭ دادىسى ئۇ ئايالنى (ئۈستىدىكى قەرزنى بىرەلمىدى، دېگەن باھانە بىلەن) قېشىدا تۇتۇۋېلىپ ئېرىنىڭ ئۇ ئايال بىلەن بىر يەردە بولۇشىغا توسالغۇ بولۇش ئۈچۈن ئۇ ئايالغا: مېنىڭ دادامغا ياكى بەزى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمغا قەرزىم بار ئىدى، دەپ ئىقرار قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. مەن قازىيلىق قىلغان ۋاقتىمدا بۇنداق ئىشلارغا بىر نەچچە قېتىم دۇچ كەلگەن ئىدىم. (شۇڭا ئۇ ئىككى ئىمامنىڭ دېگىنىدەك ئەگەر ئايال ئۈستىدە باشقىلارنىڭ قەرزىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلىپ ئۇنى

بېرەلمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى تۈرمىگە سۇلاتتۇرۇۋېتىشقا بولمايدۇ).»[1]

● بىر نەرسىسىنى ئىجارىگە قويۇپ جان ساقلايدىغان ئادەم، ئۈستىدە بىر كىشىنىڭ قەرزىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان ۋە ئۇ ئادەم ئىجارىگە قويغان شۇ نەرسىسىنى ساتمىسا قەرز پۇلنى بېرەلمەيدىغان ھالەتتە بولغان بولسا، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە ئالغۇچى زەرەر كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىشى لازىم.

● دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغان بىر ئايال ئۆزىنىڭ، ئېرىنىڭ دادىسىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى (يەنى ئۆزىنىڭ، ئېرىنىڭ ھەمشىرىسى ئىكەنلىكىنى) ئىقرار قىلغان ۋە ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ دادىسى ئۇ ئايالنىڭ قىلغان ئىقرارىنى تەستىقلىغان بولسا، ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھ بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ.

● قېرىندىشى بار بىر ئادەم، بىر بالىنى بۇ بالا مېنىڭ سېتىۋاتقان چۆرەمدىن بولغان بالا، دەپ دەۋا قىلغان بولسا، ئۇ بالا ئۇ ئادەمنىڭ بالىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بالا ئۇنىڭ ئادەمنىڭ بالىسى ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ قېرىندىشى ئۇ ئادەمدىن مىراس ئېلىشتىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. چۈنكى (بىر ئادەمنىڭ بالىسى ئۇ ئادەمدىن ئۇ ئادەمنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ مىراس ئېلىشلىرىغا توسالغۇ بولىدۇ).

● بىر ئادەم ئىككىنچى بىر ئادەمگە: سېنىڭ ئۈستۈڭدە مېنىڭ **1000** سوم پۇلۇم بار، دېگەن، ئىككىنچى ئادەم ئۇنىڭغا: توغرىدۇر ياكى ھەقتۇر ياكى چوقۇمدۇر ياكى ھەقتۇر، ھەقتۇر ياكى توغرىدۇر، توغرىدۇر ياكى ياخشىلىق ھەقتۇر ياكى ھەق ياخشىلىقتۇر، دېگەن جاۋابلار بىلەن جاۋاب بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ بۇنداق جاۋابلار بىلەن جاۋاب بېرىشى (ئۆزىنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭ **1000** سوم پۇلىنىڭ بارلىقىغا) قىلغان ئىقرارىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا: ھەق ھەقتۇر ياكى توغرا توغرىدۇر ياكى چوقۇم چوقۇمدۇر، دېگەن جاۋابلار بىلەن جاۋاب بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ بۇ جاۋابلىرى ئىقرار قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ: <ھەق ھەقتۇر ياكى توغرا توغرىدۇر ياكى چوقۇم چوقۇمدۇر>

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 ـ توم، 468 ـ بەت.

دېگەن سۆزلىرى بىر ئادەمنىڭ دېگەن سۆزىگە بەرگەن جاۋاب بولماستىن ئەكسىچە ئايرىم بىر جۈملە ھېسابلىنىدۇ. ئەمما باشتىكى جاۋابلار بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئايرىم بىر جۈملە بولالمايدۇ. شۇڭا ئۇ سۆزلەر (سېنىڭ ئۈستۈڭدە مېنىڭ 1000 سوم پۇلۇم بار دېگەن) ئادەمنىڭ سۆزىگە جاۋاب بولالايدۇ. مەزكۇر جاۋابلار، ئۇ ئادەمگە خۇددى سەن ھەق بىر ئىشنى دەۋا قىلىۋاتىسەن، دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدىدۇر.

● بىر خوجايىن چۆرىسىگە: ھەي ئوغرى! ھەي زىناخور! ھەي ساراڭ! ھەي قاچقۇن! دېگەن، ياكى بۇ ئوغرى پوكۇنى - پوكۇنى ئىشلارنى قىلىپتۇ، دېگەن ۋە ئۇنى ساتقان بولسا، ئۇ چۆرە ئۇنى سېتىۋالغان ئادەمنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ چۆرىدە مەزكۇر ئىشلارنىڭ بىرەرسى كۆرۈلگەن بولسا، ئۇ چۆرە ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن ئۇ ئىشنىڭ سەۋەبى بىلەن بۇرۇنقى خوجايىنىغا قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى بۇرۇنقى خوجايىنىنىڭ ئۇ چۆرىگە شۇ سۆزلەرنى قىلىشى، ئۇنىڭ شۇنداق چۆرە ئىكەنلىكىنى خەۋەر بېرىش ئەمەس پەقەت ئۇنى چاقىرىش ياكى ئۇنى تىللاش ئۈچۈندۇر. چاقىرىش دېگەن چاقىرىلماقچى بولغان ئادەمدە چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدىغانلىقىنى خەۋەر بېرىش ئەمەس ئۇنىڭغا ئۇنىڭ چاقىرغان ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش دېگەنلىكتۇر. ئەمما بىر خوجايىن: بۇ ئوغرى چۆرىدۇر ياكى بۇ قاچقۇن چۆرىدۇر، ياكى بۇ ساراڭ چۆرىدۇر، دېگەن ئاندىن ئۇنى ساتقان، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ چۆرىنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ۋە كېيىن بىلگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ چۆرىدە شۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسى كۆرۈلسە، سېتىپ ئالغۇچى ئۇنى بۇرۇنقى خوجايىنىغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم ئايالىغا: ھەي تالاق بولۇپ كەتكىنى! ياكى بۇ تالاق بولۇپ كەتكىنى ماۋۇ - ماۋۇ ئىشلارنى قىلىپتۇ، دېگەن بولسا، ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم نېمە ئۈچۈن ئايالىنى شۇنداق دېگەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايدۇ. شۇڭا ھەتتا ئۇ ئادەمنىڭ، دېگەن سۆزىدە راست سۆزلىگەن بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرىگە ئىجابىي تەرەپتىن قارىلىدۇ. (يەنى ئۇ ئادەمنىڭ ئايالىغا شۇنداق دېيىشى بىلەن ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ).

● ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ۋە ئوغرىلۇق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان مەست ئادەمگە، جازا ئۇنىڭغا مەست ھالىتىدە تۇرغۇزۇپ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ مەستلىكىدىن يېشىلىپ قىلغان ئىقرارىدىن يېنىۋالسا، ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارى

بىكار بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇ مەست ئوغرىلانغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەمما ئۇ مەست ئۆزىنىڭ بىر ئادەمگە بوھتان چاپلىغانلىقىنى ياكى ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، جازا ئۇنىڭغا مەست ھالىتىدە بولسىمۇ بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازانى كېچىكتۈرۈشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. چۈنكى ئۇ مەست ئۆزىنىڭ بوھتان چاپلىغانلىقىنى ياكى ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقىنى ئىقرار قىلىپ بولۇپ كېيىن ئۇنىڭدىن يېنىۋالالمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى ئىش بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ قاتارىندۇر. شۇڭا ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىقرارى خۇددى ئۇستىدە بىرسىنىڭ پۇلىنىڭ بارلىقى، ئايالىنى تالاق قىلىۋاتلىقى ۋە قۇلىنى ئازات قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا قىلغان ئىقرارىغا ئوخشۇشۇپ قالىدۇ (يەنى بۇ ئىشلار توغرىسىدا ئىقرار قىلغان ئادەممۇ قىلغان ئىقرارىدىن يېنىۋالالمايتتى، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ بوھتان چاپلىغانلىقىنى ياكى ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقىنى ئىقرار قىلغان مەستمۇ قىلغان ئىقرارىدىن يېنىۋالالمايدۇ). <مىئراجۇددىرايە> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ مەست ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلغانلىقىنى ياكى ئوغرىلۇق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇ مەستلىكىدىن يېشىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا جازا بېرىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ۋە ئوغرىلۇق قىلغانلىقىنى مەست ھالىتىدە تۇرۇپ ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا جازا بېرىلمەيدۇ» دېدى.

ئەگەر بىر ئادەم، ھاراقنى ئۇنىڭغا مەجبۇرلاپ ئىچىرۈلگىنىگە ئوخشاش يوللار بىلەن مەست قىلىنغان، ئاندىن ئۇ ئادەم (مەست ھالىتىدە تۇرۇپ) بىر نەرسىگە ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ئىقرارى (قانداق نەرسە ئۈستىدە بولسا بولسۇن) ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئۇ، بۇ ھالدا خۇددى ھوشسىز ھالىتىدە تۇرۇپ ئىقرار قىلغان ئادەمگە ئوخشاش. (يەنى ھوشسىز ھالىتىدە تۇرۇپ بىر نەرسىگە ئىقرار قىلغان ئادەمنىڭ ئىقرارى ئېتىبارغا ئېلىنمايتتى، شۇنىڭدەك ئۇ مەستنىڭمۇ ئىقرارى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ).[1]

● بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئۈستىدە بىر ئادەمنىڭ پۇلىنىڭ بارلىقىغا ئىقرار قىلغان، پۇلنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمنىڭ ئىقرارىنى ئىنكار قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ئىقرارى ئالتە تۈرلۈك مەسىلىدىن باشقا مەسىلىلەردە قارشى تەرەپتىكى ئادەمنىڭ ئىنكار

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 ـ توم، 469 ـ بەت.

قىلىشى ۋە رەت قىلىشى بىلەن ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئۇ ئالتە تۈرلۈك مەسىلە بولسا، تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ قۇلنى ئازات قىلىۋاتقانلىقىنى ئىقرار قىلىش. مەسىلەن: بىر ئادەم قولىدىكى بىر قۇلنى ئازات قىلىۋاتقانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، بۇنىڭغا قۇل ئىنكار قىلسىمۇ ئۇ قۇل ئازات بولۇپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ.

2 ـ نەسەبكە ئالاقىدار ئىقرار. مەسىلەن: بىر ئادەم ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قېرىندىشى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان، ئىككىنچى ئادەم دەسلەپ ئۇ ئىقرارنى قوبۇل قىلغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن يېنىۋالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ ۋە ئۆزىگىلا كۈچگە ئىگە بولىدۇ.

3 ـ ئازات قىلىۋاتقانلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشقا ئالاقىدار ئىقرار. مەسىلەن: بىر ئادەم ئىككىنچى ئادەمگە: ئازات قىلىنغان پالانى قۇلنىڭ ئازات قىلىۋاتقانلىق ھوقۇقى مېنىڭ قولۇمدا، دەپ ئىقرار قىلغان، ئىككىنچى ئادەم دەسلەپ ئۇ ئىقرارنى قوبۇل قىلغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن يېنىۋالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ ۋە كۈچگە ئىگە بولىدۇ.

4 ـ مال ـ مۈلۈكنى ۋەقپە قىلغانلىققا ئالاقىدار ئىقرار. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئىككىنچى بىر ئادەم ئۈچۈن ۋەقپە قىلىپ قويغانلىقىنى ئىقرار قىلغان، ئىككىنچى ئادەم دەسلەپ ئۇ ئىقرارنى قوبۇل قىلغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن يېنىۋالغان بولسا، بۇ ھالدا يەنە ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ ۋە كۈچگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئىككىنچى ئادەم ئۇ ئىقرارنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن رەت قىلغان بولسا، ئىقرار بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

5 ـ تالاققا ئالاقىدار ئىقرار. مەسىلەن: بىر ئادەم ئايالىنى تالاق قىلىۋاتقانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئايالى بۇنىڭغا ئىنكار قىلسىمۇ يەنە ئۇنىڭ ئىقرارى كۈچگە ئىگە بولىدۇ.

6 ـ قۇل قىلغانغا ئالاقىدار ئىقرار. مەسىلەن: بىر ئادەم: (مەلۇم بىر قۇلنى سېتىپ ئېلىپ) ئۇنى ئۆزەمنىڭ قۇلى قىلدىم، دەپ ئىقرار قىلغان ۋە ئۇ قۇل بۇنىڭغا ئىنكار قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارى يەنە كۈچگە ئىگە بولىدۇ. مىراسنىڭ ۋە نىكاھنىڭ ھۆكمىمۇ بۇلارنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر.

● بىر ئادەم ئىككى كىشىنىڭ ئالدىدا قولىدىكى زېمىننى ئىككى كىشىگە، ئۇنىڭ

**ئەۋلادلىرىغا، ئۇلاردىن كېيىن كېلىدىغان نەسىللىرىگە ۋە بۇلاردىن كېيىن مىسكىنلەرگە ۋەقپە قىلىنىشاتقانلىقىنى ئىقرار قىلغان، ئۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرى ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىقرارىنى تەستىقلىغان، يەنە بىرى ئىنكار قىلغان ۋە بۇ چاغدا تېخى ئۇ ئىككى كىشىدىن ھېچبىرىنىڭ ئەۋلادى يوق بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ زېمىنىنىڭ يېرىمى ئىقرارنى تەستىقلىغان كىشىگە ۋە قالغان يېرىمى مىسكىنلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئىقرارنى ئىنكار قىلغان كىشى كېيىن ئىقرارنى تەستىقلىغان بولسا، (مىسكىنلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن يەرلەرنىڭ) كىرىمى ئۇ كىشىگە تەۋە بولىدۇ (يەنى ئۇ يەر ئۇنىڭغا قايتىدۇ). ئەمما بىر ئادەم: مېنىڭ قولۇمدىكى بۇ يەر پۈكۈنى كىشىنىڭ يېرى ئىدى، دەپ ئىقرار قىلغان، ئۇ كىشى (بۇ يەر مېنىڭ ئەمەس، دەپ) ئۇ ئىقرارغا ئىنكار قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئىقرارنى توغرا، دەپ تەستىقلىغان بولسا، ئەگەر (بۇ يەر پۈكۈنى كىشىنىڭ يېرى ئىدى، دەپ ئىقرار قىلغان) ئادەم ئۇ ئىقرارىنى ئىككىنچى قېتىم تەكرارلىمىغۇچە ئۇ يەر ئۇ كىشىگە قايتمايدۇ. بۇ مەسىلە بىلەن بۇنىڭ ئالدىنقى مەسىلىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، ۋەقپە قىلىنىغانلىقىغا ئىقرار قىلىنىغان يەر قارشى تەرەپتىكى ئادەمنىڭ ئىنكار قىلىشى بىلەن ئىقرار قىلغان ئادەمنىڭ قولىغا قايتمايدۇ. ئەگەر قارشى تەرەپتىكى ئادەم ئىنكار قىلىشتىن ۋازكېچىپ ئىقرارنى تەستىقلىسا، يەر ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا قايتىدۇ.**

**بۇ ھەقتىكى قائىدە بولسا، ئەگەر ئىقرار (مەسىلەن بۇ يەر سېنىڭ يېرىڭ ئىدى، دەپ ئىقرار قىلغانغا ئوخشاش) بىرسىگە بىر نەرسە ئىگە قىلىش ھەققىدە بولسا، بۇ ئىقرار ئىنكارنى قوبۇل قىلىدۇ. (يەنى بۇ خىلدىكى نەرسىلەر ھەققىدە قىلىنغان ئىقرار قارشى تەرەپنىڭ ئىنكار قىلىشى بىلەن رەت قىلىنىپ كېتىدۇ). ئەگەر ئىقرار (بىرسىگە بىر نەرسە ئىگە قىلىش ھەققىدە ئەمەس) قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىش[1]، ئايالىنى تالاق قىلىشقا ۋە قۇل ئازات قىلىشقا ئوخشاش ئىشلار ھەققىدە بولسا، بۇ ئىقرار ئىنكارنى قوبۇل قىلمايدۇ. (يەنى بۇ خىلدىكى نەرسىلەر ھەققىدە قىلىنغان ئىقرار قارشى تەرەپنىڭ ئىنكار قىلىشى بىلەن رەت قىلىنىپ كەتمەيدۇ).**

**● بىر كىشىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم، ئۇ كىشىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بىرى بىلەن كېلىشىم تۈزگەن ۋە ئۇ ئوغۇل، ۋەسىيەتنى ئورۇنلاشقا**

(1) بىر ئادەم بىر نەرسىگە قوشنا بولۇپ ئۆلتۈرغانلىق ياكى شېرىك بولغانلىق سۈپىتى بىلەن، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن ئۇ نەرسىنى مەجبۇري قايتۇرۇپ ئېلىش ھەق ـ ھوقۇقىقا ئىگىدۇر. ت.

تاللانغان ئۇ ئادەمدە ئۆزىنىڭ ھېچقانداق نەرسىسىنىڭ قالمىغانلىقىنى دېگەن ياكى ئۇ ئوغۇل ئۇ ئادەمدە دادامنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ دۇنياسىدىن ماڭا تەۋە ھېچقانداق نەرسە قالمىدى، ياكى مەن ئۇ ئادەمدىكى (ماڭا تەۋە) بارلىق مال ـ مۈلۈكنى تاپشۇرۇپ ئالدىم، دېگەن ئاندىن ۋەسىيەتنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدا، ئۇ بالىنىڭ دادىسىغا تەۋە ئەمما كېلىشىم تۈزگەندە ئۇتتۇرىغا چىقمىغان مال ـ دۇنيا ئاشكارا بولۇپ چىققان ۋە (ئۇ ئوغۇل ئۇ مال ـ دۇنيادىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان قىسمىنى بېرىش ھەققىدە دەۋا قىلغان) بولسا، توغرا رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇنىڭ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنىدۇ.

● مېيىتنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان بىر ئادەم، مېيىتنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن قولىدا بار پۈتۈن مال ـ دۇنيالىرىنى مېيىتنىڭ بالىسىغا بەرگەن، مېيىتنىڭ بالىسى دادىسىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن پۈتۈن مال ـ دۇنيالىرىنى ئالغانلىقىغا، ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا دادىسىغا تەۋە ھېچقانداق نەرسىنىڭ قالمىغانلىقىغا بىر نەچچە ئادەمنى گۇۋاھچى قىلغان، ئاندىن ئۇ بالا ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى، ئۇ نەرسىنىڭ دادىسىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە بۇ ھەقتە دەلىل ـ پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، ئۇنىڭ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىرى: ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ بالىسىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۈستىدە بار، دادىسىغا تەۋە بارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بولغانلىقىنى ئىقرار قىلغان، ئاندىن ئۇ بالا دادىسىنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە قەرزىنىڭ قالغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ بالىنىڭ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنىدۇ. ئۇنىڭ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، يۇقىرىدىكى مەسىلىدە مېيىتنىڭ بالىسىنىڭ قىلغان ئىقرارى مۇئەييەن بىر ئادەمنى بارلىق قەرزلەردىن ئادا ـ جۇدا قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغانلىقى ۋە شۇنىڭدەك يەنە ئىككىنچى مەسىلىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىرىنىڭ: ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ بالىسىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئۈستىدە بار، دادىسىغا تەۋە بارلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ بولغانلىقى ھەققىدە قىلغان ئىقرارىمۇ ھېچبىر ئادەمنى بارلىق قەرزلەردىن ئادا ـ جۇدا قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغانلىقى ئۈچۈندۇر. (شۇڭا قەرزنىڭ قالغانلىقى ھەققىدە قىلىنغان دەۋاغا قۇلاق سېلىنىدۇ). ئەگەر قىلىنغان ئىقرار كىشىلەرنى قەرزلەردىن ئادا ـ جۇدا قىلىدۇ، دەپ پەرەز قىلساق، بۇ ئادا ـ جۇدا (ئۈستىدە قەرز پۇل قېلىپ قاپتۇ،

دەپ) ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. يەنى ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەمدە قالغان مال ـ دۇنيا ئۇ ئادەمنىڭ بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ مال ـ دۇنيا ئۇ ئادەمنىڭ بولۇپ كېتىدىغان ئىش بولسا ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىدىن قىلىنغان دەۋاغا قۇلاق سېلىنمايتتى. الله تائالا خالىسا بىز بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختۇلۇپ ئۆتىمىز.[1]

● بىر ئادەم بىر نەرسە ھەققىدە ئىقرار قىلغان، ئاندىن ئۇ ئىقرارنى خاتا قىلىپ سالغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنمايدۇ. ئەمما ئۇ بىر مۇفتىنىڭ پەتىۋاسى بويىچە، ئۆزىنىڭ، ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلىۋاتقانلىنى ئىقرار قىلغان، ئاندىن (باشقا بىر ئالىمنىڭ سۆزى بويىچە) ئۇ ئايالىنىڭ ئۈچ تالاق بولۇپ كەتمىگەنلىكى ئاشكارە بولغان بولسا، ئۇ ئايال دىيانەت جەھەتتىن[2] ئۈچ تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئەر پەتىۋا بېرىشكە سالاھىيىتى يوق بىر ئادەمنىڭ بەرگەن پەتىۋاسىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئايالىنىڭ ئۈچ تالاق بولۇپ كەتكەنلىكىنى گۇمان قىلىپ كاتىبقا تالاق خېتىنى يازدۇرغان ۋە كاتىب ئۇ خەتنى يازغان، ئاندىن باشقا ئالىم ئۇ ئايالىنىڭ ئۈچ تالاق بولمىغانلىقى ھەققىدە پەتىۋا بەرگەن بولسا، ئەر ئايالى بىلەن دىيانەت جەھەتتىن يېنىشسا بولىدۇ. لېكىن قازىنىڭ ئەر تالاق خېتىنى يازدۇرۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشكە بولمايدۇ.

● مەجبۇرلاپ ئىقرار قىلدۇرۇلغان ئادەمنىڭ قىلغان ئىقرارى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەمما مەجبۇرلاپ ئىقرار قىلدۇرۇلغان ئادەم ئوغرىلىق قىلغان ئادەم بولسا، بىر قىسىم ئالىملار ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ، دەپ پەتىۋا بەردى.

● بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ھەققىدە ۋە ئۆتنۈۋېتىلگەن قەرز ھەققىدە قىلىنغان ئىقرار ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بىر كىشىنىڭ قولىنى كېسىۋەتكەنلىكىنى ۋە شۇنداق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشىگە دىيەت بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئىقرار قىلغان، ئەمما ئۇ كىشىنىڭ ئىككى قولى ساق ـ سالامەت بولغان بولسا، ئىقرار قىلغان ئادەمگە ھېچنەرسە بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىرەرسىگە،

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 ـ توم، 470 ـ بەت.

(2) الله تائالانىڭ ئالدىدا ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كەتكەن ھېسابلانمايدۇ. يەنى ئايالنىڭ ئېرى ئۇ ئايالنىڭ بىللە ياشىسا ئۇ ئىككىسى الله تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولمايدۇ. ت.

مىراستىن شەرىئەت ئۆنىڭغا كۆرسىتىپ بەرگەن مىقداردىن ئارتۇق بەرمەكچى بولغانلىقىغا ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ئىقرار توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى مىراستىن ئۆنىڭغا شەرىئەت كۆرسىتىپ بەرگەن مىقداردىن ئارتۇق بېرىش شەرىئەتتە توغرا بولمايدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر. توغرا بولمايدىغان بىر ئىش ھەققىدە قىلىنغان ئىقرارنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنماسلىقى ئۈچۈن ئۇ ئىشنىڭ بولۇشىنىڭ توغرا بولماسلىقى ھەممە تەرەپتىن بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىغان ئىش بولسا، ئۇ ئىش ھەققىدە قىلىنغان ئىقرار ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم، مېنىڭ ئۈستۈمدە بۇ كىچىك بالىنىڭ ماڭا قەرزگە بېرىپ تۇرغان پۇلدىن **1000** سوم پۇلى بار، ياكى ماڭا سېتىپ بەرگەن پۇكۇنى نەرسىدىن قالغان پۇلدىن مۇنچىلىك پۇلى بار، دەپ ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىقرارى توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

- كەچۈرۈم قىلىنغان جىسمى بار نەرسە ھەققىدە قىلىنغان ئىقرار، توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەمما كەچۈرۈم قىلىۋېتىلگەن قەرز ھەققىدە قىلىنغان ئىقرار ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزداردىن قەرزنى كەچۈرۋېتىپ بولغاندىن كېيىن قەرزدارنىڭ يەنە قايتا قەرز ئالغانلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە قەرزدارمۇ بۇنىڭغا ئىقرار بولغان بولسا، بۇ ھالدا قەرزدارنىڭ قەرزنى بېرىشى لازىم. ئەگەر قەرزدار ئۈستىدە قەرز ئىگىسىنىڭ بۇرۇنقى قەرز پۇللىرىدىن قەرز قالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ئىقرارى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

# سۈلھىنىڭ بايانى

## <سۈلھى> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

<سۈلھى> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن جىدەل ـ ماجرا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ياخشىلىشىپ كەتمەك، دېگەنلىك بولىدۇ.

<سۈلھى> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن جىدەل ـ ماجرانى ۋە تالاش ـ تارتىشنى ئاياغلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۈزۈلگەن كېلىشىم، دېگەنلىك بولىدۇ.

بۇ كېلىشىم تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل بولىدۇ:

1 ـ مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئارىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىملەر.

2 ـ مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىن مۇسۇلمان باشلىققا قارشى چىققانلار ئارىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىملەر.

3 ـ ئەر ـ خوتۇن ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىغا بىرەر كۆڭۈلسىزلۈك چۈشۈپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىنغان ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم.

4 ـ مال ـ مۈلۈك ئۈستىدە ئىختىلاپلىشىپ قالغانلار ئارىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىملەر. بىز بۇ يەردە كېلىشىمنىڭ تۆتىنچى خىلى بولغان مال ـ مۈلۈك ئۈستىدە ئىختىلاپلىشىپ قالغانلار ئارىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم ھەققىدە توختۇتۇلۇپ ئۆتىمىز. ئەمما بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچۈنچى خىلدىكى كېلىشىملەر ھەققىدە بىز يۇقىرىدا توختۇتۇلۇپ ئۆتتۇق.

مال ـ مۈلۈك ئۈستىدە ئىختىلاپلىشىپ قالغانلار ئارىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىم يەنە ئۈچ خىل بولىدۇ:

1 ـ ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەم (قىلىنغان دەۋاغا ياكى ئىنكار قىلماي ياكى ئىقرار قىلماي) تۇرغان ھالەتتە تۈرۈپ تۈزۈلگەن كېلىشىم.

2 ـ ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەم (قىلىنغان دەۋاغا ئىقرار قىلغان) ھالەتتە تۈرۈپ تۈزۈلگەن كېلىشىم.

3 ـ ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەم (قىلىنغان دەۋاغا ئىنكار قىلغان) ھالەتتە تۈرۈپ تۈزۈلگەن كېلىشىم.

ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەم (قىلىنغان دەۋاغا ئىنكار قىلغان) ھالەتتە تۈرۈپ تۈزۈلگەن كېلىشىم توغرىدۇر. بۇ ئەبۇھەنىفە، مالىك ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتارلىق ئىماملار (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام شافىئى (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەم (قىلىنغان دەۋاغا ئىنكار قىلغان) ھالەتتە تۈرۈپ تۈزۈلگەن كېلىشىم توغرا بولمايدۇ» دەيدۇ. بۇ ھەم ئىبنى ئەبۇلەيلا (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. لېكىن ئىمام شافىئى بىلەن ئىبنى ئەبۇلەيلا (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەم، قىلىنغان دەۋاغا ياكى ئىنكار قىلماي ياكى ئىقرار قىلماي

تۇرغان ھالەتتە تۈزۈلگەن كېلىشىم توغرىدۇر» دەيدۇ. ئىمام شافىئىي (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۇستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەم، قىلىنغان دەۋاغا ياكى ئىنكار قىلماي ياكى ئىقرار قىلماي تۇرغان ھالەتتە تۈزۈلگەن كېلىشىمنى، ئۇ ئادەمنىڭ قەسەم قىلىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن توغرا دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ.[1]

## كېلىشىمنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ بايانى

كېلىشىمنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ دەلىل - پاكىتى قۇرئان، ھەدىس ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكىدۇر. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىغە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمر قىلغان كىشىلەر (نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ئۇ (ئىش) لارنى اللّٰه نىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجر ئاتا قىلىمىز[2]» اللّٰه تائالا يەنە مۇنداق دېدى: «ئەگەر بىرەر ئايال ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇشىدىن ياكى يۈز ئۆرۈشىدىن ئەندىشە قىلسا، ئۇلارنىڭ ئۆز - ئارا كېلىشىشى ھېچ گۇناھ ئەمەس، كېلىشىش (ئۈزلۈشۈپ كېتىشتىن) ياخشى. ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە بېخىللىق سىڭىپ كەتكەن، ئەگەر (ئاياللىرىڭلارغا) ياخشىلىق قىلساڭلار، (ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار (اللّٰه سىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ). اللّٰه ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر[3]» «ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى اللّٰهنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر (يەنى تاجاۋۇزىنى توختاتقانغا قەدەر) ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار (اللّٰهنىڭ ئەمرىگە) قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى (ھېچبىر تەرەپكە يان باسماستىن) ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، (ھەممە ئىشتا) ئادىل بولۇڭلار، اللّٰه ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 16 - توم، 3 - بەت.

(2) سۈرە نىسا 114 - ئايەت.

(3) سۈرە نىسا 128 - ئايەت.

ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، اللەدىن قورقۇڭلار» [1]

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا (تۈزۈلگەن كېلىشىشنىڭ ئىچىدە) ھالالنى ھارام ياكى ھارامنى ھالال قىلىدىغان كېلىشىشتىن باشقا ھەر قانداق كېلىشىش توغرىدۇر.»[2]

ھەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئارىسىدا كېلىشىم تۈزگەن. بۇ ھەقتە سەھل ئىبنى سەئىد (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: قۇبالىقلار بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ كەتتى، ھەتتا بىر - بىرىگە تاش ئېتىشتى. بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزۈلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: «بىز بىلەن يۈرۈڭلار، بېرىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاشتۇرىمىز، (يەنى كېلىشتۈرۈمىز)»[3] دېگەن ئىدى. شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاشتۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ياخشى گەپ قوشقان، ياكى ياخشىلىقنى كۆپتۈرۈپ سۆزلىگەن ئادەم يالغانچى ھېسابلانمايدۇ.»[4]

ئالىملار: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ھەدىسىدىن كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاشتۇرۇدىغان ئادەمنىڭ، ئارىسىنى ياخشىلاشتۇرماقچى بولغان ئادەمنىڭ ياخشى گەپلىرىنى قىلىش ۋە يامان گەپلىرىنى قىلماسلىق مەقسەت قىلىنىدۇ، بىر ئادەمنىڭ ياخشى گەپلىرىنى قىلىش ۋە يامان گەپلىرىنى قىلماسلىق يالغان گەپ قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى يالغان گەپ قىلىشتىن بىر نەرسىدىن ئۇنىڭ تەتۈرىسى بويىچە خەۋەر بېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاشتۇرۇدىغان ئادەم، ئارىسىنى ياخشىلاشتۇرماقچى بولغان ئادەمنىڭ يامان گەپلىرىنى قىلمىدى، شۇڭا ئۇنى يالغان سۆز قىلدى، دېيىشكە بولمايدۇ» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە ياقۇب ئىبنى ئىبراھىمنىڭ دادىسى مۇنداق دېدى: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ خىل ئىشتىن باشقا بىرەر ئىشتا كىشىلەر دېمىگەن نەرسىلەرنى <دېدى> دەپ يالغان سۆزلەشكە رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىدىم. يالغان سۆزلەش رۇخسەت قىلىنغان ئۇ ئۈچ

(1) سۈرە ھۇجىرات 9 — 10 - ئايەتلەر.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزي رىۋايەت قىلدى ۋە بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(4) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

خىل ئىش بولسا، ئۇرۇش، كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاش ۋە ئەركىشىنىڭ ئايالىغا ياكى ئايال كىشىنىڭ يولدىشىغا (ئارىنى يامانلاشتۇرماسلىق ئۈچۈن) دېگەن سۆزلىرى قاتارلىقلاردۇر.»[1]ئىمام مۇسلىمنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يالغان سۆزلەشنى رۇخسەت قىلغان ئۇ ئۈچ خىل ئىشنىڭ تەپسىلاتىي كېيىن ساھابىلەر تەرىپىدىن بايان قىلىنغاندۇر.

بىر قىسىم ئالىملار: «قانداق ئىش بولسا بولسۇن يالغان سۆزلەش توغرا ئەمەس» دەيدۇ. بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ياخشى گەپ قوشقان ياكى ياخشىلىقنى كۆپتۈرۈپ سۆزلىگەن ئادەم يالغانچى ھېسابلانمايدۇ» دېگەن ھەدىسىنى ئىككى بىسلىق گەپ قىلىشقا قارىتىدۇ. مەسىلەن: زالىمغا مەن سەن ئۈچۈن ئاخشام دۇئا قىلدىم، دېگەن ئادەم، ئۆزىنىڭ بۇ سۆزىدىن: ئى الله ! مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگىن، دەپ قىلغان دۇئايىنى مەقسەت قىلغىنىغا ئوخشاش. مەسىلەن: ئايالىغا بىر نەرسە ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان ئادەم، ئۆزىنىڭ بۇ ۋەدىسىدىن: ئەگەر الله تائالا بۇنى تەقدىر قىلسا ۋە بۇنىڭغا كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرسە دېگەننى، مەقسەت قىلغىنىغا ئوخشاش. ئالىملار يالغان سۆزلەش رۇخسەت قىلىنغان ئۈچ خىل ئىشنىڭ بىرى بولغان: ئەركىشىنىڭ ئايالىغا ياكى ئايال كىشىنىڭ يولدىشىغا (ئارىنى يامانلاشتۇرماسلىق ئۈچۈن) دېگەن سۆزلىرىدىن ئەر ـ ئايالنىڭ بىرى ـ بىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا تەسىر يەتكۈزمەيدىغان ئىشلاردا ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە دېگەن يالغان سۆزلىرى مەقسەت قىلىنغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى. شۇنىڭدەك يەنە ئۇرۇشتا يالغان گەپ قىلىش (كاپىرلارنىڭ بىرەرسىگە) ئامانلىق بېرىشتىن باشقا ئىشلاردا بولۇشى لازىم((2)). بارلىق ئالىملار بىردەك: زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا يالغان ئېيتىش توغرىدۇر، مەسىلەن: زالىملار بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ (ئۇنى ئىزدىۋەتقان) ۋە ئۇ ئادەم بىر كىشىنىڭ قېشىغا يۇشۇرۇنۇۋالغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ: ئۇ ئادەم مېنىڭ قېشىمدا يوق، دەپ يالغان سۆزلىشى ۋە بۇ ھەقتە قەسەم قىلىپ بېرىشى توغرىدۇر. ئۇ كىشى بۇنداق قىلىش بىلەن گۇناھكار بولمايدۇ» دەيدۇ. توغرىسى الله تائالا بىلگۈچىدۇر.[3]

(1) بۇ رىۋايەتنى ئىمام مۇسلىم ۋە نەسائىي رىۋايەت قىلدى.

(2) يەنى كاپىرلارنىڭ بىرەرسىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يالغان ئامانلىق بېرىش توغرا ئەمەس. ت.

(3) «فەتھۇلبارى»، 5 ـ توم، 300 ـ بەت.

# كېلىشىمنىڭ شەرتلىرى

1 ـ ئەقىل. شۇڭا ئەگەر ئېنىق بىرەر زەرەرگە سەۋەبچى بولمايدىغان بولسا، بالاغەتكە يەتمىگەن ئەمما ئەقىللىق كىچىك بالىنىڭ تۈزگەن كېلىشىمى توغرا، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

2 ـ ئەگەر قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىشقا ئېھتىياج چۈشكەن ۋاقىتدا، (ئۇنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن)، تۈزۈلگەن كېلىشىمدە بېرىلمەكچى بولغان نەرسە، مەلۇم ۋە مۇئەييەن نەرسە بولۇش لازىم.

3 ـ كېلىشىم تۈزۈلىدىغان نەرسە، مەسىلەن: قەستەنلىك ياكى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگىلىرىنىڭ ھەقلىرىگە ئوخشاش ئېھتىياج چۈشۈپ قالغاندا، ئورنىغا بەدىلىنى ئېلىش توغرا بولىدىغان ھەقلەر بولۇشى لازىم. مەسىلەن: قەستەنلىك ياكى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگىلىرى (قاتىلدىن قىساس ئالماي ئۇنىڭ ئورنىغا دىيەت ئالسىمۇ بولىدۇ). بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ. قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىرنەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋازكەچسە، ئۇ، جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم. بۇ (ھۆكۈم) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر. شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى دىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن)، چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن (يەنى قاتىلنى ئۆلتۈرگەن) ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ[1]»

شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىدىن ۋازكەچكەنلىكى ئۈچۈن (ئۇ ھەققىنىڭ ئورنىغا بىر نەرسە ئېلىشقا) كېلىشىم تۈزۈشكە بولمايدۇ[2]. چۈنكى بىر ئادەمگە قوشنا بولۇپ ئولتۇرغانلىق

(1) سۈرە بەقەر 178 ـ ئايەت.

(2) بىر ئادەم بىر نەرسىگە قوشنا بولۇپ ئۆلتۈرغانلىق ياكى شېرىك بولغانلىق سۈپۈتى بىلەن، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن ئۇ نەرسىنى مەجبۇرىي قايتۇرۇپ ئېلىش ھەق ـ ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. ت.

ياكى شېرىك بولغانلىق سەۋەبى بىلەن (ئۇنىڭ ساتقان ئۆيىنى ياكى زېمىنىنى) ئېلىش ھەققى بولسا، سېتىلغان نەرسىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغانلىقى ھەققىدە ئۇنىڭغا تەلەپ قويۇش ھەققىنىڭ بارلىقىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەق (ئۇنىڭدىن ۋازكەچكەنلىك ئۈچۈن ئورنىغا بەدەل تەلەپ قىلىشقا) لايىق بولىدىغان ھەق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەقتىن ۋازكەچكەنلىك ئۈچۈن ئورنىغا بىر نەرسە ئېلىش توغرا ئەمەس.

4 - كېلىشىم اللە تائالانىڭ ھەق - ھوقۇقلىرى ئۈستىدىن قىلىنغان دەۋا ئۈستىدە تۈزۈلمەسلىكى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەسىلەن: زىنا قىلغان ۋە ھاراق ئىچكەن ئادەملەرگە جازا بېرىلىش ئۈچۈن ئېچىلغان دەۋالار ئۈستىدە كېلىشىم تۈزۈشكە بولمايدۇ. (ئەمما بەندىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرى ئۈستىدىن قىلىنغان دەۋا ئۈستىدە كېلىشىم تۈزۈشكە بولىدۇ). مەسىلەن: بىر ئادەم باشقىلارنىڭ قورۇسىدىن بىر نەرسە ئوغرىلىغان بىر كىشىنى تۇتۇۋالغان، ئۇ ئادەم ئۇ ئوغرىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارماقچى بولغاندا، ئوغرىنىڭ ئۆزىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارماسلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە بىر نەرسە بېرىشكە ئۇ ئادەم بىلەن (كېلىششى) توغرا ئەمەس ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ئوغرى بەرگەن نەرسىنى ئالماي قايتۇرۇۋېتىشى لازىم. چۈنكى (ئوغرىدىن بىر نەرسە - ئېلىپ ئۇنى قويۇۋېتىشكە كېلىشىش) ئۇنى تۇتۇۋالغان ئادەمنىڭ ھەققى ئەمەس. ئەمما ئوغرى بۇ كېلىشىمنى ئوغرىلىغان نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن قىلسا، ئوغرىلىۋق قىلغانلىق دەۋاسىدىن قۇتۇلىدۇ. ئەگەر مال ئىگىسى دەۋا قىلمىسا، ئوغرىغا ئوغرىلىق قىلغانلىقنىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. شۇڭا ئەگەر ئوغرى مال ئىگىسى بىلەن (ئۇنىڭ دەۋا قىلماسلىقى ئۈچۈن) كېلىشىم تۈزۈشسە، بۇ كېلىشىم توغرا بولىدۇ.[1]

# كېلىشىمنىڭ ھۆكمى

بىر نەرسە ئۈستىدە تۈزۈلگەن كېلىشىم مەيلى ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەم، قىلىنغان دەۋاغا ئىقرار قىلغان ھالەتتە تۈزۈپ تۈزۈلگەن بولسۇن، مەيلى ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەم قىلىنغان دەۋاغا ياكى ئىنكار قىلماي ياكى ئىقرار قىلماي تۇرغان ھالەتتە تۈزۈپ تۈزۈلگەن بولسۇن، مەيلى ئۈستىدىن

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 - توم، 473 - بەت.

دەۋا قىلىنغان ئادەم، قىلىنغان دەۋاغا ئىنكار قىلغان ھالەتتە تۇرۇپ تۈزۈلگەن بولسۇن، توغرىدۇر. چۈنكى اللّٰه تائالا ئايەتتە: «كېلىشىش (ئۈزلۈشۈپ كېتىشتىن) ياخشى» [1] دېدى.

(ھەر ئىككى تەرەپ) كېلىشىم بىلەن دەۋادىن قوتۇلىدۇ. ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەم، قىلىنغان دەۋاغا ياكى ئىنكار قىلماي ياكى ئىقرار قىلماي تۇرغان ھالەتتە تۇرۇپ تۈزۈلگەن ۋە ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەم، قىلىنغان دەۋاغا ئىنكار قىلغان ھالەتتە تۇرۇپ تۈزۈلگەن كېلىشىم دەۋا قىلغۇچى ئادەم ئۈچۈن (قىلغان دەۋاسى ئۈچۈن) بەدەل ئېلىش ۋە ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەم ئۈچۈن قەسەم قىلماسلىق ۋە جىدەل - ماجرانى تۈگۈتۈش ئۈچۈن كۆرسۈتۈلگەن پىداكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

مال - مۈلۈككە ئالاقىدار دەۋادا مال - مۈلۈك (بېرىشكە) كېلىشىم تۈزۈلگەن بولسا، بۇ كېلىشىم خۇددى سودا - سېتىقنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. شۇڭا بۇ كېلىشىمدە بىر ئادەم قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىگە[2]، ئەيىب كۆرۈلسە قايتۇرۇپ بېرىشكە، كۆرۈش ئىختىيارىغا ئىگە بولۇشقا ۋە شەرت قويۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشقا ئوخشاش سودا - سېتىقنىڭ پۈتۈن ھۆكۈملىرى ئىجرا قىلىنىدۇ. شۇڭا بىر ئادەم بىر كىشى بىلەن بىر قورۇ ئۈستىدە دەۋا قىلىشىپ قالغان ۋە ئۇ كىشى ئۇ ئادەم بىلەن (دەۋا قىلىشىپ قالغان قورۇ ئۈچۈن) بىر قورۇ بېرىشكە كېلىشىم تۈزگەن بولسا، كېلىشىم بويىچە (ئۇ ئادەمگە بەرمەكچى بولغان قورۇغا) قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان ئادەمنىڭ: ئۇ قورۇغا قوشنا بولۇپ ئولتۇرغانلىق سۈپىتى بىلەن (قورۇنىڭ پۇلىنى، كېلىشىم بويىچە قورۇ بېرىلمەكچى بولغان ئادەمگە بېرىپ) ئۇ قورۇنى مەن ئالىمەن، دېيىش ھەققى بار. ئەگەر تۈزۈلگەن كېلىشىمدە بېرىلمەكچى بولغان نەرسە (قانداق ئىكەنلىكى) نامەلۇم نەرسە بولسا، كېلىشىم بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەمما كېلىشىم، ئۈستىدە كېلىشىم تۈزۈلىدىغان نەرسىنىڭ نامەلۇم بولۇشى بىلەن بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسىدە كۆرۈلگەن نامەلۇملۇق كېلىشىم تۈزۈلۈش بىلەن ھېسابقا ئېلىنمايدۇ.

مال - مۈلۈككە ئالاقىدار دەۋادا مەسىلەن ئۆيدە ئولتۇرۇۋالغانغا ئوخشاش

---

(1) سۈرە نىسا 128 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

(2) بىر ئادەم بىر نەرسىگە قوشنا بولۇپ ئۆلتۈرغانلىق ياكى شېرىك بولغانلىق سۈپۈتى بىلەن، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن ئۇ نەرسىنى مەجبۇرىي قايتۇرۇپ ئېلىش ھەق - ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. ت.

بىر نەرسىدىن پايدىلىنىۋېلىشقا كېلىشىم تۈزۈلگەن بولسا، بۇ كېلىشىم خۇددى ئىجارىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. شۇڭا بۇ كېلىشىمدە ئەگەر مەلۇم بىر مۇددەت توختىتىۋېلىشقا ئېھتىياج بولۇپ قالسا، مۇددەت توختىتىش شەرتتۇر. بۇ كېلىشىم ئەگەر ئىككى تەرەپنىڭ بىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى، ياكى توختىتىلغان مۇددەتنىڭ ئىچىدە پايدىلىنىۋېلىشقا بېرىلگەن نەرسە يوقاپ كەتسە، ئەمەلدىن قالىدۇ.

ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە، باھالىق نەرسە[1] ۋە (ئىلىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدا) يوقاپ كەتكەن نەرسە ئۆستىدە، ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇنىڭ (بازاردىكى) باھاسىدىن ئاز ياكى چىق پۇل بېرىشكە كېلىشىم تۈزۈش توغرىدۇر. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۈچۈن (بازاردىكى) باھاسىدىن چىق پۇل بېرىشكە كېلىشىم تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم، ئۇ نەرسىنىڭ (بازاردىكى) باھاسى، كېلىشىمدە ھېسابلانغان باھادىن ئاز ئىكەنلىكى ھەققىدە پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، ئۇنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ (بازاردىكى) باھاسىنىڭ ھەققەتەن ئەرزان ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە، كېلىشىم بويىچە ئۇ نەرسە ئۈچۈن بەرگەن پۇلدىن ئازراقمۇ قايتۇرۇۋالالمايدۇ.

ئەگەر ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە (ياغاققا ۋە توخۇمغا ئوخشاش) چوڭ ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرىدىن پەرق ئېتىلمەيدىغان نەرسە بولغان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىغا بىر نەرسە بېرىشكە كېلىشىم تۈزۈلگەن، ئاندىن كېلىشىمدە بېرىلمەكچى بولغان نەرسە يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر كېلىشىمدە بېرىلمەكچى بولغان نەرسە ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە بىلەن بىر جىنستىن (مەسىلەن ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە تۇخۇم بولسا، كېلىشىمدە ئۇنىڭ ئورنىغا بېرىلمەكچى بولغان نەرسىمۇ تۇخۇم) بولغان بولسا، بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك كۆز قارىشى بويىچە: ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ (ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە ئۈچۈن) كېلىشىمدە ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىغا بېرىلمەكچى بولغان نەرسىدىن ئارتۇق ئېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئارتۇق ئېلىش جازانە يېگەنلىككە ئوخشۇشۇپ قالىدۇ. ئەگەر

(1) باھالىق نەرسىدىن قويلارغا ۋە كالىلارغا ئوخشاش چوڭ ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرىدىن پەرق ئېتىلدىغان نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىلدىكى ئېلىۋېلىنغان نەرسە ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ خىلدىكى نەرسە ئەمەس ئۇنىڭ پۇلى بېرىلىدۇ. ت.

كېلىشىمدە بېرىلمەكچى بولغان نەرسە ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە بىلەن (بىر جىنستىن ئەمەس) باشقا ـ باشقا جىنستىن بولسا، بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك كۆز قارىشى بويىچە: ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ (ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە ئۆچۈن) كېلىشىمدە ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىغا بېرىلمەكچى بولغان نەرسىدىن ئارتۇق ئېلىشىمۇ توغرىدۇر. ئەگەر ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىنىڭ ئىگىسى، ئۇ نەرسىگە ھېسابلاپ كېلىشىمدە بېرىلمەكچى بولغان نەرسە يوق بولۇپ كېتىشتىن بۇرۇن بىر نەرسە ئالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ يەنە بىردەك ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىغا بېرىلمەكچى بولغان نەرسىدىن ئارتۇق ئېلىشىمۇ توغرىدۇر.

بىر ئادەم بىر دۇۋە ئاشلىقنى ياكى **1000** سوم پۇلنى ناھەق ئېلىۋالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ يېرىمىنى بېرىشكە كېلىشكەن بولسا، كېلىشىم تۈزۈلگەن ۋاقىتتا ئەگەر ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە (ئوغرىلىنىپ كەتكەنگە ياكى ئىشلىتىلىپ بولۇنغانلىقى ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن) يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ يېرىمىنى بېرىشكە كېلىشكەن كېلىشىم توغرا بولىدۇ. ئەمما كېلىشىم تۈزۈلگەن ۋاقىتتا ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە تېخى يوق بولۇپ كەتمىگەن، لېكىن ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇنى ئەيىبلىك قىلىپ قويغان ياكى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنىڭ يېرىمىنى بېرىشكە كېلىشكەن كېلىشىم دىيانەت جەھەتتىن ئەمەس ھۆكۈم جەھەتتىن توغرىدۇر.

بىر ئادەمنىڭ باشقا بىر كىشىنىڭ قولىدىكى ئۆزىنىڭ ھەققى بولغان ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىنىدىغان ياكى تارازى بىلەن تارتىلىدىغان ۋە تېخى يوق بولۇپ كەتمىگەن نەرسە ئۇستىدە، ئۇ كىشى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ يېرىمىنى بېرىشكە كېلىشىم تۈزۈشى توغرا ئەمەس. لېكىن ئۇ نەرسە قولىدا بار ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشقا كۈچى يېتىدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇنىڭ ئىگىسى بىلەن قالغان يېرىمىنى كەچۈرۋېتىش شەرتى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ يېرىمىنى بېرىشكە كېلىشىم تۈزگەن بولسا، بۇ كېلىشىم ئىستىھسان قائىدىسى بويىچە ئەمەس قىياس قائىدىسى بويىچە توغرىدۇر. ئەگەر ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىغا رەخ ياكى كىيىم ـ كېچەك

بىرىشكە كېلىشىم توٚزگەن ۋە رەخنى ياكى كىيىم ـ كېچەكنى ئۇ ئادەمگە بەرگەن بولسا، بۇ كېلىشىم ئىستىھسان ۋە قىياس قائىدىسى بويىچە توغرىدۇر. چۈنكى بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى رەخنى ياكى كىيىم ـ كېچەكنى ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە بىلەن سېتىۋالغان ھېسابلىنىدۇ.[1]

## ئوٚتكوٚزۈلگەن جىنايەت ئۈستىدە كېلىشىم توٚزۈشنىڭ باياني

قەستەن ئوٚتكوٚزۈلگەن جىنايەت مەيلى قەستەن ئادەم ئوٚلتۈرۈۋېتىشتەك جىنايەت بولسۇن، مەيلى ئادەمنى قەستەن يارىدار قىلىپ قويۇشتەك جىنايەت بولسۇن، جىنايەتنى ئوٚتكوٚزگەن ئادەمنىڭ ئىقرار قىلىش شەرتى بىلەن ئۇ جىنايەت ئۈچۈن دىيەتنى، ئۇ جىنايەتكە بېرىش تېگىشلىك بولغان مىقداردىن ئارتۇق، ياكى كەم بېرىشكە كېلىشىم توٚزۈش توغرىدۇر. چۈنكى بۇنداق قىلىش جازانە ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى (مەيلى قەستەن ئادەم ئوٚلتۈرۈۋېتىشتەك جىنايەت بولسۇن، مەيلى ئادەمنى قەستەن يارىدار قىلىپ قويۇشتەك جىنايەت بولسۇن،) قەستەنلىك بىلەن ئوٚتكوٚزۈلگەن جىنايەتلەرنىڭ جازاسى قىساس ئېلىشتۇر. قىساس دېگەن مال ـ مۈلۈك ئەمەس. (شۇڭا قىساس ئېلىشتىن ۋازكەچكەنلىك ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىدا ئالىدىغان دىيەتنى نورمالدىن ئارتۇق، ياكى كەم ئېلىش جازانە قىلىش ھېسابلانمايدىغانلىقى ئۈچۈن دىيەتنى نورمالدىن ئارتۇق ياكى كەم ئېلىشقا كېلىشىم توٚزۈش توغرىدۇر). ئەمما سەۋەنلىك بىلەن ئوٚتكوٚزۈلگەن جىنايەت (مەيلى سەۋەن ئادەم ئوٚلتۈرۈۋېتىشتەك جىنايەت بولسۇن، مەيلى ئادەمنى سەۋەن يارىدار قىلىپ قويۇشتەك جىنايەت بولسۇن،) سەۋەنلىك بىلەن ئوٚتكوٚزۈپ سالغان جىنايەت ئۈچۈن دىيەتنى، ئۇ جىنايەتكە بېرىش تېگىشلىك بولغان مىقداردىن ئارتۇق ياكى كەم بېرىشكە كېلىشىم توٚزۈش توغرا ئەمەس. چۈنكى سەۋەنلىك بىلەن ئوٚتكوٚزۈلگەن جىنايەتلەرنىڭ دىيەتلىرى شەرىئەت تەرىپىدىن بەلگىلەپ بېرىلگەندۇر. (شۇڭا ئۇنىڭ تىشىغا چىقىپ كېتىش توغرا ئەمەس). مەسىلەن: سەۋەنلىك بىلەن ئوٚلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن شەرىئەت بەلگىلەپ بەرگەن دىيەتلەر بولسا: **100** توٚگە ياكى **200** كالا ياكى **1000** تىللا، ياكى **10. 000** يامبۇدۇر. ئەگەر سەۋەنلىك بىلەن ئوٚتكوٚزۈپ سالغان جىنايەت ئۈچۈن دىيەتنى، شەرىئەت بەلگىلەپ بەرگەن مەزكۇر نەرسىلەر بىلەن ئەمەس

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 476 ـ بەت.

باشقا نەرسىلەر بىلەن بېرىشكە كېلىشىم تۈزگەن بولسا، دىيەت مەيلى ئۇ جىنايەتكە بېرىش تېگىشلىك بولغان مىقداردىن ئارتۇق بولسۇن، مەيلى كەم بولسۇن، تۈزۈلگەن كېلىشىم توغرىدۇر.

ئەگەر دىيەت ئۈچۈن، ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەپ ئېلىنىدىغان، ياكى تارازى بىلەن تارتىلىدىغان نەرسە بېرىشكە كېلىشىم تۈزۈلگەن بولسا، ھەتتا (دىيەتمۇ نىسى نەرسىنىڭ ئورنىغا بولغانلىقى ئۈچۈن) نىسى نەرسىگە يەنە نىسى نەرسە بىلەن كېلىشىم تۈزگەن بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن دىيەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئۇ نەرسىنى كېلىشىم تۈزۈلگەن شۇ ئورۇننىڭ ئۆزىدە قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش شەرتتۇر. نېسى نەرسىگە يەنە نېسى نەرسە بىلەن كېلىشىم تۈزۈش جازانىنىڭ شەكىللىرىدىن بىرىدۇر. اللہ تائالا خالىسا بىز بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختۇتۇلۇپ ئۆتىمىز.

ئەگەر قازى سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ سالغان جىنايەتنىڭ دىيىتى ئۈچۈن شەرئەت بەلگىلەپ بەرگەن مەزكۇر تۆردىكى نەرسىلەرنىڭ بىر تۈرۈنى بېرىشنى تەيىن قىلغان بولسا، ئۇ نەرسىلەرنىڭ قالغان تۈرلىرى باشقا خىلدىكى نەرسىلەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: قازى سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ سالغان قاتىلغا، ئۆتكۈزگەن جىنايەتنىڭ دىيىتى ئۈچۈن **100** تۆگە بېرىشنى تەيىن قىلغان، ئاندىن قاتىل ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگىسى بىلەن كېلىشىم تۈزۈشۈپ ئۇنىڭغا **200** يۈزدىن ئارتۇق كالا بېرىشكە كېلىشكەن ۋە ئۇ كالىلارنى بەرگەن بولسا، بۇ كېلىشىم توغرا بولىدۇ.

ئەگەر قەستەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنىڭغا دىيەت ئۈچۈن ھاراقا ۋە توڭگۇزغا ئوخشاش (ئىسلام دىنىدا مال ـ مۈلۈك ئورنىدا ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان) بىر نەرسە بېرىشكە كېلىشىم تۈزگەن بولسا، بۇ كېلىشىم ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ، قاتىلدىن قىساسمۇ ئېلىنمايدۇ ۋە قاتىلغا دىيەت ئۈچۈن بىر نەرسە بېرىشمۇ لازىم ئەمەس. چۈنكى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگىسى (شەرئەتنىڭ قائىدىسى بويىچە) قاتىلدىن ئالىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق. چۈنكى ئەسلىدە قاتىلدىن قىساس ئېلىشتىن ۋازكېچىلگەن ۋاقتىدا، قىساسنىڭ ئورنىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگىسىگە بېرىلىدىغان نەرسە ئىسلام دىنىدا مال ـ مۈلۈك ئورنىدا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان نەرسە بىلەن ئۆلچىلىدۇ. لېكىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگىسى قاتىل بىلەن كېلىشىم تۈزگەن ۋاقتىدا، ئۇنداق نەرسە بىلەن ئەمەس ھاراقا ۋە توڭگۇزغا

ئوخشاش (ئىسلام دىنىدا مال ـ مۈلۈك ئورنىدا ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان) نەرسە بىلەن كېلىشىم تۈزدى. (شۇڭا قاتىلنىڭ دىيەت ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن ھېچقانداق نەرسە بېرىشى لازىم ئەمەس).

ئەگەر سەھۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىل ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنىڭغا دىيەت ئۈچۈن ھاراققا ۋە توڭگۇزغا ئوخشاش (ئىسلام دىنىدا مال ـ مۈلۈك ئورنىدا ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان) بىر نەرسە بېرىشكە كېلىشىم تۈزگەن بولسا، بۇ كېلىشىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەمما بۇ ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن شەرىئەت بەلگىلەپ بەرگەن مەزكۇر دىيەتنىڭ تۈرلىرىدىن بىرىنى ئالىدۇ.

سەمەد ئۆزىنىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگىسى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ كېلىش ئۈچۈن، ياكى ئۇستىدىكى قەرز مەيلى ئۆلچەم بىلەن ئۆلچۈنىدىغان نەرسە بولسۇن، مەيلى تارازى بىلەن تارتىلىدىغان نەرسە بولسۇن، ئۇستىدىن دەۋا قىلغان قەرز ئىگىسى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ كېلىش ئۈچۈن ماخمۇتنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن ۋە (ماخمۇت بېرىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگىسى بىلەن دىيەت ئۈچۈن بىر نەرسە بېرىشكە ياكى قەرزنىڭ ئىگىسى بىلەن قەرزگە ھېسابلاپ بىر نەرسە بېرىشكە كېلىشىم) تۈزۈشكەن بولسا، مەيلى دىيەت ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگىسىگە بېرىلىدىغان نەرسە بولسۇن، مەيلى قەرزنىڭ ئىگىسىگە بېرىلىدىغان نەرسە بولسۇن، ئۇ نەرسىنى ماخمۇدنىڭ ئەمەس سەمەدنىڭ بېرىشى لازىم بولىدۇ. چۈنكى ماخمۇدنىڭ دەۋا ئىگىلىرى بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمى پەقەت سەمەددىن قىساس ئېلىشنى بىكار قىلىۋېتىش ياكى قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزنىڭ بىرقىسمىنى كەچۈرۈۋېتىشى ئۈچۈندۇر. ماخمۇت بۇ كېلىشىمدە سەمەد بىلەن دەۋا ئىگىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئەلچىدۇر. (شۇڭا كېلىشكەن نەرسىنى دەۋا ئىگىلىرىگە ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇش ماخمۇتنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ). ئەمما ماخمۇت كېلىشىمدە دەۋا ئىگىلىرىگە بېرىلىشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىنى ئۇلارغا ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇشقا كېپىل بولغان بولسا، بۇ ھالدا دەۋا ئىگىلىرىگە ئۇ نەرسىنى ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇش مەسئۇلىيىتى ماخمۇتنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ ۋە ماخمۇت ئۇلارغا بەرگەن نەرسىنى سەمەددىن ئالىدۇ. يەنە ئايالنى ئۇنىڭغا

بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن تالاق قىلىۋەتمەكچى بولغان ئادەم تەرىپىدىن ۋەكىل قىلىنغان ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن مەسىلىدىكى ۋەكىل ماخمۇتنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش[1].

شۇنىڭدەك يەنە بىر كىشىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئېلىۋالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ئادەم تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئىگىسى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ كېلىشكە ۋەكىل قىلىنغان ئادەم، ئەگەر مال ـ دۇنيانىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىدا مال ـ مۈلۈك بېرىشكە كېلىشىم تۈزگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ مال ـ دۇنيانىڭ ئىگىسىگە كېلىشىمدە بېرىلمەكچى بولغان نەرسىنى ۋەكىل بولۇپ بارغان ئادەمنىڭ بېرىشى لازىم. ۋەكىل كېلىشىمدە بېرىلمەكچى بولغان ئۇ نەرسىنى مال ـ دۇنيانىڭ ئىگىسىگە بېرىدۇ ۋە بېرىپ ئۇنى ئۆزىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن ئادەمدىن ئېلىۋالىدۇ. چۈنكى بۇ كېلىشىمنىڭ ھۆكمى خۇددى سودا ـ سېتىقنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. سودا ـ سېتىقتا پۈتۈن مەسئۇلىيەتلەر سودا ـ سېتىققا بىۋاستە قول تىققان ئادەمنىڭ، ياكى شۇنىڭ مەرتىۋىسىدىكى ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ۋەكىل بىر كىشىنىڭ مال ـ دۇنياسىنى ئېلىۋالغانلىقىنى (ئىقرار قىلغان ئەمەس) ئىنكار قىلىپ تۇرغان ئادەم تەرىپىدىن كېلىشىم تۈزۈشكە ئەۋەتىلگەن بولسا، بۇ كېلىشىم مەيلى مال ـ دۇنيانىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىدا مال ـ مۈلۈك بېرىشكە تۈزۈلگەن كېلىشىم بولسۇن، مەيلى مال ـ مۈلۈكتىن باشقا نەرسە بېرىشكە تۈزۈلگەن كېلىشىم بولسۇن، ۋەكىلگە دەۋا ئىگىسى ئۈچۈن كېلىشىمدە تۈزۈلگەن نەرسىنى بېرىش لازىم ئەمەس. (يەنى بۇنى بېرىش ئۇنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن ئادەمگە لازىمدۇر).

قولىدا ھېچقانداق پاكىتى يوق تۇرۇپ بىر قورۇنىڭ ۋەقپە قىلىنغان قورۇ ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىۋاتقان ئادەم بىلەن ئۇ دەۋانى ئىنكار قىلىۋاتقان بىر كىشى (ئۇ قورۇنىڭ ئورنىغا ئۇ ئادەمگە بىر نەرسە بېرىشكە) كېلىشىم تۈزگەن بولسا، بۇ كېلىشىم توغرا كېلىشىم ھېسابلانمايدۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ (قورۇنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن نەرسىنى) ئېلىشىمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى كېلىشىم تۈزۈشۈپ كېلىشىمدە ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان نەرسىنى ئالىدىغان ئادەم، ئۇ نەرسىنى (قارشى تەرەپنىڭ ئۈستىدىكى) ئۆزەمنىڭ ھەققى، دەپ گۇمان قىلغان

(1) ئايالىنى ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن تالاق قىلىۋەتمەكچى بولغان ئادەم تەرىپىدىن ۋەكىل قىلىنغان ئادەم، ئەگەر كېلىشىمدە ئايالنىڭ ئىگىلىرىگە بېرىلىشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىنى ئۇلارغا ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇشقا كېپىل بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارغا ئۇ نەرسىنى ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇش مەسئۇلىيىتى ۋەكىلنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلىشقا كېپىل بولمىغان بولسا، ئۇ نەرسىنى ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇش مەسئۇلىيىتى ۋەكىلنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ. ت.

نەرسىنىڭ ئورنىغا ئالىدۇ. بۇ خۇددى قارشى تەرەپكە بىر نەرسە بېرىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن بىر نەرسە ئالغانغا ئوخشاش. ۋەقپە قىلىنغان نەرسىلەردە ئۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى بىر كىشىگە ئاتاپ ۋەقپە قىلىنغان نەرسىنى، ئۇ كىشى ئۆز مۈلكى قىلىۋالالمايدۇ. شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ ۋەقپە قىلىنغان ئۇ نەرسىنى سېتىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەسىلىدە ھېلىقى ئادەم ۋەقپە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىۋاتقان قورۇ ھەقىقەتەن ۋەقپە قىلىنغان قورۇ بولسا، ئۇنى باشقا نەرسە بىلەن ئالماشتۇرۇش توغرا ئەمەس. شۇڭا ئۇ قورۇنىڭ ۋەقپە قىلىنغان قورۇ ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىۋاتقان ئادەم (ئۆزىنىڭ بۇ دەۋاسىدىن ۋازكېچىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن) كېلىشىمدە قورۇنىڭ ئورنىغا ئالغان بەدەلنى ھەقسىز ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دەۋاسىدىن ۋازكېچىشى ئۈچۈن پارە ئېلىشى ھەر ھالدا توغرا بولمايدۇ.

ئۈستىدىن دەۋا ئېچىلغان ئادەم، ئېچىلغان دەۋاغا ئىنكار قىلغان ھالەتتە تۈرۈپ تۈزۈلگەن كېلىشىمدىن كېيىن، دەۋاگەرنىڭ كېلىشىم تۈزۈلۈشتىن بۇرۇن: مېنىڭ پالانى ئادەمنىڭ ئۈستىدە ھېچبىر ھەققىم يوق، دېگەنلىكى ھەققىدە پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، كېلىشىم يەنە كۈچگە ئىگە بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى (ئۇ ئادەمنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتنى قوبۇل قىلىش) زىتلىكنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا ئۈستىدىن دەۋا ئېچىلغان ئادەم ئۈستىدە خۇددى بىرسىنىڭ ھەققى يوق ئادەمدەك كۆرۈنمەيدۇ. ئەگەر دەۋاگەر كېلىشىمدىن كېيىن: ئۈستىدىن دەۋا ئېچىلغان ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۈستىدە مېنىڭ ھېچقانداق ھەققىم يوق، دېسە، بۇ ھالدا تۈزۈلگەن كېلىشىم ئەمەلدىن قالىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بىر كىشىنىڭ ئۈستىدە بىر تال كىيىمنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان كىشى ئۇ ئادەم بىلەن (بىر نەرسىگە كېلىشىپ) كېلىشىم تۈزگەن، ئاندىن ئۇ ئادەمنىڭ: ئۇنىڭ ئۈستىدە مېنىڭ ھەققىم يوق، دەپ ئىقرار قىلغانلىقىغا پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ ئىقرارنى كېلىشىم تۈزۈلۈشتىن بۇرۇن قىلغان بولسا، تۈزۈلگەن كېلىشىم كۈچكە ئىگە بولۇۋېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ ئىقرارنى كېلىشىم تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن قىلغان بولسا، تۈزۈلگەن كېلىشىم ئەمەلدىن قالىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن قىلىنغان دەۋانىڭ ھەممە تەرەپتىن شەرتكە

تۈرۈشى شەرت ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر قورۇنىڭ ئىچىدە قانچىلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم بولغان ھەققىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلغان، ئاندىن ئۇ ئادەم قورۇ ئىگىسى بىلەن كېلىشىپ كېلىشىم تۈزگەن بولسا، بۇ توغرا كېلىشىم ھېسابلىنىدۇ. قانچىلىك ئىكەنلىكى نامەلۇم بولغان بىر ھەق ئۈستىدە قىلىنغان دەۋانىڭ ھەممە تەرەپتىن شەرتكە توشقان دەۋا بولمىغانلىقىدا شەك يوق. بۇ ھەممە تەرەپتىن توغرا بولمىغان دەۋانى، ھەممە تەرەپتىن شەرتكە توشمىغان دەۋا بىلەن ئوخشاش قارىغانلىق ئەمەس. چۈنكى ھەممە تەرەپتىن توغرا بولمىغان دەۋا ئۈستىدە تۈزۈلگەن كېلىشىم توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. مەسىلەن: جازالار ياكى جازانە ياكى داخانىنىڭ ئىش ھەققى ياكى مېيىت ئۈچۈن ئۈنسىلىپ يىغلىغۇچى ئايالنىڭ ئىش ھەققى، ياكى ناخشىچى ئايالنىڭ ئىش ھەققى ئۈستىدىن قىلىنغان (ھەممە تەرەپتىن توغرا بولمىغان) دەۋادا تۈزۈلگەن كېلىشىم توغرا، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

بىر ئادەم سۈدىن پايدىلىنىش ھەققىنىڭ ياكى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكلىك ھەققىنىڭ[1]، ياكى ئۆزى بىلەن قوشنىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى تامنىڭ ئۈستىگە ياغاچ قويۇش ھەققىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكى ھەققىدە دەۋا قىلغان، ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەم (بۇ ھەقنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئەمەسلىكى) ھەققىدە قەسەم قىلىپ بېرىشنىڭ بەدىلىگە ئۇ ئادەمگە بىر نەرسە بېرىشكە كېلىشكەن بولسا، بۇ كېلىشىم توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئەسلىدە قانداق ھەقنى دەۋا قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن بولسا بولسۇن، (ئۈستىدىن دەۋا ئېچىلغان) ئادەم (ئۇ ھەقنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئەمەسلىكى ھەققىدە) قەسەم قىلىشقا تەكلىپ قىلىنسا، ئۇ ئادەمنىڭ پۇل بېرىپ بولسىمۇ قەسەم قىلىشتىن قوتۇلۇپ قېلىشى توغرىدۇر. ھەتتا بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ئۇنىڭغا ئەدەبلەپ قويۇش جازاسى بېرىلىش ھەققىدە دەۋا قىلىنغان ۋە ئۇ ئادەمگە (دەۋا ئىگىسىنىڭ ھەقلىق ياكى ھەقلىق ئەمەسلىكى ھەققىدە) قەسەم قىلىش تەكلىپى قويۇلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ پۇل بېرىپ قەسەم قىلىشتىن قوتۇلۇپ قېلىشى توغرىدۇر. ئەمما دەۋا جازالار ۋە نەسەب ھەققىدە قىلىنغان ۋە ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەم (دەۋا ئىگىسىنىڭ ھەقلىق ياكى ھەقلىق ئەمەسلىكى ھەققىدە) قەسەم قىلىش تەكلىپى قويۇلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ پۇل بېرىپ قەسەم قىلىشتىن

(1) بىر ئادەم بىر نەرسىگە قوشنا بولۇپ ئۆلتۈرغانلىق ياكى شېرىك بولغانلىق سۈپۈتى بىلەن، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن ئۇ نەرسىنى مەجبۇرىي قايتۇرۇپ ئېلىش ھەق ـ ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. ت.

قوتۇلۇپ قېلىشى توغرا ئەمەس.

ئەگەر كېلىشىم بويىنىدىكى قەرزگە نەخ بىر نەرسە بېرىش توغرىسىدا تۈزۈلگەن بولسا، بۇ كېلىشىم ئىككى تەرەپنىڭ بۇزۇۋېتىشى بىلەن بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر كېلىشىم بىر ئادەمنىڭ (بىر كىشىنىڭ ئۈستىدىكى) بەزى ھەققىنى ئېلىش ياكى بەزى ھەققىنى كەچۈرۈۋېتىش توغرىسىدا تۈزۈلگەن بولسا، بۇ كېلىشىمدىن يېنىۋېلىش ياكى ئۇنى بۇزۇۋېتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى كەچۈرۈۋېتىلگەن ھەق كەينىگە تەكرار قايتىپ كەلمەيدۇ.

ئۈستىدىن دەۋا ئېچىلغان ئادەم قەسەم قىلىپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن تۈزۈلگەن كېلىشىممۇ توغرا ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ ئۈستىدە مال ـ دۇنياسىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلغان، ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان كىشى بۇنىڭغا ئىنكار قىلغان ۋە قەسەم قىلىپ بەرگەن، ئاندىن دەۋاگەر بۇ دەۋانى يەنە باشقا قازىنىڭ يېنىغا بېرىپ قىلغان، ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئۇ كىشى بۇنىڭغا يەنە ئىنكار قىلغان ۋە بۇ دەۋانى تۈگۈتۈش ئۈچۈن دەۋا ئىگىسى بىلەن (ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرىش ھەققىدە) كېلىشىم تۈزگەن بولسا، بۇ كېلىشىم توغرا كېلىشىم دەپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر دەۋاگەر كېلىشىم تۈزۈلۈپ بولغاندىن كېيىن بۇرۇن ھەققىدە دەۋا قىلغان نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ (ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەمنىڭ قولىدا تېخى بارلىقى) ھەققىدە پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، بۇ پاكىت قوبۇل قىلىنمايدۇ. لېكىن دەۋا ئەگەر يېتىم بالىنىڭ مال ـ مۈلكىگە قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەمنىڭ (ئۇ مال ـ مۈلۈكتىن يېۋالغانلىقى توغرىسىدا) بولۇپ ئۇ ئادەم بۇنىڭغا ئىنكار قىلغان ۋە كېيىن ئۇ ئادەم ئۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ بىر قىسمىنى بېرىشكە كېلىشىم تۈزۈشكەن، ئاندىن يېتىم بالا ئۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ (ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدا بارلىقىغا) پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، بۇ ھالدا بۇ پاكىت قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى يېتىم بالىنىڭ ئۆز مال ـ مۈلكىگە قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەم بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەن ۋاقتىدا، ئۇ پاكىت ئارقىلىق ئۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ يېنىدا بارلىقى ئاشكارا بولدى. بۇ بىر ئالدامچىلىق بولۇپ ئالدامچىلىق ئارىلىشىپ قالغان كېلىشىم توغرا كېلىشىم ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ يېتىم بالا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن پاكىت كۆرسەتسىمۇ، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتى يەنە قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ يېتىم بالا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان

ھېلىقى ئادەمنىڭ قەسەم قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلسا، ئۇ ئادەم قەسەم قىلىپ بېرىشكە بۇيرۇلمايدۇ. چۈنكى قەسەم قىلىپ بېرىش دەۋا قىلىنغان نەرسىنىڭ بەدىلى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر يېتىم بالا ئۇ ئادەمنى قەسەم قىلدۇرسا، بالا دەۋا قىلغان نەرسىنىڭ بەدىلىنى تولۇق ئېلىپ بولغان ھېسابلىنىدۇ.

قىلىنغان دەۋا ھەققىدە كېلىشىم تۈزۈشنى ۋە ئۇ دەۋادىن قوتۇلۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلىش بۇرۇنقى دەۋردىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا دەۋانىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. كېيىنكى دەۋردىكى ئالىملار بۇ قاراشقا قېتىلمىدى. بۇ ھەقتىكى توغرا قاراش بولسا بۇرۇنقى دەۋردىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما مال ـ مۈلۈك ھەققىدە قىلىنغان دەۋادا مال ـ مۈلۈك بېرىش ھەققىدە كېلىشىم تۈزۈشنى ۋە بۇ دەۋادىن قوتۇلۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلىش (ئۇ مال ـ مۈلۈكنى) ئالغانلىقنى ئىقرار قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بىر ئادەم سېتىپ ئالغان نەرسىدە ئەيىب چىقىپ قالدى، دەپ ئۇنى ساتقان ئادەم بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ (ئۇ ئادەمدىن بىر نەرسە ئالغان)، ئاندىن ئۇ نەرسىدە ھېلىقى ئەيىب كۆرۈلمىگەن، ياكى يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا كېلىشىم بىكار بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇنى ساتقان ئادەمدىن ئالغان نەرسىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر قۇلنى سېتىۋالغان ئادەم ئۇ قۇلنىڭ ئۈستىدە باشقىلارنىڭ قەرز پۇلىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلغان، بۇ ھەقتە كېلىشىم تۈزۈپ قۇلنى ساتقان ئادەمدىن بىر نەرسە ئالغان ۋە كېيىن ئۇ قۇلنىڭ ئۈستىدە قەرزنىڭ يوقلىقى ئاشكارا بولۇپ چىققان بولسا، بۇ ھالدىمۇ كېلىشىم بىكار بولۇپ كېتىدۇ ۋە دەۋاگەر قۇلنى ساتقان ئادەمدىن ئالغان نەرسىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ.[1]

# چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن كېلىشىم

بۇنىڭدىن مىراسخورلارنىڭ ئۆزلىرى ئىچىلىرىدىن بىرىنى ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزۈش ئارقىلىق مىراس ئېلىشتىن چىقىرىۋېتىش ئىشى، كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مىراسنى ئۈلۈشتىن بۇرۇن ئەگەر باشقا مىراسخورلار بىر مىراسخورنىڭ ھەققىنى بىكار قىلىۋەتسە، ئۇنىڭ مىراستىكى ھەققى چۈشۈپ كېتىدۇ. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ مىراستىكى ھەققى بىكار قىلىۋەتسىمۇ چۈشۈپ

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 ـ توم، 479 ـ بەت.

كەتمەيدىغان دەرىجىدىكى كۈچلۈك ھەقلەردىن ئەمەس. بۇ خۇددى ئۇرۇش قىلغان ئادەمنىڭ ئۆلجىدىكى ھەققىگە ئوخشايدۇ. ئۇرۇش قىلغان ئادەمنىڭ ئۆلجىدىكى ھەققىمۇ ئولجىنى ئۈلۈشۈشتىن بۇرۇن باشقىلارنىڭ بىكار قىلىۋېتىشى بىلەن چۈشۈپ كېتىدۇ.

مىراسخورلار ئىچىلىرىدىن بىر مىراسخورنى (بۇغدايقا، قۇناققا ۋە رەخكە) ئوخشاش نەرسە ـ كېرەكلەردىكى ھەسسىسىدىن ياكى يەر ـ زېمىندىكى ھەسسىسىدىن پۇل بېرىش بىلەن ياكى ئالتۇندىكى ھەسسىسىدىن كۈمۈش بېرىش بىلەن ياكى كۈمۈشتىكى ھەسسىسىدىن ئالتۇن بېرىش بىلەن ياكى تىللادىكى ھەسسىسىدىن يامبۇ بېرىش بىلەن، ياكى يامبۇدىكى ھەسسىسىدىن تىللا بېرىش بىلەن مىراسخورلۇقتىن چىقىرۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ مىراستىكى ھەسسىسى باشقا خىلدىكى نەرسە ۋە ئۇنىڭغا بېرىلگەن نەرسە باشقا خىلدىكى نەرسە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ چىقىرۋېتىش توغرا ھېسابلىنىدۇ. لېكىن مىراسخورنى ئالتۇندىكى ھەسسىسىدىن كۈمۈش بېرىش بىلەن ياكى كۈمۈشتىكى ھەسسىسىدىن ئالتۇن بېرىش بىلەن ياكى تىللادىكى ھەسسىسىدىن يامبۇ بېرىش بىلەن، ياكى يامبۇدىكى ھەسسىسىدىن تىللا بېرىش بىلەن مىراسخورلۇقتىن چىقىرۋاتقان چاغدا، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە مىراسخورلارمۇ ئۇنىڭ ھەسسىسنى بېرىشى ۋە مىراستىن چىقىرۋېتىلگەن مىراسخورمۇ ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنىڭ بەدىلىگە بېرىلمەكچى بولغان نەرسىنى قولغا ئېلىشى شەرتتۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ مىراسخورنىڭ ھەسسىسى مەيلى ئالتۇن بولسۇن، مەيلى كۈمۈش بولسۇن، مەيلى ئالتۇندىن ياكى كۈمۈشتىن سوقۇلغان پۇل بولسۇن، مەيلى باشقا نەرسە بولسۇن، ئۇنىڭغا مىراستىكى ھەسسىسىنىڭ ئورنىغا ئالتۇن ياكى كۈمۈش بېرىپ چىقىرۋېتىلگەن چاغدا، جازانىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئالتۇن ياكى كۈمۈشنىڭ ئۇنىڭ مىراستىكى ھەسسىسىدىن كۆپ بولۇشى شەرتتۇر.

كېلىشىم ئالتۇن ـ كۈمۈش ياكى تىللا ۋە يامبۇلار ئۈستىدە بولغان ۋاقىتتا، بۇلارنى كېلىشىم بۇلۇۋاتقان ئورۇنغا ئېلىپ كېلىش ۋە مىراستىن چىقىرۋېتىلىدىغان مىراسخورنىڭ ئۆزىنىڭ مىراستىكى ھەسسىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم.

ئەگەر مىراسخورلار ئۇ مىراسخورنى ئۇنىڭ مىراستىكى ھەسسىسىگە (بۇغدايقا، قۇناققا ۋە رەخكە) ئوخشاش نەرسە ـ كېرەكلەر بېرىپ مىراستىن

چىقىرۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلگەن نەرسە مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى چىق بولسۇن، مەيلى ئۇنى كېلىشىم تۈزۈلگەن يەردە قولىغا تاپشۇرۇپ ئالسۇن، مەيلى ئالمىسۇن، جازانىگە چۈشۈپ قېلىشنىڭ ئېھتىمالى بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ چىقىرۋېتىش توغرا بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر مىراسخورلار بىر ئادەمنىڭ مىراسخور ئىكەنلىكىگە ئىنكار قىلغان ۋە (ئۇنىڭ مىراسخورلۇقنى دەۋا قىلماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر نەرسە بەرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭغا بېرىلگەن نەرسە مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى چىق بولسۇن، مەيلى كېلىشىم تۈزۈلگەن يەرگە ئېلىپ كېلىنسۇن، مەيلى ئېلىپ كېلىنمىسۇن توغرا بولىدۇ). چۈنكى ئۇنىڭغا بېرىلگەن نەرسە ئۇنىڭ مىراستىكى ھەسسىسىنىڭ بەدىلى ئەمەستۇر. ئۇ پەقەت ئۇنىڭغا ئۇنىڭ دەۋاسىنى ئاياغلاشتۇرۇش ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسىدۇر.[1]

مېيىتنىڭ باشقىلاردا قەرز پۇللىرى بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ ئۆز ئىچىللىرىدىن بىرەر مىراسخورنى مىراستىن چىقىرۋېتىش ئۈچۈن تۈزۈلگەن كېلىشىم ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر باشقىلارنىڭ مېيىتنىڭ ئۈستىدە قەرزى بولسا، قەرز باشقا مىراسخورلارغا قېلىش شەرتى بىلەن مىراسخورلارنىڭ بىرى مىراستىكى ھەسسىسىدىن كېلىشىم بىلەن چىقىپ كېتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ ھالدا كېلىشىم بىلەن مىراستىن چىقىپ كەتكەن مىراسخورنىڭ قەرزدىكى ھەسسىسى باشقا مىراسخورلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئۈستىدىمۇ قەرزدىن ھەسسىلەر بار. ئۈستىدە قەرز بار ئادەملەرنىڭ ئۈستىگە قەرز يۈكلەپ قويۇش خاتادۇر. ئاندىن بۇ خاتالىق (كېلىشىم بىلەن چىقىپ كەتكەن مىراسخورنىڭ مەيلى ئۆز ھەسسىسى بولسۇن، مەيلى قەرزدىن ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدىغان ھەسسىسى بولسۇن،) ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە: مېيىتنىڭ ئۈستىدىكى قەرزلەردىن كېلىشىم بىلەن چىقىپ كەتمەكچى بولغان مىراسخورغا تېگىشلىك بولغان ھەسسە مەيلى بايان قىلىنسۇن، مەيلى بايان قىلىنمىسۇن، بىرەر مىراسخورنىڭ كېلىشىم بىلەن مىراستىن چىقىپ كېتىشى توغرا ئەمەستۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئەگەر مېيىتنىڭ قەرزلىرىدىن ئۇ مىراسخورنىڭ تۆلۈشى ئۈچۈن تېگىشلىك بولغان ھەسسىنىڭ قانچىلىك

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 4 ـ توم، 481 ـ بەت.

ئىكەنلىكى ئېنىق بولغان ۋە ئۇ مىراسخورغا كېلىشمەدە بېرىشكە تېگىشلىك بولغان پۇلدىن شۇ مىقداردىكى پۇل چىقىرۋېتىلگەن بولسا، پۇلنىڭ قالغان قىسمى ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلغان كېلىشىم توغرا كېلىشىم ھېسابلىنىدۇ.[1]

ئەگەر مېيىت قالدۇرۇپ كەتكەن پۈتۈن مال ـ مۈلۈك پەقەت ئۇنىڭ قەرزىگە يېتىدىغان بولسا، بۇ ھالدا مىراسخورلارنىڭ بىرەرسىنىڭ مىراستىن چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن كېلىشىم تۈزۈش ۋە ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈكنى مىراسخورلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىش توغرا ئەمەس. لېكىن مىراستىن چىقىپ كەتكەن ھېلىقى مىراسخور، ئەگەر (مىراسخورلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ بولغان مال ـ مۈلۈكنى) قايتا يېغىپ ئولتۇرماستىن مېيىتنىڭ قەرزىگە ئۆزىنىڭ كېپىل بولغانلىقىنى دېگەن ياكى يات بىر ئادەم قەرز ئىگىللىرىنىڭ مېيىتنىڭ پۈتۈن قەرزىدىن ۋازكەچكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش شەرتى بىلەن (مېيىتنىڭ قەرزىگە) كېپىل بولغان، ياكى قەرز ئىگىللىرىگە قەرز (مېيىت قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈكتىن ئەمەس) باشقا مال ـ دۇنيادىن تۆلەپ بېرىلگەن بولسا، بۇ ھالدا مىراسخورلارنىڭ بىرەرسىنىڭ مىراستىن چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن كېلىشىم تۈزۈش ۋە مېيىت قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈكنى مىراسخورلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىش توغرىدۇر.

ئەگەر مېيىتنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلكى ئۇنىڭ قەرزىنى بېرىشكە يېتىپ يەنە ئېشىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ قەرزىنى بېرىشتىن بۇرۇن مىراسخورلارنىڭ بىرەرسىنىڭ مىراستىن چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن كېلىشىم تۈزۈلۈشى ياخشى ئەمەستۇر. ئەگەر مېيىتنىڭ قەرزى بېرىلىشتىن بۇرۇن ئۇ كېلىشىم تۈزۈلسە ۋە مال ـ مۈلۈك مىراسخورلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنسا، بۇ ھەم توغرىدۇر. چۈنكى ئادەتتە ئۆلۈپ قالغان ھەر قانداق بىر ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈك ئازراق بولسىمۇ قەرزدىن خالىي ئەمەس. ئەگەر مال ـ مۈلۈك ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ قەرزى بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن مىراسخورلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ، دەپ مال ـ مۈلۈك مىراسخورلار ئارىسىدا تەقسىم قىلىنماي توختۇتۇلۇپ قويۇلسا، بۇ مىراسخورلار ئۈچۈن زەرەرلىكتۇر. شۇڭا ھەتتا قەرزنى بېرىش ئۈچۈن تەقسىم قىلىنىپ بولغان مال ـ مۈلۈكنى قايتا تەكرار يېغىپ ئولتۇرماسلىق ئۈچۈن ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن پەقەت قەرزنى بېرىشكە يەتكۈدەك مىقداردا مال ـ مۈلۈك قالدۇرۇپ قويۇپ (قالغان مال ـ مۈلۈكلەر مىراسخورلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ).

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 481 ـ بەت.

ئەگەر بىرەر مىراسخورنىڭ مىراستىن چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن يېزىشقان ھۆججىتىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن مال - مۈلۈكتە باشقىلارنىڭ قەرزى، بار دەپ يېزىلسۇن ياكى يېزىلمىسۇن، ئۇنىڭ مىراسخورلۇقتىن چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن (ياغاچقا ياكى قويغا) ئوخشاش جىسىملىك نەرسە ئېلىشقا كېلىشىم تۈزۈشۈپ مىراسخورلۇقتىن چىقىپ كېتىشى توغرىدۇر.

بىر ئادەم ئۆلگەن، ئۇنىڭدىن مىراس ئالىدىغان ئادەملەردىن بىر ئايالى، بىر قىزى ۋە تاغىسىنىڭ ئۈچ ئوغلى بولغان، بۇ مىراسخورلار ئۇ ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن مال - مۈلۈكلەرنى ئارىلىرىدا تەقسىم قىلىشقان، ئاندىن مىراسخورلار ئۇ ئادەمنىڭ ئايالىنىڭ قول ئاستىدىكى ئۆينىڭ (ئايالغا تەۋە ئەمەس) ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمگە تەۋە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان، ئايال بۇنىڭغا ئىنكار قىلغان ۋە كېيىن ئۇ ئايال (ئۇلارنىڭ دەۋانى توختۇتۇشى ئۈچۈن) ئۇلارغا مەلۇم مىقداردا پۇل بېرىپ ئۇلارنىڭ بىلەن كېلىشكەن بولسا،

س: بۇ پۇل ئۇلار ئارىسىدا ئۇلارنىڭ مىراستىكى ئۈلچىمى بويىچە تەقسىم قىلىنامدۇ ياكى ئادەم بېشىغا قاراپ تەقسىم قىلىنامدۇ؟

ج: ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىدىن ئۇ پۇل ئۇلارغا ئۇلارنىڭ مىراستىكى ئۈلچىمى بويىچە تەقسىم قىلىنىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

مىراسخورلار كېلىشىم تۈزۈشۈش ئارقىلىق ئىچىلىرىدىن بىرەر مىراسخورنى مىراسخورلۇقتىن چىقارۋاتقان، ئاندىن مېيىتنىڭ ئۇلار بىلمەيدىغان قەرزىنىڭ بارلىقى ياكى دۇنياسىنىڭ بارلىقى ئاشكارا بولۇپ چىققان بولسا،

س: مەيلى قەرز بولسۇن، مەيلى مال - دۇنيا بولسۇن، مەزكۇر كېلىشىمنىڭ ئىچىگە كىرەمدۇ؟

ج: توغرا دەپ قارالغان قاراشقا ئاساسەن مەيلى قەرز بولسۇن، مەيلى مال - دۇنيا بولسۇن، مەزكۇر كېلىشىمنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ ۋە كېلىشىمۇ بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر مىراسخورلار ئىچىللىرىدىن بىرەر مىراسخورنى مىراس ئېلىشتىن چىقىرۋەتكەن ۋە ئۇنىڭ مىراس ئېلىشتىن چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېرىلگەن مال - مۈلۈك مىراسنىڭ مال - مۈلكىدىن ئەمەس باشقا مال - مۈلۈكتىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ مىراستىكى ھەسسىسى مىراسخورلار ئارىسىدا ئادەم بېشىغا

قارىتا (يەنى ئوغۇل ـ قىز ئايرىلماستىن ئوخشاش) تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا بېرىلگەن مال ـ مۈلۈك مىراسنىڭ مال ـ مۈلكىدىن بولغان بولسا، ئۇنىڭ مىراستىكى ھەسسىسى مىراسخورلار ئارىسىدا (ئادەم بېشىغا قارىتا ئەمەس) ئۇلارنىڭ مىراستىكى ئۈلچىمى بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ. (يەنى بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ ھەسسىسى بېرىلىدۇ).

ئەگەر مىراسخورلارنىڭ بىرى كېلىشىم تۈزۈشۈپ مىراس ئېلىشتىن چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ماڭا ـ تەۋە بىر نەرسە قالمىدى، دېگەن، ئاندىن (مىراسقا تەۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىچىدە مىراسخورلار بىلمەيدىغان) بىر نەرسىنىڭ بارلىقى ئاشكارا بولغان بولسا، ئۇ مىراسخورنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلغان دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنامدۇ؟ بۇ ھەقتە ئىككى خىل قاراش بولۇپ بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ توغرۇسى، ئۇ نەرسىنى تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ ئىچىگە كىرمىدى، دەپ تۇرۇپ ئۇ مىراسخورنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلغان دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنىدۇ، دېگەن قاراشتۇر. بۇ ئەگەر قالغان مىراسخورلار ئۇ نەرسىنىڭ مىراسقا تەۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىچىدىن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر قالغان مىراسخورلار ئۇ نەرسىنىڭ مىراسقا تەۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىچىدىن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىسا، ئۇ مىراسخور: ماڭا ـ تەۋە بىر نەرسە قالمىدى، دەپ ئىلان قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ دەۋاسىغا قۇلاق سېلىنمايدۇ. ئەمما مىراسخورلارنىڭ بىرەرسى كېلىشىم ئارقىلىق مىراس ئېلىشتىن چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن باشقا بىرسىنىڭ مېيىتنىڭ ئۈستىدە قەرزى بارلىقى ئاشكارا بولسا، ئۇ قەرز، تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ، دېگەن قاراشقا ئاساسەن تۈزۈلگەن كېلىشىم بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ ۋە ئۇ قەرز ھەممە مىراسخورلارنىڭ ئۈستىگە ئوخشاش تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇ قەرز، تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ، دېگەن قاراشقا ئاساسەن تۈزۈلگەن كېلىشىم بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇ كېلىشىم بۇ ھالدا خۇددى كېلىشىم تۈزۈلگەن ۋاقىتتا مېيىتنىڭ ئۈستىدە باشقىسىنىڭ قەرزىنىڭ بارلىقى ئېنىق بولغان ھالەتكە ئوخشاش بولىدۇ. (يەنى بۇ ھالەتتە تۈزۈلگەن كېلىشىممۇ توغرا، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايتتى، شۇنىڭدەك ئۇ كېلىشىممۇ توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ). لېكىن كېلىشىم ئەگەر (مېيىت قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىچىدە) قەرزدىن باشقا نەرسىلەر ئۈستىدە تۈزۈلگەن بولسا، بۇ ھالدا (كېيىن مېيىتنىڭ ئۈستىدە كۆرۈلگەن قەرز) ئۇ كېلىشىمگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار».

# قەرز پۇل ئۆستىدە قىلىنغان كېلىشىمنىڭ بايانى

بىر ئادەمنىڭ بىر كىشىنىڭ ئۆستىدىكى ھەققى مەيلى (سېتىپ بەرگەن نەرسىنىڭ پۇلىغا ۋە قەرزگە بەرگەن پۇلغا ئوخشاش) پۇل بولسۇن، مەيلى ئۇ ئادەمدىن ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە بولسۇن، ئەگەر ئۇ كىشى ئۆستىدىكى ئۇ ئادەمگە تەۋە ھەقدىن ئۇنىڭغا بىر قىسمىنى بەرسە، قالغان قىسمىدىن كېچىۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشى بىلەن كېلىشىم تۈزۈشى ئۇنىڭ ھەققىنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىش ۋە قالغان قىسمىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ جازانە يېيىش ئۈچۈن پۇل ئالماشتۇرۇش ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەق ئىگىسى ئادەمنىڭ قارشى تەرەپتىن ئالماقچى بولغان مال ـ مۈلكىنىڭ، ئۇنىڭ قارشى تەرەپتىكى كىشىنىڭ ئۆستىدىكى ھەققىدىن ئارتۇق بولۇش ئۈچۈن كېلىشىم تۈزۈش توغرا ئەمەس.

بېرىش ۋاقتى كەلگەن 1000 سوم پۇلىنىڭ ئورنىغا شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە 100 سوم بېرىشكە ياكى بىر مۇددەتتىن كېيىن 1000 سوم پۇل بېرىشكە كېلىشىم تۈزۈلگەن ۋە كېلىشىمدە بېرىلمەكچى بولغان پۇلنى شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئېلىش شەرت قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئۇ توغرا كېلىشىم ھېسابلىنىدۇ. (نەخ بار) يامبۇنىڭ ئورنىغا بىر مۇددەتتىن كېيىن تىللا ئېلىش ئۈچۈن كېلىشىم تۈزۈشۈش توغرا ئەمەس. چۈنكى تىللا بىلەن يامبۇ بىر خىلدىكى پۇللاردىن ئەمەس. (يەنى تىللا ئالتۇندىن، يامبۇ بولسا كۈمۈشتىن سوقۇلىدۇ). يامبۇنىڭ ئورنىغا تىللا ئېلىش پۇل ئالماشتۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. پۇل ئالماشتۇرۇشتا بىرى نەخ يەنە بىرى نېسى بولسا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك بېرىلىش ۋاقتى بىر مۇددەتتىن كېيىن كېلىدىغان 1000 سوم پۇلنىڭ ئورنىغا شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە 500 سوم پۇل بېرىش ئۈچۈن كېلىشىم تۈزۈشۈش توغرا ئەمەس. چۈنكى 500 سوم پۇل، 1000 سوم نېسى پۇلنى نەخ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئېلىنغان بەدەل ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش بەدەل پۇللار ھارامدۇر.

ئەسلىدە ئەگەر (مەسىلەن قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردىن قەرزىنىڭ بىر قىسمىنى كەچۈرۈۋەتكىنىگە ئوخشاش) ئىگىسى قەرز تەرەپىدىن بىرەر ياخشىلىق كۆرۈلسە، بۇ پەقەت قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ياخشىلىق ھەر ئىككى تەرەپتىن (يەنى قەرزداردىن ۋە قەرز ئىگىسىدىن) كۆرۈلسە، (خۇددى سودا ـ سېتىقتا ئوخشاش) بۇ بىر

- بىرى بىلەن  مال - مۈلۈك ئالماشتۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇنىڭدا بىر - بىرى بىلەن  مال - مۈلۈك ئالماشتۇرۇشنىڭ ھۆكمى ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇنداق مال - مۈلۈك ئالماشتۇرۇشتا جازانە ياكى ئۇنىڭ شۈبھىسى كۆرۈلسە، ئۇ ئالماشتۇرۇشۇش توغرا دەپ قارالمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا جازانە ياكى ئۇنىڭ شۈبھىسى كۆرۈلمىسە، ئۇ توغرا دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ ئۈستىدىكى (مەسىلەن قەرزگە ئوخشاش) بىر ھەققى ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ھەقنىڭ ئورنىغا قىممىتى ياكى سۈپۈتى ياكى ۋاقتى جەھەتتىن تۆۋەنرەك تۇرىدىغان بىر نەرسە بېرىشكە ئۇ كىشى بىلەن كېلىشىم تۈزۈشۈشكەن بولسا، بۇ توغرا كېلىشىم ھېسابلىنىدۇ. كېلىشىم تۈزۈلگەندە، ئەگەر كېلىشىمگە مەيلى قەرز ئىگىسى تەرەپىدىن بولسۇن، مەيلى قەرزدار تەرەپىدىن بولسۇن، سۈپۈتى ياخشى نەرسىنى ياكى تىگى ياخشى نەرسىنى بېرىشكە ياكى بېرىش ۋاقتىنى ئىلگىرى سۈرگەنگە ئوخشاش قەرز ئىگىسى ھەقلىق بولمىغان ئىشلار كىرگۈزۈلسە، بۇ توغرا كېلىشىم ھېسابلانمايدۇ.

بىر قەرز ئىگىسى قەرزدارغا: سەن ئۈستىڭدىكى **1000** سوم پۇل ئۈچۈن ئەتە **500** سوم بەرسەڭ، قالغان **500** سوم قەرز پۇلدىن خالاس بولۇپ كېتىسەن، دېگەن، بۇنى قەرزدار قوبۇل قىلىپ ئەتىسى **500** سوم پۇلنى (قەرز ئىگىسىگە) بەرگەن بولسا، قەزردار قالغان **500** سوم قەرز پۇلدىن خالاس بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر قەرزدار ئەتىسى **500** سوم پۇلنى بەرمىگەن بولسا، ئۇنىڭ قەرزى بۇرۇنقى ھالىتىدە قېلىپ قالىدۇ. (يەنى **1000** سوم ھالىتىدە قېلىپ قالىدۇ). چۈنكى قەرزدار، قەرز ئىگىسىنىڭ ئەتە بەرگىن دېگەن، شەرتىكە ئەمەل قىلمىدى. ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزدارغا: سەن (ئۈستىڭدىكى **1000** سوم پۇل ئۈچۈن ئەتە **500** سوم بەرگىن دېمەي) ئۈستىڭدىكى **1000** سوم پۇل ئۈچۈن **500** سوم بەرسەڭ، قالغان **500** سوم قەرز پۇلدىن خالاس بولۇپ كېتىسەن، دېگەن بولسا، بۇ ھالدا قەرزدار ئۇنىڭغا ئەتىسى مەيلى **500** سوم پۇل بەرسۇن، مەيلى بەرمىسۇن، قەرزدار **500** سوم پۇلدىن خالاس بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى قەرز ئىگىسىنىڭ: <**500** سوم قەرز پۇلدىن خالاس بولۇپ كېتىسەن> دېگەن سۆزى قەرزدارنى قەرزدىن خالاس قىلىۋېتىش ئۈچۈن بىرەر ۋاقتىنى شەرت قىلىپ دېگەن سۆز ئەمەستۇر.

بىر قەرز ئىگىسى قەرزدارغا: سەن ماڭا ئۈستىڭدىكى قەرزنىڭ يېرىمىنى ئەتە بەرسەڭ، قالغان يېرىمىدىن خالاس بولۇپ كېتىسەن، ئەگەر سەن ئۇنى ئەتە

بەرمىسەڭ، قەرزنىڭ ھەممىسى ئۈستىڭدە قالىدۇ، دېگەن بولسا، بۇ مەسىلىنىڭ ھۆكمىمۇ خۇددى ئىلگىرىدىكى مەسىلىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. يەنى ئەگەر قەرزدار قەرزنىڭ يېرىمىنى ئەتىسى بەرسە، قەرزنىڭ قالغان قىسمىدىن خالاس بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر قەرزنىڭ يېرىمىنى ئەتىسى بىرەلمىسە، قەرزنىڭ ھەممىسى قەرزدارنىڭ ئۈستىدە قالىدۇ.

بىر قەرز ئىگىسى قەرزدارغا: سەن قەرزنىڭ يېرىمىدىن خالاسسەن، بىر شەرت سەن قەرزنىڭ قالغان يېرىمىنى ئەتە بېرىسەن، دېگەن بولسا، قەرزدار قەرزنىڭ يېرىمىنى مەيلى ئەتىسى بەرسۇن، مەيلى بەرمىسۇن قەرزنىڭ يېرىمىدىن خالاس بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى قەرز ئىگىسى قەرزدارغا: <سەن قەرزنىڭ يېرىمىدىن خالاسسەن> قەرزدارنى قەرزنىڭ يېرىمىدىن خالاس قىلىۋېتىشنى قەرزنى بېرىشكە باغلىماستىنلا خالاس قىلىۋەتتى.

ئەگەر قەرز ئىگىسى قەرزدارغا: ئەگەر سەن قەرزنىڭ يېرىمىنى ئەتە بەرسەڭ، قالغان يېرىمىدىن خالاس بولۇپ كېتىسەن ياكى قەرزنىڭ يېرىمىنى بەرگەن ۋاقتىڭدا، قالغان يېرىمىدىن خالاس بولۇپ كېتىسەن، ياكى قاچانكى قەرزنىڭ يېرىمىنى بەسەڭ، قالغان يېرىمىدىن خالاس بولۇپ كېتىسەن، دېگەنگە ئوخشاش قەرزنىڭ يېرىمىدىن خالاس بولۇپ كېتىشنى ئېنىق بىر شەرتكە باغلىغان بولسا، بۇ ھالدا قەرزدار (قەرزنىڭ يېرىمىنى بەرگەن تەقدىردىمۇ) قەزرنىڭ يېرىمىدىن خالاس بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى قەرزدىن خالاس قېلىۋېتىشنى (بەرگەن ۋاقتىدا، قاچانكى دېگەنگەن ئوخشاش) ئېنىق شەرتكە باغلاش توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ خالاس قىلىۋېتىش ئەمەس ئىگە قىلىش ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر قەرزدار قەرز ئىگىسىگە يۇشۇرۇن: ھەتتا سەن ماڭا قەرزىڭنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقىتنى كەينىگە سۈزۈپ بەرمىگىچە، ياكى قەرزىڭنىڭ بىر قىسمىنى كەچۈرۈم قىلىۋەتمىگىچە، مەن سېنىڭ مېنىڭ ئۈستۈمدە قەرز پۇلۇڭنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلمايمەن، دېگەن، ئاندىن قەرز ئىگىسى قەرزدارغا قەرزنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان ۋاقىتنى كەينىگە سۈزۈپ بەرگەن، ياكى قەرزنىڭ بىر قىسمىنى كەچۈرۈم قىلىۋەتكەن بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ شۇنداق قىلىشى توغرا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى قەرز ئىگىسى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئادەم ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى قەرز ئىگىسى، ئەگەر خالىسا ئۇنداق قىلماي، قەرزداردىن پۇلىنى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدا قەرزىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت تېپىپ كېلىپ ئالاتتى، ياكى قەرزدار قەسەم ئىچىشكە بۇيرۇلىدۇ،

ئۇ (ھەقىقەتتە قەرزدار بولغانلىقى ئۈچۈن) قەسەم ئىچىشتىن باش تارتىدۇ. (شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەرزدار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىناتتى). ئەگەر قەرزدار قەرز ئىگىسىگە يۇقىرىدا دېگەن سۆزلەرنى يۇشۇرۇن ئەمەس ئاشكارا دېگەن بولسا، بۇ ھالدا قەرزداردىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھەممە پۇل ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ مەزكۇر سۆزلەرنى ئاشكارا دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇ ئادەمگە قەرزدار ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم: ئۆزىنىڭ بىر كىشىنىڭ ئۈستىدە **1000** سوم پۇلىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلغان ۋە ئۇ كىشى بۇنىڭغا ئىنكار قىلغان، ئاندىن دەۋاگەر ئۇ كىشىگە: مەن سەندىن ئۇ پۇلنىڭ ئىچىدىن **100** سوم پۇلنى كەچۈرۈۋېتەي، مېنىڭ سەندە **1000** سوم پۇلۇمنىڭ بارلىقىغا ئىقرار قىلغىن، دېگەن بولسا، دەۋاگەرنىڭ ئۇنىڭغا بۇنداق دېيىشى توغرا ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھالدا ئەگەر دەۋاگەر ئۇ كىشىگە: (مەن سەندىن ئۇ پۇلنىڭ ئىچىدىن **100** سوم پۇلنى كەچۈرۈۋېتەي دېمەي) مەن ساڭا **100** سوم پۇل بېرەي، مېنىڭ سەندە **1000** سوم پۇلۇمنىڭ بارلىقىغا ئىقرار قىلغىن، دېگەن بولسا، بۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ (قەرزدارنىڭ ئىقرار قىلىشى ئۈچۈن قەرزدارغا بېرىلگەن) پارە ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر دەۋاگەر ئۇ كىشىگە: (مېنىڭ سەندە **1000** سوم پۇلۇمنىڭ بارلىقىغا ئىقرار قىلغىن، دېمەي) مېنىڭ سەندە **1000** سوم پۇلۇمنىڭ بارلىقىغا ئىقرار قىلساڭ، مەن سەندىن ئۇ پۇلدىن **100** سوم پۇلنى كەچۈرۈۋېتىمەن، دېگەن ۋە قەرزدار ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ توغرا ئىقرار، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. لېكىن قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭدىن **100** سومنى كەچۈرۈۋېتىشى لازىم ئەمەس.[1]

# شېرىك قەرز ئۈستىدە تۈزۈلگەن كېلىشىمنىڭ بايانى

شېرىك قەرزدىن ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئورتاق ۋە ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۇ نەرسىدە قانچىلىكتىن ھەسسىسى بارلىقى ئايرىلماستىن بىر سودىدىلا سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىغا ياكى مىراس قالغان قەرزگە ياكى ئۇ ئىككى ئادەمگە ئوخشاش ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرۇپ قويۇلغان نەرسىگە

(1) «رەددۇلمۇھتار».

ياكى ئىككى ئادەمنىڭ قەرزىنىڭ ئورنىغا بېرىلىدىغان بەدەلگە، ياكى ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئورتاق ۋە (باشقىلار تەرىپىدىن) ئىشلىتىلىپ كېتىلگەن نەرسىنىڭ پۇلىغا ئوخشاش ئىككى ئادەم ئوخشاش سەۋەب بىلەن (قەرزدار بىر ئادەمدىن ئېلىشقا) ئىگە بولغان مال ـ مۈلۈك مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ بىرى (قەرزداردىن) ئۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ (يېرىمىنى) ئالسا، يەنە بىر شېرىك خالىسا ئۇ شېرىك ئالغان مال ـ مۈلۈككە شېرىك بولىدۇ، خالىسا قالغان يېرىمىنى قەرزداردىن ئېلىۋالىدۇ. ئەگەر ئىككىنچى شېرىك مال ـ مۈلۈكنىڭ يېرىمىنى قەرزداردىن ئېلىۋېلىشنى خالىغان، ئاندىن ئۇ شېرىك قەرزدارنىڭ زىيان تارتىپ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى قەرزداردىن ئالالمىغان بولسا، ئۇ شېرىك مال ـ مۈلۈكنىڭ يېرىمىنى يەنە بىر شېرىكتىن ئالىدۇ. مال ـ مۈلۈكنىڭ يېرىمىنى ئالغان شېرىكنىڭ ئۆزى بولماي، ئۇنىڭ كېپىلىگە ياكى ئۇستۇگە قەرز يۆتكەپ بېرىلگەن ئادەمگە ئوخشاش ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا ئادەم بولسىمۇ ئىككىنچى شېرىك مال ـ مۈلۈكنىڭ يېرىمىنى ئۇ ئادەمدىن ئالىدۇ.

ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ بىرى قەرزداردىن[1] ئۆزىنىڭ ھەسسىسىگە ھېسابلاپ قەرزدارنىڭ ئۇستىدىكى قەرزىنىڭ خىلىدىن ئەمەس باشقا بىر خىل نەرسە، مەسىلەن: قەرزدارنىڭ ئۇستىدىكى قەرز پۇلىغا ھېسابلاپ كىيىم ـ كېچەك ئېلىشقا قەرزدار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەن بولسا، يەنە بىر شېرىك خالىسا قەرزدار قالغان قەرزنى ئالىدۇ، خالىسا (قەرزدار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەن شېرىكتىن) كىيىم ـ كېچەكنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ. ئەمما قەرزدار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەن شېرىك يەنە بىر شېرىكىگە قەرزداردىن قالغان قەرزنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ بېرىشكە كېپىل بولسا، يەنى يەنە بىر شېرىك قەرزدار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەن شېرىكتىن كىيىم ـ كېچەكنىڭ يېرىمىنى ئېلىشنى قارار قىلسا، بۇ ھالدا قەرزدار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەن شېرىك، خالىسا ئۇنىڭغا كىيىم ـ كېچەكنىڭ يېرىمىنى بېرىدۇ، خالىسا ئۇنىڭغا قەرزداردىن قالغان قەرزنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ بېرىشكە كېپىللىك قىلىدۇ[2]. بۇ كېلىشىمنىڭ قەرزدارنىڭ

(1) بۇ قەرزداردىن پەقەت پۇل قەرز ئالغان ئادەملا كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىگە ئۇستىدە ئىككى شېرىكنىڭ ئېلىشى بار ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ. ت.

(2) قەرزدار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەن شېرىك ئەگەر يەنە بىر شېرىككە كىيىم ـ كېچەكنىڭ يېرىمىنى بەرسە، قەرزدارنىڭ ئۇستىدىكى قالغان قەرزنىڭ يېرىمىنى ئېلىش ئۇنىڭ ھەققىدۇر. شۇڭا قەرزدار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكەن شېرىك ئۆزىنىڭ ھەققى بولغان قىسمىنى قەرزداردىن ئېلىپ بېرىشكە يەنە بىر شېرىكىگە كېپىللىك قىلىدۇ. قالغان يېرىمىنى يەنە بىر شېرىك قەرزداردىن ئۆزى ئېلىۋالىدۇ. ت.

(ئۆزىنىڭ ئۈستىدە قەرزىنىڭ بارلىقىغا) ئىقرار قىلىشى بىلەن بولۇشى بىلەن ئۇنىڭ (ئۆزىنىڭ ئۈستىدە قەرزىنىڭ بارلىقىغا) ئىقرار قىلماسلىق بىلەن بولۇشىنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق.

ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ بىرى قەرزداردىن ئۇنىڭ ئۈستۈدىكى ھەسسىسىدىن كەچكەن بولسا، يەنە بىر شېرىك ھەسسىسىدىن كەچكەن شېرىكتىن بىر نەرسە تەلەپ قىلمايدۇ. چۈنكى قەرزدىن كېچىش قەرزداردىن بىر نەرسە ئالغانلىق ئەمەس پۇلدىن كېچىۋاتقانلىق ۋە پۇلنى (بەدەلسىز) ئىشلەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر قەرزدارنىڭ ئىككى شېرىكنىڭ بىرىنىڭ ئۈستىدە، ئۇ قەرزدار ئۇ ئىككى شېرىككە قەرزدار بولۇپ قېلىشتىن بۇرۇن ئالدىغان قەرز پۇلى بولغان ۋە قەرزدار شېرىك ئۆزىنىڭ قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى ھەسسىسىنى قەرزدار بىلەن ئۇنىڭ قەرز پۇلىغا ھېساپلاشقان بولسا، (بۇ ھالدىمۇ يەنە بىر شېرىك ئۇ شېرىكتىن بىر نەرسە تەلەپ قىلمايدۇ). چۈنكى قەرزدار شېرىك قەرزداردىن ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى ئالغان ئەمەس ئۇنىڭغا قەرزىنى تۆلىگەن ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ بىرى ئۇ قەرزدارغا، ئۇ قەرزدار ئۇ ئىككى شېرىككە قەرزدار بولۇپ بولغاندىن كېيىن قەرزگە كىرىپ قالغان ۋە قەرزدار شېرىك ئۆزىنىڭ قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى ھەسسىسىنى قەرزدار بىلەن ئۇنىڭ قەرز پۇلىغا ھېسابلاشقان بولسا، بۇ ھالدا قەرزدار شېرىك قەرزدارغا قەرزىنى تۆلىگەن ئەمەس قەرزداردىن ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى ئالغان ھېسابلىنىدۇ. (شۇڭا يەنە بىر شېرىك ئۇ شېرىكتىن ئۇ قەرزدار بىلەن ھېسابلىشىپ ئۇنىڭغا بەرگەن پۇلنىڭ يېرىمىنى تەلەپ قىلالايدۇ).

ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ بىرى قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنىڭ بىر قىسمىنى كەچۈرۈم قىلىۋاتقان بولسا، قالغان قىسمى ئۇنىڭ ھەسسىسى سۈپۈتىدۇ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئىككى شېرىكنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە 20 سوم پۇلى بولغان، ئىككى شېرىكنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ ھەسسىسى بولغان 10 سومنىڭ يېرىمىنى كېچىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ قەرزداردىن بەش سوم پۇلنى تەلەپ قىلىش ھەققى بولىدۇ. ھەسسىسىنى كېچىۋاتمىغان يەنە بىر شېرىك قەرزداردىن ئۆزىنىڭ ھەسسىسى بولغان 10 سوم پۇلنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قەرزدار شېرىك قەرزدار بىلەن ھېسابلىشىپ بولغاندىن كېيىن قەرزدار شېرىكنىڭ ھەسسىسىدىن ئاشقان پۇل قەرزدارنىڭ ئۈستىدە ئۇنىڭ ھەسسىسى سۈپۈتىدۇ تۇرىدۇ. (مەسىلەن: ئىككى شېرىكنىڭ بىر ئادەمنىڭ

ئۈستىدە **20** سوم پۇلى بولغان، ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئىككى شېرىكنىڭ بىرىدە بەش سوم قەرز پۇلى بولغان ۋە قەرزدار شېرىك ئۆزىنىڭ ھەسسىسىدىن بەش سومنى ئۇ ئادەمنىڭ قەرزىگە ھېسابلىۋاتقان بولسا، ئۇ شېرىكنىڭ قالغان بەش سوم پۇلنى ئۇ ئادەمدىن تەلەپ قىلىش ھەققى بولىدۇ).

قەرزداردىن ئۆزىنىڭ ھەسسىسىگە ھېسابلاپ بىر نەرسىنى قەرزدارغا بىلدۈرمەي ئېلىۋالغان، ياكى ئۇنىڭدىن بىر نەرسىنى ئىجارىگە ئالغان بولسا، بۇ ئۆزىنىڭ ھەسسىسنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئىككى شېرىكنىڭ بىرى قەرزداردىن بىر نەرسىنى قەرزدارغا بىلدۈرمەستىنلا ئېلىۋالغان، ئاندىن ئۇنى يوقۇتۇپ قويغان بولسا، ئۇ نەرسىگە يەنە بىر شېرىكمۇ شېرىك بولىدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسىنى قەرزدارغا بىلدۈرمەستىنلا ئېلىۋالغان شېرىك، ئۇ نەرسىنىڭ (ئەگەر يۈتۈپ كەتسە) ئۇنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەنلىك سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسىنى ئېلىۋالغان ۋاقتىدىن تارتىپ ئۇنىڭغا ئىگە بولغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئىككى شېرىكنىڭ بىرى ئۆز ھەسسىسىگە ھېسابلاپ قەرزداردىن بىر ئۆينى بىر يىللىق ئىجارىگە ئالغان ۋە ئۇنىڭدا ئولتۇرغان بولسا، (بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئۆيگە ئۇنىڭ يەنە بىر شېرىكىمۇ شېرىك بولىدۇ).

ئەمما ئۆيلىنىش ۋە جاندىن باشقا يەرلەرگە قەستەنلىك بىلەن قىلىنغان جىنايەت ئۈچۈن كېلىشىم تۈزۈشۈش پۇلنى بەدەلسىز ئىشلەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىككى شېرىكنىڭ بىرى قەرزدار ئايالنى ئۆز ھەسسىسىگە ھېسابلاپ ئۆز نىكاھىغا ئالغان بولسا، بۇ كۆچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن پۇلنى بەدەلسىز ئىشلەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. (يەنى بۇ ھالدا يەنە بىر شېرىكى ئۇنىڭدىن بىر نەرسە تەلەپ قىلالمايدۇ). ئەمما ئۇ شېرىك قەرزدار ئۇ ئايالغا (ئۇنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن) مەلۇم مىقداردا پۇل بەرگەن ۋە بۇ پۇلنى ئۇنىڭ قەرز پۇلىغا ھېساپلىغان بولسا، (بۇ ھالدا يەنە بىر شېرىكى ئۇ شېرىكتىن ئايالنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن ئۇ ئايال بىلەن ھېسابلاشقان پۇلنىڭ يېرىمىنى تەلەپ قىلىدۇ). چۈنكى ئايالمۇ ئۇ شېرىكتىن (تويلۇقىنى) ئالغان ۋە ئۇ شېرىكمۇ ئۇ ئايالدىن ئۆز ھەسسىسىنى ئالغان بولىدۇ. ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ بىرى قەرزدارنىڭ جېنىغا ئەمەس باشقا يەرلىرىگە قەستەنلىك بىلەن جىنايەت ئۆتكۈزگەن، ئۇنىڭغا ئۆتكۈزگەن بۇ جىنايىتى ئۈچۈن دىيەت تۆلەش لازىم بولغان، ئاندىن ئۇ شېرىك قەرزدارنىڭ ئۈستىدىكى ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى ئۇنىڭ ئۈچۈن تۆلەپ بېرىدىغان دىيەت پۇلىغا

ھېسابلىغان بولسا، بۇمۇ پۇلنى بەدەلسىز ئىشلەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. (يەنى بۇ ھالدا يەنە بىر شېرىكى ئۇ شېرىكتىن بىر نەرسە تەلەپ قىلالمايدۇ).

بىر نەرسىنى سېتىپ ئېلىپ پۇلنى ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ قويغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرى، سېتىپ ئېلىپ پۇل ئۆتكۈزۈپ قويغان نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى (پۈتۈشكەن ۋاقتىدىن) بۇرۇن تاپشۇرۇپ بېرىشكە كېلىشكەن بولسا، بۇ ھالدا بۇ كېلىشىمنى ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ يەنە بىرى قوبۇل قىلسا، بۇ كېلىشىم ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ ھەر ئىككىسىگە ھېساب بولىدۇ[1]. ئەگەر ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ يەنە بىرى ئۇ كېلىشىمنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ كېلىشىم ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ ۋە ئۇ سودا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدە قېلىپ قالىدۇ. چۈنكى، (ئىككى ئادەمنىڭ بىرى كېلىشىم تۈزۈش ئارقىلىق ۋاقتى كېلىشتىن بۇرۇن تاپشۇرۇپ ئالغان نەرسىنى تەڭ ئالماستىن) كېلىشىم تۈزگەن ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۆزى يالغۇز ئېلىشى سېتىپ ئالغان، ئەمما تېخى قولغا تاپشۇرۇپ ئالمىغان نەرسىنى بۆلۈشۈش ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. (شۇڭا ئىككى ئادەمنىڭ يەنە بىرى ئۇ كېلىشىمنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇ كېلىشىم ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ). ئەمما ئۇ ئىككى ئادەم، ھەممە نەرسە ئارىلىرىدا ئورتاق شېرىكلەردىن بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كېلىشىم مەيلى يەنە بىرى قوبۇل قىلسۇن، مەيلى قىلمىسۇن توغرا بولىدۇ.

بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ بىر مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكى ھەققىدە گۇۋاھچىلىرى بولغان ۋە كىچىك بالىنىڭ قولىدىكى ئۇ مال ـ مۈلۈك، مېنىڭ مال ـ مۈلكۈم ئىدى، دەپ دەۋا قىلغان ئادەمنىڭ قولىدا ھېچقانداق پاكىتى بولمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۈستىدە (يەنى كىچىك بالىنىڭ ئۇ مال ـ مۈلۈكنى ئۇ ئادەمگە بېرىش ھەققىدە) كېلىشىم تۈزۈش توغرا ئەمەس. ئەمما كىچىك بالىنىڭ ئۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق پاكىتى بولمىغان ۋە دەۋاگەرنىڭ ئۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتى بولسا، بۇ ھالدا ئۇ مال ـ مۈلۈك ئۈستىدە كېلىشىم تۈزۈش توغرىدۇر.

ئەگەر دەۋا قىلىشىپ قالغان ئىككى تەرەپ ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەمنىڭ قەسەم قىلىشىغا ۋە ئەگەر ئۇ ئادەم قەسەم قىلسا ئۈستىدىن

(1) يەنى ئۇ ئىككىسى سېتىپ ئېلىپ پۇل ئۆتكۈزۈپ قويغان نەرسىدىن بالدۇر تاپشۇرۇپ ئالغىنىنىمۇ ئوتتۇرىسىدا باراۋەر بۆلىشىدۇ ۋە قالغىنىغىمۇ تەڭ ئىگە بولىدۇ. ت.

قىلىنغان دەۋادىن خالاس بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا كېلىشىم تۈزۈشكەن، ئاندىن ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەم ئۈستىدە دەۋاگەرنىڭ مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن، ھېچبىر نەرسىسىنىڭ يوقلۇقى ھەققىدە قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ كېلىشىم توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ ۋە دەۋاگەر ئۆزىنىڭ دەۋاسىدا قېلىپ قالىدۇ. ئەگەر دەۋاگەر ئۆزىنىڭ دەۋاسى ئۇچۇن پاكىت كۆرسەتسە، ئۇنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر دەۋاگەر پاكىت كۆرسەتمەي ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەمنى قازىنىڭ يېنىدا قەسەم قىلدۇرۇشنى خالىسا، ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىش ھەققىمۇ بار بولىدۇ.

ئەگەر دەۋا قىلىشىپ قالغان ئىككى تەرەپ دەۋاگەرنىڭ ئۆزىنىڭ قىلغان دەۋاسىدا ھەقلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە قەسەم قىلىشىغا، ئەگەر دەۋاگەر شۇنداق دەپ قەسەم قىلسا، ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەمنىڭ دەۋاگەر دەۋا قىلغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا كېلىشىم تۈزۈشكەن بولسا، بۇ كېلىشىممۇ توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.[1]

# مەجبۇرلاشنىڭ بايانى

<مەجبۇرلاش> دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن ئىنساننى يامان كۆرۈدىغان بىر ئىشنى ياكى خالىمايدىغان بىر ئىشنى قىلىشقا زورلاش، دېگەنلىك بولىدۇ.

<مەجبۇرلاش> دېگەن سۆزدىن ئىستىلاھ جەھەتتىن زورلانغۇچىنى رازىلىقىسىز زورلىغۇچى ئۇنىڭدىن تەلەب قىلغان ئىشنى قىلىشقا ئېلىپ كېلىدىغان، زورلانغۇچىدا قورقۇنچى پەيدا قىلىشقا سەۋەبچى بولىدىغان زورلىغۇچىدا كۆرۈلگەن بىر ئىش ـ ھەرىكەت مەقسەت قىلىنىدۇ.

زورلىغۇچىدا كۆرۈلگەن بۇ ئىش ـ ھەرىكەت ھۆكمىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئىككىنچى ئادەمنى بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشقا بۇيرۇغان ئەمما ئۇنىڭغا تەھدىد سالمىغان بولسا، لېكىن، ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان ئادەم (گەرچە ئۇنى شۇ ئىشقا بۇيرۇغان ئادەم ئۇنىڭغا تەھدىد سالمىغان بولسىمۇ) ئەگەر ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋاتمىسا، شۇ ئىشقا بۇيرۇغان ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاتىدىغانلىقىنى ياكى بىرەر ئۇستۇغانلىرىنى چانىۋاتىدىغانلىقىنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 4 ـ توم، 483 ـ بەت.

بىلىدىغان بولسا، بۇمۇ ئۇ ئادەمنى ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشقا مەجبۇرلىغانلىق ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە زورلىغۇچىدا كۆرۈلگەن ئۇ ئىش - ھەرىكەت بىر ئادەمگە (ئەگەر سەن پۇكۇنى ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋاتمىساڭ ياكى پۇكۇنى ئىشنى قىلمىساڭ ئۇنداق قىلىمەن - مۇنداق قىلىمەن دېگەنگە ئوخشاش) سۆز ئارقىلىق سېلىنغان تەھدىدنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## مەجبۇرلاشنىڭ تۈرلىرى

مەجبۇرلاش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1 - قاتتىق مەجبۇرلاش. بۇ، ئۆلتۈرۈۋېتىشكە، بىرەر ئۇستۇغانىنى كېسىۋېتىشكە ياكى ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇشقا تەھدىد سېلىش ئارقىلىق بولىدۇ.

2 - يەڭگىل مەجبۇرلاش. بۇ تۈرمىگە تاشلاشقا، باغلاپ قويۇشقا ۋە يەڭگىل ئۇرۇشقا تەھدىد سېلىش ئارقىلىق بولىدۇ.

مەيلى قاتتىق مەجبۇرلاش بولسۇن، مەيلى يەڭگىل مەجبۇرلاش بولسۇن، ھەر ئىككى مەجبۇرلاش بىر ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئادەمنىڭ رازىلىقىنى يوقىتىدۇ. لېكىن قاتتىق مەجبۇرلاش، مەجبۇرلانغۇچىغا (ئۆزىنى) ساقلاشنى لازىم قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ تاللاش ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىدۇ.

مەجبۇرلاشنىڭ ھۆكمى بولسا، ئەگەر بىر ئادەم قاتتىق مەجبۇرلىنىش ئارقىلىق بىرەر ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلانغان بولسا، ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ياكى مال - مۈلۈكلەرنى ئوغرىلاشقا ئوخشاش مەجبۇرلانغۇچى مەجبۇرلىغۇچىنىڭ قولىدىكى بىرەر سايمانىنىڭ ئورنىدا قوللىنىشقا بولىدىغان ئىشلاردا، (مەجبۇرلانغۇچى قىلغان) ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتى خۇددى مەجبۇرلىغۇچى ئۆزى قول تىقىپ قىلغانغا ئوخشاش مەجبۇرلىغۇچىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئەمما سۆز قىلىشقا ۋە بىرەرسىنىڭ نېنىنى يەۋېلىشقا ئوخشاش مەجبۇرلانغۇچى مەجبۇرلىغۇچىنىڭ قولىدىكى بىر سايمانىنىڭ ئورنىدا قوللىنىشقا بولمايدىغان ئىشلاردا، (مەجبۇرلانغۇچى قىلغان) ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتى خۇددى مەجبۇرلانغۇچى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلغانغا ئوخشاش مەجبۇرلانغۇچىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. چۈنكى ئىنسان باشقىسىنىڭ تىلى بىلەن سۆزلىمەيدۇ ۋە

ئاش ـ تاماقنى باشقىسىنىڭ ئېغىزى بىلەن يېمەيدۇ. شۇڭا سۆز قىلغانغا ۋە بىرەرسىنىڭ ئاش ـ نېنىنى يېۋالغانغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ مەسئۇلىيىتى، (گەرچە مەجبۇرلىنىش ئارقىلىق بولسىمۇ) سۆز قىلغان ئادەمنىڭ ۋە ئۇنى يېۋالغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە يۈكلىنىدۇ. لېكىن بىرسىنىڭ ئاش ـ نېنىنى يېۋېلىشتا (گەرچە يېۋالغانلىق مەسئۇلىيىتى مەجبۇرلىنىش ئارقىلىق بولسىمۇ مەجبۇرلانغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە يەكلەنگەن تەقدىردىمۇ)، مەجبۇرلانغۇچى بىرسىنىڭ ئاش ـ نېنىنى يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن مەجبۇرلىغۇچىنىڭ قولدا بىرەر سايماننىڭ ئورنىدا قوللانغانلىقى ئۈچۈن بىرسىنىڭ ئاش ـ نېنىنى يوق قىلىۋېتىش مەسئۇلىيىتى مەجبۇرلىغۇچىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. (يەنى ئۇنى تۆلەپ بېرىش مەجبۇرلىغۇچىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ). شۇڭا بىر ئادەم قۇلىنى ئازات قىلىۋېتىشقا مەجبۇرلىنىپ ئۇنى ئازات قىلىۋاتقان بولسا، قۇل ئۇ ئادەم خۇددى ئۇنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئازات قىلىۋاتقاندەك ئازات بولۇپ كېتىدۇ[1] ۋە ئۇنى ئازات قىلىۋاتقانلىق ھوقۇقى ئۇ ئادەمگە تەۋە بولىدۇ[2]. ئەمما ئۇ ئادەمنى قۇلىنى ئازات قىلىۋېتىشقا مەجبۇرلىغان كىشىگە، ئۇ قۇلنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەبچى بولغانلىق مەسئۇلىيىتى يۈكلىنىدۇ. شۇڭا قۇلىنى مەجبۇري ھالدا ئازات قىلىۋاتقان ئادەم ئۇنىڭ پۇلىنى ئۆزىنى مەجبۇرلىغان ئۇ كىشىدىن ئالىدۇ.[3]

## مەجبۇرلىنىشنىڭ شەرتلىرى

مەجبۇرلىنىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى سەۋەبلەرنىڭ تېپىلىشى شەرتتۇر:

مەجبۇرلىغان ئادەم مەيلى ئەمەلدار بولسۇن، مەيلى ئەمەلدار بولمىسۇن، تەھدىت سالغان ئىشنى قىلالايدىغان ئادەم بولۇشى ۋە قېچىپ كېتىپ بولسىمۇ مەجبۇرلانغان كىشىنىڭ ئۆزىنى ئۇ ئادەمنىڭ تەھدىتىدىن مۇداپىئە قىلىشتىن ئاجىز ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى شەرتتۇر. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام

(1) چۈنكى قۇل ئازات قىلىش گەپ قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ. ت.

(2) يەنى بىر قۇلنى ئازات قىلىۋاتقان ئادەمگە ئۇنى ئازات قىلىۋاتلىق ھوقۇقى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئازات قىلىنىپ كەتكەن قۇل ئۆلۈپ قالسا ۋە ئۇنىڭ بىرەر مىراسخورلىرى بولمىسا، ئۇ ئادەم مەزكۇر ھوقۇق بىلەن ئۇنىڭغا مىراسخورلۇق قىلالايدۇ. ت.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 80 ـ بەت.

مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەجبۇرلىنىش پەقەت ئەمەلدارلار ۋە باشلىقلار ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. چۈنكى تەھدىت سالغان ئىشلارنى قىلىش پەقەت كۈچ ـ قۇۋۋەت ئارقىلىق بولىدۇ. كۈچ ـ قۇۋۋەت پەقەت باشلىقلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ قولىدىدۇر» دېدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىككى ئىمامنىڭ ئارىسىدىكى بۇ ئىختىلاپنىڭ سەۋەبى بولسا، دەلىل ـ پاكىتنىڭ پەرقلىق بولغانلىقى ئەمەس دەۋر ۋە زاماننىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. چۈنكى ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ زامانىدا ئەمەلداردىن باشقا ئادەمنىڭ قولىدا بىرەر ئادەمنى بىر ئىشقا مەجبۇرلىغۇدەك كۈچ ـ قۇۋۋەت يوق ئىدى. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ زامانىدا دەۋر ئۆزگەردى، جاھان بۇزۇلدى ۋە ئىشلار قولىدا ئازراق كۈچى بار ئادەملەرنىڭ دىگىنىدەك مېڭىشقا باشلاندى. شۇڭا مەجبۇرلىغان ئادەم مەيلى ئەمەلدار بولسۇن، مەيلى باشقا ئادەم بولسۇن، تەھدىت سالغان ئىشنى قىلالايدىغان ئادەم بولسا، مەجبۇرلىنىش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇ ھەقتە پەتىۋا ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ.[1]

2 ـ مەجبۇرلانغان كىشىنىڭ تەھدىت قىلىنغان ئىشنىڭ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۆزىگە ئىجرا قىلىنىشىدىن ئەندىشە قىلىشى شەرتتۇر. بۇنىڭدا ئۇنىڭ كۈچلۈك گۇمان قىلىشى يېتەرلىكتۇر. شۇڭا مەجبۇرلىغۇچى ئەگەر ئۇ كىشىگە: ئەگەر سەن بۇ ئىشنى قىلمىساڭ مەن سېنى ئەتە ئۇرىمەن، دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشى مەجبۇرلانغان ھېسابلانمايدۇ.

3 ـ تەھدىت سېلىنغان ئىش ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ياكى بىرەر ئۇستۇخىنىنى كېسىۋېتىشكە، ياكى مال ـ مۈلكىنى تارتىۋېلىشكە ئوخشاش ئىش بولۇشى لازىم. چۈنكى مال ـ مۈلۈكمۇ ئىنساننىڭ ھاياتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ياكى رازىلىقىنى يوقىتىپ غەم ـ قايغۇغا چۈشۈرىدىغان ئىش بولۇشى لازىم. بۇ، ئىنسان تەھدىت قىلىنىدىغان ئەڭ ئاددىي ئىشتۇر. رازىلىقىنى يوقىتىپ غەم ـ قايغۇغا چۈشۈرىدىغان ئىشنىڭ دەرىجىسى بىر ئادەمدىن يەنە بىر ئادەمگە پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن: يۈز ـ ئابرۇيلۇق ئادەم، ئۇنىڭغا ئازراقنىنا يولسىز گەپمۇ ئېغىر كېلىپ غەم ـ قايغۇ قىلىشقا باشلايدۇ. ئەمما ئاۋام ـ خەلق بولسا (ئۇنداق گەپلەرگە ئەمەس) قاتتىق ئورۇلۇشقا دۇچار بولۇشتىن غەم ـ قايغۇ چۈشىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 80 ـ بەت.

4 ـ مەجبۇرلانغان ئادەمنىڭ تەھدىد قىلىنىپ مەجبۇرلانغان ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇندىن باشلاپ باش تارتىپ كەلگەن بولۇشى شەرت. ئۇنىڭ تەھدىد قىلىنىپ مەجبۇرلانغان ئىشنى قىلىشتىن باش تارتىشى، مەجبۇرلانغان ئىش ئۆزىنىڭ ھەققى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ، ئورنىغا بەدىلىنى بېرىدىغان ئىش بولسىمۇ ئۆز مال ـ مۈلكىنى بۇزۇۋېتىشقا مەجبۇرلانغانلىقىغا ئوخشاش. (ئۇ ئادەم بۇ ئىشنى قىلىشتىن باش تارتىشى ئۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ ئۆزىنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر). ياكى باشقا بىرسىنىڭ ھەققى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. مەسىلەن: باشقا بىرسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇزۇۋېتىشقا مەجبۇرلانغانغا ئوخشاش. ياكى شەرىئەتنىڭ ھەققى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. مەسىلەن: ھاراق ئىچىشقا ياكى زىنا قىلىشقا مەجبۇرلانغانغا ئوخشاش.

## مەجبۇرلىنىشنىڭ ھۆكمى

مەجبۇرلاش مەيلى قاتتىق بولسۇن، مەيلى يەڭگىل بولسۇن، مەجبۇرلانغان ئادەمدە رازىلىقنى يوقىتىدۇ. شۇڭا مەجبۇرلانغان ئادەم بىر نەرسە ساتسا ياكى سېتىپ ئالسا، ياكى ئىجارىگە قويسا، بۇ ئىشلار كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ بۇلارنى بۇزۇش ياكى كۈچكە ئىگە قىلىش ھوقۇقى بار. چۈنكى ئۇ سودا ـ سېتىقتا، ياكى ئىجارىدە رازى بولۇشتىن ئىبارەت ئۇنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تېپىلىش لازىم بولغان بىر شەرت تېپىلمىغاندۇر. الله تائالا سودا ـ سېتىقنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ رازى بولۇشۇپ قىلىشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يېۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئۆزەڭلارنى (يەنى بىر ـ بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر[1]»

رازىلىق شەرتى تېپىلمىسىمۇ قىلىنغان ئىجارىدە ياكى سودا ـ سېتىقتىمۇ خۇددى باشقا شەرتلەر تېپىلماي قىلىنغان سودا ـ سېتىقلارغا ئوخشاش سېتىلغان نەرسىنى ياكى پۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىش بىلەن ئۇ نەرسە ياكى

(1) سۈرە نىسا 29 ـ ئايەت.

پۇل شۇنداق قىلغان ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر نەرسە سېتىشقا مەجبۇرلانغان ئادەم (ئۇ نەرسىنى رازىلىقى يوق مەجبۇر ھالدا ساتقانلىقى ئۈچۈن ئۇ سودا ـ سېتىق كۈچكە ئىگە بولمىسىمۇ، لېكىن) ئۇ ئادەم ئەگەر پۇلنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قولىغا تاپشۇرۇپ ئالسا، ئۇ سودا ـ سېتىق كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بىر نەرسە ئېلىشقا مەجبۇرلانغان ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش.

مەجبۇرلانغان ئادەم قىلغان سودا ـ سېتىقمۇ، سودا ـ سېتىق قىلىشقا شەرتى توشقان ئادەم تەرىپىدىن قىلىنغانلىقى ئۈچۈن (توغرا بولۇش شەرتىگە توشۇش شەرتى بىلەن) كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بىر سودا ـ سېتىقنىڭ شەرتكە توشمىغىنى بولىدۇ ۋە شەرتكە توشقىنى بولىدۇ. مەجبۇرلانغان ھالدا قىلىنغان سودا ـ سېتىق شەرتكە توشمىغان سودا ـ سېتىقلاردىندۇر. چۈنكى سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇش شەرتلىرىدىن بىرى بولسا، ئىككى تەرەپنىڭ سودا ـ سېتىقنى رازى بولغان ھالدا قىلىشىدۇر. بۇ شەرت سودا ـ سېتىقنى مەجبۇرلانغان ھالدا قىلغان ئادەمدە تېپىلمايدۇ. ئەگەر سودا ـ سېتىقنى مەجبۇرلانغان ھالدا قىلغان ئادەمدە (خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك پۇلنى ئېلىش جەريانىدا بولامدۇ) بۇ شەرت تېپىلسا، ئۇ سودا ـ سېتىق توغرا ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇنى توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىش لازىمدۇر.

ئەگەر مەجبۇرلانغان تەرەپ بىر نەرسە ساتقان ئادەم بولغان ۋە ئۇ ساتقان نەرسىنىڭ پۇلىنى مەجبۇرلانغان ھالدا ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ سودا ـ سېتىق (ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۈچۈن) توغرا سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىنى مەجبۇرىي ساتقان ئادەمنىڭ ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى ساتقان پۇل ئۇنىڭ قولىدىن (ئۇنىڭ قەستەنلىكىسىز) يوقاپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ سودا ـ سېتىق ئۇ ئادەم ئۈچۈن شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بولغانلىقى ئۈچۈن پۇل ئۇنىڭ قولىدا (بىر نەرسە ساتقان پۇل سۈپىتىدە ئەمەس) ئامانەت سۈپىتىدە تۇرىدۇ. ئەگەر مەجبۇرلانغان تەرەپ ئۇ نەرسىنى ئالغۇچى كىشى بولغان ۋە ئۇ نەرسىنى سېتىۋېلىپ قولىغا مەجبۇرىي ئالغان بولسا، بۇ ھالدا سودا ـ سېتىق (ئۇنى ساتقان ئادەم ئۈچۈن) توغرا سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىنى مەجبۇرىي ئالغان ئادەمنىڭ ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىپ پۇلنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇنىڭ قولىدىن ئۇنىڭ قەستەنلىكىسىز يوقاپ كەتكەن

بولسا، ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسە شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق بىلەن ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىدا (سېتىپ ئالغان نەرسە سۈپۈتىدە ئەمەس) ئامانەت سۈپۈتىدە تۇرىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مەجبۇرلانغانلىق سەۋەبى بىلەن توغرا بولۇش شەرتىگە توشمىغانلىقى ئۈچۈن توغرا، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان سودا ـ سېتىق، توغرا بولۇش شەرتىگە توشمىغانلىقى ئۈچۈن توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان باشقا سودا ـ سېتىقلاردىن تۆۋەندىكى تۆت خىل ئىشتا پەرقلىق بولىدۇ:

1 ـ يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك مەيلى پۇل بولسۇن، مەيلى سېتىلغان نەرسە بولسۇن، مەجبۇرلانغان ئادەمنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپۈتىدە تۇرىدۇ.

2 ـ ئۇ سودا ـ سېتىق، مەجبۇرلانغان تەرەپنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ سودا ـ سېتىققا قوشۇلغانلىقىنى سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەش، (ئەگەر مەجبۇرلانغان تەرەپ ساتقان ئادەم بولسا)، پۇلنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئېلىش ۋە (ئەگەر مەجبۇرلانغان تەرەپ سېتىپ ئالغان كىشى بولسا)، سېتىپ ئالغان نەرسىنى قولىغا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئېلىش بىلەن ئۇ سودا ـ سېتىق توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ھالەتكە كېلىدۇ. ئەمما توغرا بولۇش شەرتىگە توشمىغانلىقى ئۈچۈن توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان باشقا سودا ـ سېتىقلار بولسا، ئىككى تەرەپ بۇ سودا ـ سېتىقلارنى توغرا دەپ ئېتىبارغا ئالغان تەقدىردىمۇ ئۇ سودا ـ سېتىقلار توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ھالەتكە كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ سودا ـ سېتىقلارنىڭ توغرا بولماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، شەرىئەتنىڭ ھەققىگە ئالاقىدار بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

3 ـ نەرسىسىنى مەجبۇرىي ھالدا ساتقان ئادەم، ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالالايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە قولدىن قولغا ئۆتۈپ (باشقا ئادەملەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ) كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالالايدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش شەرىئەتنىڭ ھەققى ئەمەس ئۇنىڭ ھەققىدۇر.

4 ـ ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسە ئۈستىدە ئۇنى قايتۇرۇپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر ئىش قىلغان بولسا، مەسىلەن: سېتىپ ئېلىنغان نەرسە قۇل بولغان ۋە سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى ئازات قىلىۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنى مەجبۇرىي ھالدا ساتقان كىشى ئۇنى سېتىپ ئالغان

ئادەمدىن قۇلنى قولغا تاپشۇرۇپ ئالغان كۈنىنىڭ ياكى ئازات قىلىنغان كۈنىنىڭ باھاسى بويىچە پۇل ئالىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر نەرسىسىنى سېتىپ بېرىشكە مەجبۇرلىنىپ ئۇنى سېتىپ بەرگەن ۋە ئۇ نەرسە، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى شەرتىگە توشمىغان سودا بىلەن سېتىۋېلىپ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قولغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇنىڭغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بەدىلىنى ساتقان كىشىگە تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئۇنى سېتىشقا مەجبۇرلانغان كىشى ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلىنى خالىسا ئۆزىنى مەجبۇرلىغان ئادەمدىن ئالىدۇ، خالىسا ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلىنى، ئۆزىنى مەجبۇرلىغان ئادەمدىن ئالسا، ئۇ ئادەم بېرىپ ئۇنىڭغا بەرگەن پۇلنى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن ئالىدۇ. چۈنكى مەجبۇرلىغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلىنى تۆلەپ بېرىش بىلەن ئۇ نەرسىگە ئىگە بولغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ خۇددى ئۇ نەرسىنىڭ مەجبۇرلانغان ئىگىسىگە ئوخشاشتۇر. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىگە، ئۇنىڭ بەدىلىنى ئۇنى مەجبۇري ھالدا سېتىپ بەرگەن ئادەمگە تۆلەپ بەرگەن ۋاقتىدىن باشلاپ ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى مەجبۇري ھالدا سېتىپ بەرگەن كىشى، ئۇنىڭ بەدىلىنى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن ئالسىمۇ بولىدۇ.

## يامان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىنىشنىڭ ھۆكمى

يامان ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىنىش تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ:

1 - مەجبۇرلانغان يامان ئىشنى قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇنى (مەجبۇرلانسىمۇ) قىلمىسا، قىلمىغانلىق ئۈچۈن ساۋاب بېرىلىدۇ. ئۇلار مەسىلەن: كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزلەرنى قىلىشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تىل تەككۈزۈشكە، ناماز ئوقۇماسلىققا ۋە قۇرئاندا بويرۇلغان ئىشلارنى قىلماسلىققا مەجبۇرلانغانغا ئوخشاش ئىشلاردۇر. (مەجبۇرلانسىمۇ مەجبۇرلانغان ئىشنى قىلمىسا ساۋاب بېرىلىدۇ. ئەمما قىلسا ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ). اللە تائالا، دىندىن يېنىشقا زورلۇنۇپ دىندىن يانغان ئادەم،

دىندىن يېنىۋالغان ئادەم (يەنى كاپىر ئادەم) ھېسابلانمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «كىمكى اللەغا ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئىماندىن يېنىۋالسا، ـ قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرسىمۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا (ئاغزىدىلا) ئىماندىن يانغانلىقىنى بىلدۈرگەنلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا ـ كۇفرى بىلەن كۆڭلى ئازادە بولسا (يەنى ئىختىيارىي يوسۇندا مۇرتەد بولغان بولسا)، ئۇ اللەنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ ۋە چوڭ ئازابقا قالىدۇ[1]»

يەنى كىمكى شۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلىشقا مەجبۇرلىنىپ قېلىپ ئۇنى قىلىپ سالسا، ئۇنىڭغا بۇ ئايەتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھېچقانداق گۇناھ بولمايدۇ. يەنى كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزلەرنى قىلىشقا مەجبۇرلىنىپ ئۇ سۆزنى قىلغان ئادەم، الله تائالانىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدىغانلارنىڭ قاتارىغا كىرمەيدۇ.

بۇ ئايەتنىڭ ئەممار ئىبنى ياسىرنىڭ ھەققىدە چۈشكەنلىكى مەشھۇردۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇئۇبەيدە ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەممار ئىبنى ياسىر مۇنداق دەيدۇ: مۇشرىكلار ئەممارنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئالدى. ھەتتا ئەممار مۇشرىكلار ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلغان بەزىبىر نەرسىدە ئۇلارغا يېقىنلاشتى (يەنى ئەممار مۇشرىكلار ئۇنىڭدىن دېيىشنى تەلەپ قىلغان بەزى سۆزلەرنى دېدى). كېيىن ئەممار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا شىكايەت قىلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «قەلبىڭنى قانداق ھېس قىلىۋاتىسەن؟» دېدى. ئەممار: «ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇلار (سېنى ئازابلاشتىن) قايتسا، سەنمۇ دېگەن سۆزۈڭدىن قايتىۋالساڭ بولىدۇ» دېدى. بۇ، ئارىلىقتىن ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان بىر ساھابە چۈشۈپ قالغان ھەدىستۇر. بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ئادەملەر، ئىشەنچلىك شەرتلىرىنىڭ دەرىجىسىگە توشقان ئادەملەردۇر. بۇ ھەدىسنى تەبرانىي رىۋايەت قىلدى. تەبرانىي يەنە ئىبنى ئابباستىن بۇنىڭغا ئوخشاش ئۇزۇن بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلدى. ئەمما ئۇ ھەدىس توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىستۇر. ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە مۇنداق بايان قىلىندى: «مۇشرىكلەر ئەممارنى، ئۇنىڭ دادىسى ياسىرنى ۋە ئانىسى سۇمەييەنى، سۇھەيلىنى، بىلالنى، خەببابنى، ئەبۇھۇزەيپىنىڭ ئازات قىلىۋاتقان قۇلى

(1) سۈرە نەھل 106 ـ ئايەت.

سالىمنى (الله تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئازابلىدى. ئەممارنىڭ دادىسى ياسىر ۋە ئانىسى سۇمەييە (ئازابتا) ئۆلدى. قالغانلار بەرداشلىق بەردى.»

ئىمام تەبەري بۇ ھەقتە ئەلى ئىبنى ئەبۇتەلھەدىن ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا مەزكۇر ئايەتتە ئىمان ئېيتىپ بولۇپ ئۇنىڭدىن يېنىۋالغان ئادەمگە الله نىڭ غەزىپىنىڭ بولىدىغانلىقىنى، ئەمما ئىماندىن يېنىشقا مەجبۇرلانغان ئادەم، دۈشمىنىدىن قوتۇلۇش ئۈچۈن ئىماندىن يانغانلىقىنى تىلى بىلەنلا ئىپادىلەپ دىلى بىلەن ئىماندا مۇستەھكەم تۇرغان ئادەمگە ھېچقانداق گۇناھ بولمايدىغانلىقىنى خەۋەر بەردى. ھەقىقەتەن الله تائالا بەندىلەردىن ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى نەرسىگە قارىتا ھېساب ئالىدۇ.»[1]

2 ـ قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان ۋە مەجبۇرلىنىپ تۇرۇپ قىلمىسا گۇناھكار بولىدىغان يامان ئىشلار. بۇلار ھاراق ئىچىشكە، قان ئىچىشكە ياكى ئۆلۈك ھايۋاننىڭ ياكى توڭگۇزنىڭ گۆشىنى يېيىشكە ئوخشاش ئىشلاردۇر. ئەگەر بىر ئادەم تۇرمىگە تاشلاشقا ياكى باغلاپ قويۇشقا ياكى يەڭگىل ئۇرۇشقا ئوخشاش يەڭگىل تەھدىد ئاستىدا بۇلارنىڭ بىرەرسىنى قىلىشقا مەجبۇرلانسا، ئۇ ئادەمنىڭ مەجبۇرلانغان ئىشنى قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى يەڭگىل تەھدىدلەر بېسىمى بىلەن ئۇ ئىشلارنى قىلىشقا رۇخسەت يوق. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ بىر ئادەم مەزكۇر تەھدىد ئاستىدا ھاراق ئىچكەن بولسا، ئۇنىڭغا ھاراق ئىچكەنلىكىنىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ياكى بىرەر ئۇستۇغىنىنى كېسىۋېتىشكە ياكى ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇشقا ئوخشاش قاتتىق تەھدىد ئاستىدا ئۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلىشقا مەجبۇرلانسا، ئۇنىڭ ئۇ ئىشنى قىلىشىغا يول قويۇلىدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ئۇ ئىشنى قىلىشى پەرزدۇر. چۈنكى زۆرۈر تېپىلىپ قالغاندا مەزكۇر ئىشلارنى قىلىش ھالالدۇر. شۇڭا ئۇ ئادەم ئەگەر مەجبۇر قىلىنسىمۇ ئۇ ئىشنى قىلماي سەۋر قىلىپ ئاخىرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ئادەم بۇنداق قىلىش بىلەن گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى قىلىشقا يول قويۇلغان بىر ئىشنى قىلىشتىن باش تارتىش ئارقىلىق جاندىن ياكى بىرەر ئۇستۇغاندىن ئايرىلىپ قېلىش ھارامدۇر. لېكىن مەزكۇر ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتقان ئادەم شۇنداق قىلىش ئارقىلىق كاپىرلارنىڭ تېخىمۇ ئاچچىغىنى كەلتۈرۈشنى خالىغان

[1] «فەتھۇلبارى»، 12 ـ توم، 313 ـ بەت.

بولسا، بۇ مەقسەت بىلەن ئۇنىڭ ئۇ ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتىشى گۇناھ ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم مەجبۇرلىنىپ قالغان ۋاقىتتا، ئۇ ئىشلارنى قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ۋە (شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۇ ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتقان بولسا)، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىشلارنى قىلماسلىق بىلەن گۇناھكار بولمايدۇ.[1]

كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزلەرنى قىلىشقا مەجبۇر قىلىنىپ (ئازابقا دۇچار بولسىمۇ) سەۋر قىلىپ ئۇنى دېمىسە، ﷲ تائالا ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىدۇ. بۇ ھەقتە خەبباب ئىبنى ئەرس مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا شىكايەت قىلغىلى كەلسەك، ئۇ كەبىنىڭ سايىسىدا تونىنى ياستۇق قىلىپ يېتىۋاتقان ئىكەن. بىز ئۇنىڭغا: دۇئا قىلىپ بىزگە غەلبە تەلەپ قىلمامسەن؟ دېسەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەردىن كاپىرلار مۆمىنلەرنى تۇتۇپ كېلىپ زېمىننى كولاپ ئۇلارنى شۇ يەرگە تاشلايتتى. ئاندىن ھەرە ئېلىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ باشلىرىنىڭ ئۈستىلىرىگە قويۇپ ھەرىدەپ ئۇلارنى ئىككى پارچە قىلىۋېتەتتى ۋە تۆمۈر تاغاقلار بىلەن ئۇلارنى تاراپ ئۇلارنىڭ گۆشلىرىنى ئۈستىخانلىرىدىن ئايرىۋېتەتتى. شۇنداق ئازابلارمۇ ئۇلارنى دىنىدىن ياندۇرۇۋېتەلمىگەن ئىدى. ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ﷲ ئىسلام دىنىنى ئەلۋەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ. ھەتتا سەنئادىن ھەزرەمەۋتكىچە[2] ئۇلاغ بىلەن سەپەر قىلغان كىشىلەر پەقەت ﷲ تائالادىن ۋە قويلىرىنى بۆرىلەرنىڭ يەپ كېتىشىدىن قورقىدىن باشقا ھېچنىمىدىن قورقمايدۇ. لېكىن سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر» دېدى.[3]

ئىبنى بەتتال (ﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئالىملار، كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى قىلىشقا ئۆلۈم بىلەن تەھدىد قىلىنغان ئادەم (ئۇ سۆزنى قىلماي) ئۆلۈمنى تاللىسا، ئۇنىڭ ﷲ تائالانىڭ ئالدىدا كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى قىلىپ بېرىپ جېنىنى قۇتۇلدۇرغان ئادەمگە قارىغاندا ساۋابىنىڭ كاتتا بولىدىغانلىقىغا، ئەمما كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى قىلىشقا ئەمەس تۇغۇز گۆشى يېيىشكە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 83 ـ بەت.

(2) <سەنئا> ـ يەمەننىڭ پايتەختى. <ھەزرەمەۋت> دېگەن يەمەن شەھىرىنىڭ شەرقىغە، دېڭىز قىرغىقىغا يېقىن بىر شەھەر. ت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ۋە هاراق ئىچىشكە ئوخشاش ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئادەمنىڭ بۇ ئىشلارنى (قىلىشتىن باش تارتقىنىغا) قارىغاندا، ئۇلارنى قىلىشى ياخشى بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى. مالىكىي مەزھىپىدىن بەزىلىرى: كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى قىلىشقا ئەمەس (توڭگۇز گۆشى يېيىشكە ۋە هاراق ئىچىشكە ئوخشاش) ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئادەم، ئەگەر بۇ ئىشلارنى قىلىشتىن باش تارتسا گۇناهكار بولىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ هالى خۇددى (ئاچلىقتىن) ئۆلۈم گىرداۋىغا كىلىپ قېلىپ ئۆلۈك هايۋاننى يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغان، ئەمما ئۇنى يېمىگەن ئادەمنىڭ هالىغا ئوخشاش. (يەنى ئەگەر بۇ ئادەم ئۆلۈك هايۋاننى يېمەي ئۆلۈپ كەتسە، گۇناهكار بولاتتى. شۇنىڭدەك ئۇ ئادەممۇ گۇناهكار بولىدۇ) دېدى.»[1]

بىر ئادەمگە ھەتتا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ياكى بىرەر ئۇستۇخىنىنى كېسىۋېتىشكە ياكى كۆزىگە ياكى جىنسىي ئەزاسىغا قاتتىق ئۇرۇشقا، ياكى پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىشقا ئوخشاش ئىشلار بىلەن تەهدىت قىلىنمىغۇچە ئۇنىڭ كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزلەرنى قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ياكى (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرنىڭ مال ـ مۈلكىگە زىيان سېلىشقا قاتتىق مەجبۇرلانغان كىشىگە، مەجبۇرلانغان ئىشنى قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى قاتتىق مەجبۇرلانسىمۇ ئۇنىڭغا سەۋر قىلىپ مەجبۇرلانغان ئىشنى قىلمىسا، ئۇنىڭغا ئەسلى قائىدىنى تۇتقانلىقى ئۈچۈن ساۋاب بېرىلىدۇ. چۈنكى باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىش زۇلۇمنىڭ قاتارىدىندۇر. زۇلۇمنىڭ هاراملىقى خۇددى كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى قىلىشنىڭ هاراملىقىغا ئوخشاش (قاتتىق تەهدىت ئاستىدا قالمىغانغا قەدەر) كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدۇ ۋە ئۇ هارامنى قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار: «باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى يېۋېلىش هاراق ئىچكەندىن قاتتىق هارامدۇر» دەيدۇ.[2]

ئەگەر بىر ئادەم ئاچ قېلىپ باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە قول ئۇزارتقان ۋە مال ـ مۈلۈكنى ئېلىشقا ئۇنىڭ ئىگىسى يول قويمىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ

(1) «فەتهۇلبارى»، 12 ـ توم، 317 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇهتار»، 5 ـ توم، 84 ـ بەت.

ئادەم ئۇ مال ـ مۈلۈكتىن ئالماي ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ هالدا (ئۆلۈپ كەتكەن) ئۇ ئادەم گۇناهكار بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم زىنا قىلىشقا مەجبۇرلانغان بولسا، ئۇنىڭغا زىنا قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم (ئەگەر زىنا قىلىپ سالسا) ئۇنىڭغا ئىستىهسانغا ئاساسەن جازا بېرىلمەيدۇ. ئەگەر ئايال زىنا قىلىشقا قاتتىق مەجبۇرلانغان بولسا، ئۇنىڭغا زىنا قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

س: بۇ هالدا ئايال زىنا قىلىش بىلەن ئايال گۇناهكار بولامدۇ؟

ج: ئەگەر ئايال ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىشكە مەجبۇرلانغان ۋە ئۆزىنى تۇتۇپ بەرگەن بولسا، بۇ هالدا ئايال گۇناهكار بولىدۇ. ئەمما مەجبۇرلانىشىمۇ ئۆزىنى تۇتۇپ بەرمىگەن ۋە شۇ هالەتتە تۇرۇپ ئەر ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، بۇ هالدا ئايال گۇناهكار بولمايدۇ.

بۇنىڭغا ئىلاۋە قىلىپ ئىمام بۇخارى (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) لەيستىن نافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەبۇئۇبەيدىنىڭ قىزى سەپىيەنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، خەلىپىنىڭ قۇللىرىدىن بىر قۇل ئولجا ئېلىنغان بىر چۆرە بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەكچى بولىدۇ. (بۇ چۆرە ئۇنداق قىلىشقا ئۇنىمايدۇ). ئۇ قۇل ئۇ چۆرە بىلەن مەجبۇرىي هالدا جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئۇ قۇلنى قامچىلايدۇ ۋە ئۇنى پالىۋېتىدۇ. ئەمما چۆرە ئۇ ئىشقا مەجبۇرىلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى قامچىلىمايدۇ.»[1]

ئەگەر بىر ئادەم بەچچىۋازلىق قىلىشقا مەجبۇلانغان بولسا، ئۆلتۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. چۈنكى بەچچىۋازلىق قىلىشنىڭ (يەنى ئادەمنىڭ ئارقا تەرىپىگە كىلىشنىڭ) هاراملىقى زىنانىڭ (يەنى ئايالنىڭ ئالدا تەرىپىگە كېلىشنىڭ) هاراملىقىدىن ئېغىردۇر. چۈنكى بىر ئادەمنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىش هېچبىر يول بىلەن يولغا قويۇلمىغان بىر ئىشتۇر. ئەمما ئايالنىڭ ئالدا تەرىپىگە كېلىش بولسا، نىكاھ يولى بىلەن يولغا قويۇلغاندۇر.

ئەگەر بىر ئادەم باشقا بىرسىنىڭ مال ـ مۈلكىگە زىيان سېلىشقا

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

مەجبۇرلانغان ۋە ئۇنىڭغا زىيان سالغان بولسا، مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىگىسى مال ـ مۈلكىنى شۇ ئىشقا مەجبۇرلىغان ئادەمگە تۆلىتىدۇ. چۈنكى مەجبۇرلانغان ئادەم مەجبۇرلىغۇچىنىڭ قولىدىكى بىر سايمانىنىڭ ئورنىدىدۇر. شۇڭا مەجبۇرلانغان ئادەمنىڭ قىلغان ئىشى ئۇنى مەجبۇرلىغۇچىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر ئىشنى مەجبۇرلىغۇچى خۇددى ئۆزى قول سېلىپ قىلغاندەك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مال ـ مۈلۈكنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىش ئۇنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. ئەمما يېيىشكە، جىنسىي ـ مۇناسىۋەت قىلىشقا ۋە گەپ قىلىشقا ئوخشاش بىر ئادەم يەنە بىر ئادەم ئۈچۈن سايمانىنىڭ ئورنىدا بولۇشقا بولمايدىغان ئىشلاردا، بۇلارنىڭ مەسئۇلىيىتى (مەجبۇرلانغان ھالدا قىلىسمۇ) قىلغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىشلارنى قىلغان ئادەم ئۆزىنىڭ دىنىغا جىنايەت قىلغان ھېسابلىنىدۇ ۋە بىر ئادەم باشقا بىرسىنىڭ دىنىغا جىنايەت ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. شۇڭا مۇسۇلمان بىر ئادەم ئوتپەرەس كاپىرنى بىر قوينى بوغۇزلاشقا مەجبۇرلىغان بولسا، بوغۇزلاش ئىشى قويغا زىيان سېلىش جەھەتتىن ئۇنى بوغۇزلاشقا مەجبۇرلىغان مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ قوينى ئۇ مۇسۇلماننىڭ تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئەمما بوغۇزلاش ئىشى ئۇ قوينىڭ گۆشىنىڭ دىندا ھالال بولۇشى جەھەتتىن ئۇ مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ (شۇڭا ئۇ قوينىڭ گۆشى يېيىلمەيدۇ).[1]

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە مەجبۇرلانغان ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇنىڭ قىساسى ئەگەر ئۇنى مەجبۇرلىغان ئادەم بالاغەتكە يەتكەن ئادەم بولسا، مەجبۇرلىغان ئادەمدىن ئېلىنىدۇ. چۈنكى قاتىل ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىكى بىر سايمانىنىڭ ئورنىدىدۇر. ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «قىساس ھەم مەجبۇرلىغۇچىدىن ۋە ھەم مەجبۇرلانغۇچىدىن ئېلىنىدۇ» دېدى. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ھەر ئىككىسىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى (جىنايەتنىڭ كىمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدىغانلىقى) ئېنىق ئەمەس. لېكىن ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىشكە مەجبۇرلىغان ئادەمنىڭ ئۈچ يىل ئىچىدە (ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ) دىيىتىنى بېرىشى لازىمدۇر» دەيدۇ.

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 85 ـ بەت.

# مەجبۇرلىنىش ئاستىدا قىلىنغان بولسىمۇ توغرا بولىدىغان ئىشلارنىڭ بايانى

بىر ئايال بىلەن نىكاھ قىلىشقا ياكى ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشكە ياكى قۇلىنى ئازات قىلىۋېتىشكە ياكى روزا تۇتۇشقا، سەدىقە بېرىشكە ئوخشاش ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ۋەدە بېرىشكە مەجبۇرلانغان ئادەمنىڭ قىلغان نىكاھى ياكى قىلغان تالىقى ياكى قۇلىنى ئازات قىلىۋېتىشى، ياكى بەرگەن ۋەدىسى توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ۋەدە بېرىش (ۋەدە بېرىپ بولۇپ كېيىن بۇزماقچى بولسا) بۇزۇشنى قوبۇل قىلمايدىغان ئىشلاردىندۇر. شۇڭا ئۇنىڭدا مەجبۇرلاشنىڭ ئەسىرى كۆرۈلمەيدۇ. ئۇ ھەم چاخچىقىمۇ راستىنىڭ ئورنىدا قوبۇل قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىندۇر. مەزكۇر ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئادەم، بۇ ئىشلاردىن تارتقان زىيىنىنى مەجبۇرلىغان ئادەمدىن ئالمايدۇ. چۈنكى دۇنيادا بۇ ئىشلارنىڭ مەسئۇلىيىتى بۇلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىغان ئادەمدىن سورالمايدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن بۇ ئىشلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇ ئادەمدىن ئاخىرەتتىمۇ سورالمايدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە قەسەم قىلىشقا ياكى ئايالىنى ئانىسىنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشۇتۇشقا مەجبۇرلانغان ئادەمنىڭ قىلغان قەسەمى ياكى ئايالىنى ئانىسىنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشۇتۇشى توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى ئىشمۇ مەجبۇرلاش ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتەلمەيدىغان ئىشلاردىندۇر. شۇڭا بۇ ئىككى ئىش (قىلىپ بولۇپ كېيىن بۇزۇۋاتسا) بۇزۇشنى قوبۇل قىلمايدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىندۇر.

ئايالىنى مەجبۇري ھالدا تالاق قىلىۋەتكەن ئادەمنىڭ ئايالى بىلەن تەكرار يېنىشىشى توغرىدۇر. چۈنكى يېنىشىش نىكاھنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا يېنىشىش نىكاھنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەمنىڭ مەجبۇري ھالدا ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا ئىچكەن قەسىمىمۇ ۋە (ئۇنىڭغا توختۇتۇپ بېرىلگەن تۆت ئاي مۇددەت ئىچىدە ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا) قايتىشىمۇ توغرىدۇر[1]. چۈنكى ئايالىغا يېقىنچىلىق

(1) الله تائالا ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن ئادەم ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن كىشىلەر تۆت ئاي كۈتىدۇ؛ ئەگەرئۇلار (بۇ مۇددەت ئىچىدە ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا ) قايتسا، (ئاياللىرىغا يامانلىق قىلغان گۇناھىنى ) الله ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. الله ناھايىتى مېھرىباندۇر» سۈرە بەقەر **226** ـ ئايەت.

قىلماسلىقا ئىچىلگەن قەسەم، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قەسەم، كەلگۈسىدە تالاق ھېسابلىنىدۇ. ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن ئادەمنىڭ (ئۆزىگە توختۇتۇپ بەرگەن مۇددەت ئىچىدە ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا) قايتىشى، نىكاھنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان يېنىششقا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچكەن ئادەم، (ئۇ ئادەمگە توختۇتۇپ بېرىلگەن مۇددەت ئىچىدە ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىشقا) قايتماي، ئايالى پۈتۈنلەي تالاق بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە تويلۇقنىڭ يېرىمىنى بېرىش لازىم بولىدۇ ۋە ئۇ ئادەم تويلۇقنىڭ پۈلىنى ئۆزىنى ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچىشكە مەجبۇرلىغان ئادەمدىن ئالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم (ئەگەر ئايالى بىلەن ئايرىلىپ كەتمەسلىكنى خالىسا، ئۆزىگە توختۇتۇپ بېرىلگەن مۇددەت ئىچىدە ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلىپ) ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلىپ كەتمەيتتى.

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەمنىڭ مەجبۇرىي ھالدا ئايالىنى ئۇنىڭغا بەرگەن تويلۇقنى قايتۇرۇپ ئېلىش شەرتى بىلەن تالاق قىلىۋېتىشىمۇ توغرا، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىلىش ئەر تەرەپتىن تالاق قىلغانلىق ياكى قەسەم قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇمۇ مەجبۇرلاش ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسۈتەلمەيدىغان ئىشلاردىندۇر.

ئىستىھسانغا ئاساسەن ئەگەر ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلانغان ئادەم (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ، مەجبۇرىي ھالدا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئادەمنىڭ ئىسلامى توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئىسلام (باشقا دىنلار) ئۇنىڭدىن ئۈستۈن ئەمەس، ئۇ (باشقا دىنلاردىن) ئۈستۈن بولىدىغان دىندۇر. مەجبۇرىي ھالدا ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئادەمنىڭ ئىسلامى، دۇنيادىكى ھۆكۈملەردە توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۆزى بىلەن الله تائالانىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىدا مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم مەجبۇرىي ھالدا نىكاھقا ۋەكىل قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ ۋەكىللىكى توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىكى ئاستىدا قىلىنغان نىكاھ، توغرا نىكاھ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم مەجبۇرىي ھالدا (بىر كىشى تەرىپىدىن ئۇ ئادەمنىڭ) ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشكە، ياكى قۇلىنى ئازات قىلىۋېتىشكە ۋەكىل قىلىنغان بولسا، بۇ

ۋەكىللىكمۇ ئىستىھسانغا ئاساسەن توغرىدۇر. (يەنى ئۇ ۋەكىل بېرىپ ئۇ ئادەمنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىۋەتسە، ئۇ ئايال تالاق بولۇپ كېتىدۇ ياكى قۇلىنى ئازات قىلىۋەتسە، ئۇ قۇل ئازات بولۇپ كېتىدۇ). ئەمما قىياسقا ئاساسەن مەجبۇرلىنىش ئاستىدا قىلىنغان ۋەكىللىك توغرا بولمايدۇ. چۈنكى ۋەكىللىك خۇددى سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا ئوخشاش چاخچاق بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ. (يەنى بىر ئادەم بىر كىشىگە چاخچاق قىلىپ مەن سېنى پۇكۇنى ئىشنى قىلىشقا ۋەكىل قىلدىم دېگەن بولسا، بۇ ۋەكىل قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ). شۇنىڭدەك يەنە مەجبۇرلىنىش بىلەنمۇ ئەمەلدىن قالىدۇ. ئەمما مەجبۇرىي ھالدا قىلىنغان ۋەكىللىكنىڭ ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن توغرا بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، مەجبۇرىي ھالدا سودا ـ سېتىق قىلغان ئادەمنىڭ سودا ـ سېتىقى پۈتۈنلەي توغرا بولمىغان سودا ـ سېتىق ئەمەس پەقەت توغرا بولۇش شەرتىگە توشمىغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ. (چۈنكى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك سودا ـ سېتىقنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن سودا ـ سېتىق ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن بولۇشى شەرتتۇر). شۇنىڭدەك مەجبۇرلىنىش ئاستىدا تەيىنلەنگەن ۋەكىللىكمۇ توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. مەجبۇرىي ھالدا تەيىن قىلىنغان ۋەكىللىك توغرا بولۇش شەرتىگە توشمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ شەرتلەرگە توشمىغانلىقى ۋەكىللىكنى ئادا قىلىشقا تەسىر قىلالمايدۇ. چۈنكى ۋەكىللىك، بىر ئادەمگە بىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىشتۇر. (بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشنىڭ بەزى شەرتلەرگە توشمىغانلىقى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىر قىلالمايدۇ). ئۇنداق ئىكەن ئەگەر مەجبۇرىي ھالدا قىلىنغان ۋەكىللىك خاتا دەپ قارالسا، ۋەكىلنىڭ قىلغان ئىشلىرى كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

## مەجبۇرلىنىش ئاستىدا قىلغان ئەمما توغرا بولمايدىغان ئىشلارنىڭ بايانى

بىر ئادەمنىڭ مەجبۇرىي ھالدا قەرزدارىدىن قەرز پۇلىنى كەچۈرۈۋېتىشى ياكى ئۇنىڭ جىنىغا، ياكى مال ـ مۈلكىگە كېپىل بولغان ئادەمنىڭ كېپىللىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشى توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، قەرزنى كەچۈرۈۋېتىش ياكى كېپىللىكتىن قالدۇرۇش چاخچاق بىلەن توغرا دەپ ئېتىبارغا

ئېلىنىدىغان ئىشلار ئەمەس. (يەنى بىر ئادەم بىر كىشىگە چاخچاق قىلىپ مەن سەندىن قەرز پۇلۇمنى كەچۈرۋەتتىم دېسە، بۇ كەچۈرۋېتىش توغرا ئەمەس. ياكى ئۇ مەن سېنىڭ مېنىڭ ئۇستۇمدىكى بولغان كېپىللىكىڭنى ئۆتۈۋەتتىم دېسە، بۇمۇ توغرا ئەمەس). چۈنكى بۇ ئىشلار مەيلى قەرزنى كەچۈرۋېتىش بولسۇن، مەيلى كېپىللىكتىن قالدۇرۋېتىش بولسۇن (قارشى تەرەپتىكى ئادەمنى) مەسئۇلىيەتتىن ئادا - جۇدا قىلغانلىقنى ئىقرار قىلىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشلاردا مەجبۇرلىنىش تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە مەجبۇريي ھالدا كېپىل بولۇشنى ياكى ھاۋالىنى قوبۇل قىلىشمۇ توغرا ئەمەس.

ئەگەر بىر ئادەم قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى تەلەپ قىلماي تۇرۇشقا مەجبۇرلانغان ۋە ئۇ ئادەم شۇنداق قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىگە قوشنا بولۇپ ئولتۇرغانلىق سۈپىتى بىلەن ئۇ نەرسىنى ئېلىش ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇستىدىكى تەھدىد ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۇ ھەققىنى تەلەپ قىلسا، ئۇ ھەق ئۇنىڭ بولىدۇ. ئەگەر ئۇستىدىكى تەھدىد ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۇ ھەققىنى تەلەپ قىلمىسا، ئۇ ھەق ئۇنىڭغا بېرىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ ھەققىنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن ئۇنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرلانغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭ ئۇ ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرغان بولسا، ئۇ مەجبۇرلاش ئاستىدا ئاغزىدىلا ئىماندىن يانغانلىقنى ئىپادىلەش بىلەن ئىماندىن يېنىۋالغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئىماندىن يېنىۋېلىش بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئېتىقادقا ئالاقىدار ئىشتۇر. شۇڭا ئەگەر ئۇنىڭ قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەھكەم تۇرغان بولسا، ئۇ ئىماندىن يېنىۋالغان ھېسابلانمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئايالىنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھقا ھېچقانداق تەسىر يەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم <كاپىر بولۇپ كەتتى> دەپ قارالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئېتىقادىنى ئالماشتۇرغانلىقنى (يەنى ئۇنىڭ كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكىنى) دەۋا قىلغان ۋە ئەر بۇنىڭغا ئىنكار قىلغان بولسا، ئىستىھسانغا ئاساسەن ئەرنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. قىياسقا ئاساسەن ئايالنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىپ ئەر - ئايالنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى لازىم ئىدى. چۈنكى كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى ئېغىزدىن چىقىرىش ئەر - ئايالنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنىڭ

قاتارىدىندۇر. شۇڭا بىر ئادەم كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى مەيلى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئېغىزىدىن چىقارسۇن، مەيلى مەجبۇرىي ھالدا ئېغىزىدىن چىقارسۇن خۇددى تالاق سۆزىگە ئوخشاش ئۇنىڭ بىلەن ئايالىنىڭ ئارىسىنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى لازىم ئىدى. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئېتىقادىنى ئالماشتۇرغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭ كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكىنى) دەۋا قىلغان ۋە ئەر بۇنىڭغا ئىنكار قىلغان ۋاقىتدا، ئىستىھسانغا ئاساسەن ئەرنىڭ سۆزىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆز ئەسلىدە ئەر ـ ئايالنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىش ئۈچۈن پەيدا قىلىنمىغاندۇر. ئەر ـ ئايالنىڭ ئارىسى پەقەت ئېتىقادنىڭ ئۆزگۈرۈشى بىلەن ئايرىلىپ كېتىدۇ. بىر ئادەمنىڭ مەجبۇرىي ھالدا ئېغىزىدىن كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى چىقىرىشى ئۇنىڭ ئېتىقادىنىڭ ئۆزگۈرۈپ كەتمىگەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ مەجبۇرىي ھالدا ئېغىزىدىن كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى چىقىرىشى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ بىلەن ئايالىنىڭ ئارىسى ئايرىۋېتىلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭ كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنمايدۇ.

ئەگەر بىر ئەر ئايالىغا، ھەتتا ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ تويلۇقلىرىنى ئەرگە سوۋغات قىلىپ بېرىۋېتىش ئۈچۈن ئۇرۇدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالغان ۋە ئايال مەجبۇرىي ھالدا تويلۇقلىرىنى ئەرگە سوۋغات قىلىپ بېرىۋەتكەن بولسا، ئەگەر ئەر ئايالىنى ئۇرۇشقا كۈچى يېتىدىغان ئەر بولسىمۇ ئۇ توغرا بولغان سوۋغات، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئەر ئايالىغا، (ئەگەر ئايال تويلۇقلىرىنى بەرمىسە) ئۆزىنىڭ ئۇنى تالاق قىلىۋېتىدىغانلىقى ياكى ئۇستىگە خوتۇن ئالىدىغانلىقى، ياكى چۆرە سېتىپ ئالىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالغان بولسا، بۇ ئىشلار ئۇ ئايالغا سېلىنغان تەھدىت، دەپ قارالمايدۇ. (يەنى ئەگەر ئايال بۇ ئىشلاردىن قورقۇپ تويلۇقىنى ئېرىگە سوۋغات قىلىۋەتكەن بولسا، بۇ توغرا دەپ قارالغان سوۋغا ـ سالام ھېسابلىنىدۇ). چۈنكى (ئەر تەھدىت قىلىش يۈزىسىدىن ئايالغا دېگەن) مەزكۇر ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىدا قىلىش توغرا بولغان ئىشلاردۇر. ئىسلام دىنىدا قىلىش توغرا بولغان ئىشلارنى قىلىش تەھدىت سېلىش ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر بىر كاپىر بىر مۇسۇلمانغا: مېنىڭ (بىرەر قېتىم) جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشۈم ئۈچۈن چۆرەڭنى ماڭا بەرگىن، مەن ساڭا (مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسىرىدىن) **1000** ئەسىرنى قايتۇرۇپ بېرەي، دېگەن بولسا،

ئۇ مۇسۇلماننىڭ چۆرىسىنى (كاپىرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ئۇ كاپىرغا) بېرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى كاپىرنىڭ ئۇ سۆزى ھەتتا ئۇ مۇسۇلماننىڭ چۆرىسىگە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت بېرىشىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن تەھدىد ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ مۇسۇلمان چۆرىسىنى ئۇ كاپىرغا بېرىشكە مەجبۇرلانغان بولمايدۇ. ئەمما ئەسىرلەرنىڭ ئىشىغا كەلسەك، اللّٰه تائالا ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا ۋە ئۇلارغا كەلگەن ئەزىيەتلەرگە ئۇلارغا سەۋر قىلىش كۈچى ئاتا قىلىشقا قادىردۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر كاپىر مۇسۇلمان بىر ئايالغا: سەن ئۆزەڭنى ماڭا تۇتۇپ بەرگىن (يەنى مېنىڭ سەن بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشۈمگە يول قويغىن)، مەن ساڭا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسىرلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرەي (يەنى قويۇپ بېرەي)، ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىغان بولساڭ، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋاتىمەن، دەپ تەھدىد سالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنى ئۇنىڭ جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىگە تۇتۇپ بېرىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئايالغا: سەن ئۆزەڭنى ماڭا تۇتۇپ بەرگىن، ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىغان بولساڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋاتىمەن، دەپ تەھدىد سالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنى ئۇنىڭغا تۇتۇپ بېرىشىگە يول قويۇلىدۇ. گەپنى يىغىنچاقلاپ ئېيتىشقا توغرا كەلسە، بىر مۇسۇلماننىڭ اللّٰه تائالا چەكلىگەن ھارام ئىشلارنى قىلىپ سالامەتلىق شەرتى بىلەن ئۆزىنى مۇسۇلمان قېرىندىشى ئۈچۈن پىدا قىلىشى لازىم. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى مۇسۇلمان قېرىندىشى ئۈچۈن پىدا قىلىش ئۈچۈن اللّٰه تائالا چەكلىگەن ھارام ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كەلسە، بۇ ھالدا ئۇنىڭ بۇ پىداكارلىقنى قىلىشى لازىم ئەمەس. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «زۇلۇم قىلغۇچى ياكى زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى قېرىندىشىڭغا ياردەم قىلغىن» دېگەن ھەدىسىگە كەلسەك، بۇ ھەدىس ھەممە ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. چۈنكى بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى بويىچە: قېرىندىشىغا ياردەم قىلىشقا قادىر بولالمىغان ئادەم بۇ ھەدىسنىڭ بۇيرۇقىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم اللّٰه تائالا ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلماستىن قېرىندىشىغا ياردەم قىلىشقا قادىر بولالمىسا، ئۇ قېرىندىشىغا ياردەم قىلىشقا قادىر بولالىغان ئادەم ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى بۇ يەردە (اللّٰه تائالا ھارام قىلىپ چەكلىگەن ئىشلارنى قىلماي) دىنىغا ياردەم قىلىش بىلەن (اللّٰه تائالا ھارام قىلىپ چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپ)

قىرىندىشىغا ياردەم قىلىشتەك بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى ئىش بىر يەرگە كەلدى. بۇ ھالدا (الله تائالا ھارام قىلىپ چەكلىگەن ئىشلارنى قىلماي) دىنىغا ياردەم بېرىش قېرىندىشىغا ياردەم بېرىشتىن مۇھىمدۇر.[1]

ئەگەر قازى بىر ئادەمنى ئوغرىلىق قىلغانلىقىغا ياكى بىرەرسىنى قەستەن ئۆلتۈرۋاتقانلىقىغا، ياكى بىر ئادەمنىڭ قولىنى قەستەن كېسىۋاتقانلىقىغا ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلىغان، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىغا ئىقرار قىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ (قىساس ئۈچۈن) قولى كېسىۋېتىلگەن، ياكى ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر (مەجبۇرلاش ئاستىدا) ئىقرار قىلغان ئادەم تەقۋادار (يەنى ئۇنداق ئىشلارنى قىلمايدىغان) ئادەم بولسا، قازىدىن قىساس ئېلىنىدۇ. (يەنى ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ قولى كېسىلگەن بولسا، قازىنىڭ قولى كېسىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، قازىمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ). ئەگەر ئۇ ئادەم بۇرۇنمۇ ئوغرىلىق قىلىش ياكى ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىش بىلەن تونۇلغان ۋ ئۇنىڭ (قازى مەجبۇرلاش ئاستىدا ئىقرار قىلدۇرغان ئىشلارنى قىلىپ قېلىش) ئېھتىمالى بار ئادەم بولسا، بۇ ھالدا ئىستىھسانغا ئاساسەن قازىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ئىقرار قىلغان جىنايەتلەرنى قىلىپ قالغانلىق شۈبھىسى كۆرۈلدى. ئەگەر ئۇ ئادەمنى (قازى ئەمەس) كۈچ بىلەن ھوقۇققا چىققان ھاكىم شۇنداق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئەھۋالىمۇ خۇددى قازىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش بولىدۇ.

بىر ئادەم بىر كىشىگە ياكى سەن بۇ ئىچىملىكنى ئىچىسەن، ياكى بۇ نەرسەڭنى سېتىپ بېرىسەن، دەپ تەھدىد سالغان بولسا، بۇ مەجبۇرلاش ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىچىملىك ھاراققا ئوخشاش ئىچىش ھالال ئەمەس ئىچىملىك بولغان ۋە (ئۇ كىشى ئۇ نەرسىسىنى ئۇ ئادەمگە سېتىپ بەرگەن) بولسا، ئۇ كىشىگە ئۇستىدىكى مەجبۇرلاش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇ سودىنى بۇزۇش ياكى بۇزماسلىق ھەققىدە تاللاش ھەققى بېرىلىدۇ. چۈنكى ھاراقنىڭ ھارام ئىكەنلىنى چوقۇمدۇر ۋە ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى (مەجبۇرلىنىش ئاستىدا) ساتقانلىقى ئۈچۈن بۇ سودىغا رازى بولمىغان ھېسابلىنىدۇ. (شۇڭا ئۇنىڭغا ئۈستىدىكى مەجبۇرلاش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇ سودىنى بۇزۇش ياكى بۇزماسلىق ھەققىدە تاللاش ھەققى بېرىلىدۇ).

(1) «ئىنلائۇسسۇنەن»، 16 ـ توم، 309 ـ بەت.

**س: ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىسىنى سېتىپ بەرمەي ئۇنىڭ ئورنىغا هاراقنى ئىچىپ بېرىشىگە بولامدۇ؟**

**ج: كۆچلۈك دەپ قارالغان رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ بەرمەي ئۇنىڭ ئورنىغا هاراقنى ئىچىپ بېرىشىمۇ بولىدۇ. چۈنكى (مەسىلەن ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دېگەنگە ئوخشاش) زۆرۈر تېپىلغاندا هاراق ئىچىشكە بولىدۇ.**

**ئەگەر بىر ئادەم ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشكە، ياكى قۇلىنى ئازات قىلىۋېتىشكە ئۆلۈم بىلەن تەهدىد قىلىنغان، ئۇ ئادەم ئايالىنى تالاق، ياكى قۇلىنى ئازات قىلىۋەتمىگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەم گۇناهكار هېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئەگەر مال ـ مۈلكىگە زىيان سېلىشقا ئۆلۈم بىلەن تەهدىد قىلىنغان، مال ـ مۈلكىگە زىيان سېلىنمىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، ئۇ ئادەم شېهىد هېسابلىناتتى، شۇنىڭدەك ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالىنىڭ ئۈستىدىكى ئىگىدارچىلىقىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىدىغان ئىشنى قىلىشتىن (يەنى ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشتىن) باش تارتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئەلۋەتتە گۇناهكار هېسابلانمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم يا زىنا قىلىشقا ياكى بىر نەرسىسىنى سېتىشقا مەجبۇرلانغان ۋە بىر نەرسىسىنى ساتقان بولسا، بۇ هالدىمۇ ئۇ ئادەم مەجبۇرلانغان هېسابلىنىدۇ. بۇ، ئەگەر بىرى هارام يەنە بىرىسى هارام ئەمەس ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قىلىشقا مەجبۇرلانغان بولسا، ئەهۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما هەر ئىككىسى هارام ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قىلىشقا مەجبۇرلانغان بولسا، مەسىلەن: بىر ئادەم كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى قىلىش بىلەن بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈۋېتىشقا مەجبۇرلانغان ۋە ئۇ ئادەم (مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن) بولسا، ئۇ ئادەمدىن ئىستىهسانغا ئاساسەن قىساس ئېلىنمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچ يىلغا قەدەر ئۆلتۈرۈلگەن مۇسۇلماننىڭ دىيىتىنى بېرىشى لازىم. بۇ، ئەگەر ئۇ ئادەم قەلبى ئىمان بىلەن مۇستەهكەم تۇرۇپ مەجبۇرلاش ئاستىدا ئاغزىدىلا كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى قىلىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان بولسا، ئەهۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، بىر قاراشقا ئاساسەن: ئۇ ئادەم (قىساس ئۈچۈن) ئۆلتۈرۈلىدۇ، يەنە بىر قاراشقا ئاساسەن: ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.**

ئەگەر بىر ئادەم زىنا قىلىش بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇرلانغان بولسا، بۇ ئىككى ئىشنىڭ ھېچبىرىنى قىلمايدۇ. چۈنكى ھەر ئىككى ئىش زۇرۇر بولۇپ قالغاندا قىلىشقا بولىدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىن ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم زىنا قىلسا، ئىستىھسانغا ئاساسەن ئۇنىڭغا زىنانىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئايالغا تويلۇق بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم (مەجبۇرلاش ئاستىدا) ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، قىساس ئۇنى مەجبۇرلىغۇچىدىن ئېلىنىدۇ. چۈنكى قاتىل ئۇنى مەجبۇرىيلانغان ھالدا ئۆلتۈرگەندۇر.

ئەگەر بىر ئادەم ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىش بىلەن باشقىسىنىڭ مال ـ مۈلكىگە زىيان سېلىشقا مەجبۇرلانغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئەگەر مال ـ مۈلۈك (ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتسە) ئۇنىڭ دىيىتىگە تۆلەپ بېرىدىغان مال ـ مۈلۈكتىن ئاز بولغان تەقدىردىمۇ مال ـ مۈلۈككە زىيان سېلىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتسە، قىساس ئۇنى مەجبۇرلىغۇچىدىن ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم مال ـ مۈلۈككە زىيان سالغان بولسا، ئۇنىڭ زىيىنىنى مەجبۇرلىغۇچىدىن ئالىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ھەر ئىككىسى ھارام ئەمەس ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قىلىشقا مەجبۇرلانغان بولسا، مەسىلەن: توي قىلىپ ئايالى بىلەن بىر يەردە بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنى تالاق قىلىۋېتىشكە ياكى قۇلىنى ئازات قىلىۋېتىشكە مەجبۇرلانغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئادەم قۇلىنى ئازات قىلىۋەتكەن بولسا، مەجبۇرلىغۇچى ئۇنىڭغا قۇل ئۈچۈن ئۇنىڭ بازاردىكى باھاسىدىن تۆۋەنرەك پۇل تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالىنى تالاق قىلىۋەتكەن بولسا، مەجبۇرلىغۇچى ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئايالىغا بەرگەن تويلۇقىنىڭ يېرىمىنىڭ پۇلىنى بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالى بىلەن بىرەر قېتىم بىر يەردە بولغان بولسا، بۇ ھالدا مەجبۇرلىغۇچىغا ھېچنەرسە بېرىش لازىم ئەمەس.

كېسەل بىر ئايالنىڭ ئېرى ئۇ ئايالنى ھەتتا ئۇ ئايال تويلۇقىنى ئۇنىڭغا سوۋغا ـ سالام قىلىپ بەرمىگۈچە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىشتىن چەكلىگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال بىر قىسىم تويلۇقىنى ئېرىگە سوۋغا ـ سالام قىلىپ بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ قىلغان بۇ سوۋغا ـ سالامى توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئايال شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئادەمنىڭ ئورنىدىدۇر.

بىر ئادەم تېخى قىز بىر قىزنى ياتلىق قىلغان ۋە قىز ئېرىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈلىدىغان ۋاقىتتا، ئۇ ئادەم ھەتتا قىزنىڭ، ئانىسىدىن ئۆنىڭغا تەۋە بولغان پۈتۈن مىراسنى تولۇق ئېلىپ بولغانلىقىغا بىر نەچچە ئادەمنى گۇۋاھچى قىلغانلىقىغا ئىقرار قىلمىغىچە ئۇنى ئېرىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈشتىن چەكلىگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز ئانىسىدىن ئۆزىگە تەۋە بولغان پۈتۈن مىراسنى تولۇق ئېلىپ بولغانلىقىغا بىر نەچچە ئادەمنى گۇۋاھچى قىلغانلىقىغا ئىقرار قىلغان، ئاندىن ئۇ قىزنىڭ كۆچۈرۈلۈشىگە رۇخسەت قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ قىزنىڭ قىلغان ئىقرارى توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ قىز شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلانغان ئادەمنىڭ ئورنىدىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە يېڭى توي قىلغان بىرەر قىزنى بىر نەرسىنى ساتقانلىقى ياكى سېتىپ ئالغانلىقى، ياكى ئىجارىگە قويغانلىقى ھەققىدە ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلاشنىڭ ھۆكمىمۇ خۇددى ئۇ قىزنى ئانىسىدىن ئۆزىگە تەۋە بولغان پۈتۈن مىراسنى تولۇق ئېلىپ بولغانلىقىغا بىر نەچچە ئادەمنى گۇۋاھچى قىلغانلىقىغا ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلىغانىنىڭ ھۆكمىدىدۇر. تويى بولغان مەجبۇرلانغان تەرەپنىڭ قىز بولۇشىلا شەرت ئەمەس. قىز ئەمەس سىڭىلەك بولسىمۇ قىزنىڭ ھۆكمىدىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە مەجبۇرلاش قىزنىڭ دادىسىغىلا خاس ئەمەس. ئاكا، تاغا ۋە ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىغا ئوخشاش تويى بولغان قىزنى ئېرىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈلۈشتىن توسۇپ قالالايدىغان ھەر قانداق بىر ئادەم بۇ ھەقتە دادىنىڭ ھۆكمىدىدۇر.[1]

باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىشقا مەجبۇرلانغان ئادەم، مال ـ مۈلۈكنى ئالغان ۋاقىتتا ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى نىيەت قىلسا، ئۇ ئادەم ئۇ مالنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۇنداق نىيەت قىلمىسا، مالنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر مال ئىگىسى بىلەن مەجبۇرلانغان ئۇ ئادەم، مالنى ئالغان ۋاقىتتا ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى نىيەت قىلغانلىق ياكى قىلمىغانلىق ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، مەجبۇرلانغۇچىنىڭ قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ قىلغان سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. مال ـ مۈلۈكنى تۆلەپ بېرىش ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە ئەمەس ئۇنى مەجبۇرلىغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم ئامانەتنى ياكى سوۋغا ـ سالامنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلانغان ۋە ئۇ ئادەم: مەن بۇلارنى كېيىن ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 88 ـ بەت.

ئىدىم، دېگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ خۇددى يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈلگەن ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

بىر نەرسە سېتىپ ئېلىشقا ياكى سېتىشقا مەجبۇرلانغان ئادەم، مەجبۇرلىغان ئادەم ئۇنىڭ بېشىدا تۇرۇپ قاراپ تۇرغان ۋاقىتتىلا مەجبۇرلانغان ئىشنى قىلىدۇ. ئەگەر مەجبۇرلىغان ئادەم ئۇنىڭ بېشىدا تۇرۇپ قاراپ تۇرمىغان بولسا، مەجبۇرلانغۇچى ئادەمنىڭ مەجبۇرلانغان شۇ ئىشنى قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ قېشىدا ئۇنى مەجبۇرلايدىغان كۈچ يوق ۋە ئۇنىڭ ئۇنى مەجبۇرلايدىغان ئادەمدىن يىراقلىشىپ بىر يەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىشى مۇمكىندۇر. بىر ئادەمنىڭ بىر كىشىگە: (ئەگەر سەن ئۇنداق ئىشنى قىلمىساڭ)، مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سېنى ئۇنداق قىلىمەن ـ مۇنداق قىلىمەن، دەپ تەھدىت سېلىشى بىلەن ئۇ كىشى ئۇ ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلانغانلىق ھېسابلانمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ: مەن قايتىپ كېلىپ سېنى ئۇنداق قىلىمەن، دېگەن سۆزى بىلەن مەجبۇرلاش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. مانا بىز بۇنىڭ بىلەن زالىم باشلىقلارنىڭ ئۆزلىرى ياكى ئۇلارنىڭ ئەلچىللىرى، كىشىلەرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ناھەق ئېلىۋالىدىغان زالىملارنىڭ ئادەملىرىنىڭ باشلىرىدا قاراپ تۇرمىغان ۋاقىتتا، ئۇ ئادەملەرنىڭ كىشىلەرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تارتىۋېلىشلىرىغا ھېچقانداق ئۆزرىلىرىنىڭ يوقلىقىنى بىلىۋالايمىز.

بىر كىشى ئۆزىگە تەۋە تاماقنى يېيىشكە مەجبۇرلانغان ۋە (ئۇ كىشى ئۇ تاماقنى يېگەن) بولسا، ئەگەر ئۇ كىشى قورسىقى ئاچ بولسا، ئۇ كىشى تاماقنىڭ پۇلىنى مەجبۇرلىغان ئادەمدىن ئالمايدۇ. چۈنكى تاماق يېگەننىڭ پايدىسى ئۆزىگە بولدى. ئەگەر ئۇ كىشى توق بولسا، بۇ ھالدا تاماقنىڭ پۇلىنى مەجبۇرلىغۇچى ئادەمدىن ئالىدۇ. چۈنكى بۇ تاماق ئۇنىڭغا ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمىدى.

ئەگەر ئىش ئۇنداق بولىدىغان بولسا، ئەگەر تاماق باشقا بىرسىگە تەۋە بولسا، تاماقنىڭ پايدىسى ئۇنى يېگەن قورسىقى ئاچ كىشىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۇلى ئۇنى يېيىشكە مەجبۇرلىغان ئادەمگە بولىدىغۇ؟ دېگەن سوئال قويۇلسا، مەن ئۇ سوئالغا بۇ جاۋابنى بېرىمەن: بىر كىشى باشقا بىرسىگە تەۋە تاماقنى يېيىشكە مەجبۇرلانغان ۋاقىتدا، ئۇ كىشى (باشقا بىرسىگە تەۋە ئەمەس) مەجبۇرلىغۇچىغا تەۋە تاماقنى يېگەن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ تاماقنى يېيىشكە مەجبۇرلاش ئۇ تاماقنى قولغا ئېلىشقا مەجبۇرلاش

ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى تاماقنى قولغا ئالماستىن ئۇنى يېيىش مۇمكىن ئەمەس. تاماقنى يېيىشكە مەجبۇرلىغان ئادەم ئۇ كىشىگە: خۇددى سەن تاماقنى قولۇڭغا ئالغىن ۋە ئۇنى يىگىن، دېگەن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بىر كىشى ئۆزىگە تەۋە تاماقنى يېيىشكە مەجبۇرلانغان ۋاقتىدا، مەجبۇرلانغان ئۇ كىشى تاماقنى يەپ بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۇنى تاماق يېيىشكە مەجبۇرلىغان ئادەمنى ئۇ تاماقنى قولغا ئالدى، دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى تاماق ئۆز ئىگىسىنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۈچۈن (ئىگىسى ئۇنى يەپ بولۇشتىن ئىلگىرى) ئۇنى تاماقنى يېيىشكە مەجبۇرلىغان ئادەم قولىغا تاپشۇرۇپ ئالدى، دېيىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق ئىكەن ئۆزىگە تەۋە تاماقنى يېيىشكە مەجبۇرلانغان ئادەم تاماقنى يېگەن ۋاقتىدا، (مەجبۇرلىغۇچىغا تەۋە ئەمەس) ئۆزىگە تەۋە تاماقنى يېگەن ھېسابلىنىدۇ. لېكىن مەجبۇرلانغان ئادەم قۇرسقى توق بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىگە زىيان سېلىشقا مەجبۇرلانغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ۋاقىتتا ئۇ تاماقنىڭ پۇلىنى مەجبۇرلىغان ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىشى لازىم.

كۆچ ـ قۇۋۋەتى بار بىر ئادەم بىر كىشىگە: يا سەن بۇ قورۇنى ماڭا سېتىپ بېرىسەن، ياكى مەن بۇنى سېنىڭ ئۈستۈڭدىن دەۋا قىلغان ئادەمگە بۇيرۇپ بېرىمەن، دېگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۇ قورۇنى ئۇ ئادەمگە سېتىپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا سالغان تەھدىدنى قىلىدۇ، دەپ كۆچلۈك گۇمان قىلسا، ئۇ مەجبۇريي ھالدا بولغان سودا ـ سېتىق ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر باشلىق يېتىم بالىنىڭ مال ـ مۈلكىگە قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەمنى، يېتىم بالىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزىگە بېرىشكە مەجبۇرلىغان ۋە ئۇ ئادەم يېتىمنىڭ مال ـ مۈلكىنى باشلىققا بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ مال ـ مۈلۈكنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر باشلىق يېتىم بالىنىڭ مال ـ مۈلكىگە قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەمگە، (ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ بالىنىڭ مال ـ مۈلكىنى باشلىققا بەرمىسە)، ئۆزىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋالىدىغانلىقى بىلەن تەھدىد سالغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئادەم باشلىقنىڭ، مال ـ مۈلكىدىن بىر قىسمىنى ئېلىۋالىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزىگە يەتكۈدەك بىر قىسمىنى قويۇۋېتىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ بالىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۇ باشلىققا بېرىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇ

ئادەم يېتىم بالىنىڭ مال ـ مۈلكىنى باشلىققا بەرگەن بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ مال ـ مۈلۈكنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم باشلىقنىڭ، (مال ـ مۈلكىدىن بىر قىسمىنى ئەمەس) هەممىسىنى ئېلىۋېلىشىدىن قورقسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەم (بالىنىڭ مال ـ مۈلكىنى باشلىققا بېرىشتە) ئۆزرۈلۈك هېسابلىنىدۇ. ئەگەر باشلىق يېتىم بالىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزى قول تېپىقپلا ئېلىۋالغان بولسا، بۇ هالدا ئۇ مال ـ مۈلۈككە قارايدىغان ئادەمگە ئۇنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس.[1]

بىر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇغان ئادەم تۆۋەندىكىدەك ئالتە تۈرلۈك ئادەم بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتى بۇيرۇغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ:

1 ـ باشلىق. يەنى باشلىق بىر ئادەمنى بىر ئىشقا بۇيرۇغان بولسا، ئۇ ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتى باشلىقنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

2 ـ دادا. مەسىلەن: بىر دادا بالاغەتكە يەتكەن بالىسىنى ئېتىزلىقىغا ئوت يېقىشقا بۇيرۇغان، بالا شۇنداق قىلغان ۋە ئوت قوشنىسىنىڭ ئېتىزلىقىغا تۇتۇشۇپ چىقىپ قوشنىسىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىگە كۆيدۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى بالىنىڭ دادىسى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى دادىنىڭ بالىغا بەرگەن بۇيرۇقى توغرىدۇر ۋە كۈچكە ئىگىدۇر. شۇڭا بالىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى خۇددى دادا ئۆزى قول تىقىپ قىلغانىغا ئوخشاش دادىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئەمما ئۇ بالىنىڭ دادىسى ئۆيىنىڭ تېمىنى يولىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىقىتىش ئۈچۈن خەرەت (يەنى ياغاچچى) ئىجارىگە ئالغان، ئۇ ياغاچچى (ئۆيىنىڭ تېمىنى يولغا) يىقىتقان ۋە تامنى يېقىتىش جەريانىدا تام بېسىۋېلىپ بىر ئادەم ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى بالىنىڭ دادىسىغا ئەمەس ياغاچچىنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ. يەنى ئۆلگەن ئادەمنىڭ دىيىتى بالىنىڭ دادىسىغا ئەمەس ياغاچچىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. چۈنكى بالىنىڭ دادىسىنىڭ ياغاچچىغا: (بۇ تامنى يېقىتقىن دېگەن) سۆزى بۇيرۇق، دەپ قارالمايدۇ.

3 ـ خوجايىن. بىر خوجايىن بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنى ياكى بىر قۇلنى، ئۇ قۇلنىڭ خوجايىنىدىن باشقا بىرسىنىڭ مال ـ مۈلكىگە زىيان

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 89 ـ بەت.

سېلىشقا بۇيرۇغان بولسا، ئۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ زىيىنىنى بۇيرۇغان خوجايىن تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ خوجايىن ئۇ قۇلنى، ئۇ قۇلنىڭ خوجايىنىنىڭ مال ـ مۈلكىگە زىيان سېلىشقا بۇيرۇغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ زىيىنىنى بۇيرۇق بەرگەن خوجايىنىنىڭ تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس.[1]

# باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ناھەق ئېلىۋېلىشىنىڭ بايانى

ئەرەبچىدە بۇ مەنانى ئىپادىلەيدىغان سۆز <غەسب> دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئۇقۇمى: مەنا چەھەتتىن مەيلى مال ـ مۈلۈك بولسۇن، مەيلى باشقا نەرسە بولسۇن، بىر نەرسىنى كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تايىنىپ تۇرۇپ ئېلىۋېلىش، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۇ سۆزنىڭ ئۇقۇمى: ئىستىلاھ جەھەتتىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تايىنىپ تۇرۇپ ئېلىۋېلىنغان نەرسە ئۈستىدە، ھۆكمەن بولسىمۇ ناھەق قولنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەق قولنى يىراقلاشتۇرۇش، دېگەنلىك بولىدۇ. مەسىلەن: قېشىدا باشقىلارنىڭ ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان نەرسە ـ كېرەكلىرى بار ئادەم ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرگە تېنىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكمەن يىراقلاشتۇرغان ۋە (ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدە ئۆزىنىڭ قولىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىغان) بولىدۇ. چۈنكى قېشىدا باشقىلارنىڭ ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان نەرسە ـ كېرەكلىرى بار ئادەم، ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرگە تېنىۋېلىشتىن ئىلگىرى، ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ئۈستىدە ئۇ ئادەمنىڭ قولى خۇددى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىنىڭ ئورنىدىدۇر. (بىز بۇنىڭدىن كېيىن بۇنى ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە ـ كېرەكلەر دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيمىز).

ئەسلىدە ئۇ سۆزنىڭ ئۇقۇمىدىن: كۈچىگە تايىنىپ تۇرۇپ ئېلىۋالغان نەرسە ئۈستىدە، ناھەق قولنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئەمەس ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەق قولنى يىراقلاشتۇرۇش كېرەك، دېيىش مەقسەت قىلىنىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر قولىدا مەرۋايىت بار ئادەمنىڭ قولىغا، بىر كىشى ئۇرغان ۋە مەرۋايىت سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ مەرۋايىتنى ئۇنى تۇتۇپ تۇرغان ئادەمنىڭ

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 136 ـ بەت.

قولىغا ئۆرغان كىشى تۆلەپ بېرىدۇ. مانا بۇ يەردە مەرۋايىتنىڭ ئۈستىدە بار دەپ ئىسپاتلايدىغان قول يوق[1]. ئەگەر بىر ئادەم ناھەق ئېلىۋېلىنغان باغنىڭ مېۋىلىرىگە زىيان يەتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ مېۋىلەرنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. مانا بۇ مەسىلىدە (ئۇ مېۋىلەرنىڭ ئۈستىدە ناھەق قولنىڭ بارلىقى ئىسپاتلانسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا) ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھەق قولنى يىراقلاشتۇرۇش تېپىلمىدى[2].

بۇ ئوقۇم ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مەزكۇر سۆزگە بەرگەن ئۇقۇمىغا ناھايىتى ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): مەزكۇر سۆزگە ئوقۇم بېرىپ: «ئۇ سۆزدىن (يەنى <غەسسب> دېگەن سۆزدىن) پەقەت ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە ئۈستىدىكى ھەق قولنى يىراقلاشتۇرۇش، مەقسەت قىلىنىدۇ.» دېگەن. ئىمام مۇھەممەدنىڭ ئۇ سۆزگە بەرگەن ئۇقۇمى باشقا ئىماملارنىڭ ئۇ سۆزگە بەرگەن ئۇقۇمىغا ئوخشىمايدۇ. باشقا ئىماملار: «ئۇ سۆزنىڭ ئۇقۇمىدىن ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە ئۈستىدىن (ھەق قۇلنى يىراقلاشتۇرۇش) ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە ناھەق قۇلنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش مەقسەت قىلىنىدۇ» دېدى.[3]

بەزى ئالىملار: «ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىلەر تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ» دېدى:

**1** ـ تۆلەپ بېرىشنى لازىم قىلىدىغان نەرسىلەر. بۇ نەرسىلەردە، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ھەق قولنى يىراقلاشتۇرۇش شەرتتۇر.

**2** ـ (تۆلەپ بېرىشنى ئەمەس) ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى لازىم قىلىدىغان نەرسىلەر. بۇ نەرسىلەردە، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئۈستىدە ناھەق قولنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش شەرتتۇر. مەسىلەن: زېمىنغا ئوخشاش. زېمىننى ناھەق ئېلىۋېلىش، ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تەئالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا: (زېمىننىڭ ئورنىغا بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشنى ئەمەس) زېمىننىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى

---

**(1)** مانا بۇ مەسىلىدە مەرۋايىتنىڭ ئۈستىدە ناھەق بىرەر قولنىڭ بارلىقى ئىسپاتلانمىدى. چۈنكى، ئۇ مەرۋايىتنى ھېچكىم قولىغا ئېلىۋالمىدى. ت.

**(2)** يەنى ئۇ مېۋىلەر ئەسلىدىمۇ كۈچگە تايىنىپ تۇرۇپ ئېلىۋېلىنغان باغنىڭ مېۋىلىرىدۇر. باغنى كۈچگە تايىنىپ تۇرۇپ ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى ئۇ مېۋىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ھەق قول ھېسابلانمايدۇ. ت.

**(3)** «رەددۇلمۇھتار»، **5** ـ توم، **113** ـ بەت.

**لازىم قىلىدۇ. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «زېمىنىنىڭ ئورنىغا باشقا نەرسە تۆلەپ بېرىشمۇ بولىدۇ» دەيدۇ.**

**ئىمام شافىئىي (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەزكۇر سۆزنىڭ ئۇقۇمىدىن (ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىنىڭ ئۈستىدە) پەقەت ناھەق قولنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاشلا مەقسەت قىلىنىدۇ» دېدى.**

**ئىمام شافىئىي بىلەن باشقا ئىماملارنىڭ ئۇ سۆزنىڭ ئۇقۇمى ھەققىدىكى ئىختىلاپلىرىنىڭ مېۋىسى ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىلەرگە كېيىن قوشۇلغان نەرسىلەر ئۈستىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ناھەق بىر باغنى ئېلىۋالغان، كېيىن ئۇ باغدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر مېۋە بەرگەن، ئاندىن ئۇ مېۋىلەر مەيلى دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ بۇزۇلۇپ كەتسۇن، مەيلى پۈتاپ بولۇنغاندىن كېيىن بۇزۇلۇپ كەتسۇن، بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇ ئادەم بۇزۇلۇپ كەتكەن مېۋىلەرنى تۆلەپ بەرمەيدۇ[1]. چۈنكى (ئۇ مېۋىلەرنىڭ ئۈستىدە ناھەق قولنىڭ بارلىقى ئىسپاتلانسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا) ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھەق قولنى يىراقلاشتۇرۇۋېتىش كۆرۈلمىدى[2]. بۇ، ئەگەر باغنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم، باغنىڭ ئىگىسى باغنىڭ مېۋىلىرىنى يىغىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ۋاقتىدا، ئۇنى مېۋىلەرنى يىغىشتىن چەكلىمىگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر باغنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم، باغنىڭ ئىگىسى باغنىڭ مېۋىلىرىنى يىغىشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ۋاقتىدا، ئۇنى مېۋىلەرنى يىغىشتىن چەكلىگەن بولسا، باغنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم مېۋىلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم باغنىڭ مېۋىلىرىگە قەستەن زىيان سالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم مېۋىلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ.**

## بىر نەرسىنى ناھەقلىق بىلەن ئېلىۋېلىنغان ھېسابلىنىشىنىڭ شەرتى

**بىر نەرسىنى ناھەقلىق بىلەن ئېلىۋېلىنغان ھېسابلىنىش ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئالدىدا ھۆرمىتى بار نەرسە بولۇشى (يەنى ئۇ نەرسە ئىسلام دىنىدا ھارام قىلىپ چەكلەنمىگەن نەرسە بولۇشى) شەرتتۇر.**

**(1)** ئەمما ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇ ئادەم باغنىڭ مېۋىلىرىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ت.

**(2)** يەنى ئۇ مېۋىلەر ئەسلىدىمۇ كۆچگە تايىنىپ تۇرۇپ ئېلىۋېلىنغان باغنىڭ مېۋىلىرىدۇر. باغنى كۈچگە تايىنىپ تۇرۇپ ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى ئۇ مېۋىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ھەق قول ھېسابلانمايدۇ. ت.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانىنىڭ ھارىقىنى ئېلىۋېلىش، ئۇنى ناھەقلىق بىلەن ئېلىۋالغانلىق ھېسابلانمايدۇ. يەنى ئۇنى ئېلىۋالغان ئادەمگە ئۇنىڭ باھاسىدىكى پۇلنى بېرىش ئەمەس پەقەت ھاراقنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ بېرىش لازىمدۇر. بىلىق ۋە چىكەتكۈدىن باشقا ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى ئېلىۋېلىشمۇ، ئۇلارنى ناھەقلىق بىلەن ئېلىۋالغانلىق ھېسابلانمايدۇ. (چۈنكى ئىسلام دىنىدا ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنىڭ ھېچقانداق ھۆرمىتى يوق). شۇنىڭدەك يەنە بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان، (ئېگىزدىن) يىقىلىپ ئۆلگەن ھايۋان، ھايۋانلار (تەرىپىدىن ئۈسۈپ) ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانلارغا ئوخشاش (ئىسلام دىنىدا گۆشىنىڭ ھۆرمىتى بولمىغان) ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنى ئېلىۋېلىشمۇ، ئۇلارنى ناھەقلىق بىلەن ئېلىۋالغانلىق ھېسابلانمايدۇ. ئوغرىلانغان نەرسە ئۇنىڭ ئەسلىنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى بولسا، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ھەقىقى ئىگىسىنىڭ قولىنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن يىراقلاشتۇرۇشتۇر. لېكىن بۇ يىراقلاشتۇرۇش ئوغرىلىقتا مەخپىي ھالدا كۆرۈلىدۇ.

(رۇخسەتسىز باشقا بىرىنىڭ) قولىنى ئىشلىتىش ياكى ئۇلۇغىنىڭ ئۈستىگە بىر نەرسە ئارتىش، ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى شۇنداق قىلغان ئادەم، ئۇ نەرسە ئۈستىدىن ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىنىڭ قولىنى يىراقلاشتۇردى. ئەمما (گىلەمگە ۋە كىگىزگە ئوخشاش) نەرسىلەرنىڭ ئۈستىدە رۇخسەتسىز ئولتۇرۇش، ئۇ نەرسىلەرنى ناھەق ئېلىۋالغانلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئادەم، ئۇنىڭدىن ئىگىسىنىڭ قولىنى يىراقلاشتۇرغانلىق ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئادەم، ئۇ نەرسىگە ئولتۇرۇش جەريانىدا زىيان يەتكۈزمىگەنلا بولسا، ئۇ ئادەمگە (ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈنلا) بىر نەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم بىر ئىنساننىڭ قورۇسىغا كىرىپ ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئالغان ۋە كېيىن ئۇنىڭغا تېنىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ قورۇغا كىرگەن ئادەم ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرەر نەرسىنى باشقا يەرگە يۆتكىمىگەن ۋە تېنىۋالمىغان، ياكى بىرەر نەرسىنى قورۇدىن تېشىغا ئاچىقمىغان بولسا، ئۇ ئادەم قورۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ بىرەر نەرسىنى بۇزۇپ چاچمىغانلا بولسا ئۇنىڭ قورۇنىڭ ئىچىگە كىرگەنلىكى بىلەن

**ئۇنىڭغا بىر نەرسە تۆلەش لازىم بولمايدۇ.**

**ئەگەر بىر ئۇلاغ ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا شېرىك بولغان ۋە ئىككى شېرىكنىڭ بىرى ئۇلاغنىڭ ئۈستىگە (يەنە بىر شېرىكنىڭ رۇخسىتىسىز) بىر نەرسە ئارتقان بولسا، بۇمۇ ئۇ ئۇلاغنى ناھەق ئىشلەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىر شېرىكنىڭ ئۇلاغنىڭ ئۈستىگە بىر نەرسە ئارتقانلىقى يەنە بىر شېرىكنىڭ قولىنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلاغقا بىر نەرسە ئارتقان شېرىك يەنە بىر شېرىككە ئۇنىڭ ئۇلاغدىكى نېسىۋىسىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ شېرىك ئۇ ئۇلاغقا (ئورنىدا تۇرغۇزۇپ) مىنىپ ئاندىن ئۇنىڭدىن چۈشۈپ يەنە ئورنىدا قويۇپ قويغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ شېرىك يەنە بىر شېرىكىگە ئۇنىڭ ئۇلاغدىكى نېسىۋىسىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى شېرىك ئۇلاغنى ئورنىدىن باشقا يەرگە يۆتكىمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئۇلاغنى ناھەق ئىشلەتكەن، دەپ دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ شېرىك ئۇلاغنى ئورنىدىن باشقا يەرگە يۆتكىمەي تۇرۇپ ئىشلەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنى ئۇلاغنى ناھەق ئىشلەتكەن، دەپ دېگىلى بولماسلىقى لازىم. لېكىن ئۇلاغ مىنىپ ـ چۈشۈش جەريانىدا ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇنى ئورنىدىن باشقا يەرگە يۆتكىمىگەن بولسىمۇ، ئۇلاغ ئۇنىڭ مىنىپ ـ چۈشۈشى سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ يەنە بىر شېرىكىگە ئۇنىڭ ئۇلاغدىكى نېسىۋىسىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم.**

**ناھەق بىر نەرسىنى ئىشلىتىش پەقەت ئۇ يەردىن ـ بۇ يەرگە يۆتكۈلۈدىغان نەرسىلەر ئۈستىدە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇڭا بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ بىر پارچە يېرىنى ئىشلەتكەن ۋە ئۇ يەر ئۇ كىشىنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا سەل بېسىپ كەتكەنگە ئوخشاش تەبىئىي ئاپەتلەر بىلەن ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان بولسا، ئۇ كىشىگە ئۇ يەرنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك ئۇ كىشى ئۇ يەرنى، ئورنىغا باشقا نەرسىلەر بېرىش ئارقىلىق تۆلەپ بېرىدۇ» دەيدۇ. ۋەقپە قىلىنغان ئۆي، ياكى يەر ۋە كىچىك بالىغا تەۋە يەر، ياكى ئۆي ھەققىدە ئىمام مۇھەممەدنىڭ بۇ قارىشى بىلەن پەتىۋا بېرىلىدۇ[1].**

---

(**1**) مەسىلەن: بىر ئادەم بىر ئۆينى سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇنىڭ ۋەقپە قىلىنغان ئۆي ياكى يېتىم كىچىك بالىغا تەۋە ئۆي ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ ئۆينىڭ ئىجارىسىنى بېرىشى لازىم كېلىدۇ. ت.

# يۆتكەلمەيدىغان نەرسىلەرنى ناھەق ئېلىۋېلىشنىڭ بايانى

زېمىندىمۇ ناھەق ئېلىۋېلىش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېدى: «كىمكى بىر غېرىچ زېمىننى زۇلۇم بىلەن ئېلىۋالىدىكەن، ئۇ بىر غېرىچ زېمىن يەتتە قات زېمىنىنىڭ تېگىگىچە تىلىنىپ ئۇ ئادەمنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ.»[1] مانا بۇ ھەدىس زېمىنلەردىمۇ ناھەق ئېلىۋېلىش ئىشىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئۈچ ئىمام (يەنى ئەبۇھەنىفە، ئەبۇيۇسۇف ۋە مۇھەممەد قاتارلىق) ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. لېكىن ئۇلار زېمىننى ناھەق ئېلىۋېلىش، زېمىننى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ ئۇنى تۆلەپ بېرىشىنى لازىم قىلامدۇ ياكى قىلمامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ناھەق ئېلىۋېلىنغان زېمىن، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنى ئېلىۋېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. شۇڭا ناھەق ئېلىۋېلىنغان زېمىن، ئۇنى ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا (سەل بېسىپ كەتكەنگە ئوخشاش) تەبىئىي ئاپەتلەر بىلەن ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان بولسا، ئۇ كىشىگە خۇددى يۆتكىلىدىغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولغىنىدەك ئۇ زېمىننى تۆلەپ بېرىش لازىم» دېدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تەئالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ناھەق ئېلىۋېلىنغان زېمىن، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنى ئېلىۋېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. شۇڭا ناھەق ئېلىۋېلىنغان زېمىن، ئۇنى ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇش جەريانىدا (سەل بېسىپ كەتكەنگە ئوخشاش) تەبىئىي ئاپەتلەر بىلەن ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان بولسا، ئۇ كىشىگە ئۇ زېمىننى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋېلىشنىڭ ئۆزى ئۇنى تۆلەپ بېرىشنى لازىم قىلمايدۇ. ئەكسىچە ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى لازىم قىلىدۇ. لېكىن ئۇ يەردىن ـ بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسىلەردە، ئۇ نەرسىلەرنىڭ زىيانغا ئۇچراش ئەھۋالى كۆپ كۆرۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى ناھەق

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئېلىۋېلىش بىلەنلا، ئۇلار ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئەمما زېمىن ئۇ يەردىن ـ بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسىلەرگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى زېمىننىڭ زىيانغا ئۇچراش ئەھۋالى ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. ئاز كۆرۈلىدىغان ئەھۋاللار ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە كىرمەيدۇ. شۇڭا زېمىننى، ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈشكە ھېچقانداق ھاجەت يوق. مانا بۇ ئۇ يەردىن ـ بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسىلەر بىلەن زېمىننىڭ ئارىسىدا بولغان پەرقتۇر. بۇ پەرق تۇرۇقلۇق زېمىننى تۆلەپ بېرىش مەسىلىسىدە ئۇ يەردىن ـ بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسىلەرگە قىياس قىلىش توغرا ئەمەس.»[1]

## باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ناھەق ئېلىۋېلىشنىڭ ھۆكمى

بىر نەرسىنى، ئۇنىڭ باشقا بىر ئادەمنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئېلىۋېلىش گۇناھتۇر. ئەگەر ئۇ نەرسە ئىشلىتىلىپ بولماي ياكى يوقىتىۋېتىلمەي ساق ـ سالامەت بولسا، ئىگىسىگە ئۇنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ بېرىش لازىمدۇر. ئەگەر ئۇ نەرسە ئىشلىتىلىپ بولغان ياكى يوقىتىۋېتىلگەن بولسا، ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىش لازىمدۇر. ئەمما ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم، ئۇنىڭ باشقا بىرسىنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا، ئەگەر ئۇ نەرسە ئىشلىتىلىپ بولماي ياكى يوقىتىۋېتىلمەي ساق ـ سالامەت بولسا، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش لازىم. ئەگەر ئۇ نەرسە ئىشلىتىلىپ بولغان ياكى يوقىتىۋېتىلگەن بولسا، ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىش لازىم. لېكىن ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغانلىقى ئۈچۈن گۇناھ بولمايدۇ. چۈنكى بۇ سەۋەنلىك بىلەن ئۆتكۈزۈلۈپ قالغان ئىش ھېسابلىنىدۇ. سەۋەنلىك بىلەن ئۆتكۈزۈلۈپ قالغان ئىشقا گۇناھ يېزىلمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «اللە تائالا ھەقىقەتەن مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ سەۋەنلىكتىن ياكى ئۇنتۇپ قالغانلىقتىن ۋە ياكى مەجبۇرلانغانلىقتىن قىلىپ سالغان گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ.»[2] بۇنى اللە تائالانىڭ بۇ ئايىتىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ: «سىلەر سەۋەنلىكتىن قىلىپ سالغان ئىشلاردا سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، لېكىن

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 16 ـ توم، 339 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە ۋە ئىبنى ھەببان رىۋايەت قىلدى.

قەستەن قىلغان ئىشىڭلاردا (سىلەرگە گۇناھ بولىدۇ)، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر[1] »

بىر ئادەمنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمدىن ئۇ نەرسىنى باشقا بىرسى ئېلىۋالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى بۇرۇن ئېلىۋالغان ئادەمگە تۆلەتتۈرسىمۇ بولىدۇ، ياكى بۇرۇن ئېلىۋالغان ئادەمدىن ئېلىۋالغان ئادەمگە تۆلەتتۈرسىمۇ بولىدۇ.

بۇنىڭدىن تۆۋەندىكى مەسىلىلەر ئىستىسنادۇر:

بىر كىشى بىر ئادەمنىڭ مىس ئىبرىقىنى دەز كەتتۈرۈۋاتقان، ئاندىن ئۇ ئىبرىقنى باشقا بىر ئادەم سۇندۇرۇۋاتقان بولسا، ئىبرىقنى، ئۇنى دەز كەتتۈرۈۋاتقان ئادەم ئەمەس ئۇنى سۇندۇرۇۋاتقان ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ئىبرىقنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىبرىق سۇنۇپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن، دەز كەتتۈرۈۋاتقان ئادەمگە ئۇنىڭ ئوخشۇشۇشىنى، ياكى پۇلىنى تۆلەتتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى دەز كەتكەن ھالىتىگە قايتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ بىر يەرگە يىغىپ قويغان بۇغدىيىنىڭ ئۈستىگە سۇ چېچىۋاتقان، ئاندىن يەنە بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ چاچقان ۋە بۇغداي سۈپۈتىدىن تېخىمۇ چۈشۈپ كەتكەن بولسا، بۇغداينىڭ ئىگىسى بۇغدايغا كېيىن كېلىپ سۇ چاچقان ئادەمدىن، ئۇ ئادەم سۇ چاچقان كۈنىنىڭ باھاسى بويىچە پۇل ئالىدۇ. چۈنكى بۇغداينىڭ ئىگىسىنىڭ بۇغداينى، ئۇنىڭغا بۇرۇن سۇ چاچقان ئادەمگە ئۇنىڭ ئوخشۇشۇشىنى، ياكى پۇلىنى تۆلەتتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى دەسلەپ سۇ چېچىلغان ھالىتىگە قايتۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس.

بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم، ئۇ نەرسىنى گۆرۈۋگە ياكى ئىجارىگە قويغان، ياكى بىرسىگە ئۆتنە بېرىپ تۇرغان، ئاندىن ئۇ نەرسە يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى خالىسا، ئۇ نەرسىنى ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمگە تۆلەتتۈرىدۇ، خالىسا ئۇنى گۆرۈۋگە ياكى ئىجارىگە، ياكى ئۆتنىگە ئېلىپ تۇرۇپ يوقۇتۇپ قويغان ئادەمگە تۆلەتتۈرىدۇ. ئەگەر بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى بىر كىشىنىڭ يېنىدا ئامانەتكە قويۇپ قويغان، ئاندىن ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قېشىدا تۇرۇپ يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىس خالىسا، ئۇ نەرسىنى ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان

(1) سۈرە ئەھزاب 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئادەمگە تۆلەتتۈرىدۇ، خالىسا ئۇنى ئامانەتكە ئېلىپ يوقۇتۇپ قويغان ئادەمگە تۆلەتتۈرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئۇنى ئامانەتكە ئېلىپ يوقۇتۇپ قويغان ئادەم تۆلەپ بەرسە، بۇ ئادەم ئۇ نەرسە ئۈچۈن تۆلەپ بەرگەن پۇلنى ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمدىن ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنى ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم تۆلەپ بەرگەن بولسا، بۇ ئادەم ئۇ نەرسە ئۈچۈن تۆلەپ بەرگەن پۇلنى ھېچكىمدىن ئالالمايدۇ.

ئەگەر بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمدىن ئۇ نەرسىنى باشقا بىر كىشى ئېلىۋالغان ۋە ئۇ نەرسە ئۇ كىشىنىڭ قولىدا تۇرۇپ يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى كېيىن ئېلىۋالغان كىشىگە تۆلەتتۈرسە، ئۇ كىشى ئۇ نەرسە ئۈچۈن بەرگەن پۇلنى ئۇنى بۇرۇن ئېلىۋالغان ئادەمدىن ئالالمايدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى بۇرۇن ئېلىۋالغان ئادەمگە تۆلەتتۈرسە، بۇ ئادەم ئۇ نەرسە ئۈچۈن بەرگەن پۇلنى ئۇنى كېيىن ئېلىۋالغان كىشىدىن ئالىدۇ.

بۇنىڭدىن تۆۋەندىكى مەسىلە ئىستىسنادۇر:

ئەگەر ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە ۋەقپە قىلىنغان نەرسە بولغان، ئۇنىڭ باھاسى (بۇرۇنقى ئادەم ئېلىۋالغان ۋاقىتقا قارىغاندا كېيىنكى كىشى ئېلىۋالغان ۋاقىتتا) يۇقىرى بولغان ۋە كېيىنكى كىشى بۇرۇنقى ئادەمگە قارىغاندا باي بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسە كېيىن ئېلىۋالغان كىشىگە تۆلىتىلىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم باھاسى **1000** سوملۇق بىر پارچە ۋەقپە يەرنى ناھەق ئېلىۋالغان، ئاندىن ئۇ يەرنىڭ باھاسى **2000** سومغا چىققان ۋاقىتتا، ئۇ يەرنى ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئادەم ناھەق ئېلىۋالغان بولسا، ۋەقپە يەرگە قارايدىغان ئادەم ناھەق ئېلىۋېلىنغان زېمىن، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنى ئېلىۋېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ، دېگەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ سۆزىگە ئاساسەن، ئەگەر يەرنى كېيىن ئېلىۋالغان ئادەم باي بولسا، يەرنى كېيىن ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ پۇشنى تۆتىدۇ. چۈنكى يەرنى ئۇنى كېيىن ئېلىۋالغان ئادەمگە تۆلەتتۈرۈش پېقىرلار ئۈچۈن بەك پايدىلىقتۇر. ئەگەر يەرنى بۇرۇن ئېلىۋالغان ئادەم كېيىن ئېلىۋالغان ئادەمگە قارىغاندا باي بولسا، ۋەقپە يەرگە قارايدىغان ئادەم يەرنى بۇرۇن ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ پىشنى تۇتىدۇ. چۈنكى يەرنى ئۇنى بۇرۇن ئېلىۋالغان ئادەمگە تۆلەتتۈرۈش ۋەقپە يەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. ئەگەر يەرگە قارايدىغان ئادەم، يەرنىڭ پۇلىنى ئىككى ئادەمنىڭ

بىرىگە تۆلەتتۇرسە، يەنە بىرى يەرنى تۆلەپ بېرىشتىن خالاس بولىدۇ. بۇ خۇددى بىر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۇنى ئېلىۋالغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرىگە تۆلەتتۇرسە، يەنە بىرى ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشتىن خالاس بولغانغا ئوخشاش ئىشتۇر.

مەسچىتلەرنىڭ تاملىرىدىن باشقا تاملارنى يىقىۋاتقان ئادەم، ئۇ تاملارنىڭ ھەممىسىنى قايتىدىن سېلىشقا ئەمەس پەقەت يىقىۋاتقان يەرنىلا سېلىپ بېرىشكە ياكى ئۇنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ.(1)

## ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

ئەگەر ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە، ئۇنى ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدا ساق ـ سالامەت بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، يەزىد ئىبنى سائىب رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىرىڭلار مەيلى راستىن بولسۇن، مەيلى چاخچاقتىن بولسۇن (دىنىي) قېرىندىشىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئالمىسۇن. ئەگەر بىرىڭلار (دىنىي) قېرىندىشىنىڭ ھاسىغا چاغلىق بىر نەرسىسىنى ئالسا، ئۇنى قېرىندىشىغا قايتۇرۇپ بەرسۇن»(2) دېگەن سۆزىدۇر.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئەھزاب ئۇرۇشى بولىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسىدە زەيد ئىبنى سابىت (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇخلاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەممار ئىبنى ھەزىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قۇرالىنى ئېلىۋاپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد ئىبنى سابىتقا: «ئى رۇقادنىڭ دادىسى! ھەتتا قۇرالىڭ ئېلىپ كېتىلگۈدەك (دەرىجىدە ئېغىر) ئۇخلىدىڭمۇ» دەپ ئاندىن: «بۇ ياشنىڭ قۇرالى ھەققىدە كىمنىڭ خەۋىرى بار» دېدى. ئەممار قوپۇپ: ئۇنىڭ قۇرالىنى مەن ئالغان ئىدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «قۇرالنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ

(1) «ئىنائۇسسۇنەن»، 5 ـ توم، 115 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە تىرمىزىي بۇ ياخشىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن غەرىب ھەدىستۇر، دېدى.

بەرگىن» دېدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆمىن بىر ئادەمنى قورقۇتۇشتىن ۋە ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى مەيلى راستىن بولسۇن، مەيلى چاخچاقتىن بولسۇن ئېلىۋېلىشتىن توسقان.[1]

مانا مەزكۇر ھەدىس بىلەن بۇ ئەسەر ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىنىڭ ئۆزىنى، ئۇنىڭ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ. بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋېلىش قۇرئان كەرىم، ھەدىس ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكى بىلەن ھارام قىلىپ چەكلەنگەن ئىشتۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى (ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانىخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يېۋالماڭلار[2]» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان ھېيت كۈنىدە[3] سۆزلىگەن سۆزىدە مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ناھەق ئېلىۋېلىش ۋە قانلىرىڭلارنى ۋە ئابرۇيىڭلارنى (تۆكۈش) سىلەرنىڭ مۇشۇ كۈنىڭ، مۇشۇ شەھەرنىڭ ۋە مۇشۇ ئاينىڭ ھۆرمىتىنى قىلماسلىق ھارام بولغىنىغا ئوخشاش بىر ـ بىرىڭلارغا ھارامدۇر.»[4]

شۇنىڭدەك يەنە بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋېلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە ئومۇمەن قىلىپ ھەممە ئالىملار بىرلىككە كەلدى. لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ تەپسىلاتىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغانلىقى ئىسپاتلانسا، ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا ساق ـ سالامەت بولغان بولسىلا، ھەممە ئالىمنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە: ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قولغا ئالغان نەرسىنى ھەتتا ئىگىسىگە ساق ـ سالامەت قايتۇرغانغا قەدەر، ئۇنى ساق ـ سالامەت ساقلاش شۇ كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر.»[5] دېگەن ۋە چۈنكى ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ھەققى ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىگە ۋە ئۇنىڭ ماللىقىغا باغلىقتۇر. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىدىكى ھەققىگە پەقەت ئۇ نەرسىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ ئېلىش بىلەنلا ئېرىشىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسە ئۇنى

(1) بۇ ئەسەرنى ھاكىم رىۋايەت قىلدى.

(2) سۈرە نىسا 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) بۇ خوشلۇشۇش ھەجىنىڭ قۇربان ھېيت كۈنى بولۇشى مۇمكىن. ت.

(4) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(5) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە ھاكىم بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدا يوقىلىپ كەتسە، ئۇ نەرسىنى ئېلىۋالغان ئادەمگە ئۇنىڭ بەدىلىنى تۆلەپ بېرىش لازىم. چۈنكى اللّٰه تائالا مۇنداق دېدى: «بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چېقىلغان بولسا سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چېقىلىڭلار»[1]«ئەگەر (ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان ـ زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرىۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر[2]» ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە يوق بولۇپ كېتىپ ئۇنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ بېرىش مۇمكىن بولمىغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ماللىقىنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان بىر نەرسە قايتۇرۇپ بېرىش لازىمدۇر.[3]
ئەگەر ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە، ئۇنىڭ بىر قىسمىدىن پايدىلانغىلى بولىدىغان ۋە بىر قىسمىدىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قاتتىق ئۆزگىرىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە ئېلىۋالغان ئورنىدا تۇرغۇزۇپلا قايتۇرۇپ بېرىش لازىمدۇر. ئەگەر ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە ئۇنىڭ بىر قىسمىدىن پايدىلانغىلى بولىدىغان ۋە بىر قىسمىدىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قاتتىق ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇنى ئۆزى ئېلىپ قېلىپ ئىگىسىگە ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىدۇ، ياكى ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ ئۇنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىدۇ. بۇنىڭ قايسىسىنى قىلىشنى تاللاش ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىشىدۇر.

ئەگەر ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە باھالىق نەرسە[4]بولغان ۋە ئۇ يوق بولۇپ كەتكەن بولسا، بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە: ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە، ئۇ نەرسىنىڭ ئۇنى ئېلىۋالغان كۈنىدىكى باھاسى بويىچە پۇل بېرىشى لازىم. ئەمما ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇنى ئىشلىتىپ كەتكەن بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا: ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە، ئۇ نەرسىنىڭ ئۇنى ئېلىۋالغان كۈنىدىكى باھاسى بويىچە

(1) سۈرە بەقەرە 194 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە نەھل 126 ـ ئايەت.

(3) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 16 ـ توم، 325 ـ بەت.

(4) بۇنىڭدىن قويلارغا ۋە كالىلارغا ئوخشاش چوڭ ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرىدىن پەرق ئېتىلىدىغان نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

پۇل بېرىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا: ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە، ئۇ نەرسىنىڭ (ئۇنى ئېلىۋالغان كۈندىكى باھاسى بويىچە ئەمەس) ئۇنى ئىشلىتىۋەتكەن كۈندىكى باھاسى بويىچە پۇل بېرىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر قوينى ناھەق ئېلىۋالغان ۋە ئۇنى بوردىغان ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: قوينىڭ ئىگىسىگە، قوينى ئۆلتۈرگەن كۈندىكى باھاسى بويىچە ئەمەس ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان كۈندىكى باھاسى بويىچە پۇل بېرىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: قوينى ئۆلتۈرگەن كۈندىكى باھاسى بويىچە پۇل بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ قوي ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم قوينىڭ ئىگىسىگە ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان كۈندىكى باھاسى بويىچە پۇل بېرىدۇ.

ئارپا بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان بۇغدايغا ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان ياغقا ئوخشاش ئۆزىنىڭ تۈرۈدىن باشقا تۈر بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان تەكتۈشلۈك نەرسىلەر[1] باھالىق نەرسىلەر ھېسابلىنىدۇ. يەنى مەسىلەن: بىر ئادەم ئارپا بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان بۇغداينى ناھەق ئېلىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ بۇغداينىڭ ئىگىسىگە (بۇغداينىڭ تەكتۈشى بولغان بۇغداي ئەمەس) بۇغداينى ئېلىۋالغان كۈندىكى باھاسى بويىچە پۇل بېرىشى لازىم. مۇرابىا، سېرىق ماي، كۆمۈر ۋە گۆشكە ئوخشاش باشقا ـ باشقا سۈپەتلىك ئەمما ھەممىسى تارازى بىلەن تارتىلىدىغان نەرسىلەرمۇ باھالىق نەرسىلەر ھېسابلىنىدۇ. يەنى مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىلو مۇراببانى ناھەق ئېلىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ مۇراببانىڭ ئىگىسىگە، (مۇرابىا ئەمەس) مۇراببانى ئېلىۋالغان كۈندىكى باھاسى بويىچە پۇل بېرىشى لازىم.

ئەگەر بىر ئادەم كۆمۈشتىن سوقۇلغان ئۈزۈكنىڭ كۆزۈنى ناھەق ئېلىۋېلىپ ئۇنى سۇندۇرۇۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر كۆمۈشنىڭ ئىگىسى خالىسا ئۇنى سۇنۇق ھالەتتە ئالىدۇ. ئەگەر خالىسا ئۇنى شۇ پېتى تاشلاپ قويۇپ ئۇنىڭ باھاسىغا ھېسابلاپ ئالتۇن ئالىدۇ. چۈنكى ئەگەر بىز كۆمۈشنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ باھاسىغا ھېسابلاپ كۆمۈش ئالىدۇ، دېسەك، بۇ جازانە بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر كۆمۈشنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئېغىرلىقىدا كۆمۈش ئالىدۇ، دېسەك، بۇ كۆمۈشنىڭ ئىگىسىگە قىلىنغان ھەقسىزلىك بولىدۇ. چۈنكى ناھەق ئېلىۋېلىنغان

(1) بۇلاردىن ياغاقا ۋە توخۇمغا ئوخشاش چوك ـ كىچىكلىكتە بىر ـ بىرىدىن پەرق ئىتىلمەيدىغان نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

نەرسە شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن ۋە سۈپەت بېرىلگەن كۆمۈشتۇر. ئەمما ئۇنىڭ ئورنىغا بېرىلىدىغىنى ئۇنداق كۆمۈش ئەمەس.

ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئەسلى قائىدىدۇر. ئۇنىڭ تەڭتۈشىنى بېرىش ياكى ئۇنىڭ باھاسىدا پۇل بېرىش (ئۇ نەرسىنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن) قوتۇلۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قازى ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىنىڭ تەڭتۈشىنى بېرىشكە ياكى ئۇنىڭ باھاسىدا پۇل بېرىشكە ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىرىماسلىقى لازىم. قازى بۇنىڭغا ئالدىرىماستىن ئەكسىچە ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنى، ھەتتا ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسە قېشىدا بولغان بولسا، ئۇنى ئەلۋەتتە ئاشكارىلايتتى، دەپ بىلگەن مۇددەتكە قەدەر سولاپ قويىدۇ. بۇ ئەگەر نەرسە ـ كېرەكلىرى ناھەق ئېلىۋېلىنغان ئادەم، ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇنىڭ باھاسىنى بېرىشكە چىقىرىلغان ھۆكۈمگە رازى بولمىسا، ئەھۋال شۇنداق قىلىنىدۇ. (يەنى قازى ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنى، ھەتتا ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ نەرسە قېشىدا بولغان بولسا، ئۇنى ئەلۋەتتە ئاشكارىلايتتى، دەپ بىلگەن مۇددەتكە قەدەر سولاپ قويىدۇ.)

ئەگەر بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن، ئۇ نەرسە ئىگىسىنىڭ يېنىدا يوقاپ كەتكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بولسا، ئۇنىڭ ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قېشىغا يوقاپ كەتكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە ھەر ئىككى تەرەپ پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ پاكىت بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. بۇ بىر يات ئىشتۇر. يات ئىشنى دەۋا قىلغان ئادەمنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ» دېدى. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ پاكىتىنى قوبۇل قىلىش ئۇ نەرسىنى (ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ) تۆلەپ بېرىشىنى ئىسپاتلايدۇ ۋە قارشى تەرەپ بۇنىڭغا ئىنكار قىلىدۇ. ئەسلىدە پاكىت بىر نەرسىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قوبۇل قىلىنىدۇ» دەيدۇ. بۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى كۈچلۈكتۇر.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 118 ـ بەت.

ئەگەر ئىككى تەرەپ ناھەق ئىلىۋېلىنغان ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان ۋە ھەر ئىككىسى پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئىككى تەرەپ ناھەق ئىلىۋېلىنغان نەرسە ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، مەسىلەن: بىر نەرسىنى ناھەق ئىلىۋالغان ئادەم: مەن ئىلىۋالغان نەرسە بۇدۇر، دېگەن، ئۇنىڭ ئىگىسى قوپۇپ: ياق، سەن ئىلىۋالغان نەرسە ئۇدۇر، دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى ناھەق ئىلىۋالغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى بىر نەرسىنى ناھەق ئىلىۋالغان ئادەم مەيلى ئىشەنچىلىك ئادەم بولسۇن، مەيلى ئۇنداق ئادەم بولمىسۇن، ئالغان نەرسىسىنىڭ قايسى نەرسە ئىكەنلىكىنى تەيىن قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىلمەيدىغان نەرسىدە كۆرۈلگەن ئۇپۇراپ كېتىشنىڭ بەدىلى تۆلىنىدۇ. مەسىلەن: ناھەق ئىلىۋېلىنغان نەرسە ئۆي بولغان ۋە ئۇنى ناھەق ئىلىۋالغان ئادەم ئولتۇرۇپ ئۇپۇراتقان بولسا، بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە: ئۇ ئادەم ئۆيىنى ئۇپۇراتقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بەدىلىنى تۆلەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۆيىنى ناھەق ئىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن بەدەل تۆلىمىسىمۇ ئەمما ئۇنى ئۇپۇراتقانلىقى ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ناھەق ئىلىۋېلىنغان نەرسە يەر بولۇپ ئۇنىڭغا زىرائەت تېرىغان بولسا، زىرائەت تېرىش ئارقىلىق يەرنى ئۇپۇراتقانلىقى ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ بەدىلىنى تۆلەيدۇ.

ئالىملار يەرنىڭ قانچىلىك ئۇپۇراپ كەتكەنلىكىنى ئۆلچەش ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بىر قىسىم ئالىملار: «ئۇ يەرنىڭ، ناھەق ئىلىۋالغان ئادەم ئۇنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن قانچە پۇلغا ئىجارىگە قويۇلىدىغانلىقىغا ۋە ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن قانچە پۇلغا ئىجارىگە قويۇلىدىغانلىقىغا قارىلىدۇ. بۇنىڭ ئارىسىدا كۆرۈلگەن پەرق پۇل يەرنىڭ ئۇپۇراپ كەتكەنلىكىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىدۇ[1]» دېدى. يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «بۇ، يەرنىڭ باھاسىنى ئىتىش بىلەن ئۆلچىنىدۇ. يەنى يەر ئىشلىتىشتىن بۇرۇن قانچە پۇلغا ساتىلىدىغانلىقىغا ۋە ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن قانچە پۇلغا ساتىلىدىغانلىقىغا قارىلىدۇ. بۇنىڭ ئارىسىدا كۆرۈلگەن پەرق پۇل يەرنىڭ ئۇپۇراپ كەتكەنلىكىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىلىدۇ» دېدى. ئىككىنچى

(1) يەنى يەر، ئۇنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن **100** سومغا ئىجارىگە قويۇلىدىغان ۋە ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن **80** سومغا ئىجارىگە قويۇلىدىغان بولسا، يەرنى ناھەق ئىلىۋالغان ئادەم بۇنىڭ ئارىسىدا كۆرۈلگەن **20** سوم پۇلنى يەرنىڭ ئۇپۇراپ كەتكەنلىكىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىدۇ. ت.

قاراش مەنتىقغە ئۇيغۇن ۋە توغرىغا ئەڭ يېقىن قاراشتۇر. چۈنكى بىر نەرسىنى باھالايدىغان ۋاقىتتا، ئۇ نەرسىدىن كەلگەن پايدا ئەمەس ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەرنى ناھەق ئېلىۋېلىپ ئۇنىڭغا زىرائەت تېرىغان ئادەم ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: كەتكەن ئۇرۇغ، يەرنىڭ ئۇپىراپ كەتكەنلىكىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن يەر ئىگىسىگە بەرگەن پۇل ۋە زىرائەتكە خەجلىگەن پۇل ئۈچۈن يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىن ھېسابلاپ ئاشلىق ئېلىپ قېلىپ قالغان قىسمىنى سەدىقە قىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ھېچنەرسىنى سەدىقە قىلمايدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئۇ يەردىن ـ بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسىدە كۆرۈلگەن ئۇپىراپ كېتىشنىڭ بەدىلىمۇ تۆلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم يۆتكىلىدىغان بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ۋە ئۇ نەرسە مەيلى ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولسۇن، مەيلى باشقا بىرسىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بولسۇن، ئۇپىراپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇنىڭ بەدىلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنى ئېلىۋېلىشى بىلەنلا، ئۇنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتى ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئۈچۈن، ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان كۈندىكى باھا بويىچە پۇل تۆلەپ بېرىشى لازىمدۇر. بىز بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختۇلۇپ ئۆتتۇق.

# ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىدە كۆرۈلىدىغان ئۇپىراپ كېتىشنىڭ بەدىلىنى تۆلەپ بېرىشنىڭ بايانى

ئۇپىراپ كېتىش تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل بولىدۇ:

1 ـ باھاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى بىلەن بولىدۇ. ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىنىڭ ئۆزى، ئەگەر ئۇ نەرسە ناھەق ئېلىۋېلىنغان يەرنىڭ ئۆزىدە ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلسە، ئۇ نەرسىنىڭ باھاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بەدەل تۆلەش لازىم ئەمەس.

2 ـ ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىنىڭ بەزى پارچىلىرىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن بولىدۇ. بۇنىڭدا يوق بولۇپ كەتكەن پارچىلار ئۈچۈن بەدەل تۆلەپ بېرىش لازىم.

3 ـ مەسىلەن: ئالتۇننىڭ رەڭگىنىڭ ۋە ئاشلىقنىڭ قۇرۇقلىقىنىڭ يوقاپ

كەتكىنىگە ئوخشاش ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىنىڭ مۇھىم سۈپەتلىرىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن بولىدۇ. بۇنىڭدا جازانە كۆرۈلمەيدىغان مال ـ مۈلۈكلەردە، ئۇ مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ ئۇيۇپراپ كەتكەنلىكىنىڭ بەدىلىنى تۆلەپ بېرىش لازىم.

4 ـ مەسىلە: ھۈنەرۋەن قولىنىڭ ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇپ ھۈنىرىنى ئۇنتۇپ قالغىنىغا ياكى ياش بولۇپ ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇپ قېرىپ قالغىنىغا ئوخشاش ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىدە بار بىر مەنانىڭ يوق بولۇپ كېتىشى بىلەن بولىدۇ. بۇنىڭدىمۇ بەدەل تۆلەپ بېرىش لازىم.

بۇ ئەگەر ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىلەردە كۆرۈلگەن ئۇيۇپراپ كېتىش ئاز بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ نەرسىلەردە كۆرۈلگەن ئۇيۇپراپ كېتىش كۆپ بولغان بولسا، بۇ ھالدا نەرسىنىڭ ئىگىسى، خالىسا ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئۇيۇپراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بېرىلگەن بەدەل بىلەن بىللە ئالىدۇ، خالىسا ئۇنى ئالماي تاشلاپ قويۇپ ئۇنىڭ باھاسى بويىچە پۇل ئالىدۇ.

ئەگەر بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە بەرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە ئۇيۇپراپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسىنىڭ باھاسىنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس ئۇنىڭ ئۇيۇپراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن (ئۇنىڭ ئىجارىسىدىن كىرگەن پۇلدىن) پۇل تۆلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغان ئىجارە پۇللار سەدىقە قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ پۇلنىڭ كېلىش مەنبەئى باشقىسىنىڭ نەرسىسىنى ئىجارىگە قويۇش ئارقىلىق بولغاندۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۈسۈفنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ھېچنەرسە سەدىقە قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم ئۆتنىگە ئېلىپ تۇرغان نەرسىنى ئىجارىگە قويغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە ئۇيۇپراپ كەتكەن بولسا، بۇنىڭ ھۆكمىمۇ يۇقىرىدىكى مەسىلىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر.

## ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىنىڭ ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قىلمىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ھۆكمى

ناھەق ئېلىۋېلىنغان بىر نەرسە، ئەگەر ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قىلمىشى بىلەن ھەتتا ئۇ نەرسىنىڭ ئىسمىغىچە ئۆزگىرىپ كەتكەن ۋە ئۇ نەرسىدىن كېلىدىغان مەنپەئەتنىڭ كۆپ قىسمى يوق بولۇپ كەتكەن بولسا،

ئۇ نەرسە ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ كېتىپ ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىنىڭ ئاستىغا كىرىدۇ. لېكىن ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى ھالال ئەمەس. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان: <ئۇ نەرسىدىن كېلىدىغان مەنپەئەتنىڭ كۆپ قىسمى يوق بولۇپ كەتكەن> دېگەن سۆزدىن ئۇ نەرسىدىن مەقسەت قىلىنغان ئىشنىڭ كۆپ قىسمى يوق بولۇپ كەتكەن، دېگەن مەنا كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا يامبۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇنى ئېرىتىپ پۇل قويۇدىغان قېلىپتا ئەمەس باشقا قېلىپتا قويغان بولسا، بۇ ھالدا گەرچە ئۇنىڭ ئىسمى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن كېلىدىغان مەنپەئەت يوق بولۇپ كەتمىگەندۇر. ئۇ مەنپەئەت بولسا، ئۇ يامبۇنىڭ پۇللۇق سۈپىتى ۋە ئۇنىڭ زىننەت ئۈچۈن قوللىنىشقا بولىدىغان ھالىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يامبۇ (ئەگەر ئۇنىڭ ئىسمى ئۆزگىرىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ) ئىگىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىگە، ياكى ناھەق ئېلىۋېلىنغان باشقا نەرسىلەرگە، ھەتتا بىر ـ بىرىدىن ئايرىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئېلىشىپ كەتكەن بولسا، ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بېرىدۇ ۋە ئۇ نەرسە ئۆزىنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بېرىشتىن ۋە ئىگىسى بۇنىڭغا رازى بولۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى ھالال ئەمەس.

ئەگەر بىر ئەر ھارام پۇل بىلەن ئائىلىگە تاماق، ياكى كىيىم ـ كېچەك ئالغان بولسا، ئۇ ئائىلىنىڭ تاماقنى يېيىشى ۋە كىيىم ـ كېچەكنى كىيىشى توغرىدۇر. بۇنىڭ گۇناھى ئەرگە بولىدۇ.[1]

باشقا بىرسىنىڭ قويىنى ناھەق ئېلىۋېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ پۇشۇرغان ياكى كاۋاپ قىلغان ياكى بىرىنىڭ بۇغدىيىنى ناھەق ئېلىۋېلىپ ئۇنى ئۇن قىلغان ياكى ئۇرۇقنىڭ ئورنىدا يەرگە چاچقان ياكى ئۇنىڭ تۆمۈرىنى ئېلىۋېلىپ ئۇنىڭدىن قىلىچ سوققان، ياكى ئۇنىڭ قاچىسىنى ئېلىۋېلىپ ئۇنى سېرىققا بويىغان بولسا، بۇ ھالەتلەرنىڭ ھەممىسىدە نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 122 ـ بەت.

**ئۇنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ ناھايىتى يۇغان دەرىخىنىڭ ئۇستىگە ئۆي سالغان ۋە ئۆيىنى سېلىش ئۇچۇن كەتكەن پۇل دەرەخنىڭ پۇلىدىن كۆپ بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۆيىنىڭ ئىگىسى دەرەخنىڭ ئىگىسىگە دەرەخنىڭ پۇلىنى بېرىپ دەرەخكە ئىگە بولىدۇ.**

**ئەگەر بىر توخۇ بىر مەرۋايىتنى يۇتۇۋالغانغا ياكى بىر كالا بېشىنى قازاننىڭ ئىچىگە كىرگۈزگەن ۋە (ئۇنىڭ بېشىنى چىقىرىش ئۇچۇن قازاننى چېقىشقا ياكى كالىنى ئۆلتۈرۈشكە توغرا كەلگەنگە) ياكى بىر ئادەم تۆگىنىڭ بالىسىنى بىر كىشىنىڭ يېنىدا بىر ئويىنىڭ ئىچىدە ئامانەتكەن قويغان تۆگىنىڭ بالىسى ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە چوڭ بولغان ۋە ئۇنى ئۆيىنىڭ ئىچىدىن چىقىرىش ئۇچۇن ئۆيىنىڭ بىر تېمىنى يىقىشقا توغرا كەلگەنگە، ياكى بىر تىللا پۇل بىر ئادەمنىڭ دىۋىتىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ۋە تىللانى ئۇ دىۋەتنى چاقماستىن ئۇنىڭ ئىچىدىن چىقارتىش مۇمكىن بولمىغانغا ئوخشاش ئىشلاردا نەرسىسىنىڭ پۇلى كۆپ تەرەپ، نەرسىسىنىڭ پۇلى ئاز تەرەپكە ئۇ تەرەپنىڭ نەرسىسىنىڭ پۇلىنى بېرىدۇ[1]. بۇنىڭ دەلىلى بولسا، ئېغىر زىياننىڭ ئالدى، يەڭگىل زىياننى پىدا قىلىش بىلەن ئېلىنىدۇ، دېگەن قائىدىدۇر.**

**ئەگەر بىر ئادەم بىر مەراۋىيتنى يۇتۇۋالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ قالغان بولسا، (مەرۋايىتنى چىقىرىش ئۇچۇن) ئۇنىڭ قۇرسىقى يېرىلمايدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ ھۆرمىتى مەرۋايىتنىڭ ھۆرمىتىدىن كاتتىدۇر. لېكىن ئۇ ئادەم قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈكتىن مەرۋايىتنىڭ ئىگىسىگە مەرۋايىتنىڭ پۇلى بېرىلىدۇ. ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇنى، بالىنى چىقىرىش ئۇچۇن بالىنىڭ ئانىسىنىڭ قۇرسىقىنى يېرىشقا بولىدىغانلىقىغا قىياس قىلىپ تۇرۇپ مەرۋايىتنى چىقىرىش ئۇچۇن ئۇ ئادەمنىڭ قۇرسىقىنى يارسا بولىدۇ» دېدى. ھەنەفىي مەزھەپىدىمۇ توغرا دەپ قارالغان رىۋايەتكە ئاساسەن مەرۋايىتنى چىقىرىش ئۇچۇن ئۇ ئادەمنىڭ قۇرسىقىنى يېرىشقا بولىدۇ.**

**ھېلىقى ناھايىتى يۇغان دەرەخنىڭ ئۇستىگە ئۆي سالغان ئادەمنىڭ مەسىلىسىگە كەلسەك، ئەگەر ئۆيىنى سېلىش ئۇچۇن كەتكەن پۇل دەرەخنىڭ**

---

**(1)** مەسىلەن: مەرۋايىتنى يۇتۇۋالغان توخۇنىڭ مەسىلىسىنى مىسالغا ئالساق، ئەگەر توخۇنىڭ پۇلى مەرۋايىتنىڭ پۇلىدىن كۆپ بولسا، بۇ ھالدا توخۇنىڭ ئىگىسى مەرۋايىتنىڭ ئىگىسىگە مەرۋايىتنىڭ پۇلىنى بېرىدۇ. ئەگەر مەرۋايىتنىڭ پۇلى توخۇنىڭ پۇلىدىن كۆپ بولسا، بۇ ھالدا مەرۋايىتنىڭ ئىگىسى توخۇنىڭ ئىگىسىگە توخۇنىڭ پۇلىنى بېرىدۇ. باشقا نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىمۇ توخۇنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. ت.

پۇلىدىن كۆپ بولماي، ئۆيگە كەتكەن پۇل بىلەن دەرەخنىڭ پۇلى ئوخشاش بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۆينىڭ ئىگىسى بىلەن دەرەخنىڭ ئىگىسى بىر نەرسىگە كېلىشسە، ئىش شۇ بويىچە بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىر نەرسىگە كېلىشەلمىسە، ئۆي دەرەخ بىلەن بىللە ساتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ پۇلى ئۆينىڭ ئىگىسى بىلەن دەرەخنىڭ ئىگىسىگە، ئۇلارنىڭ نېسىۋىسىگە قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ.

س: ئەگەر ئۆينىڭ ئىگىسى ئۆيىنى يېقىپ دەرەخنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشنى خالىسا، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىش ھەققى بارمۇ؟

ج: ئەگەر قازى ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ دەرەخنىڭ ئىگىسىگە دەرەخنىڭ پۇلىنى بېرىشكە ھۆكۈم چىقىرىپ بولغان بولسا، ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆيىنى يېقىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ ھالدا ئۆيىنى يېقىش مال ـ مۈلۈكنى بۇزۇپ چېچىش ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قازى ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ دەرەخنىڭ ئىگىسىگە دەرەخنىڭ پۇلىنى بېرىشكە ھۆكۈم چىقىرىپ بولمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۆيىنى يېقىشتا ئىككى خىل قاراش بار. بىر خىل قاراش: ئۆيىنى يېقىشقا بولىدۇ، دەيدۇ. يەنە بىر خىل قاراش: بولمايدۇ، دەيدۇ.

ئەگەر ئالتۇن ـ كۆمۈشنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئالتۇندىن تىللا ۋە كۆمۈشتىن يامبۇ ياكى ئۇلاردىن قاچا ـ قۇچا سوققان بولسا، ئۇ تىللا، يامبۇ، ياكى قاچا ـ قۇچىلار ئۇ ئادەمگە تەۋە بولمايدۇ. ئۇ نەرسىلەر ئالتۇن ـ كۆمۈشنىڭ ئىگىسىگە ھەقسىز تەۋە بولىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئالتۇندىن تىللا ۋە كۆمۈشتىن يامبۇ، ياكى ئۇلاردىن قاچا ـ قۇچا سوققانلىقىغا ھېچقانداق ئىش ھەققى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئالتۇن ـ كۆمۈشنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى ياساش ئۈچۈن ئۆزىدىن ئىش ـ ئەمگەكتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە كەتمىدى. لېكىن ئۇ ئادەم ئەگەر ئۇ ئالتۇن ـ كۆمۈشلىنى ئۆزىگە تەۋە نەرسىنى بىزەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ۋە ئالتۇن ـ كۆمۈشلىنى ئۇ يەردىن چىقارسا ئۇ نەرسە بۇزۇلۇپ كېتىدىغان ئىش بولسا، مەسىلەن: ئۇ ئادەم ئۇ ئالتۇن ـ كۆمۈشلىنى ئىبرىق ياكى چەينەكنىڭ تۇتقۇسىغا، ياكى ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى تۇتاشتۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلارغا ئىشلەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇ ئادەم ئۇ ئالتۇن ـ كۆمۈشلەرنى ئېلىۋالغان كۈندىن باشلاپ ئالتۇن ـ كۆمۈشلەر ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ مال ـ مۈلكى بولۇشتىن چىقىپ كېتىدۇ (يەنى ئۇلارنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئىگىسىگە ئۇلارنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ). ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز

**قارىشىدا: ئۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ مال ـ مۈلكى بولۇشتىن چىقىپ كەتمەيدۇ.**

**ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ قويىغا ۋە كالىغا ئوخشاش گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋاننى بوغۇزلىغان بولسا، ھايۋاننىڭ ئىگىسى خالىسا ھايۋاننىڭ گۆشىنى ئۇ ئادەمگە تاشلاپ بېرىپ ئۇنىڭدىن ئۇ ھايۋاننىڭ پۇلىنى ئالىدۇ. خالىسا ھايۋاننى ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئازراق بەدەل بىلەن بىرگە ھايۋاننىڭ گۆشىنى ئالىدۇ[1]. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ھايۋاننىڭ قولىنى ياكى پۇتىنى ئۈزۈۋەتكەن ياكى گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋاننىڭ بىرەر ئەزاسىنى ئۈزۈۋەتكەن، ياكى بىر كىيىمنى يېرىم قوللانغۇلى بولمايدىغان دەرىجىدە يىرتىۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى خالىسا ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە تاشلاپ بېرىپ ئۇنىڭدىن ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئالىدۇ. خالىسا ئۇ نەرسىگە زىيان يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئازراق بەدەل بىلەن بىرگە ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىيىمنى پەقەت قوللانغۇلى بولمايدىغان دەرىجىدە يىرتىۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىيىمنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۇنى ئازراق يىرتىۋەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن (بۇرۇنقىدەكلا) پايدىلانغۇلى بولىدىغان بولسا، بۇ ھالدا كىيىمنىڭ ئىگىسى ئۇ كىيىمنى سۆكەپ يېڭىلاپ قايتا تىكتۈرمىگەن، ياكى جازانىڭ دائىرىسىگە كىرىپ قالمايدىغان ئىش بولسا، ئۇ ئادەم (كىيىمنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس) پەقەت ئۇ كىيىمگە سالغان زىيانىنىلا تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى كىيىمنىڭ ئەسلى شەكلى ئۆزگىرىپ كەتمەي ساق ـ سالامەت باردۇر.**

# ناھەق ئېلىۋالغان يەرگە ئۆي سېلىشنىڭ ياكى كۆچەت تىكىشنىڭ ھۆكمى

**بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ يېرىگە ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆي سالغان ياكى كۆچەت تىككەن ۋە يەرنىڭ باھاسى تىكىلگەن كۆچەتنىڭ، ياكى ئۆينىڭ باھاسىدىن جىق بولغان بولسا، ئۇ ئادەم تىكىلگەن كۆچەتنى يۇلۇۋېلىپ، ياكى ئۆينى يىقىۋېلىپ يەرنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ.**

(1) ئەگەر ھايۋان ئۆلتۈرۈلمەي ھايات قالسا ئىدى ئۇ ئادەمگە پايدا يەتكۈزەتتى. ئۇ بەدەل شۇ پايدىنىڭ ئورنىغا بېرىلىدۇ. ت.

ئەگەر كۆچەتنى يۇلۇۋېلىش، ياكى ئۆينى يىقىۋېلىش جەريانىدا يەر زىيانغا ئۇچرايدىغان ئىش بولسا، يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆيىنىڭ، ياكى كۆچەتنىڭ پۇلىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە بېرىشى لازىم. يەنى دەسلەپ يەر ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئۆيسىز، ياكى كۆچەتسىز بودىلىدۇ، ئاندىن يەر ئۈستۈدىكى يېقىشقا تېگىشلىك ئۆي، ياكى يۇلۇشقا تېگىشلىك كۆچەت بىلەن بىرگە يەنە بىر قېتىم بودىلىدۇ. بۇ ئىككى بوداشنىڭ ئارىسىدىن چىققان پەرق پۇلنى يەرنىڭ ئىگىسى ئۆينىڭ، ياكى كۆچەتنىڭ ئىگىسىگە بېرىدۇ.

ئەگەر يەرنى ناھەق ئىلىۋالغان ئادەم ئۇ يەرگە زىرائەت تېرىغان بولسا، بۇ شۇ يەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە ھەل قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇ يەردە كىشىلەر يەرنىڭ ئىگىسىگە، يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىن ئۇنىڭ يېرىمىنى بېرىدىغان بولسا، يەرنى ناھەق ئىلىۋېلىپ ئۇنىڭغا زىرائەت تېرىغان ئادەممۇ، يەرنىڭ ئىگىسىگە ئۇ يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىن ئۇنىڭ يېرىمىنى بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ يەردە كىشىلەر يەرنىڭ ئىگىسىگە، يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىن ئۇنىڭ تۆتتىن بىرىنى بېرىدىغان بولسا، يەرنى ناھەق ئىلىۋېلىپ ئۇنىڭغا زىرائەت تېرىغان ئادەممۇ، يەرنىڭ ئىگىسىگە ئۇ يەردىن چىققان مەھسۇلاتتىن ئۇنىڭ تۆتتىن بىرىنى بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ يەردە يەر ئىگىسىنىڭ، چىققان مەھسۇلاتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ئۆزى ئېلىش شەرتى بىلەن يېرىنى زىرائەت تېرىش ئۈچۈن باشقىلارغا بېرىدىغان ئۆرپ ـ ئادەت بولمىسا، بۇ يەرنى ئىلىۋېلىپ ئۇنىڭغا زىرائەت تېرىغان ئادەم ئۇ يەرنى ناھەق ئىلىۋالغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەردىن چىققان مەھسۇلات ئۇنىڭغا تەۋە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ يەرگە زىرائەت تېرىش ئارقىلىق ئۇنى ئۇپۇراتقانلىقى ئۈچۈن يەر ئىگىسىگە بەدەل تۆلەپ بېرىشى لازىم.

يېغىپ ئېيتىشقا توغرا كەلسە: ئەگەر ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز تېرىۋېلىنغان يەر، ئىگىسى تەرىپىدىن زىرائەت تېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان يەر بولسا، بۇ ھالدا (ئەگەر ئۇ يەردە يەر ئىگىسىنىڭ، چىققان مەھسۇلاتنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى ئۆزى ئېلىش شەرتى بىلەن يېرىنى زىرائەت تېرىش ئۈچۈن باشقىلارغا بېرىدىغان ئۆرپ ـ ئادەت بولسا)، ئىش شۇ ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە ھەل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ يەر زىرائەت ئۈچۈن ئەمەس ئىجارىگە قويۇش ئۈچۈن تەييارلانغان يەر بولسا، ئۇ يەردىن چىققان مەھسۇلات ئۇ يەرنى تېرىغان ئادەمگە تەۋە بولىدۇ ۋە ئۇ ئادەم يەرنىڭ ئىگىسىگە شۇ يەرگە ئوخشاش يەرلەرگە نەچچە

پۇل ئىجارە بېرىلىدىغان بولسا، يەرنىڭ ئىجارىسى ئۇچۇن شۇ پۇلنى بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم يەرنىڭ ئىجارىسىنى بەرمىسە، يەرگە زىرائەت تېرىش ئارقىلىق ئۇنى ئۇيۇراتقانلىقى ئۇچۇن يەر ئىگىسىگە بەدەل تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇ يەر ۋەقپە يەر بولغان، بۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇ يەردە بىر ئۆرپ ـ ئادەت بولغان ۋە ئىشنى ئۇ ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ۋەقپىگە پايدىلىق بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئىش شۇ ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىشنى ئۇ ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ۋەقپىگە پايدىلىق بولمىغان بولسا، ئۇ ئادەم ۋەقپە يېرىگە قارايدىغانلارغا شۇ يەرگە ئوخشاش يەرلەرگە نەچچە پۇل ئىجارە بېرىلىدىغان بولسا، ۋەقپە يەرنىڭ ئىجارىسى ئۇچۇن شۇ پۇلنى بېرىدۇ. چۈنكى ئالىملار ۋەقپە توغرىسىدا: «ۋەقپىگە ئەڭ پايدىلىق ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم بېرىلىدۇ» دەيدۇ.[1]

## بىر نەرسىنى، ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمدىن ناھەق ئېلىۋېلىشنىڭ ھۆكۈملىرى

ئەگەر بىر نەرسىنى كېيىن ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى، ئۇنى بۇرۇن ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمگە قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇ نەرسىنى كېيىن ئېلىۋالغان ئادەم ئۇنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىدىن خالاس بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ نەرسە كېيىن ئۇنى ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدا يوقاپ كەتكەن ۋە ئۇ ئادەم ئۇنىڭ پۇلىنى، ئۇنى بۇرۇن ئېلىۋالغان ئادەمگە تۆلەپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ نەرسىنى كېيىن ئېلىۋالغان ئادەم ئۇنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىدىن خالاس بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بەردى.

ئەگەر بىر نەرسىنى بۇرۇن ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى، ئۇنى كېيىن ئېلىۋالغان ئادەمدىن ئېلىۋالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ئىقرار ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئالاقىدار ئىشتا ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. يەنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى، خالىسا بۇرۇن ئېلىۋالغان ئادەمگە تۆلەتتۈرىدۇ، خالىسا كېيىن ئېلىۋالغان ئادەمگە تۆلەتتۈرىدۇ. ئەگەر ئۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 125 ـ بەت.

نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى، ئۇنى كېيىن ئېلىۋالغان ئادەمگە تۆلەتتۈرسە، ئۇ نەرسىنى بۇرۇن ئېلىۋالغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇنى، كېيىن ئېلىۋالغان ئادەمدىن ئېلىۋالغانلىقىنى ئىقرار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كېيىن ئېلىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسە ئۈچۈن تۆلەپ بەرگەن پۇلنى ئۇنى بۇرۇن ئېلىۋالغان ئادەمدىن ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى، ئۇنى بۇرۇن ئېلىۋالغان ئادەمگە تۆلەتتۈرگەن ۋە ئۇ ئادەم ئۇنىڭ ئۈچۈن تۆلەپ بەرگەن پۇلنى، ئۇنى كېيىن ئېلىۋالغان ئادەمگە تۆلەتتۈرمەكچى بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنداق قىلىشقا ھەققى يوق. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇنەرسىنى، كېيىن ئېلىۋالغان ئادەمدىن ئېلىۋالغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ ئىقرارنى قىلمىغان بولسا ئىدى، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرگەن پۇلنى، ئۇنى كېيىن ئېلىۋالغان ئادەمگە تۆلەتتۈرۈش ھەققى بار بولاتتى.

بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمدىن ئۇ نەرسىنى باشقا بىر ئادەم ئېلىۋالغان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى، ئۇنى بۇرۇن ئېلىۋالغان ئادەمدىن، قالغان قىسمىنى ئۇنى كېيىن ئېلىۋالغان ئادەمدىن تۆلەتتۈرۈشنى خالىسا، ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشقىمۇ ھەققى بار. ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى خالىسا، ئۇ نەرسىنى (ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئەمەس) ئۇلارنىڭ بىرىگە تۆلەتتۈرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى تۆلەتتۈرۈش ئۈچۈن ئىككى كىشىنىڭ بىرىنى تاللىغان ۋە (ئۇنىڭدىن ئازراق پۇل ئالغان) بولسا، ئۇ ئادەم تاللىغان ئادىمىنى تاشلاپ قويۇپ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى يەنە بىر ئادەمگە تۆلەتتۈرەلمەيدۇ. يەنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى تۆلەتتۈرۈش ئۈچۈن ئىككى كىشىنىڭ ئىچىدىن تاللىغان ئادىمى (ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئازراق پۇل بېرىپ بولغاندىن كېيىن) يوقسۇز بولۇپ قالغان، ياكى تىجارەتتە زىيان تارتىپ ئۆلۈپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىنى قولغا ئېلىش ئىشى يوققا چىققان بولسا، بۇ ھالدا نەرسىنىڭ ئىگىسى بۇرۇن تاللىغان ئادىمىنى تاشلاپ قويۇپ ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى يەنە بىر ئادەمگە تۆلەتتۈرەلمەيدۇ. بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ پۇلىنى يەنە بىر ئادەمگە تۆلەتتۈرىدۇ، دېگەن قاراشمۇ بار. <ئەلفەتەۋا ئەلھىندىيە> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى <ئەلمۇھىت> دېگەن ئەسەردىن بۇ سۆزنى نەقلە قىلغان: ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام مۇھەممەد (الله تەئالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قاراشلىرىدا: ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى تۆلەتتۈرۈش

ئۈچۈن ئىككى كىشىنىڭ بىرىنى تاللىغان بولسا، ئۇنىڭ پۇلىنى تاللىغان ئادىمىنى تاشلاپ قويۇپ يەنە بىر ئادەمگە تۆلەتتۈرەلمەيدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇ ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى، تاللىغان ئادەمدىن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازراق بولسىمۇ بىر نەرسە ئالمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ» دېدى. ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ بۇ سۆزىدىن ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى تاللىغان ئادەمدىن ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئازراق پۇل ئېلىپ بولغان بولسا، ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى بويىچە: ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ يەنە بىر ئادەمدىن ئۇ نەرسىنى تۆلەتتۈرۈش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈۋالالايمىز.[1]

ئەگەر بىر كىشى بىر نەرسىنى ناھەق ئىشلىۋالغان ئادەمدىن ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان، لېكىن ئۇ كىشى ئۇنىڭ ئىگىسىنى تاپالمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشى بىر نەرسىنى ناھەق ئىشلىۋالغان ئادەمدىن ئۇ نەرسىنى ناھەق ئىشلىۋالغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى، ئۇنى بۇرۇن ئىشلىۋلغان ئادەمگە قايتۇرۇپ بەرسە، ئۇ كىشى بىر نەرسىنى ناھەق ئىشلىۋالغان ئادەمدىن ئۇ نەرسىنى ناھەق ئىشلىۋالغان ئادەم ھېسابلىنىشتىن چىقىپ كېتىدۇ.

# ناھەق ئىشلىتىلگەن نەرسىدىن كەلگەن پايدىلارنىڭ ھۆكمى

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا: ئۈچ خىل نەرسىدىن باشقا بىر نەرسىنى ناھەق ئىشلىۋالغان ئادەم، ئۇ نەرسىدىن كەلگەن پايدىلار ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بەدەل تۆلىمەيدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىدىن كەلگەن پايدىلارنى مەيلى ئۆزى تولۇق ئالسۇن، مەيلى بۇزۇۋاتسۇن، ئۇ پايدىلار ئۈچۈن ھېچقانداق نەرسە تۆلىمەيدۇ[2]. ئەمما ئۇ ئۈچ خىل نەرسىدە كېيىنكى دەۋردە كەلگەن ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇ نەرسىلەرنىڭ بىرىنى ئىشلىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسىگە ئوخشاش نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرىدۇ. ئۇ ئۈچ خىل نەرسە بولسا، ۋەقپە قىلىنغان نەرسە، ئىجارىگە قويۇش ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 126 ـ بەت.

(2) مەسلەن: بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ كالىسىنى ئىشلىۋالغان ۋە ئۇنىڭ سۈتىنى سېغىپ ئىچكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇنىڭ سېغىپ ئىچكەن سۈتى ئۈچۈن كالىنىڭ ئىگىسىگە بىر نەرسە بەرمەيدۇ. چۈنكى سۈت ئىشلىۋېلىنغان نەرسىنىڭ ئۆزى ئەمەس ئۇنىڭدىن كەلگەن پايدىدۇر. ت.

ۋە يېتىم بالىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرى قاتارلىقلاردۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەيلى ئۇ ئۇچ خىل نەرسە بولسۇن، مەيلى باشقا نەرسىلەر بولسۇن، ناھەق ئېلىۋېلىنغان ھەر قانداق نەرسىدىن كەلگەن پايدىلارنى، ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ. يەنى ئۇنىڭدىن كەلگەن پايدا ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ» دەيدۇ.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ: ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىدىن كەلگەن پايدىلار ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىلمەيدۇ، دېگەن كۆز قارىشىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىر نەرسىدىن پايدىلىنىش ئۇ نەرسىنى ئۆز مەسئۇلىيىتىگە ئېلىشنىڭ بەدىلىگە بولىدۇ» دېگەن سۆزىدۇر. ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىگە، ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم مەسئۇلدۇر. شۇڭا ئۇ نەرسىدىن كەلگەن پايدا، ئۇ ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. (يەنى پايدا ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بىر نەرسە تۆلەپ بەرمەيدۇ). ئۇلارنىڭ دەلىل ـ پاكىتى يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قولغا ئالغان نەرسىنى ھەتتا ئىگىسىگە ساق ـ سالامەت قايتۇرغانغا قەدەر، ئۇنى ساق ـ سالامەت ساقلاش شۇ كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر» دېگەن سۆزىدۇر. يەنى بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمگە، پەقەت ئالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش لازىم. بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم، ئۇ نەرسىنىڭ پايدىلىرىنى ئەمەس پەقەت ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئېلىۋالدى. ئۇ پايدىلار بولسا كېيىن ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولدى.

ئەگەر بىر يېتىم بالىنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى ئۇ بالىنى ھاكىمنىڭ رۇخسىتىسىز ۋە ئىش ـ ھەققى بەرمەستىن خىلمۇ ـ خىل ئىشلاردا ئىشلەتكەن ۋە بالىنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن كىيىم ـ كېچەك ۋە تاماقلارنىڭ پۇلى ئۇنىڭ تۆھتۇشلىرى ئىشلەپ تاپقان ئىش ـ ھەققىگە باراۋەر كەلمەيدىغان بولسا، ئۇ بالا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىدىن ئۆزىنىڭ تەھتۇشى ئىشلەپ تاپقان ئىش ـ ھەققىنىڭ مىقداردا ئىش ـ ھەق بېرىشنى تەلەپ قىلالايدۇ.

ئىجارىگە قويۇش ئۈچۈن تەييارلانغان نەرسىدىن، ئۇ نەرسە مەيلى ئۆي بولسۇن، مەيلى باشقا بىر نەرسە بولسۇن، ئىگىسى ئىجارىگە قويۇش مەقسىتىدە ياساتتۇرغان، ياكى سېتىپ ئالغان ياكى بىر نەرسىنى (ياساتتۇرغان ياكى

سېتىپ ئالغان ۋاقىتتا ئۇ مەقسەت بولمىسىمۇ لېكىن) ئۇنى ئارقىمۇ ـ ئارقا ئۈچ يىل ئىجارىگە قويغان نەرسىلەر مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئەگەر مەزكۇر ئۈچ خىل نەرسىلەردىن بىرىنى ناھەق ئىگىلىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە قويغان بولسا، ئۇنى ئىجارىگە ئالغان كىشى ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىگە ئوخشايدىغان نەرسىنىڭ ئىجارىسىنى ئەمەس ئىجارىدە پۈتۈشكەن پۇلنىلا بېرىدۇ. چۈنكى ئۇنى ناھەق ئىگىلىۋالغان ئادەم ئىجارىدە شۇنىڭغا پۈتۈشتى. ئۇ نەرسىنى ناھەق ئىگىلىۋالغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئىگىسىگە ئۇ نەرسىگە ئوخشايدىغان نەرسىنىڭ ئىجارىسىنى ئەمەس ئىجارە پۇلىنىڭ ئۆزىنى بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ نەرسىنى ناھەق ئىگىلىۋالغان ئادەم ئۇنى، ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىنىڭ ئىجارىسىدىن تۆۋەن باھادا ئىجارىگە قويغان بولسىمۇ، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە پەقەت ئىجارە پۇلىنى قايتۇرۇپ بەرسە بولىدۇ. بۇ، بۇرۇنقى دەۋردە ئۆتكەن ئىماملارنىڭ سۆزلىرىدىن چىققان مەنادۇر. ئەمما كېيىنكى دەۋردە كەلگەن ئىماملارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇ نەرسىلەرنىڭ بىرىنى ئىگىلىۋېلىپ ئۇنى ئىجارىگە قويغان ئادەم، ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىنىڭ ئىجارىسىدىن تۆۋەن باھادا ئىجارىگە قويغان بولسىمۇ، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىنىڭ ئىجارىسىنىڭ مىقداردا پۇل تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى، ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان نەرسىنىڭ ئىجارىسىدىن يۇقىرى باھادا ئىجارىگە قويغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئارتۇقىنىمۇ قوشۇپ بېرىدۇ. چۈنكى ئارتۇقىمۇ ئۇ ئادەمگە ھالال ئەمەستۇر.

ئەگەر بىر نەرسىنى ناھەق ئىگىلىۋالغان ئادەم قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلغان ۋە (نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىنى ئىزلىگەن، لېكىن) ئۇنى تاپالمىغان بولسا، ئۇ نەرسىنى تاكى ئۇنىڭ ئىگىسىنى تېپىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەنگە قەدەر قېشىدا ساقلايدۇ. ئۇنىڭ ئىگىسىنى تېپىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەندىن كېيىن ئۇنى، ئەگەر ئىگىسى قايتىپ كەلسە ۋە ئۇنى سەدىقە قىلىۋاتقانلىقىغا رازى بولمىسا، ئۇنى تۆلەپ بېرىش شەرتى بىلەن (پېقىرلارغا) سەدىقە قىلىۋېتىدۇ.

ئەگەر بىر نەرسىنى ناھەق ئىگىلىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى يۇشۇرۇپ قويغان ۋە ئۇنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بەرگەن بولسا، ئۇ نەرسە ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇ ئادەمنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ.

ئەمما ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ مۈلكى ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋېلىش گۇناھتۇر. بىر نەرسىنى گۇناھ يول بىلەن قولغا كىرگۈزۈش، ئۇ نەرسىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ مۈلكى بولۇشىغا سەۋەبچى بولالمايدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئۇ ئادەم ناھەق ئېلىۋالغان نەرسە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىگە بەرگەن پۇلنىڭ ھەممىسى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ پۇلى، ئۇ ئادەم ئۇ پۇلنى ئۇ نەرسىنىڭ بەدىلىگە بەرگەن بولغاچقا، ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە ئۇ ئادەمگە كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن ئۇ ئادەمنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ[1]. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىگە، ئۇنى ئېلىۋالغان ۋاقتىدىن تارتىپ ئىگە بولغان بولىدۇ.

بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىگە بولغان ئىگىدارچىلىقى يېرىم ئىگىدارچىلىقتۇر. شۇڭا ئەگەر بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم، ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئىگە بولغان ۋاقىتتا، ئۇ نەرسىنىڭ بالىسىغا ياكى سۈتىگە، ياكى مېۋىلىرىگە ئوخشاش ئۇ نەرسىگە تەۋە ئەمما ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ تۇرۇدىغان نەرسىلەر ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇلمايدۇ. ئەمما ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىنىڭ چىرايلىقىغا ياكى سېمىزلىكىگە ئوخشاش ئۇ نەرسىدىن ئايرىلىپ ئەمەس بۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇدىغان نەرسىلەر ئۇنى ئېلىۋالغان ئادەمگە تاپشۇرۇلىدۇ.

ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىگە تەۋە بىر نەرسىنىڭ بار، ياكى يوقلۇقى ھەققىدە ئۇ نەرسىنى ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قەسەم قىلىپ تۇرۇپ قىلغان سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىگە تەۋە بىر نەرسىنىڭ بارلىقىغا ئىنكار قىلىدىغان ئادەمدۇر.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىگە كېيىن قوشۇلغان نەرسىلەر مەيلى ئۇلار ھايۋاننىڭ بالىلىرىغا ياكى سۈتىگە، ياكى مېۋىلەرگە ئوخشاش ئۇ نەرسىگە تەۋە ئەمما ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ تۇرۇدىغان نەرسىلەر بولسۇن، مەيلى ئۇلار چىرايلىقلىقا ياكى سېمىزلىككە ئوخشاش ئۇ نەرسىدىن ئايرىلىپ ئەمەس بۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇدىغان نەرسىلەر بولسۇن، ئۇلار ئۇ نەرسىنى ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدا ئامانەت سۈپىتىدە تۇرىدۇ.

(1) يەنى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگىسىگە پۇل بەردى. شۇنداق تۇرۇپ ئۇ نەرسە ئۇنىڭ مۈلكى ھېسابلانمىسا، ئۇ ئادەم زىيان تارتقان ھېسابلىنىدۇ. بۇ زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش يۈزىسىدىن ئۇ نەرسە ئۇنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. ت.

شۇڭا ئۇ ئادەمگە كېيىن قوشۇلغان نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. لېكىن ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم، ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا كېيىن قوشۇلغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇنى ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ كېتىشتىن چەكلىگەن ياكى ئۇ نەرسىلەرگە قەستەن زىيان سالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ.[1]

## بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋېلىشقا ئالاقىدار خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەر

● بىر ئادەم ھەرە ئۆتنە ئېلىپ تۇرغان، (ئىشلىتىش جەريانىدا) ئۇ ھەرە ئۆزۈلۈپ كەتكەن، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇنى ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇلاتتۇرغان بولسا، ئۇ ھەرىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ ھەرىدىكى ھەققى تۈگەيدۇ. چۈنكى ئۇنى ئۆتنىگە ئېلىپ تۇرغان ئادەم (ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز) ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىش ئېلىپ باردى. (يەنى ئۇنى ئۇلاتتۇردى). شۇڭا ئۇنى ئۆتنىگە ئېلىپ تۇرغان ئادەمنىڭ ھەرىنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ سۇنۇق ھالىتىدىكى باھاسى بويىچە پۇل بېرىشى لازىم. چۈنكى ھەرە ئىشلىتىپ تۇرۇۋاتقان جەريانىدا ئۆزۈلۈپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە ھەرىنى پۈتۈنلەي تۆلەپ بېرىش لازىم بولمايدۇ.

● ئەگەر ياغاچنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇنى ئىشلەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە پارچىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ ئادەم ئۇ ياغاچقا ئىگە بولالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ياغاچنى بىر كىشىگە سوۋغا قىلغان، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ ياغاچنى پارچىلىۋاتقان بولسا، بۇ ھالدا ياغاچنىڭ ئىگىسى ئۇ كىشىگە ياغاچنى تۆلىتىدۇ.

● بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم، ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە قويغان، ئاندىن ئۇنىڭ ئىجارىسىنى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە بەرگەن ۋە (نەرسىنىڭ ئىگىسى ئىجارىنى ئالغان) بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە قويۇشى توغرا ئىش قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەم بەرگەن ئىجارە پۇلنى ئېلىشى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئىجارىگە قويۇشقا بەرگەن رۇخسىتىدۇر.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 126 ـ بەت.

● بىر ناھەق ئېلىۋالغان كىيىمنى بويىغان ياكى ناھەق ئېلىۋالغان تالقاننى توڭ ياغ بىلەن ئارىلاشتۇرغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى خالىسا كىيىم ئۇچۇن بۇرۇنقى ئاق ھالىتىدىكى باھاسى بويىچە پۇل ئالىدۇ ۋە تالقان ئۇچۇنمۇ ئۇنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدىكى باھاسى بويىچە پۇل ئالىدۇ. ئەگەر خالىسا بويالغان كىيىمنى ياكى تۇڭ ياغ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان تالقاننى قايتۇرۇپ ئېلىپ رەڭنىڭ ۋە ياغنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ.

● رۇخسەت بېرىش سالغان زىياننى تولۇقلىيالمايدۇ. يەنى بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ نەرسىسىگە قەستەن زىيان سالغان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى: مەن ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىشقا رۇخسەت قىلغان، ياكى مەن بۇنىڭغا رازى دېگەن بولسىمۇ، ئۇ نەرسىگە زىيان سالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشتىن خالاس بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭدىن ئىمام ھەمەۋىي بايان قىلغان تۆۋەندىكى مەسىلە ئىستىسنادۇر: ئەگەر چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تېپىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى سەدىقە قىلىۋاتقان، ئاندىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى كېلىپ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى سەدىقە قىلىۋاتقانلىقىغا رۇخسەت قىلغان بولسا، (بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى سەدىقە قىلغان ئادەم ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشتىن خالاس بولۇپ كېتىدۇ). چۈنكى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ كېلىپ كېيىن ئۇ ئادەمگە رۇخسەت بېرىشى خۇددى ئۇنىڭغا ئىشنىڭ بېشىدىلا رۇخسەت بەرگەنلىكىنىڭ ئورنىدىدۇر. بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە رۇخسەت ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى تەرىپىدىن ئەمەس شەرئەت تەرىپىدىن كەلگەن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ بەرگەن رۇخسىتىنىڭ توغرا بولۇشى ئۇچۇن ئۇ نەرسىنىڭ، سەدىقە قىلىنغان پېقىرنىڭ قولىدا بولۇشى شەرت ئەمەس. ئەمما بىر نەرسىنى، ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەمنىڭ ھۆكمى (بىر نەرسىنى تېپىۋالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى، ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز سەدىقە قىلغان ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشىمايدۇ. يەنى بىر نەرسىنى، ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ساتقان ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ بەرگەن رۇخسىتىنىڭ توغرا بولۇشى ئۇچۇن ئۇ نەرسىنىڭ، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قولىدا بولۇشى شەرتتۇر). ئەگەر مىراسخورلارنىڭ بىرى باشقا مىراسخورلار يوق ۋاقتىدا، مېيىت قالدۇرۇپ كەتكەن مال ـ مۈلۈكتىن چىقىرىپ زىياپەت بەرگەن، ئاندىن باشقا مىراسخورلار كېلىپ بۇرۇن ئۇنىڭ قىلمىشىغا رۇخسەت قىلغان كېيىن زىياپەتكە كەتكەن چىقىمنى ئۇنىڭغا تۆلەتتۈرمەكچى بولسا، ئۇلارنىڭ

شۇنداق قىلىش ھەققى بار. چۈنكى (مىراسخورلارنىڭ بىرىنىڭ زىياپەت بېرىش ئارقىلىق باشقا مىراسخورلارغا سالغان) زىيىنى ھەتتا رۇخسەتنىڭ كېلىپ ئۇ زىياننى تولۇقلىشىغا قاراپ تۇرمايدۇ. لېكىن ئاپتۇر[1] <ئەلئۇمادىيە> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورىنىڭ: رۇخسەت بېرىش ئارقىلىق (كەلگەن زىياننى) تولۇقلىيالايدۇ، دېگەنلىكىنى نەقلە قىلدى. بۇ سۆزگە ئاساسەن: رۇخسەت بېرىش سالغان زىياننى تولۇقلىيالايدۇ. چۈنكى بىر نەرسىگە زىيان سېلىشمۇ قىلىقلارنىڭ قاتارىدىندۇر. <جامىئۇلپۇسۇلەين> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «بىر قەرزدار قەرز پۇلنى بىر ئادەمدىن قەرز ئىگىسىگە ئەۋەتكەن، ئاندىن ئۇ ئادەم قەرز ئىگىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ قەرزدارنىڭ پۇلنى ئەۋەتكەنلىكىنى خەۋەر بەرگەن، قەرز ئىگىسى (ئۇ ئادەمنىڭ قەرز پۇلنى ئېلىپ كەلگەنلىكىگە) رازى بولغان ۋە ئۇ ئادەمگە: ماڭا بۇ پۇلغا بىر نەرسە سېتىپ ئالغىن، دېگەن ئاندىن ئۇ پۇل ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا يوقاپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا بىر قىسىم ئىماملار: يوقاپ كەتكەن ئۇ پۇل قەرزدارغا ھېساب بولىدۇ، دېدى. يەنە بىر قىسىم ئىماملار: ئۇ پۇل قەرز ئىگىسىگە ھېساب بولىدۇ، دېدى. بۇ ئىككى قاراشنىڭ ئىچىدە ئاخىرقى ئىماملارنىڭ قارىشى توغرىدۇر. چۈنكى قەرز ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ قەرز پۇلنى ئېلىپ كەلگەنلىكىگە كېيىن بولسىمۇ رازى بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ قەرز پۇلنى ئېلىپ كېلىشىگە باشتا رازى بولغانلىقىنىڭ ئورنىدىدۇر.» بۇ ھەقتە يۇرگۈزۈلگەن بۇ تەھلىل رۇخسەت بېرىش ئارقىلىق (كەلگەن زىياننى) تولۇقلىيالايدۇ، دېگەن قاراشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمىلىيەتتىمۇ بۇ قاراش توغرىدۇر.

● بىر ئادەم شەھەردە چىققان ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئوت چىققان ئۆينىڭ قوشنىسىنىڭ تېمىغا چىققان شۇنىڭ بىلەن ئۇ تامنىڭ بىر قىسمى يېقىلىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ تامنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى ئوت (ئۆچۈرۈلمىسە) ھەممە ئادەمگە زىيان سالىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئۆچۈرۈشۈش ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم، تامنىڭ ئىگىسى ياكى باشلىق ئوت ئۇ تامنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە تۇتۇشۇپ كەتمىسۇن، دەپ ئۇ ئادەمنى تامنى يېقىشقا بۇيرۇشتىن ئىلگىرى تامنى يىققان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ تامنى تۆلەپ بېرىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم گۇناھكار بولمايدۇ. بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالى خۇددى قېشىدىكى ھەمراھىسىدا يەيدىغان نەرسىلەر

(1) بۇنىڭدىن <رەددۇلمۇھتار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى كۆزدە تۇتۇلىشى مۇمكىن. ت.

بار چۆلدە ئاچ قالغان ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش. قېشىدىكى ھەمراھىسىدا يەيدىغان نەرسىلەر بار چۆلدە ئاچ قالغان ئادەم، ئەگەر (ھەمراھىسى ئۇنىڭغا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن يەيدىغان نەرسىلەردىن بەرمىسە)، ئۇ ئۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭدىن مەجبۇرىي ئېلىپ يەپ كېيىن ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرسە گۇناھكار بولمايدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان: <ياكى باشلىق ئوت ئۇ تامنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە تۇتۇشۇپ كەتمىسۇن، دەپ ئۇ ئادەمنى تامنى يىقىشقا بۇيرۇشتىن ئىلگىرى> دېگەن سۆزدىن ئەگەر ئۇ ئادەم تامنى باشلىقنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يىققان بولسا، ئۇ ئادەمگە تامنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەسلىكى ئېنىق چىقىدۇ. چۈنكى باشلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ھەممە ئادەمگە ئومۇميدۇر. ئۇنىڭ بىر ئادەمگە قىلغان بۇيرۇقى، (ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا بىرەر كىشىگە زىيان سېلىپ سالسا)، ئۇ زىياننىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۇ ئادەمدىن كۆتۈرۈۋېتىشقا ئەرزىيدۇ.

● ئۇرۇش قىلىشتىن باشقا ئىش ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىز كىرىش توغرا ئەمەس. ئەمما دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە رۇخسەتسىز كىرىش توغرىدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆيىدىن دۈشمەننى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان ئىش بولسا، مۇجاھىدلارنىڭ ئۇ ئۆيدە تۇرۇپ دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشى ئۈچۈن ئۇ ئۆيگە ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز كىرىشكە بولىدۇ. اللە تائالا ئۆيگە ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز كىرىشكە بولمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار، ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشىڭلار (يەنى بۇ گۈزەل ئەخلاق ـ ئەدەبكە ئەمەل قىلىشىڭلار) ئۈچۈن بۇ (يەنى ئىجازەت سوراپ ۋە سالام بېرىپ كىرىش ئۇشتۇمتۇت كىرىشتىن) سىلەرگە ياخشىدۇر[1]» ئەمما بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ زېمىنىدىن ئۆتمەكچى ياكى ئۇ زېمىنغا كېلىپ چۈشمەكچى بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ زېمىننىڭ ئەتراپىغا تام سوقاپ قويۇلغان، ياكى بىر نەرسە تۇتۇپ قويۇلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ زېمىندىن ئۆتۈشى، ياكى ئۇ زېمىنغا كېلىپ چۈشۈشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ زېمىننىڭ ئەتراپىغا تام سوقاپ قويۇلغانلىقى، ياكى بىر نەرسە تۇتۇپ قويۇلغانلىقى ئۇ يەردىن بىرسىنىڭ ئۆتۈشىگە ياكى ئۇ يەرگە كېلىپ چۈشۈشىگە رازى بولمىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ

---

(1) سۈرە نۇر 27 ـ ئايەت.

پاكتىدۇر. ئەگەر ئۇ زېمىننىڭ ئەتراپىغا تام سوقاپ قويۇلمىغان، ياكى بىر نەرسە تۇتۇپ قويۇلمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ زېمىندىن ئۆتۈشى، ياكى ئۇ زېمىنغا كىرىپ چۇشۇشى گۇناھ ئەمەستۇر. بۇنىڭدا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان نەرسە كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدۇر. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ كىيىمى باشقا بىرسىنىڭ ئۆيىگە چۇشۇپ كەتكەن، ئۇ ئادەم كىيىمىنىڭ چۇشۇپ كەتكەنلىكىنى ئۇ ئۆينىڭ ئىگىسى بىلىپ قالسا، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۇ كىيىمنى ئېلىۋېلىشىدىن قورققان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئۆيگە ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز كىرىشى توغرىدۇر. لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ (ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن) مەھەللىدىكى ياخشى ئادەملەرگە ئۆزىنىڭ ئۇ ئۆيگە چۇشۇپ كەتكەن كىيىمنى ئېلىش ئۇچۇن كىرىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ قويۇشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم كىيىمنى ئۆي ئىگىسىنىڭ ئېلىۋېلىشىدىن قورقمىسا، ئۇنىڭ ئۇ ئۆيگە ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز كىرىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيگە ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز كىرىشىگە ھېچقانداق بىر زۆرۈرىيەت يوق. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ كىيىمنى تىقىۋالغان ۋە ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەتكەن بولسا، كىيىمنىڭ ئىگىسىنىڭ كىيىمنى ئېلىپ چىقىش ئۇچۇن ئۇ ئادەمنىڭ قورۇسىغا ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز كىرىش ھەققى بار. چۈنكى كىيىمنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ قورۇسىغا رۇخسەتسىز كىرىشىگە زۆرۈرىيەت بار. ئەگەر بىر ئادەمگە تەۋە (ئىرىققا ياكى تۇربىغا ئوخشاش) سۇ ئۆتۈش ئېغىزى بىر كىشىنىڭ قورۇسىدىن ئۆتىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم سۇ ئۆتۈش ئېغىزىنى ئوڭشىماقچى بولغاندا، كىشىلەر قورۇنىڭ ئىگىسىگە: ياكى سەن ئۇ ئېغىزنى ئوڭشاش ئۇچۇن بۇ ئادەمنى قورۇيىڭغا كىرىشكە يول قويۇسەن، ياكى ئۇنى سەن ئوڭشايسەن، دەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئۆينى ئىجارىگە قويۇپ ئىجارىكەشكە تاپشۇرغان بولسا، ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆينىڭ رېمونت قىلىدىغان يەرلىرى بارمۇ، دەپ ئۆينىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا قاراش ئۇچۇن ئۆيگە ئىجارىكەش رازى بولمىسىمۇ كىرىش ھەققى بار. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا: ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆيگە ئىجارىكەشنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ كىرىش ھەققى يوق.

● بىر ئادەم ئۆزى ئۇچۇن بىر يەرگە قەبرى كولىغان، ئاندىن ئۇ قەبرىگە باشقا بىرسى كېلىپ ئۆلۈك قويۇۋالغان بولسا، قەبرىنى كولىغان ئادەمنىڭ ئۆلۈكنى

قەبرىدىن چىقىرىۋېتىشى ئۈچۈن قەبرىنى ئېچىش ھەققى بار. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ قەبرىنى تۈزلىۋېتىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە زىرائەت تېرىشقىمۇ ھەققى بار. بۇ ئەگەر يەر ئۇنىڭغا قەبرى كولىغان ئادەمگە تەۋە بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر يەر ھېچكىمگە تەۋە ئەمەس يەر بولسا، قەبرى كولاتقان ئادەم ئۇنىڭغا ئۆلۈك قويۇۋالغان ئادەمدىن قەبرى كولاتقانلىقىنىڭ پۇلىنى ئالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر يەر ۋەقپە قىلىنغان يەر بولسا، بۇ ھالدىمۇ (قەبرى كولاتقان ئادەم ئۇنىڭغا ئۆلۈك قويۇۋالغان ئادەمدىن قەبرى كولاتقانلىقىنىڭ پۇلىنى ئالىدۇ). ئەگەر يەر كەڭرى بولسا، ئۇ يەرگە باشقا بىرسىنىڭ ئۆلۈك قويۇۋېلىشى خاتا ئەمەس. چۈنكى ئۆزىگە ئاتاپ قەبرى كولاتقان ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلۈشىنى بىلمەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ناماز ئوقۇش ئۈچۈن جەينىمازدەك بىر نەرسىنى بىر يەرگە سالغان، ئاندىن ئۇ يەرگە بىر كىشى كەلگەن بولسا، ئەگەر يەرگە بىر نەرسە سالغان ئادەمنىڭ يېنىدا ئۇنى قىستاپ سالمىغۇدەك دەرىجىدە بوش يەر بولسا، بۇ ھالدا كېيىن كەلگەن ئادەمنىڭ ئۇ يەرگە بىر نەرسە سالغان ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرۇشى توغرىدۇر. ئەگەر ئۇنىڭ يېنىدا بوش يەر بولمىسا، ئۇنىڭ ئۇ يەرگە كېلىپ تۇرۇشى توغرا ئەمەس. قونۇش ئۈچۈن بىر يەرگە كېلىپ چۈشكەن، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا باشقا بىر كىشى كېلىپ چۈشكەن ئادەمنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

● تۆۋەندىكى بىر نەچچە مەسىلىلەردىن باشقا مەسىلىلەردە بىر ئادەمنىڭ باشقا بىر كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىدە، ئۇ كىشىنىڭ رۇخسىتىسىز ۋە ھوقۇقسىز ھالدا تەسەررۇپ قىلىشى توغرا ئەمەس. ئۇ بىر نەچچە مەسىلىلەر بولسا بۇلاردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ كېسەل ياتقان ئادەمنىڭ بالىسىنىڭ، ياكى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كېسەل ئادەم ئېھتىياجلىق بولغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىشى توغرىدۇر. ئەمما (ئۇ پۇلغا كېسەل ئېھتىياجلىق بولغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن) ئۇنىڭ (كىلىمىگە، ياكى ھارۋىلىرىغا ئوخشاش) نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە سەپەر ئۈستىدە كېسەل بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ ھەمراھلىرىنىڭمۇ، ئۇ كېسەل ئېھتىياجلىق بولغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى سېتىپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئۇنىڭ

**رۇخسەتسىز ئېلىشى توغرىدۇر. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ سەپەردىكى ھەمراھلىرى خۇددى ئۇ ئادەمنىڭ ۋالىۋاقىلىرىنىڭ ئورنىدىدۇر.**

**2 ـ قېشىدا بىر كىشىنىڭ ئامانىتى بار بىر ئادەم، ئامانەتكە قويۇلغان مال ـ مۈلۈكتىن ئۇ كىشىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئۇ كىشىنىڭ رۇخسەتسىز خىراجەت قىلىپ بەرگەن ۋە ئۇ ئادەم (بۇ ھەقتە قازىنىڭ قارىشىنى ئالاي دېسە)، قازىنىڭ قارىشىنى ئالالمايدىغان يەردە بولغان بولسا، ئىستىھسانغا ئاساسەن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا خىراجەت قىلىپ بەرگەن مال ـ مۈلۈكنى ئۇ كىشىگە تۆلەپ بەرمەيدۇ.**

**3 ـ بىر ئادەم سەپەر ئۈستىدە قازا قىلىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا ئۇنى يەرلىكىدە قويغان ۋە ئېشىپ قالغان قىسمىنى ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، ياكى ئۇ ئادەم ئايلىنىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى (ئۇنى ساقايتىش ئۈچۈن) ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئىشلەتكەن بولسا، ئىستىھسانغا ئاساسەن ئۇلار ئۇ مال ـ مۈلكىنى ئۇ كىشىگە تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئىمام مۇھەممەدنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى ئۆلۈپ قالغان ۋاقتىدا، ئىمام مەھەممەد ئۇنى يەرلىكىدە قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ كىتابلىرىنى ساتقانلىقى، باشقىلار ئىمام مۇھەممەدكە: ئۇ ئوقۇغۇچى بۇنداق قىلىشقا ۋەسىيەت قىلمىغان ئىدى، دەپ ئېتىراز بىلدۈرگەندە، ئىمام مۇھەممەدنىڭ الله تائالانىڭ: «الله (يېتىملەرنىڭ ئىشلىرىنى) بۇزغۇچى ۋە تۈزگۈچىنى بىلىپ تۇرىدۇ[1]» دېگەن ئايىتىنى ئوقۇپ (ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەنلىكى) رىۋايەت قىلىنىدۇ. بىر ئىش ئۈچۈن بۇنىڭغا قىياس قىلىنىپ چىقىم قىلىنغان پۇلنىڭ دىيانەت جەھەتتىن (يەنى الله تائالا بىلەن شۇنداق قىلغان ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى ھۆكۈمدە) تۆلەنمەسلىكى لازىم. ئەمما ھۆكۈم جەھەتتىن (يەنى دۇنيادا خەلق ئالدىدا) تۆلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەن بىر قۇلنىڭ خوجايىنى يولدا ئۆلۈپ قالغان، ئاندىن ئۇ قۇل (خوجايىنىنى يەرلىكتە قويۇش ئۈچۈن خوجايىنى ئۇنىڭغا تىجارەت قىلىش ئۈچۈن بەرگەن پۇلدىن ئىشلەتكەن) بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ قۇلغا ئۇ پۇلنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس.**

**ئەگەر بىر مەھەللە خەلقى، قارايدىغان مۇئەييەن ئادىمى يوق بىر**

(1) سۈرە بەقەر 220 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەسچىتكە ئۇنىڭ كىرىمىدىن جەينىمازغا ئوخشاش بىر نەرسىلەر ئالغان بولسا، دىيانەت جەھەتتىن ئۇلارغا ئۇ پۇلنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر چوڭ مىراسخورلار، بىرەر كىشىنىڭ قارىشىغا ۋەسىيەت قىلىنىپ تاپشۇرۇلمىغان كىچىك مىراسخورلارغا (ئۇلارنىڭ مىراستىكى ھەسسىلىرىدىن) خەجلەپ بەرگەن بولسا، دىيانەت جەھەتتىن ئۇلارغىمۇ ئۇ پۇلنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. بىر كىشىگە (ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنى) ۋەسىيەت قىلىپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى قەرزنى، ئۇ كىشى قازىنىڭ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ خەۋىرىسىز تۆلەپ قويغان بولسا، دىيانەت جەھەتتىن ئۇ ئادەمگە قەرزگە تۆلەپ قويغان پۇلنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس.

ئەگەر بىر ئادەم ئىچىدە ئۇتۇن بار ئۇچاقنىڭ ئۈستىگە قازان قويۇپ قويغان، ئاندىن بىر كىشى كېلىپ ئۇتۇنغا ئوت ياققان ۋە قازاننىڭ ئىچىدىكى نەرسە پىشقان بولسا، ئىستىھسانغا ئاساسەن ئۇتۇنغا ئوت ياققان ئادەمگە قازاندىكى نەرسىنى تۆلەش لازىم ئەمەس. ئەگەر بىر ئادەم باشقا بىرسىنىڭ بۇغدىيىنى تارتقان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئۇ بۇغداينى تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر بۇغداينىڭ ئىگىسى بۇغداينى تۈگمەننىڭ ئۈسكۈنىنىڭ ئىچىگە قويغان ۋە ئۇنى تارتىش ئۈچۈن تۈگمەنگە ئېشەكنى باغلىغان، ئاندىن بىر كىشى كېلىپ ئېشەكنى ھەيدىگەن بولسا، ئېشەكنى ھەيدىگەن كىشى تۈگمەندىكى بۇغداينى تۆلەپ بەرمەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم باشقا بىرسىنىڭ كۈپۈنى كۆتۈرگەن شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈپ سۇنۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كۈپنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ كۈپنىڭ ئىگىسى ئۇنى كۆتۈرگەن ۋە كۈپ ئۇنىڭ قولىدا تۇرۇپ قىپاش بولۇپ كەتكەن، ئاندىن بىرسى كېلىپ ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن شۇنىڭ بىلەن كۈپ سۇنۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا كېلىپ ياردەملەشكەن ئادەمگە ئۇ كۈپنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس.

ئەگەر بىر ئادەم باشقا بىرسىنىڭ ئېشىكىگە يۈك ئارتقان شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېشەك ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئېشەكنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئېشەكنىڭ ئىگىسى ئېشەككە بىر نەرسە ئارتقان، ئۇ نەرسە ئېشەكنىڭ ئۈستىدە تۇرماي چۈشۈپ كەتكەن، ئاندىن باشقا كىشى كېلىپ ئۇ نەرسىنى ئېشەكنىڭ ئۈستىگە ئارتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئېشەك ئۆلگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىگە

ئىشەكنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس.

ئەگەر بىر ئادەم باشقا بىرسىنىڭ قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن باققان قويىنى، قۇربان ھېيت كۈنلىرى كېلىشتىن بۇرۇن بۇغۇزلىغان بولسا، ئۇ قوي قۇربانلىققا ھېساب بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ قوينى تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم ئو قوينى قۇربان ھېيت كۈنلىرىنىڭ ئىچىدە بۇغۇزلىغان بولسا، ئۇ قوي قۇربانلىققا ھېساب بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ قوينى تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. ئەگەر بىر ئادەم بىر تامنى يىقىش ئۈچۈن سايمان ئېلىپ كەلگەن، ئاندىن باشقا بىر كىشى كېلىپ ئۇ تامنى يىقىۋاتقان بولسا، ئىستىھسانغا ئاساسەن ئۇ كىشى ئۇ تامنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم كېلىپ بىر قاسساپنىڭ قويىنى، ئۇ قاسساپ قوينىڭ پۇتۇنى (ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن) باغلاپ بولغاندىن كېيىن ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ قوينى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ قوينى، قاسساپ ئۇنىڭ پۇتۇنى باغلاشتىن بۇرۇن ئۆلتۈرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ قوينى تۆلەپ بېرىدۇ.

بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەردىكى ئەسلى قائىدە بولسا: قىلىشتا بىر ئادەم بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق ئىشتا، ئۇ ئىشنى بىر ئادەمنىڭ ئورنىدا يەنە بىر ئادەمنىڭ قىلىشى ياردەم ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئىش ئۇنداق ئىش بولمىسا، ئۇ ئىشنى بىر ئادەمنىڭ ئورنىدا يەنە بىر ئادەمنىڭ قىلىشى ياردەم ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم قوينى بۇغۇزلاپ بولۇپ (تېرىنى سويۇش ئۈچۈن) ئاسماققا ئاسقان، ئاندىن بىر كىشى كېلىپ قوينى ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز سويغان بولسا، سويغان كىشىنىڭ ئۇ قوينى تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئۇ كىشىگە قوينى تۆلەپ بېرىشنىڭ لازىم بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، قوينى سويۇشتا بىر ئادەم بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ ئارىسىدا پەرق بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەگەر بىر ئادەم تەخىيى بار بىر ئىشەكنى ناھەق ئىلىۋالغان، تەخەي ئىشەككە ئەگىشىپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭغان، ئاندىن تەخەينى بۆرە يېگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە تەخەينى تۆلەپ بېرىش لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ تەخەينى ئۆزى ھەيدىمىگەن بولسىمۇ يەنە ئۇ ئادەمگە ئۇنى تۆلەپ بېرىش لازىم. چۈنكى ئۇ تەخەي ئۇنىڭ كەينىدىن ئانىسىغا ئەگىشىپ ماڭدى. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم بىر مۇزاينى ناھەق ئېلىۋالغان ۋە شۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇ موزاينىڭ ئانىسىنىڭ سۈتى توختاپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم مۇزاينىڭ ئانىسىدا كۆرۈلگەن زىيان بىلەن بىللە قوشۇپ ئۇ سۈتتى تۆلەپ بېرىدۇ.

سېتىلغان، لېكىن ئىگىسىنىڭ مەسلىھەتىنىڭ پىششىغا قاراپ قىلىنغان نەرسىدە، مەيلى ئۇ نەرسىنىڭ بالىسىغا ياكى سۈتىگە، ياكى مېۋىلىرىگە ئوخشاش، ئۇ نەرسىگە تەۋە، ئەمما ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ تۇرۇدىغان نەرسىلەر بولسۇن، مەيلى چىرايلىقىغا ياكى سېمىزلىكىگە ئوخشاش ئۇ نەرسىدىن ئايرىلىپ ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇدىغان نەرسىلەر، مەسلىھەت پىشىپ بولغۇچە بولغان جەرياندا ئۇ نەرسىگە قوشۇلغان نەرسە، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. چۈنكى بىر نەرسىنى سېتىپ ئېلىش ئۇ نەرسىگە تولۇق ئىگە بولۇشنىڭ سەۋەبىدۇر. شۇڭا ئۇ نەرسىگە تەۋە ھەممە نەرسە ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە تەۋە بولىدۇ.

(ئەگەر بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنىڭ باھاسىدا ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان)، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى (ئۆزىنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ) پاكىت كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەن، ئۇ ئادەمنىڭ قەسەم ئىچىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان، ئەمما ئۇ نەرسىنى ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدا ئۇنىڭ باھاسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان پاكىت بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ پاكىتى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەكسىچە: ئۇ ئادەم قەسەم قىلىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كەلتۈرگەن پاكىتى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى دەۋا قىلغان يۇقىرى باھانى يوققا چىقىرىدۇ. يۇقىرى باھانى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن پاكىت قوبۇل قىلىنمايدۇ. بەزى ئىماملىرىمىز: «ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ كەلتۈرگەن پاكىتى قەسەم ئىچىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن خۇددى قېشىدا باشقىلارنىڭ ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان نەرسە ـ كېرەكلىرى بار ئادەم كەلتۈرگەن پاكىتقا ئوخشاش قوبۇل قىلىنىشى لازىم. قېشىدا باشقىلارنىڭ ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان نەرسە ـ كېرەكلىرى بار ئادەم، ئەگەر ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۇلارنىڭ ئىگىللىرىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ ھەقتە پاكىت ـ كۆرسەتسە، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن پاكىتى قوبۇل قىلىنىدۇ» دېدى. يەنە بىر قىسىم ئىماملار ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسىلەرنىڭ مەسىلىسى بىلەن ئامانەتكە قويۇلغان نەرسىلەرنىڭ مەسىلىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىدى. توغرىسى ئۇ ئىككى مەسىلىنىڭ ئارىسىنى ئايرىشتۇر.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 128 ـ بەت.

● بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم، ئۇ نەرسىنى ساتقان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى، ئۇنى ساتقان كۈنىنىڭ باھاسى بويىچە ئەمەس ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان كۈنىنىڭ باھاسى بويىچە تۆلەتتۈرگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان سودىسى كۆچكە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى تۆلەتتۈرمىگەن بولسا، (ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان سودىسى كۆچكە ئىگە بولمايدۇ). مەسىلەن: ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ساتقان ۋە ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئۆز ئىگىسى سېتىپ ئالغان ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەمگە سوۋغا قىلىپ بەرگەن، ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ مىراسخورى بولۇپ ئۇ نەرسىنى مىراس ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قىلغان سودىسى كۆچكە ئىگە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىشى توغرا، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى (بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىگە) ئىگە بولۇشى، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىشكە قاراشلىقتۇر. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىشى كۆچكە ئىگە بولمايدۇ.

● ئەگەر بىر ئادەم ئىجارىگە قويۇش ئۈچۈن تەييارلانغان ئۆينى ياكى ۋەقپە قىلىنغان ئۆينى، ياكى يېتىمنىڭ ئۆيىنى ناھەق ئېلىۋالغان، ئاندىن ئۇ ئۆينى ئىجارىگە قويغان ۋە ئىجارىگە ئالغان ئادەم ئۇنىڭدا ئولتۇرغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئۆينى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئۆينىڭ ئىجارىسىدىن تۆۋەن باھادا ئىجارىگە قويغان بولسىمۇ، ئۆينىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئۆينىڭ ئىجارىسىنىڭ مىقداردا پۇل تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئۆينى، ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئۆينىڭ ئىجارىسىدىن يۇقىرى باھادا ئىجارىگە قويغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە ئارتۇقىنىمۇ قوشۇپ بېرىدۇ. چۈنكى ئارتۇقىمۇ ئۇ ئادەمگە ھالال ئەمەستۇر.

● ئەگەر ئۆلۈك ھايۋان، ياكى قان (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرغا تەۋە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ ئۇنى تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۆلۈك ھايۋان ۋە قان قاتارلىقلار ھېچقانداق دىندا (ھۆرمىتى بار) مال ھېسابلانمايدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇ ئۆلۈك ھايۋان ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋان بولغان بولسا، ئەھۋال

شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ ھايۋان ئەگەر ئۆتپەرەس كاپىر تەرىپىدىن بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن، ياكى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋان بولسا، (بۇ ھالدا ئۇ ھايۋاننى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇنى تۆلەپ بېرىدۇ). چۈنكى، بۇ شەكىلدە ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانلارنى (ئوتپەرەس كاپىرلارنىڭ ئۆز ئارىلىرىدا) سېتىشى ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: توغرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى (ئوتپەرەس كاپىردىن) ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ ئۇنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئەمما ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇ شەكىلدە ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانلارنى (ئوتپەرەس كاپىرلارنىڭ ئۆز ئارىلىرىدا) سېتىشمۇ توغرا ئەمەس.[1]

● ئەگەر بىر ئادەم مۇسۇلمان بىر كىشىنىڭ ھارىقىنى ناھەق ئېلىۋالغان، ئاندىن ئۇنىڭغا ئازراق تۇز ئارىلاشتۇرغانغا، ياكى ئاپتاپتا قويۇپ قويغانغا ئوخشاش ئاددىي ئىشلار بىلەن ئۇنى سىركىگە ئايلاندۇرغاني ياكى ئۇ ئادەم بىر كىشىنىڭ تېخى ئاشلانمىغان تېرىسىنى ناھەق ئېلىۋالغان، ئاندىن ئۇنى تۇپىغا يېيىپ كۈنگە سالغانغا ئوخشاش ئاددىي ئۇسلۇب بىلەن ئاشلىغان بولسا، ھاراق ئىگىسى بىلەن تېرىنىڭ ئىگىسى (ئۇ ئادەمنىڭ ھاراقنى سىركىگە ئايلاندۇرغانلىقىغا ۋە تېرىنى ئاشلىغانلىقىغا) ئۇ ئادەمگە بىر نەرسە بەرمەستىنلا سىركى بىلەن تېرىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، مەيلى ھاراقتا بولسۇن، مەيلى تېرىگە بولسۇن، ناھەق ئېلىۋېلىنغان نەرسە ئۈچۈن قىلىنغان ئىش، ئۇ نەرسىنى يۇغاننىڭ ئورنىدىدۇر. شۇڭا ئۇ نەرسە ئۆز ئىگىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا قالىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ مال ئىكەنلىكى (ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدە قىلغان) ئىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقمىدى. ئەگەر ئۇ ئادەم سىركىنى ۋە تېرىنى يوقىتىپ قويغان بولسا، يوقىتىپ قويغۇنىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە ھېچنەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇلارنى تۆلەپ بېرىشكە توغرا كەلسە، ھاراقنىڭ ئىگىسىگە، سىركىگە ئوخشاش سىركە ئېلىپ بېرىدۇ ۋە تېرىنىڭ ئىگىسىگە، ئاشلانغان تېرىنىڭ پۇلىنى بېرىدۇ.

ئەگەر ھاراقنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇنىڭغا چىق تۇز ئارىلاشتۇرغانغا ئوخشاش كۆپ پۇلغا توختايدىغان ئىش بىلەن ئۇنى سىركىگە ئايلاندۇرغان بولسا، سىركە ئۇ ئادەمنىڭ بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا

---
[1] «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 133 ـ بەت.

ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئىگىسىگە بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس (يەنى ئۇنى ئۇنىڭ ئىگىسى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالالمايدۇ). ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ھاراقنىڭ ئىگىسى، خالىسا سىركىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋېلىپ ئۇ ئادەمگە، ئۇنىڭ ھاراقنى سىركىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قاتقان تۇزلىرى ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا سىركە بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ناھەق ئېلىۋالغان تېرىنى ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ ياپلاقلىرىغا ۋە شاپقا ئوخشاش چىق پۇلغا تۇختايدىغان نەرسىلەر بىلەن ئاشلىغان بولسا، تېرىنى ئۇنىڭ ئىگىسى ئالىدۇ ۋە (ئاشلاش ئارقىلىق تېرىنىڭ باھاسىغا) قېتىلغان پۇلنى ئۇ ئادەمگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. سىركە بىلەن تېرىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، يەنى ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە: سىركىنىڭ ئىگىسىنىڭ سىركىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالالماسلىقى بىلەن تېرىنىڭ ئىگىسىنىڭ تېرىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىشىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، تېرە ئاشلىنىش ئارقىلىق (باشقا نەرسىگە ئۆزگەرمەستىن) ئۆز ئەسلىدىكى تېرى پېتى قېلىپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭدىن پەقەت پاسكىنا نەرسىلەر تازىلىۋېتىلدى. ئەمما ھاراق ئۆز پېتى قېلىپ قالمىدى. ئەكسىچە ھاراق ئۇنىڭغا بىر نەرسە ئارىلاشتۇرۇپ سىركىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق باشقا بىر نەرسىگە ئايلاندى. شۇڭا تېرىنىڭ ئىگىسىنىڭ تېرىنى، ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمگە بېرىپ ئۇ ئادەمدىن تېرە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاشلىنىشتىن بۇرۇنقى باھاسى بويىچە پۇل ئېلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، تېرە ئاشلىنىشتىن بۇرۇن (ئىسلام شەرىئەتىنىڭ ئالدىدا) ھۆرمىتى بار نەرسە ھېسابلانمايدۇ. تېرىنى ناھەق ئېلىۋېلىپ ئۇنى ئاشلىغان ئادەمنىڭ ھەتتا تېرىنىڭ ئىگىسىدىن ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئالغانغا قەدەر تېرىنى ئۇنىڭغا بەرمەي تۇرۇپ تۇرۇش ھەققى بار. ئەگەر تېرە ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇپ يۇتۇپ كەتكەن بولسا، تېرىنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەمگە تېرىنىڭ باھاسىغا قېتىلغان پۇلنى بېرىشى لازىم ئەمەس.[1] ئەگەر ئۇ ئادەم تېرىنى قەستەن بۇزۇۋەتقان بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كۆز قارىشى بويىچە: خۇددى تېرە ئۆزىچە بۇزۇلۇپ كەتكىنىگە، ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى بۇزۇۋەتقىنىغا ئوخشاش ئۇ ئادەمگە تېرىنى تۆلەپ بېرىش

(1) يەنى تېرىنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمدىن تېرى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاشلىنىشتىن بۇرۇنقى ھالىتىنىڭ باھاسى بويىچە پۇل ئالىدۇ. ئەمما تېرە ئاشلىنىپ تېرىنىڭ باھاسىغا قېتىلغان پۇلنى ئۇ ئادەمگە بېرىش لازىم ئەمەس. ت.

لازىم ئەمەس. (يەنى تىرە ئۆزىچە بۇزۇلۇپ كەتسە، ئۇنى ئېلىۋالغان ئادەمگە ئۇنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس ئىدى ياكى ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى، ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم، ئۇنىڭ گۆشىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدەك تىرىنى قەستەن بۇزۇۋاتقان ئادەمگىمۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئۇنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس). ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدلەر (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «تىرىنى قەستەن بۇزۇۋاتقان ئادەم تىرىنىڭ ئىگىسىگە، تىرىنىڭ ئاشلانغان ھالىتىدىكى باھاسى بويىچە پۇل تۆلەيدۇ» دېدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆز قارىشىغا دەلىل ـ كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «تىرە ئۇنىڭ ئاشلىشى ئارقىلىق ئاشلاندى. تىرىدە ئۇنىڭ ھەققىمۇ بار. چۈنكى تىرە ئۇنىڭ ئاشلىشى ئارقىلىق (ئىسلام شەرىئەتىنىڭ ئالدىدا) ھۆرمىتى بار نەرسە ھالىتىگە كەلدى. چۈنكى تىرە، ئۇ ئادەم ئۇنى ئاشلاشتىن بۇرۇن (ئىسلام شەرىئەتىنىڭ ئالدىدا) ھۆرمىتى بار نەرسە ھېسابلانمايتتى. ئۇنداق ئىكەن تىرىنىڭ (ئىسلام شەرىئەتىنىڭ ئالدىدا) ھۆرمىتى بار نەرسە ھېسابلىنىشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ تىرىنى ئاشلىشى ئەسلى ئىش ۋە تىرە قوشۇمچە نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشىدىن ئىبارەت بولغان تىرىنى ئاشلىغانلىقىنى بۇزۇۋېتىشى بىلەن ئۇنىڭغا ھېچنەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ ئىشىغا قوشۇمچە بولغان تىرىنى بۇزۇۋېتىش بىلەنمۇ ئۇنىڭغا ھېچنەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس». ئەمما ئۇ ئادەم تىرىنى تۇپىغا يېيىپ كۈنگە سالغانغا ئوخشاش ئاددىي ئۇسلۇب بىلەن ئاشلىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ تىرىدە ھەققى يوق. (شۇڭا ئەگەر ئۇ ئادەم تىرىنى بۇزۇۋاتسا، ئۇنىڭغا تىرىنى تۆلەپ بېرىش لازىم). ئەگەر تىرىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەم ئۇنى ئاشلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن كىيىم تىككەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر تىرە بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ تىرىسى بولسا، بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە: ئۇ ئادەمنىڭ تىرىنىڭ ئىگىسىگە تىرە ئېلىۋېلىنغان كۈننىڭ باھاسى بويىچە پۇل بېرىشى لازىم. ئەگەر تىرە ئۆزىچە ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ تىرىسى بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ تىرىنىڭ ئىگىسىگە ھېچنەرسە بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم تىرىنىڭ ئىسمىنى ۋە ماھىيىتىنى ئاشلاش ئارقىلىق ئۆزى ئۆزگەرتتى. قەستەن الله نىڭ نامى تىلغا ئېلىنماي بوغۇزلانغان ھايۋاننىڭ

تىرىسىنى بۇزۇۋاتقان ئادەمگە، ئەگەر ئۇ تىرە شافىئىي مەزھەپىدىكى ئادەمگە ئوخشاش (قەستەن الله نىڭ نامى تىلغا ئېلىنماي تۇرۇپ بوغۇزلانغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى ھالال دەيدىغان) ئادەمگە تەۋە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ھايۋاننىڭ تىرىسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، الله نىڭ نامى تىلغا ئېلىنماي بوغۇزلانغان ھايۋاننىڭ گۆشىنىڭ ھالال ئەمەسلىكى قۇرئاننىڭ ئايىتى بىلەن بايان قىلىنغاندۇر. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «(ئى مۆمىنلەر) الله نىڭ ئىسمى ئېيتىلماي بوغۇزلانغان (يەنى بىسمىللا دەپ زەبھى قىلىنمىغان) ھايۋانلارنى يېمەڭلار[1]» شۇنىڭ ئۈچۈن الله نىڭ نامى تىلغا ئېلىنماي تۇرۇپ بوغۇزلانغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى ھالال دەپ قاراش قۇئاننىڭ ئايەتلىرىگە زىتتۇر. بۇنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىزگە قارشى پىكىردىكىلەرمۇ (يەنى شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرمۇ) قوبۇل قىلىدۇ.

● بىر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇغان ئادەم تۆۋەندىكىدەك ئالتە تۈرلۈك ئادەم بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتى بۇيرۇغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ:

**1** ـ باشلىق. يەنى باشلىق بىر ئادەمنى بىر ئىشقا بۇيرۇغان بولسا، ئۇ ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتى باشلىقنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ بىر ئادەمگە بىر ئىشنى قىلىشقا قىلغان بۇيرۇقى، ئۇنى ئۇ ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلىغانلىقى ئورنىدىدۇر.

**2** ـ دادا. مەسىلەن: بىر دادا بالاغەتكە يەتكەن بالىسىنى ئېتىزلىقىغا ئوت يېقىشقا بۇيرۇغان، بالا شۇنداق قىلغان ۋە ئوت قوشنىسىنىڭ ئېتىزلىقىغا چاچراپ چىقىپ قوشنىسىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى بالىنىڭ دادىسى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، دادىنىڭ بالىغا بەرگەن بۇيرۇقى توغرا ۋە كۈچگە ئىگىدۇر. شۇڭا بالىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى خۇددى دادا ئۆزى قول تىقىپ قىلغانغا ئوخشاش دادىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئەمما ئۇ بالىنىڭ دادىسى ئۆيىنىڭ تېمىنى يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىقىتىش ئۈچۈن خەرەت (يەنى ياغاچچى) ئىجارىگە ئالغان، ئۇ خەرەت (ئۆينىڭ تېمىنى يولغا) يىقىتقان ۋە تامنى يېقىتىش جەريانىدا تام بېسىۋېلىپ بىر ئادەم ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى بالىنىڭ دادىسىغا ئەمەس خەرەتنىڭ

(1) سۈرە ئەنئام 121 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئۆستىگە بولىدۇ. يەنى ئۆلگەن ئادەمنىڭ دىيىتى بالىنىڭ دادىسىنىڭ ئۆستىگە ئەمەس خەرەتىنىڭ ئۆستىگە يۈكلىنىدۇ. چۈنكى، بالىنىڭ دادىسىنىڭ خەرەتكە: (بۇ تامنى يولغا يېقىتقىن دېگەن) سۆزى بۇيرۇق، دەپ قارالمايدۇ. بالىغا بەرگەن بۇيرۇقنىڭ مەسئۇلىيىتى دادىنىڭ ئۆستىگە يۈكلىنىدۇ، دېگەن مەزكۇر سۆزدىن دادىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن بالىسىغا بەرگەن ھەممە بۇيرۇقلىرى كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. شۇڭا ئەگەر بىر دادا بالاغەتكە يەتكەن بالىسىنى بىرسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇزۇۋېتىشقا، ياكى بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشقا بۇيرۇغان ۋە (ئۇ بالا شۇ ئىشنى قىلغان) بولسا، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى بالىنىڭ ئۆستىگە يۈكلىنىدۇ. چۈنكى، دادىنىڭ بالىغا قىلغان بۇيرۇقى توغرا بۇيرۇق ھېسابلانمايدۇ. ئەمما دادىنىڭ بالىغا ئىپتىزلىققا ئوت يېقىش ئۈچۈن بەرگەن بۇيرۇقىنىڭ توغرا بۇيرۇق ھېسابلىنىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، بۇ ئىشتا دادىنىڭ بالىغا قىلغان بۇيرۇقى، ئۇنى خىزمىتىگە سېلىش ئۈچۈن قىلغان بۇيرۇق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ بالىغا قىلغان بۇيرۇقى توغرا بۇيرۇق، دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى بالىنىڭ، دادىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشى لازىم. ئىپتىزلىققا ئوت يېقىش يەنە كېلىپ شامال چىقىۋاتقان كۈندە بولماسلىقى ياكى ئوت ناھايىتى قاتتىق كۈچلۈك يېقىلماسلىقى، ياكى قوشنا كىشىنىڭ ئىپتىزلىقى ئوتنىڭ ئۇچقۇنلىرىنىڭ بېرىپ قىلىش ئېھتىمالى بەك كۈچلۈك بولغان دەرىجىدە يېقىن بولماسلىقى شەرت. (يەنى دادا بالىسىنى بۇ شەرتلەر ئاستىدا ئىپتىزلىقىغا ئوت يېقىشقا بۇيرۇغان ۋە بۇ ئوت چىقىپ قوشنىسىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى دادىنىڭ ئۆستىگە يۈكلىنىدۇ). ئەمما بۇ شەرتلەر يوق بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئوتنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ياققان ۋە شۇنىڭ بىلەن قوشنىسىنىڭ ئىپتىزلىقىغا ئوت تۇتۇشۇپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق مەسئۇلىيەت كەلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئوت ئۇ ئادەمنىڭ بالىسىغا بۇيرۇق بېرىشى بىلەن يېقىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن قوشنىسىنىڭ ئىپتىزلىقىغا ئوت تۇتۇشۇپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمگە ھېچقانداق مەسئۇلىيەت كەلمەيدۇ. ئەمما دادىنىڭ بالىسىغا بىرسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇزۇۋېتىشقا، ياكى بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشقا بەرگەن بۇيرۇقىغا كەلسەك، بۇ توغرا بۇيرۇق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى بۇ، ئوچۇق بىر دۈشمەنلىكتىن ئىبارەت بۇيرۇقتۇر.

3 ـ خوجايىن. بىر خوجايىن بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنى، ياكى بىر قۇلنى، ئۇ قۇلنىڭ خوجايىنىدىن باشقا بىرسىنىڭ مال ـ مۈلكىگە زىيان

سېلىشقا بۇيرۇغان بولسا، ئۇ مال ـ مۈلۈكنىڭ زىيىنىنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇق بەرگەن خوجايىن تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ خوجايىن ئۇ قۇلنى باشقىنىڭ تېمىدىن ئىشىك ئېچىشقا بۇيرۇغان ۋە ئۇ قۇل ئىشىك ئاچقان بولسا، بۇنىڭ زىيىنىنى ئىشىك ئاچقان قۇل تۆلەپ بېرىدۇ ۋە ئۇ قۇل بۇنىڭ ئۈچۈن تۆلەپ بەرگەن پۇلنى ئۆزىنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان ئادەمدىن ئالىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنى بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇغان ۋە (ئۇ بالا بېرىپ ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن) بولسا، ئۇ كىشىنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىش كىچىك بالىنىڭ دادا تەرەپتىن بولغان جەمەتىنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ ۋە بۇلار دىيەت ئۈچۈن بەرگەن پۇلنى بۇيرۇغۇچىنىڭ دادا تەرەپتىن بولغان جەمەتىدىن ئالىدۇ. ئەگەر ئۇ كىچىك بالىنى بۇيرۇغانمۇ بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىچىك بالىنىڭ جەمەتىدىكىلەر ئۇ كىشىنىڭ دىيىتى ئۈچۈن بەرگەن پۇلنى بۇيرۇغۇچىنىڭ جەمەتىدىن ئالالمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە بۇ قوينى بوغۇزلىغىن، دەپ بۇيرۇق بەرگەن ۋە ئۇ قوي ئۆزىنىڭ قوشنىسىنىڭ قويى بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ قوينىڭ قوشنىسىنىڭ قويى ئىكەنلىكىنى قوينى بوغۇزلىغان ئادەم مەيلى بىلسۇن، مەيلى بىلمىسۇن، قوينى بوغۇزلىغان ئادەم قوينى تۆلەپ بېرىدۇ. لېكىن قوينى بوغۇزلىغۇچى، ئەگەر قوينىڭ قوشنىسىنىڭ قويى ئىكەنلىكىنى بىلسە، قوي ئۈچۈن تۆلەپ بەرگەن پۇلنى بۇيرۇغۇچىدىن ئالالمايدۇ. ئەگەر بىلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرگەن پۇلنى بۇيرۇغۇچىدىن ئالىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم خىزمەتچىسىنى دۇكىنىنىڭ ئالدىغا سۇ سېپىشكە بۇيرۇغان، خىزمەتچى دۇكاننىڭ ئالدىغا سۇ سەپكەن ۋە بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن بىرەر زىيان كۆرۈلگەن بولسا، ئۇ زىياننىڭ مەسئۇلىيىتى بۇيرۇغۇچىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ خىزمەتچى سۇنى خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىسىز سەپكەن ۋە سۇ سەپكەنلىك سەۋەبى بىلەن بىرەر زىيان كۆرۈلگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ زىياننىڭ مەسئۇلىيىتى سۇ سەپكۈچىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ.

● ئىشىكنىڭ ئىككى قانىتىغا ۋە ئاياغىنىڭ ئىككى پېيىغا ئوخشاش، بىرى بولمىسا يەنە بىرىدىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان ئىككى چۈپ نەرسىلەرنىڭ بىرىنى ئېلىۋالغان ئادەمگە، يەنە بىرىمۇ بېرىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭدىن ھەر

ئىككىسىنىڭ پۇلى ئېلىنىدۇ. بىر قىسىم ئالىملار: «قالغىنى تۇرۇۋېرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئېلىۋالغىنىنىڭ پۇلى ئېلىنىدۇ» دېدى.

● ئەگەر باشلىق بىر گۇرۇپ ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن بىرەر كىشىنىڭ مەيلى سۇدىن بولسۇن، مەيلى قورۇدىن بولسۇن، ئۇ كىشىنىڭ نېسىۋىسىنى ناھەق ئېلىۋالغان، ئاندىن: «مەن پەقەت ئۇ كىشىنىڭ نېسىۋىسىنىلا ئېلىۋالىمەن» دېگەن بولسا، باشلىق ئېلىۋالغان ئۇ كىشىنىڭ نېسىۋىسىنى ئۇ گۇرۇپتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئورتاق تۆلەپ بېرىدۇ.[1]

# قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ بايانى

## بۇنىڭ ئۇقۇمى ۋە يولغا قويۇلىشى

ئەرەبچىدە بۇ مەنانى ئىپادىلەيدىغان سۆز <شۇپئە> دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئۇقۇمى: مەنا جەھەتتىن بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە قوشۇش، دېگەنلىك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆمىنلەرگە <شاپائەت قىلىدۇ> دېگەن سۆزمۇ مەزكۇر سۆزدىن كەلگەندۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، شاپائەت قىلغان مۆمىنلەرنى نىجات تاپقۇچى ئادەملەرنىڭ سېپىغا قوشىدۇ.

ئۇ سۆزنىڭ ئۇقۇمى ئىستىلاھ جەھەتتىن: بىر ئادەم بىر نەرسىگە قوشنا ياكى شېرىك بولغانلىق سۈپىتى بىلەن، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن، ئەگەر ئۇ نەرسە ئوخشىشى بار نەرسە بولسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ ئوخشىشىنى بېرىش، ئەگەر ئۇ نەرسە باھالىق نەرسە بولسا، ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىش ئارقىلىق مەجبۇرىي ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ھەق ـ ھوقۇقىغا ئىگىدۇر، دېگەنلىك بولىدۇ[2].

قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بىلەن يولغا قويۇلغاندۇر. بۇ ھەقتە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقسىم قىلىنمىغان ھەرقانداق نەرسىدە قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 137 ـ بەت.

(2) بۇنىڭدىن كېيىن بۇنى <قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى> دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەپ ئۆتۈمىز. ت.

**ھەققىنىڭ بارلىقىنى بىكىتتى. ئەگەر (نەرسىلەر ئارىسىدا) چەك ـ چېگرالار بەلگىلەنسە، يوللار ئېلىنسا، ئۇلاردا قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بولمايدۇ»**

**مانا بۇ ھەدىس، قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام مۇسلىم ئەبۇزۇبەيرىدىن جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقسىم قىلىنمىغان شېرىكچىلىك بار ھەر بىر نەرسىدە شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ بارلىقىغا ھۆكۈم قىلغان. (شۇڭا) ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ (ئۇنى ساتىدىغانلىقىنى) شېرىكىگە بىلدۈرمەستىن ئۇنى سېتىشى ھالال ئەمەس. ئەگەر شېرىكى خالىسا ئۇنى ئالىدۇ، خالىسا ئېلىشتىن ۋاز كېچىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى شېرىكىگە بىلدۈرمەستىن ئۇنى سېتىۋاتقان بولسا، شېرىكى ئۇ نەرسىگە (ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە قارىغاندا) ھەقلىقتۇر». بۇ ئەسەر ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا شېرىك نەرسىلەردە شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ باش تەرىپى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ (پەقەت ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكەلمەيدىغان نەرسىلەردىلا ئەمەس) ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسىلەردىمۇ بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئەمما ھەدىسنىڭ سىياقى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ پەقەت ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكەلمەيدىغان نەرسىلەردە ۋە ئۇنىڭ شەكلىدىكى نەرسىلەردە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.**

**بۇ ھەقتە ئەمرى ئىبنى ئەلشۇرەيد مۇنداق دېدى: مەن سەئىد ئىبنى ئەبۇۋەققاس بىلەن تۇرغان ئىدىم، مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە كېلىپ قولىنى مۈرەمگە قويدى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازات قىلىۋاتقان قولى ئەبۇرافىي كېلىپ: ھويلاڭدىكى ئىككى ئېغىز ئۆيۈمنى سېتىۋال، دېدى. سەئىد: الله بىلەن قەسەمكى، سېتىۋالمايمەن، دېدى. مىسۋەر: الله بىلەن قەسەمكى، ئۇنى چوقۇم سېتىۋالىسەن، دېدى. سەئىد: الله بىلەن قەسەمكى، 4 مىڭ دەرھەمنى پارچە پارچە بۆلۈپ بېرىشتىن ئارتۇق بېرەلمەيمەن، دېدى. ئەبۇ رافىي: ئۆيىنى خېرىدارلار 500 دىنار[1] باھالىغان. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «باشقىلارغا قارىغاندا قوشنا قوشنىغا ئەڭ ھەقلىق» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىغان بولسام، 500 دىنار باھالانغان ئۆيىنى ساڭا 4 مىڭ**

(1) 500 دىنار 5000 دىرھەم بولىدۇ. ت.

**دەرھەمگە بەرمەيتتىم، دەپ ئۇنىڭغا سېتىپ بەردى.**

**تىرمىزىي جابىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قوشنا قوشنىسىغا يېقىن بولغانلىق سەۋەبى بىلەن (قوشنىسىنىڭ، سېتىلغان ئۆيگە ياكى يەرگە ئوخشاش نەرسىسىنى سېتىپ ئېلىشقا ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە قارىغاندا) ھەقلىقتۇر. ئەگەر ئىككى قوشنىنىڭ (ماڭىدىغان يولى باشقا ـ باشقا ئەمەس) بىر بولسا، قوشنىنىڭ بىرى (ئۆيىنى ياكى يېرىنى ساتقان ۋاقتىدا)، يەنە بىر قوشنىسى (سەپەرگە چىقىپ كەتكەنگە ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن يۇرتتا) بولمىسا، ئۇنىڭ پەيدا بولۇپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.»**

**ئىبنى بەتتال (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى (اللە تەئالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): مەزكۇر ھەدىسنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ تۇرۇپ قولۇم ـ قوشنىمۇ قوشنىدارچىلىق ھەققىگە ئىگە بولىدۇ، دېدى. ئەمما باشقا ئىماملار: ئەبۇرافىئ مەزكۇر ئىككى ئۆيدە سەئىدكە شېرىك ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەبۇرافىئ سەئىددىن ئۆيىنى سېتىپ ئېلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى، دەپ مەزكۇر ھەدىستىكى <قوشنا> دېگەن سۆزدىن قولۇم ـ قوشنا ئەمەس (بىر ئادەمنىڭ بىر نەرسىدىكى) شېرىكى مەقسەت قىلىنىدۇ، دېدى. ئۆمەر ئىبنى شىبە: سەئىدنىڭ تاشلىق بىر يەردە قارشىمۇ ـ قارشى ئىككى ئۆيى بار ئىدى. ئىككى ئۆينىڭ ئارىسىدا ئون گەز ئارىلىق بار ئىدى. ئۇ ئىككى ئۆينىڭ مەسچىتنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۆيي بولسا، (ئەسلىدە) ئەبۇرافىئنىڭ ئۆيى بولۇپ ئۇنى سەئىد ئەبۇرافىئدىن سېتىپ ئالغان ئىدى، دەپ ئاندىن (سەئىدنىڭ ئەبۇرافىئدىن ئۇنىڭ ئۆيىنى سېتىۋالغانلىقىنى بايان قىلغان) ھېلىقى ھەدىسنى بايان قىلىپ ئۆتتى. ئۆمەر ئىبنى شىبەنىڭ بۇ سۆزىدىن سەئىد ئەبۇرافىئنىڭ ئۆيىنى ئېلىشتىن بۇرۇن سەئىدنىڭ ئەبۇرافىئنىڭ (ئۆيىدىكى) شېرىكى ئەمەس قوشنىسى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.»[1]**

**قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى ماھىيەت جەھەتتىن گەرچە بىر نەرسىنى كۈچكە تايىنىپ تۇرۇپ ناھەق ئېلىۋېلىشقا ئوخشىشىپ كەتسىمۇ ئۇنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، قوشنىدارچىلىقى ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلىدىغان يامان قوشنىلاردىن كېلىدىغان يامانلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش**

(1) «فەتھۇلبارى»، **4** ـ توم، **438** ـ بەت.

ئۇچۇندۇر. شۇنىڭ ئۇچۇن بىر ئادەمنىڭ قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىگە ئىگە بولۇپ (سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىشى ئۇچۇن) ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇ نەرسىدە شېرىك بولۇشى ياكى ئۇنىڭغا قوشنا بولۇشى شەرتتۇر. قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى (زېمىنغا ئوخشاش) بىر يەردىن - بىريەرگە يۆتكۆلەلمەيدىغان نەرسىدە ۋە قۇدۇققا ۋە ئاستىغا چۈشۈدىغان يولى (بىر بولمىسىمۇ) ئۈستۈن قاتتا ئولتۇرۇشقا ئوخشاش بىر يەردىن - بىريەرگە يۆتكۆلەلمەيدىغان نەرسىنىڭ مەنىسىدىكى نەرسىلەردە بولىدۇ. ئۈستۈن قاتتا ئولتۇرۇشقىمۇ (زېمىنغا ئوخشاش) ئۇ يەردىن - بۇ يەرگە يۆتكۆلەلمەيدىغان نەرسىنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۈستۈن قاتتا ئولتۇرۇشمۇ مەڭگۈ داۋام قىلىدىغان ۋە ئۇ يەردىن - بۇ يەرگە يۆتكەلمەيدىغان ئىشتۇر. شۇڭا ئۈستۈن قاتتا ئولتۇرۇدىغان ئادەممۇ خۇددى يەرنىڭ ئىگىسىگە ئوخشاش قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىگە ئىگىدۇر. ئەگەر ئۈستۈن قاتتا ئولتۇرۇدىغان ئادەمنىڭ ئاستىن قاتتا ئولتۇرۇدىغان ئادەم بىلەن ئاستىغا چۈشۈدىغان يولى بىر بولسا، ئۈستۈن قاتتا ئولتۇرۇدىغان ئادەم (ئاستىن قاتتا ئولتۇرۇدىغان ئادەمنىڭ ئۆيىگە) يولدا شېرىك بولۇش سەۋەبى بىلەن شېرىكچىلىك ھەققىگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر (كىشىلەرنىڭ قورۇ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرى) چوڭ كوچىغا ئېچىلىدىغان بولسا، ئۇلار بىر - بىرىگە قوشنا بولغانلىق سەۋەبى بىلەن قوشنىدارچىلىق ھەققىگە ئىگە بولىدۇ. ئەگەر ئۈستۈن قاتتا ئولتۇرۇدىغان ئادەم (ئاستىن قاتتا ئولتۇرۇدىغان ئادەم ئۆيىنى ساتقان ۋاقىتىدا ئۇ ئۆينى، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن) قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن (قايتۇرۇپ ئالمىغان) ۋە ئۈستۈن قاتتىكى ئۆي ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۈستۈن قاتتا ئولتۇرۇدىغان ئادەمنىڭ قوشنىدارچىلىق ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، قوشنىدارچىلىق ھەققى ئىككى ئۆينىڭ بىر - بىرىگە چاپلىشىپ تۇرۇش سەۋەبى بىلەن بولىدۇ. ئۈستۈن قاتتىكى ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولغاچقا ئۇ سەۋەب يوق بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ ھۆكمى خۇددى ئۈستىدە قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئۆينى، ئۇ ھەقنىڭ ئىگىسى ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن بۇرۇن سېتىۋاتقانىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاشتۇر. بۇ ھالدىمۇ ئۇ ھەقنىڭ ئىگىسىنىڭ ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۈستۈن قاتتا ئولتۇرۇدىغان

ئادەمنىڭ قوشنىدارچىلىق ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ھەق ئۆيىنىڭ ئۈستۈن قاتتا تۇرغانلىق سەۋەبى بىلەن ئەمەس ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستۈن قاتتا ئولتۇرغانلىق سەۋەبى بىلەندۇر. (گەرچە ئۆي ئۆرۈلۈپ كەتسىمۇ لېكىن) ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستۈن قاتتا ئۆلتۇرۇش ھەققى بىكار بولۇپ كەتمىدى. (شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ قوشنىدارچىلىق ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ). ئەگەر بىنا ئۈچ قات ئۆي بار بىنا بولغان ۋە ھەر ئۆينىڭ پاشتاقلىرى (ئايرىم ـ ئايرىم بولۇپ) ئوق يولغا چۈشۈدىغان[1] ۋە ئوتتۇردىكى ئۆي سېتىلغان بولسا، بۇ ئۆيدە ھەم ئۈستۈن قەۋەتتىكى ۋە ھەم ئاستىن قەۋەتتىكى ئادەملەرنىڭ قوشنىدارچىلىق ھەققى بولىدۇ. ئەگەر ئۈستۈن قەۋەتتىكى ياكى ئاستىن قەۋەتتىكى ئۆي سېتىلغان بولسا، ئۇ ئۆيدە ئوتتۇر قەۋەتتىكى ئادەمنىڭ قوشنىدارچىلىق ھەققى بولىدۇ.[2]

## قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ ھۆكمى ۋە سۈپىتى

قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ ھۆكمى بولسا، سەۋەب تېپىلغان ۋاقىتتا، قوشنا ياكى شېرىك (ئەگەر ئۆينىڭ ياكى يەرنىڭ) سېتىلغانلىقىدىن خەۋەرسىز بولسا، ئۇ ھەققىنى بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ تەلەپ قىلىشنىڭ توغرا بولۇشىدۇر. بىر ئادەمنىڭ قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىگە ئىگە بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، سېتىپ بېرىلگەن نەرسىنىڭ ئىگىسى بىلەن ئۇ نەرسىدە شېرىك بولۇشى ياكى ئۇنىڭغا قوشنا بولۇشىدۇر.

قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ سۈپىتى بولسا، بۇ ھەق بىلەن (سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىش) خۇددى ئۇنى بېشىدىن تارتىپ سودىلىشىپ ئالغاننىڭ ئورنىدىدۇر. شۇڭا بۇ ھەق بىلەن، سېتىلغان نەرسىنى قايتۇرۇپ ئالغان ئادەم خۇددى بىر نەرسىنى بېشىدىن تارتىپ سودىلىشىپ ئالغان ئادەمگە ئوخشاش ئۇ نەرسىنى كۆرۈش ئىختىيارىغە ۋە ئۇ نەرسىدە ئەيىب كۆرۈلۈپ قالسا، ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر.

(1) بۇرۇن بىنا ئۆيلەرنىڭ باشتاقلىرى ھازىرقىدەك ھەممىسى بىر تۈتاش ئەمەس ئايرىم ـ ئايرىم بولۇشى مۇمكىن. ھازىرمۇ بەزى ئەرەب دۆلەتلىرىدە ئىككى قەۋەت ئۆيلەرنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ كىرىش ئېغىزلىرى ئايرىم ـ ئايرىمدۇر. يەنى ئىككىنچى قەۋەت ئۆينىڭ پاشتاقلىرى بىرىنچى قەۋەت ئۆينىڭ ئىچىگە ئەمەس ئۇدۇل كوچىغا چۈشىدۇ. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 138 ـ بەت.

قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى ئاجىز ھەقتۇر. شۇڭا ئۇ ھەق يۇز ئۆرۈش بىلەن ئەمەلدىن قالىدۇ. ئۇ ھەق، تەلەپ قىلىش ۋە (سېتىلغان نەرسىگە) ئۆزىنىڭ ئىگە بولۇش ھەققىنىڭ بارلىقىغا گۇۋاھچى تۇرغۇزۇش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئۇ تەلەپ <تىز بېرىپ تەلەپ قىلىش> تەلىپى، دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ تەلەپ ئۇ نەرسىنىڭ سېتىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە قويۇلىدۇ. چۈنكى، ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى (تىزلىكتە) تۈگۈنجىنى يەشكەنگە ئوخشاشتۇر.[1] »[2]بۇ ھەدىسنى ئابدۇررازاق شۇرەيھتىن رىۋايەت قىلغان: «قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى پەقەت (يۈگۈرگەندەك) سەكلەپ تىز بارغان ئادەم ئۈچۈندۇر» دېگەن ھەدىسمۇ كۆچلەندۈرىدۇ.

قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى، (سېتىلغان نەرسىگە) ئۆزىنىڭ ئىگە بولۇش ھەققىنىڭ بارلىقىغا گۇۋاھچى تۇرغۇزۇش بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم سېتىلغان نەرسىدە ئۆزىنىڭ قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ بارلىقىغا گۇۋاھچى تۇرغۇزغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ ھەققى كېيىن گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋېلىش بىلەن بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم، ئەگەر ئۇ ھەققىنى ئېغىزى ئارقىلىق بىكار قىلىۋەتكەن، ياكى سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىنى بېرىشتىن ئاجىز كېلىپ قالغان بولسا، قازى ئۇ ئادەمنىڭ مەزكۇر ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. ئۇ ئادەم (سېتىلغان نەرسىگە) ئۆزىنىڭ ئىگە بولۇش ھەققىنىڭ بارلىقىغا گۇۋاھچى تۇرغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مەزكۇر ھەققى ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنى مۇددەتسىز، ياكى بىرەر ئايغىچە ئۆزىنىڭ مۈلكى قىلىدىغانلىقىغا قويىدىغان تەلىپىنىڭ كېچىكىپ قېلىشى بىلەن بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر بىر قورۇغا شېرىك بولغان بىر نەچچە ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن بىرىنىڭ، ئۇ قورۇدىكى نېسىۋىنى ساتقانلىقىنى (ھەممىسىدىن) بۇرۇن بىلگەن بىر كىشى بېرىپ ئۆزىنىڭ شېرىكچىلىك ھەققىنى ۋە ئۇنىڭ نېسىۋىسىنى ئالىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلغان، باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلماي جىم تۇرغان بولسا، بۇ ھالدا تەلەپ قىلماي جىم تۇرغانلار ئۈچۈن شېرىكچىلىك

(1) يەنى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى تۈگۈنجىنى يەشكەننىڭ ئورنىدا تىز يا ئۇ تەرەپ يا بۇ تەرەپ بولىدۇ، دېمەكچىدۇر. ت.
(2) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى.

ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى قوشندارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى (تىزلىكتە) تۈگۈنجىنى يەشكەنگە ئوخشاشتۇر. شۇڭا ئۇ ھەقنى ئارىلىقتا شېرىك بولغان نەرسىنىڭ سېتىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ھامان تەلەپ قىلىش لازىم. ئەگەر ئۇ ھەق ئۆز ۋاقتىدا تەلەپ قىلىنماي سەۋەبسىز كېچىكتۈرۈلسە، بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

قوشندارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى دەسلەپ سېتىلغان نەرسىنىڭ ئۆزىدە شېرىكچىلىكى بار ئادەمگە، ئۇنىڭدىن قالسا سۇ ئىچىش ئېغىزىدا شېرىكچىلىكى بار ئادەمگە[1]، ئۇنىڭدىن قالسا يولدا شېرىكچىلىكى بار ئادەمگە، ئۇنىڭدىن قالسا قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان ئادەمگە بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە شەئبىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شېرىك قوشندارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىگە قوشنىغا قارىغاندا ھەقلىقتۇر. قوشنا ئۇ ھەققە قوشنىنىڭ قوشنىسىغا قارىغاندا ھەقلىقتۇر.»[2]

ئابدۇرازاق بۇ ھەقتە شۇرەيھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شېرىك قوشندارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىگە قوشنىغا قارىغاندا ھەقلىقتۇر. قوشنا ئۇ ھەققە باشقىلارغا قارىغاندا ھەقلىقتۇر»[3] بۇ ھەم قىياستۇر. ئەمما قوشنىلارنىڭ ئىچىدىن قايسى قوشنىنىڭ مەزكۇر ھەققە ھەقلىق بولۇشىنى بۇ ھەدىس كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئى اللہ نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ ئىككى قوشنام بار، ئۇلارنىڭ قايسىسىغا بىر نەرسە سۇنۇمەن؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ساڭا ئىشىكى ئەڭ يېقىن بولغىنىغا» دېدى.[4]

سېتىلغان يەرنى، ياكى ئۆينى قوشندارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ ئالىدىغان ئادەم، ئۇنى قارشى تەرەپنىڭ رازى بولۇشى بىلەن، ياكى قازىنىڭ ئۇنى (ئۇ ئادەمگە) قايتۇرۇپ بېرىشىگە ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەن ئۇنىڭغا ئىگە بولىدۇ. چۈنكى سېتىلغان نەرسە، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ

---

**(1)** يەنى مەسىلەن: يەر بولسا ھەر ئىككى ئادەمنىڭ يېرىگە بىر ئېغىزدىن سۇ كەلگەنگە ئوخشاش. ت.

**(2)** بۇ ھەدىسنى ئىبنى جەۋزىي ۋە ئابدۇرازاق رىۋايەت قىلدى.

**(3)** بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

**(4)** ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

مۈلكى بولۇپ بولدى. شۇڭا ئۇ نەرسە ئۇنىڭ مۈلكى بولۇشتىن مەزكۇر ئىككى يولنىڭ بىرى بىلەن چىقىپ (ئۇنىڭغا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەمنىڭ مۈلكىگە كىرىدۇ). بۇ خۇددى بەرگەن سوۋغا ـ سالامنى قايتۇرۇپ ئېلىۋالغانغا ئوخشاشتۇر[1]. ئەگەر مېۋىلىك دەرەخنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولغاندىن كېيىن چىققان مېۋىنى يېگەن بولسا، ئۇنىڭغا (ئۇ دەرەخنى كېيىن قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار باشقا بىر كىشىگە قايتۇرۇپ بەرگەن ۋاقتىدا) ئۇ ئادەمگە ئۇ مېۋىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس.

سۇ ئېقىنى ۋە يولى يوق بىر قورۇ سېتىلغان بولسا، ئۇ قورۇنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئالاقىدار تەرەپلەردىن ھېچكىمنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بولمايدۇ[2]. چۈنكى، ئۇ قورۇنىڭ (سۇ ئېقىنىغا ۋە يولغا ئوخشاش) ھەق ـ ھوقۇقلىرى يوقتۇر. ئەگەر بىر ئادەم ئۇ قورۇغا سۇ ئېقىنىدا شېرىك بولغان، يەنە بىر ئادەم يولدا شېرىك بولغان بولسا، سۇ ئېقىنىدا شېرىك بولغىنى (يولدا شېرىك بولغىنىغا قارىغاندا شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن ئۇ قورۇنى ئېلىشقا) ھەقلىقتۇر.

بىر ئېرىقنىڭ سۈيى بىلەن يەرلىرىنى سۇغۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى يېرىنى ساتقان بولسا، ئۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇ يەرنى ئېلىش ھەققى بار. يەنى ئەگەر ئېرىق ئومۇمنىڭ ئېرىقى بولسا، سېتىلغان يەرنى قوشنىدارچىلىق ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققى دەسلەپ ئۇ يەرنىڭ قوشنىسىغا بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، قوشنىسىنىڭ قوشنىسىغا بېرىلىدۇ.

قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەم، سېتىلغان نەرسىنىڭ بىر قىسمىنى، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئالماقچى ۋە قالغان قىسمىنى ئۇنىڭغا بەرمەكچى بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ سېتىپ ئالماقچى بولغان ئۇ قىسمىنى، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن مەجبۇرىي قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققى يوق. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە، بىر سودا بىلەن سېتىپ ئېلىنغان نەرسىنى ئىككىگە بۆلۈۋېتىش بىلەن زىيان يەتكۈزىدۇ. ئەگەر بىر نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار

(1) سوۋغا قىلىنغان نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىشمۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن، ياكى قازىنىڭ ھۆكۈمى بىلەن بولىدۇ. ت.

(2) يەنى ئۇ قورۇغا سۇ كېلىدىغان ئېقىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھېچكىم مەن بۇ قورۇغا سۇ كېلىدىغان ئېقىزدا شېرىكچىلىكىم بار ئىدى، دەپ دەۋا قىلالمايدۇ. يولمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ت.

بىر نەچچە ئادەملەردىن بىرى ئۇ نەرسىدىكى ئۆزىنىڭ نىسۋىسىنى ئىچىدىن بىر ئادەمگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن بولسا، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى توغرا بولمايدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىدىكى نىسۋىسىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇ نەرسىدىكى نىسۋىدارلىقى ئەمەلدىن قالىدۇ ۋە ئۇ نەرسە قالغان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر سېتىلغان نەرسىدە شېرىكچىلىك ھەققى بار ئىككى شېرىكنىڭ بىرى: «مېنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ پەقەت يېرىمىدا ھەققىم بار» دەپ ئۇ نەرسىنىڭ يېرىمىنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئۇ شېرىكنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىكى شېرىكچىلىكىنىڭ توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ھەممىسىنى تەلەپ قىلىشى شەرتتۇر.[1]

ئەگەر بىر قورۇنى سېتىپ ئېلىشقا ۋەكىل قىلىنغان بىر ئادەم ئۇ قورۇنى سېتىپ ئېلىپ قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان، ئاندىن ئۇ قورۇدا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەم ئۇ قورۇنى (ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئېلىشنى) تەلەپ قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ۋەكىل ئۇ قورۇنى، ئۆزىنى قورۇنى ئېلىشقا ۋەكىل قىلغان كىشىگە تاپشۇرۇپ بولمىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان تەلىپى توغرا، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر ۋەكىل ئۇ قورۇنى، ئۆزىنى ۋەكىل قىلغان كىشىگە تاپشۇرۇپ بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان تەلىپى توغرا، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئېتىبارغا ئېلىنماسلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، ۋەكىل ئۇ قورۇنى، ئۆزىنى ۋەكىل قىلغان كىشىگە تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ۋەكىل ئۇ قورۇدا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەم بىلەن دەۋاگەر دەپ ھېسابلانمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەقەت ئۇنى ۋەكىل قىلغان كىشى دەۋاگەر ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قورۇدا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەم، ئۇ قورۇنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن قىلغان تەلىپىدە كېچىكىپ قالغان ھېسابلىنىدۇ.

ۋەقپە قىلىنغان ئۆيگە، ياكى زېمىنغا ئوخشاش سېتىش توغرا بولمايدىغان نەرسىلەردە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بولمايدۇ.

ئەگەر بىر نەرسە ساتقان ئادەم، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن پۇلنىڭ بىر قىسمىنى كېچۈەتكەن، ئاندىن ئۇ نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 148 ـ بەت.

ھەققى بار كىشى ئۇ نەرسىنى، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئالغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە (ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەم كىچىۋەتكەندىن كېيىن) قالغان پۇلنى بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەم ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە پۇلنىڭ بىر قىسمىنى سوۋغا قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئالغان ۋاقتىدا، ئۇ ئادەمگە قالغان پۇلنى بېرىدۇ. لېكىن ئۇ نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى، ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى بۇرۇن ساتقان ئادەم ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە پۇلنىڭ بىر قىسمىنى سوۋغا قىلىۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى ئۇ نەرسىنى، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئالغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا قالغان پۇلنى ئەمەس (پۇلنىڭ ھەممىسى بېرىدۇ). چۈنكى، ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئالغان كىشى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىش بىلەن، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى تەيىنلەشتى. شۇڭا ئۇ نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى ئۇنى قايتۇرۇپ ئالغان ئادەمگە بېرىپ بولغان پۇلدىن ئازراقمۇ نەرسە قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. بۇنىڭدىن ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى سوۋغا قىلىۋەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن ئۇنى قايتۇرۇپ ئالغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ پۇلىنىڭ ھەممىسىنى بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەگەر قورۇنىڭ ئىگىسى قورۇنى **1000** سومغا ساتقان، ئاندىن قورۇنىڭ ئىگىسى قورۇنى، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە سەدىقە قىلىۋەتكەن بولسا، قورۇدا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى قورۇنى، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن **1000** سوم پۇلنى بېرىپ قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر بىر نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى بىر ئادەمگە ئۇنىڭ پۇلىنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن بېرىشكە كېلىشىپ نېسىگە ساتقان بولسا، ئۇ نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى ئۇ نەرسىنى، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن نەخ پۇل بېرىپ قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى، سېتىلغان نەرسىنىڭ پۇلىنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن بېرىشكە كېلىشىش شەرت بىلەن بولىدۇ.

بىر نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى بىلەن ئۇ نەرسىنى ساتقان ئادەمنىڭ ئارىسىدا ھېچبىر شەرتتىن سۆز ئېچىلمىدى.

سېتىلغان نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن، ئۇنى سېتىۋالغان ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئالغان كىشى، ئۇنى سېتىۋالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ ئۈستىدە قىلغان پۈتۈن تەسەررۇپلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ھەتتا ئۇ نەرسىنى سېتىۋالغان ئادەم ئۇ نەرسىنى ۋەقپە قىلغان ياكى مەسچىتكە ئايلاندۇرغان ياكى قەبرىستانلىققا ئايلاندۇرغان، ياكى باشقىلارغا سوۋغا ـ سالام قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ كىشى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.[1] چۈنكى، ئۇنى سېتىپ ئېلىپ (ئۇنىڭدا مەزكۇر تەسەررۇپلارنى قىلغان) ئادەم، باشقىلارنىڭ ھەققى بار نەرسىدە تەسەررۇپ قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنى قايتۇرۇپ ئالغان كىشى ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان تەسەررۇپلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۋېتىدۇ. ئەمما سېتىپ ئالغان نەرسە يەر بولۇپ ئۇنىڭغا ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم زىرائەت تېرىغان بولسا، ئۇ يەردە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى ئۇ يەرنى قايتۇرۇپ ئالغان ۋاقتىدا، ئىستىھسانغا ئاساسەن يەردىكى زىرائەتنى يۇلۇۋەتمەيدۇ. چۈنكى، زىرائەتنىڭ ئۇ يەردە تۇرۇش ۋاقتى مەلۇم مۇددەتكىچىدۇر. شۇڭا يەرنىڭ ئىش ـ ھەققىنى بېرىش ئارقىلىق زىرائەتنى يەردە قالدۇرۇپ قالىدۇ.

ئەگەر يەرنى سېتىۋالغان ئادەم ئۇ يەرگە ئۆي سالغان ۋە ئەتراپىغا دەرەخ تىككەن بولسا، ئۇ يەردە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى يەرنى قايتۇرۇپ ئالغان ۋاقتىدا، يەرنىڭ پۇلىنى ۋە خۇددى ناھەق ئېلىۋېلىنغان يەرنى ئىگىسى قايتۇرۇپ ئالغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا سېلىنغان ئۆينىڭ ۋە دەرەخنىڭ پۇلىنى بەرگەنگە ئوخشاش ئۇ يەرگە سېلىنغان ئۆينىڭ ۋە تىكىلگەن دەرەخنىڭ پۇللىرىنى بېرىدۇ. ئەمما سېتىلغان نەرسە ئۆي بولغان ۋە ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى خىلمۇ ـ خىل رەڭلەر بىلەن بويىغان، ياكى گەج بىلەن ئاقارتقان بولسا، ئۇ ئۆيدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى، خالىسا ئۆينى قايتۇرۇپ ئېلىشتىن ۋازكېچىدۇ. خالىسا ئۆينى قايتۇرۇپ ئېلىپ ئۇ ئادەمگە، ئۆي بويالغانلىق ياكى ئاقارتىلغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۆينىڭ باھاسىغا قېتىلغان پۇلنى بېرىدۇ. چۈنكى رەڭلەرنى،

(1) بۇ، بىر قىسىم ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ت.

ياكى گەجلەرنى ئۆيدىن ئاجرىتىۋېتىش قىيىندۇر.[1]

ئەگەر بىر ئادەم بىر يەرنى، ياكى بىر خورمىزارلىقنى سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ خورمىزارلىق ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا تۇرۇپ مېۋە بەرگەن ۋە ئۇ ئادەم ئۇ مېۋىلەرنى يۈتاپ ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ خورمىزارلىقتا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بولۇپ ئۇنى قايتۇرۇپ ئالغان كىشىنىڭ ئۇنىڭ مېۋىلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققى يوق. چۈنكى ئۇ مېۋىلەر خورمىلاردىن يۆتۈلۈپ بولغانلىقى ئۈچۈن مېۋىلەر خورمىلارغا تەۋە بولغان ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر خورمىلارنى سېتىپ ئالغان ئادەم خورمىلارنى، مېۋىلىرى بىلەن بىللە سېتىپ ئالغان، ئاندىن خورمىلارنىڭ مېۋىلىرى تەبىئىي ئاپەت بىلەن تۆكۈلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا خورمىلاردا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى خورمىلارنى ئۇ ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئالغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا مېۋىلەرنىڭ پۇلىنى تۆتۈۋېلىپ پۇل بېرىدۇ. چۈنكى مېۋىلەر، سودا بولغان ۋاقىتتا سودا - سېتىقنىڭ ئېچىدە بار ئىدى. شۇڭا خورمىلارنى قايتۇرۇپ ئالغان ۋاقتىدا، مېۋىلەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن مېۋىلەرنىڭ ئورنىغا پۇل تۆتۇۋېلىنىدۇ.

سېتىلغان بىر نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشىگە، ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىشتىن ۋازكېچەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسىنىڭ سودىسى ئۇ كىشىگە يۆتكىلىپ بولدى. شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ ئۇ سودىنى سەۋەبسىز بىكار قىلىۋېتىش ھەققى يوق.

## ئۆستىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بولىدىغان، ياكى بولمايدىغان نەرسىلەرنىڭ بايانى

قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى پەقەت بەدىلىدە بىر نەرسە بېرىپ تۇرۇپ، (يەنى پۇلغا سېتىپ ئېلىپ تۇرۇپ) ئىگە بولغان زېمىندە، مەيلى تەقسىم قىلىنىدىغان نەرسە بولسۇن، مەيلى تەقسىم قىلىنمايدىغان نەرسە بولسۇن، ئۇ زېمىننىڭ ئۆستىگە سېلىنغان ئۆيدە ياكى تىكىلگەن

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 - توم، 148 - بەت.

دەرەخلەردە، ياكى ئۇ زېمىننى تېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان (ساپالغا ئوخشاش) سايمانلاردا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئەمما ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى تەقسىم قىلىنمايدىغان نەرسىلەردە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. چۈنكى، بىر كىشىنىڭ سېتىلغان بىر نەرسىنى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ ئېلىشىنىڭ يولغا قويۇلىشى بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ تەقسىم قىلىنىش ئارقىلىق ئۇ ئادەمگە كېلىدىغان زەرەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. تەقسىم قىلىنمايدىغان نەرسىلەردە بۇ زەرەرنىڭ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. (شۇڭا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى تەقسىم قىلىنمايدىغان نەرسىلەردە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ)» دەيدۇ. ئەمما ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا: بىر كىشىنىڭ سېتىلغان بىر نەرسىنى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ ئېلىشىنىڭ يولغا قويۇلىشى بولسا، قوشنىدارچىلىقى ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلىدىغان يامان قوشنىلاردىن كېلىدىغان يامانلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر.

شۇڭا بىر كىشىنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى، سېتىلغان مۇنچاخانىدا ۋە ئۇنىڭ سۇ ئىستىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قازانلىرىدىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. چۈنكى قازانمۇ مۇنچىغا تەۋەدۇر. ئەمما ئۇ كىشىنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى، مۇنچىنىڭ ئىچىدىكى قاچا - قۇچىلاردا ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. چۈنكى قاچا - قۇچىلار مۇنچىغا تەۋە ئەمەستۇر. شۇنىڭدەك يەنە بىر كىشىنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى، ئىچىدىكى تۈگمەن بىلەن تۈگمەنخېنىدىمۇ ۋە تەقسىم قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان كىچىك ئۆيدىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەق، (قويغا، كالىغا ۋە ئۆي سايمانلىرىغا ئوخشاش) نەرسىلەردە ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم خورما دەرەخلىرىنى ئۇنىڭ تىگى بىلەن قوشۇپ ئالغان بولسا، ئۇ خورما دەرەخلىرىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. چۈنكى خورما دەرەخلىرى يەرگە تەۋە بولىدۇ. ئەمما بىر ئادەم يەرنى ئەمەس پەقەت خورما دەرەخلىرىنى سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ خومىلاردا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. چۈنكى خورما دەرەخلىرى ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ قاتارىدىندۇر.

قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى سېتىلغان كىمىدىمۇ ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. ئەمما ئىمام مالىك (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «سېتىلغان كىمىدىمۇ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى ۋۇجۇدقا چىقىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىر مېيىتنىڭ مىراسخورلىرىغا مىراسقا قالدۇرۇپ قويغان نەرسىلىرىدىمۇ ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ[1]. چۈنكى، ئۇ نەرسە مىراسخورنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتسىمۇ ئۇ نەرسە خۇددى مېيىت ئۆلۈپ كەتمىگەندەك مېيىتنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا تۇرغاننىڭ ھۆكمىدىدۇر. قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى سەدىقە قىلىنغان نەرسىدىمۇ ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بەدىلىگە بىر نەرسە سوۋغا قىلىنمىغان سوۋغا ـ سالامدا ۋە شېرىكلەر ئارىسىدا تەقسىم قىلىنغان قورۇدا شېرىكچىلىك ھەققى ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. چۈنكى تەقسىم قىلىش بولسا، شېرىكلىكتىن ئايرىلىش ھېسابلىنىدۇ. (شۇڭا تەقسىم قىلىنغان قورۇدا شېرىكچىلىك ھەققى بولمايدۇ). شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر قورۇ بىر ئىشنىڭ ئىش ـ ھەققى ئۈچۈن ياكى ئايالىغا بېرىدىغان تويلۇق ئۈچۈن ھېسابلانغان، ياكى ئېرىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن تويلۇقىنى ئېرىگە قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن تالاقىنى ئالغان ئايال، قورۇنى تويلۇقىنىڭ ئورنىغا بېرىدىغان نەرسە ئۈچۈن ھېسابلىغان ياكى قورۇ ئازات قىلىۋېتىلگەن قۇلنىڭ ئورنىغا بېرىلىش ئۈچۈن ھېسابلانغان، ياكى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىل قورۇنى، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئائىلىسىگە بېرىشكە كېلىشكەن بولسا، بۇ ئەھۋاللاردىمۇ ئۇ قورۇدا ھېچكىمنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بولمايدۇ. ئەمما ئۇ قورۇ بىر ئايالغا، ئۇنىڭ تەختۇشۇگە بېرىلىدىغان تويلۇقنىڭ ئورنىغا ياكى بىر ئايالغا نىكاھ قىلغان ۋاقتىدا بېرىلمەكچى بولغان تويلۇقنىڭ ئورنىغا، ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن بېرىلمەكچى بولغان تويلۇقنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ قورۇدا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. چۈنكى بۇ، مالنى مالغا ئالماشتۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى قورۇ، بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ئەرنىڭ ئۈستىدىكى تويلۇقنىڭ بەدىلىدۇر.

ئەگەر قورۇنىڭ بىر قىسمى پۇلغا ھېسابلانغان بولسا، (بۇ ھالدا ئۇ قورۇدا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بولمايدۇ). مەسىلەن: بىر ئادەم بىر

---

(1) بىر كىشىگە ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمدىن بىر ئۆي مىراس قالغان بولسا، ئۇ ئۆينىڭ قوشنىسى ئۆينى، ئۇنى مىراس ئالغان ئادەمدىن قوشنىدارچىلىق ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. ت.

ئايال بىلەن توي قىلغان ۋە ئۇ ئادەم قورۇسىنى، ئايالنىڭ قورۇنىڭ ئۇستىدىن 1000 سوم بېرىش شەرتى بىلەن ئايالنىڭ تويلۇقىغا سالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ قورۇدا ھېچكىمنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ قورۇدا سودا ئىشى قوشۇمچىدۇر. قورۇ تويلۇق ئۈچۈن بېرىش ۋە سودىدىن ئىبارەت ئىككى ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر. لېكىن ئۇنىڭدىن كۆزدە تۇتۇلغان ئەسلى مەقسەت بولسا، ئۇنى تويلۇق ئۈچۈن بېرىشتۇر. تويلۇق ئۈچۈن بېرىلگەن نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار، دەپ قارالمايدۇ. ئۇنداق ئىكەن قورۇ مەسىلىسىدىكى توي ئىشىغا، قوشۇمچە بولغان سودا ئىشىدىمۇ بىر كىشىنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار، دەپ قارالمايدۇ.[1]

بىر نەرسىنى ئۆزى ئۈچۈن ياكى ۋەكىل بولۇپ باشقىسىغا ئالغان ئادەم، قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىكە ئىگە بولىدۇ. لېكىن ئۇ نەرسىنى ۋەكىل بولۇپ سېتىپ ئالغان ئادەم، ئۆزىنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان كىشىدىن ئۆزىنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ نەرسىنى ئۆزى ئۈچۈن ئالغان ئادەم ئۇ ھەقنى تەلەپ قىلمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۇنى تەلەپ قىلىشقا ئېھتىياجى يوق. بۇنىڭ پايدىسى مۇنداقتۇر: بىر قورۇنى ئۆزى ئۈچۈن، ياكى باشقىسىغا ۋەكىل بولۇپ سېتىپ ئالغان ئادەم، ئۇ قورۇدا شېرىكچىلىك ھەسسىسى بار ئادەم بولغان ۋە ئۇ قورۇدا يەنە باشقا بىر كىشىمۇ شېرىك بولغان بولسا، ئۇ قورۇدا ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ قورۇدا، ئۇنى ئۆزى ئۈچۈن ئالغان ئادەمنىڭ، ياكى باشقىسىغا ۋەكىل بولۇپ سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ شېرىكچىلىك ھەسسىسى بولغان ۋە ئۇ قورۇنىڭ بىر قوشنىسى بولغان بولسا، بۇ ھالدا شېرىك بار يەردە قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ قورۇدا قوشنىدارچىلىق ھەققى بولمايدۇ. بۇنىڭ بايانى مۇنداقتۇر: ئىككى شېرىكنىڭ بىرى قورۇدىكى ھەسسىسىنى يەنە بىر شېرىككە ساتقان، ئۇ شېرىك ئۇ ھەسسىسىنى ئۆزى ئۈچۈن ئالغان، ياكى باشقا بىرسىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەن، ئاندىن ئۈچۈنچى شېرىك كېلىپ ئۆزىنىڭ ئۇ قورۇدىكى شېرىكچىلىك ھەققىنى تەلەپ قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ قورۇ ئۇ شېرىك بىلەن ئۇنى مەيلى ئۆزى ئۈچۈن بولسۇن، مەيلى باشقىسى ئۈچۈن بولسۇن، ئۇنى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 150 ـ بەت.

سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئىككى شېرىكنىڭ بىرى قورۇدىكى ھەسسىسىنى يەنە بىر شېرىكنىڭ ۋەكىلىگە ساتقان، ئاندىن ئۇچۇنچى شېرىك كېلىپ ئۆزىنىڭ ئۇ قورۇدىكى شېرىكچىلىك ھەققىنى تەلەپ قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ قورۇ ئۇ شېرىك بىلەن قورۇنى سېتىۋالغان ئادەمنى ۋەكىللىككە تەيىن قىلغان ئادەمنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇچۇنچى كىشى (ئۇ قورۇغا شېرىك كىشى ئەمەس) ئۇنىڭ قوشنىسى بولسا، بۇ ھالدا قورۇنىڭ شېرىكى بار يەردە قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ ئۆزىنىڭ قورۇدىكى قوشنىدارچىلىق ھەققىنى تەلەپ قىلىش ھەققى يوق. بۇ، ئەگەر قورۇنىڭ شېرىكى قورۇنى ئالغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭدىكى شېرىكچىلىك ھەققىنى قورۇنىڭ قوشنىسىغا ئۆتۈنۈپ بەرمىگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

بىر ئادەم قورۇسىنى ساتقان ۋە ئۇنىڭ قوشنىسى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە: ئەگەر بۇ قورۇدا باشقا بىرسىنىڭ ھەققى بولۇپ قالسا، سېنىڭ پۇلۇڭنى تۆلەپ بېرىشكە مەن كېپىل، دەپ قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ پۇلغا كېپىل بۇلغان ھېلىقى قوشنىنىڭ قورۇدىكى قوشنىدارچىلىق ھەققىنى تەلەپ قىلىش ھەققى يوق. چۈنكى ئۇنىڭ قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ پۇلغا كېپىل بولغانلىقى، ئۇ ئادەمنىڭ قورۇنى ئالغانلىقىنى ئىقرار قىلغانلىقىدۇر. (ئىقرار قىلىپ بولغان ئادەم قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى تەلەپ قىلالمايدۇ).[1]

## قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان ئامىللار

بىر نەرسىنىڭ سېتىلغانلىقىنى بىلگەن ئورۇندا، ئۇ نەرسىنى تېز بېرىپ تەلەپ قىلماسلىق ئۇ نەرسىدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم سېتىلغان نەرسىنى تەلەپ قىلىشنى بىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى تەلەپ قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇ نەرسىدىكى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئىككى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 152 ـ بەت.

ئادەم بىر باغنى مىراس ئالغان، ئۇنىڭ بىرى ئۇ باغنىڭ مىراس ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن، ئاندىن ئۇ باغنىڭ يېنىدىكى باغنى ئۇنىڭ ئىگىسى ساتقان بولسا، بىلمىگەن ھېلىقى ئادەم بۇ باغدا ئۆزىنىڭ قوشنىدارچىلىق ھەققىنىڭ بارلىقىنى تەلەپ قىلالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ باغدا ئۆزىنىڭ نېسىۋىسىنىڭ بارلىقىنى بىلسە، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ باغنىڭ قېشىدىكى سېتىلغان باغدىكى ئۆزىنىڭ قوشنىدارچىلىق ھەققىنى تەلەپ قىلالايدۇ. ئەگەر بىلمىسە ئۇنىڭ ئۇ باغدىكى قوشنىدارچىلىق ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بىلمەسلىك ئۆزرە بولالمايدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەمنىڭ سېتىلغان نەرسىدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ھەقنى بىرسىگە ئۆتۈنۈپ بېرىش بىلەنمۇ بىكار بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: بىر قورۇنىڭ قوشنىسى ياكى ئۇنىڭدا شېرىكچىلىكى بار ئادەم: «مەن بۇ قورۇدىكى مېنىڭ قوشنىدارچىلىق ھەققىمدىن كەچتىم» دېگەن، ياكى ئۇ ئادەم قورۇنى ساتقان ئادەمگە: «مەن بۇ قورۇدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىمنى ساڭا تاپشۇردۇم» دېگەن بولسا، (بۇ ھالدا ئۇ ئادەم بۇ قورۇدىكى ئۆزىنىڭ قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى تەلەپ قىلىش ھەققىنى تەلەپ قىلالمايدۇ). ئەگەر سېتىلغان قورۇدا شېرىكچىلىكى بار بىر ئادەم، قورۇدىكى ئۆزىنىڭ شېرىكچىلىك ھەققىنى يەنە بىر شېرىكىنىڭ ئالدىدا قورۇنىڭ قوشنىسىغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن بولسا، بۇمۇ توغرىدۇر. ئەگەر ئۇ شېرىك كېيىن ئۇ ھەقنى يەنە بىر شېرىكىگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ قورۇنى ئېلىش ھەققى بولمايدۇ.

ئەگەر بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ قورۇسىغا قوشنا قورۇدىكى ئادەم قورۇسىنى ساتقان، ئاندىن كىچىك بالىنىڭ ئۇ قورۇدىكى قوشنىدارچىلىق ھەققىنى بالىنىڭ دادىسى ياكى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەم ئۆتۈنۈپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ كىچىك بالا ئۇ قورۇدىكى ھەققىنى تەلەپ قىلالمايدۇ. (بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىمام مۇھەممەددىن باشقا ئىماملارنىڭ قارىشىدۇر). ئەمما ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر ئۇ قورۇ ئۆز باھاسى بويىچە، ياكى بىر ئاز تۆۋەن باھادا سېتىلغان بولسا، بالىنىڭ دادىسىنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەمنىڭ بالىنىڭ قورۇدىكى ھەققىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكى بىكار قىلىنىدۇ ۋە بالىغا ئۇ قورۇنى بالا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن قايتۇرۇپ

ئېلىشقا ھوقۇق بېرىلىدۇ» دەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بالىنىڭ دادىسىغا، ياكى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەمگە، بالىغا قوشنا ئادەمنىڭ قورۇسىنى ساتقانلىق خەۋىرى يەتكەن ۋە مەيلى دادا بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەم بولسۇن، بالىنىڭ ئۇ قورۇدىكى ھەققىنى تەلەپ قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئىش يۇقىرىدىكى ئىختىلاپ بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. يەنى باشقا ئىماملارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: كىچىك بالىنىڭ ئۇ قورۇدىكى ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئەمما ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا: كىچىك بالىنىڭ ئۇ قورۇدىكى ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى تەلەپ قىلىشنى قازىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ۋەكىلىگە تاپشۇرغان، ياكى ئۇنىڭ ۋەكىلى قازىنىڭ ئالدىدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى تەلەپ قىلىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ تاپشۇرۇش، ياكى ئىقرار توغرا بولغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر تاپشۇرۇش، ياكى ئىقرار قازىنىڭ ئالدىدا بولمىغان بولسا، ئۇ ئىقرار توغرا، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. لېكىن ۋەكىل دەۋاگەرلىكتىن چىقىپ كېتىدۇ.

قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى ئۆتۈنۈپ بېرىش ھوقۇقى بار ئادەمنىڭ، ئۇ ھەقنى تەلەپ قىلماي جىم تۇرغانلىقى ئۇنى ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلىشقا ھوقۇقى بار ئادەملەرنىڭ ئىچىگە يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك دادا ۋە كىچىك بالىنىڭ ئىشلىرىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەممۇ كىرىدۇ.

قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ بەدىلىگە، بىر ئادەمدىن بىر نەرسە ئېلىپ ئۇ ھەقنى ئۇ ئادەمگە بېرىشمۇ ئۇ ھەقنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. چۈنكى ئۇ (باشقا ھەقلەرگە ئوخشاش) كۈچلۈك ھەق ئەمەس. ئەكسىچە ئۇ پەقەت بىر نەرسىگە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت بىر ھەقتۇر خالاس. شۇڭا بۇ ھەقنىڭ بەدىلىگە بىر نەرسە ئېلىش توغرا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەقنىڭ بەدىلىگە بىر نەرسە ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشى لازىمدۇر. چۈنكى ئۇ، پارە ئېلىش ھېسابلىنىدۇ.

سېتىلغان نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەمنىڭ، مەزكۇر ھەققىنى مەيلى تەلەپ قىلىشتىن كېيىن بولسۇن، مەيلى بۇرۇن بولسۇن ئۇ نەرسىنى قولغا ئېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنمۇ، ئۇ ھەق بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ ھەق مىراسخورلىرىغا مىراس بولۇپ قالمايدۇ. ئەمما ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ھەق مىراسخورلىرىغا مىراس بولۇپ قالىدۇ» دەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم، قازى سېتىلغان نەرسىنى ئۇنىڭ قايتۇرۇپ ئالىدىغانلىقىغا ھۆكۈم چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ھەق بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بىر ئادەم ئۇ ھەققە ئىككى تەرەپنىڭ رازى بولۇشى ۋە قازىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشى بىلەن ئىگە بولىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ سېتىلغان نەرسىدىكى قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ھەق ئۇ نەرسىنى سېتىپ بەرگەن ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەنمۇ بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ھەققە ھەقلىق بولغان ئادەم ھاياتتۇر. بىر ئادەمنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار سېتىلغان قورۇ، سېتىپ ئالغۇچى ئادەمنىڭ قەرزىگە، ياكى ئۇنىڭ بېرىشنى ۋەسىيەت قىلىپ قويغان نەرسىسىگە ھېسابلاپ سېتىلمايدۇ. ئەگەر ئۇ قورۇنى، قازى ياكى سېتىپ ئالغان ئادەم (ئۆلۈپ كېتىپ) ئۇنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم ساتقان، ياكى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇ قورۇ ھەققىدە بىر نېمە ۋەسىيەت قىلغان بولسا، ئۇ قورۇدا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەم ئۇلارنىڭ تەسەررۇپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ ۋە قورۇنى ئۆزى ئالىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قورۇدىكى ھەققى (ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ھەققىگە قارىغاندا) بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ قورۇ ھەققىدە ھايات ۋاقتىدا قىلغان تەسەررۇپلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدۇرىلىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ سېتىلغان نەرسىدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدە مەزكۇر ھەققىنىڭ بارلىقىغا ھۆكۈم چىقىرىلىشتىن بۇرۇن، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنىڭ باشقا بىر كىشىگە سېتىلغانلىقىنى مەيلى بىلسۇن، مەيلى بىلمىسۇن، ئۇنىڭ باشقا بىر كىشىگە سېتىلىپ كېتىشى بىلەن بىكار بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان

ئادەم ئۇنى مەسچىتكە ئايلاندۇرۇۋەتكەن ياكى قەبرىستانلىق قىلىۋەتكەن، ياكى ۋەقپە قىلىۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ نەرسىدە قوشندارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

سېتىلغان بىر نەرسىدە قوشندارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەم، ئۇ نەرسىنى ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن سېتىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىكى قوشندارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى، ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن سېتىۋېلىشقا قەدەم قويۇشى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى قوشندارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن يۈز ئۆرۈگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ھەق، ئۇنى تەلەپ قىلىشتىن يۈز ئۆرۈش بىلەن بىكار بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر سېتىلغان ئۇ نەرسىدە قوشندارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەم ئۇ نەرسىنى، ئۇنى سېتىپ ئالغان كىشىدىن ئىجارىگە ئالغان ياكى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىشقا، ياكى ئىجارىگە ئېلىشقا ئۇ كىشى بىلەن سودىلاشقان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىكى قوشندارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنداق قىلىشى ئۇ نەرسىدىكى ئۆزىنىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن يۈز ئۆرۈگەنلىك ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر قورۇدا قوشندارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەمگە، قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ قورۇنىڭ يېرىمىنى ساتقانلىق خەۋىرى يەتكەن، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ قورۇدىكى ئۆزىنىڭ قوشندارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى (باشقا بىرسىگە) ئۆتۈنۈپ بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئادەمگە (قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ قورۇنىڭ يېرىمىنى ئەمەس) ھەممىسىنى ساتقانلىق خەۋىرى يەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ قورۇدىكى ئۆزىنىڭ قوشندارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەممە ھەققىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمگە قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ قورۇنىڭ ھەممىسىنى ساتقانلىق خەۋىرى يەتكەن، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ قورۇدىكى ئۆزىنىڭ قوشندارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى (باشقا بىرسىگە) ئۆتۈنۈپ بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئادەمگە (قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ قورۇنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس) ئۇنىڭ يېرىمىنى ساتقانلىق خەۋىرى يەتكەن بولسا، بۇ ھالدا كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ قورۇدىكى ئۆزىنىڭ قوشندارچىلىق،

ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى يوق. چۈنكى ئۇ ئادەم قورۇدىكى ئۆزىنىڭ ھەممە ھەققىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن يەردە، ئۇنىڭ يېرىمىدىكى ھەققىنى ئەلۋەتتە ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. (شۇڭا ئۇنىڭ ئۇ قورۇدىكى ئۆزىنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى يوق). ئەمما ئۇ ئادەمگە بۇرۇن قورۇنىڭ يېرىمىنىڭ سېتىلغانلىق خەۋىرىدىن كېيىن ئۇنىڭ ھەممىسىنىڭ سېتىلغانلىق خەۋىرى يەتكەن مەسىلىدە، ئىش بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئۇ مەسىلىدە ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، سېتىلغان نەرسىدە بىر ئادەمنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ھەقنى بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلىتىش مەكرۇھتۇر. مەسىلەن: ئۇ ئادەم بىلەن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ھىيلە ئىشلىتىشقا بىرلىككە كېلىپ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ ئادەمگە: «سەن بۇنى مەندىن سېتىپ ئالغىن» دېگەن ۋە ئۇ ئادەم: «بولىدۇ» دېگەن بولسا، (بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ). ئەمما سېتىلغان نەرسىدە بىر ئادەمنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ بارلىقىنىڭ ئىسپاتلانماسلىقى ئۈچۈن ھىيلە ئىشلىتىش ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىدا مەكرۇھ ئەمەستۇر. ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا مەكرۇھتۇر. بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشى بىلەن پەتىۋا بېرىلىدۇ. خۇسۇسەن ئەگەر سېتىلغان نەرسىگە قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان ئادەم، ئۇ نەرسىگە ئېھتىياجى بولمىسا، ئۇ قوشنىنىڭ ئۇ نەرسىدە ھەققىنىڭ بارلىقىنىڭ ئىسپاتلانماسلىقى ئۈچۈن ھىيلە ئىشلىتىش مەكرۇھ ئەمەستۇر.[1]

ئىمام بۇخارىنىڭ، ھەدىس كىتابىدا <ھىيلىلەرنىڭ بۆلۈمى> دەپ ھىيلە ھەققىدە ئايرىم بىر بۆلۈم تۈزۈشى ھەيران قالارلىق ئىشتۇر. ئىمام بۇخارى بۇ بۆلۈمنىڭ ئىچىدە سوۋغا ـ سالامغا ۋە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىگە ئالاقىدار مەسىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ھىيلىلەر ھەققىدە ئايرىم بىر باب تۈزدى ۋە ئۇ بابتا جابىر ئىبنى ئابدۇللاھنىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەقسىم قىلىنمىغان ھەرقانداق نەرسىدە قوشنىدارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ بارلىقىنى بېكىتتى. ئەگەر (نەرسىلەر ئارىسىدا) چەك ـ چېگرالار

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 156 ـ بەت.

بەلگىلەنسە، يوللار ئېلىنسا، ئۇلاردا قوشندارچىلىق ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بولمايدۇ» دېگەن ھەدىسنى بايان قىلىپ بولۇپ كېيىن مۇنداق دېدى: بەزى كىشىلەر: «سېتىلغان نەرسىگە قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان ئادەم، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچىدىن قايتۇرۇپ ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر» دەپ بۇنى ناھايىتى كۆچلەندۈرىدۇ، ئاندىن بۇنى بىكار قىلىشقا تىرىشىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر ئادەم بىر قورۇنى ئالماقچى بولغان ۋە ئۇ ئادەم قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ قورۇنى قوشندارچىلىق ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ ئېلىۋېلىشىدىن قورققان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم دەسلەپ ئۇ قورۇنىڭ **100** قىسمىنىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ ئالىدۇ، ئاندىن قالغان قىسىملىرىنى سېتىپ ئالىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ قورۇنىڭ **100** قىسمىنىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ ئالغان ۋاقتىدا، قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ پەقەت بۇ بىر قىسمىدىلا قوشندارچىلىق ھەققى بولىدۇ. (قوشنا ئادەم بۇ بىر قىسمىنى ئاز كۆرۈپ ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىشتىن يۈز ئۆرۈيدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەزكۇر ھوقۇقى بىكار بولۇپ كېتىدۇ)، ئاندىن ئۇ ئادەم قورۇنىڭ قالغان قىسىملىرىنى سېتىپ ئالىدۇ. بۇ ھالدا قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ قورۇنىڭ قالغان قىسىملىرىدا قوشندارچىلىق ھەققى بولمايدۇ. قورۇنى ئالماقچى بولغان ئادەم (قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ قورۇدىكى قوشندارچىلىق ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن) مۇشۇنداق ھىيلە قوللانسا بولىدۇ.»

ئىمام بۇخارى يەنە مەزكۇر بابتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قوشنا قوشنىسىغا يېقىن بولغانلىق سەۋەبى بىلەن (قوشنىسىنىڭ، سېتىلغان ئۆيگە ياكى يەرگە ئوخشاش نەرسىسىنى سېتىپ ئېلىشقا ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە قارىغاندا) ھەقلىقتۇر» دېگەن ھەدىسنى بايان قىلىپ بولۇپ كېيىن مۇنداق دېدى: بەزى كىشىلەر: «ئەگەر بىر ئادەم سېتىپ ئالغان قورۇنىڭ نېسىۋىسىدىن ئۇنىڭغا قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان ئادەمنىڭ قوشندارچىلىق ھەققىنى بىكار قىلىۋەتمەكچى بولسا، ئۇ سېتىپ ئالغان نېسىۋىسىنى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىسىغا سوۋغا قىلىپ بېرىۋېتىدۇ ۋە كىچىك بالىنىڭ (ئۇ سوۋغىنىڭ ھەقىقىي سوۋغا ئىكەنلىكى ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكى ھەققىدە) قەسەم ئىچىشى لازىم ئەمەس[1]» دەيدۇ.

(**1**) ئەمما سوۋغا قىلىنغان ئادەم چوڭ بالا ياكى يات ئادەم بولسا، قورۇنىڭ قوشنىسى ئۇنى ئۇ سوۋغىنىڭ ھەقىقىي سوۋغا ئىكەنلىكى ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكى ھەققىدە قەسەم قىلدۇرىدۇ. ت.

**ئىبنى بەتتال (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مەسىلىنىڭ ئەسلى مۇنداقتۇر: بىر ئادەم بىر قورۇنى سېتىپ ئالماقچى بولغان ۋە ئۇ ئادەم ئۇ قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ ئۇ قورۇنى قوشنىدارچىلىق ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ ئېلىۋېلىشىدىن قورقۇپ، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ قورۇدىكى قوشنىدارچىلىق ھەققىنى قانداق ھىيلە ئىشلىتىپ بىكار قىلىۋېتىش ھەققىدە سورىغاندا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۇنىڭغا: سەن قورۇنىڭ 100 قىسمىنىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ ئالغىن. شۇنىڭ بىلەن سەن ئۇ قورۇدا قورۇنىڭ ئىگىسى بىلەن شېرىك ھېسابلىنىسەن، ئاندىن سەن قورۇنىڭ قالغان قىسىملىرىنى سېتىپ ئالغىن. بۇ ھالدا سەن قورۇغا ئىگە بولۇشقا قورۇنىڭ قوشنىسىگە قارىغاندا بەك ھەقلىق بولىسەن. چۈنكى سېتىلغان نەرسىدە شېرىك بولغان ئادەم ئۇ نەرسىگە ئىگە بولۇشتا ئۇ نەرسىگە قوشنا بولغان ئادەمگە قارىغاندا بەكرەك ھەقلىقتۇر، دېگەن. ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ ئۇ ئادەمنى قورۇنىڭ 100 قىسمىنىڭ بىر قىسمىنى سېتىپ ئېلىشقا بۇيرۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، قورۇنىڭ قوشنىسى ئۇ بىر قىسمىنى ئاددىي ساناپ ۋە ئۇنىڭ پايدىسىنى ئاز كۆرۈپ ئۇنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا قىززىقمايدۇ. (شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەزكۇر ھوقۇقى بىكار بولۇپ كېتىدۇ). ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ قىلغان بۇ ئىشىدا سۆنەتكە زىت كېلىدىغان بىر ئىش يوق. ئىمام بۇخارىنىڭ مەزكۇر بايانلارنى كەلتۈرۈشتىن مەقستى بولسا، ئۇلارنىڭ (يەنى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ) بىر ـ بىرىگە زىت گەپ قىلغانلىقىنى بايان قىلىشتۇر. چۈنكى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر سېتىلغان بىر نەرسىگە قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان ئادەمنىڭ قوشنىدارچىلىق ھەققى بىلەن ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققىنىڭ بارلىقىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قوشنا قوشنىسىغا يېقىن بولغانلىق سەۋەبى بىلەن (قوشنىسىنىڭ، سېتىلغان ئۆيگە ياكى يەرگە ئوخشاش نەرسىسىنى سېتىپ ئېلىشقا ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە قارىغاندا) ھەقلىقتۇر» دېگەن ھەدىسىنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى، ئاندىن ئۇلار ئۇ نەرسىنىڭ قوشنىسىنىڭ مەزكۇر ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئۇ نەرسىنى ئېلىشقا قوشنا ئەمەس ئادەمنىڭ قوشنا ئادەمگە قارىغاندا بەكرەك ھەقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسۈتىدىغان ھىيلەرنى ئىشلەتتى.»**

**ئىبنى ھەجەر (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇنىڭغا ئىلاۋە قىلىپ مۇنداق دېدى: «ھەنەفىي مەزھەپىدىكى مەزكۇر ھىيلە ئىمام ئەبۇيۇسۇفكە**

**تەۋەدۇر. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): سېتىلغان نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشىنىڭ ئۇ ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلىتىش قاتتىق مەكرۇھتۇر. چۈنكى بىر كىشىنىڭ، سېتىلغان نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ بار بولۇشىنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇ كىشىگە كېلىدىغان زەرەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. ئۇ كىشىنىڭ مەزكۇر ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلەتكەن ئادەم ئۇنىڭغا زەرەر يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان ئادەمنىڭ ئورنىدىدۇر. بىر كىشىگە زەرەر يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىش مەكرۇھتۇر. بولۇپمۇ ئەگەر ئۇ نەرسىدە شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى بىلەن ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بولغان ۋە ئۇ نەرسىدە شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدە شېرىكلىشى بىلەن زەرەر كۆرۈدىغان ئىش بولسا، ئۇ نەرسىدە شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلىتىش قاتتىق مەكرۇھتۇر» دەيدۇ. بىر ئادەمنىڭ سېتىلغان نەرسىدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدە مەزكۇر ھەققى ئىسپاتلىنىشتىن بۇرۇن ھىيلە ئىشلىتىلگەن بولسا، ئىشلىتىلگەن بۇ ھىيلىنىڭ ھۆكمى ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ ئارىسىدىكى مەزكۇر ئىختىلاپ بويىچە بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدە ھەققىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلىتىش توغرا ئەمەس. مەسىلەن: ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشىگە: «سەن بۇ پۇلنى ئېلىپ مەندىن ئۇ نەرسىدىكى ھەققىڭنى تەلەپ قىلمىغىن» دېيىشى ۋە ئۇ نەرسىدە ھەققى بار كىشى بۇنىڭغا رازى بولۇپ پۇلنى ئېلىشى توغرا ئەمەس. شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىدە ھەققىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلىتىشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە ئەمەلدىن قالىدۇ.[1] بىز يۇقىرىدا بۇنىڭ پارا ئېلىش ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.**

(1) «فەتھۇلبارى»، 12 ـ توم، 346 ـ بەت.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر <مەلۇم سەۋەب تېپىلغان ئادەملەرگە چەكلىمە قويۇشنىڭ> بابىدا، مەسىلەن: ئايال كىشىگە ئېرىدىن ئايرىلىپ كىتىشنىڭ ياكى مال ـ مۈلكىنىڭ زاكىتى بەرمەسلىكنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىشنى ئۆگەتكىنىگە ئوخشاش كىشىلەرگە توغرا ئەمەس ھىيلىلەرنى ئۆگىتىدىغان پاسىق مۇپتىلارنى پەتىۋا بېرىشتىن چەكلىدى. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر يەنە نادان دوختۇرلارنى ئادەم داۋالاشتىن ۋە ساختىكارلىق بىلەن تىجارەت قىلىدىغانلارنى تىجارەت قىلىشتىن چەكلىدى. بۇ كىشىلەرگە چەكلىمە قويۇش دىنغا، تەنگە ۋە مالغا كېلىدىغان ئومۇمىي ۋە خۇسۇسىي زىيانلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. بۇ زىيانلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشنىڭ قاتارىدىندۇر.[1]

<ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: « سېتىلغان نەرسىدە بىر ئادەمنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ بارلىقى ئىسپاتلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ھەقنى بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن ھىيلە ئىشلىتىش مەكرۇھتۇر. مەسىلەن: ئۇ ئادەم بىلەن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ھىيلە ئىشلىتىشكە بىرلىككە كېلىپ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشى ئۇ ئادەمگە: سەن بۇنى مەندىن سېتىپ ئالغىن، دېگەن ۋە ئۇ ئادەم: بولىدۇ، دېگەن بولسا، (بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ). ئەمما ئۇ ئادەم گەپ قىلماي جىم تۇرغان، ياكى مەن: ئۇنى ئالمايمەن، دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ » دېدى.

## بۇ ھەقتىكى خىلمۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ بايانى

● ئەگەر بىر پارچە يەرنى بىر نەچچە ئادەم سېتىپ ئالغان ۋە ئۇ يەرنى ساتقان كىشى بىرلا ئادەم بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ يەرنى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ ئېلىش ئىشى ئۇ يەرنى سېتىپ ئالغان ئادەملەرنىڭ سانىغا قارىتا ئايرىم ـ ئايرىم بولىدۇ. شۇڭا ئۇ يەردە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەم، ئۇ يەرنى سېتىپ ئالغان بىر نەچچە ئادەمنىڭ نېسىۋىسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ قالغانلىرىنى قويۇپ قويسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر بىر پارچە يەرنى بىر ئادەم سېتىپ ئالغان،

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 93 ـ بەت.

لېكىن ئۇ يەرنى ساتقان كىشى بىر نەچچە ئادەم بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ يەرنى قوشندارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ ئېلىش ئىشى (ئۇ يەرنى سېتىپ ئالغان ئادەملەرنىڭ سانىغا قارىتا ئايرىم - ئايرىم ئەمەس) بىرلا بولىدۇ. شۇڭا ئۇ يەردە قوشندارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەم، ئۇ يەرنى ياكى بىراقلا ھەممىسىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ، ياكى (قايتۇرۇپ ئالمىسا) ھەممىسىنى قويۇپ قويىدۇ. چۈنكى يەرنى سېتىپ ئالغۇچى بىر ئادەم بولغان ۋاقىتدا، ئۇ يەردە قوشندارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشىنىڭ يەرنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ ئېلىشى، يەرنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ يەردىكى سودىسىنى پارچىلىۋېتىش ھېسابلىنىدۇ. ئەمما يەرنى سېتىپ ئالغۇچى بىر نەچچە ئادەم بولغان ۋاقىتدا، ئۇ يەردە قوشندارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشىنىڭ يەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ ئالمىسمۇ بولىدۇ. چۈنكى يەردە ھەققى بار ھەر بىر كىشى يەرنى سېتىپ ئالغان بىر ئادەمنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. (شۇڭا يەرنى پارچىلىسىمۇ بولىدۇ). ئەمما بىر پارچە يەرنى ساتقان كىشى بىر نەچچە ۋە ئۇنى سېتىپ ئالغۇچى بىرلا ئادەم بولغان مەسىلىدە، ئەگەر يەرنى سېتىپ ئالغۇچى يەرنى ھەر بىر ئادەمدىن ئايرىم - ئايرىم سودا بىلەن سېتىپ ئالغان بولسا، ئۇ يەردە قوشندارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەمنىڭ يەرنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن پەقەت بىرلا كىشىنىڭ يېرىنى قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققى بولىدۇ. چۈنكى يەرنى سېتىپ ئالغۇچىمۇ يەرنى ھەر بىر ئادەمدىن ئايرىم - ئايرىم سودا بىلەن سېتىپ ئېلىپ ئۇنى پارچىلاپ ئېلىشقا رازى بولدى. (شۇڭا ئۇ يەردە قوشندارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەممۇ ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس پارچىلاپ ئۇنىڭ بىر قىسمىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ).

● بىر كىشى بىر قورۇدا ئولتۇرۇۋاتقان، ئۇ قورۇنىڭ يېنىدىكى قورۇ سېتىلغان ۋە سېتىلغان قورۇدا ئۆزىنىڭ قوشندارچىلىق ھەققى بار ئۇ كىشى يېنىدىكى قورۇ سېتىلىپ بولغاندىن كېيىن: «مەن ئولتۇرۇۋاتقان بۇ قورۇ (مېنىڭ ئەمەس) پالانى ئادەمنىڭ، مەن بۇنى بىر يىل بۇرۇن ئۇنىڭغا ساتقان ئىدىم» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشى بۇ سۆزىنى، ئەگەر قوشندارچىلىق ھەققى بىلەن سېتىلغان قورۇنى، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئالالايدىغان ۋاقىتنىڭ ئىچىدە، دېگەن بولسىمۇ، ھەتتا (ھېلىقى پالانى ئادەم

كېلىپ ئۇ قورۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇ قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە پاكىت كۆرسەتمىگىچە)، ھېلىقى پالانى ئادەم ئۇ قورۇنى، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ھېلىقى قورۇدا ئولتۇرۇۋاتقان كىشىمۇ سېتىلغان قورۇنى، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ.

● بىر ئادەم بىر سودا بىلەن (بىرى بىر شەھەردە يەنە بىرى بىر شەھەردە بولۇپ) ئىككى شەھەردىن ئىككى قورۇ ياكى كەنت سېتىۋالغان بولسا، سېتىۋېلىنغان ئىككى نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار (ئىككى شەھەردىكى) ئىككى ئادەم، (سېتىۋېلىنغان ئىككى نەرسىنى، ئۇ نەرسىدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ ئالماقچى بولسا)، بىرلا ۋاقىتتا باراۋەر ئالىدۇ. (ئەگەر ئۇلار ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئالماسلىقنى قارار قىلسا)، بۇ ھالدىمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئۇ يەرنى قايتۇرۇپ ئالماسلىقنى بىلدۈرۈشىدۇ. ئەگەر سېتىلغان نەرسىنىڭ بىرى كۆن چىقىشتا، يەنە بىرى كۆن پېتىشتا بولسىمۇ، ئۇلار شۇنداق قىلىدۇ. يەرنى بىرى قايتۇرۇپ ئېلىپ يەنە بىرى قايتۇرۇپ ئالماسلىق بولمايدۇ. قايتۇرۇپ ئالىدىغان ۋاقىتتىمۇ، ياكى ۋاز كېچىدىغان ۋاقىتتىمۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەرىكەت قىلىشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبى بولسا، بۇنىڭدا سېتىلغان نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى ئەمەس سودىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەگەر سېتىلغان ئۇ ئىككى نەرسە ئىككى سودا سېتىق بىلەن سېتىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئىككى نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەم، ئەگەر بىرلا ئادەم بولغان بولسىمۇ، ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە: ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ مەزكۇر ھەققى ئارقىلىق ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ خالىغىنىنى قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ مەزكۇر ھەققى (ئىككى نەرسىنىڭ ئىككىسىدە ئەمەس ئۇنىڭ) بىرىدە بولسا، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ھەققى بار نەرسىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى ئۇ نەرسىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان سودا ئۇ ئادەمنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار نەرسىنى ۋە ھەققى يوق نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەندىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى كۆزدە تۇتۇلۇپ ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ھەققى بار نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىشىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

● ئەگەر بىر كىشى بىر نەچچە ئادەمنى ئۆزىگە بىر پارچە يەر ئېلىشقا ۋەكىل قىلغان ۋە ئۇلار ئۇ كىشىگە مەيلى بىر سودا بىلەن بولسۇن، مەيلى بىر نەچچە سودا بىلەن بولسۇن، بىر پارچە يەر ئالغان بولسا، ئۇ يەردە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەمنىڭ (يەرنىڭ ھەممىسىنى ئەمەس) ئۇنى سېتىپ ئالغان بىر نەچچە ۋەكىلنىڭ نېسىۋىلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشى توغرا ئەمەس.

● بىر ئادەم بىر قورۇنى تەقسىم قىلماي تۇرۇپ سېتىپ ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ قورۇنى، ئۇنى ساتقان ئادەم بىلەن تەقسىم قىلىشقان بولسا، ئۇ قورۇدا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى قورۇدىن ئۇنى سېتىپ ئالغۇچى ئادەمگە تەقسىم بولغان قىسمىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ  قورۇدىن تەقسىم بولغان قىسمى، ئۇنىڭدا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشىنىڭ تەرىپىدە بولمىسىمۇ، كۆچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ كىشى يەنە قورۇنى سېتىپ ئالغۇچى ئادەمدىن ئۇنىڭغا تەقسىم بولغان قىسمىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر قورۇنى سېتىپ ئالغۇچىغا قورۇنىڭ ئۇ كىشىنىڭ تەرىپى تەقسىم بولسا، بۇ چاغدا ئۇ كىشى قوشنىدارچىلىق ھەققى بىلەن قورۇنى، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئالىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى قورۇنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئۈچۈن قوشنا ھېسابلانمايدۇ» دېدى.

● ئەگەر بىر قورۇغا شېرىك ئىككى ئادەمنىڭ بىرى قورۇدىكى نېسىۋىسىنى ساتقان، ئاندىن قورۇنى سېتىپ ئالغۇچى ئادەم ئۇ قورۇنى يەنە بىر شېرىك بىلەن بۆلۈشكەن بولسا، ئۇ قورۇغا قوشنىدارچىلىق ھەققى بار كىشىنىڭ قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ قورۇدا ئېلىپ بارغان تەسەررۇپلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققى بار. قورۇدا قوشنىدارچىلىق ھەققى بار كىشى خۇددى ئۇ ئادەمنىڭ قورۇنى ساتقانلىقىنى، ياكى ئۇنى سوۋغا قىلغانلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۋاتقىنىغا ئوخشاش ئۇنىڭ قورۇدا (ئۇنى تەقسىم قىلىشقانغا ئوخشاش) ئېلىپ بارغان تەسەررۇپلىرىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.

● ئەگەر بىر قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەم، ئۇ قورۇنىڭ قېشىدىكى قورۇدا ئولتۇردىغان كىشى بىلەن، ئۇ كىشى ئولتۇرۋاتقان قورۇ ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ، ياكى ئەمەسلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان بولسا، بۇ

ھالدا قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى قورۇنى سېتىپ ئالغۇچى ئادەم ياندىكى قورۇدىكى كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ سېتىپ ئالغان قورۇسىنى قايتۇرۇپ ئېلىۋېلىشنى ئىنكار قىلىدۇ[1]. ياندىكى قورۇدا ئولتۇرۇدىغان كىشى قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشى ئولتۇرۋاتقان قورۇنىڭ ئۇ كىشىنىڭ قورۇسى ئەمەسلىكىنى بىلىدىغان، ياكى بىلمەيدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلدۇرىدۇ. چۈنكى بۇ، باشقا بىرسىنىڭ قىلغان ئىشى ھەققىدە قەسەم قىلدۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا قورۇنى سېتىۋالغان ئادەم قەسەم قىلىدىغان ۋاقتىدا: «مەن ئۇ كىشى ئولتۇرۋاتقان قورۇنىڭ ئۇنىڭ قورۇسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن» دەيدۇ.

● ئەگەر بىر نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم، ئۇ نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنىڭ سېتىلغانلىقىنى بىلگەن ۋاقتىدا، ئۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ قايتۇرۇپ ئالىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى ئادەم، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېلىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى بىلىدىغانلىقى ياكى بىلمەيدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلدۇرىلىدۇ.

● ئەگەر بىر ئادەم بىر قورۇنى كىچىك بالىسىغا ئېلىپ بەرگەن ۋە ئۇ ئادەم ئۇ قورۇدا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەم بولغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ قورۇنى ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ ئالىدۇ ۋە: «مەن بۇ قورۇنى (كىچىك بالام ئۈچۈن) سېتىپ ئالدىم، ئاندىن قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىم بىلەن ئۇنى قولۇمغا ئالدىم» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قورۇ ئۇ ئادەمنىڭ بولىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ قورۇنى قولىغا ئېلىش ئۈچۈن قازىنىڭ ئالدىغا بېرىشكە ئېھتىياج يوق. بۇ، ئەگەر بۇ ئىشتا كىچىك بالىغا كېلىدىغان ئېنىق بىرەر زىيان بولمىسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئىشتا ئۇ ئادەم قورۇنى كىچىك بالىغا تەۋە مال - مۈلۈككە ئالغان، ئاندىن ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغىنىغا ئوخشاش كىچىك بالا زىيان تارتىدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ قورۇنى قولىغا ئېلىش ئۈچۈن قازىنىڭ ئالدىغا بېرىشى لازىم. كىچىك بالىنىڭ ئىشلىرىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەممۇ بۇ ھەقتە

(1) يەنى قورۇنى سېتىپ ئالغۇچى ئادەم ياندىكى قورۇدا ئولتۇرۋاتقان كىشىگە: «سەن ئولتۇرۋاتقان بۇ قورۇ سېنىڭ ئەمەس» دېگەنلىك، سەن مەن سېتىپ ئالغان بۇ قورۇنى قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن قوشنىدارچىلىق ھەققىڭ يوق، دېگەنلىك بولىدۇ. ت.

بالىنىڭ دادىسىنىڭ ئورنىدىدۇر. يەنى ئۇ ئادەم ئىشنى قازىغا يەتكۈزۈش ۋە دەۋانى تاكى بالا بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر كېچىكتۈرمەسلىك شەرتى بىلەن، ئەگەر كىچىك بالا ئۇچۈن پايدىلىق بولسا، سېتىلغان نەرسىدىكى كىچىك بالىنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر كىچىك بالا ئۇچۈن پايدىلىق بولمىسا، ئۇ ھەقنى تەلەپ قىلمايدۇ.

● ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قورۇسىنىڭ تېمى سېتىلغان قورۇنىڭ تېمىنىڭ بىر قىسمىغا تۇتىشىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم پەقەت سېتىلغان قورۇدىن قورۇسىنىڭ تېمى تۇتىشقان قىسمىنىلا قوشنىدارچىلىق ھەققى ئارقىلىق قايتۇرۇپ ئالىدۇ. گەرچە بۇنداق قىلىشتا بىر سودا بىلەن ئېلىنغان قورۇنى ئىككىگە بۆلۈۋېتىش بولسىمۇ (ئۇ ئادەم سېتىلغان قورۇدىن ئۆزىنىڭ قورۇسىنىڭ تېمى تۇتىشقان قىسمىنىلا قايتۇرۇپ ئالىدۇ). ئەگەر سېتىلغان قورۇغا قوشنا ئىككى كىشىنىڭ بىرىنىڭ ئۆيىنىڭ تېمى قورۇنىڭ تېمىغا بىرلا تەرەپتىن تۇتىشىدىغان يەنە بىرىنىڭ ئۆيۈنىڭ تېمى قورۇنىڭ تېمىغا ئۈچ تەرەپتىن تۇتىشىدىغان بولسا، بۇ ئىككى قوشنا قورۇنى ئوخشاش بۆلۈشىدۇ.

● بىر كەنت، كەنتىكى ئاھالىلەر بىلەن بىللە سېتىلغان ۋە كەنتنىڭ بىر تەرىپى باشقا بىر كىشىنىڭ يېرىگە تۇتىشىدىغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ كەنتنىڭ (ھەممىسىنى ئەمەس پەقەت) ئۆزىنىڭ يېرىگە تۇتىشىدىغان تەرىپىنى قوشنىدارچىلىق ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققى بار. چۈنكى ئۇ كەنت (گەرچە بىرلا سودا بىلەن سېتىلغان بولسىمۇ) ئايرىم ـ ئايرىم سودا بىلەن سېتىلغاننىڭ ھۆكمىدىدۇر.

● بىر ئادەم سېتىلغان نەرسىدىكى ئۆزىنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىدىن پۇتۇنلەي ۋازكەچكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى، ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ مەزكۇر ھەققىنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەن بولسىمۇ، دىيانەت جەھەتتىن ئەمەس ھۆكۈم جەھەتتىن بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇ، ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئەگەر ئۇ ئادەم سېتىلغان نەرسىدە ئۆزىنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۇ نەرسىدىكى مەزكۇر ھەققى دىيانەت ۋە ھۆكۈم جەھەتتىن بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە پەتىۋا ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشى بويىچە

بېرىلىدۇ.

● بىر قورۇنى سېتىۋالغان ئادەم ئۇنى بويىغان، ئاندىن ئۇ قورۇدا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى كېلىپ، (ئۆزىنىڭ قورۇنى مەزكۇر ھەققىگە ئاساسەن قايتۇرۇپ ئالىدىغانلىقىنى) دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشى خالىسا، قورۇنى ئۇنىڭغا كەتكەن رەڭنىڭ پۇلىنى بېرىپ تۇرۇپ قايتۇرۇۋالىدۇ، خالىسا قورۇنى قايتۇرۇۋالمايدۇ.

● سېتىلغان نەرسىگە قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇۋاتقان ئادەم، قازى مېنىڭ ئۇ نەرسىدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىمنى توغرا دەپ قارىمايدۇ، دېگەن قاراش بىلەن ئۇ نەرسىدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى تەلەپ قىلىشنى كېچىكتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم بۇ ئىشتا ئۆزرىلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئەگەر بىر يەھۇدىي شەنبە كۈنلۈكتە بىر نەرسىنىڭ سېتىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەھۇدىي ئۇ نەرسىدىكى ئۆزىنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى تەلەپ قىلمىغان بولسا[(1)]، بۇ ھالدا ئۇ يەھۇدىينىڭ ئۆزرىلىك ھېساپلانمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر سېتىلغان نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى خەۋەرچىلەرنىڭ ياكى ئىسيانچىلارنىڭ ئەسكەرلىكىدە بولۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسكەرلىكىگە، ئۆزىگە بىرەر ئىشنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ چىقمىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسىدىكى ئۆزىنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى تەلەپ قىلالمىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭ ئۇ نەرسىدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى ئۆزرىلىك ھېسابلانمايدۇ.[(2)]

● بىر ئادەم ئىجارىكەش ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىنى سېتىپ ئالغان ۋە ئىجارىكەش ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئۆيىنى سېتىپ ئالغانلىقىغا قوشۇلغانلىقىنى مەيلى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىپادىلىسۇن، مەيلى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىپادىلىمىسۇن، ئىجارىكەشنىڭ ئۇ ئۆيىنى، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققى بار. ئەمما كېيىل ئىجارىكەشكە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: بىر قورۇنىڭ ئىگىسى قورۇسىنى، ئۇ قورۇدا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشىنىڭ قورۇنىڭ پۇلىنى (ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن ئېلىپ

(1) شەنبە كۈنلىرى يەھۇدىيلارنىڭ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشى چەكلىنىدىكەنتۇر. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 158 ـ بەت.

بېرىشكە ) كېپىل بولۇش شەرتى بىلەن ساتقان ۋە ئۇ كىشى بۇنىڭغا كېپىل بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ سېتىلغان قورۇدا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بولمايدۇ. چۈنكى قورۇنىڭ سېتىلىشى ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ كېپىللىكى شەرتتۇر. ئۇنداق ئىكەن قورۇنىڭ سېتىلىشى ئۇ كىشىگە قاراشلىق بولدى ۋە ئۇ كىشى خۇددى قورۇنى ساتىدىغان ئادەمنىڭ ئورنىدىدۇر. ئەمما ئىجارىگە قويۇلغان نەرسىنى سېتىشقا كەلسەك، ئىجارىكەش ئۇنى سېتىشقا مەيلى رۇخسەت قىلسۇن، مەيلى رۇخسەت قىلمىسۇن، ئۇ نەرسىنى سېتىش توغرىدۇر.

● سېتىلغان نەرسىدە بىر ئادەمنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ بارلىقىنىڭ ئىسپاتلانماسلىقى ئۈچۈن ھىيلە ئىشلىتىش ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىدا مەكرۇھ ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە پەتىۋا ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشى بىلەن بېرىلىدۇ. قازىخان بىر ئادەمنىڭ سېتىلغان نەرسىدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان بىر نەچچە ھىيلىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «سېتىلغان نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى، ئەگەر ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغۇچى، ياكى ئۇنى ساتقۇچى ئادەمنى، ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىشتىكى، ياكى سېتىشتىكى مەقسىتىنىڭ ئۇ كىشىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئەمەسلىكى ھەققىدە اللہ نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلدۇرماقچى بولسا، ئۇ كىشى ئۇلارنى ئۇنداق، دەپ قەسەم قىلدۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇ كىشى، ئەگەر ئۇلار (بىزنىڭ ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىشتىكى، ياكى سېتىشتىكى مەقسىتىمىز سىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىڭنى بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن)، دەپ ئىقرار قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىگە ھېچقانداق پايدا كەلمەيدىغان بىر ئىشنى دەۋا قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر قورۇنىڭ ئىگىسى، قورۇنىڭ قوشنىسى تەرىپىدىكى تېمىنى تىگى بىلەن قوشۇپ بىر كىشىگە سەدىقە قىلىپ (ياكى سېتىپ) بەرگەن ۋە ئۇ كىشى ئۇ تامنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان، ئاندىن قورۇنىڭ ئىگىسى قورۇنىڭ قالغان قىسمىنى ئۇ كىشىگە سېتىپ بەرگەن بولسا، قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ قورۇنى، ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمدىن قايتۇرۇپ ئېلىش ھەققى يوق. ئەگەر قورۇنىڭ قوشنىسى، قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنى (ئۇنىڭ بۇرۇن قورۇنىڭ تېمىنى

سېتىپ ئېلىشتىكى مەقسىتىنىڭ)، تامنى سېتىپ ئالغان شەكىلدە كۆرۈنۈپ ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈش ۋە ئۇنىڭ قورۇدىكى قوشنىدارچىلىق ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئەمەسلىكى ھەققىدە الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلدۇرماقچى بولسا، ئۇ ئادەم قورۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمنى بۇ ھەقتە قەسەم قىلدۇرالايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم، ئەگەر قورۇنى سېتىپ ئالغان كىشى: «(مېنىڭ مەقسىتىم ئۇ تامنى سېتىپ ئالغان شەكىلدە كۆرۈنۈپ سىنىڭ ئۇ قورۇدىكى قوشنىدارچىلىق ھەققىڭنى بىكار قىلىۋېتىش ئىدى)» دەپ ئىقرار قىلسا، ئۇزىگە پايدا كېلىدىغان بىر ئىشنى دەۋا قىلىۋاتقان بولىدۇ. ئۇ ئىش بولسىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ قورۇنى سېتىپ ئالغان كىشى بىلەن (قورۇ ئۈستىدە) دەۋا قىلىششىدۇر. ئەگەر قورۇنى سېتىپ ئالغان كىشى، ئۆزىنىڭ قورۇنىڭ تېمىنى سېتىپ ئېلىشتىكى مەقسىتىنىڭ (تامنى سېتىپ ئالغان شەكىلدە كۆرۈنۈپ ئۇنىڭ قورۇدىكى ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىش ئەمەس) ئۇنى ھەقىقى سېتىپ ئېلىش ئىكەنلىكى ھەققىدە قەسەم قىلىپ بەرسە، قورۇنىڭ قوشنىسى قورۇنى قوشنىدارچىلىق ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ ئالالمايدۇ. ئەگەر قورۇنى سېتىپ ئالغان كىشى قەسەم قىلىپ بىرەلمىسە، قورۇنىڭ قوشنىسى قورۇنى قوشنىدارچىلىق ھەققى بىلەن قايتۇرۇپ ئالالايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم قورۇنىڭ قوشنىسىدۇر. ئەگەر قورۇنىڭ ئىگىسى بىلەن تامنى سېتىپ ئالغان كىشىنىڭ تام ئۈستىدە ئېلىپ بارغان سودىسى (قورۇنىڭ قوشنىسىنىڭ قورۇدىكى قوشنىدارچىلىق ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىش ئۈچۈن) تامنىڭ سودىسىنى قىلغان شەكىلدە كۆرۈنۈش بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ سودىسى توغرا، دەپ قارالمايدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇنىڭدىن ھەقىقي سودىنى مەقسەت قىلسا، ئۇلارنىڭ بۇ سودىسى توغرا سودا، دەپ ھېسابلىنىدۇ.»

● سېتىلغان نەرسىدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىكار قىلىۋېتىشنى بىر شەرتكە باغلاش توغرىدۇر. مەسىلەن: ئەگەر سېتىلغان نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەم، ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان كىشىگە: «ئەگەر سەن ئۇ نەرسىنى ئۆزەڭ ئۈچۈن ئالساڭ، مەن ئۇ نەرسىدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىمنى ساڭا ئۆتۈنۈپ بېرىمەن» دېگەن ۋە ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى باشقا بىرسى ئۈچۈن سېتىپ ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ئادەم، ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەققىنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى

بىر ئادەمنىڭ سېتىلغان نەرسىدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىدىن ئۆتۈۋېتىشى بولسا، ئايالنى تالاق قىلىۋاتقانغا ۋە قۇلنى ئازات قىلىۋاتقانغا ئوخشاش (بىر نەرسىنى قولدىن) چىقىرىۋېتىشتۇر. شۇڭا مەزكۇر ھەقنى بىكار قىلىۋېتىشنى بىر شەرتكە باغلاش توغرىدۇر. شەرتكە باغلانغان مەزكۇر ھەق ئۇ شەرت تېپىلغاندىن كېيىن بىكار بولۇپ كېتىدۇ.

● بىر قورۇنىڭ (ئۆزىنىڭ قورۇسى ئىكەنلىكىنى) دەۋا قىلىدىغان ۋە ھەم ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنىڭ بارلىقىنى تەلەپ قىلىدىغان بىر ئادەم: «بۇ قورۇ مېنىڭ قورۇيۇم، مەن بۇنىڭ (ماڭا بېرىلىشىنى) دەۋا قىلىمەن، ئەگەر ئۇ قورۇ دەۋا ئارقىلىق مېنىڭ قولۇمغا ئۆتسە ئۆتتى، ئەگەر ئۇنداق بولمايدىغان ئىش بولسا، مەن ئۇ قورۇدىكى مېنىڭ قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىمنى تەلەپ قىلىمەن» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئادەم قورۇنى (دەۋا ئارقىلىق قولىغا ئالماقچى بولۇپ) قورۇنىڭ دەۋاسىنى قىلسا، ئۇنىڭ قورۇدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قورۇنى (ئۇنىڭدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى ئارقىلىق قولىغا ئالماقچى بولۇپ) ئۇنىڭدىكى ھەققىنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭ قورۇنىڭ ئۇستىدە قىلغان دەۋاسى بىكار بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇلار بىر ـ بىرىگە زىت ئىشلاردۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم يۇقىرىدىكى سۆزنى قىلسا، ئۇ ئادەم ئۇ قورۇدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىنى تەلەپ قىلىشتىن جىم تۇرغانلىق ھېسابلانمايدۇ.

● سېتىلغان نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى، ئۇ نەرسىگە ئىگە بولۇشقا قازى ھۆكۈم چىقارمىسىمۇ بىر ئالىمنىڭ سۆزىگە تايىنىپ تۇرۇپ ئىگە بولغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ھەقسىزلىك بىلەن ئېلىۋالغان ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ نەرسىگە قازىنىڭ ھۆكۈمىسىز، ياكى بىرەر ئالىمنىڭ سۆزىگە تايانماسىز ئىگە بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ھەقسىزلىك بىلەن ئېلىۋالغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئەدەبلەش يۈزىسىدىن ئۇ كىشىگە جازا بېرىلىدۇ.

● ئەگەر كىشىلەر دېيەتتە، بىر كىشىنىڭ سېتىلغان نەرسىدىكى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققىدە، بىر نەرسە تەقسىم قىلىدىغانلارنىڭ ئىش ـ ھەققىدە ۋە خۇسۇسىي يول ھەققىدە ئىختىلاپ

قىلىشىپ قالسا، ئۇلار كىشىلەرنىڭ ھەسسىلىرىگە قارىتا ئەمەس باشلىرىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەمما بىر نەرسە ئۆلچەيدىغان، تارتىدىغان ئادەملەرنىڭ ئىش ـ ھەقلىرى بارلىق ئىمامىلارنىڭ بىرلىككە كېلىشى بويىچە: ئۇلارنىڭ ھەسسىلىرىگە قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە باشقا كەسىپلەردىمۇ ئىش ـ ھەقلەر كىشىلەرگە، ئۇلارنىڭ ھەسسىلىرىگە قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ.

● ئەگەر كىشىلەر قورۇنىڭ مەيدانى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، ئۇ مەيدان كىشىلەرنىڭ باشلىرىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئېغىز ئۆيى بار ئادەمگە، قورۇنىڭ مەيدانىدىن خۇددى بىر نەچچە ئېغىز ئۆيى بار ئادەمگە تەقسىم بولغان يەر تەقسىم بولىدۇ. جانلارنى ساقلاش ئۈچۈن تۆلۈنىلىدىغان نەرسىلەرمۇ ئادەم بېشىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە كېمىنىڭ چۆكۈپ كېتىشىدىن قورقۇپ ئۇنىڭدىن تاشلىۋاتماقچى بولغان نەرسىلەرمۇ، ئادەم بېشىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. ۋەقىپلەردە (ۋە ئىدارىلەردە بىرەر مۇناسىۋەت بىلەن) بېرىلىدىغان سوۋغا ـ سالاملارمۇ ئادەملەرنىڭ مەرتىۋىسىگە قارىتا ئەمەس باشلىرىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئەگەر ھەرەمنىڭ بىر ئۇۋۇ ھايۋىنىنى ئىككى ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ ھەر بىرىگە ئۇ ھايۋاننىڭ يېرىم پۇلىنى تۆلەش لازىم. ئەگەر ئۇ ھايۋاننى بىر نەچچە ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ پۇلى ئادەم باشلىرىغا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ.

● ئەگەر سېتىلغان قورۇنىڭ قوشنىسى، ياكى ئۇنىڭغا شېرىك ئادەم، ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەم بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ قورۇدا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بولمايدۇ.

● سېتىلغان بىر نەرسىدە قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار ۋە ئىگىسى يوق كىچىك بالىنىڭ ئۇ نەرسىدىكى ھەققى بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. ئەگەر قازى ئۇ كىچىك بالىنىڭ مەزكۇر ھەققىنى بىكار قىلىۋېتىدىغان بىر ئادەمنى ئۇنىڭغا مەسئۇل قىلغان بولسا، قازىنىڭ بۇنداق قىلىشى توغرا ھېسابلىنىدۇ.

● بىر ئادەم ئۆزۈملۈك باغنى سېتىپ ئالغان ۋە ئۇنىڭدا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى (مەھەللىدە) يوق بولغان، ئاندىن

باغدىكى تاللار ئۈزۈم بەرگەن ۋە ئۈنىڭدىن باغنى سېتىپ ئالغان ئادەم يېگەن، ئاندىن ئۈنىڭدا قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققى بار كىشى كېلىپ باغنى قايتۇرۇپ ئالغان بولسا، ئەگەر ئۇ كىشى باغنى قايتۇرۇپ ئالغان ۋاقىتتا تاللاردا ئۈزۈم بولغان بولسا، ئۇ كىشى باغنىڭ پۇلىدىن ئۇ ئادەمنىڭ يېگەن ئۈزۈملىرىگە ھېسابلاپ تۇتۇپ ئېلىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى باغنى قايتۇرۇپ ئالغان ۋاقىتتا تاللاردا ئۈزۈم بولمىغان بولسا، ئۇ كىشى باغنىڭ پۇلىدىن تۇتۇپ قالالمايدۇ. چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ باغ ئۈچۈن بېرىش كېرەك بولغان پۇللاردا ھېچقانداق ھەسسىسى يوق. (شۇڭا ئۇ كىشى باغنىڭ پۇلىدىن تۇتۇپ قالالمايدۇ.)[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 160 ـ بەت.

## ئۈچىنچى بۆلۈم

# ئىسلام دىنىدىكى جازالارنىڭ بايانى

# ئىسلام دىنىدىكى جازالارنىڭ بايانى

ئىسلام دىنىدىكى جازالار: جازا، ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا ۋە قىساس قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئاساسلىق ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

# جازالارنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ھىكمىتى

ئىسلام قۇياشى ئۆزىنىڭ نۇرى بىلەن ئەرەب دۇنياسىنى يورۇتقىلى باشلىغان ۋاقىتدا، ئەرەب يېرىم ئارىلى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغۇچىلار ۋە جىنايەت ئۆتكۈزىدىغان ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بىر ۋاقىت ئىدى. مەككە مۇكەررەمىدىكى ھەرەم توپراقىدا ياشايدىغان ئادەملەردىن باشقا جايلاردا ياشايدىغان ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ جانلىرىدىن، مال ـ مۈلۈكلىرىدىن ۋە ئابرۇيلىرىدىن خاتىرجەم بولالمايتتى. الله تائالا بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۆرمەمدۇكى، بىز ھەرەمنى ئامان (جاي) قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئەسىر ئېلىنىۋاتىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ، ئۇلار باتىلغا ئىشىنىپ، الله نىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلامدۇ؟[1]»

بىزگە الله تائالانىڭ: «ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئەسىر ئېلىنىۋاتىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ» دېگەن سۆزى كۈنۈمىزدە كىشىلەر دۇچ بولىۋاتقان ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتلەرنى ئەسلىتىدۇ. كۈنۈمىزدە زېمىنىنىڭ ھەر تەرىپى كىشىلەرنى ئەسىر ئېلىشقا، ئۆلتۈرۈشكە ۋە ئىنسانلارغا سۇيىقەست قىلىشقا ئوخشاش جىنايەتلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ئىنسان مەيلى ئۆيىدە ئولتۇرغاندا بولسۇن مەيلى سەپەر ئۈستىدە بولسۇن مەيلى ئايرۇپىلاندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندا بولسۇن مەيلى قۇرۇقلۇقتا ياكى دېڭىزدا سەپەر قىلىۋاتقاندا بولسۇن ھەر ۋاقىت ئەسىر ئېلىنىشتەك ۋە ئۆلتۈرۈلۈشتەك خەتەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ھەيران قېلىشقا تېگىشلىك ئىش شۇكى، جىنايەتلەرنىڭ، جىنايەت

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 67 ـ ئايەت.

ئۆتكۈزىدىغان ئادەملەرنىڭ، ئادەم ئۆلتۈرۈدىغان ۋە ئەسىرگە ئالىدىغان گۇرۇھلارنىڭ كۈنسىرى كۆچۈيىپ ۋە سانلىرى ئارتىپ بارماقتا. بۇلار بولۇپمۇ باي، باياشات ياشايدىغان ۋە تەرەققى قىلغان دۆلەتلەردە قاتتىق ئەۋج ئېلىپ كەتمەكتە. جىنايەت ئۆتكۈزىدىغان تەشكىلاتلارغا ۋە گۇرۇھلارغا قارشى تۇرۇش، ئۇلار ئۆتكۈزمەكچى بولغان جىنايەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جەمئىيەتنى ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىدىن ساقلاپ قېلىش زامانىمىزدا دۆلەتلەر يۈزلەنگەن ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتماقتا.

ئىنسان ماددىي تەرەققىياتنىڭ سايىسى ئاستىدا خاتىرجەملىككە ۋە ئاراملىققا بولغان ھېسلىرىنى يوقاتتى. ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇنلار كىشىلەرنى جىنايەتچىلەرنىڭ يامانلىقلىرىدىن ساقلاپ قالالمىدى. شۇنىڭدەك يەنە جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش، ئۇلارنى ياخشى ئادەم قىلىش ۋە توغرا يولغا باشلاش مەقسىتى بىلەن مىڭلىرچە جىنايەتچىلەر تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ تاشلانغان سانسىز تۈرمىلەرمۇ ئۇلارنى ئۆزگەرتەلمىدى. ئەكسىچە تۈرمىلەر تېخى جىنايەتچىلەر بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشۇش، مەسلىھەتلىشىش، بىر ـ بىرى بىلەن تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئالماشتۇرۇشۇش ۋە كېلىشىم تۈزۈشۈش ئۈچۈن ئۈچرىشىدىغان ئورۇنغا ئايلىنىپ قالدى. كۆپلىگەن جىنايەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە گۇرۇھلىرىنىڭ تۈرمىلەرنىڭ ئىچىدە قورۇلۇپ چىققانلىقى ۋە ھەتتا بەزىلىرىنىڭ تۈرمىنىڭ ئىچىدىن باشقۇرۇلىدىغانلىقى ئىسپاتلانماقتا.

ئىنسانىيەت دۇنياسىغا، كۈنسىرى ئېشىپ بېرىۋاتقان جىنايەتلەرنىڭ ۋە جىنايەت تەشكىلاتلىرىنىڭ خەتەرلىرىدىن قۇتۇلۇش ۋە ئۇلارنىڭ تەشكىلاتلىرىنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئىسلام شەرىئىتىدە يولغا قويۇلغان جازا تۈزۈملىرىنى ئىجرا قىلىشتىن باشقا ئۈنۈملۈك يول يوق. ئىسلام دىنى مىللەتلەر ۋە خەلقلەرنىڭ ئۆمرىگە سېلىشتۇرغاندا قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە، بىپايان كەتكەن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ئەتراپىدا، ئىسلام دىنى كېلىشتىن بۇرۇن ئەسىر ئېلىنىدىغان ۋە ئۆلتۈرۈلىدىغان كىشىلەرگە خاتىرجەملىك ۋە ئاراملىق ئېلىپ كېلىشتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ناھايىتى كاتتا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىسلام دىنى جىنايەتچىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئورۇنلىشىپ كەتكەن جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە مايىل كېسەللىرىنى ساقايتتى، بۇ كېسەللىكنى ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىدىن يۇلۇپ تاشلاپ ئۇنىڭ ئورنىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ياخشى ئادەم بولۇش ھېسلىرىنى ئورناتتى. ئىسلام دىنى بىر ـ بىرىنى بۇلاپ

ـ تالاپ يەيدىغان ۋە بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆلتۈرۈشىدىغان ئەرەبلەرنى زېمىنىنىڭ شەرق ۋە غەربىدە ئىسلام بايرىقىنى ئىگىز كۆتۈرۈدىغان مۇجاھىد ۋە ئالىم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈشتە، ئۇلارنى تاۋلاشتا ۋە ئۆزگەرتىشتە پەقەت جازالارغىلا تايانمايدۇ. ئىسلام دىنىدا جازالار، ئىنسانلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈشتە ۋە ئۇلارنى ئۆزگەرتىشتە ئاساسلىنىدىغان ئۇسلۇبمۇ ئەمەس. چۈنكى الله تائالا ئىسلام دىنىدىكى جازالارنى نەسىھەت ۋە تەربىيە پايدا ئېلىپ كەلمەيدىغان بىر قىسىم ئادەملەر ئۈچۈنلا يولغا قويدى. ئىسلام دىنىدا ئىنسانلارنى ئۆزگەرتىش، ئۇلارنى تاۋلاش ۋە تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئاساسلىنىدىغان ئۇسلۇب بولسا، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا الله غا بولغان ئىمان نۇرىنى سىڭدۈرۈش، دىللارنى الله تائالادىن قورقۇدىغان ھالەتكە ئېلىپ كېلىش ۋە الله تائالاغا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ۋە ئۇنى كۆپ ياد ئېتىش بىلەن بىرگە: <الله مېنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرىدۇ> دەيدىغان چۈشەنچىگە ئېلىپ كېلىشتۇر. بىز بۇ ھەقىقەتنى الله تائالانىڭ: «ئى مۆمىنلەر! مەقسەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن الله (نىڭ ئازابى) دىن قورقۇڭلار؛ الله غا (تائەت ئىبادەت قىلىش، گۇناھتىن ساقلىنىش بىلەن) يېقىنچىلىقنى تىلەڭلار، الله يولىدا جىھاد قىلىڭلار[1]» دېگەن ئايىتىدىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز.

# تارىخي پاكىت

ھەدىس كىتابلىرىنىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىكى ۋە توغرىسى، دەپ قارالغان ئىمام بۇخارىنىڭ ھەدىس كىتابىدا، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدە ۋە ئىسلامدىن كېيىنكى دەۋرىدە ياشىغان ۋە ئىسلام دىنى ئەرەب يېرىم ئارىلىقى جەمئىيىتىدە پەيدا قىلغان چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئۇ كىشى بولسا، ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدە تەيئى قەبىلىسىدىن بولالىچىلىق قىلىدىغان بىر گۇرۇھ ئەرەبلەرنىڭ باشلىقى بولغان ئەدى ئىبنى ھاتەم ئەتتائىيدۇر. ئەدى ئىبنى ھاتەم ئۇ گۇرۇھلاردىن، ئۇلار شام، ئىراق ۋە ھىجاز ئارىلىقىدا تىجارەت قىلىدىغان كارۋانلاردىن بۇلاپ

(1) سۈرە مائىدە 35 ـ ئايەت.

ئېلىنىۋالغان مال ـ مۈلۈكنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئۆزى ئالاتتى.

ئەدى ئىبنى هاتەم (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يېنىدا ئىدىم. بىر ئادەم كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا كەمبەغەللىكتىن شىكايەت قىلدى. ئاندىن يەنە بىر ئادەم كېلىپ يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلغۇچىلاردىن شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئى ئەدى، سەن هىرەنى كۆرۈپ باققانمۇ؟» دېدى. مەن: ياق، ئەمما شۇنداق شەهەر بار، دەپ ئاڭلىدىم، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئەگەر ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسا هىرەدىن يولغا چىققان ئايالنىڭ الله دىن باشقا هېچكىمدىن قورقماي (خاتىرجەم هالدا) كەبىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلىكىنى چوقۇم كۆرىسەن» دېدى. مەن ئىچىمدە: ئەسكىلىكى شەهەرنى قاپلاپ كەتكەن تېيىننىڭ قاراقچىلىرى نەگە كېتىدىغاندۇ، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئەگەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسەڭ كىسرا خەزىنىلىرىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرىسەن» دېدى. مەن: هۇرمۇزنىڭ ئوغلى كىسرامۇ؟ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «هۇرمۇزنىڭ ئوغلى كىسرا. ئەگەر ئۆمرۈڭ يار بەرسە بىر ئادەمنىڭ ئالتۇننى لىق تولدۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان ئادەم تاپالمايدىغانلىقىنى كۆرىسەن. الله قىيامەت كۈنى بىرسىڭلارغا ئۇ كىشى بىلەن تەرجىمانسىز ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا: ساڭا تەبلىغ قىلىدىغان پەيغەمبەر ئەۋەتمىدىممۇ؟ دەپ سورىسا، ئۇ: هەئە، دەيدۇ. الله ساڭا مالنى كۆپلەپ بەرمىدىممۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ: هەئە، دەيدۇ. ئۇ كىشى ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە قاراپ جەهەننەمدىن باشقا نەرسىنى كۆرمەيدۇ» دېدى. ئەدى: مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «يېرىم خورما سەدىقە قىلىپ بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىڭلار، ئەگەر سەدىقە قىلىدىغان يېرىم خورمىغا چاغلىق نەرسە تاپالمىساڭلار بىرەر ياخشى سۆز بىلەن بولسىمۇ دوزاختىن ساقلىنىڭلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئەدى: مەن هىرەدىن يولغا چىققان ئايالنىڭ الله دىن قورقۇشتىن باشقا قورنچ هېس قىلمىغان هالدا كەبىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلىكىنى كۆردۈم. كىسرانىڭ خەزىنىسىنى پەتهى قىلغانلار ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم. ئەگەر ئۆمرۈڭلار يار بەرسە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئالقىنىغا لىققىدە ئالتۇن ئېلىپ چىققان كىشى هەققىدە ئېيتقانلىرىنى چوقۇم كۆرىسىلەر، دېدى.

بۇ ئىش ئۇمەۋىيلەرنىڭ خەلىپىلىرىدىن بولغان ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز (الله تائالا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!) نىڭ زامانىدا ۋۇجۇدقا چىقتى. ئۇنىڭ

زامانىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە زاكات ئالىدىغان بىرەر پېقىر قالمىغان. شۇڭا زاكاتلار خوجىسىغا مۇئەييەن پۇل ــ مال تۆلەش شەرتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى پۈتۈشكەن قۇللارنى ئازات قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولغان.

# جازالارنىڭ بايانى

جازالاردىن زىنا قىلغانلىقنىڭ جازاسى، بوھتان چاپلىغانلىقنىڭ جازاسى، ھاراق ئىچكەنلىكنىڭ جازاسى، ئوغرىلىق قىلغانلىقنىڭ جازاسى ۋە بۇلاڭچىلىق قىلغانلىقنىڭ جازاسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

## جازانىڭ ئۇقۇمى

ئەرەبچىدە <جازا> دېگەننى ئىپادىلەيدىغان سۆز <ھەد> دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ئۇقۇمى مەنا جەھەتتىن: ئىككى نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ ئۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىشىنى توسىدىغان ۋە ئالدىنى ئالىدىغان نەرسە، دېگەنلىك بولىدۇ. مەزكۇر جىنايەتلەرگە بېرىلىدىغان جازالار <ھەد> دەپ ئاتالدى. چۈنكى جازالار، ئىنسانلارنىڭ مەزكۇر جىنايەتلەرنى قىلىشقا ئادەتلىنىپ قېلىشىنى توسىدۇ ۋە ئالدىنى ئالىدۇ.

ئۇ سۆزنىڭ ئىستىلاھ جەھەتتىكى ئۇقۇمىدىن: الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقى سۈپىتىدە ۋە بەندىلەرگە زەرەر كەلتۈرۈدىغان تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىقلاردىن توسۇش سۈپىتىدە يولغا قويۇلغان (100 ۋە 80 دېگەنگە ئوخشاش) مىقدارى توختۇتۇپ بېرىلگەن جازالار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. جازالار بولسا، جىنايەت ئىشلەشتىن بۇرۇن جىنايەتلەرنى ئىشلەشتىن توسقۇچى ۋە جىنايەت ئىشلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن جىنايەتلەرنى قايتا تەكرار قىلىشتىن ياندۇرغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

جازالارنىڭ مىقدارى قۇرئان كەرىم، سۈننەت ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق يولغا قويۇلغاندۇر. جازالارنىڭ (100 قامچا ئۇرۇلىدۇ ۋە 80 قامچا ئورۇلىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش) مەخسۇس بىر مىقدارى بار. الله تائالا خالىسا بىز بۇ ھەقتە ئالدىمىزدا توختىلىپ ئۆتىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەمگە ئۇنى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن جازا مەزكۇر جازالارنىڭ قاتارىدىن

ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى بىر ئادەمگە ئۆنى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن جازانىڭ مەلۇم مىقدارى يوق. شۇنىڭدەك يەنە قىساسمۇ مەزكۇر جازالارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى قىساس، الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقى ئەمەس بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىدۇر. الله تائالا قىساسنىڭ بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەڭلاركى، الله (ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنى) ھارام قىلدى، كىمكى ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن، (قاتىلدىن قىساس ئېلىش، يا دىيەت ئېلىش، يا كەچۈرۈم قىلىش) ھوقۇقىنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا قىلدۇق، ئىگىسى قىساس ئېلىشتا چەكتىن چىقىپ كەتمىسۇن (قاتىلدىن غەيرىينى ئۆلتۈرۈش، يا ئۇنىڭ ئەزالىرىنى كېسىش، بىر ئادەم ئۈچۈن ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلمىسۇن)، (ناھەق ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ) ئىگىسىگە الله ھەقىقەتەن مەدەتكاردۇر[1]»

## جازالارنىڭ توسقۇچى ۋە كاپپارەت ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

جازالار ئىنسانلارنى، زىيىنى جەمئىيەتكە بولىدىغان بۇزۇق ـ يامان ئىشلارنى قىلىشقا قەدەم قويۇشتىن چەكلەيدىغان ئامىللار سۈپىتىدە يولغا قويۇلدى. شۇنىڭدەك يەنە جازالار كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا: جازا بېرىلگەن ئادەمنى گۇناھتىن پاكىزلايدىغان ئامىللاردۇر. جازالارنىڭ شۇنداق ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكى ھەدىستىن كۆرۈۋالالايمىز. ئۇبادە ئىبنى سامىت (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپىدا ئولتۇرۇۋاتقان بىر تۈركۈم ساھابىلىرىگە: «سىلەر ماڭا الله غا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە، باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئۆزلىرىڭلارنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىققا ۋە ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلىڭلار. سىلەردىن كىمكى بۇلارغا ۋاپا قىلسا، ئۇنىڭ ئەجرىنى الله بېرىدۇ. كىمكى بۇ ئىشلاردىن بىرەرسىگە خىلاپلىق قىلىپ سېلىپ دۇنيادا جازاغا تارتىلسا. بۇ جازا ئۇنىڭ جىنايىتىگە كاپپارەت بولىدۇ. كىمكى بۇ ئىشتىن بىرەرسىگە خىلاپلىق قىلغان، ئاندىن الله ئۇنىڭ بۇ جىنايىتىنى ياپقان

(1) سۈرە ئىسرا 33 ـ ئايەت.

بولسا، ئۇنىڭ ھېسابى الله غادۇر. الله خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا ئۇنى ئازابلايدۇ» دېدى.[1]

قازىي ئىياز مۇنداق دەيدۇ: «كۆپ ساندىكى ئالىملار، جازالارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ سالغۇچىلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلايدىغان كاپپارەت بولىدىغانلىقى قارىشىدىدۇر ۋە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرىغا مەزكۇر ھەدىسنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. بىر قىسىم ئالىملار، ئەبۇھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەن، بېرىلگەن جازالارنىڭ ئىشلەنگەن جىنايەتلەر ئۈچۈن كاپپارەت بولىدىغانلىقىنى ياكى ئۇنداق بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن» دېگەن ھەدىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ (جازالارنىڭ ئىشلەنگەن جىنايەتلەر ئۈچۈن كاپپارەت بولمايدۇ، دېدى). لېكىن، ئۇبادە ئىبنى سامىتتىن رىۋايەت قىلىنغان مەزكۇر ھەدىس ئەبۇھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسكە قارىغاندا، رىۋايەت قىلىنىش يولى جەھەتتىن كۈچلۈكتۇر. بۇ ئىككى ھەدىسنىڭ مەنىسىنى مۇنداق بىرلەشتۈرۈشكە بولىدۇ: ئەبۇھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ الله تائالا ئۇنىڭغا جازالارنىڭ ئىشلەنگەن جىنايەتلەر ئۈچۈن كاپپارەت بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتىن بۇرۇن دېگەن سۆزىدۇر. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام الله تائالا ئۇنىڭغا جازالارنىڭ ئىشلەنگەن جىنايەتلەر ئۈچۈن كاففارەت بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋاقىتدا، ئۇبادە ئىبنى سامىتتىن رىۋايەت قىلىنغان مەزكۇر ھەدىسنى بايان قىلغان.» ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ھاكىم ۋە بەززار قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان ئەبۇھۇرەيرىنىڭ ھەدىسى بولسا، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ شەرتىگە توشقان توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر» دېگەن.

بۇ يەردە شۇنى بىلدۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، (جازالارنىڭ ئىشلەنگەن جىنايەتلەر ئۈچۈن كاپپارەت بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان) مەنالاردىكى ھەدىس يەقەتلا ئۇبادە ئىبنى سامىتتىن رىۋايەت قىلىنمىدى. بۇ مەنادىكى ھەدىسنى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبمۇ رىۋايەت قىلدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بۇ ئىشلاردىن بىرەرسىگە خىلاپلىق قىلىپ سېلىپ دۇنيادا جازاغا تارتىلغان بولسا، الله تائالا ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە جازانى قايتا بېرىشتىن ساقلانغۇچىدۇر.»[2]

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي رىۋايەت قىلدى ۋە ھاكىم: بۇ، توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

**مەزكۇر ھەدىستىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «*الله* خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا ئۇنى ئازابلايدۇ» دېگەن سۆزى ئۆتكۈزۈپ سالغان جىنايەتلىرى ئۈچۈن تەۋبە قىلغان ۋە تەۋبە قىلمىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ، بىر قىسىم ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما كۆپ ساندىكى ئالىملار: «ئۆتكۈزۈپ سالغان جىنايەتلىرى ئۈچۈن تەۋبە قىلغان ئادەم قايتا جازاغا تارتىلمايدۇ. ئۇ ئادەم قايتا جازاغا تارتىلمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەم *الله* تائالانىڭ ئازاب بېرىپ قېلىشىدىن خاتىرجەم بولالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنى ياكى قوبۇل بولمىغانلىقىنى بىلمەيدۇ» دەيدۇ.[1]**

**ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا، جازالار ئىشلەپ سېلىنغان جىنايەتلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن پاكىزلىمايدۇ. ئىشلەپ سېلىنغان جىنايەتلەرنىڭ گۇناھلىرىدىن پەقەت تەۋبىلا پاكىزلايدۇ. شۇڭا بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ سالغان ئادەمگە جازا بېرىلگەن، ئەمما ئۇ ئادەم ئۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزۈپ سالغانلىقى ئۈچۈن تەۋبە قىلمىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدە ئۇ جىنايەتنىڭ گۇناھى قېلىپ قالىدۇ. بۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تەۋبە قىلىشقا چاقىرىپ كەلگەن ئايەتلەرنىڭ تاشقىرى مەنىلىرى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر: «تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنى مەن ئەلۋەتتە ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن»[2] «ئۇلار *الله* غا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، *الله* ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار) نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، *الله* ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، *الله* تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر[3]»**

---

(1) «فەتھۇلبارى»، 1 ـ توم، 68 ـ بەت.

(2) سۈرە تاھا 82 ـ ئايەت.

(3) سۈرە پۇرقان 68 ـــ 70 ـ ئايەتكىچە.

# جازالاردا شاپائەت قىلىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ ھاراملىقى

بارلىق ئالىملار جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەم قازىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىپ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۇنىڭ ئالدىدا ئىسپاتلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن قازىدىن ئۇنىڭغا شاپائەت قىلىشنى تەلەپ قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلدى. چۈنكى بۇ ھەقتە ئائىشە (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: قۇرەيشلەرنى مەخزۇم قەبىلىسىدىن ئوغرىلىق قىلغان بىر ئايالنىڭ ئىشى غەمگە سېلىپ قويدى. ئۇلار: بۇ ئايال ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كىم گەپ قىلالايدۇ؟ بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمى ئۇسامە ئىبنى زەيدلا سۆز ئاچالايدۇ، دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ ئۇسامە ئىبنى زەيد بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا گەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «اللّٰه نىڭ جازالىرىدىن بولغان بىر جازا ئۈچۈن شاپائەت تەلەپ قىلامسەن؟» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ خۇتبىگە چىقىپ: «ئى خالايىقلار! سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر، ئىچىدىن ئابرويلۇق كىشىلەر ئوغرىلىق قىلسا جازالىماي، ئاجىز كىشىلەر ئوغرىلىق قىلسا جازالىغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولغان ئىدى. اللّٰه نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى پاتىمە ئوغرىلىق قىلغان تەقدىردە، مۇھەممەد ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنى كېسىدۇ» دېدى.[1]

شۇنىڭدەك يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە جازالارنى ئىجرا قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى ۋە جازالارنى ئىجرا قىلىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ياخشى نەتىجىلەرنى تۆۋەندىكى بەدىئىي مىسال بىلەن بايان قىلىپ بەردى. نۇئمان ئىبنى بەشىر (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللّٰه نىڭ بەلگىلىمىلىرىنى قوغدىغان ئادەم بىلەن ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلغان ئادەمنىڭ مىسالى كېمىدە ياخشى ئورۇنغا ئورۇنلىشىۋېلىشى ئۈچۈن چەك تاشلاپ بەزىلىرى كېمىنىڭ ئاستىغا، بەزىلىرى كېمىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشقان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. كېمىنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشقانلىرى ئۈستىگە چىقىپ سۇ ئالماقچى بولسا، ئۈستىدىكى ئادەملەرنى ئاۋارە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، دەپ

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

كېمىنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشقانلارنىڭ بىرى: (ئۆزلىرىمىز ئولتۇرغان جايدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ سۇنى شۇ يەردىن ئالساق) دەپ قولىغا پالتا ئېلىپ كېمىنى تېشىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېمىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ: ساڭا نېمە بولدى؟ (نېمە ئۈچۈن كېمىنى تېشىسەن، دەيدۇ). ئۇ: بىزگە سۇ كېرەك (بىز سۇ ئېلىش ئۈچۈن ئۈستىگە چىقساق) سىلەر ئاۋارە بولۇپ قالىدىكەنسىلەر، (شۇڭا سۇ ئېلىش ئۈچۈن كېمىنىڭ ئاستىنى تېشىمەن) دەيدۇ. ئەگەر ئۈستۈنكى قەۋەتتىكىلەر ئۇنىڭ خاھىشىغا قويۇپ بەرسە، ھەممىسى تەڭ ھالاك بولىدۇ. ئەگەر ئۈستۈنكى قەۋەتتىكىلەر ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، (كېمىنى تەشكىلى قويمىسا) ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ.»[1]

مانا مۇشۇنىڭدەك جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە جازالارنى ئىجرا قىلغان ئادەملەر ۋە جازا ئىجرا قىلىنغان ئادەملەر جازالارنىڭ ئۆزلىرىگە ئىجرا قىلىنىشى ئارقىلىق (الله تائالانىڭ ئازابى كېلىپ) ھالاك بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇلار جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە جازالارنى ئىجرا قىلمىسا، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەر جىنايەتلىرىنىڭ سەۋەبى بىلەن، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرگە ئېتىراز بىلدۈرمىگەنلەر ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىگە رازى بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن ھالاك بولۇپ كېتىدۇ. بۇ مەنانى الله تائالانىڭ: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا ـ قازادىن ساقلىنىڭلار، بىلىڭلاركى، الله نىڭ ئازابى قاتتىقتۇر[2]» دېگەن ئايىتىمۇ كۆچلەندۈرىدۇ.

## جازالارنىڭ، ئۇلاردا كۆرۈلگەن شۈبھىلەر سەۋەبى بىلەن ئىجرا قىلىنمايدىغانلىقىنىڭ بايانى

باشلىقنىڭ ياكى قازىنىڭ ئالدىغا جىنايەت ئۆتكۈزگەن بىر كىشى كەلتۈرۈلگەن ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتى جازا بېرىلىشكە لايىق بولىدىغان جىنايەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان بولسا، باشلىقنىڭ ياكى قازىنىڭ ئۇنىڭغا جازا بېرىشى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) سۈرە ئەنفال 25 ـ ئايەت.

**لازىم. ئەمما ئۇ جىنايەتتە ئەگەر ئۇنىڭغا جازانى ئىجرا قىلىشتىن توسۇپ قالىدىغان بىرەر شۈبھە كۆرۈلسە، (بۇ ھالدا باشلىق ياكى قازى ئۇنىڭغا جازا بەرمەيدۇ). چۈنكى، بۇ ھەقتە ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇمكىن بولغانغا قەدەر مۇسۇلمانلارغا جازا بېرىشتىن ساقلىنىڭلار. ئەگەر مۇسۇلمان ئۈچۈن بىرەر چىقىش يولى تاپساڭلار، ئۇنى قويۇپ بېرىڭلار. چۈنكى، قازىنىڭ (جىنايەت ئۆتكۈزگەن بىرەر مۇسۇلماننى) كەچۈرۈۋېتىپ خاتالىشىپ كېتىشى ئۇنى جازالاپ خاتالىشىپ كېتىشىدىن ياخشىدۇر.»[1] بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر جازادا كۆرۈلگەن شۈبھىلەر سەۋەبى بىلەن ئۇنى ئىجرا قىلىشتىن ساقلىنىڭلار ۋە يۈز ئابرۇيلۇق كىشىلەردىن الله نىڭ جازالىرىدىن بىرەر جازا (ئىجرا قىلىنىدىغان خاتالىقلىرىدىن) باشقا خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈڭلار.»[2]**

**<ئەلفەتھى> دېگەن ئەسەرنىڭ تەھقىقلىغۇچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەر جازادا كۆرۈلگەن شۈبھىلەر سەۋەبى بىلەن ئۇنى ئىجرا قىلىشتىن ساقلىنىڭلار» دېگەن ھەدىسى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «جازادا كۆرۈلگەن شۈبھە سەۋەبى بىلەن ئۇنى ئىجرا قىلىشتىن ساقلىنىش بولسا، بارلىق ئالىملارنىڭ ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈمدۇر. ئالىملارنىڭ بىرلىكى (جازادا كۆرۈلگەن شۈبھە سەۋەبى بىلەن ئۇنى ئىجرا قىلىشتىن ساقلىنىش ھەققىدىكى) ئەڭ كۈچلۈك پاكىتتۇر. شۇنداق بولغان ئىكەن مەزكۇر ھەدىسنى بايان قىلىش خۇددى ئۇ ھەدىس ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈم ئۈستىدىكى ئالىملارنىڭ بىرلىكىنى بايان قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ.»**

**جازا بېرىشنى لازىم قىلىدىغان بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتىنى يوشۇرۇپ الله تائالاغا تەۋبە قىلىشى ئەڭ ياخشىدۇر. چۈنكى، بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىن (گۇناھىنى) ئاشكارىلىغۇچىلاردىن باشقا ھەممىسىنىڭ (گۇناھى) كەچۈرۈلىدۇ. ئاشكارىلىغۇچىدىن، گۇناھ بولىدىغان بىرەر ئىشنى كېچىدە قىلغان، ئاندىن الله**

(1) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇشەيبە، ھاكىم ۋە بەيھەقىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەدىيە رىۋايەت قىلدى.

**تائالا ئۇنىڭ گۇناھىنى ياپقان (يەنى اللە تائالا ئۇنىڭ ئۇ ئىشنى قىلغانلىقىدىن ھېچبىر بىر ئادەمنى خەۋەردار قىلمىغان)، ئاندىن ئەتىسى قوپۇپ كىشىلەرگە: ئەي پالانى! مەن كېچىدىن مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارنى قىلدىم، دەپ (ئۇنىڭ گۇناھىنى يېپىپ تۇرغان) ئۇستىدىكى اللە تائالانىڭ پەردىسىنى ئۆزىدىن ئېلىپ تاشلىغان ئادەم مەقسەت قىلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان.[1]**

**ئىبنى بەتتال (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۆتكۈزگەن جىنايىتىنى ئاشكارىلاش اللە تائالانىڭ، اللە نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ۋە ياخشى مۆمىنلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى كەمسىتىش ۋە ئۇلارغا قارشى ھەرىكەت قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئۆتكۈزۈپ سالغان جىنايەتنى يېپىش (اللە تائالانىڭ، اللە نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ۋە ياخشى مۆمىنلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى كەمسىتىشتىن) ساقلىنىش ھېسابلىنىدۇ. جىنايەتلەر، جىنايەت ئۆتكۈزۈپ سالغان ئادەمنى تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرىدۇ. ئەگەر جىنايەت جازا بېرىشنى لازىم قىلىدىغان جىنايەتلەردىن بولسا، ئۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەن ئادەمگە جازا بېرىلىدۇ. ئەگەر جىنايەت (جازا بېرىشنى ئەمەس) ئەدەپلەش يۈزىسىدىن جازا بېرىشنى لازىم قىلىدىغان جىنايەتلەردىن بولسا، ئۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەن ئادەمگە (جازا ئەمەس) ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ[2]. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆتكۈزۈپ سالغان جىنايەت اللە تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئالاقىدار ئىشلار ئۈستىدە ئۆتكۈزۈپ سالغان جىنايەت بولسا، اللە ئەڭ مەرھەمەتلىك ۋە رەھمىتى غەزىپىنى بېسىپ كەتكەن زاتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن اللە تائالا ئۇ ئادەمنىڭ جىنايەتلىرىنى بۇ دۇنيادا ياپسا، ئاخىرەتتە ئۇنى رازۋا قىلمايدۇ. قىلغان جىنايەتلىرىنى ئاشكارىلىغان ئادەم بۇنى قولىدىن قاچۇرۇپ قويىدۇ» دېدى. ئىبنى بەتتال ئۆزىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن خۇددى ئىبنى ئۆمەرنىڭ بۇ سۆزىگە ئىشارەت قىلغاندەك تۇرىدۇ. سەفۋا ئىبنى مۇھرىز مۇنداق دېدى: بىر ئادەم ئىبنى ئۆمەردىن سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىلغان گۇناھ ئىشلىرىنى ئاشكارىلىمىغان ئادەم ھەققىدە بىر نەرسە ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ دەپ سورىدى. ئىبنى ئۆمەر: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «بىرىڭلار رەببىڭلارغا يېقىن كېلىدۇ. اللە بۇ ئادەمنىڭ دۇنيادا قىلغان، ئەمما يېپىپ ساقلاپ قالغان گۇناھلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، مۇنداق مۇنداق گۇناھ ئىشنى**

---

**(1)** ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

**(2)** جازا بىلەن ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، جازا **80** ۋە **100** قامچا دېگەنگە ئوخشاش مەلۇم مىقداردا بولىدۇ. شۇڭا بۇ جازانى ئۆزىنىڭ مىقدارىدىن ئاز ياكى كۆپ بېرىش توغرا ئەمەس. ئەمما ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ مەلۇم مىقدارى يوق. بۇ جازا ئادەمنىڭ تېپىغا قاراپ ئاز ياكى كۆپ بېرىلىدۇ. ت.

قىلدىڭمۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ: ھەئە، قىلدىم، دەپ ئۇ ئىشلارنى قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ. ئاندىن اللە: «دۇنيادا بۇ ئىشلارنى يېپىپ ساقلاپ قالدىم، بۈگۈن ئۇ گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلدىم، دەيدۇ.» دېگەنلىكىنى (ئاڭلىغان ئىدىم) دېدى.

شۇنىڭدەك يەنە قازى ياكى ھاكىم قېشىغا بىر ئادەم كېلىپ ئۆزىنىڭ جازانى لازىم قىلىدىغان بىرەر جىنايەت قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان، ئەمما ئۇنىڭ قايسى جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايان قىلمىغان بولسا، قازىنىڭ ياكى ھاكىمنىڭمۇ ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان جىنايىتىنى يېپىشى لازىم. بۇ ھەقتە ئەنەس ئىبنى مالىك (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا ئىدىم ئۇنىڭ يېنىغا بىر ئادەم كېلىپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەن جازا كەلگۈدەك گۇناھ قىلىپ قويدۇم. ماڭا جازا ئىجرا قىلساڭ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن نېمە گۇناھ قىلغانلىقىنى سورىمىدى ۋە ناماز ۋاقتى بولدى. ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ناماز ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەن جازا كەلگۈدەك گۇناھ قىلىپ قويدۇم، ماڭا اللە نىڭ ھۆكۈمىنى ئىجرا قىلساڭ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن بىز بىلەن بىللە ناماز ئوقۇمىدىڭمۇ؟» دېدى. ئۇ كىشى: ھەئە، ئوقۇدۇم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەقىقەتەن اللە گۇناھىڭنى مەغفىرەت قىلدى» دېدى.[1]

ئىبنى ھەجەر (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئالىملار بۇ ھەدىستىن مۇنداق ئۈچ خىل مەسىلىنى چىقىرىدۇ:

1 ـ جازا، جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەم ئۆتكۈزگەن جىنايىتىنىڭ قانداق جىنايەت ئىكەنلىكىنى تەيىن قىلغاندىن ۋە ئۆزىگە جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ.

2 ـ ناماز ئوقۇغانلىق سەۋەبى بىلەن اللە تائالانىڭ ئۇ ئادەمنىڭ گۇناھىنى ياكى جازاسىنى كەچۈرۈۋېتىشى پەقەت ئۇ ئادەمگىلا خاس ئىشتۇر.

3 ـ بىرەر جىنايەتنىڭ جازاسى تەۋبە قىلىش بىلەن كەچۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

مانا بۇلار مەزكۇر ھەدىستىن چىقىرىلغان ئۈچ خىل مەسىلىدۇر.[2]

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) «فەتھۇلبارى»، 12 ـ توم، 135 ـ بەت.

# زىنانىڭ جازاسىنىڭ بايانى

## ‹زىنا› دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى

**‹زىنا› دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى مەيلى تىل جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئىستىلاھ جەھەتتىن بولسۇن ئوخشاش مەنادا كېلىدۇ.**

**ئۇ مەنا بولسىمۇ ئۆزىگە تەۋە بولمىغان ياكى تەۋە ئىكەنلىكى شۈبھىلىكمۇ[1] بولمىغان ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتۇر. شەرىئەت ‹زىنا› دېگەن سۆزنى جازا بېرىشنى لازىم قىلىدىغان جىنايەتكىلا خاس قىلمىدى. ئەكسىچە ئۇ سۆز (جازا بېرىشنى لازىم قىلىدىغان جىنايەتنى) ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جىنايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېدى: «زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر[2]» ‹زىنا› دېگەن سۆز بولسا، جىنسىي ئەزاغا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق قىلىنغان جىنايەتكە ۋە ئايالغا قارىغانغا ياكى ئۇنى تۇتقانغا ئوخشاش جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتىن باشقا جىنايەتلەرگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ھەدىستە ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ ئېيتقان نەرسىلەردەك كىچىك گۇناھلارغا ئوخشايدىغان بىرەر نەرسىنى كۆرمىدىم، ئەبۇھۇرەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا ئادەم ئەۋلادىغا ئۇنىڭ زىنادىن بولغان نېسىۋىسىنى پۈتۈۋەتكەن. ئۇ ئەنە شۇ نېسىۋىسىنى چوقۇم تاپىدۇ. كۆزنىڭ زىناسى قاراشتۇر، تىلنىڭ زىناسى سۆزلەشتۇر، كۆڭۈل بولسا تارتىدۇ ۋە ئىشتىھا قىلىدۇ. جىنسىي ئەزا ئۇنى راستقا چىقىرىدۇ ياكى يالغانغا چىقىرىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ئابباس بۇ سۆزنى الله تائالانىڭ: «ئۇلار چوڭ گۇناھلاردىن ۋە قەبىھ ئىشلاردىن يىراق بولىدۇ. كىچىك گۇناھلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا[3]» دېگەن**

---

(1) ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكى شۈبھىلىك بىر ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئادەمگە جازا ئىجرا قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئوغلىنىڭ چۆرىسى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە جازا ئىجرا قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ بالىنىڭ چۆرىسىنىڭ ئۇ ئادەمگە تەۋە بولۇپ قېلىش شۈبھىلىكى بار. چۈنكى ھەدىستە بايان قىلىنىشىچە بالىنىڭ مال ـ مۈلكى دادىسىغا تەۋەدۇر. ت.

(2) سۈرە ئىسرا 32 ـ ئايەت.

(3) سۈرە نەجم 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئايىتىدىكى كىچىك گۇناھلارنىڭ قايسى گۇناھلار ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۇنىڭدىن سورالغان سۇئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئېيتقاندۇر.

ئەمما جازا ئىجرا قىلىشنى لازىم قىلىدىغان زىنانىڭ ئۇقۇمى تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر: زىنا بولسا، ئىسلام دۆلىتىدە (ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەتلىرىنى قىلىشقا) بۇيرۇلغان، سۆزقىلالايدىغان ئەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ (ئەڭ ئاز) خەتنىگاھىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆزىنىڭ چۆرىسى ياكى ئايالى ياكى ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكى شۈبھىلىكمۇ ئەمەس، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ياكى بۇرۇن جىنسىي - مۇناسىۋەتنى ئىشتىھا قىلىدىغان بىر ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا كىرگۈزۈش دېگەنلىكتۇر.

ئەگەر بىر ئادەم كاپىر دۆلىتىدە بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا جازا ئىجرا قىلىنمايدۇ[1]. ياكى زىنا مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، ئۆزىنى يەنە بىرىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىگە تۇتۇپ بېرىش بىلەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئەر ئوڭدىسىغا يېتىپ تۇرىۋاتقان، ئايال كېلىپ ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئۇنى ئۆزىنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا كىرگۈزگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئەر - ئايال ھەر ئىككىسىگە جازا بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار بىر - بىرىگە ئۆزلىرىنى تۇتۇپ بەرگەندۇر.

## زىنانىڭ ئۇقۇمىنىڭ ئىزاھاتى

<(ئىسلام دىنىنىڭ ئىبادەتلىرىنى قىلىشقا) بۇيرۇلغان> دېگەن سۆزدىن مۇسۇلمان بولمىسىمۇ، ئەقلى - ھۇشى جايىدا بالاغەتكە يەتكەن ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپ زىنا قىلغان كىچىك بالىغا ۋە زىنا قىلغان ئەقلى - ھۇشى جايىدا ئەمەس ساراڭغا جازا بېرىلمەيدۇ.

<سۆز قىلالايدىغان> دېگەن سۆزدىن تىلى تۇتۇلۇپ قالمىغان ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا زىنا قىلغان، ئەمما گەپ قىلالمايدىغان گاچا ئادەمگە جازا بېرىلمەيدۇ.

<شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ياكى بۇرۇن جىنسىي - مۇناسىۋەتنى ئىشتىھا قىلىدىغان> دېگەن سۆزدىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە جىنسىي مۇناسىۋەتنى ئىشتىھا قىلىدىغان يېشىغا يەتكەن ياكى بۇرۇن شۇنداق بولغان ئايال كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(1) باشقا مەزھەپدىكىلەرنىڭ قارىشىچە كاپىر دۆلىتىدە زىنا قىلغان ئادەمگىمۇ جازا ئىجرا قىلىنىدۇ. ت.

شۇڭا بۇنىڭ ئىچىگە بەك قېرىپ كەتكەن ئايالمۇ كىرىدۇ. يەنى بىر ئەر بەك قېرىپ كېتىپ ھازىر جىنسىي مۇناسىۋەت ئىشتىھاسىدىن قالغان ئايال بىلەن زىنا قىلغان بولسا، ئۇلارغا جازا بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئايال، ھازىر جىنسىي - مۇناسىۋەتتىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇرۇن جىنسىي - مۇناسىۋەتنى ئىشتىھا قىلىدىغان ئايال ئىدى.

<خەتنىگاھنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن> دېگەن سۆزدىن زىنانى بېسىم ئاستىدا ئەمەس ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا زىنانى مەجبۇرلىنىش ئاستىدا قىلغان ئادەمگە جازا بېرىلمەيدۇ.

<ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا> دېگەن سۆزدىن جىنسىي مۇناسىۋەتنى ئايالنىڭ ئارقا تەرەت يولىغا ئەمەس پەقەت جىنسىي يولىغا قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇڭا ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا: جىنسى - مۇناسىۋەتنى ئايالنىڭ ئارقا تەرەت يولىغا قىلغان ئادەمگە جازا بېرىلمەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قاراشلىرىدا: جىنسىي - مۇناسىۋەتنى ئۆزىنىڭ ئايالىدىن باشقا يات ئايالنىڭ ئارقا تەرەت يولىغا قىلغان ئادەممۇ زىنا قىلغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا زىنانىڭ جازاسى بېرىلىدۇ.

< ئۆزىنىڭ چۆرىسى ياكى ئايالى ئەمەس> دېگەن سۆزدىن ئەر جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئايالنىڭ قول ئاستىدىكى ياكى نىكاھىدىكى ئايال ئەمەس يات ئايال ئىكەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما بىر ئادەم چۆرىسى ياكى ئايالى بىلەن جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، ئۇ زىنا قىلغان ئادەم ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ). بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر[1] »

< ئۆزىگە تەۋە ئىكەنلىكى شۈبھىلىكمۇ ئەمەس> دېگەن سۆزدىن جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ھاراملىقىدا شۈبھە يوق ئايال كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ <ئورۇندا (يەنى ئايالدا) كۆرۈلگەن شۈبھە> دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما مەسىلەن: بىر

(1) سۈرە مۆمىنۇن 5 — 7 - ئايەتكىچە.

ئادەم ئۆزىنىڭ بالىسىنىڭ چۆرىسى بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنگە ئوخشاش جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ هارام ئىكەنلىكىدە شۈبهە تېپىلىدىغان ئايال بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلمەيدۇ. ئورۇندا كۆرۈلگەن شۈبهە <تەۋە ئىكەنلىكىدە تېپىلغان شۈبهە ياكى هۆكمى شۈبهە> دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن، بۇ شۈبهە (ئورۇندا ئەمەس) جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشتە بولسا، بۇ هالدا ئۇلارغا جازا بېرىلىدۇ. بۇ <هالال ـ هاراملىقى ئارىلىشىپ كەتكەن شۈبهە> دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆزى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن ۋە ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالى بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇنىڭغا زىنانىڭ جازاسى بېرىلىدۇ. الله تائالا خالىسا بىز بۇ هەقتە ئالدىمىزدا تەپسىلىي توختۇلۇپ ئۆتۈمىز.[1]

## زىنا قىلغان ئادەمگە جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ زىنانىڭ هارام ئىكەنلىكىنى بىلىشى شەرتمۇ؟

ئالىملار زىنا قىلغان ئادەمگە جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ زىنانىڭ هارام ئىكەنلىكىنى بىلىشى شەرت ياكى شەرت ئەمەسلىكى هەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بىر قىسىم ئالىملار: «ئەگەر بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغان ئادەم زىنانىڭ هاراملىقىنى بىلمىگەن بولسا، شۈبهە تېپىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا جازا ئىجرا قىلىنمايدۇ. چۈنكى جازالار، ئۇلاردا كۆرۈلگەن شۈبهىلەر سەۋەبى بىلەن ئىجرا قىلىنمايدۇ» دېدى. بۇ هەقتە سەئىد ئىبنى مۇسەييەب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «يەمەندە بىر ئادەم زىنا قىلغان ئىكەن. بۇ هەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) خەت يېزىپ خېتىدە: ئەگەر ئۇ ئادەم الله تائالانىڭ زىنانى هارام قىلغانلىقىنى بىلىدىغان بولسا، سىلەر ئۇنى (زىنا قىلغانلىقىنىڭ جازاسى ئۈچۈن) قامچىلاڭلار. ئەگەر ئۇ ئادەم الله تائالانىڭ زىنانى هارام قىلغانلىقىنى بىلمەيدىغان بولسا، ئۇنىڭغا زىنانىڭ هارام ئىكەنلىكىنى ئۆگىتىڭلار. ئەگەر ئۇ قايتا يەنە زىنا قىلسا، ئۇنى قامچىلاڭلار، دېگەن». چۈنكى، شەرىئەتتە هۆكۈملەر ئۇلارنىڭ قانداق هۆكۈملەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغاندىن كېيىن

(1) «رەددۇلمۇهتار»، 3 ـ توم، 141 ـ بەت.

ئىجرا قىلىنىدۇ. بىر ئادەمگە بىر ئىشنىڭ ھۆكمى ئېنىق بىلدۈرۈلمىسىمۇ ئەمما ئۇ ئىشنىڭ ھۆكمىنىڭ ئىسلام جەمئىيىتىدە تونۇلغان ۋە يېيىلغان بولۇشى ئۇ ئادەمگە ئۇ ئىشنىڭ ھۆكمىنى بىلدۈرگەننىڭ ئورنىدا ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، يەنە ئۇ ئادەمگە ئۇ ئىشنىڭ ھۆكمىنى ئېنىق بىلدۈرمەسلىك شۈبھى پەيدا قىلىشتىن خالى ئەمەس. مانا بۇ بىر ئادەمنىڭ ئىسلام دۆلىتىدە ياشىغانلىقى ئۇنىڭغا زىنا جازاسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن زىنانىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىنىڭ ئورنىدا تۇرمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئەمما زىنانىڭ جازاسىدىن باشقا ھۆكۈملەردە بىر ئادەمنىڭ ئىسلام دۆلىتىدە ياشىغانلىقى ئۇنىڭ ئۇ ھۆكۈملەرنى بىلگەنلىكىنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. بۇ ئىسلام دۆلىتىدە تۇغۇلغان ياكى ئۇ يەرگە ھىجرەت قىلىپ ئۇزۇن مۇددەت ياشىغان ئادەم ئۈچۈن قارىتىلغان سۆزدۇر. ئەمما ئىسلام دۆلىتىگە كاپىر دۆلىتىدىن يېڭى ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇ يەردە ياشىغانلىقى ئۇنىڭ ئۇ ھۆكۈملەرنى بىلگەنلىكىنىڭ ئورنىدا تۇرمايدۇ.

ئەلكەمال (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھىدايىنىڭ شەرھىدە: «(بىر ئادەمگە زىنانىڭ جازاسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن) ئۇنىڭ زىنانىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلىشىنىڭ شەرت ئىكەنلىكىدە بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مانا بۇ زىنانىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك ئۇ ئادەم ئۈچۈن (زىنا قىلىپ سالغانلىقىغا) ئۆزرە ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ» دېدى.[1] شۇڭا ئىسلام دۆلىتىگە تېخى يېڭى ھىجرەت قىلىپ كىرگەن بىر ئادەم زىنا قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ زىنانىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا جازانىڭ ئىجرا قىلىنمايدىغانلىقىدا شەك يوق. چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ (قايسىسىنىڭ ھارام ۋە قايسىسىنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى) بىلىش ئۇ ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىشقا كەلگەن بۇيرۇقنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇنىڭغا كۆنۈمىزدىمۇ ئەمەل قىلىنىدۇ. چۈنكى زىنا ئىشى كاپىر دۆلەتلىرىدە بەك ئومۇملىشىپ كەتكەن بىر ئىشقا ۋە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتلىرىگە سىڭىپ كەتكەن نورمال بىر ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. (شۇڭا بىر ئادەمگە بولۇپمۇ كاپىر دۆلىتىدىن ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئادەمگە زىنا جازاسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ زىنانىڭ ھارام بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىشى شەرتتۇر.)

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 142 ـ بەت.

# بىر ئادەمنىڭ زىنا قىلغانلىقى گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن ئىسپاتلىنىشىنىڭ بايانى

بىر ئادەمنىڭ زىنا قىلغانلىقى تۆت ئەرنىڭ بىر ئورۇندا تۇرۇپ قازىنىڭ ئالدىدا گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك زىنا ئىشىدا ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. زىنا ئىشىدا تۆت ئەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئاياللىرىڭلاردىن پاھىشە قىلغانلارنى (ئىسپاتلاش ئۈچۈن) ئاراڭلاردىن تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈڭلار؛ ئەگەر ئۇلار گۇۋاھلىق بەرسە (يەنى ئۇلار گۇۋاھلىق بېرىپ ئايالنىڭ جىنايىتىنى ئىسپاتلىسا) تاكى ئاياللىرىڭلار ۋاپات بولغانغا ياكى الله ئۇلارغا بىر چىقىش يولى بەرگەنگە قەدەر ئۇلارنى ئۆيدە تۇتۇڭلار[1]»الله تائالا يەنە ئائىشىگە بوھتان چاپلانغان ۋەقەلىك ھەققىدە چۈشۈرگەن ئايىتىدە مۇنداق دېدى: «ئۇلار نېمىشقا تۆت نەپەر گۇۋاھچىنى كەلتۈرمىدى؟ گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرەلمىگەن ئىكەن، ئۇلار الله نىڭ نەزىرىدە يالغانچى ھېسابلىنىدۇ[2]»

گۇۋاھچىلار گۇۋاھلىق بەرگەن ۋاقتىدا، گۇۋاھلىقنى پۈلانى جىنسىي ـ مۇناسىۋەت قىلدى، دېگەن سۆز بىلەن ئەمەس پۈلانى زىنا قىلدى، دەپ <زىنا قىلدى> دېگەن سۆز بىلەن بېرىشى لازىم. ئەگەر گۇۋاھچىلار پۈلانى ھارام جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزدى، دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇلارنىڭ بۇ گۇۋاھلىقى بىلەن ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقى ئىسپاتلانمايدۇ. ئەمما ئۇلار گۇۋاھلىق بەرگەن ۋاقتىدا، پۈلانى زىنادىن ئىبارەت جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزدى، دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. قازى گۇۋاھچىلاردىن قانداق ئىش شەرىئەتتە زىنا قىلغانلىق ھېسابلىنىدىغانلىقىدىن، ئۇ ئادەمنىڭ قانداق ھالەتتە ۋە قەيەردە ئىكەنلىدىن، قاچان ۋە كىم بىلەن زىنا قىلغانلىقىدىن تەپسىلىي سورايدۇ. قازى (ھەتتا بىرەر شۈبھە تېپىپ زىنا قىلغان ئادەمگە زىنانىڭ جازاسىنى) ئىجرا قىلماسلىقنىڭ يولىنى تېپىش ئۈچۈن گۇۋاھچىلاردىن ھەممە ئىشنى تەپسىلىي سورايدۇ. ئەگەر گۇۋاھچىلار ئۇ ئادەمنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ: بىز ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى

(1) سۈرە نىسا 15 ـ ئايەت.

(2) سۈرە نۇر 13 ـ ئايەت.

ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئىچىدە خۇددى قەلەم رەڭ دۆۋتىنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك تۇرغانلىقىنى كۆردۇق دېسە، (بۇ ھالدا ئۇنىڭغا جازا ئىجرا قىلىنىدۇ). قازى گۇۋاھچىلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، ئۇلارنىڭ ئىچكىرى ـ تاشقىرى ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ. ئەمما قازى ئۇلارنىڭ ياخشى ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلسە، قازىغا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، قازىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىكتۇر. شۇنىڭ بىلەن زىنا قىلغۇچىغا جازا ئىجرا قىلىنىدۇ.

# بىر ئادەمنىڭ زىنا قىلغانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەملەردە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر

ئۇ شەرتلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ گۇۋاھچىلارنىڭ سانى تۆت بولۇشى لازىم.

2 ـ ئۇلار ئەر بولۇشى لازىم. شۇڭا زىنا ئىشىدا ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئايال كىشى زىناغا ئالاقىدار ئىشلارنى ئوچۇق ئاشكارا سۆزلەپ بېرىشتىن ھايا قىلىدۇ. شۇڭا زىنا ئىشىدا گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەمنىڭ ئەر كىشى بولۇشى شەرت.

3 ـ گۇۋاھچىلارنىڭ ھۆر ئادەم بولۇشى لازىم. شۇڭا قۇللارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، قۇللارنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ زىنانىڭ جازاسىدىن باشقا ھۆكۈملەردىمۇ قوبۇل قىلىنىش ياكى قىلىنماسلىق ھەققىدە ئىختىلاپ بار. شۇڭا بۇ ئىختىلاپ قۇللارنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ زىنا ئىشىدا قوبۇل قىلىنىشىنى چەكلەيدىغان بىر شۈبھە پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى جازالار، ئۇلاردا كۆرۈلگەن شۈبھىلەر سەۋەبى بىلەن ئىجرا قىلىنمايدۇ.

4 ـ گۇۋاھچىلارنىڭ ياخشى ئادەملەر بولۇشى لازىم. ئەگەر ئۇلار گۇۋاھلىق بەرگەن ۋاقتىدا: «بىز (زىنا قىلغان ئەر بىلەن ئايالغا) قاراشتىكى مەقسىتىمىز ئۇلارنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىدى» دېسە، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار: «بىز (زىنا قىلغان ئەر بىلەن ئايالغا) قاراشتىكى مەقسىتىمىز ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىش ئۈچۈن ئىدى» دېسە، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بۇ ھالدا

ئۇلار پاسىق كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ.

5 ـ ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئادەم بولۇشى لازىم. شۇڭا ئۈستىدىن گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان كاپىر بولسۇن، (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە ) ياشايدىغان كاپىرلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

6 ـ ئۇلارنىڭ زىنانى، بىز ئەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئىچىدە (خۇددى قەلەم رەڭ دۆۋىتىنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك) تۇرغانلىقىنى كۆردۇق، دەپ تەسۋىرلەپ بېرىشى لازىم.

7 ـ گۇۋاھچىلار (ئايرىم ـ ئايرىم ئەمەس) ھەممىسى باراۋەر كېلىپ بىر يەردە تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىشى لازىم. ئەگەر گۇۋاھچىلارنىڭ بىر قىسمى گۇۋاھلىق بېرىپ بولۇپ، قازى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن، بىر كىشى گۇۋاھلىق بەرگىلى كەلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بوھتان چاپلىغۇچى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا بوھتان چاپلىغانلىق جازاسى بېرىلىدۇ. بۇ ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام شافىئىي ۋە ئىبنى ئەلمۇنزىر (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «گۇۋاھچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ باراۋەر كېلىپ بىر يەردە تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىشى شەرت ئەمەس. چۈنكى الله تائالا: «ئۇلار نېمىشقا تۆت نەپەر گۇۋاھچىنى كەلتۈرمىدى؟[1] » دەپ پەقەت تۆت گۇۋاھچى ئېلىپ كېلىشنىلا بايان قىلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ باراۋەر كېلىپ بىر يەردە تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىشىنى بايان قىلمىدى» دېدى.

ئىمام مالىك بىلەن ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ دەلىل ـ پاكىتلىرى شۇكى: ئەبۇبىكرە، نافىئ ۋە شەبەل ئىبنى مەئبەد قاتارلىقلار ئۆمەرنىڭ ئالدىدا مۇغىرە ئىبنى شۇئبەنىڭ ئۈستىدىن گۇۋاھلىق بەردى. ئەمما زىياد گۇۋاھلىق بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) گۇۋاھلىق بەرگەن ھېلىقى ئۈچ كىشىگە (بوھتان چاپلىغانلىقىنىڭ) جازاسىنى ئىجرا قىلغان. ئەگەر گۇۋاھچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ باراۋەر كېلىپ بىر يەردە تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىشى شەرت بولمايدىغان بولسا، ئۆمەرنىڭ گۇۋاھلىق بەرگەن

(1) سۈرە نۇر 13 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھېلىقى ئۈچ ئادەمگە (بوھتان چاپلىغانلىقنىڭ) جازاسىنى بېرىشى توغرا بولمايتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ باشقا بىر قېتىم تۆتىنچى گۇۋاھچىنى ئېلىپ كېلىپ گۇۋاھچىلارنىڭ سانىنى تولۇقلىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، ئۈچ كىشى ئەگەر گۇۋاھلىق بېرىپ ئۇلارغا بوھتان چاپلىغانلىقنىڭ جازاسى بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن، تۆتىنچى كىشى كېلىپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر تۆت گۇۋاھچىنىڭ باراۋەر كېلىپ بىر يەردە تۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىشى شەرت بولمايدىغان بولسا، بۇرۇن ئۈچ كىشى كېيىن كېلىپ بىر كىشى گۇۋاھلىق بەرگەن مەسىلىدە تۆت گۇۋاھچىنىڭ سانى تولۇقلانغان بولاتتى. بۇرۇن ئۈچ كىشى گۇۋاھلىق بېرىپ ئۇلارغا بوھتان چاپلىغانلىقنىڭ جازاسى بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن تۆتىنچى كىشى كېلىپ گۇۋاھلىق بەرگەن ۋە ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمىغانلىقى بىلەن زىناغا گۇۋاھلىق بېرىش بىلەن باشقا ئىشلارغا گۇۋاھلىق بېرىش ئىشىنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەمما ئىمام شافىئىي دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈرگەن ئايەتكە كەلسەك، ئۇ ئايەت گۇۋاھلىقنىڭ شەرتلىرى ھەققىدە توختالمىغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئايەت گۇۋاھچىلارنىڭ ياخشى كىشىلەردىن بولۇشىنى ۋە زىنانىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بايان قىلمىغان.[1]

ھاكىم مۇغىرە ئىبنى شۇئبەنىڭ قىسسىسىنى ئۆز ئەسىرىدە مۇنداق بايان قىلدى: «(مۇغىرەنى زىنا قىلدى، دېگەن) ئەبۇبەكرە، نافىئ، شەبەل ئىبنى مەئبەد ۋە زىياد قاتارلىقلار بىلەن مۇغىرە ئىبنى شۇئبە مەدىنىگە كېلىپ مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى ئۆمەرنىڭ ئالدىغا كىرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. (ئۇلار مەدىنىگە كېلىپ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئالدىغا دەۋا قىلىشىپ كىردى). ئۆمەر ئەبۇبەكرىگە: «ئى ئەبۇبەكرە! سەن (مۇغىرەنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان) دەلىل - پاكىتىڭنى كەلتۈرگىن» دېدى. ئەبۇبەكرە: «مەن ئۆزەمنىڭ مۇغىرەنىڭ ئىپپەتلىك ھالىتىدە [2]تۇرۇپ زىنا قىلغانلىقىنى كۆرگەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېدى. ئاندىن ئۇلار (يەنى ئۆمەر ۋە ئۇنىڭ قېشىدىكى كىشىلەر) ئەبۇبەكرەنىڭ قېرىندىشى ئەبۇئابدۇللاھنىڭ (يەنى نافىئنىڭ) ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن دەلىل - پاكىت تەلەپ قىلغان

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 11 - توم، 503 - بەت.

(2) بىر ئادەمنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، شەرئىگە توشقان نىكاھ بىلەن توي قىلغان بولۇشى، ئەقلى - ھۇشى جايىدا بولۇشى ۋە ھۆر بولۇشى لازىم. ئۆزىدە مەزكۇر شەرتلەر تېپىلغان ئادەم ئىپپەتلىك ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ت.

ئىدى. ئۇمۇ خۇددى ئەبۇبەكرىگە ئوخشاش گۇۋاھلىق بەردى. ئاندىن ئۇلار بەجەلىيلىك شەبەل ئىبنى مەئبەدنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن گۇۋاھلىق دەلىل ـ پاكىت تەلەپ قىلغان ئىدى. ئۇمۇ مەزكۇر ئىككىسىگە ئوخشاش گۇۋاھلىق بەردى. ئاندىن ئۇلار زىيادنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن دەلىل ـ پاكىت تەلەپ قىلغان ئىدى. ئۇ: «مۇغىرەنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى كۆرمىدىم. مەن پەقەت مۇغىرە بىلەن (ئۇنى زىنا قىلدى، دەپ قارالغان) ئايالنى بىر يېپىنچىنىڭ ئىچىدە يېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم ۋە ئۇلارنىڭ يۇقىرى ـ يۇقىرى ھاسىراپ تىنىۋاتقانلىرىنى ئاڭلىدىم. ئەمما مەن ئۇلارنىڭ ئۇ يېپىنچىنىڭ ئىچىدە نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر <ئەللاھۇ ئەكبەر> دەپ تەكبىر ئېيتىپ كەتتى ۋە بەك خۇرسەن بولدى. چۈنكى، مۇغىرە ئىبنى شۆئبە زىنا جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى. زىياددىن باشقا گۇۋاھچىلار (مۇغىرەگە بوھتان چاپلىغۇچى ھېسابلىنىپ) ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بوھتان چاپلىغانلىقنىڭ جازاسى بېرىلگەن.»

بۇ قىسسە تەبەرىينىڭ تارىخىدا بۇ شەكىلدە بايان قىلىندى: ئەبۇبەكرە، نافىئ ئىبنى كۆلدە، شەبەل ئىبنى مەئبەد ۋە زىياد قاتارلىقلار بىلەن مۇغىرە ئىبنى شۆئبە ئۆمەرنىڭ قېشىغا كېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئۇلار بىلەن مۇغىرە ئىبنى شۆئبەنى بىر يەرگە توپلىدى. مۇغىرە ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا: «سەن بۇ بەندىلەردىن سورىغىن. ئۇلار مېنى قانداق كۆرۈپتۇ؟ ئۇلار مېنى ئالدى تەرىپىمدىن كۆرۈپتىمۇ ياكى ئارقا تەرىپىمدىن كۆرۈپتىمۇ؟ ئۇلار ئايالنى قانداق كۆرۈپتۇ ياكى ئۇنىڭ (مېنى زىنا قىلدى، دەپ قارىغان ئايال ئىكەنلىكىنى) قانداق تونۇپتۇ؟ ئەگەر ئۇلار مېنى ئالدى تەرىپىمدىن كۆرگەن بولسا، مەن قانداق بولۇپ ئۆزەمنى ئۇلاردىن دالدىغا ئالمايمەن؟ ئەگەر ئۇلار مېنى ئارقا تەرىپىمدىن كۆرگەن بولسا، ئۇلار مەن ئۆيۈمدە ئايالىم بىلەن بىر يەردە بولۇۋاتقان چېغىمدا، ماڭا قاراشنى قانداق بولۇپ ھالال دەپ قارىدى؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن (بىر يەردە بولغان ئايال) مېنىڭ ئايالىم ئىدى. الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن (بىر يەردە بولغان ئايال) مېنىڭ ئايالىم ئىدى. ئايالىم (ئۇلار مېنى زىنا قىلدى، دەپ قارىغان) ئايالغا ئوخشاپ كېتەتتى» دېدى.[1]

(1) «ئىلائۇسسۇنەن»، 11 ـ توم، 505 ـ بەت.

# بىر ئادەمنىڭ زىنا قىلغانلىقى ئۈنىڭ ئىقرار قىلىشى بىلەنمۇ ئىسپاتلىنىدىغانلىقىنىڭ بايانى

بىر ئادەمنىڭ زىنا قىلغانلىقى ئۈنىڭ ئوچۇق - ئاشكارە ئىقرار قىلىشى بىلەنمۇ ئىسپاتلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گاچا ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى خەت يېزىش ياكى ئىشارەت قىلىش ئارقىلىق ئىقرار قىلغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارى شۈبھىلىكتۇر. ئەمما كور ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىن بېرىلگەن گۇۋاھلىق توغرا، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەمما ئىقرار قىلغان ئادەمنىڭ ئەقلى - ھۇشى جايىدا بولۇشى شەرت. شۇنىڭ ئۈچۈن مەست ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقى ھەققىدە قىلغان ئىقرارى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە باشقا بىرسىنىڭ (ئۇ ئادەم يالغاندىن ئىقرار قىلىۋاتىدۇ، دەپ) ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارىنى يالغانغا چىقارماسلىقى شەرت. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ۋە ئۇ ئايال ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىقرارىنى يالغانغا چىقارغان بولسا، ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئايال ئۆزىنىڭ بىر كىشى بىلەن زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ۋە ئۇ كىشى ئۇ ئايالنىڭ قىلغان ئىقرارىنى يالغانغا چىقارغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئايالغا جازا بېرىلمەيدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىچە: ھەر ئىككى مەسىلىدە ئىقرار قىلغان تەرەپكە جازا بېرىلىدۇ.

ئىقرارنىڭ تۆت قېتىم بولۇشى شەرت. بۇ تۆت قېتىملىق ئىقرار تۆت ئورۇندا بولۇشى لازىم. ئىقرار قىلغۇچى ئىقرار قىلغان ۋاقىتتا، قازى ئۇنى ھەتتا كۆرمەسلىك ئۈچۈن قايتۇرۇۋېتىدۇ. ئەمما ئىقرار قىلغۇچى تۆت قېتىملىق ئىقرارنى (تۆت ئورۇندا ئەمەس) بىر ئورۇندىلا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئىقرارلار بىر ئىقرارنىڭ ئورنىدا ھېسابلىنىدۇ. ئىقرار ھەققىدە سۇلايمان ئىبنى بۇرەيدە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مائىز ئىبنى مالىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى پاكىزلىغىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ۋاي ساڭا، قايتىپ كەت، اللّٰه دىن مەغپىرەت تىلە ۋە تەۋبە قىلغىن» دېدى. مائىز بەك يىراق

بولمىغان يەرگىچە قايتىپ كېتىپ، ئاندىن تەكرار يەنە قايتىپ كېلىپ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى پاكىزلىغىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ۋاي ساڭا، قايتىپ كەت، الله دىن مەغپىرەت تىلە ۋە تەۋبە قىلغىن» دېدى. مائىز يەنە بەك يىراق بولمىغان يەرگىچە قايتىپ كېتىپ، ئاندىن تەكرار يەنە قايتىپ كېلىپ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى پاكىزلىغىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك سۆزنى قىلىپ ئۇنى قايتۇرۇۋەتتى. مائىز تۆتىنچى قېتىم قايتىپ كېلىپ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يۇقىرىقىدەك سۆزنى قىلغان ۋاقىتتا)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سېنى نېمىدىن پاكىزلايمەن؟» دېدى. مائىز: «زىنادىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (قېشىدىكى كىشىلەردىن): «بۇ ساراڭمۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ساراڭ ئەمەسلىكى خەۋەر بېرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ هاراق ئىچىپتىمۇ؟» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئادەم تۇرۇپ مائىزنىڭ ئېغىزىنى پۇرىدى ۋە ئۇنىڭدىن هاراق پۇرىقىنىڭ كەلگەنلىكىنى هېس قىلمىدى. (بۇ ئىشلاردىن كېيىن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن زىنا قىلدىڭمۇ؟» دېدى. مائىز: «شۇنداق» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرىدى. ئۇ چالما ـ كېسەك قىلىندى. كىشىلەر مائىز ھەققىدە ئىككى گۇرۇپپا بولۇندى: بىر گۇرۇپ: «مائىز هالاك بولۇپ كەتتى، ئۇنى خاتالىقلىرى قاپلاپ كەتتى» دېيىشتى. يەنە بىر گۇرۇپ: «مائىزنىڭ تەۋبىسىدىن ياخشى تەۋبە (يەنى مائىزدىن ياخشى تەۋبە قىلغان ئادەم) يوق، مائىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ قولىنى ئۇنىڭ قولىغا قويۇپ تۇرۇپ مېنى تاش بىلەن ئۆلتۈرگىن، دېگەن» دېيىشتى. كىشىلەر بۇ شەكىلدە ئىككى ياكى ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزدى. (ئىككى ياكى ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ئولتۇرۇۋاتقان بىر سورۇنغا كېلىپ سالام بېرىپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە: «مائىز ئىبنى مالىككا مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار» دېدى. كىشىلەر: «الله تائالا مائىز ئىبنى مالىكنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلسۇن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مائىز شۇنداق بىر تەۋبە قىلدىكى، ئەگەر ئۇ تەۋبە بىر ئۇممەت ئىچىگە تەقسىم قىلىنسا، ئۇلارغا كەڭتەشا يېتەتتى» دېدى.

سۇلايمان ئىبنى بۇرەيدە دادىسىدىن قىلغان رىۋايەتنى داۋاملاشتۇرۇپ

مۇنداق دەيدۇ: كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا <ئەزد> دېگەن يەردىكى غامىدىي قەبىلىسىدىن بىر ئايال كېلىپ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى پاكىزلىغىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ۋاي سىزگە، قايتىپ بېرىپ الله دىن مەغپىرەت تىلەڭ ۋە تەۋبە قىلىڭ» دېدى. ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «مەن سېنى مىنىمۇ خۇددى مائىزنى قايتۇرۇۋەتكەندەك قايتۇرۇۋاتماقچى بولغانلىقىڭنى گۇمان قىلىۋاتىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا: «(مەن سىزنى) نېمىدىن پاكىزلايمەن» دېدى. ئۇ ئايال: (قورسىقىمدىكى بۇ بالا) زىنادىن بولغاندۇر» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سىزمۇ (شۇنداق قىلدىڭىزمۇ)» دېدى. ئۇ ئايال: «شۇنداق» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «قورسىقىڭىزدىكى بالىنى تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن كېلىڭ» دېدى. ئۇ ئايالغا تاكى ئۇ تۇغقانغا قەدەر ئەنسارلىق بىر ئادەم كېپىل بولدى. (ئۇ ئايال تۇغقان ۋاقتىدا ئەنسارلىق ھېلىقى ئادەم) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «غامىدىي قەبىلىسىدىن بولغان ھېلىقى ئايال تۇغدى» دەپ خەۋەر بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنى ھازىر چالما ـ كېسەك قىلمايمىز. (ئۇنى ھازىر چالما ـ كېسەك قىلساق)، بالىسىنى سۈتتىن كىچىك ئايرىۋاتقان بولىمىز. ئۇنى ئېمىتىدىغان ئادەم يوق» دېدى. ئەنسارلىق بىر ئادەم: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ بالىنى ئېمىتىش ئىشىنى مەن ئۈستۈمگە ئالاي» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىندى: غامىدىي قەبىلىسىدىن بىر ئايال كېلىپ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن زىنا قىلدىم. مېنى پاكىزلىغىن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنى قايتۇرۇۋەتتى. ئۇ ئايال ئەتىسى كېلىپ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى قايتۇرۇۋەتمىگىن. سەن مىنىمۇ خۇددى مائىزنى قايتۇرۇۋەتكەندەك قايتۇرۇۋەتمەكچى بولىۋاتىسەن، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (قورسۇقامدىكى بۇ بالا) زىنادىن بولغاندۇر» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سىزنى (ھازىر چالما ـ كېسەك قىلىشقا بولمايدۇ. سىز بېرىپ قورسىقىڭىزدىكى بالىنى تۇغۇڭ» دېدى. ئۇ ئايال بالىنى تۇغقاندىن كېيىن بالىنى بىر پارچە رەخكە يۆگەپ ئېلىپ كەلدى ۋە: «مانا بۇ مېنىڭ تۇغقان بالام» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سىز قايتىپ بېرىپ بالىڭىزنى تاكى ئۇ (سۈتتىن) ئايرىلغانغا قەدەر ئېمىتىڭ»

دېدى. ئۇ ئايال قايتىپ بېرىپ بالىسىنى تاكى ئۇ (سۈتتىن) ئايرىلغانغا قەدەر ئېمىتتى، ئاندىن قولىدا بىر پارچە نان بىلەن بالىنى ئېلىپ كېلىپ: «ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مانا بۇ بالا (سۈتتىن) ئايرىلىپ تاماق يېگۈدەك بولدى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىنى مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشىگە بەردى، ئاندىن ئۇ ئايالنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالغا ئۇنىڭ مەيدىسىگە كەلگۈدەك قىلىپ بىر كاتاك كولاندى. كىشىلەر (ئۇنىڭغا چالما ـ كېسەكلەرنى ئېتىشقا) بۇيرۇلدى ۋە كىشىلەر ئۇنىڭغا چالما ـ كېسەكلەرنى ئېتىشقا باشلىدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد كېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا بىر تاش ئاتتى. (تاش بېرىپ ئۇنىڭ بېشىنى يېرۋەتتى). ئۇنىڭ بېشىدىن چىققان قان خالىدنىڭ يۈزىگە چاچرىدى. شۇنىڭ بىلەن خالىد ئۇنى تىللىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىدنىڭ ئۇ ئايالنى تىللىغان تىلىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا: «ھەي خالىد! ئۆزەڭنى بېسىۋال، جېنىم قولىدا بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ئايال شۇنداق بىر تەۋبە قىلدىكى، ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ قىلغان تەۋبىسىنى بىر باجگىر قىلسا، اللە تائالا ئۇ باجگىرنىڭ تەۋبىسىنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلاتتى» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنى (يۇيۇپ ـ تاراشقا) بۇيرۇدى ۋە ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىكىدە قويدى.[1]

بۇ ھەقتە ئىمران ئىبنى ھۇسەين (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: جۇھەينە قەبىلىسىدىن زىنادىن قورساق كۆتۈرۈپ قالغان بىر ئايال، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەن جازا بېرىشنى لازىم قىلىدىغان بىر جىنايەت قىلىپ سالدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا جازا بەرسەڭ» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنىڭ ئىگى ـ چاقىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ: «سەن بۇنىڭغا ياخشى قارىغىن. ئۇ (قورسىقىدىكى بالىنى) تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كەلگىن» دېدى. ئۇ ئايالنىڭ ئىگىسى (ئۇ ئايال تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا) ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى چىڭ باغلاشقا، ئاندىن ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇ ئايال چالما ـ كېسەك قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمەكچى بولدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئايال زىنا قىلغان تۇرسا، ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرەمسەن؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئايال شۇنداق بىر تەۋبە قىلدىكى، ئەگەر ئۇ تەۋبە مەدىنىدىكى كىشىلەردىن 70 ئادەمنىڭ ئىچىگە تەقسىم قىلىنسا، ئۇلارغا كەڭتەشا يېتەتتى. ئۇنىڭغا الله تائالا ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جېنىنى بەرگەندىنمۇ ياخشى تەۋبە بارمۇ» دېدى.[1]

## ئىپپەتلىك ھالىتىدىكى ئەمەس ئادەمنى قامچىلاشنىڭ بايانى

زىنا قىلغان، ئەمما ئىپپەتلىك ھالىتىدە ئەمەس كىشى، ئەگەر ھۆر ئادەم بولسا، زىنا قىلغانلىقىنىڭ جازاسى ئۈچۈن 100 قامچا ئۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى قۇل ئادەم بولسا، 50 قامچا ئۇرۇلىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار، ئەگەر سىلەر اللە غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار، الله نىڭ دىنىنىڭ (ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار، ئۇلارنى جازالىغان چاغدا مۆمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشى ھازىر بولسۇن[2]» الله تائالا چۆرىلەر ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ئەگەر ئۇلار ئەرگە تەگكەندىن كېيىن پاھىشە قىلسا، ئۇلارغا ھۆر ئاياللارغا بېرىلىدىغان جازانىڭ يېرىمى بېرىلىشى كېرەك[3]»

زىنا قىلغۇچى ئاغرىتىدىغان، ئەمما يارىدار قىلمايدىغان قامچا بىلەن ئۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم تەن ـ قۇرۇلىشى ئاجىز ئادەم بولغان ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىنىدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم كۆتۈرەلەيدىغان دەرىجىدىكى يۇمشاق قامچى بىلەن ئورۇلىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇياتلىق يېرىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئىشتىنىدىن باشقا ھەممە كىيىم ـ كېچەكلىرى سالدۇرۋېتىلىدۇ. قامچا بىلەن ئۇنىڭ بېشى، يۈزى ۋە جىنسىي ئەزاسىدىن باشقا ھەممە يەرلىرىگە ئۇرۇلىدۇ. قامچا بىر يەرگىلا سېلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بىرىنچى كۈنى ئارقىمۇ ـ ئارقا ئەللىك قامچا ۋە ئىككىنچى كۈنى يەنە ئەللىك قامچا ئۇرۇلغان بولسا، بۇمۇ توغرا بولىدۇ. ئەمما ھەر كۈندە بىر ياكى

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(2) سۈرە نۇر 2 ـ ئايەت.

(3) سۈرە نىسا 25 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

ئىككى قامچا ئۇرۇپ (يۈز قامچىنى بىر نەچچە كۈنگە) بۆلۈپ ئۇرۇش توغرا ئەمەس. چۈنكى بۇ شەكىلدە ئۇ ئادەم ھېچقانداق ئاغرىقنى ھېس قىلمايدۇ.

مەيلى جازا ئۈچۈن ئۇرۇلغان بولسۇن، مەيلى ئەدەب بېرىش يۈزىسىدىن بېرىلگەن جازا ئۈچۈن ئۇرۇلغان بولسۇن، ئەر ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئايال بولسا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۇرۇلىدۇ. ئايال كىشىدىن پاختىلىق ۋە يۇڭلۇق كىيىمگە ئوخشاش قېلىن كىيىم - كېچەكلەردىن باشقىسى سالدۇرۇلمايدۇ.

## جازالارنىڭ، ئۆلاردا كۆرۈلگەن شۈبھىلەر سەۋەبى بىلەن ئىجرا قىلىنمايدىغانلىقىنىڭ بايانى

بىز يۇقىرىدا جازالارنىڭ، ئۆلاردا كۆرۈلگەن شۈبھىلەر سەۋەبى بىلەن ئىجرا قىلىنمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

شۈبھىلەر بولسا ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

1 - ئورۇندا (يەنى ئايالدا) كۆرۈلگەن شۈبھە. بۇ شۈبھە يەنە <ھۆكمى شۈبھە> دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى زىنا قىلىنغان ئايالنىڭ زىنا قىلغۇچى ئادەمگە ھالال بولۇش شۈبھىسى بار. مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ ئوغلىنىڭ ياكى ئوغلىنىڭ ئوغۇل بالىسىنىڭ چۆرىسى بىلەن جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگىنىگە ئوخشاش[1]. (ئۇ چۆرىنىڭ ئۇ ئادەمگە تەۋە بولۇش ئېھتىمالى بار). چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىگە: «سەن ۋە سېنىڭ مال - مۈلكىڭ داداڭغا تەۋە» دېگەن.[2]

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۈچ تالاق قىلىۋېتىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، كىنايە سۆزلەر بىلەن تالاق قىلىنىپ كېتىپ ئۇ تالاقتىن ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالى بىلەن جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئادەمگە ئوخشاش. بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايالى بىلەن جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا جازا بېرىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم: «مەن ئۇ ئايالنىڭ ماڭا ھارام

(1) چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ ئوغلىنىڭ ياكى ئوغلىنىڭ ئوغۇل بالىسىنىڭ چۆرىسى ئۇ ئادەمگە تەۋە بولۇش ئېھتىمالى بار. شۇڭا ئۇ ئادەم ئەگەر ئوغلىنىڭ چۆرىسى بىلەن جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ چۆرىسى بىلەن جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنگە ئوخشاش ئۇنىڭغا جازا بېرىلمەيدۇ. ت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى.

بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەن، دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، كىنايە سۆز بىلەن ئايالىنىڭ ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىشىدە ئىماملارنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. ئايال كىنايە سۆز بىلەن ئۈچ تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ، دېگەن ئىمامنىڭ ئۆز قارىشىغا كەلتۈرگەن دەلىل ـ پاكىتىگە بىز ئەمەل قىلمىساقمۇ، لېكىن ئۇ دەلىل ـ پاكىت ئالدىمىزدا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يەنە بىر ئادەمنىڭ، ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇ ئادەمگە هارام بولۇپ كەتكەن ئايالى بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگىنىگە ئوخشاش. چۈنكى ئىماملارنىڭ ئىچىدە بىر ئايالنىڭ ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىشى بىلەن ئۇ ئايال ئېرىگە هارام بولۇپ كەتمەيدۇ، دەپ قارايدىغانلارمۇ بار. ھەتتا بەلەخنىڭ ئىماملىرى ئايالنىڭ ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىش بىلەن ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتمەيدىغانلىقى ھەققىدە پەتىۋا بەرگەن. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئوغلى بىلەن زىنا قىلغان بىر ئايالنى (نىكاھىغا ئېلىپ) ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ئانىسى ياكى قىزى بىلەن زىنا قىلىپ سالغان بىر ئايالنى (نىكاھىغا ئېلىپ) ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «زىنا بىر ئايالنى هارام قىلىۋېتەلمايدۇ» دەيدۇ. يەنى بىر ئادەمنىڭ بىر ئايال بىلەن زىنا قىلىشى ئۇ ئادەمگە ئۇ ئايالنىڭ ئانىسىنى ياكى قىزىنى ئېلىشنى هارام قىلىۋېتەلمايدۇ، دېمەكچىدۇر.

2 ـ زىنا قىلغان ئادەم گەرچە قىلغان ئىشنى هالال، دەپ قارىسىمۇ هاراملىقى ئايرىلىشىپ كەتكەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەتتىكى شۈبهە. بۇ شۈبهە جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈلگەن ئايالدا كۆرۈلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئايالنىڭ ئۇ ئادەمگە هارام بولۇپ كەتكەنلىكىدە هېچقانداق شەك يوق. بۇ شۈبهە يەنە هالال ـ هاراملىقىنى ئېنىق ئايرىيالمايدىغان ئادەم ئۈچۈن <هالال ـ هاراملىقى ئايرىلىشىپ كەتكەن شۈبهىسى> دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ شۈبهىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئىش بولسا، ئۆتكۈزگەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەتنى هالال، دەپ گۇمان قىلىشتۇر. ئەگەر ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىرى ئۆتكۈزگەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەتنىڭ هالاللىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، ھەتتا ئۇ ئىككىسى باراۋەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنسىي ـ مۇناسىۋىتىنىڭ هاراملىقىنى ئىقرار قىلمىغۇچە ئۇ ئىككىسىگە جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى جىنسىي ـ مۇناسىۋەت

ئۆتكۈزگەن ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىرىسىدە كۆرۈلگەن شۈبھە تەسىرىنى يەنە بىر تەرەپتىمۇ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ بىر قېتىمدىلا ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن بولسىمۇ ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن ئايالى بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگىنىگە ئوخشاش. ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن ئايالى بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئادەمدىن جازا چۈشۈپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم، ئەگەر ئۆزىنىڭ ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن ئايالى بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى ھالال، دەپ قارىغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئايالىنى (بىرلا قېتىمدا ئۈچ تالاق قىلماي) بىر تالاقتىن ـ بىر تالاقتىن ئۈچ تالاق قىلغان ۋە (ئايالى ئۈچىنچى تالاقنىڭ ئىددىتىنى تۈتۈۋاتقان چاغدا)، ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمدىن جازا چۈشۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى بۇ شەكىلدە تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئېرىدىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ كېتىدىغانلىقىدا ھېچبىر كىشىنىڭ ئىختىلاپى يوق. چۈنكى قۇرئان كەرىم ئۈچىنچى تالاقتىن كېيىن ئايالنىڭ ئۇنى تالاق قىلىۋەتكەن ئېرىگە ھالال بولمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر (ئۇ) ئۇنى (يەنى خوتۇنىنى) (ئۈچ قېتىم) تالاق قىلسا، (خوتۇن) باشقا ئەرگە تەگمىگىچە ئۇنىڭغا دۇرۇس بولمايدۇ[1]»

بىر قېتىمدا قىلىنغان ئۈچ تالاق ئۈچ تالاق ئەمەس (بىر تالاق ھېسابلىنىدۇ)، دەپ بىر قېتىمدا ئۈچ تالاق قىلىنغان ئايالنىڭ ئۈچ تالاق بولۇپ كېتىشىگە ئېتىراز بىلدۈرگەن ئالىمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇنداق دېگەن ئالىم ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ زامانىدا قارارلاشقان ساھابىلارنىڭ بىرلىكىدىن (يەنى ئىجماسىدىن) ئىبارەت ئېنىق دەلىل ـ پاكىتقا قارشى چىققان ھېسابلىنىدۇ.

توي قىلغان كىشى، توي كېچىسى ئاياللار ئۇنىڭغا: «بۇ ئايال سېنىڭ ئايالىڭ بولىدۇ» دەپ سۈلاپ بەرگەن باشقا بىر ئايال بىلەن ئۇ ئاياللارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇ كىشىگە جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئاياللارنىڭ (نىكاھ قىلمىغان ئايال بولسىمۇ) <بۇ، سېنىڭ ئايالىڭ> دېگەن سۆزى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى دۇرۇس قىلىدىغان شەرىئەتتە ئېتىراپ قىلىنىدىغان دەلىل

(1) سۈرە بەقەر 230 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى مۇئامىلات ئىشلىرىدا بىر ئادەمنىڭ سۆزىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ <ئەلئەسلى> دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم بىر ئايال بىلەن ئۆيلەنگەن، ئاندىن (ئاياللار ئۇنىڭغا توي كېچىسى) باشقا بىر ئايالنى سولاپ بەرگەن ۋە ئۇ ئادەم سولاپ بېرىلگەن ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە زىنانىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ ئايال بىلەن (ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدۇ). بۇ، ئۇ جىنسىي - مۇناسىۋەتنىڭ ھالاللىق شۈبھىسىنى كەلتۈرىدۇ. بۇ مەسىلىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇ ئۆزىگە (سولاپ بېرىلگەن باشقا بىر ئايال بىلەن) جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئادەمگە جازا بېرىلمەيدىغانلىقىغا، ئۇ ئايالغا تويلۇق بېرىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىگە، ئۇ ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشىنىڭ لازىملىقىغا ۋە ئۇ ئادەمگە بوھتان چاپلىغان ئادەمگە بوھتان چاپلىغانلىقنىڭ جازاسى بېرىلمەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم چىقارغان. ئەگەر بىر ئادەم بىر ئايال بىلەن جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ مەن: «بۇ ئايالنى مېنىڭ ئايالىممىكى، دەپ گۇمان قىلغان ئىدىم» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلىدۇ. چۈنكى، گۇمان بىر ئايال بىلەن جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى دۇرۇس قىلىدىغان شەرىئەتتە ئېتىراپ قىلىنىدىغان دەلىل ھېسابلانمايدۇ ۋە بىر ئايال بىلەن جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە قەدەم قويۇش ئۈچۈن گۇمانغا تايىنىش توغرا ئەمەس. ئەمما توي قىلغان ئادەمنىڭ توي كېچىسى ئايالىلار ئۇنىڭغا: «مانا بۇ سېنىڭ ئايالىڭ» دەپ سولاپ بەرگەن ئايال بىلەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى، ئۆزىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى گۇمان قىلىپ بىر ئايال بىلەن جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، توي قىلغان ئايالىلارنىڭ ئۇ ئادەمگە: «بۇ سېنىڭ ئايالىڭ» دېگەن سۆزى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ سۆزگە تايىنىپ تۇرۇپ ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە قەدەم قويۇشىنى دۇرۇس قىلىدىغان دەلىل ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ، ئۇ جىنسىي - مۇناسىۋەتنىڭ ھالاللىق شۈبھىسىنى كەلتۈرىدۇ.»[1]

(1) «ئەلئەسلى»، 11 - توم، 656 - بەت.

ئەگەر بىر ئادەم مەيلى ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىق سەۋەبى بىلەن بولسۇن، مەيلى ئېمىلدەشلىك سەۋەبى بىلەن بولسۇن، مەيلى توي قىلغانلىق سەۋەبى[1] بىلەن بولسۇن، ئېلىش هارام قىلىنىپ كەتكەن بىر ئايالنى نىكاھىغا ئالغان، ياكى باشقا بىرسىنىڭ نىكاھىدىكى ئايالنى ياكى باشقا بىرسىنىڭ ئىددىتىنى تۇتۇۋاتقان ئايالنى ياكى ئۆزىنىڭ ئۈچ تالاق قىلىۋاتقان ئايالىنى نىكاھىغا ئالغان ياكى بىر نىكاھتىلا بەش خوتۇننى نىكاھىغا ئېلىپ ئۇلار بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ياكى بىر نىكاھتا ئىككى هەمشىرىنى نىكاھىغا ئېلىپ ئۇ ئىككىسى بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن، ياكى ئىككى هەمشىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم نىكاھىغا ئېلىپ ئاخىرىدا نىكاھىغا ئالغىنى بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەمگە زىنانىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئېلىش هالال بولمايدىغان بىر ئايال بىلەن توي قىلغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇنىڭغا زىنانىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئايالنى ئېلىش ئۆزىگە هالال بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئالغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ يەنە ئۇنىڭغا زىنانىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا باشقا جازا بېرىلىدۇ. بۇ، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىچە: ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئايالنى ئېلىشنىڭ ئۆزىگە هالال بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئالغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، بۇ هالدا ئۇنىڭغا زىنانىڭ جازاسى بېرىلىدۇ. بۇ هەقتە پەتىۋا بۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشى بويىچە بېرىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئۇ ئايالنى ئېلىشنىڭ هالاللىقىنى گۇمان قىلغان بولسا، بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىكىگە ئاساسەن ئۇنىڭغا زىنانىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. ئۇنىڭغا پەقەت ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا ئەڭ ئېغىر شەكىلدە بېرىلىدۇ.[2]

قاراڭغۇ كېچىدە ياتىقىدىكى بىر ئايالنى ئۆزەمنىڭ ئايالى، دەپ گۇمان قىلىپ ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئادەمگە زىنانىڭ

(1) توي قىلىش سەۋەبى بىلەن ئېلىش هارام قىلىنىپ كەتكەن ئاياللار بولسا مەسىلەن: توي قىلغان ئايالنىڭ ئانىسى، چوڭ ئانىسى ۋە قىزى قاتارلىقلاردۇر. ت.

(2) «رەددۇلمۇهتار»، 3 ـ توم، 154 ـ بەت

جازاسى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى جازالار، ئۇلاردا كۆرۈلگەن شۈبھىلەر سەۋەبى بىلەن ئىجرا قىلىنمايدۇ. ئۇ، ئۆزرە ھېسابلىنىشقا ئەرزىيدىغان شۈبھىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ۋاقىت (كېچە ئەمەس) كۈندۈز بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا جازا بېرىلىدۇ. مەيلى كېچىدە بولسۇن، مەيلى كۈندۈزدە بولسۇن، ئايالىنى ياتاققا چاقىرغان ۋاقىتتا، بىر ئايال: «مېنىڭ ئىسمىم پالانى» دەپ (كور ئادەمنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمىنى دېگەن) ۋە مەن: «سېنىڭ ئايالىڭ» دەپ ياتاققا كىرگەن ۋە ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن كور ئادەمگە زىنانىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئايالنىڭ كور ئادەمگە: «مەن سېنىڭ ئايالىڭ» دەپ خەۋەر بېرىشى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئايال بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنى دۇرۇس قىلىدىغان شەرىئەتتە ئېتىراپ قىلىنىدىغان دەلىل ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇ كور ئادەم ئۆز ئايالىنى باشقا ئاياللاردىن ئايرىيالمايدىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك بەزى كورلار كور ئەمەس ئادەملەرگە قارىغاندا، نەرسىلەرنى بىر ـ بىرىدىن بەك ياخشى ئايرىيالايدۇ.

ئەگەر بىر ئايال بىر ئادەمگە ئۆزىنى (ئۇنىڭ ئايالى كۆرسىتىپ) ئۇنىڭغا ئۆزىنى تۇتۇپ بەرگەن ۋە ئۇ ئادەم ئۇنى ئۆزىنىڭ ئايالى، دەپ گۇمان قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۆزرىلىك ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم ئۇچۇن (ئۇ ئادەم ئۇ ئايالنى ئۆزىنىڭ ئايالى، دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۇچۇن) ئۇ ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئايالى ئارىلىشىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇ ئايالغا زىنانىڭ جازاسى بېرىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئايال ئۆزرىلىك ھېسابلانمايدۇ. بۇ، بۇ ھەقتىكى قائىدىلەردىن ئېنىق چىقىپ تۇرىدىغان ھۆكۈمدۇر.[1]

ئەگەر تۆت ئادەم بىر قىزنى بىرسى بىلەن زىنا قىلدى، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ۋە بىر نەچچە ئىشەنچىلىك ئاياللار ئۇ قىزنىڭ تېخى قىز ئىكەنلىكى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ قىزغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلدى، دەپ قارالغان ئادەمگە زىنانىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ تۆت گۇۋاھچىغىمۇ (ئۇ ئىككىسىگە بوھتان چاپلىدى، دېگەن باھانە بىلەن) بوھتان چاپلىغانلىقىنىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ سانى تولۇقتۇر. يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ راستچىل ئادەم بولۇشلىرى ئېھتىمالغا يېقىندۇر. ئەمما

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 11 ـ توم، 658 ـ بەت.

ئۇ ئىككىسىگە زىنانىڭ جازاسىنىڭ بېرىلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئاياللارنىڭ ئۇ قىزنىڭ تېخى قىز ئىكەنلىكى ھەققىدە بەرگەن گۇۋاھلىقىدۇر. گەرچە ئاياللارنىڭ گۇۋاھلىقى زىنانىڭ جازاسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن پاكىت ھېسابلانمىسىمۇ جازانى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن پاكىت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىككىسىگە زىنانىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىر قىزنىڭ قىز ياكى قىز ئەمەسلىكى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئاياللار ئۇ قىزنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا قارىشى توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە تۇغۇت ئانىسىنىڭ، ئاياللارنى خەتنە قىلىدىغان ئايالنىڭ، ئەرلەرنى خەتنە قىلىدىغان ئادەمنىڭ ۋە دوختۇر قاتارلىق ئادەملەرنىڭ ھاجەت چۈشۈپ قالغاندا باشقىلارنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرىگە قاراشلىرى توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە بىر قىز بىلەن زىنا قىلغان ئادەم (ئۆزىنىڭ ئۇ قىز بىلەن زىنا قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ) ئۇ قىزنىڭ تېخى قىز ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، ئۇ قىزنىڭ قىزلىقىنى بىلىش ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا قاراشقا بولىدۇ.[2]

ئەگەر بىر نەچچە ئادەم بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ زىنا قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن ۋە ئەر قوپۇپ: «ئۇ مېنىڭ ئايالىم بولىدۇ» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئەر بىلەن ئۇ ئايالغا جازا بېرىلمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ھەزمى (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ <ئەلمۇھەللا> دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق بىر ئەسەرنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئەر بىلەن بىر قىز كۆپىنىڭ بىر خارابىلىقىدا تېپىلدى. ئەر قىزدىن قان چىقارتىۋاتقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ يېنىغا كەلتۈرۈلدى. ئەر: «بۇ مېنىڭ تاغامنىڭ قىزى بولىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان ئىدىم» دېدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قىزغا: «سىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز» دېدى. كىشىلەر قىزغا: «شۇنداق دەڭ» دېدى. قىز: «شۇنداق (مەن ئۇنىڭ ئايالى)» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇ ئىككىسىگە جازا بەرمىگەن.»[3]

(1) «ئەلائۇسسۇنەن»، 11 ـ توم، 654 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 161 ـ بەت.

(3) «ئەلائۇسسۇنەن»، 11 ـ توم، 655 ـ بەت.

# ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلىرىدا ھېچبىر ئادەمگە يان باسىدىغان قانۇننىڭ يوق ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

**ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلىرىنىڭ ئالاھىدىكلىرىنىڭ بىرى بولسا، ئۇنىڭدا كىشلەرنىڭ ئىچىدىن ھېچبىر ئادەمگە يان باسىدىغان قانۇننىڭ يوق بولۇشىدۇر. ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلىرى ھەممە ئادەمگە ئوخشاش ئىجرا قىلىنىدۇ. چۈنكى، ھەممە ئادەم الله تائالانىڭ قانۇنى ئالدىدا باراۋەردۇر. ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلىرى ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇنلارغا ئوخشىمايدۇ. ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇنلار جەمئىيەتتىكى بەزى كىشلەرنى (ئۇ كىشلەر جىنايەت ئۆتكۈزگەن تەقدىردىمۇ) ئۇلارنى قوغداش ئۈچۈن قانۇن يولغا قويغاندۇر. بىز يۇقىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى پاتىمە ئوغرىلىق قىلغان تەقدىردە، مۇھەممەد ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قولىنى كېسىدۇ» دېگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن فىقھشۇناسلار: «ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى (بىر ئادەمنىڭ جازانى لازىم قىلىدىغان بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى پەقەت) ئۆزىلا بىلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىرەر كىشىمۇ بىلمەيدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ باشلىق ئۇ ئادەمگە ئۇ جىنايەتنىڭ جازاسىنى ئىجرا قىلمايدۇ» دەيدۇ.**

**<ئەددۇلمۇختار> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى: «ئەگەر قازى بىر ئادەمنىڭ زىنا قىلىۋاتقانلىقىنى ياكى هاراق ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرسە، ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇ ئادەمگە جازا بەرمەيدۇ» دېدى. ئىبنى ئابىدىن (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) قازىنىڭ ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇ ئادەمگە جازا بەرمەسلىكىنىڭ سەۋەبى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «زىنا قىلغانلىق ياكى هاراق ئىچكەنلىك ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە جازا ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان مۇئەييەن بىر تەرەپ يوق. شۇڭا قازىنىڭ ئۇ ئادەمگە جازا بېرىشى، قازىنىڭ ئۇنى ئۆزى تەلەپ قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەسلىدە قازى بولسا، جىنايەتچىنىڭ جىنايىتىنى يېپىپ ئۇنىڭغا جازا ئىجرا قىلماسلىقنىڭ تەرىپىنى تۇتۇشقا بۇيرۇلغاندۇر. چۈنكى، ھەدىستە: «كىمكى (بىرسىنىڭ) ئەيىبلىك ئىشىنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنى ياپسا، ئۇ خۇددى تىرىك كۆمۈلگەن بىر قىزنى تىرىلدۈرۈۋالغان كىشىنىڭ ئورنىدىدۇر» دەپ بايان قىلىنغان. شۇڭا ئەگەر قازى بۇيرۇلغان ئىشتىن يۈز ئۆرۈپ زىنا قىلغان، ياكى هاراق ئىچكەن ئۇ ئادەمگە**

جازا ئىجرا قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلىنىپ قېلىشى ئېھتىمال. شۇڭا قازىنىڭ ئۇ ئادەمگە جازا بېرىشى توغرا ئەمەس. ئەمما بوھتان چاپلىغان، ياكى ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقان ئادەمنىڭ ھۆكمى (يۇقىرىدا بايان قىلىنغان زىنا قىلغان، ياكى ھاراق ئىچكەن ئادەمنىڭ ھۆكمىگە) ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، بوھتان چاپلىغان، ياكى ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقان ئادەم ئۈچۈن جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدىغان تەرەپ بار. ئۇ بولسىمۇ بوھتان چاپلانغان كىشى، ياكى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگى - چاقىلىرىدۇر. بەزى ئالىملار: بۇ ھەقتە ئەدەپلەش يۇزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ ھۆكمىمۇ قىساسنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ، دەيدۇ.»[1]

<ئەددۇلمۇختار> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى: «ئەگەر خەلىپە ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقان، ياكى بىر كىشىنىڭ مال - مۈلكىنى ناھەق ئېلىۋالغان بولسا، خەلىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگىسى، ياكى مال - مۈلۈكنىڭ ئىگىسى ئۆز ھەقلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ[2]. چۈنكى، قىساسقا ۋە مال - مۈلۈككە ئالاقىدار ھەقلەر بولسا، بەندىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا ئالاقىدار ھەقلەردىندۇر. ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگىسى، ياكى مال - مۈلۈكنىڭ ئىگىسى خەلىپىدىن ئۆز ھەقلىرىنى، خەلىپىنىڭ ئۇنىڭغا ھەقلىرىنى بېرىشكە ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ماقۇل بولۇشى بىلەن ئالىدۇ، ياكى باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئالىدۇ. مانا بۇ قىساسقا، ياكى مال - مۈلۈككە ئالاقىدار ھەق - ھوقۇقلارنى ئېلىش ئۈچۈن قازىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىنىڭ شەرت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قازىنىڭ ھۆكۈمى پەقەت قارشى تەرەپنى، ئۈستىدىكى ھەقلەرنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە بوي ئەگدۈرۈش ئۈچۈنلا شەرتتۇر. خەلىپە ئەگەر بىرەرسىگە بوھتان چاپلىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، بوھتان چاپلاش ئىشىدا الله تائالانىڭ ھەق - ھوقۇقلىرى تەرىپى بېسىپ كېتىدۇ. يەنە كېلىپ بوھتان چاپلىغان ئادەمگە جازانى خەلىپە بېرىدۇ. (ئۇنداق ئىكەن خەلىپە ئۆزىگە ئۆزى جازا بېرەلمەيدۇ). بىرەر ئادەمنىڭ خەلىپىنىڭ ئۈستىدىن ئۇنىڭغا جازا بېرىش ئۈچۈن ھۆكۈم چىقارغىدەك ھوقۇقى يوق. ئەمما شەھەرلەرنىڭ ۋالىسى جازا كەلتۈرۈدىغان بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزسە، ئۇنىڭغا دۆلەتنىڭ باشلىقىنىڭ (يەنى خەلىپىنىڭ) بۇيرۇقى بىلەن جازا ئىجرا قىلىنىدۇ.»[3]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 177 - بەت.

(2) يەنى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگىسى خەلىپىدىن قىساس، ياكى دىيەت تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ت.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 158 - بەت.

## بەچچىۋازلىق قىلىشنىڭ ۋە ھايۋانلار بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ھۆكمى

بەچچىۋازلىقتىن، ئادەمنىڭ چوڭ تەرەت يولىغا جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «بەچچىۋازلىقنىڭ ھۆكمى خۇددى زىنانىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. يەنى بەچچىۋازلىق قىلغان ئادەم ئەگەر ئىپپەتلىك ھالىتىدىكى[1]ئادەم بولمىسا، قامچا ئۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئىپپەتلىك ھالىتىدىكى ئادەم بولسا، چالما ـ كېسەك قىلىنىدۇ» دەيدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بەچچىۋازلىق قىلغان ئادەمگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ، ئەگەر بەچچىۋازلىق قىلغان ئادەم شۇ ئىشنى قىلىشقا ئادەتلىنىپ قېلىش ئېھتىمالى بار بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا قانداق جازا يۈگۈزۈش ئىشى مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىغا تاپشۇرۇلىدۇ، باشلىق ئەگەر خالىسا ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ، خالىسا ئۇرىدۇ ۋە تۈرمىگە تاشلايدۇ. ئەگەر ئۆلتۈرۈلمەي باشقا جازا بېرىلگەن بەچچىۋاز ئادەم بۇ ئىشنى ئىككىنچى قېتىم قىلسا ئۆلتۈرۈلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ئىككىنچى قېتىم قىلغانلىقى ئۇنىڭ بۇ ئىشقا ئادەتلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ» دەيدۇ.

ھايۋانلار بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت قىلغان ئادەمگە زىنانىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. ئۇنىڭغا پەقەت ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ. ئۇ ھايۋاننى ئۆلتۈرۈپ كۆيدۈرۈۋېتىش مۇستەھەپتۇر. چۈنكى ئۇ ھايۋان، ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنىڭ ھېكايىسىنى قىلىشىپ ئۇنىڭ ھېكايىسىنىڭ ھەممە ئادەملەرنىڭ ئارىسىغا تاراپ كېتىشكە سەۋەبچى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋانلاردىن بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىچە: ئۇ ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېگىلى بولىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋان بولسىمۇ ئۇ ھايۋان كۆيدۈرۈلىدۇ» دەيدۇ.[2] ئايال كىشى بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈدىغان مايمۇن ۋە

(1) بىر ئادەمنىڭ ئىپپەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى، شەرتىگە توشقان نىكاھ بىلەن توي قىلغان بولۇشى، ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا بولۇشى ۋە ھۆر بولۇشى لازىم. ئۈزىدە مەزكۇر شەرتلەر تېپىلغان ئادەم ئىپپەتلىك ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 155 ـ بەت.

ئىتلارغا ئوخشاش هايۋانلارنىڭ هۆكمىمۇ ئەر كىشى جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن هايۋانلارنىڭ هۆكمى بىلەن ئوخشاش. (يەنى ئايال كىشى بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈدىغان هايۋانلارمۇ كۆيدۈرۈلىدۇ).

بەچچىۋازلىق قىلىش ئىشى كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن جەننەتتە بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام سۇيۇتى (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھەنبەلىي مەزھەپىدىكى ئىبنى ئۇقەيلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۆئتەزىلە مەزھەپىدىكى ئەبۇئەلى ئىبنى ئەلۋەلىد بىلەن ئەبۇيۇسۇف ئەلقەزۋىنىنىڭ ئارىسىدا بۇ ھەقتە مۇنازىرە يۈز بەردى. ئەبۇئەلى ئىبنى ئەلۋەلىد: «بەچچىۋازلىق (ئاخىرەتتە) جەننەتنىڭ لەززەتلىرىنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، (بەچچىۋازلىق قىلىشتىن چەكلەشكە سەۋەبچى بولغان) ئامىلنىڭ رولى ئاخىرەتتە قالمايدۇ. دۇنيادا بەچچىۋازلىق قىلىش، نەسلىنىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدىغانلىقى ۋە ئۇ يەرنىڭ چوڭ تەرەت قىلىدىغان يىرگىنىشلىك يەر بولغانلىقى ئۈچۈن چەكلەنگەن ئىدى. جەننەتتە بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرى يۈز بەرمەيدۇ. (يەنى جەننەتتە بىر ئادەمدىن نەسىل قالدۇرۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ ۋە جەننەتتە چوڭ تەرەت قىلىنمايدۇ. بەچچىۋازلىق قىلىشتىن چەكلەيدىغان ئامىللار جەننەتتە بولمىغانلىقى ئۈچۈن جەننەتتە بەچچىۋازلىق قىلىش جەننەتنىڭ لەززەتلىرىنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن). شۇنىڭ ئۈچۈن مەست بولۇپ قېلىش، كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىشكە ۋە ئەقىل ـ ھۇشنى يوقۇتۇۋېتىشقا سەۋەبچى بولغانلىقى ئۈچۈن (دۇنيادا ھارام قىلىنىپ چەكلەنگەن ھاراق، ئاخىرەتتە ئۇنىڭدا مەزكۇر ئامىللار تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇنى جەننەتتە ئىچىش ۋە ئۇنىڭدىن لەززەت ئېلىش يولغا قويۇلدى» دېدى. ئەبۇيۇسۇف ئەلقەزۋىنىي (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەر بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت قىلىش ئىشىنىڭ ئۆزى بىر سەت ئىشتۇر. چۈنكى ئەرنىڭ ئارقا تەرەت يولى، ئۇنىڭغا جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يارىتىلمىغاندۇر. ئۇ يەر تەرەت چىقىدىغان يەردۇر. جەننەت بولسا (تەرەتكە ئوخشاش ئادەم يىرگىنىدىغان) نەرسىلەردىن خالىي ئورۇندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرنىڭ ئارقا تەرەت يولىغا جىنسىي ـ مۇناسىۋەت قىلىش ئىشى ھېچبىر دىندا يولغا قويۇلمىغاندۇر. ھاراقنىڭ ئىشى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ» دېدى. ئەبۇئەلى ئىبنى ئەلۋەلىد: «ئەرنىڭ ئارقا يولىنىڭ ئادەم يىرگىنىدىغان يەر بولۇشى ئۇ يەردىن چىقىدىغان نەرسىنىڭ سەۋەبى بىلەندۇر. (ئاخىرەتتە ئۇ يەردىن) ئۇ

نەرسە چىقمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەردىن پەقەت لەززەتلىنىش ئىشلا قالىدۇ » دېدى.

<ئەلئەشباھ> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى: « بەچچىۋازلىق قىلىشنىڭ هاراملىقىنى ئەقىل ئارقىلىقمۇ بىلگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىشنىڭ جەننەتتە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس » دەيدۇ. ئۇنىڭ: <بەچچىۋازلىق قىلىشنىڭ هاراملىقىنى ئەقىل ئارقىلىقمۇ بىلگىلى بولىدۇ> دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: ئەگەر شەرىئەت بەچچىۋازلىقنى هارام قىلمىسىمۇ خۇددى زۇلۇم قىلىشنىڭ ۋە الله تائالاغا كاپىر بولۇشنىڭ هاراملىقىنى ئەقىل ئارقىلىق تونۇپ يەتكىلى بولغىنىدەك بەچچىۋازلىقنىڭ هاراملىقىنىمۇ ئەقىل ئارقىلىق تونۇپ يەتكىلى بولىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، هەنەفىي مەزهەپىدە بىر نەرسە ئەقىل ئارقىلىق هارام قىلىنمايدۇ. يەنى بىر نەرسىنىڭ هاراملىقىغا ئەقىل هۆكۈم چىقارمايدۇ. بىر نەرسىنىڭ هاراملىقىغا هۆكۈم چىقىرىش پەقەت الله تائالاغىلا خاستۇر. ئەقىل بولسا، قىلىش بۇيرۇلىدىغان ئىشلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ياخشى ئىشلار ۋە چەكلىنىدىغان ئىشلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ يامان ئىشلار ئىكەنلىكىنى پەرق ئىتىدۇ. ئاندىن شەرىئەت هۆكۈمنى شۇ بويىچە چىقىرىدۇ. يەنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە يامان ئىشلارنى قىلىشتىن توسىدۇ. ئەمما مۆئتەزىلەر: « شەرىئەت بىر ئىشنى قىلىشقا بۇيرۇپ ياكى ئۇنىڭدىن تۇسۇپ بىرەر هۆكۈم چىقارمىغان بولسىمۇ، ئەگەر ئەقىل ئۇ ئىشنى ياخشى ئىش، دەپ قارىغان بولسا، ئۇ ئىشنى قىلىش لازىمدۇر. ئەگەر ئەقىل ئۇ ئىشنى يامان ئىش، دەپ قارىغان بولسا، ئۇ ئىشنى قىلىش هارامدۇر » دەيدۇ. مۆئتەزىلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئەقىل بىر ئىشنىڭ (هالاللىقىغا، ياكى هاراملىقىغا ) هۆكۈم چىقارغۇچى هېسابلىنىدۇ. هەنەفىي مەزهەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: بىر ئىشنىڭ (هالاللىقىغا، ياكى هاراملىقىغا ) هۆكۈم چىقارغۇچى (ئەقىل ئەمەس) شەرىئەتتۇر. ئەقىل بولسا، شەرىئەت ئۇ ئىشنىڭ (هالاللىقىغا، ياكى هاراملىقىغا ) هۆكۈم چىقىرىشتىن بۇرۇن ئۇ نەرسىنىڭ ياخشى، ياكى يامان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان بىر قورالدۇر. ئەشئەرىلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: شەرىئەت بىر ئىشنىڭ (هالاللىقىغا، ياكى هاراملىقىغا) هۆكۈم چىقىرىشتىن بۇرۇن ئەقىلنىڭ (ئۇ نەرسىنىڭ ياخشى، ياكى يامان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىغا ) هېچقانداق نېسۋىسى يوق. شەرىئەت نېمە دېسە ئەقىل شۇنى قوبۇل قىلىدۇ. شەرىئەت قىلىشنى بۇيرۇپ كەلگەن ئىش، (ئەگەر

ئۇ ئىش يامان ئىش بولسىمۇ) ئەقىلدە ئۇ ئىشنى ياخشى ئىش، دەپ قارىلىدۇ. شەرىئەت چەكلەپ كەلگەن ئىش، (ئەگەر ئۇ ئىش ياخشى ئىش بولسىمۇ) ئەقىلدە ئۇ ئىشنى يامان ئىش، دەپ قارىلىدۇ.

بەچچىۋازلىق قىلىشنىڭ ھاراملىقى (ئەقىل ئارقىلىق ئەمەس) شەرىئەت ئارقىلىق بىلىنىدۇ، دەيدىغان قاراشمۇ بار. بۇ قاراشقا ئاساسلانغاندا بەچچىۋازلىق ئىشىنىڭ جەننەتتە بولۇشىمۇ مۇمكىن.

<ئەلبەھرى> دېگەن ئەسەردە مۇنداق بايان قىلىندى: بەچچىۋازلىقنىڭ ھاراملىقى زىنانىڭ ھاراملىقىدىن ئېغىردۇر. چۈنكى، بەچچىۋازلىقنىڭ ھاراملىقى ئەقىل، شەرىئەت ۋە ئادەمنىڭ تەبىئىتى ئارقىلىق بىلىنىدۇ. (يەنى ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى بەچچىۋازلىقنى ياقتۇرمايدۇ). ئەمما زىنا (يەنى ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا جىنسىي ـ مۇناسىۋەت قىلىش) ئادەمنىڭ تەبىئىتىدە ھارام ئەمەس. يەنى ئۇنى ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى ياقتۇرىدۇ. ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ھاراملىقى ئۇ ئايالنى نىكاھلاپ ئېلىش، ياكى (ئەگەر ئۇ ئايال چۆرە بولسا) ئۇنى پۇلغا سېتىپ ئېلىش ئارقىلىق ئاخىرلىشىدۇ. ئەمما ئادەمنىڭ ئارقا تەرەت يولىغا جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشنىڭ ھاراملىقى ھېچبىر يول بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بەچچىۋازلىق قىلغان ئادەمگە جازا بېرىلمەيدۇ» دېدى. بەچچىۋازلىق قىلغان ئادەمگە جازا بېرىلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى بولسا، بۇ ئىشنىڭ يەڭگىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس بەك ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى، جازا بىر رىۋايەتكە ئاساسەن گۇناھلاردىن پاكىزلىغۇچىدۇر. (بەچچىۋازلىق بەك ئېغىر گۇناھ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى زىنانىڭ جازاسىمۇ پاكىزلىيالمايدۇ. شۇڭا بەچچىۋازلىق قىلغان ئادەمگە زىنانىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ). كۆپ ساندىكى ئالىملار: «بەچچىۋازلىق قىلىشنى ھالال، دەپ قارايدىغان ئادەم كاپىر ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر ئايالنى شەرتىگە توشمىغان نىكاھ بىلەن توي قىلىپ ئېلىپ ئۇ ئادەم ئۇ ئايالنىڭ (جىنسىي ئەزاسىغا ئەمەس) ئارقا تەرىپىگە جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە ئۇ ئايالنىڭ تويلۇقىنى بېرىش ۋە ئۇ ئايالغا ئىددەت تۇتۇش لازىم ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئايال باشقا ئەردىن ئۈچ تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئايال بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئايالنى شەرتىگە توشمىغان نىكاھ بىلەن ئېلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىغا جىنسىي ـ

مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى بىلەن ئۇ ئايال بۇرۇنقى ئېرى بىلەن يېنىشالايدىغان ھالەتكە كەلمەيدۇ[1]. ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ ئارقا تەرىپى بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئادەم ئۇ ئايالنى يېنىشىش ئۈچۈن نىكاھ كېرەك بولمايدىغان تالاق قىلىۋاتقان ئادەم بولغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئايالنىڭ ئارقا تەرىپىگە جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش بىلەن ئۇنىڭ بىلەن يېنىشقانلىق ھېسابلانمايدۇ ۋە كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: بىر ئايالنىڭ ئارقا تەرىپىگە جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇ ئايالنىڭ ئانىسىنى ياكى قىزىنى ئېلىش ھارام بولۇپ كەتمەيدۇ. بىر رىۋايەتتە رامىزاندا ئايالنىڭ ئارقا تەرىپىگە جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئادەمگە كاپپارەت كەلمەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئۇ ئايالغا (ئۇ زىنا قىلدى)، دەپ بوھتان چاپلىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە بوھتان چاپلىغانلىقنىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇ ئادەمگە بوھتان چاپلىغانلىقنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ. بىر ئايالنىڭ بەچچىۋازلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن تۆت ئادەمنىڭ ئەمەس ئىككى ياخشى ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى يېتەلىكتۇر.[2]

## زىنا ھەققىدە تۈرلۈك مەسىلىلەر

تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغان بولسا، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، زىنا ئىشىدا ئوغۇل تەرەپ ئاساس قىلىنىدۇ. زىنا قىلغان ئوغۇل تەرەپ كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا زىنانىڭ جازاسى ئىجرا قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭغا جازا ئىجرا قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن زىنا ئىشىدا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرۇدىغان ئايالغىمۇ جازا ئىجرا قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ بالىغا ئۇ ئايال ئۈچۈن زىنانىڭ ئىش ھەققىنى بېرىشمۇ لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئوغۇل زىنانىڭ ئىش ھەققىگە ھېسابلاپ ئۇ ئايالغا بىر نەرسە بەرسە، ئۇ بالىنىڭ ئىگە ـ چاقىسى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئايالدىن ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايال ئۆزىنى ئۇ بالىغا تۇتۇپ بېرىش ئارقىلىق ئۇ بالىنى ئۆزى بىلەن زىنا قىلىشقا بۇيرۇغاندۇر. ئەمما بالاغەتكە يەتمىگەن بىر كىچىك ئوغۇل

(1) يەنى ئۈچ تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئايالنىڭ ئۇنى ئۈچ تالاق قىلىۋاتقان ئېرى بىلەن يېنىششى ئۈچۈن باشقا بىر ئەرگە تېگىشى لازىم. ئەگەر بىر ئادەم ئۇ ئايالنى شەرتىگە توشمىغان نىكاھ بىلەن ئېلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىغا جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئايال بۇرۇنقى ئېرى بىلەن يېنىشالايدىغان ھالەتكە كەلمەيدۇ. يەنى ئۇ ئايال بۇ ھالەتتە باشقا بىر ئەرگە تەككەن ھېسابلانمايدۇ. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 156 ـ بەت.

بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بىر قىز بىلەن زىنا قىلغان، ياكى زىنا قىلىشقا مەجبۇرلانغان بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىچىك ئوغۇل بالىغا ئۇ ئايال ئۇچۇن زىنانىڭ ئىش ھەققىنى بېرىش لازىم بولىدۇ.

ئىماملار زىنانىڭ ئىش ھەققى ئۇچۇن بېرىلىدىغان نەرسىنىڭ مىقدارى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بىر قىسىم ئالىملار: «جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئايالغا زىنانىڭ ئىش ھەققىگە ھېسابلاپ ئۇنىڭ تەختۇشىنىڭ تويلۇقىنىڭ مىقدارىدا بىر نەرسە بېرىلىدۇ» دەيدۇ. بىر قىسىم ئالىملار: «ئەگەر ئۇ ئايال ھۆر ئايال بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايال ئەگەر قىز بولسا، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تەختۇشىنىڭ تويلۇقىنىڭ مىقدارىنىڭ ئوندىن بىرىگە تەڭ كەلگۈدەك بىر نەرسە بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇ ئايال سىكىلەك بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تەختۇشىنىڭ تويلۇقىنىڭ مىقدارىنىڭ يىگىرمىدىن بىرىگە تەڭ كەلگۈدەك بىر نەرسە بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال قۇل ئايال بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايال ئەگەر قىز بولسا، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تەختۇشىنىڭ باھاسىنىڭ مىقدارىنىڭ ئوندىن بىرىگە تەڭ كەلگۈدەك بىر نەرسە بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇ ئايال سىكىلەك بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تەختۇشىنىڭ باھاسىنىڭ مىقدارىنىڭ يىگىرمىدىن بىرىگە تەڭ كەلگۈدەك بىر نەرسە بېرىلىدۇ» دەيدۇ.[1]

بىر ئايالنى پەقەت زىنا ئۇچۇنلا ئىجارىگە ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلغان ئادەمگە زىنانىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. (بۇ، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر). ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: خۇددى خىزمەتكە سېلىش ئۇچۇن ئىجارىگە ئالغان ئايال بىلەن زىنا قىلغان ئادەمگە زىنانىڭ جازاسى بېرىلگىنىگە ئوخشاش ئۇ ئادەمگىمۇ زىنانىڭ جازاسى بېرىلىدۇ.

مەجبۇرلىنىش ئاستىدا زىنا قىلغان ئايالغا جازا بېرىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ۋە يەنە بىر تەرەپ ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارىنى ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئىقرار قىلغان تەرەپكە جازا بېرىلمەيدۇ. مەسىلەن: زىنا قىلغان ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى (ھەر بىر ئورۇندا بىر قېتىمدىن بولۇپ) تۆت ئورۇندا تۆت قېتىم ئىقرار قىلغان ۋە يەنە بىر تەرەپ ئارىسىدا مەيلى نىكاھنىڭ بارلىقىنى دەۋا

(1) <ئەل تەئرىفات لىلجۇرجانىي>.

قىلسۇن، مەيلى دەۋا قىلمىسۇن[1] ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارىغا ئىنكار قىلغان بولسا، زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان تەرەپكە جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، يەنە بىر تەرەپ ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارىغا ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا جازا بېرىلمەيدۇ. يەنە بىر تەرەپنىڭ ئىنكار قىلىشى ئىقرار قىلغان تەرەپنىڭ (زىنا قىلغانلىق، ياكى قىلمىغانلىق ھەققىدە) شۈبھە پەيدا قىلدى. شۇڭا ئىقرار قىلغان تەرەپكىمۇ جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، زىنا دېگەن ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا بولىدىغان ئىشتۇر. شۇڭا زىنا قىلغان ئىككى تەرەپنىڭ بىرىدە شۈبھە كۆرۈلسە، بۇ شۈبھە تەسىرى يەنە بىر تەرەپتىمۇ كۆرسىتىدۇ. چۈنكى زىنا قىلغانلىقنى، ئىقرار قىلغان تەرەپ ئىقرارىنى <مەن زىنا قىلدىم> دەپ ئىقرار قىلماستىن ئەكسىچە: «مەن پۈكۈنى بىلەن زىنا قىلدىم» دەپ ئىقرار قىلدى ۋە ئۇ پۈكۈنى ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارىنى ئىنكار قىلدى. (ئۇ پۈكۈنىنىڭ ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارىنى ئىنكار قىلىشى ئىقرار قىلغان تەرەپكىمۇ جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى توسۇپ قالىدۇ). ئەمما زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان تەرەپ ئىقرارىنى، مەن (پۈكۈنى بىلەن زىنا قىلدىم، دېمەستىن) مەن زىنا قىلدىم، دەپلا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا زىنانىڭ جازاسى بېرىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ھالدا جازانى ئۇنىڭدىن توسۇپ قالىدىغان ھېچبىر شۈبھە يوق. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم (ئىقرار قىلغان ۋاقتىدا يورتتا) يوق بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلىدۇ. چۈنكى، قارشى تەرەپنىڭ ئىنكار قىلىشىدىن ئىبارەت ئۇ ئادەمدىن جازانى توسۇپ قالىدىغان بىر نەرسە قارشى تەرەپتىن كۆرۈلمىدى. (شۇڭا ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلىدۇ). ئەگەر ئۇ ئايال يورتقا پەيدا بولۇپ كەلسە ۋە ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلسا، ئۇنىڭغىمۇ جازا بېرىلىدۇ. مانا بۇنىڭدىن (زىنانىڭ جازاسىنىڭ ئىجرا قىلىنماسلىقى ئۈچۈن) قارشى تەرەپنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى ئەمەس ئۇنىڭ ئىنكار قىلىشىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. يەنە بۇنىڭدىن گەپ قىلماي جىم تۇرۇشنىڭ ئىنكار قىلغانلىق ھېسابلانمايدىغانلىقىنىمۇ كۆرۈۋالالايمىز.

ئەگەر بىر ئادەم گەپ قىلالمايدىغان گاچا بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ئايال، ئەگەر گەپ قىلالايدىغان

(1) ئىمام ئەبۇيۈسۈف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا: بىر تەرەپ زىنا قىلغانلىقنى ئىقرار قىلغان ۋە يەنە بىر تەرەپ ئارىسىدا نىكاھنىڭ يوقلۇقىنى دەۋا قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارىنى ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئىقرار قىلغان تەرەپكە جازا بېرىلىدۇ.

بولسا، ئۇنىڭدىن جازانى ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان بىرەر گەپنىڭ چىقىشى ئېھتىمالدۇر.

بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغان ئادەمدىن (بىرەر شۇبھىنىڭ سەۋەبى بىلەن گەرچە) زىنانىڭ جازاسى چۈشۈپ كەتسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەمگە ئۇ ئايالنىڭ تويلۇقىنى بېرىش لازىم. ئەگەر بىر ئايال بىر ئادەم بىلەن زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ۋە ئۇ ئادەم (ئۆزى بىلەن ئۇ ئايالنىڭ ئارىسىدا) نىكاھنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا (ئۇ ئەرگە زىنانىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ). ئۇ ئادەمگە زىنانىڭ جازاسى بېرىلمىگەنلىكى ئۇچۇن ئۇ ئايال شەرىئەتتە يالغان ئېيتقۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئاندىن ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ ئۇ ئادەم بىلەن زىنا قىلغانلىقىنى ئىنكار قىلغان، ئارىلىرىدا نىكاھنىڭ بارلىقىنىمۇ دەۋا قىلمىغان، ئەمما ئەرنىڭ ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغانلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا (ئەگەر ئەرنىڭ ئۇنىڭغا بوھتان چاپلىغانلىقى ئىسپاتلانسا) ئەرگە زىنا قىلغانلىقى ئۇچۇن ئەمەس بوھتان چاپلىغانلىقى ئۇچۇن جازا بېرىلىدۇ.

بىز بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇرۇن مەجبۇرلىنىش ئاستىدا زىنا قىلغان ئەرگە جازا بېرىلمەيدۇ» دەيتتى. كېيىن بۇ قارىشىنى تاشلاپ (مەجبۇرلىنىش ئاستىدا بولسىمۇ زىنا قىلغان ئەرگە جازا بېرىلىدۇ) دەيدىغان ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىنى قوبۇل قىلىپ بۇ ھەقتە ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىغا قېتىلدى. چۈنكى، ئەرنىڭ جىنسىي ئەزاسى ھەرىكەتلەنمەستىن زىنانىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى ئەرنىڭ زىنانى (مەجبۇرلىنىش ئاستىدا ئەمەس) ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتىدۇر. ئەمما مەجبۇرلىنىش ئاستىدا زىنا قىلغان ئايالغا زىنانىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. بۇنىڭدا بارلىق ئىماملار بىرلىككە كەلگەندۇر.[1]

ئەگەر بىر ئادەم بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغان ۋە ئۇ ئايالنىڭ سۆيدۈك يولى بىلەن چوڭ تەرەت يولىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەردىنى يىرتىۋاتقان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ چوڭ ئايال بولغان، زىنانى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلغان ۋە ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا (جازانى توسۇپ قالىدىغان) بىرەر شۇبھە بولمىغان

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 157 ـ بەت.

بولسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەر ئىككىسىگە جازا بېرىلىدۇ. ئۇ ئادەمگە ئۇ ئايال ئۇچۇن زىنانىڭ ئىش ھەققىنى بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئايال زىنانى ئۆز رازىلىقى بىلەن قىلدى. ئۇ ئايالغا تويلۇقمۇ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئەرگە جازا بېرىلدى. ئەگەر ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا (جازانى توسۇپ قالىدىغان) بىرەر شۈبھە بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارغا جازا بېرىلمەيدۇ ۋە ئەرگە ئۇ ئايال ئۇچۇن زىنانىڭ ئىش ھەققىنى بېرىش لازىم. ئەگەر ئۇ ئايال زىنانى مەجبۇرلىنىش ئاستىدا قىلغان ۋە (شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سۈيدۈك يولى بىلەن چوڭ تەرەت يولىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەردە يىرتىلىپ كەتكەن) بولسا، بۇ ھالدا ئەرگە جازا بېرىلىدۇ ۋە ئەرنىڭ ئايالغا تويلۇق بېرىشى لازىم ئەمەس. ئۇ ئادەمگە ئەگەر ئايال سۈيدۈكىنى تۇتالايدىغان ھالەتتە بولسا، (سۈيدۈك يولىنى پۈتۈنلەي بۇزۇۋاتقان چاغدا)، ئۇ يەر ئۇچۇن تۆلەپ بېرىدىغان) دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال سۈيدۈكىنى تۇتالمايدىغان ھالەتتە بولسا، ئۇ ئەرگە ئۇ يەر ئۇچۇن تۆلەپ بېرىدىغان دىيەتنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ يەرنى كېرەكسىز بىر ئەزا ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويىدى. ئەگەر ئەر ئۆزى بىلەن ئايالىنىڭ ئارىسىدا (جازانى توسۇپ قالىدىغان) بىرەر شۈبھىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلسا، بۇ ھالدا ئەرگە جازا بېرىلمەيدۇ. ئەگەر ئايال سۈيدۈكىنى تۇتالايدىغان ھالەتتە بولسا، ئەرگە دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تۆلەپ بېرىش ۋە كۈچلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ ئايالىنىڭ تويلۇقىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال سۈيدۈكىنى تۇتالمايدىغان ھالەتتە بولسا، ئۇ ئەرگە دىيەتنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم، ئەمما ئايالغا تويلۇق بېرىش لازىم ئەمەس. ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇ ھالدىمۇ ئەر ئايالغا تويلۇق بېرىدۇ» دەيدۇ.

ئەگەر سۈيدۈك يولى بىلەن چوڭ تەرەت يولىنىڭ ئارىلىقىدىكى پەردىسى يىرتىلىپ كەتكەن ئايال كىچىك، ئەمما ئۇ قىزنىڭ يېشىدىكى قىز بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگىلى بولىدىغان قىز بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ قىزنىڭ ھۆكمىمۇ خۇددى چوڭ ئايالنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. لېكىن بۇ ھالدا ئەگەر زىنا ئۇ قىزنىڭ رازىلىقى بىلەن بولغان تەقدىردىمۇ ئەردىن زىنانىڭ ئىش ھەققى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئەرگە زىنانىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ قىز سۈيدۈكىنى تۇتالايدىغان ھالەتتە بولسا، ئەرگە دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تۆلەپ بېرىش ۋە قىزنىڭ تويلۇقىنى تولۇق بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئۇ

قىز سۆيدۆكىنى تۆتالمايدىغان ھالەتتە بولسا، ئۇ ئەرگە دىيەتنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم، ئەمما تويلۇق بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى خۇددى بىر ئادەمنىڭ بارمىقىنى كېسىۋاتقان، ئاندىن ئۇنىڭ بارمىقى ساقىيىپ بولغىچە ئۇنىڭ ئالقىنىنى كېسىۋاتقان ھالەتكە ئوخشاش بىر نەرسىنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بەرگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بىر پارچىسى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. (يەنى بۇرۇن بارماقنى كېيىن ئالقانىنى كېسىۋاتقان ئادەمگىمۇ پەقەت ئالقانىنى كېسىۋاتقانلىقى ئۈچۈن دىيەت تۆلەش لازىم بولىدۇ. چۈنكى بارماق ئالقانىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. شۇنىڭدەك ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ھەممىسىنى بۇزۇۋېتىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن دىيەتنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بەرگەن يەردە، ئۇ ئەزانىڭ ئازراق بىر يېرىنى بۇزۇۋەتقانلىقى ئۈچۈن تۆلەپ بېرىلىدىغان تويلۇق سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ). ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇ ھالدىمۇ ئەر قىزغا تويلۇق بېرىدۇ» دەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ھۆر بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغان، ئاندىن ئۇ ئايال بىلەن توي قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمدىن زىنانىڭ جازاسى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. بۇ بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر.[1]

ياكى بىر ئەرنىڭ قولىدا، ياكى بىر خوجايىنىنىڭ قولىدا ئەمەس بىر ئايال قورساق كۆتۈرگەن بولسا، تاكى ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېتىراپ قىلمىغۇچە ياكى تۆت ئادەم ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرمىگۈچە ئۇ ئايالغا زىنانىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. خەلەپ ئىبنى خەلىپە بۇ ھەقتە ھېشامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ زامانىدا ئېرى يوق، ئەمما قورساق كۆتۈرۈپ قالغان بىر ئايال ئۆمەرنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇ ئايالدىن قورساق كۆتۈرۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ۋاقىتتا، ئۇ ئايال ئۇنىڭغا: «مەن بېشى بىر ئاز ئېغىر ئايالمەن، مەن ئوخلاپ قالغان ۋاقتىمدا بىر ئەر مېنىڭ ئۈستۈمگە چىقىۋاپتۇ، مەن ئۇيقۇمدىن ئويغۇنۇپ قىلىپ بولغىچە ئۇ ئىشنى تۈگىتىپ بولغان ئىكەن» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئۇ ئايالغا زىنانىڭ جازاسىنى بەرمىگەن. »[2]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 158 ـ بەت.

(2) بۇ ئەسەرنى سەئىد ئىبنى مەنسۇر رىۋايەت قىلدى.

ئىبنى ئابدۇلبەر بۇ ھەقتە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەسرەدىن غەزال ئىبنى سىرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن مىنا تېغىدا ئۆمەر بىلەن بىللە ئىدىم. بىز قورسىقى پۈمپىيىپ چىقىپ قالغان ۋە يىغلاپ تۇرىۋاتقان بىر ئايالنى كۆردۇق. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇ ئايالدىن ئۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغان ۋاقىتتا، ئۇ ئايال ئۇنىڭغا: «مەن بېشى بىر ئاز ئېغىر ئايالمەن، مەن ناماز ئوقۇش ئۈچۈن كېچىدە قوپتۇم (نامازنى ئوقۇپ بولۇپ) تەكرار ئۇخلۇدۇم. مەن ئۇيقۇمدىن ئويغانسام بىر ئەر مېنىڭ ئۈستۈمدە ئىشىنى پۈتتۈرۈپ بولغان ئىكەن، مەن ھازىر ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئۇ ئايالغا جازا بەرمىگەن.[1]

ئەلمۇۋەپپەق (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇنىڭغا ئوخشاش زىنانىڭ، مەجبۇرلىنىش ئاستىدا قىلىنغان زىنا بولۇشى، ياكى مەجبۇرلىنىشقا ئوخشىشىپ كېتىدىغان زىنا بولۇشى ئېھتىمالدۇر. جازالار، ئۇلاردا كۆرۈلگەن شۈبھىلەر سەۋەبى بىلەن ئىجرا قىلىنمايدۇ. ئايال كىشى ئەرنىڭ ئىسپىرمىسىنى ئۆزى بالا ياتقۇسىغا كىرگۈزۈشى، ياكى باشقا بىرسىنىڭ كىرگۈزۈشى ئارقىلىقمۇ ھېچبىر ئەر بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەستىن ئايالنىڭ قورسىقىدا قېلىشى ئېھتىمالدۇر. شۇڭا بىر ئەر بىلەن بىر يەردە بولمىغان بىر قىزنىڭمۇ قورسىقىدا قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ» دېدى. بۇنىڭغا ئوخشايدىغان ۋەقەلەر يۈز بەرگەن ئىدى.[2] مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇنداق بىر ۋەقەنى بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن. ئاياللار كېسىلىدە مۇتەخەسسىس بىر دوختۇر، دوختۇرخانىسىغا قورسىقىنىڭ يوغىناپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ تەكشۈرتكىلى كەلگەن ۋە تەكشۈرۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ قورساق كۆتۈرۈپ قالغانلىقى، ئەمما ئۇنىڭ تېخى قىز ئىكەنلىكى بىلىنگەن بىر قىز ھەققىدە شەيخ مۇھەممەد ئەلھامىد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن پەتىۋا سورايدۇ. شەيخ مۇھەممەد ئەلھامىد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۇ دوختۇرغا ھەتتا ئۇ قىزنىڭ كېيىن رەسۋا بولۇپ قېلىشىدىن ۋە (زىنا قىلىپتۇ، دەپ) ئۆلتۈرۈلىشىدىن قورقۇپ ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىنى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرۈۋېتىشقا پەتىۋا بەرگەن.

(1) بۇ ئەسەر پەتىۋالىرىدا بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلىنىدى.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 11 ـ توم، 665 ـ بەت.

# زىنا قىلغان ئادەمگە چالما ـ كېسەك قىلىش جازاسى بىلەن قامچىلاش جازاسىنىڭ بىرلىكتە ئىجرا قىلىنمايدىغانلىقىنىڭ بايانى

ئىپپەتلىك ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلغان زىناخور قامچىلانماي پەقەتلا چالما ـ كېسەك قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە زۆھرى مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) خەلىپە بولغان چاغلىرىدا (ئىپپەتلىك ھالىتىدە تۇرۇپ) زىنا قىلغان ئادەملەرنى قامچىلىماي پەقەتلا چالما ـ كېسەك قىلاتتى.[1]

ئىمام تىرمىزىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇبەكرىگە ۋە ئۆمەرگە ئوخشاش ساھابىلارنىڭ ئىچىدە ئىلىملىك سانىلىدىغان بەزى ساھابىلار (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!): «سىكىلەك (يەنى ئىپپەتلىك ھالىتىگە كېلىپ بولغان بىر ئادەم زىنا قىلسا) ئۇ چالما ـ كېسەك قىلىنىدۇ، ئۇنىڭغا قامچا جازاسى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىپپەتلىك ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەمگە، ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلىشتىن بۇرۇن قامچا جازاسى بېرىشكە بۇيرۇمىغان ئىدى» دېدى. ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىچە: ئىپپەتلىك ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەمگە جازا ئۇ ساھابىلارنىڭ دىگىنى بويىچە بېرىلىدۇ. يەنى ئۇ پەقەت چالما ـ كېسەك قىلىنىدۇ.

بۇ ھەم سۇفيان ئەسسەۋرىي، ئىبنى ئەلمۇبارەك، ئىمام شافىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

<ئەلپەتھى> دېگەن ئەسەردە ئىمام ھاپىز (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مائىزنىڭ ۋەقەسى خىلمۇ ـ خىل يوللار بىلەن رىۋايەت قىلىندى. بۇ يوللارنىڭ ھېچبىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا (چالما ـ كېسەك قىلىشتىن بۇرۇن) قامچا جازاسى بېرىشكە بۇيرۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنمىدى. شۇنىڭدەك يەنە غامىدىيلىق ۋە جۇھەيمىيلىك زىنا قىلغان ھېلىقى ئاياللارغىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا (چالما ـ كېسەك قىلىشتىن بۇرۇن) قامچا جازاسى بېرىشكە بۇيرۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنمىدى.

(1) بۇ ئەسەرنى رىۋايەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشەنچلىك ئادەملەردۇر. لېكىن، ئۇ ئارىلىقىدا بىر كىشى چۈشۈپ كەتكەن ئەسەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مائىزنىڭ ۋەقەسىدە: «بۇنى ئېلىپ بېرىپ چالما - كېسەك قىلىڭلار» دېگەن. شۇنىڭدەك يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مائىزدىن باشقا زىنا قىلغان ئەرلەر ھەققىدىمۇ شۇنداق دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چالما - كېسەك قىلىشقا بۇيرۇغان ھېچبىر زىناخورغا (ئۇلارنى چالما - كېسەك قىلىشتىن بۇرۇن) قامچا جازاسىنى بېرىشكە بۇيرۇمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چالما - كېسەك قىلىشقا بۇيرۇغان ھېچبىر زىناخورنى (چالما - كېسەك قىلىشتىن بۇرۇن) قامچىلاشقا بۇيرۇمىغانلىقى چالما - كېسەك قىلىنىدىغان زىناخورغا قامچا جازاسىنىڭ بېرىلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇلارغا قامچا جازاسىنىڭ بېرىلمەيدىغانلىقى ئۇلارغا ئۇ جازانى بېرىشنىڭ لازىم ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىر قىسىم ئالىملار: «مەزكۇر ھۆكۈم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەر مەندىن بۇ (ھۆكۈمنى) ئېلىۋېلىڭلار، مەندىن بۇ (ھۆكۈمنى) ئېلىۋېلىڭلار، ھەقىقەتەن اللە تائالا ۋەدە قىلىپ قالغان ئاياللارغا بىر چىقىش يولى بەردى. توي قىلمىغان ئەر بىلەن توي قىلمىغان ئايالدىن بىرسى پاھىشىۋازلىق قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى يۈز قامچا ئۇرۇش ۋە بىر يىل پالاشتۇر. توي قىلغان ئەر بىلەن توي قىلغان ئايالدىن بىرسى پاھىشىۋازلىق قىلسا، ئۇنىڭ جازاسى يۈز قامچا ئۇرۇش ۋە چالما كېسەك قىلىشتۇر»[1] دېگەن ھەدىسىگە زىتتۇر» دېدى.

بۇ ھەقتە يەنە <فەتھۇلبارىدا> مۇنداق بىر ۋەقە رىۋايەت قىلىنىدى: زىنا قىلغان بىر ئايال ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنىدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇ ئايالنى پەيشەنبە كۈنىدە 50 قامچا ئۇردى، جۈمە كۈنىدە چالما - كېسەك قىلدى ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب: «مەن ئۇ ئايالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئاساسەن چالما - كېسەك قىلدىم ۋە اللە تائالانىڭ كىتابىغا ئاساسەن قامچىلىدىم» دېگەن.

ئىبنى ئەلمۇنزىر (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بەزى كىشىلەر ئىمام شافىئىيغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ: «خۇددى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ دېگىنىدەك زىناخۇرنى قامچىلاش اللە تائالانىڭ كىتابى ئارقىلىق يولغا قويۇلغاندۇر. ئۇنى چالما - كېسەك قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، تىرمىزىي، ئىبنى ماجە ۋە ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

سۈننىتى ئارقىلىق يولغا قويۇلغاندۇر. بۇ ئىككى جازانى ئۇبادىدىن رىۋايەت قىلىنغان مەزكۇر ھەدىس بىر يەردە بايان قىلىپ كەلدى، ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇنىڭغا شۇ بويىچە ئەمەل قىلدى ۋە بۇنىڭغا مېنىڭ داداممۇ قېتىلدى. مائىز ۋە ئۇنىڭدىن باشقا زىنا قىلغان ئادەملەرنىڭ قىسسىللىرىدا چالما ـ كېسەك قىلىنىدىغان ئادەملەرگە قامچا جازاسى بېرىلمەيدۇ، دېگەن گەپ ئىنىق يوق. ئەمما ئۇلارنىڭ قىسسىللىرىدا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى چالما ـ كېسەك قىلىشتىن بۇرۇن قامچىلاشقا بۇيرۇمىغانلىقى بولسا)، زىناخۇرنى قامچىلاشنى ھەممە ئادەمنىڭ بىلىدىغانلىقى ۋە زىناخۇرنى قامچىلاش دەسلەپكى قەدەمدە بېرىلىدىغان جازا بولغانلىقى ئۈچۈن بولۇشى ئېھتىمال بولغانلىقى ئۈچۈندۇر» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چالما ـ كېسەك قىلىنىدىغان زىناخورلارنى قامچىلاشقا بۇيرۇمىغان ئېنىق ئىشى (ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇمىغانلىقىنىڭ زىناخۇرنى قامچىلاشنى ھەممە ئادەمنىڭ بىلىدىغانلىقى ۋە زىناخۇرنى قامچىلاش دەسلەپكى قەدەمدە بېرىلىدىغان جازا بولغانلىقى ئۈچۈن بولۇشىدىن ئىبارەت) بىر ئېھتىماللىق بىلەن رەت قىلىنمايدۇ.»

مەن بۇ ھەقتە مۇنداق دېمەكچىمەن: ئىپپەتلىك ھالەتتە تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەمگە ھەم چالما ـ كېسەك جازاسى ۋە ھەم قامچا جازاسى بىرلىكتە بېرىلمەيدۇ، دېگەن ئالىملار: «ئۇبادىنىڭ مەزكۇر ھەدىسىنىڭ، ھۆكمى ئەمەلدىن قالغان ھەدىس ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىناخۇرنى چالما ـ كېسەك قىلغان بىر نەچچە ۋەقەنىڭ بىرەرسىدە بىرەر قېتىممۇ ئۇلارغا چالما ـ كېسەك قىلىشتىن بۇرۇن قامچا جازاسىنى بېرىشكە بۇيرۇمىغان» دەيدۇ. لېكىن، بۇنى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ۋە ئۇنىڭ قېشىدىكى كاتتا ساھابىلارنىڭ بىلمەي قېلىشى چۈشۈنىكسىز بىر ئىشتۇر. بۇ ئىشنىڭ جاۋابى مۇنداقتۇر: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنبەرگە چىقىپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئوقۇغان: «زىنا قىلغۇچى ياشىنىپ قالغان ئەرنى ۋە زىنا قىلغۇچى ياشىنىپ قالغان ئايالنى ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن چالما ـ كېسەك قىلىڭلار، اللّٰه (ئۆز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[1]» دېگەن اللّٰه تائالانىڭ ئايىتى ئىپپەتلىك ھالەتتە تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەمگە، ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقى ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازانىڭ پەقەت

(1) بۇ ھۆكمى قېلىپ سۆزى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ كەتكەن ئايەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. ت.

چالما ـ كېسەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئېپپەتلىك ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەمنىڭ پەقەت چالما ـ كېسەك قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ نۇرغۇنلىغان ھەدىس كەلدى. بۇ ھەدىسلەرنىڭ بىرى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

ئەبۇھۇرەيرە ۋە زەيد ئىبنى خالىد ئىمكارنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: زىنا قىلغان ئىمكارنىڭ دادىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «(مېنىڭ ئوغلۇم بۇنىڭ قېشىدا ئىمكار (ئىشلەمچى) ئىدى. ئوغلۇم بۇنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئوغلۇمنىڭ ئورنىغا، بۇنىڭغا يۈز قوي ۋە بىر چۆرە بەردىم)، ئاندىن ئىلىملىك كىشىلەردىن (بۇ ھەقتە) سورىسام، ئۇلار ماڭا ئوغلۇمنى يۈز قامچا ئۇرۇش ۋە بىر يىل پالاشنى، بۇنىڭ ئايالىنى چالما ـ كېسەك قىلىشنى ئېيتتى» دېگەن ۋاقىتتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ياق، ئۇنىڭ ئايالى ھەم چالما ـ كېسەك قىلىنىدۇ ۋە ھەم قامچا بىلەن ئۇرۇلىدۇ، دېمەستىن ئەكسىچە: ئى ئۇنەيس! سەھەردە بۇ كىشىنىڭ ئايالىنىڭ قېشىغا بېرىپ (ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ياكى قىلمىغانلىقىنى سورىغىن) ئەگەر ئۇ ئايال (زىنا قىلغانلىقىنى) ئېتىراپ قىلسا، ئۇنى چالما ـ كېسەك قىلغىن» دېدى. مانا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ئۇ ئايالنى قامچىلايدىغانلىقىنى بايان قىلمىدى. ئەگەر ئۇ ئايالغا قامچا جازاسى بېرىلگەن بولسا، ئۇنىڭغا قامچا جازاسىنىڭ بېرىلگەنلىكى خۇددى ئۇنىڭ چالما ـ كېسەك قىلىنغانلىقى نەقلە قىلىنغىنىدەك نەقلە قىلىناتتى.

زۆھرىي ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «زامان ئۆتكەنسىرى كىشىلەرنىڭ: بىز الله تائالانىڭ كىتابىدا (زىناخورنى) چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇپ كەلگەن ھۆكۈمنى كۆرمىدۇق، دەپ ئېزىپ كېتىشىدىن قورقۇمەن. بىز الله تائالانىڭ كىتابىدا: «زىنا قىلغۇچى ياشىنىپ قالغان ئەرنى ۋە زىنا قىلغۇچى ياشىنىپ قالغان ئايالنى ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن چالما ـ كېسەك قىلىڭلار[1]» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئۆز زامانىدا ئېپپەتلىك ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەملەرنى) چالما ـ كېسەك قىلغان. بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىن كېيىن كېيىن زىناخورلارنى چالما ـ كېسەك قىلدۇق» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى

(1) بۇ ھۆكمى قېلىپ سۆزۈ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ كەتكەن ئايەتلەرنىڭ قاتارىندۇر. ت.

**بولسۇن!) ﷲ تائالانىڭ (ئىپپەتلىك ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەمگە) ئىجرا قىلىشنى پەرز قىلغان جازاسىنىڭ چالما ـ كېسەك بولغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ (ئىپپەتلىك ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەمنى) چالما ـ كېسەك قىلغانلىقىنى بايان قىلدى. ئەگەر زىناخورنى چالما ـ كېسەك قىلىش بىلەن بىرگە قامچىلاش پەرز بولسا ئىدى، ئۇنى ئەلۋەتتە بايان قىلاتتى. بىر ئىشنى بايان قىلىدىغان يەردە ئۇنى بايان قىلماي جىم ـ تۇرۇش بايان ھېسابلىنىدۇ[1].**

**ئىبنى مەسئۇد (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە ئىككى جازا يىغىلىپ قالغان، ئەمما ئۇ ئىككى جازانىڭ بىرى ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش بولسا، ئۇ ئادەمگە يەنە بىر جازا ئىجرا قىلىنماستىنلا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۆلۈم جازاسى ھەممە جازانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېدى[2]. ئىمام ئەبۇھەنىفە (ﷲ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھەمماددىن ئىبراھىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە بىر نەچچە جازا يىغىلىپ قالغان، ئەمما ئۇ جازالارنىڭ بىرى ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش بولسا، ئۇ ئادەمگە باشقا جازالارنى ئىجرا قىلىپ ئولتۇرماستىن پەقەت ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىمىز. ئەگەر بىر كىشىنىڭ ئۈستىدە بىر نەچچە جازا يىغىلىپ قالغان، ئاندىن ئۇ كىشى ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقان بولسا[3]، ئۇ كىشىگە پەقەت (ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ جازاسى بولغان) ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۆلۈم ئۇ جازالارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ». ئىمام ئەبۇھەنىفە (ﷲ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دېگەن بۇ سۆزىنى ئىمام مۇھەممەد <ئەلئاسار> دېگەن ئەسىرىدە رىۋايەت قىلدى ۋە مۇنداق دېدى: «مانا بۇنىڭ ھەممىسى ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ سۆزىدۇر. ئەمما بىزنىڭ سۆزۈمىز بولسا مۇنداقتۇر: ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدە يىغىلىپ قالغان جازالارنىڭ ئىچىدە بوھتان چاپلىغانلىقنىڭ جازاسى بولسا،**

(1) يەنى ئەگەر زىناخورنى چالما ـ كېسەك قىلىش بىلەن بىرگە قامچىلاش پەرز بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇنى بايان قىلىش لازىم ئىدى. ئۇنى بايان قىلىدىغان يەردە ئۇنى بايان قىلماي جىم تۇرغانلىق ئىپپەتلىك ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەمنىڭ پەقەت چالما ـ كېسەك قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ت.

(2) يەنى ئۇنداق ئىكەن، ئەگەر ئىپپەتلىك ھالىتىدە تۇرۇپ زىنا قىلغان ئادەمگە ھەم چالما ـ كېسەك جازاسى، ھەم قامچا جازاسى بېرىلىدۇ، دەپ پەرز قىلساق، چالما ـ كېسەك جازاسى قامچا جازاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا قامچا جازاسى ئىجرا قىلىنمايلا پەقەت چالما ـ كېسەك جازاسى ئىجرا قىلىنىدۇ، دېمەكچىدۇر. ت.

(3) مەسىلەن: ئىپپەتلىك ھالىتىدە ئەمەس بىر ئادەم ھاراق ئىچكەن، زىنا قىلغان ۋە كېيىن ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ ئۈستۈدە ھاراقنىڭ جازاسى، زىنا قىلغانلىقنىڭ جازاسى ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقنىڭ جازاسى بولۇپ ئۈچ جازا يىغىلىپ قالدى. بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقنىڭ جازاسى بولغان ئۆلۈم جازاسى بېرىلسە بولىدۇ. ت.

ئۇ ئادەم دەسلەپ بوھتان چاپلىغانلىقىنىڭ جازاسى ئۈچۈن قامچىلىنىدۇ، ئاندىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. چۈنكى، بوھتان چاپلىغانلىقىنىڭ جازاسى بولسا، بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئالاقىدار ئىشلارنىڭ جازاسىدۇر. ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنسا باشقىلىرى ئىجرا قىلىنمىسىمۇ بولىدىغان جازالار بولسا، پەقەت اللہ تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئالاقىدار ئىشلارنىڭ جازالىرىدۇر.»[1]

# بىر يىل پالاشنىڭ جىنايەتچىگە بېرىلىدىغان ئەسلى جازانىڭ تۈرىدىن ئەمەس پەقەت ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازادىن ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، تۆۋەندىكى ئەسەردۇر. زۆھرىي ئىبنى مۇسەييەبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) رەبىئە ئىبنى ئۈمەييە ئىبنى خەلەپنى، ئۇنىڭ ھاراق ئىچكەن سەۋەبى بىلەن خەيبەرگە پالىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن رەبىئە ئىبنى ئۈمەييە ھىرەقلىنىڭ قېشىغا قېچىپ كېتىپ خىرىستىيان بولۇپ كەتتى. (ئۇنى بىلگەن) ئۆمەر: «مەن بۇنىڭدىن كېيىن ھېچبىر مۇسۇلماننى پالىمايمەن» دېگەن.»[2]

مانا بۇنىڭدىن بىر يىل پالاشنىڭ جىنايەتچىگە بېرىلىدىغان ئەسلى جازانىڭ تۈرىدىن ئەمەس پەقەت ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازادىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. بىر يىل پالاشنىڭ جىنايەتچىگە پەقەت ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازادىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىككى پاكىت باردۇر:

1 ـ بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئۆمەرنىڭ سۆزىدۇر. چۈنكى، ھېچبىر ئادەمنىڭ جازانى ئۆزگەرتىشكە ھوقۇقى يوق. (ئۆمەرنىڭ: «مەن بۇنىڭدىن كېيىن ھېچبىر مۇسۇلماننى پالىمايمەن» دەپ ئۇ جازانى ئۆزگەرتكەنلىكى ئۇنىڭ جىنايەتچىگە بېرىلىدىغان ئەسلى جازانىڭ تۈرىدىن ئەمەس پەقەت ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازادىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ).

---

(1) «ئىلائۇسسۇنەن»، 11 ـ توم، 596 ـ بەت.

(2) بۇ ئەسەرنى ئابدۇررازاق رىۋايەت قىلدى.

**2 ـ ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ئەبۇھۇرەيرىنىڭ:** «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىنا قىلغان، ئەمما ئىپپەتلىك ھالىتىدە ئەمەس ئادەمگە، ئۇنى بىر يىل پالاشقا ۋە جازانى ئىجرا قىلىشقا ھۆكۈم چىقارغان» دېگەن سۆزىدۇر. مانا بۇ بىر يىل پالاشنىڭ جىنايەتچىگە بېرىلىدىغان ئەسلى جازانىڭ تولۇقلىغۇچىسى ئەمەسلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ھەدىستە بىر يىل پالاشنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن جازانى ئىجرا قىلىشنى بايان قىلغان. ئەگەر ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى جازا بولمىسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلمايتتى. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىنىڭ كۆز قارىشىغا تاپشۇرۇلىدىغان جازادۇر. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى پالاش جازاسىنى ئىجرا قىلىشنى پايدىلىق، دەپ قارىسا، ئۇنى ئىجرا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئىجرا قىلىشنى پايدىلىق، دەپ قارىمىسا، ئۇنى ئىجرا قىلمايدۇ.

بىر يىل پالاشنىڭ جىنايەتچىگە بېرىلىدىغان ئەسلى جازانىڭ تولۇقلىغۇچىسى ئەمەسلىكىنى يەنە <فەتھۇلبارىدا> رىۋايەت قىلىنغان بۇ ئەسەرمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەبۇداۋۇد ۋە نەسائىي، سەئىد ئىبنى ئەلمۇسەييەبتىن ئىبنى ئابباسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كىشى ئۆزىنىڭ بىر ئايال بىلەن زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنى **100** قامچا ئۇردى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالدىن (ئۇنىڭ زىنا قىلغانلىقى ياكى قىلمىغانلىقىنى) سورىغاندا، ئايال ئۇ كىشىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىنى (ئۇ ئايالغا) بوھتان چاپلىغانلىقى ئۈچۈن **80** قامچا ئۇرغان.[1] ئەگەر بىر يىل پالاش جىنايەتچىگە بېرىلىدىغان ئەسلى جازانىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلۋەتتە ئۇنى پالايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئىجرا قىلماي تاشلاپ قويمايتتى. شۇنىڭدەك يەنە ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) زىنا قىلغان چۆرىسىگە زىنانىڭ جازاسىنى ئىجرا قىلغان، ئەمما ئۇنى بىر يىل پالىمىغان. ئەگەر پالاش جازانىڭ تولۇقلىغۇچىسى بولسا ئىدى، ئىبنى ئۆمەر (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇنى ھەرگىز تاشلاپ قويمايتتى. زىناخورنى بىر يىل پالاشقا بۇيرۇپ كەلگەن ھەدىسلەر ئەر، ئايال، ئەر قول ۋە

(1) بۇ ھەدىس ھەققىدە ئەبۇداۋۇد بىر نەرسە دېمىدى. بۇنى ھاكىم توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى. ئەمما نەسائىي بۇ ھەدىسنىڭ تۇقۇلما ھەدىس ئىكەنلىكىنى، دېدى.

چۆرىلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىمىدى. يەنى زىنا قىلغان پالانى بىر يىل پالىنىدۇ، پالانى بىر يىل پالانمايدۇ، دەپ بىر ئادەم بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرمىدى. ئەگەر زىنا قىلغان ئاياللار بىر يىل پالانمىسا، زىنا قىلغان ئەرلەرمۇ پالانمايدۇ[1].[2]

# بوھتان چاپلىغان ئادەمگە بېرىلىدىغان جازانىڭ بايانى

## <بوھتان چاپلاش> پىۈقۇمى، ھەقىقىتى ۋە ھۆكمى

<بوھتان چاپلاش> دېگەن سۆزدىن بىر ئادەمنى ئەيىبلەش ۋە تىللاش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا زىنا قىلغانلىقنى چاپلاش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنى زىنا قىلدى، دەپ بوھتان چاپلىغان كىشى، بۇ سۆزنى ھېچكىم ئاڭلاپ قالمايدىغان خالىي ئورۇندا دېسىمۇ ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە بوھتان چاپلىغان ھېسابلىنىدۇ. بوھتان چاپلاش بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى بويىچە: چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىندۇر. چۈنكى، ئەبۇھۇرەيرە مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ھالاك قىلغۇچى يەتتە خىل گۇناھلاردىن ساقلىنىڭلار» دېدى. ساھابىلار: «ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار قايسىلار؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار اللە غا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، اللە تائالا ئۆلتۈرۈشنى چەكلىگەن جانلارنى بىگۇناھ ئۆلتۈرۈۋېتىش، جازانىنى يېيىش، يېتىملارنىڭ مال ـ مۈلكىنى يەۋېلىش، جىھاد مەيدانىدىن قېچىش، پاك، ئىپپەتلىك ۋە تەقۋادار ئاياللارغا بوھتان چاپلاشتۇر» دېدى.[3] ئالىملار بىردەك: «پاك ئىپپەتلىك ۋە تەقۋادار ئاياللارغا بوھتان چاپلاشنىڭ ھۆكمى قانداق بولسا، پاك ئىپپەتلىك تەقۋادار ئەرلەرگە بوھتان چاپلاشنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق بولىدۇ» دېدى.

اللە تائالا بوھتان چاپلىغان ئادەمگە بېرىلىدىغان جازانى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار (يەنى

---

(1) مانا بۇ بىر يىل پالاش ھۆكۈمىنىڭ جىنايەتچىگە پەقەت ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازادىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ت.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 11 ـ توم، 605 ـ بەت.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بىراۋغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ھەر بىر ئادەمنى قامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن 80 نى ئۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار ئەفىفە ئاياللارغا يالغاندىن تۆھمەت چاپلىغان ۋە كىشىلەرنىڭ ئابرويىنى تۆككەن ئادەملەردۇر)، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى (ئۇلار يالغانچىلىق ۋە تۆھمەت چاپلاش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا) ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار، ئۇلار پاسىقلاردۇر (يەنى ئۇلار بوھتان چاپلاشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى ئىشلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر). كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر (يەنى ئەفىفە ئاياللارغا قايتا تۆھمەت چاپلىمىغانلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا (ئۇلارنى كەچۈرۈڭلار، گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىڭلار)، چۈنكى الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى بەندە تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى تۈزەتسە، ئۇنى الله مەغپىرەت قىلىدۇ)، تولىمۇ مېھرىباندۇر[1] » الله تائالا مەيلى ئايال بولسۇن، مەيلى ئەر بولسۇن، كىشىلەرگە بوھتان چاپلايدىغانلارغا قاتتىق ئازاب بېرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «يامان ئىشتىن بىخەۋەر ئىپپەتلىك مۆمىن ئاياللارغا قارا چاپلايدىغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چوقۇم لەنەتكە ئۇچرايدۇ (يەنى الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىنىدۇ)، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. شۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ئۇلارنىڭ تىللىرى، قوللىرى ۋە پۇتلىرى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ. شۇ كۈندە الله ئۇلارغا تولۇق تېگىشلىك جازاسىنى بېرىدۇ، ئۇلار الله نىڭ ئاشكارا ھەق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ[2] »

مەيلى مەخپىي بولسۇن، مەيلى ئاشكارا بولسۇن، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) گە بوھتان چاپلاش كۆپۈرلۈق ھېسابلىنىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇمدۇر. چۈنكى، الله تائالا ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ھەققىدە، ئۇنىڭ مۇناپىقلارنىڭ چاپلىغان بوھتانلىرىدىن پاك ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان ۋە تاكى قىيامەت كۈنىگە قەدەر ئوقۇلۇپ تۇرىلىدىغان تۆۋەندىكى ئايەتنى چۈشۈردى: «شۈبھىسىزكى، سىلەردىن بىر گورۇھ ئادەم (ئائىشەگە) بوھتان چاپلىدى. بۇ سىلەر ئۈچۈن يامان ئەمەستۇر، (سەۋر قىلغانلىقىڭلار بىلەن ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ۋە ئائىشە، سەفۋانلارنىڭ پاكلىقى ئاشكارا

(1) سۈرە نۇر 4 — 5 - ئايەتلەر.

(2) سۈرە نۇر 23 — 25 - ئايەتكىچە.

بولىدىغانلىقى ئۈچۈن) بەلكى ياخشىدۇر، بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ، بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم (يەنى ئابدۇللا ئىبن ئۇبەي) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. بوھتاننى ئاڭلىغان چاغلىرىڭلاردا ئەر ـ ئايال مۆمىنلەر نېمىشقا ئۆزلىرىنى ياخشى دەپ قاراپ، بۇ ئېنىق بوھتان دېمىدى؟. ئۇلار نېمىشقا تۆت نەپەر گۇۋاھچىنى كەلتۈرمىدى؟ گۇۋاھچىلارنى كەلتۈرەلمىگەن ئىكەن، ئۇلار الله نىڭ نەزىرىدە يالغانچى ھېسابلىنىدۇ[1]»

شۇنىڭدەك يەنە مەريەم ئەلەيھىسسالامغا بوھتان چاپلاشمۇ كۈپۈرلۈق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پاكىز ۋە ئىپپەتلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ كەلدى. تۆۋەندىكى ئايەتلەر ئۇ ئايەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر: «پەرىشتىلەر ئېيتتى: «ئى مەريەم! الله ھەقىقەتەن سېنى (پۈتۈن ئاياللار ئىچىدىن تاللىدى، سېنى پاك قىلدى، سېنى پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن ئارتۇق قىلدى[2]» «ھەمدە ئىمراننىڭ قىزى مەريەمنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇ نومۇسىنى ساقلىدى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق (دەم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىساغا ھامىلدار بولدى)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە (نازىل قىلغان) كىتابلىرىنى تەستىق قىلدى ۋە اللەغا ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى[3]»

## تۆھمەت چاپلىغان ئادەمگە بېرىلىدىغان جازانىڭ مىقدارى

الله تائالا بوھتان چاپلىغان ئادەمگە بېرىلىدىغان جازانىڭ، ئۇ ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلماسلىق بىلەن بىرگە ئۇنى 80 قامچا ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار (يەنى بىراۋغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ھەر بىر ئادەمنى قامچا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن 80 نى ئۇرۇڭلار، چۈنكى ئۇلار ئەففە ئاياللارغا يالغاندىن تۆھمەت چاپلىغان ۋە

(1) سۈرە نۇر 11 ـــ 13 ـ ئايەتكىچە
(2) سۈرە ئالى ئىمران 42 ـ ئايەت.
(3) سۈرە تەھرىم 12 ـ ئايەت.

كىشىلەرنىڭ ئابرويىنى تۆككەن ئادەملەردۇر)، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى (ئۇلار يالغانچىلىق ۋە تۆھمەت چاپلاش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا) ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار[1] » مەيلى تۆھمەت چاپلاشتا بولسۇن، مەيلى باشقا ئىشلاردا بولسۇن، تۆھمەت چاپلىغانلارنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقى ئۇلارغا بېرىلگەن **80** قامچا ماددىي جازانىڭ بىر قىسمى بولغان مەنىۋىي جازادۇر. ئۇلارغا بېرىلگەن مەنىۋىي جازا بولسا، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقىدۇر. ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى الله تائالانىڭ: « ئۇلار پاسىقلاردۇر (يەنى ئۇلار بوھتان چاپلاشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى ئىشلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر) »[2] دېگەن سۆزى ئۇلارنىڭ الله تائالانىڭ ئالدىدىكى ھالىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يامان ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. يەنى ئۇلار الله تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەردۇر ۋە الله تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن ھالقىپ كەتكۈچىلەردۇر.

الله تائالانىڭ: « ئۇلار پاسىقلاردۇر (يەنى ئۇلار بوھتان چاپلاشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى ئىشلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر)[3] » دېگەن ئايىتىدىكى « ئۇلار » دېگەن سۆزى ئۇلارنىڭ بەك يامان ۋە بۇزغۇنچى ئادەملەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنى ئۇلار پاسىقلىق قىلغۇچى، الله تائالانىڭ ئىتائىتىدىن چىقىپ كەتكۈچى ۋە الله تائالانىڭ بەلگىلىمىلىرىدىن ھالقىپ كەتكۈچى، دەپ ھۆكۈم قىلىنغان ئادەملەردۇر. <پاسىق> دېگەن ئىسىمغا باشقىلار ئەمەس پەقەت ئۇلارلا ھەقلىق بولغاندۇر.

الله تائالا بۇ سۆزىدىن كېيىن تۆھمەت چاپلاپ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ سالغانلارغا تەۋبىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. بۇ الله تائالانىڭ گۇناھكارلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن قوللىنىدىغان بىر ئۇسلۇبى بولۇپ الله تائالا ئۇ ئۇسلۇب بىلەن دەسلەپ گۇناھكارلارنى ئەدەبلەيدۇ، كېيىن ئۇلارنى ئۆزىنىڭ رەھمەت ۋە مەغپىرەت مەيدانىدىكى ياخشى بەندىلىرىنىڭ كارۋىنىنىڭ ئىچىگە قېتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن تۇتىدۇ. الله تائالا ئۇلارغا تەۋبىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ مۇنداق دېدى:

« كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر (يەنى ئەففە ئاياللارغا

(1) سۈرە نۇر 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە نۇر 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(3) سۈرە نۇر 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قايتا تۆھمەت چاپلىمىغانلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا (ئۇلارنى كەچۈرۈڭلار، گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىڭلار)[1]»يەنى مەزكۇر يامان گۇناھنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن ۋە جەمئىيەتكە بۇزۇقچىلىق ئېلىپ چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تۆھمەت چاپلىغانلىقىنى ئاشكارىلاش، بۇنىڭ جازاسىنى تارتىشقا بويسۇنۇش ۋە ئۇستىدىن تۆھمەت چاپلاپ سالغان ئادەم بىلەن رازىلىشىش ئارقىلىق تەۋبە قىلغان ۋە خاتالىقىنى تۈزەتكەن كىشىلەر يۇقىرىدىكى ھۆكۈملەردىن مۇستەسنادۇر. «چۈنكى الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر (يەنى بەندە تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى تۈزەتسە، ئۇنى الله مەغپىرەت قىلىدۇ)، تولىمۇ مېھرىباندۇر[2]»

ئىمامىلار تۆھمەت چاپلاپ كېيىن تەۋبە قىلغان ئادەم تەقۋادار ۋە گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدىغان ئادەم ھېسابلىنامدۇ، ياكى ھېسابلانمامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى.

بىر قىسىم ئىمامىلار: «تۆھمەت چاپلاش كۆپۈرلۇقتىنمۇ ئېغىر جىنايەت ئەمەس. ئەگەر كاپىر تەۋبە قىلسا ۋە ئۆزىنى تۈزەتسە، الله تائالا ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. الله تائالا تەۋبە قىلغان كاپىرنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلغان يەردە، تۆھمەت چاپلاپ تەۋبە قىلغان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ» دېدى. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇلار تەۋبە قىلغان تەقدىردە ئۇلاردىن پاسىق دېگەن نام ئۆچۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېدى.

باشقا ئىمامىلار بىلەن ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپنىڭ سەۋەبى، الله تائالانىڭ: «بۇنىڭدىن مۇستەسنا» دېگەن ئايىتىدىكى «بۇنىڭدىن» دېگەن سۆزىدىن نېمىنىڭ مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىدىن كېلىپ چىققاندۇر. الله تائالا ئىپپەتلىك ئاياللارغا تۆھمەت چاپلىغان ئادەملەرگە بېرىلىدىغان جازانى بايان قىلىپ بولۇپ: «ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى (ئۇلار يالغانچىلىق ۋە تۆھمەت چاپلاش مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغانلا بولسا) ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار، ئۇلار پاسىقلاردۇر» دېدى، ئاندىن «كېيىن تەۋبە قىلغان ۋە (ئەمەللىرىنى) تۈزەتكەنلەر (يەنى ئەففە ئاياللارغا قايتا تۆھمەت چاپلىمىغانلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا» دېدى. تۆھمەت چاپلىغان ئادەملەر ئەگەر تەۋبە قىلسا، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ، دېگەن ئىمامىلار: «الله تائالانىڭ: «ئۇنىڭدىن»

(1) سۈرە نۇر 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە نۇر 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

دېگەن سۆزىدىن ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقى ۋە پاسىقلىقى مەقسەت قىلىنىدۇ، يەنى تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە ئۇلار پاسىق ئەمەس دېگەنلىك بولىدۇ» دەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «اللّٰه تائالانىڭ: «بۇنىڭدىن» دېگەن سۆزىدىن اللّٰه تائالانىڭ: «ئۇلار پاسىقلاردۇر» دېگەن ئەڭ ئاخىرقى جۈملە سۆزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقى ئۆز پېتى قېلىپ قالىدۇ. شۇڭا تۆھمەت چاپلاپ تەۋبە قىلغان ئادەمدىن پاسىق دېگەن نام ئۆچۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئەمما گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دەيدۇ.

# بىر ئادەمنىڭ تۆھمەت چاپلىغانلىقىنىڭ ئىسپاتلىنىشىنىڭ بايانى

بىر ئادەمنىڭ تۆھمەت چاپلىغانلىقى ئىككى ئەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئىسپاتلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلىغانلىقنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئايال كىشىنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، تۆھمەت چاپلىغان ئادەمگە بېرىلىدىغان جازامۇ جازالارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. بىر ئادەمنىڭ تۆھمەت چاپلىغانلىقى، بىر كىشىنىڭ بۇنىڭغا گۇۋاھچى بولغانلىقىغا بىر ئادەمنىڭ گۇۋاھچى بولۇشى، ياكى قازىنىڭ بۇ ھەقتە يەنە بىر قازىغا خەت يېزىشى ئارقىلىق ئىسپاتلانمايدۇ.

بىر ئادەمنىڭ تۆھمەت چاپلىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى بىر قېتىم ئىقرار قىلىشى بىلەنمۇ ئىسپاتلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قەسەم قىلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئوغرىلىق قىلىشتىن باشقا جازاغا ئالاقىدار ئىشلار ئۈستىدە ئىقرار قىلغان ئادەمدىن قەسەم قىلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. ئەمما ئوغرىلىق ئىشىدا مال ـ مۈلۈكنىڭ سەۋەبىدىن قەسەم قىلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئوغرىلىق قىلدى، دەپ قارالغان ئادەم قەسەم قىلىپ بېرىشتىن باش تارتسا، ئوغرىلىق قىلدى، دەپ قارالغان مالنى تۆلەپ بېرىدۇ، ئەمما قولى كېسىلمەيدۇ.

بىر ئادەمنىڭ تۆھمەت چاپلىغانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئىككى گۇۋاھچى (ئۇ ئادەمنىڭ تۆھمەت چاپلىغان ۋاقتىنىڭ) قايسى ۋاقىت ئىكەنلىكى

ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، ئۇلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، خۇددى مال ـ مۈلۈككە ئالاقىدار مۇئامىلىدە ياكى ئايالنى قاچان تالاق قىلىۋاتىلىق، ياكى قۇلنى قاچان ئازات قىلىۋاتقانلىق ھەققىدە بەرگەن گۇۋاھلىققا ئوخشاش ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. مەزكۇر ئىشلاردا بەرگەن گۇۋاھلىقلار، ئەگەر ئۇلاردا ئىختىلاپ كۆرۈلسىمۇ ئېتىبارغا ئېلىناتتى. شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ تۆھمەت چاپلىغانلىقى ھەققىدە بېرىلگەن گۇۋاھلىقمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد: «(ئەگەر گۇۋاھچىلار ئۇ ئادەمنىڭ قاچان تۆھمەت چاپلىغانلىقى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا)، تۆھمەت چاپلىدى، دەپ قارالغان ئادەمگە جازا بېرىلمەيدۇ» دېدى.

ئەگەر ئىككى گۇۋاھچىنىڭ بىرى گۇۋاھلىقنى: «ئۇ ئادەم تۆھمەت چاپلىدى» دەپ بەرگەن، يەنە بىرى: «ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ تۆھمەت چاپلىغانلىقىنى ئىقرار قىلدى» دەپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئىستىھسانغا ئاساسەن ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلمەيدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملارنىڭ بىردەك قارىشىدۇر.

ئەگەر ئىككى گۇۋاھچىنىڭ بىرى گۇۋاھلىقنى: «ئۇ ئادەم (تۆھمەت چاپلىغان كىشىگە): ئى بۇزۇق خوتۇننىڭ بالىسى! دېدى» دەپ بەرگەن، يەنە بىرى: «ئۇ ئادەم (ئۇ كىشىگە): سەن داداڭنىڭ بالىسى ئەمەس، دېدى» دەپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

## تۆھمەت چاپلانغان ئادەمدە تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر

بىر كىشىگە تۆھمەت چاپلىغان ئادەمگە، تۆھمەت چاپلىغانلىقنىڭ جازاسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇ كىشىنىڭ مۇسۇلمان، ھۆر، بالاغەتكە يەتكەن، ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ۋە زىنا قىلمىغان ئىپپەتلىك بولۇشى شەرتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىغا، ياكى ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ئەمەس ساراڭغا تۆھمەت چاپلىغان ئادەمگە جازا ئىجرا قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىككىسى دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى قىلىشقا بۇيرۇلمىغاندۇر. شۇنىڭدەك يەنە تۆھمەت چاپلانغان تەرەپ تۆھمەت چاپلىغان ئادەمنىڭ بالىسى ياكى نەۋرىسى، ياكى تىلى تۇتۇلۇپ قالغان گاچا ئادەم بولماسلىقى شەرتتۇر. چۈنكى،

بىر ئادەمگە تۆھمەت جازاسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن، تۆھمەت چاپلانغان كىشىنىڭ دەۋا قىلىشى لازىم. تىلى تۇتۇلۇپ قالغان گاچا ئادەمنىڭ قىلغان ئىشارەتلىرىدە تۆھمەت چاپلىغان ئادەمگە جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى توسۇپ قالىدىغان ئېھتىماللىق بولۇشى مۇمكىن. زىنا قىلدى، دەپ تۆھمەت چاپلانغان ئادەم ئاختا ئادەم بولماسلىقى شەرت. چۈنكى، ئاختا ئادەمنىڭ زىنا قىلىشى تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە زىنا قىلدى، دەپ تۆھمەت چاپلانغان ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسى پۈتۈك بولماسلىقى شەرت.

بىر كىشىگە تۆھمەت چاپلىغان ئادەمگە تۆھمەت چاپلىغانلىقىنىڭ جازاسى ئىجرا قىلىنىدىغان ۋاقىتدا، ئۇ كىشىنىڭ مۇسۇلمان ھالىتىدە بولۇشى لازىم. شۇڭا ئۇ كىشى ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلاپ بولغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان بولسا، تۆھمەت چاپلىغان ئادەمگە جازا ئىجرا قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى كېيىن ئىسلام دىنىغا قايتقان بولسىمۇ ئۇ ئادەمگە جازا ئىجرا قىلىنمايدۇ.

بىر كىشىگە تۆھمەت چاپلىغان ئادەم، ئۇنىڭغا تۆھمەتنى قايسى تىل بىلەن بولسا بولسۇن، ئۇ كىشىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆز بىلەن چاپلىشى لازىم. يەنى شۇنداق قىلغان ۋاقىتتا، ئۇ ئادەم تۆھمەت چاپلىغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە: «سەن پالانى ئادەمگە قارىغاندا بەك زىناخورسەن، ياكى سەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ زىناخورسەن» دېسە، ئۇ كىشىگە جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ مەزكۇر سۆزىنى: سەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى زىنا قىلىشقا ئەڭ قۇدرەتلىك ئادەمسەن، دېگەن مەناغا بۇرمىلاشقىمۇ مۇمكىندۇر. بۇ ھالدا ئۇ كىشى تۆھمەت چاپلىغان ئادەم ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە: «سەن داداڭغا تەۋە ئەمەسسەن» دېگەن بولسا، ئۇ كىشىگە جازا بېرىلمەيدۇ. بۇ يالغان بىر سۆزدۇر. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ: <سەن داداڭغا تەۋە ئەمەسسەن> دېگەن سۆزى دادىسىنىڭ جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. دادىسىنىڭ جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمىگەنلىكى ئۇنىڭ زىنا قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە: «سەن ئاناڭغا تەۋە ئەمەس» دېگەن بولسىمۇ يەنە ئۇ كىشىگە جازا ئىجرا قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بالا ئانىسىغا نىسبەت بېرىلمەيدۇ.

ئاچچىغى كېلىپ قالغان بىر كىشى، دادىسىنىڭ كىملىكى مەلۇم بولغان ۋە ئانىسى ئىپپەتلىك بولغان بىر ئادەمگە: «(دادىسىنىڭ ئىسمىنى ئېغىزىغا ئېلىپ) سەن پالانىنىڭ بالىسى ئەمەسسەن» دېگەن بولسا، ئۇ كىشىگە جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمگە: «سەن پالانىنىڭ بالىسى ئەمەسسەن» دېگەنلىك، سېنىڭ ئاناڭ سېنى باشقا بىرسى بىلەن زىنا قىلىپ تېپىپتىكەن، دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمما ئۇ كىشى، ئەگەر ئۇ ئادەمگە ئۇ سۆزنى ئاچچىغى كېلىپ قالغاندا ئەمەس نورمال ۋاقىتتا دېگەن بولسا، ئۇ سۆزدىن ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز دادىسىغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا كايىغانلىق مەقسەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ ئۆز دادىسىغا ئوخشىمىغانلىقى ئۇنىڭ يۈز ئابرۇيىغا تەسىر يەتكۈزۈدىغان ئىشلارنىڭ بىرىدۇر.

ئەگەر بىر ئادەم كىشىلەرنىڭ: «پالانى كىشى پالانى ئايال بىلەن زىنا قىلدى» دەپ دېيىشكەنلىكىنى ئاڭلىغان، ئاندىن ئۇ ئادەم كىشىلەردىن ئاڭلىغان سۆزنى ئۇ كىشى يوق ۋاقىتتا باشقا بىرسىگە دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە تۆھمەتنىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى بۇ، ئۇ كىشىگە چاپلانغان تۆھمەت ئەمەس ئۇ كىشىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى تۆھمەت چاپلاش، تۆھمەت چاپلىماقچى بولغان ئادەمنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا: <ئى زىناخۇر!> ياكى <ئى زىناخۇر خوتۇن!> دېگەندەك سۆزنى دېيىش ئارقىلىق بولىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە: «سەن چوڭ داداڭنىڭ بالىسى ئەمەسسەن» دېگەن بولسا، ئۇ كىشىگە جازا بېرىلمەيدۇ. بۇ ھالدا ئۇ كىشى توغرا سۆزلىگەن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم چوڭ دادىسىنىڭ سۇيۇدىن يارىتىلمىغاندۇر. ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە: «سەن ئانا تەرەپتىن بولغان، ياكى دادا تەرەپتىن بولغان تاغاڭنىڭ بالىسىسەن» دېگەن بولسا، ئۇ كىشىگىمۇ جازا بېرىلمەيدۇ. مەيلى ئانا تەرەپتىن بولسۇن، مەيلى دادا تەرەپتىن بولسۇن، تاغا ئۇ ئادەمنىڭ دادىسى ھېسابلىنىدۇ. ئانا تەرەپتىن بولغان تاغا ھەققىدە ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئانا تەرەپتىن بولغان تاغا دادىسى يوق ئادەمنىڭ دادىسىدۇر»[1] دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە: «بىر قەۋمنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى ئۇلاردىن ھېسابلىنىدۇ» دېگەن.

(1) بۇ ھەدىسنى دەيلەمي رىۋايەت قىلدى.

دادا تەرەپتىن بولغان تاغىنىڭ دادا ھېسابلىنىدىغانلىقىنى الله تائالانىڭ بۇ ئايىتىدىن كۆرۈۋالايمىز: «يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقتىدا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟»دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر اللهغا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز»دېدى[1]» ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ دادا تەرەپتىن بولغان تاغىسىدۇر[2].

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە: ئى زىنانىڭ باجكىسى! ياكى ئى زىنانىڭ تۇخۇمى! ياكى زىنادىن تۇرەلگىنى!، ياكى ئى زىنانىڭ ئوغلۇقى! دېگەن بولسا، ئۇ كىشىگە جازا بېرىلىدۇ. چۈنكى مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ھەممىسى توغۇلغان، دېگەن مەنانى بېرىدۇ. شۇڭا مەزكۇر سۆزلەر: ئى زىنانىڭ بالىسى! دېگەن مەنادىدۇر.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە: «ئى ئىككى زىناخورنىڭ بالىسى!» دېگەن ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە جازا بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇ كىشىگە بىر قېتىم جازا بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ھايات بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىگە ئىككى قېتىم جازا بېرىلىدۇ. ئىمام سەرەخسى <ئەلمەبسۇت> دېگەن ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: ئەقلى كەمتۈك بىر ئايال بىر ئادەمگە: «ئى ئىككى زىناخورنىڭ بالىسى!» دېگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال ئىبنى ئەبۇلەيلانىڭ قېشىغا ئېلىپ كېلىنگەن. ئۇ ئايال ئىبنى ئەبۇلەيلانىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئىقرار قىلغان. ئىبنى ئەبۇلەيلا ئۇ ئايالغا ئىككى قېتىم جازا بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ خەۋەر ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) گە يەتكەن ۋاقتىدا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىبنى ئەبۇلەيلا ئۇ ئايالغا جازا بېرىشتە: ھۆكۈمنى ئەقلى كەمتۈك ئايالنىڭ قىلغان ئىقرارىغا قارىتا چىقىرىشتىن، ئەقلى كەمتۈك ئايالغا جازا بېرىشتىن، ھەمدە ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم جازا ئىجرا قىلىشتىن، ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئىككى جازانى ئارقىمۇ ـ ئارقا بېرىشتىن، ئۇ ئىككى جازانى مەسچىتتە ئىجرا قىلىشتىن، ئايالنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ

(1) سۈرە بەقەر 133 ـ ئايەت.

(2) يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ باللىرى ئۇنىڭغا: تاغاڭنىڭ دېمەي سېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ، دېدى. ت.

ئۇرۇشتىن ۋە ئۇنىڭغا جازانى ئۇنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىنى چاقىرىپ ئېلىپ كەلمەي ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت يەتتە ئىشتا خاتالىشىپتۇ» دېگەن.

بىر توپ كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلىغان ئادەمگە پەقەت بىرلا جازا ئىجرا قىلىنىدۇ. بىر ئادەمگە ئىككى قېتىم جازا بېرىش لازىم بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا ئۇ ئىككى جازا ئارقىمۇ ـ ئارقا ئىجرا قىلىنمايدۇ. قازى جازانى مەسچىتتە ئىجرا قىلمايدۇ. ئايال كىشى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلۇپ ئۇرۇلىدۇ. ئايال كىشىگە جازا ئۇنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىنىڭ ئالدىدا ئىجرا قىلىنىدۇ. ھەتتا ئايال كىشىنىڭ قالايمىقانچىلىقتا بىرەر يەرلىرى ئېچىلىپ قالسا، ئۇنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى ئۇنىڭ ئېچىلىپ قالغان يەرلىرىنى يۆگەپ قويىدۇ. ئايالنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىدىن ئۇنىڭغا قاراشقا بولىدىغان ئۇنىڭ ئېرى، ياكى مەھرەملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.[1]

## جازالارنىڭ بىر ـ بىرىگە كىرىپ كېتىشىنىڭ بايانى

بىر تۈردىكى جازالار بىر ـ بىرىگە كىرىپ كېتىدۇ[2]. ئەمما باشقا ـ باشقا تۈردىكى جازالار بىر ـ بىرىگە كىرىپ كەتمەيدۇ. مەسىلەن: ئېپپەتلىك ھالىتىدە ئەمەس بىر ئادەم زىنا قىلغان، تۆھمەت چاپلىغان، ھاراق ئىچكەن ۋە ئوغرىلىق قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمگە بۇ ئىشلارنىڭ جازالىرى بىر ـ بىرلەپ بېرىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا بۇ جازالارنىڭ ھەممىسى ئارقىمۇ ـ ئارقا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆلۈپ قىلىش ئېھتىمالى بار. ئۇ ئادەم، ئۇنىڭغا بىر جازا ئىجرا قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن تاكى ساقايغۇچە سولاپ قويۇلىدۇ. ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلىش تۆھمەتنىڭ جازاسىدىن باشلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ جازا بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئالاقىداردۇر. ئاندىن قازى خالىسا زىنانىڭ جازاسىنى ئىجرا قىلىدۇ، خالىسا ئوغرىلىق قىلغانلىقنىڭ جازاسىنى ئىجرا قىلىدۇ. چۈنكى، ھەر ئىككى جازا قۇرئان كەرىم ئارقىلىق يولغا قويۇلغاندۇر. ھاراق ئىچكەنىنىڭ جازاسى ھەممە جازانىڭ ئارقىسىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ. چۈنكى، ھاراق ئىچكەنىنىڭ جازاسى ساھابىلارنىڭ ئىجتىھادى ئارقىلىق يولغا قويۇلغاندۇر. بىز بۇ ھەقتە الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا توختۇلۇپ ئۆتىمىز.

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 171 ـ بەت.

(2) مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە ئىككى قېتىم تۆھمەت چاپلىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە بىر جازا بېرىلىدۇ. ت.

ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئىشلار بىلەن بىللە (بىر كىشىنىڭ قولىنى ياكى قۇلۇقىنى) كېسىۋاتقانغا ئوخشاش جان قىساسىدىن باشقا قىساس كېلىدىغان بىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمدىن دەسلەپ ئۇ جىنايەتنىڭ قىساسى ئېلىنىدۇ. چۈنكى، قىساس بەندىنىڭ خالىس ھەققىدۇر. ئاندىن ئۇنىڭغا تۆھمەتنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ. چۈنكى، تۆھمەتتە الله تائالانىڭ ھەققىمۇ بىر ئاز بار.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە تۆھمەت چاپلىغان ۋە ئۇنىڭغا جازا بېرىلگەن، ئاندىن تەكرار ئۇ كىشىگە يەنە تۆھمەت چاپلىغان بولسا، ئىككىنچى قېتىمدا ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمگە جازا بېرىشتىن مەقسەت ئۇنىڭ يالغانچىلىقىنى ئاشكارىلاشتۇر ۋە تۆھمەت چاپلانغان كىشىنى چاپلانغان تۆھمەتتىن ئاقلاشتۇر. بۇ مەقسەت بىرىنچى قېتىم بېرىلگەن جازا بىلەن ۋۇجۇدقا چىقتى. ئەمما ئۇ ئادەم ئىككىنچى قېتىم چاپلىغان تۆھمەتنى بىرىنچى قېتىم تۆھمەت چاپلىغان كىشىگە ئەمەس باشقا كىشىگە چاپلىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە يەنە بىر جازا بېرىلىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئالاقىدار ئىشلارنىڭ جازالىرىدىن بىر نەچچە جازا يىغىلىپ قالغان، ئەمما ئۇ جازالارنىڭ بىرى ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش بولسا، ئۇ ئادەمگە باشقا جازالارنى ئىجرا قىلىپ ئولتۇرۇلماستىن پەقەت ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدۇ. چۈنكى، جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەمگە جازا بېرىشتىن مەقسەت ئۇ ئادەمنى ئۆتكۈزگەن ئۇ خاتالىقىدىن ۋە باشقا خاتالىقلاردىن توسۇش ئۈچۈندۇر. جىنايەتچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۇنى ئۆتكۈزگەن خاتالىقىدىن ۋە باشقا خاتالىقلاردىن توسۇشنىڭ ئەڭ كامالەتكە يەتكەن يولىدۇر. ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن (ئۇ جىنايەتچىگە بېرىلىدىغان جازالارنىڭ ئىچىدە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش جازاسى تۇرغان يەردە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەي) باشقا جازالار بىلەن مەشغۇل بولۇش پايدىسىزدۇر.

بىر بالىنىڭ دادىسىغا بولغان نەسەبى قانچىلىك دەرىجىدە يىراق بولسا بولسۇن[1]، ئۇ بالىنىڭ دادىسىنىڭ ئۇ بالىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئىپپەتلىك ئانىسىغا چاپلىغان تۆھمىتى ئۈچۈن دادىسىغا جازا بېرىشنى تەلەپ قىلالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ بالا بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئارىسىدا (يىراق بولسىمۇ) ئاتا ـ بالىلىق

(1) يەنى ئادەمنىڭ بالىسىنىڭ بالىسىنىڭ بالىسىغا ئوخشاش. ئۇ ئادەمنىڭ نەۋرىسىنىڭ بالىسى ئۇ ئادەمگە قارىتا نەسەبى يىراق سانىلىدۇ. ت.

شۇبھىسى بار. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىن تۆھمەت جازاسى چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال تىرىك بولغان بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئۆزى بۇ ئادەمگە جازا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن ھېلىقى ئايالنىڭ تۆھمەت چاپلىغان ئۇ ئادەمدىن باشقا بىرسىدىن بولغان بالىسى ياكى دادىسى بولسا، ئۇ بالا ياكى ئۇ دادا ئۇ ئادەمگە جازا ئىجرا قىلىنىشنى تەلەپ قىلالايدۇ. چۈنكى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇ ئادەمگە جازا ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنىڭ بولماسلىقى باشقىلارنىڭمۇ ئۇ ئادەمگە جازا ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقىنى لازىم قىلمايدۇ.

تۆھمەت چاپلانغان ئادەم، ئەگەر تۆھمەت چاپلىغان كىشىگە جازانىڭ ھەممىسىنى، ياكى بىر قىسمىنى ئىجرا قىلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا تۆھمەت چاپلىغان كىشىگە جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىگە جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا مىراس قىلىپ قالدۇرۇلمايدۇ. ئەمما بىر كىشى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمگە تۆھمەت چاپلىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ۋە بالا - چاقىلىرى ئۇ كىشىگە جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشنى تەلەپ قىلالايدۇ. تۆھمەت چاپلانغان ئادەم ئۆلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشىگە جازانىڭ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىش ھەققى ئۇنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ۋە بالا - چاقىلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. بۇ تەلەپ مىراس يولى بىلەن بولمىغاندۇر. چۈنكى، ھەنەفىي مەزھەپىدە تۆھمەت چاپلىغانلىقنىڭ جازاسىنىڭ الله تائالانىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا ئالاقىدار تەرەپلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇ جازانى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى مىراس قىلىپ قالدۇرۇلمايدۇ. ئەمما ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «تۆھمەت چاپلىغانلىقنىڭ جازاسىنىڭ بەندىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقىغا ئالاقىدار تەرەپلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇ جازانى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى مىراس قىلىپ قالدۇرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن يېنىۋېلىشقىمۇ بولىدۇ، ئۇنى كەچۈرۈۋېتىش ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا بەدەل ئېلىشقىمۇ بولىدۇ» دېدى.

تۆھمەت چاپلاش جازاسىدا ھەم الله تائالانىڭ ھەق - ھوقۇقى ۋە ھەم بەندىنىڭ ھەق - ھوقۇقى بارلىقىدا ئىختىلاپ يوق. چۈنكى، ئۇ جازا تۆھمەت چاپلانغان ئادەمدىن ئۇنىڭغا چاپلانغان تۆھمەتنى يۇيۇۋېتىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان. بۇ سەۋەبتىن بۇ جازادىن مەخسۇسلا بەندە پايدىلىنىدۇ. بۇ جازاغا بۇ سەۋەب بىلەن قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ بەندىنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى

كۆرۈۋالالايمىز. بۇ جازا يەنە (باشقىلارغا تۆھمەت چاپلىماقچى بولغان كىشىنى بۇ قىلمىشىدىن) قايتۇرۇش ئۈچۈنمۇ يولغا قويۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ جازا (تۆھمەت چاپلىغان ئادەمگە بېرىلىدىغان) جازا دەپ ئاتالغان. بۇ جازانىڭ (باشقىلارغا تۆھمەت چاپلىماقچى بولغان كىشىنى ئۇ قىلمىشىدىن) قايتۇرۇش ئۈچۈن يولغا قويۇلىشىنىڭ شەرىئەتنىڭ مەقسىتى بولسا، دۇنيادىكى ئىجتىمائى ھاياتنى پىتنە ـ  پاساتتىن پاكىزلاش. بۇ جازاغا بۇ سەۋەب بىلەن قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ شەرىئەتنىڭ ھەققى (يەنى الله تائالانىڭ ھەققى) ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. تۆھمەت جازاسىنىڭ پۈتۈن ھۆكۈملىرى بۇ جازانىڭ الله تائالانىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. الله تائالانىڭ ھەققى بىلەن بەندىنىڭ ھەققى ئۇسۇشۇپ قالغان يەردە ئىمام شافئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بەندىنىڭ بۇنىڭغا ئېھتىياجىنىڭ بارلىقىنى ۋە الله تائالا بۇنىڭدىن بىھاجەت ئىكەنلىكىنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ بەندىنىڭ ھەققىنى ئالدىنقى ئورۇندا قويۇش ئۈچۈن بۇ جازادا بەندىنىڭ ھەققى تەرىپىنى كۈچلەندۈرىدۇ. ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەر بۇ جازادا شەرىئەتنىڭ (يەنى الله تائالانىڭ) ھەققىنى كۈچلەندۈرىدۇ. چۈنكى، بەندىنىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلىشنى ئۇ بەندىنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەندىنىڭ ھەققى كۆڭۈل بۆلۈنگەن ۋە ھەققى ئېلىنغان ھېسابلىنىدۇ. ئەمما الله تائالانىڭ ھەققى ئۇنداق بولمايدۇ. (يەنى الله تائالانىڭ ھەققى كۆڭۈل بۆلۈنمەي قېلىپ قالىدۇ). چۈنكى، بىرەر بەندىنىڭ الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىدىغان سالاھىيتى يوق. لېكىن، ئۇ ھەقلەرنى الله تائالانىڭ نامىدىن تەلەپ قىلسا بولىدۇ. (يەنى ھاكىم ۋە قازىلارغا ئوخشاش شەرىئەت ئىشلىرىغا ئىگە ئادەملەر تەلەپ قىلسا بولىدۇ). مانا بۇ ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەر بىلەن ئىمام شافئىينىڭ ئارىسىدا كۆرۈلگەن تۆھمەت جازاسىغا ئالاقىدار بەزى مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپلارنىڭ ئاساسىي سەۋەبى. ئىختىلاپ كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولسا، بۇ جازانى ئىجرا  قىلىش تەلىپىنىڭ مىراسخورلىرىغا مىراس بولۇپ قېلىش، ياكى قالماسلىقىدۇر. چۈنكى، بىر نەرسىنى مىراس قىلىپ قالدۇرۇپ قويۇش الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئالاقىدار نەرسىلەردە ئەمەس بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئالاقىدار نەرسىلەردە بولىدۇ. ئىختىلاپ كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنىڭ بىرى تۆھمەت چاپلىغان ئادەمنى كەچۈرۈۋېتىش، ياكى كەچۈرۈۋەتمەسلىكتۇر. ھەنەفىي مەزھەپدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا: تۆھمەت چاپلانغان ئادەمنىڭ،

ئۆزىگە تۆھمەت چاپلىغۇچى كىشىنى كەچۈرۈۋېتىشى توغرا بولمايدۇ. (چۈنكى، ئۇ الله تائالانىڭ ھەققىدۇر). ئەمما ئىمام شافئىيىنىڭ كۆز قارىشىدا: ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنى كەچۈرۈۋېتىشى توغرىدۇر. (چۈنكى، ئۇ، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ھەققىدۇر). ئىختىلاپ كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىرى بولسا، ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا: تۆھمەت چاپلانغان ئادەمنىڭ تۆھمەت چاپلىغۇچىدىن بۇ تۆھمەتنىڭ ئورنىغا ھەق ئېلىشى توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ جازا بىر - بىرىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئەمما ئىمام شافئىيىنىڭ كۆز قارىشىدا: تۆھمەت چاپلانغان ئادەمنىڭ تۆھمەت چاپلىغۇچىدىن بۇ تۆھمەتنىڭ ئورنىغا ھەق ئېلىشى توغرىدۇر. چۈنكى، بۇ جازا بىر - بىرىگە كىرىپ كەتمەيدۇ.[1]

## تۆھمەت جازاسىنىڭ ئورنىغا ھەق ئېلىشنىڭ ۋە تۆھمەت چاپلىغۇچىنى كەچۈرۈۋېتىشنىڭ بايانى

بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بىراۋغا تۆھمەت چاپلىغانلىقىنى ئىقرار قىلىپ بولۇپ بۇ ئىقرارىدىن يېنىۋالالمايدۇ. تۆھمەت چاپلانغان كىشىنىڭ ئۆزىگە چاپلانغان تۆھمەتنىڭ ئورنىغا بىر نەرسە ئېلىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر تۆھمەت چاپلىغۇچى تۆھمەت چاپلانغان كىشىگە، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىن قىلغان دەۋاسىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ دەۋا قىلىش ھەققىدىن ۋاز كېچىشى ئۈچۈن بىر نەرسە بەرسە، بۇ ھالدا تۆھمەت چاپلىغۇچىدىن جازا چۈشۈپ كېتەمدۇ ياكى كەتمەمدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى مۇنداق: ئەگەر تۆھمەت چاپلىغۇچى تۆھمەت چاپلانغان ئۇ كىشىگە ئۇ نەرسىنى، ئۇ كىشى دەۋا قىلىپ قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولغاندىن كېيىن بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمدىن جازا چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئەگەر تۆھمەت چاپلىغۇچى ئۇ كىشىگە ئۇ نەرسىنى، ئۇ كىشى دەۋا قىلىپ قازىنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن بۇرۇن بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمدىن جازا چۈشۈپ كېتىدۇ.

تۆھمەت چاپلىغۇچىنى كەچۈرۈۋېتىشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇ ئادەمگە جازا بېرىش قارار قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن جازا چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

(1) «ئەلھىدايە»، 2 ـ توم، 113 ـ بەت.

لېكىن تۆھمەت چاپلانغان كىشى ئەگەر: «ئۇ ئادەم ماڭا تۆھمەت چاپلىمىغان، ياكى گۇۋاھچىلار (ئۇ ئادەمنى تۆھمەت چاپلىدى، دەپ) يالغان گۇۋاھ بەرگەن ئىكەن» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلمەيدۇ. بۇ، ئۇ ئادەمگە جازا بېرىش قارار قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن جازانىڭ چۇشۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئەگەر تۆھمەت چاپلانغان كىشى ئۆزىگە تۆھمەت چاپلىغان ئادەمنى كەچۈرۈۋېتىپ (ئۇنىڭغا جازا بېرىشنى تەلەپ قىلىشتىن ۋاز كەچسە)، ئۇ ئادەمگە جازانى ئىجرا قىلىش لازىم ئەمەس. بۇ، كەچۈرۈۋېتىشنىڭ توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس تۆھمەت چاپلانغان كىشىنىڭ تۆھمەت چاپلىغان ئادەمگە جازا ئىجرا قىلىش تەلىپىدىن ۋاز كەچكەنلىكى ئۈچۈندۇر. شۇڭا ئۇ كىشى كېيىن قوپۇپ ئۇ ئادەمگە جازا ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇ ئادەمگە جازا ئىجرا قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆھمەت چاپلىغان ئادەمگە بېرىلىدىغان جازا، تۆھمەت چاپلانغان كىشى بار يەردە ئىجرا قىلىنىدۇ.

بىر ئادەم بىر كىشىگە: «ھەي زىناخور!» دېگەن، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە: «زىناخور مەن ئەمەس ئەكسىچە سەن زىناخورسەن» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە جازا بېرىلىدۇ. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىگە تۆھمەت چاپلىغان بولىدۇ. ئۇ ئىككىسىگە جازا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر ـ بىرىگە جازا بېرىشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن بېرىلىدۇ. ئەمما بىر ئادەم بىر كىشىگە: «ھەي نىجىس» دېگەن، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە: «نىجىس مەن ئەمەس ئەكسىچە سەن نىجىسسەن» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، تىل ئۇلارنىڭ ھەقلىرىدۇر. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ھەقلىرىنى ئوخشاش شەكىلدە ئېلىپ بولغان بولىدۇ.

ئىككى ئادەم بىر ـ بىرى بىلەن قازىنىڭ ئالدىدا تىللاشقان ياكى ئۇرۇشقان بولسا، ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن ھەقلىرىنى ئوخشاش شەكىلدە ئالغان ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ. قازى بۇ جازانى بېرىشنى تىللاشنى ياكى ئۇرۇشۇشنى بۇرۇن باشلىغان ئادەمدىن باشلايدۇ. چۈنكى، ئۇلار قازىخانىنىڭ ھۆرمىتىنى تۆكتى. ھەم ئىككى ئادەم ئوخشاش ئۇرۇشالمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئايالىغا: «ئى زىناخور!» دېگەن، ئۇ ئادەم گۇۋاھلىقى

قوبۇل قىلىنىدىغان ئادەم بولغان، ئاندىن ئۇ ئايال ئۇنىڭغا: « ئەكسىچە سەن زىناخور » دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايالغا جازا بېرىلىدۇ. ئۇ ئايال لەنەت ئېيتىشقان ھېسابلانمايدۇ[1]. ئەگەر ئۇ ئادەم گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدىغان ئادەم بولمىسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئايالغا دېگەن: « ئى زىناخور! » دېگەن سۆزى لەنەت ئېيتىشقان ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئايال ئەگەر ئۇ ئادەمگە جازا بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭغا جازا بېرىلىدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبى مۇنداقتۇر: بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە ئىككى جازا توپلىنىپ قالغان، ئۇ ئىككى جازانىڭ بىرى بۇرۇن ئىجرا قىلىنسا، يەنە بىرى ئەمەلدىن قالىدىغان ئىش بولسا، يەنە بىر جازانى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇرۇن ئىجرا قىلىنىدىغىنىنى بالدۇر ئىجرا قىلىش لازىم. لەنەت ئېيتىشىش جازانىڭ مەنىسىدىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىماملار مۇنداق دېدى: « ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئايالغا: « ئى زىناخور، زىناخورنىڭ قىزى! » دېگەن بولسا، ھەتتا ئۇ ئادەمنىڭ لەنەت ئېيتىشقان ھېسابلانماسلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە بۇرۇن تۆھمەت چاپلىغانلىقنىڭ جازاسى ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال شەكلەندۈرۈپ جازانىڭ ۋە لەنەت ئېيتىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە: « مەن سەن بىلەن زىنا قىلغان » دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئايالغا جازا بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايال مەزكۇر سۆزىدىن، ئۇنىڭ مەن سەن بىلەن نىكاھ قىلىشتىن بۇرۇن زىنا قىلغان ئىدىم، دېمەكچى بولۇشىمۇ مۇمكىندۇر. بۇ ھالدا ئۇ ئايال ئۆز ئەرگە تۆھمەت چاپلىغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئايالغا تۆھمەتنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ. ئۇ ئايال لەنەت ئېيتىشقان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئايال ئۇ ئادەمنىڭ دېگەن سۆزىنى تەستىقلىدى، ياكى ئۇ ئايال مەزكۇر سۆزىدىن، ئۇنىڭ مەن سەن بىلەن نىكاھ قىلىپ بولغاندىن كېيىن زىنا قىلغان ئىدىم (يەنى مەن سەن بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئىدىم) دېمەكچى بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، ھالال جىنسىي ـ مۇناسىۋەت بىلەن ھارام جىنسىي ـ مۇناسىۋەتنىڭ (يەنى زىنانىڭ) ئارىسىدا شەكىل جەھەتتە ھېچقانداق پەرق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئايال ئېرى بىلەن ئۆتكۈزگەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەتنى <زىنا قىلدىم> دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇ، تۆھمەت جازاسىنى كەلتۈرۈدىغان تۆھمەت بولماستىن لەنەت ئېيتىشىشتىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، تۆھمەت چاپلاش ئايال تەرەپتىن ئەمەس

---

(1) چۈنكى، ئۇ ئايالغا جازا بېرىلسە، ئۇ ئايال گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنىدىغان ئادەملەردىن ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئايال لەنەت ئېيتىشقان ھېسابلانملايدۇ. چۈنكى، لەنەت ئېيتىششمۇ گۇۋاھلىقنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. ت.

ئەر تەرەپتىن ۋۇجۇدقا چىقتى. تۆھمەت بىلەن لەنەت ئېيتىشىشنىڭ بىرىنى تەيىن قىلىش قىيىندۇر. شۇڭا بۇنىڭدا شەك يوق بەرگەن ھېسابلىنىدۇ.[1]

بالىسى بار بىر ئايال بولغان، ئەمما مەيلى ئۇ ئايالغا تۆھمەت چاپلانغان شەھەردە بولسۇن، مەيلى باشقا شەھەردە بولسۇن، ئۇ بالىنىڭ دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايالغا تۆھمەت چاپلىغان ئادەمگە جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، مەيلى ئۇ ئايالغا تۆھمەت چاپلانغان شەھەردە بولسۇن، مەيلى باشقا شەھەردە بولسۇن، ئۇ بالىنىڭ دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغانلىقى ئۇ ئايالنىڭ زىنا قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ بالىنىڭ ئەھۋالى نەسەبى نامەلۇم بالىنىڭ ئەھۋالىدىن ئېغىردۇر. نەسەبى نامەلۇم بالا، پەقەت توغۇلغان يەردە دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغان بالىدۇر، ياكى (ئېرى بۇ بالا مېنىڭ بالام ئەمەس، دەپ) بالا يۈزىدىن لەنەت ئېيتىشىپ ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن ئايالنىڭ بالىسىدۇر.

ئايالى ھەيز كۆرۈۋاتقان چاغدا ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئەرگە (زىنا قىلدى، دەپ) تۆھمەت چاپلىغان كىشىگە، كاپىر ۋاقتىدا (ھەمشىرىسىگە ئۇخشاش) ئارىلىقىدا نىكاھ چۈشمەيدىغان بىرى بىلەن ئۆيلەنگەن ۋە كېيىن مۇسۇلمان بولغان ئادەمگە (سەن زىناخور، دەپ) تۆھمەت چاپلىغان كىشىگە، ئايالىنى ئانىسىنىڭ ئۈچچىسىغا ئوخشىتىپ كېيىن ئۇنىڭ بىلەن (قىلمىشىنىڭ كاففارىتىنى بېرىشتىن بۇرۇن) جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئادەمگە تۆھمەت چاپلىغان كىشىگە ۋە پەرز روزىنى تۇتۇۋاتقان ئايالى بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن ئادەمگە تۆھمەت چاپلىغان كىشىگە جازا بېرىلىدۇ. چۈنكى، مەزكۇر ئىشلاردا بىر ئەرنىڭ ئايالى بىلەن جىنسىي ـ مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ھاراملىقى ۋاقىتلىقتۇر.

ئايالغا: «سەن قىز ئەمەسكەن» دېگەن ئادەمگە تۆھمەت قىلغانلىقىنىڭ جازاسى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنداق دېگەنلىكى ئۇ ئايالغا ئېنىق تۆھمەت چاپلىغانلىق ھېسابلانمايدۇ.[2]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 173 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار».

# ئامانلىق تەلەپ قىلىپ كىرگەن كاپىرغا ۋە (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرغا جازا بېرىلەمدۇ؟

ئەگەر بىر مۇسۇلماندىن ئامانلىق تەلەپ قىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە ياشايدىغان بىر كاپىر مۇسۇلمان بىر ئادەمگە تۆھمەت چاپلىسا، ئۇ كاپىرغا جازا ئىجرا قىلىنىدۇ. چۈنكى، ئامانلىق تەلەپ قىلغان كاپىر (ئامانلىق تەلەپ قىلىپ ئىسلام دۆلىتىگە كىرگەن ۋاقتىدا) ئۆزىنىڭ بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىشقا ۋەدە قىلغاندۇر. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك تۆھمەت چاپلىغانلىق ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازادا بەندىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىمۇ بار. ئەگەر مۇسۇلماندىن ئامانلىق تەلەپ قىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە ياشايدىغان كاپىر زىنا قىلغان، ئوغرىلىق قىلغان ۋە ھاراق ئىچكەن بولسا، ئۇنىڭغا بۇلارنىڭ جازاسى ئىجرا قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بۇلار الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئالاقىدار ئىشلارنىڭ جازالىرىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بۇ ئىشلاردىمۇ ئۇ كاپىرغا جازا ئىجرا قىلىنىدۇ» دېدى.

ئەمما (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرغا ھاراق ئىچكەنلىكتىن باشقا ھەممە ئىشلارنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كاپىر ئوغرىلىق قىلغان، ياكى زىنا قىلغان، ئاندىن مۇسۇلمان بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قىلغان بۇ جىنايەتلىرى ئۆزىنىڭ ئىقرار قىلىشى، ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن ئىسپاتلانغان بولسا، ئۇنىڭغا جازا بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ قىلغان بۇ جىنايەتلىرى (ئۆزىگە ئوخشاش كېلىشىم بىلەن ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان) كاپىرلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن ئىسپاتلانسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ كاپىرلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىر مۇسۇلمانغا قارشى گۇۋاھلىق ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، الله تائالا: «الله كاپىرلارغا ھەرگىز مۆمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ[1]» دېدى.

بۇ ھەقتە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!)

(1) سۈرە نىسا **141** ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مۇنداق دەيدۇ: يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇلاردىن ئۆزلىرى ئىچىدىن بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ پاھىشە قىلغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: «چالما ـ كېسەك قىلىش گۇناھىغا تەۋراتتا قانداق ھۆكۈم بار؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: ئۇلارنى رەسۋا قىلىپ دەررە ئۇرىمىز، دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام: يالغان ئېيتتىڭلار، تەۋراتتا چالما ـ كېسەك ھۆكمى بار. تەۋراتنى ئېلىپ كېلىڭلار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەۋراتنى ئېلىپ كېلىپ ئاچتى. ئۇلاردىن بىرى قولىنى چالما كېسەك قىلىش ئايىتىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېلىپ ئاندىن ئۇ ئايەتنىڭ ئالدى كەينىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇدى. ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ئۇنىڭغا: قولۇڭنى كۆتەر، دېدى. ئۇ قولىنى كۆتەرگەندە دەل شۇ جايدىن چالما كېسەك ـ قىلىش توغرىسىدىكى ئايەت كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: ئى مۇھەممەد! ئابدۇللاھ راست ئېيتتى: تەۋراتتا چالما ـ كېسەك قىلىش ئايىتى بار، دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككى يەھۇدىينى چالما ـ كېسەك قىلىشقا بۇيرۇدى. مەن ئۇ ئەركىشىنىڭ ئايالغا ئېچى ئاغرىپ ئۇنى تاشتىن توسۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

قۇرتۇبىي (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): كۆپ ساندىكى ئالىملار: «مەيلى جازالاردا بولسۇن، مەيلى باشقا ئىشلاردا بولسۇن، مەيلى سەپەر ئۈستىدە بولسۇن، مەيلى سەپەردە ئەمەس چاغدا بولسۇن، بىر كاپىرنىڭ مۇسۇلمانغا، ياكى كاپىرغا قارشى بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېدى. ئەمما بىر قىسىم تابىئىنلار ۋە فىقھشۇناسلار مۇسۇلمان تېپىلمىغان يەرلەردە كاپىرلارنىڭ گوۋاھلىقىنى قوبۇل قىلغان، دېدى.

ئىمام قۇرتۇبىي (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ نامىدىن (مەزكۇر ھەدىستە بايان قىلىنغان) ھېلىقى يەھۇدىيلارنىڭ ۋەقەسى ئۈچۈن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ يەھۇدىيلارغا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كىتابلىرىنى ئۆزگەرتىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇ كىتابنىڭ ھۆكمىنى ئالماشتۇرۋاتقانلىقىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۆزى تەۋراتنىڭ ھۆكۈمى، دەپ بىلگەن ھۆكۈمنى ئۇلارغا ئىجرا قىلدى ۋە ئۇلارنى ئۇ ھۆكۈم بىلەن ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇدى، ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتنىڭ ھۆكمى بىلەن ھۆكۈم قىلىشى بۇ ۋەقەگىلا خاس بىر ئىشتۇر» دەپ جاۋاب بەردى. ئىمام قۇرتۇبىينىڭ ئىككىنچى قارىشى قوبۇل قىلىنمايدۇ. بۇ

**ھەقتە ئىمام نەۋەۋىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ئىككى يەھۇدىينى، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىغا ئاساسەن چالما ـ كېسەك قىلغانلىقى ناھايىتى ئاشكارىدۇر» دېدى.[1]**

## ئىقرار بىلەن بىللە پاكىتقا قۇلاق سېلىنامدۇ؟

**ئەگەر زىنا قىلدى، دەپ قارالغان كىشى ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى تۆت قېتىم ئىقرار قىلسا، ئۇنى زىنا قىلدى، دەپ قارىغان ئادەمدىن جازا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئىككى ئادەم، ياكى بىر ئادەم ۋە ئىككى ئايال، زىنا قىلدى، دەپ قارالغان كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇنى زىنا قىلدى، دەپ قارىغان ئادەمدىن ۋە گۇۋاھچىلاردىن جازا چۈشۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، پاكىت بىلەن ئىسپاتلانغان ئىش، يۈز بەرگەنلىكىنى خۇددى كۆز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ ئىسپاتلانغان ئىشقا ئوخشاشتۇر.**

**ئىقرار بىلەن بىللە پاكىتقا پەقەت تۆۋەندىكى يەتتە ھالەتتىلا قۇلاق سېلىنىدۇ:**

**1 ـ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىرى ئۇ ئادەمنىڭ قەرزىنىڭ بارلىقىغا ئىقرار قىلغان ۋە (ئۇ ئىقرار بىلەن بىللە) پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، ھەتتا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى قەرزلەرنى باشقا مىراسخورلارنىڭمۇ تۆلەپ بېرىشىنىڭ لازىم بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ پاكىتىغا قۇلاق سېلىنىدۇ.**

**2 ـ (بىر ئادەم قازىنىڭ ئالدىدا، ئۆزىنى مېيىتنىڭ ئۆز ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللىغانلىقىنى ۋە مېيىتنىڭ بىر كىشىنىڭ ئۈستىدە نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلغان)، ئۇ كىشى ئۇنىڭ قىلغان دەۋاسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ (مېيىتنىڭ ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللىغانلىقى ھەققىدە) پاكىت كۆرسىتىشى لازىم. (ئاندىن ئۇ كىشى مېيىتنىڭ ئۆزىدىكى نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئۇ ئادەمگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ).**

(1) «فەتھۇلبارى»، 12 ـ توم، 171 ـ بەت.

3 ـ (بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ ئۇنى قەرزدارنىڭ ئۇستىدىكى قەرزنى ئېلىشقا ۋەكىل قىلغانلىقىنى دەۋا قىلغان) ۋە قەرزدار ئۇنىڭ ۋەكىللىككە تەيىن قىلىنغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ۋەكىللىككە تەيىن قىلىنغان ئادەمنىڭ پاكىت كۆرسىتىشى لازىم. (ئەگەر قەرزدار ئۇنىڭغا قەرز پۇلنى پاكىت كۆرسەتمەستىن بەرگەن بولسا، قەرزدار قەرزدىن خالاس بولۇپ كەتمىگەن ھېسابلىنىدۇ).

4 ـ بىر نەرسە سېتىپ ئالغان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ باشقا بىر كىشىنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان ئادەم، ئۇ نەرسىنىڭ پۇلىنى ئۇنى سېتىپ بەرگەن كىشىدىن قايتۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن پاكىت كۆرسىتىشى لازىم.

5 ـ ئۇستىدە كىچىك بالىسىنىڭ ھەققى بار بىر دادا، ئۇ ھەق ئۈچۈن دەۋاغا چىققان ۋە ئۇستىدە ئۇ ھەقنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئىقرار قىلىش بىلەن دەۋادىن قۇتۇلغان ھېسابلانمايدۇ. ئۇنىڭ ئىقرار قىلىشى بىلەن بىرگە يەنە پاكىت كۆرسىتىشى لازىم. ئەمما بىر بالىنىڭ دادىسىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەم ۋە قازى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن مۇھاپىزەتچى ئۆزلىرىنىڭ ئۇستىدە ئۇ بالىنىڭ ھەققىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇلار بۇ ئىقرار بىلەن دەۋادىن چىقىپ كەتكەن ھېسابلىنىدۇ.

6 ـ مىراسخورلارنىڭ بىرى بىر ئادەمگە بىر نەرسە بېرىلىشكە ۋەسىيەت قىلىنغانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇ مىراسخورنىڭ ئىقرار قىلىشى بىلەن بىرگە ئۇنىڭ پاكىت كەلتۈرۈشى لازىم. (يەنى ئۇنىڭ كەلتۈرگەن پاكىتىغا قۇلاق سېلىنىدۇ).

7 ـ ئەگەر بىر ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئۇ ئۇلاغنى بىر كىشىگە ئىجارىگە بەرگەن، ئاندىن ئۇ ئۇلاغنى يەنە باشقا بىر كىشىگە ئىجارىگە بەرگەن بولسا، گەرچە ئۇلاغنىڭ ئىگىسى ئۇلاغنى بۇرۇن بىر كىشىگە ئىجارىگە بەرگەندىن كېيىن يەنە بىر كىشىگە ئىجارىگە بەرگەنلىكىنى ئىقرار قىلغان بولسىمۇ، ئۇلاغنى بۇرۇن ئىجارىگە ئالغان كىشى ئۇلاغنىڭ ئىگىسىنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى ھەققىدە پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، ئۇنىڭ پاكىتىغا قۇلاق سېلىنىدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 175 ـ بەت.

# الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئالاقىدار ئىشلارنىڭ جازالىرىدىن، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بىرەر جازاغا گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «بىر كىشى، جازا بېرىشنى لازىم قىلىدىغان بىرەر ئىشنى قىلغان ئادەمنىڭ ئۈستىدىن، ئۇ ئادەم ئۇ ئىشنى قىلغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەمەس (بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن) گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، ئۇ كىشى بۇ گۇۋاھلىقنى پەقەت ئۇ ئادەمگە بولغان ئۆچمەنلىك يۈزىسىدىن بەرگەن ھېسابلىنىدۇ» دېدى. بۇ، ئارىلىقىدا رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى چۈشۈپ كەتكەن توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ئەسەردۇر. بۇ ئەسەرنى ئىمام مۇھەممەد <ئەلئەسلى> دېگەن ئەسىرىدە بۇ شەكىلدە رىۋايەت قىلدى: «جازا بېرىشنى لازىم قىلىدىغان بىرەر ئىشنى قىلغان ئادەمنىڭ ئۈستىدىن، ئۇ ئادەم ئۇ ئىشنى قىلغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەمەس (بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن) گۇۋاھلىق بەرگەن ھەر قانداق گۇۋاھچىلار، ئۇ گۇۋاھلىقنى پەقەت ئۇ ئادەمگە بولغان ئۆچمەنلىك يۈزىسىدىن بەرگەن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.»[1]

بۇ جازانىڭ الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئالاقىدار ئىشلارنىڭ جازالىرىدىن بولۇشى شەرت. چۈنكى، گۇۋاھچىلارنىڭ بىر ئادەمگە بولغان ئۆچمەنلىكى الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئالاقىدار ئىشلارنىڭ جازالىرىدا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بىرەر ئادەمنىڭ جازا بېرىشنى لازىم قىلىدىغان الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئالاقىدار ئىشلارنىڭ بىرىنى قىلىپ سالغانلىقىنى كۆرۈپ قالغان كىشى تۆۋەندىكى ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى قىلىش لازىم:

1 ـ ساۋاب ئۈمىد قىلىپ يېپىش. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، الله تائالا دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ» دېدى.

2 ـ دۇنيانى پىتنە ـ پاساتتىن تازىلاش مەقسىتى بىلەن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ گۇۋاھلىق بېرىش.

(1) «ئىلائۇسسۇنەن»، 11 ـ توم، 652 ـ بەت.

قايسىسىنى قىلسا مەزكۇر ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى جىنايەت ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قىلىش لازىم. چۈنكى، مەزكۇر ئىككى ئىشنىڭ ھەر ئىككىسىنى كېچىكتۈرۈش تەسەۋۋۇر قىلىنمايدۇ. شۇڭا ئەگەر جازا بېرىشنى لازىم قىلىدىغان بىرەر ئىشنى قىلغان ئادەمنى كۆرۈپ قالغان كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەمەس بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن گۇۋاھلىق بېرىشى، ئۇ كىشىنىڭ پاسىق ئىكەنلىكىنى، ياكى ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمدە ئۆچى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.[1]

# ھاراق ئىچكەنگە بېرىلىدىغان جازانىڭ بايانى

كىمكى ھاراق ئىچىپ ھاراقنىڭ پۇرىقى ئېغىزىدا بار ھالەتتە، ياكى مەست ھالەتتە تۇتۇلغان ۋە بىر نەچچە ئادەم ئۇنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ھەقتە ئۇقبە ئىبنى ھارىس (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: « نۇئەيمان مەست ھالەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. (ئۇنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق ئېغىر كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇرۇشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنى قوۋزاقلار ۋە كەشلەر بىلەن ئۇردى. مەنمۇ ئۇنى ئۇرغانلارنىڭ ئىچىدە بار ئىدىم. »[2]

بەزى ئالىملار بۇ ھەدىسنى ھاراق ئىچكەن ئادەمگە جازانى، ئۇ مەست ھالەتتە بولسىمۇ ئىجرا قىلسا بولىدىغانلىقىغا پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. زاھىرىي مەزھەپىدىكىلەردىن بىر قىسىم ئالىملارمۇ: « شۇنداق قىلسا بولىدۇ » دەيدۇ. ئەمما كۆپ ساندىكى ئالىملار: «ھاراق ئىچكەن ئادەمگە جازانى، ئۇ مەست ھالەتتە ئىجرا قىلىشقا بولمايدۇ» دەيدۇ. كۆپ ساندىكى ئالىملار: «يۇقىرىدىكى ھەدىستىن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇئەيماننى مەست ھالەتتە ئۇرغانلىقى ئەمەس) ئۇنى ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇنىڭ مەست بولۇپ قېلىشىدۇر ۋە ئۇنىڭ مەست بولۇپ قېلىشى ھەتتا ئۇنى ئۇرۇدىغان چاغقىچە داۋام قىلغان، دېگەن مەنا كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دېدى. ئۇلار مەزكۇر

---

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن».

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

**ھەدىستىن شۇنداق مەنانىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى، ھاراق ئىچكەن ئادەمنى ئۇرۇشتىكى مەقسەتنى بايان قىلىش بىلەن كۈچلەندۈردى. ھاراق ئىچكەن ئادەمنى ئۇرۇشتىن مەقسەت ئۇنى ھاراق ئىچىشتىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تاياقنىڭ تەمىنى تېتىتىش ۋە تاياقنىڭ ئاغرىقىنى بىلدۈرۈش. (ئەگەر ئۇ مەست ھالىتىدە ئۇرۇلسا، ئۇ تاياقنىڭ تەمىنى تېتىمايدۇ ۋە تاياقنىڭ ئاغرىقىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ھاراق ئىچكەن ئادەمگە، ئۇ مەست ھالىتىدە جازا بېرىلمەيدۇ).**

**مەزكۇر ھەدىس ھاراقنىڭ ھاراملىقىنى ۋە ھاراق ئىچكەن ئادەم مەيلى ئاز ئىچسۇن، مەيلى چىق ئىچسۇن، مەيلى مەست بولسۇن، مەيلى مەست بولمىسۇن، ئۇنىڭغا جازا بېرىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.**[1]

**ئەگەر ھاراق ئىچكەن ئادەم، ئېغىزىدا ھاراقنىڭ پۇرۇقى بار ھالىتىدە تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭغا جازا ئىجرا قىلىنىدۇ. چۈنكى، ھاراق ئىچكەنلىك جىنايەت ئۇنىڭدا كۆرۈلدى ۋە ۋاقىتمۇ ئۆتۈپ كەتمىدى. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى (ھاراق ئىچىپ) مەست بولۇپ قالسا، ئۇنى ئۇرۇڭلار. ئاندىن ئۇ (يەنە ھاراق ئىچىپ) مەست بولۇپ قالسا، ئۇنى ئۇرۇڭلار. كېيىن ئۇ (ھاراق ئىچىپ) مەست بولۇپ قالسا، ئۇنى ئۇرۇڭلار. كېيىن ئۇ (يەنە ھاراق ئىچىپ) مەست بولۇپ قالسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار.»**[2]

**بىر نەچچە قېتىم ھاراق ئىچكەن ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشقا بۇيرۇپ كەلگەن بۇيرۇق تۆۋەندىكى ھەدىس بىلەن ئەمەلدىن قالغان. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاقتىدا ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ لەقىمى ‹ئېشەك› ئىدى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۈلدۈرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ھاراق ئىچكەنلىكى ئۈچۈن قامچىلىدى. بىر كۈنى ئۇ «يەنە ھاراق ئىچىپ› پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇ يەنە قامچىلاندى. قەۋمدىن بىرى: ئى**

(1) «فەتھۇلبارى»، **12** ـ توم، **65** ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد، ئىمام ئەھمەد، نەسائىي ۋە ئىبنى مۇنزىر قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى. ئىبنى ھەببان بۇ، توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

**الله! ئۇنىڭغا لەنەت قىلغىن، بۇ ئادەم (گۇناھ قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا) نېمانداق كۆپ ئېلىپ كېلىنىدۇ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «لەنەت ئوقۇماڭلار، الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭ جەزمەن الله ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىمەن» دېدى.[1]**

**ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىس چوڭ گۇناھنى قىلغان ئادەم كاپىردۇر، دەپ قارايدىغان كىشىلەرگە رەددىيە بېرىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراق ئىچكەن ھېلىقى ئادەمگە لەنەت ئېيتىشتىن ۋە ئۇنىڭغا لەنەت تىلەپ دۇئا قىلىشتىن توستى. بۇ ھەدىس يەنە چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدىغان بىرەر ئىشنى قىلىدىغان ئادەمنىڭ دىلىدا گۇناھ ئۆتكۈزۈش نىيىتى بىلەن الله نىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ مۇھەببىتىنىڭ بىر يەردە بولىدىغانلىقىنى ۋە بۇ ئىككى ئىشنىڭ بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ئادەمنىڭ شۇنداق ھاراق ئىچىپ تۇرۇپ يەنە الله تائالانى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى خەۋەر بەردى. شۇنىڭدەك يەنە بۇ ھەدىس ھاراقنى توۋا قىلىپ سەن ئىككى ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى بايان قىلىدۇ.**

ھاراقنى توۋا ياكى بەش قېتىمغىچە تەكرار ئىچكەن ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ھەققىدە كەلگەن مەزكۇر بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىبنى ئابدۇلبەر ئۇ ئادەمنىڭ (ھاراق ئىچكەنلىكى سەۋەبى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا) 50 قېتىمدىن ئارتۇق كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.»[2]

**ئەگەر ھاراق ئىچكەن ئادەم ئۆزىنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىنى، ئېغىزىدىكى ھاراقنىڭ پۇرىقى كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئىقرار قىلسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىچە: ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلمەيدۇ. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلىدۇ» دېدى. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر نەچچە ئادەم بىر كىشىنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ئېغىزىدىكى ھاراقنىڭ پۇرىقى كېتىپ بولغاندىن كېيىن گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمگە ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىچە: جازا بېرىلمەيدۇ. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (الله**

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) «فەتھۇلبارى»، 12 ـ توم، 78 ـ بەت.

تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلىدۇ» دېدى.

ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى، ئۇ جىنايەت ھەققىدە بېرىلگەن گۇۋاھلىقنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن توسالغۇ بولىدۇ. بۇ ئىماملارنىڭ بىردەك قارىشىدۇر. لېكىن، ئىمام مۇھەممەد زىنانىڭ جازاسىنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ ئۇ ۋاقىتنى مەلۇم مۇددەت بىلەن ئۆلچەيدۇ. بۇ (بىر ئادەمنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىگە) شۇ مۇددەت ئۆتۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن گۇۋاھلىق بېرىلسە، بۇ ئۇزۇن ۋاقىتتا بېرىلگەن گۇۋاھلىق ئەمەس ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن بېرىلگەن گۇۋاھلىق ھېسابلىنىدۇ، دېگەنلىكتۇر. (ھاراق ئىچكەن ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن ھاراقنىڭ پۇرىقىنىڭ كېتىپ بولغانلىقى ھاراق ئىچكەنلىك جىنايىتىنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ). چۈنكى، ھاراقنىڭ پۇرىقىنىڭ كېتىپ قېلىشى (ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن ئەمەس) باشقا سەۋەبلەر بىلەن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇف (ﷲ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ھاراق ئىچكەنلىك جىنايىتىنىڭ ۋاقتى ھاراق ئىچكەن ئادەمنىڭ ئېغىزىدىكى پۇراقنىڭ كېتىش، ياكى كەتمەسلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. (يەنى ئۇنىڭ ئېغىزىدىكى پۇراق كېتىپ بولغان بولسا، ھاراق ئىچكەنلىك جىنايىتىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر كەتمىگەن بولسا، ھاراق ئىچكەنلىك جىنايىتىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن ھېسابلانمايدۇ). چۈنكى، ئىبنى مەسئۇد (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئەگەر سىلەر ھاراق ئىچكەنلىكى بىلىنگەن ئادەمدە ھاراقنىڭ پۇرۇقىنى پۇرۇساڭلار، ئۇنى ئۇرۇڭلار. چۈنكى، ئۇنىڭدا ھاراقنىڭ ئەسىرىنىڭ كۆرۈلگەنلىكى ئۇنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك پاكىتىدۇر». ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئېغىزىدىن كەلگەن پۇراقتىن ئۇنىڭ ھاراق ئىچكەن ياكى ئىچمىگەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان بولسا، بۇ ھالدا ھاراق ئىچكەنلىك جىنايىتىنىڭ ۋاقتى مەلۇم مۇددەت بىلەن ئۆلچىنىدۇ. تەجرىبىلىك كىشىلەر بىر ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن كەلگەن پۇراقنىڭ قايسى نەرسىنىڭ پۇرۇقى ئىكەنلىكىنى ئايرىيالايدۇ. بۇنى نادانلار ئايرىيالمايدۇ.[1]

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ھاراق ئىچكەن ئادەم قىلغان ئىقرارىدىن يېنىۋالسا،

(1) «ئەلھىدايە»، 2 ـ توم، 110 ـ بەت.

بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ جازا پەقەت اللە تائالانىڭ خالىس ھەققىدۇر. شۇڭا قىلغان ئىقرارىدىن يېنىۋېلىشقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇ، (مەن ھاراق ئىچمىدىم) دېگەن سۆزىدە راستچىل ۋە ئىقرارىنى يالغاندىن قىلغان بولۇشى ئېھتىمالدۇر. ئەگەر ھاراق ئىچكەن بىر ئادەم مەست ھالىتىدە ئۆزىنىڭ ھاراق ئىچكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا ھەم جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا، ئۇنىڭ ھاراقنى (مەجبۇرىي ئىچكىنىگە ئوخشاش جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى توسۇپ قالىدىغان بىرەر شۈبھە) كۆرۈلۈشى ئېھتىمال. بۇ، ئۇنىڭ مەن ھاراق ئىچتىم، دېگەن ئىقرارىنىڭ يالغان ئىقرار بولۇش ئېھتىمالىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.[1]

## جازانى قايسى ۋاقىتتا ئىجرا قىلىش لازىم بولىدۇ؟

ھاراق ئىچكەن ئادەم ھاراقنى مەيلى مەست قىلغۇچىلىك دەرىجىدە كۆپ ئىچسۇن، مەيلى مەست قىلمايدىغان دەرىجىدە ئاز ئىچسۇن، ئۇنىڭغا جازا بېرىلىدۇ. ئەمما باشقا ئىچىملىكلەرنى ئىچكەن ئادەمگە، ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئىچىملىكلەرنى تاكى مەست قىلغۇچىلىك دەرىجىدە كۆپ ئىچكەن بولسا، ئۇنىڭغا جازا بېرىلىدۇ. (ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئىچىملىكلەرنى مەست قىلغۇچىلىك دەرىجىدە ئىچمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا جازا بېرىلمەيدۇ). يەنى ئەگەر بىر ئادەم ھاراقتىن باشقا بىر ئىچىملىكنى تاكى ئۇنى مەست قىلغۇچىلىك دەرىجىدە كۆپ ئىچكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا جازا بېرىلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، (قانداق نەرسە بولسا بولسۇن) كۆپ ئىچسە مەست قىلىدىغان نەرسىدىن ئازراق بولسىمۇ ئىچىش ھارامدۇر. بۇ، ھاراقتىن باشقا ئازراق ئىچسە مەست قىلمايدىغان نەرسىنى، مەست قىلمىغۇچىلىك دەرىجىدە ئازراق ئىچسىمۇ ئۇنى ئىچكەن ئادەمگە جازا بېرىلىدۇ، دېگەن مەناغا كەلمەيدۇ. ئەمما ھاراق مەيلى مەست قىلغۇچىلىك دەرىجىدە كۆپ ئېچىلسۇن، مەيلى مەست قىلمىغۇچىلىك دەرىجىدە ئاز ئېچىلسۇن، ئۇنى ئىچكەن ئادەمگە جازا بېرىلىدۇ. بۇ، ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەد قاتارلىق ئىماملار (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەيلى ھاراق بولسۇن، مەيلى باشقا ئىچىملىك

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 165 ـ بەت.

بولسۇن، ئۇلاردىن مەست قىلمىغۇچىلىك دەرىجىدە ئاز ئىچكەن بولسىمۇ (مەست قىلىدىغان بىر ئىچىملىكنى ئىچكەن) ئادەمگە جازا بېرىلىدۇ» دېدى. ئۇلار بۇ قاراشلىرىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مەست قىلىدىغان ھەر قانداق نەرسە ھاراق ھېسابلىنىدۇ»[1] دېگەن ھەدىسىنى ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ: «ئەقىلنى بولغىغان (يەنى ئەقىلغا تەسىر كۆرسەتكەن) ھەر قانداق نەرسە ھاراقتۇر»[2] دېگەن سۆزىنى ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئەسەرلەرنى دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. ئەمما بۇلارنىڭ كەلتۈرگەن دەلىل - پاكىتلىرىدىن ھاراقتىن باشقا ئىچىملىكلەردىن مەست قىلمىغۇچىلىك دەرىجىدە ئاز ئىچكەن ئادەمگە جازا بېرىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكى چىقمايدۇ. مەزكۇر ھەدىستىن ۋە ئەسەردىن پەقەت خۇددى باتۇر ئادەمنى شىرغا ئوخشۇتىلغىنىغا ئوخشاش باشقا ئىچىملىكلەرنى ھاراققا ئوخشىتىش مەقسەت قىلىنغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت باشقا ئىچىملىكلەردىن مەست قىلمىغۇچىلىك دەرىجىدە ئاز ئىچكەن ئادەمگە جازا بېرىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئەمەس ئۇ ئىچىملىكلەرنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتۇر.[3]

قاتتىق قايىنتىلىپ كۆپۈكلىرى سۈزىۋېتىلگەن ئۈزۈمنىڭ سۈيىدىن ئېچىتىلغان نەرسە ھاراق دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ كۆپۈكلىرى سۈزىۋېتىلمىسە، ئۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا ھاراق ھېسابلانمايدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدا: ئۇ ھاراق ھېسابلىنىدۇ. فىقھشۇناس ئەبۇھەفس ئەلكەبىر بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قاراشلىرىنى توغرا، دەپ قارىدى.

ئەگەر ھاراق سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان ۋە سۇ ئاز بولغان بولسا، ئۇنى ئىچكەن ئادەمگە جازا بېرىلىدۇ. ئەگەر سۇ چىق بولغان بولسا، بۇ ھالدا ھاراق ئىچكەن ئادەمنى مەست قىلمىسا ئۇ ئادەمگە جازا بېرىلمەيدۇ. بۇ ھەقتىكى ئەڭ ئاساسلىق پەتىۋا بولسا، سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان ھاراق ھاراقلىق خاراكتېرىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا بىر ئادەم ئۇنىڭدىن مەست قىلغۇچىلىك دەرىجىدە ئەمەس ئازراق ئىچكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا يەنە جازا

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 163 - بەت.

بېرىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن مەست قىلغۇچىلىك دەرىجىدە ئىچكەن ئادەمگە جازانىڭ بېرىلىدىغانلىقىدا شەك يوق. <مۇنىيەتۇلمۇسەللى> دېگەن كىتاپنىڭ ئاپتورى ھاراقنىڭ نىجىس ئىكەنلىكىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى الله تائالانىڭ ھاراقنى پاسكىنا، دەپ سۈپەتلەپ كېلىشىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. الله تائالا ھاراق ۋە ئۇنى ئىچىشنىڭ پاسكىنا قىلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار[1] »

# جازا ئىجرا قىلىنىدىغان ئادەمدە تېپىلىش لازىم بولىدىغان شەرتلەرنىڭ بايانى

ھاراق ئىچكەن ئادەمگە جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھاراقنى، ئۇنى ئىچىشكە مەجبۇرىي بولۇپ قېلىپ ئەمەس ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىچكەن بولۇشى شەرتتۇر. شۇڭا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلەي دەپ قالغان ئادەم ھاراقتىن ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇچىلىك مىقداردا ئىچكەن ۋە مەست بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، (ئۇ ئادەم ھاراق ئىچىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدى. ھاراق ئىچىشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىپ ئۇنى ئىچىش) يولغا قويۇلغان بىر ئىشتۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ھاراقتىن ئۆزىنىڭ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇچىلىك مىقداردىن كۆپ ئىچكەن بولسا، بۇ ھالدا ھاراق ئۇنى مەست قىلمىسىمۇ ئۇ ھاراقنى خۇددى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىچكىنىگە ئوخشاش ھېسابلىنىپ ئۇنىڭغا جازا بېرىلىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ھاراق ئىچكەن ئادەمگە جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ھاراق ئىچىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلىشى شەرتتۇر. شۇڭا بىر كاپىر مۇسۇلمان بولۇپ دۆلىتىدىن ئىسلام دۆلىتىگە كەلگەن ۋە بۇ يەردە ھاراقنىڭ ھاراملىقىنى بىلىشتىن بۇرۇن ھاراق ئىچكەن بولسا، ئۇنىڭغا جازا بېرىلمەيدۇ. ئەمما ئىسلام دۆلىتىدە تۇغۇلغان ۋە بالاغەتكە يەتكەن بىر ئادەم

[1] سۈرە مائىدە 90 - ئايەت.

**هاراق ئىچكەن بولسا، ئۇنىڭغا جازا ئىجرا قىلىنىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ: «مەن هاراقنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم» دېگەن سۆزىگە ئىشىنىلمەيدۇ.**

**هاراقتىن باشقا ئىچىملىك ئىچكەن ئادەمگە جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئىچىملىكتىن تاكى ئۇنى مەست قىلغۇچىلىك دەرىجىدە كۆپ ئىچىشى شەرت. مەستلىكنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىمام ئەبۇهەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!) بىر ئادەمگە جازا بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەڭ قاتتىق مەست بولۇپ قالغۇدەك دەرىجىدە كۆپ ئىچىشىنى شەرت قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىمام ئەبۇهەنىفە (هاراقتىن باشقا ئىچىملىكلەردىن ئىچكەن ئادەمگە ئامال بار) جازا ئىجرا قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆزدە تۇتىدۇ. بىر ئادەم نەرسىلەرنى بىر ـ بىرىدىن پەرق ئىتەلمىسە، ئەر بىلەن ئايالنى ۋە ئاسمان بىلەن زېمىننى ئايرىيالمىسا، ئۇ ئادەم ئەڭ قاتتىق مەست بولۇپ قالغان هېسابلىنىدۇ.**

**ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇهەممەد: «سۆزىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدىغان ئادەم مەست هېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم سۆزىنىڭ يېرىمىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەي توغرا قىلسا، ئۇ ئادەم مەست هېسابلانمايدۇ» دەيدۇ. بۇ هەقتە بۇ ئىككى ئىمامنىڭ سۆزى بىلەن پەتىۋا بېرىلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ هاراقتىن باشقا ئىچىملىكلەردىن مەست بولغىچىلىك دەرىجىدە بىر نەرسە ئىچكەن، ياكى ئىچمىگەنلىكىنى ئۆلچەش ئۈچۈن بۇ ئىككى ئىمامنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ هەنەفىي مەزهەپىدىكى ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر. بۇنىڭدا مەزكۇر ئىككى ئىمامنىڭ سۆزىنى ئېتىبارغا ئېلىش يەنە بۇ مەسىلىنىڭ ئېهتىيات تەرىپىنى تۇتقانلىق هېسابلىنىدۇ.**

## مەست ئادەمنىڭ قىلغان تەسەررۇپلىرىنىڭ هۆكمى

**ئەگەر مەست بىر ئادەم ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكىگە هۆكۈم قىلىنمايدۇ. چۈنكى، كۇپۇرلۇق ياكى كاپىر بولۇپ كېتىشنى ئېتىقاد قىلىش بىلەن، ياكى ئىسلام دىنىنىڭ هۆكۈملىرىنى كەمسىتىش بىلەن بولىدۇ. مەست ئادەمدە بىر نەرسىگە ئېتىقاد قىلىش، ياكى ئىسلام دىنىنىڭ هۆكۈملىرىنى كەمسىتىش ئىشلىرى يوقتۇر. چۈنكى، بۇ ئىككى**

**ئىش (ئىنساندىكى) ئاڭنىڭ بىر پارچىسىدۇر. (مەست ئادەمدە ئاڭ يوقتۇر). بۇ مەست ئادەمنىڭ ھۆكۈمدىكى ئەھۋالىدۇر. ئەمما ئۇنىڭ بىلەن الله تائالانىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىدا، ئەگەر مەست ھەقىقەتتە كاپىرلىقتا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى، ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ ۋە ئۇ سۆزنى سۆزلەشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ سۆزلىگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇنداق قىلمىغان بولسا، كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ. مەست ئادەمنىڭ ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغانلىقى سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ كاپىر بولۇپ كەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا ھارام بولۇپ كەتمەيدۇ[1]. ئەمما ئۇ ئادەم مەست ھالىتىدە تۇرۇپ ئايالىنى تالاق قىلىۋاتقان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ.**

**تۆۋەندىكى يەتتە ئىشتىن باشقا ئىشلاردا ھارام نەرسىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق مەست بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ تەسەررۇپلىرىنىڭ ھۆكمى خۇددى مەست ئەمەس ئادەمنىڭ تەسەررۇپلىرىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر. يەنى مەست ئادەمنىڭ قىلغان تەسەررۇپلىرى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تەسەررۇپلىرى تۆۋەندىكى يەتتە خىل ئىشتا كۈچكە ئىگە بولمايدۇ.**

**1 ـ ئۇنىڭ ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالغانلىقى كۈچكە ئىگە ئەمەس.**

**2 ـ ئۇنىڭ جازالار ھەققىدە قىلغان ئىقرارى كۈچكە ئىگە ئەمەس.**

**3 ـ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بىر ئىشقا گۇۋاھچى بولغانلىقىغا، بىر ئادەمنى گۇۋاھچى قىلغانلىقى كۈچكە ئىگە ئەمەس.**

**4 ـ ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بىر ئوغۇلنى بىر قىز بىلەن ئۇ قىزغا، ئۇ قىزنىڭ تەڭتۈشىگە بېرىلىدىغان تويلۇقتىن كۆپ تويلۇق بېرىپ ئۆيلەندۈرۈشى كۈچكە ئىگە ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بىر قىزنى، ئۇ قىزنىڭ تەڭتۈشىگە بېرىلىدىغان تويلۇقتىن ئاز تويلۇققا ئۆيلەندۈرۈشى كۈچكە ئىگە ئەمەس.**

**5 ـ ئۇنىڭ، سەن مەستلىكىڭدىن ئويغىشالغاندا بېرىپ مېنىڭ ئايالىمنى تالاق قىلىۋەتكىن، دەپ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشقا ۋەكىل قىلغان ئادەمنىڭ ئايالىنى بېرىپ مەست ھالىتىدە تالاق قىلىۋېتىشى كۈچكە**

---

**(1)** يەنى بىر ئادەم ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالسا، ئۇنىڭ بىلەن ئايالىنىڭ ئارىسىدىكى نىكاھ بۇزۇلۇپ كېتىپ ئۇنىڭغا ئايالى ھارام بولۇپ كېتىدۇ. ت.

ئىگە ئەمەس. لېكىن، بۇ مەسىلىدە ئەڭ توغرا دەپ قارالغان رىۋايەت بولسا، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان تالىقىنىڭ كۈچكە ئىگە بولىشىدۇر.

6 ـ ئۇنىڭ، سەن مەستلىكىڭدىن ئوڭشالغاندا بېرىپ مېنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى سېتىپ كەلگىن، دەپ ئۇنى بىر نەرسە سېتىشقا ۋەكىل قىلغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىسىنى بېرىپ مەست ھالىتىدە سېتىشى كۈچكە ئىگە ئەمەس.

7 ـ ئۇنىڭ بىرەر نەرسىسىنى ناھەق ئېلىۋالغان كىشى ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىنى ئۇ مەستلىكىدىن يېشىلىشتىن بۇرۇن قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. (يەنى ئۇ كىشىنىڭ ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىنى ئۇ مەستلىدىكىن يىشىلىشتىن بۇرۇن قايتۇرۇپ بەرسە، بۇ قايتۇرۇپ بېرىش كۈچكە ئىگە بولمايدۇ). لېكىن، بۇ مەسىلىدە ئەڭ توغرا دەپ قارالغان رىۋايەت بولسا، ئۇنىڭدىن بىرەر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان كىشى ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىنى ئۇ مەستلىكىدىن يىشىلىشتىن بۇرۇن قايتۇرۇپ بەرسىمۇ بولىدۇ. ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىش بىلەن ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىدىن قۇتۇلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ھارام نەرسىلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق مەست بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئىسلام دىنىنىڭ بۇيرۇقلىرى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭغا (خۇددى ئۇ مەست ئەمەس ھالىتىدىكىگە ئوخشاش) ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىش لازىمدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ (مەست ھالىتىدە تۇرۇپ) ئايالىنى، ياكى ئۆزىنى ۋەكىل قىلغان ئادەمنىڭ ئايالىنى تالاق قېلىۋاتقانلىقى، قۇلىنى ئازات قىلىۋاتقانلىقى، قىلغان سودا ـ سېتىقى، (جازالاردىن باشقا ئىشلار ئۈستىدە قىلغان) ئىقرارلىرى، مەيلى ئوغۇل بولسۇن، مەيلى قىز بولسۇن، بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنى ئۇنىڭغا ھەممە تەرەپتىن مۇناسىپ كېلىدىغان بىرى بىلەن ئۆيلەندۈرۈشى، قەرز بېرىشى ۋە قەرز ئېلىشى كۈچكە ئىگە بولىدۇ. چۈنكى، مەست بولۇپ قالغان ئادەم مەست ھالىتىدىمۇ ئەقلىدىن ئايرىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدا يۈز بېرىدىغان ئىش پەقەت ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مەست قىلىدىغان بىرەر نەرسىنى ئىچىش ئارقىلىق ئۆزىدىكى قارشى تەرەپنىڭ سۆزىنى چۈشۈنۈش قابىلىيىتىنى يوقۇتۇشتۇر. لېكىن ئۇ، گۇناھكار بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مەست چېغىدا قازا بولۇپ كەتكەن ئىبادەتلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش لازىم بولىدۇ. مەست ئادەمنىڭ مەستلىك ھالىتىدە تۇرۇپ ئېيتقان ئىسلامى خۇددى مەجبۇري ھالدا ئىسلام ئېيتقان ئادەمنىڭكىگە ئوخشاش

توغرا بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئىسلامدىن يېنىۋېلىشى توغرا ئەمەس. يەنى كۆچكە ئىگە ئەمەس. ئىماملار، هاراقنى مەجبۇرلىنىش ئاستىدا ياكى ئۇنى ئىچىشكە مەجبۇر بولۇپ قېلىپ ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىپ ئايالىنى تالاق قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئايالىنىڭ تالاق بولۇپ كېتىش، ياكى تالاق بولۇپ كەتمەسلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بۇ ھەقتە ئەڭ توغرا، دەپ قارالغان رىۋايەت بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئايالىنىڭ تالاق بولۇپ كەتمەسلىكىدۇر.[1]

## زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستىمال قىلىشنىڭ ھۆكمى

مىخدىۋانە، كەندىر ۋە ئەفيۇنلارغا ئوخشاش زەھەرلىك ئۇسۇملۇكلەرنى يېيىش ھارامدۇر. ئەمما بىر ئادەم ئۇ ئۇسۇملۇكلەرنى يېيىش ئارقىلىق مەست بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭغا هاراق ئىچكەن ئادەمگە بېرىلگەن جازا بېرىلمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ.

مىخدىۋانىنى دورا ۋە كېسەلنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ھەنەفىي ۋە شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ ئىماملىرى بىردەك: «كەندىرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق مەست بولۇپ قىلىپ ئايالىنى تالاق قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ» دېدى. بۇ ئىماملار، كەندىرنىڭ زەرەرىنى تۇنۇپ يېتىشتىن بۇرۇن بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالغان ئىدى. كەندىرنىڭ زەرەرىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن (كەندىرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق مەست بولۇپ قىلىپ ئايالىنى تالاق قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئايالىنىڭ تالاق بولۇپ كېتىدىغانلىقىدا بىر قاراشقا كەلگەن).[2]

شۇنىڭدەك يەنە مەزكۇر ئۇسۇملۇكلەرنى تېرىغانغا، ئۇلارنى ئۇ يەردىن - بۇ يەرگە يۆتكىگەنگە ۋە ئۇلار بىلەن تىجارەت قىلغاندەك ئىشلارغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا يېيىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان بىرەر ئىشنى قىلىشمۇ ھارامدۇر. چۈنكى، بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 165 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 166 ـ بەت.

قىلىدۇ: «ﷲ تائالا ھاراقنا، ئۇنى ئىچكۈچىگە، قويۇپ بەرگۈچىگە، سېتىپ ئالغۇچىغا، ساتقۇچىغا، سىققۇچىغا، سىقتۇرغۇچىغا، كۆتۈرۈپ كەلگۈچىگە ۋە ئۇنى ئەكەلدۈرگۈچىگە لەنەت ئېيتتى.»[1]

بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مېنىڭ قېشىمغا جىبرىئىل كېلىپ: ئى مۇھەممەد! ھەقىقەتەن ﷲ تائالا ھاراقنا، ئۇنى سىققۇچىغا، سىقتۇرغۇچىغا، ئىچكۈچىگە، ئۇنى ئەكەلدۈرگۈچىگە، ساتقۇچىغا، سېتىپ ئالغۇچىغا، قويۇپ بەرگۈچىگە ۋە قويدۇرغۇچىغا لەنەت ئېيتتى، دېگەن»[2] دەپ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

بۇ ھاراق ھەققىدە كەلگەن ئەڭ قاتتىق تەھدىتدۇر. چۈنكى، ھاراقتىن كېلىپ چىقىدىغان پىتنە ـ پاسات ئىنتايىن ئېغىردۇر. زەھەرلىك ئۇسۇملۇكلەرنىڭمۇ ئىنسانلارغا ۋە جەمئىيەتكە بېرىدىغان زەرەرى بەك ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈن مەزكۇر تەھدىتنىڭمۇ زەھەرلىك ئۇسۇملۇكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىم.

## ھاراق ئىچكەن ئادەمگە بېرىلىدىغان جازانىڭ مىقدارىنىڭ بايانى

ھاراق ئىچكەن ئادەم **80** قامچا ئۇرۇلىدۇ. بۇ ھەقتە سائىب ئىبنى يەزىد (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئەبۇبەكرىنىڭ زامانىدا ۋە ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ باشلىرىدا ھاراق ئىچىپ كەلتۈرۈلگەن ئادەمنى قوللىرىمىز، كەشلىرىمىز ۋە تونلىرىمىز بىلەن ئۇراتتۇق. ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە ئۆمەر (ھاراق ئىچكەن ئادەمنى) **40** قامچا ئۇردى. كېيىن كىشىلەر تېخىمۇ باشتۇڭلۇق ۋە پاسىقلىق قىلىشقان ئىدى. (يەنى ئۇلار ھاراقنى ئىچىشتە تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشقان ئىدى. ئۆمەر ئۇلارنى) **80** قامچا ئۇرغان.[3]

ئىمام مالىك بۇ ھەقتە سەۋر ئىبنى يەزىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆمەر (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ھاراق توغرىسىدا ساھابىلارغا مەسلىھەت سالدى. ئۇنىڭغا ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب

---

**(1)** بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى. ھەدىسنىڭ تېكىستى ئەبۇداۋۇدنىڭكىدۇر. ئىبنى ماجىنىڭ رىۋايىتىدە: ئۇنىڭ پۇلۇسنى يېگۈچىگە دەپمۇ بايان قىلىندى.

**(2)** بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئىبنى ھەببان ۋە ھاكىم قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى ۋە ھاكىم بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

**(3)** بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

**(الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): بىز هاراق ئىچكەن ئادەمنى 80 قامچا ئۇرۇشۇڭنى توغرا، دەپ قارايمىز. چۈنكى، هاراق ئىچكەن ئادەم مەست بولىدۇ. مەست بولغان ئادەم (ئېغىزىغا كەلگەننى) سۆزلەيدۇ. (ئېغىزىغا كەلگەننى) سۆزلەيدىغان ئادەم (كىشىلەرگە) تۆھمەت چاپلايدۇ. (شۇڭا ئۇنى تۆھمەتنىڭ جازاسى بولغان 80 قامچا ئۇرۇشنىڭ لازىم) دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) هاراق ئىچكەن ئادەمنى 80 قامچا ئۇرغان.»**

**هاراق ئىچكەن ئادەمنى 80 قامچا ئۇرۇش ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ زامانىدا ساھابىلار تەرىپىدىن بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدۇر.**

**هاراق ئىچكەن ئادەم، مەستلىكىدىن ئۆڭشالغاندىن كېيىن قامچىلىنىدۇ. قامچا ئۇنىڭ بىر يېرىگىلا ئەمەس بېشىدىن، يۈزىدىن ۋە جىنسىي ـ ئەزاسىدىن باشقا يەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئۇرۇلىدۇ. بىز بۇ ھەقتە زىنانىڭ جازاسىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ۋاقتىمىزدا توختۇلۇپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئۇنىڭ ئۇياتلىق يېرىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشتىنى سالدۇرۇلمايدۇ. ئەمما ئىشتىنىدىن باشقا كىيىم ـ كېچەكلىرى سالدۇرۋېتىلىدۇ. هاراق ئىچكەن ئايال كىيىم ـ كېچىكى بىلەن تۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۇرۇلىدۇ.**

## ئوغرىلىق قىلغانلىقنىڭ جازاسىنىڭ بايانى

### <ئوغرىلىق قىلىش> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى

**<ئوغرىلىق قىلىش> دېگەن سۆز لۇغەت جەھەتتىن باشقىلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يوشۇرۇن ھالدا ناھەق ئېلىۋېلىش، دېگەنلىك بولىدۇ.**

**<ئوغرىلىق قىلىش> دېگەن سۆزنىڭ ئىستىلاھ جەھەتتىن ئىككى ئۇقۇمى بار:**

**1 ـ بۇ سۆزگە، ئوغرىلىق قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ بېرىلگەن ئۇقۇم. بۇ ئۇقۇم بويىچە <ئوغرىلىق قىلىش> دېگەن سۆز، بىر نەرسىنى يوشۇرۇن ھالدا ناھەق ئېلىۋېلىش، دېگەنلىك بولىدۇ.**

2 ـ ئۇ سۆزگە، ئوغرىلىق قىلىشنىڭ ھۆكمى بولغان قول كېسىشنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ بېرىلگەن ئۇقۇم. بۇ ئۇقۇم بويىچە <ئوغرىلىق قىلىش> دېگەن سۆز، ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى قىلىشقا بۇيرۇلغان (يەنى بالاغەتكە يەتكەن)، سۆزلىيەلەيدىغان ۋە كۆزى كۆرۈدىغان بىر ئادەمنىڭ باھاسى ئەڭ ئاز بولغاندا 10 يامبۇلۇق ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك، (مېۋە ـ چېۋىلەردەك) ئاسان بۇزۇلۇپ قالمايدىغان بىر نەرسىنى ئۇنەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدىن ئېلىۋېلىش، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ ئۇقۇمغا ئاساسەن گاچا ئادەمگە جازا بېرىلمەيدۇ. يەنى ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ، ئەگەر سۆزلىيەلەيدىغان بولسا، ئۆزىگە جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىرەر سۆز قىلىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك يەنە كور ئادەمگىمۇ جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، كۆر ئالغان نەرسە ـ كېرەكنىڭ ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ. ئەمما كور ئادەم ئالغان نەرسە ـ كېرەكنىڭ باشقىلارنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ.

ئۇقۇمدا كەلگەن: <يوشۇرۇن ھالدا> دېگەن سۆز بىر نەرسىنى كۆچ ـ قۇۋۋەتكە تايىنىپ تۇرۇپ ئېلىۋېلىشنى، ياكى بۇلاپ ئېلىۋېلىشنى ئوغرىلىقنىڭ ئۇقۇمىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. يەنى بىر نەرسىنى كۆچ ـ قۇۋۋەتكە تايىنىپ تۇرۇپ ئېلىۋالغان، ياكى بۇلاپ ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. (بۇ ئادەمگە باشقا جازا بېرىلىدۇ). ئەگەر بىر ئادەم كېچىدە (يوشۇرۇن) بىر ئۆيگە كىرگەن ۋە ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئادەم بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسىنى ئاشكارا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ. ئەمما كۈندۈزدە ئاشكارە كۆزنى بۇياپ ئۇستۇلۇق بىلەن كىشىلەرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىۋالغان ئادەم (يەنى يانچۇقچى) تۈرمىگە تاشلىنىدۇ ۋە تۈرمىدە جازالاندۇرۇلىدۇ.

ئۇقۇمدا كەلگەن: < ئۇنەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدىن> دېگەن سۆز بىر نەرسىنى، ئۇنى ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولىدىن ئېلىۋېلىشنى ئوغرىلىقنىڭ ئۇقۇمىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. (يەنى بىر نەرسىنى، ئۇنى ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولىدىن ئوغرىلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ). چۈنكى، بىر نەرسىنى ئوغرىلىۋالغان ئادەم، ئۇ نەرسىنى قولىدا ئامانەت سۈپۈتىدە ساقلىغان كىشى ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ھېساپلانمايدۇ. بىز بۇ ھەقتە الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا توختۇلۇپ ئۆتۈمىز.

# ئوغرىلىق قىلغان ئادەمنىڭ قولىنى كېسىش ئۈچۈن تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەرنىڭ بايانى

**ئوغرىلىق قىلغان ئادەمنىڭ قولىنى كېسىش ئۈچۈن بىر نەچچە شەرتلەرنىڭ تېپىلىشى لازىم. لېكىن ئۇ شەرتلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى تۆۋەندىكىلەردۇر:**

**1 ـ ئوغرىلانغان نەرسە (ئىسلام دىنىدا) ھۆرمىتى بار نەرسە ۋە باھاسى ئەڭ ئاز بولغاندا 10 يامبۇ ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولۇشى شەرت. ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ، باھاسى ئەڭ ئاز بولغاندا 10 يامبۇغا يېتىدىغان نەرسە بولۇشى <ئوغرىلىقنىڭ نىسابى> دەپ ئاتىلىدۇ. (ئەگەر ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ باھاسى ئۇنىڭدىن ئاز بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ). بۇ ھەقتە ئائىشە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا ئاددىي نەرسىلەرنى (ئوغرىلىغان) ئوغرىنىڭ قولى كېسىلمەيتتى.»[1]**

**2 ـ بىر نەرسە ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى، ئۇنىڭ ئورنىدىن ئېلىپ چىقىشى شەرت. مەسىلەن: ئوغرىنىڭ ئۇ نەرسىنى قورۇنىڭ ئىچىدىن ياكى دۇكاندىن ياكى خەزىنىدىن، ياكى ئامباردىن ئېلىپ چىقىپ كەتكىنىگە ئوخشاش. <بىر نەرسىنىڭ ئورنىدىن> دېگەنلىكتىن ئۇ نەرسىنى ساقلاش ئۈچۈن تەييارلانغان ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇ يەرگە كىرىش چەكلەنگەن يەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.**

**3 ـ بىر نەرسىنى ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ، ئۇ نەرسىدە ئىگىدارچىلىق شۈبھىسىنىڭ بولماسلىقى شەرت. مەسىلەن: بىر ئادەم دادىسىنىڭ قورۇسىدىن بىر نەرسە ئوغرىلىغان، ياكى ئايالىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئوغرىلىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. (چۈنكى ئوغرىلانغان نەرسىدە ئۇنىڭمۇ ھەققى بولۇپ قېلىشى ئېھتىمال.)**

**4 ـ بىر نەرسە ئوغرىلىغان ئادەم ئۇ نەرسىنى، ئۇنى ئوغرىلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن ئوغرىلىغان بولماسلىقى شەرت. شۇنىڭ ئۈچۈن فىقھشۇناسلار: «ئەگەر تاماق يېيىش ئۈچۈن تەييارلانمىغان بولسىمۇ تاماقنى ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ تاماقنى**

(1) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلدى.

ئوغرىلىغانلىقى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنى ئوغرىلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن بولۇشى ئوچۇقتۇر. ئۇنى ئوغرىلاشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىق ئۇ تاماقنى يېيىشنى دۇرۇس قىلىدۇ.» بۇ ھەقتە ئىبنى ھەزمى <ئەلمۇھەللا> دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ئۇمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قېشىغا تۆگىسى ئۆلتۈرۈلۈپ (يېيىلىپ كەتكەن) بىر ئادەم كېلىدۇ. ئۇمەر ئىبنى خەتتاب ئۇنىڭغا: «سەن بىر تۆگەڭنىڭ ئورنىغا (قورسۇقىدا) ئون ئايلىق بالىسى بار، يايلاقنىڭ خالىغان يېرىدە ئوتلىغان سېمىز ئىككى تۆگە ئالامسەن؟ چۈنكى، بىز ئاچارچىلىق يىلىدا (بىر نەرسىنى ئوغرىلاپ يېگەن ئادەمنىڭ قولىنى) كەسمەيمىز» دېگەن.

5 ـ ئوغرىلانغان نەرسە سۇغۇق يەردە ساقلانمىغان سۈتكە ۋە گۆشكە ئوخشاش تېز بۇزۇلۇپ كېتىدىغان نەرسە بولماسلىقى شەرت. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېۋە ياكى خورمىنىڭ چېچىكىنى ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ.»[1]

## ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ بايانى

ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش ھۆكۈمى قۇرئان كەرىم، سۈننەت ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكى بىلەن يولغا قويۇلدى. ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش توغرىسىدا اللہ تائالا مۇنداق دېدى: «ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەرنىڭ ۋەئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، اللہ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار، اللہ (ئۆز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[2]» يەنى بۇ باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن، دەپ بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەن ئادەمگە اللہ تائالا تەرىپىدىن بېرىلگەن جازادۇر.

«اللہ (ئۆز ئەمرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر» يەنى اللہ تائالا خالىغان ھۆكۈمنى يولغا قويىدۇ. ھېچبىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭ يولغا قويۇلغان ھېكمەتلىك ھۆكۈمىگە قارشى چىقىش ھەققى

(1) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلدى.

(2) سۈرە مائىدە 38 ـ ئايەت.

يوق. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇنلار ئىنسانلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ۋە جانلىرىنى ساقلاشتىن مەغلۇپ بولغان يەردە، ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلىرى كىشىلەر ئارىسىدا خاتىرجەملىكنى ئومۇملاشتۇردى.

ئاندىن الله تائالا ئوغرىلىق قىلىپ سالغان ئادەمگە تەۋبىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ مۇنداق دېدى: «كىمكى (ئوغرىلىق قىلىپ كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلغاندىن كېيىن تەۋبە قىلسا، (ئەمەلىنى) تۈزىسە (يەنى ئوغرىلىق قىلىشتىن يانسا)، الله ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر[1]» چۈنكى، ئىسلام دىنىدا بىر ئادەمنى ياخشىلاش ۋە تۈزەش يولى ئۇنى جازالاش ۋە تەنقىدلەش ئىشلىرىغىلا قاراشلىق ئەمەستۇر.

بىز يۇقىرىدا مەخزۇمىي قەبىلىسىدىن بىر ئايالنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرۇغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. رىۋايەت قىلىنىشىچە: ئۇ ئايال كېيىن ناھايىتى ياخشى تەۋبە قىلغان ۋە توي قىلغاندۇر. ئۇ ئايال (كېيىنكى كۈنلەردە) ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ قېشىغا كۆپ كېلەتتى ۋە (ھاجەتلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەيتتى). كېيىن ئائىشە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇنىڭ ھاجەتلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزەتتى. ئىبنى ئىسھاق (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇبەكرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەيتتى. ئىمام ئەھمەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىبنى ئۆمەر (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ تەۋبەم قوبۇل قىلىنىغانمىدۇ؟» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن بۈگۈن گۇناھىڭدىن خۇددى ئاناڭدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك پاك بولۇپ كەتتىڭ» دېگەن.

الله تائالا مال ـ مۈلۈكلەرنى مانا مۇشۇنداق ئۇنى ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولىنى كېسىش ئارقىلىق ساقلىدى. قولىنى كېسىشنى بولاڭچىلىق ۋە بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغانلىققا ئەمەس ئوغرىلىق قىلغان جىنايەتكە خاس قىلدى. چۈنكى،

(1) سۈرە مائىدە 39 ـ ئايەت.

ئوغرىلىق قىلىش بولاڭچىلىق ۋە بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋېلىشقا قارىغاندا كۆپ يۈز بېرىدۇ ۋە ئوغرىلىققا قارىغاندا ئۇلارغا پاكىت تۇرغۇزۇش ئوڭايدۇر. ئەمما (بولاڭچىلىق ۋە بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋېلىشقا قارىغاندا) بىر ئادەمنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىغا پاكىت تورغۇزۇش قىيىندۇر. الله تائالا كىشىلەرگە قاتتىق ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ئوغرىلىقنىڭ جازاسىنى ئېغىر قىلدى.

ئوغرىنىڭ ئوڭ قولى كېسىلىدۇ. سەلەپلەر بىر قېتىم ئوغرىلىق قىلىپ قولى كېسىلىپ، ئاندىن ئىككىنچى قېتىم يەنە ئوغرىلىق قىلغان ئادەمنىڭ (قايسى ئەزاسىنىڭ كېسىلىدىغانلىقى ھەققىدە) ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. كۆپ ساندىكى ئالىملار: «ئۇنىڭ سول پۇتى، ئاندىن يەنە ئوغرىلىق قىلسا سول قولى، ئاندىن يەنە ئوغرىلىق قىلسا ئوڭ پۇتى كېسىلىدۇ» دېدى. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرىغا الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەتنى[1] ۋە ساھابىلارنىڭ قىلمىشلىرىنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. چۈنكى، ئۇلار ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ جازاسىنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەتنى، بۇ ئايەت پەقەت بىر قېتىم ئوغرىلىق قىلىپ كەلگەن ئادەمنىڭ جازاسىنى بايان قىلىپ كەلگەن، دەپ چۈشىنىدۇ. ئەگەر ئوغرى تەكرار يەنە ئوغرىلىق قىلسا، ھەتتا ئۇنىڭ كېسىلىدىغان ئەزاسى قالمىغۇچە ئۇنىڭ ئەزالىرى كېسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى كېسىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ يەنە ئوغرىلىق قىلسا، بۇھالدا ئۇنىڭغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ ۋە تۈرمىگە تاشلىنىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئوغرىلىق قىلغان ئادەمگە ئۆلۈم جازاسىنى بېرىش سىياسي بىر جازادۇر. ئەگەر ئوغرى ئوغرىلىق قىلىشقا ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى قېتىم تەكرار قايتسا، ئۇ يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىشقا تىرىشقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ» دەيدۇ.

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر: «ئەگەر ئوغرىنىڭ سول پۇتى كېسىك بولسا، ئۇنىڭ باشقا ئەزالىرى كېسىلمەيدۇ. ئوغرى ئوغرىلىغان نەرسىنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ ۋە ھەتتا ئۇ تەۋبە قىلغانغا قەدەر تۈرمىگە سولاپ قويۇلىدۇ» دەيدۇ. الله تائالا خالىسا بىز بۇ ھەقتە توختۇلۇپ ئۆتۈمىز.

(1) بۇ سۈرە مائىدىنىڭ 33 ـ ئايىتىدۇر. ت.

# ئوغرىلىقنىڭ نىسابى

بىز يۇقىرىدا ئوغرىنىڭ قولىنىڭ ئادەتتە نەرسىدە كېسىلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئوغرىلىق قىلغان بىر ئادەمنىڭ قولىنىڭ كېسىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوغرىلىغان نەرسىسى ئەڭ ئاز ئون يامبۇلۇق نەرسە بولۇشى لازىم. چۈنكى، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇد (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا قول ئون يامبۇ ئۈچۈن كېسىلەتتى. يەنى ئەڭ ئاز ئون يامبۇنى (ياكى ئۇنىڭ قىممىتىدە بىر نەرسە) ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلەتتى. بۇ ھەقتە مۇھەممەد ئىبنى ئەلھەسەن (اﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قول ئون يامبۇدىن ئاز نەرسە ئۈچۈن كېسىلمەيدۇ. (يەنى ئون يامبۇدىن ئاز بىر نەرسىنى ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ).»

بۇ ھەقتە ئۇممۇ ئەيمەن (اﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قول پەقەت بىر قالقان ئۈچۈنلا كېسىلىدۇ. يەنى بىر قالقاننىڭ قىممىتىدە بىر نەرسە ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلىدۇ)» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بىر قالقاننىڭ قىممىتى بىر تىللا ياكى ئون يامبۇ ئىدى.

# بىر ئادەمنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىنىڭ ئىسپاتلىنىشى

ئوغرىلىق قىلغان ئادەم مەجبۇرىي ئەمەس ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قازىنىڭ ئالدىدا بىر قېتىم ئىقرار قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. ئەگەر ئىقرارنى (ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئەمەس) مەجبۇرلانغان ھالدا قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارى كۈچكە ئىگە بولمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا جازا بېرىلمەيدۇ.

س: ئوغرىنى ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ئۇرۇش توغرىمۇ؟

ج: بىر قىسىم ئالىملار: «ئەگەر ئوغرى پاسىقلىق بىلەن مەشھۇر ئادەم

بولسا، ئۇنى (ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن) ئۇرۇش توغرىدۇر» دەيدۇ. چۈنكى، توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن بىر رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇبەير ئىبنى ئاۋامنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن مال - مۈلۈكلىرىنى تاپشۇرۇشقا كېلىشىم تۈزۈشۈپ مال - مۈلكىنىڭ ئورنىنى يوشۇرۇپ قالغان بىر كاپىرنى ئازراق ئازابلاپ قويۇشقا بۇيرۇغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (مال - مۈلۈكلەرنىڭ ئورنىنى يوشۇرۇپ قالغان) ئۇ كاپىرغا: «ھەييە ئىبنى ئەختەبنىڭ بايلىقلىرى نەدە؟» دېدى. ئۇ كاپىر: «ئى مۇھەممەد! ئۇنىڭ بايلىقلىرىنى تەمىناتلار ۋە ئۇرۇشنىڭ چىقىملىرى تۈگىتىپ بولدى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ مال - مۈلكى بەك كۆپ، ئەمما مەسىلە ئاددىيدۇر. (يەنى ئۇنىڭ مال - مۈلكى بەك كۆپ، ئەمما سەن دېگەن ئىشلار ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى تۈگىتىپ بولۇلمايدۇ)، دەپ زۇبەيرىگە: بۇنىڭ ئازراق ئەدەبىنى بېرىپ قويغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن زۇبەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇنىڭ ئازراق ئەدىبىنى بەرگەن ئىدى، ئۇ كاپىر ساھابىلارنى مال - مۈلۈكنىڭ بار يېرىگە باشلاپ ئاپاردى.[1]

بىر ئادەمنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقى يەنە ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىغا ئىككى ئادەمنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەنمۇ ئىسپاتلىنىدۇ. قازى بىر ئادەمنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىپ كەلگەن ئىككى ئادەمدىن، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۆز ئورنىدىن ئېلىپ چىققان ياكى ئۇنداق قىلمىغانلىقىنى ياكى ئۇ نەرسىنى ئۆيىنىڭ سىرتىدا تۇرغان بىرسىگە سۇنۇپ بەرگەنلىكىنى ياكى ئۇنداق قىلمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى سورايدۇ؟ ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ كاپىر دۆلىتىدە ياكى ئىسلام دۆلىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورايدۇ. ئۇ نەرسىنىڭ (ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش نىسابىغا يەتكەن، ياكى يەتمىگەن نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن) ئۇ نەرسىنىڭ قانچىلىك نەرسە ئىكەنلىكىنى سورايدۇ. ئوغرىنىڭ ئۇ نەرسىنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىدىن ئوغرىلىغانلىقىنى ياكى يات بىرسىدىن ئوغرىلىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇ نەرسىنى كىمدىن ئوغرىلىغانلىقىنى سورايدۇ. قازىنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق ئېيتىپ كەلگەن ئادەمدىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سورىشى ئوغرىلىق قىلغان ئادەمنىڭ قولىنى كېسىشكە

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 196 - بەت.

توسالغۇ بولىدىغان بىرەر باھانە تېپىش ئۇچۇندۇر.

ئەگەر ئۆزىنىڭ بىر نەرسە ئوغرىلىغانلىقىغا ئىقرار قىلغان ئادەم قىلغان ئىقرارىدىن يېنىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىشى توغرا ھېسابلىنىدۇ. (يەنى ئۇنىڭ قولىنى كېسىلمەيدۇ). شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر گۇۋاھچىلارنىڭ بىرى بەرگەن گۇۋاھلىقىدىن يېنىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىدىن يېنىۋېلىشىمۇ كۈچكە ئىگىدۇر. (يەنى بۇ ھالدىمۇ ئوغرىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ). ياكى ئوغرى: «ئۇ مېنىڭ مال - مۈلكۈمدۇر» دېگەن بولسا، يەنە ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارىدىن يېنىۋېلىشى ياكى ئوغرىلىغان نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ مال - مۈلكى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىشى (ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازانىڭ ئالدىنى ئالىدىغان) شۈبھىدۇر. ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان، ئاندىن قېچىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، قېچىپ كېتىش ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارىدىن يېنىۋالغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئۇ، بۇ ھالدا ئوغرىلىغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئوغرى قازىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ (ئوغرىلىق قىلمىغانلىقى) ئۈچۈن قەسەم ئىچىپ بېرىشتىن باش تارتقان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا (ئۇنى ئوغرىلىدى، دەپ قارالغان) مال - مۈلۈكنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ.

ئەگەر قازى بىر ئوغرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلىشى، ياكى گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن ئۇ ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشكە ھۆكۈم چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن مال - مۈلكى ئوغرىلاندى، دەپ قارالغان ئادەم: «بۇ مال - مۈلۈك ئۇنىڭغىدۇر، بۇ مال - مۈلۈكنى ئۇ مەندىن ئوغرىلىمىغان، مەن بۇ مال - مۈلۈكنى ئۇنىڭ يېنىدا ئامانەتكە قويۇپ قويغان ئىدىم، دېگەنگە ياكى ئۇنى ئوغرىلىق قىلدى، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنلەر يالغان گۇۋاھلىق بېرىپتۇ، دېگەنگە ياكى ئۇ ئادەم يالغاندىن: مەن ئوغرىلىق قىلدىم، دەپ ئىقرار قىلىپتۇ، دېگەنگە ئوخشاش بىر نەرسە دېگەن» بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئوغرىلىق قىلدى، دەپ قارالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ.

ھەتتا ئوغرىلىق قىلدى، دەپ قارالغان ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېغىزىغا (باشقا گەپلەرنى) سېلىپ بېرىش مۇستەھەپتۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇداۋۇد مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىر ئوغرى ئېلىپ كېلىندى ۋە ئۇ

ئۆزىنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ يېنىدىن ھېچقانداق نەرسە چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مەن سېنى ئوغرىلىق قىلدى، دەپ گۇمان قىلمايمەن» دېدى. ئۇ ئوغرى: «ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مەن ھەقىقەتەن ئوغرىلىق قىلدىم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى سۆزىنى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم قايتا ـ قايتا تەكرارلىدى. (ئۇ ئوغرى ھەر قېتىمدا ئۆزىنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى). شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرۇدى.

# ئوغرىلانغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىشنىڭ بايانى

قولى كېسىلگەن ئوغرى، ئەگەر ئۇنىڭ ئوغرىلىغان نەرسىسى يوقىتىپ كەتكەن بولسا، ئوغرىغا ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ نەرسە كېيىن تېپىلسا، ئوغرى ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئوغرى يوقىتىپ كەتكەن نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ.»[1]

كۆپلۈك رىۋايەتكە ئاساسەن ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ ئۆزىچە يوقىتىپ كەتكەنلىكى بىلەن ئۇنى ئىشلىتىپ تۈگىتىۋاتقانلىقىنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق. (يەنى بىر نەرسە ئوغرىلىغان ئادەم ئۇ نەرسىنى يوقىتىۋەتقان ياكى ئۆزى ئىشلىتىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس). لېكىن، ئۇ ئادەمگە دىيانەت جەھەتتىن ئۇ نەرسىنىڭ باھاسى بويىچە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىگە پۇل تۆلەپ بېرىشكە پەتىۋا بېرىلىدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى مەيلى قولى كېسىلىشتىن بۇرۇن ئىشلىتىپ كەتسۇن، مەيلى كېيىن ئىشلىتىپ كەتسۇن، بۇنىڭ ئارىسىدا ھېچبىر پەرق يوق. ئوغرىدىن ئوغرىلىغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىش (دىيانەت جەھەتتىن ئەمەس) پەقەت ھۆكۈم جەھەتتىن چۈشۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئوغرىغا ئۇ نەرسىگە ئوخشايدىغان بىرەر نەرسىنى تۆلەپ بېرىشكە ھۆكۈم چىقىرىش قىيىندۇر. ئەمما دىيانەت جەھەتتىن ئوغرىنىڭ ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشكە پەتىۋا بېرىلىدۇ. چۈنكى، مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىگىسىگە ئوغرى تەرەپتىن زىيان كەلدى. ئەگەر ئوغرىدىن ئوغرىلانغان نەرسىنى سېتىپ ئالغان ئادەم ئۇنى ئىشلىتىپ كەتكەن بولسا، ئۇ

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 11 ـ توم، 741 ـ بەت.

نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۇنى سېتىپ ئالغان ئادەمگە تۆلىتىدۇ، ئاندىن ئۇ ئادەم ئوغرىدىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغاندا ئۇ نەرسە ئۈچۈن بەرگەن پۇلنىلا قايتۇرۇپ ئالىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئوغرى ئۇ نەرسىنى بىر كىشىگە سوۋغا قىلىپ بەرگەن ۋە ئۇ كىشى ئۇ نەرسىنى ئىشلىتىپ كەتكەن بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى (ئوغرىغا ئەمەس) ئۇ كىشىگە تۆلىتىدۇ.

ئەگەر بىر ئوغرىنىڭ قولى، ئۇ ئوغرى ئوغرىلىغان نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ بىر قىسمى ئۈچۈن كېسىلگەن بولسا، ئوغرى قالغان نەرسە ـ كېرەكلەرنىمۇ تۆلەپ بەرمەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر نەچچە ئادەمنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئوغرىلىغان، ئاندىن ئۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن بىرى دەۋا قىلىپ ئۇ ئوغرىنىڭ قولىنى كەستۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ قولىنى كېسىش ئوغرىلانغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ھېساب بولىدۇ ۋە ئۇ ئوغرى ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا، ھېچبىر نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئوغرى پەقەت دەۋا قىلىپ قولىنى كەستۈرۈۋەتكەن ئادەمنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەمما قالغان ئادەملەرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تۆلەپ بېرىدۇ» دېدى. ئەگەر نەرسە ـ كېرەكلىرى ئوغرىلىنىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ دەۋا قىلىپ ئۇنىڭ قولىنى كەستۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ھەنەفىي مەزھەپىدىكى بارلىق ئىماملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە، ئوغرى ھېچبىرىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ.

ئوغرىنىڭ ئوغرىلاش ئارقىلىق قولىغا كىرگۈزگەن نەرسىلەردىن ھېچبىر شەكىلدە پايدىلىنىش توغرا ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئوغرى ئوغرىلاپ ئېلىپ كەلگەن بىر پارچە رەختىن كۆينەك تىككەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇ كۆينەكتىن پايدىلىنىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئوغرى ئۇ رەخكە ھارام يول ئارقىلىق ئىگە بولدى.

ئەگەر بىر ئادەم (قوينىڭ ئېغىلىغا كىرىپ) بىر قوينى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۇنىڭ گۆشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەمما ئۇ ئوغرى ئۇنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قوينى تىرىك ئېلىپ چىققان، ئۇ قوينىڭ باھاسى (قوي تىرىك چېغىدا) ئون يامبۇغا يېتىدىغان بولغان، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ باھاسى تۆۋەنلەپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ.

# قولنى كېسىش ئۈچۈن تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەرنىڭ تەپسىلىي بايانى

ئالىملار قولنى كېسىش ئۈچۈن تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئادەتتە (سەھرادىكى) توپلانمايدىغان ياغاچقا، كەندىرگە ۋە قۇمۇشقا ئوخشاش ئەسلىدە كىم كېلىپ توپلىۋالسا بولىدىغان ئاددىي بىر نەرسىنى بىر ئادەم توپلاپ ئېلىپ كەلگەن ۋە ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى (بىر ئىش قىلىش ئارقىلىق) قىممەتلىك بىر نەرسىگە ئايلاندۇرمىغان، ئاندىن ئۇ ئادەمدىن ئۇ نەرسىنى بىر كىشى ئوغرىلىۋالغان بولسا، بۇ هالدا ئۇ نەرسىنى ئوغرىلىغان كىشىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە سۈت، گۆش ۋە نان قاتارلىقلاردەك يېيىش ئۈچۈن تەييارلانغان تاماققا ئوخشاش تېز بۇزۇلۇپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى ئوغرىلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەمما بۇغداي ـ قۇناققا ۋە شىكەرگە ئوخشاش تېز بۇزۇلۇپ كەتمەيدىغان نەرسىلەرنى ئوغرىلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلىدۇ.

ئۈزۈم، ئارمۇت، ئالما ۋە ئانارغا ئوخشاش ھۆل مېۋىلەرنى ئوغرىلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەگەر مېۋىلەرنىڭ ئىگىسى ئۇ مېۋىلەرنى ئىشكى بار ۋە ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىپ قويغىلى بولىدىغان ئۆينىڭ ئىچىگە سۇلاپ قويغان ۋە بىر كىشى ئۇ مېۋىلەرنى ئۇ يەردىن ئوغرىلىۋالغان بولسىمۇ ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەمما بادام ۋە ياڭاققا ئوخشاش قورۇق مېۋىلەرنى ئۇ مېۋىلەر ساقلىنىدىغان يەردىن ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلىدۇ.

دەرەخنىڭ ئۈستىدىكى مېۋىلەرنى ئوغرىلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى دەرەخنىڭ ئۈستىدىكى مېۋە (ساقلىنىدىغان ئورنىدىكى مېۋە) دەپ قارالمايدۇ. ئەگەر دەرەخ (تۆت ئەتراپى توسۇپ قويۇلغان باغنىڭ ئىچىدە) بولسىمۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدىكى مېۋىلەرنى ئوغرىلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم (خورما ياغىچىدىن) خورمىلارنى ئۈزۈپ ياكى باشاقلارنى ئورۇپ ئېلىپ كېلىپ ئىشكى بار بىر يەردە ساقلىغان، ئاندىن ئۇلارنى ئۇ يەردىن بىر كىشى ئوغرىلاپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ قولى كېسىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ نەرسىلەر چۆلگە تاشلاپ قويۇلغان،

ئەمما ئۇلارنىڭ ئىگىسى ئۇلارنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ ساقلاپ ئولتۇرغان، ئاندىن بىر كىشى كېلىپ ئۇلارنى ئوغرىلىۋالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇلارنى ئوغرىلىۋالغان كىشىنىڭ قولى كېسىلىدۇ.

مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ۋە چالغۇ ئاسۋابلارنى ئوغرىلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئالتۇندىن ياسالغان كرېس بەلگىسىنى ئوغرىلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنى ئېلىۋېلىشتىكى مەقسىتىنى، كىشىلەرنى يامان ئىشتىن توسۇش ئۈچۈن ئۇنى سۇندۇرۇۋېتىش ئىكەنلىكىگە قاراتقىلى بولىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر كرېس بەلگىسىنى ئوغرىلىۋالغان ئادەم (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىر بولسا، ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ كاپىرنىڭ ئۇنى ئېلىۋېلىشتىكى مەقسىتىنى، كىشىلەرنى يامان ئىشتىن توسۇش ئۈچۈن ئۇنى سۇندۇرۇۋېتىش ئىكەنلىكىگە قاراتقىلى بولمايدۇ» دېدى.

ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان ۋە ئۆزىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئۆزى ئىپادىلەيدىغان، ئەمما بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ بىر نەرسىسىنى ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ كىچىك بالىنىڭ بىر نەرسىسىنى ئېلىۋالغانلىقى ئۇ بالىنى گوللىغانلىق، ياكى ئۇ نەرسىنى ئۇ بالىدىن ناھەق ئېلىۋالغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بىر نەرسىنى گوللاپ، ياكى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەمما ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان كىچىك بالىنىڭ تاتلىق ـ تۈرۈم نەرسىلىرىنى ئېلىۋالغان كىشىنىڭ قولى كېسىلىدۇ.

بويىنىغا ئالتۇن سىرتماق باغلانغان بولسىمۇ ئىت، ياكى يولۋاسنى ئوغرىلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئۇنى ئوغرىلىۋالغان ئادەم مەيلى ئۇنىڭ بويىندا ئالتۇن سىرتمىنىڭ بارلىقىنى بىلسۇن، ياكى بىلمىسۇن، ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ھايۋانلارنىڭ بويىندىكى سىرتماق (ئەسلى نەرسە ئەمەس) ئۇ ھايۋانغا قاراشلىق نەرسە ھېسابلىنىدۇ. ئىت مەيلى ئوۋ ئىتى بولسۇن، مەيلى پادا ئىتى بولسۇن، پەرق يوقتۇر. چۈنكى بۇلارمۇ ئىت تىپىدىندۇر. يەنە كېلىپ ئالىملار ئىتنىڭ (ھۆرمىتى بار) مال ـ مۈلۈك ھېسابلىنىش ياكى ئۇنداق ھېسابلانماسلىق ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. شۇڭا بۇ ئىختىلاپ ئۇنى ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولىنى كېسىش ياكى

كەسمەسلىك شۇبھىسىنى پەيدا قىلىدۇ.

باشقىلارنىڭ ئامانەتلىرىنى ساقلاپ بېرىدىغان ئادەم ئۆزىگە ئامانەتكە قويۇپ قويۇلغان نەرسە ـ كېرەكلەردىن ئوغرىلىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر نەرسىنى ئاشكارا بۇلاپ ئېلىۋالغان، ياكى ئۇستۇلۇق بىلەن ئوغرىلىۋالغان (يەنى يانچۇقچىلىق قىلغان) ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ.

تاھارەت ئالىدىغان يەردىن كىشىلەرنىڭ كەشلىرىنى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئوغرىلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىرەر شۇبھى تېپىلغانلىقتىن قولى كېسىلمەي قالغان ھەممە ئوغرىغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ ۋە ئۇ ھەتتا تەۋبە قىلغانغا قەدەر تۈرمىگە سولاپ قويىلىدۇ.

قەبرىستانلىقتىن ئۆلۈكلەرنىڭ كېپەنلىرىنى ئوغرىلايدىغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم شۇنداق قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ قولى (دىني ھۆكۈم بويىچە ئەمەس) سىياسىي ھۆكۈم بويىچە كېسىلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر نەرسىنى ئوغرىلىغان، ئاندىن ئۇنىڭ قولى شۇنىڭ سەۋەبى بىلەن كېسىلگەن، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن، كېيىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئىككىنچى قېتىم تەكرار ئوغرىلىغان ۋە ئۇ نەرسە ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتمىگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. قىياس بويىچە ئۇ ئادەمنىڭ قولى كېسىلىدۇ. بۇ، ئەبۇيۇسۇف، مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئۇ نەرسە ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا، مەسىلەن: بىر كىشى ئىگىرىلگەن بىر توپ يۇڭ يىپنى ئوغرىلىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قولى كېسىلگەن ۋە ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن، ئاندىن ئۇنىڭدىن بىر نەرسە توقۇلغان، كېيىن ئۇ كىشى ئۇنىڭدىن توقۇلغان نەرسىنى ئوغرىلىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ قولى كېسىلىدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 201 ـ بەت.

# ئومۇمغا تەۋە نەرسە ـ كېرەكنى ئوغرىلاشنىڭ ھۆكمى

ئومۇمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، ئوغرىمۇ ئومۇمنىڭ ئىچىدىن بىر كىشىدۇر. ئەگەر ئومۇمنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى ئومۇمغا تەۋە مال ـ مۈلۈككە ئېھتىياجى چۈشۈپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇ مال ـ مۈلۈكتىن ئۆزىنىڭ ھاجىتىگە چۈشلۇق ئېلىشى ھالالدۇر. شۇڭا بۇ ئىش ئومۇمغا تەۋە بىرەر نەرسىنى ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولىنى كېسىشكە تۇسالغۇ بولىدىغان شۈبھە پەيدا قىلىدۇ. (شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ). لېكىن، ئۇ ئادەم قاتتىق گۇناھكار بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمگە ئوغرىلىغان نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشى، ياكى ئۇنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. اللە تائالا ئومۇمنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىگە خىيانەت قىلغان ئادەم ھەققىدە مۇنداق دېدى: «كىمكى غەنىمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ. ھەر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىگە تولۇق مۇكاپات، (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا (ياخشىلارنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىپ، ئاسىيلارنىڭ جازاسىنى ئاشۇرۇۋېتىپ) زۇلۇم قىلىنمايدۇ[1]»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئومۇمغا تەۋە مال ـ مۈلۈكنى ئوغرىلىغان ۋە خىيانەت قىلغان ئادەمنىڭ گۇناھىنىڭ بەك ئېغىر بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە خىيانەت ھەققىدە سۆزلەپ، خىيانەت قىلىشنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ھەقىقەتەن يامان ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى بىرىڭلارنىڭ خىيانەت قىلغان تۆگىنى ھۆۋلىغان ھالىتىدە گەدىنىدە كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى قۇتقۇزىۋالغىن، دېگىنىنى كۆرۈپ قالماي، ئەگەر كۆرۈپ قالسام مەن ئۇنىڭغا: اللە تائالادىن ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، مەن خىيانەت قىلىشنىڭ ھەقىقەتەن يامان ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويغان ئىدىم، دەيمەن. قىيامەت كۈنى بىرىڭلارنىڭ خىيانەت قىلغان ئاتنى كىشنىگەن ھالىتىدە گەدىنىدە كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى قۇتقۇزىۋالغىن، دېگىنىنى كۆرۈپ قالماي، ئەگەر كۆرۈپ قالسام مەن ئۇنىڭغا: اللە تائالادىن ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە

(1) سۈرە ئالى ئىمران 161 ـ ئايەت.

بولالمايمەن، مەن خىيانەت قىلىشنىڭ ھەقىقەتەن يامان ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويغان ئىدىم، دەيمەن. قىيامەت كۈنى بىرىڭلارنىڭ خىيانەت قىلغان قوينى مەرىگەن ھالىتىدە گەدىنىدە كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى قۇتقۇزىۋالغىن، دېگىنىنى كۆرۈپ قالماي، ئەگەر كۆرۈپ قالسام مەن ئۇنىڭغا: الله تائالادىن ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، مەن خىيانەت قىلىشنىڭ ھەقىقەتەن يامان ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويغان ئىدىم، دەيمەن. قىيامەت كۈنى بىرىڭلارنىڭ خىيانەت قىلغان بىر جانىۋارنى ئاۋاز چىقارغان ھالىتىدە گەدىنىدە كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى قۇتقۇزىۋالغىن، دېگىنىنى كۆرۈپ قالماي، ئەگەر كۆرۈپ قالسام مەن ئۇنىڭغا: الله تائالادىن ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، مەن خىيانەت قىلىشنىڭ ھەقىقەتەن يامان ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويغان ئىدىم، دەيمەن. قىيامەت كۈنى بىرىڭلار، خىيانەت قىلغان رەخت ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنى گەدىنىدە لەپىلدىتىپ كېلىپ، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى قۇتقۇزىۋالغىن، دېگىنىنى كۆرۈپ قالماي، ئەگەر كۆرۈپ قالسام مەن ئۇنىڭغا: الله تائالادىن ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، مەن خىيانەت قىلىشنىڭ ھەقىقەتەن يامان ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويغان ئىدىم، دەيمەن. قىيامەت كۈنى بىرىڭلارنىڭ خىيانەت قىلغان ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى گەدىنىدە كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مېنى قۇتقۇزىۋالغىن، دېگىنىنى كۆرۈپ قالماي، ئەگەر كۆرۈپ قالسام مەن ئۇنىڭغا: الله تائالادىن ھېچقانداق نەرسىگە ئىگە بولالمايمەن، مەن خىيانەت قىلىشنىڭ ھەقىقەتەن يامان ئىكەنلىكىنى يەتكۈزۈپ قويغان ئىدىم، دەيمەن»[1]

ئومۇمغا تەۋە مال ـ مۈلۈكلەردە مەسئۇلىيەت ئېغىردۇر. ئومۇمغا تەۋە مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ ئىشى الله تائالانىڭ ئالدىدا كاتتىدۇر. ئومۇمغا تەۋە مال ـ مۈلۈكلەرنى ئۆز ئامانىتىگە ئالغان كىشىنىڭ الله تائالا يولغا قويۇپ بەرگەن بەلگىلىمىلەردە تۇرۇشى لازىم. ئۇ كىشى ئومۇمغا تەۋە مال ـ مۈلۈكلەردە الله تائالانى رازى قىلىدىغان شەكىلدە ھەرىكەت قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇنداق قىلمايدىغان بولسا، قىيامەت كۈنى (ئۇ كىشى دۇنيادا ئۇ مال ـ مۈلۈكلەردىن) ئۆزى ئۆچۈن ئالغان ۋە بىر قىسىم ئادەملەرگە خۇسۇسىي بەرگەن نەرسىلەرنى گەدىنىدە كۆتۈرگەن ھالىتىدە (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىنىدۇ. ئۇ مالدا ھەققى بار ھەر بىر ئادەم ئۇ

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

كىشى بىلەن دەۋالىشىدۇ. چۈنكى، بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىدىن ھېچبىر نەرسە الله تائالانىڭ ئالدىدا بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. الله تائالا ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر. الله تائالانىڭ ئالدىدا ئىشەنچىلىك كىشى بىلەن خائىن بىر دەرىجىدە ئەمەس. الله تائالا مۇنداق دېدى: «الله نىڭ رازىلىقىنى ئىزدىگەن كىشى الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچراشقا تېگىشلىك بولغان كىشىگە ئوخشامدۇ؟ الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچراشقا تېگىشلىك بولغان كىشىنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر، جەھەننەم نېمە دېگەن يامان جاي![1]»

# قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزدارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىۋېلىشىنىڭ ھۆكمى

ئەگەر بىر ئادەم، مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىش كېلىشىمى بىلەن قەرزگە پۇل ئالغان بىر كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئۇنىڭغا قەرزگە بېرىپ تۇرغان پۇلنىڭ مىقدارىدا پۇل ئوغرىلىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇپ ئالغان ھېسابلىنىدۇ. ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قايتۇرۇپ بېرىش لازىم بولغان قەرز بىلەن مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن قايتۇرۇپ بېرىش لازىم بولغان قەرزنىڭ ھۆكمى قولنىڭ كېسىلمەيدىغانلىقىدا ئوخشاشتۇر. يەنى ھەر ئىككى خىل قەرزنىڭ ئىگىسى قەرزدارىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئۆزىنىڭ قەرزگە بەرگەن پۇلىنىڭ مىقدارىدا بىر نەرسە ئېلىۋالغان بولسا، قەرز ئىگىسىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، قەرزنى مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن ئېلىشقا كېلىشىم تۈزۈشنىڭ پايدىسى پەقەت قەرزنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن قويۇلىدىغان تەلەپنى كېچىكتۈرۈش ئۈچۈندۇر. ھەر ئىككى خىل قەرزدە (قەرز ئىگىسىنىڭ) ھەققى باردۇر. شۇڭا قەرز ئىگىسىنىڭ ئۆزىنىڭ قەرزدارىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئوغرىلىۋېلىشى (ئۇنىڭغا جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى) ئالىدىغان شۈبھە بار بىر ئوغرىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر قەرزدار قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بېرىشكە تىرىشمىغان بولسىمۇ بۇنىڭ ھېچبىر

(1) سۈرە ئالى ئىمران 162 ـ ئايەت.

زىيىنى يوق. قەرزدارنىڭ مال ـ مۈلكىدىن بىر نەرسە ئوغرىلىنىۋالغان قەرز ئىگىسىنىڭ قولىنى كەسمەسلىكتە ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىش ۋاقتى كېچىكتۈرۈۋېتىلگەن نەرسە بولۇش بىلەن ئۇنداق نەرسە بولماسلىقىنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق. ئەمما ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا پەرق بار» دەيدۇ.

قەرز ئىگىسى تەرىپىدىن ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ قەرزگە بەرگەن نەرسە بىلەن، مەسىلەن: يامبۇ قەرزگە بېرىپ تۇرغان ئادەم قەرزداردىن تىللا ئوغرىلىۋالغانىغا ياكى ئەكسىنى قىلغانىغا ئوخشاش ھۆكمەن بولسىمۇ بىر جىنستىن بولۇشى شەرت. چۈنكى، يامبۇ بىلەن تىللا ھۆكمەن بىر جىنس ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ماتالار ۋە زىبۇ ـ زىنەتلەر (يامبۇ ۋە تىللالار بىلەن) بىر جىنس ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا قەرزگە يامبۇ ياكى تىللا بېرىپ قەرزگە بەرگەن پۇلنىڭ مىقدارىدا قەرزداردىن ماتا ياكى زىبۇ ـ زىنەت ئوغرىلىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ. ئەمما ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «قەرزگە يامبۇ ياكى تىللا بېرىپ قەرزداردىن ماتا ياكى زىبۇ ـ زىنەت ئوغرىلىۋېلىش توغرىدۇر، چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى ماللىق سۈپىتىدە بىر جىنس ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ. كېيىنكى دەۋردە كەلگەن بىر قىسىم ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملار ئىمام شافىئىينىڭ بۇ قارىشى بىلەن پەتىۋا بېرىشنى توغرا كۆردى ۋە ئۇلار: «بۇرۇنقى دەۋردىكى ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملارنىڭ قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزداردىن ئۇنىڭغا قەرزگە بېرىپ تۇرغان نەرسىدىن باشقا جىنستىكى نەرسىنى ئوغرىلىۋېلىشى توغرا ئەمەس دېيىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇلارنىڭ زامانىدا ھەممە ئادەملەر بىر ـ بىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ھۆرمەت قىلاتتى. ئەمما بۈگۈنكى زاماندا مەيلى ئۆز جىنستىن بولسۇن، مەيلى باشقا جىنستىن بولسۇن، قولغا چىققانىنى ئوغرىلىۋېلىشقا بولىدۇ، دېيىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، كىشىلەر ئارىسىدا تاراپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئاسىيلىق قىلىشلىرىدۇر. ئۇلار بۇ ھەقتە مۇنداق بىر مىسرا ئوقىغان:

بۇ زامانغا ۋاي! چۈنكى بۇ زامان ـ ھەق ـ ھۇقۇقنىڭ ئەمەس ئاسىيلىقنىڭ زامانىدۇر.

# ئارىلىرىدا نىكاھ چۈشمەيدىغان ئادەملەرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئوغرىلاشنىڭ بايانى

بىر كىشى دادىسىغا ياكى بالاغەتكە يەتكەن ئوغلىغا قەرزدار بولۇپ قالغان بىر ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىغان بولسا، ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ. چۈنكى، قەرزداردىن قەرز پۇلنى ئېلىش ئۇنىڭ ئەمەس، بەلكى قەرز ئىگىسىنىڭ ھەققىدۇر. ئەمما ئۇ كىشى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىسىغا قەرزدار بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىغان بولسا، ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىسىنىڭ قەرزلىرىنى ئېلىش ھەققى بار.

ئارىلىرىدا نىكاھ چۈشمەيدىغان ئۇرۇغ ـ تۇغقىنىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەگەر ئارىلىرىدا نىكاھ چۈشمەيدىغان سەۋەب (ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىق سەۋەبى بىلەن ئەمەس) ئېمىلدەشلىك سەۋەبى بىلەن بولغان بولسا، ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئارىلىرىدا نىكاھ چۈشمەيدىغان ئۇرۇغ ـ تۇغقىنىنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ئۇرۇغ ـ تۇغقىنىنىڭ) ئۆيىدىن ئەمەس يات بىر كىشىنىڭ ئۆيىدىن ئوغرىلىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قولى كېسىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى (ئۇ مال ـ مۈلۈكنى) ساقلىنىدىغان ئورنىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتدۇر. بىر ئادەم ئۇرۇغ ـ تۇغقانچىلىقتىن باشقا بىر سەۋەبلەر بىلەن ئارىلىدا نىكاھ چۈشمەيدىغان بىر كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قولى كېسىلىدۇ. ئەمما ئارىلىقىدا نىكاھ چۈشمەيدىغان ئىش ئۇرۇغ ـ تۇغقانچىلىق سەۋەبى بىلەن بولسا، بۇ ھالدا ئارىلىدا نىكاھ چۈشمەيدىغان بىر كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىدە ھەققى بولۇش شۈبھىسى باردۇر.

يېنىشقىلى بولمايدىغان تالاق قىلىنىپ كېتىپ ئايرىم بىر ئۆيدە ئىددىتىنى تۇتۇۋاتقان ئايالى بولسىمۇ ئايالىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئۈچ تالاق قىلىنىپ كەتكەن ئايالىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۇنىڭ ئىددىتى چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئوغرىلىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ. ئايالىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىغان ئادەم

ئۇ ئايالنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىغان ۋاقىتتا مەيلى ئۇنىڭ ئېرى بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلاپ بولغاندىن كېيىن توي قىلسۇن، مەيلى ئۇنىڭ بىلەن قولىنى كېسىشكە ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئىلگىرى توي قىلسۇن، مەيلى ھۆكۈم چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن توي قىلسۇن، ئۇ ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، (ئۇ ئادەمنىڭ قولىنى كېسىشكە توسالغۇ بولىدىغان) شۈبھە باردۇر.

ئېرىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئوغرىلىغان ئايالنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئايال ئۇ مال ـ مۈلۈكنى ئىككىسى ئولتۇرۋاتقان ئۆينىڭ ئىچىدىن ئەمەس باشقا يەردىن ئوغرىلىغان بولسىمۇ ئۇ ئايالنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە دادىسىنىڭ ئايالىنىڭ ياكى قىزىنىڭ ئېرىنىڭ ياكى ئايالىنىڭ ئوغلىنىڭ، ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولى ئىستىھسانغا ئاساسەن كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيلىرىگە رۇخسەتسىز كىرىپ ـ چىقىشلىرى بىر ئادەتتۇر. شۇڭا (ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولىنى كېسىشكە توسالغۇ بولىدىغان) شۈبھە ۋۇجۇدقا چىقتى.[1] بۇنىڭغا ئۆي خىزمەتچىسىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ئەگەر ئۆي خىزمەتچىسى كىرىشكە رۇخسەت قىلىنغان ئۆيدىن كىرىشكە رۇخسەت قىلىنغان ۋاقىتتا، بىر نەرسە ئوغرىلاپ چىقىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنچاخانىدىن ياكى مېھمانخانىدىن ياكى كارۋان ـ سارايلاردىن، ياكى دۇكانلاردىن ئۇلارغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىنغان ۋاقىتتا بىر نەرسە ئوغرىلاپ چىقىپ كەتكەن ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم كۈندۈزدە بولسىمۇ مەزكۇر ئورۇنلاردىن ئۇ نەرسىنى ئۇ ئورۇنلارغا قۇلۇپ سېلىنىپ تاقىۋېتىلگەندىن كېيىن ئوغرىلىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ.

## نەرسە ـ كېرەكلەر ساقلىنىدىغان ئورۇن ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

نەرسە ـ كېرەكلەر ساقلىنىدىغان ئورۇن ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ نەرسىلەرنى، ئۇلارنى ساقلاش ئۈچۈن ئايرىم بىر ئورۇن تەييارلاپ ساقلاش.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 200 ـ بەت.

**2 ـ نەرسىلەرنى، ئۇلارنى ساقلايدىغان بىر ئادەم ئاچرىتىپ ساقلاش.**

**قايسى تۈردىن بولسۇن نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ بىر تۈرى ساقلىنىدىغان ئورۇن نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ھەممە تۈرۇ ساقلىنىدىغان ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مەرۋايىتنى، ئۇنى ساقلايدىغان قۇتۇسىدىن ئوغرىلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى توغرا دەپ قارالغان رىۋايەتكە ئاساسەن كېسىلىدۇ.**

**بىر نەرسىنى ساقلايدىغان ئورۇن بار يەردە ئۇنى ساقلايدىغان ئادەم ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى ساقلاش ئۈچۈن ئورۇن ئادەمگە قارىغاندا كۈچلۈك، دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا مۇنچاخانىدا بىر نەرسە ساقلايدىغان ئادەم ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، مۇنچاخانا نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلايدىغان ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما مەسچىتتە نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلايدىغان ئادەم ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، مەسچىت نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلايدىغان ئورۇن ھېسابلانمايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم مۇنچاخانىدىن ئىگىسىنىڭ كۆز ئالدىدىن، ياكى ئۇنىڭ ئاستىدىن بىر نەرسە ئوغرىلىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم مەسچىتتىن ئىگىسىنىڭ كۆز ئالدىدىن، ياكى ئۇنىڭ ئاستىدىن بىر نەرسە ئوغرىلىۋالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ قولى كېسىلىدۇ. مۇنچاخانا بىلەن مەسچىتنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، مۇنچاخانا نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلاش ئۈچۈن سېلىنغان ئورۇندۇر. شۇڭا مۇنچاخانا خۇددى ئۆيگە ئوخشاش نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلايدىغان ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. ئەمما مەسچىت نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلاش ئۈچۈن سېلىنغان ئورۇن ئەمەستۇر. شۇڭا ئۇنىڭدا نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلايدىغان ئادەم ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا بىر نەرسىنى، ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ كۆز ئالدىدىن ياكى ئاستىدىن ئوغرىلىۋالغان ئادەمنىڭ قولىنىڭ كېسىلىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.**

**ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، ياكى قورۇنىڭ ئىچىدىن قولىنى سۇنۇپ ئۆگزىدىن بىر نەرسە ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلىدۇ. چۈنكى، ئۆينىڭ ئۆگزىسىمۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ساقلايدىغان ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم يول تەرەپكە ساڭگىلىتىپ تامغا ئېسىپ قويغان كىيىمنى ئوغرىلىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەمما ئۇ كىيىم قورۇ تەرەپكە ساڭگىلىتىپ ئېسىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ.**

بىر ئادەم ئۇنى مېھمان قىلىپ كۆتۈۋالغان كىشىنىڭ ئۆيىدىن بىر نەرسە ئوغرىلىغان بولسا، ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى مەيلى ئۇ كىشىنىڭ مېھمان قىلىپ كۆتۈۋالغان ئۆيىدىن ئوغرىلىسۇن، مەيلى ئۇ كىشىنىڭ باشقا ئۆيىدىن ئوغرىلىسۇن، ئۇنىڭ ئارىسىدا ھېچبىر پەرق يوق. چۈنكى، ساقلاش ئورنى بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. چۈنكى، قورۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق ئۆيلەر قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەم قۇلۇپ سېلىپ قويۇلغان ساندۇقتىن بىر نەرسە ئوغرىلىغان، ياكى قورۇدىن بىر نەرسە ئوغرىلاپ ئۇ نەرسىنى قورۇنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقمىغان بولسا، ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى تېخى قولىغا ئالمىغان ھېسابلىنىش شۈبھىسى بار. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قورۇنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىشتىن بۇرۇن ئۇنى بۇزۇۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى قەستەن بۇزۇۋاتقان ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، قولنى كېسىشنىڭ شەرتى (ئوغرىلانغان نەرسە ساقلىنىدىغان) ئورۇنىنىڭ ھۆرمىتىنى تۆكۈشتۇر. ئەمما ئۇ ئادەمدە (ئۇ نەرسە ساقلانغان ئورۇنىنىڭ ھۆرمىتىنى تۆكۈش ئىشى) كۆرۈلمىدى.[1]

ناھايىتى چوڭ بىر بىنا بولۇپ ئۇ بىنانىڭ بىر نەچچە ئۆيلىرى بولغان، بىر ئادەم ئۇ قورۇنىڭ ئىچىدىن بىر نەرسە ئوغرىلاپ ئېلىپ چىققان بولسا، ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ. چۈنكى، چوڭ بىر بىنادىكى ھەر بىر ئۆي ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئۆي (ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدىكى نەرسىنى ساقلايدىغان) بىر ئورۇن ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئۆيدە ئولتۇرۇدىغان كىشى يەنە بىر ئۆيدىن بىر نەرسە ئوغرىلىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ قولى كېسىلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر قورۇغا كىرگەن ۋە قورۇنىڭ ئىچىدىن بىر نەرسە ئېلىپ چىقىپ يولغا ئاتقان بولسا، ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ. چۈنكى، قورۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنى يولغا ئېتىشى ئوغرىنىڭ ئادەتلەنگەن ھىلىسىدۇر. ئوغرىلار ئادەتتە ئوغرىلىغان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى، ئۇ نەرسىلەر بىلەن قورۇدىن چىقىش قىيىن بولغانلىقى ياكى ئۆزىنى قۇغداش، ياكى قېچىش ئاسان بولسۇن، دېگەنلىكى ئۈچۈن يولغا ئاتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئوغرى (قورۇنىڭ ئىچىدىن) چىقىپ يولغا ئاتقان

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 203 ـ بەت.

نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئالمىغان، ياكى ئۇ ئەمەس باشقا بىرسى ئالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئوغرى ئەمەس باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى يوقىتىۋاتقۇچى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ئۇ نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىش لازىم.

## ھايۋاننى يايلاقتىن ياكى ھايۋانلارنىڭ توپى ئىچىدىن ئوغرىلاشنىڭ ھۆكمى

ئەگەر بىر ئادەم تۆگىنى يايلاقتىن ياكى مەيلى تۆگە بولسۇن مەيلى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىلغان نەرسە بولسۇن، تۆگىنىڭ رەت بويىچە كەتكەن توپىنىڭ ئىچىدىن ئوغرىلىغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى تۆگىلەرنى ھەيدەيدىغان ئادەم، ئۇلارنى يېتىلەيدىغان ئادەم ۋە ئۇلارنى باقىدىغان ئادەم تۆگىلەرنى ساقلاشنى مەقسەت قىلمايدۇ. تۆگىنى باقىدىغان ئادەم پەقەت تۆگىلەرنى بېقىشنىلا مەقسەت قىلىدۇ. ئەمما تۆگىلەرنى ھەيدەيدىغان، ئۇلارنى يېتىلەيدىغان ۋە ئۇلارغا مىنگەن ئادەملەر پەقەت يول يۈرۈشنى ۋە تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى يۈكلەرنى (ئاپارماقچى بولغان يەرگە) ئېلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتارلىق ئىماملار (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «تۆگىلەرنى يېتىلەيدىغان ۋە ئۇلارغا مىنگەن ئادەملەر ئۇلارنى ساقلىغۇچى ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا (ئۇلارنىڭ ئالدىدىن) تۆگە ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلىدۇ» دەيدۇ. ئەمما ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا، تۆگىلەرنى يېتىلەيدىغان ئادەم پەقەت باشۇېغى قولىدا بولغان تۆگىنىڭ ساقلىغۇچى ھېسابلىنىدۇ. (يەنى شۇ تۆگىنى ئوغرىلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلىدۇ). ئەگەر تۆگىلەر بىلەن ئۇلارغا قاراپ ئۇلارنى ساقلايدىغان ئادەم بىللە بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ بىرەرسىنى ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلىدۇ. يۈك ـ تاق مەيلى يەردە قويۇپ قويۇلغان بولسۇن، مەيلى بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە بولسۇن ئۇنى يىرتىپ ياكى ئېچىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسە ئوغرىلىۋالغان ياكى ئىگىسى قېشىدا ياكى يېقىن بىر يەردە ئوخلاۋاتقان، ياكى ساقلاپ تۇرىۋاتقان سومغا، تاغا ۋە خالتىغا ئوخشاش ئىچىدە نەرسە ـ كېرەكلەر بار بىر قاچىنى ئوغرىلىۋالغان ياكى قولىنى باشقىلارنىڭ ساندۇقىغا ياكى يانچۇقىغا، ياكى يېڭىگە تىقىپ ئۇنىڭدىن

بىر نەرسە ئالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلىدۇ. ئەگەر يۈك ـ تاقىنىڭ قېشىدا ئۇنىڭغا قاراپ ئۇنى ساقلايدىغان ئادەم بولمىسىمۇ ئۇنى يىرتىپ ياكى ئېچىپ ئۇنىڭدىن بىر نەرسە ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلىدۇ. چۈنكى، يۈك ـ تاقىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ساقلىغۇچى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئوغرى (يۈك ـ تاقنى يىرتىپ ياكى ئېچىپ ئولتۇرماي) ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوغرىلاپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر يۈك ـ تاقىنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا قاراپ ئۇنى ساقلايدىغان ئادەم بولمىسا، ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇنى ساقلايدىغان ئادەم بولسا، ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ.

يانچۇقتىن بىر نەرسە ئوغرىلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە تەلپەككە ياكى تۇماققا ياكى سەللىگە قىستۇرۇپ قويغان پۇلنى ئالغان، ياكى پۇتۇغا يۇگەپ بەلگە تېڭىۋالغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم مال ـ مۈلۈكنى ئۇنىڭ ئورنىدىن (مەسىلەن: پۇلنى سېلىپ قويغان ساندۇقتىن) ئوغرىلاپ ئالغان، ئاندىن بىر كىشى كىرىپ ئۇ ئوغرىنى، ئۇ ئوغرىلىغان مال ـ مۈلۈك بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ ئۆينىڭ تىشىغا ئېلىپ چىققان بولسا، بۇ ھالدا پەقەت ئوغرىنىڭلا قولى كېسىلىدۇ. (ئوغرىنى كۆتۈرگەن كىشىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ). چۈنكى، ئوغرىنى كۆتۈرگەن كىشى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇڭا مەن تەقسە كۆتۈرمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ئادەم تەقسە كۆتۈرۈۋاتقان ئادەمنى كۆتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ قەسەمى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۈستىدە نىجاسەتلەر بار بىر قوش كېلىپ ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئۈستىگە قونغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئۆزىنى تۇتۇلايدىغان ۋە ئۈستىدە نىجاسەت بار كىچىك بالا كېلىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، يەنە ئۇنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەمما ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرغان كىچىك بالا ئۆزىنى ئۆزى تۇتۇپ ئولتۇرالمايدىغان بالا بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ نامىزى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ھەم كىچىك بالىنى ھەم نىجاسەتنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ھېسابلىنىدۇ.

# قولنىڭ كېسىلىش شەكلى

ئوغرىنىڭ ئوڭ قولى ئۇنىڭ بېغىشىدىن كېسىلىدۇ. قانىنىڭ ئېقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كېسىلگەن يەرنى داغلاش لازىم. ئوغرىنىڭ قولى ھاۋا قاتتىق ئىسسىق ۋاقىتتا، ياكى قاتتىق سوغۇق ۋاقىتتا كېسىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قولنى كېسىش ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولماسلىقى ئۈچۈن ئوغرىنىڭ قولى ئوغرى قاتتىق كېسەل يېتىۋاتقان ۋاقىتتىمۇ كېسىلمەيدۇ.

شافىئىي ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتارلىق ئىماملار: «ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىپ بولۇپ (ھەتتا قانىنىڭ كۆپ ئېقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئۇنىڭ قولىنى بوينىغا ئېسىپ قويۇش سۈننەتتۇر، چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان» دەيدۇ. ئەمما ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر: «ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىپ بولۇپ ئۇنىڭ قولىنى بوينىغا ئېسىپ قويۇش قازىنىڭ كۆز قارىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ھەتتا بۇ ئىشنىڭ سۈننەت، دەپ قارىلىشى ئۈچۈن قولى كېسىلگەن ئادەملەرنىڭ قولىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كۆرۈلمىگەندۇر، بىر ئىشتۇر» دەيدۇ.[1]

ئەگەر ئوغرىنىڭ ئوڭ قولى بۇرۇن كېسىلىۋېتىلگەن بولسا، ئۇ ئىككىنچى قېتىم ئوغرىلىق قىلغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ سول پۇتى ئۇشۇقىدىن كېسىۋېتىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ سول پۇتى كېسىۋېتىلگەن بولسا، ئۇنىڭ ھېچبىر ئەزاسى كېسىۋېتىلمەيدۇ. ئوغرى ئوغرىلىغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ، ھەتتا تەۋبە قىلغانلىقى ۋە تەۋبە قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئۇنىڭدا كۆرۈلگەنگە قەدەر تۈرمىگە سولاپ قويۇلىدۇ.

ئوغرىنىڭ (ئوڭ قولىنىڭ ئورنىغا) ئۇنىڭ سول قولىنى كېسىۋاتقان ئادەم ئۇنىڭ سول قولىنىڭ (دىيىتىنى) تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇنى قەستەن قىلغان بولسىمۇ، مەسىلەن: قازى ئۇ ئادەمنى ئوغرىنىڭ ئوڭ قولىنى كېسىشكە بۇيرۇغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئوغرىنىڭ سول قولىنى كېسىۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇنىڭ سول قولىنىڭ (دىيىتىنى) تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئوغرىنىڭ بىر ئەزاسىنى يوقىتىۋېتىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىر ئەزاسىنى قالدۇرۇپ قويغاندۇر. ئەمما ئۇ ئادەم ئوغرىنىڭ سول پۇتىنىڭ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 206 ـ بەت.

ئورنىغا ئۇنىڭ ئوڭ پۇتۇنى كەسكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئوغرىنىڭ ئوڭ پۇتىنىڭ (دىيىتىنى) تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، تۇتۇش ئەزاسىنىڭ رولى بىلەن مېڭىش ئەزاسىنىڭ رولى بىر جىنستىن ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم ئوغرىنىڭ ئوڭ قولىنى كەسمەكچى بولغان ۋاقىتتا، ئوغرى: «مانا بۇ مېنىڭ ئوڭ قولۇم» دەپ سول قولىنى چىقىرىپ بەرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم (ئۇنىڭ سول قولىنى كېسىۋاتقان) بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمگە (ئوغرىنىڭ سول قولىنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس). چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇنىڭ سول قولىنى ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەسكەندۇر.

## ئوغرىلانغان نەرسە ئۈستىدىكى ھەقلىق قول ۋە ھەقلىق ئەمەس قولنىڭ بايانى

ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ كېلىشىگە ۋە ئۇنىڭ دەۋا قىلىشىغا باغلىقتۇر. ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ (يۇرتتا) يوق بىر كىشىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئوغرىلىغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ياكى ئۇ: «مەن بۇ پۇللارنى ئوغرىلىدىم، ئەمما ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، ياكى مەن ساڭا ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى خەۋەر بەرمەيمەن» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ، ئوغرىلىغان پۇلنىڭ ئىگىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۇنىڭ قولىنىڭ كېسىلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان بىرەر كىشىنىڭ چىقمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

بىرەر نەرسىنى ئوغرىلىۋالغان ئوغرى ئۈستىدىن، ئوغرىلانغان نەرسىنى ئامانەت ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن قولىغا ئالغان ئادەمگە، ئۇنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمگە، ئۇنى گۆرۈگە ئېلىۋالغان ئادەمگە، (ئەگەر ئۇ ۋەقپە قىلىنغان نەرسە بولسا) ۋەقپە قىلىنغان نەرسىلەرگە قارايدىغان ئادەمگە، ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ دادىسىغا ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسىنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلاشقا تاللانغان ئادەمگە ئوخشاش ئۇ نەرسە ئۈستىدە ھەقلىق قولى بار ھەر بىر كىشى دەۋا قىلالايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئوغرى ئۈستىدىن ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئېلىشقا پۈتۈشۈپ ئۇ نەرسىنى قولىغا تاپشۇرۇپ ئالغان ئادەممۇ دەۋا قىلالايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى، ئۇنىڭ پۇلىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى تەيىن

قىلسا، ئۇ نەرسە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىگە ئۆتۈپ كەتمىسىمۇ، ئۇ نەرسە ئۇنىڭ قولىدا ئامانەت ھېسابىدا تۇرغان بولىدۇ. بىر نەرسىنى ئوغرىلىۋالغان ئوغرىنىڭ ئۈستىدىن ئۇ نەرسىنى ئۆتنە ئېلىپ تۇرغان ئادەم، ئىجارىگە ئېلىپ تۇرغان ئادەم، ئۇ نەرسە بىلەن ئالغان پايدىنى مەلۇم ھەسسىدىن بۆلۈشۈشكە كېلىشىپ ئۇنىڭ پۇلى بىلەن تىجارەت قىلىۋاتقان ئادەم ۋە ئۇنەرسىنىڭ ئىگىسىگە ھەقسىز بىر نەرسە سېتىپ بېرىشىدىغان ئادەم قاتارلىق كىشىلەرمۇ دەۋا قىلالايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە پۇللارنى جازانە ئارقىلىق تاپقان ئادەممۇ پۇللىرىنى ئوغرىلىۋالغان ئوغرىنىڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلالايدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە بىر سوم پۇل بېرىپ ئىككى سوم ئالغان ۋە ئوغرى كېلىپ ئۇ ئىككى سومنى ئوغرىلىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ ئوغرىنىڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلالايدۇ.

بىر نەرسىنى ئوغرىلىۋالغان ئوغرىنىڭ ئۈستىدىن ئۇ نەرسە ئۈستىدە ھەقلىق قولى يوق ئادەم دەۋا قىلالمايدۇ. مەسىلەن: بىر نەرسە ئوغرىلىغانلىق سەۋەبى بىلەن قولى كېسىۋېتىلگەن ئوغرىدىن ئۇ نەرسىنى باشقا بىر ئوغرى ئوغرىلىۋالغان بولسا، بۇ ھالدا بىرىنچى ئوغرى ئىككىنچى ئوغرىنىڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلالمايدۇ. شۇڭا ئىككىنچى ئوغرىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسە ئۈستىدىكى بىرىنچى ئوغرىنىڭ قولى ھەقلىق قول ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئىككىنچى ئوغرىنىڭ قولى ئۇ نەرسىنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىسىنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەنمۇ كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەققى (ئۇ نەرسە ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن) چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا بىرىنچى ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئوغرىغا ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئەسلى ئىگىسىگە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام مالىك ۋە بىر رىۋايەتتە ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىككىنچى ئوغرىنىڭ قولى ئۇ نەرسىنىڭ ئەسلى ئىگىسىنىڭ دەۋا قىلىشى بىلەن كېسىلىدۇ. چۈنكى، ئىككىنچى ئوغرى ساقلىنىدىغان ئورنىدىن (قولنى كېسىش) نىسابىغا يەتكەن ۋە ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشنىڭ ئالدىنى توسۇپ قالىدىغان بىرەر شۈبھىمۇ يوق بىر نەرسىنى ئوغرىلىدى» دەيدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر: «ئۇ نەرسىنى بىرىنچى قېتىم ئوغرىلىغان ئادەمگە ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولمىغان بولغاچقا، ئۇ نەرسە بىرىنچى ئوغرى

ئۇچۇن ھۆرمىتى چۈشۈپ كەتكەن نەرسە ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ نەرسىنى بىرىنچى قېتىم ئوغرىلىغان ئادەمگە ئۇنى ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىسىگە تۆلەپ بېرىشى لازىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ نەرسىنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىسى ئۈچۈنمۇ ھۆرمىتى چۈشۈپ كەتكەن نەرسە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بىرىنچى ئوغرىنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدىكى قولى، ئۇنىڭغا كېپىل بولغان قول ياكى ئۇنى ساقلاپ بېرىش ئۈچۈن ئامانەت ئالغان قول، ياكى ئۇنىڭ ئىگىسى ھېسابلىنىدىغان قول ئەمەس. شۇنداق بولغان ئىكەن بىرىنچى ئوغرىدىن ئوغرىلانغان نەرسە ھۆرمىتى يوق نەرسە بولغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى ئوغرىلىۋالغان ئوغرىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەمما ئىككىنچى ئوغرى ئۇ نەرسىنى بىرىنچى ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىشتىن بۇرۇن، ياكى كۆرۈلگەن بىرەر شۈبھە سەۋەبى بىلەن بىرىنچى ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىشتىن ساقلىنىپ قالغاندىن كېيىن ئوغرىلىغان بولسا، بۇ ھالدا ئىككىنچى ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ. چۈنكى، بۇ ھالدا بىرىنچى ئوغرىنىڭ ۋە ئۇ نەرسىنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىسىنىڭ ئىككىنچى ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشنى تەلەپ قىلىش ھەققى بار. چۈنكى، بىرىنچى ئوغرى خۇددى ئۇ نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ ئورنىدا ھېسابلىنىدۇ. بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدىكى قولى ئامانەت قول ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ نەرسىنى بىرىنچى قېتىم ئوغرىلىغان ئوغرىنىڭ ئۇ نەرسە ئۈستىدىكى قولى ھەقلىق قول ھېسابلىنىدۇ.»

قازى ئىككىنچى ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنى، ئەگەر ئۇنىڭ ئىگىسى (يۇرتتا) بولسا ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى (يۇرتتا) بولمىسا، ئۇنى ئىگىسى ئۈچۈن ئۆزى ساقلاپ قويىدۇ. ئۇ نەرسىنى بىرىنچى ئوغرىغا قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ ۋە ئىككىنچى ئوغرىنىڭ يېنىدىمۇ تاشلاپ قويمايدۇ. چۈنكى، ھەر ئىككى ئادەمدىن خىيانەت كۆرۈلگەندۇر.

## خىلمۇ ـ خىل مەسىلىلەرنىڭ بايانى

● بىر نەرسىنى ئوغرىلاپ ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئىگىسى قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپ دەۋا قىلىشتىن بۇرۇن ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن ئوغرىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. بىر نەرسىنى ئوغرىلىغان ۋە ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىگە (ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ) ئۇنى سوۋغا

**قىلىش ئارقىلىق بولسىمۇ ئېگە بولغان ئوغرىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ[1]. بىر ئادەمنىڭ بىر نەرسىنى ئوغرىلىغانلىقى پاكىت، ياكى ئىقرار ئارقىلىق ئىسپاتلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن، ئۇ ئادەم كۆرۈلگەن بىرەر شۈبھىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ نەرسىسى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. كۆرۈلگەن شۈبھە بولسا، ئۇنىڭ دەۋاسىنىڭ توغرۇلۇقىنىڭ ئېھتىمالىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسە ئوغرىلىغان ئادەم، ئۆزىنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلىپ بولۇپ (كېيىن كۆرۈلگەن بىرەر شۈبھىنىڭ سەۋەبى بىلەن) قىلغان ئىقرارىدىن يېنىۋېلىسا بولىدۇ. بىر ئادەم بىر نەرسىنى ئوغرىلىغان ۋە ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇ شەھەردە ئۇ نەرسىنىڭ باھاسىنىڭ چۈشۈپ كېتىش سەۋەبى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ نەرقى ئوغرىلىقنىڭ نىسابىدىن چۈشۈپ كەتكەن بولسا[2]، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئوغرىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىدىغان ۋاقىتتا، ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ نەرقىنىڭ ئوغرىلىقنىڭ نىسابىغا تولۇق توشقان بولۇشى شەرتتۇر. ئەمما ئوغرىلانغان نەرسە، ئۇنىڭ بىرەر پارچىلىرىنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى، ياكى ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن بەزى ئەيىبلەر سەۋەبى بىلەن (ئۇنىڭ باھاسى ئەمەس) ئۇنىڭ ئۆزى كېمىيىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ. چۈنكى، بىر نەرسىنى ئوغرىلىغان ئوغرى خۇددى ئۇ نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىۋاتسا ئۇنى تۆلەپ بەرگىنىگە ئوخشاش ئۇ نەرسىدە كۆرۈلگەن كېمىيىپ كېتىشلەرنىمۇ تۆلەيدۇ. ئەمما ئوغرىلانغان نەرسىنىڭ نەرقىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە ئوغرى مەسئۇل ئەمەستۇر. مانا بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى مەسىلىنىڭ پەرقى ئوچۇقلانغان بولدى.**

- **ئىككى ئادەم ئۆزلىرىنىڭ ئوغرىلىقنىڭ نىسابىغا يەتكۈدەك بىر نەرسىنى ئورتاق ئوغرىلىغانلىقلىرىنى ئىقرار قىلغان، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىرى ئوغرىلارنىڭ قولىنى كېسىشكە توسالغۇ بولىدىغان بىرەر شۈبھىنىڭ بارلىقىنى دەۋا قىلغان بولسا، ھەر ئىككىسىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ**

(1) مەسىلەن: بىر ئادەم بىر نەرسىنى ئوغرىلىغان ۋە ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى سېتىپ ئالغان، ياكى ئۇ نەرسىنىڭ ئىگىسى ئۇ نەرسىنى ئۇ ئوغرىغا سوۋغا قىلىپ بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ت.

(2) ئوغرىلىقنىڭ نىسابى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك **10** دەرھەم يەنى **10** يامبۇ. يەنى بىر ئادەم ئەڭ ئاز **10** يامبۇ كەلگۈدەك بىر نەرسە ئوغرىلىغان بولسا، ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ. بىر ئادەم بىر نەرسە ئوغرىلىغان ۋە ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇ نەرسىنىڭ نەرقى **10** يامبۇنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ت.

ئىككىسىنىڭ قىلغان ئوغرىلىقى بىر ئوغرىلىق ھېسابلىنىدۇ. (بىر شېرىكىنىڭ قولى كېسىلمەيدىغان) بىر ئوغرىلىقتا يەنە بىرىنىڭ قولىنى كېسىشمۇ لازىم ئەمەس. ئەمما بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ۋە يەنە بىر كىشىنىڭ (ئۇنىڭ بىلەن بىللە) ئوغرىلىق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ۋە ئۇ كىشى ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارىنى ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا پەقەت ئىقرار قىلغانىنىڭلا قولى كېسىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ باشقا بىر كىشىنىڭ ئۈستىدىن قىلغان ئىقرارى ئۇ كىشىنىڭ ئىنكار قىلىشى سەۋەبى بىلەن توغرا دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئوغرىلىقتا ئورتاقلىق تېپىلمىغان بولىدۇ. بۇ ئىقرار ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقان بىر كىشىنىڭ: «ئۇنى مەن ۋە پالانى ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتقان» دەپ قىلغان ئىقرارىغا ئوخشاش.

● ئىككى ئادەم بىرلىشىپ بىر نەرسە ئوغرىلىغان، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى (يۇرتتىن) يوق بولۇپ كەتكەن ۋە ئىككى كىشى كېلىپ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا (يۇرتتىن يوق بولۇپ كەتمەي يۇرتتا) بار بولغىنىنىڭ قولى كېسىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقى پاكىت بىلەن ئىسپاتلانغاندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن (ئۇنىڭ كېلىپ ئوغرىلىقتا كۆرۈلىدىغان بىرەر شۈبھىنى دەۋا قىلىش) ئېھتىماللىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، (يۇرتتىن يوق بولۇپ كەتكەن ئادەم يورتقا) پەيدا بولسا ۋە (ئوغرىلىقتا كۆرۈلىدىغان بىرەر شۈبھىنى) دەۋا قىلسا، ئۇنىڭ قىلغان بۇ دەۋاسى (ئوغرىلارنىڭ قولىنى كېسىشكە توسالغۇ بولىدىغان) شۈبھە پەيدا قىلىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ كېلىپ ئۇ دەۋانى قىلىش ئېھتىمالى شۈبھىنىڭ شۈبھىسىدۇر. شۇڭا شۈبھىنىڭ شۈبھىسى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

● ئەگەر بىر ئادەم (قوينىڭ ئېغىلىغا كىرىپ) قويدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ گۆشىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ چىققان بولسا، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەكسىچە ئۇ قوينىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم قوينى تىرىك كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىققان ۋە ئۇنىڭ باھاسى تىرىك چېغىدا 10 يامبۇ، ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولغان بولسا، قوينى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ باھاسى 10 يامبۇدىن چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ.

● بىر ئادەم ئوغرىلاپ ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى يامبۇ ـ تىللا، ياكى قاچا سوقتۇرغان بولسا، ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ ۋە ئۇلار ئۆز ئىگىسىگە

قايتۇرۇلىدۇ. بۇ، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇلار ئۆز ئىگىللىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئوغرى (ئوغرىلاپ ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن - كۆمۈشلەرگە) ھۆنەر قاتتى» دەيدۇ. ئەمما بىر ئادەم چويۇنغا ئوخشاش بىر نەرسە ئوغرىلاپ ئېلىپ كېلىپ ئۇنى قاچا سوقتۇرغان بولسا، ئەگەر ئۇ قاچىلار كىلولاپ ساتىلىدىغان بولسا، قاچىلار (ئۇلار سوقۇلغان ماددىنىڭ ئىگىسىگە) قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر قاچىلار دانىلاپ ساتىلىدىغان بولسا، قاچىلار ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە ئوغرىغا تەۋە بولىدۇ.

بۇ ئىختىلاپنىڭ ئەسلى يىلتىزى بىر نەرسىنى ناھەق ئېلىۋېلىش مەسىلىسىگە ئالاقىداردۇر. ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملار ئالتۇن - كۆمۈشنى ناھەق ئېلىۋېلىپ ئۇنىڭغا ھۈنەر قوشۇپ ئۇنى يامبۇ - تىللاغا ئايلاندۇرغان ئادەمنىڭ يامبۇ - تىللاغا ئىگە بولۇش، ياكى ئىگە بولماسلىق ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ناھەق ئېلىۋېلىنغان ئالتۇن - كۆمۈشكە ئىشلەنگەن ھۆنەر بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، دەيدىغان تەرەپ ئۇ ئادەم يامبۇ - تىللاغا ئىگە بولىدۇ، دەيدۇ. بۇ تەرەپ ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەددۇر. ئەمما ناھەق ئېلىۋېلىنغان ئالتۇن - كۆمۈشكە ئىشلەنگەن ھۈنەر ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، دەيدىغان تەرەپ ئۇ ئادەم يامبۇ - تىللاغا ئىگە بولالمايدۇ، دەيدۇ. بۇ تەرەپ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دۇر. بۇ ئىختىلاپقا ئاساسەن ئوغرىلاپ ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن - كۆمۈشلەرگە ھۈنەر قېتىش ئارقىلىق ئۇنى يامبۇ - تىللا، ياكى قاچىغا ئايلاندۇرغان ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ ئوغرىنىڭ قولى ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە: شەكسىز كېسىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئوغرى ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىچە: ئوغرى (ئوغرىلاپ ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن - كۆمۈشلەردىن سوقۇلغان) نەرسىلەرگە ئىگە بولالمايدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇ ئوغرىنىڭ مەسىلىسى مۇنداقتۇر: بىر رىۋايەتكە ئاساسەن: ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، ئوغرى ئۇ نەرسىلەرگە ئۇنىڭ قولىنى كېسىشكە ھۆكۈم چىقىرىلىشتىن بۇرۇن ئىگە بولۇپ بولغان ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتكە ئاساسەن: ئۇنىڭ قولىنى كېسىش لازىمدۇر.

چۈنكى، ئالتۇن ـ كۆمۈشلەر ھۈنەر ئارقىلىق باشقا نەرسىگە ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما ئوغرى ئۇ نەرسىنىڭ ئۆزىگە ئىگە بولالمايدۇ. ئەگەر ئوغرى ئوغرىلاپ ئېلىپ كەلگەن ئالتۇن ـ كۆمۈشلەردىن زىبۇ ـ زىننەت ياساتقان بولسا، بۇنىڭ ھۆكمىمۇ مەزكۇر ئىختىلاپ بويىچە بولىدۇ.

● بىر ئادەم (بىر ئويىنىڭ ئېچىگە كىرىپ) بىر پارچە رەختنى ئىككىگە پارچىلاپ ئاندىن ئۇنى ئېلىپ چىققان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ رەختنىڭ باھاسى ئۇنى ئىككىگە پارچىلىۋاتقاندىن كېيىنمۇ ئوغرىلىقنىڭ نىسابىدىن چۈشۈپ كەتمىگەن ۋە ئۇنىڭ باھاسى (ئۇ ئىككىگە پارچىلىنىشتىن بۇرۇنقى) باھاسىنىڭ يېرىمىنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ. ئەگەر ئوغرى ئۇ رەختنى تېشىغا ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ئۇنى ئىككىگە پارچىلىغان بولسا، بۇ ھالدا ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملارنىڭ بىردەك كۆز قارىشى بويىچە: ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ.

<ئوغرىلىقنىڭ نىسابىدىن چۈشۈپ كەتمىگەن ۋە ئۇنىڭ باھاسى ئۇ ئىككىگە پارچىلىنىشتىن بۇرۇنقى باھاسىنىڭ يېرىمىنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتمىگەن بولسا ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ> دېگەن قاراش ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام مۇھەممەد (الله تەئالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەگەر ئوغرى ئۇ رەختنى، ئۇ رەختتىن كۆرۈلىدىغان بەزى مەنپەئەتلەردىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە پارچىلىغان، رەختنىڭ ئىگىسى رەختنىڭ ئۆزىنى قايتۇرۇپ ئېلىشنى ۋە رەختكە سالغان زىياننى تۆلەتتۈرۈشنى تاللىغان بولسا، ئىماملار ئارىسىدىكى مەزكۇر ئىختىلاپ يۈز بېرىدۇ. يەنى بۇ ھالدا ئەبۇھەنىفە ۋە مۇھەممەد (الله تەئالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) قاتارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىچە: ئۇنىڭ قولى كېسىلىدۇ. ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەمما رەختنىڭ ئىگىسى رەختنى ئوغرىغا تاشلاپ بېرىپ ئۇنىڭ پۇلىنى ئېلىشنى تاللىغان بولسا، بۇ ھالدا ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە: ئوغرىنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئوغرى ئوغرىلاپ ئېلىپ چىققان رەختنى ئازراقلا يىرتىۋاتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا كىچىككىنىلا ئەيىب پەيدا بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ قولى ئىماملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە كېسىلىدۇ.

● ئەگەر بىر ئادەم (قوينىڭ ئېغىلىغا كىرىپ) قويدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈپ

ئۇنىڭ گۆشىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ چىققان بولسا، گۆشنىڭ باھاسى ئوغرىلىقنىڭ نىسابىغا يەتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ قولى كېسىلمەيدۇ. ئەكسىچە ئوغرى قوينىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. بىز بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختۇلۇپ ئۆتتۇق.

● ئەگەر بىر ئوغرى ئوغرىلاپ كەلگەن كىيىمنى قىزىلغا (ياكى باشقا رەڭگە) بويىغان ياكى ئوغرىلاپ كەلگەن بۇغداي ـ قۇناقنى ئۇن تارتقان، ياكى ئوغرىلاپ كەلگەن تالقاننى باشقا نەرسە بىلەن ئارىلاشتۇرغان، ئاندىن ئۇنىڭ قولى كېسىلگەن بولسا، ئوغرىلانغان نەرسە ئوغرىنىڭ قولىدا بار بولسىمۇ ئوغرى ئۇ نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئوغرى ئۇ نەرسىنى يوقۇتىۋاتقان بولسا، ئۇ نەرسىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. بۇ، ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام مۇھەممەد: «ئوغرى بويىۇلغان كىيىمنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ ۋە كىيىمنىڭ ئىگىسىدىن (بوياش ئۈچۈن) كىيىمگە قاتقان پۇلنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ» دەيدۇ. (ئۇن تارتىلغان ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇلغان تالقاننىڭ ھۆكمىمۇ كىيىمنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاشتۇر).[1]

# بۇلاڭچىلىق قىلىشنىڭ جازاسىنىڭ بايانى

## <بۇلاڭچىلىق قىلىش> دېگەننىڭ ئۇقۇمى

بۇلاڭچىلىق قىلىشتىن كىشىلەر ئۆتىدىغان يولنى توسۇپ (تاكى ئۇلار مال ـ مۈلۈكنى بەرمىگىچە) ئۇلارنى ئۇ يولدىن ئۆتكۈزمەسلىك، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇلاڭچىلىق <چوڭ ئوغرىلىق> قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، ئوغرىلىق بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنۈمىزدەك بىر نەرسىنى يوشۇرۇن ھالدا ناھەق ئېلىۋېلىشتۇر. ئەمما بۇلاڭچىلىق قىلىش بولسا، قورال ـ ياراق بىلەن ياكى ئۇنىڭسىز ئاشكارا ھالەتتە بەزىدە كېچىدە، بەزىدە كۈندۈزدە بولىدۇ. بۇلاڭچىلىقنىڭ زىيىنى ئوغرىلىقنىڭ زىيىنىغا قارىغاندا ئېغىردۇر. چۈنكى، بۇلاڭچىلىقنىڭ زىيىنى ھەممە ئادەمگە ئومۇمدۇر. شۇڭا بۇلاڭچىلىق قىلغان ئادەمگە بېرىلىدىغان جازالارنىڭ بىر تانىسى ئوغرىلىق قىلغان ئادەمگە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 211 ـ بەت.

بېرىلىدىغان جازادىن ئىبارەتتۇر. بىز بۇ ھەقتە الله تائالا ئالدىمىزدا توختۇلۇپ ئۆتتۇق.

بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ بىر گورۇپ كىشىلەر بولۇشى شەرت ئەمەس. مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، قولىدا (كىشىلەرگە تەھدىت سالالىغۇدەك) كۈچ - قۇۋۋەت بار بىر ئادەممۇ بۇلاڭچىلىق قىلىشى ۋە بۇلاڭچى ھېسابلىنىشى مۇمكىن.

## بۇلاڭچىلىقنىڭ شەرتلىرى

بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان ئادەمدە تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ تېپىلىشى لازىم:

1 - بۇلاڭچىنىڭ قولىدا (كىشىلەرگە تەھدىت سالالىغۇدەك) كۈچ - قۇۋۋەت بار ئادەم بولۇشى لازىم.

2 - بۇلاڭچى، بۇلاڭچىلىقنى ئىسلام دۆلىتىدە قىلىشى لازىم.

3 - بۇلاڭچى ۋە مال - مۈلكى بۇلاپ كېتىلگەن تەرەپ، مۇسۇلمان بولغانلىق ياكى (كاپىر بولسىمۇ بىر - بىرىگە چېقىلىشماسلىقتا) تۈزۈشكەن كېلىشىمنىڭ سەۋەبى بىلەن قانلىرىغا ۋە مال - مۈلكىگە زىيان يەتكۈزۈش چەكلەنگەن كىشىلەردىن بولۇشى لازىم.

4 - بۇلاڭچى ئەقلى - ھۇشى جايىدا، بالاغەتكە يەتكەن ۋە سۆز قىلالايدىغان ئادەم بولۇشى لازىم.

5 - بۇلاڭچىلىق قىلغان ئادەم، مال - مۈلكى بۇلاپ كېتىلگەن كىشى بىلەن ئۇرۇغ - تۇغقانچىلىقى، ياكى يېقىنچىلىقى بار ئادەم بولماي يات ئادەم بولۇشى لازىم.

6 - بۇلاڭچىلار بىر گۇرۇپ ئادەم بولغان بولسا، بۇلانغان نەرسە ئەگەر ئۇلارغا تەقسىم قىلىنغان ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ نىسۋىسى ئوغرىلىقنىڭ نىسابىغا يېتىشى، ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولۇشى لازىم.

7 - بۇلاڭچىلار تەۋبە قىلىشتىن بۇرۇن تۇتۇلۇشى لازىم. بىز بۇ ھەقتە الله تائالا خالىسا ئالدىمىزدا توختۇلۇپ ئۆتتۇق.

# بۇلاڭچىلىق قىلغان ئادەمگە بېرىلىدىغان جازانىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى

الله تائالا بۇ جازانى يولغا قويۇپ مۇنداق دېدى: «الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلۈشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ (يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ. سىلەر تۇتۇۋېلىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بىلىڭلاركى، الله مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.[1]»

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھەدىسى بۇ ئايەتلەرنىڭ بۇلاڭچىلارنىڭ ھەققىدە چۈشكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئەنەس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئۇكەل قەبىلىسىدىن سەككىز كىشى كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئىسلام ئۈچۈن بەيئەت قىلدى. كېيىن ئۇلارغا مەدىنىنىڭ ھاۋاسى مۇناسىپ كەلمەي كېسەل بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ھال ئېيتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارغا: «بىزنىڭ پادىچىلىرىمىز بىلەن بىللە چىقىپ تۆگىلىرىنىڭ سۈت ۋە سۈيدۈكلىرى بىلەن داۋالىنىپ باقامسىلەر؟» دېدى. ئۇلار: شۇنداق قىلايلى! دەپ مەدىنە سىرتىغا چىقىپ تۆگىلەرنىڭ سۈت ۋە سۈيدۈكلىرى بىلەن داۋالاندى. ئاندىن كېسەللىرى ساقايغاندا بولسا پادىچىنى ئۆلتۈرۈپ تۆگىلەرنى ھەيدەپ قېچىپ كەتتى. بۇ خەۋەر پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا يەتكەندە، ئۇلارنىڭ ئارقىدىن قوغلاشقا ئادەم ئەۋەتتى. ئەۋەتىلگەنلەر بۇلاڭچىلارغا يېتىشىۋېلىپ ئۇلارنى تۇتۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارنىڭ پۇت قوللىرىنى كېسىپ كۆزلىرىنى مىخلاپ تاكى ئۆلگىچە تاشلاپ قويۇشقا بۇيرۇدى. ئۇلار سۇ تەلەپ قىلسىمۇ سۇ بېرىلمىگەن.[2]

ئۇلار تۆگىگە قارايدىغانلارنىڭ كۆزىنى مىخلىغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر

(1) سۈرە مائىدە 33 ــــ 34 ـ ئايەتلەر.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى مىخلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كېسىلگەن قوللىرىنى ۋە پۇتلىرىنى داغلاشقا بۇيرۇمىغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشلىرىنى خالىغان ئىدى. ئەمما ئوغرىلىق قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن قولى كېسىلگەن ئادەمنىڭ قولى داغلىنىدۇ. چۈنكى، قان كۆپ ئېقىپ كېتىپ ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىش ئەندىشىسى بار. بىز بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختۇلۇپ ئۆتتۇق. يۇقىرىدىكى ھەدىسنى ئەنەستىن رىۋايەت قىلغان ئەبۇقۇلابە: «ئۇلار (تۆگىگە قارايدىغان ئادەمنى) ئۆلتۈردى، (تۆگىلەرنى) ئوغرىلىدى، الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلدى» دېگەن.

ئابدۇررازاق بۇ ھەدىسنى قەتادىدىن رىۋايەت قىلدى ۋە ھەدىسنى رىۋايەت قىلىپ بولۇپ مۇنداق دېدى: «بىزگە الله تائالانىڭ: «الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ . . .» دېگەن ئايىتى تۆگىلەرنى قارايدىغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۇلارنى ھەيدەپ ئېلىپ كەتكەن ھېلىقى ئادەملەرنىڭ ھەققىدە چۈشكەن. بۇ ئايەتنىڭ شۇلارنىڭ ھەققىدە چۈشكەنلىكى ئەبۇھۇرەيرەنىڭ ھەدىسىدىمۇ رىۋايەت قىلىنغان». ھەسەن، ئەتا، زاھھاك ۋە زۆھرىي قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەت ئۇ ئادەملەرنىڭ ھەققىدە چۈشكەن دەيدىغان قاراشتىدۇر. كۆپ ساندىكى فىقھشۇناسلار: «الله تائالانىڭ مەزكۇر ئايىتى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ۋە يولنى توسۇپ (كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى) بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن ئايرىلىپ چىققان ئادەملەرنىڭ ھەققىدە چۈشكەن» دەيدۇ.[1]

## جازانىڭ مىقدارىنىڭ ۋە ئۇنىڭ قانداق ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنىڭ بايانى

بۇلاڭچىلىق قىلغان ئادەمنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتىگە قارىتا ئايەتتە بايان قىلىنغان جازالار تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل ھالەتتە ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇ ئايەتتىن بىر قىسىم سەلەپ ئالىملىرىنىڭ: «بۇ تۆت خىل جازانىڭ قايسىسىنى ئىجرا قىلىشتا مۇسۇلمانلار باشلىقىنىڭ ئىختىيارلىقىدىكى ئىشتۇر» دېگەن سۆزلىرى مەقسەت قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بۇ جازالارنىڭ ئىشلەنگەن جىنايەتنىڭ ئېغىر ۋە يەڭگىللىكلىكىگە قاراپ تۆت خىلغا بۆلۈنگەنلىكى چوقۇمدۇر. ئەڭ ئېغىر جىنايەتنى ئۆتكۈزگەن ئادەمگە مەزكۇر جازالارنىڭ ئەڭ يەڭگىلىنىڭ بېرىلىشى ۋە ئەڭ يەڭگىل جىنايەتنى ئۆتكۈزگەن ئادەمگە مەزكۇر جازالارنىڭ

(1) «فەتھۇلبارى»، 12 ـ توم، 110 ـ بەت.

ئەڭ ئېغىرىنىڭ بېرىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇنداق قىلىش شەرىئەتنىڭ قائىدىلىرىگە ۋە ئەقىلغا زىتتۇر. شۇڭا ئايەتتە بايان قىلىنغان تۆت خىل جازالارنى ئىشلەنگەن جىنايەتلەرنىڭ ئەھۋاللىرىغا قاراپ جىنايەتنىڭ تۈرلىرىگە بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ. جىنايەتلەرنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر[1]:

1 ـ (كىشىلەرنىڭ) يولىنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلماقچى بولغان ئادەم ئۇلاردىن بىر نەرسە ئېلىشتىن ۋە بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن بۇرۇن تۇتۇلسا، ئۇ ھەتتا تەۋبە قىلغانغا قەدەر تۈرمىگە سولاپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ تەۋبە قىلغانلىقى سۆزىگە ئەمەس ئەمەلىي ـ ھەرىكىتىگە قاراپ قوبۇل قىلىنىدۇ. يەنى ئۇنىڭ تەۋبە قىلغانلىقى ئۇنىڭدا ياخشى كىشىلەرنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ كۆرۈلىشى بىلەن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم (كىشىلەرنىڭ يولىنى توسۇپ) ئۇلارنى قورقۇتۇش جىنايىتىنى ئىشلىدى. ئۇنى تۈرمىگە سولاپ قويۇش ھۆكمى اللہ تائالانىڭ: «ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك» دېگەن ئايىتىدىن ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنى پۈتۈن يەر يۈزىدىن سۈرگۈن قېلىش مۇمكىن ئەمەس. باشقا بىر شەھەرگە سۈرگۈن قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ باشقا شەھەردىمۇ كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىشى مۇمكىن. شۇنىڭغا ئۇنىڭ ئالدىدا تۈرمىگە تاشلىنىشتىن باشقا يول قالمىغان بولىدۇ.

2 ـ ئەگەر بۇلاڭچىلىق قىلغانلار كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئالغان ۋە بۇلانغان نەرسە، ئەگەر ئۇلارغا تەقسىم قىلىنغان ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ نېسىۋىسى ئوغرىلىقنىڭ نىسابىغا يەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇلار تۆت ئەزالىرى ساق ـ سالامەت كىشىلەر بولسا، ئۇلارنىڭ ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن سول قولى تۆتمايدىغانلار بولسا، ئۇلارنىڭ ھەتتا ئىككىلا قولىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئوڭ قوللىرى كېسىلمەيدۇ.

3 ـ ئەگەر بۇلاڭچىلىق قىلغان ئادەم (بىر كىشىنىڭ ئالدىنى توسۇپ) ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئەمما ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئالمىغان بولسا، ئۇ ئادەم قىساس ئېلىش يۈزىسىدىن ئەمەس ئۇنىڭغا جازا بېرىش يۈزىسىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى ئۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 213 ـ بەت.

ئادەمنى كەچۈرۋېتەلمەيدۇ. ئەمما قىساستا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە - چاقىلىرى قاتىلنى كەچۈرۋېتەلەيدۇ. بۇلاڭچى ئۇ ئادەمنى مەيلى قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتسۇن، مەيلى تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسۇن، مەيلى هاسا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسۇن، بۇلاڭچى ۋە (ئۇنىڭ ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا) ياردەملىشىپ بەرگەن كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ.

4 - ئەگەر بۇلاڭچىلار كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئالغان بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقى خالىسا، ئۇلارنىڭ ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرىنى كېسىدۇ، ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئاندىن ئۇلارنى دارغا ئاسىدۇ، خالىسا ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ، خالىسا ئۇلارنى دارغا ئاسىدۇ. ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇلار ياكى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ياكى دارغا ئېسىلىدۇ، ئەمما ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرى بىرلا تۈردىكى جىنايەت ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا بۇ جىنايەت ئىككى جازانىڭ بېرىلىشىنى لازىم قىلمايدۇ» دەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە بىلەن ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تەئالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇلارنىڭ ئوڭ قوللىرىنىڭ ۋە سول پۇتلىرىنىڭ كېسىلىشى، ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى ۋە ئاندىن ئۇلارنىڭ دارغا ئېسىلىشىنىڭ ھەممىسى بىرلا جازادۇر. بۇلارغا بۇنداق ئېغىر جازانىڭ بېرىلىشى ئۇلارنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتىنىڭ ئېغىر بولغانلىقى ئۈچۈندۇر، ئۇ جىنايەت بولسا، كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئېلىش بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە خاتىرجەمسىز پەيدا قىلىشتۇر» دەيدۇ.[1]

ھەتتا دىن دۈشمەنلىرىنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە تىل تەككۈزۈشكە ۋە كىشىلەرنى شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىدىن قاچۇرۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن كۆنۈمىزدە بۇ ھەقتە ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىنى قوبۇل قىلىش ئەڭ توغرىدۇر.

بۇلاڭچىلىق قىلغانلار بۇلاڭچىلىق قىلىش ئۈچۈن خۇددى بىر - بىرىگە ياردەمچى بولغىنىدەك مەزكۇر ھۆكۈملەرمۇ ئۇلارنىڭ بەزىسىنى ئۇرۇش يەنە بەزىسىنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىدۇ.

بۇلاڭچىلىق قىلغانلار، ئەگەر بۇلاپ ئالغان مال - مۈلۈكلەر يوق بولۇپ

(1) «ئەلھىدايە»، 2 - توم، 133 - بەت.

كەتكەن بولسا، ئۇلارغا جازا ئىجرا قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئالغان مال ـ مۈلۈكلەرنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى، ياكى ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلىمەيدۇ. چۈنكى، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك بىر كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋالغان ئادەمگە جازا ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ مالنىڭ ھۆرمىتى چۈشۈپ كېتىدۇ. (شۇڭا ئەگەر ئۇ مال، ئۇنى ئېلىۋالغان ئادەمنىڭ قولىدا بولمىسا، ئۇنىڭ ئۇ مالنى تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس). ئەمما بۇلاڭچىنىڭ قولىدا مال ـ مۈلۈك بولسا، بۇلاڭچى ئۇ مال ـ مۈلۈكنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

ئەگەر بۇلاڭچىلىق قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، ئۇلارنى تېخىمۇ خارلاش ۋە باشقىلارنى بۇلاڭچىلىق قىلىشتىن توسۇش يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭ ئۆلىكى يۇيۇلمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلمەيدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە خۇددى مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىغا ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققانلارغا ئوخشاش مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ.[1]

ئەگەر بۇلاڭچى تۇتۇلۇشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلغان ۋە مالنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن جازا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمما ئۇ تەۋبە قىلغان، بىراق مالنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمىگەن ئەھۋالدا قانداق قىلىش مەسىلىسىدە ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بىر قىسىم ئالىملار: «خۇددى باشقا جازالارغا ئوخشاش ئۇنىڭدىن جازا چۈشۈپ كەتمەيدۇ» دەيدۇ. يەنە بىر قىسىم ئالىملار: «ئۇنىڭدىن جازا چۈشۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، اللہ تائالا بۇلاڭچىلىق جىنايىتىدىن تەۋبە قىلىشنىڭ جازانى چۈشۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى خۇسۇسىي بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «سىلەر تۇتۇۋېلىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا، بىلىڭلاركى، اللہ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر[2]» شۇڭا بۇلاڭچىلىق جىنايىتىنىڭ جازالىرىنى باشقا جازالارغا قىياس قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، بۇنداق قىلىش بۇ ئايەتكە زىتتۇر» دەيدۇ. بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ ئىچىدىن ئاخىرىدىكى قاراشنىڭ توغرا ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر.

ئەگەر بۇلاڭچىغا بېرىلىدىغان جازانىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمىگەن بولسا، بۇلاڭچىنىڭ ئەھۋالى ئالىملارنىڭ مەزكۇر ئىختىلاپى بويىچە بولىدۇ. ئەگەر

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 1 ـ توم، 583 ـ بەت.

(2) سۈرە مائىدە 34 ـ ئايەت.

ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازانىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، مەسىلەن: بىر ئادەم كىشىلەرنىڭ يولىنى توسۇپ ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئېلىۋالغان، ئاندىن ئۇ ماللارنى بىر يەرگە تاشلىۋېتىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئۆيىدە بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن تۇتۇلغان بولسا، ئۇنىڭغا جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى جازا، جازانىڭ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن ئىجرا قىلىنمايدۇ. مالنى ئۇ يەرگە تاشلىۋېتىپ كەلگەنلىكى تەۋبە قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. ئۇنىڭ تەۋبە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا تەۋبىنىڭ ھەممە ئادەمگە مەلۇم بولغان ئالامەتلىرى كۆرۈلىشى لازىم.[1]

بۇلاڭچىلىق قىلغان ئايالغىمۇ ئەرگە بېرىلگەن جازالار بېرىلىدۇ. ئەمما ئايال دارغا ئېسىلمايدۇ.

## تاجاۋۇز قىلغان ئادەم بىلەن ئۇرۇش قىلىش ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ بايانى

ئەگەر بىر كىشىنىڭ مال - مۈلكى ئوغرىلىقنىڭ نىسابىغا يەتمىسىمۇ ئۇ كىشىنىڭ ئۇ مال - مۈلۈكنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشى ۋە ئۇنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى توغرىدۇر. بۇ ھەقتە ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بىر ئادەم مېلىمنى ئېلىۋالماقچى بولسا، (قانداق قىلىدىغانلىقىمنى) دەپ بەرسىلە» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېلىڭنى ئۇنىڭغا بەرمە» دېدى. ئۇ ئادەم: «ئەگەر ئۇ مەن بىلەن ئۇرۇشسىچۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقىن» دېدى. ئۇ كىشى: «ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسىچۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا سەن شېھىت» دېدى. ئۇ كىشى: «ئەگەر مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەمچۇ؟» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭ ئورنى دوزاختا» دېدى.[2]

بۇ ھەقتە يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 - توم، 214 - بەت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆز مېلىنى قوغداش يولىدا ئۆلگەن كىشى شېھىتتۇر.»[1]

ئەگەر ئوغرى بىر قورۇغا كىرىپ ئۇنىڭ ئىچىدىن قولىغا بىر نەرسە ئالغان بولسا، يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرگە ئاساسەن ئوغرى ئۇ نەرسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان مۇددەت ئىچىدە قورۇ ئىگىسى ئۇ ئوغرى بىلەن ئۇرۇش قىلسا بولىدۇ. ئەگەر ئوغرى قولىدىكى نەرسىنى تاشلىۋەتكەن بولسا، قورۇ ئىگىسىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، مەزكۇر ھەدىسلەر ئوغرىلاش ئۈچۈن قولىغا ئالغان نەرسىنى تاشلىۋەتكەن ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىش مەناسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

ئەگەر قورۇنىڭ ئىگىسى بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا پاكىت كۆرسەتكەن بولسا، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قېنى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. (يەنى ئۇنىڭ قېنى ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىلمەيدۇ). ئەگەر قورۇنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىغا پاكىت كۆرسىتەلمىسە ۋە ئۇ ئادەم ئوغرىلىق قىلىش ۋە يامان ئىشلارنى قىلىش بىلەن تونۇلغان ئادەم بولمىسا، بۇ ھالدا قورۇنىڭ ئىگىسى قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئوغرىلىق قىلغانلىقى بىلەن تۆھمەت قىلىنغان ئادەم بولسا، ئىستىھسانغا ئاساسەن ئۇ ئادەم ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن دىيەت بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ يەردىكى ئەھۋال قورۇنىڭ ئىگىسىدىن قىساس ئېلىشتا بىر ئاز شۈبھە پەيدا قىلىدۇ. (شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنمايدۇ). ئەمما ئۇ شۈبھە مال ـ مۈلۈكتە بولمىغانلىقى ئۈچۈن قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئۇنىڭ ئۈچۈن دىيەت بېرىلىدۇ.[2]

ئەگەر مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىگىسى مېلىنى ناھەق ئېلىۋالماقچى بولغان ئادەمنى باشقا مۇسۇلمانلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىش ئارقىلىق بولسىمۇ توسۇشقا قادىر بولسا، مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىگىسى خۇددى كۈنۈمىزدىكىگە ئوخشاش مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن ياردەم بېرىدىغان بىرەر ئادەمنى تاپالمىغان بولسا، بۇ ھالدا مەزكۇر ھەدىسلەرگە ئاساسەن مالنىڭ ئىگىسىنىڭ مالنى ناھەق

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 265 ـ بەت.

ئېلىۋالماقچى بولغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى توغرىدۇر.

بىر ئادەم قورال - يارىقنى مۇسۇلمانلارغا قاراتقان بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈۋېتىشى ھەقلىقتۇر. مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش مەقستى بىلەن قورال - ياراقلىرىنى ئۇلارغا قاراتقان ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. ئەمما قورال - يارىقنى مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا قاراتقان ئادەم بۇ نىيىتىدىن يېنىپ قورالىنى يېغىشتۇرۇۋەتكەن بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى توغرا ئەمەس.

مەيلى كۈندۈزدە بولسۇن، مەيلى كېچىدە بولسۇن، مەيلى شەھەرنىڭ ئىچىدە بولسۇن، مەيلى شەھەرنىڭ سىرتىدا بولسۇن، بىر ئادەم بىر كىشىگە قورال چىقارغان، ئۇ كىشى ياكى باشقا بىرىسى ئۇ كىشىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىگە ھېچقانداق جىنايەت ئارتىلمايدۇ. ئەگەر قورال ئۆزىگە قارىتىلغان كىشى قورالىنى چىقارغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسە، ئۇ كىشى گۇناھكار بولىدۇ. ئەگەر قورال چىقارغان ئادەم ئۇ كىشىنى (ئازراق) ئۇرغاندىن كېيىن ئۇنى ئىككىنچى قېتىم ئۇرماسلىقنى نىيەت قىلىپ ئۇرۇشتىن توختىغان، ئاندىن ئۇ كىشى ياكى باشقا بىرىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەم قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى ئۇرۇشتىن توختاش بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ قېنىنى تۆكۈش ھاراملىق ھالىتىگە قايتقان بولىدۇ. (شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدىن قىساس ئېلىنىدۇ). ئۇ ئادەم قورالىنى ئۇ كىشىگە چىقىرىپ تۇرغان مۇددەت ئىچىدە ئۇ كىشىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى توغرىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىدىن قايتقان ۋاقىتتا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى توغرا ئەمەس.[1]

ئەمما ھەسەن بەسرىينىڭ: مەن (ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا) پىتنە يۈز بەرگەن كۈنلىرى قورال - ياراقلىرىمنى ئېلىپ (ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن) چىقسام، ماڭا ئەبۇبەكرە ئۇچراپ: «قەيەرگە ماڭدىڭ؟» دېدى. مەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلىغا (يەنى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبقا دېمەكچى) ياردەم بەرمەكچى» دېدىم. ئەبۇبەكرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 - توم، 351 - بەت.

«ئەگەر ئىككى مۇسۇلمان بىر ـ بىرىگە قىلىچ تەڭلىسە ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلگۈچى دوزاخقا كىرىدۇ» دېگەن. ئۇنىڭدىن: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۆلتۈرگۈچىغۇ شۇنداق بولسۇن، ئۆلگۈچى نېمىشقا دوزاخقا كىرىدۇ؟» دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «چۈنكى ئۆلگۈچىمۇ ئۆزىنىڭ ھەمراھىنى ئۆلتۈرۈشنى نىيەت قىلغان ئىدى» دېدى،[1] دېگەن ئەبۇبەكرەنىڭ سۆزىگە كەلسەك، بۇنىڭغا ئالاقىدار ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى ماۋزۇدا بايان قىلىمىز.

# پىتنە يۈز بەرگەن ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھۆكمى

مەزكۇر ھەدىس ۋە بۇ ھەدىسنىڭ ھۆكمىدە كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ مەنىلىرى پىتنە يۈز بەرگەن ھالەتلەرگە قارىتىلىدۇ. پىتنە يۈز بەرگەن چاغدا ئۇرۇش قىلىشنى توغرا، دەپ قارىمايدىغانلار مەزكۇر ھەدىسنى ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىغا پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. ئۇلار بولسا سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس، ئىبنى ئۆمەر، مۇھەممەد ئىبنى مۇسلىمە ۋە ئەبۇبەكرە قاتارلىق ساھابىلەرگە ئوخشاش ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب بىلەن بىللە ئۇرۇشقا چىقمىغانلاردۇر. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىم ساھابىلەر: «ئەگەر پىتنە يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، بىر ئادەم بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمدىن ئۆزىنى قوغدىماي ۋە ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتمەي تۇرۇشى لازىم» دەيدۇ. يەنە بىر قىسمى بولسا: «ئەگەر پىتنە يۈز بەرگەن ۋاقىتتا، بىر ئادەم بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولسا، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمدىن ئۆزىنى قوغدىسا بولىدۇ، ئۆزىنى قوغدىغانلىق (پىتنە يۈز بەرگەن ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلغانلىقنىڭ) ئىچىگە كىرمەيدۇ» دەيدۇ. ساھابىلەرنىڭ ۋە تابىئىنلەرنىڭ كۆپ قىسمى: «(پىتنە يۈز بەرگەن ۋاقىتتا) ھەق تەرەپتىكى ئادەملەرگە ياردەم بېرىش ۋە قارشى تەرەپتىكى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى ئۇرۇش لازىم» دەيدۇ. بۇلار (پىتنە يۈز بەرگەن چاغدا ئۇرۇشقا چىقماسلىق ھەققىدە كەلگەن) ھەدىسلەرنى ئۇرۇش قىلىشتىن ئاجىز كەلگۈچىلەرگە، ياكى ھەقنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن كىشىلەرگە قارىتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇلار «ئەگەر ئىككى مۇسۇلمان بىر ـ بىرىگە قىلىچ تەڭلىسە ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلگۈچى دوزاخقا

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

كىرىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ھەدىسلەردە كەلگەن تەھدىدنى ھەقنى ئىزلەپ ئۇرۇش قىلغان ئەمەس پەقەت ھوقۇققا ئېرىشىش ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلغان ئادەملەرگە خاس، دەپ قارايدۇ.

بۇ ھەقتە ئىمام تەبەرىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدە يۈز بەرگەن ھەر بىر ئىختىلاپ ۋە پىتنىدە ئۆيلەرگە كىرىۋېلىپ ۋە قېلىچلارنى سۇندۇرۇۋېتىپ ئۇرۇشتىن قېچىش لازىم بولىدىغان بولسا، ھەق تۇرغۇزۇلمىغان ۋە ھەقسىزلىك يوقۇتۇلمىغان بولىدۇ. (مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان) زالىملار ۋە پاسىقلار مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ: «بۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن پىتنىدۇر، بىز پىتنە يۈز بەرگەن ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلىشتىن توسالدۇق» دەپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشتىن قوللىرىنى يىغىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىشتىن، قانلىرىنى تۆكۈشتىن ۋە ئاياللىرىنى ئەسىر ئېلىشتىن ئىبارەت ھارام ئىشلارنى قىلىشقا يول تاپقان بولىدۇ. بۇنداق قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىۋالماقچى بولغان ئەخمەقلەرنىڭ قوللىرىنى تۇتىۋېلىشقا بۇيرۇپ كەلگەن بۇيرۇققا خىلاپ ئىشتۇر.»

بەززار «ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچى دوزاختا بولىدۇ» دېگەن ھەدىستىن قانداق مەنانىڭ مەقسەت قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىدىغان بىر جۈملە ئارتۇق سۆزنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇ جۈملە سۆز بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەگەر سىلەر دۇنيالىق ئۈچۈن ئۇرۇش قىلساڭلار» دېگەن سۆزىدۇر. يەنى ھەدىسنىڭ تولۇق مەنىسى: «ئەگەر سىلەر دۇنيالىق ئۈچۈن ئۇرۇش قىلساڭلار، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچى دوزاختا بولىدۇ» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. بۇ مەنانى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىسمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. ئىمام مۇسلىم مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دۇنيا، ھەتتا كىشىلەرگە (ئادەم) ئۆلتۈرۈدىغان ئادەم ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈدىغانلىقىنى ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەممۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان بىر زامان كەلمىگىچە يوقالمايدۇ» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: «بۇ قانداق بولىدۇ؟» دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ زامان بۇزۇلغاندا بولىدۇ، (بۇ ۋاقىتتا) ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچى دوزاختا بولىدۇ» دېگەن. ئىمام قۇرتۇبىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مانا بۇ ھەدىس ئەگەر بىر ئادەم ئۇرۇش قىلغانلارنىڭ دۇنيالىق، ياكى ھاۋايى ـ ھەۋەس ئۈچۈن

ئۆرۈش قىلغانلىقلىرىنى بىلمەي ئۇلارغا قېتىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ ۋە ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ دوزاختا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ» دېدى. ئىبنى ھەجەر (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مەن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىس ۋە ئالىملارنىڭ سۆزىگە ئاساسەن مۇنداق دەيمەن: شۇڭا ساھابىلەرنىڭ زامانىدا پەيدا بولغان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا <سەپپەين> دېگەن يەردە ئۆرۈش بولغان ۋاقىتتا، ئۇ ئۆرۈشقا قېتىلمىغانلارنىڭ سانى ئۇنىڭغا قېتىلغانلارنىڭ سانىغا قارىغاندا ناھايىتى ئاز ئىدى. مەزكۇر ئۆرۈشقا قېتىلغان ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى ھەققە يېتىشنى مەقسەت قىلىپ ئۆرۈشقا چىققاندۇر. شۇڭا ئۇلار اللە تائالا خالىسا ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەلگەن ئۆرۈشنى دۇنيالىق ئۈچۈن قىلىدىغان ئەۋلادلارنىڭ ئەھۋالى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىمايدۇ. (يەنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پەيدا بولغان ۋاقىتتا دۇنيالىق ئۈچۈن ئۆرۈش قىلىپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر ۋە ئۆلۈپ كەتكەنلەر دوزاختا بولىدۇ). بۇنى تۆۋەندىكى ھەدىس كۈچلەندۈرىدۇ. ئەبۇھۇرەيرە (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئۆز تەرەپدارلىرى ئۈچۈن غەزەپكە كېلىدىغان ياكى تەرەپبازلىققا چاقىرىدىغان، ياكى تەرەپدارلىرىغا ياردەم بېرىدىغان بىر گۇرۇھنىڭ بايرىقى ئاستىدا ئۆرۈش قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرنىڭ ئۆلۈمىدە ئۆلگەن ھېسابلىنىدۇ.»[1]

# ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن بالىسىنىڭ تۇتقان يولىنىڭ بايانى

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى بالىسىنىڭ قىسسىسى ۋە ئۆلتۈرۈلگەن بالىسىنىڭ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان قېرىندىشىغا دېگەن سۆزىنى بايان قىلىپ اللە تائالانىڭ: «ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇڭنى سوزىدىغان بولساڭ، مەن سېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇمنى سوزمايمەن، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە دىن قورقىمەن. مەن ھەقىقەتەن سەن بىلەن بولغان گۇناھنى (يەنى مېنى ئۆلتۈرگەنلىك

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

گۇناھىنى) ۋە سېنىڭ (ئىلگىركى) گۇناھىڭنى (يەنى ئاتاڭ ئادەمنىڭ ئەمرىگە ئاسىيلىق قىلغانلىق گۇناھىڭنى) ئۈستۈڭگە ئېلىپ ئەھلى دوزاخلاردىن بولۇشۇڭنى تىلەيمەن، (كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ جازاسى شۇدۇر[1] »دېگەن ئايىتى پىتنە يۈز بەرگەن ھالەتكە قارىتىلغاندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنۇ ھەدىستە: «ئەگەر پىتنە يۈز بەرسە، سەن ئادەم[2] ئىككى بالىسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئوخشاش بولغىن» دەپ مەزكۇر ئايەتنى ئوقۇغان ئىدى. بىر قىسىم ئالىملار: «(ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن بالىسىدەك) ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەمگە قارشى چىقماسلىق بىزنىڭ ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە يولغا قويۇلغان قانۇندۇر» دېدى. بۇ ھەقتە مۇجاھىد: «بىر ئادەمگە قارشى قورال چىقارماسلىق ۋە ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەمدىن ئۆزىنى تارتماسلىق ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە پەرز قىلىنغان ئىش ئىدى» دېدى. ئىمام قۇرتۇبىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئالىملىرىمىز: (ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ شەرىئەتىدە) ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەمگە قارشى ھەرىكەت قىلماسلىق، توغرا دەپ قارىلىدىغان ۋە بۇيسۇنۇشقا بۇيرۇلغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىندۇر. لېكىن، بىزنىڭ شەرىئەتىمىزدە ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەمگە (قارشى ھەرىكەت قىلىپ ئۇنىڭدىن) ئۆزىنى قوغداش توغرا ئىشتۇر» دەيدۇ. ئەمما ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەمگە قارشى ھەرىكەت قىلىش ئۆزىنى قوغداشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ بار. بۇنىڭ ئىچىدىن ئەڭ توغرىسى ئۆزىنى قوغداش ۋاجىپ بولىدۇ، دېگەنلەرنىڭ سۆزىدۇر. چۈنكى، ئۆزىنى قوغداش قارشى تەرەپنى يامان ئىشتىن توسۇش ھېسابلىنىدۇ. <ئەلھەشۋىيە> دېگەن كىتابتا: باتىنىيلەر بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلغان كىشىدىن ئۆزىنى قوغدىشىنى توغرا كۆرمەيدۇ. ئۇلار بۇ قاراشلىرىغا ئەبۇزەرنىڭ ھەدىسىنى پاكىت قىلىپ كەلتۈرگەن، دەپ بايان قىلىندى. ئالىملار ئەبۇزەرنىڭ ھەدىسىنى خۇددى <ئەتتەزكىرا> دېگەن ئەسەردە بايان قىلىنغىنىدەك (مۇسۇلمانلار ئارىسىدا) پىتنە يۈز بەرگەندە ئۇرۇش قىلماسلىق ۋە قايسى تەرەپنىڭ ھەق ئۈستىدە ئىكەنلىكىدە شۈبھە بولۇپ قالغاندا قولنى ئۇرۇشتىن يىغىش مەنالىرىغا قارىتىدۇ.

---

(1) سۈرە مائىدە 28 ـــ 29 ـ ئايەتلەر.

(2) يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام.

**ئەبۇزەرنىڭ مەزكۇر ھەدىسى بولسا، بۇ ھەدىستۇر. ئەبۇزەر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «ئى ئەبۇزەر! دېگىن، ئەگەر كىشىلەر بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلسا، سەن قانداق قىلىسەن؟» دېدى. مەن: «اللّٰه ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلىدۇ» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆيۈڭنىڭ ئىچىدە ئولتۇر ۋە ئىشىكىڭنى تاقىۋەت» دېدى. مەن: «ئەگەر مەن (ئۇرۇش قىلىشنى) تاشلىمىسامچۇ» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېسابلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ قېشىغا كەلگىن ۋە ئۇلارنىڭ سېپىغا قېتىلغىن» دېدى. مەن: «قورال - ياراقلىرىمنى ئالامدىمەن» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر سەن ئۇلار، ئۇستىدە بولغان (گۇناھقا) شېرىك بولماقچى بولساڭ (قوراللىرىڭنى ئالغىن)، لېكىن، ئەگەر قىلىچنىڭ پارقىراشلىرى سېنى قورقۇتىدىغان بولسا، (يەنى بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشتىن قورقۇدىغان بولساڭ، دېمەكچى بولۇشى مۇمكىن. سېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەم)، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ۋە سېنىڭ گۇناھىڭنى ئۇستىگە ئېلىپ كەتسۇن، دەپ پىشىڭنى يۈزۈڭگە تاشلىغىن»[1]دېدى. يەنى ئۇنىڭ سېنى ئۆلتۈرۈشىگە تەسلىم بولغىن، دېمەكچى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە يەنە سەئىد ئىبنى ئەبۇۋاققاس، ئەبۇھۇرەيرە، خەبباب ئىبنى ئەرت، ئەبۇبىكرە، ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇۋاقىد ۋە ئەبۇمۇسا قاتارلىق ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرمۇ بار.[2]**

**ئالىملار ھابىلنىڭ نېمە ئۈچۈن قېرىندىشىغا: «مەن سېنى ئۆلتۈرۈشكە قولۇمنى سوزمايمەن» دېگەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. بۇ ھەقتە مۇجاھىد: «بىر ئادەمگە قارشى قورال چىقارماسلىق ۋە ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەمدىن ئۆزىنى تارتماسلىق ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرگە پەرز قىلىنغان ئىش ئىدى» دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ۋە كۆپلىگەن كىشىلەر: «ھابىل قابىلدىن كۈچلۈك ئىدى، لېكىن ھابىل (قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈشنى) گۇناھ، دەپ قارىغان» دېدى.**

**قازى ئەبۇمۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «ھابىل قابىلدىن كۈچلۈك ئىدى، دېگەن سۆز توغرا سۆزدۇر.» بۇنىڭدىن (قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن) قابىلنىڭ كاپىر ئەمەس ئاسى**

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم، تىرمىزىي، ئىبنى ماجە ۋە ئەبۇداۋۇد قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

(2) «فەتھۇل قەدىر»، 2 - توم، 31 - بەت.

**ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. چۈنكى، قابىل كاپىر بولسا ئىدى، هابىلنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى گۇناھ، دەپ قارىشىنىڭ ھېچبىر مەناسى يوق بولاتتى. شۇڭا هابىل مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈشتىن باش تارتتى ۋە ئۆزى ئاخىرەتتە مۇكاپاتلىنىش ئۈچۈن ناھەق ئۆلۈشكە رازى بولدى. ئوسمان ئىبنى ئەففان (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇ شۇنداق قىلغان ئىدى.»[1]**

# ئەدەبلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ بايانى

**ئەرەبچىدە بۇ مەنانى ئىپادىلەيدىغان سۆز <تەئزىر> دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ مەنا جەھەتتىن ئۇقۇمى: قايتۇرۇش ۋە توسۇش، دېگەنلىك بولىدۇ.**

**ئۇ سۆزنىڭ ئىستىلاھ جەھەتتىكى ئۇقۇمىدىن: (40 ياكى 80 دېگەنگە ئوخشاش مەلۇم سان بىلەن) ئۆلچەلمىگەن، ئەمما ئۇنى ئۆلچەش مۇسۇلمان باشلىققا تاپشۇرۇلغان ۋە ئەدەپلەش يۈزىدىن بېرىلىدىغان بىر جازا، كۆزدە تۇتۇلىدۇ.**

**ئەگەر بىر ئادەمگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا ئۇنى قامچىلاش بولسا، ئۇنى 39 دىن ئارتۇق قامچىلىماسلىق لازىم. چۈنكى، نۇئمان ئىبنى بەشىر (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: « كىمكى ھەقىقىي جازا (بېرىلىش لازىم بولمىغان بىرەر جىنايەت ئۈچۈن) ھەقىقىي جازانىڭ مىقدارىدا جازا بەرگەن بولسا[2]، ئۇ چەكتىن ئاشقۇچىلاردىن ھېسابلىنىدۇ. » بۇ ھەدىسنى ئىبنى ناجىيە رىۋايەت قىلدى. بۇنى بەيھەقىمۇ رىۋايەت قىلدى. ئۇ ھەدىسنى ئىمام مۇھەممەد تەبئى تابىئىنلەردىن بولغان زەھهاك ئىبنى مۇزاھىمدىن <ئەلئەسار> دېگەن ئەسىرىدە رىۋايەت قىلدى ۋە ئۇنى بۇ ھەقتە پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. ئۆمەر**

(1) <تەفسىر ئىبنى ئەتىيە>، **4** ـ توم، **411** ـ بەت.

(2) يەنى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا ھەقىقىي جازالارنىڭ مىقدارىغا يېتىپ قالماسلىقى لازىم. شۇڭا بىرەر جىنايەتچىگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا ئۇنى قامچىلاش بولسا، ئۇنى **39** نى قامچىلاش لازىم. چۈنكى، هاراق ئىچكەنلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئەبۇبەكرىنىڭ زامانلىرىدا ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ باشلىرىدا **40** قامچا ئۇرۇلاتتى. شۇڭا ئۇ ئادەمگە بېرىلىدىغان قامچا جازاسى **40** قا يېتىپ قالسا، ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ مىقدارى ھەقىقىي جازانىڭ مىقدارىغا يېتىپ قالغان بولىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ جازانى بەرگەن ئادەم مەزكۇر ھەدىستە بايان قىلىنغىنىدەك چەكتىن ئاشقۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ. ت.

**ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئەبۇمۇساغا: «ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا 20 قامچىدىن ئېشىپ كەتمىسۇن» دەپ خەت يازغان ئىدى. بۇ ئەسەرنى ئىبنى مۇنزىر رىۋايەت قىلدى. بۇ يەردە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى 20 قامچىغا تەيىن قىلىشى بولسا، مەلۇم بىر ئىشنى كۆزلەپ شۇنداق قىلغاندۇر. شۇڭا ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى تەيىن قىلىپ خەت يېزىشى نۇئمان ئىبنى بەشىردىن رىۋايەت قىلىنغان مەزكۇر ھەدىسكە زىت ئەمەس. ئەمما نەسائىيدىن باشقا ئىماملار رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «الله تائالانىڭ جازالىرىدىن بىرەر جازا (بېرىلىدىغان جىنايەتلەردىن) باشقا جىنايەت ئۆتكۈزۈپ سالغان ئادەم 10 قامچىدىن ئارتۇق قامچىلانمايدۇ» دېگەن ھەدىسنى، ھەتتا ئۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىنى نۇئمان ئىبنى بەشىردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسكە ۋە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ مەقسىتىگە (بۇ جازانىڭ مەقسىتى جىنايەتچىلەرنى قىلمىشلىرىدىن قايتۇرۇشتۇر) زىت كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇن بىر مەنىگە قارىتىش لازىم. بۇ ھەدىسنىڭمۇ ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى لازىم قىلىدىغان خۇسۇسىي بىر جىنايەت ئۈچۈن كەلگەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ جىنايەتنىڭ قايسى جىنايەت ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلمىسىمۇ ئۇ ھەدىسنىڭ خۇسۇسىي بىر جىنايەت ئۈچۈن كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ھەدىسنىڭ تاشقىرى مەنىسى مەقسەت قىلىنىدىغان بولسا، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇ ھەدىسكە خىلاپلىق قىلمىغان بولاتتى[1]. ھېچبىر ساھابىنىڭ ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا زىت بىرەر نەرسە دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنمىدى. شۇنىڭدەك يەنە ھېچبىر ساھابىنىڭ مەزكۇر ھەدىسكە يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «الله تائالانىڭ جازالىرىدىن بىرەر جازا (بېرىلىدىغان جىنايەتلەردىن) باشقا جىنايەت ئۆتكۈزۈپ سالغان ئادەم 10 قامچىدىن ئارتۇق قامچىلانمايدۇ» دېگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنمىدى. شۇڭا ئۇ ھەدىسنىڭ تاشقىرى مەنىسىنىڭ مەقسەت ئەمەسلىكىنىڭ ئېھتىماللىقى ناھايىتى كۈچلۈكتۇر.[2]**

(1) يەنى ھەدىستە 10 قامچا دەپ تۇرسا، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب 20 قامچا، دەپ خەت يازمىغان بولاتتى. ت.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 11 ـ توم، 686 ـ بەت.

# جازا بىلەن ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ ئارىسىدىكى پەرق

جازا بىلەن ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، جازانىڭ (40 قامچا ئۇرۇلىدۇ، 80 قامچا ئۇرۇلىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش) مەلۇم مىقدارى بار. ئەمما ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ مىقدارى باشلىقنىڭ كۆز قارىشىغا تاپشۇرۇلغاندۇر. جازا، ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن شۈبھىلەر سەۋەبى بىلەن ئىجرا قىلىنمايدۇ. ئەمما ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بولسا، ئۇنىڭدا شۈبھە كۆرۈلسىمۇ ئىجرا قىلىنىدۇ. جازا بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىغا ئىجرا قىلىنمايدۇ. ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا كىچىك بالا بولسىمۇ ئىجرا قىلىنىدۇ. جازا (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرلارغىمۇ ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەمما (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرلارغا بېرىلگەن ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا ئۇلارغا بېرىلگەن <ئازاب> دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا (جىنايەتچىلەرنى) پاكلاش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان. جازانى ئىجرا قىلىش دۆلەتنىڭ باشلىقىغا ۋە قازىغا خاستۇر. ئەمما ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى (مەسىلەن: ئۇ ئايالغا ئىجرا قىلىنماقچى بولسا) ئايالنىڭ ئېرى، خوجايىن ۋە يامان ئىشنى قىلغان ئادەمنى كۆرگەن ھەر بىر كىشى ئىجرا قىلالايدۇ. جازادا، جازا كېلىدىغان جىنايەتنى ئىشلىگەنلىكنى ئىقرار قىلىپ بولۇپ، قىلغان ئىقرارىدىن يېنىۋېلىشقا بولىدۇ. ئەمما ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازادا، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. جازادا، (جىنايەت ئۆتكۈزدى دەپ) ئۇستىدىن گۇۋاھلىق بېرىلگەن ئادەم ھەتتا گۇۋاھچىلاردىن بۇ ھەقتە سوئال سورىغانغا قەدەر سولاپ قويۇلىدۇ. ئەمما ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازادا ئۇنداق قىلىنمايدۇ. جازادا تىلىۋېلىش ۋە قازىنىڭ ئۇنى ئىجرا قىلماي تاشلاپ قويۇشى توغرا ئەمەس. ئەمما ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازادا تىلىۋېلىش ۋە قازىنىڭ ئۇنى ئىجرا قىلماي تاشلاپ قويۇشىمۇ توغرىدۇر. جازا، ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمما ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا ئۇنداق بولمايدۇ.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 177 ـ بەت.

**ئالىملار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازادا بەندىنىڭ ھەق ـ ھوقۇق تەرىپى ئېغىر باسىدۇ. شۇڭا بۇ جازادا خۇددى بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئالاقىدار باشقا ئىشلارغا ئوخشاش ئۆتۈۋېتىش، كەچۈرۈۋېتىش، كېپىل قىلىش، قەسەم قىلىش، بىر كىشىنىڭ (ئۆزىنىڭ شۇنداق جازانى كەلتۈرۈدىغان بىرەر ئىشنى قىلغان ئادەمنى كۆرۈپ قالغانلىقىغا) گۇۋاھلىق بولغانلىقىغا گۇۋاھچى تۇرغۇزۇش ۋە بىر ئەر ۋە ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىش توغرىدۇر.»**

# ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ مىقدارىنىڭ بايانى

**بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكۈنىمىزدەك ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازىنىڭ مەلۇم مىقدارى يوق. بۇ جازانىڭ مىقدارىنى بەلگىلەش مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىنىڭ، ياكى قازىنىڭ قارىشىغا تاپشۇرۇلغاندۇر. چۈنكى، بۇ جازادىن بولغان مەقسەت (كىشىلەرنى قىلمىشلىرىدىن) توساشتۇر. كىشىلەر (قىلمىشلىرىدىن يېنىشقا بىر ـ بىرلىرىدىن) پەرقلىقتۇر. شۇڭا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ تۈرلىرىنى تەيىن قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس[1].**

**ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا، بەزى ۋاقىتتا قامچىلاش بىلەن، بەزى ۋاقىتتا تۈرمىگە تاشلاش بىلەن، بەزى ۋاقىتتا گەردەنگە ئۇرۇپ قويۇش بىلەن، بەزى ۋاقىتتا قولىقىنى سوزۇپ قويۇش بىلەن، بەزى ۋاقىتتا قاتتىق گەپ قىلىش بىلەن، بەزى ۋاقىتتا قازىنىڭ جىنايەتچىگە جىرايىنى تۈرۈپ تۇرۇپ قاراش بىلەن، بەزى ۋاقىتتا تۆھمەت چاپلىمىغان ئاساستا تىللاش بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ جازا ئۆلتۈرۈش بىلەنمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: يات بىر ئايالنى (زىنا قىلىشقا) مەجبۇرلىۋاتقان ۋە ئۇ ئايال ۋارقىراش ۋە ئۇرۇش ئارقىلىقمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايۋاتقان ئادەمنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ ئايالنىڭ ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىمۇ توغرىدۇر. ئۇ ئادەمنىڭ**

(1) يەنى كىشىلەر قىلمىشلىرىدىن يېنىشقا بىر ـ بىرلىرىدىن پەرقلىقتۇر. يەنى بىرى نەسىھەت ئارقىلىقلا قىلمىشلىرىدىن يانىدۇ. يەنە بىرى نەسىھەتنى قوبۇل قىلماي ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازا ئارقىلىق قىلمىشلىرىدىن يانىدۇ. شۇڭا كىشىلەرگە بېرىلىدىغان ئۇ جازامۇ كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە قاراپ بولىدۇ. بىرى قامچىلىنىدۇ. يەنە بىرىگە نەسىھەت قىلىنىدۇ. ت.

قېنى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا ئۆزىگە تاجاۋۇز قىلماقچى بولغان ئادەمنى توسۇش ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن باشقا يول تاپالمىغان بولسا، ئۇنىڭمۇ ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى توغرىدۇر.

ئەگەر بىر ئادەم ئايالى ياكى ئارىلىقىدا نىكاھ چۈشمەيدىغان ئايال تۇغقىنى بىلەن بىر كىشىنىڭ زىنا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋە ئۇ ئىككىسى زىنانى (مەجبۇرىي ھالدا ئەمەس) ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ھەر ئىككى زىناخورنى ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ بولىدۇ. يات ئايال بىلەن زىنا قىلىۋاتقان كىشىنى كۆرۈپ قالغان ئادەم بىلەن ئۆزىنىڭ ئايالى، ياكى ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى بىلەن زىنا قىلىۋاتقان كىشىنى كۆرۈپ قالغان ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، يات ئايال بىلەن زىنا قىلىۋاتقان كىشىنى كۆرۈپ قالغان ئادەم ئۇ كىشىنى، ئەگەر زىنانى ئۇ ئايال بىلەن مەجبۇرىي ھالدا ئۆتكۈزمەكچى بولغان، ئۇ ئايال ئۇنىڭدىن ۋارقىراش ۋە ئۇنى ئۇرۇش ئارقىلىق قوتۇلماقچى بولۇپمۇ ئۇنىڭدىن قوتۇلالمىغان شەرت ئاستىدا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. (بۇنىڭدىن ئەگەر ئۇ ئايال زىنانى ئۇ كىشى بىلەن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلغان بولسا، ئۇلارنى كۆرۈپ قالغان ئادەمنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ھەققى يوق دېگەنلىك چىقىدۇ. توغرىسىنى الله تائالا بىلگۈچىدۇر). ئەمما ئايالى، ياكى ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى بىلەن زىنا قىلىۋاتقان كىشىنى كۆرۈپ قالغان ئادەمنىڭ (ئايال زىنانى ئۇ كىشى بىلەن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلغان بولسىمۇ) ئۇ كىشىنى ئۇ ئايال بىلەن بىللە قوشۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ھالدا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىپپەتلىك ھالىتىدە بولۇش شەرت ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۇلارغا بېرىلگەن جازا ئەمەس. ئەكسىچە ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشتۇر. ئۇ كىشىنى قىلغان يامانلىقىدىن توسۇش ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە توغرا كەلگەچكە ئۇ ئۆلتۈرۈلدى. زىناخورنى ئۆلتۈرۈۋېتىش (ئۇنىڭغا بېرىلگەن زىنانىڭ جازاسى ئەمەس ئەكسىچە ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش) ئىكەن، بۇ ھالدا ئۇنىڭ ئىپپەتلىك ھالىتىدە بولۇشنى شەرت قىلىشنىڭ ھېچبىر مەناسى يوقتۇر.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 180 ـ بەت.

بۇنىڭ دەلىلى سۈيۈتىدە تۆۋەندىكى ھەدىسنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

مۇغىرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: سەئىد ئىبنى ئۇبادە: «ئەگەر مەن ئايالىم بىلەن بىر ئادەمنىڭ بىللە بولغانلىقىنى كۆرۈپ قالسام، ئەلۋەتتە ئۇ ئادەمنى قىلىچنىڭ بىسى بىلەن ئۇرۇمەن» دېدى. سەئىدنىڭ بۇ سۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ بارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەئىدنىڭ كۈندەشلىكىدىن ھەيران بولۇۋاتامسىلەر؟ ئەلۋەتتە مەن سەئىددىن بەكرەك كۈندەشلىك قىلىمەن. الله تائالا مەندىن بەكرەك كۈندەشتۇر»[1] دېگەن.

ئىمام مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ: سەئىد ئىبنى ئۇبادە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! دېسىلە، ئەگەر مەن ئايالىم بىلەن بىر ئادەمنىڭ بىللە بولغانلىقىنى كۆرۈپ قالسام، ھەتتا مەن تۆت ئادەمنى گۇۋاھچى بولۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەنگە قەدەر ئۇ ئادەمنى (ئاشۇنداق) تاشلاپ قويامدىمەن» دېدى. يەنە بىر رىۋايەتتە سەئىدنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن. سېنى ھەق بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئەلۋەتتە ئۇ ئادەمنىڭ (تۆت ئادەمنى گۇۋاھچىلىق ئۈچۈن) ئېلىپ كېلىشتىن بۇرۇن قىلىچ بىلەن چارىسىنى قىلىمەن» دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

بۇنىڭغا قىياس قىلىپ تۇرۇپ كۆچكە تايىنىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يولسۇزلۇق بىلەن ئاشكارا ھالىتىدە ئېلىۋالغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشقا بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىرىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بۇلىۋالغان بۇلاڭچىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئۇ بۇلاڭچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىمۇ توغرىدۇر. چۈنكى، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش كىشىلەرنى ئۇنىڭ ئەسكىلىكلىرىدىن ۋە يامانلىقلىرىدىن قوتۇلدۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر باجگىرنى، زالىملارنى، ئۇلارنىڭ يالاقچىللىرىنى، ياردەمچىلىرىنى، ھۆكۈمدارلارنى، (كىشىلەرگە) زۇلۇم قىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىتنە ـ پاسات چىقىرىشقا ئۇندەيدىغانلارنى ۋە يەر يۈزىگە بۇزۇقچىلىق ئۇرۇغىنى چاچىدىغانلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش (مۇسۇلمانلار ئۈچۈن) چوڭ بىر زىيانغا يول ئاچمايدىغان بولسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

توغرىدۇر. (ئەمما ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن چوڭ بىر زىيانغا يول ئاچىدىغان بولسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرا ئەمەس).

شۇنىڭدەك يەنە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا جىنايەتچىنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىش بىلەن، ياكى بۇزۇقچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېسىپ كىرىپ ئۇلارنى ئۆيدىن تارتىپ چىقىرىش، ئۆيىنى يىقىۋېتىش، هاراق ئىچىدىغان كۆپ ۋە قاچىلىرىنى چىقىۋېتىش بىلەنمۇ بولىدۇ.

# ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ، ئىجرا قىلىش باشلىقىغا تەۋە جازا ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

الله تائالانىڭ يولىدا ئىجرا قىلىش لازىم بولۇپ قالغان ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى، ئۇ جازانى لازىم قىلىدىغان بىرەر جىنايەتنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەمنى كۆرۈپ قالغان هەر مۇسۇلماننىڭ شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئۇ ئادەمگە ئىجرا قىلىش هەققى بار. ئەمما شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئەمەس ئۇ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ جازانى ئىجرا قىلىش پەقەت قازىنىڭ هەققىدۇر. مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ زىنا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشى ئۇ ئادەمگە زىنا قىلىۋاتقان شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى بېرىشنى خالىسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە شۇ جازانى بېرىش هەققى بار. چۈنكى، بۇنداق قىلىش ئۇ ئادەمنى يامان ئىشتىن توسۇش هېسابلىنىدۇ. هەر بىر كىشى يامان ئىش قىلىۋاتقان ئادەمنى قىلمىشىدىن توسۇشقا بۇيرۇلغاندۇر. بۇ هەقتە تارىق ئىبنى شىهاب مۇنداق دەيدۇ: «هېيت كۈنى هېيت نامىزىدىن بۇرۇن خۇتبە ئوقۇشنى دەسلەپ مەرۋان باشلىغان. بىر ئادەم قوپۇپ مەرۋانغا: «هېيت نامىزى خۇتبىدىن بۇرۇن ئوقۇلىدۇ» دېدى. مەرۋان ئۇنىڭغا: «بۇ يەردە ئۇنداق قىلىنمايدۇ» دېدى. كېيىن ئەبۇسەئىد: (مەرۋانغا قارشى سۆز قىلغان) ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سىلەردىن بىرىڭلار بىرەر يامانلىقنى كۆرسە ئۇنى قولى بىلەن (ئەمەلى هەرىكىتى بىلەن) ئۆزگەرتسۇن. ئەگەر ئۇنىڭغا قادىر بولالمىسا، تىلى بىلەن (سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق) ئۆزگەرتسۇن. ئۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا، قەلبى بىلەن بولسىمۇ نارازى بولسۇن،

ئاشۇ قەلبى بىلەن نارازى بولۇش بولسا، ئىماننىڭ ئەڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر[1]» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، دېدى.

بىرەر يامان ئىشنى قىلىۋاتقان ئادەمنى كۆرگەن كىشى ئۇ ئادەمگە ئۇ ئىشنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمگە ئۇ ئىشنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن جازا بېرىش يامان ئىشتىن توسۇش ھېسابلانمايدۇ. بۇ پەقەت ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ جازانى پەقەت ھاكىم، ياكى قازىلا ئىجرا قىلىدۇ. (شۇڭا باشقا كىشىنىڭ ئۇ جازانى ئىجرا قىلىش ھەققى بولمايدۇ).

ئىمام قۇرتۇبى (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئالىملار ئارىسىدا قىساس جازاسىنى، (پەقەت ھاكىم ياكى قازىلا ئەمەس) قىساس جازاسىنى ۋە باشقا جازالارنى ئىجرا قىلىشقا تەيىن قىلىنغان ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىجرا قىلالايدىغانلىقىدا ئىختىلاپ يوقتۇر. چۈنكى، اللە تائالا قىساس ئېلىشنى ھەر بىر مۆمىنگە (پەرز قىلىپ ئۇلارغا) خىتاب قىلغان» دېدى.[2]

## ئوخشاش جازا بىلەن جازالاشنىڭ بايانى

جازانى لازىم قىلمايدىغان بىرەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئادەمنىڭ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان كىشىگە ئوخشاش زىيانكەشلىك بىلەن قارشىلىق بېرىشى توغرىدۇر. بۇنداق قىلىش ئۇچۇن ئۇ زىيانكەشلىكنىڭ قول ھەققى بولۇشى شەرتتۇر. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە: «ھەي نجىس!» دېگەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە: «نجىس سەنسەن» دەپ قارشىلىق بېرىشى توغرىدۇر. چۈنكى، اللە تائالا شۇنداق قىلىشقا رۇخسەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىر يامانلىقنىڭ جازاسى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر يامانلىقتۇر (يەنى ساڭا بىر كىشى قانچىلىك چېقىلسا، شۇنچىلىك چېقىلماي ئاشۇرۇۋەتسەڭ بولمايدۇ)، كىمكى (ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئەپۇ قىلسا ۋە (ئۆزى بىلەن يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئارىسىنى) تۈزىسە، ئۇنىڭ

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) <تەپسىر قۇرتۇبى>، 2 ـ توم، 245 ـ بەت.

ئەجرىنى اللە بېرىدۇ، اللە ھەقىقەتەن زۇلۇم قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى ئادەم ئىنتىقامىنى ئالسا، ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. ئەيىبلىنىدىغانلار پەقەت كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىدىغان، زېمىندا ناھەق رەۋىشتە پىتنە - پاسات تېرىيدىغان ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. كىمكى (ئەزىيەتكە) سەۋر قىلسا، (اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالمىسا، بۇ ئەلۋەتتە مەرغۇپ ئىشلاردىندۇر[1]»

مانا بۇ ئايەتلەر (بىرەر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئادەمنىڭ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان كىشىگە ئوخشاش زىيانكەشلىك بىلەن قارشىلىق بېرىشىنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى)، ئەمما ئۇنى كەچۈرۈۋېتىشنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. اللە تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دېدى: «ئەگەر (ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان - زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان - زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر[2]»

## سەۋەبسىز تەنەنىڭ ۋە سەۋەبلىك تەنەنىڭ بايانى

سەۋەبسىز تەنە قىلىشتىن بىر ئادەمگە، اللە تائالانىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىدىن بولغان جازانى ياكى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى، ياكى بەندىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىدىن بولغان بىرەر ئىشنى لازىم قىلمايدىغان سۆزلەرنى قىلىش بىلەن تەنە قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەمما سەۋەبلىك تەنە قىلىشتىن بىر ئادەمگە، اللە تائالانىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىدىن بولغان جازانى ياكى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى، ياكى بەندىلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىدىن بولغان بىرەر ئىشنى لازىم قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلىش بىلەن تەنە قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئەگەر گۇۋاھلىق بېرىش بابىدا، گۇۋاھچىلارنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكى

(1) سۈرە شۇرا 39 — 43 - ئايەتكىچە.

(2) سۈرە نەھل 126 - ئايەت.

ئىسپاتلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۇستىدىن قىلىنغان سەۋەبسىز تەنە، ئەگەر (ئۇلارنىڭ ياخشى ئادەملەر ئەمەسلىكىگە) گۇۋاھلىق بېرىش شەكلىدە ئاشكارا ھالەتتە قىلىنغان بولسا، ئۇ تەنە قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر تەنە ئاشكارا ھالەتتە ئەمەس يوشۇرۇن ھالەتتە بولسا، بۇ ھالدا ئۇ تەنە قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمما ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بابىدا سەۋەبسىز تەنە سەۋەبى بايان قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەتە سەۋەبسىز تەنە بولۇش شەكلىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

بىر ئادەم پاسىقلىقى نامەلۇم بىر مۇسۇلمانغا: ھەي پاسىق! دېگەن ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ مۇسۇلماننىڭ پاسىقلىق قىلغانلىقىغا ھېچقانداق سەۋەب بايان قىلماستىن ئۇنىڭ پاسىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ (ئۇ مۇسۇلماننىڭ ئۇستىدىن قىلغان) تەنىسىگە قۇلاق سېلىنمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇستىدىن (زىنا قىلدى، دەپ) گۇۋاھلىق بەرگەن بىر كىشىگە: «ھەي زىناخور!» دېگەن ۋە ئۇ كىشىگە بۇنداق دېيىش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى بايان قىلىش بىلەن (ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدىغان ناچار ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق) ئۇستىدىكى زىنانىڭ جازانىسىنى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشى ئۇستىدىن قىلغان تەنىسىگە قۇلاق سېلىنىدۇ. ھەتتا ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ پاسىقلىقىنى، ئۇ كىشىنىڭ الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىدىن بولغان جازانى ياكى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى، ياكى بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىدىن بولغان بىرەر ئىشنى لازىم قىلىدىغان بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى بايان قىلغان بولسىمۇ ئۇ ئادەمگە قۇلاق سېلىنىدۇ.

قازى بىر ئادەمگە تەنە قىلغان كىشىدىن ئۇنىڭغا تەنە قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىشى لازىم. ئەگەر ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئۇ ئادەمگە تەنە قىلغانلىقىغا مەسىلەن: ئۇ ئادەمنىڭ يات بىر ئايالنى سۆيگىنىگە ياكى قۇچاقلىغىنىغا، ياكى ئۇنىڭ ئايرىم بىر يەردە يالغۇز قالغىنىغا ئوخشاش شەرىئەتتە گۇناھ ھېسابلىنىدىغان بىرەر سەۋەبنى بايان قىلسا، قازى ھەتتا ئۇ ئادەمگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئۇ كىشىدىن ئۇ ئادەمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىغا پاكىت تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئۇ ئادەمگە تەنە قىلغانلىقىغا ئۇ ئادەمنىڭ شەرىئەتتە قىلىش لازىم بولغان ئىشلارنى قىلمىغانلىقىنى سەۋەب كۆرسەتكەن بولسا، قازى ئۇ

ئادەمدىن شەرىئەتتە ئۆگىنىش ۋاجىپ بولغان پەرزلەرنىڭ ۋە ۋاجىپلارنىڭ قايسى ـ قايسى ئىشلار ئىكەنلىكىنى سورايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم شەرىئەتتە ئۆگىنىش ۋاجىپ بولغان پەرزلەرنىڭ ۋە ۋاجىپلارنىڭ قايسى ـ قايسى ئىشلار ئىكەنلىكىنى بىلمىسە، ئۇ ئادەمنىڭ پاسىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۆگىنىش ۋاجىپ بولغان ئىشلارنى ئۆگەنمەي تاشلاپ قويغان ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

## تىللىغانلىق سەۋەبى بىلەن ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى بېرىشنىڭ بايانى

بىر مۇسۇلماننى: «ھەي كاپىر!» دەپ تىللىغان ئادەمگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ.

س: مۇسۇلماننى <كاپىر> دەپ ئېتىقاد قىلغان ئادەم كاپىر ھېسابلىنامدۇ؟

ج: مۇسۇلماننى <كاپىر> دەپ ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ (ئۇنىڭغا: ھەي كاپىر! دېگەن) ئادەم كاپىر ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇنى <كاپىر> دەپ ئېتىقاد قىلمىغان ئادەم كاپىر ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنى<ھەي كاپىر!> دېسە، قارشى تەرەپ ئۇ دېگەندەك (كاپىر) بولسا، بۇ سۆز دېيىلگۈچىگە چۈشىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا دېگۈچىگە يانىدۇ»[1]

ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان ئۆزىنى <ھەي كاپىر!> دەپ تىللىغان ئادەمگە: «خوش دەپ جاۋاب» بەرگەن بولسا، ئۇ مۇسۇلمان (دۇنيادىكى ھۆكۈمدە) كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ <خوش> دەپ جاۋاب بېرىشى ئۆزىنىڭ كاپىر ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كاپىر بولغانلىقىغا رازى بولغانلىقى ئۈچۈن جازالىنىدۇ. لېكىن ئۇ مۇسۇلمان ئۇ جاۋابنى (شۇنداق جاۋاب بېرىشكە) مەجبۇر بولۇپ قالغانلىق سەۋەبى بىلەن بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ جازالاندۇرۇلمايدۇ. ئەمما ئۇ مۇسۇلمان ئۆزى بىلەن الله تائالانىڭ ئارىسىدىكى ئالاقىدا، مەسىلەن: ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ تاغۇتقا (يەنى الله دىن

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

باشقا بارچە مەبۇدقا) كاپىر بولغانلىقىنى يەنى ئۇلارنى ئىنكار قىلغانلىقىنى نىيەت قىلىپ شۇنداق جاۋابنى بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ مۇسۇلمان كاپىر ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنى: «ھەي نىجىس! ياكى ھەي ئوغرى! ياكى ھەي بۇزۇق! ياكى ھەي قوش جىنسلىق! ھەي خائىن! ياكى ھەممە نەرسىنى ھالال دەپ قارايدىغان ئادەم! ياكى ھەي ھاكىمنى كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئادەم! ياكى ھەي بەچچىۋاز! ياكى ھەي دىنسىز! ياكى ھەي رافىزىي! ياكى ھەي بىدئەتخور! ياكى ھەي يەھۇدىي! ياكى ھەي خىرىستىيان! ياكى ھەي خىرىستىيانىنىڭ بالىسى! ياكى ھەي بۇلاڭچى!» دەپ چاقىرغان ۋە ئۇ كىشى ئۇنداق ئادەم بولمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنداق دېگۈچىگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى شۇنداق ئادەم بولسا، بۇ ھالدا ئۇنداق دېگۈچىگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنى: «ھەي دۆيۈز![1] ياكى ھاراقكەش! ياكى جازانىخور! ياكى ھەي بۇزۇق خوتۇننىڭ بالىسى!» دەپ چاقىرغان ياكى سەن بۇلاڭچىلارنىڭ، ياكى زىناخورلارنىڭ ئورىسسەن، دەپ تىللىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنداق دېگۈچىگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ دۆيۈز ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان ياكى ئۇ ئادەم شۇنداق ئىش بىلەن تونۇلغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئادەم دۆيۈزلىكنى ھالال دەپ قارىمىغان بولسىلا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرا ئەمەس. ئۇنىڭغا پەقەت ئېغىر ھالەتتە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنى: «ھەي ئېشەك! ياكى ھەي توڭغۇز! ياكى ھەي ئىت! ياكى ھەي تىكە! ياكى ھەي مايمۇن! ياكى ھەي ئۆكۈز! ياكى ھەي كالا! ياكى ھەي يىلان!» دەپ چاقىرغان، ياكى تىللىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى مەزكۇر سۆزلەر بىلەن چاقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى. بۇ مەسىلىدىكى ئەسلى قائىدە بولسا مۇنداقتۇر:

[1] بۇ ئايالىنى ياكى قىز تۇغقانلىرىنى يات ئادەملەردىن كۈنلىمەيدىغان ئادەمدۇر. ت.

ھەر قانداق تىللاشنىڭ زىيىنى تىللىغان ئادەمگە قايتسا، بۇ ھالدا تىللىغان ئادەمگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلمەيدۇ. ئەمما ئۇ تىلنىڭ زىيىنى ئەگەر تىللانغان كىشىگە قايتسا، بۇ ھالدا ئۇنى تىللىغان ئادەمگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ. مەزكۇر سۆزلەر بىلەن بىر ئادەمنى تىللاشتا ئۇنىڭ زىيىنى تىللانغۇچىغا ئەمەس تىللىغۇچىغا قايتىدۇ. (شۇڭا مەزكۇر سۆزلەر بىلەن بىر كىشىنى تىللىغان ئادەمگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلمەيدۇ). چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى مەزكۇر سۆزلەر بىلەن تىللاش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يالغانچىلىقىنى ئاشكارىلىغان ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر كىشىنى: «ھەي ھارامخورنىڭ بالىسى!» دەپ تىللىغان ئادەمگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ. بۇ مەسىلىدىكى قائىدە مۇنداقتۇر: بىر ئادەم بىر كىشىنى، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلىنىدىغان، شەرىئەتتە ھارام بولغان ۋە ئۆرپ ـ ئادەتتە ئەيىب سانىلىدىغان بىرەر ئىشقا نىسبەت بەرسە، ئۇ ئادەمگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئىش ئۇنداق بولمىسا، ئۇ ئادەمگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلمەيدۇ.[1]

## ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازادىكى بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ بايانى

ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازادا بەندىنىڭ ھەق ـ ھوقۇق تەرىپى ئېغىر باسىدۇ. مەيلى تۆھمەت سۆزلىرى بولسۇن، مەيلى تىللاش ئۈچۈن قوللىنىدىغان سۆزلەر بولسۇن، ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى لازىم قىلىدىغان يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۆزلەرنى (بىر ئادەمنى تىللاش ئۈچۈن) قوللىنىش شەرىئەتتە چەكلەنگەندۇر. چۈنكى، الله تائالا مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (اللەنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن،

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، **3** ـ توم، **184** ـ بەت.

سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر ـ بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر ـ بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۆمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان! (مۇنداق نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر[1]»

ئەدەپلەش يۇزىسىدىن بېرىلىدىغان جازادا ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ھەم بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى بار. لېكىن، ئۇنىڭغا بەندىنىڭ ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا بەندىنىڭ ھەق ـ ھوقۇق تەرىپى ئېغىر باسىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەگەر تىللانغان بەندە ئۆزىنى تىللىغان كىشىنى كەچۈرۈۋەتسە، ئۇ كىشىدىن ئەدەپلەش يۇزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمما تۆھمەت چاپلىغانلىق ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازا بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئەگەر تۆھمەت چاپلانغان ئادەم ئۆزىگە تۆھمەت چاپلىغان كىشىنى كەچۈرۈۋەتسىمۇ تۆھمەت چاپلىغانلىقىنىڭ جازاسى ئۇ كىشىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنى ئەدەپلەش يۇزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى لازىم قىلىدىغان خىلمۇ ـ خىل سۆزلەر بىلەن تىللىغان بولسا، ئۇ تىل سۆزلىرىنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە ئەدەپلەش يۇزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ. (ئۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن بىرلا جازا بېرىلمەيدۇ). چۈنكى، بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى بىر ـ بىرىگە كىرىپ كەتمەيدۇ[2]. بۇنىڭغا ئاساسەن ئەگەر بىر ئادەم بىر گۇرۇپ كىشىلەرگە: «سىلەر پاسىقسىلەر» دېگەنگە ئوخشاش ئۇلارنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن تىللىغان بولسا، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە ئەدەپلەش يۇزىسىدىن بېرىلىدىغان بىر جازا بېرىلىدۇ. ئەمما جازالار بىر ـ بىرىگە كىرىپ كېتىدۇ.

ئەگەر بىر كىشىنى تىللىغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇ كىشىنى تىللىغانلىقىنى ئىنكار قىلسا، ئۇ ئادەم قەسەم قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم قەسەم قىلىشتىن باش تارتسا، ئۇنىڭغا ئەدەپلەش يۇزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى

(1) سۈرە ھۇجۇرات 11 ـ ئايەت.

(2) يەنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشى ئۈچۈن قوللانغان ھەر بىر ئېغىز تىل سۆزى ئۇ كىشىنىڭ بىر ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بەندىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى بىر ـ بىرىگە كىرىپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ كىشىنى تىللاشقا قوللانغان ھەر بىر ئېغىز سۆز ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە ئەدەپلەش يۇزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ. ت.

بېرىشكە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئۇ ئادەم قەسەم قىلغان ۋاقىتدا، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئۇنى ھەي پاسىق! دېمىدىم، دەپ قەسەم قىلماستىن ئەكسىچە الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مېنىڭ ئۈستۈمدە ئۇنىڭ ئۇ دەۋا قىلىۋاتقان ئۇ ھەققى يوق، دەپ دەيدۇ[1]. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى تىللىغان ۋاقىتتا، ئۇ كىشىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش تىل بىلەن رەددىيە بەرگەن ياكى ئۇ ئادەمنى كەچۈرۈۋەتكەن، ياكى ئۇ كىشى ئەمەلىيەتتە پاسىق بولۇشى ۋە ئۇنى پاسىق، دەپ تىللىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ پاسىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان قولىدا پاكىت بولماسلىقى ئېھتىمالىمۇ باردۇر. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىدە تىللانغان كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە دەۋا قىلغان ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھەققى يوق.

بىر ئادەمنىڭ بىر كىشىنى تىللىغانلىقى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنى تىللىغانلىقىغا گۇۋاھچى بولغان ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ شۇنىڭغا گۇۋاھچى بولغانلىقىغا باشقا بىرسىنى گۇۋاھچى قىلىپ قويۇش ۋە ئۇ بىرسىنىڭ بۇ ھەقتە گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەنمۇ ئىسپاتلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەمنىڭ بىر كىشىنى تىللىغانلىقى خۇددى بەندىلەرنىڭ باشقا ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئوخشاش بىر ئادەم ۋە ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەنمۇ ئىسپاتلىنىدۇ.

يات ئايالنى سۆيگەنگە ۋە پاسىقلارنىڭ سورۇنلىرىغا كەلگەنگە ئوخشاش جىنايەتلەر ئۈچۈن ئىجرا قىلىنىدىغان ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازادا پەقەت الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇڭا قارشى تەرەپنىڭ بۇ جازانى كەچۈرۈۋېتىش ھەققى يوق. لېكىن، شۇ ئىشنى قىلغان ئادەم (ئۇنىڭغا جازا بېرىلمىسىمۇ) شۇ ئىشنى تەكرار قىلمايدىغاندەك تۇرسا، بۇ ھالدا ئۇنى كەچۈرۈۋېتىش ھاكىمنىڭ كۆز قارىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئەگەر ھاكىم ئۇنىڭغا جازانى ئىجرا قىلىشنى پايدىلىق دەپ قارىسا، ئۇنىڭغا جازانى ئىجرا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا جازانى ئىجرا قىلىشنى پايدىلىق دەپ قارىمىسا ياكى جازا ئىجرا قىلىنمىسىمۇ ئۇنىڭ شۇ قىلمىشىدىن يانىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇنىڭغا جازانى ئىجرا قىلمايدۇ.

ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھاراقنى يىغىپ ئىچكەن (يەنى داۋاملىق ھاراق ئىچىدىغان، دېمەكچى

(1) يەنى ئۇ ماڭا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ بېرىلىشىنى دەۋا قىلىدۇ. مېنىڭ ئۈستۈمدە ئۇنىڭ دەۋا قىلغان بۇ ھەققى يوق، دەيدۇ. ت.

بولۇشى مۇمكىن) ۋە نامازنى تاشلىغان ئادەمنى تۈرمىگە تاشلايمەن، ئۇنى ئەدەبلەيمەن، ئاندىن ئۇنى چىقىرىمەن. ئەمما ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئوغرىلىق قىلىش ۋە كىشىلەرنى ئۇرۇش بىلەن تۆھمەت قىلىنغان ئادەمنى تۈرمىگە تاشلايمەن ۋە ھەتتا ئۇ ھەقىقىي تەۋبە قىلغانغا قەدەر ئۇنى تۈرمىدە مەڭگۈ تۇتۇپ تۇرىمەن. چۈنكى، بۇنداق ئادەمنىڭ زەرەرى كىشىلەرگە بولىدۇ. ئەمما هاراق ئىچكەن ئادەمنىڭ زەرەرى ئۆزىگە بولىدۇ.»[1]

ئەگەر بىر مۇسۇلمان (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە ) ياشايدىغان كاپىرنى تىللىغان بولسا، ئۇ مۇسۇلمانغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ مۇسۇلمان ئۇ كاپىرنى تىللاش ئارقىلىق يامان ئىشنى قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم يەھۇدىيغا ياكى ئوتپەرەسكە: «ھەي كاپىر!» دېگەن ۋە بۇ سۆز ئۇنىڭغا ئېغىر كەلگەن بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەم گۇناهكار بولىدۇ. بۇ، ئۇ ئادەم يامان ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ، دېمەكتۇر.

## بىر ئەرنىڭ ئۆز ئايالىغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى بېرىشىنىڭ بايانى

ئەگەر بىر ئايال شەرىئەت تەلەپ قىلغان شەكىلدە كىيىنىشكە قادىر تۇرۇپ ئۇنداق كىيىنمىگەن بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۇ ئايالغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا ئىجرا قىلىش ھەققى بار. ئەمما ئۇ ئايال كېسەللىك ياكى ھەجگە ئېھرام باغلىغانلىق، ياكى ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقى سەۋەبى بىلەن شەرىئەت ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلغان شەكىلدە كىيىنمىگەن بولسا، بۇ هالدا ئەرنىڭ ئۇ ئايالغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى ئىجرا قىلىش ھەققى يوق. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئەر ئايالىنى كىيىم ـ كېچەكنى ئەرلەرگە ئوخشاش كىيىشكە ياكى يىڭنە چەكتۈرۈشكە بۇيرىغان ۋە ئايال ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى قىلمىغان بولسا، بۇ هالدىمۇ ئەرنىڭ ئۇنىڭغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى ئىجرا قىلىش ھەققى يوق. چۈنكى، بۇلار

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 3 ـ توم، 138 ـ بەت.

شەرىئەت ئاياللاردىن تەلەپ قىلغان ئىشلارنىڭ قاتارىدىن ئەمەستۇر.

ئەر، ئەرنىڭ رۇخسەتسىز ئۆيدىن ئورۇنسىز سەۋەب بىلەن چىققان ئايالغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى ئىجرا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىشتىكى سەۋەب ئورۇنلۇق ۋە توغرا بولسا، ئايالنىڭ ئۆيدىن ئەرنىڭ رۇخسەتسىز چىقىش ھەققى بار. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئەر ئايالنى تۆشەككە چاقىرغان، ئايال ھەيزدار ئەمەس ۋە پەرز روزا تۇتۇۋاتماغلىق تۇرۇپ تۆشەككە بېرىشتىن باش تارتقان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئەر ئۇ ئايالغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى بېرىدۇ.

ئەگەر ئايال كىچىك بالىسىنى ئۇ بالا يىغلىغان ۋاقىتتا ئۇرغان ياكى ئۇنى ھەي ئىشەك! دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن تىللىغان[1] ياكى ئۇ بالىغا بەت دۇئا قىلغان ياكى ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يىرتىۋاتقان ياكى ئۇ بالىغا ئاۋازىنى يات ئادەم ئاڭلاپ قالغۇدەك دەرىجىسىدە ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىغان ياكى يات ئادەمنىڭ ئالدىدا يۈزىنى ئاچقان ياكى يات ئادەمگە (ئورۇنسىز) گەپ قىلغان ياكى ئېرىنى تىللىغان، ياكى ئادەتتە ئېرىنىڭ رۇخسەتسىز بېرىلمەيدىغان بىرەر نەرسىنى پېقىرغا سەدىقە قىلىپ بەرگەن بولسا[2]، ئۇ ئايالغا ئېرى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى قوللىنىدۇ. لېكىن ئەر، بۇ ھالەتلەردە مەزكۇر جازانى ئايالغا، ئايالدىن مەزكۇر ئىشلار تۈنچى قېتىم كۆرۈلۈشى بىلەنلا ئىجرا قىلمايدۇ. ئەگەر مەزكۇر ئىشلارنىڭ بىرى بىر ئايالدىن تۈنچى قېتىم كۆرۈلگەن چاغدا، ئەر ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىدۇ. ئايال نەسىھەتنى قوبۇل قىلسا، ئىش شۇ بويىچە بولىدۇ. ئەگەر ئايال نەسىھەتنى قوبۇل قىلمىسا، ئاندىن ئەر ئۇنىڭغا مەزكۇر جازانى قوللىنىدۇ. چۈنكى، اللە تائالا مۇنداق دېدى: «سىلەر سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئايالىلارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار. ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار. اللە

(1) ئەسلىدە ھەي ئىشەك، ياكى ھەي ئىت دېگەندەك سۆزلەرگە ئوخشاش سۆزلەر بىلەن بىر ئادەمنى تىللىغان كىشىگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلمەيدۇ. ئەمما بۇ يەردە ئۇ ئايالغا جازا بېرىلىشى يىغلاپ تۇرغان كىچىك بالىنى شۇ سۆزلەر بىلەن تىللىغان بولغانلىقى ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن. ت.

(2) مەسىلەن: بىر ئايالنىڭ بىر پېقىرغا **4** ياكى **5** سوم پۇل بېرىشى ئادەتتۇر. شۇڭا بىر ئايال ئېرىنىڭ رۇخسەتسىز پېقىرغا **4** ياكى **5** سوم پۇل بەرسە، بولىدۇ. ئەمما ئايالنىڭ بىر پېقىرغا **50** سوم ياكى **100** سوم پۇل بېرىشى ئادەت ئەمەس. شۇڭا بىرەر پېقىرغا **50** ياكى **100** سوم پۇل بەرمەكچى بولغان ئايال ئۇ پۇلنى بېرىش ئۈچۈن ئېرىدىن رۇخسەت ئېلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئايال ئۇ پۇلنى ئېرىنىڭ رۇخسەتسىز بەرگەن بولسا، ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى بېرىش ھەققى بار. ت.

ھەقىقەتەن سىلەردىن ئۈستۈندۇر، بۈيۈكتۇر (الله ئاياللارغا زۇلۇم قىلغانلىنى جازالايدۇ)[1] »

ئايال ئۆتكۈزۈپ سالغان ۋە ھەققىدە جازا توختۇتۇلمىغان خاتا ئىشلار ئۈچۈن ئۇ ئايالنىڭ ئېرى ئۇ ئايال ئۈچۈن ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى ئىجرا قىلىدۇ. ئەگەر ئايال ئەردىن ئۆزىنىڭ نەپىقىسىنى ياكى ئېلىپ بېرىشكە تېگىشلىك بولغان كىيىم - كېچەكنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ۋە بۇنىڭدا چىڭ تۇرىۋالغان بولسا، بۇ ھالدا ئەرنىڭ ئۇنىڭغا مەزكۇر جازانى بېرىش ھەققى يوق. چۈنكى، بۇلارنى تەلەپ قىلىش ئايالغا بېرىلگەن ھەقتۇر.

ئەرنىڭ ناماز ئوقۇمايدىغان ئايالنى ئۇرۇش ھەققى بار. چۈنكى، ئەر ئايالنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇشقا بۇيرۇلغاندۇر ۋە بۇنىڭدىن ھېساب سورۇلىدۇ. چۈنكى، الله تائالا مۇنداق دېدى: «(ئى مۇھەممەد!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزەڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىداملىق بولغىن، سەندىن بىز رىزىق تەلەپ قىلمايمىز. ساڭا بىز رىزىق بېرىمىز، ياخشى ئاقىۋەت پەقەت تەقۋادارلارغا خاستۇر[2] » ئايەتتىكى <ئائىلەڭدىكىلەرنى> دېگەن سۆزدىن ئۆيدە ئەر بىلەن ياشايدىغان بارلىق ئادەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەر يەنە گەرچە ناماز پەرز بولمىسىمۇ ناماز ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈش ئۈچۈن كىچىك بالىسىنىڭ ناماز ئوقۇشىغا ھەيدەكچى بولۇشقا بۇيرۇلغاندۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «باللىرىڭلار يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇلارنى نامازغا بۇيرۇڭلار، ئون ياشقا كىرگەندە ناماز ئوقۇمىسا ئۇلارنى ئۇرۇڭلار ۋە ياتىدىغان جايىنى ئايرىم قىلىڭلار.[3] »

## كىچىك بالىغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى بېرىشنىڭ بايانى

بالىنىڭ كىچىك بولغانلىقى ئۇنىڭغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى ئىجرا قىلىشقا توسالغۇ بولالمايدۇ. شۇڭا كىچىك بالىلارغىمۇ ئەدەپلەش

(1) سۈرە نىسا 34 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە تاھا 132 - ئايەت.

(3) بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى.

يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا ئىجرا قىلىنىدۇ.

س: كىچىك بالا بىر ئاز ئەقلىگە كەلگەن ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇلامدۇ، ياكى خۇددى نامازنى ئوقۇمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇلغىنىدەك ئون ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا ئۇرۇلامدۇ؟

ئەگەر كىچىك بالا ئالىم بىر كىشىنى تىللىسا، ئۇنىڭغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا ئىجرا قىلىنىدۇ. مانا بۇ ئەگەر كىچىك بالا بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئالاقىدار بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قالسا، ئۇنىڭغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەمما كىچىك بالا زىنا قىلغانغا ياكى ئوغرىلىق قىلغانغا، ياكى ھاراق ئىچكەنگە ئوخشاش الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئالاقىدار بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قالسا، ئۇنىڭغا كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن جازا بېرىلمەيدۇ.

كىچىك بالا، ئەگەر ناماز ئوقۇمىسا، ياكى روزا تۇتمىسا، بالىنىڭ دادىسى ئۇنى ئۇرىدۇ. بۇ ھالدا ئانىنىڭمۇ ئۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە كىچىك بالىغا قاراشقا ۋەسىيەت قىلىنغان ئادەمنىڭمۇ ئۇ بالىنى ئۇرۇش ھوقۇقى بولىدۇ. كىچىك بالىدىن بالاغەتكە يەتمىگەن بالا مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەمما بالاغەتكە يەتكەن چوڭ بالىنىڭ ئەھۋالى خۇددى يات ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

بىر دادىنىڭ، بالىسىنىڭ قۇرئان، ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ئۇنى مەجبۇرلاش ھەققى بار. چۈنكى، بۇلارنى بالىغا ئۆگىتىش ئاتا ـ ئانىغا پەرزدۇر. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەمنىڭ (ئۆگەنسۇن ۋە قىلسۇن، دەپ) ئۆز بالىسىنى ئۇرغان ئىشلاردا دادىسى يوق يېتىم بالىنى (ئۇ ئىشلارنى ئۆگەنسۇن ۋە قىلسۇن، دەپ) ئۇرۇش ھوقۇقى بار.

ئەگەر بىر بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرەر يامان ئىش قىلىپ سالغانلىقىنى كۆرۈپ قالسا، ئۇ بالا ئۇلارنى بىر قېتىم (ئۇ يامان ئىشنى تاشلاشقا) بۇيرۇيدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلسا، بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش بولىدۇ. ئەگەر قوبۇل قىلمىسا، ئۇ بالا ئۇ ئىككىسىگە تەكرار بۇ ھەقتە سۆز ئاچمايدۇ. ئەمما ئۇ ئىككىسىگە دۇئا قىلىدۇ ۋە گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى

تىلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ بالىنى غەمگە سالغان ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا اللە تائالا يېتەرلىكتۇر.

بىر ئادەم بىر كىشىنى ئۆزىنىڭ ھۆر بالىسىنى ئۇرۇشقا بۇيرۇسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ بالىنى ئۇرۇشى توغرا ئەمەس. ئەمما ئۇ ئادەم بالىسىنىڭ ئۇستازىغا بالىسىنى ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلسا، بالىنىڭ ئۇستازى ئۇ بالىنى ئۇرالايدۇ. چۈنكى، ئۇستاز ئۇ بالىنى بالىنىڭ دادىسىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۇرۇپ ئۇرىدۇ. ئۇستازنىڭ بالىنى ئۇرۇشى بالا ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. بۇ، ئەگەر ئۇستاز بالىنى قاتتىق ئۇرمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

# ئەدەپلەش ئۈچۈن ئۇرۇشنىڭ ۋە قاتتىق ئۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا تۆلەم تۆلەيدىغانلىقنىڭ بايانى

ھاكىم بىر كىشىگە جازا، ياكى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىش ئۈچۈن ئۇنى ئۇرغان، ئاندىن ئۇ كىشى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ قېنى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ، ئىمام مالىكنىڭ ۋە ئىمام ئەھمەدنىڭ كۆز قارىشىدا سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. يەنى ھاكىمنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. ئەمما ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇنىڭ قېنى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ» دەيدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ قېنى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ، دېگۈچىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر: چۈنكى، ھاكىم جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەمگە جازانى، ياكى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇلغان ئادەمدۇر. ھاكىم ئۆزى بۇيرۇلغان ئىشنى قىلىپ بىر جىنايەتچىگە جازا، ياكى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بەرسە، جىنايەتچىنىڭ ساق ـ سالامەت قېلىشى شەرت ئەمەس. لېكىن، ئۇرۇلغان كىشى ئايال بولۇپ ئۇنىڭغا جازا بەرگەن ئادەم ئۇنىڭ ئېرى بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايالنىڭ ساق ـ سالامەت قېلىشى شەرت. بىز يۇقىرىدا ئەرنىڭ ئايالىنى ئۇنىڭغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى بېرىش ئۈچۈن ئۇرسا بولىدىغان بىر نەچچە ئىشلارنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئەر مەزكۇر ئىشلارنىڭ بىرىدە ئايالىنى ئۇرغان بولسا، ئايالىنىڭ ساق ـ سالامەت قېلىشى شەرتتۇر. (شۇڭا بىر ئەر ئەگەر ئايالىغا

ئەدەپلەش يۇزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى بېرىمەن، دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۇ ئەرگە ئايالنىڭ دىيىتىنى بېرىش لازىم). مانا بۇنىڭدىن ئەسلىدە ئەرگە ئايالنى ئۇرۇشنىڭ ۋاجىپ بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. الله تائالا ئايالنى ئۇرغان ۋاقىتتا، ئۇنى قاتتىق ئۇرماسلىق ھەققىدە مۇنداق دېدى: «سىلەر سەركەشلىك قىلىشلىرىدىن قورقىدىغان ئاياللارغا نەسىھەت قىلىڭلار، (بۇ ئۈنۈم بەرمىسە) بىر تۆشەكتە بىللە ياتماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار.[1]» بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىدە سۆزلىگەن خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەن: «سىلەر ئاياللار توغرىسىدا الله تائالادىن قورقۇڭلار، سىلەر ئۇلارنى الله نىڭ ئامانىتى ئورنىدا ئەمرىڭلارغا ئالدىڭلار ۋە ئۇلارنى (الله نىڭ ئاياللارنى ئېلىشنى دۇرۇس قىلىپ بەرگەن) سۆزى بىلەن ئۆزەڭلارغا ھالال قىلدىڭلار. سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھەققىڭلار، ئۇلار تۆشەكلىرىڭلارغا سىلەر يامان كۆرىدىغان كىشىلەرنى يولاتماسلىقتۇر. (يەنى ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆيلىرىڭلارغا سىلەر يامان كۆرىدىغان يامان كىشى مەيلى ئايال بولسۇن، ياكى ئەر بولسۇن باشلىمىسۇن)، ئەگەر ئۇلار شۇ ئىشنى قىلىپ سالسا، سىلەر ئۇلارنى قاتتىق ئۇرماي بوشراق ئۇرۇڭلار...»[2] يەنى سىلەر ئاياللارنى ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرەر ئەزالىرىنى سۇندۇرۇۋەتكىدەك ۋە ئۇلارنىڭ جىسمىدا ئىز قالدۇرۇپ قويغىدەك دەرىجىدە قاتتىق ئۇرماي بوشراق ئۇرۇڭلار.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايال كىشىنى ھېچبىر ۋاقىت ئۇرغان ئەمەس ۋە ساھابىلىرىنىمۇ ئاياللارنى ئۇرماسلىققا رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دەيتتى: «بىرەرسىڭلار ئايالىنى خۇددى قۇلىنى ئۇرغاندەك ئۇرمىسۇن. ئۇ كىشى شۇ كېچىسىلا ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.»[3]

ئەگەر بىر ئايال ئېرىنىڭ ئۆزىنى قاتتىق ئۇرۇپ بىرەر ئۇستىغىنىنى سۇندۇرۇۋەتكەنلىكىنى ياكى تىرىسىنى تىلىۋەتكەنلىكىنى، ياكى تېنىنى كۆكەرتىۋەتكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە ئەرنىڭ ئۇنى شۇنداق ئۇرغانلىقى ئىسپاتلانغان بولسا، ئەرگە ئەدەپلەش يۇزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ.

(1) سۇرە نىسا 34 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئالىملار يەنە مۇنداق دېدى: «ئەگەر بىر ئەر ئايالىنى، ئۇنى ئۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنلۇق بىرەر سەۋەب يوق تۇرۇپ ئۇرغان بولسا، ئەر ئايالنى قاتتىق ئۇرمىغان بولسىمۇ يەنە ئۇنىڭغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ.

ئەگەر ئۇستاز كىچىك بالىنى قاتتىق ئۇرغان بولسا، ئۇستازغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىچىك بالا (ئۇستازىنىڭ ئۇنى ئۇرغانلىق سەۋەبى بىلەن) ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇستاز ئۇنىڭ دىيىتىنى تۆلەيدۇ. بىز ئالدىمىزدا الله تائالا خالىسا بىلىم ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەمەس ئەدەپلەش يۈزىسىدىن ئۇرۇش ئۈچۈن تۆلەم تۆلەيدىغانلىق توغرىسىدىكى مەزمۇننى بايان قىلىپ ئۆتىمىز. ئەمما بىر بالىنى ئۇرۇش مەيلى ئۇنىڭغا بىلىم ئۆگىتىش ئۈچۈن بولسۇن، مەيلى ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بولسۇن، نورمال ھالەتتىن ئېشىپ كەتسە، بۇ ئۇرۇشنىڭ تۆلىمىنى تۆلەش لازىم.

(ئوچۇق سۆز بىلەن ئەمەس) كىنايە قىلىپ تۆھمەت چاپلىغان ئادەمگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ[1]. مەسىلەن: بىر ئادەم بىر كىشىگە: «مەن زىناخور ئەمەس» دېگەن بولسا، ئۇ ئادەم بۇ سۆزى بىلەن ئۇ كىشىگە كىنايە سۆز بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى: (مەن زىناخور ئەمەس) ئەكسىچە سەن زىناخورسەن، دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ سۆز بىلەن تۆھمەت چاپلىغان ئادەمگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەمما تۆھمەتنىڭ جازاسى ئىجرا قىلىنمايدۇ.

# نادان دوختۇرغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىشنىڭ بايانى

دوختۇرلۇقتىن خەۋىرى يوق ئادەمنىڭ كېسەل داۋالىشى گۇناھتۇر. ئەگەر دوختۇرلۇقتىن خەۋىرى يوق كىشىنىڭ داۋالىغان كېسەل ئادىمى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشىگە ئادەم ئۆلتۈرگەننىڭ گۇناھى بولىدۇ.

ئەلختابىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئالىملار ئارىسىدا بىر ئادەمنى داۋالىغان دوختۇر، ئەگەر ئۇ ئادەمگە دۈشمەنلىك قىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ دوختۇرغا ئۇ ئادەمنىڭ

(1) ئەمما تۆھمەت ئۇچۇق سۆز بىلەن بولسا، تۆھمەت چاپلىغان ئادەمگە تۆھمەتنىڭ جازاسى ئىجرا قىلىنىدۇ. ت.

دىيىتىنى بېرىش لازىملىقىدا ھېچبىر ئىختىلاپنىڭ بارلىقىنى كۆرمىدىم. مەيلى سۆز بىلەن بولسۇن[1]، مەيلى ئەمەلىيەت بىلەن بولسۇن[2]، قانداق داۋالاشنى بىلمەي تۇرۇپ ئادەم داۋالىغان دوختۇر ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلغان ھېسابلىنىدۇ. يەنى قانداق داۋالاشنى بىلمەي تۇرۇپ بىر ئادەمنى داۋالىغان كىشىنىڭ ئۇنى داۋالىغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ كىشىگە ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىش لازىم. ئەمما ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى كېسەل ئادەمنى، ئۇ ئادەمنىڭ رۇخسىتىسىز داۋالىيالمايدۇ. (يەنى ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنى، ئۇ ئادەمنىڭ رۇخسىتى بىلەن داۋالىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. ئۇ كىشىگە پەقەت ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىش لازىم).

ئەلخىتابىي: <قانداق داۋالاشنى بىلمەي تۇرۇپ بىر ئادەمنى داۋالىغان كىشىنىڭ ئۇنى داۋالىغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ قالغان بولسا> دېگەن سۆزىدىن، ئۇ كىشى كېسەل ئۇ ئادەمنى، ئۇنىڭدىن (داۋالاش ئۈچۈن) قان ئالغانغا ياكى داغلىغانغا ياكى ئوپېراسسىيە قىلغانغا ئوخشاش ئۆز قولى بىلەن داۋالىغانلىقنى كۆزدە تۇتىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بىر كىشىنىڭ سۆزى ئارقىلىق داۋالانغان[3] ۋە شۇ سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم، ئۇ كىشىنىڭ ئۇنى داۋالىغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى، دەپ قارالمايدۇ. بۇ، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ كېتىپ ئۆزىنى ئۆزى داۋالىغانلىقنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى، دەپ قارىلىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ھۆكمى خۇددى بىر ئىنسانىنى ئالداپ ئۇنىڭغا: «يولدا (ئادەمگە ئېتىلىدىغان) شىر ياكى تۆگە ياكى ئىت، ياكى كىشىلەرنى ئۆلتۈرىدىغان بۇلاڭچىلارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ بۇ يول بەك خاتىرجەم» دېگەن ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. ئۇ ئىنسان بۇ ئادەمنىڭ (بۇ يول خاتىرجەم دېگەن) سۆزىگە ئىشىنىپ شۇ يول بىلەن ماڭغان، ئاندىن ئۇ ئىنسان ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى بۇلاپ تالانغان بولسا، ئۇنىڭغا (بۇ يول خاتىرجەم) دەپ ئۇنى ئالدىغان ئادەمدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. ئۇ ئادەمگە ئۇ ئىنساننىڭ جېنى ۋە مال ـ مۈلكى ئۈچۈن ھېچبىر نەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ ئىنسانغا

(1) يەنى سىز بۇ كېسەللىكنى ئۈچۈن مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارنى قىلىڭ، دېگەنگە ئوخشاش. ت.

(2) مەسىلەن: بىر يېرىنى داغلىغانغا، ياكى ئوپېراتسىيە قىلغانغا ئوخشاش.

(3) يەنى مەسىلەن: سىز بۇ كېسەللىكنى ئۈچۈن مۇنداق ـ مۇنداق ئىشلارنى قىلىڭ، دېگەنگە ئوخشاش. ت.

كەلگەن زىيانغا بىر ۋاستىدۇر. ئۇ ئادەم ئۇ زىياننى ئۆزى قول تىقىپ قىلمىدى، ياكى ئۇ ئىنساننى شۇ يول بىلەن مېڭىشقا مەجبۇرلىمىدى. لېكىن ئۇ ئادەم (ئۇنى ئالدىغانلىقى ئۈچۈن) گۇناھكار بولىدۇ. گۇناھكار ھەر بىر ئادەمنىڭ (قارشى تەرەپكە كەلگەن زىيان ئۈچۈن) بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس.

بىز يۇقىرىدا ھاكىمنىڭ، ياكى قازىنىڭ كىشىلەرگە ھېلە ئۆگىتىدىغان ئەخلاقسىز مۇفتىغا ۋە ئادەم داۋالاشتىن خەۋىرى يوق دوختۇرغا ۋە تىببىقا چەكلىمە قويۇشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. دىنغا ۋە تەنگە زىيان كەلتۈرىدىغان بۇ خىلدىكى كىشىلەرگە چەكلىمە قويۇش خۇسۇسىي كىشىلەرگە ۋە ئومۇمغا كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر. بۇنداق قىلىش ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئەمرى ئىبنى شۇئەيب چوڭ دادىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «دوختۇرلۇقتىن خەۋىرى يوق ئادەم (كېسەل) داۋالىغان (ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېسەلگە بىرەر زىيان كەلگەن بولسا)، ئۇ دوختۇر ئۇنى تۆلەيدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلدى ۋە ئۇ: «بىز بۇ ھەدىسنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىس، ياكى ئۇنداق ھەدىس ئەمەسلىكىنى بىلمەيمىز» دېدى. بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئەبۇداۋۇد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزدىن رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىس ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز مۇنداق دەيدۇ: بىر توپ ئادەم دادامنىڭ قېشىغا كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دوختۇرلۇقتىن خەۋىرى يوق ئادەم كېسەل كىشىلەرنى داۋالىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم كېسەل كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇلارغا يەتكۈزگەن زىياننى تۆلەپ بېرىدۇ» دېگەن ئىدى، دېيىشتى. دادام ئابدۇلئەزىز: «دوختۇر ئادەمنىڭ كېسەل كىشىلەرگە سالغان زىيىنىدىن ئۇلارنى سۆز ئارقىلىق داۋالاش بىلەن ئەمەس تۇمۇرىنى كەسكەنگە، يېرىڭداپ قالغان ئورۇنلارنى كەسكەنگە ۋە داغلىغانغا ئوخشاش ئۇلارنى ئۆز قولى بىلەن داۋالاپ ئۇلارغا سالغان زىيان كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دېدى. يەنى بۇ ھالدا ئۇ دوختۇر ئۇلارغا سالغان زىيىنى تۆلەپ بېرىدۇ.[1]

[1] «ئىئلامۇلمۇۋەققىئىن»، 18 ـ توم، 231 ـ بەت.

# ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ ۋە تەۋبىنىڭ بايانى

ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا خۇددى ھەقىقىي جازالارغا ئوخشاش تەۋبە قىلىش ئارقىلىقمۇ چۈشۈپ كەتمەيدۇ. شۇڭا (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىر، ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى لازىم قىلىدىغان بىرەر جىنايەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا يەنە ئۇ جازا بېرىلىدۇ. بۇ، ئەگەر ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بەندىلەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئالاقىدار ئىشلار ئۈستىدە ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتنىڭ جازاسى بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ جازا الله تائالانىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئالاقىدار ئىشلار ئۈستىدە ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەتنىڭ جازاسى بولسا، بۇ ھالدا ئۇ جازا تەۋبە قىلىش ئارقىلىق چۈشۈپ كېتىدۇ.

ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا ئىجرا قىلىنىدىغان ئادەم، ئەگەر سالاپەتلىك ۋە ئېسىل ئادەم بولسا، ئۇنىڭغا بۇ جازا ئىجرا قىلىنمايدۇ» دەيدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىنمۇ بىر قىسىم فىقھشۇناسلار ئىمام شافىئىينىڭ مەزكۇر سۆزىگە قېتىلىپ: «ئەگەر جىنايەت ئۆتكۈزدى، دەپ ئۈستىدىن دەۋا قىلىنغان ئادەم ئېسىل ۋە سالاپەتلىك ئادەم بولغان ۋە ئۇنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ سېلىشى تۇنجى قېتىم بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنى تۈرمىگە تاشلىماسلىق ۋە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى ئىجرا قىلماسلىق ياخشىدۇر» دېدى. بۇ ھەقتە ھەسەن (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر ھەقىقىي جازانى (لازىم قىلىدىغان خاتالىقلاردىن) باشقا خاتالىقلاردا ئېسىل ئادەملەرنى جازالىماڭلار.»

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <ئەلفەتاۋا ئەلفىقھىيەتى> دېگەن ئەسەردە مۇنداق دېدى: بۇ ھەدىس بىر بۆلۈك ساھابىلەردىن خىلمۇ ـ خىل شەكىل بىلەن رىۋايەت قىلىندى. ئۇ شەكىللەرنىڭ بىرى بولسا: «سىلەر ئېسىل ئادەملەرنىڭ ھەقىقىي جازانى (لازىم قىلىدىغان خاتالىقلاردىن) باشقا خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىڭلار» دېگەن شەكىلدۇر. ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئېسىل ئادەملەردىن بۇرۇن بىرەر قېتىممۇ يامانلىق قىلىپ باقمىغان ۋە (تاسادىپىي) بىر جىنايەت

ئۆتكۈزۈپ سالغان ئادەملەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دېدى. بۇلار چوڭ گۇناھ ئەمەس كىچىك گۇناھ ئۆتكۈزۈپ سالىدىغان ئادەملەردۇر، دېگەن قاراشمۇ بار. بۇلاردىن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ بولغىچە تەۋبە قىلىدىغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن قاراشتىكىلەرمۇ باردۇر. بۇ قاراشلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنچى قاراش (يەنى ئىمام شافىئىينىڭ دېگەن سۆزى) توغرا دەپ قارىلىدۇ. بۇلارنى شەيخ ئىبنى ئابىدىن (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بايان قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئىلاۋە قىلىپ مۇنداق دېدى: «ھەنەفىي مەزھەپىدىكى ئىماملارنىڭ سۆزلىرىدىنمۇ (ئېسىل ئادەملەردىن) بۇرۇن بىرەر قېتىممۇ يامانلىق قىلىپ باقمىغان ۋە (تاسادىپىي) بىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ سالغان ئادەملەرنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.[1] لېكىن، الله تائالانىڭ: «تەقۋادار كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا، الله نى ئەسلەيدۇ ـ دە، ھەقىقەتنى كۆرۈۋېلىپ، (شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) خالاس تاپىدۇ[2]» دېگەن ئايىتى ئۈچىنچى قاراشتىكىلەرنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۈچلەندۈرىدۇ. يەنى ئۇ تەقۋادار كىشىلەر الله تائالانىڭ بۇيرۇقىنى ۋە چەكلىمىلىرىنى ئەسلەيدۇ ـ دە قىلىۋاتقان خاتالىقلىرىنى داۋاملاشتۇرماستىن تەۋبە قىلىشقا ئالدىرايدۇ. الله تائالا بۇ خىلدىكى كىشىلەرنى مەدھىيەلەپ مۇنداق دېدى: «تەقۋادارلار يامان بىر گۇناھ قىلىپ قالسا ياكى ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلسا الله نى ياد ئېتىدۇ. گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، گۇناھنى كەچۈرىدىغان الله دىن باشقا كىم بار؟ ئۇلار قىلمىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرمايدۇ[3]»

## مال ـ مۈلۈكنى ئېلىۋېلىش بىلەن جازالاشنىڭ ھاراملىقىنىڭ بايانى

بۇ كۈنۈمىزدە مال ـ مۈلۈكنى مۇسادىر قىلىۋېلىش، دەپ ئاتىلىدۇ. <ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «ھەنەفىي مەزھەپىدە (بىر ئادەمگە) ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىش بىلەن جازا بېرىش توغرا ئەمەس. بۇنداق قىلىش توغرىدۇر، دېگەن قاراشمۇ بار. يەنى جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەم تاكى قىلمىشىدىن قايتقانغا قەدەر ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى قازى ساقلايدۇ ۋە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 191 ـ بەت.

(2) سۈرە ئەئراف 201 ـ ئايەت.

(3) سۈرە ئالى ئىمران 135 ـ ئايەت.

**ئۇ ئادەم تەۋبە قىلىپ قىلمىشىدىن قايتقاندىن كېيىن مال ئۇنىڭغا تەكرار قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەگەر قازى ئۇ ئادەمنىڭ تەۋبە قىلىپ قىلمىشىدىن قايتىشىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتسە، ئۇ مالنى ئۆزى ياخشى، دەپ قارىغان بىرەر يەرگە ئىشلىتىدۇ. <ئەلمۇجتەبا> دېگەن كىتابتا: بىر ئادەمگە ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىر قىلىپ جازا بېرىش ئىسلام دىنىنىڭ باشلىنىش دەۋرىدە يولغا قويۇلغان هۆكۈم بولۇپ كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئىدى، دەپ بايان قىلىنغان» دېدى.**

**ئىبنى ئابىدىن <ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورىنىڭ مەزكۇر سۆزىگە ئىلاۋە قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئاپتۇر <ھەنەفىي مەزهەپىدە (بىر ئادەمگە) ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىش بىلەن جازا بېرىش توغرا ئەمەس> دېدى. كامال ئىبنى هۇمامنىڭ <پەتهۇلقەدىر> دېگەن ئەسىرىدە ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ: هاكىمنىڭ (بىر ئادەمنىڭ) مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى ئىجرا قىلىشى توغرىدۇر، دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى. ئەمما ئەبۇهەنىفە، مۇهەممەد، مالىك، شافىئىي ۋە ئەهمەد ئىبنى هەنبەل قاتارلىق ئىماملار (الله تائالا ئۇلارغا رەهمەت قىلسۇن!): بىر ئادەمگە، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىش ئارقىلىق ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى ئىجرا قىلىش توغرا ئەمەس، دەيدۇ. <ئەلمىئراج> دېگەن ئەسەردىمۇ شۇنداق بايان قىلىندى. بۇ هەقتە توغرىسى ئىمام ئەبۇيۇسۇفتىن رىۋايەت قىلىنغان قاراش بولسا، ئاجىز دەپ قارالغان رىۋايەتتۇر. <ئەلشەرەنبىلالىيە> دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورى (الله تائالا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!): ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ مەزكۇر سۆزى بىلەن پەتىۋا بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ سۆزى زالىم باشلىقنىڭ كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىپ يېۋېلىشقا يول ئاچىدۇ، دېدى. <ئەلبەزازىيە> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى: ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ مەزكۇر سۆزىنىڭ مەنىسى: جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەم تاكى قىلمىشىدىن قايتقانغا قەدەر ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى قازى ساقلايدۇ ۋە ئۇ ئادەم تەۋبە قىلىپ قىلمىشىدىن قايتقاندىن كېيىن مالنى ئۇنىڭغا تەكرار قايتۇرۇپ بېرىدۇ. هاكىم ئۇ مال ـ مۈلۈكلەرنى خۇددى زالىم باشلىقلار گۇمان قىلغىنىدەك ئۆزى ياكى دۆلەتنىڭ خەزىنىسى ئۈچۈن ئېلىۋالمايدۇ. چۈنكى، بىر مۇسۇلماننىڭ بىر كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىشنى) شەرىئەت قوبۇل قىلىدىغان بىر سەۋەب بولماستىن ئېلىۋېلىشى توغرا ئەمەس، دەيدۇ.**

<ئەلمۇجتەبا> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى: ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھاكىم بىر ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىر قىلماقچى بولسا، قانداق مۇسادىر قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلمىدى. شۇڭا مەن (ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ مەزكۇر سۆزىنىڭ مەنىسى مۇنداق بولىدۇ، دەپ قارايمەن): قازى ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى تاكى ئۇ تەۋبە قىلىپ قىلمىشىدىن قايتقانغا قەدەر ساقلايدۇ. ئەگەر قازى ئۇ ئادەمنىڭ تەۋبە قىلىپ قىلمىشىدىن قايتىشىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتسە، ئۇ مالنى ئۆزى ياخشى، دەپ قارىغان بىرەر يەرگە ئىشلىتىدۇ، دېدى. <شەرھۇلئەسار> دېگەن كىتابتا: بىر ئادەمگە ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىر قىلىپ جازا بېرىش ئىسلام دىنىنىڭ باشلىنىش دەۋرىدە يولغا قويۇلغان ھۆكۈم بولۇپ كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئىدى، دەپ بايان قىلىندى. خۇلاسە: ھەنەفىي مەزھەپىدە بىر ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى ئىجرا قىلىش توغرا ئەمەس. شۇڭا ئەمەلدارلارنىڭ مال ـ مۈلۈك ئىگىلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىر قىلىۋېلىشى توغرا ئەمەس.»[1]

# قىساسنىڭ بايانى

## قىساس دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى

<قىساس> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى مەنا جەھەتتىن: ئوخشاشلىق ۋە باراۋەرلىك، دېگەنلىك بولىدۇ.

<قىساس> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى ئىستىلاھ جەھەتتىن: جىنايەتچىنى، ئۇ ئۆتكۈزگەن جىنايەتنىڭ ئوخشىشى بىلەن جازالاش، دېگەنلىك بولىدۇ.

جىنايەتچى دېگەن سۆز مەنا جەھەتتىن: يامان بىرەر ئىشنى قىلغان ئادەمگە قويۇلغان ئىسىمدۇر.

ئۇ سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن: مال ـ مۈلۈككە ياكى جانغا ئۆتكۈزۈپ سېلىنغان بىر جىنايەتنىڭ ئىسمىدۇر. يەنى <جىنايەت> دېگەن سۆز ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە ئوخشاش جانغا ئۆتكۈزگەن ۋە بىرەر ئەزانى جاراھەتلەندۈرگەنگە

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 179 ـ بەت.

ئوخشاش جاندىن باشقا يەرلەرگە ئۆتكۈزگەن جىنايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز بۇ ھەقتە اللہ تائالا خالىسا ئالدىمىزدا توختۇلۇپ ئۆتىمىز.

# قىساسنىڭ يولغا قويۇلىشىنىڭ بايانى

قىساس قۇرئان كەرىم، سۈننەت ۋە ئالىملارنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق يولغا قويۇلدى. اللہ تائالا قىساسنى يولغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ. قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ، جىنايەتچىدىن دىيەتنى) چىرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم، (جىنايەتچىمۇ دىيەتنى) ياخشىلىقچە (يەنى كېچىكتۈرمەستىن، كېمەيتىۋەتمەستىن تولۇق) بېرىشى لازىم. بۇ (ھۆكۈم) پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن (سىلەرگە بېرىلگەن) يېنىكلىتىشتۇر ۋە رەھمەتتۇر. شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى دىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن)، چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن (يەنى قاتىلنى ئۆلتۈرگەن) ئادەم قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار (يەنى كىشى بىراۋنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردە ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن يانىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەممۇ ئۆلۈشتىن ساقلىنىپ قالىدۇ). (ناھەق قان تۆكۈشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن (قىساس يولغا قويۇلدى)[1]»

اللہ تائالا ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىلەرگە قىساس جازاسىنى ئىجرا قىلىشتىن جەمئىيەتكە خاتىرجەملىكنىڭ ۋە ئامانلىقنىڭ ئومۇملىشىدىغانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىدىغان ياخشى ئەسىرلەرنىڭ قالىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئى ئەقىل ئىگىلىرى! سىلەرگە قىساستا ھاياتلىق بار[2]»يەنى ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىلەرگە قىساس جازاسىنى ئىجرا قىلىش سىلەرگە، قىساس جازاسىنى ئىجرا قىلمايدىغان جەمئىيەتلەردە كۆرۈلىدىغان قورقۇنچ، ئەندىشە، پارا كەندىچىلىك ۋە ئۆلۈم بىلەن تەھدىد قىلىنىشتىن خالىي ۋە خاتىرجەم بىر

(1) سۈرە بەقەر 178 ــــ 179 ـ ئايەتلەر.

(2) سۈرە بەقەرنىڭ 179 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ھايات ئېلىپ كېلىدۇ.

الله تائالانىڭ مەزكۇر سۆزى پاساھەت ۋە بالاغەتتە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان سۆزدۇر. الله تائالانىڭ بۇ سۆزىنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەتتە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققانلىقى بولسا، الله تائالانىڭ بىر ئىشنى ئۇنىڭغا زىت كېلىدىغان بىر ئىش بىلەن ئىپادىلىگەنلىكىدىدۇر. الله تائالا قىساستىن ئىبارەت بۇ ھۆكۈمدە كاتتا بىر ھاياتنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن مەزكۇر ئايىتىدە <قىساستا> دېگەن مەنانى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزنى <القپاپ> دەپ ئەلىپ لام بىلەن <ھاياتلىق> دېگەن مەنانى ئىپادىلەپ بېرىدىغان سۆزنى <چياه> دەپ ئەلىپ لامسىز كەلتۈردى. چۈنكى، بىراۋنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەم ئۆزىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلسە، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن ۋازكېچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىساس جازاسى ئىككى ئادەمنىڭ ھايات قېلىشقا سەۋەب بولغان بولىدۇ. يەنە كېلىپ (ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدە) ئەرەبلەر ئۆلتۈرۈلگەن بىر ئادەم ئۈچۈن قاتىلدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. ئەگەر بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدىن قىساس ئېلىنسا، قالغان ئادەملەر ئۆلتۈرۈلمەي ساق قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىساس ئۇلارنىڭ ھايات قېلىشىغا سەۋەب بولغان بولىدۇ.[1]

الله تائالا قىساس ھەققىدە يەنە مۇنداق دېدى: «ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) غا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ)، كۆزگە كۆز (يەنى كىشىنىڭ كۆزىنى ناھەق قۇيۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى قۇيۇۋېتىلىدۇ)، بۇرۇنغا بۇرۇن (يەنى كىشىنىڭ بۇرنىنى ناھەق كەسكەننىڭ بۇرنى كېسىلىدۇ)، قۇلاققا قۇلاق (يەنى كىشىنىڭ قۇلىقىنى ناھەق كەسكەننىڭ قۇلىقى كېسىلىدۇ)، چىشقا چىش (يەنى كىشىنىڭ چىشىنى ناھەق تۆككەننىڭ چىشى تۆكۈلىدۇ) ۋە (كىشىنى) قانداق يارىدار قىلغان بولسا شۇنداق يارىدار قىلىنىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ، كىمكى (جىنايەتچىنى) ئەپۇ قىلسا (يەنى ئۇنىڭدىن قىساس ئالمىسا) بۇ ئۇنىڭ (گۇناھى) غا كەففارەت بولىدۇ، الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر[2]» مانا بۇ ئايەت جانغا ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئەزالارغا تاجاۋۇز قىلغان ئادەملەردىن قىساس ئېلىشنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

(1) <تەپسىر بەيداۋىي>، 1 ـ توم، 253 ـ بەت.

(2) سۈرە مائىدە 45 ـ ئايەت.

شۇنىڭدەك يەنە قىساس ھۆكۈمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بىلەنمۇ يولغا قويۇلدى. بۇ ھەقتە ئىبنى مەسئۇد (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «اللە تائالادىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوقلىقىغا ۋە مېنىڭ اللە تائالانىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق ئېيتقانلاردىن تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك كىشىدىن باشقا بىر مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش ھالال بولمايدۇ. (قېنىنى تۆكۈش ھالال قىلىنغان) ئۇ ئۈچ تۈرلۈك كىشى، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى، تۇرمۇشقا چىققىپ بولۇپ زىنا قىلغان كىشى ۋە ئىسلام دىنىنى تاشلاپ مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدىن چىقىپ كەتكەن كىشىدۇر.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىساس جازاسىنى ئەمەلىيەتتىمۇ ئىجرا قىلغان ئىدى. بۇ ھەقتە ئەنەس (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەدىنىدە زىبۇ ـ زىننەت بىلەن زىننەتلەنگەن بىر قىزچاق تېرىشىغا چىققان ئىدى، بىر يەھۇدى ئۇ قىزچاققا تاش ئاتتى. ئۇ قىزچاق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا چۈشۈپ قالغان ھالەتتە ئېلىپ كېلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سېنى پالانچى ئۆلتۈردىمۇ؟» دېدى. ئۇ قىزچاق: ياق، دەپ بېشىنى چايقىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(باشقا بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ) سىزنى پالانچى ئۆلتۈردىمۇ؟» دېدى. ئۇ قىزچاق: ياق، دەپ بېشىنى چايقىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچىنچى قېتىمدا: «(ئۇ يەھۇدىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ) سىزنى پالانچى ئۆلتۈردىمۇ؟» دېدى. ئۇ قىزچاق: ھەئە، دەپ بېشىنى لىڭشىتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چاقىرتتى. (ئۇ يەھۇدى گۇناھىنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بېشىنى ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا قىستاپ ئۆلتۈردى.[2]

## ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ ھارام قىلىنغانلىقىنىڭ بايانى

اللە تائالا ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىشنى قاتتىق ھارام قىلدى. ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ ھاراملىقى (مەجبۇرلىنىپ قالغان ۋاقىتتا) كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى سۆزلەشتىنمۇ ئېغىردۇر. يەنى بىز يۇقىرىدا كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قىلىشقا قاتتىق مەجبۇرلانغان ئادەمنىڭ ئۇ سۆزنى، دىلى ئىمان بىلەن ئارام تاپقان ھالەتتە تۇرۇپ تىلى بىلەن سۆزلىسە بولىدۇ، دەپ بايان قىلىپ ئۆتتۇق. يەنى كاپىرلىققا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى قىلىشقا قاتتىق مەجبۇرلانغان ئادەمنىڭ ئۇ سۆزنى، دىلى ئىمان بىلەن ئارام تاپقان ھالەتتە تۇرۇپ تىلى بىلەن سۆزلىشىگە رۇخسەت بار. ئەمما بىرەر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە مەجبۇرلانغان كىشىگە ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە رۇخسەت بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى قوتۇلدۇرۇش ئۈچۈن باشقىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى، ياكى ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ھالال ئەمەس. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: «سىلەر ئۆزەڭلارنى (يەنى بىر ـ بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر. كىمكى چەكتىن ئېشىپ ۋە زۇلۇم قىلىپ ئۇنى (يەنى الله چەكلىگەن ئىشلارنى) قىلىدىكەن، ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىمىز، بۇ الله غا ئاساندۇر[1]»

الله تائالانىڭ: «سىلەر ئۆزەڭلارنى (يەنى بىر ـ بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار» دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسى مۇنداق دېگەنلىك بولىدۇ: بىرىڭلار ـ بىرىڭلارنى ئۆلتۈرمىسۇن. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنىڭ ھۆرمىتى ئىسلام دىنىدىدۇر. بىر ئادەمنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشى ئۆزىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدىن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن قىساس ئېلىنىدۇ. ئايەتنىڭ مەنىسى ياكى مۇنداق دېگەن بولىدۇ: سىلەر ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار. چۈنكى، سىلەرنىڭ جىنىڭلار خۇددى بىر جانغا ئوخشاشتۇر. شۇڭا بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشى خۇددى پۈتۈن ئادەملەرنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «شۇ (يەنى قابىلنىڭ ھابىلنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى) سەۋەبتىن (تەۋراتتا) ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھۆكۈم قىلدۇقكى كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ، كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ، پەيغەمبەرلىرىمىز بەنى ئىسرائىلغا راستلا (شانلىق) مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ (بەنى ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ) تولىسى (كۇفرىدا، ئادەم ئۆلتۈرۈشتە)

(1) سۈرە نىسا 29 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى ۋە 30 ـ ئايەت.

زېمىندا ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن بولدى[1] »

مەزكۇر ئايەتنىڭ مەنىسى ياكى بىرىڭلار ئۆزىنى (زەھەر ئىچىۋالغانغا ياكى ئېسىۋالغانغا) ئوخشاش ئىشلار بىلەن ئۆلتۈرۈۋالمىسۇن، دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنى بىر ئادەمگە باشقا كىشىنى ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلغىنىغا ئوخشاش ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىمۇ ھارام قىلدى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: « كىمكى ئۆزىنى تىغ بىلەن ئۆلتۈرۈۋالغان بولسا، ئۇ قىيامەت كۈنى دوزاخنىڭ ئوتىدا مەڭگۈ قولىدىكى تىغنى ئۆزىنىڭ قورسىقىغا تىققىنىنى تەكرارلىغان ھالەتتە بولىدۇ. كىمكى زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالغان بولسا، ئۇ قىيامەت كۈنى دوزاخنىڭ ئوتىدا مەڭگۈ قولىدىكى زەھەرنى ئىچكىنىنى تەكرارلىغان ھالەتتە بولىدۇ. كىمكى تاغدىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلىۋالغان بولسا، ئۇ قىيامەت كۈنى دوزاخنىڭ ئوتىدا مەڭگۈ ئۆزىنى تاغدىن تاشلىغىنىنى تەكرارلىغان ھالەتتە بولىدۇ. »[2]

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى: « كىمكى يالغاندىن (ئۆزىنى) ئىسلام دىنىدىن باشقا دىندىمەن، دەپ قەسەم ئىچكەن بولسا، ئۇ دېگىنىدەك بولۇپ كېتىدۇ. كىمكى ئۆزىنى بىر نەرسە بىلەن ئۆلتۈرىۋالسا، ئۇ قىيامەت كۈنى شۇ نەرسە بىلەن ئازابلىنىدۇ. بىر ئادەمگە قولىدا يوق نەرسىنى نەزىر قىلىش لازىم ئەمەس. »[3]

ئۇرۇش ۋە جىھاد مەيدانىدىن باشقا يەرلەردە ئۆزىنى ئۆلۈمنىڭ سەۋەبلىرىگە توغرا قىلىش ئارقىلىق ئۆلۈپ كېتىشمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇداۋۇد ئەمرى ئىبنى ئاسنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن <سالاسىل> دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۇرۇشتا قاتتىق سوغۇق بىر كېچىسى ئېھتىلام بولۇپ قالدىم. بۇ چاغدا يۇيۇنسام توڭلاپ ئۆلۈپ كېتىشىمدىن قورقتۇم، شۇنىڭ بىلەن تەيەممۇم قىلىپ ھەمراھلىرىمغا بامدات نامىزىنى ئىمام بولۇپ ئوقۇپ بەردىم. ھەمراھلىرىم كېيىن بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دەپ بېرىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: « ئى ئەمرى! سەن ھەمراھلىرىڭغا جۇنۇب تۇرۇپ ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇپ بەردىڭمۇ؟ » دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مېنىڭ ئۇ كېچىدە يۇيۇنماسلىقىمنىڭ

(1) سۈرە مائىدە 32 ـ ئايەت.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرىپ كېيىن: «مەن الله تائالانىڭ: »سىلەر ئۆزەڭلارنى (يەنى بىر ـ بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر« دېگەن ئايىتىنى ئاڭلىغان ئىدىم» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈلۈپ كېتىپ ھېچنېمە دېمىدى.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئادەمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلمەيدۇ. بۇ ھەقتە جابىر ئىبنى سەمۇرە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى تىغ بىلەن ئۆلتۈرۈۋالغان بىر كىشىنىڭ (جىنازىسى) كەلتۈرۈلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىدى.»[1]

يەنى بىر جاننى ئۆلتۈرۈۋېتىش گۇناھى ئېغىر ۋە خەتىرى چوڭ ئىشتۇر. بۇ ھەقتە مۇئاۋىيە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالا كاپىر ھالەتتە ئۆلگەن ئادەمنىڭ ياكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمنىڭ گۇناھىدىن باشقا گۇناھلارنى كەچۈرۈشى مۇمكىن.»([2]) بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسىنى تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ تاشقىرى مەنىسمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېدى: »كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، الله نىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. الله ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ«[3]

# ئادەم ئۆلتۈرگەنلىك جىنايىتىدىن تەۋبە قىلىشنىڭ بايانى

مەزكۇر ئايەت ۋە ھەدىسلەر قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ مەڭگۈ دوزاختا قالىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھەم ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر.

بىر قىسىم ئالىملار (قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى مەڭگۈ دوزاختا

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) بۇ ھەدىسنى نەسائى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلدى. ھاكىم بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(3) سۈرە نىسا 93 ـ ئايەت.

قالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ گۇناھى كەچۈرۈلىدۇ، دېدى ۋە مەزكۇر ئايەتكە) مۇنداق جاۋابنى بەردى: «ئۇ ئايەتنىڭ بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرگەن كىشىگە ئۇ دەرىجىدە ئازاب بولىدىغانلىقنى بايان قىلىپ كېلىشى بىر جاننى ناھەق ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن قاتتىق شەكىلدە چەكلەپ كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر. بىر جاننى ناھەق ئۆلتۈرۈۋېتىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ قاتتىق چەكلەپ مۇنداق دېگەن: «مۆمىن ئادەم ناھەق قان تۆكۈپ قويمىسىلا، دىنىنىڭ كەڭ كۇشادىلىقىدا بولىدۇ»[1]

قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلىدىغانلىقى بولسا، الله تائالانىڭ: «الله ھەقىقەتەن الله غا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى الله غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ[2]» دېگەن ئايىتىدىن ئېلىنىدۇ. قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلىدىغانلىقىنىڭ يەنە بىر دەلىلى بولسا، مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىن چىققان گۇناھكارلارنىڭ مەڭگۈ دوزاختا قالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسلەردۇر. يەنە كېلىپ الله تائالانىڭ گۇناھكارلارنى ئازابلايدىغانلىقىنى تەھدىد بىلەن بايان قىلغان سۆزىنى ئىشقا ئاشۇرماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئەمما الله تائالانىڭ قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ياخشى بەندىلەرمۇ دۇئالىرىدا الله تائالاغا: ئى قىلغان ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، قىلغان تەھدىدىنى ئەپۇ قىلىدىغان زات! دەپ خىتاب قىلىدۇ. (بۇ دەلىل ـ پاكىتلەرنىڭ ھەممىسى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ مەڭگۈ دوزاختا قالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ).»

باشقا بىر قىسىم ئالىملار الله تائالانىڭ: «كىمكى بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ. . .» دېگەن ئايىتىنىڭ مەنىسىنى ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ھالال، دەپ قاراپ تۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىگە قاراتتى. يەنى ئۇلار: «بۇ خىلدىكى كىشى مەڭگۈ دوزاختا قالىدۇ» دېدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرىغا بۇ ئايەتنىڭ چۈشۈشىگە سەۋەب بولغان ۋەقەلىكنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. بۇ ھەقتە ئىبنى ئەبۇھاتەم ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۇ ئايەت مەقىس

---
(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) سۈرە نىسا 48 ـ ئايەت.

ئىبنى دۇبابە ئەلكىنانىي ھەققىدە چۈشكەن. مەقىس ۋە ئۇنىڭ قېرىندىشى ھىشام مۇسۇلمان بولۇپ مەدىنىگە كەلگەن ئىدى. مەقىس بىر كۈنى نەججار جەمەتىدىن بولغان ئەنسارلىقلارنىڭ ئىچىدە (يەنى شۇلارنىڭ مەھەللىسىدە) قېرىندىشى ھىشامنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن جەسىدىنى كۆردى. ئەنسارلار: «بىز بۇنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلمەيمىز. ئەمما بىز ساڭا بۇنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرەيلى» دەپ مەقىسكە ھىشامنىڭ دىيىتى ئۈچۈن **100** تۆگە بەردى. مەقىس يولدا كېلىۋېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن بىللە نەججار جەمەتىگە ئەۋەتكەن فەھرى جەمەتىدىن بولغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالدى ۋە دىيەت ئۈچۈن بېرىلگەن تۆگىنىڭ بىرىگە مىنىپ قالغانلىرىنى ئالدىغا سېلىپ مەككىگە قېچىپ كەتتى. مەقىس بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى، كەبىنىڭ يوپۇقلىرىغا ئېسىلىۋالغان ھالەتتە تېپىلىسمۇ قېنىنى تۆكۈشكە رۇخسەت قىلىنغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدۇر.

كۆپ ساندىكى ئالىملار قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ ئىشى اللہ تائالانىڭ خاھىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. اللہ تائالا خالىسا ئازابلايدۇ. خالىسا كەچۈرىدۇ، دەپ سۆزلىرىنىڭ دەلىلى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ھەدىسلەرنى كەلتۈردى:

ئۇبادە ئىبنى سامىت (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق. ئۇ: «سىلەر ماڭا اللہ غا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە بەيئەت قىلىڭلار» دېدى ۋە ئاياللاردىن ۋەدە ئالغانلىقى ھەققىدىكى «مۆمىن ئاياللار ساڭا كېلىپ» دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ بەردى، ئاندىن «سىلەردىن كىمكى بۇ شەرتلەرگە ۋاپا قىلسا ئۇنىڭ ئەجرىنى اللہ بېرىدۇ. كىمكى بۇ ئىشلاردىن بىرەرسىگە خىلاپلىق قىلسا، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن جازاغا تارتىلىدۇ، بۇ جازا ئۇنىڭ جىنايىتىگە كاففارەت بولىدۇ. كىمكى بۇ ئىشتىن بىرەرسىگە خىلاپلىق قىلغان، ئاندىن اللہ ئۇنىڭ بۇ جىنايىتىنى يوشۇرغان بولسا، ئۇنىڭ ھېسابى اللہ غادۇر. ئەگەر اللہ خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ، خالىسا ئۇنى ئازابلايدۇ» دېدى.[1]

ئەبۇسەئىد ئەلخۇدرىي (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىچىدە ئىلگىرى **99** ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ زېمىندىكى ئەڭ ئالىم كىشىنى سوراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنى بىر راھىبنىڭ يېنىغا باشلاپ قويۇپتۇ. ئۇ راھىبتىن: مەن **99** ئادەمنى ئۆلتۈردۈم، ئەمدى مېنىڭ تەۋبە قىلىشىمغا يول بارمۇ؟ دەپ سورىسا، ئۇ راھىب: ياق، دەپتۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ سانىنى يۈزگە يەتكۈزۈپ، ئاندىن زېمىن ئەھلىدىن ئالىمراق بىر كىشىنى سوراپتۇ. كىشىلەر ئۇنى بىر ئالىم كىشىنىڭ يېنىغا باشلاپ قويۇپتۇ. ئۇ: مەن **100** ئادەمنى ئۆلتۈردۈم مېنىڭ تەۋبە قىلىشىمغا يول بارمۇ؟ دەپتۇ. ئالىم: ھەئە، بار. سەن بىلەن تەۋبىنىڭ ئارىسىنى كىم توسۇپ قالالايدۇ. سەن پالانى شەھەرگە بارغىن. ئۇ شەھەردە ھەقىقەتەن كىشىلەر اللە غىلا ئىبادەت قىلىدۇ، سەنمۇ شۇ كىشىلەر بىلەن ئىبادەت قىلغىن، يۇرتىڭغا ھەرگىزمۇ قايتىپ كەلمىگىن. بۇ يەر يامان جايدۇر، دەپتۇ. ئۇ كىشى شۇ شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. يېرىم يولغا كەلگەندە ئۇ كىشىنىڭ ئەجىلى توشۇپتۇ، ئۇ كىشى مەيدىسى بىلەن ئۇ شەھەر تەرىپىگە ئۆمۈلىدى. ئۇ ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈستىدە رەھمەت پەرىشتىلىرى بىلەن ئازاب پەرىشتىلىرى تالىشىپ قاپتۇ. (رەھمەت پەرىشتىلىرى: ئۇ تەۋبە قىلغان، پۈتۈن نىيىتى بىلەن اللە غا يۈزلەنگەن ھالدا كەلدى، دەپتۇ. ئازاب پەرىشتىلىرى: ئۇ پەقەت ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ باقمىغان، دەپتۇ). شۇنىڭ بىلەن اللە تائالا (ئۇ ئادەم ماڭغان شەھەرگە) سەن يېقىنلاشقىن، (ئۇ ئادەم چىقىپ كەتكەن شەھەرگە) سەن يىراقلاشقىن، دەپ بۇيرۇق قىلىپ، پەرىشتىلەرگە: ئىككى شەھەرنىڭ ئارىسىنى ئۆلچەڭلەر، (ئۇ قايسى شەھەرگە يېقىن بولسا شۇنىڭغا ھېساب بولسۇن) دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن (ئۇلار ئۆلچەپ) ئۇ كىشىنىڭ قاراپ ماڭغان شەھەرگە بىر غېرىچ يېقىن ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن (ئۇنىڭ جېنىنى رەھمەت پەرىشتىسى ئېلىپتۇ) ۋە گۇناھى كەچۈرۈلۈپتۇ»[1]

مانا بۇ ھەدىس بارلىق چوڭ گۇناھلاردىن ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك گۇناھىدىن تەۋبە قىلسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھەدىستىن يەنە ئەگەر اللە تائالا، ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىپ تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلسا، ئۇ كىشى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمنى ئۇزىنىڭ رازى قىلىدىغانلىق مەناسىمۇ چىقىرىلىدۇ. قازى ئىياز (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «تەۋبە قىلىش

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

خۇددى باشقا گۇناھلاردىن (پاكىزلىنىش ئۈچۈن) پايدىلىق بولغىنىدەك ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىش گۇناھىدىنمۇ (پاكىزلىنىش ئۈچۈن) پايدىلىقتۇر» دېدى.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، فىقھشۇناسلار: «ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ قىلغان تەۋبىسى، ھەتتا ئۇ ئۆزىنى قىساس ئېلىشقا تاپشۇرمىغىچە توغرا بولمايدۇ» دەيدۇ. بۇ ھەقتە <ئەددۇررۇلمۇختار> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى: «ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ قىلغان تەۋبىسى ھەتتا ئۇ ئۆزىنى قىساس ئېلىش ئۈچۈن تاپشۇرمىغىچە توغرا بولمايدۇ» دېدى. بۇ سۆزگە ئىبنى ئابىدىن ئىلاۋە قىلىپ: «ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ (گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلىشى ئۈچۈن) تەۋبە قىلىشىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئەمەس» دېدى.

<تەبيىنۇلمەھارىم> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ قىلغان تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى تىلەش ۋە پۇشايمان قىلىشلا يېتەرلىك ئەمەس. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇ كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىنى رازى قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۆزىنى ئۇلارنىڭ قىساس ئېلىشىغا تاپشۇرۇشى لازىم. ئۇلار خالىسا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. خالىسا ئۇنى كەچۈرىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇنى كەچۈرسە، ئۇنىڭغا پەقەت تەۋبە قىلىشلا يېتەرلىك بولىدۇ.»[2]

## ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ تۈرلىرى

ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكى دەرىجىلەردە بولىدۇ:

1 ـ قىساس ئېلىشنى لازىم قىلىدىغان قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش.

قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ئۆلتۈرۈشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ بىر ئادەمنى، ئادەتتە ئادەم ئۆلتۈرۈدىغان بىر سايمان بىلەن ئۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن كىشىنىڭ نىيىتىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ياكى ئۆلتۈرۈۋەتمەسلىك ئىكەنلىكى مەخپىي بىر ئىشتۇر. شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ نىيىتىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ياكى ئۆلتۈرۈۋەتمەسلىك ئىكەنلىكى دەلىل ـ

(1) «فەتھۇلبارى»، 6 ـ توم، 518 ـ بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 352 ـ بەت.

پاكىت ئارقىلىق بىلىنىدۇ. دەلىل ـ پاكىت ئۇ كىشىنىڭ ئىقرارىدۇر، ياكى قولىدىكى سايماندۇر.

ئەگەر بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن كىشى ئۆزىنىڭ ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئۇ كىشىنىڭ قولىدىكى سايمان قانداق بولسا بولسۇن ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىش لازىم. بۇنىڭدا ھېچبىر ئىمامنىڭ ئىختىلاپى يوقتۇر. ئەگەر ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئۇنىڭ قولىدىكى سايمان قورال ـ ياراق، پىچاق ۋە ئوتقا ئوخشاش ئادەتتە ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىدىغان سايمان بولسا، بۇ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىش ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىش لازىم بولىدۇ. بۇنىڭدىمۇ ھېچبىر ئىمامنىڭ ئىختىلاپى يوق.[1]

ئەگەر بىر كىشى بىرىنى يىڭنە تىقىپ، ياكى چىشلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنىدۇ.

قەستەت ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىگە كاففارەت بېرىش لازىم ئەمەس. ئۇنىڭدىن پەقەت قىساسلا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئادەم ئۆلتۈرۈش چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىندۇر. بۇ ھەقتە ئەنەس ئىبنى مالىك (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەڭ چوڭ گۇناھ الله غا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر، ئادەم ئۆلتۈرۈشتۇر، ئاتا ـ ئانىنى قاخشىتىشتۇر، يالغان سۆزلەش ياكى يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتۇر.»[2] قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىگە كاففارەت بېرىش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى، كاففارەتتە ئىبادەتنىڭ مەنىسى بار. چۈنكى، كاففارەت روزا تۇتۇش ۋە قۇل ئازات قىلىش ئارقىلىقمۇ ئادا قىلىنىدۇ. ئۇنداق ئىكەن كاففارەت، ئىبادەت بىلەن جازانىڭ ئارىسىدىكى بىر نەرسىدۇر. الله تائالا كاففارەت بېرىشنىڭ قەستەنلىك بىلەن ئەمەس سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىگە لازىم بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «مۆمىن ئادەمنىڭ مۆمىن ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئەمەس، قەستەن ئۆلتۈرۈشى ھېچ دۇرۇس ئەمەس،

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 18 ـ توم، 72 ـ بەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

كىمكى بىرەر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك، ئۇلار (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى) دىيەتنى كەچۈرۈم قىلسا، (شۇنىڭ بىلەن قاتىل ئۇنى) تۆلىمىسە ھېچ باك يوق، ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى مۆمىن سىلەرگە دۈشمەن (كۇففار) قەۋمىدىن بولسا، بۇ چاغدا ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى بىر نەپەر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم (دىيەت كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى مۇسۇلمان بولمىغاچقا ئۇنىڭغا ۋارىس بولمايدۇ)، ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى ئاراڭلاردا مۇئاھىدە بولغان (كۇففار) قەۋمىدىن بولسا، ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلەش ۋە بىر نەپەر قۇلنى ئازاد قىلىش كېرەك، ئازاد قىلىدىغان قۇل تاپالمىغان ئادەم (يەنى قۇل ئازاد قىلىشقا قادىر بولالمىغان ئادەم) (تەۋبىسىنى الله نىڭ قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن) ئۈزۈلدۈرمەي ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم. الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[1]» بۇ ئايەت ھۆرلۈكنىڭ ھايات ھېسابلىنىدىغانلىقىغا ۋە قۇللۇقنىڭ ئۆلۈم ھېسابلىنىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ. شۇڭا ھايات بولغان بىر جان ئىگىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان ئادەمنىڭ ئۆلۈككە ئوخشاش بىر جاننى قوتۇلدۇرۇشقا تىرىشىشى لازىم. يەنى قۇل بىر جاننى قوتۇلدۇرۇشقا تىرىشىشى لازىم. قۇل جاننى قوتۇلدۇرۇش ئۇنى ئازات قىلىش ۋە ئۇنى قۇللۇقتىن قوتۇلدۇرۇش بىلەن بولىدۇ.

## 2 ـ قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈش

قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈشتىن، ئەگەر ئۇرۇش ئۇچۇن ئىشلەتكەن نەرسە چوڭ تاشتەك ياكى چوڭ ياغاچتەك نەرسىلەر بولسىمۇ ئۇرۇشتىن ئۇرۇلغۇچىنىڭ ئۇستىغانلىرىنى پارچىلىۋەتمىگۇدەك دەرىجىدە ئۇرۇشنى مەقسەت قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ[2]. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئەبۇيۇسۇف، مۇھەممەد، مالىك، شافىئىي ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل قاتارلىق ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىچە: ئۇ ئادەمنىڭ ئۇستىغانلىرىنى پارچىلىۋەتمەسلىكنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ ئۇنى چوڭ تاش ياكى چوڭ ياغاچ بىلەن ئۇرۇش قەستەنلىك بىلەن

(1) سۈرە نىسا **92** ـ ئايەت.

(2) يەنى بىر ئادەمنى بۇ شەكىلدە ئۇرۇشنى نىيەت قىلىپ تۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈش ھېسابلىنىدۇ. ت.

ئۆرۈشنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. (يەنى ئەگەر ئۇ ئادەم شۇ تاياقنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، قاتىل ئۇنى قەستەنلىك بىلەن ئۆلتۈرگەن ھېسابلىنىدۇ). چۈنكى، ئۇ ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىچە: قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۆلتۈرۈشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئادەتتە ئادەم ئۆلتۈرۈدىغان بىرەر نەرسە بىلەن ئۇرۇشتۇر. قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈش بولسا، ئۇنى ئادەتتە ئادەم ئۆلتۈرمەيدىغان نەرسە بىلەن ئۇرۇشتىن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ قېلىشىدىن ئىبارەتتۇر.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى ئازغىنا سۇغا باسقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم (ئۇ سۇدا تۇنجۇقۇپ) ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ مەزكۇر ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدا قەستەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىش ياكى قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈۋېتىش ھېسابلانمايدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى قۇدۇققا تاشلىۋەتكەن ياكى تاغنىڭ، ياكى ساق چۈشۈشى ئۈمىد قىلىنمايدىغان ئىگىز ئۆگزىنىڭ ئۈستىدىن تاشلىۋەتكەن (ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلگەن) بولسا، بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىچە: قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈش ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىچە: قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىش ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى باغلاپ شىرنىڭ، ياكى يىرتقۇچ بىر ھايۋاننىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەرگەن ۋە ئۇ ھايۋان ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ، ياكى ئۇ كىشىگە ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتىنى بېرىش لازىم بولمايدۇ. ئۇنىڭغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ ۋە تاكى ئۆلگەنگە قەدەر تۈرمىگە سولاپ قويۇلىدۇ.

ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا: ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈش بولۇشى ئۈچۈن ئادەمنى ئۆلتۈرۈش نىيىتى بىلەن ئەمەس ئەدەپلەش نىيىتى بىلەن ئۇرۇش شەرتتۇر. ئەگەر ئادەمنى ئۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەن سايمان ئادەتتە ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمان بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەمنى ئۇنىڭ بىلەن تەكرار ـ تەكرار بىر نەچچە قېتىم ئۇرغان، ئۇ ئۇرۇشنىڭ ھەممىسىنى توپلىسا كۆپۈنچى ۋاقىتتا بىر ئادەم ئۆلۈپ كېتىدىغان دەرىجىدە

بولغان ۋە (شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن) بولسا، بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى خىل قاراش بار:

1 ـ قەستەن ئۆلتۈرگەنلىك. بۇ، ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

2 ـ قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈش. بۇ، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر.[1]

بىر ئادەمنى قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۆلتۈرگەن كىشى گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنى ئۇرۇشنى نىيەت قىلدى. لېكىن، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى نىيەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كىشىگە ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكنىڭ گۇناھى بولمايدۇ. بىر ئادەمنى قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىش، قاتىلنىڭ جەمەتىگە ۋە ئارىلىرىدا بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرىشىش مۇناسىۋىتى بار ئادەمگە كاففارەت بېرىشنى ۋە ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى ئۈچۈن ئېغىر دىيەت تۆلەشنى لازىم قىلىدۇ. قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈشتە قاتىلدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن قوللانغان سايمان نەزەردە تۇتۇلسا، ئۇ ئۆلتۈرۈش سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن، بىر كىشى بىر نەچچە قېتىم قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈش بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، باشلىقنىڭ ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشى لازىم. بۇ (ئۇنىڭغا بېرىلگەن قىساس ئەمەس) سىياسى بىر جازا ھېسابلىنىدۇ.

بىر كىشى بىر ئادەمنى گۈرجەك (يەنى تىشاڭ) بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئەگەر ئۇ ئادەمگە گۈرجەكنىڭ بىسى ياكى كەينى تەككەن بولسا، ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنىدۇ. ئەگەر گۈرجەك ئۇنى ياردار قىلغان بولسىمۇ ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنىدۇ. بۇ، ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر.[2]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، جاندىن باشقا يەرلەرگە قىلىنغان قەستتە قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن قەست يوقتۇر.

(1) «ئىنائۇسسۇنەن»، 18 ـ توم، 73 ـ بەت.

(2) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 349 ـ بەت.

چۈنكى، ئەزالارنى كېسىش بۇ سايىمان بىلەن ئەمەس ئۇ سايىمان بىلەن بولىدۇ، دەپ ئايرىلمايدۇ. شۇڭا ئەزالارغا قىلىنغان قەستلەردە، بۇ قەست قەستەنلىك بىلەن بولدى، بۇ قەست قەستەنگە ئوخشىشىپ كېتىش بىلەن بولدى، دەپ ئايرىلمايدۇ. ئەمما ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىشتە شۇنداق دەپ ئايرىلىدۇ.

3 ـ ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىش

ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىش مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1 ـ نىيەتتە سەۋەنلىك بولۇش. 2 ـ ئەمەلدە سەۋەنلىك بولۇش.

نىيەتتە سەۋەنلىك بولۇش دېگەنلىكتىن بىر كىشىنىڭ بىر ئادەمنى ئوۋ هايۋىنى ياكى دۈشمەن، ياكى ئىسلامدىن يېنىۋالغان ئادەم، دەپ گۇمان قىلىپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشى كۆزدە تۇتىلىدۇ.

ئەمەلدە سەۋەنلىك بولۇش بولسا، مەسىلەن: نىشانغا ياكى ئوۋ هايۋىنىغا ئاتقان ئوق بېرىپ ئادەمگە تېگىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغىنىغا، ياكى بىر ئادەمنىڭ قولىنى نىشانلاپ ئاتقان ئوقنىڭ بېرىپ باشقا بىرسىنىڭ بويىنىغا تەككىنىگە ئوخشاش. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەمنىڭ قولىدىن ياغاچ ياكى خىش چۈشۈپ كېتىپ بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، بۇمۇ ئەمەلدە سەۋەنلىك بولۇش هېسابلىنىدۇ.

4 ـ ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ ئورنىدا هېسابلىنىدىغان ئۆلتۈرۈۋېتىش

مەسىلەن: ئۇخلاۋاتقان بىر كىشى ئۇ ياق ـ بۇ ياققا ئۆرۈلۈپ بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇنىڭ هۆكمى شەرىئەتتە خۇددى ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ هۆكمى بىلەن ئوخشاش. لېكىن، ئۇنىڭ هۆكمى ھەقىقەتتە ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن تۆۋەن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇخلاۋاتقان كىشىدە (بىر ئىشنى قىلىش) نىيىتى يوق.

ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىش ۋە ئۇنىڭ ئورنىدا هېسابلىنىدىغان ئۆلتۈرۈۋېتىش قاتىلنىڭ جەمەتىگە كاففارەت بېرىشنى، ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى ئۈچۈن ئېغىر دىيەت تۆلەشنى ۋە قاتىل ياخشى دىققەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ گۇناھكار بولۇشىنى لازىم قىلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا قەستەن

ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكنىڭ گۇناھى بولمايدۇ. ئەمما كاففارەتنىڭ لازىم بولۇشى گەرچە ئۇ كىشىنىڭ ئۇنى قەستەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

5 ـ سەۋەبچى بولۇش ئارقىلىق ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىش

مەسىلەن: باشلىقنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئورۇن باسارىنىڭ رۇخسىتىسىز باشقىلارغا تەۋە يەرگە قۇدۇق كولىغان، ياكى تاش قويۇپ قويغان كىشىلەرگە ئوخشاش. (يەنى بىر ئادەم شۇ قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ، ياكى تاشقا پۇتلۇشۇپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا قۇدۇقنى كولىغان، ياكى تاش قويۇپ قويغان كىشى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان ھېسابلىنىدۇ). شۇنىڭدەك يەنە يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياغاچقا ۋە تاۋۇزنىڭ شاپىقىغا ئوخشاش بىر نەرسە قويۇپ قويغان ئادەممۇ ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەيدۇ. ئەگەر بىر ئادەم يولغا سۇ چاچقان ۋە يولدىن ئۆتكەن ئادەم ئۇنىڭ سۇ چېچىلغان يەر ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا، مەسىلەن: يولدىن ئۆتكەن ئادەم كور بولغان، ياكى سۇ كېچىدە چېچىلغان بولۇپ يولدىن ئۆتكەن ئادەم ئۇنىڭ سۇ چېچىلغان يەر ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا، (بۇ ھالدىمۇ ئۇ يەردىن كېلىپ چىققان زىياننى يولغا سۇ چاچقان ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ).

ئەگەر بىر ئادەم تاشقا پۇتلۇشۇپ كېتىپ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە تۆلەپ بېرىلىدىغان تۆلەمنى تاشنى قويغان كىشى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ يەردىكى تاش (بىرى قويۇپ قويغان تاش ئەمەس) ئەسلىدىلا بار تاش بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە تۆلەپ بېرىلىدىغان تۆلەمنى قۇدۇقنى كولىغان كىشى تۆلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم يەرگە چېچىلغان سۇنىڭ سەۋەبى بىلەن تېيىلىپ كېتىپ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە تۆلەپ بېرىدىغان تۆلەمنى يەرگە سۇ چاچقان كىشى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەمما يەر (بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا سۇ چېچىشى ئارقىلىق ئەمەس) يامغۇر يېغىش ئارقىلىق ھۆل بولغان بولسا، ئۇ ئادەمگە تۆلەپ بېرىلىدىغان تۆلەمنى قۇدۇقنى كولىغان كىشى تۆلەپ بېرىدۇ.

سەۋەبچى بولۇش ئارقىلىق ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىش قاتىللىنىڭ جەمەتىگە پەقەت ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىشنىلا لازىم قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتىللىنىڭ جەمەتىگە كاففارەت بېرىشنى

لازىم قىلمايدۇ. قاتىلغىمۇ ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك گۇناھ بولمايدۇ. ئۇنىڭغا پەقەت ئۆزىگە تەۋە ئەمەس يەرگە قۇدۇق كولىغان، ياكى تاش قويۇپ قويغانىنىڭ گۇناھى بولىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى ئۆيىگە باشلاپ ئېلىپ كىرگەن ۋە ئۇ ئادەم ئۆيدە ئاشلىقتىن ياكى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ كىشىگە ئۇ ئادەم ئۈچۈن ھېچنەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اﷲ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اﷲ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ ئۈچۈن دىيەت بېرىش لازىم. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە ئۇ كىشى سەۋەبچى بولدى. شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ ئۇنىڭغا دىيەت تۆلۈشى لازىم» دەيدۇ. ھەتتا زالىملارنىڭ كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۈنۈمىزدە بۇ ھەقتە ئۇ ئىككى ئىمامنىڭ كۆز قارىشى توغرا دەپ قارىلىدۇ.[1]

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە، ئەگەر ئۆلتۈرۈلگەن كىشى (ئۇنىڭ قېرىندىشىغا ئوخشاش) ئۇنىڭدىن مىراس ئېلىنىدىغان ئادەم بولسا، قاتىل ئۇنىڭدىن مىراس ئالالمايدۇ[2]. بۇ، ئەگەر قاتىل ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇلغان ئادەم بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما قاتىل ئەگەر كىچىك بالىغا، ياكى ئېلىشىپ قالغان ئادەمگە ئوخشاش ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇلمىغان ئادەم بولسا، بۇ ھالدا قاتىل ئۆلتۈرۈلگەن كىشىدىن مىراس ئالالايدۇ.

## قاتىلدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن تېپىلىش لازىم بولغان شەرتلەر

1 ـ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ، قېنىنى تۆكۈش ئۇنى ئۆلتۈرگەن كىشىگە ھارام بولغان ئادەم بولۇشى شەرت. يەنى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىش مەڭگۈ ھارام بولغان ئادەم بولۇشى لازىم. ئۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 349 ـ بەت.

(2) مەسىلەن: بىر كىشى قېرىندىشىنى قەستەنلىك ياكى قەستەنگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ياكى سەۋەنلىك ياكى سەۋەنلىكنىڭ ئورنىدا ھېسابلىنىدىغان ئۆلتۈرۈش بىلەن ياكى سەۋەبچى بولۇش ئارقىلىق ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشى قېرىندىشىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ھېچ نەرسە مىراس ئالالمايدۇ. ت.

ئادەملەر بولسا، مۇسۇلماندۇر ۋە (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىردۇر. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ ئەمما مۇسۇلمانلارغا دۈشمەن بولغان كاپىرلارنىڭ ۋە ئامانلىق تەلەپ قىلغان كاپىرلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش هارام ئەمەس. شۇڭا ئۇنداق كاپىرلارنى ئۆلتۈرگەن كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ.

2 ـ قاتىل ئىسلام دىنىنىڭ هۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشقا بۇيرۇلغان ئادەم بولۇشى شەرت. شۇڭا ئەگەر كىچىك بالا ياكى ئېلىشىپ قالغان كىشى ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئۇ قەستەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك هېسابلانمايدۇ. ئەگەر قاتىل ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ۋە ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنىدىغانلىقىغا هۆكۈم چىقىرىلىشتىن بۇرۇن پۈتۈنلەي ئېلىشىپ قالغان بولسا، بۇ هالدا ئۇنىڭدىن قىساس چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر ئاي ياكى بىر يىل ئېلىشىپ قېلىپ كېيىن ئوڭشالغان ۋە ئوڭشالغاندىن كېيىن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ هەقتە يەهيا ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: «مەرۋان ئىبنى ئەلهەكەم ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر ساراڭنىڭ ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيانغا خەت يازدى. مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيان ئۇنىڭغا: ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا ئۇنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىشى كېرەكلىكى ۋە قاتىل ساراڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنمايدىغانلىقى توغرىسىدا دەپ خەت يازدى.»

ئەمما مەست هالىتىدە تۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدىن قىساس ئېلىنىدۇ. بۇنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا <مۇئەتتا> دا رىۋايەت قىلىنغان بۇ ئەسەردۇر. مەرۋان ئىبنى ئەلهەكەم ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر مەستنىڭ ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيانغا خەت يازغاندا، مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇسۇفيان ئۇنىڭغا: «ئۇنى ئۆلتۈرگىن» دەپ خەت يازغان. بۇ ئەسەرنى بەيهەقىيمۇ رىۋايەت قىلدى.

ئەگەر ئېلىشىپ قالغان ئادەم بىر كىشىگە قورال چىقارغان ۋە ئۇ كىشى قورال چىقارغان ئادەمنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇ هالدا ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. بۇ هەقتە كىچىك بالىنىڭ هۆكمىمۇ ئۇ كىشىنىڭ هۆكمىگە ئوخشاش. ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇنى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتكەندۇر. ئىمام شافئىي (الله

تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «قورال چىقارغان ساراڭنى ئۆلتۈرگۈچى مەيلى چوڭ ئادەم بولسۇن، مەيلى كىچىك بالا بولسۇن، ھېچبىرىگە ئۇنىڭ ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، قاتىل ئۇنى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋەتكەندۇر» دېدى.

3 ـ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم بىلەن قاتىل ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە شۈبھىلىك بولماسلىقى شەرت. شۇڭا بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمگە قىساس جازاسى بېرىلمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «دادىدىن بالا ئۈچۈن قىساس ئېلىنمايدۇ»«[1]» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

تاۋۇس بۇ ھەقتە يەنە ئىبنى ئابباستىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جازالار مەسچىتلەردە ئىجرا قىلىنمايدۇ ۋە دادا بالا ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ.»[2]

بۇ ئەبۇھەنىفە، شافىئىي، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە باشقا ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر.

بىر قىسىم ئالىملار: «ئۆزىنىڭ بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمدىنمۇ قىساس ئېلىنىدۇ. چۈنكى، قاتىلدىن قىساس ئېلىشنى پەرز قىلىپ كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ تاشقىرى مەنىلىرى بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشى بىلەن يات ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىنىڭ ئارىسىنى ئايرىمىغان. يەنە كېلىپ ھەر ئىككىسى قىساس ئېلىشقا شەرتلىرى توشقان ھۆر مۇسۇلمان ئادەملەر. شۇڭا قاتىلمۇ يات ۋە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىمۇ يات ئادەملەردىن قىساس ئېلىنغىنىدەك ئۇلاردىنمۇ قىساس ئېلىش لازىمدۇر» دەيدۇ.

ئۇلارنىڭ: <قاتىلدىن قىساس ئېلىشنى پەرز قىلىپ كەلگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ تاشقىرى مەنىلىرى بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشى بىلەن يات ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىنىڭ ئارىسىنى ئايرىمىغان> دېگەن سۆزىگە بېرىلگەن جاۋاب مۇنداقتۇر: مەزكۇر ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ تاشقىرى مەنىلىرى يۇقىرىدا بىز بالا ئۈچۈن دادىدىن قىساس ئېلىنمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ كەلگەن ھەدىسلەر ئارقىلىق خاسلاشتۇرۇلغاندۇر. يەنى مەزكۇر

(1) بۇ ھەدىسنى دارى قۇتنىي ۋە بەيھەقىي رىۋايەت قىلدى ۋە بەيھەقىي بۇ توغرىلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

(2) بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي، بەززار، ھاكىم، دارى قۇتنىي ۋە بەيھەقىي قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەنىلىرى پەقەت بىر ـ بىرىگە يات بولغان ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىللاردىن قىساس ئېلىشنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر.

ئۇلارنىڭ: <يەنە كېلىپ ھەر ئىككىسى قىساس ئېلىشقا شەرتلىرى . . .> دېگەن سۆزىگە بېرىلگەن جاۋاب مۇنداقتۇر: بۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى نەرسىنى بىر ـ بىرىگە ئوخشىتىش ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بالا الله تائالا ئۈچۈن بولسىمۇ دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن چەكلەنگەندۇر. ئۇنداق بولغان يەردە بىر بالىنىڭ دادىسىنى ئۆزى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋېتىشى (يەنى ئۆزى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىشى) ئەلۋەتتە چەكلىنىدۇ. شۇڭا بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن دادىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. ئەمما ياتنىڭ ئەھۋالى ئۇنداق ئەمەستۇر. دادىدىن قىساس ئېلىنماسلىقى دادىنىڭ ئالدىدا بالىنىڭ قېنىنىڭ ھۆرمىتى يوق، دېگەن مەناغا كەلگەنلىكتىن ئەمەس، ئەكسىچە دادىدىن قىساسنىڭ ئېلىنماسلىقى ئۈچۈن ئۆزرە بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. شۇنىڭدەك يەنە بالىسىنىڭ قۇلىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمدىنمۇ قىساس ئېلىنمايدۇ.[1]

## جانغا جان بىلەن قىساس ئېلىنىدىغانلىقىنىڭ بايانى

الله تائالانىڭ: «ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) غا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ)، كۆزگە كۆز (يەنى كىشىنىڭ كۆزىنى ناھەق قويۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى قويۇۋېتىلىدۇ)، بۇرۇنغا بۇرۇن (يەنى كىشىنىڭ بۇرنىنى ناھەق كەسكەننىڭ بۇرنى كېسىلىدۇ)، قۇلاققا قۇلاق (يەنى كىشىنىڭ قۇلىقىنى ناھەق كەسكەننىڭ قۇلىقى كېسىلىدۇ)، چىشقا چىش (يەنى كىشىنىڭ چىشىنى ناھەق تۆككەننىڭ چىشى تۆكۈلىدۇ) ۋە (كىشىنى) قانداق يارىدار قىلغان بولسا شۇنداق يارىدار قىلىنىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ[2]» دېگەن ئايىتى ھۆر ياكى قۇل ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھۆر كىشىدىن قىساس ئېلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن مۇسۇلماندىنمۇ قىساس ئېلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، قەستەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈش مەسىلىسىدە

(1) «ئىنلائۇسسۇنەن»، 18 ـ توم، 88 ـ بەت.

(2) سۈرە مائىدە 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پۈتۈن جانلارنىڭ ھۆكمى ئوخشاشتۇر. شۇڭا مەيلى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ھۆر كىشى بولسۇن، مەيلى قۇل بولسۇن، مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىلدىن قىساس ئېلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆر ياكى قۇل ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھۆر كىشىدىن ۋە (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن مۇسۇلماندىن قىساس ئېلىنىدۇ.

الله تائالانىڭ مەزكۇر ئايىتى ئۇنىڭ: «ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ[1]» دېگەن ئايىتىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇ ھەقتىمۇ ئىمام سۇيۇتىي <ئەددۇررۇلمەنسۇر> دېگەن ئەسىرىدە نۇھاستىن ئىبنى ئابباسنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. الله تائالانىڭ: «ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ[2]» دېگەن ئايىتى خۇددى الله تائالانىڭ: «ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) غا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ)، كۆزگە كۆز (يەنى كىشىنىڭ كۆزىنى ناھەق قۇيۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى قۇيۇۋېتىلىدۇ)» دېگەن ئايىتىگە ئوخشاش كېتىدۇ. شۇڭا الله تائالانىڭ: «ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن . . .» دېگەن ئايىتى قۇل كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھۆر ئادەمدىن قىساس ئېلىنمايدىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. الله تائالا مەزكۇر ئايىتىدە: «ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ» دېگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇ، ئايالنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئەردىن قىساس ئېلىشنى چەكلىمەيدۇ. (شۇڭا ئايالنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئەردىنمۇ قىساس ئېلىنىدۇ).

شۇنىڭدەك يەنە (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن مۇسۇلماندىنمۇ قىساس ئېلىنىدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «(ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن مۇسۇلماندىن قىساس ئېلىنمايدۇ» دېدى. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا قاتىلدىن قىساس ئېلىشنى بايان قىلىپ كەلگەن ئايەتلەر ۋە ھەدىسلەرنىڭ

(1) سۈرە بەقەر 178 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) سۈرە بەقەر 178 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئومۇمىيلىقىنى دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. بۇ ھەقتە ئىمام مۇھەممەد <ئەلئاسار> دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇھەنىفە بىزگە ھەممادتىن ئىبراھىمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بەكرى ئىبنى ۋائىلدىن بولغان بىر ئادەم ھىرەلىك بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ[1]. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ئىگە - چاقىلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، ئەگەر ئۇلار خالىسا ئۇنى ئۆلتۈرسۇن، خالىسا ئۇنى كەچۈرۈۋەتسۇن، دەپ خەت يازىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ئىگە - چاقىلىرىغا يەنى ھىرەلىكتىن ھۇنەين ئىسىملىك بىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىلىدۇ. ھۇنەين ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ. كېيىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلمىگەن بولسا، ئۇلار ئۇنى ئۆلتۈرمىسۇن، دەپ خەت يازىدۇ. ئۇلار ئۆمەرنىڭ (بۇ خېتىدىن) ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى دىيەت بېرىش ئارقىلىق رازى قىلماقچى بولغانلىقىنى چۈشۈنىدۇ.»

ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مانا بىز ئۆمەرنىڭ بۇ ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلىپ ئالىمىز. شۇڭا (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن مۇسۇلماندىن قىساس ئېلىنىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر مۇسۇلماننى (قىساس ئۈچۈن) ئۆلتۈرگەنلىكى ۋە: «مەن ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق كىشىمەن» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى» دېدى.

ئىمام شافىئىي مۇھەممەد ئىبنى ئەلمۇنكەدىردىن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەلبەيلەمانىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەم (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرلەردىن بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر بېرىلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق كىشىمەن» دەپ مۇسۇلمان

[1] ھىرەلىك كىشى (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىر كىشى بولۇشى مۇمكىن. ت.

ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى ۋە ئۇ ئادەم (قىساس ئۈچۈن) ئۆلتۈرۈلدى.»[1]

ئەمما ئەبۇجۇھەيفە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن رىۋايەت قىلىنغان: «مەن ئەلىگە: سىلەرنىڭ (پەيغەمبىرىڭلاردىن) يېزىۋالغان كىتابىڭلار بارمۇ؟ دېسەم ئۇ: ياق، پەقەت الله نىڭ كىتابى ياكى مۇسۇلمان كىشىگە بېرىلگەن دىنى چۈشەنچە ياكى مۇشۇ سەھىپىدىكى ئازغىنا ئەھكاملار بار، دېدى. مەن: بۇ سەھىپىدىكى يېزىلغان نەرسە نېمە؟ دېسەم ئۇ: (جان ۋە بەدەنگە ئائىت) تۆلەم، ئەسىرلەرنى ئازات قىلىش ھۆكمى، كاپىرنىڭ قىساسى ئۈچۈن (ئۇنى ئۆلتۈرۈۋاتقان) مۇسۇلمان ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، دېگەن نەرسىلەردىن ئىبارەت دېدى»[2] دېگەن ھەدىسكە كەلسەك، ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر: «ئۇ ھەدىستە بايان قىلىنغان كاپىردىن (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىغان كاپىر ئەمەس) مۇسۇلمان بىلەن ئارىلىقىدا دۈشمەنلىك بار كاپىر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇنىڭغا ئاساسەن ھەدىسنىڭ مەنىسى: دۈشمەن تەرەپتىن بولغان كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن مۆمىن ئادەم ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، دۈشمەن كاپىر ئەگەر ئامانلىق تەلەپ قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈش چەكلەنگەن ئەمەستۇر» دېدى.

ئەگەر بىر ئادەم: «مۇسۇلمان ئادەم (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىردىن ئۆلۈغدۇر. ئۇنداق بولغان ئىكەن قانداق بولۇپ پەس بىر كاپىر ئۈچۈن ئۇلۇغ بىر ئادەمدىن قىساس ئېلىنىدۇ؟» دېسە، بىز ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بېرىمىز: «قىساستا ئۇلۇغلۇق ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، ئەر ئايالغا قارىغاندا ئۇلۇغدۇر. شۇنداق بولسىمۇ بىر ئايالنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئەردىن قىساس ئېلىنىدۇ. بۇ بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر.»[3]

ئامانلىق تەلەپ قىلغان كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن مۇسۇلمان، ياكى (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىر ئۇ كاپىر ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. چۈنكى، ئامانلىق تەلەپ قىلغان كاپىرنىڭ قېنىنى تۆكۈش مەڭگۈلۈك چەكلەنگەن ئەمەس. چۈنكى، ئۇ كاپىر داۋاملىق (ئۆز يۇرتىغا) قايتىپ كېتىش ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش نىيىتى بىلەن ياشايدۇ.

(1) «ئىنلانۇسسۇنەن»، 18 ـ توم، 94 ـ بەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(3) «ئىنلانۇسسۇنەن»، 18 ـ توم، 100 ـ بەت.

ساراڭ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدىنمۇ، بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بالاغەتكە يەتكەن كىشىدىنمۇ، كور ئادەمنى ياكى قاتتىق كېسەل ئادەمنى، ياكى ئەزالىرى كەمتۈك ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدىنمۇ ۋە ئايالنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئەردىنمۇ قىساس ئېلىنىدۇ. بۇ، بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر. ھەتتا بىر ئادەم قوللىرى، پۇتلىرى، قۇلاقلىرى، جىنسىي ـ ئەزالىرى كېسىۋېتىلگەن ۋە كۆزلىرى ئويۇۋېتىلگەن بىر كىشىنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمدىن قىساس ئېلىنىدۇ.[1]

ئاتا ـ ئانىسىنى ياكى ئەجدادلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدىن قىساس ئېلىنىدۇ. ئەمما ئەۋلادلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. شۇڭا بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئاتا ـ ئانىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. بىز بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختۇلۇپ ئۆتتۇق.

ئۆزلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ياكى ياردار قىلغان كىشى مەيلى ئۇنىڭغا ئەڭ يىراق كېلىدىغان ئەجدادلىرىدىن بولسۇن، مەيلى ئانا تەرەپتىن بولغان ئايال ئەجدادلىرىدىن بولسۇن، ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «دادىدىن بالا ئۈچۈن قىساس ئېلىنمايدۇ»[2] دېگەن سۆزى بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن دادىدىن قىساس ئېلىنمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا، بالىنىڭ ئۇنىڭ بىر پارچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا بۇ سەۋەب بالىنىڭ ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۈستىدىكى ئەجدادلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەجدادلارمۇ ئۇ بالىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب بولغانلاردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ بالا (بالا ئۈچۈن ئۇلاردىن قىساس ئېلىنىپ) ئۇلارنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولالمايدۇ. شۇڭا بالىسىنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن دادىنىڭ ئۈچ يىل ئىچىدە بالىسىنىڭ دىيىتىنى ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن بېرىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ ئادەم بالىسىنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ بالا ئۈچۈن تۆلەپ بېرىدىغان دىيەتنى ئۇ ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلەر تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئىمام شافىئىي (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بولسا: «ئۇ بالا ئۈچۈن بېرىلىدىغان دىيەت (ئۈچ يىل ئىچىدە ئەمەس) خۇددى كېلىشىمنىڭ ئورنىغا

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 344 ـ بەت.

(2) بۇ ھەدىسنى دارى قۇتنىي ۋە بەيھەقىي رىۋايەت قىلدى ۋە بەيھەقىي بۇ توغرۇلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېدى.

بېرىلىدىغان بەدەلگە ئوخشاش شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بېرىلىدۇ» دېدى.[1]

مەسىلەن: بىر دادا يات بىر ئادەم بىلەن بىرلىشىپ بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە، ياكى سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر كىشى قەستەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر كىشى بىلەن بىرلىشىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە ئوخشاش بىرىدىن قىساس ئېلىنمىدىغان يەنە بىرىدىن قىساس ئېلىنمايدىغان ئىككى ئادەم شېرىكلىشىپ بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ ئىككىسىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. ئۇ ئىككىسىگە پەقەت ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئىككى ئادەمدىن بىرى ئۇنى قىلىچ بىلەن يەنە بىرى هاسا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇ هالدىمۇ ئۇ ئىككىسىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ.

يارىدار ئۆزىنى يارىدار قىلغان كىشىنى كەچۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، قىساسقا ئەڭ ھەقلىق ئادەم (بۇرۇن يارىلىنىپ كېيىن) ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمدۇر. شۇنىڭدەك يەنە بىر يارىدارنىڭ قىساس دەۋاسىغا مىراسخورلۇق قىلىدىغان كىشىنىڭمۇ (ئۇنى يارىدار قىلغان ئادەمنى) يارىدار ئادەم ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن كەچۈرۈۋېتىشى توغرىدۇر. چۈنكى، يارىدار ئادەم ئۆزىنى يارىدار قىلغان ئادەمدىن قىساس ئېلىشقا ئۆزى ئۆلۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئىگە بولالايدۇ. يارىدار ئادەم يارىدار ۋاقتىدا ئۆزىنى يارىدار قىلغان ئادەمدىن قىساس ئېلىش هوقۇقىنى مىراسخورىغا مىراس قىلىپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا يارىدار ئادەمنىڭ مىراسخورى ئۇنى يارىدار قىلغان ئادەمدىن قىساس ئېلىش هەققىگە بېشىدىن باشلاپ ئىگە بولغان بولىدۇ.[2]

# بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بىر نەچچە كىشىدىن قىساس ئېلىشنىڭ ۋە بىر نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بىر كىشىدىن قىساس ئېلىشنىڭ بايانى

بىر نەچچە كىشى شېرىكلىشىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قىساس ئېلىنىدۇ. بۇ ھەقتە سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!)

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 - توم، 344 - بەت.

(2) <ئەددۇررۇلمۇختار>.

شېرىكلىشىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن (يەمەننىڭ سەنئا دېگەن يېرىدىن بولغان) بەش ياكى يەتتە كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە: «ئەگەر ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە سەنئالىقلارنىڭ ھەممىسى قاتناشقان تەقدىردىمۇ، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرەتتىم» دېگەن.»[1]

سەئىد ئىبنى ۋەھب مۇنداق دەيدۇ: «بىر نەچچە كىشى سەپەرگە چىقتى. كېيىن ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىغا بىر ئادەم قېتىلدى. ئۇ كىشىلەر سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدا ئۇ ئادەم ئۇلار بىلەن بىللە يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى ئۇلارغا (ئۇلار ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ) دەپ تۆھمەت چاپلىدى. قازى شۇرەيھ ئۇ ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا: «سىلەر ئۇلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۇ ئادىمىڭلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن گۇۋاھچى ئېلىپ كىلىسىلەر. ئەگەر ئۇنداق قىلالمىساڭلار، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگەنلىكى ھەققىدە الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدۇ» دېدى. كېيىن ئۇلار ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. مەن ئۇنىڭ يېنىدا ئىدىم. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇلاردىن ئايرىم ـ ئايرىم (گەپ سورىدى) ۋە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى.»[2]

مۇغىرە ئىبنى شەئبە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ شېرىكلىشىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن يەتتە كىشىدىن قىساس ئالغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ.[3]

بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە شېرىكلەشكەن بىر نەچچە كىشى، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى ئەمەس، بەلكى باراۋەر ھالدا ئۇنى ئۆلۈپ كېتىدىغان دەرىجىدە قاتتىق يارىدار قىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قىساس ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى ئۇنى ئۆلۈپ كېتىدىغان دەرىجىدە يارىدار

(1) بۇ ئەسەرنى مۇھەممەد مۇئەتتادا رىۋايەت قىلدى. ئۇ ئەسەرنىڭ رىۋايەت قىلىنىش يوللىرى توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەندۇر. شۇنىڭدەك يەنە بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشىبە ۋە ئىمام بۇخارى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلدى.

(2) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشىبە رىۋايەت قىلدى. بۇ ئەسەرنىڭ رىۋايەت قىلىنىش يوللىرىنىڭ شەرتلىرى ئىمام مۇسلىمنىڭ شەرتىگە تۇشىدۇ.

(3) بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشىبە رىۋايەت قىلدى.

قىلغان، ئاندىن يەنە بىرى كېلىپ ئۇنى يارىدار قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنى تۇنچى قېتىم يارىدار قىلغان كىشى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە شېرىكلىشىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىككى كىشىنىڭ بىرى ئۇ ئادەمنى ئون يەردىن يارىدار قىلغان يەنە بىرى بىر يەردىن يارىدار قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئىككى كىشىنىڭ ھەر ئىككىسى قاتىل ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئىنسان بەزىدە بىر نەچچە يەردىن يارىلانغان يارىدارلىقتىن ساقىيىپ بىر يەردىن يارىلانغان يارىدارلىقنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

بىر نەچچە كىشى بىرلىشىپ بىر ئادەمنى بىر نەچچە يەردىن يارىلاندۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن ئۇنى كىمنىڭ قاتتىق يارىدار قىلغانلىقى ۋە كىمنىڭ قاتتىق يارىدار قىلمىغانلىقى بىلىنمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قىساس ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇنى كىمنىڭ قاتتىق يارىدار قىلغانلىقىنى ۋە كىمنىڭ قاتتىق يارىدار قىلمىغانلىقىنى بىلمەك قىيىندۇر. يەنە كېلىپ بىر ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلىنغان شېرىكچىلىك ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، جاننى ئېلىش ئۈچۈن قىلىنغان شېرىكچىلىك پارچىلانمايدىغان بىر پۈتۈن جىنايەتتۇر. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن قاتناشقان پۈتۈن جىنايەتچىلەرگە، ئۇلار خۇددى بىر كىشىدەكلا ئۇ ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى ئارتىلىدۇ. بۇ ساھابىلارنىڭ بىرلىكى ئارقىلىق يولغا قويۇلغان ھۆكۈمدۇر. بىز يۇقىرىدا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ: «ئەگەر ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە سەنئالىقلارنىڭ ھەممىسى قاتناشقان تەقدىردىمۇ، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرەتتىم» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىپ ئۆتتۇق. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇنى كىمنىڭ قاتتىق يارىدار قىلغانلىقى بىلىنسە، قىساس پەقەت ئۇنىڭدىن ئېلىنىدۇ.

بىر نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر ئادەمدىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ھېسابلاپ قىساس ئېلىنىدۇ. ئەمما ئىمام شافىئىي (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئەڭ دەسلەپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ئۈچۈن ھېسابلاپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىندىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىدىن دىيەت بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىرلا قېتىمدا ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ياكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كىمنىڭ بۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى بىلىنمىگەن بولسا، بۇ

**ھالدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چەك تاشلىنىدۇ. ئۇ ئادەم چەك چىققان كىشى ئۇچۇن ھېسابلاپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۆلتۈرۈلگەن قالغان كىشىلەر ئۇچۇن ئۇ ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىدىن دىيەت تۆلەپ بېرىلىدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى كەلسە، ئۇ ئادەمدىن ئۇنىڭ ئۇچۇن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ» دېدى. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: بىر نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمدىن ئۇلارنىڭ بىرى ئۇچۇن قىساس ئېلىنسا، قالغانلارنىڭ ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ھەققى خۇددى قاتىل ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ قالسا، قىساس چۈشۈپ كەتكىنىگە ئوخشاش چۈشۈپ كېتىدۇ.[1]**

**ئەمما بىر نەچچە كىشى شېرىكلىشىپ بىر ئادەمنىڭ ئەزالىرىدىن بىرىنى كېسىۋاتقان بولسا، بۇ ھالدا ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ ئەزاسى كېسىلمەيدۇ. مەسىلەن: بىر نەچچە كىشى بىرلىشىپ بىر ئادەمنىڭ قولىنى ياكى پۇتىنى كېسىۋاتقان ياكى ئۇنىڭ چىشىنى تۆكىۋەتكەن بولسا، ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئۇلارنىڭ بىرىدىنمۇ قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ ئەزالىرى بىلەن يەنە بىر ئادەمنىڭ ئەزالىرى ئارىسىدا ئوخشاشلىق يوق. ئەزالاردىكى ئوخشاشلىق ئۇلارنىڭ پەيدا يەتكۈزۈشتە ۋە مۇھىملىقىدا بولۇشى شەرت. ئەمما جاندىكى ئوخشاشلىق جاننىڭ ھۆرمەتلىك بولۇشىدىدۇر. شېرىكلىشىپ بىر ئادەمنىڭ قولىنى كېسىۋاتقان ئىككى كىشى ئۇ ئادەمنىڭ قولىنىڭ دىيىتىنى ئوخشاش تۆلەيدۇ. ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەزالارنى كېسىۋېتىشنى ئادەم ئۆلتۈرۈشكە قىياس قىلىپ تۇرۇپ ئۇ ئىككىسىنىڭ قولى كېسىلىدۇ» دېدى.**

**ئەگەر بىر ئادەم مەيلى ئارقىمۇ ـ ئارقا كەسسۇن، مەيلى بىرلا ۋاقىتتا كەسسۇن، ئىككى كىشىنىڭ ئوڭ قولىنى كېسىۋەتكەن بولسا، ئۇ ئىككى كىشىنىڭ (بىر قولىغا ھېسابلاپ) ئۇ ئادەمنىڭ ئوڭ قولى كېسىلىدۇ ۋە (كېسىلگەن يەنە بىر قولىغا ھېسابلاپ) ئۇ ئادەمدىن دىيەت ئۇچۇن پۇل ئېلىپ ئۇ پۇلنى قوللىرى كېسىلگەن ئىككى كىشى ئارىلىرىدا ئوخشاش بۆلۈشىدۇ. ئىمام شافىئى: «ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئىككىسىنىڭ قولىنى ئارقىمۇ ـ ئارقا كەسكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمدىن قولى بىرىنچى بولۇپ كېسىلگىنى ئۇچۇن قىساس ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئىككىسىنىڭ قولىنى بىرلا ۋاقىتتا كەسكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا چەك تاشلىنىدۇ. ئۇ**

(1) «رەددۇلمۇھتار»، **5** ـ توم، **358** ـ بەت.

ئادەمنىڭ قولى چەك چىققىنى ئۈچۈن ھېسابلاپ كېسىلىدۇ ۋە (ئۇ ئادەم يەنە بىرسى ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىدۇ) » دېدى.

ئەگەر ئىككى كىشىنىڭ (ھەر بىرىنىڭ بىردىن بولۇپ) ئىككى قولنى كېسىۋاتقان ئادەمگە (ئۇ ئىككى قولنىڭ بىرىگە ھېسابلاپ) ئۇنىڭ بىر قولىنى كېسىشكە ۋە يەنە بىرىگە ھېسابلاپ ئۇنىڭدىن دىيەت ئېلىشقا ھۆكۈم چىقىرىلغان، ئاندىن ئۇنىڭدىن بىر قولنىڭ دىيىتى ئېلىنىشتىن بۇرۇن ئۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرى ئۇنى كەچۈرۋەتكەن بولسا، ئۇ ئىككى كىشىنىڭ يەنە بىرى ئۇ ئادەمدىن پەقەت قىساسلا ئالىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام مۇھەممەد: «بۇ ھالدا ئۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرى ئۇ ئادەمدىن بىر قولنىڭ پۈتۈن دىيىتىنى ۋە كەچۈرۋەتكىنى بولسا، دىيەتنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ. چۈنكى، قىساس ۋە دىيەت ئۇ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا شېرىك ئىدى. ئىككى كىشىنىڭ بىرى قىساستىكى ئۆزىنىڭ ھەققىنى كەچۈرۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، يەنە بىرىنىڭ قىساستىكى ھەققى مالغا ئايلىنىدۇ. شۇڭا ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئۆتۈۋەتكىنى دىيەتنىڭ يېرىمىنى ئالىدۇ. ئۆتۈۋەتمىگىنى بولسا بىر قولنىڭ پۈتۈن دىيىتىنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ. بۇ دىيەتنىڭ يېرىمى (بىر قولنىڭ ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدىكى شېرىك دىيەتنىڭ) يېرىمىدىن كەلگەندۇر، يېرىمى بولسا، (ئۇنىڭ مالغا ئايلانغان قىساستىكى ھەققىدىن) كەلگەندۇر» دېدى. بۇ قاراشلارنىڭ ئىچىدىن توغرا دەپ قارالغىنى بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە ۋە ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئىككى كىشىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ (كېسىلىشكە ھۆكۈم چىقىرىلغان) قولىدا ھەققى بار. قول بىر ئۇنىڭدا ھەققى بار كىشى ئىككى بولغاچقا، ئىككى كىشىنىڭ ئۇ قولدا يېرىم ـ يېرىمدىن ھەققى بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئىككى كىشىنىڭ بىرى ئۇ ئادەمدىكى ئۆزىنىڭ ھەققىنى كەچۈرۋەتسە، ئۇ ئىككى كىشىنىڭ يەنە بىرىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇستىدىكى ھەققى خۇددى بىر نەرسە ئۇستىدە ھەققى بار ئىككى شېرىكنىڭ بىرى ئۆز ھەققىدىن ئۆتۈۋەتسە، ئۇ نەرسىنىڭ ئۇستىدە يەنە بىرىنىڭ ھەققى ئۆز پېتى قالغىنىدەك ئۆز پېتى قېلىپ قالىدۇ.[1]

بىر ئادەم بىر كىشىگە ئۆلتۈرۈش نىيىتى بىلەن ئوق ئاتقان، ئۇ ئوق ئۇ كىشىدىن ئۆتۈپ چىقىپ يەنە بىر كىشىگە تەككەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى كىشى ئۆلگەن بولسا، ئۇ ئادەمدىن ئۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرىگە ھېسابلاپ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 358 ـ بەت.

قىساس ئېلىنىدۇ، يەنە بىرىگە ھېسابلاپ ئۇ ئادەمنىڭ جەمەتىدىن دىيەت ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئىككىنچى كىشىنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرگەن ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈشنى ئەمەس باشقا كىشىنى ئۆلتۈرۈشنى نىيەت قىلدى. ئوق ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ ئۇ كىشىگە تەگدى. بۇ بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىككى تۈرلۈك سەۋەنلىك ئۆلتۈرۈشنىڭ بىر تۈرىدۇر. بۇ خۇددى ئوۋ ھايۋىنىنى ئۆلتۈرۈشنى نىيەت قىلىپ ئوق ئاتقان، ئەمما ئوق بېرىپ ئادەمگە تەككەن ئەھۋالغا ئوخشاش. ئەگەر ئۇ ئادەم ئوقنى ھەر ئىككى كىشىنى ئۆلتۈرۈشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇپ ئاتقان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئىككىنچى كىشىنىمۇ قەستەن ئۆلتۈرگەن ھېسابلىنىدۇ.

## ئۇرۇش مەيدانىدا مۇسۇلماننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قېلىشنىڭ بايانى

ئەگەر ئۇرۇش مەيدانىدا بىر مۇسۇلمان يەنە بىر مۇسۇلماننى كاپىرلارنىڭ سېپىدىكى كاپىر، دېگەن گۇمان بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۆلتۈرگۈچى مۇسۇلماندىن قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، بۇمۇ ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈش ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۆلتۈرگۈچى مۇسۇلماننىڭ كاففارەت بېرىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىمدۇر. بۇ، ئەگەر مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتمىگەن بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەن مۇسۇلمان كاپىرلارنىڭ سېپىنىڭ ئىچىدە بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن مۇسۇلمانغا ھېچ نەرسە بېرىش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ مۇسۇلمان كاپىرلارنىڭ سېپىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قېنىنىڭ ھۆرمىتى چۈشۈپ كېتىدۇ. (شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرۈش توغرا بولىدۇ). بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىر قەۋمگە (قوشۇلۇپ ئۇنىڭ) سانىنى ئاۋۇتقان كىشى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھېسابلىنىدۇ.»[1]

ئەگەر بىر ئادەم دۈشمەن تەرەپنىڭ بىر مۇسۇلماننى مەجبۇرىي ھالدا ئۇرۇش مەيدانىغا ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ ۋە

(1) بۇ ھەدىسنى ئەبۇيەئلا ۋە دەيلەمىي رىۋايەت قىلدى.

ئۇنىڭ مەجبۇرىي ھالدا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى نىشانغا ئېلىپ ئاتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇسۇلمان ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، قىياس قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇ ئادەمدىن قىساس ئېلىش ۋاجىپتۇر. ئەمما ئىستىھسان قائىدىسىگە ئاساسەن ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ مۇسۇلماننىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بولىدىغان بىر ئورۇندا بولۇشى ئۇنى ئۆلتۈرگەن ئادەمگە قىساسنىڭ ئىجرا قىلىنماسلىقىغا سەۋەب بولىدىغان بىر شۈبھىدۇر. شۇڭا ئۆلتۈرگۈچى ئۆز مال ـ مۈلكىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئۇ مۇسۇلمان ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىش لازىم. ئۇ ئادەمگە كاففارەت بېرىش لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ مۇسۇلماننىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى ئۇ ئادەمگە: «سەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ مەجبۇرلىنىپ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئوق ئاتتىڭ» دېگەن ۋە ئۇ ئادەم: «مەن (ئۇنى ئەمەس) ئوقنى مۇشرىكلارغا قارىتىپ ئاتتىم» دېگەن بولسا، ئوق ئاتقان ئادەمنىڭ سۆزى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، مۇشرىكلار تەرىپىگە ئوق ئېتىش ئۇنىڭ قىلىشى لازىم بولغان ئىشتۇر.

## ھەرەمدە جازالارنى ئىجرا قىلىش ۋە قىساس ئېلىشنىڭ بايانى

ھەرەمدە ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئىسلامدىن يېنىۋالغان كىشى دەسلەپ ئۇنى ئىسلامغا تەكرار قايتىپ كىرىشكە دەۋەت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىسلامغا تەكرار قايتىپ كىرمىسە، ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ھەرەمنىڭ سىرتىدا ئادەم ئۆلتۈرگەنگە ياكى ئىسلامدىن يېنىۋالغانغا ياكى زىنا قىلغانغا، ياكى ھاراق ئىچكەنگە ئوخشاش جازا بېرىشنى كەلتۈرۈدىغان بىرەر جىنايەت قىلغان، ئاندىن ھەرەمنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەم ھەرەمنىڭ ئىچىدە تۇرغان مۇددەت ئىچىدە ئۇنىڭغا چېقىلىلمايدۇ. لېكىن، ھەتتا ئۇ ئادەمنىڭ ھەرەمنىڭ دائىرىسىنىڭ سىرتىغا چىقىشىغا مەجبۇر بولۇشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە (ھەرەمنىڭ ئىچىدە) بىر نەرسە سېتىپ بېرىلمەيدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىلمەيدۇ، بىر يەردە بىللە ئولتۇرۇلمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا (قالغۇدەك) ئورۇن تەييارلاپ بېرىلمەيدۇ. ھەرەمنىڭ دائىرىسىنىڭ سىرتىدا جىنايەت ئىشلەپ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان ئادەمگە (ئۇنىڭ ئىچىدە) جازا ئىجرا قىلىنمايدۇ، دېگەنلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى

**بولسا، الله تائالانىڭ: «بەيتۇللاغا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ[1]» دېگەن ئايىتىدۇر.**

**ئەگەر ئۇ ئادەم مەزكۇر جىنايەتلەرنىڭ بىرەرسىنى ھەرەمنىڭ ئىچىدە قىلسا، ئۇنىڭغا جازا ئىجرا قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ھەرەمنىڭ ئىچىگە ئۇرۇش قىلغۇچى سۇيۇقەست قىلغان ئادەممۇ ئۇنىڭ ئىچىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ. جازالار ھەرەمنىڭ سىرتىدا جىنايەت قىلىپ كېيىن ھەرەمنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان كىشىگە ئىجرا قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئۇ جىنايەتلەر جانغا ئەمەس ئەزالارغا قىلىنغان جىنايەت بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئادەمگە جازا ئىجرا قىلىنمايدۇ. ئەمما جىنايەت ھەرەمنىڭ ئىچىدە قىلىنغان بولسا، بۇ ھالدا جىنايەتچىگە جازا ئىجرا قىلىنىدۇ. بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە پەتھى بولغان يىلى ئوغرىلىق قىلغان مەخزۇمىيەلىك ئايالنىڭ قولىنى كەسكەن، دېگەن ھەدىس بولسا، بىز دېگەن سۆزلەرگە زىت ئەمەستۇر. چۈنكى، ئۇ ئايال ئوغرىلىقنى ھەرەمنىڭ دائىرىسى ئىچىدە قىلغاندۇر.**

# ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت بېرىشنىڭ ۋە ئۆلتۈرۈشنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ بايانى

**ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە: «مېنى ئۆلتۈرگىن» دېگەن، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. ئۇ كىشىگە ئۇ ئادەم ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن دىيەت بېرىش لازىمدۇر. چۈنكى، ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن بېرىلگەن رۇخسەت كۈچكە ئىگە بولمايدۇ. لېكىن رۇخسەت شۇبھىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنىش چۈشۈپ كېتىدۇ.**

**ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە: «مېنىڭ قېرىندىشىمنى ياكى ئوغلۇمنى ياكى دادامنى ئۆلتۈرگىن» دېگەن ۋە (ئۇ كىشى ئۇلارنىڭ بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن) بولسا، ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنى قىساس ئېلىشقا بۇيرۇق قىلىشى ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىدىن قىساسنى چۈشۈرۈۋەتمەيدۇ.**

**ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە: «بۇ ئوقيانى ماڭا ئېتىپ بەرگىن، مەن**

(1) سۈرە ئالى ئىمران 97 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى.

ئۈنى تۇتتۇۋالاي » دېگەن، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە ئۇقيانى ئېتىپ بەرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇقيا ئۇنىڭ كۆزىگە تېگىپ كۆزىنى قويۇۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. ئۇ كىشىگە ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئۇ ئادەم ئۈچۈن دىيەت بېرىش لازىم بولىدۇ. ئەگەر ئىككى ئادەم بىر ـ بىرى بىلەن مۇشتلاشقان ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەن بولسا، ئەگەر مۇمكىن بولسا جىنايەت ئىشلىگەندىن قىساس ئېلىنىدۇ. چۈنكى، جىنايەتچى بۇنى قەستەن قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

## باشقىلارنىڭ قورۇسىنى مارىغان ئادەمنىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىشنىڭ ھۆكمى

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ قورۇسىنىڭ ئىچىگە ئىشىكنىڭ تۆشۈكىدىن، ياكى تامنىڭ تۆشۈكىدىن قارىغان ۋە قورۇنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ كۆزىگە تاياق تىقىش، ياكى تاش ئېتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر قورۇنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمنى شۇنداق قىلىشتىن ئۇنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتمەستىن يىراقلاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىغان بولسا، قورۇنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ كۆزىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلىش مۇمكىن بولسا، قورۇنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ كۆزىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): « ئىككى ھالەتتە قورۇنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمنىڭ كۆزىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ » دەيدۇ[1]. ئىمام شافىئىي (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىغا تۆۋەندىكى ھەدىسنى دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى.

ئەنەس (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: « بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىرىنىڭ بىرىگە قارىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇقيانىڭ ئۈچچىنى (قولىغا ئېلىپ) ئۇ كىشى تويۇقسىز قالغاندا ئۇنىڭ كۆزىگە تىقىشقا تىرىشتى. »

سەھل ئىبنى ئەسسائىدىي (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلىرىنىڭ بىرىگە ئۆينىڭ ئىشىكىدىن قارىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا بېشىنى قاشلىۋاتقان تاغاق بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئادەمنى كۆرگەن ۋاقتىدا، ئەگەر مەن سېنىڭ ماڭا (ئىشىكنىڭ تۆشۈكىدىن) قاراۋاتقانلىقىڭنى كۆرگەن بولسام،

---

(1) كۆزىنى تۆلەپ بېرىشتىن ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىش، دېگەنلىك مەقسەت قىلىنىدۇ.

بۇنى كۆزەتكەن تىقاتتىم ۋە «(ئۆيگە كىرىشكە) رۇخسەت سوراش كۆز (ئۆينىڭ ئىچىدىكى نامەھرەمگە) قارىمىسۇن دېگەنلىك ئۈچۈن يولغا قويۇلغان» دېدى.[1]

ئىمام مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرىدىن (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز قارىغان ئادەمنىڭ كۆزىنى ئۇلارنىڭ قويۇۋېتىشى توغرىدۇر» بۇ ھەدىس بۇ ھالەتتە كۆزىنى قويۇۋەتكەن ئادەمگە ئۇ كىشى ئۈچۈن دىيەت تۆلەيدۇ، دېگەنلەر ئۈچۈن رەددىيە بېرىدۇ. بۇ ھالەتتە بىر كىشىنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەن ئادەمگە ئۇ كىشى ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىشنىڭ لازىم بولمايدىغانلىقى يەنە بىر ھەدىستە ئوچۇق ـ ئاشكارا بايان قىلىندى: «ئەگەر بىر ئادەم باشقىلارنىڭ ئۆيىگە ئۇلارنىڭ رۇخسىتىسىز قارىغان، ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتكەن كىشىگە (ئۇنىڭ كۆزىنىڭ) دىيىتىنى تۆلەپ بېرىش، ياكى ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىش لازىم ئەمەس» يەنە بىر ھەدىستە: «(باشقىلارنىڭ قورۇسىغا قارىغانلىقى ئۈچۈن كۆزى قويۇلۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ تارتقان زىيىنى) بىكارغا كېتىدۇ» دەپ بايان قىلىندى. ئالىملار مەزكۇر ھەدىسلەرنى باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە قارىغان ئادەمگە بىر نەرسە ئېتىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن دەلىل ـ پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. ئالىملار: «ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا ئېتىلغان يەڭگىل نەرسە بىلەن قايتىپ كەتمىسە، ئۇنىڭغا ئېغىر نەرسە ئېتىشمۇ توغرىدۇر، ئەگەر ئۇ ئادەمگە ئېتىلغان نەرسە ئۇنىڭ بىرەر ئەزاسىغا تېگىپ ئۇ يەرنى يارىدار قىلغان بولسا، ئۇنىڭ ھېسابى سورالمايدۇ» دەيدۇ. مالىكىي مەزھەپىدىكىلەر: «قورۇسىغا قارىغان ئادەمنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەن كىشىدىن قىساس ئېلىنىدۇ ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ كۆزىنى، ياكى باشقا يېرىنى نىشانلاپ بىر نەرسە ئېتىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، جىنايەتكە جىنايەت بىلەن رەددىيە بېرىلمەيدۇ» دەيدۇ. كۆپ ساندىكى ئالىملار مالىكىيلەرگە مۇنداق جاۋاب بەردى: «ئەگەر باشقىلارنىڭ قورۇسىغا قارىغان ئادەمنىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىشكە رۇخسەت بېرىلسە، ئۇنىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىش جىنايەت ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىش مەزكۇر سەۋەب بىلەن بولمىسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىش جىنايەت ھېسابلىنىدۇ». ئالىملار

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

يەنە باشقىلارنىڭ قورۇسىغا قاراپ ئۇ قورۇغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن ئادەمنىڭ ئالدىنى توسۇشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا بىر پىكىرگە كەلدى. ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش مەزكۇر سەۋەب تۈپەيلىدىن بولمىسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مەزكۇر سەۋەبنىڭ يېنىدا يەنە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسمۇ بار. مالىكىي مەزھەپىدىكىلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسكە: «ئۇ ھەدىس (باشقىلارنىڭ قورۇسىغا قارىغان ئادەمنىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئەمەس) ئۇنىڭغا قاتتىق مۇئامىلە قىلىپ ۋە ئۇنى قورقۇتۇپ قويۇشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ كەلگەن» دېگەن جاۋابنى بەردى.[1]

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ قورۇسىغا بېشىنى تىققان ۋە قورۇنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا تاش ئاتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزى چىقىپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشى ئۇنىڭ كۆزى ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بەرمەيدۇ. بۇ، بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر. چۈنكى، ئۇ ئادەم (ئۇ كىشىنىڭ قورۇسىغا قاراش ئارقىلىق) ئۇ كىشىگە تەۋە نەرسىدىن پايدىلانغان بولىدۇ. بۇ خۇددى بىر ئادەمنىڭ كىيىم - كېچەكنى ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇنغان ۋە ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچەكنى ئېلىۋېلىشقا ئۇرۇنغان كىشىدىن ئۆزىنى قوغداپ ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئۇ ئادەمگە ئۇ كىشىنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولمىغىنىغا ئوخشاشتۇر. ئەمما بېشىنى قورۇنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئەمەس بېشىنى تېشىدا تۇتۇپ تۇرۇپ قورۇنىڭ ئىچىگە قارىغان ۋە كۆزى قويۇلۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ كۆزىنى تۆلەپ بېرىش ھەققىدە ئىماملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. (يەنى بىر قىسىم ئىماملار ئۇنىڭ كۆزىنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىدۇ، دېسە، بىر قىسىم ئىماملار ئۇنىڭ كۆزىنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ، دەيدۇ).[2]

## ئەزالارغا قىلىنغان جىنايەتنىڭ قىساسىنىڭ بايانى

ئەزالارغا قىلىنغان جىنايەت ئۈچۈنمۇ قىساس ئېلىش يولغا قويۇلدى. اللە تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: «ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) غا تەۋراتتا

(1) «فەتھۇلبارى»، 12 - توم، 244 - بەت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، 5 - توم، 353 - بەت.

شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ)، كۆزگە كۆز (يەنى كىشىنىڭ كۆزىنى ناھەق قۇيۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى قۇيۇۋېتىلىدۇ)، بۇرۇنغا بۇرۇن (يەنى كىشىنىڭ بۇرنىنى ناھەق كەسكەننىڭ بۇرنى كېسىلىدۇ)، قۇلاققا قۇلاق (يەنى كىشىنىڭ قۇلىقىنى ناھەق كەسكەننىڭ قۇلىقى كېسىلىدۇ)، چىشقا چىش (يەنى كىشىنىڭ چىشىنى ناھەق تۆككەننىڭ چىشى تۆكۈلىدۇ) ۋە (كىشىنى) قانداق يارىدار قىلغان بولسا شۇنداق يارىدار قىلىنىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ، كىمكى (جىنايەتچىنى) ئەپۇ قىلسا (يەنى ئۇنىڭدىن قىساس ئالمىسا) بۇ ئۇنىڭ (گۇناھى) غا كەففارەت بولىدۇ، الله نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىغان كىشىلەر زالىملاردۇر[1] »

قىساس ئېلىش، قىساسنى ئوخشاش ئېلىش مۇمكىن بولىدىغان ھەر قانداق جىنايەتتە يولغا قويۇلغاندۇر. ھەنەفىي مەزھەپىدە يارىلانغان بىر يەر ئۇچۇن قىساس ئۇ يەر ساقىيىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىنىدۇ. ئەمما ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «قىساس ئۇ يەر ساقىيىشتىن بۇرۇن ئېلىنىدۇ» دەيدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدە بىر كىشى بىر ئادەمنى مەيلى كالتەك - توقماق بىلەن ئۇرسۇن، مەيلى باشقا نەرسىلەر بىلەن ئۇرسۇن، ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنىدۇ. چۈنكى، بىز يۇقىرىدا ئەزالار ئۇچۇن قىلىنغان جىنايەتلەردە قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن جىنايەت بولمايدۇ، دەپ بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

بىر ئادەمنىڭ قولىنى بېغىشىدىن قەستەن كېسىۋاتقان كىشىدىن قىساس ئېلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ بىلىكىنىڭ ياكى يوتىسىنىڭ يېرىمىدىن كېسىۋاتقان، ياكى بۇرنىنى كېسىۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەمدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمدىن ئوخشاش شەكىلدە قىساس ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئەزاسىدىن ئارتۇق ياكى ئاز كېسىلىپ قېلىشى مۇمكىن.

ئەگەر بىر كىشىنىڭ قولىنى كېسىۋاتقان ئادەمنىڭ قولى، ئۇ كىشىنىڭ قولىدىن ئۇزۇن بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ قولى كېسىلىدۇ. چۈنكى، قولدىن كېلىدىغان پايدا قولنىڭ كىچىك ياكى چوڭ بولۇشى بىلەن پەرق قىلمايدۇ. ئەمما قولنىڭ يارىدار قىلىنىشىدا قولنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

(1) سۈرە مائىدە 45 - ئايەت.

**ئەگەر ئىككى چىكىسى كەڭ ئادەم ئىككى چىكىسى تار بىر كىشىنىڭ ئىككى چىكىسىنىڭ ئارىسىنى سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ قالغىدەك دەرىجىدە يارىدار قىلغان بولسا، ئىككى چىكىسى تار كىشى ئۇ ئادەمنىڭ ئىككى چىكىسىنىڭ ھەممىسىنى يارىدار قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئىككى چىكىسى كەڭدۇر. يارىداردا بۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئىككى چىكىسى تار كىشى ئۇ ئادەمنىڭ چىكىسىنى ئۆزىنىڭ يارىسىنىڭ مىقدارىدەك يارىدار قىلىدۇ، ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن پۇل ئالىدۇ. چۈنكى، بۇنىڭدا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ئىش بولسا، جىنايەت ئارقىلىق (ئۇ كىشىنىڭ چىكىسىدە) يۈز بەرگەن ئەيىب ۋە كەمچىلىكتۇر. ئەگەر يارىدار ئۇ ئادەمنىڭ چىكىسىنى ئۆزىنىڭ يارىسىنىڭ مىقدارىدەك يارىدار قىلسا، ئۇ ئادەمنىڭ چىكىسىدە ئەيىب ئاز بولغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر يارىدار ئۇ ئادەمنىڭ ئىككى چىكىسىنىڭ ئارىسىنىڭ ھەممىسىنى يارىدار قىلسا، بۇ ھالدا يارىدار ئۇ ئادەمدىن ئۆزىنىڭ ھەققىدىن بەك ئاشۇرۇپ ھەق ئالغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يارىلانغۇچى بىلەن ئۇنى يارىدار قىلغان ئادەمنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنۈشتە ۋە مەنىدە ئوخشاشلىق تۈگىگەن بولىدۇ. ئوخشاشلىق رىئايە قىلىنىدىغان ھەممە جىنايەتنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداقتۇر.**

**سۆڭەككە قىلىنغان جىنايەت ئۈچۈنمۇ قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، سۆڭەكتىن ئوخشاش شەكىلدە قىساس ئېلىش قىيىندۇر. چىشقا جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەمدىن قىساس ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنىڭ چىشلىرى ئۇزۇن يەنە بىرىنىڭ چىشلىرى قىسقا بولغان تەقدىردىمۇ چىشقا جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەمدىن قىساس ئېلىنىدۇ. يەنى بىر كىشى بىر ئادەمنىڭ چىشىنى يۇلىۋاتقان ياكى تۆكىۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ چىشىمۇ يۇلۇنىدۇ ياكى تۆكىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئەنەس (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «نەزىرنىڭ قىزى بىر چۆرۈنىڭ كاچىتىغا ئۇرۇپ ئۇنىڭ ئۇدۇل چىشىدىن بىرنى چۇشۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئاندىن چىشى تۆكۈلگەن تەرەپتىكىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بۇ ھەقتە شىكايەت قىلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەزىرنىڭ قىزىدىن قىساس ئېلىشقا بۇيرۇدى.»[1]**

**ئىبنى بەتتال (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئالىملار بىر ئادەمنىڭ چىشىنى قەستەن تۆكۈۋەتكەن ياكى يۇلىۋاتقان كىشىنىڭ چىشىنىڭ تۆكىۋېتىلىدىغانلىقىدا ياكى يۇلىۋېتىلىدىغانلىقىدا**

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بىرلىككە كەلدى. ئەمما ئۇلار تەننىڭ باشقا سۆڭەكلىرىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزگەن ئادەم ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئىمام مالىك (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مىڭىغا يەتكەن يارا،[1] سۆڭەكنى يۇرۇشۇپ كەتكەن يارا،[2] سۆڭەكنى سۇندۇرۇلغان يارا[3] قاتارلىق يارىلاردىن باشقا يارىلار ئۈچۈن (يارىلاندۇرغۇچىدىن) قىساس ئېلىنىدۇ. ئەمما مەزكۇر يارىلار ئۈچۈن (يارىلاندۇرغۇچىدىن) دىيەت ئېلىنىدۇ» دېدى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىغا اللّٰه تائالانىڭ: «ئۇلار (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادى) غا تەۋراتتا شۇنداق بەلگىلىدۇقكى، جانغا جان (يەنى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئۆلتۈرۈلىدۇ)، كۆزگە كۆز (يەنى كىشىنىڭ كۆزىنى ناھەق قۇيۇۋەتكەن ئادەمنىڭ كۆزى قۇيۇۋېتىلىدۇ) . . .» دېگەن ئايىتىنى پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. ئىمام مالىك (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ ئايەتنى ئۆزىنىڭ قارىشىغا پاكىت قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ شەرىئەتى، ئەگەر بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تىلى ئارقىلىق بايان قىلىنغان ۋە پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا ئىنكار قىلمىغان بولسا، ئۇ بىزنىڭمۇ شەرىئەتىمىز ھېسابلىنىدۇ. اللّٰه تائالانىڭ: «چىشقا چىش (يەنى كىشىنىڭ چىشىنى ناھەق تۆككەننىڭ چىشى تۆكۈلىدۇ)» دېگەن ئايىتى سۆڭەكلەردىمۇ قىساسنىڭ ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، چىشمۇ سۆڭەكتۇر. لېكىن، (ئەگەر قىساس ئېلىنسا) ئۆلۈپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلىنغانلىقى ياكى قىساسنى ئوخشاش دەرىجىدە ئېلىشقا مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن قىساس ئېلىنمايدىغانلىقىغا بىرلىككە كېلىنگەن سۆڭەكلەرگە زىيان يەتكۈزگەن ئادەمدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. (بۇ ئادەمگە ئۇ سۆڭەكلەرگە زىيان يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ).»

ئىمام شافىئىي، ئىمام ئەللەيس ۋە ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر: «چىشتىن باشقا سۆڭەكلەردە قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، چىشتىن باشقا سۆڭەكلەردە، ئۇلارنى قاپلاپ تۇرۇدىغان گۆش ۋە پەيلەر بار. مەسىلەن: چىشتىن باشقا سۆڭەكلەردىن بىرەرسىنى سۇندۇرۇۋەتكەن ئادەمدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ سۆڭىكىنىمۇ خۇددى ئۇنىڭغا ئوخشاش سۇندۇرۇۋېتىشقا توغرا كېلىدۇ.

(1) بۇنىڭدىن بىر ئادەمنى ھەتتا يارا ئۇنىڭ مىڭىسىگە يېتىپ بارغىدەك دەرىجىدە يارىلاندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

(2) بۇنىڭدىن بىر ئادەمنى ھەتتا يارىلانغان يەرنىڭ سۆڭەكلىرى سۇنۇپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن يۇرۇشۇپ كەتكىدەك دەرىجىدە يارىلاندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

(3) بۇنىڭدىن بىر ئادەمنى ھەتتا يارىلانغان يەرنىڭ سۆڭەكلىرى سۇنۇپ كەتكىدەك دەرىجىدە يارىلاندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ت.

ئۇنىڭ سۆڭىكىنىمۇ خۇددى ئۇنىڭغا ئوخشاش سۇندۇرۇۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر بۇ مۇمكىن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە بىز چىشتىن باشقا سۆڭەكلەرگە زىيان يەتكۈزگەن ئادەمدىن قىساس ئېلىشقا ھۆكۈم قىلاتتۇق.» دەيدۇ.[1]

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ چىشىنى تۇكىۋاتقان كىشىنىڭ چىشى قارا، ياكى سېرىق بولسا، (يەنى ئەيىبلىك بولغان بولسا)، بۇ ھالدا چىشى تۇكۇلۇپ كەتكەن ئادەم خالىسا ئۇنىڭدىن قىساس ئالىدۇ، خالىسا چىشى ئۇچۇن ئۇنىڭدىن دىيەت ئالىدۇ. ئەگەر چىشى تۇكۇلۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ چىشى ئەيىبلىك بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ چىشىنى تۇكىۋاتقان كىشىدىن قىساس ئەمەس پەقەت دىيەت ئېلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ چىشىنى سۇندۇرۋاتقان كىشىدىن قىساس ئېلىش ئۇچۇن ئۇنىڭ چىشىنى سۇندۇرۋاتماقچى بولغان ۋاقىتدا، ھەتتا ئوخشاش سۇندۇرۇلىشى ئۇچۇن ئۇنىڭ چىشى ئاستا ـ ئاستا سۇندۇرۇلىدۇ. كۆچلۈك دەپ قارالغان بىر رىۋايەتتە: «ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ چىشىنى سۇندۇرۇۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. ئۇ ئادەمدىن پەقەت دىيەت ئېلىنىدۇ، ھەر چىشنىڭ دىيىتى بەش تۆگە، ياكى بەش كالىدۇر» دەپ بايان قىلىندى.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ چىشىنىڭ يېرىمىنى سۇندۇرۇۋەتكەن، ئاندىن ئۇ چىشنىڭ قالغان يېرىمى ئۆزىچە چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمدىن قىساس ئېلىنمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ چىشىغا ئۇرغان، ئاندىن ئۇنىڭ چىشى مىدىرلاپ قالغان، ئەمما رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتمىگەن، كېيىن ئۇ چىشنى باشقا بىر ئادەم يۇلۇۋاتقان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئۇستىدىن ئادىل ئىككى مۇسۇلمان كىشى ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئۇ ئادىل ئىككى مۇسۇلمان ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ ئۇ كىشىگە قانچىلىق پۇل تۆلەپ بېرىشى ئۇچۇن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ھۆكۈم چىقارغاندا ئادىل ئىككى مۇسۇلمان كىشىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى اللّٰه تائالانىڭ بۇ ئايىتىدىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز: «ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئۇۋلىغان ھايۋانلارنى ئېھرامدا ياكى ھەرەمدە تۇرۇپ ئۆلتۈرمەڭلار. سىلەردىن كىمكى ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئىشنىڭ ۋابالىنى تېتىشى ئۇچۇن، ئۇنىڭ جازاسى ئىككى ئادىل كىشىنىڭ باھالىشى بويىچە

(1) «فەتھۇلبارى»، 12 ـ توم، 224 ـ بەت.

ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن ئوۋغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىدىن بىرنى كەبىگە ئېلىپ بېرىپ قۇربانلىق قىلىشتۇر. . .[1] »

بىر ئادەمنىڭ ئۇدۇل چىشىنى سۇندۇرۇۋاتقان كىشىنىڭمۇ ئۇدۇل چىشىنى سۇندۇرۇۋېتىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەمنىڭ ئېغىز چىشىنى سۇندۇرۇۋاتقان كىشىنىڭمۇ ئېغىز چىشىنى سۇندۇرۇۋېتىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئاستىن قاتاردىكى چىشلىرىنى سۇندۇرۇۋاتقان كىشىدىن ئۇنىڭ ئۈستۈن قاتاردىكى چىشلىرىنى سۇندۇرۇۋېتىش بىلەن قىساس ئېلىنمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئۈستۈن قاتاردىكى چىشلىرىنى سۇندۇرۇۋاتقان كىشىدىن ئۇنىڭ ئاستىن قاتاردىكى چىشلىرىنى سۇندۇرۇۋېتىش بىلەن قىساس ئېلىنمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ بىرەر ئەزاسىغا زىيان يەتكۈزگەن كىشىدىن پەقەت ئۇنىڭ شۇ ئەزاسىغا زىيان يەتكۈزۈش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ.

ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن بىر ـ بىرىنى يارىدار قىلىش ئىشلىرىدىمۇ قىساس ئېلىنىدۇ[2]. بۇ ھەقتە ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) <ئەلمەبسۇت> دېگەن ئەسىرىدە شۇنداق دېگەن. چۈنكى، ئەزالارنى كېسىۋېتىش بولسا، ئەزالارنىڭ رولىنى يوقۇتۇۋېتىشتىن، ئىنسانغا ئەزىيەت بېرىشتىن ۋە ئىنساننى ئەيىبلىك قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئىشلاردا ئەر ـ ئاياللار ئوخشاش. يەنى ئەرگە يۈز بەرگەن شۇ ئىشلار ئايالغىمۇ يۈز بېرىدۇ.

مۇسۇلماننىڭ ئەزالىرى بىلەن (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرنىڭ ئەزالىرى قىساستا ئوخشاشتۇر. يەنى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قىساس ئىجرا قىلىنىدۇ[3]. ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): « (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدىغان كىشىدىن (ئۇ كاپىرنىڭ بىرەر ئەزاسىغا زىيان ـ زەخمەت) يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن قىساس ئېلىنىدۇ. (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەيدىغان

(1) سۈرە مائىدە 95 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) يەنى مەسىلەن: ئەر ئايالنىڭ چىشىنى سۇندۇرۇۋاتقان ياكى قولىنى بىغىشىدىن كېسىۋەتكەن بولسا، ئەردىن قىساس ئېلىنىدۇ. ت.

(3) يەنى بىر مۇسۇلمان (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرنىڭ بىرەر ئەزاسىغا زىيان يەتكۈزگەن بولسا، ئۇ مۇسۇلماندىنمۇ قىساس ئېلىنىدۇ. ت.

كىشىدىن (ئۇ كاپىرنىڭ بىرەر ئەزاسىغا زىيان ـ زەخمەت) يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن قىساس ئېلىنمايدۇ»[1] دېدى.[2]

بىر ئادەمنىڭ بىلىكىنىڭ يېرىمىنى كېسىۋاتقان كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىدىن ئوخشاش شەكىلدە قىساس ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە بىر كىشىنى ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىن ياكى ئارقا تەرىپىدىن تاكى، ئۇنىڭ قورسىقىغا يەتكەنگە قەدەر يارىلاندۇرغان ۋە ساقىيىپ كەتكەن يارا ئۈچۈنمۇ ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. بۇ يارا ئۈچۈن ئۇ كىشىدىن پەقەت دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىرى ئېلىنىدۇ. ئەگەر يارىدار يارىسىدىن قان كۆپ ئېقىپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنى يارىلىغان كىشىدىن قىساس ئېلىنىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ تىلىنى، ياكى جىنسىي ـ ئەزاسىنى تۈۋىدىن كېسىۋاتقان بولسىمۇ كېسىۋاتقان كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. لېكىن، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ جىنسىي ـ ئەزاسىنىڭ پەقەت ئۈچچى تەرىپىنىلا كېسىۋاتقان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ جىنسىي ـ ئەزاسىنىڭ بىر قىسمىنى كېسىۋاتقان بولسا، ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. يەنى ئۇ كىشىنىڭ جىنسىي ـ ئەزاسىنىڭ يېرىمى كېسىۋېتىلمەيدۇ. <ئەلھىدايە> دېگەن ئەسەردە: «بىر ئادەمنىڭ تىلىنى ياكى جىنسىي ـ ئەزاسىنى كېسىۋاتقان كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ، بۇ كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر» دەپ بايان قىلىندى.

ئەگەر بىر ئادەم تۇغۇلغان ۋاقتىدا يىغلىغان كىچىك بالىنىڭ تىلىنى كېسىۋاتقان بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك مال ـ مۈلۈك بېرىش ھەققىدە ئادىل بىر كىشى ھۆكۈم چىقىرىدۇ. چۈنكى، ئۇ بالىنىڭ چوڭ بولغاندا گەپ قىلالايدىغان بالا بولىدىغانلىقى تېخى ئېنىق ئەمەس. ئەگەر بىر ئادەم تىلى چىقىپ گەپ قىلغان بالىنىڭ تىلىنى كېسىۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن تولۇق دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئەگەر بىر ئادەم گاچىنىڭ تىلىنى ياكى تېخى گەپ قىلالمايدىغان كىچىك بالىنىڭ تىلىنى كېسىۋاتقان بولسا، ئۇ

(1) ئىمام شافىئىينىڭ قارىشىچە: (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن مۇسۇلمان ئۆلتۈرۈلمەيدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرنىڭ بىرەر ئەزاسىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزگەن مۇسۇلماندىنمۇ قىساس ئېلىنمايدۇ. ت.

(2) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 356 ـ بەت

ئادەمنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك مال ـ مۈلۈك بېرىش ھەققىدە ئادىل بىر كىشى ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ كالپۇكىنى تۇۋىدىن كېسىۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەمدىن قىساس ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ كالپۇكىنى ئوخشاش كېسىش مۇمكىندۇر. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ كالپۇكىنى تۇۋىدىن ئەمەس يېرىمىدىن، ياكى ئاز بىر قىسمىنى كېسىۋاتقان بولسا، ئۇ ئادەمدىن قىساس ئېلىنمايدۇ.[1]

ئەگەر بىر كىشىنى يارىدار قىلغان ئادەمدىن ئوخشاش شەكىلدە قىساس ئېلىشنىڭ قىيىن بولغانلىقى سەۋەبى بىلەن يارىدار قىلىنغان كىشىنىڭ ئۆنىخدىن ئۆزىنىڭ قىساسىنى ئېلىشى قىيىن بولغان بولسا، بۇ ھالدا يارىدار قىلىنغان كىشى خالىسا ئۇ ئادەمدىن قىساسىنى ئالىدۇ، خالىسا ئۆنىخدىن دىيەت ئالىدۇ. ئەگەر يارىدار قىلغۇچى ئادەمنىڭ (باشقا سەۋەب بىلەن) قولىرى تۇتماس ياكى بارماقلىرى كەم ياكى بېشى يارىدار قىلىنغان كىشىنىڭ بېشىدىن كۆپ يارىلانغان ئادەم بولغان بولسا، بۇ ھالدا يارىدار قىلىنغان كىشى ئۇ ئادەمدىن ئۆزىنىڭ قىساسىنى ئاددىي بىر شەكىلدە ئېلىشقا رازى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمدىن ئۆزىنىڭ قىساسىنى ئاددىي بىر شەكىلدە ئالماي ئۆنىخدىن دىيەت ئېلىشنى خالىسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆنىخدىن دىيەت ئېلىش ھەققىمۇ بار.

ئەگەر بىر ئادەم قولىنى كېسىۋاتقان كىشىنىڭ قولىنى كېسىشنى ئىختىيار قىلىپ بولغىچە ئۇ كىشىنىڭ قولى ئۇ كىشىگە كەلگەن بىرەر مۇسىبەت سەۋەبى بىلەن، ياكى (زالىم ھۆكۈمران تەرىپىدىن) ناھەق كېسىۋېتىلگەن بولسا، ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇ ئادەم ئۇ كىشىدىن ھېچقانداق نەرسە ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنىڭ ئۇستىدىكى ھەققى ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىشتۇر. ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ھەققى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن (قىساستىن ئېلىشتىن) دىيەت ئېلىشقا يۆتكىلىدۇ. ئەمما بۇ ھەق قىساس ئېلىنىدىغان ئورۇننىڭ بولماسلىقى سەۋەبى بىلەن ئاياغلاشقان بولىدۇ[2]. ئەمما ئۇ كىشىنىڭ قولى ئۇنىڭ ئۇستىدىكى باشقا بىر قىساس ياكى ئوغرىلىق قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن كېسىۋېتىلگەن بولسا،

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 357 ـ بەت.

(2) يەنى يارىدار قىلىنغان ئادەمنىڭ ئۆنى يارىدار قىلغان كىشىدىن قىساس ئېلىش ھەققى بار، ئۇ ئادەم ئەگەر خالىسا ئۇ كىشىدىن قىساس ئالماي دىيەت ئالسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ قىساس ئېلىنىدىغان ئەزايى بولمىسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىدە ھېچقانداق ھەققى بولمىغان بولىدۇ. ت.

ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۇچۇن دىيەت تۆلەپ بېرىشى كېرەك.

ئەگەر قولى پالەچ، ئەمما قولىدىن پايدىلىنالايدىغان كىشى بىر ئادەمنىڭ قولىنى كېسىۋاتقان بولسا، ئۇ كىشىدىنمۇ قىساس ئېلىنىدۇ. ئەمما ئۇ كىشىنىڭ قولى ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىدە قىساس ئېلىنىدىغان ئورۇن بولمىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۇچۇن تولۇق دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم.

قىساس جىنايەتچىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قىساس يارىدار ياكى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە - چاقىلىرىنىڭ جىنايەتچىنى كەچۈرۋېتىشى بىلەن، ياكى ئاز بولسىمۇ جىنايەتچىنىڭ ئۆلارغا مال - مۈلۈك بېرىشكە كېلىشىشى بىلەن چۈشۈپ كېتىدۇ. قىساس ياكى دىيەت كېچىكتۈرۈلمەيدۇ. ئەگەر قىساسنى كېچىكتۈرۈپ ئېلىش ياكى دىيەتنى كېچىكتۈرۈپ بېرىش شەرت قىلىنسا، بۇ ھالدا ئىش شۇ بويىچە بولىدۇ.

ئەگەر ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ئىگە - چاقىلىرىنىڭ بىرى قاتىلنى كەچۈرۋەتكەن بولسا، قاتىلدىن قىساس ئېلىش چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمما ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ باشقا ئىگە - چاقىلىرى قاتىلدىن ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان دىيەتلىرىنى ئالىدۇ.

## خىلمۇ خىل مەسىلىلەرنىڭ بايانى

● ئەگەر بىر يىلان بىر كىشىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇ يىلاننى ئۆزىدىن چۈشۈرۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن يىلان ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن، ئاندىن ئۇ كىشىمۇ يىلاننى ئۆزىدىن چۈشۈرۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن يىلان ئۈچىنچى بىر كىشىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن، ئاندىن ئۇ كىشىمۇ يىلاننى ئۆزىدىن چۈشۈرۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن يىلان تۆتىنچى بىر كىشىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن، ئۇنى چېقىۋالغان ۋە بۇ كىشى ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ دىيىتىنى كىم بېرىدۇ؟ بىر تۈركۈم كىشىلەر ئالدىدا ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىن بۇ مەسىلە سورالدى. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىپ: «ئۆلۈپ قالغان كىشىنىڭ دىيىتىنى بىرىنچى

كىشى تۆلىمەيدۇ. چۈنكى، يىلان ئىككىنچى كىشىگە زىيان يەتكۈزمىدى. شۇنىڭدەك يەنە ئىككىنچى كىشىمۇ تۆلىمەيدۇ. ئەمما ئۈچىنچى كىشىگە كەلسەك، ئەگەر يىلان تۆتىنچى كىشىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپلا ئۇنى چىقىۋالغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۈچىنچى كىشى ئۇ كىشىنىڭ دىيىتىنى ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا بېرىدۇ. ئەگەر يىلان تۆتىنچى كىشىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا ئەمەس بىر ئاز مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن چىقىۋالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ دىيىتىنى ئۈچىنچى كىشىمۇ بەرمەيدۇ» دېدى. سورۇندا ئولتۇرغان كىشىلەر ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بۇ جاۋابىنى توغرا دەپ قارىدى. مانا بۇ جاۋاب ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ مەدھىيەلەشكە تېگىشلىك بولغان ئىشلىرىنىڭ بىرىدۇر.[1]

● ئەگەر بىر ئادەم يىلاننى، ياكى چايانني يولغا تاشلاپ قويغان ۋە يىلان، ياكى چايان ئۆزلۈن مۇددەت ئۆتمەستىن يولدا تۇرۇپ كىشىلەرنى چىقىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەم تاكى ئۇنى يولدىن ئېلىۋاتقانغا قەدەر يىلان، ياكى چايان تەرىپىدىن چىقىۋېلىنغان كىشىلەر ئۈچۈن دىيەت تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ يىلانني، ياكى چايانني يولغا تاشلاپ قويغانلىقىغا بىر مۇددەت ئۆتكەن، ئاندىن ئۇ يولدا تۇرۇپ كىشىلەرنى چىقىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەم يىلان، ياكى چايان تەرىپىدىن چىقىۋېلىنغان كىشىلەر ئۈچۈن دىيەت تۆلىمەيدۇ.

● ئەگەر بىر ئادەم قېلىچنى يولغا تاشلاپ قويغان ۋە ئۇنىڭغا بىر كىشى پۇتلۇشۇپ چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ دىيىتىنى بېرىش قېلىچنى يولدا قويۇپ قويغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ.

● شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم يەرگە بومبا كۆمۈپ قويغان ۋە ئۇنىڭغا بىرەر كىشى دەسسەپ بېرىپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ دىيىتىنى بېرىشمۇ بومبىنى كۆمۈپ قويغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ.

● مەسىلەن: دادا يات بىر ئادەم بىلەن بىرلىشىپ بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە، ياكى يات بىر ئادەم بىلەن بىرلىشىپ بالىسىنىڭ ئانىسى بولغان ئايالىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە ئوخشاش بىرىدىن قىساس ئېلىنىدىغان يەنە بىرىدىن قىساس ئېلىنمايدىغان ئىككى ئادەم شېرىكلىشىپ بىر كىشىنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 359 ـ بەت

بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئىككىسىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. بىز بۇ ھەقتە يۇقىرىدا توختۇلۇپ ئۆتكەنىدۇق.

● شۇنىڭدەك يەنە قەستەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر كىشى سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر كىشى بىلەن، ياكى قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈش بىلەن ئادەم ئۆلتۈرىدىغان بىر كىشى بىلەن بىرلىشىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئەقلى - ھوشى جايىدا بىر ئادەم ساراڭ بىلەن بىرلىشىپ ياكى بالاغەتكە يەتكەن بىر بالا تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا بىلەن بىرلىشىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ھەر ئىككىسىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ.

● ئۆيىگە كىرىپ ئۆيىدە بىر كىشىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى توغرىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە يات بىر ئايال بىلەن زىنا قىلىۋاتقان بىر كىشىنى كۆرۈپ قالغان ۋە ۋاقىراپمۇ ئۇ كىشىنى زىنا قىلىشتىن توختىتالمىغان ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىمۇ توغرىدۇر. چۈنكى، بۇ ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. بۇ ھەقتە مۇغىرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: سەئىد ئىبنى ئۇبادە: «ئەگەر مەن ئايالىم بىلەن بىر ئادەمنىڭ بىللە بولغانلىقىنى كۆرۈپ قالسام، ئەلۋەتتە ئۇ ئادەمنى قىلىچنىڭ بىسى بىلەن ئۇرۇمەن» دېدى. سەئىدنىڭ بۇ سۆزۈ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ بارغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەئىدنىڭ كۈندەشلىكىدىن ھەيران بولۇۋاتامسىلەر؟ ئەلۋەتتە مەن سەئىددىن بەكرەك كۈندۈشلۈك قىلىمەن. الله تائالا مەندىن بەكرەك كۈندەشتۇر»[1] دېگەن.

● ئەگەر بىر ئادەم كىچىك بىر بالىغا ھاسا ياكى قورال - ياراق بەرگەن، ياكى ئۇ ئادەم ئۇ بالىنى ئۇ بالىنىڭ ئىگە - چاقىسىنىڭ رۇخسىتىسىز بىر نەرسە كۆتۈرۈشكە، ياكى ئوتۇن سۇندۇرۇشقا بۇيرۇغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالا بۇيرۇلغان ئىشنى قىلىش جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ بالىنىڭ دىيىتىنى ئۇنى ئىشقا بۇيرۇغان ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرى تۆلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم بالىغا: «ئېتىمنى باغلاپ قويغىن» دېگەن ۋە ئۇ بالا ئاتنى باغلىماقچى بولغان ۋاقتىدا، ئات ئۇنى تەپكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئۇ بالا ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ بالىنىڭ دىيىتىنى ئۇ ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرى تۆلەپ بېرىدۇ.

● ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىگە تۇيۇقسىزلا ۋاقىرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ دىيىتىنى ئۇ ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى ئۆزگەرتىپ كىچىك بالىنى قورقۇتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالا ساراڭ بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم بۇنىڭ ئۈچۈن دىيەت تۆلەيدۇ.

● ئەگەر بىر ئادەم تامنىڭ ئۈستىدىكى بىر بالىغا ۋاقىرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالا تامدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا (تامدىن چۈشۈپ كېتىسەن تامنى چىڭ تۇتقىن، دېگەنگە ئوخشاش) ئەسكەرتىش ئۈچۈن ۋاقىرغان ۋە ئۇ بالا تامدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ بالىنى تامدىن چۈشۈپ كېتىشكە بۇيرۇغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالا تامدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ بالىنىڭ دىيىتىنى ئۇ ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ بالىغا: «سەن ئۆزەڭنى سۇغا تاشلىغىن، ياكى ئوتقا ئاتقىن، دېگەن ۋە ئۇ بالا شۇنداق قىلغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ بالىنىڭ دىيىتىنى ئۇ ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ.[1]

● ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا: قىساس قىلىچ ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىساس پەقەت قىلىچ بىلەنلا ئېلىنىدۇ» دېگەن. قورال ـ ياراق، خەنجەر ۋە نەيزىلەرمۇ قىلىچنىڭ ئورنىدىدۇر. ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «قاتىل، ئادەمنى نېمە بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭدىن قىساس شۇ نەرسە بىلەن ئېلىنىدۇ. يەنى ئۇمۇ شۇ نەرسە بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەمما بىر ئادەم پەچچىۋازلىق قىلغانلىق، ياكى ھاراقنى ئىجارىگە قويغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۆلتۈرۈلىدىغان بولسا، ئۇ ئادەم قىلىچ بىلەن ئۆلتۈرۈلىدۇ» دەيدۇ.

● بىر تۈركۈم كىشىنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئۈستىدە ئالىدىغان قىساسى بولغان ۋە ئۇ قىساسنى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرى ئۇنىڭدىن ئالغان بولسا، ئۇ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 360 ـ بەت.

ئادەمنىڭ قالغان كىشىلەرگە بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس.

● بالاغەتكە يەتمىگە كىچىك بالىنىڭ ياكى ئېلىشىپ قالغان ساراڭ كىشىنىڭ، ياكى ئەقلى ئاجىز كىشىنىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىشىنىڭ ھۆكمى خۇددى سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكنىڭ ئورنىدىدۇر. ھارام نەرسىلەرنى ئىچىش ئارقىلىق مەست بولۇپ قېلىپ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن مەستنىڭ ھۆكمى ئۇلارنىڭ ھۆكمىگە ئوخشىمايدۇ. گەرچە مەست ئادەمدە نىيەت بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى قىلمىشىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتلىكنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. ئەمما ھارام ئەمەس نەرسىلەرنى قوللانغان ۋە مەست بولۇپ قېلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىنىڭ ھۆكمى يۇقىرىدىكى مەست بولۇپ قالغان كىشىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەس ھوشىنى يوقىتىپ قېلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ سالغان كىشىگىمۇ سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىدىمۇ خۇددى ئوخلاپ قالغان ئادەمگە ئوخشاش ھېچقانداق بىر نىيەت يوق. ئۇ كىشىنىڭ ئەھۋالى تېخى (يەنى ئۇنىڭدا ھېچبىر ھېسنىڭ بولماسلىقىدا) ئوخلاپ قالغان ئادەمدىنمۇ ئېغىر بولۇشى مۇمكىن. قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىچىك بالىدا نىيەت بار تۇرسىمۇ ئۇنىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكنىڭ ھۆكمى خۇددى سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكنىڭ ھۆكمىدە قىلىنغاندى. شۇنداق بولغان ئىكەن ئەلۋەتتە ئەس ھوشىدىن كېتىپ قېلىپ ئادەم ئۆلتۈرۈپ سالغان كىشىنىڭ ھۆكمىمۇ سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ سالغان كىشىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرۈپ سالغان كىچىك بالىغا ۋە ساراڭ ئادەمگە كاففارەت بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇلار كاففارەت بېرىشنى لازىم قىلىدىغان گۇناھكار ھېسابلانمايدۇ. ئۇلار مىراستىنمۇ مەھرۇم قىلىنمايدۇ[1]. چۈنكى، مىراستىن مەھرۇم قىلىنىش جازادۇر. ئۇلار بولسا، جازا بېرىلىدىغان ئادەملەر ھېسابلانمايدۇ. ئەمما ئىسلامدىن يېنىۋالغان كىچىك بالىنى دادىسىنىڭ مىراسىدىن مەھرۇم قىلىنىشى ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازا يۈزىسىدىن ئەمەس دادا بىلەن بالىنىڭ دىنى باشقا ـ باشقا بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئادەم ئۆلتۈرۈپ سالغان كىچىك بالىغا ۋە ساراڭ ئادەمگە كاففارەت بېرىش لازىم ۋە ئۇلار مىراستىن مەھرۇم قىلىنىدۇ» دەيدۇ.

---

(1) يەنى ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىچىك بالا ياكى ساراڭ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن مىراس ئېلىشتىن مەھرۇم قىلىنمايدۇ. ت.

# ئىككى جىنايەتنىڭ ھۆكۈملىرى

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ پۈتۈنى كېسىۋاتقان، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم بۇ ئىككى جىنايەتنىڭ ھەر ئىككىسىنى مەيلى قەستەنلىك بىلەن قىلسۇن، مەيلى سەۋەنلىك بىلەن قىلسۇن، مەيلى بىرىنى قەستەنلىك بىلەن بىرىنى سەۋەنلىك بىلەن قىلسۇن، مەيلى ئۇ ئادەم ئىككىنچى جىنايەتنى بىرىنچى جىنايەت ساقىيىپ بولغاندىن كېيىن ئۆتكۈزسۇن، مەيلى بىرىنچى جىنايەت ساقىيىپ بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆتكۈزسۇن، ئۇ ئادەمگە ھەر ئىككى جىنايەتنىڭ جازاسى بېرىلىدۇ. يەنى ئۇ ئادەمنىڭ دەسلەپ پۇتى كېسىلىدۇ، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ. لېكىن، بۇ ئىككى جىنايەتنىڭ ھەر ئىككىسى سەۋەنلىك بىلەن بولغان ۋە جىنايەتنىڭ بىرىنچىسى ساقىيىشتىن بۇرۇن ئىككىنچىسى ئۆتكۈزۈلگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئىككى جىنايەتنىڭ جازاسى بىر ـ بىرىگە كىرىپ كېتىدۇ ۋە ئۇ ئىككى جىنايەت ئۇچۇن پەقەت بىرلا جىنايەتنىڭ دىيىتى بېرىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكنىڭ دىيىتىدۇر. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ پۈتۈنى كېسىۋەتكەنلىكنىڭ دىيىتىنى بېرىش پۇتنى كېسىۋەتكەنلىكنىڭ تەسىرى مۇئەييەنلەشكەندىن كېيىن لازىم بولىدۇ. پۇتنى كېسىۋەتكەنلىكنىڭ تەسىرىنىڭ مۇئەييەنلەشكەنلىكىنىڭ ئالامىتى بولسا، پۇت كېسىلىپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ ئۆلۈپ كەتمىگەنلىكىدۇر.

<ئەلكىپايە> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دەيدۇ: «دەسلەپ پۇتى كېسىلگەن، ئاندىن ئۆلتۈرۈلگەندىن ئىبارەت بىر كىشىگە قىلىنغان ئىككى جىنايەتنىڭ ئىككىنچىسى ياكى بىرىنچى جىنايەت ساقىيىپ بولۇنغاندىن كېيىن قىلىنىدۇ، ياكى ساقىيىپ بولۇشتىن ئىلگىرى قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىگە قىلىنغان ئىككىنچى جىنايەت بىرىنچى جىنايەت ساقىيىپ بولۇنغاندىن كېيىن قىلىنغان بولسا، بۇ ئىككى جىنايەتنىڭ ھەر بىرى بىر جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئۇ ئادەمگە ئىككى جىنايەت ئۈچۈن ئىككى جازا بېرىلىدۇ. چۈنكى، بىرىنچى جىنايەت ساقىيىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ جازاسىنى ئىجرا قىلىش بېكىتىلىپ بولۇنغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىككى جىنايەتنىڭ جازاسى بىر ـ بىرىگە كىرىپ كەتمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككى جىنايەتنىڭ ھەر ئىككىسى قەستەنلىك بىلەن قىلىنغان بولسا، ئۆلتۈرۈلگەن

ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى دەسلەپ ئۇ ئادەمنىڭ قولىنى كېسىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككى جىنايەتنىڭ ھەر ئىككىسى سەۋەنلىك بىلەن قىلىنغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى ئۈچۈن بىر يېرىم دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ قولىنى قەستەن كېسىۋاتقان، ئاندىن ئۇنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمدىن قولنى كېسىۋاتقانلىقى ئۈچۈن قىساس ئېلىنىدۇ ۋە ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن دىيەت ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ قولىنى سەۋەنلىك بىلەن كېسىۋاتقان، ئاندىن ئۇنى قەستەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمدىن قولنى كېسىۋاتقانلىقى ئۈچۈن قولنىڭ دىيىتىنىڭ يېرىمى ئېلىنىدۇ ۋە ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشىگە قىلىنغان ئىككىنچى جىنايەت بىرىنچى جىنايەت ساقىيىپ بولۇشتىن بۇرۇن قىلىنغان ۋە بۇ جىنايەتلەرنىڭ بىرى قەستەنلىك بىلەن يەنە بىرى سەۋەنلىك بىلەن قىلىنغان بولسا، بۇ ئىككى جىنايەتنىڭ ھەر بىرى ئايرىم ـ ئايرىم جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمدىن سەۋەنلىك بىلەن قىلىپ سالغان جىنايىتى ئۈچۈن دىيەت ۋە قەستەنلىك بىلەن قىلىپ سالغان جىنايىتى ئۈچۈن قىساس ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئىككى جىنايەتنىڭ ھەر ئىككىسى سەۋەنلىك بىلەن قىلىپ سالغان جىنايەت بولسا، بۇ ئىككى جىنايەت ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشى بويىچە بىر جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمدىن بىر جىنايەتنىڭ دىيىتى ئېلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككى جىنايەتنىڭ ھەر ئىككىسى قەستەنلىك بىلەن قىلىنغان جىنايەت بولسا، ئۇ ئادەم ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ كۆز قارىشى بويىچە قولى كېسىلمەستىنلا ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفەنىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى خالىسا دەسلەپ ئۇنىڭ قولىنى كېسىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ، خالىسا ئۇنى (قولىنى كەسمەستىنلا) ئۆلتۈرىدۇ.[1]

بىر ئادەم بىر كىشىنى دەسلەپ بىر يەرگە 90 قامچا ئۇرغان ۋە ئۇ يەر ساقىيىپ ئۇ يەردە قامچىنىڭ ھېچبىر ئەسىرى قالمىغان ۋاقتىدا ئۇ كىشىنىڭ باشقا يېرىگە 10 قامچا ئۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر دىيەت بېرىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ كىشى دەسلەپ ئۇرۇلغان 90 قامچىنىڭ زەربىسىدىن ساقىيىپ قۇپۇپ كەتكەن

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 360 ـ بەت.

بولغاچقا، دەسلەپ ئۇرۇلغان قامچا (ئۇ كىشى ئۇچۇن دىيەت تۆلەپ بېرىش مەسىلىسىدە) ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. لېكىن، ئۇرۇلغان ئۇ 90 قامچا پەقەت ئۇ ئادەمگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى بېرىش ئۇچۇنلا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا: ساقىيىشقا باشلاپ ھېچقانداق ئەسىرى قالمىغان يارىنىڭ ھۆكمىمۇ يۇقىرىدىكى مەسىلىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدا: ئۇ يارىنىڭ ھەققىدە ئادىل مۇسۇلمان بىر كىشى ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئەمما ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر ئادەمنى شۇنداق يارىدار قىلغان كىشى ئۇنى ساقايتىش ئۇچۇن دوختۇرغا ۋە دورا ئېلىش ئۇچۇن كەتكەن پۇللارنى تۆلەپ بېرىدۇ» دەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنى 100 قامچا ئۇرغان، شۇنىڭ بىلەن قامچە يېگەن ئۇ كىشى ئۆلۈپ قالغان ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۇستىدە قامچىنىڭ ئەسىرى قالغان بولسا، ئۇرغان ئۇ ئادەم ئۇ كىشى ئۇچۇن (ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنىڭ) دىيىتىنى بېرىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۆلگەن كىشىنىڭ ئۇستىدە قامچىنىڭ ئەسىرى قالغانلىقى ئۇچۇن ئۇ كىشىگە ئۇ ئادەمنىڭ بىر نەرسە بېرىشى توغرىسىدا ئادىل بىر مۇسۇلمان ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بۇ، بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنى يارىدار قىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن يارىلانغان ئۇ كىشى تىرىكچىلىك قىلالمىغان بولسا، ئۇ كىشى يارىدار بولۇپ ياتقان مۇددەت ئىچىدە ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنىڭ خىراجەت ۋە دورا پۇللىرىنى بېرىشى لازىم.

ج: ئەگەر مەلۇم مۇددەتكىچە تىرىكچىلىك قىلالمايدىغان كىشى ئۇچۇن شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇنىڭ خىراجەت ۋە دورا پۇللىرىنى بېرىش لازىم بولىدىغان بولسا، پەقەت تىرىكچىلىك قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان كىشى ئۇچۇن نېمىلەرنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؟ بۇ ھەقتە بېرىلگەن كۆچلۈك، دەپ قارالغان جاۋاب بولسا، تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر:

يارىدار قىلىنىپ پەقەت تىرىكچىلىك قىلالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان كىشى ئۇچۇن دىيەت تۆلەپ بېرىشكە ھۆكۈم چىقىرىلىپ ئۇ كىشىگە

دىيەت بېرىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن، ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىگە بىر نەرسە بېرىش ھەققىدە ئادىل بىر مۇسۇلمان ھۆكۈم چىقىرىپ ئۇ نەرسە ئۇ كىشىگە بېرىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىگە بىر نەرسە بېرىشى لازىم ئەمەس.

بىر ئادەم زالىم ھۆكۈمەتنىڭ غالچىلىرىدىن بىرىنى بىر كىشىنىڭ قېشىغا باشلاپ ئېلىپ كەلگەن، ئۇ غالچا ئۇ كىشىنى ئۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى تىرىكچىلىك قىلالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ دورا ۋە خىراجەت پۇللىرىنى غالچىنى ئۇ كىشىنىڭ قېشىغا باشلاپ ئېلىپ كەلگەن ئادەمنىڭ بېرىشى لازىم بولىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ ئەزالىرىنىڭ بىرەرسىنى كېسىۋاتقان ياكى ئۇنىڭ بېشىنى يېرىۋاتقان، ياكى ئۇنى يارىدار قىلغان ۋە يارىلانغۇچى يارىدار قىلغان ئۇ ئادەمنى كەچۈرۈۋەتكەن، ئاندىن يارىلانغۇچى كىشى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، يارىدار قىلغان ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئۇ كىشىنىڭ دىيىتىنى بېرىدۇ. بۇ، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «(ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشى ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس). چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشى ئۈچۈن قىلغان جىنايىتىدىن ۋە ئۇ جىنايەت لازىم قىلىدىغان جازالاردىن كەچۈرۈۋەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىغا دەلىل كەلتۈرۈپ: «يارىلانغۇچى ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنى كەچۈرۈۋېتىشى ئۇ ئادەمنىڭ پەقەت ئۇ كىشىنىڭ ئەزالىرىنىڭ بىرەرسىنى كېسىۋاتقانلىقىنى ياكى ئۇنىڭ بېشىنى يېرىۋاتقانلىقىنى، ياكى ئۇنى يارىدار قىلغانلىقىنى كەچۈرۈۋېتىشتۇر. بۇ، باشقا ئىش ئۆلۈم بولسا باشقا بىر ئىشتۇر. (شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇ كىشى ئۈچۈن دىيەت تۆلەيدۇ). ئەمما ئۆلۈپ قالغان ئۇ كىشى ئەگەر ئۆزىنى يارىدار قىلغان ئۇ ئادەمنى، ئۇ ئادەمنىڭ (كەسكەنگە ياكى يارىدار قىلغانغا ئوخشاش) جىنايىتىدىن ۋە ئۇ جىنايەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يامان ئاقىۋەتتىن كەچۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇ ئەھۋال ئۆلگۈچىنىڭ، ئۆزىنى يارىدار قىلغان ئۇ ئادەمنى ئۆلۈمىدىنمۇ كەچۈرۈۋەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ[1]. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۈچۈن قىلىنغان جىنايەت ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە

(1) يەنى ئۇ كىشىنىڭ ئۆلۈپ قېلىشى بىلەن ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولمايدۇ. ت.

سەۋەب بولىدىغان جىنايەتنى ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولمايدىغان جىنايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنى، ئۇنىڭ قىلغان جىنايىتىدىن ۋە ئۇ جىنايەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يامان ئاقىۋەتتىن كەچۈرۋېتىشى ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ كەچۈرۋەتكەنلىكىنىڭ ئېنىق پاكىتىدۇر. ئەمما ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنى پەقەت ئۇ ئادەمنىڭ (كەسكەنگە ياكى يارىدار قىلغانغا ئوخشاش) قىلغان جىنايىتىدىنلا كەچۈرۋېتىشى، (ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ كەچۈرۋەتكەنلىك ھېسابلانمايدۇ). چۈنكى، كېسىش ياكى يارىدار قىلىش باشقا ئىش ۋە ئۆلتۈرۈش بولسا باشقا ئىشتۇر. شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنى كەچۈرۋېتىشى ئۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولىدىغان جىنايىتىدىنمۇ كەچۈرۋەتكەنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ» دەيدۇ. بۇ، ئەگەر يارىدار قىلغۇچى يارىلانغۇچىنى قەستەن شۇنداق قىلغان بولسا، ئەھۋال شۇ بويىچە بولىدۇ.

ئەمما يارىدار قىلغۇچى يارىلانغۇچىنى سەۋەنلىك بىلەن يارىلىغان ۋە يارىلانغۇچى ئۇنى كەچۈرۋەتكەن، ئاندىن يارىلانغۇچى ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ كەچۈرۋېتىش يارىلىنىپ ئۆلۈپ قالغان كىشىنىڭ ئومۇمىي مال - مۈلكىنىڭ ئۈچتەن بىرىدىن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، سەۋەنلىك بىلەن قىلىنغان جىنايەت ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىلىدۇ. بۇ دىيەتنى يارىدار قىلغان ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلەر تۆلەپ بېرىدۇ. ئۇ دىيەتتە يارىلىنىپ ئۆلۈپ قالغان كىشىنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ ھەققى بار. شۇڭا يارىلانغۇچىنىڭ ئۆزىنى يارىلىغان ئادەمنى كەچۈرۋېتىشى يارىلانغۇچىنىڭ ئومۇمىي مال - مۈلكىنىڭ ئۈچتەن بىرىدىن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر دىيەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان پۇلنىڭ مىقدارى بىلەن يارىلانغۇچىنىڭ ئومۇمىي مال - مۈلكىنىڭ ئۈچتەن بىرىنىڭ مىقدارى ئوخشاش مىقداردا بولسا، يارىدار قىلغان ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلەر يارىلانغۇچىنىڭ مىراسخورلىرىغا دىيەت ئۈچۈن ھېچنەرسە بەرمەيدۇ. ئەگەر يارىلانغۇچىنىڭ دىيەتتىن باشقا ھېچقانداق مال - مۈلكى بولمىسا، يارىدار قىلغان ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلەر يارىلانغۇچىنىڭ مىراسخورلىرىغا دىيەتنىڭ ئۈچتەن ئىككى قىسمىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر يارىلانغۇچىنىڭ دىيەتتىن باشقا مال - مۈلكى بار، لېكىن ئۇ مال - مۈلۈك دىيەت بىلەن بىللە قوشقان ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئومۇمىي مال - مۈلكىنىڭ ئۈچتەن ئىككى قىسمىغا يەتمەيدىغان بولسا، يارىدار قىلغۇچىنىڭ جەمەتىدىكىلەر ھەتتا يارىلانغۇچىنىڭ مال - مۈلكى ئۇنىڭ ئومۇمىي مال

**ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتەن ئىككى قىسمىغا يېتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ كەم قىسمىنى يارىلانغۇچىنىڭ مىراسخورلىرىغا تۆلەپ بېرىدۇ.[1]**

**بىر ئايال بىر ئادەمنىڭ قولىنى كېسىۋاتقان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ ئايالنى، ئۇ ئايال ئۇ ئادەمنىڭ قولىنى كېسىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە بېرىدىغان دىيەتنى ئۇ ئايالنىڭ تويلۇقىغا ھېسابلاپ نىكاھىغا ئالغان، ئاندىن ئۇ ئادەم (شۇ جىنايەتنىڭ سەۋەبى بىلەن) ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە: ئۇ ئايالغا ئۇ ئايالنىڭ تەڭتۇشىنىڭ تويلۇقى بېرىلىدۇ ۋە ئەگەر ئۇ ئايال ئۇ ئادەمنىڭ قولىنى قەستەن كېسىۋەتكەن بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئۆز مال ـ مۈلكىدىن ئۇ ئادەم ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بېرىدىغان دىيەتنىڭ مىقدارى بىلەن ئۇ ئايالنىڭ ئۇ ئادەمدىن ئالىدىغان تويلۇقنىڭ مىقدارى ئوخشاش بولسا، ئۇ ئايال ئۇ ئادەمدىن ئالىدىغان تويلۇقنى ئۇنىڭغا بېرىدىغان دىيەتكە ھېساب قىلىدۇ. ئەگەر تويلۇقنىڭ مىقدارى بىلەن دىيەتنىڭ مىقدارى ئوخشاش بولمىسا، ئارتۇق تەرەپتىكىلەر كەم تەرەپتىكىلەرگە ئېشىپ قالغان قىسمىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. مەسىلەن: ئەگەر ئايال (ئەردىن ئالىدىغان تويلۇقىغا ھېسابلاپ دىيەتتىن تۇتۇۋېلىپ يەنە) قولىدا دىيەتكە تەۋە مال ـ مۈلۈكتىن ئېشىپ قالسا، ئايال ئۇنى ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر دىيەت ئايالنىڭ تويلۇقىغا چىقىشمىسا، ئايالغا تويلۇقنىڭ كەم قالغان قىسمىنى ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرى تولۇقلاپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۆلگەن، ئەمما ئۇنىڭ ئۆلۈم سەۋەبى (ئايالنىڭ ئۇنىڭ قولىنى كېسىۋاتقانلىقى**

(1) مەسىلەن: ماخمۇت سەمەتنى سەۋەنلىك بىلەن يارىدار قىلغان، بۇ يارىلاشنىڭ دىيىتى **300** سوم بولغان، سەمەت ماخمۇتنى كەچۈرۈۋېتىپ ئۇ پۇلنى ئالمىغان ۋە كېيىن سەمەت ياخشى بولالماي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ كەچۈرۈۋېتىش سەمەتنىڭ ئومۇمىي مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتەن بىرىدىن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، سەمەتنىڭ مال ـ مۈلكىدە ئۇنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ ھەققى بار. بۇ كەچۈرۈۋېتىش ئۆلۈدىغان ئادەم مال ـ مۈلكىنى باشقىلارغا ۋەسىيەت قىلىپ بېرىشنىڭ ئورنىدىدۇر. بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈش ئالدىدا باشقىلارغا مال ـ مۈلكىدىن ئۇنىڭ ئومۇمىي مىقدارىدىن ئۈچتەن بىر قىسمىدىن كۆپ بېرىشنى ۋەسىيەت قىلىپ قويۇشى توغرا ئەمەس. شۇڭا سەمەتنىڭ ماخمۇتنى كەچۈرۈۋېتىشى ئۇنىڭ ئومۇمىي مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتەن بىرىدىن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەگەر دىيەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان پۇلنىڭ مىقدارى بىلەن سەمەتنىڭ ئومۇمىي مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتەن بىرىنىڭ مىقدارى ئوخشاش مىقداردا بولسا، (مەسىلەن: سەمەت ئۆلۈپ قالغان ۋاقىتدا، ئۇ كەينىدە قالدۇرۇپ قويغان مال ـ مۈلۈك **600** سوم بولسا، دىيەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان **300** سوم پۇل ئۇنىڭ ئومۇمىي مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتەن بىرىنىڭ مىقدارى بىلەن ئوخشاش مىقداردا بولغان بولىدۇ). ماخمۇتنىڭ جەمەتىدىكىلەر سەمەتنىڭ مىراسخورلىرىغا دىيەت ئۈچۈن ھېچنەرسە بەرمەيدۇ. ئەگەر سەمەتنىڭ دىيەتتىن كېلىدىغان پۇلدىن باشقا ھېچقانداق مال ـ مۈلكى بولمىسا، بۇ ھالدا ماخمۇتنىڭ جەمەتىدىكىلەر سەمەتنىڭ مىراسخورلىرىغا دىيەتنىڭ ئۈچتەن ئىككى قىسمىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۆلگۈچىنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتەن ئىككى قىسمى ئۇنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ ھەققىدۇر. ئەگەر سەمەتنىڭ دىيەتتىن باشقا مال ـ مۈلكى بار، لېكىن ئۇ مال ـ مۈلۈك دىيەت بىلەن بىللە قوشقان ۋاقىتدا ئۇنىڭ ئومۇمىي مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتەن ئىككى قىسمىغا يەتمەيدىغان مەسىلەن: ئۇنىڭ **500** سوم پۇلى بولغان بولسا، ماخمۇتنىڭ جەمەتىدىكىلەر ھەتتا سەمەتنىڭ مال ـ مۈلكى ئۇنىڭ ئومۇمىي مال ـ مۈلكىنىڭ ئۈچتەن ئىككى قىسمىغا يەنى **600** سومغا يېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كەم بولغان قىسمىنى يەنى **100** سومنى سەمەتنىڭ مىراسخورلىرىغا تۆلەپ بېرىدۇ. ت.

بىلەن ئەمەس باشقا سەۋەب بىلەن) بولغان بولسا، ئايال ئۆزىنىڭ قولىنى قەستەن كېسىۋاتقان بولسىمۇ ئۆزىنىڭ تويلۇقى ئۇ ئادەمگە بېرىشكە تېگىشلىك بولغان دىيەتتۇر. بۇ بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر.

ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئايال بىلەن، (ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ قولىنى) قەستەن كېسىۋاتقانلىق جىنايىتىنىڭ ۋە ئۇ جىنايەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يامان ئاقىۋەتنىڭ بەدىلىگە ئۆيلەنگەن، كېيىن ئۇ ئادەم شۇ جىنايەتنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئايالغا ئۆزىنىڭ تەختۇشىنىڭ تويلۇقىنى بېرىش لازىم. چۈنكى بۇ، قىساسنىڭ بەدىلىگە قىلىنغان توي ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئەسلىدە قەستەنلىك بىلەن قىلىنغان جىنايەتنىڭ جازاسى قىساستۇر. قىساس دېگەن مال - دۇنيادىن ئىبارەت ئەمەس. شۇڭا ئۇ ئايالغا خۇددى ئۆزىنىڭ تويلۇقىغا ھاراققا، ياكى توڭغۇزغا ئوخشاش (ئىسلام دىنىدا ھۆرمىتى يوق) بىر نەرسە بەرمەكچى بولغان ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ تەختۇشىنىڭ تويلۇقى بېرىلگىنىگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ تەختۇشىنىڭ تويلۇقى بېرىلىدۇ. ئۇ ئايالنىڭ ئۇ ئادەمگە بىر نەرسە بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم قىساسنىڭ بەدىلىنى تويلۇق قىلىش ئارقىلىق ئايالنىڭ ئۈستىدىن قىساسنىڭ تويلۇق ئۈچۈن چۈشۈپ كېتىشىگە رازى بولدى. شۇڭا قىساس ئايالدىن پۈتۈنلەي چۈشۈپ كېتىدۇ.[1]

قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشنى قىلىش، ئۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىنىڭ ساق - سالامەت بولۇشىغا قاراشلىق ئەمەستۇر

بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ قولىنى كېسىۋاتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن قولى كېسىلگەن كىشى ئۇ ئادەمنىڭ قولىنى قىساس ئېلىش يۈزىسىدىن كەسكەن، ئاندىن دەسلەپ قولى كېسىلگەن كىشى قولىنىڭ كېسىلىپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈلىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشىنىڭ قولىنى كېسىۋېتىشى ئۇ كىشىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى. قولى كېسىلگەن كىشى گەرچە كەسكۈچىدىن قىساسىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ، ئۇ ئادەمدىن قىساسنىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولالمايدۇ. بۇ خۇددى بىر قاتىلدا قىساسى بار ئادەمنىڭ ئۇ قاتىلنىڭ قولىنى كەسكەنگە ئوخشاش بىر ئىش. (يەنى ئۇ ئادەم قاتىلنىڭ قولىنى كەسسىمۇ قاتىلنىڭ ئۈستىدىكى قىساس چۈشۈپ كەتمەيدۇ).

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 - توم، 360 - بەت.

بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ قولىنى كېسىۋاتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن قولى كېسىلگەن ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ قولىنى قىساس ئېلىش يۈزىسىدىن كەسكەن، ئاندىن ئۇ ئادەم (قولىنىڭ كېسىلگەنلىكى سەۋەبى بىلەن) ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۆلگۈچىنىڭ دىيىتىنى قولى دەسلەپ كېسىلگەن كىشىنىڭ جەمەتلىرى بېرىدۇ. بۇ خۇددى سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانغا ئوخشاش. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ قولىنى كېسىشتىكى مەقستى ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئەمەس ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ قىساسىنى ئېلىشتۇر. بۇ، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتىنى ئۇ كىشىنىڭ جەمەتلىرىنىڭ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ قولىنى ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن كەستى. ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەققىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ قولىنى كېسىشى ئۇ ئادەمنىڭ ساق ـ سالامەت قېلىشىغا قاراشلىق ئەمەس. ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇ ئادەمنىڭ قولىنى كېسىشى، ئەگەر ئۇنىڭ ساق ـ سالامەت قېلىشىغا قاراشلىق بولىدىغان بولسا، جىنايەتچىلەردىن قىساس ئېلىشنىڭ ئىشكى تاقىلىپ كېتىدۇ. چۈنكى، بىر ئادەمدىن ئۆزىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قولىنى، ياكى باشقا ئەزالىرىنى كەسكەن كىشىنىڭ ئىمكانىيىتىدە (مۇشۇ سەۋەب بىلەن) ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتمەي ساق ـ سالامەت ياشاپ قېلىشىنى ساقلاپ قېلىش يوق» دەيدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمدىن قىساسىنى قازى ئۇنىڭغا قىساس ئېلىشقا ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىن ئالغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، قازىنىڭ، ھاكىمنىڭ، شەخەكچىنىڭ[1]، خەتنە قىلىدىغان ئادەمنىڭ، قان ئالىدىغان ئادەمنىڭ ۋە ھايۋانلارنى تۇۋۇقىنى يېرىپ داۋالايدىغان ئادەمنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ، ئۇ ئىشلارنىڭ نەتىجىسىنىڭ ساق ـ سالامەت بولۇشىغا قاراشلىق ئەمەستۇر.[2] ئۆزىنىڭ كەسپىدە مۇتەخەسسىس دوختۇرنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق بولۇشى لازىم. بۇ ھۆكۈمنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، قىلىش لازىم بولغان ئىشنى قىلىش ئۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىنىڭ ساق ـ سالامەت بولۇشىغا قاراشلىق ئەمەس. ئەمما

(1) ئىنسانلارنىڭ تەنلىرىدىن قۇتا ئارقىلىق قان ئالىدىغان ئادەمدۇر. ت.

(2) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 363 ـ بەت.

قىلىش (لازىم ئەمەس، لېكىن) قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئىشنى قىلىش، ئۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىنىڭ ساق - سالامەت بولۇشىغا قاراشلىقتۇر، دېگەن قائىدىدۇر.

## پەردىسىنى يىرتىۋېتىشنىڭ ھۆكمى

ئەگەر بىر ئادەم بىر ئايالنى ئۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالنىڭ پەردىسى يىرتىلىپ كېتىپ ئۇنىڭ سۈيدۈك يولى بىلەن ھەيز كېلىدىغان يولى ياكى سۈيدۈك يولى بىلەن چوڭ تەرەت يولى بىر بولۇپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ كىچىك تەرىتىنى تۇتالايدىغان ھالەتتە بولسا، ئۇرغان ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ ئايال ئۈچۈن دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئايال سۈيدۈكىنى تۇتالمايدىغان ھالەتتە بولسا، ئۇرغان ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەر ئۈچۈن تۆلەپ بېرىلىدىغان دىيەتنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئايالنىڭ ئۇ ئەزاسىنىڭ پەردىسىنى يىرتىۋاتقانلىقى ئۇ ئەزانى ياردار قىلغانلىقى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئەگەر بىر ئادەم بىر قىز بىلەن زىنا قىلىپ ئۇنىڭ قىزلىق پەردىسىنى يىرتىۋاتقان ۋە ئۇ قىز ئۇ ئادەم بىلەن زىنانى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلغان بولسا، ھەر ئىككىسىگە زىنانىڭ جازاسى ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۇ ئادەمگە ئۇ قىزنىڭ قىزلىق پەردىسىنى يىرتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن قىزغا بىر نەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، قىز ئۇنىڭ بىلەن زىنانى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلغاندۇر. ئەگەر قىز ئۇنىڭ بىلەن زىنانى مەجبۇرلانغان ھالدا قىلغان بولسا، بۇ ھالدا ئەرگە زىنانىڭ جازاسى بېرىلىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۇنىڭ قىز ئۈچۈن ئۇنىڭ قىزلىق پەردىسىنى يىرتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم بولىدۇ. قىز زىنانى مەجبۇرىي ھالدا قىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا جازا بېرىلمەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئۆز ئايالى بىلەن جىنسىي - مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭ پەردىسىنى يىرتىۋاتقان بولسا، ئۇ ئەرگە ئۇ ئايال ئۈچۈن ھېچبىر نەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئەر قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئىشنى قىلغاندۇر. بۇ، ئەگەر ئايال بالاغەتكە يەتكەن ئايال بولغان، جىنسىي - مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قىلغان، ئەرنىڭ جىنسىي - مۇناسىۋىتىنى كۆتۈرەلەيدىغان دەرىجىدە بولغان ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق

بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئايال تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك قىز بولغان ياكى جىنسىي ـ مۇناسىۋەتنى مەجبۇرىي ھالدا قىلغان ياكى ئەرنىڭ جىنسىي ـ مۇناسىۋىتىنى كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە بولغان ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەرنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم.[1]

## قىساس ئېلىش ھەممە مىراسخورلارنىڭ ھەققى ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

جىنايەتچىدىن قىساس ئېلىش ياكى دىيىتىنى ئېلىش زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ ھەققىدۇر. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام مالىك ۋە ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «(گەرچە ئەر ئايالغا ۋە ئايال ئېرىگە مىراسخور بولالىسىمۇ، لېكىن) ئەر ئايالغا ياكى ئايال ئېرىگە زىيانكەشلىك قىلغان ئادەمدىن قىساس ئېلىشنى ياكى دىيەت ئېلىشنى تەلەپ قىلىش ھەققى يوق، چۈنكى، ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ـ بىرىگە ئەر ـ خوتۇنلۇق سەۋەبى بىلەن مىراسخور بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇرۇغ ـ تۇغقانچىلىق سەۋەبى بىلەن مىراسخور بولۇشىغا قارىغاندا ئاجىزدۇر. چۈنكى، ئەر ـ خوتۇنلۇق سەۋەبى بىلەن مىراسخور بولۇش ئەر ـ خوتۇننىڭ بىرىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ئارقىلىق ئاياغلىشىپ كېتىدۇ» دەيدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇشەيىم ئەلدەبابىينىڭ ئايالىغا ئۇشەيىمنىڭ دىيىتى ئۈچۈن كەلگەن مال ـ مۈلۈكتىن مىراس ئايرىپ بېرىشكە بۇيرۇغانلىقىدۇر. يەنە كېلىپ قىساس ئېلىش (مىراسخورلىرىغا) مىراس قالىدىغان بىر ھەقتۇر. شۇڭا بىر ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار بولغان ۋە ئىككى ئوغلىنىڭ بىرى كەينىدە بىر بالىنى تاشلاپ قويۇپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئىشى ئۇ ئادەمنىڭ ھايات بار ئوغلى بىلەن ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئوغلىنىڭ بالىسىنىڭ ئارىسىدا ئورتاق بولىدۇ. مانا بۇ قىساس ئېلىش ئىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ھەممە مىراسخورلىرىغا تەۋە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىرى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ (قاتىلدىن قىساس ئېلىشقا) مىراسخورلۇق قىلىش ھەققىدە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئەر ـ خوتۇنلۇق

(1) «ئەددۇررۇلمۇختار»، 5 ـ توم، 364 ـ بەت.

ھۆكمەن قېلىپ قالىدۇ، ياكى ئەر ـ خوتۇننىڭ بىرى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قاتىلىدىن قىساس ئېلىش، قىساسنىڭ سەۋەبىگە ئاساسەن ھاياتتا قالغىنىغا تەۋە بولىدۇ. قىساسنىڭ سەۋەبى بولسا، قاتىلنىڭ ئۇلۇپ كەتكەن تەرەپنى ياربىدار قىلىشتۇر. ئەگەر قىساس ئېلىشنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ھەممە مىراسخورىنىڭ ھەققى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسا، ھەر بىر مىراسخورنىڭ خالىسا قاتىلدىن قىساسنى ئېلىش، خالىسا قاتىلنى كەچۈرۈۋېتىپ ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىشنى ئۆتۈۋېتىش، خالىسا قاتىل بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىشنى ئۆتۈۋېتىش بىلەن ئۇنىڭدىن بىر نەرسە ئېلىش ھەققى بار. ئەگەر مىراسخورلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ قاتىلدىن قىساس ئېلىش ھەققى چۈشۈپ كەتسە، قالغان مىراسخورلارنىڭمۇ ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىش ھەققى چۈشۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، بىر قىساس نەچچىگە بۆلۈنمەيدۇ. (بۇ، ئەگەر قاتىل پەقەت بىرلا ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ). ئەمما قاتىل ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ۋە ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرىنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى قاتىلنى كەچۈرۈۋەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىش ھەققى چۈشۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىنىڭ قاتىلدىن قىساس ئېلىش ھەققى چۈشۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئىككى بولغانلىقى ئۈچۈن قاتىلدىن ئېلىنىدىغان قىساس شۈبھىسىز ئىككىدۇر. ئەمما يۇقىرىدىكى مەسىلىدە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم بىر بولغانلىقى ئۈچۈن قاتىلدىن ئېلىنىدىغان قىساس بىردۇر. ئەگەر مىراسخورلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ قاتىلنى كەچۈرۈۋېتىشى ئارقىلىق ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىش ھەققى چۈشۈپ كەتسە، ئۇنى كەچۈرۈۋەتمىگەن مىراسخورلارنىڭ قاتىلدىن ئالىدىغان ھەققى مال ـ مۈلۈككە ئايلىنىدۇ. (يەنى قاتىلنى كەچۈرۈۋەتمىگەن مىراسخورلار قاتىلدىن ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭدىكى ھەققى ئۈچۈن پۇل ئالىدۇ). چۈنكى، قاتىلنى كەچۈرۈۋەتمىگەن مىراسخورلار قاتىلنى ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن بىرەر سەۋەب يۈزىدىن كەچۈرۈۋەتمىگەندۇر. ئۇنى كەچۈرۈۋەتكەن مىراسخورلارغا قاتىلدىن ئېلىنغان مال ـ مۈلۈكتىن بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەققىنى ئۆزلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ رازىلىقلىرى بىلەن ئۆتۈۋەتتى.

قاتىلنى مىراسخورلارنىڭ بىرەرسى كەچۈرۈۋەتكەن بولسا، قالغان مىراسخورلارنىڭ ئۇنىڭدىن قىساس ئالالمايدىغانلىقىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن مال ـ مۈلۈك ئالىدىغانلىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى تۆۋەندىكى ئەسەردۇر:

مۇئەممەر، ئەئمەشتىن زەيد ئىبنى ۋەھبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ ئاخىرقى زامانلىرىدا بىر ئادەم بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى قاتىلدىن قىساس ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ھەمشىرىسى، (ئۇ قاتىلنىڭ ئايالى ئىدى): «مەن قاتىلدىكى ھەققىمدىن ئۆتتۇۋەتتىم» دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): «قاتىل ئازات قىلىندى» دېدى.»[1] يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ قالغان مىراسخورلىرىغا قاتىلدىن دىيەت ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇغانلىقى بايان قىلىندى.»

قاتىلدىن قىساس ئېلىش ھەققى، ئالدى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمگە تەۋە بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ مىراسخورلىرىغا تەۋە بولماستىن ئىشنىڭ بېشىدىنلا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىغا تەۋە بولىدۇ. چۈنكى، قاتىلدىن قىساس ئېلىش ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ دىللىرىدىكى قاتىلغا بولغان ئۆچمەنلىكنى ۋە ئاداۋەتنى يەڭگىللىتىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆچنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغاندۇر. ئەمما ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ بۇنداق قىلىش سالاھىيىتى يوق. (شۇڭا قاتىلدىن قىساس ئېلىش ھەققى ئىشنىڭ بېشىدىنلا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىغا تەۋە بولىدۇ). بۇنداق بولىدىغانلىقىنىمۇ الله تائالانىڭ بۇ ئايىتىدىن كۆرۈۋالالايمىز: «ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەڭلاركى، الله (ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ) ھارام قىلدى، كىمكى ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن، (قاتىلدىن قىساس ئېلىش، يا دىيەت ئېلىش، يا كەچۈرۈم قىلىش) ھوقۇقىنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا قىلدۇق، ئىگىسى قىساس ئېلىشتا چەكتىن چىقىپ كەتمىسۇن (قاتىلدىن غەيرىينى ئۆلتۈرۈش، يا ئۇنىڭ ئەزالىرىنى كېسىش، بىر ئادەم ئۈچۈن ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلمىسۇن)، (ناھەق ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ) ئىگىسىگە الله ھەقىقەتەن مەدەتكاردۇر[2]» يەنى قاتىلدىن قىساس ئېلىش ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمدىن مەلۇم ئۆلچەم بويىچە مىراس ئالىدىغان مىراسخولارنىڭ ھەققىدۇر. شۇڭا بۇلارنىڭ ئىچىگە ئەر ـ خوتۇنلارمۇ كىرىدۇ. قىساس ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ جېنىنىڭ بەدىلى بولغانلىقى ئۈچۈن قىساستا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭمۇ ھەققى

(1) بۇ ئەسەرنى ئابدۇرراززاق رىۋايەت قىلدى.

(2) سۈرە ئىسرا 33 ـ ئايەت.

بار. شۇڭا قاتىلدىن ئېلىنىدىغان قىساس مال ـ مۈلۈككە ئايلانغاندا، (يەنى مىراسخورلار قاتىلنى كەچۈرۈۋېتىپ ئۇنىڭدىن دىيەت ئېلىشقا ماقۇل بولغان ۋاقىتتا)، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قەرزلىرى ۋە ئۇنىڭ بىرەر كىشىگە پۇل بېرىشكە قىلغان ۋەسىيەتلىرى قاتىلدىن ئالغان مال ـ مۈلۈكتىن ئادا قىلىنىدۇ. بۇ، ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) كۆز قارىشىدۇر. شۇڭا مىراسخورلارنىڭ ھەر بىرى قاتىلدىن قىساس ئېلىشنى دەۋا قىلالمايدۇ ۋە دەۋادا قالغان مىراسخورلارنىڭ ئورنىدا تۇرالمايدۇ.

ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەدنىڭ قارىشىچە: مىراسخورلار قاتىلدىن قىساس ئېلىش ھەققىگە (ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمدىن) مىراس ئېلىش يولى بىلەن ئىگە بولغاندۇر. شۇڭا مىراسخورلارنىڭ ھەر بىرى قاتىلدىن قىساس ئېلىشنى دەۋا قىلالايدۇ. قاتىلدىن قىساس ئېلىش ھەققىگە (ئۇ ھەقنى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمدىن) مىراس ئېلىش يولى بىلەن ئىگە بولغان ھەر بىر مىراسخور دەۋانى قالغان مىراسخورلارنىڭ نامىدىن قىلالايدۇ ۋە دەۋادا قالغان مىراسخورلارنىڭ ئورنىدا تۇرالايدۇ. قاتىلدىن قىساس ئېلىش ھەققىگە (ئۇ ھەقنى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمدىن) مىراس ئېلىش يولى بىلەن ئىگە بولمىغان مىراسخور دەۋانى قالغان مىراسخورلارنىڭ نامىدىن قىلالمايدۇ ۋە دەۋادا قالغان مىراسخورلارنىڭ ئورنىدا تۇرالمايدۇ.

قاتىلدىن قىساس ئېلىش ھەققىگە (ئۇ ھەقنى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمدىن) مىراس ئېلىش يولى بىلەن ئىگە بولمىغان مىراسخور دەۋانى قالغان مىراسخورلارنىڭ نامىدىن قىلالمايدىغانلىقى ۋە دەۋادا قالغان مىراسخورلارنىڭ ئورنىدا تۇرالمايدىغانلىقى ئۈچۈن بىر ئادەم قېرىندىشى (شۇ يۇرتتا) يوق ۋاقىتتا دادىسىنى بىر كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە پاكىت كۆرسىتىپ ئۇ كىشىدىن قىساس ئالماقچى بولسا، ئۇ كىشىدىن تاكى ئۇ ئادەمنىڭ قېرىندىشى پەيدا بولۇپ كەلگەنگە قەدەر قىساس ئېلىنمايدۇ. بۇ بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدۇر. لېكىن قاتىل تاكى ئۇ ئادەمنىڭ قېرىندىشى پەيدا بولۇپ كەلگەنگە قەدەر تۈرمىگە سولاپ قويۇلىدۇ. چۈنكى، ئۇ گۇمانلىق ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى. ئەگەر قاتىل ئۇ ئادەمنىڭ (يۇرتتا) يوق قېرىندىشىنىڭ ئۆزىنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكىگە پاكىت كۆرسەتسە، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىلا قاتىلنىڭ دەۋاگەرى بولىدۇ. چۈنكى، قاتىل ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى ھەقنى دەۋا قىلىدۇ. ئۇ ھەق بولسىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىدىكى قىساس ھەققىنىڭ چۈشۈپ كېتىپ بۇ ھەقنىڭ

مال ـ مۈلۈككە ئايلانغانلىقىدۇر. ئۇ ئادەمنىڭ قاتىلىنىڭ ئۈستىدىكى مەزكۇر ھەققىنى ئىسپاتلاش پەقەت (ئۇنىڭ يۇرتتا) يوق قېرىندىشىنىڭ قاتىلنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەم (قاتىل بىلەن قىلغان) دەۋانى قېرىندىشىنىڭ نامىدىن قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ يۇرتتا بولمىغان قېرىندىشى پەيدا بولۇپ كېلىپ ئۆزىنىڭ قاتىلنى كەچۈرۈۋەتمىگەنلىكىنى دېسە، قېرىندىشى (ئۇ ئادەم) قاتىلدىن ئالغان دىيەتنىڭ يېرىمىگە شېرىك بولىدۇ.

# گۇۋاھلىق بېرىشتە ئىختىلاپلىشىپ قېلىشنىڭ بايانى

ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىگە گۇۋاھچى بولغان ئىككى كىشى، ئۇلارنىڭ بىرى: «قاتىل ئۇ ئادەمنى پالانى ۋاقىتتا ئۆلتۈردى» دېسە، يەنە بىرى: «قاتىل ئۇ ئادەمنى پالانى ۋاقىتتا ئۆلتۈردى» دېگەنگە ياكى بىرى: «قاتىل ئۇ ئادەمنى پالانى يەردە ئۆلتۈردى» دېسە، يەنە بىرى: «قاتىل ئۇ ئادەمنى پالانى يەردە ئۆلتۈردى» دېگەنگە، ياكى بىرى: «قاتىل ئۇ ئادەمنى پالانى سايمان بىلەن ئۆلتۈردى» دېسە، يەنە بىرى: «قاتىل ئۇنى پالانى سايمان بىلەن ئۆلتۈردى» دېگەنگە ئوخشاش قاتىلنىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ۋاقىتتا ياكى يەردە، ياكى قاتىلنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن سايماندا ئىختىلاپلىشىپ قالسا، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈش جىنايىتى (بىر نەچچە قېتىم) تەكرارلانمايدۇ. گۇۋاھچىلارنىڭ قاتىلنىڭ قاتىللىق قىلغان ۋاقىتتا ياكى يەردە، ياكى سايماندا ئىختىلاپ قىلىشىپ قېلىشى قاتىلنىڭ باشقا ۋاقىتتا ياكى باشقا يەردە ياكى باشقا سايمان بىلەن (يەنە بىر قېتىم) قاتىللىق قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىگە گۇۋاھچى بولغان ئىككى كىشىنىڭ بىرى: «قاتىل ئۇ ئادەمنى ھاسا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردى» دېگەن، يەنە بىرى: «مەن قاتىلنىڭ ئۇنى نېمە بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلمەيمەن» دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئىككى گۇۋاھچىنىڭ بىرى: «قاتىل ئۇنى ھاسا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردى» دەپ قاتىلنىڭ ئۇنى قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى. يەنە بىرى بولسا: «مەن قاتىلنىڭ ئۇنى نېمە بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلمەيمەن» دەپ

قاتىلنىڭ ئۆنى قەستەن ئۆلتۈرۈشكە ياكى قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈشكە، ياكى سەۋەنلىك ئۆلتۈرۈشكە ئېھتىمال قىلىدىغان ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى. شۇنىڭدەك يەنە ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىگە گۇۋاھچى بولغان ئىككى كىشىنىڭ بىرى گۇۋاھلىقنى: «مەن قاتىلنىڭ ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم» دېگەن، يەنە بىرى: «قاتىل مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم، دەپ ئىقرار قىلغان» دېگەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىرى قاتىلنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئىقرار قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەندۇر.

ئىككى ئادەم: «قاتىل ئۇ ئادەمنى پالانى يەردە ئۆلتۈرگەن» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، يەنە ئىككى ئادەم قوپۇپ: «قاتىل ئۇ ئادەمنى پالانى يەردە ئۆلتۈرگەن» دەپ باشقا بىر يەرنى كۆرسەتكەن بولسا، بۇلارنىڭ گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى گۇرۇپ ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقلىرى بىر - بىرىگە زىتتۇر ۋە قازى بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ بىرىنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ. ئەگەر ئىككى ئادەم: «قاتىل ئۇ ئادەمنى پالانى يەردە ئۆلتۈرگەن» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن، بىر ئادەم قوپۇپ: «قاتىل ئۇ ئادەمنى پالانى يەردە ئۆلتۈرگەن» دەپ باشقا بىر يەرنى كۆرسەتكەن بولسا، بۇ ھالدا قازى ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ يەردە بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ ئارىسىدا زىتلىك بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى ئىككى ئادەم ئۇچۇن قارشى كېلەلمەيدۇ.

ئەگەر ئىككى ئادەم گۇۋاھلىقنى: «قاتىل ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى لېكىن، بىز قاتىلنىڭ ئۇ ئادەمنى نېمە بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلمەيمىز» دەپ بەرسە، ئىستىھسانغا ئاساسەن قاتىلنىڭ ئۆز مال - مۈلكىدىن ئۈچ يىل ئىچىدە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىغا دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. بۇ قاتىلغا بېرىلگەن ئەڭ يەڭگىل جازادۇر. ئۇ بولسىمۇ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىغا ئۈچ يىل ئىچىدە تۆلەپ بېرىدىغان دىيەتتۇر. چۈنكى، گۇۋاھچىلار (قاتىلنىڭ) ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئومۇمىي بىر شەكىلدە قىلىپ گۇۋاھلىق بەردى. شۇڭا قاتىلغا جازانىڭ ئەڭ يەڭگىلى بولغان دىيەت تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ. گۇۋاھچىلارنىڭ: «بىز قاتىلنىڭ ئۇ ئادەمنى نېمە بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلمەيمىز» دېگەن سۆزى، ئۇلارنىڭ

بىخۇدلۇق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ مەزكۇر سۆزى ئۇلارنى ياخشى گۇمان قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ شۇ سۆزنى قىلىش ئارقىلىق قاتىلغا قىساس جازاسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشقانلىقىغا قارىتىلىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى: «مەن ئۆلتۈردۈم» دەپ ئىقرار قىلغان، باشقا بىر كىشى قوپۇپ: «ئۇ ئادەمنى مەن ئۆلتۈردەم» دەپ ئىقرار قىلغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسى ئۇلارغا: «ئۇنى ئىككىڭلار ئۆلتۈردىڭلار» دېگەن بولسا، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسىنىڭ ئۇ ئىككى كىشىنى، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىقرارىغا ئاساسەن ئۆلتۈرۈش ھەققى بار. ئەمما بىر گۇرۇپ ئادەملەر بىر كىشىنىڭ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئىقرار قىلغان، يەنە بىر گۇرۇپ ئادەملەر ئۇ ئادەمنى باشقا بىر كىشىنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىگە ئىقرار قىلغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسى ئۇ ئىككى كىشىگە: «ئۇنى ئىككىڭلار ئۆلتۈردىڭلار» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ھەر ئىككى گۇرۇپ ئادەملەرنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، بىر گۇرۇھ ئادەملەرنىڭ يەنە بىر گۇرۇھ ئادەملەرگە قارشى گۇۋاھلىق بېرىشى بىر گۇرۇھتىكى گۇۋاھچىلارنىڭ پاسىق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. گۇۋاھچىلارنىڭ پاسىق ئادەملەر بولۇشى ئۇلارنىڭ بەرگەن گۇۋاھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا توسالغۇ بولىدۇ. ئەمما بىر ئادەمنى بىر كىشى: «ئۇنى مەن ئۆلتۈردۈم» دەپ ئىقرار قىلغان، يەنە بىر كىشى: «ئۇنى مەن ئۆلتۈردۈم» دەپ ئىقرار قىلغان مەسىلىگە كەلسەك، گەرچە بۇمۇ ئىقرار قىلغان بۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرىنىڭ پاسىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئىقرار قىلغان كىشىنىڭ پاسىق بولۇشى ئۇنىڭ قىلغان ئىقرارىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا توسالغۇ بولالمايدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى: «مەن ئۆلتۈردۈم» دەپ ئىقرار قىلغان، باشقا بىر كىشى قوپۇپ: «ئۇ ئادەمنى مەن ئۆلتۈردەم» دەپ ئىقرار قىلغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگىسى: «ھەر ئىككىڭلار توغرا گەپ قىلدىڭلار» دېگەن بولسا، بۇ ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسىنىڭ ئۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرەرسىنىمۇ قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈش ھەققى يوق. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئىككى كىشىنىڭ ھەر بىرىگە: «سەن توغرا گەپ قىلدىڭ» دەپ ئۇلارنىڭ بىرىگە ئىشەنگەنلىكى يەنە بىرىنىڭ قاتىل ئەمەسلىكىگە قىلغان

ئىقرارىدۇر. ئەمما ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسى ئۇلارغا: «ئۇنى ئىككىڭلار ئۆلتۈردىڭلار» دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇ ئۇلارغا ئىشەنگەنلىك ئەمەس ئۇلارنىڭ ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى دەۋا قىلغانلىقتۇر. شۇڭا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسىنىڭ ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىقرارىغا ئاساسەن قساس ئېلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈش ھەققى بار.

بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىگە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا دىيەت بېرىشكە ھۆكۈم قىلىنغان ۋە قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا دىيەتنى بەرگەن، ئاندىن ئۆلتۈرۈلدى، دەپ قارالغان ئادەم تىرىك ھالەتتە كەلگەن بولسا، قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا دىيەت ئۈچۈن بەرگەن نەرسىلەرنى تۆلىتىدۇ. چۈنكى، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى ئۇلاردىن دىيەتنى ناھەق ئالغان ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۆلتۈرۈلدى، دەپ قارالغان ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىنىڭ (دىيەتنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا تۆلەپ بەرگەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى) ھېچكىمگە تۆلىتىش ھەققى يوق.

بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا دىيەت بېرىشكە كېلىشكەن ۋە ئۇلارغا دىيەتنى بەرگەن، ئاندىن ئۆلتۈرۈلدى دەپ قارالغان ئادەم تىرىك ھالەتتە كەلگەن بولسا، قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا دىيەت ئۈچۈن بەرگەن نەرسىلەرنى تۆلىتىدۇ. چۈنكى، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى ئۇلاردىن دىيەتنى ناھەق  ئالغان ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۆلتۈرۈلدى، دەپ قارالغان ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىنىڭ (دىيەتنىڭ ئورنىغا ئۇلارغا تۆلەپ بەرگەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى) ھېچكىمگە تۆلىتىش ھەققى يوق.

ئەگەر بىر نەچچە ئادەم بىر كىشىنىڭ بىر ئادەمنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن ۋە قاتىلدىن قساس ئېلىنغان، ئاندىن ئۆلتۈرۈلدى دەپ قارالغان ئادەم تىرىك بولغان بولسا، گۇۋاھچىلارنىڭ ھېچبىرىدىن قساس ئېلىنمايدۇ. لېكىن قاتىل، دەپ قارىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ مىراسخورلىرى، خالىسا ئۆلتۈرۈلدى دەپ قارالغان ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا دىيەت تۆلىتىدۇ ۋە بۇلار (دىيەت ئۈچۈن قاتىل دەپ قارىلىپ

ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ مىراسخورلىرىغا تۆلەپ بەرگەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى) گۇۋاھچىلاردىن ئالالمايدۇ، خالىسا دىيەتنى گۇۋاھچىلارغا تۆلىتىدۇ ۋە بۇلار (دىيەت ئۇچۇن قاتىل دەپ قارىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ مىراسخورلىرىغا تۆلەپ بەرگەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى) ئۆلتۈرۈلدى، دەپ قارالغان ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىدىن ئالالمايدۇ. بۇ، ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «گۇۋاھچىلار (دىيەت ئۇچۇن قاتىل دەپ قارىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ مىراسخورلىرىغا تۆلەپ بەرگەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى) ئۆلتۈرۈلدى، دەپ قارالغان ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىدىن ئالالايدۇ» دېدى.

ئەگەر ئىككى ئادەم بىر كىشىنىڭ بىر ئادەمنى سەۋەن، ياكى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەن، قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا دىيەت بېرىشكە ھۆكۈم قىلىنغان ۋە دىيەتنى بەرگەن، ئاندىن ئۆلتۈرۈلدى، دەپ قارالغان ئادەمنىڭ تىرىكلىكى ئاشكارا بولغان بولسا، گۇۋاھلىق بەرگەن ئۇ ئىككى ئادەم قاتىل دەپ قارالغان كىشىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىگە ھېچ نەرسە تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىككى ئادەم يالغان ئېيتقان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىككى ئادەم گۇۋاھلىقنى ئۇ كىشى ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتتى، دەپ ئەمەس ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى، دەپ بەردى. شۇنداق ئىكەن بۇ يەردە يالغان ئېيتقان (ئۇ ئىككى ئادەم ئەمەس) ئۇ كىشىنىڭ بولۇشىنىڭ ئېھتىمالى ناھايىتى كۈچلۈكتۇر. قاتىل دەپ قارالغان كىشىنىڭ جەمەتىدىكىلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا دىيەت ئۇچۇن بەرگەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى ئۇلارغا تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىنىڭ ئۇ دىيەتنى ئورۇنسىز ئالغانلىقى ئاشكارا بولۇپ چىققاندۇر. بۇ مەسىلىنى <ئەددۇررۇ> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى شۇنداق بايان قىلغان. ئەمما ئىبنى ئابىدىن (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «<ئەددۇررۇ> دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ دېگەن مەزكۇر سۆزلىرى بەك توغرا ئەمەس. چۈنكى، بىر كىشى ئۆزىنىڭ بىر ئادەمنى قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان ۋاقىتتا، ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتىنى ئۇ كىشىنىڭ جەمەتىدىكىلىرى ئەمەس ئۇ

كىشىنىڭ ئۆزى بېرىشى لازىم» دەيدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئىككى ئادەم باشقا ئىككى كىشىنى ئۆزلىرىنىڭ بىر كىشىنىڭ بىر ئادەمنى سەۋەن ئۆلتۈرۋەتكەنلىكىگە گۇۋاھچى بولغانلىقىغا گۇۋاھچى قىلغان، ئۇ ئىككى كىشى (ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىر كىشىنىڭ بىر ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۋەتكەنلىكىگە گۇۋاھچى بولغان ئىكەن) دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن ۋە قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا دىيەت بېرىشىگە ھۆكۈم قىلىنغان ۋە دىيەتنى بەرگەن، ئاندىن ئۆلتۈرۈلدى، دەپ قارالغان ئادەم تىرىك بولغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ گۇۋاھلىق بەرگەن ئۇ ئىككى كىشى قاتىل دەپ قارالغان كىشىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىگە ھېچ نەرسە تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى كىشى گۇۋاھلىقنى قاتىل دەپ قارالغان كىشىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۋەتكەنلىكىگە ئەمەس ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۋەتكەنلىكىگە گۇۋاھ بولغان ئىككى ئادەمنىڭ گۇۋاھچى بولغانلىقى ھەققىدە بەردى. بۇ ھالدىمۇ قاتىل دەپ قارالغان كىشىنىڭ جەمەتىدىكىلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا دىيەت ئۈچۈن بەرگەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى ئۇلارغا تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىنىڭ ئۇ دىيەتنى ئورۇنسىز ئالغانلىقى ئاشكارا بولۇپ چىقتى.

ئېتىلغان نەرسە تېگىپ ئۆلۈپ كەتكەن ياكى يارىدار بولغان ئادەمگە دىيەت تۆلەپ بېرىش ياكى تۆلەپ بەرمەسلىك ئۈچۈن ئاتقان ۋە ئېتىلغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئېتىلغان ۋاقىتتىكى ھالى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئېتىلغان نەرسە تېگىپ ئۆلۈپ كەتكەن ياكى يارىدار بولغان ئادەمگە دىيەت تۆلەپ بېرىش، ياكى تۆلەپ بەرمەسلىك ئۈچۈن ئاتقان ۋە ئېتىلغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسە ئېتىلغان ۋاقىتتىكى ھالى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، دىيەت تۆلەپ بېرىش، ئادەمنىڭ ئوق ئاتقانلىق سەۋەبى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ۋە ئوق ئېتىلغان كىشىنىڭ ئوق ئېتىلغان ۋاقىتتىكى ھالى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم مۇسۇلمان بىر كىشىگە ئوق ئاتقان ۋە ئوق ئېتىلغان ئۇ كىشى (الله تائالا ساقلىسۇن ئوق يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن) ئىسلامدىن يېنىۋالغان، ئاندىن ئۇنىڭغا ئوق بېرىپ تەككەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۆز مال ـ مۈلكىدىن ئۇ كىشى

ئۇچۇن دىيەت تۆلەپ بېرىدۇ ۋە ئۇ ئادەمدىن قىساس چۈشۈپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئوق ئۇ كىشىگە يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ كىشى ئىسلامدىن يېنىۋېلىش ئارقىلىق ئۇ ئادەمدىن قىساس ئېلىنىشىدا شۈبھە پەيدا قىلدى. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام ئەبۇيۈسۈف ۋە ئىمام مۇھەممەد (اللہ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئوق ئاتقان ئادەمنىڭ ئۇ كىشى ئۈچۈن ھېچبىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئوق قېنىنىڭ ھۆرمىتى يوق بىر ئادەمگە تەگدى» دېدى.[1]

زىنا قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن چالما ـ كېسەك قىلىنىشقا بۇيرۇلغان ئادەمگە بىر كىشى تاش ئاتقان ۋە تاش ئۇنىڭغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنى زىنا قىلدى، دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن تۆت گۇۋاھچىلارنىڭ بىرى بەرگەن گۇۋاھلىقىدىن يېنىۋالغان، ئاندىن تاش بېرىپ ئۇنىڭغا تەككەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىگە تاش ئاتقان ئادەمگە ئۇ كىشى ئۈچۈن ھېچ نەرسە بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ كىشىگە تاش ئېتىلغان ۋاقىتتا، ئۇ كىشى تاش ئاتسا بولىدىغان قېنىنى تۆكۈش ھالال بولغان كىشى ئىدى.

ئەگەر ئوتپەرەس كاپىر ئوۋ ھايۋىنىغا ئوقيا ئاتقان ۋە ئوقيا ئۇ ھايۋانغانغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ كاپىر مۇسۇلمان بولغان، ئاندىن ئوقيا ئۇ ھايۋانغا بېرىپ تەككەن بولسا، ئۇ ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىش توغرا ئەمەس. (چۈنكى، ئۇ ئادەم ھايۋانغانغا ئوقيانى ئاتقان ۋاقىتتا تېخى كاپىر ھالىتىدە ئىدى). ئەگەر مۇسۇلمان بىر ئادەم ئوۋ ھايۋىنىغا ئوقيا ئاتقان ۋە ئوقيا ئۇ ھايۋانغانغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ مۇسۇلمان (اللہ تائالا ساقلىسۇن!) كاپىر بولۇپ كەتكەن، ئاندىن ئوقيا ئۇ ھايۋانغا بېرىپ تەككەن بولسا، ئۇ ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ. (چۈنكى، ئۇ ئادەم ھايۋانغانغا ئوقيانى ئاتقان ۋاقىتتا، مۇسۇلمان ھالىتىدە ئىدى). چۈنكى، ئوۋلانغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولىدىغانلىق ياكى بولمايدىغانلىق ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئوقيانى ئاتقان ئادەمنىڭ ئوقيانى ئاتقان ۋاقىتتىكى ھالى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئوۋ ھايۋىنىغا ئوقيا ئېتىش ئۇنى بوغۇزلىغاننىڭ ئورنىدا ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ئوقيا ئاتقان ئادەمنىڭ (ھايۋاننى بوغۇزلاشقا) سالاھىيىتى توشقان ياكى توشمىغان ئادەم بولۇشى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 367 ـ بەت.

ئەگەر ھەجگە ئىھرام باغلىغان بىر ئادەم بىر ئوۋ ھايۋىنىغا ئوقيا ئاتقان ۋە ئوقيا ئۇ ھايۋانغانغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ ئادەم ئىھرامدىن چىقىپ كەتكەن، ئاندىن ئوقيا بېرىپ ئۇ ھايۋانغا تەككەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئىھراملىق ھالىتىدە تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىغانلىقى ئۈچۈن بىر قوي بوغۇزلىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئوۋ ھايۋىنىغا ئوقيا ئاتقان ۋاقتىدا ئىھراملىق ھالىتىدە ئىدى. ئەگەر ئۇ ئادەم ئىھرامغا كىرمەي تۇرۇپ ئوۋ ھايۋىنىغا ئوقيا ئاتقان ۋە ئوقيا ئۇ ھايۋانغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ ئادەم ئىھرامغا كىرگەن، ئاندىن ئوقيا بېرىپ ئۇ ھايۋانغا تەككەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمگە بىر قوي بوغۇزلاش لازىم بولمايدۇ. چۈنكى، قوي بوغۇزلاش ھەجگە ئىھرام باغلىغان ئادەم ئىھراملىق ھالىتىدە تۇرۇپ ئوۋ ئۇۋلىغانلىقى ئۈچۈن لازىم بولىدۇ.[1]

# دىيەتلەرنىڭ بايانى

## <دىيەت> دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى

<دىيەت> دېگەن سۆز لۇغەت جەھەتتىن قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ جېنىنىڭ بەدىلى ئۈچۈن بېرىدىغان مال ـ مۈلۈكنى كۆرسىتىدۇ.

<دىيەت> دېگەن سۆز ئىستىلاھ جەھەتتىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ جېنىنىڭ بەدىلىگە بېرىلىدىغان مال ـ مۈلۈكنىڭ ئىسمىدۇر.

## دىيەتنىڭ مىقدارى

بىر ئادەمنى قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۆلتۈرگەن كىشىگە ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتى ئۈچۈن 100 تۆگە بېرىش لازىم. بۇ 100 دانە تۆگە ھەر خىلى يىگىرمە بەش ـ يىگىرمە بەش دانىدىن بولۇپ تۆت خىل تۈردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ تۆت خىل تۆگە تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ 25 دانە بىر ياشنى تۆگىتىپ ئىككى ياشقا كىرگەن چىشى تۆگە.

(1) «ئەلھىدايە»، 4 ـ توم، 176 ـ بەت.

**2 ـ 25 دانە ئىككى ياشنى تۆگىتىپ ئۈچ ياشقا كىرگەن چىشى تۆگە.**

**3 ـ 25 دانە ئۈچ ياشنى تۆگىتىپ تۆت ياشقا كىرگەن تۆگە.**

**4 ـ 25 دانە تۆت ياشنى تۆگىتىپ بەش ياشقا كىرگەن تۆگە.**

**بۇ خىل تۆگىلەردىن تەركىب تاپقان دىيەت <ئېغىر دىيەت> دەپ ئاتىلىدۇ. ئېغىر دىيەت پەقەت تۆگىلەردىلا بولىدۇ. ئەگەر ئېغىر دىيەت ئۈچۈن تۆگە بېرىلمەكچى بولغان ۋاقىتتا، مەزكۇر تۆت خىل تۆگىلەردىن تەركىب تاپقان تۆگە بېرىلىدۇ. ئەمما بىر ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ سالغان كىشىگە ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتى ئۈچۈن 100 تۆگە بېرىش لازىم. ئەمما، بۇ 100 دانە تۆگە بەش خىل تۆگىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئەگەر دىيەت ئۈچۈن تۆگىدىن باشقا نەرسە بېرىلىشكە ھۆكۈم قىلىنسا، بۇ دىيەت ئېغىر ھالەتتە بولمايدۇ. شۇڭا دىيەت ئۈچۈن ئەگەر يامبۇ بېرىلمەكچى بولسا، 10. 000 يامبۇدىن ئارتۇق بېرىلمەيدۇ. ئەگەر دىيەت ئۈچۈن تىللا بېرىلمەكچى بولسا، 1000 تىللادىن ئارتۇق بېرىلمەيدۇ[1]. تۆت مەزھەپ ئىماملىرى بىر ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ياكى قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۆلتۈرگەن كىشى، ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتى ئۈچۈن ئالتۇن بەرمەكچى بولسا، پەقەت 1000 تىللا بەرسە بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى.**

**ئەگەر بىر ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ سالغان كىشى ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتى ئۈچۈن تۆگە بەرمەكچى بولسا، دىيەت ئۈچۈن 100 دانە تۆگە بېرىدۇ. بۇ 100 دانە تۆگە ھەر خىلى يىگىرمە ـ يىگىرمە دانىدىن بولۇپ بەش خىل تۈردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ بەش خىل تۆگە تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر:**

**1 ـ 20 دانە بىر ياشنى تۆگىتىپ ئىككى ياشقا كىرگەن چىشى تۆگە.**

**2 ـ 20 دانە بىر ياشنى تۆگىتىپ ئىككى ياشقا كىرگەن ئەركەك تۆگە.**

**3 ـ 20 دانە ئىككى ياشنى تۆگىتىپ ئۈچ ياشقا كىرگەن چىشى تۆگە.**

**4 ـ 20 دانە ئۈچ ياشنى تۆگىتىپ تۆت ياشقا كىرگەن تۆگە.**

**5 ـ 20 دانە تۆت ياشنى تۆگىتىپ بەش ياشقا كىرگەن تۆگە.**

**ئەگەر بىر ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ سالغان كىشى ئۇ ئادەمنىڭ**

(1) يەنى 1000 تىللا 10. 000 يامبۇ بولىدۇ. چۈنكى، بىر تىللا 10 يامبۇغا تەڭ. ئەمما تىللا ئالتۇندىن سوقۇلىدۇ. يامبۇ كۈمۈشتىن سوقۇلىدۇ. ت.

دىيىتى ئۈچۈن ئالتۇن بەرمەكچى بولسا، 1000 تىللا ۋە كۈمۈش بەرمەكچى بولسا، 10. 000 يامبۇ بېرىدۇ.

زامانىمىزدا دىيەتنى ئالتۇن ياكى كۈمۈش بىلەن ئۆلچەش ئاسانلىق ئېلىپ كىلىدۇ.

## قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈشنىڭ ۋە سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈشنىڭ كاففارىتىنىڭ بايانى

الله تائالا بىر ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ سالغان كىشىنىڭ كاففارەت بېرىشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « مۆمىن ئادەمنىڭ مۆمىن ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئەمەس، قەستەن ئۆلتۈرۈشى ھېچ دۇرۇس ئەمەس، كىمكى بىرەر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن، ئۇ بىر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلىشى كېرەك، ئۇلار (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ۋارىسلىرى) دىيەتنى كەچۈرۈم قىلسا، (شۇنىڭ بىلەن قاتىل ئۇنى) تۆلىمىسە ھېچ باك يوق، ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى مۆمىن سىلەرگە دۈشمەن (كۇففار) قەۋمىدىن بولسا، بۇ چاغدا ئۆلتۈرۈپ قويغۇچى بىر نەپەر مۆمىن قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم (دىيەت كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى مۇسۇلمان بولمىغاچقا ئۇنىڭغا ۋارىس بولمايدۇ)، ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچى ئاراڭلاردا مۇئاھىدە بولغان (كۇففار) قەۋمىدىن بولسا، ئۇنىڭ ۋارىسلىرىغا دىيەت تۆلەش ۋە بىر نەپەر قۇلنى ئازاد قىلىش كېرەك، ئازاد قىلىدىغان قۇل تاپالمىغان ئادەم (يەنى قۇل ئازاد قىلىشقا قادىر بولالمىغان ئادەم) (تەۋبىسىنى الله نىڭ قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن) ئۈزۈلدۈرمەي ئىككى ئاي روزا تۇتۇشى لازىم. الله ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر[1] »

ئادەمنى قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۆلتۈرۈشتىمۇ سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ مەناسى بولغانلىقى ئۈچۈن بىر ئادەمنى قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۆلتۈرۈپ سالغان كىشىنىڭمۇ كاففارەت بېرىشى لازىم. كاففارەت ئۈچۈن مۆمىن بىر قۇل ئازات قىلىنىدۇ.

(1) سۈرە نىسا 92 ـ ئايەت.

ئەگەر قاتىل كاففارەتنى ئادا قىلماقچى بولغان ۋاقىتتا مۆمىن بىر قۇل ئازات قىلالمىسا، ئارقىمۇ ـ ئارقا ئىككى ئاي روزا تۇتىدۇ. قەستەنگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۆلتۈرۈشنىڭ ۋە سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈشنىڭ كاففارىتى ئۈچۈن مىسكىنلەرگە تاماق بېرىش يوق. چۈنكى، قەستەنگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۆلتۈرۈشنىڭ ۋە سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈشنىڭ كاففارىتى ئۈچۈن مىسكىنلەرگە تاماق بېرىش ھەققىدە ھېچقانداق ئايەت، ياكى ھەدىس كەلمىدى. جىنايەتلەرنىڭ كاففارىتى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسىلەر پەقەتلا شەرىئەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ بېرىلىدۇ. ئەمما بۇلاردىن باشقا جىنايەتلەرنىڭ كاففارىتى ئۈچۈن ئەگەر قۇل ئازات قىلالمىسا، ياكى روزا تۇتالمىسا، مىسكىنلەرگە تاماق بەرسىمۇ بولىدۇ.

# ئايال كىشىنىڭ دىيىتىنىڭ بايانى

ئۆلتۈرۈلگەن ئايال ئۈچۈن ئەرگە بېرىلگەن دىيەتنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ. ئىبنى ئەلمۇنزىر ۋە ئىبنى ئابدۇلبەر: «بارلىق ئالىملار ئايال ئۈچۈن ئەرگە بېرىلىدىغان دىيەتنىڭ يېرىمى بېرىلىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى» دېدى. باشقا بىر قىسىم ئالىملار، ئىبنى ئۇلەييە ۋە ئەسەم قاتارلىقلارنىڭ: «ئايالغىمۇ ئەرگە ئوخشاش دىيەت بېرىلىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئىبنى ئۇلەييەنىڭ ۋە ئەسەمنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۆمىننىڭ جېنى ئۈچۈن **100** تۆگە بېرىلىدۇ» دېگەن ھەدىسىدۇر(1). بۇلارنىڭ بۇ سۆزى ئاجىز سۆز بولۇپ ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى بىرلىكىگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە زىتتۇر. چۈنكى، ئەمرى ئىبنى ھەزمى يازغان خېتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئايال ئۈچۈن ئەرگە بېرىلگەن دىيەتنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ»(2) دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

ئايال ئۈچۈن ئەرگە بېرىلىدىغان دىيەتنىڭ يېرىمىنىڭ بېرىلىشىدىكى سەۋەب بولسا، (توغرىسىنى اللە تائالا بىلگۈچىدۇر) ئۆلتۈرۈلگەن ئايالنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا كېلىدىغان زەرەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ئەرنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا كېلىدىغان زەرەرگە قارىغاندا ئاز بولۇدىغانلىقى ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن.

(1) يەنى ئۇلار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىستە ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىسىنى ئايرىمىغان، شۇڭا مەيلى ئەر بولسۇن مەيلى ئايال بولسۇن مۆمىن بىر ئىنساننى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەم ئۇنىڭ ئۈچۈن دىيەت بەرمەكچى بولسا، **100** تۆگە بېرىدۇ، دېمەكچىدۇر. ت.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن»، **18** ـ توم، **166** ـ بەت.

<ئەلهىدايە> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورىمۇ بۇ مەناغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئايالنىڭ هالى ئەرنىڭكىگە قارىغاندا تۆۋەندۇر ۋە ئۇنىڭ پايدىسى (ئەرنىڭكىگە قارىغاندا) ئازدۇر. شۇڭا بۇنداق بولۇشنىڭ ئەسرى ئايال ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان دىيەتتە نامايەندە بولدى.»[1]

## مۇسۇلمان ئەمەس ئادەملەرنىڭ دىيىتىنىڭ بايانى

هەنەفىي مەزهەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا مۇسۇلمانلارنىڭ دىيىتى بىلەن (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرلارنىڭ دىيىتى ئوخشاشتۇر. ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «يەهۇدىيلارنىڭ ۋە خىرىستىيانلارنىڭ دىيىتى **4000** يامبۇدۇر، ئۆتپەرەس كاپىرلارنىڭ دىيىتى **800** يامبۇدۇر» دەيدۇ. ئىمام شافىئىينىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ يەهۇدىيلار بىلەن خىرىستىيانلارغا دىيەت ئۈچۈن **4000** يامبۇ، ئۆتپەرەس كاپىرلارغا دىيەت ئۈچۈن **800** يامبۇ بېرىشكە هۆكۈم چىقارغانلىقىدۇر. ئىمام مالىك (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «يەهۇدىيلارنىڭ ۋە خىرىستىيانلارنىڭ دىيىتى **6000** يامبۇدۇر» دەيدۇ. ئىمام مالىك (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «كاپىر ئۈچۈن مۇسۇلمانغا بېرىلگەن دىيەتنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ» دېگەن سۆزىدۇر. ئىمام مالىكنىڭ كۆز قارىشىدا مۇسۇلمان ئۈچۈن **12. 000** يامبۇ بېرىلىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ دىيىتى بىلەن مەيلى يەهۇدىي بولسۇن مەيلى خىرىستىيان بولسۇن (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرلارنىڭ دىيىتى ئوخشاشتۇر، دېگەن هەنەفىي مەزهەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «كېلىشىم تۈزۈپ كېلىشىمنىڭ (مۇددىتى تېخى بار) هەر بىر كاپىرنىڭ دىيىتى **1000** تىللادۇر» دېگەن سۆزىدۇر. ئەبۇ بەكىر ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) ئۆزلىرىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرلىرىدە مەيلى يەهۇدىي بولسۇن، مەيلى خىرىستىيان بولسۇن، (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرلارغا دىيەت ئۈچۈن **1000** تىللا بېرىشكە

(1) «ئەلهىدايە»، **4** ـ توم، **168** ـ بەت.

هۆكۆم قىلغان. ئىمام شافىئىي رىۋايەت قىلغان ھەدىسكە كەلسەك، ئۇ ھەدىسنى كىمنىڭ رىۋايەت قىلغانلىقى نامەلۇم ۋە ئۇ ھەدىس، ھەدىس كىتابلىرىدىمۇ بايان قىلىنمىغاندۇر. ئىمام مالىك دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن ھەدىسكە كەلسەك، بىزنىڭ (يەنى ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ) دەلىل قىلىپ كەلتۈرگەن ھەدىسى ئۇنىڭ ھەدىسىدىن مەشھۇردۇر. چۈنكى، ساھابىلارنىڭمۇ بۇ ھەقتە بۇ ھەدىس بويىچە ھۆكۈم چىقارغانلىقى بايان قىلىندى.(1)

<ئىئلائۇسسۇنەن> دېگەن ئەسەردە مۇنداق بايان قىلىندى: ئەبۇيۇسۇف ئەلسەيدىلانىي مۇھەممەد ئىبنى سەلەمەدىن مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىمام زۆھرىيگە: «سەن ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا (ئىسلام دۆلتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلتىدە) ياشايدىغان كاپىرلارنىڭ دىيىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ، بۇ ھەقتە ئىختىلاپ كۆپ بولۇپ قالدى» دېدىم. ئىمام زۆھرىي «كۆن چىقىش تەرەپ بىلەن كۈن پېتىش تەرەپنىڭ ئارىسىدا بۇنى مەندىن ياخشى بىلىدىغان بىرەر كىشىمۇ قالمىدى، دەپ سۆزىنى باشلاپ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە ئۇسمان قاتارلىق خەلىپىلەرنىڭ زامانىسىدا (مەيلى يەھۇدىي بولسۇن، مەيلى خىرىستىيان بولسۇن، (ئىسلام دۆلتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلتىدە) ياشايدىغان كاپىرلاغا دىيەت ئۇچۇن) 1000 تىللا بېرىلەتتى. ھەتتا مۇئاۋىيەنىڭ زامانىسىغا كەلگەندە، مۇئاۋىيە (ئىسلام دۆلتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلتىدە ياشايدىغان كاپىرلاردىن) ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئىگە - چاقىلىرىغا 500 تىللا ۋە قالغان 500 تىللانى دۆلەتنىڭ خەزىنىسىگە بېرىلىدىغان تۈزۈمنى يولغا قويغان» دېدى. ئىمام زۆھرىي بۇ ھەدىس ئۈچۈن ئۇنى رىۋايەت قىلغان ئادەملەرنى بايان قىلمىغان. شۇنداق بولسىمۇ بۇ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر. ئىمام زۆھرىي بولسا، سۆزى دەلىل - پاكىت دەپ قارىلىدىغان ئىمامدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرى ئىمام مالىكنىڭ بايانلىرىدىن ۋە ئىمام بۇخارىنىڭ ئىلاۋىلىرىدىن تۆۋەن ئەمەس. مەزكۇر ھەدىس ئىمام زۆھرىينىڭ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن، ياكى يەتمىگەنلىكىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ، رىۋايەت قىلغان ئادەملەرنى تاشلىۋېتىپ تۇرۇپ رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرىنىڭ قاتارىدىن ئەمەس. چۈنكى، بۇ ھەقتە ئەبۇداۋۇد ئارىلىقتا ھەدىس رىۋايەت

(1) «ئەلھىدايە»، 4 - توم، 178 - بەت.

قىلغان بىر ئادەم تاشلىنىپ كەتكەن بىر ھەدىستە توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن يول بىلەن رەبىئە ئىبنى ئابدۇرراھماننىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە ئۇسمان قاتارلىق خەلىپىلەرنىڭ زامانىسىدا، ھەتتا مۇئاۋىيەنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىنىڭ باشلىرىدا (مەيلى يەھۇدىي بولسۇن، مەيلى خىرىستىيان بولسۇن، ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرلانىڭ دىيىتى مۇسۇلمانلارنىڭ دىيىتى بىلەن ئوخشاش ئىدى. كېيىن مۇئاۋىيە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!): ئەگەر (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرلاغا مۇسىبەت كەلسە، ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن ئۇلاردىن دۆلەت خەزىنىسىگە كېلىدىغان باش بېچى توختاپ قېلىپ دۆلەت خەزىنىسى زىيانغا ئۇچرايدىكەن. شۇڭا سىلەر (ئۇلارغا دىيەت ئۈچۈن بېرىلگەن **1000** تىللا پۇلدىن) **500** تىللانى ئۇلارنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا، قالغان **500** تىللا پۇلنى دۆلەت خەزىنىسىگە بېرىڭلار، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن.»[1]

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدا (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرلارنىڭ، ئامانلىق تەلەپ قىلغان كاپىرلارنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دىيەتلىرى ئوخشاشتۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، يەھۇدىيلارنىڭ ۋە خىرىستىيانلارنىڭ دىيىتى **4000** يامبۇدۇر، ئۆتپەرەس كاپىرلارنىڭ دىيىتى **800** يامبۇدۇر» دېدى.

## تەن ئەزالىرىنىڭ دىيىتىنىڭ بايانى

ئەسلىدە ئىنساننىڭ ئەزالىرىدىن بىرەر ئەزاغا، ئۇ ئەزادىن كېلىدىغان رولنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋاتىدىغان ياكى ئۇ ئەزادىن كۆزدە تۇتۇلغان گۈزەللىكنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋاتىدىغان دەرىجىدە زىيانكەشلىك قىلىنسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن تولۇق بىر دىيەت تۆلەپ بېرىش لازىم. چۈنكى، ئىنساننىڭ ئۇ ئەزاسىغا قىلىنغان زىيانكەشلىك بىر تەرەپتىن ئىنساننىڭ جېنىغا قىلىنغان زىيانكەشلىكتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ تىلىغا،

(1) «ئەلئۇسسۇنەن»، **18** ـ توم، **160** ـ بەت.

ياكى بۇرنىغا زىيانكەشلىك قىلغان كىشىگە تولۇق بىر دىيەت تۆلەشكە ھۆكۈم قىلغان. شۇڭا بىز ئىنساننىڭ باشقا ئەزالىرىنى ئۇنىڭ تىلىغا ۋە بۇرنىغا قىياس قىلىپ تۆرۈپ ئىنساننىڭ ئەزالىرىدىن بىرەر ئەزاسىغا زىيانكەشلىك قىلىپ سالغان ئادەمنىڭ تولۇق بىر دىيەت تۆلىشى لازىم، دېدۇق. تىلغا ئوخشاش ئىنساننىڭ تېنىدە جۈپتى يوق ئەزالارغا ۋە پۇراش ئىقتىدارىغا ئوخشاش ئىنساننىڭ بىرەر ئىقتىدارىغا زىيانكەشلىك قىلغان ئادەمنىڭ تولۇق بىر دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئىنساننىڭ ئىقتىدارلىرىدىن ئۇنىڭ تەپەككۇر قىلىش، ئىنتىلىش، پۇراش ۋە تېتىش ئىقتىدارلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىنساننىڭ ئەزالىرى مۇنداق تۆت خىل بولىدۇ:

1 ـ جۈپتى يوق ئەزالار. بۇلاردىن بۇرۇن، تىل ۋە جىنسىي ـ ئەزا قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئەزالارنىڭ بىرەرسىگە زىيانكەشلىك قىلىپ سالغان ئادەمگە تولۇق بىر دىيەت تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ.

2 ـ جۈپتى بار ئەزالار. بۇلاردىن ئىككى كۆز، ئىككى قۇلاق، ئىككى قاش، ئىككى كالپۇك، ئىككى قول، ئايال كىشىنىڭ ئىككى ئەمچىكى، ئەرنىڭ ئىككى تاشقى ۋە ئىككى پۇت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. جۈپتى بار ئەزالارنىڭ ئىچىدىن بىرەر جۈپ ئەزاغا زىيانكەشلىك قىلىپ سالغان ئادەمگە تولۇق بىر دىيەت تۆلەپ بېرىش لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ ئەزالاردىن بىر جۈپكە ئەمەس بىر جۈپنىڭ بىر دانىسىگە زىيانكەشلىك قىلىپ سالغان بولسا، ئۇنىڭغا بىر دىيەتنىڭ يېرىمىنى تۆلەپ بېرىش لازىم.

3 ـ تۆتلۈك ئەزالار. بۇنىڭدىن كۆزنىڭ كىرپىكلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەر بىر كۆزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى تىزىق كىرپىك بولۇپ ئىككى كۆزدە تۆت تىزىق كىرپىك بار. بىر تىزىق كىرپىككە زىيانكەشلىك قىلغان ئادەمگە بىر دىيەتنىڭ تۆتتىن بىرىنى بېرىش لازىم بولىدۇ. تۆت تىزىق كىرپىكنىڭ ھەممىسىگە زىيانكەشلىك قىلغان ئادەمگە تولۇق بىر دىيەت تۆلەپ بېرىش لازىم.

4 ـ ئونلۇق ئەزالار. بۇلاردىن ئىككى قولنىڭ بارماقلىرى ۋە ئىككى پۇتنىڭ بارماقلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىككى قولنىڭ ياكى ئىككى پۇتنىڭ ئون بارمىقىغا زىيانكەشلىك قىلغان ئادەمگە تولۇق بىر دىيەت تۆلەپ بېرىش لازىم. بىر بارماققا زىيانكەشلىك قىلغان ئادەمنىڭ بىر دىيەتنىڭ ئوندىن بىرىنى بېرىشى لازىم.[1]

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 369 ـ بەت.

نەسائىي بۇ ھەقتە سۇلايمان ئىبنى داۋۇدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ماڭا زۆھرىي ئەبۇبەكرى ئىبنى مۇھەممەددىن ئەبۇبەكرى ئىبنى مۇھەممەدنىڭ چوڭ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىپ بەرگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەمەنلىكلەر ئۈچۈن پەرزلەر، سۈننەتلەر ۋە دىيەتلەر بايان قىلىنغان بىر پارچە خەت يېزىپ ئۇنى ئەمرى ئىبنى ھەزمىدىن ئەۋەتتى. ئۇ خەت يەمەنلىكلەر ئۈچۈن ئوقۇپ بېرىلدى. مانا بۇ ئۇ خەتنىڭ نۇسخىسىدۇر: (بۇ خەت) اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەددىن قەيلىزىرۇئەين، مەئافىر ۋە ھەمدان قەبىلىرىنىڭ كاتتىللىرى بولغان شۇرەھبىل ئىبنى ئابدۇكىلالغا ۋە هارىس ئىبنى ئابدۇ كىلالغا يېزىلغاندۇر. مەقسەتكە كەلسەك: ھەقىقەتەن كىمكى بىر مۆمىننى ھەقسىز ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىنىدۇ. ئەمما ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى قاتىلنى كەچۈرۈۋەتسە، (بۇ ھالدا قاتىلدىن قىساس ئېلىنمايدۇ). بىر جاننىڭ دىيىتى ئۈچۈن 100 تۆگە بېرىلىدۇ. ئەگەر بۇرۇننىڭ ھەممىسىگە زىيانكەشلىك قىلىنسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر دىيەت (يەنى 100 تۆگە) تۆلەپ بېرىلىدۇ. تىل ئۈچۈن بىر دىيەت تۆلەپ بېرىلىدۇ. ئىككى كالپۇك ئۈچۈن بىر دىيەت تۆلەپ بېرىلىدۇ. ئىككى تاشاق ئۈچۈن بىر دىيەت تۆلەپ بېرىلىدۇ. جىنسىي ئەزا ئۈچۈن بىر دىيەت تۆلەپ بېرىلىدۇ. ئومۇرتقا ئۈچۈن بىر دىيەت تۆلەپ بېرىلىدۇ. ئىككى كۆز ئۈچۈن بىر دىيەت تۆلەپ بېرىلىدۇ. بىر پۇت ئۈچۈن بىر دىيەتنىڭ يېرىمى تۆلەپ بېرىلىدۇ. باشنى مېڭىغا يېتىپ بارغانغا قەدەر يارىدار قىلغاندا بىر دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىرى بېرىلىدۇ. قورساقنىڭ ئىچىگە قەدەر يېتىپ بارغان تىقىشتا بىر دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىرى بېرىلىدۇ[1]. سۆڭەكنى سۇندۇرۇۋېتىشتا 15 تۆگە بېرىلىدۇ. قولنىڭ ۋە پۇتنىڭ ھەر بىر بارمىقى ئۈچۈن 10 تۆگە بېرىلىدۇ. ھەر بىر چىش ئۈچۈن 5 تۆگە بېرىلىدۇ. تېرىنى تاكى سۆڭەك كۆرۈنۈپ قالغۇدەك دەرىجىدە تىلىۋېتىشتا 5 تۆگە بېرىلىدۇ. ئەر كىشىدىن ئايال كىشى ئۈچۈن قىساس ئېلىنىدۇ.»[2]

مانا بۇ ئەسەر تىلنىڭ دىيىتىنىڭ پۈتۈن بىر دىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تىلنىڭ دىيىتىنىڭ پۈتۈن بىر دىيەت ئىكەنلىكى بىزنىڭ ئىماملىرىمىزنىڭ تۇتقان يولىدۇر. ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: بىزگە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!)

---

(1) يەنى مەسىلەن: بىر ئادەم پىچاقنى بىر كىشىنىڭ قورسىقىغا تاكى قورساقنىڭ ئىچىگە قەدەر يېتىپ بارغۇچە تىققان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىشى لازىم. ت.

(2) بۇ ھەدىسنى ئىبنى ھەببان ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلدى. ھاكىم: «بۇ توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر» دېدى.

ھەممادنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىبراھىم ئىل ھەققىدە: ئەگەر بىر ئادەمنىڭ تىلىنىڭ بىر قىسمى كېسىلگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان، ياكى تىلى پۈتۈنلەي كېسىلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن بىر دىيەت تۆلەپ بېرىلىدۇ» دېگەن. ئاندىن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىز بۇ سۆزنى توغرا دەپ قوبۇل قىلىمىز. بۇ ھەم ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ سۆزىدۇر». ئەمما بىر كىشى گەپ قىلالمايدىغان گاچا بىر ئادەمنىڭ تىلىنى كېسىۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشى ھەققىدە مۇسۇلمان ئادىل بىر ئادەم ھۆكۈم چىقىرىدۇ. (يەنى ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ تىلىنى كېسىۋاتقانلىقى ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەمما ئادىل بىر ئادەم ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر ئاز نەرسە بېرىشكە ھۆكۈم قىلىدۇ).[1]

بىر كىشى بىر ئادەمنىڭ بۇرنىغا ئۇنىڭ يۇمۇشقى بىلەن قوشۇپ زىيانكەشلىك قىلغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن پۈتۈن بىر دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ بۇرنىنى كېسىۋاتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ پۇراش ئىقتىدارى يوقاپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن ئىككى دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. چۈنكى، پۇراش ئىقتىدارى باشقا نەرسە، بۇرۇن باشقا نەرسىدۇر. شۇڭا بىرىنىڭ دىيىتى يەنە بىرىنىڭكىگە كىرىپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ ھۆكمى خۇددى ئاڭلاش ئىقتىدارى بىلەن قۇلاقنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش[2].[3]

بىز يۇقىرىدا گەپ قىلالمايدىغان گاچا ئادەمنىڭ تىلىنى كېسىۋاتقان كىشى ھەققىدە مۇسۇلمان ئادىل بىر ئادەم ھۆكۈم چىقىرىدۇ، دەپ بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بۇ، ئەگەر ئۇ كىشى گاچا ئۇ ئادەمنىڭ تىلىنى كېسىۋاتقان، ئەمما ئۇنىڭ تېتىش ئىقتىدارى يوقاپ كەتمىگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، تىلدىن كۆزدە تۇتۇلىدىغان نەرسە تىل ئارقىلىق گەپ قىلىشتۇر. ھەقىقەتتىمۇ گاچا ئادەم تىلى ئارقىلىق گەپ قىلالمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭ تىلى خۇددى قولى تۇتماسنىڭ قولىغا، ئاختا ئادەمنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا، كورنىڭ كۆزىگە، ئاقساقنىڭ پۇتىغا ۋە چىشى قارىداپ كەتكەن ئادەمنىڭ چىشىغا ئوخشاش بار، ئەمما ئۆزىنىڭ رولىنى ئادا قىلالمايدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ خىلدىكى كىشىلەر مەزكۇر

(1) «ئىلائۇسسۇنەن»، 18 ـ توم، 180 ـ بەت.

(2) يەنى بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ قولىقىنى كېسىۋاتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى يوقاپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشى ئۈچۈن ئىككى دىيەت تۆلەپ بېرىدۇ. ت.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 369 ـ بەت.

ئەزالىرىغا يەنى قولى تۇتماسنىڭ قولىغا، ئاختا ئادەمنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا، كۆرنىڭ كۆزىگە . . . زىيانكەشلىك قىلغان ئادەم ھەققىدىمۇ ئادىل بىر كىشى ھۆكۈم چىقىراتتى. شۇنىڭدەك گاچىنىڭ تىلىنى كېسىۋاتقان كىشى ھەققىدىمۇ ئادىل بىر ئادەم ھۆكۈم چىقىرىدۇ. چۈنكى، بۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ مەزكۇر ئەزالىرىغا زىيانكەشلىك قىلغان ئۇ ئەزالارنىڭ رولىنى يوقۇتىۋاتمايدۇ ۋە ئۇلاردا بولغان گۈزەللىكنىمۇ يوقۇتىۋەتمەيدۇ.

بىر كىشى بىر ئادەمنىڭ ساقىلىنى چۈشۈرگەن، ياكى يۇلىۋاتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ساقىلى تەكرار ئۈنمىگەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ گۈزەللىكىنى پۈتۈنلەي يوقۇتىۋاتقان ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ساقىلىنىڭ تەكرار ئۈنۈپ چىقىشى ئۈچۈن بىر يىل كۈتۈپ تۇرۇلىدۇ. (ئەگەر بىر يىلغىچە ئۇ ئادەمنىڭ ساقىلى تەكرار ئۈنمىسە، ئۇ كىشى ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر دىيەت تۆلەپ بېرىدۇ). ئەگەر ساقىلى تەكرار ئۈنمىگەن ئۇ ئادەم بىر يىل تۇشۇشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ساقىلىنى چۈشۈرۈۋەتكەن، ياكى يۇلىۋاتقان ئۇ كىشى جىنايەتتىن قۇتۇلغان بولىدۇ ۋە بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن ھېچ نەرسە بېرىشى لازىم ئەمەس. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ كىشى ھەققىدە ئادىل بىر ئادەم ھۆكۈم چىقىرىدۇ» دېدى. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ ساقاللىرىنىڭ بىر قىسمىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىسمى تەكرار چىقمىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن پۈتۈن بىر دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. چۈنكى، ساقىلىنىڭ بىر قىسمى بار ۋە بىر قىسمى يوق ئادەم ساقىلى پۈتۈنلەي يوق ئادەمدىنمۇ سەت ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.

بىر كىشى ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە بىر نەچچە تال ساقىلى بار كۇسا ئادەمنىڭ ساقىلىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ساقىلى تەكرار ئۈنمىگەن بولسا، ئۇ كىشىگە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ نەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىكى بىر نەچچە تال ساقال ئۇ ئادەمنى گۈزەللەشتۈرۈش ئەمەس سەتلەشتۈرىدۇ. باشنىڭ تۈكىنىڭ مەسىلىسىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش. ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنىڭ بېشىنى چۈشۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ بېشىنىڭ تۈكى تەكرار چىقمىغان ۋە پەينەك بولۇپ قالغان بولسا، بۇ، ئۇ ئادەم ئۈچۈن

چوڭ بىر ئەيىب ئىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇددى باشقا ئەيىبلىك يەرلىرىنى يېپىشقا بۇيرۇلغانغا ئوخشاش بېشىنىمۇ يېپىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ بېشىنىڭ تۈكى كېيىن ئۈنۈپ چىقسا، ئۇنىڭ بېشىنىڭ تۈكىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ئۇ كىشى بىر ئاز ئەدەبلەپ قويۇلىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ھالال بولمىغان بىر ئىشنى قىلغان.»

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى ئىككى تاشقى بىلەن قوشۇپ كېسىۋاتقان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن ئىككى دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ ئىسپىرما چىقىرىپ نەسىل قالدۇرۇدىغان خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان بولىدۇ.

ئايال كىشىنىڭ ئىككى ئەمچىكىنى پۈتۈنلەي كېسىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئەر كىشىنىڭ ئەمچىكىنى كېسىۋاتقان كىشى ھەققىدە ئادىل بىر ئادەم ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى تۆت تىزىق كىرپىكلەرنى يۇلىۋاتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىرپىكلەر تەكرار ئۈنمىگەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. ھەر بىر تىزىق كىرپىك ئۈچۈن بىر دىيەتنىڭ تۆتتىن بىر قىسمى تۆلەپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى تۆت تىزىق كىرپىكلىرى بىلەن قوشۇپ چىقىرىۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە، بىرىنى كۆزگە ھېسابلاپ يەنە بىرىنى كىرپىكلەرگە ھېسابلاپ ئىككى دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. چۈنكى، خۇددى قوللار ئايرىم بىر نەرسە، پۇتلار ئايرىم بىر نەرسە بولغىنىدەك كۆز ئايرىم بىر نەرسىدۇر، كىرپىكلەر ئايرىم بىر نەرسىدۇر.

## چىشلارغا ۋە بارماقلارغا ئۆتكۈزۈلگەن جىنايەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان دىيەتنىڭ بايانى

ئەر كىشىنىڭ ھەر بىر چىشىغا زىيانكەشلىك قىلغۇچىغا بەش دانە تۆگە ياكى 50 تىللا ياكى 500 يامبۇ بېرىش لازىم. چۈنكى، بۇ ھەقتە ئەمرى ئىبنى شۇئەيب چوڭ دادىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

رىۋايەت قىلىدۇ: «چىشلار ئۇچۇن بەش دانە تۆگە بېرىلىدۇ.»[1] ئەمرى ئىبنى شۇئەيب چوڭ دادىسىدىن يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «چىشلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش. (ھەر بىر چىش ئۈچۈن) بەش دانە ـ بەش دانە تۆگە (بېرىش لازىم).»[2]

مانا بۇ ھەدىسلەر مەيلى ئۇدۇل چىش بولسۇن، ياكى ئېغىز چىش بولسۇن، ئىنساننىڭ چىشلىرىنىڭ دىيىتىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ۋە ھەر بىر چىشنىڭ دىيىتىنىڭ بەش دانە تۆگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ھەر بىر چىش ئۈچۈن بەش دانە تۆگە بېرىش ئۈچۈن ئۇ چىشنىڭ (چۈرۈپ كەتكەن چىش بولماستىن) ساق چىش بولۇشى شەرت. ئەمما بىر ئادەمنىڭ چۈرۈپ كېتىپ قارىداپ كەتكەن چىشىغا زىيانكەشلىك قىلغان كىشى ھەققىدە ئادىل بىر ئادەم ھۆكۈم چىقىرىدۇ.[3]

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ئىنساننىڭ چىشىنىڭ سانى 32 دانىدۇر. (ھەر بىر چىش ئۈچۈن 500 يامبۇ بېرىش لازىم بولسا)، 32 دانە چىشقا زىيانكەشلىك قىلغان ئادەم ئۈچۈن 16 مىڭ يامبۇ بېرىش لازىم بولىدۇ. ھەممە چىشنىڭ دىيىتى بىر جاننىڭ دىيىتىگە ۋە ئۇنىڭ بەشتىن ئۈچىگە تەڭ كېلىدۇ. چىشنىڭ دىيىتى جاننىڭ دىيىتىدىن كۆپ بولسىمۇ ئۇنىڭ ھەممىسىنى بېرىش لازىم. چۈنكى، چىشنىڭ دىيەتلىرىمۇ ھەدىس ئارقىلىق يولغا قويۇلدى. ئىنسان بەدىنىدە ھەر قانداق بىر ئەزاغا بېرىلىدىغان دىيەت جانغا بېرىلىدىغان دىيەتتىن ئارتۇق ئەمەس. پەقەت چىشقا بېرىلىدىغان دىيەتلا بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ ئۇنىڭ ئومۇمىي سانىغا ئۇدۇللاپ بېرىلىدىغان دىيەت بىر جانغا بېرىلىدىغان دىيەتنىڭ سانىدىن خىلىلا ئارتۇق.

ئايال كىشىنىڭ چىشى ئۈچۈن ئەرنىڭ چىشىغا بېرىلگەن دىيەتنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنىڭ چىشىنى يۇلۇۋاتقان، ئاندىن ئۇ ئادەم چىشىنى ئورنىغا سېلىپ قويغان ۋە چىش ئۇ يەردە تۇتۇپ قېلىپ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتقان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر نەرسە بېرىشى لازىم ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ چىشى قايتىدىن

(1) نەسائىي رىۋايىتى.

(2) نەسائىي رىۋايىتى.

(3) «ئىلائۇسسۇنەن»، 18 ـ توم، 182 ـ بەت.

ئۇنۇڭ چىققان بولسىمۇ يەنە ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر نەرسە بېرىشى لازىم ئەمەس. ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنىڭ قۇلۇقىنى يۇلۇۋاتقان، ئاندىن ئۇ ئادەم قۇلۇقىنى ئېلىپ ئورنىغا چاپلاپ قويغان ۋە قۇلاق ئۇ يەردە تۇتۇپ قېلىپ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتقان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر نەرسە بېرىشى لازىم ئەمەس.

كىچىك بىر بالا باشقا بىر كىچىك بالىنىڭ چىشىغا ئۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىنىڭ چىشى چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىچىك بالىنىڭ بالاغەتكە يېتىشى كۈتۈپ تۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇ كىچىك بالا بالاغەتكە يەتكەن، ئەمما ئۇنىڭ چىشى تەكرار چىقمىغان بولسا، ئۇنىڭ چىشىغا ئۇرغان كىچىك بالىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ چىشى چۈشۈپ كەتكەن كىچىك بالا ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئەمما ئۇ بالىنىڭ چىشى تەكرار چىققان بولسا، ئۇ بالىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ چىشى چۈشۈپ كەتكەن كىچىك بالا ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس.

خۇلاسە شۇكى، چىشقا ئۇرغان ۋە ئۇ تەكرار چىققانغا ئوخشاش بىر ئادەمگە قىلىنغان ھەر بىر زىيانكەشلىكنىڭ ئەسىرى قالمىغان بولسا، بۇ ھالدا زىيانكەشلىك قىلغان كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «گەرچە بىر ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلغان، لېكىن ئۇنىڭدا قىلىنغان زىيانكەشلىكنىڭ ھېچبىر ئەسىرى قالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان كىشى ھەققىدە ئادىل بىر ئادەم ھۆكۈم چىقىرىدۇ» دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «زىيانكەشلىك قىلغان كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن دوختۇرغا بەرگەن ئىش ھەققىگە ۋە دورا ئېلىش ئۈچۈن چىقىم قىلغان پۇلغا ئوخشاش ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى داۋالاش ئۈچۈن چىقىم قىلغان پۇللىرىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم» دەيدۇ. بۇ ھەقتە مەزكۇر ئىماملارنىڭ ئىچىدىن ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشى توغرا دەپ قارىلىدۇ. <ئەلئۇيۇن> دېگەن ئەسەردە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): قىياسقا ئاساسەن ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر نەرسە بېرىشى لازىم ئەمەس» دېدى. ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (اللّٰه

**تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئىستىھسانغا ئاساسەن ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۇچۇن دوختۇرغا كەتكەن چىقىملارنى بېرىشكە ئوخشاش ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى داۋالاش ئۇچۇن كەتكەن پۇلنى بېرىش ئۇچۇن ئۇ كىشى ھەققىدە ئادىل بىر ئادەم ھۆكۈم چىقىرىدۇ» دېدى. شۇنىڭدەك يەنە ساقايغان ھەر بىر جاراھەتنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش[1]. ئىمام ئەلسائىھانىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «مەن ئىككى ئىمامنىڭ سۆزىنى كۈچلۈك دەپ قارايمەن، چۈنكى، ئادەملەرنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى دەۋا ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر» دېدى.[2]**

**ئەگەر بىر كىشى دۈمچەك بىر ئادەمنىڭ دۈمچىكىگە ئۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دۈمچىكى كىرىپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۇچۇن بىر نەرسە بېرىشى لازىم ئەمەس. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۇچۇن دوختۇرنىڭ پۇلىنى بېرىشى لازىم» دەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمدە تاياقنىڭ ئەسىرى قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشى ھەققىدە ئادىل بىر ئادەم ھۆكۈم چىقىرىدۇ.[3]**

**بىر كىشى بىر ئادەمنىڭ بىر قولىنىڭ ھەممە بارماقلىرىنى كېسىۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۇچۇن بىر دىيەتنىڭ يېرىمىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. شۇنىڭدەك يەنە ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ بىر قولىنىڭ ھەممە بارماقلىرىنى ئالقان بىلەن بىللە قوشۇپ كېسىۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۇچۇن بىر دىيەتنىڭ يېرىمىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. چۈنكى، ئالقان بارماقلار بىلەن بىر تۇتاشتۇر.**

**ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنىڭ قولىنى بىلىكىنىڭ يېرىمىدىن كېسىۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۇچۇن قولىنىڭ بارماقلىرى ۋە ئالقان ئۇچۇن بىر دىيەتنىڭ يېرىمىنى بېرىشى لازىم. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنە ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ بىلىكىنىڭ يېرىمى ئۇچۇن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى ھەققىدە ئادىل بىر ئادەم ھۆكۈم چىقىرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ قولىنى**

(1) يەنى ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ساقىيىپ كەتكەن جاراھەت ئۇچۇن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس» دەيدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ساقىيىپ كەتكەن جاراھەت ھەققىدە ئادىل بىر ئادەم ھۆكۈم چىقىرىدۇ» دەيدۇ. ت.

(2) «رەددۇلمۇھتار»، **5** ـ توم، **376** ـ بەت.

(3) «رەددۇلمۇھتار»، **5** ـ توم، **372** ـ بەت.

بىلىكنىڭ يېرىمىدىن ئەمەس بىلىكنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ كېسىۋەتكەن بولسا، بۇنىڭ ھۆكمىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەسىلىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنىڭ ئالقىنىنى كېسىۋەتكەن ۋە ئۇ ئالقاندا پەقەت بىر تاللا بارماق بولغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر دىيەتنىڭ ئوندىن بىرىنى بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئالقىنىدا ئىككى بارماق بولغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر دىيەتنىڭ ئوندىن ئىككىنى بېرىشى لازىم. (بۇ پەقەت بارماق ئۈچۈنلا بېرىلگەن دىيەتتۇر) ۋە ئالقان ئۈچۈن بىر نەرسە بېرىش لازىم ئەمەس. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىككى ئىمام: «ئالقان بىلەن بارماقلارنىڭ دىيەتلىرىگە قارىلىدۇ. قايسىسىنىڭ دىيىتى چوق بولسا، دىيىتى ئاز بولغىنى دىيىتى چوق بولغىنىغا كىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: بىر ئالقان كېسىۋېتىلگەن ۋە ئۇنىڭدا ئۈچ دانە بارماق بولغان بولسا، بۇ ھالدا پەقەت ئۈچ بارماق ئۈچۈن بىر دىيەتنىڭ ئوندىن ئۈچى تۆلەپ بېرىلىدۇ. ئەمما ئالقان ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئالقان ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسە بارماق ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەرسىدىن ئازدۇر» دەيدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنىڭ بارمىقىنى ئۇنىڭ بۇغۇمىدىن كېسىۋەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارماقنىڭ قالغان قىسمى پەلەچ بولۇپ قالغان، ياكى ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن بارماقلىرىنى كېسىۋەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئالقىنى پەلەچ بولۇپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭ پەقەت كېسىۋېتىلگەن بارماقلىرى ئۈچۈنلا بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئالقان ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك بۇ ھەقتە ئالقان بارماققا تەۋە بولۇپ كېتىدۇ.[1]

## ئادەمنىڭ باش تەرىپىنى يارىلاندۇرۇشنىڭ ھۆكمى

ئادەمنىڭ باش تەرىپىنى يارىلاندۇرۇش تۆۋەندىكىدەك ئون خىل بولىدۇ:

1 - سۈركۈلۈپ كەتكەن. بۇنىڭدىن تېرە سۈركۈلۈپ كەتكەن، ئەمما ئۇنىڭدىن قان چىقمىغان يارا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 374 ـ بەت.

2 ـ قان كۆرۈنگەن يارا. بۇنىڭدىن يارىلانغان يەردە قان كۆرۈنگەن، ئەمما ئۇ قان ئېقىپ چۈشمىگەن يارا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

3 ـ قان ئاققان يارا. بۇنىڭدىن يارىلانغان يەردىن قان ئېقىپ چۈشكەن يارا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

4 ـ تېرە كېسىلگەن. بۇنىڭدىن ئادەمنىڭ بېشىنىڭ تېرىسىنى كېسىش ئارقىلىق قىلىنغان يارا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

5 ـ گۆش تىتىۋېتىلگەن يارا. بۇنىڭدىن گۆش تىتىۋېتىلىش ياكى يۇلۇپ ئېلىۋېتىلىش ئارقىلىق قىلىنغان يارا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

6 ـ نىپىز تېرىگە يەتكەن يارا. بۇنىڭدىن بىر ئادەمنى گۆش بىلەن باشنىڭ سۆڭەكلىرىنىڭ ئارىسىدىكى نىپىز تېرىگە يېتىپ بارغۇدەك دەرىجىدە يارىلاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

7 ـ سۆڭەك كۆرۈنۈپ قالغان يارا. بۇنىڭدىن بىر ئادەمنى ھەتتا يارىلانغان يەرنىڭ سۆڭەكلىرى كۆرۈنۈپ قالغىدەك دەرىجىدە يارىلاندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

8 ـ سۆڭىكى سۇندۇرۇلغان يارا. بۇنىڭدىن بىر ئادەمنى ھەتتا يارىلانغان يەرنىڭ سۆڭەكلىرى سۇنۇپ كەتكىدەك دەرىجىدە يارىلاندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

9 ـ سۆڭىكى يۇرۇشۇپ كەتكەن يارا. بۇنىڭدىن بىر ئادەمنى ھەتتا يارىلانغان يەرنىڭ سۆڭەكلىرى سۇنۇپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن يۇرۇشۇپ كەتكىدەك دەرىجىدە يارىلاندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

10 ـ مېڭىغا يەتكەن يارا. بۇنىڭدىن بىر ئادەمنى ھەتتا يارا ئۇنىڭ مېڭىسىگە يېتىپ بارغىدەك دەرىجىدە يارىلاندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

11 ـ مېڭىنى چىقىرىۋېتىش. بۇنىڭدىن بىر ئادەمنى يارىلاندۇرۇپ ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئادەم ئادەتتە ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا بۇ بىر ئادەمنى يارىلاش ئەمەس ئۆلتۈرۈش ھېسابلىنىدۇ.

بۇلار ئادەمنىڭ يۈزى قوشۇلۇپ باش تەرىپىگە قىلىنغان زىيانكەشلىكلەرنىڭ تۈرلىرىدۇر.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن بېشىدىن سۆڭەك كۆرۈنۈپ قالغىدەك دەرىجىدە يارىلاندۇرغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر دىيەتنىڭ ئوندىن بىرىنىڭ يېرىمىنى (يەنى بەش تۆگە) بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنى قەستەن شۇنداق يارىلاندۇرغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنىدۇ. بۇ ئەگەر يارىلانغان ئادەم چېچى چۈشۈپ كەتكەن پەيىنەك بولمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر يارىلانغان ئادەم پەيىنەك بولسا، ئۇنى يارىلاندۇرغان كىشى ھەققىدە ئادىل بىر ئادەم ھۆكۈم چىقىرىدۇ. چۈنكى، چاچ يوق باشنىڭ تېرىسى چاچ بار باشنىڭ تېرىسىگە قارىغاندا چىرايلىقلىقتا تۆۋەن دەرىجىدە تۇرىدۇ. ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى ھەتتا ئۇنىڭ سۆڭىكى سۇندۇرۇلغان دەرىجىدە يارىلاندۇرغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر دىيەتنىڭ ئوندىن بىرىنى بېرىشى لازىم.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى ھەتتا يارىلانغان يەرنىڭ سۆڭەكلىرى سۇنۇپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن يۆرۈشۈپ كەتكىدەك دەرىجىدە يارىلاندۇرغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر دىيەتنىڭ ئوندىن بىرىنى ۋە يېرىمىنى (يەنى 15 تۆگە) بېرىشى لازىم.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى ھەتتا يارا ئۇنىڭ مېڭىسىگە يېتىپ بارغىدەك دەرىجىدە يارىلاندۇرغان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىشى لازىم. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ ئالدى ياكى كەينى تەرىپىدىن تىقىلغان نەرسە تاكى ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ ئىچىگە يېتىپ بارغىدەك دەرىجىدە تىققان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىشى لازىم[1]. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ قورسىقىغا ئۇ نەرسىنى ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر قېتىم ۋە كەينىدىن بىر قېتىم تىققان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر دىيەتنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى بېرىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنى ئىككى قېتىم يارىلاندۇرغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ ھەر بىر قېتىمدا بىر دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىشى لازىم بولۇپ ئىككى قېتىمدا ئۇنىڭ بىر دىيەتنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى بېرىشى لازىم بولىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى ئۇنىڭ بېشىنىڭ تېرىسى سۈركۈلۈپ

(1) يەنى مەسىلەن: بىر ئادەم پىچاقنى بىر كىشىنىڭ قورسىقىغا تاكى قورساقنىڭ ئىچىگە قەدەر يېتىپ بارغىچە تىققان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىشى لازىم بولىدۇ. ت.

كەتكىدەك، ئەمما ئۇنىڭدىن قان چىقمىغۇدەك دەرىجىدە ياكى ئۇنىڭدىن قان كۆرۈنگەن ئەمما ئۇ قان ئېقىپ چۈشمىگىدەك دەرىجىدە ياكى ئۇنىڭدىن يارىلانغان يەردىن قان ئېقىپ چۈشكىدەك دەرىجىدە ياكى ئۇنى ئۇنىڭ بېشىنىڭ تېرىسىنى كېسىپ يارىلىغان ياكى ئۇنىڭ گۆشىنى تىتىۋېتىش ياكى يۇلۇپ ئېلىۋېتىش ئارقىلىق يارىلاندۇرغان، ياكى ئۇنىڭ گۆشى بىلەن بېشىنىڭ سۆڭىكىنىڭ ئارىسىدىكى نېپىز تېرىگە يەتكىدەك دەرىجىدە يارىلاندۇرغان بولسا، بۇ ھاللاردا ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۇچۇن قانچىلىك نەرسە بېرىشى ھەققىدە ئادىل بىر ئادەم ھۆكۈم چىقىرىدۇ. چۈنكى، بىر ئادەمنى مەزكۇر خىلدىكى يارىلار بىلەن يارىلاندۇرغان كىشى ئۇچۇن شەرىئەت ئېنىق جازا بەلگىلەپ بەرمىدى. بىر ئادەمنى بۇ خىلدىكى يارىلار بىلەن يارىلاندۇرغان كىشىگە ھېچبىر جازا قويماي تاشلاپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا بىر ئادەمنى بۇ خىلدىكى يارىلار بىلەن يارىلاندۇرغان كىشى ھەققىدە ئادىل بىر ئادەم ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئادىل ئادەم مەزكۇر خىلدىكى يارىلارنىڭ بىرەرسى بىلەن يارىلاندۇرغان ئادەمنىڭ يارىسىنى، مەزكۇر يارىلارنىڭ ئىچىدىن دىيىتى ئەڭ ئاز بولغان (يەنى دىيىتى ئوندىن بىرىنىڭ يېرىمى بولغان) <سۆڭەك كۆرۈنۈپ قالغىدەك يارىلاندۇرۇش> بىلەن يارىلاندۇرغان ئادەمنىڭ يارىسىغا قىياس قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يارىسىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئۆلچەپ چىقىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن يارىدار ئادەم ئۇچۇن بېرىلىدىغان نەرسىنىڭ <سۆڭەك كۆرۈنۈپ قالغىدەك يارىلاندۇرۇش> بىلەن يارىلانغان ئادەم ئۇچۇن بېرىلىدىغان ئوندىن بىرىنىڭ يېرىمى بولغان دىيەتنىڭ قانچىلىك قىسمىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بەلگىلەپ چىقىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئون خىل يارىلارنىڭ ئىچىدىن <سۆڭەك كۆرۈنۈپ قالغىدەك يارىلاندۇرۇش> دىن باشقا يارىلاندۇرۇش بىلەن قەستەن يارىلاندۇرغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇچۇن ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىپ بېرىلمەيدۇ. ئەمما ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنى قەستەن <سۆڭەك كۆرۈنۈپ قالغىدەك يارىلاندۇرۇش> بىلەن يارىلاندۇرغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇچۇن ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنى <سۆڭەك كۆرۈنۈپ قالغىدەك يارىلاندۇرۇش> بىلەن يارىلاندۇرغان ۋاقتىدا، بۇ يارىلاندۇرۇش ئۇ ئادەمنىڭ باشقا ئەزاسىنىمۇ يارىلاندۇرمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنى <سۆڭەك كۆرۈنۈپ قالغىدەك يارىلاندۇرۇش> بىلەن يارىلاندۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزى قويۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم

ئۇچۇن ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىپ بېرىلمەيدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۇچۇن ئۇنى يارىلاندۇرغانلىقىنىڭ دىيىتى بىلەن كۆزنىڭ دىيىتىنى بېرىشى لازىم. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىككى ئىمام (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنى <سۆڭەك كۆرۈنۈپ قالغىدەك يارىلاندۇرۇش> بىلەن يارىلاندۇرغانلىقى ئۇچۇن ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەنلىكى ئۇچۇن ئۇنىڭدىن دىيەت ئېلىپ بېرىلىدۇ» دېدى.

مەزكۇر يارىلارنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەمنى قىساس كەلمەيدىغان يارىدىن باشقا يارىلار بىلەن قەستەن يارىلاندۇرغانلىق بىلەن سەۋەنلىك بىلەن يارىلاندۇرغانلىقىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. يەنى ھەر ئىككىسى ئۈچۈن بېرىش لازىم بولغان نەرسە ئوخشاشتۇر. لېكىن، ھەنەفىي مەزھەپكە دىققەت قىلىپ قارايدىغان بولسا، مەزكۇر خىلدىكى يارىلارنىڭ ئىچىدىن بىر نەچچە خىل يارىلاردىن باشقا خىلدىكى يارىلاردا، قەستەنلىك بىلەن قىلىنغان يارىلار ئۈچۈن قىساس ئېلىنىدىغانلىقىنىڭ كۈچلۈك ھۆكۈم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. چۈنكى، الله تائالا: «(كىشىنى) قانداق يارىدار قىلغان بولسا شۇنداق يارىدار قىلىنىش بىلەن قىساس ئېلىنىدۇ[1]» دېگەن. يەنە كېلىپ ئۇ يارىلارنىڭ تېگىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئۆلچەش ئارقىلىق بىر ئادەمنى ئۇ يارىلارنىڭ بىرەرسى بىلەن يارىلاندۇرغان كىشىدىن ئوخشاش قىساس ئېلىش مۇمكىن بولىدۇ. مەزكۇر خىلدىكى يارىلارنىڭ ئىچىدە قەستەنلىك بىلەن بولسىمۇ قىساس ئېلىنمايدىغان بىر نەچچە خىل يارىلار بولسا تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

1 ـ بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىغا ئاساسەن بىر ئادەمنى گۆش بىلەن باشنىڭ سۆڭىكىنىڭ ئارىسىدىكى نېپىز تېرىگە يەتكىدەك دەرىجىدە قەستەن بولسىمۇ يارىلاندۇرغان كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، بۇخىلدىكى يارىدا ئۇ كىشىنى ئوخشاش شەكىلدە يارىلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا يارىلاندۇرغان ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ.

2 ـ بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىغا ئاساسەن بىر ئادەمنى يارىلاندۇرغان يەرنىڭ سۆڭەكلىرى سۇنۇپ كەتكىدەك دەرىجىدە قەستەن بولسىمۇ

(1) سۈرە مائىدە 45 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يارىلاندۇرغان كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، بۇخىلدىكى يارىدا ئۇ كىشىنى ئوخشاش شەكىلدە يارىلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ.

3 ـ بارلىق ئىماملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىغا ئاساسەن بىر ئادەمنى يارىلاندۇرغان يەرنىڭ سۆڭەكلىرى سۇنۇپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن يۆرۈشۈپ كەتكىدەك دەرىجىدە قەستەن بولسىمۇ يارىلاندۇرغان كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، بۇ خىلدىكى يارىدا ئۇ كىشىنى ئوخشاش شەكىلدە يارىلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. (ئەمما مەزكۇر يارىلار ئۈچۈن مىقدارى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەكىل بويىچە دىيەت ئېلىنىدۇ).

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنىڭ كاچىتىغا ئۇرغان ياكى ئالقىنى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ بەدىنىنىڭ بىرەر يېرىگە ئۇرغان ياكى مۇشتۇ بىلەن ئۇرغان، ياكى قولى بىلەن ئۇرغان بولسا، ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. ئەمما ئۇ كىشىگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا بېرىلىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنىڭ يۈزىنىڭ تېرىسىنى سويۇۋاتقان بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن پۈتۈن بىر دىيەت بېرىشى لازىم. چۈنكى، يۈزنىڭ تېرىسىنى سويۇۋېتىش ئادەمنىڭ گۈزەللىكىنى پۈتۈنلەي يوقۇتۇۋېتىش ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى <سۆڭەك كۆرۈنۈپ قالغىدەك يارىلاندۇرۇش> بىلەن يارىلاندۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئەقلىدىن كېتىپ ساراڭ بولۇپ قالغان، ياكى ئۇنىڭ بېشىنىڭ تۈكى تۆكۈلەپ كېتىپ پەيىنەك بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەمنى ئۇ شەكىلدە يارىدار قىلغانلىق ئۈچۈن بېرىلىدىغان دىيەت ئۇنىڭ ئەقلىنى يوقۇتۇۋېتىپ ساراڭ قىلىپ قويغانلىق ياكى بېشىنىڭ تۈكىنى تۆكۈۋېتىپ پەيىنەك قىلىپ قويغانلىق ئۈچۈن بېرىش لازىم بولغان دىيەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن بۇ خۇددى بىر ئادەمنىڭ بىر تال بارمىقى كېسىۋېتىلگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ بىر قولى تۇتماس بولۇپ قالغانلىق مەسىلىسىگە ئوخشاش. بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ بىر تال بارمىقىنى كېسىۋاتقان كىشى بىر قولىنىڭ دىيىتىنى بەرسە، ئۇنىڭدىن بىر تال بارماقنىڭ دىيىتى سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك بىر ئادەمنى <سۆڭەك كۆرۈنۈپ قالغىدەك

يارىلاندۇرۇش> بىلەن يارىلاندۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئەقلىدىن كېتىپ ساراڭ بولۇپ قالغان، ياكى ئۇنىڭ بېشىنىڭ تۈكى تۆكۈلەپ كېتىپ پەيнەك بولۇپ قالغان ھالەتتىمۇ ئۇنى يارىلاندۇرغان كىشى ئۇ ئادەمنىڭ ساراڭ بولۇپ قالغانلىقى، ياكى ئۇنىڭ بېشىنىڭ تۈكىنىڭ تۆكۈلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن دىيەت تۆلىسە، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنى <سۆخەك كۆرۈنۈپ قالغىدەك يارىلاندۇرۇش> بىلەن يارىلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم بولمايدۇ. چۈنكى، كىچىك دىيەت چوڭ دىيەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى <سۆخەك كۆرۈنۈپ قالغىدەك يارىلاندۇرۇش> بىلەن يارىلاندۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئاڭلاش ياكى كۆرۈش، ياكى سۆزلەش ئىقتىدارى يوقاپ كەتكەن بولسا، ئۇنى مەزكۇر يارىلاندۇرۇش بىلەن يارىلاندۇرغانلىقنىڭ دىيىتى بىلەن ئۇنىڭ مەزكۇر ئىقتىدارىنىڭ بىرەرسىنى يوقۇتۇۋەتكەنلىكىنىڭ دىيىتى بىر - بىرىگە كىرىپ كەتمەيدۇ. يەنى ئۇ كىشىگە ئۇ ئادەمنى يارىلاندۇرغانلىقنىڭ دىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ ئاڭلاش ياكى كۆرۈش، ياكى سۆزلەش ئىقتىدارىنى يوقۇتۇۋەتكەنلىكىنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنىڭ قولىدىكى بەش بارماقتىن ئارتۇق بارماقلارنى كېسىۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشى ھەققىدە ئادىل بىر ئادەم ھۆكۈم چىقىرىدۇ. چۈنكى، قولنىڭ گۈزەللىكى ئارتۇق بارماقلار بىلەن مۇناسىۋەتسىزدۇر. شۇنىڭدەك يەنە كىچىك بالىنىڭ كۆرۈدىغانلىقى ئېنىق بىلىنمىگەن كۆزىنى قويۇۋەتكەن ياكى ئۇنىڭ سۆز قىلالايدىغانلىقى ئېنىق بىلىنمىگەن تىلىنى كېسىۋەتكەن، ياكى ئۇنىڭ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى ئېنىق بىلىنمىگەن جىنسىي ئەزاسىنى كېسىۋەتكەن كىشى ھەققىدىمۇ ئادىل بىر ئادەم ھۆكۈم چىقىرىدۇ. كىچىك بالىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىدا يىغلىغانلىقى ئۇنىڭ گەپ قىلغانلىقى ھېسابلانمايدۇ. يىغلاش پەقەت ئاۋازدىن ئىبارەت بىر نەرسىدۇر. بىر قىسىم ئالىملار: «كىچىك بالىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىدا يىغلىغانلىقى ئۇنىڭ گەپ قىلغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ تىلىنى كېسىۋەتكەن ئادەمنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم» دەيدۇ.[1]

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى<سۆخەك كۆرۈنۈپ قالغىدەك يارىلاندۇرۇش>

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 374 ـ بەت.

بىلەن يارىلاندۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزى قويۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇچۇن ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىپ بېرىلمەيدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۇچۇن ئۇنى يارىلاندۇرغانلىقىنىڭ دىيىتى بىلەن كۆزىنىڭ دىيىتىنى بېرىشى لازىم. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىككى ئىمام (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمنى <سۆڤەك كۆرۈنۈپ قالغىدەك يارىلاندۇرۇش> بىلەن يارىلاندۇرغانلىقى ئۇچۇن ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەنلىكى ئۇچۇن ئۇنىڭدىن دىيەت ئېلىپ بېرىلىدۇ» دېدى. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنىڭ بىر بارمىقىنى كېسىۋەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ كېسىۋېتىلگەن بارماقنىڭ يېنىدىكى بارماق تۇتماس بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۇچۇن دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىككى ئىمام (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەم ئۇچۇن ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىش ئۇچۇن ئۇ كىشىنىڭ بىر بارمىقى كېسىلىدۇ ۋە تۇتماس بولۇپ قالغان بارمىقى ئۇچۇن ئۇ كىشىدىن دىيەت ئېلىپ بېرىلىدۇ» دېدى.

ئەخمەقلەرنى كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشتىن توسۇش ۋە ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە سالغان زىيانلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۇچۇن يارىلاندۇرۇپ ساقايغان ھەر بىر يەر ئۈچۈن ئۇ يەرنى يارىلاندۇرغان كىشى ھەققىدە ئادىل بىر ئادەم ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

يارىلانغان يەر ئۇچۇن ئۇ يەر ساقىيىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ يەرنى يارىلاندۇرغان كىشىدىن قىساس ئېلىنىدۇ. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ كىشىدىن ئۇ يەر ساقىيىشتىن بۇرۇن قىساس ئېلىنىدۇ» دېدى. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرەر يېرى يارىلاندۇرۇلغان ئادەمنى ئۇ يارا ساقىيىشتىن بۇرۇن ئۇ يارا ئۇچۇن (ئۇنى يارىلاندۇرغان كىشىدىن) قىساس ئېلىشتىن توسقانلىقىدۇر.[1] چۈنكى، يارىلانغان ئورۇننىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەھۋالى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. يارىلانغان ئادەمنىڭ يارىسى ئېغىرلىشىپ ئۆلۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر يارىلانغان

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلدى.

ئادەمنىڭ يارىسى ئېغىرلىشىپ ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ كىشى ئۇنى يارىلاندۇرغان ئەمەس ئۆلتۈرگەن ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىر يەرنىڭ يارىلاندۇرغانلىقى ئۇ يەر ساقىيىپ بولغاندىن كېيىن بىلىنىدۇ. (ئاندىن ئۇ يەرنى يارىلاندۇرغان كىشىدىن ئۇ يەرنى يارىلاندۇرغانلىقنىڭ قىساسى ئېلىنىدۇ).

## تۆرەلمىنىڭ ھۆكۈملىرى

مەيلى ئوغۇل بولسۇن، مەيلى قىز بولسۇن تىرناقتا ۋە چاچقا ئوخشاش بەزى ئەزالىرى يارىتىلىپ بولغان بالا ياتقۇدىكى بالىغا <تۆرەلمە> دېيىلىدۇ.

ئىسلام شەرىئەتى تۆرەلمىنىڭ ھاياتىغا ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغدايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشنى ھارام قىلىپ چەكلىدى. مەسىلەن: بىر ئادەم قورساق كۆتۈرۈۋاتقان ئايالنىڭ قورسۇقىغا ياكى دۈمبىسىگە، ياكى بېقىنىغا ئۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالنىڭ قورسۇقىدىكى بالا ئۆلۈك ھالەتتە چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ قورسۇقىغا ئۇرغان ئادەم ئۇنىڭ ئېرى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ ئۇ بالا ئۈچۈن ئۇ ئايالغا مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن، پۇلى ئەر كىشىنىڭ دىيىتىنىڭ ئوندىن بىرىنىڭ يېرىمىگە تەڭ كېلىدىغان بىر قۇل بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇنى كۆمۈش سۇندۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئۇ **500** يامبۇغا تەڭدۇر. ئەگەر ئۇنى ئالتۇنغا سۇندۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئۇ **50** تىللاغا تەڭدۇر. چۈشۈپ كەتكەن بالا ئۈچۈن تۆلەپ بېرىلىدىغان نەرسىنى، ئايالنىڭ قورسۇقىغا ئۇرغان ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرى بالىنىڭ ئانىسىغا بىر يىل ئىچىدە تۆلەپ بېرىشى لازىم. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئىمام شافىئىي (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئايالنىڭ قورسۇقىغا ئۇرغان ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرى ئۇ نەرسىنى بالىنىڭ ئانىسىغا خۇددى دىيەتكە ئوخشاش ئۈچ يىل ئىچىدە تۆلەپ بەرسە بولىدۇ» دەيدۇ. ئىمام مالىك (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «چۈشۈپ كەتكەن بالا ئۈچۈن تۆلەپ بېرىلىدىغان نەرسىنى (ئايالنىڭ قورسۇقىغا ئۇرغان ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرى ئەمەس) ئۇرغان ئادەمنىڭ ئۆزى تۆلەپ بېرىدۇ» دېدى.

چۈشۈپ كەتكەن بالا ئۇچۇن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشنىڭ لازىملىقىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

ئەبۇھۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىسى ئۆلۈك ھالدا چۈشۈپ كەتكەن بەنۇلھيانلىق ئايالنىڭ بالىسىغا بىر قۇل تۆلەم تۆلەتتى. بۇ ئايالنى ئۇرۇپ بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتكەن ئايال ئۆلۈپ قالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلۈپ قالغان ئايالنىڭ مىراسىنى ئېرى ۋە بالىسىغا، ئۇ ئايال تۆلەيدىغان دىيەتنى تۇغقانلىرىنىڭ تۆلىشىنى بۇيرىغان.»[1]

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك بىر ئادەمنىڭ قورساق كۆتۈرۈۋاتقان ئايالنىڭ قورسۇقىغا ئۇرغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىدىن ئۆلۈك ھالەتتە چۈشۈپ كەتكەن بالا ئۈچۈن تۆلەپ بېرىدىغان نەرسىسى (مەيلى ئەر قۇل بولسۇن، مەيلى ئايال قۇل بولسۇن) ئالتۇن ھېسابىدا 50 تىللاغا، كۈمۈش ھېسابىدا 500 يامبۇغا تەڭدۇر.[2]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئەگەر قورسۇقىغا ئۇرۇلۇپ بالىسىنى ئۆلۈك ھالەتتە چۈشۈرۈۋەتكەن ئايال يەھۇدىي ياكى خىرىستىيان، ياكى ئوتپەرەس ئايال بولسىمۇ ئۇنىڭ قورسۇقىغا ئۇرغان ئادەمنىڭ ئۇ ئايال ئۈچۈن تۆلەپ بېرىدىغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم.

ئەگەر بىر ئادەم قورساق كۆتۈرۈۋاتقان بىر ئايالنىڭ قورسۇقىغا ئۇرغان، ئۇ ئايالنىڭ قورسۇقىدىكى بالا تىرىك ھالەتتە چۈشكەن، ئاندىن ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ بالا ئۈچۈن پۈتۈن بىر دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ قورسۇقىدىكى بالا ئۆلۈك ھالەتتە چۈشكەن ۋە كەيىندىن ئۇ ئايالمۇ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئايال ئۈچۈن ئايالنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا پۈتۈن بىر دىيەت ۋە بالا ئۈچۈن (مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن) بىر قۇل تۆلەپ بېرىشى لازىم. چۈنكى، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق ھۆكۈم قىلغانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتتۇق. يەنە كېلىپ بىر جىنايەت ئۇ

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) «ئىسلاتۇسسۇنەن»، 18 ـ توم، 225 ـ بەت.

جىنايەتنىڭ ئەسىرىنىڭ بىر نەچچە بولۇشى بىلەن ئۇمۇ بىر نەچچە جىنايەت دەپ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

قورساقتىن چۈشۈپ كەتكەن بالىنىڭ ھايات ئىكەنلىكى، چۈشكەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ يىغلىشىغا ياكى ئېمىشىگە ياكى نەپەس ئېلىشىغا، ياكى چۈشكۈرشىگە ئوخشاش ئىشلار بىلەن بىلىنىدۇ. ئەمما بالا چۈشكەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىرەر ئەزاسىنىڭ مىدىرلىغانلىقى ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئەزانىڭ ھەرىكەتلىنىشى (ئۇ بالىنىڭ يەرگە ئۆرۈلۈپ) چۈشكەنلىكىنىڭ ياكى تار يەردىن چىققانلىق سەۋەبى بىلەن بولۇشى مۇمكىن.[1]

ئەگەر بىر ئادەم قورساق كۆتۈرۈۋاتقان بىر ئايالنى ئۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال ئۆلۈپ قالغان، ئاندىن ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالا چۈشۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ پەقەت ئۇ ئايالنىڭ دىيىتىنىلا بېرىشى لازىم. (ئۇنىڭ بالا ئۈچۈن بىر نەرسە بېرىشى لازىم ئەمەس). چۈنكى، بالىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى ئانىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى بىلەن بولۇشى كۈچلۈك ئېھتىمالدۇر. چۈنكى، بالىنىڭ ھاياتى ئانىنىڭ ھاياتىغا ۋە بالىنىڭ نەپەس ئېلىشى ئانىنىڭ نەپەس ئېلىشىغا قاراشلىقتۇر. شۇڭا ئانا ئۆلۈپ كەتسە، بالىمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ بالا ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن تىرىك ھالەتتە چۈشكەن، ئاندىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم بالا ئۈچۈن ۋە بالىنىڭ ئانىسى ئۈچۈن بولۇپ ئىككى دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. يەنى بالا ئۈچۈن مەيلى ئەر بولسۇن، مەيلى ئايال بولسۇن بىر قۇل تۆلەپ بېرىدۇ، بالىنىڭ ئانىسى ئۈچۈن بىر دىيەت تۆلەپ بېرىدۇ.

ئۆلۈك ھالەتتە تۇغۇلغان بالا ئۈچۈن تۆلەپ بېرىلگەن قۇلغا ياكى تىرىك ھالەتتە تۇغۇلۇپ كېيىن ئۆلۈپ قالغان بالا ئۈچۈن بېرىلگەن دىيەتكە بالىنىڭ ئانىسى مىراسخور بولىدۇ. ئەگەر ئۇ بالىنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىغا ئۇرغان ئادەم ئۇ ئايالنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى ياكى ئېرى بولسا، ئايالنىڭ قورسىقىغا ئۇرغان ئادەم قۇلنى ياكى دىيەتنى ئۇ ئايالدىن ياكى ئۇ ئايال مىراس قىلىپ قالدۇرۇپ قويغان باشقا كىشىدىن مىراس قىلىپ ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئايالنىڭ قورسىقىغا ئۇرغان ئادەم ئۇ بالىنىڭ قاتىلى

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 377 ـ بەت.

ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئايالىنىڭ قورسىقىغا ئۇرغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايالىنىڭ قورسىقىدىكى بالا ئۆلۈك ھالەتتە تۇغۇلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرى ئايالغا ئۇ بالا ئۇچۇن بىر قۇل تۆلەپ بېرىشى لازىم. ئۇ ئادەم ئۇ قۇلنى ئۇ ئايالدىن مىراس قىلىپ ئالالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ بالىنىڭ قاتىلى ھېسابلىنىدۇ.

بىر ئايالنىڭ قورسىقىغا ئۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىنى ئۆلۈك ھالەتتە چۈشۈرۈۋەتكەن ئادەمنىڭ ئۇنى ئۆلۈك ھالەتتە چۈشۈرۈۋەتكەنلىكى ئۇچۇن كاففارەت بېرىشى پەرز ئەمەس بەلكى مۇستەھەپتۇر. ئەگەر بالا تىرىك ھالەتتە تۇغۇلۇپ ئاندىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ كاففارەت بېرىشى پەرز. چۈنكى، بالا تىرىك چۈشۈپ كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن چاغدا، ئۇ ئادەمنىڭ بالا ئۇچۇن پۈتۈن بىر دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇ بالا ئۇچۇن كاففارەت بېرىشى لازىم.

ئەگەر چۈشۈپ كەتكەن تۆرەلمىنىڭ تىرناقلىرىغا ۋە چاچلىرىغا ئوخشاش بەزى ئەزالىرى يارىتىلىپ بولغان بولسا، ئۇ تۆرەلمىنىڭ ھۆكمى نىفاس ۋە ئىددەت ھەققىدە خۇددى ھەممە ئەزالىرى يارىتىلىپ بولغان بالىنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. يەنى قورسىقىدىن تىرناقلىرىغا ۋە چاچلىرىغا ئوخشاش بەزى ئەزالىرى يارىتىلىپ بولغان بىر تۆرەلمە چۈشۈپ كەتكەن ئايال، ئەگەر ئېرىدىن ئايرىلىپ كېتىپ ئىددەت تۇتۇۋاتقان ئايال بولسا، ئۇ تۆرەلمىنىڭ چۈشۈپ كېتىشى بىلەن ئۇ ئايال ئىددەتتىن چىققان ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ تۆرەلمىنىڭ كەينىدىن كەلگەن قان نىفاس قېنى ھېسابلىنىدۇ. بىز بۇ ھەقتە ھەيز ۋە نىفاس ھۆكۈملىرىنى بايان قىلغان ۋاقىتتا تەپسىلىي توختۇلۇپ ئۆتتۇق.

ئەگەر بىر ئايال ئۆزىنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمىنى ھېچقانداق سەۋەبسىز چۈشۈرۈۋەتسە، ئۇ ئايالغا ئۇ تۆرەلمىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنىڭ گۇناھى بولمايدۇ. لېكىن، ئۇ ئايال تەنقىد قىلىنىدۇ. بۇ ئايال خۇددى ئۇۋۇ ھايۋىنىنىڭ تۇخۇمىنى چىقىۋەتكەن ئېھرامنىڭ ئىچىدىكى ئادەمگە ئوخشاش. (گەرچە بۇ ئادەمگە ئۇۋۇ ئۇۋلىغانلىقىنىڭ گۇناھى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەم تەنقىد قىلىنىدۇ). چۈنكى، ئۇۋلىنىدىغان قۇش تۇخۇمدىن تۆرۈلىدۇ. بۇ ئەگەر ئايال چۈشۈرۈۋەتكەن تۆرەلمىنىڭ بەزى ئەزالىرى تېخى يارىتىلمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ تۆرەلمىنىڭ بەزى ئەزالىرى يارىتىلىپ

بولغان ۋە ئۇ تۆرەلمە ئۇ ئايالنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايالغا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكنىڭ گۇناھى بولۇشىدا شەك يوق. بىز چۈشۈپ كەتكەن تۆرەلمىنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن يەردە بىر بالىنىڭ ئانىسىنىڭ قورسىقىدا قانداق يارىتىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئىمام مۇسلىمدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنىڭ تاشقىرى مەنىسىنىڭ بىر ئايال قورساق كۆتۈرۈپ قىرىق كۈنگە يېقىن كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ شەكىللىنىشكە قاراپ ماڭىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ قاتارىدىن يەنە ئىمام مۇسلىم ھۇزەيفە ئىبنى ئۇسەيد ئەلغەفارىيدىن رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەگەر بىر تامچە مەنىنىڭ (بالا ياتقۇغا چۈشكەنلىكىگە) 42 كېچە ئۆتسە، ئۇنى شەكىلگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن الله تەئالا بىر پەرىشتىنى ئەۋەتىدۇ. پەرىشتە بالىنىڭ قۇلۇقىنى، كۆزىنى، تېرىسىنى، گۆشىنى ۋە سۆڭىكىنى يارىتىدۇ» دېگەن ھەدىسىدۇر.

ئەگەر بىر ئايال قورسىقىدىكى تۆرەلمىنى دورا يېيىش ئارقىلىق ياكى قورسىقىغا ئۇرغانلىغا، ياكى تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋېتىش نىيىتى بىلەن ئېرىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن ئېغىر بىر نەرسە كۆتۈرگەنگە ئوخشاش بىرەر ئىشنى قىلىش ئارقىلىق چۈشۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ ئايالنىڭ بۇ تۆرەلمە ئۈچۈن بىر قۇل تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئايال ئۇ تۆرەلمىنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىش ئۈچۈن بىر ئايالنى (قورسىقىغا ئۇرۇشقا بۇيرۇغان) ۋە ئۇ ئايال ئۇنىڭ قورسىقىغا ئۇرۇپ تۆرەلمىنى چۈشۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ ئايالنىڭ قورسىقىغا ئۇرۇشقا بۇيرۇلغان ئايالنىڭ ئۇنى چۈشۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس.[1]

ئەگەر بىر ئادەم ئايالنىڭ قورسىقىغا قىلىچ بىلەن ئۇرغان، قىلىچ ئۇنىڭ قورسىقىنى كېسىۋەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئايالنىڭ قورسىقىدىن بىرى تىرىك ۋە بىرى ئۆلۈك بولۇپ ئىككى بالا چۈشكەن، ئەمما ئۆلۈك چۈشكەن بالىنىڭ تېنىدا قىلىچنىڭ ئىزى بولغان، ئاندىن ئۇ ئايال ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئايال ئۈچۈن ئۇ ئادەمدىن قىساس ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇنى قەستەن ئۆلتۈرگەن ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر تىرىك چۈشكەن بالا كېيىن ئۆلۈپ قالسا، ئۇنىڭ دىيىتىنى ئۇ ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرى تۆلەپ بېرىدۇ ۋە ئۆلۈك چۈشكەن بالا ئۈچۈن بىر قۇل تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ.

(1) «ئەددۇررۇلمۇختار»، 5 ـ توم، 379 ـ بەت.

# يولغا پەيدا قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئادەم ئۆلۈشلىرىگە سەۋەب بولۇشىنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ بايانى

يول ئومۇمىي يول ۋە خۇسۇسىي يول بولۇپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

ئومۇمىي يولدىن شەھەرلەرنىڭ ۋە كەنتلەرنىڭ ئىچىدىكى يوللار، شەھەر بىلەن شەھەرنىڭ، كەنتە بىلەن كەنتىنىڭ ۋە كەنتە بىلەن شەھەرنىڭ ئارىسىدىكى يوللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئومۇمىي يوللاردا ھەممە ئادەمنىڭ مېڭىش ھەققى بار. ھېچبىر ئادەمنىڭ ئومۇمىي يوللاردا خەلققە زەرەر بېرىدىغان ۋە يولدىن ئۆتۈشكە توسالغۇ بولىدىغان بىرەر نەرسە پەيدا قىلىش ھەققى يوق. ئەمما ئومۇمىي يول ئۈستىگە پەيدا قىلىنغان نەرسە خەلققە زەرەر بەرمىسە، ياكى يولدىن ئۆتۈشكە توسالغۇ بولمىسا، بۇ ھالدا ئۇ نەرسىنى يول ئۈستىگە پەيدا قىلىشقا باشلىق رۇخسەت قىلسا، ئۇ نەرسىنى پەيدا قىلىش توغرىدۇر. شۇڭا فىقھىشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر بىر ئادەم ئومۇمىي يول ئۈستىگە تەرەتخانا ياكى مۇنچاخانا ياكى دۇكان سالماقچى ياكى يولنىڭ ئۈستىدىن سۇ نورى ئۆتكۈزمەكچى ياكى ئولتۇرۇش ئۈچۈن ساراي پەيدا قىلماقچى، ياكى ئۈستىدە سۇ قاچىلىرىنى قويۇپ قويۇش ۋە گۈللەرنى تىزىپ قويۇش ئۈچۈن ياغاچ قويماقچى بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ پەيدا قىلماقچى بولغان نەرسىسى ئومۇمغا زەرەر بەرمەيدىغان ۋە دۆلەت باشلىقى تەرىپىدىن چەكلەنمەيدىغان نەرسە بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى پەيدا قىلىشى توغرىدۇر. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى پەيدا قىلىشى باشلىق تەرىپىدىن چەكلەنگەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى پەيدا قىلىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر ئۇ نەرسە ئومۇمغا زەرەر بېرىدىغان نەرسە، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى پەيدا قىلىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «(ئىسلام دىنىدا باشقىلارغا) زەرەر بېرىش ۋە زەرەر بېرىشىش يوق»[1] دېگەن.

يول ئۈستىگە ئومۇمغا زەرەر بېرىدىغان بىرەر نەرسە پەيدا قىلماقچى بولغان ئادەمنى شۇ مەھەللىدە، ياكى شۇ شەھەردە ياشايدىغان ھەر بىر

(1) بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك، ھاكىم، بەيھەقىي، دارى قۇتنىي ۋە ئىبنى ماجە قاتارلىقلار رىۋايەت قىلدى.

كىشىنىڭ توسۇش ھەققى بار. ھەتتا ئۇنى شۇ شەھەردە (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرنىڭمۇ توسۇش ھەققى بار. چۈنكى، ئۇنىڭمۇ يولدىن مېڭىش ھەققى بار. ئەگەر يول ئۈستىدە ئومۇمغا زەرەر بېرىدىغان ئۇ نەرسە پەيدا قىلىنسا، ئومۇمنىڭ ئۇ نەرسىنى يىقتۇرۇۋېتىش ۋە ئۇنى يوق قىلىۋېتىش ھەققى بار. چۈنكى، كىشىلەرگە زەرەر بېرىدىغان نەرسىنىڭ يوقىتىۋېتىلىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىدىندۇر. بۇ ئەگەر ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى سېلىشقا باشلىق رۇخسەت بەرمىگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما باشلىق ئەگەر ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى يول ئۈستىگە سېلىشقا رۇخسەت بەرگەن بولسا، بۇ ھالدا ھېچبىر ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى يىقىۋېتىشقا ۋە بۇ ھەقتە ئۇ ئادەمنىڭ دەۋا قىلىشىشقا ھەققى يوق. چۈنكى، بۇنداق قىلىش مۇسۇلمان باشلىققا قارشى ھەرىكەت قىلغانلىق بولىدۇ. لېكىن، مۇسۇلمان باشلىقنىڭ بىرەر كىشىگىمۇ يول ئۈستىگە ئومۇمغا زەرەر بېرىدىغان بىرەر نەرسە سېلىشقا رۇخسەت بېرىشى توغرا ئەمەس. ئەگەر رۇخسەت بېرىپ سالغان بولسا، ئۇنى ئالدۇرۇۋېتىشى لازىم. باشلىق مەيلى رۇخسەت قىلسۇن، مەيلى رۇخسەت قىلمىسۇن، يول ئۈستىگە ئومۇمغا زەرەر بېرىدىغان بىرەر نەرسە سالغان ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىدىن پايدىلىنىشى توغرا ئەمەس.

بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللّٰه تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «باشلىقنىڭ رۇخسىتىسىز (يول ئۈستىگە) بىر نەرسە سالماقچى بولغان ئادەمنى ئومۇمنىڭ توسۇشى لازىم. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى سېلىپ بولغان بولسا، ئۇ نەرسە ئومۇمغا مەيلى زەرەر بەرسۇن، مەيلى زەرەر بەرمىسۇن، سالغۇچىنى ئۇنى ئېلىۋېتىشقا بۇيرۇشى لازىم. چۈنكى، ئومۇمغا ئالاقىدار ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ باشلىققا تەۋە بولىشىنىڭ لازىملىقى (ئۇ ئىشلار ھەققىدە ئومۇمنىڭ ئارىسىدا چىقىدىغان) پىتنە ـ پاسادنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا بىرەر نەرسىنى باشلىقنىڭ رۇخسىتىسىز پەيدا قىلغان ئادەم باشلىققا قارشى ھەرىكەت قىلغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە قارشى تۇرۇشى لازىم.[1]

---

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 380 ـ بەت.

# يول قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەنلەرگە ئاساسەن كىشىلەرنىڭ، ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان يول قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. اللە تائالا مۇسۇلمان ھۆكۈمدارلارغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: «ئى مۆمىنلەر! اللە غا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۇستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا اللە غا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر اللە غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى اللە نىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر[1]»

كۈنۈمىزدە يول قائىدىلىرىنىڭ ۋە تۈزۈملىرىنىڭ ئىشى، ئىش ئۇستىدىكىلەرگە قاراشلىق ئەڭ مۇھىم ۋە ئېغىر ئىشلارغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، قاتناش قۇراللىرىنىڭ كۆپلىكى، تۈرلىرىنىڭ كۆپلىكى، ھادىسىلەرنىڭ ۋە ئۆلۈملەرنىڭ كۆپ يۈز بېرىشلىرىدۇر. خۇسۇسەن ئادەم زىچ ئولتۇراقلاشقان چوڭ شەھەرلەردە يۈز بەرگەن ھادىسىلەردە كۆپ ئادەملەر ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى ئېغىر دەرىجىدە يارىلىنىدۇ. بىز اللە تائالادىن تىنچ ـ ئامانلىقنى ۋە ساق ـ سالامەتلىكنى تىلەيمىز.

ئومۇمىي يول ھەققىدە بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن يۇقىرىدىكى ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسى خۇسۇسىي يوللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە خۇسۇسىي يولغا قاراشلىق كىشىلەرگە مەيلى زەرەر بەرسۇن، مەيلى زەرەر بەرمىسۇن، ئۇ يول ئۇستىگە ئۇنىڭغا قاراشلىق كىشىلەردىن ھېچبىر ئادەمنىڭ ئۇ يولغا قاراشلىق باشقا كىشىلەرنىڭ رۇخسىتىسىز بىر نەرسە پەيدا قىلىش ھەققى يوق. چۈنكى، خۇسۇسىي يول ئۇنىڭغا قاراشلىق كىشىلەرنىڭ خۇددى خۇسۇسىي مال ـ مۈلكىگە ئوخشاش. لېكىن، ئۇلارنىڭ يول ئۇستىدە يولدىن كىشىلەر ئۆتكىدەك بوش يەر تاشلاپ قويۇپ ئادەتتە ھەممە ئادەم قىلىدىغان بەزى ئىشلارنى قىلىشىغا بولىدۇ. مەسىلەن: يولغا قاراشلىق ئادەملەرنىڭ ھەر بىرى ئۆيىنىڭ ئالدىغا ئىشەك باغلايدىغان ياغاچ ئورناتسا ۋە ئىشىكىنىڭ

(1) سۈرە نىسا 59 ـ ئايەت.

**ئالدىدا تاھارەت ئالىدىغان يەر قىلسا بولىدۇ. ئەگەر بىرەرسى (ئىشەك باغلايدىغان ياغاچقا ئۇسسۇپ بىرىپ ياكى تاھارەت ئالىدىغان يەرگە چۈشۈپ كېتىپ) ئۆلۈپ كەتسە، ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئۆي ئىگىسى (ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى خۇسۇسىي يولغا) ئۆي سالغان ياكى قۇدۇق كولىغان، ئاندىن بىرەرسى ئۇنىڭغا ئۇسسۇپ كېتىپ ياكى قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۆيىنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىدۇ. (چۈنكى، ئادەتتە ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى يولغا قۇدۇق كولانمايدۇ).**

**ئەگەر بىر ئادەم ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى يولدا توپىغا ياكى سېغىزغا ئوخشاش بىر نەرسە چۈشۈرمەكچى بولسا، يولدىن كىشىلەر ئۆتكىدەك بوش يەر تاشلاپ قويۇش ۋە چۈشۈرگەن نەرسىنى تىز ئېلىۋېتىش شەرتى بىلەن چۈشۈرسە بولىدۇ.**

**ئەگەر خۇسۇسىي يولغا قاراشلىق كىشىلەردىن بىر ئادەم ئۇنىڭغا ياغاچ چۈشۈرگەن ياكى ئۇنىڭدا نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قويغان، ياكى ئۇنىڭغا تاش چۈشۈرگەن ۋە بىر كىشى (يولدىكى ئۇ نەرسىگە پۇتلىشىپ كېتىپ) ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ ئىشلارنى باشلىقنىڭ رۇخسىتىسىز ئومۇمىي يولدا قىلغان ۋە بىر كىشى (يولدىكى ئۇ نەرسىگە پۇتلىشىپ كېتىپ) ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ كىشى ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇ ئىشلارنى باشلىقنىڭ رۇخسىتى بىلەن قىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ كىشىگە زىيانكەشلىك قىلغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، باشلىقنىڭ خالىغان ئادەمگە يولنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت بېرىش ھوقۇقى بار.**

**ئەگەر بىر ئادەم يولغا قۇدۇق كولىغان، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر كىشى چۈشۈپ كەتكەن ۋە ئۇ كىشى ئۇنىڭدا ئاچلىقتىن ياكى ئۇسسۇزلۇقتىن، ياكى غەمدىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، قۇدۇقنى كولىغان ئادەمنىڭ ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ كىشى قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن ئەمەس باشقا بىر سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. ئەگەر ئۇ كىشى قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەنلىك سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئىدى. ئەمما ئىمام**

**مۇھەممەد (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ كىشى ئۇچۇن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم» دەيدۇ.**

**ئەگەر يولنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈلگەن سۇ نورى چۇشۇپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قورۇنىڭ ئىچى تەرىپىدىكى قىسمى بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە چۇشۇپ كېتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، بۇ ھالدا نورنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، نونىڭ ئۇ ئادەمگە چۇشۇپ كەتكەن تەرىپى ئۆزۈگە تەۋە يەردىدۇر. شۇڭا نورنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلغان ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە نورنىڭ قورۇنىڭ تېشىدىكى قىسمى چۇشۇپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا نورنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم. چۈنكى، بۇ ھالدا نورنىڭ ئىگىسى يولنىڭ ئۈستىدىن سۇ نورىنى ئۆتكۈزۈپ يولنىڭ بوشلۇقىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇ ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلغان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر چۇشۇپ كەتكەن نورنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى ئۇ ئادەمگە تېگىپ كەتكەن ۋە نورنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە نورنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىنىڭ تېگىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، نورنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەمگە (ئۇ ئادەم ئۈچۈن تۆلەپ بېرىش لازىم بولغان نەرسىنىڭ) يېرىمىنى تۆلەپ بېرىدۇ ۋە يېرىمىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر نورنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمگە نورنىڭ قايسى تەرىپىنىڭ تېگىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق بىلمىسە، بۇ ھالدىمۇ نورنىڭ ئىگىسى ئىستىھسانغا ئاساسەن ئۇ ئادەمگە (ئۇ ئادەم ئۈچۈن تۆلەپ بېرىش لازىم بولغان نەرسىنىڭ) يېرىمىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، نورنىڭ ئىگىسى بىر تەرەپتىن ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنىڭ ھەممىسىنى تۆلەپ بېرىدىغان ھالەتتە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئادەمگە ھېچقانداق نەرسە تۆلەپ بەرمەيدىغان ھالەتتە، شۇڭا نورنىڭ ئىگىسى ئىستىھسانغا ئاساسەن ئۇ ئادەمگە (ئۇ ئادەم ئۈچۈن تۆلەپ بېرىش لازىم بولغان نەرسىنىڭ) يېرىمىنى تۆلەپ بېرىدۇ.**

**ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشى بىر يەرگە قويۇپ قويغان تاشنى ئورنىدىن باشقا يەرگە يۆتكەپ قويغان ۋە ئۇ يەردە ئۇ تاشقا بىر ئادەم پۇتلىشىپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەمگە تۆلەپ بېرىدىغان نەرسىنى (بۇرۇن تاشنى قويغان كىشى ئەمەس) تاشنى بۇرۇنقى ئورنىدىن باشقا يەرگە يۆتكەپ قويغان ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ تاشنى ئورنىدىن باشقا يەرگە يۆتكەپ قويۇشى بىلەن بۇرۇن تاشنى ئۇ يەرگە قويغان كىشى مەسئۇلىيەتلىكتىن چىقىپ كېتىدۇ.**

بىر ئادەم يولدا بېشىدا ياكى ئۇچچىسىدا بىر نەرسە كۆتۈرۈپ ماڭغان ۋە ئۇ نەرسە بىر كىشىنىڭ ئۇستىگە چۈشۈپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئۆلۈپ كەتكەن، ياكى ئۇ نەرسە يولدا چۈشۈپ قېلىپ ئۇنىڭغا بىر كىشى پۇتلىشىپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، يولدا بېشىدا ياكى ئۇچچىسىدا بىر نەرسە كۆتۈرۈپ ماڭغان ئادەم ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى بىر نەرسىنى يولدا، باشقىلارغا زەرەر بەرمىگەن ھالەتتە بېشىدا، ياكى ئۇچچىدا كۆتۈرۈپ مېڭىشقا بولىدۇ. بۇ خۇددى نىشانغا، ياكى ئوۋ ھايۋىنىغا قارىتىپ ئوق ئاتقانغا ئوخشاش. يەنى باشقىلارغا زەرەر بەرمىگەن ھالەتتە نىشانغا ياكى ئوۋ ھايۋىنىغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقا بولىدۇ.

بۇ مەسىلىدىن بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ قالغان نەرسىنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. بىر كىشىنىڭ ئۇستىدىكى كىيىۋاتقان كىيىم ـ كېچىكى بىر ئادەمنىڭ ئۇستىگە چۈشۈپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ قالغان ياكى ئۇ كىيىم يولدا چۈشۈپ قالغان ۋە ئۇنىڭغا بىر ئادەم پۇتلىشىپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆلۈپ قالغان ئادەمگە بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. بېشىدا ياكى ئۇچچىدا كۆتۈرۈپ ماڭغان نەرسە بىلەن كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، بېشىدا ياكى ئۇچچىدا نەرسە كۆتۈرۈپ ماڭغان ئادەم ئۇ نەرسە بىلەن باشقىلارغا زەرەر بەرمەي ئۇنى ياخشى ساقلاپ ئېلىپ مېڭىشنى نىيەت قىلىپ ماڭىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمگە ئۇ نەرسىنى بېشىدا ياكى ئۇچچىدا كۆتۈرۈپ مېڭىش ئۈچۈن باشقىلارغا زەرەر بەرمەي ئۇ نەرسىنى ساق ـ سالامەت ئېلىپ مېڭىش، دېگەن شەرتى قويۇش خاتا ئەمەس. ئەمما ئۇستىدە كىيىم ـ كېچەك بار ئادەم، مەن بۇ كىيىم بىلەن بىرەر كىشىگە ئەزىيەت بېرىپ قويماي، مەن بۇنى ياخشى ساقلاپ ماڭاي، دەپ نىيەت قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا كىيىم ـ كېچەك بىلەن باشقىلارغا زەرەر بەرمەي ئۇنى ياخشى ساقلاپ ئېلىپ مېڭىش، دېگەن شەرتى قويۇش خاتا. ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر بىر ئادەم ئادەتتە كەيمەيدىغان بىر نەرسە كەيگەن، ئۇ نەرسە يولدا چۈشۈپ قالغان ۋە ئۇنىڭغا پۇتلىشىپ كېتىپ ئادەم ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇنىڭ ھۆكمى خۇددى بېشىدا ياكى ئۇچچىدا نەرسە كۆتۈرۈپ ماڭغان ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئادەتتە كەيمەيدىغان بىر نەرسىنى كىيىشكە

ھېچبىر ھاجەت يوق» دەيدۇ.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بىر كىشى ناماز ئوقۇشقا ياكى قۇرئان ئوقۇشقا ياكى فىقھى ياكى ھەدىس ئىلمى ئوقۇشقا، ياكى ئېتىكاپ قىلىشقا ئوخشاش مەسچىتتە قىلىنىدىغان بىرەر ئىش ئۈچۈن مەسچىتتە ئولتۇرغان، ئۇنىڭغا بىر ئادەم كېلىپ يۆتىلۈشۈپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا مەسچىتتە ئولتۇرغان ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. ئەمما ئۇ كىشى مەسچىتتە پاراڭلىشىش ياكى ئوخلاش ئۈچۈن ئولتۇرغان، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر ئادەم كېلىپ پۇتلۇشۇپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا مەسچىتتە ئولتۇرغان ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن تۆلەپ بېرىدىغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم.

ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى ئۆي سېلىش ياكى دۇكان، ياكى قورۇسىنىڭ يېنىغا ئورا كولاش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ۋە ئۇ ئادەم ئۇ يەردە بىر نەرسىنى بۇزۇۋاتقان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى بۇزۇۋاتقان ۋاقىت، تېخى ئىشنى تۈگىتىپ بولمىغان ۋاقىت بولسا، ئۇ نەرسىنى ئۇ ئادەم تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى بۇزۇۋاتقان ۋاقىت، ئىشنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن بولغان بولسا، ئۇ نەرسىنى (ئۇ ئادەم ئەمەس ئۇنى ئىجارىگە ئالغان) كىشى تۆلەيدۇ.

ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنى (ئۆزىنىڭ دۇكىنىنىڭ ياكى قورۇسىنىڭ يېنىغا ئەمەس) باشقىلارنىڭ يېرىگە ئورا كولاش ئۈچۈن ئىجارىگە ئالغان ۋە ئۇ ئادەم ئۇ يەردە بىر نەرسىنى بۇزۇۋاتقان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئادەم ئورا كولايدىغان يەرنىڭ باشقىلارغا تەۋە يەر ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولسا، ئۇ نەرسىنى ئۇنى ئىجارىگە ئالغان كىشى تۆلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئورا كولىۋاتقان يەرنىڭ باشقىلارغا تەۋە يەر ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇ يەردە قىلغان ھەممە ئىشنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇنى ئۇ يەردە ئورا كولاشقا بۇيرۇغان كىشىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنى ئالدىغان. ئەگەر ئۇ ئادەم ئورا كولىۋاتقان يەرنىڭ باشقىلارغا تەۋە يەر ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، بۇ ھالدا بۇزۇلۇپ كەتكەن نەرسىنى ئۇ ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 3 ـ توم، 53 ـ بەت.

**ئالدانغان ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگە يۈكلىنىدۇ.**

**ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمنى ئۆينىڭ لەمپىسىنى سىلىشقا ئىجارىگە ئالغان، ئۇ لەمپە بىر ئىنساننىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىنسان ئۆلۈپ قالغان بولسا، لەمپە ئۇ ئىنساننىڭ ئۈستىگە مەيلى ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەم ئىشنى تۈگىتىپ بولۇشتىن ئىلگىرى چۈشۈپ كەتسۇن، مەيلى كېيىن چۈشۈپ كەتسۇن ئۇ ئىنسانغا تۆلەپ بېرىدىغان نەرسىنى ئىجارىگە ئېلىنغۇچى ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ. ئورا كولاش بىلەن بۇ مەسىلىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، ئورا كولاش مەسىلىسىدە، ئورا كولىغان ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان كىشى ئۇ يەردە بۇزۇلۇپ كەتكەن نەرسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشى نىيىتىدە باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش بولسا، ئۇ كىشى ئۇ يەردە بۇزۇلغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەمما لەمپە سىلىش ئىشىغا كەلسەك، لەمپە سىلىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەم بۇ يەردە كۆرۈلگەن ۋەقەگە بىر ۋاستە قول تىققان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىر ئىشقا بىر ۋاستە قول تىققان ئادەم نىيىتىدە مەيلى باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش بولسۇن، مەيلى زىيانكەشلىك قىلىش بولمىسۇن، ئۇ ئادەم كۆرۈلگەن ۋەقەنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.**

**ئەگەر بىر كىشى يول ئۈستىگە ياغاچ قويۇپ قويغان، بىر ئادەم ياغاچنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈشنى نىيەت قىلىپ ئۆتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ياغاچنى قويۇپ قويغان كىشىگە ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان. ئەمما ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە ئۆزى ۋاستە بولغان ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى سەۋەب بولغان كىشىگە ئەمەس ۋاستە بولغان ئۆزىگە يۈكلىنىدۇ.**

**ئەگەر بىر ئادەم باشلىقنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يولغا (ئېرىققا ئوخشاش) سۇ ئۆتىدىغان بىر ئېغىز كولىغان ياكى ئۇنى ئۆزىگە تەۋە يەرگە كولىغان ياكى يولغا ياغاچ قويۇپ قويغان ياكى كۆرۈك سالغان ياكى بىر يەرگە دەرەخ تىككەن ياكى قار چۈشۈرگەن، ياكى بىر نەرسە سېتىش ئۈچۈن يولدا ئولتۇرغان ۋە ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىشلىرى تۈپەيلىدىن بىر قازا يۈز بەرگەن بولسا، ئەگەر ئۇ ئادەم بۇلارنى باشلىقنىڭ ياكى شۇ يەردىكى ئەمەلدارلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىلغان**

بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ يەردە يۈز بەرگەن قازاغا مەسئۇل ئەمەس. ئەگەر ئۇ ئادەم بۇلارنى باشلىقنىڭ بۇيرۇقىسىز قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ يەردە كۆرۈلگەن قازاغا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى شەھەردىن ۋە يولدىن يىراق يەرلەرگە ئورا كولىغان ۋە ئۇ ئورۇغا ئادەم چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلغان ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ يەرگە كېلىپ ئۆلۈۋېلىشىنى باغلاپ قويغانغا ۋە ئۇ يەرگە چېدىر تىككەنگە ئوخشاش ئىشلار بىلەن ئۇ يەردىن پايدىلىنىش ھەققى بار. ئۇ كىشىنىڭ شۇنداق قىلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ باشقىلارغا زەرەر بەرمەسلىكى شەرت ئەمەس. چۈنكى، ئەگەر ئۇ كىشى بۇ يەرگە كېلىپ شۇنداق ئىشلارنى قىلسا، ئۇ باشقىلارنىڭ يولدىن ئۆتۈشىگە توسالغۇ بولمايدۇ. شۇڭا (ئەگەر ئۇ يەردە بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ بىرەر ئادەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىسا)، ئۇ كىشى ئۇ ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلغان ھېسابلانمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ماشىنىسىنى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ماشىنا توختۇتۇپ قويىدىغان يەردە توختۇتۇپ قويغان ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن بىرەر قازا يۈز بەرگەن بولسا، ماشىنىنىڭ ئىگىسى ئۇ يەردە يۈز بەرگەن قازاغا مەسئۇل ئەمەس.

ئەگەر بىر كىشى قۇدۇق كولاش ئۈچۈن تۆت ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان، ئۇلار قۇدۇقنى كولاشنى باشلىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن قۇدۇق ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىرسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، قالغان ئۈچ ئادەمنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭ دىيىتىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. (ئەگەر ئۈچ ئادەمنىڭ ھەر بىرى ئۇنىڭ دىيىتىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تۆلەپ بەرسە، ئۇنىڭ دىيىتىنىڭ تۆتتىن ئۈچ قىسمى توپلانغان ۋە پەقەت تۆتتىن بىر قىسمىلا قالغان بولىدۇ)، قالغان تۆتتىن بىر قىسمىنى ئۇلارنىڭ تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، قۇدۇقنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدە ئۇ تۆت ئادەمنىڭ ھەممىسىنىڭ قولى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قۇدۇقنى كولىۋاتقان ئادەملەردۇر. ئۆلۈپ كەتكەن ئادەممۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە بار. (شۇڭا دىيەتنىڭ قالغان تۆتتىن بىر قىسمى ئۆلۈپ قالغان ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ). ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسى (قۇدۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۆلۈپ قالغان ئادەمنىڭ بىللە قۇدۇقنى كولىماي) سىرتتا تۇرۇپ ياردەملىشىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەھۋال يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولىدۇ. ئەمما قۇدۇقنى كولىغان ئادەم بىرلا ئادەم

بولغان ۋە قۇدۇق ئۇنىڭ ئۇستىگە چۈشۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ھېچكىمنىڭ ئۇ ئادەمگە بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس.[1]

## يولغا يانتۇ بولۇپ قالغان تامنىڭ ھۆكمى

بۇنىڭدىن ئومۇمىي يولغا يانتۇ بولۇپ قالغان ۋە يىقىلىپ كەتكىلى ئاز قالغان تام كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر بىرەر تام يىقىلىپ كەتكىلى ئاز قالغان، مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىر بولسۇن، مەيلى تەسەررۇپ قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەن كىچىك بالا بولسۇن، تامنىڭ ئىگىسىگە: «تېمىڭ خەتەرلىك ئىكەن ياكى يىقىلىپ كېتەي دەپ قاپتۇ، تېمىڭ يىقىلىپ كېتىپ بىرەر ۋەقە يۈز بېرىپ قالمىسۇن، شۇڭا سەن تېمىڭنى يىقىۋەتكىن» دېگەن ۋە ئارىلىقتا ئۇ تامنى يىقىتىپ بولغىدەك مۇددەت ئۆتكەن، ئۇ ئادەم ئۇ مۇددەت ئىچىدە تېمىنى يىقمىغان شۇنىڭ بىلەن تام بىرەر ئادەمنىڭ ياكى بىرەر ھايۋاننىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ياكى باشقىلارنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنىڭ ئۈستىگە يىقىلىپ ئۇنى بۇزۇۋەتكەن بولسا، تامنىڭ ئىگىسى تامنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن چىققان زىياننى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئارىلىقتا ئۇ تامنى يىققۇدەك مۇددەت ئۆتمىگەن بولسا، مەسىلەن: تامنىڭ ئىگىسىدىن تامنى يىقىۋېتىش تەلەپ قىلىنغاندىن كېيىنلا تامنىڭ ئىگىسى تامنى يىقىۋېتىش ئۈچۈن ئادەم چاقىرغىلى كەتكەن ۋە بۇ ئارىلىقتا تام يىقىلىپ چۈشۈپ كېتىپ مەزكۇر قازا يۈز بەرگەن بولسا، تامنىڭ ئىگىسى تامنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن چىققان زىياننى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، تامنى يىقىۋېتىش ئۈچۈن ئادەم چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەن مۇددەت (تامنى يىقىۋېتىش ئۈچۈن كېتىدىغان مۇددەتنىڭ ئىچىگە) كىرمەيدۇ. ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى چاك كەتكەن ھەر قانداق بىر بىنانىڭ ھۆكمىمۇ بۇ تامنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش.

ئەگەر ئۇ تام ۋەقەپە قىلىنغان ئۆيىنىڭ تېمى ياكى كىچىك بالىغا تەۋە ئۆيىنىڭ تېمى بولسا، ئۇ ئۆيىنى ۋەقەپە قىلغان ئادەمگە ياكى ئۇنىڭغا قارايدىغان ئادەمگە ۋە كىچىك بالىنىڭ مال - مۈلكىگە قارايدىغان ئادەمگە ئوخشاش بىر نەرسىنىڭ ھۆكمەن ئىگىسى خۇددى ئۇ نەرسىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىگە

[1] «رەددۇلمۇھتار»، 5 - توم، 383 - بەت.

ئوخشاشتۇر. مەسىلەن: بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىغا تەۋە بىر تام يىقىلىپ كەتكىلى قوپقان، ئاندىن كىشىلەر ئۇ بالىنىڭ مال ـ مۈلكىگە قارايدىغان ئادەمدىن ئۇ تامنى يىقىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان ۋە (ئارىلىقتا ئۇ تامنى يىقىۋەتكۈدەك بىر مۇددەت ئۆتكەن)، ئاندىن ئۇ تام يىقىلىپ چۈشكەن بولسا، بۇ ھالدا تامنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن چىققان زىيان كىچىك بالىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن تۆلەپ بېرىلىدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئۇ بالىنىڭ مال ـ مۈلكىگە قارايدىغان ئادەمدىن ئۇ تامنى يىقىۋېتىشنى تەلەپ قىلغاندىن كېيىن ئۇ بالا بالاغەتكە يەتكەن، ياكى ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن، ئاندىن ئۇ تام يىقىلىپ چۈشكەن بولسا، بۇ ھالدا تامنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن چىققان زىيان كىچىك بالىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن تۆلەپ بېرىلمەيدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر يىقىلىپ كېتەي دەپ قالغان تام ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا شېرىك بولغان، كىشىلەر شېرىكلەرنىڭ بىرىدىن ئۇ تامنى يىقىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان ۋە (ئارىلىقتا ئۇ تامنى يىقىۋەتكۈدەك بىر مۇددەت ئۆتكەن)، ئاندىن ئۇ تام يىقىلىپ چۈشكەن بولسا، ئىستىھسانغا ئاساسەن ئۇ شېرىك تامنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن چىققان زىياننىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان قىسمىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ شېرىك مەسىلىنى قازىغا يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قالغان شېرىكلىرىدىنمۇ تامنى يىقىۋېتىشنى تەلەپ قىلىپ تامنى يىقتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇ، ئۇنداق قىلمىدى. شۇڭا ئۇ، بۇ ھەقتە سەل قارىغان ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شېرىك ئىستىھسانغا ئاساسەن تامنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن چىققان زىياننىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان قىسمىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئۇ شېرىك قىياسقا ئاساسەن بىر نەرسە تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى ئۇ، باشقا شېرىكلەر يوق ئۆزى يالغۇز ئۇ تامنى يىقىۋەتەلمەيدۇ.

بىر كىشى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمگە تەۋە قورۇنىڭ تېمىنىڭ يىقىلىپ كېتىشكە ئاز قالغانلىقىنى، ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىنىڭ بىرىگە خەۋەر بەرگەنلىكى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇنىڭ گۇۋاھلىقى توغرا، دەپ قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى، قورۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمگە تەۋەدۇر. شۇڭا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئەگەر قەرزى بولسا، قورۇ سېتىلىپ ئۇنىڭ قەرزى ئادا قىلىنىدۇ. مىراسخورلىرى ئۇنىڭ ئورۇنباسارىدۇر. ئەمما ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ پەقەت بىرلا مىراسخورى بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ قورۇنىڭ تېمىنىڭ يىقىلىپ

كېتەي، دەپ قالغانلىقنى، ئۇ ئادەمنىڭ مىراسخورىغا خەۋەر بەرگەنلىكى ھەققىدە بەرگەن گۇۋاھلىقى توغرا، دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى، مىراسخور بىرلا ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ مىراسخور قورۇنى ئۆزى ئېلىپ قېلىپ قەرز ئىگىسىنىڭ قەرزىنى ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن بېرىۋەتسىمۇ بولىدۇ.

يىقىلىپ كېتىپ باشقىلارغا زىيان سالغان تامنىڭ ئىگىسىنى، تامنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن چىققان زىياننى تۆلەتكۈزۈش بولسا، ئومۇمغا كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبىدىندۇر. ئەگەر تامنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن چىققان زىياننى تامنىڭ ئىگىسىگە تۆلەتتۈرمىسەك، تامنىڭ ئىگىسى يىقىلىپ كېتەي، دەپ قويغان تېمىنىمۇ يىققىلى، ياكى ئۇنى ئۇڭشاشقىمۇ ئۇنىمايدۇ. (يىقىلىپ كېتەي دېگەن تامنى يىقىۋېتىش گەرچە ئۇنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن زىياندەك تۇرسىمۇ، لېكىن بۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ئومۇمغا زىيان كېلىشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ). ئومۇمغا كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان خۇسۇسىي زىياننى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

تامنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن چىققان زىياننى تامنىڭ ئىگىسىنىڭ تۆلەپ بېرىشى ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ ئۇنىڭ توغرىسىدا تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئىش ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىشى لازىم:

1 ـ بىر ئادەم ئۆزىنىڭ يىقىلىپ كىتەي، دېگەن تامنى ياكى ئۆينى يېقىشقا كۈچى يېتىدىغان كىشىگە ئۇ تامنى ياكى ئۆينى يېقىۋېتىشنى تەلەپ قىلغانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

2 ـ تامنىڭ بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىش سەۋەبى ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەقىقەتەن تامنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكى بىلەن بولغانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

3 ـ تامنىڭ ھەقىقەتەن ئۇ ئادەمگە تەۋە ئىكەنلىكى، تامنىڭ چۈشۈپ كېتەي دەپ قالغانلىقى ھەققىدە ئادەمگە خەۋەر بەرگەن ۋاقتىدىن تارتىپ تاكى تام چۈشۈپ كەتكەنگە قەدەر تامنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ قولىدا تۇرغانلىقى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىر كىشى ئۆينىڭ تېمىنىڭ يېقىلىپ كېتەي دېگەنلىكىنى، ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغان ئادەمگە ياكى ئولتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ ئولتۇرغان ئادەمگە ياكى ئۆينى گۆرۈگە ئېلىۋالغان ئادەمگە، ياكى ئۆي ئامانەت

قويۇپ قويۇلغان ئادەمگە ئوخشاش ئۆينىڭ تېمىنى يىقىۋېتەلمەيدىغان بىرەر ئادەمگە، دەپ قويغانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ بۇ گۇۋاھلىقى توغرا گۇۋاھلىق دەپ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، مەزكۇر ئادەملەرنىڭ ئۆينىڭ تېمىنى يىقىۋېتىشقا كۈچى يەتمەيدۇ. بۇ ھالدا ئەگەر ئۇ ئۆينىڭ تېمى يىقىلىپ چۈشۈپ بىرەر جانغا ياكى مالغا زىيان سالغان بولسا، مەيلى ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتقان ئادەم بولسۇن، مەيلى ئۆينىڭ ئىگىسى بولسۇن ئۇ زىياننى تۆلەپ بەرمەيدۇ.

ئەگەر بىر كىشى بىر تامنىڭ يىقىلىپ كېتەي دەپ قالغانلىقىنى تامنىڭ ئىگىسىگە خەۋەر بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن تامنىڭ ئىگىسى تامنى باشقا بىر كىشىگە سېتىپ بەرگەن، ياكى سوۋغا قىلىپ بېرىۋېتىپ تامنى قولىدىن چىقىرۋەتكەن، ئاندىن تام يىقىلىپ چۈشۈپ زىيان سالغان بولسا، تامنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن چىققان زىياننى تامنىڭ بۇرۇنقى ئىگىسى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، تام ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكەندۇر. ئەگەر تام بۇرۇنقى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەن، ئاندىن يىقىلىپ چۈشۈپ زىيان سالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ تامنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن چىققان زىياننى تامنىڭ ئىگىسى تۆلەپ بەرمەيدۇ. لېكىن تام ئەگەر ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا قايتۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن ئۇ كىشىدىن تامنى يىقىۋېتىش قايتا تەلەپ قىلىنغان، تامنىڭ ئىگىسى تامنى يىقمىغان، ئاندىن تام يىقىلىپ چۈشۈپ زىيان سالغان بولسا، بۇ ھالدا تامنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن چىققان زىياننى تامنىڭ ئىگىسى تۆلەپ بېرىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم تېمىنىڭ يىقىلىپ كېتەي دەپ قالغانلىقىنىڭ خەۋىرىنى ئالغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي ساراڭ بولۇپ قالغان، ياكى ئىسلام دىنىدىن يېنىۋېلىپ كاپىرلارنىڭ دۆلىتىگە قېچىپ كەتكەن، ئاندىن ساراڭلىقىدىن ئوڭشالغان، ياكى مۇسۇلمان بولۇپ كاپىر دۆلىتىدىن قايتىپ چىققان، ئاندىن تام يىقىلىپ چۈشۈپ زىيان سالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ تامنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن چىققان زىياننى تامنىڭ ئىگىسى تۆلەپ بەرمەيدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم ئەگەر ساراڭلىقتىن ئوڭشالغاندىن، ياكى كاپىر دۆلىتىدىن قايتىپ چىققاندىن كېيىن ئۇ كىشىدىن تامنى يىقىۋېتىش قايتا تەلەپ قىلىنغان، ئۇ كىشى تامنى يىقمىغان، ئاندىن تام يىقىلىپ چۈشۈپ زىيان سالغان بولسا، تامنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن چىققان زىياننى تامنىڭ ئۇ كىشى تۆلەپ بېرىدۇ.

ئەگەر تام بىر قورۇنىڭ ئىچى تەرىپىگە يانتۇ بولۇپ قالغان، قورۇدا ياكى

ئۇنىڭ ئېگىسى ياكى ئېجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۋاتقان ئادەم، ياكى ئولتۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ ئولتۇرۋاتقان ئادەم ئولتۇرۋاتقان بولسا، تامنىڭ ئېگىسىدىن تامنى يىقىۋېتىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى قورۇنىڭ ئېگىسىنىڭ ياكى ئۇنىڭدا ئولتۇرۋاتقان ئادەمنىڭدۇر. بۇلارنىڭ يەنە تامنىڭ ئېگىسىگە تامنى كېچىكىپ يىقىشقا رۇخسەت بېرىش ھەققىمۇ بار. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر تام يىقىلىپ چۈشۈپ بىرەر زىيان كەلتۈرسە، ئۇلارنىڭ ئۇ زىياندىن ئۆتۈۋېتىش ھەققىمۇ بار. ئەگەر ئۇ تام يول تەرەپكە يانتۇ بولۇپ قالغان، ئاندىن قازى ياكى تامنى يىقىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان ئادەم تامنىڭ ئېگىسىگە تامنى كېچىكىپ يىقىشقا رۇخسەت بەرگەن، ئاندىن (ئۇ تام يىقىلىپ چۈشۈپ بىرەر زىيان كەلتۈرگەن بولسا)، بۇ ھالدا قازىنىڭ ياكى تامنى يىقىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان ئادەمنىڭ تامنىڭ ئېگىسىگە بەرگەن رۇخستى تامنىڭ ئېگىسىنى (تامنىڭ سالغان زىيىنىدىن) قوتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. مەيلى قازى بولسۇن، مەيلى تامنى يىقىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان ئادەم بولسۇن، تامنىڭ ئېگىسىگە رۇخسەت بېرىش ئارقىلىق ئومۇمغا تەۋە بىر ھەق ئۈستىدە تەسەررۇپ قىلغان بولىدى. قازىنىڭ ئومۇمغا تەۋە ھەق ئۈستىدە تەسەررۇپ قىلىشى ئومۇمغا زىيانلىق ئىشلاردا ئەمەس پايدىلىق ئىشلاردا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئەمما قورۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۋاتقان ئادەمنىڭ تامنىڭ ئېگىسىگە تامنى كېچىكىپ يىقىشقا رۇخسەت بېرىشى بۇ مەسىلىگە ئوخشىمايدۇ.

ئەگەر تامنىڭ بىر قىسمى يول تەرەپكە يەنە بىر قىسمى قوشنىسىنىڭ قورۇسىنىڭ ئىچىگە يانتۇ بولغان بولسا، تامنى يىقىش ياكى ئۇڭشاش ھەققىدە قايسى تەرەپتىن بۇرۇن تەلەپ كەلسە، ئۇ تەلەپ (ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن) ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، بىر تەرەپ ئۈچۈن ئېتىبارغا ئىگە تەلەپ يەنە بىر تەرەپ ئۈچۈنمۇ ئېتىبارغا ئىگىدۇر.

ئەگەر بىر ئادەم تامنى دەسلەپ سالغان ۋاقىتتا، ئۇنى يولغا يانتۇ ھالەتتە سالغان بولسا، بۇ ھالدا بىرەر كىشى تامنى يىقىۋېتىشنى تەلەپ قىلمىسىمۇ ئەگەر تام يىقىلىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن زىيان كۆرۈلگەن بولسا، تامنىڭ ئېگىسى ئۇ زىياننى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ تامنىڭ ئېگىسى بۇنداق قىلىش ئارقىلىق باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنى كۆزدە تۇتقان ھېسابلىنىدۇ. بۇ خۇددى ئۆيىنىڭ لەمپىسىگە ۋە سۇ نورىغا ئوخشاش نەرسىنى يولغا يانتۇ ھالەتتە قورىغانغا ئوخشاش.

بەش ئادەمنىڭ ئارىسىدا شېرىك بىر تام يىقىلىپ چۈشەي دېگەن ۋە ئۇلارنىڭ بىرىگە تامنىڭ يىقىلىپ چۈشەي دېگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر بېرىلگەن، ئاندىن تام يىقىلىپ چۈشۈپ كەتكەن بولسا، خەۋەر بېرىلگەن ئۇ ئادەم تامنىڭ يىقىلىپ كېتىشىدىن چىققان ئومۇمىي زىياننىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ ئەھۋالىنى قازىغا خەۋەر بېرىپ تامنى ئوڭشىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى.

بىر تامنىڭ يىقىلىپ چۈشۈپ كېتەي، دەپ قالغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىش ئۇ تامدىن يىقىلىپ چۈشكەن تامنىڭ پارچىلىرى ھەققىدىمۇ خەۋەر بېرىش ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىر تامنىڭ يىقىلىپ چۈشەي، دەپ قالغانلىقى ھەققىدە ئۇنىڭ ئىگىسىگە خەۋەر بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ تام يىقىلىپ چۈشۈپ كەتكەن ۋە تامنىڭ پارچىلىرىغا بىر ئادەم پۇتلىشىپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، تامنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. چۈنكى، تامدىن چۈشكەن تامنىڭ پارچىلىرىمۇ تامنىڭ ئىگىسىنىڭ مۈلكى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ پارچىلارنى تازىلاش ۋە ئۇنى يولدىن ئېلىۋېتىش تامنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىشىدۇر.

ئىككى تام بولغان ئۇنىڭ بىرى يانتۇ، يەنە بىرى تۈز بولغان بولسا، يانتۇ تامنىڭ چۈشۈپ كېتەي دېگەنلىكى ھەققىدە ئۇنىڭ ئىگىسىگە خەۋەر بېرىلگەن، ئاندىن (يانتۇ ئەمەس) تۈز تۇرغان تام چۈشۈپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرەر زىيان چىققان بولسا، چىققان ئۇ زىيان تۆلەپ بېرىلمەيدۇ.[1]

## هايۋانلارنىڭ سالغان زىيانكەشلىكىنىڭ ۋە هايۋانلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ هۆكۈملىرى

يولدا ئۇلۇغغا مىنىپ كېتىپ بارغان ئادەم، ئۇلۇغى دەسسىۋاتقان مەيلى ئالدى پۇتى بىلەن بولسۇن، مەيلى كەينى پۇتى بىلەن بولسۇن، پۇتى ياكى بېشى، ياكى چىشى ئارقىلىق بۇزىۋاتقان نەرسىلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ھەر بىر ئادەمنىڭ، ساقلىنىشقا بولىدىغان ئىشلاردا باشقىلارغا ئەزىيەت ۋە زەرەر بەرمەسلىك شەرتى بىلەن يولدا مېڭىش ھەققى بار. ئۇلاغ ئۈستىدىكى ئادەمنىڭ

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 386 ـ بەت.

ئۆلۈغنى، ئۇنىڭ بىرەر نەرسىنى دەسسەپ سىلىشىدىن ياكى پۇتى ياكى بېشى، ياكى چىشى ئارقىلىق بىرەر نەرسىنى بۇزۇۋېتىپ سىلىشىدىن ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلاردا ئۇلاغنىڭ ئىگىسى مەسئۇل ئەمەس. مەسىلەن: يولدا ئۆلۈغىغا مىنىپ كىتىپ بارغان ئادەمنىڭ ئۆلۈغى ئارقا پۇتى بىلەن بىر كىشىنى تەپكەن ياكى قۇيرۇقى بىلەن بىر كىشىنىڭ كۆزىگە ئۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەن بولسا، بۇ هالدا ئۇلاغنىڭ ئىگىسى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كىشىگە بىر نەرسە تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئىشلار، ساقلىنىش مۇمكىن بولىدىغان ئىشلاردىن ئەمەس.

بۇ هەقتىكى ئەسلى قائىدە بولسا، ئەگەر ئۇلاغ بىلەن باققۇچى ياكى ئۇنى هەيدىگۈچى ياكى ئۇنى يېتىلىگۈچى بولمىغان، ئاندىن ئۇ ئۇلاغ (بىرسىگە) زىيان يەتكۈزگەن بولسا، ئۇ ئۇلاغنىڭ سالغان زىيىنىغا تۆلەم كەلمەيدۇ، دېگەن سۆزدۇر. ئەگەر ئۇ ئۇلاغ بىلەن بىللە باققۇچى ياكى ئۇنى هەيدىگۈچى، ياكى ئۇنى يېتىلىگۈچى بولغان، ئاندىن ئۇ ئۇلاغ (بىرسىگە) زىيان يەتكۈزگەن بولسا، بۇ هالدا ئۇلاغنىڭ يېنىدىكى ئادەم ئۇلاغنىڭ سالغان زىيىنىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلاغنىڭ سالغان زىيىنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇلاغنى ياخشى ساقلىمىغانلىقتىن كېلىپ چىققان هېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ زىيان ئۇ ئادەمگە يۈكلىنىدۇ. بۇ هەقتە ئەبۇهۇرەيرە (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تۆت پۇتلۇق هايۋانلار جاراهەتلەندۈرسە، ئىگىسىگە تۆلەم كەلمەيدۇ، بىر ئادەم قۇدۇققا چۈشۈپ كەتسە، بۇنىڭغا تۆلەم كەلمەيدۇ، بىر ئادەم قېزىلىۋاتقان كانغا چۈشۈپ كەتسە، كان قازغۇچىغا تۆلەم كەلمەيدۇ ۋە كۆمۈپ قويغان بايلىقتىن بەشتىن بىرى (سەدىقە ئۈچۈن) ئايرىلىدۇ.»[1] تىرمىزىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «ئالىملار هەدىستىكى <تۆت پۇتلۇق هايۋانلار> دىن بوشۇنۇپ ئىگىسىنىڭ قولىدىن قېچىپ كېتىپ باشقىلارنى جاراهەتلەندۈرگەن هايۋانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن.» يەنى بىر هايۋان بوشۇنۇپ ئىگىسىنىڭ قولىدىن قېچىپ كېتىپ باشقىلارنى جاراهەتلەندۈرگەن بولسا، ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ جاراهەتلەنگەن ئادەم ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس.

ئەبۇداۋۇدمۇ بۇ هەدىسنى رىۋايەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن: «ئۇ

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

هايۋانلاردىن قېشىدا بىرەر كىشى يوق، بۇشۇنۇپ ئىگىسىنىڭ قولىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن هايۋانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دېگەن.

مەزكۇر هەدىستىكى: <بىر ئادەم قۇدۇققا چۈشۈپ كەتسە، بۇنىڭغا تۆلەم كەلمەيدۇ> دېگەن سۆزدىن چۈللەردىكى ۋە شەهەردىن يىراق يەرلەردىكى ئىگىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى بىلىنمىگەن كونا قۇدۇقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەگەر بۇ قۇدۇقلارغا ئادەم ياكى هايۋان چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان، ياكى باشقا بىرەر ئىش يۈز بەرگەن بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن هېچكىمنىڭ تۆلەم تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر كىشى ئۆزىگە تەۋە يەرگە ياكى هېچكىمگە تەۋە ئەمەس بىر يەرگە قۇدۇق كولىغان، ئاندىن ئۇنىڭغا ئادەم ياكى هايۋان چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ هالدا ئەگەر قۇدۇقنىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمنىڭ قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولمىغان، ياكى ئۇنى ئالدىمىغان بولسا، قۇدۇقنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر كىشى قۇدۇق كولاش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان ۋە قۇدۇق ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ كېتىپ ئۇ ئادەم ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ هالدىمۇ ئۇ ئادەمنى ئىجارىگە ئالغان كىشىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس.

ئەمما بىر كىشى ئومۇمىي يولغا قۇدۇق كولىغان، ياكى باشقا ئادەمگە تەۋە يەرگە قۇدۇق كولىغان، ئاندىن ئۇنىڭغا ئادەم چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتىنى قۇدۇقنى كولىغان كىشىنىڭ جەمەتىدىكىلىرى بېرىدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن كاففارەتنى قۇدۇقنى كولىغان كىشى ئۆز مال ـ مۈلكىدىن بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ قۇدۇققا هايۋان چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ هالدا هايۋان ئۈچۈن تۆلەپ بېرىلىدىغان نەرسە پەقەت قۇدۇقنى كولىغان كىشىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن بېرىلىدۇ.

قېزىلىۋاتقان كانغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ هۆكمىمۇ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ هۆكمىگە ئوخشاش. مەسىلەن: بىر كىشى ئۆزىگە تەۋە يەرگە ياكى هېچكىمگە تەۋە ئەمەس بىر يەرگە كان كولىغان، ئاندىن ئۇنىڭغا ئادەم ياكى هايۋان چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، كاننىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەم ياكى هايۋان ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. بۇلاردىن باشقا ئىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەمنىڭ هۆكمىمۇ خۇددى قۇدۇق كولاش ياكى كان قېزىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان ئادەمنىڭ هۆكمىگە ئوخشاش. مەسىلەن:

**بىر ئادەم خورما ياغىچىنىڭ ياكى ياغاچنىڭ ئۈستىگە چىقىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىنغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ياغاچنىڭ ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ياغاچنىڭ ئىگىسىنىڭ تۆلەم تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس.**

**مەزكۇر ھەدىستىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <كۆمۈپ قويغان بايلىقتىن بەشتىن بىرى (سەدىقە ئۈچۈن) ئايرىلىدۇ.> دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئالىملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزىدىن مەقسەت قىلىنىدىغان مەنا ھەققىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. كۆپ ساندىكى ئالىملار: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر سۆزىدىن كۆمۈپ قويۇلغان مال ـ مۈلۈكلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ» دېدى. لېكىن، شافىئىي مەزھەپىدىكىلەر: «بۇنىڭدىن پەقەت بىرەر ئادەمگىمۇ تەۋە بولمىغان تاشلاندۇق يەرلەرگە كۆمۈپ قويۇلغان مال ـ مۈلۈك كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما ئىشلىتىلىۋاتقان يولغا ياكى مەسچىتكە كۆمۈپ قويۇلغان مال ـ مۈلۈك <كۆمۈپ قويۇلغان بايلىق> ئەمەس چۈشۈپ قالغان مال ـ مۈلۈك ھېسابلىنىدۇ» دېدى. ئەگەر كۆمۈپ قويۇلغان بايلىق بىر ئادەمگە تەۋە يەردە تېپىلغان، ئۇنى تېپىۋالغان ئادەم ئۇ يەرنىڭ ئىگىسى بولغان بولسا، بايلىق ئۇ ئادەمگە تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇنى تېپىۋالغان ئادەم ئۇ يەرنىڭ ئىگىسى ئەمەس باشقا ئادەم بولغان ۋە يەرنىڭ ئىگىسى ئۇ بايلىقنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغان بولسا، بايلىق ئۇنىڭ بولىدۇ. ئەگەر يەرنىڭ ئىگىسى ئۇ بايلىقنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلمىسا، ئۇ بايلىق يەرنىڭ ئىگىسى يەرنى (سېتىۋېلىش يولى بىلەن  بولسۇن، ياكى باشقا يول بىلەن بولسۇن،) تاپشۇرۇپ ئالغان ئادەمگە تەۋە بولىدۇ. (ئەگەر ئۇ ئادەممۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى دېمىسە، ئۇ بايلىق يەرنىڭ ئۇ ئادەمدىن بۇرۇنقى ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ. ئەگەر بۇمۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى دېمىسە، ئۇ بايلىق يەرنىڭ ئۇ ئادەمدىن بۇرۇنقى ئىگىسىگە تەۋە بولىدۇ)، بۇ ئىش بۇ شەكىلدە داۋام قىلىپ ھەتتا يەرنى ئەڭ دەسلەپ تىرىلدۈرگەن (يەنى يەرنى زىرائەت تېرىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەن) ئادەمگە بارىدۇ.**

**شەيخ تەقىييۇددىن ئىبنى دەقىق ئىيدى (اللّٰه تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «فىقھىشۇناسلاردىن كۆمۈپ قويۇلغان بايلىقتا ياكى مۇتلاق ھالەتتە ياكى كۆپىنچى ھالەتتە بەشتىن بىرى (سەدىقە ئۈچۈن) ئايرىلىدۇ، دېگەنلەر ھەدىستە ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدىغان سۆز قىلغانلار ھېسابلىنىدۇ»**

دېدى. ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئەگەر كۆمۈپ قويۇلغان بايلىق پەقەت ئالتۇن ياكى كۈمۈش بولسا، بۇنىڭدىن بەشتىن بىرى (سەدىقە ئۆچۈن) ئايرىلىدۇ، (ئەگەر ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن باشقا نەرسە بولسا بۇنىڭدىن بەشتىن بىرى سەدىقە ئۆچۈن ئايرىلمايدۇ)» دېدى. ئەمما كۆپ ساندىكى ئالىملار: «كۆمۈپ قويۇلغان بايلىقتىن بەشتىن بىرىنى (سەدىقە ئۆچۈن) بېرىش ئۆچۈن ئۇنىڭ ئالتۇن ياكى كۈمۈش بولۇشى شەرت ئەمەس» دەيدۇ. كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ بۇ قارىشىنى ئىبنى ئەلمۇنزىر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) توغرا دەپ قارىدى. ئالىملار يەنە كۆمۈپ قويۇلغان بايلىقتىن (سەدىقە ئۆچۈن) ئايرىلغان قىسمىنىڭ كىمگە بېرىلىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ ئىختىلاپ قىلىشىپ قالدى. ئىمام ئىمام ئەبۇھەنىفە، ئىمام مالىك ۋە كۆپ ساندىكى ئالىملار (الله تەئالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «كۆمۈپ قويۇلغان بايلىقتىن ئايرىلغان قىسىم غەنىمەتلەر بېرىلىدىغان كىشىلەرگە بېرىلىدۇ» دېدى[1]. بۇ قاراشنى (شافىئىي مەزھەپىدىكىلەردىن) ئىمام ئەلمۇزەنىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) توغرا دەپ قارىدى. ئەمما ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «كۆمۈپ قويۇلغان بايلىقتىن ئايرىلغان سەدىقە ئادەتتە زاكات بېرىلىدىغان كىشىلەر ئۆچۈن بېرىلىدۇ» دېدى[2]. بۇ ئىمام شافىئىينىڭ ئەڭ توغرا دەپ قارالغان سۆزىدۇر.

بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەددىن ئىككى خىل رىۋايەت بايان قىلىنغان.

ئەگەر ئۇ بايلىقنى (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىر تېپىۋالغان بولسا، كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىچە: ئۇ كاپىر ئۇ بايلىقتىن بەشتىن بىرىنى ئايرىدۇ. ئەمما ئىمام شافىئىينىڭ كۆز قارىشىچە: ئۇ كاپىر ئۇ بايلىقتىن ھېچنەرسە ئايرىمايدۇ. بارلىق ئالىملار كۆمۈپ قويۇلغان بايلىقنى تېپىۋالغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن بەشتىن بىرىنى ئايرىش ئۆچۈن ئۇ بايلىقنىڭ تېپىلغىنىغا بىر يىل ئۆتۈش شەرت ئەمەسلىكى ۋە ئۇ ئادەم بايلىقنى تېپىۋالغان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭدىن بەشتىن بىرىنى

(1) بۇ كىشىلەر بولسا، الله تائالانىڭ بۇ ئايىتىدە بايان قىلغان كىشىلەردۇر: » الله پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى)نىڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، اللەغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى« سۈرە ھەشىر 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ت.

(2) ئادەتتە زاكات بېرىلىدىغان كىشىلەر بولسا، الله تائالانىڭ بۇ ئايىتىدە بايان قىلىنغان كىشىلەردۇر: »زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، الله نىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ« سۈرە تەۋبە 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى. ت.

ئايرىدىغانلىقى ھەققىدە بىر پىكىرگە كەلدى.(1)

الله تائالا غەنىمەت بېرىلىدىغان كىشىلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «الله پەيغەمبىرىگە غەنىمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى) نىڭ ماللىرىنى، ئىچكىلاردىكى بايلار ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، اللەغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى(2)»

ئەگەر ھايۋان، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۇزغۇنچىلىقلارنى (يەنى پۈتى بىلەن بىر نەرسىنى دەسسەپ ياكى چىشى بىلەن بىر نەرسىنى چىشلەپ بۇزۇۋېتىشنى) ھايۋاننىڭ ئىگىسىگە تەۋە، ياكى ھايۋاننىڭ ئىگىسىنىڭ شېرىكىگە تەۋە بىر يەردە قىلغان بولسا، ھايۋاننىڭ ئىگىسى ھايۋاننىڭ سالغان زىيىنى ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ھايۋاننىڭ ئىگىسىنىڭ ھايۋاننى ئۆزىگە تەۋە ياكى شېرىكىگە تەۋە بىر يەردە توختۇتۇپ قويۇش ۋە ماڭدۇرۇش ھەققى بار. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ھايۋاننىڭ ئىگىسى ھايۋاننى باشقا بىرسىگە تەۋە يەرگە ئۇنىڭ رۇخستى بىلەن ئېلىپ كىرگەن ۋە ھايۋان ئۇ يەردە بىر ئادەمگە زىيان سالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ھايۋاننىڭ ئىگىسى ھايۋاننىڭ ئۇ ئادەمگە سالغان زىيىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر نەرسە تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ يەرمۇ (ھايۋاننىڭ ئىگىسى ھايۋاننى ئۇ يەرگە، يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخستى بىلەن ئېلىپ كىرگەنلىكى ئۈچۈن) ئۇنىڭ يېرىنىڭ ئورنىدا ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ھايۋاننىڭ ئىگىسى ھايۋاننى ئۇ يەرگە، يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئېلىپ كىرگەن ۋە ئۇ يەردە ھايۋان بىر ئادەمگە زىيان سالغان بولسا، ھايۋاننىڭ ئىگىسى ھايۋاننىڭ ئۇ ئادەمگە سالغان زىيىنى ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ھايۋاننىڭ ئىگىسىنىڭ ھايۋىنىنى باشقىلارغا تەۋە يەردە توختۇتۇش ۋە ماڭدۇرۇش ھەققى يوق.

ئەگەر ھايۋان مەيلى كىتىپ بېرىپ تېزەكلىسۇن ياكى سىيسۇن ياكى توختاپ تۇرۇپ تېزەكلىسۇن، ياكى سىيسۇن، ئاندىن يولدىكى تېزەككە، ياكى سۈيدۈككە بىر ئادەم تېيىلىپ كىتىپ ئۆلۈپ قالغان، ياكى يارىلانغان بولسا، ھايۋاننىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس.

(1) «فەتھۇلبارى»، 3 ـ توم، 365 ـ بەت.

(2) سۈرە ھەشر 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

چۈنكى، هايۋاننىڭ يولدا سىيىشىنىڭ ۋە تېزەكلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ سەۋەبتىن چىققان ۋەقەلەر ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر هايۋاننىڭ ئىگىسى هايۋاننى يولدا (سەۋەبسىز) توختاتقان، شۇنىڭ بىلەن هايۋان يولغا سىيگەن ياكى تېزەكلىگەن، ئاندىن يولدىكى تېزەككە، ياكى سۈيدۈككە بىر ئادەم تېيىلىپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان، ياكى يارىلانغان بولسا، هايۋاننىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. بۇ هالدا هايۋاننىڭ ئىگىسى ئۇنىڭغا قەستەن زىيانكەشلىك قىلغان هېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئومۇمنىڭ يولىدا هايۋىنىنى سەۋەبسىز توختۇتۇپ تۇرۇش هەققى يوق. ئەگەر ئۇنىڭ هايۋاننى يولدا تۇختۇتۇپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى مەسىلەن: يولنىڭ بېسىق بولغىنىغا ئوخشاش بىرەر سەۋەب يۈزىسىدىن بولسا، بۇ هالدا هايۋاننىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر هايۋاننىڭ ئىگىسى هايۋىنىنى مەسىلەن: هايۋان بازىرىدا تۇتۇپ تۇرغانغا ئوخشاش باشلىق هايۋان توختۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن كۆرسىتىپ بەرگەن يەردە توختۇتۇپ تۇرغان ۋە هايۋان بۇ يەردە بىر ئادەمگە زىيان يەتكۈزگەن بولسا، هايۋان ئىگىسى ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بەرمەيدۇ. مەسچىتنىڭ ئىشكىنىڭ ئالدىدا هايۋاننى توختۇتۇپ تۇرۇشنىڭ هۆكمىمۇ يولدا هايۋاننى توختۇتۇپ تۇرۇشنىڭ هۆكمى بىلەن ئوخشاش. لېكىن، مەسئۇللار مەسچىتنىڭ ئىشكىنىڭ ئالدىدا هايۋان توختۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئايرىم بىر يەر ئايرىغان بولسا، هايۋاننى مەخسۇس ئايرىلغان ئۇ يەردە توختۇتۇشقا بولىدۇ.

ئەگەر هايۋان ئالدى پۇتى ياكى كەينى پۇتى بىلەن توپا ئۆرلەتكەن ياكى شېغىل ياكى ئۇكچە، ياكى كىچىك تاش ئۆرلەتكەن، ئۆرلۈتىلگەن ئۇ نەرسە بېرىپ بىرەر كىشىنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەن، ياكى كىيىم ـ كېچەكىنى بۇزۇۋەتكەن بولسا، هايۋاننىڭ ئىگىسى ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان زىياننى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ، ئەگەر هايۋاننىڭ ئىگىسى هايۋاننىڭ بېقىنىغا (تىز ماڭدۇرۇش ئۈچۈن) بىر نەرسە تىقمىغان ياكى ئۇنى ئۈركۈتمىگەن بولسا، ئەهۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر هايۋاننىڭ ئىگىسى هايۋاننىڭ بېقىنىغا (تىز ماڭدۇرۇش ئۈچۈن) بىر نەرسە تىققان ياكى ئۇنى ئۈركۈتكەن، ئاندىن هايۋان ئالدى پۇتى ياكى كەينى پۇتى بىلەن توپا ئۆرلەتكەن ياكى شېغىل ياكى ئۇكچە، ياكى كىچىك تاش ئۆرلەتكەن ۋە ئۇ بېرىپ بىرەر كىشىنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەن ياكى كىيىم ـ كېچەكىنى بۇزۇۋەتكەن بولسا، بۇ

**هالدا هايۋاننىڭ ئىگىسى بۇ زىياننى تۆلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر هايۋاننىڭ ئۆرلەتكەن تېشى چوڭ تاش بولسا، بۇ هالدىمۇ هايۋاننىڭ ئىگىسى ئۇ چوڭ تاش چاشراشتىن كەلگەن سالغان زىياننى تۆلەپ بېرىدۇ.**

**هايۋانغا مىنىپ كېتىۋاتقان ئادەم (هايۋان سالغان زىياننى) تۆلەپ بېرىدىغان ئەھۋاللاردا هايۋاننىڭ كەينىدىن هەيدىگەن ياكى ئالدىدىن يېتىلىگەن ئادەممۇ (هايۋان سالغان زىياننى) تۆلەپ بېرىدۇ.**

**ئەگەر بىر ئادەم هايۋاننىڭ ئۈستىدە كەينىگە بىر ئادەمنى مىندۈرۈپ كېتىۋاتقان ۋە هايۋان بىر كىشىنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، هايۋاننى هەيدىگەن ئادەم ۋە ئۇنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان ئادەم ئېغىرلىقلىرى بىلەن ھەقىقەتتە ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرگەن هېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىككى ئادەمگە كاففارەت بېرىش لازىم بولىدۇ ۋە ئۇ ئىككىسى (ئەگەر ئۆلگەن كىشى ئۇلارنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى بولسا) ئۇ كىشىدىن مىراس ئالالمايدۇ. بۇلارنىڭ هۆكمى ئۇخلاۋېتىپ ئۆرۈلۈپ كېتىپ بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ هۆكمىگە ئوخشاش.**

**ئۇلاغقا مىنگەن ئادەم، ئۇنى هەيدىگەن ئادەم، ئۇنى يېتىلىگەن ئادەم ۋە ئۇلاغنىڭ ئارقىسىغا مىنىۋالغان ئادەم، ئۇلار مەيلى ئۆزلىرى يالغۇز بولسۇن[1] مەيلى بىرلىكتە بولسۇن[2] ئۇلاغ سالغان زىياننى تۆلەشتە ئوخشاشتۇر. ئەگەر ئۇلار (مەسىلەن: ئۇلاغنىڭ يېنىدا ئۇنى هەيدەپ ماڭغان، ئۇنىڭغا مىنگەن، ئۇنى يېتىلەپ ماڭغان ئادەم بولغانغا ئوخشاش) بىرلىكتە بولغان ۋاقىتتا، ئۇلاغ بىلەن ئادەمنى دەسسىتىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەم گەرچە ئۇلاغقا مىنىۋاتقان ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمگە تۆلەيدىغان نەرسىنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش تۆلەيدۇ. بۇ، بۇ ھەقتە توغرا دەپ قارالغان قاراشتۇر. بۇ يەردە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرگەنلىكىدۇر. شۇڭا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشقا سەۋەبچى بولغان ئىشنىڭ يېنىدا بار ھەر كىشى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن هېسابلىنىدۇ.**

**ئەگەر بىر ئادەم: «بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان كىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە بىۋاستە قول تىققان كىشى بىر يەرگە**

(1) يەنى مەسىلەن: بىر ئۇلاغنىڭ يېنىدا پەقەت ئۇنى يېتىلەپ ماڭغان ياكى هەيدەپ ماڭغان ئادەم بولغانغا ئوخشاش. ت.

(2) يەنى مەسىلەن: ئۇلاغنىڭ يېنىدا ئۇنى هەيدەپ ماڭغان، ئۇنىڭغا مىنگەن، ئۇنى يېتىلەپ ماڭغان ئادەم بولغانغا ئوخشاش. ت.

كەلسە، ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ئۇچۇن تۆلەپ بېرىلىدىغان دىيەتنى ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە بىۋاستە قول تىققان كىشى ئۆز ئۇستىگە ئالاتتى، ئەمما ئۇلاغنىڭ مەسىلىسىدە ئۇلاغنىڭ يېنىدا ئۇنى ھەيدەپ ماڭغان، ئۇنىڭغا مىنگەن، ئۇنى يېتىلەپ ماڭغان ئادەم بولغانىغا ئوخشاش، بىر نەچچە ئادەم بىرلىكتە بولغان ۋاقىتتا، ئۇلاغ بىلەن ئادەمنى دەسسىتىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەم گەرچە ئۇلاغقا مىنىۋاتقان ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمگە تۆلەيدىغان نەرسىنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش تۆلەمدۇ؟ دەپ سوئال سورىسا، ئۇ ئادەمگە بېرىلىدىغان جاۋاب تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر:

بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان بىر دىن كۆپ سەۋەب بولغان، بىر ئادەم ئۇ سەۋەبلەرنىڭ پەقەت بىرىنىلا قىلغان ۋە بۇ سەۋەب ئۆزى يالغۇزلا ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرەلمەيدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئادەمنى ئۆلتۈرەلمەيدىغان سەۋەبنى قىلغان ئادەمنىڭ، ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ئۇچۇن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. مەسىلەن: بىر ئادەم ئورا كولىغان يەنە بىر ئادەم ئۇ ئورىغا بىر كىشىنى تاشلاپ كۆمۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشى ئۇچۇن پەقەت ئۇنى ئورىغا تاشلاپ كۆمۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەملا دىيەت تۆلەيدۇ. چۈنكى، ئورىنى كولاش ئىشى (ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈش ئۇچۇن قوللانغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ)، لېكىن ئۇ ئىش ئۇنىڭغا ئۇ كىشىنى ئېلىپ كېلىپ تاشلاش بولماستىن ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈش ئۇچۇن يېتەرلىك سەۋەب ئەمەس. ئەمما بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ئۇچۇن قوللانغان سەۋەبلەرنىڭ ھەر بىرى ئۆز ئالدىغا ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئۇچۇن يېتەرلىك بولسا، بۇ ھالدا ئۇ سەۋەبلەرنى قىلغان ھەر بىر كىشى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۇچۇن تۆلىنىدىغان دىيەتنى ئوخشاش تۆلەيدۇ. ئۇلاغنىڭ مەسىلىسى بۇ خىلدىكى مەسىلىدىندۇر. مەسىلەن: يولدا كەينىدىن بىر كىشى ھەيدەپ كىتىپ بارغان ئۇلاغنىڭ ئۇستىدە ھېچكىم بولمىسىمۇ، ئەگەر ئۇ ئۇلاغ بىر ئادەمنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويسا، ئۇنىڭ دىيىتىنى ئۇلاغنى ھەيدەپ ماڭغان كىشى بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى (ئۇلاغنى ھەيدەپ ماڭماي) ئۇنى يېتىلەپ ماڭغان بولسىمۇ يەنە نەتىجە ئوخشاشتۇر. (بۇنىڭدىن بىز بىر ئادەمنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويغان ئۇلاغنى ھەيدەپ مېڭىشنىڭ، ئۇنى يېتىلەپ مېڭىشنىڭ، ئۇنىڭغا مىنىپ مېڭىشنىڭ، ھەر بىرىنىڭ ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ئۇچۇن يېتەرلىك بىر سەۋەب بولالايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا بىر كىشىنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بىر ئۇلاغنىڭ يېنىدا، ئۇنى ھەيدەپ

ماڭغان ئادەمگە، ئۇنى يېتىلەپ ماڭغان ئادەمگە ۋە ئۇنىڭغا مىنىپ ماڭغان ئادەمگە ئوخشاش بىر نەچچە ئادەم بولغان بولسا، ئۇ كىشى ئۇچۇن تۆلەپ بېرىلىدىغان دىيەتنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش تۆلەيدۇ). ئەمما ئادەمنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان ماشىنىنىڭ مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ ئادەم ئۇچۇن دىيەتنى ماشىنىدا ئولتۇرغانلار ئەمەس ئۇنى ھەيدەپ ماڭغان كىشى تۆلەيدۇ.

ئۇلاغقا مىنىپ كىلىۋاتقان بىر كىشى، ئالدىدا ئۇلاغقا مىنىپ كېتىۋاتقان بىر كىشىگە ئۇسكەن بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر كەينىدىن كەلگەن ئۇلاغنىڭ ئۇستىدىكى كىشى ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئالدىدىكى ئۇلاغنىڭ ئۇستىدىكى كىشىنىڭ بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۆلگەن كىشى ئالدىدىكى ئۇلاغقا مىنىپ كېتىۋاتقان كىشى بولسا، كەينىدىن كىلىپ ئۇسكەن ئۇلاغنىڭ ئۇستىدىكى كىشىنىڭ ئۆلگەن كىشى ئۇچۇن دىيىتىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم. بىرى كەينى تەرەپتىن كىلىپ ئالدى تەرەپتىكىگە ئۇسكەن ئىككى كېمىنىڭ ياكى ئىككى ماشىنىنىڭ ھۆكمىمۇ ئۇسۇشكەن ئىككى ئۇلاغنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش.

ئەگەر ئۇلاغقا مىنىپ كېتىۋاتقان ئىككى ئادەم بىر - بىرى بىلەن ئالدى تەرەپتىن ئۇسۇشكەن، ھەر ئىككىسى يەرگە ئۇڭدىسىغا يىقىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىسى ئۆلگەن بولسا، ھەر بىرىنىڭ دىيىتىنى يەنە بىرىنىڭ جەمەتىدىكىلىرى تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇلار يەرگە يۈزى بىلەن يىقىلغان ۋە ئۇلار بىر - بىرى بىلەن قەستەن ئۇسۇشكەن بولسا، ھەر بىرىنىڭ جەمەتىنىڭ يەنە بىرى ئۇچۇن ئۇنىڭ دىيىتىنىڭ يېرىمىنى بېرىشى لازىم. چۈنكى، بۇ يەردىكى قەستەنلىك سەۋەنلىكنىڭ ئورنىدىدۇر. چۈنكى، بۇ ئۇسۇشۇش قەستەنگە ئوخشىشىپ كەتكەن ئۇسۇشۇشتۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرىنى ئۆلتۈرۈشنى ئەمەس ئۇنىڭ بىلەن ئۇسۇشۇشنى مەقسەت قىلغان. ئەگەر ئۇلار بىر - بىرى بىلەن قەستەن ئۇسۇشكەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ جەمەتىنىڭ يەنە بىرى ئۇچۇن ئۇنىڭ دىيىتىنىڭ يېرىمىنى بېرىشى لازىم بولىدۇ. ئەمما ئۇلار بىر - بىرى بىلەن سەۋەنلىك بىلەن ئۇسۇشكەن ۋاقىتتا، ھەر بىرىنىڭ دىيىتىنى يەنە بىرىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ تولۇق تۆلەپ بېرىشى لازىم بولىدۇ. چۈنكى، سەۋەنلىك بىلەن ئۇسۇشكەن ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى قىلسا بولىدىغان ئىشنى قىلىۋاتاتتى. ئۇ بولسىمۇ يولدا مېڭىش. يولدا مېڭىش ھەر ئىككىسى ئۇچۇن رۇخسەت قىلىنغان ئىشتۇر. شۇڭا يولدا مېڭىش دىيەت تۆلەشتە ھەر

بىرىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەمما قارشى تەرەپتىكى ئادەم ئۈچۈن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭ يولدا باشقىلارغا ئەزىيەت بەرمەستىن مېڭىشىدۇر. بۇنىڭ مەسىلىسى خۇددى يولدا كېتىپ بېرىپ يولنىڭ ئۈستىدىكى قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ مەسىلىسىگە ئوخشاش. ئەگەر ئۇ ئادەم يولدا ماڭمىغان بولسا، قۇدۇققا چۈشۈپ كەتمەيتتى. ئەمما قەستەنلىك بىلەن ئۈسۈشۈپ قېلىشتا، ئۇلارنىڭ هەر ئىككىسى قىلسا بولىدىغان ئىشنى قىلمايۋاتاتتى. شۇڭا يولدا مېڭىش دىيەت تۆلەشتە هەر بىرىنىڭ ئۆزى ئۈچۈنمۇ ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قەستەنلىك بىلەن ئۈسۈشۈپ ئۆلۈپ قالغان ئادەم ئۆزىنى، هەم ئۆزىنىڭ قىلمىشى ۋە هەم قارشى تەرەپنىڭ قىلمىشى بىلەن ئۆلتۈرگەن هېسابلىنىدۇ. ئۇ ئادەمگە ئۆزىنىڭ قىلمىشى ئۈچۈن ئۆزىگە بىر نەرسە تۆلەش لازىم ئەمەس. ئۇنىڭغا قارشى تەرەپنىڭ قىلمىشى ئۈچۈن قارشى تەرەپنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم. (شۇڭا ئۇنىڭغا دىيەتنىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ).

ئەگەر ئىككى كىشى ئارغامچا تارتىشقان ۋە ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىپ هەر ئىككىسى يەرگە ئۇڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ هەر ئىككىسى ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنىڭ هەر بىرى ئۆزىنىڭ كۈچىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن هېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار يەرگە يۈزى بىلەن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلگەن بولسا، هەر بىرىنىڭ دىيىتىنى يەنە بىرىنىڭ جەمەتىدىكىلىرى تۆلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ هەر بىرى يەنە بىرىنىڭ كۈچىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن هېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى يەرگە يۈزى بىلەن يەنە بىرى ئۇڭدىسىغا يىقىلغان ۋە هەر ئىككىسى ئۆلگەن بولسا، يەرگە ئۇڭدىسىغا يىقىلغان تەرەپنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ يەرگە يۈزىچە يىقىلغان تەرەپنىڭ دىيىتىنى بېرىشى لازىم. چۈنكى، يەرگە يۈزىچە يىقىلغان تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ كۈچىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆلگەن هېسابلىنىدۇ. يەرگە ئۇڭدىسىغا يىقىلغان تەرەپ ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. چۈنكى ئۇ، ئۆزىنىڭ كۈچىنىڭ سەۋەبى بىلەن يىقىلغان هېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئىككى ئادەم ئارغامچا تارتىشىۋاتقان چاغدا، بىر كىشى كېلىپ ئارغامچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىۋەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ هەر ئىككىسى يەرگە ئوڭدىسىغا يىقىلىپ ئۆلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ دىيىتىنى ئارغامچىنى كېسىۋەتكەن كىشىنىڭ جەمەتىدىكىلىرى تۆلەيدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ

كېتىشىگە سەۋەبچى بولغىنى ئارغامچىنى كەسكەن ئۇ كىشىدۇر.

ئۇلاغنىڭ ئۈستىگە ئارتقان نەرسىلەردىن بىرەر نەرسە چۈشۈپ قالسا، ئۇنى ئۇلاغنى ھەيدەپ ماڭغان ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ چۈشۈپ قېلىشقا ئۇ ئادەم سەۋەبچى بولغان ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ نەرسىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ئۇ ئادەمنىڭ ئۇ نەرسىنى ياخشى تاڭماي ۋە ئارغامچىنى ياخشى چىڭىتماي سەل قارىغانلىقى سەۋەبى بىلەن بولغان. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۆز قولى بىلەن تاشلىۋەتكەننىڭ ئورنىدا ھېسابلىنىدۇ. ماشىنىنىڭ ئۈستىدىن بىر نەرسە چۈشۈرۈپ سالغان ئادەمنىڭ مەسىلىسىمۇ ئۇلاغنىڭ ئۈستىدىن بىر نەرسە چۈشۈرۈپ سالغان ئادەمنىڭكىگە ئوخشاشتۇر.

شۇنىڭدەك يەنە بىر توپ تۆگىنى ھەيدىۋاتقان ئادەممۇ تۆگىلەرنىڭ بىرەرسىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ قالغان نەرسىنى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىنى ئۆز قولى بىلەن تاشلىۋەتكەننىڭ ئورنىدا ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، تۆگە ئۇنىڭ ھەيدىشى بىلەن ماڭىدۇ، ئۇنىڭ توختىتىشى بىلەن توختايدۇ. شۇڭا تۆگىلەردە كۆرۈلگەن بىرەر مەسىلىنىڭ جاۋابكارلىقى ئۇلارنى ھەيدەپ ماڭغان ئادەمگە يۈكلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ مەسىلىنىڭ كۆرۈلۈشىگە ئۇ ئادەم سەۋەبچى بولغاندۇر.

بىر ئادەم بىر توپ تۆگىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان، توپنىڭ ئەڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تۆگىگە بىر كىشى مىنىۋالغان، تۆگىگە مىنىۋالغان كىشى ھېچبىر تۆگىنى ھەيدىمەيدىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشىنىڭ مىنىۋالغان تۆگىسىدە ئەگەر بىرەر ۋەقە يۈز بەرسە (مەسىلەن: ئۇنىڭدىن بىر نەرسە چۈشۈپ قالغان ياكى ئۇ بىر نەرسىنى بۇزىۋاتقان بولسا)، بۇنى ئۇ تۆگىگە مىنگەن ئۇ كىشى ۋە تۆگىلەرنى يېتىلەپ ماڭغان ئۇ ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ.

ئەگەر بىر كىشى تۆگىسىنى بىر توپ تۆگىلەرنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ خەۋىرىسىز ئۇ توپ تۆگىلەرنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ قويغان، ئاندىن باغلاپ قويۇلغان ئۇ تۆگە بىر ئادەمنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتىنى ئۇ توپ تۆگىلەرنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرى تۆلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم تۆگىلىرىنىڭ ئارقىسىغا تۆگە باغلاندىمۇ ياكى باغلانمىدىمۇ بۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىشقا دىققەت قىلماي ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ئەمما

تۆگىلەرنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرى (دىيەت ئۆچۈن ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا تۆلەپ بەرگەن نەرسىلەرنى) تۆگىسىنى ئۇ تۆپ تۆگىلەرنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ قويغان كىشىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىدىن ئالىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئۇلارنىڭ دىيەت تۆلىشىگە سەۋەبچى بولغان كىشىدۇر. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ تۆگىسىنى باغلاپ قويۇشتىن ئۇ تۆپ تۆگىلەرنى يېتىلەپ كىتىپ بارغان ئادەمنىڭ خەۋىرى بولسا، بۇ هالدا تۆگىلەرنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرى (دىيەت ئۆچۈن ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا تۆلەپ بەرگەن نەرسىلەرنى) تۆگىسىنى ئۇ تۆپ تۆگىلەرنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ قويغان كىشىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىدىن ئالالمايدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى تۆگىسىنى ئۇ تۆپ تۆگىلەرگە باغلاپ قويغان ۋاقىتتا، ئۇ تۆگىلەر توختاپ تۇرىۋاتقان (ئاندىن ئۇ ئادەم تۆگىلەرنى يېتىلەپ كەتكەن) بولسا، (ئۇ تۆگە ئۆلتۈرۈپ قويغان) ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتىنى ئۇ تۆگىلەرنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرى تۆلەيدۇ ۋە بۇلار (دىيەت ئۆچۈن ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا تۆلەپ بەرگەن نەرسىلەرنى) تۆگىسىنى ئۇ تۆپ تۆگىلەرنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ قويغان كىشىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىدىن ئالالمايدۇ. چۈنكى، تۆگىلەرنى يېتىلىگەن ئادەم ئۇ كىشىنىڭ تۆگىسىنى ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز يېتىلەپ كەتكەندۇر. ئەمما ئۇ كىشى تۆگىسىنى ئۇ ئادەم تۆگىلەرنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ خەۋىرىسىز ئۇ تۆگىلەرنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ قويغان هالەتتە، ئۇ كىشى تۆگىسىنى مىڭىپ كېتىۋاتقان تۆگىلەرنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ قويغان بولغاچقا، ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەمگە تۆگىسىنى بىللە يېتىلەپ كېتىشكە رۇخسەت بەرگەنلىك هېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تۆگىلەرنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرى (دىيەت ئۈچۈن ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا تۆلەپ بەرگەن نەرسىلەرنى) تۆگىسىنى ئۇ تۆپ تۆگىلەرنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ قويغان كىشىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىدىن ئالىدۇ. چۈنكى ئۇ، ئۇلارنىڭ دىيەت تۆلىشىگە سەۋەبچى بولغان كىشىدۇر.

ئەگەر بىر كىشى بىر هايۋاننى قويۇپ بەرگەن ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن هەيدەپ ماڭغان ۋە (ئۇ هايۋان بىرەر زىيان سالغان) بولسا، ئۇ كىشى ئۇ هايۋان سالغان زىياننى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ هايۋاننىڭ زىيان سېلىشىغا ئۇ كىشى سەۋەبچى بولدى. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇ هايۋاننى قويۇپ بەرگەن،

ئەمما كەينىدىن هەيدەپ ماڭمىغان بولسا، بۇ هالدا ئەگەر ئۇ هايۋان (شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىرەر زىيان سالغان بولسا)، بۇ زىياننى ئۇ كىشى تۆلەپ بېرىدۇ. ئۇ هايۋان ئۇ زىياننى ئۇ كىشىنىڭ ئۇنى قويۇپ بەرگەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا سالغان بولغاچقا، ئۇ كىشى ئۇنى هۆكمەن هەيدىگەن هېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ هايۋان ئۆزىنىڭ يولىدا تۈز كېتىۋاتقانلا بولسا، ئۇ ئادەم ئۇنىڭ بۇ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان هېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ هايۋان ئوڭ ياكى سول تەرەپكە كىرىپ كەتكەن بولسا، ئۇ هايۋان بىلەن ئۇنى قويۇپ بەرگەن كىشىنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلگەن بولىدۇ. (يەنى ئۇ هايۋان بۇنىڭدىن بىرەر زىيان سالسا، ئۇ زىياننىڭ مەسئۇلىيىتى ئۇنى قويۇپ بەرگەن كىشىنىڭ ئۈستىگە كەلمەيدۇ)، ئەگەر ئۇ هايۋان ئوڭ ياكى سول تەرەپكە كىرىپ كېتىش ئۈچۈن يول تاپالمىغان بولسا، ئۇ هايۋان ئوڭ ياكى سول تەرەپكە كىرىپ كەتمىسىمۇ، ئۇ هايۋان بىلەن ئۇنى قويۇپ بەرگەن كىشىنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ هايۋان ئارىلىقتا بىر توختاپ، ئاندىن قايتىدىن يەنە ماڭغان بولسىمۇ، ئۇ هايۋان بىلەن ئۇنى قويۇپ بەرگەن كىشىنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇ هايۋاننىڭ ئالدىنى بىر ئادەم توسۇپ ئۇنى ئارقىسىغا قايتۇرغان، ئاندىن ئۇ هايۋان بىرەر زىيان سالغان بولسا، بۇ زىياننى ئۇنى ئارقىسىغا قايتۇرغان ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇنى هەيدىگەن كىشى ئۇ ئادەمدۇر. هايۋاننى ئارقىسىغا قايتۇرغان ئادەم زىيان ئۈچۈن تۆلەپ بەرگەن نەرسىلەرنى ئۇ هايۋاننى بۇرۇن قويۇپ بەرگەن كىشىدىن ئالمايدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئەگەر هايۋاننى ئۇ كىشىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئارقىغا قايتۇرغان، ئاندىن ئۇ هايۋان هېلىقى زىياننى سالغان بولسا، بۇ هالدا ئۇ ئادەم زىيان ئۈچۈن تۆلەپ بەرگەن نەرسىلەرنى ئۇ هايۋاننى بۇرۇن قويۇپ بەرگەن كىشىدىن ئالىدۇ. ئىتنى قويۇپ بېرىشنىڭ هۆكمىمۇ ئۇ هايۋاننى قويۇپ بەرگەننىڭ هۆكمىگە ئوخشاش. ئەمما ئۇچار قۇشلارنى قويۇپ بەرگەن ئادەمگە كەلسەك، قۇشلارنى قويۇپ بەرگەن ئادەم مەيلى ئۇلارنى ئارقىسىدىن ئۈركۈتسۇن، مەيلى ئۈركۈتمىسۇن، ئۇ ئادەم قۇشلار سالغان زىياننى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، قۇشلارنىڭ تەبىئىتى ئۇلارنىڭ كەينىدىن داۋاملىق بىر ئادەمنىڭ ئۈركۈتۈپ تۇرۇشىنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا قۇشلارنىڭ مەسىلىسىدە ئۇلارنى ئۈركۈتۈش ياكى ئۈركۈتمەسلىك ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەمما هايۋاننىڭ ئەهۋالى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.

# بوشۇنۇپ قېچىپ كەتكەن هايۋاننىڭ هۆكمى

ئەگەر بىر هايۋان باغلاپ قويۇلغان يەردىن بوشۇنۇپ چىقىپ كېتىپ كىشىلەرنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىگە، ياكى بىرەر ئادەمگە زىيان سالغان بولسا، ئۇ هايۋاننىڭ سالغان زىيىنىنى هايۋاننىڭ ئىگىسى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، بىز بۇ هەقتە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ: «تۆت پۇتلۇق هايۋانلار جاراهەتلەندۈرسە، ئىگىسىگە تۆلەم كەلمەيدۇ. . .» دېگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئەگەر بىر هايۋان ئىگىسىنىڭ قولىدىن بوشۇنۇپ چىقىپ كەتكەن ۋە ئىگىسىنىڭ ئۇنى توختۇتۇشقا كۈچى يەتمىگەن، ئاندىن (ئۇ كىشىلەرنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىگە زىيان سالغان) بولسا، بۇ هالدىمۇ ئۇ هايۋاننىڭ هۆكمى خۇددى باغلاپ قويۇلغان يەردىن ئۆزى چىقىپ كەتكەن هايۋاننىڭ هۆكمىگە ئوخشاش. شۇڭا ئۇ هايۋاننىڭ سالغان زىيانلىرىنى ئۇنىڭ ئىگىسى تۆلەپ بەرمەيدۇ. شۇڭا ئۇ هايۋاننىڭ قېچىپ كېتىشى ئۇنىڭغا يۈكلەنمەيدۇ. هەتتا ئۇ هايۋان بۇ هالدا بىرەر ئىنسانىنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويغان هالدىمۇ، هايۋاننىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەهمەت قىلسۇن!): «ئەگەر هايۋان كېچىدە بوشۇنۇپ چىقىپ كەتكەن، ئاندىن بىرەر زىيان سالغان بولسا، هايۋاننىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇ زىياننى تۆلەپ بېرىشى لازىم. چۈنكى، ئادەتتە كېچە ۋاقتى هايۋانلار ياخشى ساقلىنىدىغان ۋاقىتتۇر. (ئۇنىڭ كېچىدە قېچىپ چىقىپ كەتكەنلىكى) ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۇنى ساقلاشتا سەل قارىغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر» دەيدۇ.

بىر كىشى ئۇستىدە ئادەم بار بىر ئۇلاغنى، ئۇستىدىكى ئادەمنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇرغان ياكى ئۇنىڭ بىر يېرىگە زىخ تىققان شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلاغ بىر كىشىنى تېپىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان، ياكى بىر كىشىنىڭ ئۈستىگە يۇگۇرۇپ بېرىپ دەسسەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۆلۈپ قالغان كىشىنىڭ دىيىتىنى ئۇلاغقا مىنگەن ئادەم ئەمەس ئۇلاغنى ئۇرغان ياكى ئۇنىڭ بىر يېرىگە زىخ تىققان كىشى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلاغنىڭ ئۇستىدىكى ئادەم ئۆلگەن ئادەم ئۈچۈن زىيانكەشلىك قىلغان هېسابلانمايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ دىيىتىنى ئۇلاغنى ئۇرغان ياكى ئۇنىڭغا زىخ تىققان كىشى يالغۇز تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇلاغنىڭ ئۇستىدىكى ئادەم ئۇ كىشىنى شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغان

بولسا، بۇ ھالدا ئۆلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى ھەر ئىككىسى تۆلەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇلاغ ئۇرغان ياكى زىخ تىققان كىشىنى تېپىپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىلمەيدۇ.

ئەگەر ئۇ كىشى ئۇلاغنىڭ ئۈستىدىكى ئادەمنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇنى ئۇرغان ياكى ئۇنىڭ بىر يېرىگە زىخ تىققان ۋاقىتتا، ئۇلاغ ئۈستىدىكى ئادەمنى ئېتىۋاتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ دىيىتىنى ئۇلاغقا زىخ تىققان كىشىنىڭ جەمەتىدىكىلىرى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى ئۇلاغقا زىخنى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئادەمنىڭ بۇيرۇقى ياكى ئۇنىڭ رۇخسىتى بىلەن تىققان، ئاندىن ئۇلاغ ئۈستىدىكى ئادەمنى ئېتىۋاتقان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس. بۇ، ئەگەر ئۇ ئۇلاغنىڭ بىر ئادەمنى تېپىشى ياكى بىر ئادەمنىڭ ئۈستىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى دەسسىۋېتىشى ئۇ كىشىنىڭ ئۇنىڭغا زىخ تىققانىنىڭ ئارقىسىدىنلا بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇلاغ بۇ ئىشلارنى ئۆزىگە زىخ تىقىلىپ بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن قىلغان بولسا، ئۇلاغ ئۆلتۈرۈپ قويغان ئادەمنىڭ دىيىتىنى ئۇلاغنىڭ ئۈستىدىكى ئادەم بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا ئۇلاغدا ئۇنىڭغا تىقىلغان زىخنىڭ تەسىرى قالمىغاندۇر. ئەگەر ئۇلاغقا (قوزۇققا ئوخشاش) يولغا سانجىپ قويۇلغان بىر نەرسە تىقىلىپ كەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلاغ بىر ئادەمنى تېپىپ ياكى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئۆلۈپ قالغان ئادەمنىڭ دىيىتىنى ئۇ نەرسىنى يولغا سانجىپ قويغان ئادەم بېرىدۇ. ئۇ ئادەم مەيلى تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا بولسۇن، مەيلى بالاغەتكە يەتكەن ئادەم بولسۇن، ئۇنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق.

## هايۋاننىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىشنىڭ ھۆكمى

توخۇنىڭ، كەپتەرنىڭ ۋە قوينىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەن ئادەم ئۇلارنىڭ ئەسلى باھاسىدىن كېمىيىپ كەتكەن پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن: كۆزى قويۇۋېتىلگەن بىر توخۇ بىلەن كۆزى ساق بىر توخۇ باھالىنىدۇ. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق پۇلنى توخۇنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەن ئادەم توخۇنىڭ ئىگىسىگە تۆلەپ بېرىدۇ. ئىتنىڭ ۋە مۈشۈكنىڭ كۆزىنى قويۇۋېتىشنىڭ ھۆكمىمۇ توخۇنىڭ

ھۆكمىگە ئوخشاش.

ئەمما ئاتنىڭ ياكى تۆگىنىڭ ياكى كالىنىڭ، ياكى ئېشەكنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەن ئادەم، ئۇ ھايۋاننىڭ پۈتۈن باھاسىنىڭ تۆتتىن بىرىنى تۆلەيدۇ. (بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر). ئىبنى ئەبۇشەيبە بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ: «تۆت پۇتلۇق ھايۋاننىڭ كۆزىنى (قويۇۋەتكەنلىك ئۈچۈن) ئۇنىڭ پۇلىنىڭ تۆتتىن بىرى تۆلەپ بېرىلىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ ھەقتە يەنە ئابدۇررازاق ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تۆت پۇتلۇق ھايۋاننىڭ كۆزىنى (قويۇۋەتكەنلىك ئۈچۈن) ئۇنىڭ پۇلىنىڭ تۆتتىن بىرى تۆلەپ بېرىلىدۇ.»

ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە بىر رىۋايەتتە ئىمام زۇپەر (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «تۆت پۇتلۇق ھايۋاننىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەن ئادەممۇ ئۇلارنىڭ كېمىيىپ كەتكەن پۇلىنى تۆلەپ بېرىدۇ» دېدى. بۇ ئىماملارنىڭ دېگەن بۇ سۆزىنىڭ ئاساسى قىياستۇر. لېكىن، ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر مەزكۇر ئەسەرلەر بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ قىياسقا ئەمەل قىلمىدى. مەزكۇر ئەسەرلەر تۆت پۇتلۇق ھايۋانلار ھەققىدە كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئەسەرلەرنىڭ ھۆكمىنىڭ ئىچىگە (توخۇ ۋە كەپتەرگە ئوخشاش ھايۋانلارنى) كىرگۈزمىدى.

بۇ، ئەگەر ئۇ ھايۋانلارنىڭ پەقەت بىرلا كۆزى قويۇۋېتىلگەن بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىككى كۆزى قويۇۋېتىلگەن بولسا، بۇ ھالدا ھايۋاننىڭ ئىگىسى خالىسا ھايۋاننى ئۇنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەن ئادەمگە تاشلاپ بېرىپ ئۇ ئادەمدىن ھايۋاننىڭ پۇلىنى ئالىدۇ، خالىسا ھايۋاننى قولدا ساقلاپ قېلىپ ئۇنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەن ئادەمدىن ھايۋاننىڭ كېمىيىپ كەتكەن پۇلىنى ئالىدۇ.

شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم تۆت پۇتلۇق ھايۋاننىڭ بىر قولىقىنى ياكى ئىككى قولىقىنى ياكى تىلىنى ياكى پاچاقلىرىدىن بىرەرسىنى كېسىۋەتكەن، ياكى ئۇنى ئۇرۇپ توكۇر قىلىپ قويغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ھايۋاننىڭ ئىگىسى ئۇ ئادەمدىن ھايۋاننىڭ كېمىيىپ كەتكەن پۇلىنى ئالىدۇ. بۇ، ئەگەر ئۇ ھايۋان گۆشى يېيىلىدىغان ھايۋان بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۇ ھايۋان گۆشى يېيىلمەيدىغان ھايۋان بولغان بولسا، ئۇ ئادەم ھايۋاننىڭ

ئىگىسىگە ھايۋاننىڭ پۇلىنى بېرىدۇ. چۈنكى، ھايۋاننى ئۇنداق قىلىۋېتىش ھەممە تەرەپتىن ئۇنى كېرەكسىز قىلىۋېتىش ھېسابلىنىدۇ.

ئىتنىڭ ئادەم تالىۋالىدىغان ئىت ئىكەنلىكىنى، ئۆكۈزنىڭ ئادەم ئۈسىدىغان ئۆكۈز ئىكەنلىكىنى ۋە ئاتنىڭ ئادەم چىشلەشكە ئادەتلىنىپ قالغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئىگىللىرىگە خەۋەر بېرىش، يىقىلىپ كېتەي دەپ قالغان تامنىڭ يىقىلىپ كېتەي دەپ قالغانلىقىنى ئۇنىڭ ئىگىسىگە خەۋەر بەرگەنگە ئوخشاش. يەنى ئىتنىڭ ئىگىسىگە ئىتنىڭ ئادەم تالىۋالىدىغان ئىت ئىكەنلىكىنى خەۋەر بەرگەندىن كېيىن ئىت ئادەم تالىۋالغان ياكى ئۆكۈزنىڭ ئىگىسىگە ئۆكۈزنىڭ ئادەم ئۈسىدىغان ئۆكۈز ئىكەنلىكىنى خەۋەر بەرگەندىن كېيىن ئۆكۈز ئادەم ئۈسكەن، ياكى ئاتنىڭ ئىگىسىگە ئاتنىڭ ئادەم چىشلەشكە ئادەتلىنىپ قالغانلىقىنى خەۋەر بەرگەندىن كېيىن ئات ئادەم چىشلىۋالغان بولسا، ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئىگىللىرى ئۇلار سالغان زىياننى تۆلەپ بېرىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ بىر توپ ھەسەل ھەرىسى بولۇپ ئۇنى ئۆزىنىڭ بوستانلىقىغا ئورۇنلاشتۇرغان، لېكىن ئۇ ھەرىلەر ئۇ بوستانلىقتىن باشقا ئادەملەرنىڭ بوستانلىقىغا ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ ئۆزۈملىرىنى ۋە مېۋە - چېۋىلىرىنى يەيدىغان بولسا، ھەرىنىڭ ئىگىسى ھەرىلەر يەپ كەتكەن ئۆزۈملەرنى ۋە مېۋىلەرنى تۆلەپ بېرەمدۇ ياكى تۆلەپ بەرمەمدۇ؟ ھەرىنىڭ ئىگىسىنى ھەرىلىرىنى باشقا يەرگە يۆتكەشكە بۇيرۇلامدۇ ياكى بۇيرۇلمامدۇ؟ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابى تۆۋەندىكىن ئىبارەتتۇر:

ئالىملار ھەرىنىڭ ئىگىسى ھەرىلەر يەپ كەتكەن ئۆزۈملەرنى ۋە مېۋىلەرنى تۆلەپ بېرىدۇ ۋە ھەرىلەرنىڭ سالغان زىيىنى ئېنىق بولسا، ھەرىلەرنىڭ ئىگىسىنى ھەرىلىرىنى باشقا يەرگە يۆتكەشكە بۇيرۇلىدۇ، دەپ پەتىۋا بەردى. بىز يۇقىرىدا كىشىلەرگە زەرەر بېرىدىغان نەرسىنىڭ يوقۇتۇۋېتىلىشى ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

بىر ئادەم ئىشكىنىڭ باشقا بىر كىشىنىڭ زىرائەتىنى يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى توسمىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئېشەك ئۇ كىشىگە سالغان زىياننى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم باشقا بىر ئادەمنىڭ ئېشىكىنىڭ بىر كىشىنىڭ زىرائەتىنى يەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋە ئۇنى توسمىغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ئېشەك ئۇ كىشىگە سالغان زىياننى تۆلەپ بېرىش لازىم ئەمەس.

ئىشەكنىڭ ئۆزىنىڭ بولۇشى بىلەن باشقىلارنىڭ بولۇشىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق بولسا، ئەگەر ئىشەك ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بولغان ۋاقىتتا، ئىشەكنىڭ پۈتۈن قىلمىشلىرىدىن ئۇ ئادەم جاۋابكار بولىدۇ. يەنە ئىشەكنىڭ پايدىسى ئۇ ئادەمگە يېتىدۇ ۋە ئۇ ئادەمنىڭ ئىشەكنى توسۇش ئىمكانىيىتى بار. ئەمما ئىشەك باشقىلارنىڭ بولغان ۋاقىتتا، ئىش بۇ شەكىلدە بولمايدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم قوينى ياكى كالىنى ياكى ئاتنى، ياكى ئىشەكنى بىر كىشىنىڭ زىرائەتلىكىگە ياكى ئۆزۈملۈك بېغىغا ھەيدەپ كىرگەن بولسا، ئۇ ئادەم ھەيدەپ ئېلىپ كىرگەن ھايۋاننىڭ سالغان زىيانلىرىنى ئۇ كىشى ئۈچۈن تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ ھايۋاننى باشقىسىغا تەۋە يەرگە ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ھەيدەپ ئېلىپ كىرگەندۇر. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان ھېسابلىنىدۇ.

ئۇستىدە ئۈتۈن بار ئىشەكنى ھەيدەپ مېڭىۋاتقان ئادەمنىڭ يولدا ماڭغان كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ مېڭىشى لازىم. ئەگەر ئۇستىدە ئۈتۈن بار ئىشەك بىر كىشىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا ماڭغان ۋە ئىشەكنىڭ ئىگىسى ئۇ كىشىنى ئاگاھلاندۇرمىغان، ئاندىن ئىشەك (ئۇستىدىكى ئۈتۈنغا ئىلدۇرۇۋېلىپ) ئۇ كىشىنىڭ كىيىمىنى يىرتىۋاتقان بولسا، ئىشەكنىڭ ئىگىسى ئۇ كىشىنىڭ كىيىمىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەمما بىر كىشى ئۇستىدە ئۈتۈن بار ئىشەكنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ماڭغان، ئۇ كىشى ئىشەكنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭدىن يىراق مېڭىشقا ئىمكان بولسىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق ماڭمىغان، ئاندىن ئىشەك ئۇ كىشىنىڭ كىيىمىنى يىرتىۋاتقان بولسا، ئىشەكنىڭ ئىگىسى ئۇ كىشىنىڭ كىيىمىنى تۆلەپ بەرمەيدۇ.

بىر ئادەم زىرائەتلىكىگە ياكى قورۇسىغا كىرىۋالغان ھايۋاننى قوغلاپ چىقىرىۋاتقان، ئاندىن ئۇ ھايۋان (ئۇ يەردىن چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن) ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ھايۋان (ئۇنى قوغلاپ چىقىرىلمىسا) ئۇ ئادەمگە زىيان يەتكۈزەتتى. بۇ، ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇنى زىرائەتلىكىدىن ياكى قورۇسىدىن چىقىرىۋېتىپ بولۇپ ئۇنى تەكرار يەنە بىر قېتىم قوغلىمىغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم ئۇنى زىرائەتلىكىدىن ياكى قورۇسىدىن چىقىرىۋېتىپ بولۇپ ئۇنى تەكرار يەنە بىر قېتىم قوغلىغان، ئاندىن ئۇ ھايۋان ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇنى تۆلەپ بېرىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ئىشكىنى بىر ياغاچقا باغلاپ قويغان، ئاندىن بىر كىشى ئىشكىنى ئېلىپ كىلىپ ئۇ ياغاچقا باغلىغان، ئاندىن ئۇ كىشىنىڭ ئىشكى بۆرۈن ئېلىپ كىلىپ باغلاپ قويغان ئادەمنىڭ ئىشكىنى چىشلىۋالغان بولسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئىشەكلەر باغلانغان ياغاچ، ھەر ئىككى ئادەمنىڭ ئىشەكلىرى باغلانسا ھەق ـ ھوقۇق جەھەتتىن توغرا بولىدىغان ياغاچ بولسا، ئۇ كىشى ئىشكىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئىشكىنى چىشلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە بىر نەرسە تۆلەپ بەرمەيدۇ. ئەگەر ئىشەكلەر باغلانغان ياغاچ، ھەر ئىككى ئادەمنىڭ ئىشەكلىرى باغلانسا ھەق ـ ھوقۇق جەھەتتىن توغرا بولمايدىغان ياغاچ بولسا، بۇ ھالدا ئۇ كىشى ئىشكىنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ ئىشكىنى چىشلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئادەمگە بىر نەرسە تۆلەپ بېرىدۇ.[1]

## كىچىك باللارنى ئېلىپ قېچىشقا ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنىڭ بايانى

بىر ئادەم كىچىك بالىدىن بىرىنى ئېلىپ قاچقان، ئاندىن ئۇ بالا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدە ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇ بالىنىڭ دىيىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىغا بىر نەرسە تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئۆلۈش بىلەن باشقا يەردە ئۆلۈشنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق. ئەگەر ئۇ كىچىك بالا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدە مەسىلەن: يىلان ياكى چاقماق چېقىۋالغانلىق سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئىستىھسانغا ئاساسەن ئۇ بالىنىڭ دىيىتىنى ئۇ ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرى بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ كىچىك بالىنى چاقماق چاقىدىغان يەرگە ياكى يىلانلار بار يەرگە ئېلىپ كېلىش ۋە ئائىلىسىنىڭ يېنىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى. شۇڭا ئۇ بالىنىڭ ئۆلۈپ كېتىش سەۋەبى ئۇ ئادەمگە باغلىنىدۇ. ھەتتا ئۇ ئادەم ئۇ بالىنى يۇقۇملۇق كېسەللەر بار يەرگە ئېلىپ كەلگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەم ئۇ بالىنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر بىر ئادەم چوڭ بىر ئادەمنى پۇت ـ قوللىرىنى باغلاپ يۇقۇملۇق

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 392 ـ بەت.

كېسەللەر بار يەرگە ئېلىپ كەلگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۆلۈپ قالغان ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم كىچىك بىر بالىنى ئۇلاغقا مىندۈرگەن، ئۇنىڭغا: «بۇنى مەن ئۈچۈن تۇتۇپ تۇرغىن» دېگەن، ئۇ بالا ئۇلاغنى ماڭدۇرمىغان، ئاندىن ئۇ بالا ئۇلاغدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ بالا مەيلى ئادەتتە تەڭتۇشلىرى ئۇلاغقا مىندۈرۈلىغان بالا بولسۇن، مەيلى ئۇنداق بالا بولمىسۇن، ئۇ بالىنىڭ دىيىتىنى ئۇنى ئۇلاغقا مىندۈرگەن ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرى تۆلەپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە ئۇ ئادەم سەۋەبچى بولدى. ئەمما ئۇ بالا ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇنى ماڭدۇرغان ۋە ئۇ بالا ئۇلاغنى ماڭدۇرالايدىغان ھالەتتە بولغان، ئاندىن ئۇلاغدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇنىڭ ئۇنىڭ سەۋەبچىسى ئۇ ئادەم ئەمەس ئۇ بالىنىڭ ئۆزىدۇر.

ئەگەر بىر ئادەم بالاغەتكە يەتمىگەن بىر بالىنىڭ ئالدىغا ئۇ بالىنىڭ ئىگە ـ چاقىسىنىڭ رۇخسىتىسىز تاماق قويۇپ قويغان ۋە ئۇ ئادەم تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلمىگەن ئادەم بولغان، ئاندىن ئۇ كىچىك بالا ئۇ تاماقنى يىگەن بولسا، ئۇ بالا ئۇ تاماقنى تۆلەپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئالدىغا تاماقنى، تاماقنىڭ ئىگىسى قويۇپ قويغان. تاماقنىڭ ئىگىسىنىڭ تاماقنى خالىغان كىشىنىڭ يېيىشىگە بېرىش ھوقۇقى بار. ئىمام ئەبۇيۇسۇف ۋە ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ كىچىك بالا ئۇ تاماقنى تۆلەپ بېرىدۇ» دېدى. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۇ كىچىك بالا، يېنىدا ئامانەت قويۇپ قويۇلغان نەرسىنى ياكى قەرز بېرىلگەن پۇلنى ياكى سېتىپ بېرىلگەن نەرسىنى ئىشلىتىپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئىمام ئەبۇيۇسۇف بىلەن ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ بالا ئۇنى (بالاغەتكە يېتىشتىن) بۇرۇن تۆلەپ بېرىدۇ» دېدى. (ئەمما باشقا ئىماملار ئۇ بالا ئۇنى بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن تۆلەپ بېرىدۇ، دەيدۇ).

ئەگەر بىر ئادەم بالاغەتكە يەتمىگەن بىر بالىنىڭ ئالدىغا ئۇ بالىنىڭ ئىگە ـ چاقىسىنىڭ رۇخستى بىلەن تاماق قويۇپ قويغان ۋە ئۇ ئادەم تىجارەت قىلىشقا رۇخسەت بېرىلگەن ئادەم بولغان، ئاندىن ئۇ كىچىك بالا ئۇ تاماقنى يىگەن بولسا، ئۇ بالا ئۇ تاماقنىڭ پۇلىنى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنى بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن تۆلەپ بېرىدۇ.

بىر كىچىك بالا ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدىن چۈشۈپ كېتىپ ياكى سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا، ئۇ بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا تەۋبە قىلىشتىن ۋە ئىستىغپار ئېيتىشتىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىش قىلىش لازىم ئەمەس. لېكىن، ئۇ بالا ئۆگزىدىن چۈشۈپ كەتكەن ياكى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ۋاقىتتا، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بىرىنىڭ قولىدا بولۇپ ئۇنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ كاففارەت بېرىشى لازىم.

بىر بالىنىڭ ئىگە ـ چاقىسى خەتنىچىنى ئۇ بالىنى خەتنە قىلىشقا بۇيرۇغان، ئۇ خەتنىچى ئۇ بالىنى خەتنە قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ بېشىنى كېسىۋەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، خەتنىچىنىڭ جەمەتىنىڭ ئۇ بالا ئۈچۈن ئۇنىڭ دىيىتىنىڭ يېرىمىنى بېرىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ بالا مۇنداق ئىككى ئىش سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن:

1 ـ رۇخسەت بېرىلگەن ئىش. ئۇ بولسىمۇ ئۇ بالىنى خەتنە قىلىپ ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىكى ئارتۇق تېرىنى كېسىۋېتىش.

2 ـ رۇخسەت بېرىلمىگەن ئىش. ئۇ بولسىمۇ ئۇ بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ بېشىنى كېسىۋېتىش.

ئۇ بالا، بىرى رۇخسەت بېرىلگەن ئىش ۋە يەنە بىرى رۇخسەت بېرىلمىگەن ئىش بولۇپ ئىككى ئىشنىڭ سەۋەبى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن خەتنىچىنىڭ جەمەتى ئۇ بالا ئۈچۈن ئۇنىڭ دىيىتىنىڭ يېرىمىنى تۆلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ بالا ئۆلۈپ كەتمىسە، خەتنىچىنىڭ جەمەتىنىڭ ئۇ بالا ئۈچۈن پۈتۈن بىر دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم. چۈنكى، خەتنىچى ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ بېشىنى كېسىۋەتتى. چۈنكى، ئۇ بالىنىڭ خەتنە قىلىنغان يېرى ساقايسا، ئۇ يەر تېرىسى كېسىلگەن ھالەتتە بولىدۇ. بۇ، خەتنىچى ئۈچۈن قىلىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئىش. شۇڭا بۇنىڭ ھېچقانداق تەسىرى يوق. ئۇ بالا، جىنسىي ئەزاسىنىڭ بېشى كېسىلگەن ھالەتتە بولىدۇ. بۇ خەتنىچى ئۈچۈن قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمىغان ئىش. شۇڭا بۇنىڭ ئۈچۈن خەتنىچىنىڭ جەمەتىنىڭ ئۇ بالا ئۈچۈن پۈتۈن بىر دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم.[1]

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 400 ـ بەت.

# ساراڭ ئادەمنىڭ ياكى كىچىك بالىنىڭ ياكى دادىنىڭ، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋەقەسىگە قاتنىششىنىڭ ھۆكمى

بىر كىشى بىر ئادەمنى، ساراڭغا، كىچىك بالىغا ۋە ئۆلتۈرۈلمەكچى بولغان ئادەمنىڭ دادىسىغا ئوخشاش ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن قىساس ئېلىنمايدىغان بىر ئادەم بىلەن بىرلىشىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. ئۇلارغا پەقەت ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن بىر دىيەت بېرىش لازىم. بۇ ھەقتە <ئەلفەتاۋا ئەلھىندىيەتى> دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېدى: «مەسىلەن: بىر دادا يات بىر ئادەم بىلەن بىرلىشىپ بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە ياكى سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر كىشى قەستەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر كىشى بىلەن بىرلىشىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە، ياكى تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا بىر كىشى بىلەن بىرلىشىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە ئوخشاش بىرىدىن قىساس ئېلىنىدىغان يەنە بىرىدىن قىساس ئېلىنمايدىغان ئىككى ئادەم شېرىكلىشىپ بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇ ئىككىسىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. (ئۇ ئىككىسىگە پەقەت ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىش لازىم بولىدۇ).

ئىمام شافىئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئۆزىنىڭ <ئەلئۇم> دېگەن ئەسىرىدە: «بىر ئادەمنى، بىرى ساراڭ يەنە بىرى ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ياكى بىرى تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا يەنە بىرى بالاغەتكە يەتكەن چوڭ ئادەمگە ئوخشاش بىرىدىن قىساس ئېلىنىدىغان يەنە بىرىدىن قىساس ئېلىنمايدىغان ئىككى ئادەم بىرلىشىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ئادەمدىن ۋە بالاغەتكە يەتكەن چوڭ ئادەمدىن قىساس ئېلىنىدۇ. ئەمما ساراڭنىڭ ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن ئۇلارغا تېگىشلىك بولغان دىيەتنى بېرىشى لازىم» دەيدۇ. ئىمام شافىئىينىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا بۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر: ساراڭ ئادەم ۋە كىچىك بالا ئۇ ئادەمنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئەمما ئۇ ئىككىسىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىككىسى ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان ئادەملەردىن ئەمەس. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان ئادەملەردىن بولمىغانلىقى سەۋەبى بىلەن قىساسنىڭ ئۇ ئىككىسىدىن چۈشۈپ كېتىشى ئۇلار بىلەن شېرىكلىشىپ

ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەردىن قىساسنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنى لازىم قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەر بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئادا قىلىشقا بۇيرۇلغان ئادەملەردۇر. بۇلارنىڭ مىسالى خۇددى ئىككى كىشى بىرلىشىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئاندىن ئۇ ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسى ئۇ ئىككى كىشىدىن بىرىنى كەچۈرۈۋەتكەنگە ئوخشاش. بۇ ھالدىمۇ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسى كەچۈرۈۋەتكەن كىشىدىن قىساس ئالالمايدۇ. بۇ كىشىدىن قىساسنىڭ ئېلىنماسلىقى يەنە بىر كىشىدىنمۇ قىساسنىڭ ئېلىنماسلىقىغا سەۋەبچى بولالمايدۇ. مانا بۇ ئىمام شافىئىينىڭ بۇ ھەقتىكى كۆز قارىشىدۇر.

ئىمام شافىئىيغا بېرىلىدىغان جاۋاب تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر:

ساراڭ ئادەمنى ۋە كىچىك بالىنى ئۇ ئادەمنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتتى، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىككىسى ئۈستىدىن ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن كىشىلەردىندۇر. بىر تەرەپتىن ئۇ ئىككىسى ئۇلاردىن ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىمىلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن كىشىلەردىندۇر، دەپ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ، دەپ قاراش مەنتىقىسىزدۇر. ئىمام شافىئىينىڭ دېمەكچى بولغىنى: ئادەم ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقان كىچىك بالا بىلەن ساراڭ كىشى ئادەمنى، بىلىپ ۋە نىيەت قىلىپ تۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ، بىر ئىشنى بىلىپ ۋە نىيەت قىلىپ تۇرۇپ قىلىش ئۇنى قەستەن قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا ئادەم ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقان كىچىك بالا بىلەن ساراڭ كىشىنىڭ قىلغان قاتىللىقىمۇ قەستەنلىك بىلەن قىلىنغان قاتىللىق بولۇشى لازىم، دېگەنلەردىن ئىبارەتتۇر. ئىمام شافىئىيغا مۇنداق رەددىيە بېرىلىدۇ:

ئەگەر بىر ئىشنى بىلىپ ۋە نىيەت قىلىپ تۇرۇپ قىلىش ئۇنى قەستەن قىلغانلىق ھېسابلىنىدىغان بولسا، ھايۋانلارنىڭ پۈتۈن قىلغان ئىشلىرىمۇ قەستەنلىك بىلەن قىلىنغان ئىشلار ھېسابلىنىشى لازىم. چۈنكى، ھايۋانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى بىلىپ ۋە ئۇنى مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ قىلىدۇ. ئەمما ھايۋانلارنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىنى بىلىپ ۋە ئۇنى مەقسەت قىلىپ تۇرۇپ قىلىشلىرىدىن ئۇلارنى قىلغان ئىشلىرىنى قەستەنلىك بىلەن قىلىدۇ، دەپ قاراش توغرا ئەمەس. بىر ئىشنى قەستەنلىك بىلەن قىلىندى، دەپ قاراش ئۈچۈن ئۇ ئىشنىڭ بىلىنگەن ھالدا ۋە نىيەت قىلىنىپ تۇرۇپ

قىلىنىش ئەمەس كىچىك بالىدىكى ۋە ساراڭ كىشىدىكى شۇ بىلىشنىڭ ۋە نىيەتنىڭ ئۇلاردا يېتەرلىك بولىشىدۇر. ھەممىمىزگە مەلۇمكى كىچىك بالىنىڭ بىر ئىش ئۇستىدىكى بىلىمى ۋە نىيىتى، شۇنىڭدەك ساراڭ كىشىنىڭمۇ بىر ئىش ئۇستىدىكى بىلىمى ۋە نىيىتى يېتەرلىك ئەمەس. شۇڭا ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشلىرى قەستەنلىك بىلەن قىلىنغان ئىشلار، دەپ قارىلىشى توغرا ئەمەس.

ئەگەر بىز كىچىك بالا بىلەن ساراڭ كىشىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى قەستەنلىك بىلەن قىلىنغان ئىشلار، دەپ قوبۇل قىلغان تەقدىردىمۇ بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىمىز يەنىلا مۇنداقتۇر: كىچىك بالا ياكى ساراڭ كىشى بىلەن بىرلىشىپ ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدىن قىساسنىڭ چۈشۈپ كېتىشى ياكى چۈشۈپ كەتمەسلىكى كىچىك بالىنىڭ ياكى ساراڭ كىشىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنىڭ قەستەن ھېسابلىنىشىغا ياكى قەستەن ھېسابلانماسلىقىغا قاراشلىق ئەمەس. بۇ، شۇ قەستەنلىكنىڭ قىساسنى لازىم قىلىدىغان قەستەنلىك بولۇشىغا ياكى ئۇنداق قەستەنلىك بولماسلىقىغا قاراشلىقتۇر. شۇڭا كىچىك بالىنىڭ ياكى ساراڭ كىشىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىشى ئەگەر قىساسنى لازىم قىلمايدىغان قەستەنلىك ھېسابلانسا ياكى پەقەت دىيەت بېرىشنىلا لازىم قىلىدىغان قەستەنلىك ھېساپلانسا، بۇ ھالدا ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. بۇنىڭ مىسالى خۇددى تۆۋەندىكى مەسىلىنىڭ مىسالىغا ئوخشاشتۇر: ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بىر كىشى ياردەملەشكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈۋېلىشى ئۆزىنى قەستەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋېلىش ھېسابلانسىمۇ، ئەمما بۇ قەستەنلىك قىساسنى لازىم قىلمايدىغان قەستلىك بولغاچقا، ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن ئادەمدىن ئۇنىڭ ئۈچۈن قىساس ئېلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەمنى يىرتقۇچ ھايۋان بىلەن بىر كىشى بىرلىشىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. بۇ يەردە گەرچە يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى، ھايۋاننىڭ ئۇنى بىلىپ ۋە نىيەت قىلىپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈشتە خۇددى كىچىك بالىنىڭ ۋە ساراڭ كىشىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشىگە ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن يىرتقۇچ ھايۋان ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەم ئۈچۈن ئۇ ھايۋاندىن دىيەت ئېلىپ بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە جەمەتى يوقتۇر. شۇنىڭدەك يەنە بىر ئادەمنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىق سەۋەبى بىلەن

قولى كېسىلگەن، ئاندىن بىر كىشى ئۇنىڭ پۇتىنى كېسىۋەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ قالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ گەرچە ئۇ ئادەمنىڭ قولىنى كېسىۋەتكەن كىشى ئۇنىڭ قولىنى قەستەن كەسكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پۇتىنى كېسىۋەتكەن كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. ئۇنىڭ پۇتىنى كېسىۋەتكەن كىشىدىن قىساس ئېلىنماسلىقىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ قولى قەستەن كېسىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قولىنى كېسىش ھەقلىق بولغاچقا (ئۇنىڭ قولىنى كېسىۋەتكەن كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدىغانلىقى) ئوخشۇندۇر.

ئەگەر كىچىك بالا ياكى ساراڭ كىشى بىلەن بىرلىشىپ ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدىن قىساسنىڭ چۈشۈپ كېتىشى ياكى چۈشۈپ كەتمەسلىكى، كىچىك بالىنىڭ ياكى ساراڭ كىشىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىشىنىڭ قەستەن ھېسابلىنىشىغا ياكى قەستەن ھېسابلانماسلىقىغا ئەمەس شۇ قەستەنلىكنىڭ قىساسنى لازىم قىلىدىغان قەستەنلىك بولۇشىغا ياكى ئۇنداق قەستەنلىك بولماسلىقىغا قاراشلىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسا، بىر ئادەمنىڭ دادىسى بىلەن بىرلىشىپ ئۇ ئادەمنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدىغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. مانا بۇ ئىمام ئەھمەدنىڭ: «بىر ئادەمنى كىچىك بالا ياكى ساراڭ ئادەم بىلەن بىرلىشىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. چۈنكى، كىچىك بالىنىڭ ۋە ساراڭ ئادەمنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىشى سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەمما بىر ئادەمنىڭ دادىسى بىلەن بىرلىشىپ ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىدىن قىساس ئېلىنىدۇ. چۈنكى، دادىنىڭ ئۆز بالىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى قەستەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك ھېسابلىنىدۇ» دېگەن سۆزىگىمۇ رەددىيەدۇر.

مەزكۇر سۆزنىڭ ئىمام ئەھمەدنىڭ دېگەن سۆزىگە رەددىيە بولۇشىنىڭ سەۋەبى بولسا، بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن قوللانغان قەستەنلىك قىساسنى لازىم قىلمايدىغان قەستەنلىك ياكى پەقەت دىيەت بېرىشنىلا لازىم قىلىدىغان قەستەنلىك ھېسابلانسا، كىچىك بالا ياكى ساراڭ كىشى ياكى دادىسى بىلەن بىرلىشىپ ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان كىشىنىڭ ئۇنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىشى بىلەن قەستەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىشىنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق.

مەزكۇر سۆز يەنە ئىمام شافىئىينىڭ كىچىك بالا ياكى ساراڭ كىشى ياكى دادىسى بىلەن بىرلىشىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىنىڭ بۇ قاتىللىقىنى،

**ئىككى كىشىنىڭ بىرلىشىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە، ئاندىن ئۇ ئادەمنىڭ ئىگە - چاقىسىنىڭ ئۇ ئىككى كىشىدىن بىرىنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكىگە [1] قىياس قىلىشىغىمۇ بېرىلگەن رەددىيەدۇر. چۈنكى، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە - چاقىسى كەچۈرۈۋەتكەن قاتىلنىڭ قاتىللىقى ئەسلىدە قىساسنى لازىم قىلىدىغان قاتىللىق ئىدى. ئەسلىدە ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىش لازىم ئىدى. ئەمما ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە - چاقىسى ئۇنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قىساس چۈشۈپ كەتتى. ئەمما كىچىك بالىنىڭ، ساراڭ ئادەمنىڭ ۋە بالىسىنى ئۆلتۈرۈشكە قاتناشىنىڭ دادىنىڭ قاتىللىقى ئۇنداق قاتىللىق ئەمەستۇر. شۇڭا بۇلارنىڭ قاتىللىقىنى ئۇ كىشىنىڭ قاتىللىقىغا قىياس قىلىش توغرا ئەمەس. مانا بۇ، بۇ مەسىلىدە ئېلىپ بېرىلگەن تەھقىقاتتۇر. بۇ ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەر (ﷲ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ بۇ مەسىلىدىكى كۆز قارىشىنىڭ ۋە چۈشەنچىسىنىڭ ناھايىتى ئىنچىكە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.[2]**

# بىر ئادەمنى ھەتتا باشقا بىرسىنىڭ كېلىپ ئۆلتۈرۈشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنى تۇتۇۋالغان كىشىنىڭ جازاسىنىڭ بايانى

**نافىئ بۇ ھەقتە ئىبنى ئۆمەر (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەگەر بىر ئادەم بىر ئادەمنى تۇتۇۋالغان، ئاندىن ئۇ ئادەمنى باشقا بىرسى كېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئۇنى تۇتۇۋالغان ئادەم (تۈرمىگە) تاشلىنىدۇ.»[3]**

**(1)** يەنى ئىككى كىشى بىرلىشىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئاندىن ئۇ ئادەمنىڭ ئىگە - چاقىسى ئۇ ئىككى كىشىدىن بىرىنى كەچۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇ ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە - چاقىسى كەچۈرۈۋەتكەن كىشىدىن قىساس ئېلىنمايدۇ. ئەمما ئۇ كىشىدىن قىساسنىڭ ئېلىنماسلىقى يەنە بىر كىشىدىنمۇ قىساسنىڭ ئېلىنماسلىقىغا توسالغۇ بولالمايتتى. يەنى بىر كىشىدىن قىساس ئېلىنىۋېرەتتى. ئىمام شافىئىي: كىچىك بالا ياكى ساراڭ كىشى ياكى بىر ئادەمنىڭ دادىسى بىلەن بىرلىشىپ ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىنىڭ بۇ قىلمىشىنى يۇقىرىدىكى مەسىلىگە قىياس قىلىپ تۇرۇپ كىچىك بالا ياكى ساراڭ كىشى ياكى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دادىسىدىن قىساس ئېلىنمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ تۇرۇپ ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىدىن قىساس ئېلىنىدۇ، دېگەن ئىدى. مەزكۇر سۆز ئىمام شافىئىينىڭ بۇ قىياسىغىمۇ رەددىيەدۇر. ت.

**(2)** «ئىئلائۇسسۇنەن»، **18** - توم، **140** - بەت.

**(3)** بۇ ھەدىسنى دارى قۇتنىي رىۋايەت قىلدى. ئىمام ئەلھاپىز <بۇلۇغۇلمەرىيەم> دېگەن ئەسەردە: «بۇ ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان كىشىلەر ئىشەنچلىك، دەپ قارالغان كىشىلەردۇر. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەلقەتتان توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن ھەدىستۇر، دېگەن» دېدى.

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئۇ ئادەمنى تۇتۇۋالغان ئادەم، ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىش يۈزىسىدىن ئەمەس ئۇنىڭغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا يۈزىسىدىن تۈرمىگە سولاپ قويۇلىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى، بىر ئادەمنى ھەتتا باشقا بىر كىشىنىڭ كىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشى ئۈچۈن تۇتۇپ تۇرۇش بىلەن ئۇ ئادەمنى تۇتۇپ تۇرغان ئادەمنى ھەتتا ئۇ ئادەم ئۆلگەنگە قەدەر تۈرمىدە تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئارىسىدا ياكى ئۇنى تۈرمىدە مەلۇم مۇددەت تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق ئوخشاشلىق يوق. ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنى تۇتۇپ تۇرغان ئادەمنى تۈرمىگە تاشلاش ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىش يۈزىسىدىن ئەمەس ئۇنىڭغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى بېرىش يۈزىسىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ تۈرمىدە قېلىشىنىڭمۇ مەلۇم بىر مۇددىتى يوق. ئۇ ئادەمگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى ئىجرا قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىقىنىڭ ئىشى. شۇڭا باشلىق خالىسا ئۇنىڭغا ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى ئۇنى تۈرمىگە تاشلاش ئارقىلىق ئىجرا قىلىدۇ، خالىسا باشقا يول ئارقىلىق ئىجرا قىلىدۇ. چۈنكى، بىر ئادەمگە ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانى ئىجرا قىلىش باشلىقنىڭ خاھىشىغا تاپشۇرۇلغان ئىشتۇر. مەزكۇر ھەدىس ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ قارىشىغا دەلىل - پاكىتتۇر. ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنى تۇتۇۋالغان ئادەم تۈرمىدە ھەتتا ئۆلگەنگە قەدەر سولاپ قويۇلمايدۇ، شۇنىڭدەك يەنە ئۇ تۈرمىگە (بەش ياكى ئون يىل دېگەنگە ئوخشاش) مۇئەييەن بىر مۇددەت سولاپ قويۇلمايدۇ، ئۇ ئادەم ھاكىم ئۇنى قانداق شەكىلدە جازالاشنى خالىسا شۇنداق شەكىلدە جازالىنىدۇ» دەيدۇ.

ھەيران قالارلىقى شۇكى، ھەنبەلىي مەزھەپدىكىلەر: «ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنى تۇتۇۋالغان ئادەم تۈرمىدە تاكى ئۆلگەنگە قەدەر قالىدۇ» دەپ ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرىغا مەزكۇر ھەدىسنى دەلىل - پاكىت قىلىپ كەلتۈردى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ھەدىستە ئۇ ئادەمنىڭ تۈرمىدە ھەتتا ئۆلگەنگە قەدەر قالىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق بىر گەپ يوقتۇر. ھەدىستە: پەقەت ئۇ ئادەم سولاپ قويۇلىدۇ، دەپلا بايان قىلىندى. شۇڭا بۇ سولاپ قويۇشنىڭ قانچىلىك مۇددەت داۋام قىلىشى ھاكىمنىڭ كۆز قارىشىغا تاپشۇرۇلۇشى لازىم. مانا بۇ ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازانىڭ

خۇسۇسىيىتىدۇر.

مەزكۇر ھەدىس يەنە: ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنى تۇتۇۋالغان ئادەم ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىگە ئۇنى ئۆلتۈرۈشتە ياردەملەشكەن ئادەم ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا ئۇ ئادەمدىنمۇ قىساس ئېلىنىش لازىم، دەيدىغان ئالىملارغىمۇ رەددىيە بېرىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ھەدىستە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنى تۇتۇۋالغان كىشىدىن قىساس ئېلىشنى ئەمەس (ئەدەپلەش يۈزىسىدىن جازا بېرىش ئۈچۈن) تۈرمىگە تاشلاشنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن بايانلاردا يەنە ئىمام شافىئىي رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ئەسەرگىمۇ جاۋاب بار:

ئىمام شافىئىي (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) جابىر ئەلجەئەپىيدىن ئامىرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىر كىشىنىڭ بىر ئادەمنى قەستەن ئۆلتۈرۈشى ئۈچۈن ئۇ ئادەمنى تۇتۇپ بەرگەن ئادەم ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشى ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە ئۇنى تۇتۇپ بەرگەن ئادەم تاكى ئۆلگەنگە قەدەر تۈرمىدە قالىدۇ، دېگەن». يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن بايانلار ئىمام شافىئىينىڭ رىۋايەت قىلغان بۇ ئەسىرىگىمۇ جاۋاب بولىدۇ. بۇ ئەسەر ئەگەر ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبتىن رىۋايەت قىلىنغانلىقى ئىنىق ۋە ئىشەنچىلىك بولسا پاكىت بولالايدۇ. ئەمما بۇ ئەسەرنىڭ ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبتىن رىۋايەت قىلىنغانلىقى ئىنىق ۋە ئىشەنچىلىك ئەمەس. چۈنكى، بۇ ئەسەرنى رىۋايەت قىلغانلارنىڭ ئىچىدە جابىر ئەلجەئەپىي باردۇر. بۇ رافىزىيلىك ۋە يالغانچىلىق بىلەن تونۇلغان ئادەمدۇر. بۇ ئەسەرمۇ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنى تۇتۇپ بەرگەن ئادەم ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازانىڭ قىساس يۈزىسىدىن ئەمەس ئەدەپلەش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان جازا يۈزىسىدىن بېرىلىدىغانلىقىغا قارىتىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئەسەرمۇ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنى تۇتۇپ بەرگەن ئادەم تۈرمىدە تاكى ئۆلگەنگە قەدەر قالىدۇ، دېگەنلەر ئۈچۈن پاكىت بولالمايدۇ. توغرىسىنى اللە تائالا بىلگۈچىدۇر.[1]

(1) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 18 ـ توم، 141 ـ بەت.

# خۇسۇسي قەسەمنىڭ بايانى

بۇ قەسەمدىن (ئادەتتە قىلىنىدىغان قەسەم ئەمەس) مەلۇم ساندىكى كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي سەۋەب ۋە خۇسۇسىي ئۇسلۇب بىلەن مەلۇم مىقداردا الله نىڭ نامى بىلەن قىلىدىغان قەسەملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يەنى بۇ، ئادەم ئۆلتۈردى، دەپ گۇمان قىلىنغان ئادەملەرنىڭ (ئۆزلىرىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرمىگەنلىكلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن) قىلىدىغان قەسەملىرىدۇر.

## بۇ قەسەمنىڭ شەرتلىرىنىڭ بايانى

بۇ قەسەمدە تۆۋەندىكى شەرتلەرنىڭ تېپىلىشى لازىم:

1 ـ قەسەم قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ سانىنىڭ 50 بولۇشى شەرت. يەنى ئۇ قەسەمنىڭ 50 قېتىم قىلىنىشى لازىم. ئەگەر قەسەم قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ سانى 50 بولمىسا، قەسەمنىڭ سانى ھەتتا 50 قېتىمغا يەتكەنگە قەدەر قەسەم تەكرارلىنىدۇ.

2 ـ قەسەم قىلىدىغان ئادەمنىڭ (ئازات ئادەم)، ئەر كىشى ۋە ئەقلى ـ ھۇشى جايىدا ئادەم بولۇشى شەرت. شۇڭا بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا، ئايال كىشى ۋە قۇل قەسەم قىلىشقا قاتنىشالمايدۇ.

3 ـ بۇ قەسەم ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى (قاتىل دەپ قارالغان ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىن) دەۋا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ۋە قاتىل دەپ قارالغانلار بۇ دەۋاغا ئىنكار قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرىنىڭ تەلەپ قىلىشلىرى بىلەن بولۇشى شەرت. شۇڭا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىلىرى تەلەپ قىلىشتىن بۇرۇن قەسەم قىلىشقا بولمايدۇ.

4 ـ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ تەنلىرىدە يارىنىڭ ياكى تاياقنىڭ، ياكى بوغۇلغانلىقنىڭ ئەسىرى بولۇشى ياكى قۇلۇقىدىن، ياكى كۆزىدىن قان چىققان بولۇشى شەرت. شۇڭا ئۈستىدە مەزكۇر ئىشلاردىن ھېچبىر ئەسەر يوق ئۆلۈكنىڭ ھەققىدە قەسەم قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ھېسابلانمايدۇ. شۇڭا بىر ئادەم ئەگەر ئوتنىڭ ئارىسىدا قېلىپ ياكى ئۆگزىدىن چۈشۈپ كېتىپ ياكى سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئوتنىڭ

ئارىسىدا قىلىشقا ياكى ئۆگزىدىن چۈشۈپ كېتىشكە، ياكى سۇغا چۈشۈپ كېتىشكە ھېچبىر ئادەم سەۋەبچى بولمىغان بولسا، ئۇ ئادەم ئۇچۇنمۇ قەسەم قىلىش تەلەپ قىلىنمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇن دىيەت بېرىلمەيدۇ.

5 ـ قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكى بىلىنمەسلىكى شەرت. چۈنكى، پاكىت، ياكى ئىقرار ئارقىلىق قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكى بىلىنسە، بۇ ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسى ئۇ قاتىل بىلەن دەۋا قىلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ قەسەم قىلىشىغا ھاجەت قالمايدۇ.

6 ـ ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ جەستى قاتىل، دەپ گۇمان قىلىنغان ئادەملەرگە، ئۇلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالىغۇدەك يېقىن بىر يەردە تېپىلىشى شەرت. چۈنكى، بۇ دەرىجىدىكى يېقىن يەردە ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۇ كىشىنىڭ ياردىمىگە يېتىشىشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇ ئادەملەر ئۇ كىشىگە ياردەم بېرىپ (ئۇنى قۇتقۇزۇۋالمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇنىڭغا ياردەم بەرمىگەن، دېگەن تەنقىدگە ئۇچرايدۇ.

## خۇسۇسىي قەسەمنىڭ يولغا قويۇلىشى ۋە ئۇنىڭ شەكلىنىڭ بايانى

خۇسۇسىي قەسەمنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا قويغان. يەنى بۇ قەسەم ھەدىس ئارقىلىق يولغا قويۇلغاندۇر. بۇ ھەقتە بەشىر ئىبنى يەسار (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: ئەنسارلىق سەھل ئىبنى ئەبۇھەسمە ئىسىملىك بىر ئادەم ماڭا: قەۋمىدىن بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ خەيبەردىكى (يەھۇدىيلارنىڭ) قېشىغا بارغانلىقىنى، ئۇلار (خەيبەرگە يېتىپ بېرىپ) مەھەللە ـ مەھەللىگە تاراپ كەتكەنلىكىنى، كېيىن (بىر يەرگە يىغىلغاندا) ئىچىدىن بىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئۆلۈكى تېپىلغان مەھەللىدىكى يەھۇدىيلارغا: بىزنىڭ ھەمراھىمىزنى سىلەر ئۆلتۈردۇڭلار، دېگەنلىكىنى، ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ: ئۇنى بىز ئۆلتۈرۈۋەتمىدۇق ۋە ئۇنى كىمنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمىز، دېگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئەي اللە نىڭ پەيغەمبىرى! بىز خەيبەرگە بارغان ئىدۇق، كېيىن بىز ئىچىمىزدىن بىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۇق، دېگەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

ئۇلارغا: «(گەپ قىلىش) چوڭدىن كەلسۇن چوڭدىن كەلسۇن، سىلەر قاتىلنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھەققىدە پاكىت كۆرسىتەلەمسىلەر؟» دېگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ: بىزنىڭ پاكىتىمىز يوق، دېگەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇنداق بولسا ئۇ يەھۇدىيلار (ئۆزلىرىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۋاتمىغانلىقى ھەققىدە) قەسەم قىلىپ بەرسۇن» دېگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ: بىز يەھۇدىيلارنىڭ قەسەملىرىگە رازى بولمايمىز، دېگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قېنىنىڭ بەدەلسىز قالماسلىقى ئۈچۈن سەدىقىگە كەلگەن تۆگىلەردىن **100** تۆگىنى ئۇ ئادەمنىڭ قان بەدىلى (يەنى ئۇنىڭ دىيىتى) ئۈچۈن بەرگەنلىكىنى، سۆزلەپ بەرگەن.[1]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: <چوڭدىن كەلسۇن چوڭدىن كەلسۇن> دېگەن سۆزى ياشتا چوڭ ئادەمنى گەپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشتۇر. گەپنى ئابدۇراھمان باشلىغان ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بارغانلارنىڭ ئىچىدە ياشتا ئەڭ كىچىكى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر سۆزى ئارقىلىق چوڭ ئادەمنىڭ گەپ قىلىشىنى خالىغان ئىدى. ئۇ گەپ قىلىشتىن توختىدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى گەپ قىلدى.

ئەبۇسەلىمە ئىبنى ئابدۇرراھمان بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى مەيمۇنەنىڭ ئازات قىلىۋاتقان قۇلى سۇلايمان ئىبنى يەسار ئەنسارلىق بىر ساھابى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇسۇسىي قەسەمنىڭ ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدىكى بويىچە بولۇشىقا قارار قىلغان» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.[2]

ئەنسارلىق ساھابىنىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇسۇسىي قەسەمنىڭ ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدىكى بويىچە بولۇشىقا قارار قىلغان» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قەسەمنىڭ شەكلىنىڭ ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدىكى بۆيىچە ئەمەس بۇ قەسەمنىڭ پەقەت ئىسلام كېلىشتىن بۇرۇنقى دەۋرىدىكىدەك ئەمەل قىلىنىشىغا قارار قىلغان، دېگەنلىك بولىدۇ. ئەمما بۇ قەسەمنىڭ ئىسلام دىنىدىكى شەكلى ھەققىدە ئابدۇررازاق شەئبىينىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم <ۋادىئە> دېگەن يەر بىلەن <ساكىر> دېگەن يەرنىڭ ئارىسىدا ئۆلۈك ھالەتتە تېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن

(1) بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۇ ئادەمنىڭ مەزكۇر ئىككى يەردىن قايسىسىغا (يېقىن ئىكەنلىكىنى) ئۆلچەشكە بۇيرۇدى. كىشىلەر (مەزكۇر ئىككى يەرنىڭ ئارىسىنى ئۆلچەپ) ئۇ ئادەمنىڭ <ۋادىئە> دېگەن يەرگەن يېقىن ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (ﷲ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) <ۋادىئە> دېگەن يەرنىڭ ئادەملىرىنى **50** قېتىم قەسەم قىلدۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر ئەر: «ئۇنى مەن ئۆلتۈرمىدىم ۋە مەن ئۇنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلمەيمەن» دەپ قەسەم قىلدى. ئاندىن ئۆمەر ئۆلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى ئۇلارغا تۆلەتتۈردى. ئىمام سەۋرى (ﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ھارىس ئىبنى ئەلئەزمەئەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: <ۋادىئە> دېگەن يەرنىڭ ئادەملىرى ئۆمەر ئىبنى خەتتابقا: «ئى مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى! بىزنىڭ قىلغان قەسەملىرىمىز مال ـ مۈلكىمىزنىڭ (ئۇنىڭغا كەتمەسلىكىگە) پايدىسى بولمىدى ياكى (دىيەت دەپ) بەرگەن مال ـ مۈلكىمىز بىزنىڭ قەسەم قىلماسلىقىمىزغا پايدىسى بولمىدى» دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئۇلارغا: «ھەق دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.[1]

قازىي ئىياز (ﷲ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «خۇسۇسىي قەسەم ھەققىدە كەلگەن ھەدىس بولسا، شەرىئەتنىڭ ئاساسلىرىنى يولغا قويۇپ كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ بىرى ۋە شەرىئەتتىكى ھۆكۈملەرنىڭ قائىدىلىرىنى يولغا قويۇپ كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مەزكۇر ھەدىسنى مەيلى ساھابىلار بولسۇن، مەيلى تابىئىنلار بولسۇن، مەيلى ئۇلارنىڭ كەينىدىن كەلگەن ھىجازلىق ۋە كۇپىلىق ئالىملار بولسۇن، مەيلى بۇ يەردىن باشقا يەرلىك ئالىملار (ﷲ تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) بولسۇن، قوبۇل قىلىپ ئالدى» دېدى.

# خۇسۇسىي قەسەمنىڭ ھۆكمىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتىنىڭ بايانى

## خۇسۇسىي قەسەمنىڭ ھۆكمى

ئەگەر (ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، دەپ گۇمان قىلىنغان) ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتمىگەنلىكى ھەققىدە قەسەم قىلسا، ئۇلارغا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم

(1) بۇ ئەسەرنى ھەم ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلدى.

ئۇچۇن دىيەت تۆلەپ بېرىشكە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار قەسەم قىلىشتىن باش تارتسا، ئۇلار تۈرمىگە سولاپ قويۇلىدۇ. بۇ، ئەگەر ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسى ئۇلارنىڭ ئۇ ئادەمنى قەستەن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى دەۋا قىلسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەمما ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسى ئۇلارنىڭ ئۇ ئادەمنى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى دەۋا قىلسا، بۇ ھالدا ئەگەر ئۇلار قەسەم قىلىشتىن باش تارتسىمۇ ئۇلارنىڭ جەمەتىدىكىلىرىگە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى بېرىشكە ھۆكۈم قىلىنىدۇ ۋە ئۇلار تۈرمىگە سولاپ قويۇلمايدۇ. قەسەمنى (ئۆلۈك تېپىلغان) مەھەللىنىڭ ئادەملىرى قىلىدۇ. لېكىن (ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۇچۇن بېرىلىدىغان) دىيەتنى ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ جەمەتىدىكىلىرى تۆلەيدۇ. چۈنكى، (ئۆلۈك تېپىلغان) مەھەللىنىڭ ئادەملىرى ئۇنى ھۆكمەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۇنى ھەقىقەتەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھېسابلىنىدۇ.

## خۇسۇسي قەسەمنىڭ ھېكمىتى

خۇسۇسي قەسەمنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ ھېكمىتى بولسا، كىشىلەرنىڭ ھاياتىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قانلىرىنىڭ بىكارغا كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ۋە ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ساقلاشتۇر. چۈنكى، ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنىدا ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قانلىرى ناھايىتى ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ ھاياتلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قانلىرىنىڭ بىكارغا كېتىشى ئۇچۇن ھېچقانداق بىر يۇچۇق قويمىدى. خۇسۇسي قەسەمنىڭ يولغا قويۇلۇشىنىڭ يەنە بىر ھېكمىتى بولسا، جەمئىيەتتىكى ئادەملەرگە، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ جانلىرىنى ساقلاشتا ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىشتا سەل قارىغانلىقىنى كۆچلۈك بىر شەكىلدە كۆرسىتىپ قويۇش ئۇچۇندۇر. شۇڭا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ جەستى تېپىلغان مەھەللىدىن پەقەت قەسەم قىلىشقا قاتناشقانلارلا ئەمەس شۇ مەھەللىدىكى بارلىق ئادەملەرنىڭ بېرىشى لازىم. چۈنكى، ئۇ مەھەللىدىكى بارلىق ئادەملەر ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتىنى ساقلاشقا سەل قارىدى. چۈنكى، ھەر بىر جەمئىيەت ۋە ھەر بىر مەھەللە ئادەملىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيىتىنى ۋە مەھەللىسىنى ساقلىشى ۋە ئۇ يەردە جىنايەتنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم. ئەگەر ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ جەستى

تېپىلغان مەھەللىدىكى ئادەملەرنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەم قوپۇپ ئۇ ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ياكى باشقا بىر مەھەللىدىن بىرسىنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسى بۇنىڭغا ئىشەنگەن بولسا، ئۇ مەھەللىدىكى ئادەملەرنىڭ قەسەم قىلىشى لازىم ئەمەس.

بۇ ھەقتە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ جەسىتى تېپىلغان يەرنىڭ ئەھۋالىمۇ دىققەتكە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ جەسىتى تېپىلغان يەر بىر ئادەمگە تەۋە يەر بولسا، قەسەمنى ئۇ يەرنىڭ ئىگىسى قىلىدۇ. ئەمما دىيەتنى يەرنىڭ ئىگىسىنىڭ جەمەتىدىكىلىرى تۆلەيدۇ. خۇسۇسىي ئادەملەرگە تەۋە يەرنىڭ ھۆكمىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

بىز يۇقىرىدا: <ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ جەسىتى قاتىل دەپ گۇمان قىلىنغان ئادەملەرگە، ئۇلار ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالىغۇدەك يېقىن بىر يەردە تېپىلىشى شەرت> دەپ بايان قىلىپ ئۆتكەن سۆز مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا ئەمما ھېچبىر ئادەمگە تەۋە ئەمەس يەردە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. جەسىتى مۇنداق يەرلەردە تېپىلغان ئادەمگە دىيەت دۆلەت خەزىنىسىدىن تۆلەپ بېرىلىدۇ. (ئەمما بىر ئادەمگە تەۋە يەردە تېپىلغان جەسەت ئۈچۈن مەزكۇر سۆز ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ).

ئەگەر بىر ئادەم بىر كىشىنىڭ قورۇسىنىڭ ئىچىدە ئۆلۈك ھالەتتە تېپىلغان بولسا، قورۇ ئىگىسىگە قەسەم قىلىش لازىم بولىدۇ. ئۇ قەسەمنى (ھەتتا قەسەمنىڭ سانى **50** يەتكەنگە قەدەر) تەكرارلايدۇ. ئەگەر قورۇ تاقاپ قويۇلغان ۋە ئىچىدە ھېچكىم ئولتۇرمايدىغان قورۇ بولسىمۇ يەنە قورۇنىڭ ئىگىسى قەسەم قىلىدۇ. بۇ، ئەگەر ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسى ئۇ ئادەمنى قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى دەۋا قىلسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسى ئۇ ئادەمنى (قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ ئەمەس) باشقا بىر كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى دەۋا قىلسا، بۇ ھالدا قورۇنىڭ ئىگىسىنىڭ قەسەم قىلىشى ۋە (ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن) دىيەت تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ جەسىتى بىر نەچچە كىشىنىڭ ئارىسىدا ئورتاق بولغان بىر قورۇنىڭ ئىچىدە تېپىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتى خۇددى قوشنىدارچىلىق، ياكى شېرىكچىلىك ھەققە ئوخشاش ئۇ كىشىلەرگە باشقا قارىتا تەقسىم قىلىنىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈكى بىر ئۇلاغنىڭ ئۈستىدە تېپىلغان ۋە ئۇ ئۇلاغنىڭ يېنىدا ئۇنى ھەيدەپ مېڭىۋاتقان ياكى يېتىلەپ مېڭىۋاتقان، ياكى ئۇنىڭغا مىنىپ مېڭىۋاتقان بىرەر كىشى بولغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتىنى (ئۇلاغ بار) مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەمەس ئۇلاغنىڭ يېنىدىكى كىشىنىڭ بېرىشى لازىم. چۈنكى، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۇنىڭ قولىدىدۇر. شۇڭا ئۆلتۈرۈلگەن ئۇ ئادەم خۇددى ئۇنىڭ قورۇسىدا تېپىلغاندەك ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇلاغنىڭ يېنىدا ئۇنى ھەيدەپ مېڭىۋاتقان، ئۇنى يېتىلەپ مېڭىۋاتقان ۋە ئۇنىڭغا مىنىپ مېڭىۋاتقان كىشىلەردىن ئىبارەت بىر نەچچە كىشى بولغان بولسا، بۇ ھالدا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى ئۇ كىشىلەرنىڭ جەمەتىدىكىلىرى بېرىدۇ ۋە قەسەمنى ئۇلاغنىڭ يېنىدىكى كىشىلەر قىلىدۇ. ئەگەر ئۇلاغنىڭ يېنىدا بىرمۇ كىشى بولمىسا، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى ئۈستىدە ئۆلۈك بار ئۇلاغ تېپىلغان مەھەللىنىڭ ئادەملىرى تۆلەيدۇ ۋە قەسەمنىمۇ شۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرى قىلىدۇ.

ئۈستىدە ئۆلۈك بار ئۇلاغ ئىككى مەھەللە ياكى ئىككى قەبىلە ئارىسىدىن ئۆتكەن، ياكى ئۇ ئۆلۈك ئىككى قەبىلىنىڭ ئارىلىقىغا تاشلاپ قويۇلغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ دىيىتىنى ئۆلۈك تېپىلغان يەرگە ئەڭ يېقىن قەبىلىنىڭ ئادەملىرى بېرىدۇ. ئەگەر ئىككى قەبىلە ئۆلۈككە يېقىن ۋە يىراقلىقتا ئوخشاش بولغان بولسا، ئۇنىڭ دىيىتىنى ئىككى قەبىلىنىڭ ھەر ئىككىسى بېرىدۇ.

ئەگەر كېمىنىڭ ئۈستىدە ئۆلۈك جەسەت تېپىلغان بولسا، قەسەم قىلىش ۋە ئۇنىڭ دىيىتىنى بېرىش كېمىنىڭ ئىچىدىكى يولۇچىلارنىڭ ۋە كېمىنى ھەيدۈگۈچىلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. چۈنكى، كېمە ئۇلارنىڭ قولىدىدۇر. شۇنىڭدەك يەنە كېمىنىڭ ئىگىللىرىنىڭ ئۈستىگىمۇ چۈشىدۇ. چۈنكى، كېمە ئۇلارنىڭ بۇيرۇقلىرى بىلەن ئۇ يەردىن بۇ يەرگە سەپەر قىلىدۇ. ئۇنداق ئىكەن ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتىنىڭ كېمىنىڭ ئىگىللىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، كېمىنىڭ ئۇلارغا تەۋە بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بىر ماشىنىنىڭ ئۈستىدە تېپىلغان ئۆلۈكنىڭ ئەھۋالىمۇ كېمىنىڭ ئۈستىدە تېپىلغان ئۆلۈكنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش. بىر مەھەللىنىڭ مەسچىتىدە ياكى ئۇ مەھەللىنىڭ كوچىسىدا تېپىلغان ئۆلۈكنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىش ئۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. بىر ئادەمگە قاراشلىق بازاردا تېپىلغان ئۆلۈكنىڭ دىيىتىنى ئۇ ئادەم تۆلەپ بېرىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله

تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «(بىر ئادەمگە قاراشلىق بازاردا تېپىلغان ئۆلۈكنىڭ دىيىتىنى ئۇ ئادەم ئەمەس) بازار بولىدىغان مەھەللىنىڭ ئادەملىرى تۆلەپ بېرىدۇ» دېدى.

چوڭ يولدا، (بىر مەھەللىنىڭ كوچىسى ئەمەس) ئومۇمغا تەۋە يولدا، تۈرمىدە، (مەھەللىنىڭ مەسچىتىدە ئەمەس) چوڭ مەسچىت ۋە جامەلەردە ۋە بىرەر كىشىگە ياكى بىر بۆلۈك ئادەمگە تەۋە ئەمەس پۈتۈن مۇسۇلمانغا تەۋە ۋە ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ تەسەررۇپ قىلىشى رۇخسەت قىلىنغان ئاممۋي يەرلەردە تېپىلغان ئۆلۈك ئۈچۈن ھېچبىر ئادەمنىڭ قەسەم قىلىشى ۋە دىيەت بېرىشى لازىم ئەمەس. ئۇنىڭ دىيىتى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك دۆلەت خەزىنىسى تەرىپىدىن بېرىلىدۇ.

بىر ئادەم ياربدار ھالەتتە بىر مەھەللىنىڭ ئىچىدە تېپىلغان، ئاندىن ئۇ ئادەم ئۇ مەھەللىدىن (باشقا يەرگە) يۆتكەپ ئېلىپ كېلىنىپ ئۇ يەردە كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئۈچۈن قەسەم قىلىش ۋە ئۇنىڭ دىيىتىنى بېرىش ئۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. ئەمما ئىمام ئەبۇيۇسۇف (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «ئۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرىگە ئۇنىڭ دىيىتىنى بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قەسەم قىلىش لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۇ مەھەللىدە ئۆلتۈرۈلمىدى، ئۇ ئادەم ئۇ مەھەللىدە پەقەت يارىلاندى، يارىلانغان ئادەم ئۈچۈن قەسەم قىلدۇرۇلمايدۇ» دېدى.

بىر ئادەم ئۆلگىلى ئاز قالغان ياربدار بىر كىشىنى ئۇ كىشىنىڭ ئۆيىگە كۆتۈرۈپ كەلگەن، ئاندىن ئۇ كىشى (ئۆيىدە) بىر مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ دىيىتىنى ئۇنى ئۆيىگە كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەلگەن ئادەم تۆلىمەيدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇيۇسۇفنىڭ كۆز قارىشىدۇر. ئەمما ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «قىياسقا ئاساسەن ئۇ ئادەم ئۇ كىشىنىڭ دىيىتىنى تۆلەيدۇ» دېدى.

بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە ئوغرىلار كىرىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قېچىپ كەتكەن، ئەمما ئۇلار قېچىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كىمنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلىغىلى بولمىغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتىنى بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قەسەم قىلىش ھېچبىر كىشىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ. چۈنكى، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن قەسەم قىلىش ۋە

دىيەت بېرىش پەقەت ئۇ ئادەمنى كىمنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى بىلىنمىگەن چاغدا لازىم بولىدۇ. بۇ مەسىلىدە ئۇ ئادەمنى ئوغرىلارنىڭ ئىچىدىن كىمنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىلەرنىڭ ئوغرىلار ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر. (شۇڭا ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتىنى بېرىش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قەسەم قىلىش ھېچبىر كىشىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ). بۇ ھۆكۈم يەنە ئوغرىلار ئۆيدە ئەمەس باشقا يەردە ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ جەستى كىچىك بالىغا، ياكى ئەقلى ئاجىز كىشىگە تەۋە قورۇنىڭ ئىچىدە تېپىلغان بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتىنى ئۇلارنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ بېرىشى لازىم. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ جەستى (ئىسلام دۆلىتى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىسلام دۆلىتىدە) ياشايدىغان كاپىرنىڭ قورۇسىدا تېپىلغان بولسا، ئۇ كاپىر ئۇنى (ئۆزىنىڭ ئۆلتۈرمىگەنلىكى ھەققىدە) **50** قېتىم قەسەم قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ دىيىتىنى بېرىدۇ. ئەگەر ئۇ كاپىرنىڭ جەمەتلەشكەن ئادەملىرى بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ دىيىتىنى ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلىرى بېرىدۇ.

بىر ئادەم بىر مەھەللىدىن ئۆتكەن ۋە ئۇنىڭغا ئۇ مەھەللىدە ئوقيا، ياكى تاش تەككەن، ئەمما ئۇ ئادەم ئۆزىگە ئۇنىڭ قەيەردىن كېلىپ تەككەنلىكىنى بىلمىگەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرى (ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئەمەسلىكى ھەققىدە) قەسەم قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ دىيىتىنى بېرىدۇ.

بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئانىسىنىڭ ياكى دادىسىنىڭ قورۇسىدا ئۆلۈك ھالەتتە تېپىلغان، ياكى بىر ئايال ئۆزىنىڭ ئېرىنىڭ قورۇسىدا ئۆلۈك ھالەتتە تېپىلغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن قورۇنىڭ ئىگىسى، ئەگەر قورۇنىڭ ئىگىسى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ مىراسخورلىرىدىن بولسىمۇ، قەسەم قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ دىيىتىنى بېرىدۇ.[1]

ئەگەر قەسەم قىلىدىغانلارنىڭ سانى ئەللىككە يەتمىسە، تاكى قەسەمنىڭ سانى ئەللىككە يەتكەنگە قەدەر ئۇلارنى تەكرار ـ تەكرار قەسەم قىلدۇرىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇمەلىھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله تائالا ئۇنىڭدىن

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 410 ـ بەت.

رازى بولسۇن!) قەسەم قىلدىغان، ئەمما (سانى ئەللىككە يەتمىگەن) كىشىلەرنى ھەتتا قەسەمنىڭ سانى تولۇقلانغانغا قەدەر تەكرار ـ تەكرار قەسەم قىلدۇرغان. »

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب: «ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللە تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) قۇلى ئۆلتۈرۈلگەن بىر ئايالنى 50 قېتىم قەسەم قىلدۇرغان، ئاندىن ئۇنىڭ دىيىتىنى ئۇ ئايالغا تۆلەتتۈرگەن» دېدى. لېكىن، بىز يۇقىرىدا بۇ قەسەمنىڭ شەرتلىرىدىن بىرىنىڭ بۇ قەسەمنى قىلىش ئۈچۈن ئايالنىڭ قېتىلالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق[1].

ئىبنى سىرىن: «قازى شۇرەيھنىڭ قېشىغا سانى تولۇق بولمىغان قەسەم قىلىدىغانلار كەلگەن ئىدى، قازى شۇرەيھ ئۇلارنى ھەتتا قەسەمنىڭ سانى تولۇقلانغانغا قەدەر تەكرار ـ تەكرار قەسەم قىلدۇرغان» دېدى.

بۇ ھەقتە ئىبنى سىرىننىڭ ئۆزىمۇ: «ئەگەر قەسەم قىلىدىغانلارنىڭ سانى تولۇق بولمىسا، ئۇلار ھەتتا قەسەمنىڭ سانى تولۇقلانغانغا قەدەر تەكرار ـ تەكرار قەسەم قىلدۇرىلىدۇ» دېدى.

بۇ ھەقتە ئىبراھىم: «ئەگەر قەسەم قىلىدىغانلارنىڭ سانى ئەللىككە يەتمىسە، ھەتتا ئۇلار 50 قېتىم قەسەم قىلغانغا قەدەر قەسەمنى تەكرار ـ تەكرار قىلىدۇ» دېدى.[2]

بىر ئادەمنىڭ جەسىتىنىڭ يېرىمى تېپىلغان مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۇ ئادەمنى (ئۆزلىرىنىڭ ئۆلتۈرمىگەنلىكى ھەققىدە) قەسەم قىلىپ بېرىشى لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۇ جەسەتنىڭ بېشى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۇ ئادەمنى (ئۆزلىرىنىڭ ئۆلتۈرمىگەنلىكى ھەققىدە) قەسەم قىلىپ بېرىشى لازىم ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە بىر مەھەللىدە بىر ئادەمنىڭ جەستى تېپىلغان، ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ بوينىغا يىلان چىرمىشىۋالغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇ مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۇ ئادەمنى (ئۆزلىرىنىڭ ئۆلتۈرمىگەنلىكى ھەققىدە) قەسەم قىلىپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇنى يىلاننىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىك ئېھتىمالى كۈچلۈكتۇر.

(1) بۇ مىنىڭچە ئەگەر قەسەم قىلىش ئۈچۈن ئەر بولسا، بۇ ھالدا ئايالنىڭ قەسەم قىلىشقا قېتىلىشى توغرا بولماسلىقى مۇمكىن. ئەمما يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش قەسەم قىلىش ئۈچۈن ئەر بولمىغان يەردە، ئايالنىڭ قەسەم قىلىشىمۇ توغرا بولۇشى مۇمكىن. توغرىسىنى اللە تائالا بىلگۈچىدۇر. ت.

(2) «ئىئلائۇسسۇنەن»، 18 ـ توم، 276 ـ بەت.

پۈتۈن ئەزالىرى يارىتىلىپ بولغان بالىنىڭ ھۆكمى چوڭ ئادەمنىڭ ھۆكمىگە ئوخشاش. چۈنكى، پۈتۈن ئەزالىرى يارىتىلىپ بولغان بالىنىڭ تىرىك ھالەتتە تۇغۇلۇش ئېھتىمالى كۈچلۈكتۇر. ئەگەر ئۇ بالا بىر قىسىم ئەزالىرى تېخى يارىتىلمىغان بالا بولسا، ئۇ بالىنىڭ ئۆلۈكى تېپىلغان مەھەللىدىكى ئادەملەرنىڭ قەسەم قىلىپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇنىڭ (تىرىك ئەمەس) ئۆلۈك ھالەتتە تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر بىر مەھەللىدە پۈتۈن ئەزالىرى يارىتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چۈشۈپ كەتكەن بىر بالىنىڭ ئۆلۈكى، ئۇستىدە تاياقنىڭ ئىزلىرى بار ھالەتتە تېپىلغان بولسا، ئۇ مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ قەسەم قىلىپ بېرىشى ۋە ئۇنىڭ دىيىتىنى تۆلىشى لازىم. ئەگەر ئۆلۈكنىڭ ئىگە - چاقىسى ئۇنى (ئۇ مەھەللىدىكى كىشىلەر ئەمەس) باشقا بىرسىنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى دەۋا قىلسا، ئۇنىڭ قىلغان بۇ دەۋاسى ئۇ مەھەللىدىكى كىشىلەرنى بۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قەسەم قىلىشىمۇ لازىم ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئەگەر ئۆلۈكنىڭ ئىگە - چاقىلىرىدىن بىر ئادەم ئۇنىڭ باشقا ئىگە - چاقىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇنى (ئۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرى ئەمەس) باشقا بىر كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە ئۇنىڭ باشقا ئىگە - چاقىلىرى بۇ دەۋاغا ئېتىراز بىلدۈرمەي جىم تۇرغان بولسا، بۇ ھالدىمۇ ئۇنىڭ قىلغان دەۋاسى ئۇ مەھەللىدىكى كىشىلەرنى بۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ قەسەم قىلىشىمۇ لازىم ئەمەس. ئەگەر ئۆلۈكنىڭ ئىگە - چاقىلىرىدىن بىر ئادەم ئۇنىڭ باشقا ئىگە - چاقىلىرى يوق يەردە ئۇنى (ئۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرى ئەمەس) باشقا بىر كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى دەۋا قىلغان ۋە ئۇ ئادەم بۇ دەۋانى قىلىش ئۈچۈن ئۆلۈكنىڭ باشقا ئىگە - چاقىلىرى تەرىپىدىن ۋەكىللىككە تەيىن قىلىنغان ئادەم بولمىغان بولسا، بۇ ھالدا ئۇنىڭ قىلغان دەۋاسى ئۇ مەھەللىدىكى كىشىلەرنى بۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرغانلىق ھېسابلانمايدۇ. ئەگەر ئۆلۈكنىڭ ئىگە - چاقىلىرىنىڭ بىرى: «ئۇنى ئەھمەد ئۆلتۈرۈۋەتتى» دېگەن، يەنە بىرى: «ئۇنى ماخمۇت ئۆلتۈرۈۋەتتى» دېگەن، يەنە بىرى قوپۇپ: «مەن ئۇنى كىمنىڭ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن» دېگەن بولسا، بۇ ئۆلۈكنىڭ ئىگە - چاقىلىرى ئۆز - ئارا بىر - بىرىنى يالغانچىغا چىقىرىشلىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۆلۈك تېپىلغان مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ قەسەم قىلىشى لازىم ئەمەس.

ئەگەر ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسى ئۇ ئادەمنى (ئۇنىڭ جەستى تېپىلغان مەھەللىدىكى) ئادەملەرنىڭ بىرىنىڭ ئۆلتۈرۋەتكەنلىكىنى دەۋا قىلسا، كۈچلۈك دەپ قارالغان رىۋايەتكە ئاساسەن ئۇ مەھەللىدىكى ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىن قەسەم قىلىش چۈشۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى شەرىئەت، ئىشنىڭ بېشىدا جەسەت تېپىلغان مەھەللىدىكى ئادەملەرنىڭ قەسەم قىلىشىنى يولغا قويدى. ئۆلۈكنىڭ ئىگە ـ چاقىسىنىڭ (ئۇنى بۇ ئادەم ئۆلتۈرۋەتتى، دەپ) ئۇ مەھەللىدىكى ئادەملەردىن بىرىنى كۆرسىتىشى بۇ ھەقتە شەرىئەت يولغا قويغان ھۆكۈمگە زىت ئەمەس. شۇڭا ئۇ مەھەللىدىكى ئادەملەرنىڭ (ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆلتۈرۋەتمىگەنلىكى ھەققىدە) قەسەم قىلىشى ۋە ئۇنىڭ دىيىتىنى بېرىشى لازىم. بۇ ھەقتە ئۇ مەھەللىدىكى ئادەملەرنىڭ (ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆلتۈرۋەتمىگەنلىكى ھەققىدە) قەسەم قىلىشى ۋە ئۇنىڭ دىيىتىنى بېرىشى لازىم ئەمەس، دەيدىغان قاراشمۇ بار. بۇ قاراش بولسا ئىمام ئەبۇيۇسۇفتىن رىۋايەت قىلىنغان بىر رىۋايەتتۇر. ئىمام ئەبۇيۇسۇف (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) بىر رىۋايەتتە: «ئۇ مەھەللىدىكى ئادەملەرنىڭ قەسەم قىلىپ بېرىشى ۋە ئۇنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس، ئۆلۈكنىڭ ئىگە ـ چاقىسىدىن: (ئۇنى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۋەتكەنلىكى ھەققىدە) سېنىڭ پاكىتىڭ بارمۇ؟ دەپ سورىلىدۇ. ئەگەر ئۆلۈكنىڭ ئىگە ـ چاقىسى: بۇ ھەقتە مېنىڭ پاكىتىم يوق دېسە، ئۇنى ئۆلتۈرۋەتتى دەپ گۇمان قىلىنغان ئادەمدىن بىر قېتىم قەسەم قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ» دېدى. ئىبنى ئەلمۇبارەك (اللہ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەقتە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللہ تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) دىنمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت بايان قىلىنغان ئىدى.»[1]

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ جەستى پەقەت يېتىم بالىلار ياشايدىغان مەھەللىدە تېپىلغان بولسا، ئۇ يېتىم بالىلارنىڭ قەسەم قىلىپ بېرىشى لازىم ئەمەس. قەسەمنى يېتىم بالىلار ئەمەس ئۇلارنىڭ جەمەتىدىكىلىرى قىلىدۇ. چۈنكى، يېتىم بالىلار قەسەم قىلىشقا بۇيرۇلغان ئادەملەردىن ئەمەستۇر. ئەگەر يېتىم بالىلارنىڭ ئىچىدە بالاغەتكە يەتكەن بالىلار بولسا، بۇ ھالدا بالاغەتكە يەتكەن بالىلار قەسەم قىلىدۇ ۋە ئۆلۈكنىڭ دىيىتىنى ئۇلار تۆلەيدۇ.

(1) «رەددۇلمۇھتار»، 5 ـ توم، 403 ـ بەت.

# ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ بايانى

ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرىدىن ئۇنىڭ دادا تەرەپتىن بولغان ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسىنىڭ ئىشىك ئالدىغا (ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن ئىلىپ كېلىنگەن) تۆگىنى باغلايدىغان كىشىلەر ئۇلاردۇر.

ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن دىيەتنى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ تۆلەيدىغانلىقى سۈننەت ئارقىلىق يولغا قويۇلغاندۇر. بىز بۇ ھۆكۈمنىڭ سۈننەت ئارقىلىق يولغا قويۇلغانلىقىنى تۆۋەندىكى ئەسەردىن كۆرۈۋالالايمىز. ئەبۇجۇھەيپە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبقا: «سىلەردە الله نىڭ كىتابىدا ياكى كىشىلەردە يوق بىرەر ھۆكۈم بارمۇ؟» دېسەم ئۇ: «ياق، داننى يېرىپ چىقارغان ۋە جاننى ياراتقان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىزدە الله نىڭ كىتابىدا يوق پەقەت قۇرئاندىن ھۆكۈم چىقىرىشقا، مەلۇم كىشىلەرگە ئاتا قىلغان توغرا ئاڭ ۋە مۇشۇ ۋاراقچىدىكى نەرسىلەرلا بار» دېدى. مەن: «ئۇ ۋاراقچىدا نېمە بار؟» دېسەم، ئۇ، دىيەت تۆلەش، ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇش ۋە مۇسۇلماننى كاپىرنىڭ ئورنىغا ئۆلتۈرمەسلىك، دېگەن ھۆكۈملەر بار» دېدى.

ئىبنى ھەجەر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «دىيەتنى قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ تۆلەپ بېرىشى سۈننەت ئارقىلىق يولغا قويۇلدى ۋە ئالىملارمۇ دىيەتنى قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ تۆلەپ بېرىشى ھەققىدە بىرلىككە كەلدى. ئەمما بۇ ھۆكۈم الله تائالانىڭ: «ھېچبىر گۇناھكار ئادەم بىراۋنىڭ گۇناھىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ[1]» دېگەن ئايىتىنىڭ تاشقىرى مەنىسىگە زىتتۇر. (يەنى بۇ يەردە: ئايەتتە بىرىنىڭ قىلغان جىنايىتى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنمەيدۇ. ئەمما ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى قاتىلنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئەمەس ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن بېرىشكە ھۆكۈم قىلىش بىرىنىڭ قىلغان جىنايىتى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەنلىكتۇر، دېمەكچىدۇر). گەرچە دىيەتنى قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ تۆلەپ بېرىشى ھەققىدە چىقىرىلغان ھۆكۈم مەزكۇر ئايەتنىڭ ئومۇمىي

(1) سۈرە فاتىر 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

مەنىسگە زىتتەك تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇ ھۆكۈم، ئۇنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى كۆپ بولغاچقا مەزكۇر ئايەتنىڭ ئومۇمىي مەنىسىدىن خۇسۇسلاشتۇرۇلغاندۇر. چۈنكى قاتىلغا، ئەگەر دىيەتنىڭ ھەممىسىنى قاتىلنىڭ مال - مۈلكىدىن تۆلەپ بېرىشگە ھۆكۈم قىلىنسا، دىيەتلەر ئۇنىڭ مال - مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى تۈگىتىۋېتىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ يەنە تەكرار شۇنداق خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قىلىشى مۇمكىن. ئەگەر (دىيەت تۆلەتتۈرۈش قاتىلنىڭ مال - مۈلكىنىڭ ھەممىسىنى تۈگىتىۋېتىشى مۇمكىن، ئىكەن دەپ ئۇنىڭغا دىيەت بېرىشكە ھۆكۈم قىلىنمىسا) ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قېنى بىكارغا كەتكەن بولىدۇ. دىيەتنى قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ تۆلەپ بېرىشىنىڭ يولغا قويۇلىشىدىكى باشقا ھېكمەت بۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر: ئەگەر دىيەتنى تۆلەپ بېرىش پەقەت قاتىلنىڭ ئۈستىگىلا يۈكلەنسە، ئۇ بېرىنچى قېتىم ئۆلتۈرۈپ سالغان ئادەمنىڭ دىيىتى ئۈچۈن بارلىق مال - مۈلكىنى تۆلەپ بېرىپ ئۇنىڭ قولىدا ھېچقانداق مال - مۈلۈك قالمىغان ۋاقىتتا، يەنە بىر قېتىم ئادەم ئۆلتۈرۈپ سالسا، ئۇنىڭ دىيىتى ئۈچۈن تۆلەپ بېرىشكە ئۇنىڭ قولىدا مال - مۈلۈك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قېنى بىكارغا كېتىشى ئېھتىمالدۇر. شۇڭا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىگە تۆلەپ بېرىش يولغا قويۇلدى. چۈنكى، (دىيەت تۆلەش ئارقىلىق) بىر نەچچە ئادەمنىڭ پېقىر بولۇپ قېلىش ئېھتىمالىدىن بىر ئادەمنىڭ پېقىر بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى كىچىكتۇر.[1] »[2]

## قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىدىن كىملەرنىڭ كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنىڭ بايانى

ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىچە: قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىدىن بىر تىزىملىكتىكى كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ[3]. شافىئىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ

(1) بۇ ئىبنى ھەجەرنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسىدۇر. بۇنىڭ يەنە ئۆلاردىن باشقا ھېكمەتلىرىمۇ بار. ئۆلاردىن بىرى مەسىلەن: ئىچىدىن قاتىلدەك بىرەر ئادەمنىڭ چىقىپ قېلىشىغا يول قويغان كىشىلەرگە ئىبرەت جازاسى بېرىش. ت.

(2) «فەتھۇلبارى»، 12 - توم، 246 - بەت.

(3) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) كەلگەن سەدىقىلەر بېرىلىدىغان كىشىلەرنى گۇرۇپ - گۇرۇپ قىلىپ ئايرىم - ئايرىم دەپتەرگە، ئەسكەرلەرنى گۇرۇپ - گۇرۇپ قىلىپ ئايرىم - ئايرىم دەپتەرگە تىزىملىغان ئىدى. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىچە: بىر دەپتەرگە تىزىملانغان بىر گۇرۇپ كىشىلەر بىر جەمەت ھېسابلىنىدۇ. يەنى ئىسىملىرى بىر دەپتەرگە تىزىملانغان

**كۆز قارىشچە: قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىدىن ئۇنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى قاتىل بىلەن بىر تىزىملىكتىكى كىشىلەرنىڭ بېرىشىنى يولغا قويۇشىدۇر. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىرىنچى بولۇپ (كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرىنى) ئايرىم ـ ئايرىم دەپتەرلەرگە تىزىملىغان ۋە (ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ) دىيىتىنى بېرىشنى ئىسمى قاتىل بىلەن بىر دەپتەرگە تىزىملانغان كىشىلەرگە پەرز قىلغان كىشىدۇر. ئۆمەرنىڭ زامانىدىن بۇرۇن (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبەبەكرىنىڭ زامانىدا) ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى قاتىلنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى بېرەتتى. ئەمما ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى قاتىل بىلەن بىر تىزىملىكتىكى كىشىلەرنىڭ بېرىشىنى يولغا قويدى. بۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆزگەرتكەنلىك ھېسابلانمايدۇ. ئەكسىچە بۇ، ئۇنىڭ شەرىئەتنىڭ ھۆكۈملىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغانلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىر كىشىنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۇ كىشى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەم ئۈچۈن دىيەت بېرىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىش بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىش (ئىسىملىرى بىر تىزىملىكتە بولۇپ) بىر سەپتىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ بار. شۇڭا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەرسى سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ سالسا)، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى ئىسمى ئۇنىڭ بىلەن بىر دەپتەردە بولغانلىقى ئۈچۈن بىر سەپتە ئەسكەر بولۇپ تۇرىۋاتقان كىشىلەر تۆلەپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى ئاياللارنىڭ ۋە كىچىك باللارنىڭ تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، قاتىل بىلەن ئاياللارنىڭ ۋە كىچىك باللارنىڭ ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىش يوقتۇر.**

**ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللّٰه تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بۇنى نۇرغۇنلىغان ساھابىلارنىڭ كۆز ئالدىدا يولغا قويدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بۇنىڭغا ھېچبىر كىشى قارشى تۇرمىدى. شۇڭا ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن**

كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈپ سالسا، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى ئۇنىڭ بىلەن دەپتەرگە تىزىملانغان كىشىلەر بېرىدۇ. ئەگەر قاتىل ئىسمى بىرەر دەپتەرگە تىزىملانغان ئادەم بولمىسا، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى ئۇنىڭ قەبىلىسى ۋە ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرى تۆلەيدۇ. ت.

قاتىلنىڭ نامىدىن دىيەت تۆلەپ بېرىشنىڭ، ئۇرۇغ ـ تۇغقانچىلىق پرىنسىپى ئۈستىگە ئەمەس ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىش پرىنسىپىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى ساھابىلار تەرىپىدىن بىرلىككە كېلىنگەن بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. يەنە كېلىپ ساھابىلارنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭغا ھېچبىرىنىڭ قارشى تۇرمىغانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئەبۇبەكرىنىڭ زامانىدا دىيەتنى قاتىلنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقانلىرىنىڭ تۆلەپ بېرىدىغانلىقى بولسا، دىيەتنى ئۇلارنىڭ تۆلەپ بېرىشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىدىن ۋە دىيەتنى تۆلەپ بېرىش ئۇلارغا خاس بىر ئىش ئىكەنلىكىدىن ئەمەس ئەكسىچە ئۇ زامانلاردا ئۆز ـ ئارا ياردەملىشىشنىڭ پەقەت ئۇرۇغ ـ تۇغقانلارنىڭ ئىچىدىلا چەكلىنىپ ئادەتلەنگەن بىر ئىش ئىكەنلىكىنى كېيىن بۇنىڭ بىر دەپتەردىكى كىشىلەر ئارىسىغا يۆتكەلگەنلىكىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن دىيەتنى تۆلەپ بېرىشنىڭمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا يۆتكەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئۇنداق ئىكەن ئۆز ـ ئارا ياردەملىشىش بۇ ھەقتە ئاساسلىق ئىشتۇر. ئۆز ـ ئارا ياردەملىشىشتىن بىر دەپتەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرەرسى قىيىنچىلىقتا قالسا، قالغان كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېتەرلىك ياردەملەرنى قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كۈنۈمىزدە ئۆز ـ ئارا ياردەملىشىش تىجارەتچى، بىلىقچى، بانكىچى ۋە ئوقۇغۇچى دېگەنگە ئوخشاش كەسىپكە قارىتا بولىدىغان بولدى. يەنى ياردەمنى ھەر كەسىپتىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كەسىپدىكى كىشىلەرگە قىلىدىغان بولدى. مەيلى بىر دەپتەردىكى كىشىلەر بولسۇن، مەيلى بىر كەسىپتىكى كىشىلەر بولسۇن، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز ـ ئارا ھەسەت قىلىشىش، دۈشمەنلىشىش، بىر ـ بىرىگە ياردەم بەرمەسلىك ۋە ھەر بىر ئادەم سەپدىشىغا يامانلىق تىلەيدىغان ھالەت شەكىللەنسە، بۇ ھالدا ئەگەر مۇسۇلمانلارغا تەۋە دۆلەت خەزىنىسى بولمىسا ياكى بۇ ھەقتە باشقا بىر تۈزۈم بولمىسا، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى قاتىلنىڭ ئۆزى تۆلەيدۇ. بۇ كۈنۈمىزدە ئومۇملىشىپ كەتكەن بىر ئەھۋالدۇر. كۈنۈمىزدە كۆپىنچى دۆلەتلەردە بار بولغان ھۆنەر ـ سانائەتكە ۋە تىجارەتكە مەسئۇل ئورگانلار (ئۇ ئورگانلارغا قاراشلىق كىشىلەر ئۈچۈن) بىر جەمەتنىڭ ئورنىدا تۇرۇشى مۇمكىن.

# دىيەتنىڭ قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىدىن بىر نەچچە باسقۇچقا بۆلۈپ يىغىلىدىغانلىقى

ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن بېرىلىدىغان دىيەت خۇددى ئىمام شافىئىينىڭ ئېيتقىنىدەك قاتىل ئۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ۋە جىنايەت يۈز بەرگەن كۈندىن باشلاپ ئەمەس ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن دىيەت تۆلەپ بېرىشكە ھۆكۈم چىقىرىلغان كۈندىن باشلاپ قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن ئۈچ يىل ئىچىدە ئېلىنىدۇ.

دىيەت ئۇلاردىن ئۈچ يىلغا بۆلۈپ تۇرۇپ ئېلىنىدۇ. بىر كىشىدىن ھەر يىلدا بىر يامبۇ ياكى بىر يامبۇ ۋە بىر يامبۇنىڭ ئۈچتىن بىرى ئېلىنىدۇ. توغرا دەپ قارالغان رىۋايەتكە ئاساسەن بىر كىشىدىن ئۈچ يىل ئىچىدە پۈتۈن دىيەت ئۈچۈن **4** يامبۇدىن ئارتۇق ئېلىنمايدۇ.

دىيەتنىڭ ئۈچ يىلغا بۆلۈپ ئېلىنىشىنىڭ دەلىل ـ پاكىتى بولسا، ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ شۇنداق قىلىشىدۇر. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (اللہ تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) بىرىنچى بولۇپ (ئەسكەرلەرگە) مائاش بېرىشنى، دىيەتنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈچ يىل ئىچىدە، دىيەتنىڭ يېرىمىنىڭ ئىككى يىل ئىچىدە، ئۈچتىن بىرىنىڭ بىر يىل ئىچىدە ۋە ئۇنىڭدىن ئاز قىسمىنىڭ شۇ يىل ئىچىدە بېرىشنى يولغا قويغان كىشىدۇر. بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلغان.

بۇ ئەسەرنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆچلەندۈرىدىغان يەنە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب (اللہ تائالا ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنغان بىر نەچچە ئەسەر بار.

بۇ ھەقتە ئىمام تىرمىزىي: «ئالىملار دىيەت (قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىدىن) ھەر يىلدا دىيەتنىڭ ئۈچتىن بىرى ئېلىنىپ ئۈچ يىل ئىچىدە ئېلىنىپ بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى» دېدى.[1]

بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بويىچە: قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرى، تۆلەش ئۇلارغا ئېغىر ۋە قىيىن كېلىدىغان دەرىجىدە (دىيەت ئۈچۈن) مال ـ

(1) «ئىلائۇسسۇنەن»، **18** ـ توم، **286** ـ بەت.

مۈلۈك بېرىشكە بۇيرۇلمايدۇ. ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!): «بىر ئادەم (ئۈچ يىل ئىچىدە) دىيەت ئۈچۈن ئەڭ كۆپ تۆت يامبۇ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاز بولۇشى ئۈچۈن مەلۇم مىقدار يوق. چۈنكى، قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرى تەرىپىدىن دىيەت ئۈچۈن بېرىدىغان مال ـ مۈلۈك، ئۇلارنىڭ قاتىل بىلەن ئۆرۈغ ـ تۇغقان (ياكى ئىسمىلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىر تىزىملىكتە) بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش سۈپىتىدە بېرىلىدۇ. شۇڭا خۇددى ئۆرۈغ ـ تۇغقانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بېرىش لازىم بولغان تەمىنات پۇلىغا ئوخشاش دىيەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان مەبلەغنىڭ ئېزى ئۈچۈن مەلۇم مىقدار يوق» دېدى.

يەنى دىيەتنى قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ تۆلەپ بېرىدىغانلىقىنىڭ يولغا قويۇلۇشى قاتىلنىڭ ئۈستىدىن (دىيەتنى تۆلەپ بېرىش) ئېغىرلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈندۇر. قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ قاتىلنىڭ نامىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمگە دىيەت ئۈچۈن بېرىدىغان مال ـ مۈلۈكلەر قاتىلغا ياخشىلىق قىلىش سۈپىتىدە بېرىلىدۇ. شۇڭا دىيەت ئۈچۈن (ئۈچ يىل ئىچىدە) ھەر بىر ئادەمنىڭ بېرىدىغان مال ـ مۈلكىنىڭ مىقدارى زاكاتنىڭ مىقدارىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. زاكاتنىڭ مىقدارى كۆمۈش ئۈچۈن بەش يامبۇدۇر. يەنى زاكاتنىڭ نىسابى كۆمۈش ھېسابىدا 200 يامبۇ بولۇپ ھەر 200 يامبۇدىن بەش يامبۇ زاكات ئايرىش لازىم. قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىدىن ھەر بىر كىشىنىڭ دىيەت ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن بېرىدىغان مال ـ مۈلكىنىڭ مىقدارى بەش يامبۇدىن ئېشىپ كەتمەستىن ئەكسىچە ئۇنىڭدىن ئاز بولۇشى كېرەك. ئەگەر قاتىلنىڭ جەمەتىدىكى ئەرلەر ئاز بولۇپ ھەر بىر ئەرگە دىيەت ئۈچۈن تۆت يامبۇدىن كۆپرەك مەبلەغ تۆلەش تەقسىم بولسا، ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تۆلەيدىغان پۇلنى تۆت يامبۇغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا (دىيەتنى تۆلىشىپ بېرىشتە) قاتىلغا ئۆرۈغ ـ تۇغقانچىلىقتا ئەڭ يېقىن قەبىلىنىڭ ئادەملىرى قېتىلىدۇ. چۈنكى، قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىگە تۆت يامبۇدىن ئارتۇق پۇل تۆلەتتۈرۈش ئۇلارنى ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. شۇڭا ئۇلارغا قاتىلغا ئۆرۈغ ـ تۇغقانچىلىقتا ئەڭ يېقىن قەبىلىنىڭ ئادەملىرى قېتىلىدۇ.

ئىبنى مۇنزىر (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: «سۆزلىرى ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەن

قارىشى بويىچە: قاتىلنىڭ جەمەتىگە تەۋە ئاياللار ۋە بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك باللار قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى تۆلىمەيدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پېقىر كىشىمۇ قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى تۆلىمەيدۇ. بۇ ئىمام مالىك، ئىمام شافىئىي ۋە ھەنەفىي مەزھەپىدىكىلەرنىڭ كۆز قارىشىدۇر.» ھەنەفىي مەزھەپىدىن بىر قىسىم ئالىملار ئىمام مالىكنىڭ ۋە ئىمام ئەبۇھەنىفە (اللە تائالا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ: قاتىلنىڭ جەمەتىنىڭ ئىچىدىكى پېقىر كىشىمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى تۆلەيدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. ئەبۇلختاب (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىمام ئەھمەد (اللە تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ: قاتىلنىڭ جەمەتىنىڭ ئىچىدىكى پېقىر كىشىمۇ قاتىل بىلەن ئۆز - ئارا ياردەملىشىدىغان كىشىدۇر. شۇڭا ئۇمۇ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى تۆلۈشۈپ بېرىدۇ، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى. لېكىن بۇ ھەقتىكى ئەڭ توغرا دەپ قارالغان قاراش بولسا، پېقىر كىشى ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى تۆلىمەيدۇ، دېگەن قاراشتۇر. چۈنكى، قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ (ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىشى) قاتىلغا ياردەم بېرىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا بۇنى خۇددى زاكاتقا ئوخشاش پېقىرنىڭ بېرىشى لازىم ئەمەس. يەنە كېلىپ دىيەتنى قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ تۆلەپ بېرىدىغانلىقىنىڭ يولغا قويۇلۇشى قاتىلنىڭ ئۈستىدىن (دىيەتنى تۆلەپ بېرىش) ئېغىرلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈندۇر. ئۇنداق ئىكەن ھېچقانداق جىنايىتى يوق ئادەمنىڭ ئۈستىگە دىيەت تۆلەپ بېرىشنى يۈكلەپ قويۇش ئارقىلىق ئۇنى ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش توغرا ئەمەس. پېقىر كىشىگە دىيەت تۆلەپ بېرىشنى لازىم قىلىش ئۇنى ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈش ھېسابلىنىدۇ. بىز يۇقىرىدا قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرى تۆلەش ئۇلارغا ئېغىر ۋە قىيىن كېلىدىغان دەرىجىدە (دىيەت ئۈچۈن) مال - مۈلۈك بېرىشكە بۇيرۇلمايدىغانلىقىغا بارلىق ئالىملارنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.[1]

بۇ يەردە شۇنى بايان قىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، توغرا دەپ قارالغان رىۋايەتكە ئاساسەن قاتىل، ئەگەر ئايال كىشى ياكى بالاغەتكە يەتمىگەن

(1) «ئەلمۇغنى»، 18 - توم، 285 - بەت.

كىچىك بالا، ياكى ئېلىشىپ قالغان ساراڭ ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ جەمەتىنىڭ ئىچىدىكى بىر كىشىگە ئوخشاش دىيەت ئۇچۇن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان پۇلنى تۆلەيدۇ.

## قاتىلىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىگە تۆلەش لازىم بولمايدىغان دىيەتلەرنىڭ بايانى

مەيلى جانغا قىلىنغان زىيانكەشلىك بولسۇن، مەيلى ئەزالارغا قىلىنغان زىيانكەشلىك بولسۇن، ئەگەر بىر كىشى بىر ئادەمگە قەستەن زىيانكەشلىك قىلغان بولسا، ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ ئۇ زىيانكەشلىكنىڭ دىيىتىنى تولۇقلاپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، زىيانكەشلىكنى قەستەن قىلغان ئادەمنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۈستىدىن (دىيەت تۆلەپ بېرىش) ئېغىرلىقنى يەڭگىللىتىشى لازىم ئەمەس. شۇڭا ئۇ ئادەمدىن قىساس ئېلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى شىھاب ئەززۆھرىي مۇنداق دەيدۇ: «دىيەت توغرىسىدا يولغا قويۇلغان تۈزۈم قەستەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋەتكەن كىشىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ (ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم ئۈچۈن تۆلىنىدىغان) دىيەتنى تولۇقلاپ بەرمەسلىكىدۇر. لېكىن ئۇلار، ئەگەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن دىيەتنى تولۇقلاپ بېرىشنى خالاپ تولۇقلاپ بەرسە بولىدۇ. بۇ ئىمام ئەبۇھەنىفە (الله تەئالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ ۋە ھەنەفىي مەزھەپىدىكى كۆپ ساندىكى ئىماملارنىڭ كۆز قارىشىدۇر». شۇنىڭدەك يەنە قەستەنلىك ياكى سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە - چاقىسى بىلەن ئۇنىڭ ئۈچۈن دىيەت تۆلەشكە كېلىشكەن قاتىلىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭمۇ ئۇ دىيەتنى تولۇقلاپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، بۇ دىيەتنى قاتىلىنىڭ (كېچىكتۈرمەي) شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا تۆلەپ بېرىشى لازىم. لېكىن قاتىل، ئەگەر ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە - چاقىسى بىلەن دىيەتنى كېچىكتۈرۈپ تۆلەشكە كېلىشكەن بولسا، بۇ ھالدا قاتىل دىيەتنى كېچىكتۈرۈپ تۆلىسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭدەك يەنە ئۆلتۈرۈپ سالغان ئادەمنى ئۆزىنىڭ سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ سالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان كىشىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىمۇ ئۇ كىشىنىڭ ئۇ ئادەم ئۈچۈن تۆلەيدىغان دىيەتنى تولۇقلاپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ دىيەتنى ئۇ ئادەمنى ئۆزىنىڭ سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ

سالغانلىقىنى ئىقرار قىلغان ئۇ كىشىنىڭ ئۆچ يىل ئىچىدە ئۆز مال ـ مۈلكىدىن تۆلەپ بېرىشى لازىم. بۇ ھەقتە ئىمام مۇھەممەد (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىبنى ئابباس (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قەستەنلىك بىلەن قىلىنغان جىنايەت ياكى (دىيەت تۆلەشكە) كېلىشكەن جىنايەت ياكى (ئۆزىنىڭ سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرۈپ سالغانلىقىنى) ئېتىراپ قىلىنغان جىنايەت ئۈچۈن ياكى قۇلنىڭ ئۆتكۈزۈپ سالغان جىنايىتى ئۈچۈن (تۆلۈنىدىغان دىيەتنى) جىنايەتچىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ تۆلۈشۈپ بېرىشى لازىم ئەمەس.»

شۇنىڭدەك يەنە جىنايەتچىنىڭ جەمەتىدىكىلىرى، دىيىتى **500** يامبۇدىن ئاز بولغان جىنايەتنىڭ دىيىتىنى تۆلۈشۈپ بەرمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىبراھىم نەخەئىي (الله تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) مۇنداق دېدى: «بۇنىڭ پاكىتى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تورەلمىنىڭ دىيىتىنى (ئۇنى چۈشۈرۈۋەتكەن كىشىنىڭ) جەمەتىدىكىلىرىنىڭ تۆلەپ بېرىشىگە ھۆكۈم قىلىشىدۇر. تورەلمە ئۈچۈن بىر ئادەم ئۈچۈن تۆلەپ بېرىلىدىغان پۈتۈن بىر دىيەتنىڭ ئوندىن بىرىنىڭ يېرىمى (يەنى **500** يامبۇ) تۆلەپ بېرىلىدۇ. مانا بۇ جىنايەتچىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ، دىيىتى **500** يامبۇغىچە بولغان جىنايەتنىڭ دىيىتىنى (جىنايەتچىگە) تۆلۈشۈپ بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.»[1]

ئەگەر قاتىل بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسى، مەلۇم بىر شەھەرنىڭ قازىسىنىڭ پاكىت ئارقىلىق دىيەتنى قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ تۆلەپ بېرىشىگە ھۆكۈم چىقارغانلىقىغا ئىقرار قىلغان ۋە بۇ ئىقرارغا قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرى ئىنكار قىلغان بولسا، قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ ئۇ دىيەت ئۈچۈن ھېچقانداق نەرسە تۆلەپ بېرىشى لازىم ئەمەس. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قىلغان ئىقرارى قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىگە قارشى پاكىت بولالمايدۇ. شۇنىڭدەك يەنە قاتىل ئۆز مال ـ مۈلكىدىن، دىيەتتىن ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان قىسمىدىن ئارتۇق ئۇ دىيەت ئۈچۈن بىر نەرسە تۆلىمەيدۇ. چۈنكى، قاتىل بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسىنىڭ مەزكۇر ئىقرارى ئۆزلىرىگە پاكىت ھېسابلىنىدۇ. (شۇڭا قاتىلنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ئىگە ـ چاقىسى ئۈچۈن دىيەتتىن ئۆزىگە تەۋە بولغان قىسمىنى تۆلەپ بېرىشلا لازىم بولىدۇ).

(1) «ئەلئۇسسۇلەن»، 6 ـ توم، 289 ـ بەت.

قاتىللىق ۋەقەسىدە دەۋاگەر قاتىلدۇر. چۈنكى، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ھەققى ئۇنىڭ ئۈستىدىدۇر. ئەمما ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ھەققى قاتىلنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنىڭ ئۈستىگە، ئۇلارنىڭ قاتىلنىڭ ئۈستىدىكى دىيەتنى تۆلۈشۈپ بېرىش يولى ئارقىلىق يۈكلىنىدۇ.

ئەگەر قاتىل تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالا بولسا، بۇ ھالدا دەۋاگەر ئۇنىڭ دادىسىدۇر. ئەگەر بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بىر بالا بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بىر قىزنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتكەن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىز ئۆلۈپ كەتكەن، ئاندىن قىزنىڭ ئىگە ـ چاقىسى ئۇ كىچىك بالىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىنى (ئۇ بالىنىڭ ئۇ قىزنىڭ كۆزىنى) قويۇۋەتلىك، ياكى قويۇۋەتمىگەنلىك ھەققىدە قەسەم قىلدۇرماقچى بولسا، قىزنىڭ ئىگە ـ چاقىسىنىڭ ئۇلارنى قەسەم قىلدۇرۇش ھەققى يوق. چۈنكى، قىزنىڭ ئىگە ـ چاقىسىنىڭ ئۇلارنى قەسەم قىلدۇرۇش ھەققىنىڭ بولۇشى قىزنىڭ ئىگە ـ چاقىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن قىلغان دەۋاسىنىڭ توغرا بولغانلىق مەناسىغا كېلىدۇ. ئەسلىدە بۇ دەۋا كىچىك بالىنىڭ جەمەتىدىكىلىرىگە قارىتىلمايدۇ. يەنە بىر سوئال: ئەگەر بىر كىشىنىڭ جەمەتىدىكىلىرى ئۇنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئىقرار قىلسا، ئۇلارنىڭ قىلغان بۇ ئىقرارىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن توغرا ئىقرار، دەپ قوبۇل قىلىپ ئۇلارغا ئۇ جىنايەتنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىشكە ھۆكۈم چىقىرىش توغرا بولامدۇ ياكى توغرا بولمامدۇ؟ ئەگەر بۇ سوئالنىڭ جاۋابى: ئۇلارغا ئۇ جىنايەتنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بېرىشكە ھۆكۈم چىقىرىش توغرا بولىدۇ، دېگەن شەكىلدە بولسا، ئۇلارنى قەسەم قىلدۇرۇشنىڭمۇ توغرا بولۇشى لازىم. چۈنكى، خۇددى ئىقرارنىڭ پايدىسى كۆرۈلگىنىدەك قەسەم قىلىشنىڭمۇ پايدىسى كۆرۈلىدۇ.[1]

كاپىر مۇسۇلمانغا ۋە مۇسۇلمان كاپىرغا دىيەتنى تۆلۈشۈپ بەرمەيدۇ. چۈنكى، كاپىرلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىگە ياردەملىشىش يوق. كاپىرلار ئەگەر ئۆز ـ ئارا بىر ـ بىرىگە ياردەملەشسە، بىر ـ بىرىنىڭ دىيەتلىرىنى تۆلۈشۈپ بەرسە بولىدۇ. ئەگەر كاپىرلار باشقا ـ باشقا دىندا بولسىمۇ، (ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز ـ ئارا ياردەملىشىشلا بولسا) بىر ـ بىرىنىڭ دىيەتلىرىنى تۆلۈشۈپ بەرسە بولىدۇ. چۈنكى، باشقا ـ باشقا دىندا بولسىمۇ كاپىرلارنىڭ ھەممىسى بىر مىللەت يەنى كاپىر مىللىتى

(1) <ئەددۇررۇلمۇختار>، 5 ـ توم، 413 ـ بەت.

ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر كاپىرلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز ـ ئارا ياردەملىشىش بولمىسا، خۇددى جەمەتى يوق مۇسۇلمانغا ئوخشاش دىيەتنى جىنايەت ئۆتكۈزگەن كاپىرنىڭ ئۆچ يىل ئىچىدە تۆلەپ بېرىشى لازىم. مەيلى ئەرەبتىن بولسۇن، مەيلى باشقا مىللەتتىن بولسۇن، جىنايەت ئۆتكۈزۈپ سالغان ۋە جەمەتى يوق مۇسۇلماننىڭ ئۆتكۈزۈپ سالغان جىنايىتى ئۈچۈن بېرىش لازىم بولغان دىيەت، ئىسلام دۆلىتىنىڭ خەزىنىسىدىن چىقىرىلىپ بېرىلىدۇ. بۇ، ئەگەر ئىسلام دۆلىتى بولغان ۋە ئۇنىڭ خەزىنىسى بار بولغان بولسا، ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر ئىسلام دۆلىتىنىڭ خەزىنىسى بولمىسا ياكى ئىسلام دۆلىتى بولمىسا، بۇ ھالدا جىنايەتنىڭ دىيىتى، جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەمنىڭ مال ـ مۈلكىدىن بېرىلىدۇ.

أخي المسلم

ترجم وطبع هذا الكتاب إلى اللغة الأويغورية على نفقة من يرجو رحمة ربه هدية منه لروح والديه وذريتهما وهذا الكتاب وقف للعلماء وطلبة العلم في العلوم الشرعية في المناطق التي تتحدث بهذه اللغة لا يجوز بيعه ولا يورث بل ينقل لمستفيد آخر لتعم الفائدة للمسلمين والساعي لتوصيل هذا الكتاب للعلماء وطلبة العلم في العلوم الشرعية له من الله الأجر العظيم .

........................................................................................

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار!

بۇ كىتاب، ساۋابىنى ئاتا- ئانىسى ۋە ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىنىڭ روھىغا بېغىشلىغان بىر مۇسۇلماننىڭ نەپىقىسى بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان دىنىي ئۆلىمالار ۋە تالىبۇلئىلىملارغا ۋەقفتۇر. سېتىشقا ۋە بىر - بىرلىرىگە مىراس قىلىپ قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپ مۇسۇلماننىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، پايدىلىنىپ بولغانلار باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك. بۇ كىتابنى دىنىي ئۆلىمالار ۋە تالىبلارغا يەتكۈزۈپ بەرگۈچىلەرگە جانابى ئاللاھتىن كاتتا ئەجىر تىلەيمىز.